جىددىي پەيتتە ۋەزىپە ئالغان

ئۈچ كاتتىۋاش

# چېرچىل

شىي لىفۇ



1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

جىددىي پەيتتە ۋەزىپە ئالغان

چېرچىل

1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئۈچ چوڭ قانخور

ئىنسان قېلىپىدىن چىققان گىتلېر
ئۇرۇش تەلۋىسى توجو خىدېكى
مۇستەبىت ئالۋاستى مۇسسولىنى

## 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئۈچ كاتتىۋاش

يېتۈك تاكتىكىلىق ستالىن
مېيىپ ، ئەمما جاسارەتلىك روزۋېلت
جىددىي پەيتتە ۋەزىپە ئالغان چېرچىل

## گېنېراللىقتىن زۇڭتۇڭلۇققىچە

قەيسەر ئوغلان دې گول
كىچىكىپ بايقالغان ئېيزىنخاۋېر
پولات ئىرادىلىك تىتو

ISBN 7-228-04356-1

ISBN7—228—04356—1
K・523 定价: 27.50 元

9 787228 043569 >

ئۈچ كاتتىۋاش

جىددىي پەيتتە ۋەزىپە ئالغان

# چېرچىل

شىي لىفۇ



2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جىددىي پەيتتە ۋەزىپە ئالغان
چېرچىل
2
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئۈچ چوڭ قانخور**

ئىنسان قېلىپىدىن چىققان گىتلېر
ئۇرۇش تەلۋىسى توجو خېدېكى
مۇستەبىت ئالۋاستى مۇسسولىن

**2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئۈچ كاتتىۋاش**

يېتۈك تاكتىكىلىق ستالىن
مېيىپ ، ئەمما جاسارەتلىك روزۋېلت
جىددىي پەيتتە ۋەزىپە ئالغان چېرچىل

**گېنېراللىقتىن زۇڭتۇڭلۇققىچە**

قەيسەر ئوغلان دې گول
كېچىككەپ بايقالغان ئېيزىنخاۋېر
پولات ئىرادىلىك تىتو

ISBN 7-228-04356-1
ISBN7—228—04356—1
K・523 定价: 27.50 元

شيې لىفۇ


# جىددىي پەيتتە ۋەزىپە ئالغان

# چېرچىل

تەرجىمە قىلغۇچى: ئازات ئالماس

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



www.uyghurkitap.com



يەتتە ياشلىق چېرچىل



ياش چېرچىل



1922 ـ يىلىدىكى چېرچىل



دې گـول بـىلـەن بـىللە
پارىژ ئازادلىقىنى تەبرىكلىمەكتە



1955 ـ يىل 31 ـ ئۆكتەبىر،
81 ياشلىق چېرچىل

ئۇيغۇر كىتاب يۇرتى
www.uyghurkitap.com



ئۈچ كاتتىۋاش

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........ 1

بىرىنچى باب كىنەزنىڭ ئەۋلادى ........ 1

ئىككىنچى باب لاياقەتسىز ئوقۇغۇچى ........ 21

ئۈچىنچى باب ھەربىي مۇخبىر ........ 39

تۆتىنچى باب جەنۇبىي ئافرىقىدىكى خەتەرلىك كەچۈرمىشلەر ........ 59

بەشىنچى باب سىياسىي ساھەگە قەدەم قويۇش ........ 82

ئالتىنچى باب ئامىتى ئوڭ كېلىپ تېز ئۆسۈش ........ 104

يەتتىنچى باب نىكاھ ۋە ئائىلە ........ 124

سەككىزىنچى باب دېڭىز ئارمىيە قوماندانى ........ 140

توققۇزىنچى باب مەنسىپىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ........ 161

ئونىنچى باب قوراللىق مۇداخىلە ........ 183

ئون بىرىنچى باب سىياسىي خامىلىيون ........ 205

ئون ئىككىنچى باب دۇنيا ۋەزىيىتىنى ئېنىق كۆزىتىش ........ 224

ئون ئۈچىنچى باب ميۇنخېن پاجىئەسى ........ 248

ئون تۆتىنچى باب ماداراچىلىق سۇيىقەستىنىڭ بەربات بولۇشى ........ 278

ئون بەشىنچى باب دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىقىغا قايتىپ كېلىش ........ 304

ئون ئالتىنچى باب جىددىي پەيتتە ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش ........ 330

ئون يەتتىنچى باب دۈنكىركنى قۇتقۇزۇش ........ 351

ئون سەككىزىنچى باب قەتئىي بوشاشماسلىق ........ 372

ئون توققۇزىنچى باب «دېڭىز شىرى»غا باتۇرلارچە زەربە بېرىش ............ 391
يىگىرمىنچى باب «لوندون روھى» ............ 416
يىگىرمە بىرىنچى باب ئامېرىكىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش .................. 441
يىگىرمە ئىككىنچى باب ئافرىقىدىكى زور غەلىبە ...... 463
يىگىرمە ئۈچىنچى باب گرېتسىيە ئۇرۇشى ........ 489
يىگىرمە تۆتىنچى باب ھېسسىنىڭ سىرى .......... 519
يىگىرمە بەشىنچى باب دېڭىزدىكى تەھدىت ........ 539
يىگىرمە ئالتىنچى باب روممېلنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشى ..................... 560
يىگىرمە يەتتىنچى باب پېرل-خاربور پورتى ۋەقەسىدىن كېيىن ...................... 584
يىگىرمە سەككىزىنچى باب 2 - ئۇرۇش مەيدانىدىكى تالىشىش .................. 604
يىگىرمە توققۇزىنچى باب موسكۋاغا سەپەر ........... 621
ئوتتۇزىنچى باب مالتا قەلئەسى .................. 650
ئوتتۇز بىرىنچى باب «مەشئەل» ياندۇرماق ...... 673
ئوتتۇز ئىككىنچى باب قايتۇرما ھۇجۇمنىڭ تەڭكەش مۇزىكىسى ............... 702
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب «زومىگەر» نىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشى .................... 722
ئوتتۇز تۆتىنچى باب دەككە-دۈككىگە چۈشۈش ...... 749
ئوتتۇز بەشىنچى باب يولدىن چىققان ئادەم ھىمايىسىز قالدۇ ...................... 769
ئوتتۇز ئالتىنچى باب ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ........ 790
چېرچىل يىلنامىسى ........................... 804

# كىرىش سۆز

«2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئۈچ كاتتىۋاش» دەپ ئاتالغان ستالىن، روزۋېلت، چېرچىل فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشتا ئاجايىپ تۆھپىلەرنى ياراتتى. ئۇلارنىڭ سىياسىي ئېتىقادى، كەچۈرمىشلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن فاشىزمنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئومۇمىي نىشاندا ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىك سەپ قۇرۇپ، فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

ھېلىمۇ كىشىلەرنىڭ ئېسىدىكى، فاشىزم قاراقچىلىرى زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىۋاتقان ئاشۇ چاغلاردا، غەرب بۇرژۇئا ھوقۇقدارلىرى قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ ماداراچىلىق سىياسىتىنى يولغا قويغاندا، گىتلېر تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئاۋسترىيە ۋە چېخ ـ سلوۋاكىيىنى جەڭ قىلمايلا ئىشغال قىلىۋالدى. ئارقىدىنلا پولشا ۋە شىمالىي ياۋروپانى «چاقماق تېزلىكىدە جەڭ» قىلىپ بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىگە خىرىس قىلدى. نەچچە مىليون كىشىلىك ئەنگلىيە، فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى ناتسىستلارنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا 11 كۈندىلا مەغلۇپ بولدى. گوللاندىيە، بېلگىيە، ليۇكسېمبۇرگلار بىر ھەپتىگە قالماي قولدىن كەتتى. ياۋروپانىڭ تەڭدىن تولىسى فاشىستلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا چەيلىنىپ، بوراندا چايقىلىۋاتقان سۇنۇق قولۋاققا ئوخشاپ قالدى. كىشىلەر ياۋروپادا ئۇزۇنغا سوزۇلغان يېڭى زۇلمەتلىك

دەۋرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئەندىشىگە چۆمدى. دەل مۇشۇ خەتەرلىك پەيتتە، ستالىن سوۋېت ئارمىيىسى ۋە خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، مۇشەققەتلىك كۈرەشلەرنى قىلىش ئارقىلىق گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقىتىپ جىددىي ۋەزىيەتنى ئوڭشىدى. ستالىن سوۋېت ئارمىيىسى ۋە خەلقىنىڭ ئالىي قوماندانى بولۇپلا قالماستىن، فاشىزمغا قارشى دۇنياۋى بىرلىك سەپىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەشتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ستالىن، روزۋېلت، چېرچىل قاتناشقان تېھران «ئۈچ كاتتىۋاش» يىغىنى فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى.

ئەينى چاغلاردا، ئامېرىكا گىتلېر فاشىزمىنىڭ تاجاۋۇزىغا بىۋاسىتە ئۇچرىمىغانلىقتىن، پوتكول دۆلەت ئىچى تىنچ ئىدى. زۇڭتۇڭ ۋە ئۈچ ئارمىيىنىڭ قوماندانى بولغان روزۋېلتنىڭ ئەڭ زور تارىخىي تۆھپىسى شۇكى، ئۇ يەككىچىلىكنىڭ ئىسكەنجىسىنى ھەيران قالارلىق جاسارەت بىلەن بۆسۈپ تاشلاپ، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشىغا «ئىجارىگە بېرىش قانۇنى» بويىچە كۈچلۈك ياردەم بەردى. ياپونىيە پېيورل - خاربور ۋەقەسىنى پەيدا قىلغاندىن كېيىن، روزۋېلت گېرمانىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە فاشىستلىرىغا كەسكىن جەڭ ئېلان قىلىپ، فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. ئۇ رەھبەرلىك قىلغان دۆلەت 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا 20 نەچچە دۆلەت بىلەن فاشىزمغا قارشى بۈيۈك ئىتتىپاق تۈزدى. روزۋېلت يېرىم پالەچ تۇرۇقلۇق ئۇزۇن يولنى يىراق كۆرمەي، دېڭىز - ئوكيانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچراشتى. ئىستراتېگىيىلىك پىلانلارنى ئىنچىكە تۈزۈپ، گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە

فاشىستلىرىنى مەغلۇپ قىلىشتا ئاخىرغىچە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. قىسقىسى كىشىلەرنىڭ روزۋېلتنى ئامېرىكا تارىخىدا ئەڭ ئۇزاق ھاكىمىيەت سورىغان زۇڭتۇڭ، شۇنداقلا ئەڭ ئابرۇيلۇق زۇڭتۇڭلارنىڭ بىرى دەپ تەرىپلىشى ھەرگىزمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

چېرچىلنىڭ ئەھۋالى ستالىن بىلەن روزۋېلتنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ «خەۋپكە دۇچ كەلگەندە قۇربان بېرىشتىن قورقماي»، چېمبېرلىننىڭ مادارا چىلىق سىياسىتى تەلتۆكۈس بەربات بولغاندىن كېيىن ھاكىمىيەت ئۇستىگە چىققان. شۇ مەزگىللەردە، ۋەزىيەت ھەقىقەتەن كەسكىن ئىدى. ئۇ ھاكىمىيەت ئۇستىگە چىقىپ نەچچە كۈن ئۆتمەيلا، دۇنكىرك شەھىرى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. شۇ ئارىلىقتا ئەنگلىيىنىڭ مۇداپىئەسىمۇ بۆسۈپ تاشلىنىپ، ئادەممۇ، قورال - ياراغلارمۇ تېپىلماس ۋەزىيەت شەكىللەندى. چېرچىل مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش ھەققىدىكى مەشھۇر نۇتقىنى ئېلان قىلىپ، ھەر قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشتىن قەتئىينەزەر، فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ سىلەرگە ئىسسىق قېنىم، كۆز يېشىم، جاپالىق ئەجرىم ۋە تەرىمدىن باشقا ھەدىيە قىلىدىغان نەرسەم يوق. سىياسىتىڭ نېمە، دەپ سورىساڭلار، مېنىڭ سىياسىتىم تەڭرى بىزگە ئاتا قىلغان بارلىق ئىقتىدار ۋە كۈچ - قۇدرەتنى ئىشقا سېلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مۇدھىش ۋە پاجىئەلىك جىنايى تارىخىدا تەڭدىشى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەڭ ئەشەددىي زوراۋانلىققا قارشى دېڭىزدا، قۇرۇقلۇقتا، ھاۋادا جەڭ قىلىش. مانا بۇ مېنىڭ سىياسىتىم، دەيمەن. مەقسىتىڭ نېمە دېسەڭلار، بىرلا سۆز بىلەن جاۋاب بېرىمەن، ئۇ بولسىمۇ غەلىبە. قانچىلىك بەدەل كېتىشتىن قەتئىينەزەر، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش!»

www.uyghurkitap.com

چېرچىلنىڭ خەۋپ ـ خەتەرلەردىن قورقماسلىقتەك قەھرىمانانە روھى ئەنگلىيە خەلقىگە زور ئىلھام بېغىشلىدى، ئىتتىپاقلاشتۇرغىلى بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئەنگلىيە فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەزالىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. ئۇرۇشقا ئىلگىر كېيىن بولۇپ 60 نەچچە دۆلەت ۋە رايون، 2 مىلياردتىن ئۇشۇق كىشى قاتناشتى. ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىككى تەرەپ 110 مىليوندىن ئارتۇق ئەسكەرنى سەپەرۋەر قىلىپ ئالتە يىلچە جەڭ قىلدى، ئۇرۇش ئوتى ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئە ھەمدە تىنچ ئوكيان، ئاتلانتىك ئوكيان، شىمالىي مۇز ئوكيانىدىن ئىبارەت تۆت ئوكيانغىچە يامرىدى. ئۇرۇش تۈپەيلىدىن چىقىم بولغان ئادەم ۋە ماددىي ئەشيا سانى ھەددى ـ ھېسابسىز. ئۆلگەن، يارىدار بولغان ئارمىيە ۋە پۇقرانىڭ سانى تەخمىنەن 90 مىليوندىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگولۇق ۋە سوۋېت ئىتتىپاقلىقلا ھەممىدىن كۆپ. ھەربىي خىراجەت چىقىمى تەخمىنەن 11 تىرىليون 170 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى، ئىقتىسادىي چىقىم مۆلچەرلىنىشىچە 40 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقان. ئۇرۇش ئوتى نۇرغۇن شەھەرلەرنى كۇل قىلىۋەتكەن، سانسىزلىغان زاۋۇت ـ فابرىكا، ئۆي ـ ماكان، تۆمۈريول، كۆۋرۈك ھەمدە سانسىزلىغان مۇزېي ۋە ئاسارئەتىقىلەرنى ۋەيران قىلىۋەتكەن. ئىنسانىيەتنىڭ تالاي ئەسىرلەردىن بۇيانقى سەنئەت ۋە ئىلمىي تەلىمات جەھەتتىكى نەتىجىلىرى نابۇت قىلىنغان ياكى زور زىيانغا ئۇچرىغان. ئومۇمەن، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بىر قېتىملىق ئەڭ چوڭ بالايىئاپەت!

ھازىر، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىغا 40

يىلدىن ئاشتى، دۇنيا ۋەزىيىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئەينى چاغدا تېھران «ئۈچ كاتتىۋاش» يىغىنىغا قاتناشقان ستالىن، روزۋېلت، چېرچىللارنىڭ ۋاپاتىغىمۇ خېلى يىللار بولدى. چېرچىل ھەممىدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى. ئۇ 90 ياشقا كىرگەندە، يەنى 1965 - يىلى ئەنگلىيىدىكى ئۆزىنىڭ شەخسىي قورۇقىغا داغدۇغىلىق دەپنە قىلىندى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ سىياسىي ساھەدىن ئايرىلغىنىغا ئون يىلدىن ئاشقانىدى. روزۋېلت 1945 - يىلى فېۋرالدا، يەنى گىتلېر گېرمانىيىسى تەسلىم بولۇش ھارپىسىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ستالىن روزۋېلتقا قارىغاندا سەككىز يىلغا يېقىن ئارتۇق ياشىدى. ئۇلار ئەينى يىللىرى تېھراندا ئۇچراشقان چاغدا گىتلېرغا قارشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى ئىدى. شۇ مەزگىلدە ئۇرۇشنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى يەتكۈچە تارتقان دۇنيا خەلقى «ئۈچ كاتتىۋاش» نىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە كۆز تىكەتتى، ھەربىر ئېغىز سۆزىگە قۇلاق سالاتتى. شۇ ۋەجىدىن تېھران يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئىختىيارسىز جەلپ قىلغانىدى. شۇ چاغلاردا، «ئۈچ كاتتىۋاش» تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىپ چىقارغان قارارلارنى ياۋروپادىكى ئاياغ ئاستى قىلىنغان ھەر قايسى ئەللەر تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە ئىدى، ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىمۇ بۇ يىغىننىڭ ئاقىۋىتىنى ئەنسىزلىك ئىچىدە كۈتەتتى. گىتلېر فاشىزمىغا قارشى ئىتتىپاقداش - «ئۈچ كاتتىۋاش» نىڭ ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىش - قىلالماسلىقى پۈتكۈل فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى ۋە شۇ مەزگىلدىكى مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيتتى.

فاشىزمغا قارشى 2 - دۇنيا ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش، «ئۈچ كاتتىۋاش» نىڭ تارىخىي تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلەپ، تۇرلۇك تۈزۈمدىكى دۆلەتلەرنىڭ

تىنچ بىللە تۇرۇشى ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە، مەن 20 نەچچە يىلدىن بۇيان توپلىغان سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن «2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئۈچ كاتتىۋاش» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىقتىم. يېزىش جەريانىدا بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنىش، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش بويىچە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىپادىلەشنى نەزەردە تۇتۇپ، خەلقئارالىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار بىلەن كەڭ تۈردە سۆھبەتلەشتىم؛ ھالبۇكى سىياسىي سەۋىيەم ۋە تارىخىي بىلىمىم چەكلىك بولغانلىقتىن، خاتا ھەمدە نامۇۋاپىق يېزىلغان جايلار بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، كىتابخانلاردىن تۆۋەنچىلىك بىلەن يولىيورۇق سورايمەن.

شيې لىفۇ

www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى باب

# كىنەزنىڭ ئەۋلادى

چىراغلار يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان كېچە، ئاقسۆڭەك ئەپەندى-خانىملار برونخېيم سارىيىدا يېنىك ئايلىنىپ تانسا ئويناۋاتتى. توساتتىن شوخ ۋە گۈزەل بىر ئېسىلزادە خېنىمنىڭ قورسىقى ئاغرىپ كەتتى. كىشىلەر شۇئان ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ئاياللارنىڭ ۋاقىتىنچە كىيىم يۆتكەش ئۆيىگە ئېلىپ كىردى. ۋىنىستون چېرچىل مانا مۇشۇنداق بىمەھەل دۇنياغا كەلدى.

تېخى ئاي-كۈنى توشماي تۇغۇلغان بالا بولغىنى بىلەن، ئۇ شۇنچىلىك تېتىك، جانلىق ئىدى. بوۋاقنىڭ «ئىڭە ... ئىڭە ... ئىڭە ...» دېگەن ئاچچىق يىغا ئاۋازى بۇ ھەشەمەتلىك خان سارىيىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋەتتى. كىشىلەر بەس-بەستە: «ئاي-كۈنى توشماي تۇغۇلغان بالا ئېسىلزادە بولىدۇ» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، لوندوندا چىقىدىغان «تايمىس گېزىتى» دە «راندولف چېرچىل خانىم 1874-يىل 30-نويابىر كەچتە، برونخېيم سارىيىدا ئاي-كۈنى توشمىغان بىر بالىنى تەۋەللۇت قىلدى» دېگەن ئاددىي بىر ئېلان بېسىلدى. دەل شۇ چاغدا ئەنگلىيىلىك بىر شائىر: «بوۋاقنىنى تۇغدى خانىم كاتتا بەزمىدە، بۇ دۇنيادا يارىتىپ ئۇ ئاجايىپ تۆھپە، چوڭ بولغاندا بىزگە شەرەپ-شان كەلتۈرەر دەپ، ئۇ بالىدىن كۈتەتتى زور ئىشلارنى ھەممە» دەپ يازغىنىدەك، ۋىنىستوننىڭ دۇنياغا كېلىشى بۇ ئاقسۆڭەك جەمەتكە ئېيتقۇسىز بىر خۇشاللىق

ئېلىپ كەلدى.

چېرچىل جەمەتى ئاجايىپ بىر كەچۈرمىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. ئۇنىڭ دادىسى تۆرە راندولف چېرچىل مالبورو جەمەتىنىڭ يەتتىنچى ئەۋلاد كىنەزى جون ۋىنستون سپېنسېر چېرچىل بىلەن كىنەز فرانسىس خانىمنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئىدى. ئەنگلىيىدە خان جەمەتىدىن باشقا كىنەز جەمەتى ھەممىسى بولۇپ يىگىرمىدىن ئاشمايتتى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى مالبورو جەمەتى بېرىلگەن ئۇنۋان تەرتىپى بويىچە ئونىنچى ئورۇندا تۇراتتى. ئەنگلىيە ئاقسۆڭەكلىرى باشقا دۆلەتلەردىكى ئاقسۆڭەكلەرگە ئوخشاش ئۆز جەمەتىنىڭ قەدىمىيلىكىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنى 11-ئەسىردە ئىشغالىيەتچى ۋىليام (ئەنگلىيە پادىشاھى) غا ئەگىشىپ بىرىتانىيە تاقىم ئاراللىرىغا كەلگەن نورمانلار، فرانسىيىلىكلەر ياكى ئىتالىيىلىكلەرنىڭ فېئودال خوجىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولاتتى. ماتېرىياللاردىن ئىسپاتلىنىشىچە، چېرچىلنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد بوۋىسى جون چېرچىل 17-ئەسىردە ياشىغان ئادەم بولۇپ، دورسېت ۋىلايىتىنىڭ قانۇنچىسى، جاھىل كونسېرۋاتورلاردىن ئىكەن. ئىككىنچى ئەۋلاد بوۋىسى ۋىنستون چېرچىل بۇرۇنلا ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ 17-ئەسىردىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىي مەزگىلىدە پادىشاھ چارلېز I ئۈچۈن ئۇرۇشقا قاتناشقان. كېيىن پادىشاھ ئۇنىڭغا دىۋاز ئۇنۋانىنى ھەمدە جەمەتىنىڭ بەلگىسىنى ساقلاپ قېلىش ھوقۇقىنىمۇ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن، ۋىنستون چېرچىلنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى مەلۇم دەرىجىدە قاندۇرۇلغان. چېرچىلنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد بوۋىسى جون چېرچىلغا كەلگەندە، بۇ جەمەتنىڭ مەنسەپ-ئابرۇيى ئۈچقاندەك ئۆسكەن ھەمدە كىنەز مالبورونىڭ ۋارىسلىق ئورنىغا ئاساس سالغان.

چېرچىلنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد بوۋىسى جون چېرچىل ياش ۋاقتىدىلا ئەنگلىيە خان جەمەتى ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ پولكوۋنىكى بولۇپ، 35 يېشىدا بارۇن ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1685-يىلى ئىيۇندا كىنەز مونموۋت توپىلىڭىنى باستۇرۇشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن. مەغلۇپ بولغان كىنەز مونموۋت 6-ئىيۇل ئەسىرگە چۈشكەن ۋە كېيىن كاللىسى ئېلىنغان. بارون جون چېرچىل بىراقلا گېنېرال مايورلۇققا ئۆستۈرۈلۈپ، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن گراف ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۆز زامانىسىدا چىرايلىق ئەر دەپ ئاتالغان جون چېرچىل ئۆز جەمەتىگە شان-شەرەپ كەلتۈرۈپ، بايلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. ئىسپانىيىنىڭ تەخت ۋارىسلىق ھوقۇقىنى تالىشىش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشتا ياۋروپادىكى ئەنگلىيە-گوللاندىيە ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىپ فرانسىيىلىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغان ھەمدە ناھايىتى زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ ياۋروپادىكى بىرلەشمە ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلىش ئورنىدىن پايدىلىنىپ، ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا تالان-تاراج قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئەنگلىيە زېمىنىدا ھەربىي قورال-ياراغلارنى دۆلەت سېتىپ، ئوتتۇرىدىن قاقتى-سوقتى قىلىپ قاتتىق بېيىپ كەتكەن. مانا شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھەربىي شان-شەرەپنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن.

كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، جون چېرچىل سارا جېنىنگس بىلەن توي قىلغان. سارا كۈچ-قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ئالغا ئىنتىلىش روھىغا ئىگە ئايال بولۇپ، شۇ چاغدا ئايال پادىشاھ ئاننانىڭ كاتتا ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن. پايدىلىق ئورۇننى ئىگىلىۋالغان بۇ ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن يىلىغا 64 مىڭ 325 فوند سىتېرلىڭ مائاش ئالاتتى، ئەينى چاغدا بۇ ناھايىتى كۆپ پۇل ھېسابلىناتتى. 1702-يىلى ئايال پادىشاھ مەردلىك قىلىپ جون چېرچىلغا كىنەزلىك ئۇنۋانىنى تارتۇق قىلغان. ئۇ

ھەر يىلى ناھايىتى كۆزگە كۆرۈنەرلىك مائاش ئالىدىغان بولسىمۇ، لېكىن يەر-مۈلكى يوق ئىدى.

1704-يىلى 13-ئاۋغۇست، كىنەز مالبورو برونخېيمدا ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلىپ فرانسىيە ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيىسىنى يەڭگەن. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن ئايال پادىشاھ ئۇنىڭغا ۋوئودىستوك رايونىدىن چوڭ بىر پارچە يەر ھەمدە ھەشەمەتلىك ساراي سېلىۋېلىش، قورۇقىنى رېمونت قىلىۋېلىش ئۈچۈن 50 مىڭ فوند ستېرلىڭ بەرگەن. 1704-يىلى 13-ئاۋغۇست، قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن برونخېيمنىڭ نامى بېرىلگەن «برونخېيم باغچىسى» 15 مىڭ ئىنگلىز موسى چوڭلۇقتىكى يەرنى ئىگىلەيتتى. برونخېيم شەھىرىدە قازانغان غەلىبىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن گېرمانىيە پادىشاھى كىنەز مالبوروغا رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ كىنەزى دەپ نام بەرگەن. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر كىنەز مالبورونىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى مۇشۇ نامنى قوللىنىپ كەلمەكتە. دۆلەتنىڭ نۇرغۇن مۇكاپات بېرىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەر-خوتۇن كىنەز مالبورولارنىڭ پارا يەپ، پۇرسەتپەرەسلىك قىلىشى نەتىجىسىدە چېرچىل ئائىلىسى زور مىقداردا بايلىق توپلىۋالغان.

مالبورونىڭ بىرىنچى ئەۋلاد كىنەزى 1722-يىلى سەكتە كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ئۆلگەن. ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بىرەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان، ھېچقانداق شان-شەرەپكىمۇ ئېرىشەلمىگەن. ئۇلار بەتخەجلىك قىلىپ جون چېرچىلدىن قېپقالغان بايلىقنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتكەن. جەمەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى يامانلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ياش مالبورولار دۆلەتمەن ئامېرىكىلىق ئائىلىلەر بىلەن توي قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئوڭشىۋالغان. ئىقتىسادىي جەھەتتىن مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان



www.uyghurkitap.com

بۇنداق تويىنى تۇنجى بولۇپ ۋىنستون چېرچىلنىڭ دادىسى راندولف چېرچىل قىلغان. ئەنگلىيىنىڭ قانۇنى بويىچە ئۇنۋان بىلەن يەر-مۈلۈككە تۇنجى ئوغۇل ۋارىسلىق قىلاتتى. ئىككىنچى ئوغۇل ۋە كەنجى ئوغۇل پەقەت ھۆكۈمەت، ئارمىيە، مۇستەملىكە مەمۇرىي دائىرىلەردىن ياكى دىنىي ساھەدىن يول تاپاتتى، شۇڭا راندولفنىڭ مالبورو جەمەتىنىڭ ئۇنۋانى ۋە يەر-مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدى ھەمدە سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

1873-يىلى 24 ياشلىق راندولف ياۋروپادا ساياھەت قىلىۋاتقان ئامېرىكىلىق مىليونېر گېروم ئائىلىسى بىلەن تونۇشۇپ قالغان ھەمدە گېرومنىڭ قىزى جېننى بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەن. جېننىنىڭ دادىسى لېئونارد گېروم قەيسەر ئىرادىلىك ئادەم ئىدى. ئۇ زېرىكىشلىك مۇھىتنى ياقتۇرمايتتى، ئۆزىنى ھەرقانداق بىر چەكلىمە ئىچىگە قويۇشنىمۇ ھەرگىز خالىمايتتى. ئات بەيگىسىنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى، يەنە كېلىپ ئۆزى خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن ئوپېرا ناخشىچىسى ئىدى. ئۇ ئامېرىكىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئىككى بەيگە مەيدانىنى بەرپا قىلغان، يەنە بىر خۇسۇسىي ئوپېرا تىياتىرى تەشكىللىگەنىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى ۋۇجۇدىدا ئىندىئانلارنىڭ قېنى بار چىرايلىق ئامېرىكىلىق ئايال ئىدى. لېئونارد گېروم بىر مەزگىل ئامېرىكىنىڭ ترېستې (ئىتالىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى چېگرا شەھەر) دا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولغان. ئەمما، ئۇ كۈنلىرى تېپتېنچ ئۆتىدىغان مۇنداق دىپلوماتىيە خىزمىتىگە قىزىقمىغان، شۇڭا كونسۇللۇق خىزمىتىدىن ۋاز كېچىپ «نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى» نىڭ خوجايىنى بولغان. بۇ خىزمەت ئۇنىڭ ئامېرىكىدىن كېتىشىگە پۇرسەت بەرمىگەن. ئەمما ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن ئىككى قىزى بولسا ۋاقتىنىڭ كۆپ

قىسمىنى ياۋروپادا ئۆتكۈزگەن.

ۋىنستون چېرچىل بوۋىسى گېروم ئائىلىسىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

«مېنىڭ ئاپام گېروم ئائىلىسىنىڭ قىزى. تىموسى گېروم 1717-يىلى ئەنگلىيىدىن كېمىگە چۈشۈپ، ئاتلانتىك ئوكياندىن ئۆتۈپ يېڭى قۇرۇلۇۋاتقان كەلگەن ھەمدە نيۇ-يورك مۇستەملىكىسى سايرىكوس شەھىرىگە يېقىن بىر جايدىكى پومپېي كەنتىدە ماكانلىشىپ قالغانىكەن. ئۇنىڭ ئوغلى سامول ۋە تۆت نەۋرىسى ئامېرىكا ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىللىرى ۋاشىنگتون ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ ئۇرۇش قىلغان. گېروم ئائىلىسى تۆت-بەش ئەۋلادغىچە پومپېي كەنتىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. 19-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، بوۋام لېئونارد گېروم بىلەن پرىنسىپتون ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ئىنىسى ئىككىيلەننىڭ ئىگىلىكى كېڭەيگەنلىك سەۋەبىدىن ئۇلار روكۇستېرغا كۆچۈپ كەتكەن؛ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككىيلەن بۇ يەردىكى خوۋلېس ئائىلىسىنىڭ ئاچا-سىڭىل قىزلىرى بىلەن توي قىلغانىكەن. ئۇلار شۇ چاغدا، بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ ئېسىل جايىغا ئىككى قورۇ - جاي سالغان، بۇ قورۇ - جايلارنى بىر كۆۋرۈك تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتىكەن. بوۋامنىڭ تۆت قىزى، ئىنىسىنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىكەن. ئاپام لېئوناردنىڭ ئىككىنچى قىزى بولۇپ، 1854-يىلى روكۇستېردا تۇغۇلغانىكەن. ئەينى چاغدا بوۋامنىڭ ئائىلىسى ئامېرىكا كاپىتالىستىك ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ كۈندىن-كۈنگە روناق تاپقان ۋە 1856-يىلى نيۇ-يوركقا كۆچۈپ كەلگەن. بوۋام بۇ كاتتا شەھەردە ئىككى بىنا سالدۇرغان بولۇپ، بۇنىڭ بىرى ماخاتان كۇلۇبىنىڭ ئورنىغا سېلىنغان، يەنە بىرىدە ئۆزى ئولتۇرغانىكەن. روكۇستېردىكى چاغلىرىدا ئاخبارات گېزىتىنى تەسىس قىلغان، بۇ شۇ چاغدا «ھېچنېمىنى

بىلمەيدىغان» پارتىيىنىڭ ئورگان گېزىتى دەپ ئاتالغان. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، بۇ گېزىتنىڭ ئىسمى 〈روكۇستېر دېموكراتىيىسى ۋە دوكومېنتال ئىشلار خاتىرىسى〉گە ئۆزگەرتىلگەن.

بوۋام نيۇ-يوركتا تۇرۇۋاتقان مەزگىللىرى تېخىمۇ زور ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان، يەنى بىر تەرەپتىن گېزىتخانا ئاچسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۆچمەس مۈلۈك تىجارىتى قىلغان. ئامېرىكىدىكى جەنۇب بىلەن شىمال ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، داڭلىق بىر مىليونېرغا ئايلانغانىكەن. لېئونارد سىياسىي ئىشلارغا قاتناشمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئىنزىچىل تۇردە جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ بىرلىشىشىنى قوللاپ كەلگەن. ئۇ سودا ئىشلىرىدىن باشقا تەنتەربىيە بىلەن مۇزىكىغا ئالاھىدە قىزىقىدىكەن. ئۆزى تەقى-تۇرقى سالاپەتلىك، جەسۇر، ئىلمەك بۇرۇن، كۆزلىرى چوغدەك يېنىپ تۇرىدىغان ئادەم ئىكەن. ھەر قېتىم ھېيت-بايرام كۈنلىرى ياكى زور خۇشاللىقلارنى قۇتلۇقلاش مەرىكىلىرى بولغاندا، ئالتە ئات قوشۇلغان ھەشەمەتلىك پەيتونغا ئولتۇرۇپ نيۇ-يورك كوچىلىرىنى ئارىلاپ چىقىشنى ياخشى كۆرىدىكەن، دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئۇستا پەيتون ھەيدىگۈچى ئىكەن. لېئونارد ئات بەيگىسىنى بەكلا ياخشى كۆرىدىكەن، شۇڭا ئۇنى ئامېرىكا ئات بەيگىسى جەمئىيىتىنىڭ ئاتىسى دېيىشكە مۇناسىپ. ھازىرقى گېروم باغچىسى بوۋامنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئۇ بەيگە تەنھەرىكىتىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن رېتسارلار كۇلۇبىنى قۇرغان ھەمدە ئۇزۇن يىللارغىچە بۇ جەمئىيەتنىڭ باشلىقى بولغان. بەيگىلەردە ئەزەلدىن يېڭىلىپ باقمىغان ئەڭ داڭلىق «كېنتكي» ئېتىنى بوۋام بىر قوللۇق كۆندۈرگەنىكەن. لېئونارد بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەڭ دەسلەپ نيۇ-يورك مۇزىكا ئىنستىتۇتىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇش

سۆپىتى بىلەن، ئوپېرا ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ياردەم بەرگەن ۋە شۇ چاغدىكى داڭلىق ناخشىچىلار جېننىيلىندىن ھەم پېتتىلار بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان ھەمدە ئەڭ دەسلەپ كارمېننى ئويناپ چىققان مىننخاۋك خېنىمغا دەرس ئۆتكەنىكەن.

مومام لېئونارد خانىم پروسسىيە-فرانسىيە ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئىلگىرى بىر قانچە قىزلىرىنى ئېلىپ پارىژغا كەلگەن، ئەمما ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى سەۋەبىدىن پارىژدىن لوندونغا قايتىپ كەتكەنىكەن. ئۇلار لوندوندا بىر قانچە يىل تۇرغان. بۇ جەرياندا نۇرغۇن دوست تۇتقان. 1873-يىلى يازدا خانقىز جېننى گېروم كوۋېس شەھىرىنى ساياھەت قىلىپ يۈرگىنىدە دادام—تۆرە راندولف چېرچىل بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. خانقىز جېننى شۇ چاغدا نيۇ-يورك، پارىژ ۋە لوندوندىكى ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىدە ئەڭ مەشھۇر ساھىبجامالالارنىڭ بىرى ئىكەن. تۆرە راندولف چېرچىل ئۇنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قالغان ھەمدە بىر قانچە ئايدىن كېيىن توي قىلغان.»

جېننى گېروم خېنىم ئىجتىمائىي ئالاقىلەرگە ئۇستا ئىدى، ئات ئۇستىدە قارىغا ئېلىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، كىچىك ۋىنستوننىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، جېننى دائىم دادىسى بىلەن ئارغىماققا مىنىپ ئوۋ قىلغىلى چىقىپ كېتىدىكەن، بەزى چاغلىرى ۋاقتىدا قايتىپ كەلمىسە يۇتۇن ئائىلىدىكىلەر ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالىدىكەن. چېرچىل ياش چېغىدىكى ئەسلىمىسىدە: «مېنىڭ ئاپام نەزىرىمدە خۇددى بىر پەرىزاتقا، گۈزەل مەلىكىگە ئوخشايدۇ. ئۇ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، ئاجايىپ قابىلىيەتلىك ئايال» دەپ يازغانىدى. لېكىن، ئۇنى بىرونخېيىم سارىيى قارشى ئالمايتتى. بۇ ئېھتىمال جېننىنىڭ كېلىشكەن قەددى-قامىتى، كىشى ئەقلىنى لال

قىلىدىغان گۈزەل رەڭگى-رۇخسارى، نازاكەتلىك ئاياللارغا خاس سېھرىي كۈچى، ئەقىل-پاراسەتلىكلىكى ۋە شوخ مىجەز-خاراكتېرى بورونقىيىم سارىيىدىكى ئۈنۋانى بار ئاياللارنى بېسىپ چۈشكەنلىكتىن بولسا كېرەك. شۇڭا ئەر-خوتۇن راندولفلار بورونقىيىم سارىيىدىن ئايرىلىپ، لوندون شەھەر رايونىدا ئايرىم تۇرغان.

بۇ ياش ئەر-خوتۇنلارنىڭ يىللىق كىرىمى ئۇلارنىڭ باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە تولۇق يېتەتتى. لېكىن، ئۇلار كىچىككىدىن تارتىپلا بەتخەجلىككە ئۆگىنىپ قالغاچقا، دائىم كىرىم چىقىمنى قاپلىيالمايتتى. جېننى ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىدە پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي بەتخەجلىك قىلىدىغان كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا قاتتىق بېرىلىپ كەتكەنىدى. راندولف ئادەتتە ئۆيىدە زىياپەت بېرىپ، دوست-بۇرادەرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن مېھمان قىلاتتى. ئۇ قاتتىق بەيگە ھەۋەسكارى بولۇپ، بىر قانچە قېتىم دو چىقىپ نۇرغۇن پۇلنى ئۇتتۇرۇۋەتكەن.

ئەنگلىيە يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتى بۇ بىر جۈپ ياش ئەر-خوتۇنلارنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. بۇ جېنىنىنىڭ گۈزەل رۇخسارى، ئەقىل-پاراسەتلىكلىكى ۋە راندولفنىڭ ئېغىر-بېسىق، سالاپەتلىكلىكىدىن ئىدى. جېننى ئاپىسى بىلەن بىللە ئۇزۇن يىل پارىژدا تۇرۇپ، ئېسىلزادىلەر بىلەن دائىم بېرىش-كېلىش قىلىپ تۇرغاچقا، ئۆزىدە كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان ئېسىل خىسلەتلەرنى يېتىشتۈرگەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن پىئانىست، ئىقتىدارلىق رەسسام ۋە ئاجايىپ مەزمۇنلۇق، ئىنچىكە ھېس-تۇيغۇلار بىلەن سۇغۇرۇلغان مەكتۇپ يېزىشقا ئۇستا ئىدى. ئەنگلىيە ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدىكى مەشھۇر زاتلار ئۆيىگە بېرىپ ئۇنى زىيارەت قىلاتتى، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى

باش ۋەزىر دىسرېلى ئۆنىڭ ئائىلىسىنىڭ دائىملىق مېھمىنى ئىدى.

لېكىن، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىدە بىر مەھەل تارقىلىپ كەتكەن يامان خەۋەرلەر بۇ ياش ئەر-خوتۇنلارنىڭ لوندوندىكى ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىدىكى ئورنىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتكەن. ئەھۋال ئەسلى مۇنداق ئىدى: راندولفنىڭ ئاكىسى برېندفورد كىنەز مالبورونىڭ ئۇنۋانى ۋە يەر-مۈلكىنىڭ ۋارىسى ئىدى. ئۇ توي قىلىپ يەرزەنت يۈزى كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما كۆزگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي ئاچىت ئايرىسفورد ئىسىملىك بىر گراف خانىمغا كۆيۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ كوينغا چۈشكەن. بۇ ئادەتتە ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىدە ئادەتتىكى ئىش ھېسابلىناتتى. بىراق، ۋىكتورىيە ئايال پادىشاھىنىڭ ئوغلى، ئەنگلىيە تەخت ۋارىسى شاھزادە ۋېلىس (كەلگۈسىدىكى پادىشاھ ئېدۋارد VII) مۇ بۇ ياش گراف خانىمغا كۆيۈپ قالغان. شۇنداق قىلىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولغان. بۇ ئىشقىي مۇھەببەت ماجىراسىدا راندولف پۈتۈنلەي ئاكىسى تەرەپتە تۇرغان. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزىپى كەلگەن شاھزادە ۋېلىس، كىمكى راندولف چېرچىل بىلەن يېقىن ئۆتسە، شۇنىڭ بوسۇغىسىغا دەسسىمەيمەن، دەپ جاكارلىغان. ئېنىقكى، ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىدىكى بىرەرىمۇ خان جەمەتى بىلەن ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئادا-جۇدا بولۇپ كېتىشتەك بۇنداق خەۋپ-خەتەرگە تەۋەككۈل قىلالمايتتى. شۇڭا راندولف ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىدىن ھەممە ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەن.

بۇ راندولف چېرچىل ئۈچۈن ئېيتقاندا ئېغىر پالاكەتچىلىك ئىدى. ئۇ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ھەمدە ئۆزىدىن ۋاز كەچكەن ئاقسۆڭەك جەمئىيىتىدىكىلەردىن ئىمكانقەدەر شەپقەتسىزلەرچە ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كەلگەن. شان-شۆھرەتكە

ئىگە بولۇشقا ئۇرۇنۇشتەك بۇنداق ئارزۇ ئۇنى سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا دالالەت قىلىپ، ئاخىرىدا چوڭ ھوقۇقنى تارتىۋېلىش قەستىدە بولۇشقا ئۈندىگەن. تارىخشۇناسلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، راندولف چېرچىلنىڭ سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشى ئەڭ دەسلەپ ئىرېلاندىيە مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن باشلانغان. ئۇ كۆپ قېتىم ئىرېلاندىيە مەسىلىسىنى دەرھال ھەل قىلىشنى ھەمدە ئەنگلىيە پارلامېنتىنىڭ ئىرېلاندىيە بىلەن يارىشىپ قېلىش قانۇنىنى ماقۇللىشىنى تەلەپ قىلغان. راندولف ئەينى چاغدا سىياسىي ساھەدىكى داڭلىق شەخسلەردىن بولمىغاچقا، ئۇنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى جەمئىيەتتە يېتەرلىك ئېتىبارغا ئېلىنمىغان، ئەكسىچە ئىرلاندىيىنىڭ باش ۋالىيلىقىنى ئۆتەۋاتقان دادىسىغا بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىكلەرنى تېپىپ بەرگەن. ئۇنىڭ دادىسى دوستىغا يازغان بىر پارچە خېتىدە، راندولف بۇ سۆزلەرنى ھاراق ئىچىپ قاتتىق مەست بولۇپ قالغان ياكى بىردەملىك ئەقىل-ئىدرىكىنى يوقاتقان چاغلىرىدا دېگەن بولۇشى مۇمكىن، دېگەنىدى.•

1875-يىلىدىن كېيىن ئەنگلىيىنىڭ ئورنى تېز تۆۋەنلەشكە باشلىدى. ياش سانائەت دۆلىتى — گېرمانىيە بىلەن ئامېرىكا باش كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇ ئىككى دۆلەت تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى، ئەمما ئەنگلىيە سانائىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى كۈندىن-كۈنگە ئارقىدا قالدى. مانا بۇ، ئەنگلىيىنىڭ سانائەت ساھەسىدىكى دۇنياۋى مونوپوللۇق ئورنى ناھايىتى تېزلا ئۆتمۈش بولۇپ قالىدۇ، دېگەنلىك ئىدى. 1874-يىلى، يەنى ۋىنستون چېرچىل تۇغۇلغان يىلى ھەتتا ئەڭ ئەقىللىق بۇرژۇئازىيە ئەربابلىرىمۇ ئەنگلىيىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى چۈشەنمەيتتى، بۇ دۆلەت كېيىنكى بىر قانچە ئون يىل داۋامىدا قانداق قىيىنچىلىقلار ۋە خەۋپ-خەتەرلەرگە دۇچ

كېلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى.

1880-يىلى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى چوڭ سايلامدا مەغلۇپ بولدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، مەزكۇر پارتىيىنىڭ مەشھۇر رەھبىرى دىسرېلى ئالەمدىن ئۆتتى، ئەھۋال تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. پارتىيە ئىچىدە ئۇنىڭغا ئوخشاش كاتتا ئەرباب يوق ئىدى. بۇ چاغدا، كىنەز مالبورو بىلەن راندولف چېرچىل ئىرېلاندىيىدىن ئەنگلىيىگە قايتىپ كەلگەنىدى. راندولف پارتىيە ئىچىدىكى قالايمىقان ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ سىياسىي سەھنىگە چىقىش، ئاندىن شان شۆھرەتكە ئېرىشىش تۆھپىگە باغلىق دەيدىغان مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قارارىغا كەلدى.

ۋىنستوننىڭ دادىسى راندولف چېرچىلنىڭ ئېنىق بىر سىياسىي پروگراممىسى يوق ئىدى. بىر ئەر تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۇنىڭغا ئۇنچىلىك مۇھىم ئەمەس ئىدى. مۇھىمى، پەقەت نۇتۇق سۆزلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھوقۇق تارتىۋېلىش ئۈچۈن يول ئېچىشنىلا توغرا كېلەتتى. ئۇ ئەڭ دەسلەپ ۋەزىيەت تەقەززاسى بىلەن، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ سايلىغۇچىلار ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ، دەپ قارىغان بەزى تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئاندىن پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى يېڭىلاش يولىدىكى كۈرەشنى قانات يايدۇردى ۋە بۇ ئىشلار پارتىيىنىڭ خىزمىتىنى «خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش» ئۈچۈن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن، راندولف نۇتۇق ئېلان قىلىش ۋە ماقالە يېزىش ئارقىلىق ناھايىتى تېزلا داڭق چىقاردى. ئەمما، پارلامېنتتا ئۇنىڭ ئەپلەپ-سەپلەپ ئىش كۆرىدىغان بىر قانچە ئەگەشكۈچىلىرى بار ئىدى. راندولف ئۇلار بىلەن ئاتالمىش «تۆتىنچى سىياسىي پارتىيە» نى قۇردى.

كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى ئۆلگەندىن

كېيىن، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى يۇقىرى پالاتا رەھبىرى تۆرە سالىسبۇرى بىلەن تۆۋەن پالاتانىڭ رەھبىرى نورتكوتنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. راندولف چېرچىل ئىككى ئادەمنىڭ رەھبەرلىكنى ئۈستىگە ئېلىش ئۇسۇلىغا قارشى چىقتى. ئېنىقكى، ئۇنىڭ كېچە-كۈندۈز تەمە قىلىۋاتقىنى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنى ئىدى، چۈنكى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى چوڭ سايلامدا غەلىبە قىلىدىغانلا بولسا، ئۇ ھامىنى بىر كۈنى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك كۇرسىغا ئولتۇرۇپ، مۇقەررەر ھالدا باش ۋەزىر بولاتتى. شۇڭا ئۇ پارتىيە ئىچىدىكى «كوللېكتىپ رەھبەرلىك» كە خاتىمە بېرىشنى تەلەپ قىلىپ: «پارتىيە ئىچىدە تالاش-تارتىش كىشىلەر ناھايىتى جىق، خەلققە يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلىدىغان ھەممە كەڭ ئىشچىلار سىنىپى ئاممىسىنى قانداق باشلاپ مېڭىشنى بىلىدىغان رەھبەرلەرنى سايلاپ چىقىش تەس ئەمەس» دېگەن. ئۇ پەقەت ئۆزىنىلا ئاشۇنداق رەھبەرلىككە مۇناسىپ كېلىدىغان ئادەم ھېسابلايتتى، پارتىيىنىڭ رەھبىرى بولۇشقا بەك ئالدىراپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا راندولف 34 ياشتا ئىدى.

راندولفنىڭ تۇرتكىسى بىلەن، پارلامېنت ئىسلاھاتى سايلىغۇچىلارنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتتى. سايلامدا كۆپ سانلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىگە ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىگە خۇشامەت قىلماي تۇرالمىدى. راندولف چېرچىل بىر قېتىملىق نۇتقىدا ئىشچىلار سىنىپىنى ھەدەپ ماختاپ كۆككە ئۇچۇردى. مۇبادا، دىسرېلى كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان نۇتۇقلىرىدا ھەرقايسى سىنىپلار بىرلىشىپ دۆلەتنىڭ تۈزۈمىنى قوغداش ھەققىدە جار سالدى دېيىلسە، ئۇ چاغدا راندولف ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئۇستا كەلدى. ئۇ بىر نۇتقىدا: «كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىشەنچىسىگە

www.uyghurkitap.com

ئېرىشەلمىسە، ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى مەڭگۈ ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ. ئەگەر بىز ئىشچىلار سىنىپىغا ئىشىنىدىغان بولساق، بىزنىڭ مەنپەئىتىمىزنى ئۇلار قولىدا تۇتسا بىخەتەر، ئىشەنچلىك بولىدۇ. بىز ئۇلارنى پارتىيىمىزگە كىرىشكە تەكلىپ قىلىشىمىز، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ پارتىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئەمەلىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك» دېدى.

راندولف كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ يىغىنلىرىدا، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى، ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ۋەكىللىرى كېلىپ كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىگە رەھبەرلىك قىلىشىنى، ئاقسۆڭەكلەر رەھبەرلىك گۇرۇھىنىڭ پارتىيە ئىشلىرىنى مونوپول قىلىۋېلىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. راندولف لىبېرالىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىدىن كۆچۈرۈۋالغان شوئارلاردىن كەڭ-كۆلەمدە پايدىلاندى. ئۇ: «خەلققە ئىشەنسەڭ، خەلق ساڭا ئىشىنىدۇ!» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇنىڭ تاكتىكىسى ئىدى، خالاس. راندولف يېڭى رەھبەرلىك گۇرۇھىنى «ياشانغانلار گۇرۇھى» نىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى، شۇ ئارقىلىق ئۆزى بۇ يېڭى رەھبەرلىك گۇرۇھىدا بۇيرۇق چۈشۈرەلەيدىغان بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئېھتىمال شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋەكىلى ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ۋەكىلى دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، مۇرات-مەقسىتىمگە يېتىشكە ئاز قالدىم، دەپ ھېسابلىغان چېغىدا، ئۇنىڭ ھەقىقىي غەرىزى خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ قالدى. راندولف كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى جەمئىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ

رەھبەرلىك ئورنى ئەمدى قولۇمغا چۈشىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپ، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى رەھبەرلىكىنىڭ دېموكراتىيىلەشتۈرۈش شوئارىنى يەتتە قات ئاسماننىڭ قەھرىگە چۆرۈۋەتتى.

دەسلەپتە، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن ئەزالىرى راندولف ۋە «تۆتىنچى سىياسىي پارتىيە» نىڭ باشقا ئەربابلىرىنىڭ دېگەن گەپلىرىنى راست دەپ ئىشىنىپ قالدى. دەل شۇنداق بولغانلىقتىن راندولف كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى جەمئىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغانىدى. ئۇ پارتىيىنىڭ رەسمىي ئورگانلىرىدىن باشقا، يەنە كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى «قار ئۇچقۇنلىرى ئىتتىپاقى» دېگەن غەيرىي رەسمىي تەشكىلات قۇردى. بۇ تەشكىلاتنىڭ نىشانى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنى دىسرېلىنىڭ ئىدىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. راندولف ۋە ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىرىگە قارشى بىر قانچە يىلغا سوزۇلغان مۇرەككەپ كۈرەشلەرنى قىلىپ، ئاخىر سالىسبۇرى بىلەن كېلىشىم تۈزدى. كېلىشىمگە بىنائەن، راندولف كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا قاراتقان ھۇجۇمىنى توختىتىشقا ۋەدە بەردى، سالىسبۇرىمۇ راندولفنى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشكە قوشۇلدى. ئىشلار ھەر ھالدا راندولفنىڭ پىلانلىغىنىدەك تەرەققىي قىلىۋاتاتتى. ئۇزۇنغا قالماي، ئۇ سالىسبۇرى ئۆتەپ كېلىۋاتقان پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى قولىغا ئالاتتى ۋە ئاستا-ئاستا ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى بولاتتى.

راندولف ۋە ئۇنىڭ «تۆتىنچى پارتىيە» سىنىڭ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشى بىلەن، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى 1885-يىلىدىكى پارلامېنت سايلىمىدا

www.uyghurkitap.com

غەلىبە قازاندى. سايلام نەتىجىسىگە ئاساسەن، سالىسبۇرى ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. راندولف چېرچىل باش ۋەزىردىن قالسىلا ئەڭ مۇھىم ھوقۇق — مالىيە ۋەزىرلىك. ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزدى. ئۇ يەنە تۆۋەن پالاتانىڭ رەھبىرى بولدى. ئەمدىلا 35 ياشقا كىرگەن راندولف ھۆكۈمەت ئىچىدە ئىككىنچى ھوقۇقلۇق ئورۇنغا ئولتۇردى. ھەر ھالدا ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئەڭ ئاخىرقى قەدەمنى بىرلا ئاتلاپ دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. 1885-يىلى نويابىردا، بىر دوستى يوقلاپ بارغاندا، راندولف: «مەن بەش يىل ئۆكتىچىلەر پارتىيىسىنىڭ داھىيسى بولىمەن، ئاندىن يەنە بەش يىل باش ۋەزىر بولىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىمەن» دېگەن. ئەنگلىيىدە چىقىدىغان يۇمۇرلۇق ژۇرنال «كالۋا» ژۇرنىلىنىڭ بىر ھەجۋى رەسىمچىسى راندولف چېرچىلنى «ئۇلۇغ ياش» دەپ ئاتىغان. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي كىشىلەر ئۇنى «شۆھرەت قازىنىشنىلا كۆزلەيدىغان ئۇلۇغ ياش» دەپ زاڭلىق قىلىشتى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە بۇ لەقەم ئۇنىڭ ئوغلى ۋىنىستونغا سىڭىپ قالدى.

راندولف قارا نىيەت، شۆھرەت قازىنىشنىلا كۆزلەيدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى مالىيە ساھەسىدىلا چەكلەپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىماي، دىپلوماتىيە سىياسەتلىرىگىچە قول تىقىپ، گېرمانىيە ۋە ئاۋستىرىيە بىلەن يېقىنلىشىشنى ئوچۇق-ئاشكارا تەلەپ قىلدى. 1886-يىلى دېكابىردا، راندولف ھەربىي خىراجەتلەرنى قىسقارتىش توغرىسىدىكى تەشەببۇسى قورۇقلۇق ئارمىيىسى مىنىستىرى تەرىپىدىن رەت قىلىنغاندىن كېيىن، خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىش يولى ئارقىلىق سالىسبۇرىغا تەھدىت سالدى. ئۇ «مەن ھۆكۈمەت ئىچىدە كەم بولسام بولمايدۇ» دەپ قارايتتى، لېكىن، نەتىجە ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى، يەنى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى

سالىسبۇرىغا قارشى چىقىدۇ، دەپ ئارزۇ قىلغىنىدەك ئىش يۈز بەرمىدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئىشلىرى ئۆز يولىدا يۈرۈشۈپ كېتىۋەردى. كېيىن بەزى كىشىلەر راندولفتىن: «نېمىشقا قاراملىق بىلەن خىزمىتىڭىزدىن ئىستېپا بېرىپ، سىياسىي ھاياتىڭىزنى ئاخىرلاشتۇردىڭىز؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ھەممە ئۇلۇغ شەخس خاتالىق ئۆتكۈزمەي قالمايدۇ. ناپولېئون بلۇچېرنى[1] ئۇنتۇپ كەتكەن، مەن بولسام گوشېننى ئۇنتۇپ كەتتىم» دەپ جاۋاب بەرگەن. ۋىنستون چېرچىلنىڭ دادىسى ئۆزىنىڭ سىياسىي ھاياتىنى مانا مۇشۇنداق ناھايىتى تېزلا ئاخىرلاشتۇرۇۋەتكەن.

سىياسىي جەھەتتە قىلغان ئەسكىلىكلىرى ئاخىر راندولفنىڭ ئىچىنى زەرداپ قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ سالامەتلىكى تېزلا يامانلىشىپ كەتتى. ئۇ ئەسلى خىزمىتىمدىن ئىستېپا بەرگەندىن كېيىن قىيىنچىلىقتا ئۇچرىسام كونسېرۋاتىپلاز پارتىيىسى ماڭا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلغانىدى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ-ئۈمىدلىرى خۇددى سوپۇن كۆپۈكىدەك يوققا چىقتى. نىيىتىدىن يانمىغان راندولف ئاخىر كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ئىچىدە پائال ھەرىكەتلىنىپ، تۈرلۈك يىغىلىشلاردا نۇتۇق سۆزلىدى، ئەمما ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغۇچىلار بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى، گېزىت-ژۇرناللارمۇ ئۇنىڭغا ئېتىبار بەرمەيدىغان دەرىجىگە يەتتى. ھەتتا ئۆزىمۇ ئۆزىنىڭ ئاللىقاچان بىر سىياسىي مۇردىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىغا ئىشىنىپ قالدى. ئۇنىڭ جىسمانىي كۈچى كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلاپ كەتتى. 1882-يىلى يازدا، ناھايىتى

---

① بلۇچېر (1742—1819)- پرۇسسىيە مارشالى. ئۇ 1813-يىلى ناپولېئونغا قارشى ئۇرۇشتا پرۇسسىيە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى بولغان، 1814-يىلى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنى باشلاپ فرانسىيە ئارمىيىسىگە قوغلاپ زەربە بېرىپ فرانسىيىگىچە بارغان. 1815-يىلى ئىيۇندا ۋاتېرلو جېڭىدە فرانسىيە ئارمىيىسىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن.

ئۇزۇن ۋاقىتقىچە كېسەل چاپلىشىۋېلىپ تۈزەپ بولالمىدى. كۆتۈنۈش، داۋالىنىش ۋە ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىشكە ئوخشاش بىر قاتار جەريانلاردىن كېيىن سالامەتلىكى ئازراق ئەسلىگە كەلدى. ئەمما، دوختۇر دىئاگنوز قويۇپ ئۇنىڭ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلدى. بۇ، راندولف ئەمدى ئۇزۇنغا قالماي بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ، دېگەنلىك ئىدى.

ۋىنستون چېرچىل بۇ ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا خېلى ئەگرى-توقايلىقلار يۈز بەردى. ياش ئەر-خوتۇن راندولفلار ۋىنستونغا ئوبدان قارىيالمىدى. شۇ چاغدىكى ئەنگلىيىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە، يۇقىرى قاتلامدىكى كىشىلەر بالىلىرىنى ئۆزلىرى تەربىيىلەپ چوڭ قىلمايتتى، ئەمەلىيەتتە ۋىنستون، بالىلىق چاغلىرىدا ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ئانچە تونۇمايتتى، لېكىن تەربىيىچىسىگە بولغان مېھرى-مۇھەببىتى بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ بارغانىدى. ۋىنستون ئۆز تەربىيىچىسىنى ئىزچىل تۈردە قىزغىن سۆيۈپ كەلگەنىدى. كېيىن ۋىنستون چېرچىل مەشھۇر دۆلەت ئىشلىرى ئەربابى بولغاندىمۇ، ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا تەربىيىچىسىنىڭ سۈرىتىنى ئېسىپ قويغان.

ۋىنستوننىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا چەكسىز خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بىرونخېيم سارىيىنىڭ خوجايىنلىرىنى قاتتىق ئەنسىزچىلىككە سېلىپ قويدى. بۇنىڭ سەۋەبى: ئۇنىڭ تاغىسى ماركىز برېندفورد كەلگۈسىدىكى مالبورو جەمەتىنىڭ سەككىزىنچى ئەۋلاد كىنەزى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرلا ئوغلى بار ئىدى. ناۋادا بۇ بىردىنبىر ۋارىسلىق قىلغۇچى بىرەر ھادىسىگە ئۇچراپ قالسا، ئۇنداقتا مالبورونىڭ ئۇنۋانى بىلەن يەر-مۈلكىگە ۋىنستون چېرچىلنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىغا توغرا كېلەتتى. ۋىنستون 20 يىلغىچە مالبورونىڭ ئۇنۋانى بىلەن

يەر-مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولدىن بېرىپ قويمىدى. 1895-يىلى، ئامېرىكىلىق بىر مەشھۇر مىليونېرنىڭ 18 ياشلىق قىزى — كونسۇئېللا ۋاندېربىلت مالبورونىڭ توققۇزىنچى ئەۋلاد كىنەزىگە خوتۇن بولۇش سوپىتى بىلەن برونخېيم سارىيىغا كىرگەندە، قېرى كىنەز خانىم ئۇنىڭغا: «سىز نىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىڭىز بالا تۇغۇش، يەنى ئوغۇل تۇغۇپ چالا تۇغۇلغان بالا ۋىنستوننىڭ كىنەزلىك ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلىشىغا يول قويماسلىق» دېگەن. كونسو ئېللا بۇ ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئورۇندىغان. شۇنداق قىلىپ، «چالا تۇغۇلغان بالا» مۇ مالبورونىڭ كىنەزلىك ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەڭگۈگە مەھرۇم قىلىنغان. ئەمما، ۋىنستون چېرچىل بۇنىڭغا ئۇنچىلىك ئېچىنىپ كەتمىگەن، چۈنكى ئۇنىڭ شۆھرەتپەرەستلىكى ئۇنۋانغا ۋارىسلىق قىلىشقا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى، راستىنى ئېيتقاندا، پەقەت كىنەزلىك ئۇنۋانىلا ئۇنى ھەرگىزمۇ قانائەتلەندۈرەلمەيتتى.

ۋىنستون ئىككى ياشقا كىرگەندە، ئاتا-ئانىسى ئۇنى بېرلىنغا ئېلىپ كەتتى، لېكىن ئۆزلىرى قارىماي تەربىيىچى بىلەن ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەربىيىلىشىگە تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇ ناھايىتى ساغلام چوڭ بولدى. شۇغىنىسى، ئانچە چىرايلىق ئەمەس ئىدى. گەپ قىلغاندا كېكەچلەپ سۆزلەيتتى، يەنە كېلىپ تەلەپپۇزىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئۇ گەپكە قوشۇق سېلىشقا ئامراق بالا بولۇپ، سۆزلەشنى ئۆگەنگەندە بىر ھازاغىچە كاسىلداپ توختىمايتتى. ۋىنستون ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنەتتى ۋە ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇراتتى. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بۇ ئالاھىدىلىكلەر بارغانسېرى روشەن كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

ۋىنستون كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپ باشقىلارغا ئوخشىمايتتى. باشقا بالىلارغا ئوخشاش ئۆگىنىشنى خالىمايتتى. ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ناھايىتى ياخشى بولسىمۇ، ئەمما ئۆزى

www.uyghurkitap.com

قىزىققان نەرسىلەرنىلا تېز بىلىۋالاتتى ھەم تېز ئېسىگە ئېلىۋالاتتى. ياخشى كۆرمىگەن نەرسىلەرنى زادى ئۆگىنىگۈسى كەلمەيتتى. كېيىنكى چاغلاردا كەلگەندە، ۋىنستون ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئەسكى ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان. ئۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەندىن باشلاپلا ماتېماتىكا دەرسىگە ئۆچ بولۇپ كەتكەن، كېيىنمۇ بۇ دەرسكە زادى كۆڭۈل بەرمىگەن. ئۇ كلاسسىك تىللارنى بەكلا يامان كۆرەتتى، كۆپ يىل ئۆگىنىپ ئاران لاتىن يېزىقى بىلەن يۇنان يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسىنى ئۆگەنگەن، يەنە كېلىپ تازا پىششىق ئۆگىنەلمىگەن. ئاتا-ئانىسى ئوغلىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن بارغانسېرى رايى يېنىپ كەتكەن.

ئىككىنچى باب

## لاياقەتسىز ئوقۇغۇچى

ۋىنستون چېرچىل يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى، ئاسكوت ئاقسۆڭەك پەرزەنتلەر مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى. بۇ مەخسۇس ئاقسۆڭەك جەمئىيىتىدىكىلەر ئۈچۈن ئېچىلغان مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇش خىراجىتى ناھايىتى يۇقىرى، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تەكەببۇر ئەنئەنىسى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىلىم يۇرتى ئىدى. ھەربىر سىنىپتا ئون ئوقۇغۇچى بولاتتى، ئەينى چاغدا كەم ئۇچرايدىغان ئېلېكتىر چىراغ ئىشلىتىلەتتى. مەكتەپ قورۇسىدا ھەشەمەتلىك ياسالغان سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى، كەڭرى پۇتبول مەيدانى ۋە كالتەك توپ مەيدانى بار ئىدى. ھەر پەسىلدە ئۈچ قېتىم مەكتەپ بويىچە دالا زىياپىتى ئۆتكۈزۈلەتتى. ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى ماگىستىر، بۇرجەكلىك شىلەپە كىيىپ سۇرلۇك، سالاپەتلىك يۇرۇشەتتى. مەكتەپنىڭ بارلىق ئەسلىھەلىرىنىڭ سۈپىتى ناھايىتى ياخشى ئىدى.

نويابىرنىڭ مەلۇم بىر كۈنى گۇگۇم مەھەلدە، ئاپىسى ۋىنستوننى مەكتەپكە ئاپاردى. بىر ئوقۇتقۇچى ئۇنى سىنىپقا باشلاپ كىردى-دە، ھەرپ شەكلى ئوخشىمايدىغان ھەر خىل خەتلەر بېسىلغان نېپىز يېشىل تاشلىق بىر كىتابنى ئالدى ۋە:

— ئىلگىرى لاتىن يېزىقىنى ئۆگەنگەنمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆگەنمىگەن، ئەپەندى.

www.uyghurkitap.com

— بۇ لاتىن گراماتىكىسى، — دېدى ئوقۇتقۇچى كىتابنى ۋاراقلاپ، — بۇنى چوقۇم ئۆگىنىشىڭ كېرەك. مەن بىرىنچى سائەتتىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، قانچىلىك ئۆگەنگەنلىكىڭنى تەكشۈرىمەن.

ئوقۇتقۇچى چىقىپ كەتتى، ۋىنستون يالغۇز ئۆزى سىنىپتا قالدى. ئۇ ئەتراپىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، ئارقىدىنلا ھەممە نەرسە ناتونۇش، كۆڭۈلسىز بىلىنىپ، ئىچىگە سەل قورقۇنچ كىرىۋالدى. ئائىلىسىدە بولسا كۆپ ۋاقىتلىرىنى تەربىيىچىسى بىلەن بىللە بالىلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئۆيىدە ئۆتكۈزەتتى. ئۇ يەردە زامانىۋىلاشقان ئاپتوماتىك ماشىنا، پروييېكسىيە ئاپپاراتى، يەنە تېخى بىر مۇنچە ھەربىي قورال-ياراغلارغا ئوخشاش ئاجايىپ-غارايىپ ئويۇنچۇقلار بار ئىدى. ئەمدى بۇ يەردە دەرستىن باشقا ھېچنەرسە يوق، ھەر كۈنى يەتتە-سەككىز سائەت دەرس ئوقۇشقا، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرخىل تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىشقا توغرا كېلەتتى. ئىشقىلىپ كۈنلەر ناھايىتى جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۆتەتتى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىردى:

— ئۆگىنىپ بولدۇڭمۇ؟

— ئوقۇيالايدىغان بولدۇم، — چېرچىل ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەي بىر يولىلا ئوقۇپ بەردى، ئاندىن يۈرەكلىك ھالدا، — ئەپەندى، بۇ ھەرپلەرنى قوشۇپ ئوقۇسا نېمە مەنە بىلدۈرىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنىڭ مەنىسى ئۈستەل دېگەن بولىدۇ.

— نېمىشقا بۇ ھەرپلەرنى قوشۇپ ئۈستەل دەيمىز؟

— ئۈستەل بولغاندىكىن ئۈستەل-دە. يەنە چۈشەنمىگەن بولساڭ، ئۈستەلدىن سوراپ باق، ئۇنى نېمىشقا ئۈستەل دەيدىكەنمىز! — دېدى ئوقۇتقۇچى تېرىكىپ.

— لېكىن، مەن ئەزەلدىن بۇنداق قىلىپ باقمىغان، —

چىرچىل ھەيران قالغان ھالدا بۇ گەپنى پوسۇققىدە ئاغزىدىن چىقىرىپ قويدى.

— ئەگەر يەنە مۇشۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلىدىغان بولساڭ جازالىنىسەن، قاتتىق جازاغا تارتىلىسەن، ئۇقتۇڭمۇ؟

مانا بۇ ۋىنستون چىرچىلنىڭ تۇنجى قېتىم لاتىن يېزىقى بىلەن ئۇچرىشىشى، شۇنداقلا ئاقسۆڭەك پەرزەنتلەر مەكتىپىنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم بىلىشى ئىدى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە چىرچىل: «ئۇلارنىڭ شەپقەتسىزلىكى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى تەسىس قىلغان ھەرقانداق بىر ئەخلاق تۈزىتىش ئورنىدىكى چىداشلىق بەرگىلى بولىدىغان جازادىنمۇ يامان» دەپ يازغانىدى. مەكتەپ ئايدا كەم دېگەندە ئىككى-ئۈچ قېتىم پۈتكۈل ئوقۇغۇچىلارنى كۇتۇپخانىغا يىغاتتى. ئىككى سىنىپ ئىشلىقى خاتالىق ئۆتكۈزگەن بىر ياكى ئىككى ئوقۇغۇچىنى سۆرىگىنىچە ياندىكى ئۆيگە ئەكىرىپ، تاكى قان چىققۇچە ئۇراتتى، قالغان ئوقۇغۇچىلار ئۆز ساۋاقداشلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق نالە-پەريادلىرىنى ئاڭلاپ غال-غال تىترىگىنىچە جىم ئولتۇراتتى. بۇ مايمۇنغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن توخۇنى بوغۇزلاش ئىدى. كىشىنى تېخىمۇ زېرىكتۈرىدىغىنى، مەكتەپ چىركاۋىدا دائىم دېگۈدەك خىلمۇ خىل دىنىي مۇراسىملار ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. چىرچىلنىڭ تەربىيىچىسى ئېۋېرېست خانىم رىم پاپاسىغا كۈچلۈك قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتقان ئايال بولۇپ، قائىدە-يوسۇنلارغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، يېڭىلىق ياراتقۇچىلار دىنىي جەمئىيىتىگە مەنسۇپ ئىدى. ئۇنىڭ ياسالما دىنىي مۇراسىملارنى ئۆچ كۆرۈشى چىرچىلغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا روھىي جەھەتتىن قىلچە تەسەللىي تاپماي، بەلكى باشقا بىر جەھەتتىن يەنى ئۆرپ-ئادەت قوراللىرىنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىدى.

ۋىنستون ئائىلىسىدە ئەركىن بولۇپ، كىچىكىدىن باشلاپلا چېچىلاڭغۇلۇقنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغانىدى. شۇڭا ئۇ مەكتەپتە بەكلا قورۇنۇپ يۈردى. مەكتەپ باشلىقى ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەمەس، ئۇلارنى باشقۇرۇشقىلا كۆڭۈل بۆلەتتى. بۇ چاغدا ۋىنستون سەل چاغلىقلى بولمايدىغان جاھىللىقى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى، يەنى پېداگوگلار بىر مۇنچە باش قاتۇرۇپ يولغا قويغان بىر يۈرۈش قائىدە-تۈزۈملەرگە رىئايە قىلمىدى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي گەپ ئاڭلىمىغانلىقى ئۈچۈن قامچا يېدى. ئۇنىڭ ئۆتى يېرىلغۇدەك ئاچچىقى كەلدى. خېلى ئۇزۇن يىللارغىچە بۇ مەكتەپكە، ئۆزىنى ئۇرغان ئوقۇتقۇچىغا كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلاپ يۈردى. ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرى ئاسكوتقا كېلىپ رەقىبلىرىدىن ھېساب-كىتاب ئالماقچى بولغانىدى، ئەمما شۇ چاغدا ئۇ مەكتەپنىڭ باشلىقى ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن، مەكتەپمۇ تاقىلىپ كەتكەنىدى.

ئاسكوتتىكى تۇرمۇش ۋىنستوننىڭ سالامەتلىكىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئەسلىمىسىدە مۇنداق يازغانىدى:

«مەن ئۇ يەردە ئىككى يىلدىن كۆپرەك خاتىرجەمسىز تۇرمۇش كەچۈردۈم. مېنىڭ دەرسلەردىن ئالغان پايدام ئىنتايىن ئاز بولدى. مەن كۈندە ھەر بىر ئوقۇش مەۋسۇمىنىڭ ئاخىرلىشىشىنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتەتتىم، كۈنلەرنى ھېسابلاپ كېتەتتىم. ئادەمنى بىزار قىلىدىغان بۇنداق قۇللۇق تۇرمۇشتىن قاچان قۇتۇلۇپ ئۆيۈمگە كېتەرمەن، باللار كۆڭۈل ئېچىش ئۆيىنىڭ پولىغا ھەرخىل ئويۇنچۇق قوراللارنى ۋە ئەسكەرلەرنى تىزىپ كىچىك جەڭ مەيدانلىرىنى ياسارمەن، دەپ ئارزۇ قىلاتتىم. شۇ چاغلاردا مەن دەرستىن سىرتقى كىتابلارنى ئوقۇشقا بەكلا قىزىقاتتىم. توققۇز ياش چېغىمدا، دادام ماڭا

«تربئاسۇرى ئاربلى» (گۆھەر ئارال) دېگەن كىتابنى ئېلىپ بەرگەن، مەن ئۇنى قولۇمدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ چىققانىدىم. مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار مېنىڭ ھەممىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىمنى ھەم بالدۇر يېتىلگەنلىكىمنى كۆرۈپ يەتكەنىدى، ئوقۇغان كىتابلىرىم ئۆزۈمنىڭ يېشىغا ماس كەلمەيتتى، ئەمما مەن سىنىپ بويىچە نەتىجىسى ئەڭ ناچار ئوقۇغۇچى ئىدىم. شۇڭا ئۇلار ماڭا قاتتىق ئاچچىقى بولغاچقا، خىلمۇ خىل زورلۇق ۋاسىتىلەرنى قوللانغانىدى، لېكىن مەن قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۆز سەنئىمگە دەسسەپ يۈرۈۋەردىم، خەقلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ھەرگىز كۆنمىدىم!»

ۋىنستوننىڭ سالامەتلىكى كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلاپ كەتكەچكە، ئائىلە دوختۇرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، برىگتون (لوندوننىڭ جەنۇبىغا ئەللىك ئىنگلىز لىسى يىراقلىقتىكى جاي) دىكى تەييارلىق مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى. بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى ئاسكوتتىكى مەكتەپنىڭكىگە زادى ئوخشىمايتتى. شۇڭا ۋىنستون تەرتىپ-ئىنتىزامدا بۇرۇنقىدەك ناچار بولسىمۇ، بىرەر قېتىم تەن جازاسىغا ئۇچراپ باقمىدى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، برىگتوندىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋىنستوننى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئىنتايىن جاھىل، تەرتىپ - ئىنتىزامغا زادى رىئايە قىلمايدىغان ئوقۇغۇچى ئىدى. ۋىنستون بۇ مەكتەپتە فىرانسۇز تىلى، تارىخ ئۆگەندى. نۇرغۇن شېئىرلارنى يادلىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىۋالدى. ئۇ بولۇپمۇ ئات مىنىشنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى.»

كەپسىز ۋىنستون برىگتوندا ئۈچ يىل ئوقۇدى، ئەسلى ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرا مەكتىپىدە داۋاملىق ئوقۇشى كېرەك ئىدى. ئەنگلىيىنىڭ كونا قائىدىسىگە ئاساسەن، ئاقسۆڭەك ۋە چوڭ بۇرژۇئازلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇنىۋېرسىتېتلارغا كىرىپ

ئۆز بىلىمىنى تاكامۇللاشتۇرۇشقا ئاساس سېلىنىش ئۈچۈن مەخسۇس ياتاقلىق مەكتەپلەردە تەربىيە ئالاتتى. بۇنداق مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئەنگلىيىنىڭ ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىدىن كېلىپ چىققان باللار ئىدى. ئەنگلىيىدە ئۇزاق زامانلاردىن بېرى باي-خوجاملارنىڭ پەرزەنتلىرى مەخسۇس ئاقسۆڭەكلەر مەكتىپىگە تەقسىم قىلىناتتى. ۋىنستون ئېتوندىكى ئاقسۆڭەكلەر مەكتىپىگە تەقسىم قىلىندى، لېكىن ئېتونغا بارمىدى، ئاخىر خارروۋدىكى ئاقسۆڭەكلەر مەكتىپىگە ئەۋەتىلدى. ئۇنىڭ بىئوگرافىك يازغۇچىسى: «بۇنىڭ سەۋەبى: ئېتون پەسلىككە جايلاشقان، خارروۋ بولسا ئېگىزلىككە جايلاشقان. خارروۋنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى تېنى ئاجىزلاپ كەتكەن ۋىنسونغا پايدىلىق ئىدى. بىراق، ھاۋارايى ئامىلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ۋىنستوننىڭ شوخلۇقى دەرسنى ياخشى ئۆگىنەلمەسلىكىدىمۇ ئاساسلىق بىر سەۋەب بولدى.»

ۋىنستون خارروۋدا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى ھەسرەت-نادامەت ۋە غەمكىن كەيپىيات بىلەن ئەسكە ئالىدۇ. ئۇ بۇ مەكتەپكە كىرىپ ئىمتىھان ئېلىنىش بىلەن تەڭ بىر مۇنچە ئاۋارىگەرچىلىكلەرگە ئۇچرايدۇ. «مەن ئەمدى 12 ياشقا كىرگەن چېغىمدىلا شەپقەتسىز ئىمتىھان مەيدانىغا قەدەم قويدۇم، بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئازاب بولدى»، دەپ يازىدۇ ئۇ. «مەن تارىخ ۋە ئىنگلىز تىلىدىن ئىمتىھانغا قاتنىشىشنى خالايتتىم. ئەمما ئاساسلىق ئىمتىھانلاردىن لاتىن تىلى بىلەن ماتېماتىكىغىلا ئەھمىيەت بېرىلەتتى. لېكىن، بۇ ئىككى دەرسكە مەن قانائەتلەنگۈدەك جاۋابمۇ بېرەلمەيتتىم». مەكتەپنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار چوقۇم لاتىن تىلىدا بىر پارچە ماقالە يېزىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ ئىككى سائەت ئىچىدە ئىمتىھان قەغىزىگە بىرلا خەت يېزىپ،

ئۇنى كىچىك تىرناق ئىچىگە ئېلىپ قويدى، ئاندىن قېنىق قىلىپ بىر نەچچە چېكىت قويۇپ قويدى. بۇ ھەممىنى يازالايمەن دېگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. ماتېماتىكا ئىمتىھانىدا نەتىجىسىگە ئېرىشەلمىگەن، لاتىن تىلىدا نۆل ئالغان بولسىمۇ، ئەمما مەكتەپ ئۇنى دادىسىنىڭ يۈزىنى قىلىپ، مەكتەپكە قوبۇل قىلدى ۋە تۆتىنچى يىللىقلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئەڭ ناچار بولغان سىنىپقا تەقسىم قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ۋىنستوننىڭ نامى پۈر كېتىپ، پۈتۈن مەكتەپتىكىلەر ئۇنى ئارقىدىن سانىغاندا تۆتىنچى، دەپ زاڭلىق قىلىشتى.

خاروۋ مەكتىپىنىڭ يوقلىما قىلىش ئادىتى ئېتوننىڭكىگە ئوخشىمايتتى. ئېتون مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىر يەردە توپلىشىپ تۇراتتى، ئوقۇتقۇچى كىمنىڭ ئىسمىنى چاقىرسا، شۇ شىلەپىسىنى بېشىدىن كۆتۈرۈپ قوياتتى. خاروۋ مەكتىپىدە بولسا، ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش نەتىجىسى بويىچە ئۆزئۆن سەپ بولۇپ تىزىلاتتى. ئاندىن ئۇلار «بار» دېگىنىچە يوقلىما قىلغان ئوقۇتقۇچىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى. شۇنداق بولغاندا، ۋىنستوننىڭ ئورنىنىڭ ناھايىتى تۆۋەن ئىكەنلىكى بىلىنىپ قالاتتى. 1887-يىلى، ۋىنستوننىڭ دادىسى تۆرە راندولف چېرچىل تۆۋەن پالاتانىڭ باشلىقلىق ۋە مالىيە ۋەزىرلىك خىزمىتىدىن يېڭىلا ئىستىپا بەرگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، يەنىلا سىياسىي پائالىيەتلەرنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. بىر كۈنى، كۆپلىگەن كىشىلەر خاروۋ مەكتىپىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا كەلگەن، ئۇلار يوقلىما قىلىنىۋاتقاندا ۋىنستون چېرچىلنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئوقۇتقۇچىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۇسۇرلىشىپ كەتكەن ۋە: «قاراڭلار، ئۇ تۆرە راندولفنىڭ بالىسى، سەپنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكىسى ئىكەن!» دەپ مەسخىرە قىلغان.

ۋىنستوننىڭ خاروۋ مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا

www.uyghurkitap.com

ئۆگىنىش نەتىجىسى بەكلا ناچار ئىدى. دائىم ئىمتىھانلاردىن ئۆتەلمەيتتى. كلاسسىك تىل مەزكۇر مەكتەپتە ئاساسلىق دەرس ھېسابلانسىمۇ، ئۇ لاتىن يېزىقىنى جاھىللىق قىلىپ ئۆگەنمىدى. ئىشقىلىپ، بۇ دەرسكە قىلچىلىك قىزىقمىغان ياكى ئۇنى زادى ئۆگىنەلمىگەنلىكتىن ۋىنستون ئوقۇشتا نەتىجە قازىنالماي، كېيىن ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى. دېمىسىمۇ ئۇ مەكتەپ بويىچە ئەڭ ناچار ئوقۇغۇچى ئىدى. كىشىلەر ئۇنى دۆت، ئىقتىدارسىز ھېسابلايتتى. بىراق، ئۇنىڭ زامانداشلىرى ۋە بىئوگرافىيە يازغۇچىسى بىردەك ھالدا «ئۆگىنىشلەردە ئارقىدا قېلىشى ۋىنستوننىڭ قاتتىق جاھىللىقىدىن بولغان» دېگەن قاراشتا چىڭ تۇراتتى. ئۇ خارروۋدا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ئۇنىڭمۇ دادىسىغا ئوخشاش خاتىرىسىنىڭ ئاجايىپ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى خەقلەر بايقاپ قالغانىدى. ئۇ بىر قېتىم ماكاۋلېينىڭ قەدىمكى رىم توغرىسىدا يازغان 1200 قۇرلۇق كىتابىنى قىلچە خاتاسىز يادقا ئوقۇپ، ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن ساۋاقداشلىرىنى ھەيرانۇ ھەس قالدۇرغان. ئۇ يەنە شېكسپېر دراممىلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ بىر مۇنچە سۆزلىرىنى يادقا بىلەتتى، شۇڭا ئوقۇتقۇچىلىرى «ئوتېللو» ياكى «خاملېت» دىن خاتا نەقىل كەلتۈرۈپ قويسا، شۇ جايىنىڭ ئۆزىدىلا قىلچە ئىككىلەنمەي تۈزىتىش بېرەتتى. بىر كۈنى مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش قىلىپ: «چېرچىل مەن سەندىن بەكلا نارازى، بۇنىڭغا تولۇق دەلىل-ئىسپاتلىرىم بار» دېگەن. ۋىنستون چېرچىلمۇ دەرھال: «مەنمۇ ئەپەندى سىزدىن بەكلا نارازى، بۇنىڭغا مېنىڭمۇ تولۇق دەلىل-ئىسپاتلىرىم بار» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ۋىنستون كونا ئادىتىنى ئۆزگەرتمىدى، ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىلا يامان بولۇپ قالماستىن، بەلكى تەرتىپ-ئىنتىزامدىمۇ ناچار ئىدى. مەيلى ئوقۇتقۇچى ياكى

ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى بىكىتكەن قائىدە-نىزاملارغا ۋىنستونلا ئاساسەن رىئايە قىلمايتتى، بەلكى دائىم جېدەل-ماجىرا تېرىپ مۇشتلىشىپلا يۈرەتتى، ئاخىر ئۆز گۇناھىنىڭ دەردىنى تارتاتتى. مەكتەپ ئىچىدە دەريا قولتۇقىغا ئوخشاش ناھايىتى چوڭ بىر سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى بار ئىدى، سۈيى شۇنچىلىك سۈزۈك ئىدىكى، كۆلچەكنىڭ تەكتىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى، ئىككى كۆۋرۈك ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۆتەتتى. ۋىنستون دائىم سۇ ئۈزۈپ ئوينايتتى، ھارغان چاغلىرىدا كۆۋرۈككە چىقىپ ئاپتاپقا قاقلىناتتى ياكى پېچىنە-پرەنىك سېتىۋېلىپ يېگەچ سۇ ئۈزۈۋاتقانلارغا قاراپ ئولتۇراتتى. بۇنداق چاغدا قىيپالىڭاچ دوستلىرى ياكى رەقىبلىرى ئارقىسىدىن تۇيدۇرماي كېلىپ ئۇنى سۇغا ئىتتىرىۋېتەتتى.

بىر كۈنى، ئۇ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىنىڭ بويىغا كەلدى. يوغان لۆڭگىگە ئورىنىۋالغان پاكار ھەم ئاۋاق بىر ئوقۇغۇچى چوڭقۇر خىيال سۈرگىنىچە كۆلچەكنىڭ بويىدا تۇراتتى. ۋىنستون دەرھال، بۇ بايقۇشنى بىر ئەخمەق قىلمىسام، دەپ ئويلىدى-دە، قارشى تەرەپنىڭ ئېھتىياتسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى پولتۇڭگىدە سۇغا ئىتتىرىۋەتتى. بىچارە ئوقۇغۇچى سۇ ئىچىدىن غەزەپ بىلەن بېشىنى چىقاردى-دە، جېنىنىڭ بارىچە قىرغاققا قاراپ ئۈزدى. ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرگەن ۋىنستون دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپلا قاچتى، ئەمما ئالىلقاچان كېچىككەنىدى. دەرغەزەپكە كەلگەن ئوقۇغۇچى قىرغاققا چىقىپلا خۇددى قارچىغا چۈجىگە چاڭ سالغاندەك ۋىنستوننى بويىنىدىن قاماپ تۇتتى-دە، تارتىپلا سۇغا چۈشۈرۈۋەتتى. ئاندىن بېشىنى سۇغا تىقىپ بىر نەچچە يۇتۇم سۇ ئىچكۈزۈۋەتتى. ئاخىر ۋىنستون سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك شۈمشىيىپ قارشى قىرغاققا چىققاندا، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنداپ تۇرغان بىر توپ بالىلار ئۇنى ئورىۋالدى.

www.uyghurkitap.com

— سەن بۇرۇنلا جاجاڭنى تارتىشىڭ كېرەك ئىدى! — دېدى ئۇلار تەڭلا، — ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇ دېگەن 6-سىنىپتا ئوقۇيدۇ، ئىسمى ئېيمېرۇي، شۇ سىنىپنىڭ سىنىپ باشلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى چېنىقىش چېمپىيونى. بۇ قېتىم نىشاننى خاتا تاللاپ قويدۇڭ.

ۋىنستون چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك تولىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى ۋە ئارقا-ئارقىدىن ئەپۇ سورىدى. ھېلىقى ئوقۇغۇچى ئۇنىڭ يەنە ئەدىپىنى بەرمەكچى بولۇۋىدى، ۋىنستون دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ:

— مېنىڭ دادام كاتتا ئەرباب، ئۇنىڭمۇ سىنىڭدەك جۈغى كىچىك، بۇنىڭدىن كېيىن سەن چوقۇم كاتتا ئەرباب بولىسەن، — دېدى.

بۇ گەپتىن ئەتراپتىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن كىچىك ساۋاقداشلارنى بوزەك قىلمايدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەردى، شۇنداق قىلىپ بۇ ماجىرا تۈگىدى.

ۋىنستون چېرچىلنىڭ مەكتەپتىكى ئىپادىسىدىن ئاتا-ئانىسىنىڭ بەكلا بېشى قاتاتتى. دادىسى، ئوغلۇم ھەم شوخ ھەم ئەخمەق، ئەھۋالدىن قارىغاندا، قانۇن بىلەن شۇغۇللانسا ھەرگىز بولمايدۇ، ئەمدى سىياسەت بىلەن شۇغۇللانمىسا، كېيىن زادى نېمە ئىش قىلىدۇ؟ دەپ ئويلايتتى. كېيىن بىر بىئوگراف، تاسادىپىي بىر ئىش ئۇنىڭ دادىسىنىڭ بىر قارارغا كېلىشىگە ياردەم بەردى، دېگەنىدى. ۋىنستون كىچىك ئىنىسى جون بىلەن دائىم ئۇرۇش ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ 1200 قەلەي ئەسكىرى بولۇپ، ئۆز ئالدىغا چارە-تەدبىر ئويلاپ چىقىپ، «ئەسكەر» لىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا ئۇستىلىق بىلەن قوماندانلىق قىلاتتى. بىر قېتىم بالىلىرىنىڭ «ئۇرۇش» ئويناۋاتقان ئۆيىگە كىرىپ قالغان دادىسى ئەھۋالنى كۆرۈپ ۋىنستوندىن:

— چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلاي دەيسەن؟ — دەپ سورىدى.

ۋىنستون دەرھال:

— ئەسكەر بولىمەن، بۇنىمۇ مەندىن سوراپ يۈرەمسىز؟ — دەپ جاۋاب بەردى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاتا-ئانىسى بىر قارارغا كەلدى ۋە خارروۋدىكى ئوقۇشى بىر قانچە يىل قالغاندا ئۇنى ھەربىي مەكتەپنىڭ تەييارلىق سىنىپىغا ئوقۇشقا بەردى.

ۋىنستون مەقسەتلىك ھالدا تەييارلىق قىلدى، ئەمما ئەنگلىيىدىكى داڭلىق ساند خۇرست ھەربىي مەكتىپىگە ئىككى قېتىم ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملىتىپ، ھەر ئىككى قېتىملىق ئىمتىھاندا ئۆتەلمىدى. 2-قېتىم ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەندە، ئاتا-ئانىسى ئۇنى ساندخۇرست ھەربىي مەكتىپىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن كەسكىن تەدبىر قوللىنىش قارارىغا كەلدى. ۋىنستون خارروۋدىكى مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئاتا-ئانىسى ئۇنى شۇ چاغدا بىر ئالاھىدە مەكتەپنى باشقۇرىدىغان كاپىتان جامېسقا تاپشۇردى. بۇ بىر تەييارلىق مەكتىپى بولۇپ، بىلىم ۋە قابىلىيىتى يېتەرسىز ياشلارنىڭ ئەپلەپ-سەپلەپ ھەربىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىشىغا ياردەم قىلىدىغان ئورۇن ئىدى. ۋىنستون چېرچىل شۇ كۈنلىرىنى ئەسلەپ «ئاڭلىشىمچە، ئادەم ئۈچىغا چىققان گوموش بولمىسىلا، بۇ يەردىن ھەربىي مەكتەپكە كىرىشكە ھۆددە قىلالايدىكەن» دېگەن. جامېسنىڭ مەكتىپى ھەربىي مەكتەپنىڭ ئىمتىھان بەرگۈچىلەردىن سوراش ئېھتىمالى بولغان ھەممە سوئاللارنى ئېنىق بىلەتتى، شۇڭا مەكتەپ ئۆردەك بوردىغاندەك بىر خىل ئۇسۇل بىلەن بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابلىرىنى بالىلارنىڭ كاللىسىغا قۇيۇپ قوياتتى.

لېكىن، ۋىنستون 3-قېتىم ئىمتىھان بېرىشكە جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقاندا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى. شۇ

www.uyghurkitap.com

يىلى كەچكۈز مەزگىلى، ۋىنستوننىڭ كىچىك ئاپىسى ۋېرېيرن خانىم بۆرنېمۇتتىكى چوڭ، ئازادە داچىسىنى چېرچىللارنىڭ ئائىلىسىگە قىشنى ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئۈچۈن بېرىپ تۇرغانىدى. بۇ يەردە 40-50 ئىنگلىز موسى كېلىدىغان ئورمانلىق نىڭ يارغىچە سوزۇلۇپ باراتتى، تۆۋەن تەرەپتە ئەنگلىيە بۇغىزىنىڭ تەپتەكشى سايازلىقى بار ئىدى. بۇ قاقاسلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئويمانلىق بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 50 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان بىر ئاددىي كۆۋرۈك ئۇستىدىن كېسىپ ئۆتەتتى. شۇ يىلى ۋىنستون 18 ياشتا بولۇپ، بۇ يەردە قىشلىق تەتىلنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. بىر كۈنى ئۇ 12 ياشلىق ئىنىسى ۋە 14 ياشلىق بىر نەۋرە ئىنىسى بىلەن قوغلاشماق ئوينايدۇ. 20 مىنۇتتىن كېيىن ئىنىلىرى ۋىنستوننى قوغلاپ يېتىشۇۋالاي دەپ قالىدۇ، ئۇ ھېرىپ كەتكىنىدىن ھاسىراپ دەم ئالالمايلا قالىدۇ. ئاخىر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولىدۇ. لېكىن، ئەمدى كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىشىگە، ئىنىلىرىنىڭ تۇيدۇرماي كۆۋرۈكنىڭ ئىككى بېشىغا كېلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ-دە، قېچىپ قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمەي ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ قالىدۇ. ئەمدى ئۇلارغا ئەسىر چۈشمەكتىن باشقا ئامال قالمايدۇ. شۇ جىددىي ئەھۋالدا ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر ئوي كېچىدۇ. كۆۋرۈكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئويمانلىقتا بۈككىدە ئۆسكەن شەمشاد دەرەخلىرىنىڭ ئۇچى كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا تېگەي دەپ قالغانىدى، مانا شۇ شەمشاد دەرىخىنىڭ شاخلىرىغا ئېسىلىپ تۆۋەنگە سەكرىسىلا ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلغىلى بولاتتى. نەتىجىدە، ئۇ قاتتىق يېڭىلىشىدۇ، تەمتىرەپ كېتىپ 29 ئىنگلىز چىسى چوڭقۇرلۇقتىكى جىراغا يىقىلىپ چۈشۈپ پۇتى سۇنۇپ، يۈز-كۆزلىرى يېرىلىدۇ، ئۈچ كۈن ئۆتكەندە سېزىمى ئاران ئەسلىگە كېلىدۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاپىسى ئالدىراپ-تېنەپ قونقۇزۇش

ماشىنىسى بىلەن ئوغلىنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۈچ ئاي كۆڭۈل قويۇپ داۋالاش ئارقىلىق ۋىنستون ئاران دېگەندە كارىۋاتتىن پەسكە چۈشەلەيدىغان بولىدۇ. راندولف چېرچىلنىڭ ئىچى قارا سىياسىي رەقىبلىرى «ئاڭلىساق، راندولفنىڭ ئوغلى داھىيغا ئەگىشىش ئويۇنى ئويناپتۇ، كىم بىلىدۇ، راندولفنىڭ ئۆزىمۇ ئوغلىغا ئوخشاش چوڭقۇر جىلغىغا چۈشۈپ كېتەمدۇ تېخى!» دېيىشىدۇ.

ۋىنستون داۋالىنىۋاتقان مەزگىللىرى ئاتا-ئانىسى بىلەن بىللە تۇردى، بۇ جەرياندا يۇقىرى قاتلامدىكى كۆپلىگەن سىياسىي ئەربابلارنى كۆردى. ئۇلار چېرچىل ئائىلىسىنىڭ دائىملىق مېھمانلىرى ئىدى، دائىم دېگۈدەك سىياسىي مەسىلىلەر توغرۇلۇق سۆزلىشەتتى. شۇنداق قىلىپ، ۋىنستون سىياسىي ئىشلارغا ئانچە-مۇنچە قىزىقىدىغان بوپقالدى. يارىسى ساقايغاندىن كېيىن، دائىم تۆۋەن پالاتىغا بېرىپ يىغىن ئاڭلىدى، ئۇ يەردىكى بەس-مۇنازىرىلەرگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى. دادىسىنىڭ خەقلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىمايدىغان ئورنى توغرۇلۇق مۇلاھىزە قىلدى. ۋىنستون تۆۋەن پالاتىدا ئاڭلىغان بەزى گەپ-سۆزلەر ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ سالىسبۇرى ھۆكۈمىتىدىكى خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەنلىكىنى بىر پاجىئە، تۈزەتكىلى بولمايدىغان بىر خاتالىق دەپ ھېسابلىدى. ياش ۋىنستون كۆڭلەرنىڭ بىرىدە، دادىسىنىڭ سىياسىي مۇنبەرگە چىقىشىنى، ئۆزىنىڭمۇ دادىسىغا ئەگىشىپ سىياسىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىنى، شۇنىڭدەك دادىسىنىڭ بارلىق كۈرەشلىرىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ۋىنستون چېرچىل سەللىمازا ساقايغاندىن كېيىن كاپىتان جامېستىدىن داۋاملىق ئۆگەندى. ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنى ئۆگەتكەندىن كېيىن ساندخۇرست ھەربىي مەكتىپىگە 3-قېتىم

ئىمتىھان بەردى. ئاخىر 1893-يىلى ئاۋغۇستتا مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى. ئەپسۇس، دادىسى ئارزۇ قىلغىنىدەك پىيادە ئەسكەرلەر سىنىپىغا كىرەلمىدى. كاپىتان جامىس خېلى كۆچىگەن بولسىمۇ ئامال بولمىدى. ۋىنستوننىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى ئاتلىق ئەسكەرلەر سىنىپىغا كىرىشكە مۇۋاپىق كېلەتتى. پىيادە ئەسكەرلەر سىنىپىدىكى ئوفىتسېرلىككە تەربىيىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇش خىراجىتىنى ئۆزى چىقىراتتى، ئاتلىق ئەسكەرلەر سىنىپىدا ئوقۇيدىغانلار خېلى يۇقىرى تۇرمۇش خىراجىتى چىقارغاندىن سىرت، يەنە بىر ئات، تەنتەربىيە سايمانلىرى ۋە ئوۋچىلىق قوراللىرىنى تەييارلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئاتلىق ئەسكەرلىككە ئىمتىھان بېرىشنى مەلۇم قىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قوبۇل قىلىنىش-قىلىنماسلىقىمۇ كەلگۈسىدە ئوقۇش پۇلىنى تۆلىيەلەيدىغان-تۆلىيەلمەيدىغانلىقىغا باغلىق ئىدى. ئەسلىدە دادىسى ئوغلىنىڭ پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلغان ھەمدە بۇرۇنلا 60-پىيادىلەر پولكىنىڭ كوماندىرى كىنەز كونوسكىيغا پولكىدىن ئوغلى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ئورۇننى ساقلاپ قېلىشنى تەلەپ قىلغان. كىنەزمۇ ماقۇل بولغانىدى، ئەمما ۋىنستون پىيادە ئەسكەرلەر ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي كىشىنى يەرگە قارىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن كىنەز كونوسكىيمۇ بۇ ئىشقا كۆچىيەلمىدى. شۇ سەۋەبتىن، دادىسى زەردىسى قايناپ ۋىنستونغا يازغان بىر پارچە خېتىدە: «بۇنىڭدىن كېيىن قېتىرقېنىپ ئۆگەن، بولمىسا جەمئىيەتنىڭ كېرەكسىز نەرسىسىگە ئايلىنىپ قالىسەن!» دەپ قاتتىق ئاچچىقلانغان.

شۇ يىلى يازدا، راندولف ۋىنستوننىڭ جاپاغا چىداش روھىنى يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە، ئۇنى ئىنىسى بىلەن بىللە شۋېتسارىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر خىل پىيادە ساياھەتكە

قاتناشتۇردى ھەمدە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن بىر تەنتەربىيە مۇئەللىمىنى تەكلىپ قىلدى. ئۇلار شۇيېتسارىيىدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئالىپ تېغى بىلەن جۇدا تېغىغا چىقتى. ئالىپ تېغىنىڭ ئۈستىدە كۈننىڭ چىقىشىنى، كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلدى، بۇ ئۇلاردا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇردى. ۋىنستون يېتەكچى مۇئەللىمگە بىلىندۇرمەي خەتەرلىك بولغان لائۇساننى كۆلىدە ئۈزۈپ ئوينىدى. بىر كۈنى، ئۇ يەرلىك بىر ئوغۇل بالا بىلەن قېيىق ھەيدەپ ئويناشقا كېلىشىپ قويغانىدى، شۇنىڭ بىلەن، ئىككىسى قېيىق ھەيدەپ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، ۋىنستون چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى كۆلگە تاشلاپ ئۈزۈشكە باشلىدى. بىر چاغدا، ئىككىسى شۇنچىلىك راھەتلىنىپ ئۈزۈپ ئويناۋاتقاندا، تۇيۇقسىز چىققان شامالدىن قېيىقنىڭ يەلكىنى ئېچىلىپ كەتتى -دە، قېيىق شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە مېڭىپ كەتتى. ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلگەن ۋىنستون جېنىنىڭ بارىچە قېيىقنىڭ كەينىدىن بىر كىلومېتىرچە ئۈزدى، ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن قېيىقنىڭ ئارىلىقى 50 مېتىردىن كۆپرەك قالدى. بۇ چاغدا چېرچىل بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھى ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن، يەنە ئۈزۈشكە ماجالىمۇ قالمىغانىدى. مانا مۇشۇنداق ھايات-ماماتلىق جىددىي پەيتتە: «بۈگۈن مېنىڭ ھاياتىمدىن ئايرىلىدىغان كۈن بولۇپ قالامدۇ-ھە؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ!» دېگەن ئوي چېرچىلنىڭ كاللىسىدا يالتتىدە كەچتى-دە، ھايات قىلىشقا كۈچلۈك تەلپۈنۈش روھىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، غەيرەتكە كەلدى ۋە بار كۈچىنى چىقىرىپ ئۈزۈپ، ئاخىر قېيىققا يېتىشۋالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ھەمراھى خېلى يىراقتا قالغان، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغانىدى. چېرچىل دەرھال قېيىقنىڭ بېشىنى بۇراپ، سۇ ئىچىدە ھاياتى قىل ئۈستىدە قالغان ھەمراھىنى قۇتقۇلدۇرۇۋالدى. ۋىنستون

چىرچىل 30 يىلدىن كېيىن ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى بويىچە كاتتا ئەربابلاردىن بىرى بولۇپ قالغاندىمۇ بۇ ئىش خىيالىغا كەچسىلا يۈرىكى بىر خىل قورقۇنچتىن دۇپۇلدەپ: «شۇ قېتىم جېنىمدىن ئايرىلىشقا تاس قالدىم، ئەگەر خۇدا تۈن پاناھىدا ساقلىمىغان بولسا، مەن مەڭگۈ خرۇستال ئۆردىسىغا بەنت قىلىنىپ كەتكەن بولاتتىم» دېگەنىدى.

ۋىنستون چىرچىل ساندخۇرست ھەربىي مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن، بىر خىل ئازاب، تەشۋىشلەردىن پۈتۈنلەي خالىي بولدى. بۇ مەكتەپتە خارروۋدىكى مەكتەپتەك كىشىنى بىزار قىلىدىغان لاتىن يېزىقى، گرېتسىيە يېزىقى ۋە باشقا دەرسلەر يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ شتاب ئوفىتسېرى ئىنىستىتۇتى ئەمەس، بەلكى ئوقۇش ۋاقتى 18 ئايدا تاماملىنىدىغان ئاتلىق ئەسكەرلەر مەكتىپى ئىدى. ئات بەيگىسى مەيدانىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مەشىققە چىرچىل بەكلا قىزىقىپ قالدى. ئۇ كۆپ يىللاردىن بېرى ئات ئۈستىدە قارىغا ئېلىشقا بەكلا ئىشتىياق باغلىغان، بوۋىسى جون چىرچىل يەنى مالبورونىڭ بىرىنچى ئەۋلاد كىنەزىگە ئوخشاش ھاياتىنى جەڭ ئىچىدە ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى. دۇنيادا ھېلىغىچە كەڭ-كۆلەملىك ئۇرۇشنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن، كارامىتىنى بىر كۆرسىتىپ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئىمكانىيەتكە نائىل بولالمايۋاتقانلىقى، كەلگۈسىدىكى بۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر ئوفىتسېرىنى بىئارام قىلىۋاتقان بىردىنبىر ئىش ئىدى. ئۇ كۇنلەرنىڭ بىرىدە ھىندىستان ياكى ئافرىقىغا بېرىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشنى، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ۋەزىرى ۋە قوماندانى كاۋېنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ بىردىنلا يۇقىرى كۆتۈرۈلگىنىگە ئوخشاش، ئەڭ ئالىي قوماندانلىق ئورنىغا چىقىپ، قۇدرەتلىك قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىشنى، شۇنىڭ بىلەن ۋىنستون چىرچىل دېگەن مۇبارەك ئىسمىنىڭ بۈيۈك

بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ خاتىرە تېشىغا مەڭگۈلۈك ئويۇلۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

ۋىنستون چېرچىل ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرى دادىسىنىڭ سالامەتلىكى كۈندىن-كۈنگە يامانلىشىپ كەتتى. ئاخىر 1895-يىلى 24-يانۋاردا، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 46 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. دادىسىنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بولدى. ئۇ شۇ يىلى ئىيۇلدا، يەنە بىر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىدى. ھاياتىدا خۇددى ئۆز ئانىسىدەك مېھىر بەرگەن تەربىيىچىسى ئېۋېرېست خانىممۇ ئۆلۈپ كەتتى. شۇ چاغدىلا ۋىنستون ئەقلىنى تاپتى. ئۇ دادىسىغا ئوخشاش چوڭ بىر ھىماتچىسىدىن ئايرىلغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، ئۆز يولىنى ئۆزى تېپىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. ساندخۇرست ھەربىي مەكتىپىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئىمتىھان نەتىجىسى ئوقۇش پۈتتۈرگەن بىر يۈز ئەللىك ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە سەككىزىنچى قاتارغا ئۆتتى. بۇ ۋىنستون چېرچىل ئۈچۈن ئېيتقاندا، چوڭ ئىلگىرىلەش ھېسابلىناتتى.

ئۇ، ئاتلىق ئەسكەرلەر سىنىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ماھارەت كۆرسىتىدىغان ئورۇن كۈچلۈك جەڭگىۋارلىقا ئىگە 4-قىسىم ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندى. ئاپىسى ئوغلىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆپ ماڭدى، ئاخىر ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى كىنەز كامبرىج بىلەن پولىك كاماندىرى برابازون ۋىنستوننىڭ 8-قىسىمدا ۋەزىپە ئۆتۈشىگە قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ياش لېيتېنانت ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىك ھاياتىنى باشلىدى. ۋىنستون ياش چېغىدىكى ئەسلىمىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «ئۆتكەن شۇ كۈنلىرىمنى ئېسىمگە ئالسام، بىزگە ياشاش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلغان تەڭدىشى يوق تەڭرىمگە ئىختىيارسىز چىن كۆڭلۈمدىن

www.uyghurkitap.com

تەشەككۇر ئېيتىمەن. يىللارنىڭ ھەممىسى خەيرلىك، مەيلى ئۇنىڭدا ئەگرى-توقايلىق، گۈللىنىش بىلەن زاۋاللىق، خەۋپ-خەتەر بىلەن ئوڭۇشلۇق بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەڭگۈ تىرىكچىلىكنىڭ تۈيغۇسى بىلەن ئۈمىد-ئارزۇنىڭ خىيالىي مەنزىرىسىدۇر، ياشلار، پۈتۈن دۇنيادىكى ياشلار، جەڭ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تارىخنىڭ مەسئۇلىيىتىنى زىممىمىزگە ئالايلى، ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بەلگىلەنگەن نىشانغا باتۇرلارچە يۈرۈش قىلايلى!»

## ئۈچىنچى باب

# ھەربىي مۇخبىر

چېرچىل ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئاتلىق ئەسكەرلەر-پولكىغا كەلگىنىگە ئۇزۇن بولمايلا، ئارمىيىدە قائىدە-يوسۇندىن چىقماي ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش كېرەكلىكىنى بىلدى، راستىنى ئېيتقاندا، مەرتىۋىسىنى دەرىجىمۇ دەرىجە ئاستا ئۆستۈرۈش ئۇ ماڭىدىغان يول ئەمەس ئىدى. ئىلگىرىلەپ ئالغا ئىلگىرىلەشنى ئۇنىڭ تەبىئىتى كۆتۈرمەيتتى. ئۇ شۆھرەت قازىنىشقا جىددىي ئىنتىلىۋاتقان، بىرەر چوڭ ھوقۇققا تېزرەك ئىگە بولۇش ئۈچۈن نەپسى تاقىلداپ كېتىۋاتقان ئادەم ئىدى.

كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە چېرچىل يازغانىدەك: «ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدە ھەربىي تەجرىبىلەرگە ئىگە بولۇش ھەمىدە رىۋايەتلەردىكىدەك تۇرمۇش كەچۈرۈش بەسى مۇشكۈل ئىكەن.» كەڭ-كۆلەملىك ئۇرۇش پارتلايدىغان بىرەر ئالامەتنىڭ يوقلۇقىدىن ئۇنىڭ بېشى قاتتى، دېمىسىمۇ بۇنداق ئۇرۇش پات ئارىدا يۈز بېرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئەقەللىسى 1895-يىلىدىكى ئەھۋاللار كىشىگە شۇنداق تەسىرات بېرەتتى. شۇ يىلى، كۇبادا ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. كۇبا خەلقىنىڭ ئىسپانىيە مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى تېز ئەۋج ئېلىپ، شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلدى. ئىسپانىيە مارشالى مارتىنېز كامپاۋ بۇيرۇققا بىنائەن قوشۇن باشلاپ كۇبا خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق

ھەرىكىتىنى باستۇرۇشقا ئاتلاندى. بۇ چاغدا، بەلگىلەنگەن بەش ئايلىق دەم ئېلىشنى ئۆتكۈزۈۋاتقان چېرچىل بۇرادىرى لېيتېنانت بارنېس بىلەن بىللە مىلتىق دورىسىنىڭ ھىدى قاپلىغان كۇباغا بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇ كىنەز مالبورونىڭ نەۋرىسى بولۇشتەك ئىمتىيازلىق ئورنى بىلەن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ۋە ئىسپانىيە دائىرىلىرىنىڭ ۋەدىسىنى ئېلىپ، ئاتاق قازىنىش مەقسىتىدە كۇبا ئالدىنقى سېپىگە كەلدى.

چېرچىل كۇباغا بېرىشتىن ئىلگىرى، لوندوندا چىقىدىغان «كۇندىلىك ھەقىقىي خەۋەرلەر گېزىتى» گە ئۆزىنىڭ قوشۇنغا ئەگىشىپ مۇخبىرلىق قىلىپ، مەزكۇر گېزىتكە ماقالە يېزىپ بېرىدىغانلىقىنى ئالايىتەن بىلدۈرگەنىدى. پۇل ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىم، ئەلۋەتتە، لېكىن ئەڭ مۇھىمى مۇخبىرلىق قىلىپ ماقالىلەرنى يېزىش ئارقىلىق دۇنياغا نامىنى چىقىرىش ئىدى. ئەينى چاغدا، كۇبادا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ ئەنگلىيە جامائەتچىلىكىنىڭ كەڭ-كۆلەملىك دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىمىغان بولسىمۇ، ئەمما چېرچىلنىڭ تەكلىپى قوبۇل قىلىندى. گېزىتخانا يازغان ھەربىر ماقالىسى ئۈچۈن بەش فوندستېرلىڭ قەلەم ھەققى بېرىشكە قوشۇلدى. بۇ چېرچىلنىڭ كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە تاپقان پۇللىرى ئالدىدا ھېچنەرسە ئەمەس ئىدى، شۇنداقتىمۇ تەجرىبىلىك مۇخبىرلارنىڭ ئالىدىغان ئادەتتىكى قەلەم ھەققىدىن ھەرگىزمۇ تۆۋەن دېگىلى بولمايتتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ مەتبۇئاتتا بىرەر نەرسىسىمۇ ئېلان قىلىنمىغانىدى، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ قىزىقارلىق ماقالىلەرنى يازالايدىغان-يازالمايدىغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. بىراق، گېزىتخانا نېمە ئۈچۈن ئاخباراتچىلىقتىن ئازراقمۇ خەۋىرى يوق ئاتلىق ئەسكەر لېيتېنانتى بىلەن توختام تۈزىدۇ؟ بۇ ھەقتە چېرچىلنىڭ بىر بىئوگرافى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «شۇنى قەتئىي مۆئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئۇنىڭ

ئىسمى بىلەن كىنەز بوۋىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى دەسلىپىدىنلا فلوت كوچىسىدىكى[1] باشقا ئىشداشلىرىنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇراتتى.»

1895-يىلى نويابىردا، چېرچىل بىلەن بارنېس پاراخوتقا ئولتۇرۇپ نيۇ-يوركقا باردى، يەنە نيۇ-يوركتىن ھاۋاناغا كەلدى. چېرچىل قىرغاققا چىقىشى بىلەنلا، بۇ يەردىكى ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەر ئۇنى مەپتۇن قىلدى. كۇبا چىرايلىق بىر ئارال دۆلىتى بولۇپ، ئىسپانىيىلىكلەر ئۇنى «غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدىكى مەرۋايىت» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ئىللىق، يامغۇر مىقدارى تولۇق، زىرائەتلىرى بۈك-باراقسان ئۆسىدىغان، يېرى مۇنبەت، مەنزىرىسى گۈزەل ئىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى چېرچىلدا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن نەپسانىيەتچىلىك نىيىتى قوزغىلىپ، بۇرادىرى بارنېسقا قىلچە يوشۇرماي: «ھەي... مۇشۇنداق بىر گۈزەل جاي قانداق قىلىپ بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتكەندۇ؟!» دېدى.

چېرچىل كۇبادا قىزغىن كۈتۈۋېلىندى. بارنېس ئىككىسى كاتتا بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلار تاتلىق ماندارىن، لىمون، ئاپېلسىنلارنى خالىغانچە يەپ، چەت ئەلنىڭ سىگارتلىرىنى بولۇشىغا چېكىپ، كۆڭۈللىرىنى خۇشۋاق ئۆتكۈزدى. چېرچىل ھۆججەت-گۇۋاھنامىلىرىنى ئىسپانىيە مۇستەملىكە دائىرىلىرىگە تاپشۇرغاندىن كېيىن، ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشۈپ كەتتى، ئۇلار بۇنى «قۇدرەتلىك بىر كونا ئىتتىپاقداش دۆلەت جىددىي پەيتتە غەيرىي رەسمىي بولسىمۇ، ئەمما ئىنتايىن مۇھىم ھەربىي ئەلچىلەر ئۈمىكى ئەۋەتتى» دەپ ھېسابلىدى. مارشال مارتىنېز كامپاۋ

① لوندون ئاخبارات ساھەسىنى كۆرسىتىدۇ.

چېرچىلنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىسپانىيىنىڭ بىر زاپاس كالونىيىسى بىلەن بىللە كۇبا ئورمانلىقىدا «تازىلاش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشىغا قوشۇلدى. بۇ كالونىيە كەڭ-كۆلەملىك ئۇرۇشقا قاتناشمىدى، ئەمما ئاتلىق ئەسكەرباش لېيتېنانت بىر قېتىم كىچىككىنە جەڭگە قاتنىشىپ قالدى. چېرچىل 30-نويابىر 21 ياشقا كىرگەن كۈنى، تۇنجى قېتىم جەڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بەردى.

29-نويابىر كەچ، چېرچىلنىڭ تۇرالغۇسى مۇداپىئەسى بولمىغان بىرانك كەنتىدە ئىدى. ئىسپانىيە دائىرىلىرى چوڭ ئەترەتنىڭ ھەرقايسى گازارمىلىرىغا تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىشنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ئىككى پولك ۋە بىر گورۇپپا چىقارغانىدى. قالغان 1700 ئادەم تەرەپ-تەرەپتە «تازىلاش» ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. 30-نويابىر تاڭ سەھەر، ئوپئوق ئەمدى سۇزۇلۇۋاتقان چاغ، چېرچىل يوتقان ئىچىدە تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى، تۇيۇقسىز مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئوقلار تەرەپ-تەرەپكە ۋىژىلداپ ئۇچۇشقا باشلىدى. ئۇ چۆچۈپ ئويغانغاندا ئىسپانىيىنىڭ بىر قانچە مۇستەملىكىچى ئەسكەرلىرى قان ئىچىدە ياتاتتى. ئۇلار ئازادلىق ئىچىدە قايتۇرما زەربە بېرىپ، بىر ئورمانلىققا كىرىۋالدى. چۈش بولاي دېگەندىمۇ ئەسكەرلەر تېخىچە ناشتا قىلمىدى. ئۇلارنىڭ قورساقلىرى ئېچىپ كەتكەنىدى. بۇ چاغدا، ئىسپانىيە قوماندانى ئەسكەرلىرىگە ھەرقايسى ئۆزلىرىنىڭ ئېتى يېنىدا يانچۇقلىرىدىكى ئوزۇقنى ياكى ئېلىۋالغان يېمەكلىكلىرىنى يېيىشنى بۇيرۇق قىلدى. قورساققا، ئۇيقۇغا ئامراق چېرچىل بىر شتاب ئوفىتسېرىدىن پىشۇرۇلغان يېرىم توخۇنى ئېلىپ تازا ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقاندا، ئورمانلىق تەرەپتىن ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ قېتىمقى ئوق ئۇنىڭغا تەگمەي بۇرنىنىڭ ئۇچىدىن «ۋىژژىدە» ئۆتۈپ كەتتى-دە، يېنىدىكى ئاتقا تەگدى ۋە شۇ زامان

بۇلدۇقلاپ قان ئېقىشقا باشلىدى. ئېنىقكى، ئات هايال ئۆتمەي ئۆلۈپ كېتەتتى. مۇستەملىكىچى ئارمىيە بىخەتەرلىكى ئۈچۈن نەرسە-كېرەكلىرىنى ئالدىراپ-تېنەپ يىغىشتۇرۇپ يۆتكەلدى. چېرچىل يېڭى قونالغۇدا بىر قانچە ئوفىتسېر بىلەن دەريا بويىغا يۇيۇنغىلى باردى، بىر چاغدا دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىدىكى كۇبا قوزغىلاڭچىلىرى يەنە ئۇلارغا قارىتىپ ئوق چىقاردى، ئاخىر ئۇلار چالا-بۇلا يۇيۇنۇپلا ئىشتانلىرىنى كۆتۈرگىنىچە بەدەر تىكىۋەتتى.

چېرچىل كۇبادا مۇستەملىكىچى ئارمىيىسىنىڭ «تازىلاش» لىرىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى. ئۇلار خۇددى كوچىدىن ئۆتكەن چاشقان ئۇر-ئۇرغا قالغاندەك، مەيلى نەگىلا بارسۇن هۇجۇم نىشانىسى بولۇپ قالدى. كۇبا خەلقى «دۈشمەن هۇجۇم قىلسا بىز چېكىنىمىز، دۈشمەن چېكىنسە بىز قوغلايمىز، دۈشمەن چارچىسا بىز پاراكەندە سالىمىز، دۈشمەن توختىسا بىز هۇجۇم قىلىمىز» دىن ئىبارەت پارتىزانلىق تاكتىكىسىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، مۇستەملىكىچى ئارمىيىنى ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالدۇرۇپ، هېچبىر هالىنى قويمىدى. مانا شۇنداق قىلىپ، چېرچىل كۇبادا ئارمىيىگە ئەگىشىپ بىر ئايدىن كۆپرەك مۇخبىرلىق قىلىپ ئەنگلىيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بارنېس ئىككىيلەن شۇ جەرياندا «باتۇرلۇق» كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئىسپانىيە قىزىل كرېست ئوردېنى بېرىلدى. چېرچىلنىڭ 1895-يىلى 13-دېكابىردىن 1896-يىلى 13-مارتقىچە «كۇندىلىك ھەقىقىي خەۋەرلەر گېزىتى» گە يېزىپ بەرگەن بەش پارچە خەۋىرى گېزىتتە ئېلان قىلىندى. ئۇ شۇ قېتىم جەڭ مەيدانلىرىنى زىيارەت قىلىپ شۆهرەت قازاندى، شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇنىڭدا يېزىقچىلىققا تېخىمۇ كۈچلۈك ھەۋەس قوزغالدى. ئاخىر ئۇ مۇخبىرلىقتىن ئىبارەت بۇ قورالغا تايىنىپ سىياسىي سەھنىگە چىقىش ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

يول ئېچىش نىيىتىگە كەلدى.

كۇبا ۋەقەسىدىن كېيىنلا ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىلىرىنى كۈندىن-كۈنگە تۇراقسىزلىنىشقا باشلىدى. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ھىندىستاندا، بولۇپمۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى كونترول قىلالمىغان شىمالدىكى رايونلاردا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى كۈندىن-كۈنگە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. 1881-يىلى، سۇداندا ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىدى، شۇ قېتىمقى ئۇرۇش مۇستەملىكىچىلەرنىڭ پاجىئەلىك مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەينى چاغدا، ئەنگلىيە ئافرىقىدا يېڭى مۇستەملىكىچىلەرنى خالىغانچە تالان-تاراج قىلىش سىياسىتى يۈرگۈزدى. بۇ بىر قاتار ۋەقەلەر لېيتېنانت چېرچىلنىڭ شۇ يىللىرىدىكى پائالىيەتلىرىنىڭ جۇغراپىيىۋىلىك دائىرىسىنى بەلگىلەپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەربىي مۇخبىرلىق ھاياتى ئۈچۈن يەنىمۇ ياخشى پۇرسەتلەر بىلەن تەمىن ئەتتى.

1896-يىلى كۈزدە، چېرچىل خىزمەت قىلىۋاتقان ئاتلىق 4-قىسىم ھىندىستانغا ئەۋەتىلىپ، بانگالوردا تۇرۇشلۇق مۇداپىئە قىسىمغا قوشۇۋېتىلدى. بۇ رايوننىڭ ھاۋاسى يېقىملىق ئىدى. چېرچىل قىسىمدا بولۇنغان ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، كۈنلىرىنى ئازادە، خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزدى. تۇرالغۇسى ئاددىي ئۆيلەر بولۇپ، قورۇسىدا چىرايلىق گۈللۈك بار ئىدى. ئات توپى ئوينايدىغان بىر قانچە شەخسىي ئاتلىرىنى ئۇنىڭ خىزمەتكارى باقاتتى. بىر خوجىدار بىلەن يەنە بىر مالاي بالا ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالاتتى. ھەر ئۈچ ئوفىتسېرنىڭ بىر نەپەر گۈل باققۇچىسى، ئۈچ نەپەر سۇ توشۇغۇچىسى، تۆت نەپەر كىر يۇغۇچىسى ۋە بىر نەپەر ئىشىك باقارى بار ئىدى. ئارمىيىدە دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن لېيتېنانتنىڭمۇ مۇشۇنچىلىك كۆپ ئادەم خىزمىتىنى قىلاتتى، مانا بۇنىڭدىن ئەنگلىيىنىڭ يۇقىرى

دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىنىڭ تۇرمۇشى قانچىلىك ھەشەمەتلىك ۋە راھەت-پاراغەتتە ئۆتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

گېزىتلەردە نامىنى چىقىرىپ، ئۆزىنى ھەممىگە تونۇتۇش ئۈچۈن مول بىلىم ۋە يۇقىرى يېزىقچىلىق ماھارىتىگە ئىگە بولۇش كېرەك. چېرچىل ئۆزىنىڭ ئالىي تەربىيە كۆرمىگەن ئادەم ئىكەنلىكىنى، شۆھرەت قازىنىش غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەزى ساھەلەردە ئەقلىي بىلىمگە ئىگە بولۇش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. شۇڭا ئاپىسىغا يازغان بىر خېتىدە ھىندىستاندىكى كۈنلىرىنىڭ «كۆڭۈلسىز، مەززىسىز» ئىكەنلىكىنى يېزىپ، تارىخ، پەلسەپە، دىن ۋە ئىقتىسادقا ئائىت كىتابلارنى ئەۋەتىپ بېرىشنى ئېيتتى. ئاپىسى خۇشال بولغان ھالدا ئېدۋارد گىببون (ئەنگلىيە تارىخچىسى)، ماكاۋلاي (ئەنگلىيىنىڭ ئىقتىسادشۇناس ۋە تارىخچىسى)، پلاتون (قەدىمكى يۇنان ئىدىئالىزملىق پولىسنىڭ ۋەكىلى)، شوپېنخاۋېر (گېرمانىيىلىك ئىدىئالىست پەيلاسوپ)، مالتۇس (ئىقتىسادشۇناس، جەمئىيەتشۇناس) ۋە دارۋىن (ئۇلۇغ ئالىم، جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنىڭ ئاساسچىسى) قاتارلىقلارنىڭ كىتابلىرىنى ئەۋەتىپ بەردى. چېرچىل كېيىن ئاپىسىغا ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىدە: «مەن نويابىردىن مايغىچە ھەر كۈنى تۆت—بەش سائەت تارىخ ۋە پەلسەپە كىتابلىرىنى ئوقۇدۇم» دەپ يازدى. چېرچىل پۈتۈن زېھنى بىلەن جاپالىق تىرىششى ئارقىلىق قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بۇ كىتابلاردىن زور مىقداردا ئوزۇق ئالدى. يەنە كېلىپ، چېرچىلدا كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئىقتىدار بولغانلىقتىن، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە مەشھۇر دۆلەت ئەشلىرى ئەربابى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۇنياغا مەشھۇر يازغۇچىغا ئايلاندى.

چېرچىل تارىخ ۋە ئەدەبىياتقا قاتتىق قىزىقاتتى. ئۇ

www.uyghurkitap.com

ماكاۋلاي، گىببون قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، بۇ تارىخچىلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلدى. گىببوننىڭ ھەشەمەتچىلىك قىلىدىغان، تېشى پال-پال ئىچى غال-غال، چىرايلىق سۆز-ئىبارىلەرگىلا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىستىلى چېرچىلنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. شۇ مەزگىللىرى چېرچىل يەنە ئەنگلىيىنىڭ ھازىرقى زامان سىياسىي تارىخىنى بىر قەدەر سىستېمىلىق تەتقىق قىلدى.

نام-شۆھرەت قازىنىشقا تاقىتى تاق بولۇۋاتقان چېرچىل جاھاننىڭ قالايمىقان بولماسلىقىدىن ئەنسىرەپ قالدى. ئۇ، قەھرىمانىنى ۋەزىيەت يارىتىدۇ، شۇڭا دەبدەبىلىك زور ئىش قىلىشقا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىنتىلىش كېرەك، دەپ قارايتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي پۇرسەتمۇ يېتىپ كەلدى. ھىندىستاننىڭ شەرقىي شىمال چېگرىسىدىكى مادىراكەند تاغ ئېغىزىغا يېقىن جايدىكى پاتانلار قەبىلىسى ئىسيان كۆتۈردى. گېنېرال بىندون بىلىد باشچىلىقىدىكى ئۈچ بىرگادادىن تەشكىللەنگەن يىراقتا جازا يۈرۈشى قىلىش ئارمىيىسى پاتانلارنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئاتلاندى. چېرچىل «بوز يەر ئاچقۇچى گېزىتى» گە ھەربىي مۇخبىر بولۇش سۈپىتى بىلەن يىراقتا يۈرۈش قىلىشقا قاتناشتى ھەمدە لوندوندا چىقىدىغان «كۇندىلىك تېلېگراما خەۋەرلىرى گېزىتى» بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، ماقالە يېزىپ بەرمەكچى بولدى. ئەمما، چېرچىلغا شۇ قېتىمقى ئارمىيىگە ئەگىشىپ يىراقتا يۈرۈش قىلىش، كۇباغا قىلغان سەپىرىگە قارىغاندا تولىمۇ مۇشەققەتلىك سەپەر بولدى. ھىندىستان قوزغىلاڭچىلىرى جان تىكىپ جەڭ قىلىپ، ئەنگلىيىلىكلەرنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. بولۇپمۇ ماماتىي جىلغىسىدىكى جەڭ چېرچىلدا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇردى.

ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايونلىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى غەلىتە، مەنزىرىسى گۈزەل ئىدى. تاغ جىلغىسىنىڭ ئىككى قاسىنىقى تىك يار بولۇپ، ئېگىزلىكى بەش — ئالتە مىڭ ئىنگلىز چىسى كېلەتتى، ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى ئىلان باغرى تاغ يولىدا ئۆمىلەپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. تاغنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بىر چوڭ دەريا ئاپئاق بۇژغۇن چاچرىتىپ شىددەت بىلەن ئاقاتتى. بۇ يەردىكى كىشىلەر ئەجدادتىن ئەۋلادقىچە تىرىكچىلىك قىلىپ، ئاۋۇپ كەلگەن يۇرتىنى چېقىلغىلى بولمايدىغان مۇقەددەس جاي ھېسابلايتتى. 1863-يىلى ئەنگلىيە مۇستەملىكە ئارمىيىسى بىناغا بېسىپ كىردى، يەرلىك خەلقلەر ئاجايىپ قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، سۆيۈملۈك يۇرتىنىڭ تاغ-دەريالىرىنى ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىغا ئايلاندۇردى. بۇ يەردىكى ھەربىر تاغ ئاھالىسى جەسۇر پالۋان، ھەربىر ئېغىز ئۆي جەڭ سېپىلى ئىدى. ھەربىر كەنت بېشىدا، ھويلا-ئارامىلاردا مۇداپىئە تاملىرى، توپ مۇنارى، مىلتىق ئاتىدىغان تۆشۈكلەر ۋە كۆزىتىش پەشتىقى، جىلغا ئوتتۇرىسىدا ئاسما كۆۋرۈك بار ئىدى. يۇرتىنى قوغداش ئۈچۈن ھەر بىر كەنت زور مىقداردا قورال-ياراغ سېتىۋالغان بولۇپ، يەنە قىلىچ، نەيزە ۋە چەت ئەلنىڭ مىلتىقى، يەرلىك زەمبىرەك قاتارلىقلارمۇ يېتەرلىك ئىدى. ئۇلار يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك پەيدا بولۇپ ۋە بىردىنلا غايىب بولۇپ، ئەھۋالغا قاراپ تېز ھەرىكەتلىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئەنگلىيىنىڭ بىر گۇرۇپپا ئەسكەرلىرىنى قورشاپ يوقىتىپلا قالماستىن، بەلكى زور سەپ تارتىپ «تازىلاش» قا كەلگەن قىسىملارغىمۇ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ ۋە دۈشمەن لاگېرىغا يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلىپ، ئەنگلىيە ئارمىيىسىگە زور دەرىجىدە تەھدىت سالدى. بىر كۈنى چېرچىل ئەگىشىپ يۈرگەن ئەنگل鳑يىنىڭ بىر تارماق ئەترىتى ماماتتې جىلغىسىدا چېدىر تىكىپ تۇرۇشىغا، تاغلىق

رايوندىكى قوزغىلاڭچى ئارمىيىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. شۇ قېتىمقى كىچىك جەڭدە نەق مەيداندىلا ئەنگلىيە ئوفىتسېر- ئەسكەرلىرىدىن 40 تىن ئوشۇق ئادەم ئۆلدى، ئۆلارنىڭ كۆپلىگەن ئات ۋە ھەربىي ئەسلىھەلىرى بۇلاپ كېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كېلىپ، تاغلىق خەلقنى خالىغانچە ئۆلتۈردى، ئۆيلىرىگە ئوت قويدى، تالان-تاراج قىلدى، سۇ مەنبەلىرىگە بۇزغۇنچىلىق سالدى. ئاقىۋەت خەلقنىڭ غەزىپى تېشىپ، قارشىلىق كۆرسىتىشى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى، ئەنگلىيە ئارمىيىسى نەگىلا بارسۇن ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىدى. شۇ قېتىمقى «تازىلاش» تا ئەنگلىيە ئارمىيىسى شۇنىڭدەك، ھىندىستان قورچاق ئارمىيىسىدىن بولۇپ جەمئىي بىر قانچە يۈز ئادەم ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى. ھەربىي مۇخبىر بولۇش سالاھىيىتى بىلەن يۈرگەن چېرچىلمۇ جېنىدىن ئايرىلىشقا تاس قالدى. ئۇ ياش چېغىدىكى بىر ئەسلىمىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «قوزغىلاڭچى ئارمىيە ئۇر، چاپ دېگىنىچە قىقاس-چوقان سېلىپ ھۇجۇم قىلغاندا، ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالدى. مەنمۇ بىر قانچە ھەمراھىم بىلەن ئۆلەر-تىرىلىشىمگە قارىماي قاچتىم. بىر چاغدا ئارقامغا قارىسام، چۇقان-سۈرەن، نالە-پەرياد ۋە قارغاپ - تىللاشلار ئەتراپنى بىر ئاپتۇ. شۇ ئەسنادا، ئارقامدا كېلىۋاتقان بەش— ئالتە ئادەم گويا قىلىپ يىقىلدى. تۆرقىدىن ئۇلارنىڭ ئىككىسى شۇ زامات جان ئۈزگەن، قالغان ئۈچەيلەن يارىدار بولغانىدى. ئوق تەگكەن بىر ئەسكەرنىڭ كۆكرىكىدىن بۇلدۇقلاپ قان چىقىشقا باشلىدى، قورسىقى يارىلانغان يەنە بىر ئەسكەر يەرنى قاماللىغىنىچە جىمىپ قالدى، يەنە بىر ئوفىتسېرنىڭ كۆزىگە ئوق تېگىپ، يۈز-كۆزى قانغا بويىلىپ كەتتى. يەر يۈزى قىپقىزىل قانغا بويالدى… بۇ نىمىدېگەن پاجىئەلىك

كۆرۈنۈش-ھە!» ئەنگلىيىنىڭ ياردەمچى قوشۇنى يېتىپ كەلگەندىلا چېرچىل خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالدى، ئاخىر 60 سائەتتىن كۆپرەك يول يۈرۈپ ئاران دېگەندە پويىزغا چىقىۋالدى ۋە رەسۋا بولغان ھالدا بانگالورغا قېچىپ كېلىۋالدى.

شۇ قېتىم چېرچىل «بىر ياش ئوفىتسېر» ئىمزاسى بىلەن يازغان بىر پارچە خەۋەرنى «كۇندىلىك تېلېگراما خەۋەرلىرى گېزىتى» بىلەن «پىشىۋالار مۇنبىرى گېزىتى» گە ئەۋەتىپ بەرگەندىن كېيىن، گېزىتخانا بىلەن كىتابخانىلارنىڭ كۈچلۈك دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى. بۇ چېرچىلنىڭ يېزىقچىلىق ھەۋىسىنى تېخىمۇ كۈچلۈك قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۇرۇش مەزگىللىرى توپلىغان ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ كىتاب يېزىشقا كىرىشتى. ئادەتتە ھەر كۈنى چۈشتە ئۇخلاش ۋە قارت ئويناشقا كېتىدىغان ئۈچ—تۆت سائەت ۋاقىتنى ئېجتىھات بىلەن يېزىقچىلىق قىلىشقا سەرپ ئەتتى. بۇ تەجرىبىسىز ئاپتور ئىككى ئاي ۋاقىت ئىچىدىلا كىتابنى يېزىپ پۈتتۈردى ۋە روزدېستۋو بايرىمىدىن كېيىنلا لوندوندا تۇرۇۋاتقان ئاپىسىغا ئەۋەتىپ بەردى، ئاپىسىمۇ ئوغلىنىڭ قىلغان ئەجرىدىن سۆيۈنۈپ، كىتابنى دەرھال بىر نەشرىياتقا بەردى. 1898-يىلى مارتتا چېرچىلنىڭ 300 بەتلىك تۇنجى ئەسىرى «1897-يىلىدىكى مادىراكەند دالا ئارمىيىسى ھەققىدە ھېكايە—چېگرا جېڭىدىكى ئۇزۇندىلەر» نەشردىن چىقتى. ئاپتورنىڭ تۈزىتىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن يەنى 1899-يىلى 2-قېتىم نەشر قىلىندى. بۇ ئىلمىي ئەمگەك ئوقۇش تارىخى ئىنتايىن ئاز، ئەمدىلا 23 ياشقا كىرگەن تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەقىقەتەن زور نەتىجە ئىدى. بۇ كىتاب چېرچىلنىڭ ئاخبارات ساھەسىدە تونۇلۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

دەل چېرچىل ئۆزىنىڭ «مېنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرىم» دېگەن كىتابىدا يازغىنىدەك، ئۇنىڭ تۇنجى كىتابى

نەشرىدىن چىققاندىن كېيىن «يېزىقچىلىق ئادىتى» يېتىلدى. ئۇ بانگالوردىكى تۇن ئۇزۇن قىش پەسلىدىكى ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ 2-كىتابىنى يېزىشقا كىرىشتى. شۇنداق قىلىپ، رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بەل باغلىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان ئوفىتسېرلار دەم ئېلىش كۈنلىرى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ئارا مەستخۇش يۈرگىنىدە، چېرچىل باش چۆكۈرۈپ يېزىقچىلىق قىلدى. ئاخىر ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە «ساۋورولا» ناملىق رومانىنى يېزىپ پۈتتۈردى. چېرچىل بۇ روماندا سوتسىيالىزمچىلار بىلەن كوممۇنىزمچىلارنى ئىنسانىيەتنىڭ «ئەڭ رەزىل» ۋەكىللىرى دەپ تەسۋىرلىدى. بۇنىڭدىن چېرچىلنىڭ ياش چېغىدىن باشلاپلا سوتسىيالىزم بىلەن كوممۇنىزمغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە بۇ ئۆچمەنلىك قارىشىدىن يانمىدى.

«ساۋورولا» نىڭ نەشرىدىن چىقىشى سىياسىي ساھە بىلەن مەدەنىيەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى. كىشىلەر بىردەك «ساۋورولا» نى بىئوگرافىيىلىك ئەسەر، شۇنداقلا ئاپتورنىڭ سىياسىي خىتابنامىسى، دەپ ھېسابلىدى. چېرچىل لاۋرانىيە دۆلىتىنى تەسۋىرلىگەندە، ئۆزى ياشىغان شۇ دەۋردىكى ئەنگلىيىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەرنى يازدى. ئاپتور ئەسەردىكى باش قەھرىمان لاۋرانىيە دۆلىتى خەلقىنىڭ رەھبىرى ساۋورولا ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلىرىنى تەسۋىرلەپ چىقتى. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ساۋورولانىڭ ئىشخانىسى دەل چېرچىلنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىشخانىسى ئىدى. ئىشخانىغا تىزىپ قويۇلغان كىتابلارنىڭ ئىچىدە كۆزگە ئەڭ تاشلىنىپ تۇرىدىغىنى يەنىلا چېرچىل ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان گىببون ۋە ماكاۋلاينىڭ

كىتابلىرى ئىدى. مانا بۇ ئاپتورنىڭ قىزىقىشى ۋە ھەۋىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئەسەردە چېرچىل باش قەھرىماننىڭ سۆزى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي مەقسىتىنى بىلدۈردى. ئەسەردىكى ساۋورولا «راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇشنى ياقتۇرمايدۇ ۋە كۈنلىرىنىڭ كۆڭۈللۈك، ئازادە ئۆتۈشىنى خالىمايدۇ. مىجەزى بەكمۇ چۇس، ئۆزى قەيسەر ئىرادىلىك، باتۇر ئادەم، كۆڭلىگە نۇرغۇن ئارزۇ-ئۇمىدلەرنى پۈككەن، ئۇنىڭ بىردىنبىر ياقتۇرىدىغىنى پاراكەندىچىلىك ئىچىدە ئۆتىدىغان ھايات. ئۇ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەك.» ساۋورولا ئۆزىنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تۇرمۇشىنىڭ بارلىق خوۋلۇقىدىن ۋاز كېچىپ، ئەڭ جاپا-مۇشەققەتلىك يوللار ئارقىلىق باتۇرلارچە ئالغا ئىلگىرىلەشكە بەل باغلىغان، مانا بۇ خىل شۆھرەتپەرەسلىك چېرچىلنىڭ ھاياتىدا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندى.

چېرچىل بۇ رومانىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن سۇدان ئۇرۇشىغا قاتنىشىش نىيىتىگە كەلدى. ئەنگلىيە سۇداننى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن كۆپ يىللاردىن بېرى تەييارلىق كۆرگەنىدى. 19-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا ئەنگلىيە مىسىرنى بېسىۋالدى، ئارقىدىنلا سۇدانغا چاڭ سالدى. لېكىن، 1881-يىلى سۇداندا مەخدى رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭ پارتلىدى. مەخدى ئۆزىنى ئاللانىڭ پانىي دۇنيادىكى ئەلچىسى، دۇنيانى قۇتقازغۇچى دەپ جاكارلىدى. ئۇ سۇدان خەلقىنىڭ ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مىللىي ئازادلىق كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلدى. شۇ قېتىمقى كۈرەش قويۇق دىنىي تۈس ئالدى. سۇدانلىقلار بىر قاتار غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، 1885-يىلى چەت ئەل ئارمىيىسىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆز دۆلىتىدىن قوغلاپ چىقاردى. كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئەنگلىيىنىڭ سۇداندا تۇرۇشلۇق باش ۋالىيسى گېنېرال

گوردونمۇ سۇدان خەلقى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. خەلق غەلىبە تەنتەنىسى قىلىپ، شاد-خۇراملىقتا چۆمدى.

مۇستەملىكىچى ئۇنسۇر گوردون 1833-يىلى ئەنگلىيىنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان بىر ئوفىتسېر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1852-يىلى قۇرۇلۇش قىسمىغا قاتنىشىپ ئۆزىنىڭ ھەربىي ھاياتىنى باشلىغانىدى. 1860-يىلى جۇڭگوغا ئەۋەتىلىپ، بېيجىڭغا ھۇجۇم قىلىش ۋە يۈەنمىڭيۈەن باغچىسىنى تالان-تاراج قىلىش، كۆيدۈرۈشتىن ئىبارەت جىنايى ھەرىكەتكە قاتناشقان، كېيىن چىڭ ئوردىسىنىڭ تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابى ھەرىكىتىنى باستۇرۇشقا يېقىندىن ماسلاشقان. 1874-يىلىدىن 1880-يىلىغىچە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ سۇدان ئېكۋاتور ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى ۋە سۇداننىڭ باش ۋالىيسى بولۇپ، دارفۇر قاتارلىق جايلاردىكى قوزغىلاڭلارنى باستۇرغان. گوردون 1882-يىلى كاپ مۇستەملىكىسىدىكى ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىپ، كۆپ قېتىملىق مۇستەملىكىچىلىك ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان. 1884-يىلى گېنېرال لېيتېنانتلىققا ئۆستۈرۈلگەن، يەنە سۇدان باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىپ، مەخدى قوزغىلىڭىنى باستۇرغان. 2-يىلى خارتۇمدىكى جەڭدە قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. گوردوننىڭ ئۆلۈمى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان. ئۇلار قانلىق جاۋابكارلىقنى ئۆز ۋەتىنىنى قوغداشقا ئاتلىنىپ، مۇستەملىكىچى تاجاۋۇزچىلارغا باتۇرلارچە قارشى كۈرەش قىلغان مەخدى قوزغىلاڭچىلىرىغا دۆڭگەپ قويغان. شۇڭا ئەنگلىيە گوردوننىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن يىللارغىچە تەييارلىق كۆرگەن. ئاخىر 1896-يىلى سۇدانغا كەڭ-كۆلەملىك ھالدا تاجاۋۇز قىلغان.

چېرچىلنىڭ بۇ قېتىم سۇدانغا كېلىشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش

ئۇچۇنلا بولماستىن، بەلكى ئۇرۇش ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىش ئىدى. ئۇ يېڭىدىن تونۇشقان دوستى — كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ «ئەتىگەنلىك پوچتا گېزىتى» خوجايىنىنىڭ ئوغلى ئولىۋېر بورتۋىك بىلەن مەزكۇر گېزىتتە سۇدان ئۇرۇشى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئېلان قىلىش توغرۇلۇق كېلىشتى. گېزىتخانىمۇ يېسىلغان ھەربىر ئىستون ماقالىگە 15 فوند ستېرلىڭ بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلدى. بۇ شۇ چاغدا خېلى يۇقىرى قەلەم ھەققى ھېسابلىناتتى. چېرچىل دەرھال ئالدىنقى سەپكە يېرىپ 1898-يىلى ئاۋغۇستتىكى ھەل قىلغۇچ جەڭگە قاتناشتى. بۇ چاغدا، قوزغىلاڭچىلار رەھبىرى مەخدى قۇربان بولغان، سۇدان ئارمىيىسىگە ئۇنىڭ ۋارىسى خەلىپە قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. سۇدان ئارمىيىسىنىڭ سانى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما قورال-ياراغ ۋە تاكتىكا جەھەتتە يەنىلا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ سەۋىيىسىدە ئىدى. ئۇلار ھەر قانچە باتۇرلۇق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىر چىش-تىرنىقىچە يېڭى تىپتىكى قورال-ياراغلار بىلەن قوراللانغان جاھانگىرلارنىڭ شەپقەتسىزلەرچە باستۇرۇشى ئاستىدا مەغلۇپ بولدى. شۇ قېتىمقى ئۇرۇش چوڭ قىرغىنچىلىق بىلەن ئاخىرلاشتى. چېرچىل سۇدان دەرۋىش ئارمىيىسىنىڭ ئومدۇرمان يېنىدىكى بىر قېتىملىق كەسكىن جەڭدە تارمار قىلىنغانلىقىنى، غالىپ كەلگۈچىلەرنىڭ جەڭ مەيدانىنى بىر قانچە قېتىم ئارىلاپ چىقىپ، يارىدار بولغان سۇدان ئەسكەرلىرىنى پۇتۇنلەي ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى يازغان. شۇ قېتىمقى شەپقەتسىزلەرچە قىرغىنچىلىق بىلەن كىچېنېرنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەنلىكىگە غەزىپى كەلگەن. ئۇ ئاپىسىغا ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىدە: «كىچېنېر گېنېرال بولۇشقا مۇناسىپ، ئەمما ئۇ مەڭگۈ مۆتىۋەر بولالمايدۇ» دەپ يازغانىدى.

www.uyghurkitap.com

چېرچىل ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىللىرى جەڭگە قاتناشتى. بۇ ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي تارىخىدا ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ پىيادە ئەسكەرلەرگە قوزغىغان بىلەن قىيتىملىق كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئەڭ شەپقەتسىز جەڭ بولدى. شۇنداقلا بۇ چېرچىل ھەربىي سەپكە قاتناشقاندىن بۇيانقى قاتناشقان كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ئەڭ كەسكىن جەڭ ئىدى. جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، چېرچىل كېمىگە ئولتۇرۇپ نىل دەرياسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قاھىرەگە كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ ئۈچىنچى ئەسىرى «نىل دەرياسىدىكى ئۇرۇش» نى يازماقچى بولدى. ئەسەر يېزىش داۋامىدا ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەربىي ھاياتى توغرىسىدا ئويلاندى. ئۇ بىرىنچى ئەۋلاد كىنەز بوۋىسىغا ئوخشاش كۈچلۈك ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈشنى ھەمدە جەڭ مەيدانلىرىدا شان-شەرەپ قۇچۇشنى ناھايىتى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما، چېرچىل ياشىغان دەۋر بوۋىسى ياشىغان دەۋرگە ئوخشىمايتتى، شۇڭا ئۇ بىرەر قىسىمغا قوماندانلىق قىلالىغۇدەك خېلى يۇقىرى ھەربىي ئۇنۋانغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇزۇن يىلغىچە قائىدە-تۈزۈمگە رىئايە قىلىپ ھەربىي تۇرمۇش كەچۈرۈش كېرەكلىكىنى، يەنە كېلىپ ئىمپېرىيىنىڭ ئەڭ چەت جايىدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتىسە بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان باشقا بىر ئۇسۇل تېپىپ چىقىشىغا توغرا كېلەتتى. بۇ ئېھتىمال مۇشەققەتلىك، ئەمما كۆزلىگەن مەقسەتكە تېخىمۇ تېز يېتىشىنىڭ چارىسى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئۆزى كۆرۈپ يەتكىنىدەك، ئاخباراتچىلىق خىزمىتى ئەينى چاغدا ئۇنىڭغا نامىنى چىقىرىش، پۇل تېپىش ئۈچۈن پايدىلىق پۇرسەت يارىتىپ بەردى. چېرچىلنىڭ بىر ئاي ئىچىدە سۇداندىن «ئەتىگەنلىك پوچتا گېزىتى» گە ئەۋەتىپ بەرگەن ماقالىلىرىنىڭ قەلەم ھەققى 300

فوندستېرلىڭدىن ئاشتى. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ئالىدىغان بىر ئايلىق مائاشى ئاران 12 يېرىم فوندستېرلىڭ ئىدى. ئاخباراتچىلىق خىزمىتى ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتىن يۇقىرى ئۆرلىشى ئۈچۈن بىر تورلۇك ۋاستىگە ئايلاندى. بەلكى ئۇمۇ سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى بارغانسېرى كۈچلۈك ئارزۇ قىلىدىغان بوپقالدى. چېرچىل ئاپىسىغا ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىدە: «مەن ئەسكەرلىك ھاياتىنى قانچىكى كۆزەتكەنسېرى بۇ خىل ھاياتنى شۇنچىلىك ياقتۇرمايدىغان بولدۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ مېنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچۇم ئەمەسلىكىگە تېخىمۇ ئىشەندىم» دەپ يازدى.

چېرچىل ئۈچىنچى رومانىنى يېزىش ئۈچۈن ئۆزى شەخسەن جەڭلەرگە قاتنىشىپلا قالماستىن، بەلكى قاھىرەدە يۈرۈپ ئۇرۇش توغرىسىدىكى خام ماتېرىياللارنى يىغدى، سۇداننىڭ مەشھۇر تارىخچىلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى ھەمدە سۇدان ئۇرۇشىنىڭ ئاكتىپ قاتناشچىلىرىدىن كۆپلىگەن ماتېرىياللارغا ئىگە بولدى. ئۇ ئەنگلىيىگە قايتىپ كېلىپلا پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب يېزىشقا كىرىشتى. جاپالىق تىرىشىپ ۋە تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر «نىل دەرياسىدىكى ئۇرۇش» نى 1899-يىلى ئۆكتەبىردە نەشردىن چىقاردى.

ئىككى توملۇق كىتاب — «نىل دەرياسىدىكى ئۇرۇش» نىڭ نەشردىن چىقىشى لوندوننىلا ئەمەس، پۈتۈن ئەنگلىيىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. بۇ 24 ياشلىق ئاپتور ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاجايىپ زور نەتىجە ھېسابلىناتتى. بۇ كىتاب چېرچىلنىڭ ئەدەبىياتتىكى تالانتىنى ۋە تارىخقا كۈچلۈك قىزىقىدىغانلىقىنى نامايان قىلدى. چېرچىل بۇ كىتابدا ئۆزىنىڭ ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقىنىلا يېزىپ قالماستىن، بەلكى ماھىيەتتە ئەنگلىيىنىڭ مىسىر بىلەن سۇداننى ئىستېلا قىلغانلىق تارىخىنى يېزىپ چىقتى، ئەسەرنىڭ تىلى جانلىق،

www.uyghurkitap.com

ماتېرىياللىرى تولۇق بولۇپ، كىشىنى جەلپ قىلاتتى.

كىتابتا چېرچىل بىر ئەنگلىيىلىك ياشتا بولۇشقا تېگىشلىك ھەققانىيەت تۇيغۇسىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىپادىلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ باشلىقى گېنېرال كىچېنېرنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ يىرگىنىشلىك ئەپت بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىدى. ئۇ كىچېنېرنىڭ مەخدىنىڭ قەبرىسىنى بۇزغانلىقى ۋە جەسەت ئۇستىخانلىرىنى ۋەھشىيلەرچە ئاياغ-ئاستى قىلغانلىقىغا غەزەپلەندى. چېرچىل كىچېنېرنىڭ قىلمىشى رەزىللىك، ۋەھشىيلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەخدىنىڭ قەبرىسىگە چوقۇنىدىغان سۇدانلىقلار ئۈچۈن چېكىدىن ئاشقان خورلۇق ئىكەنلىكى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «دىژاز خېرىبىرت كىچېنېرنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، قەبرە ئاياغ-ئاستى قىلىنىپ، تۈپتۈز قىلىۋېتىلدى. مەخدىنىڭ جەستى كولاپ چىقىرىلىپ، كاللىسى چېپىپ تاشلاندى... ئەسكەرلەر بۇ كاللىنى قىزىقارلىق ئولجا سۈپىتىدە قولدىن-قولغا ئۆتكۈزۈپ قاھىرەگە ئېلىپ كەلدى... مەخدىنىڭ پۇت-قوللىرى ۋە تېنى نىل دەرياسىغا تاشلىۋېتىلدى. مانا بۇ غالىپ كەلگۈچىلەرنىڭ مەردانىلىك ھەرىكىتى. لىبىرالىستلار پارتىيىسىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى قەدىرلەيدىغان ھەرقانداق ئادەم، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىگە خەيرخاھلىق قىلىدىغان ھەرقانداق ئادەم، بۇنداق ھەرىكەتنى ھەرگىز قوللىمايدۇ».

چېرچىل ئۆزىنىڭ ئاقسۆڭەكلىك ئورنىغا تايىنىپ تۇرۇپ كىتابىدا كىچېنېرنىڭ قىلمىشلىرىنى ئەيىبلەپلا قالماستىن، يەنە مەلۇم دەرىجىدە مەنىلىك گەپ-سۆزلەر، تەنقىدىي پوزىتسىيە ئارقىلىق سۇدان ئۇرۇشىغا باھا بەردى. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «ئەنگلىيىدە، بەلكىم باشقا جايلاردىمۇ بۇنداق ئادەملەر ناھايىتى كۆپ، ئۇلار دۈشمەنىنىڭ قۇتۇلدۇرغۇسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا ئىشەنمىگۈچە، ئۆزلىرىنىڭ مەلۇم بىر سىياسىي

مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇرۇش ۋاستىسىنى قوللانمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار دەرۋىشلەرنى، — مەخدىدىن خەلىپىگىچە — بولۇشىچە تىللاپ، قارغاپ، ئۇيدۇرۇپ چىقارغىلى بولىدىغان بارلىق جىنايەتلەرنى ئۇلارغا دۆڭگەپ قويىدۇ . . . ئەمما، بۇ تىللاپ، قارغاشلار ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ كاللىسىغا سىڭدۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دۈشمەنلەر زېمىنىنى بۇلغايدىغان پارازىت قۇرتلارغا ئايلانغاندا، بۇ ئەسكەرلەرنىڭ قولىدىن ھەرقانداق ۋەھشىيلىكنىڭ كېلىشى تۇرغان گەپ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۆز مەيلىچە بۇنداق ئەيىبلەشنىڭ ئۆزىمۇ ئۇچىغا چىققان ئادالەتسىزلىك ۋە خەۋپلىك، شۇنداقلا قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق . . . كىشىلەرگە ئەنگلىيە بىلەن مىسىر ئارمىيىسىنىڭ ئومدۇرمانغا كىرىشى خەلقنى خەلىپىنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن، دەپ تەشۋىق قىلىندى. بىراق، ئازات قىلغۇچىلار ئەزەلدىن بۇنداق قارشى ئېلىنمىدى . . . ئۇرۇشنى دەرۋىشلەرنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى جازالاش ئۈچۈن، دېيىشنىڭ ئۆزى بىر ساختىپەزلىك».

بىر مىللىي مەسلىھەتچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، چېرچىلنىڭ مۇلاھىزىسى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ كىچىككىنە ھەققانىيەت تۇيغۇسىنى ئاز-تولا ئىپادىلىدى، شۇنداقلا ئەنگلىيە ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن ھەربىي ساھەنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، چېرچىلنىڭ ئۆزىمۇ ھەددىدىن زىيادە سۆزلەپ قويغانلىقىنى، ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسى ۋە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ «تېگىشلىك مەيدانى» نى يوقىتىپ قويغانلىقىنى چۈشەندى. چېرچىلنىڭ مۇشۇنداق مۇھاكىمىلىرى ئۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ سىياسىي رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن تالاش-تارتىشلارنى پەيدا قىلىپ، كېيىنكى ئىستىقبالىغا

تەسىر يەتكۈزدى. شۇڭا «نىل دەرياسىدىكى ئۇرۇش» دېگەن كىتابى 1902-يىلى قايتا نەشر قىلىنىدىغان چاغدا، چېرچىل يۇقىرىدا ئېيتىلغان مۇلاھىزىلەرنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بەزى گەپ-سۆزلەرنى قىسقارتىۋېتىپ، ئىككى توملۇق كىتابنى بىر توم قىلدى. شۇنچىلىك كۆپ قىسقارتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، بۇ كىتابنىڭ يەنىلا بازىرى ئىتتىك بولدى، مەزكۇر كىتاب چېرچىلنى ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر مۇخبىرلىرى قاتارىغا ئۆتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى يازغۇچىلار قاتارىغىمۇ ئۆتكۈزۈپ، نامىنى چىقىرىۋەتتى.

يېزىقچىلىق چېرچىلنىڭ داڭقىنى چىقاردى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتۇشنىڭ بىر يولى ھېسابلىناتتى، شۇڭا ئۇ نەدە ئۇرۇش بولسا، شۇ يەرگە بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

## تۆتىنچى باب

# جەنۇبىي ئافرىقىدىكى خەتەرلىك كەچۈرمىشلەر

چېرچىل «نىل دەرياسىدىكى ئۇرۇش» نى يېزىپ بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملار ئىچىدە يەنە پەيدا بولۇپ قالدى، بۇ قېتىم جەنۇبىي ئافرىقىغا كەلدى. ئەنگلىيە كۆپ يىللاردىن بېرى گوللاندىيىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئىككى مۇستەملىكىچى مەملىكەت — «ترانسۋال جۇمھۇرىيىتى» بىلەن «ئورانگې ئاپتونومىيە دۆلىتى» نى[1] بېسىۋېلىش قەستىدە بولۇپ كەلگەنىدى. بۇئىككى مۇستەملىكىچى دۆلەتنى گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى بۇرلار قۇرغان، ئۇلار يەرلىك نېگىرلارنى بويسۇندۇرۇپ قۇللۇق مۇلۇكچىلىكى ۋە ئىرقىي زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنىدى. ئەنگلىيىلىكلەر تالاي قېتىم بۇرلارنىڭ بۇ ئىككى مۇستەملىكىچى دۆلىتىنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنغان. لېكىن ھەر قېتىم

---

[1] جەنۇبىي ئافرىقىغا كۆچۈپ بارغان گوللاندىيىلىكلەرنىڭ پۇشتى بۇرلار قۇرغان مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر بولۇپ، ۋار دەرياسى بىلەن لىمپوپو دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئەسلىدە بۇ ماتابېل قاتارلىق بانتو مىللىتى ئولتۇراقلاشقان رايون ئىدى. 1835-يىلى بۇرلار كاپې مۇستەملىكىسىدىن مەزكۇر رايونغا «كۆچۈش» كە باشلاپ، يەرلىك ئاھالىلەرنى شەپقەتسىزلەرچە قىرغىن قىلغان ۋە ئۇز ئۆي-ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان. 1857-يىلى ترانسۋال جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئورانگې ئاپتونومىيە دۆلىتى ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە زۇلۇلارغا قارشى جەڭ قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېرىنى بېسىۋالغان. 1899-يىلدىن 1902-يىلغىچە داۋام قىلغان جەنۇبىي ئافرىقا ئۇرۇشىدا ئەنگلىيە بۇ يەرنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. 1910-يىلى ئەنگلىيە قۇرغان جەنۇبىي ئافرىقا ئىتتىپاقىغا قوشۇۋېتىلىپ، ئاپتونومىيە ئوبلاست (ئۆلكە) بولغان.

مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان، شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە دائىم غايەت زور زىيان تارتقانىدى. 1899-يىلىغا كەلگەندە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى قورال كۈچى ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىگە يېتىش قارارىغا كەلدى. بۇ جەھەتتە كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەملىكىچى ۋەزىرى چېمبېرلىن ئالاھىدە كۈچ چىقاردى.

ئۇرۇش باشلىنىش بىلەنلا چېرچىل «ئەتىگەنلىك پوچتا گېزىتى» نىڭ ھەربىي مۇخبىرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇ داڭلىق مۇخبىرلاردىن بولۇپ قالغان، گېزىتخانىمۇ ئۇنىڭغا يۇقىرى ھەق بېرىشكە ماقۇل بولغانىدى. ئۇ ھەر ئايدا 250 فوندستېرلىڭ ئالغاندىن سىرت، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى زىيارەت مەزگىلىدە كەتكەن بارلىق چىقىملارنى گېزىتخانا ئۈستىگە ئالدى. گېزىتخانا ئۇنىڭغا زىيارەت قىلىش ئورنىنى ئۆزى تاللاش ۋە ئۆز پىكرىنى تولۇق ئىپادىلەش ئەركىنلىكىنى بەردى. ئەنگلىيە گېزىتخانىلىرى بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ھەربىي مۇخبىرلىرىغا بۇنداق يۇقىرى ئىمتىياز بېرىپ باقمىغانىدى. چېرچىل جەنۇبىي ئافرىقىغا يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى چېمبېرلىننىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئاندىن ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال بوللېر ئولتۇرغان شتابنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىغا بارىدىغان كېمىسىگە ئولتۇرۇپ لوندوندىن ئايرىلدى. چېرچىل ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىغا كېتىۋاتقان سەپەرداشلىرى (ئەسكەرلەر) مەنزىلگە يېتىپ بارغۇچە ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلدى. ئەمما، ئۇلار كاپىتوۋندىن قىرغاققا چىققاندا، ئۆزلىرىنىڭ ئەندىشىسىنىڭ ئوشۇقچە ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئەنگلىيىلىكلەر ئارقا-ئارقىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، ئۇرۇشنىڭ ئۇزاق ۋاقىتقىچە داۋام قىلىدىغانلىقى رېئاللىققا

ئايلانغانىدى.

چىرچىل ئالدىنقى سەپكە كېلىپلا قىسىملارغا ئەگىشىپ بىر قېتىملىق رازۋېدكا قىلىش ھەرىكىتىگە قاتناشتى. ئۇلار چۈشكەن بىرونىلانغان پويىز بۇرلار ئىشغالىيىتىدىكى رايونغا ئىچكىرىلەپ كىرىشى بىلەن، قارشى تەرەپنىڭ موكوپ تورۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى. بىر نەچچە ۋاگون رېلىستىن چىقىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن، پاراۋوز ھەم بىر قىسىم ۋاگونلار توسۇلۇپ قالدى. چىرچىل ھەربىي ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇ پاراۋوز ۋە باشقا ۋاگونلارنى ئوت كۈچىدىن ساقلاپ قالدى، ياردارلارنى قۇتۇلدۇردى ھەمدە بىرونىلانغان پويىزدىكىلەرنى بىخەتەر جايغا ئەكەلدى. ئۇ قەدىناس دوستى، پىيادە ئەسكەرلەر قوماندانى خولدېن ئوت كۈچى بىلەن، بىرونىلانغان پويىزنى ھىمايە قىلىۋاتقاندا، يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوق ئىچىدە توسالغۇلارنى يوقىتىپ، پاراۋوزنىڭ ئارقىغا چېتىلىدىغان بىر نەچچە ۋاگوننى ھەيدەپ كەتتى. ئەمما، چېكىنىش ئوڭۇشلۇق بولمىدى، دەسلەپ خولدېن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى، ئارقىدىنلا چىرچىلنىمۇ جەنۇبىي ئافرىقا خەلق ئەسكەرلىرى ئەسىرگە ئېلىۋالدى.

دەسلەپ چىرچىل ئۆزىنى قولغا ئالغىلى كەلگەن پۇقراچە كىيىنگەن ئىككى نەپەر ئادەمنى يول ياسىغۇچى ئىشچىلار ئوخشايدۇ، دەپ قالدى، ئەمما ئىككىيلەن ئۇنىڭغا يېقىن كەلگەندە يېنىدا قورال بارلىقىنى بىلىپ قالدى. «ھە، گوللاندىيە ئەسكەرلىرى ئىكەن-دە!» چىرچىل شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ بەدەر قاچتى. ئىككىيلەنمۇ جىنىنىڭ بارىچە ئارقىسىدىن قوغلىدى ۋە بىر نەچچە پاي ئوق ئاتتى. ئۇ جىددىي پەيتتە ئەقىل تېپىپ بىر سىم توردىن ئۆتتى-دە، يول ياسىغۇچى ئىشچىلارنىڭ كەينىگە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ ئۇ يەرگە بېرىۋالسىلا قۇتۇلۇپ قالاتتى. بىراق، بەختكە قارشى، ئالدى

تەرەپتىن جەنۇبىي ئافرىقا خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ بىر ئوفىتسېرى ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلدى. ئوفىتسېر ئېگىز بويلۇق، ئۇنىڭ قولىدا مىلتىق، چىرايى سۇرلۇك ئىدى. ئۇ ئاتنىڭ ئۈزەڭگىسىنى تارتىپ، چېرچىلغا: «قورالىڭنى تاشلاپ تەسلىم بول!» دەپ ۋارقىرىدى. بۇ چاغدا ئىككىيلەننىڭ ئارىلىقى 40 مېتىرلا قالغان بولۇپ، قېچىپ كەتكىلى بولمايتتى. چېرچىل ئۆزىنى تاپانچىسى بىلەن جەھەننەمگە يوللىۋېتەلەيدىغانلىقىنى... تاپانچىسى بىلەن جەھەننەمگە يوللىۋەتمەكچى بولدى-دە، شۇئان بەلتاسمىسىنى سىلىۋىدى، تاپانچا يوق بولۇپ چىقتى، ئېھتىمال يول ئۈستىدىكى توساقلارنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقاندا، پاراۋوز ئىچىگە چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇنىڭغا قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بولماقتىن ئۆزگە چارە بولمىدى. ئۇ: «بىر ئادەم ئۆزى يالغۇز، يەنە كېلىپ قوغدىنىشقا چارىسىز قالغاندا تەسلىمچىلىكنى كەچۈرۈۋەتكىلى بولىدۇ» دەپ ئويلىدى. بۇ ئۇلۇغ ناپولېئوننىڭ سۆزى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، چېرچىل شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇردا پاتقاق يولنى مېڭىپ، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ بىر ئوفىتسېرى تەرىپىدىن دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ئەسىرلەر لاگىرىغا ئېلىپ كېلىندى.

شۇ چاغدا چېرچىلنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى. سەۋەب: ئۇ مۇخبىر بولسىمۇ، لېكىن شۇ قېتىمقى جەڭگە قاتناشقانلىقىنى بۇرلار كۆرۈپ قالغانىدى. شۇڭا، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى قانۇنىغا ئاساسەن، ئۇ دەرھال ھەربىي سوتقا تاپشۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى ھەمدە بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن داقا-دۇمباق سادالىرى ئىچىدە ئېتىلىپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ئەھۋال خەتەرلىك تەرەپكە تەرەققىي قىلىپ كېتىۋاتقاندەك تۇراتتى، بۇرلار بىر تۈركۈم ئەنگلىيە ئەسىرلىرىنى شتابقا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، چېرچىلنى ئالدىغا چىقىشقا بۇيرۇق قىلدى. چېرچىل ئۆزىنىڭ مۇخبىر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى ۋە بۇرلارنىڭ كۆڭلىدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى، يەنى ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى جەڭگە قاتناشقانلىقىدىن ئىبارەت پاكىت كۆرسەتكەن بارلىق سەۋەبلىرىنى يوققا چىقىراتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، چېرچىل ئۇرۇش ئەسىرلىرى لاگېرىغا يۆتكىۋېتىلدى، شۇندىلا ئۇنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. بۇرلارنىڭ بىر ئوفىتسېرى ئۇنىڭغا: «يىگىت، سەن ھەربىي مۇخبىر ئىكەنسەن، شۇنداقتىمۇ سېنى قويۇپ بېرىش ئويىمىز يوق. بىز ھەر كۈنى ئاقسۆڭەكنىڭ ئوغلىنى تۇتالمايمىز دېگىنە» دېگەن. شۇنىڭدەك بۇرلار مەشھۇر جەمەتنىڭ بىر ئۇرۇغ-ئەۋلادىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويۇشنى ھەمدە ئۇلارنىڭ قىساس ئېلىش نىيىتىنى قوزغاپ قويۇشنى خالىمىدى.

چېرچىل پرېتورىيىگە يالاپ ئاپىرىلىپ دۆلەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە سولاپ قويۇلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە قاماپ قويۇلغانلارنىڭ ئاساسلىقى نىكاۋسىن جىلغىسىدىكى جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن ئەنگلىيە ئوفىتسېرلىرى ئىدى. ئۇلار بۇ يەردە ئەركىنلىكتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولۇپ زۇلمەتلىك تۇرمۇش كەچۈردى. قايغۇ-ئەلەم، پەرىشانلىق ئۇلارنىڭ جېنىغا تېگىپ، بۇ قەپەستىن قېچىپ كېتىش نىيىتىگە كەلدى ۋە ئەتىگەندىن كەچكىچە باش قاتۇرۇپ قېچىپ كېتىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆزلىرى قاماپ قويۇلغان بۇ جاينىڭ باشقۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن نۇقسانلىرىنىڭ بارلىقىنى سەزدى. قايتا-قايتا كېڭىشىش ئارقىلىق چېرچىل ئاخىر تۇرمىدىن قېچىپ كېتىشنىڭ ھەرىكەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

بۇ دارىلمۇئەللىمىنگە قاماپ قويۇلغان ئەنگلىيىنىڭ 60 ئوفىتسېرى بار ئىدى، يەنە ئەنگلىيىنىڭ ئوندىن كۆپرەك ئەسكىرى تۇرمىنىڭ قاتتىق-قۇرۇق ئىشلىرىنى قىلاتتى. ئۇلارغا

قارايدىغانغا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ 40 نەپەر ساقچىسى مەسئۇل ئىدى. ئۇن ساقچى نۆۋەت بىلەن كېچە-كۈندۈز مەكتەپ ئىچىنى چارلاپ، ھەر ۋاقىت ھوشيار يۈرەتتى. قالغانلار كۈندۈزلىرى ياتاقلىرىدا قارت ئوينايتتى ياكى دەم ئالاتتى، كېچىلىرى بولسا خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كېتەتتى. ئادەتتىكى ئەھۋالدا نۆۋەتچى بولمىغانلىرى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ئۇخلايتتى، مىلتىق ۋە ئوقدانلىرىنى بىر-بىرىگە چېتىپ تامغا يۆلەپ ياكى ياتىقىنىڭ ئىككى تال تۈۋرۈكىگە ئېسىپ قوياتتى. بىر ساقچى ئىشىك ئالدىدا پوست تۇراتتى. ساقچىلارنىڭ ياتىقى بىلەن مەھبۇسلار كامېرىنىڭ ئارىلىقى 50 مېتىردىن كۆپرەك كېلەتتى.

مۇشۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن، چېرچىل تۈرمىدىن قېچىشنىڭ ھەرىكەت پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرىنچى قەدەمدە مەكتەپنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئېلېكتر چىراغلىرىنىڭ سىمىنى ئۈزۈپ تاشلاش، ئاندىن كامېرلارنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ساقچى ياتىقىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىش، شۇ ئارقىلىق پاسسىپ ئورۇندىن ئاكتىپ ئورۇنغا ئۆتۈپ مەھبۇسلارنى دۆلەتلىك دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرۇش، ئىككىنچى قەدەمدە پرېتورىيە بەيگە مەيدانىغا قوراللىق ھۇجۇم قىلىش ئىدى. بۇ يەردىكى سىم توساقنىڭ ئىچىدە 2 مىڭ ئەنگلىيە ئەسكىرى بار بولۇپ، ئۇلارغا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ 120 نەپەر ساقچىسى قارايتتى. بۇ ساقچىلار يېنىك قوراللار بىلەن قوراللانغان بولۇپ، 100 دىن كۆپرەك مىلتىق، ئىككى دانە پىلىموت بار ئىدى. قېچىش پىلانىنى تۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى بۇ ئىككى ئەسىرلەر لاگىرى تىلىنى بىر قىلىۋالغانىدى، پەيتى كەلگەندە ئىچكى - تاشقى تەرەپتىن ماسلىشىپ، قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، شەھەر ئىچىدىكى 500 نەپەر مۇھاپىزەتچى قوشۇننى تولۇق يوقىتىپ، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ بۇ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك قورغىنىنى بىر يولىلا



www.uyghurkitap.com

ئىشغال قىلىشقا تەييار ئىدى. بۇ پىلان مەخپىي تۈزۈلۈپ، قايتا-قايتا كېڭەشىش ئارقىلىق مۇتلەق كۆپ ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، لېكىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئاخىر «تۆۋەن دەرىجىلىكلەر يۇقىرى دەرىجىلىكلەرگە بويسۇنىدىغان» ئەھۋال ئاستىدا بۇ پىلان بىكار قىلىندى.

تۈرمىدىن قېچىش ھەرىكەت پىلانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، چېرچىل قاتتىق مەيۈسلەندى. ئۇ يېقىن ئۆتىدىغان بىر قانچە ھەمراھلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئەگەر تۈرمىدىن كوللېكتىپ قېچىشقا بولمىسا، ئۆزىنىڭ يالغۇز قېچىپ كېتىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئاخىر ئۆزى دېگىنىدەك تۈرمىدىن قېچىپ چىقتى. ئۇ ياش ۋاقتىدىكى بىر ئەسلىمىسىدە قېچىش جەريانىنى تۆۋەندىكىچە يازغان:

«مەن قاماپ قويۇلغان دۆلەتلىك دارىلمۇئەللىمىن چاسا شەكىللىك قورۇنىڭ ئىچىدە ئىدى. شەرق ۋە غەرب تەرىپى تۆمۈر رېشاتكا، جەنۇب ۋە شىمال تەرىپى ئېگىزلىكى ئون ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان تۆمۈر تام بىلەن توساقلىق ئىدى. بۇ قورۇق تاملار تازا كۆچكە تولغان ھەر قانداق بىر ياش ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنچىلىك چوڭ توسالغۇ ھېسابلانمايتتى، لېكىن قورۇ ئىچىدە قوراللىق قاراۋۇللار بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز تۇرۇۋاتقان كامېرلارنىڭ ئارىلىقى ئۇلار بىلەن 50 مېتىر كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىزنىڭ تۈرمىدىن قېچىپ چىقىشىمىزدا يوقاتقىلى بولمايدىغان توسالغۇغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

بىز بىر قانچە مەھبۇس قايتا-قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق، قاراۋۇللار شەرق تەرەپنى چارلاپ يۈرگەن چاغدا يۇمىلاق تەرەتخانىنىڭ يېنىدىكى بىر قانچە مېتىر ئۇزۇن تۆمۈر تامنىڭ ئۈستىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى بايقىدۇق. قورۇنىڭ

ئوتتۇرىسىدىكى چىراغ پۈتۈن قورۇنى يورۇتۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن شەرق تەرەپتىكى تامنىڭ بۇلۇڭى قاراڭغۇ تۇراتتى. شۇڭا تەرەتخانىنىڭ ئەتراپىدا چارلاپ يۈرگەن ئىككى قاراۋۇلنىڭ كۆزىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تەڭلا كەينىگە بۇرۇلغان پەيتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك ئىدى. تامدىن ئارتىلساقلا بىر ئائىلىنىڭ داچىسىنىڭ باغچىسىغا چۈشەتتۇق. ئەمما، ئۇ تەرەپنىڭ ئەھۋالىدىن قىلچە خەۋىرىمىز يوق ئىدى. شۇڭا، باغچىدىن قانداق قېچىپ چىقىش، چوڭ يولدا كېتىۋاتقاندا قانداق قىلىپ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىماسلىق، قورشاۋدا قالغان شەھەردىكى قاراۋۇللاردىن قانداق قىلىپ قۇتۇلۇش، يەنە كېلىپ، ئەڭ مۇھىمى 200 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان يولنى بېسىپ پورتۇگالىيىلىكلەرنىڭ چېگراسىغا بېرىۋېلىش قاتارلىقلار بىر-بىرلەپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك قىيىن مەسىلىلەر ئىدى.

11-دېكابىر مەن كاپىتان خولدېن، پېرۋىي لېيتېنانت بروچ بىلەن قاچاقچى بولۇپ، مەقسىتىمىزگە يېتەلمىدۇق. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى: يۇمىلاق تەرەتخانىغا تۇيدۇرماي بېرىۋېلىش ئۈنچىلىك قىيىنغا چۈشمەيتتى، لېكىن تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈش بەكمۇ خەتەرلىك ئىدى. ئىككىنچى كۈنى يەنى 12-دېكابىر، ھاياتىمنىڭ خەۋپ ئاستىدا قالغىنىغا قارىماي يەنە بىر قېتىم ئۇرۇنۇپ باقتىم. مەن قاراۋۇلنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، چاسا قورۇدىن تۇيدۇرماي ئۆتتۈم-دە، يۇمىلاق تەرەتخانىنىڭ ئىچىگە غىپپىدە كىرىۋالدىم. تۆمۈر ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراۋۇلنىڭ ھەرىكىتىگە سەپسېلىپ تۇردۇم، ئارىدىن خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتتى، ئەمما قېچىشنىڭ ئوبدانراق پۇرسىتى بولمىدى. بىر چاغدا بىر قاراۋۇل توساتتىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، ھەمراھىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئىككىيلەن قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئەمدى

قاچماي قاچانغىچە ساقلاپ تۇرىمەن! شۇنىڭ بىلەن بىر جازىنىڭ ئۈستىگە چىقتىم-دە، تامغا چىڭ ئېسىلىپ بار كۈچۈم بىلەن تامنىڭ ئۈستىگە ياماشتىم، ئەمما بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەچكىمۇ، ئىككىلا قېتىم شۇنچە كۈچەپ ئۆرۈنۈشلىرىم بىكارغا كەتتى، ئۈچىنچى قېتىم بىرلا كۈچەپ تامنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدىم. پەسكە چۈشۈپ، باغدا بىر سائەتتىن ئوشۇقراق مۆكۈنۈپ تۇردۇم، بىرەر شەپە ئاڭلانمىدى، شۇنىڭدىلا ئاستا باغدىن چىقتىم، كۆڭلۈمدە ئەمدى ئەركىنلىككە ئېرىشتىم، تۈرمىدىن سالامەت قېچىپ چىقتىم دەپ ئويلىدىم.»

چېرچىل تۈرمىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، پويىزغا ئولتۇرۇپ بۇرلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى رايوندىن ئۆتۈپ، پورتۇگالىيە مۇستەملىكىسىگە قېچىپ بېرىۋېلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، تۆمۈر يول تەرەپكە مېڭىش قارارىغا كەلدى. پرېتورىيە كوچىلىرىدا ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىنى توسمىدى. ئۇ تۆمۈر يول بويىغا كەلدى ۋە خەقلەرنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئاستا كېلىۋاتقان يۈك پويىزىغا چىقىۋالدى-دە، كۆمۈر باسقان تاغارلارنىڭ ئاستىغا مۆكۈۋالدى. ئۇ تاڭ سەھەردە پويىزدىن چۈشتى، ئاندىن كۈندۈزى كۆمۈر چۈشۈرگىلى كەلگەنلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ دالىدىكى قويۇق ئۆسكەن ئوت-چۆپلەرنىڭ ئارىسىغا مۆكۈۋالدى. ئۇنىڭ مۇنچىلىك ئەنسىرەپ كېتىشى ھەرگىز ئوشۇقچە ئەمەس ئىدى. بۇرلار ئۇنىڭ كاللىسىنى ئەكەلگۈچىلەرگە 25 فوندستېرلىڭ مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان ۋە تەرەپ-تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئىزدەشكە باشلىغانىدى. ئۇلار يولدىكى بارلىق چازىلارنى قامال قىلغان، جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرى قاچقۇننى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغانىدى. ئەھۋال تولىمۇ خەتەرلىك ۋە مۇشەققەتلىك ئىدى، «زادى قەيەرگە بارارمەن؟» چېرچىل قاتتىق ئويغا پاتتى.

www.uyghurkitap.com

ئېنىقكى، تۆمۈر يولنىڭ ئىككى قاسنىقى ئۈزۈلۈپ تۇرىدىغان جاي ئەمەس ئىدى. چېرچىل ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇۋېلىپ، پاناھلىنىدىغان بىرەر جاي تېپىۋالارمەن دېگەن ئۈمىدتە تاغ ئېچكىرىسىگە قاراپ مېڭىش قارارىغا كەلدى. تاڭ يورۇغاندا، چوڭقۇر جىلغىدىكى قويۇق ئۆسكەن بىر دەرەخلىككە كەلدى ۋە بۇ يەردە قاراڭغۇ چۈشكۈچە مۆكۈپ تۇرماقچى بولدى. بۇ چاغدا ئەتىگەن سائەت تۆت بولغان، قاراڭغۇ چۈشۈشكە يەنە 14 سائەت بار ئىدى. ئەتىگەندە ھاۋا خېلىلا سوغۇق بولاتتى، قۇياش ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، سائەت ئونغا يېقىن ھاۋا بەكلا ئىسسىپ كەتتى. زېمىن ئېغىر ئۇيقۇدا، ئەتراپ جىمجىت، ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتتى. چېرچىلغا بىردىنبىر ھەمراھ بولۇۋاتقىنى يوغان بىر تازقارا ئىدى. ئۇ تورۇپ-تورۇپ قورقۇنچلۇق، بىر خىل شۇملۇقتىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك چىرقىراپ قوياتتى. چېرچىل مىڭ تەستە جىلغىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئەتراپقا سەپسېلىپ قارىدى ۋە غەربتىن تەخمىنەن ئۈچ ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتا ئۆگزىسى قاڭالتىر بىلەن يېپىلغان بىر مۇنچە ئۆيلەرنى كۆردى، جەنۇب تەرەپتىكى تاغ باغرى يەرلىكلەرنىڭ مەھەللىسىدەك قىلاتتى. چىڭقى چۈش مەھەلدە كۈن ئەتراپنى خۇددى ئۆرتىۋېتىدىغاندەك قىزىتىشقا باشلىدى. ئۇ بىر نەچچە پارچە شاكىلات يېۋىدى، بەكلا ئۇسساپ كەتتى، كۆلچەك تۆمۈر يولغا يېقىن جايدىكى تاغ باغرىدا ئىدى، لېكىن چېرچىل مۆكۈنۈۋالغان دەرەخلىكتىن چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئاخىر بىر كېچە-كۈندۈز ئوچۇقچىلىقتا چىقالمىدى. ئەتىسى ئەتىگەن بولغاندا زادىلا چىدىمىدى، قورساقلىرى ئېچىپ كۈركىراپ كەتتى، ھارغىنلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىقتىن روھى چۈشۈپلا كەتتى.

«مەن بۇ يەردە ئاچلىقتىن قىينىلىپ ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ-ھە؟ ياق، ھەرگىز ئۆلمەيمەن!» دېگەن خىيال چاقماق تېزلىكىدە كۆڭلىدىن كەچتى. ھايات قېلىشقا تەلپۈنۈش ئىستىكى ئۇنى

خەۋپ-خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا، كۆلپەتلىك تەقدىر بىلەن ئېلىشىشقا دەۋەت قىلدى.

چىرچىل شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە ئاسماندىكى جىلۋىلىنىپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا، يىراقتىكى يېزىنىــــڭ غۇۋا كۆرۈنگەن چىراغلىرىغا قارىغىنىچە خىياللار قايىنىمىغا غەرق بولدى: «ئۇ چوقۇم يەرلىكلەرنىڭ كەنتى. ئۇلار گوللاندىيىلىكلەرگە بەك ئۆچ، ئەنگلىيىلىكلەرگە دوستانە مۇئامىلە قىلىدۇ. مەيلى نېمىلا بولسۇن، ئۇلار مېنى قولغا ئالماسلىقى مۇمكىن، ھېچبولمىغاندا ماڭا ئازراق بولسىمۇ يەيدىغان نەرسە بىلەن ئۇخلىغىلى بولىدىغان بىرەر بۇلۇڭ بېرەر. مەن ئۇلارنىڭ بىرەر ئېغىز گېپىنىمۇ بىلمەيمەن، شۇنداقتىمۇ، مېنىڭچە، ئۇلار بىر قەغەز ئەنگلىيە پۇلىنىڭ قىممىتىنى بىلىشى مۇمكىن. ئۇلار ماڭا بىرەر يول باشلىغۇچى، بىرەر ئات بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، بىراق ماڭا ئەڭ مۇھىمى ئىسسىق جايدا قانغۇچە ئارام ئېلىش ۋە قورساق تويغۇدەك تاماق يېيىش» . چىرچىل ئەنە شۇنداق زىددىيەتلىك خىياللارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان چىراغ يورۇقىغا ھەم باتۇرلۇق، ھەم قورقۇنچاقلىق كەيپىياتتا يول ئالدى.

قورساق بەكلا ئېچىپ ماغدۇر قالمىغاچقا، چىرچىل بەكمۇ ئاستا ماڭدى. دەسلەپ چىراغ يورۇقى كۆرۈنگەن جاي ئىككى ئىنگلىز مىلى كېلەر، دەپ پەرەز قىلغانىدى. خېلى مېڭىپ بىر يەرلەرگە كەلگەندە چىراغ يورۇقىنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ يىراق جايدا ئىكەنلىكىنى بىلدى. لېكىن، ئۇ چىشىنى چىشلەپ، ئاچلىق ئازابىغا چىداپ يولىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. شۇ تەرىقىدە ۋاقىتمۇ ئۆتىۋەردى، تاڭ سەھەر سائەت ئۈچ بولغاندا كۆزلەپ ماڭغان مەنزىلىنىڭ يەرلىكلەرنىڭ كەنتى ئەمەسلىكىنى بىلدى. تاڭنىڭ سۇزۇلۇشىغا ئەگىشىپ ئۆيلەرنىڭ قارىسى، ماتورلارنىڭ يوغان چاقلىرى ئېنىق كۆرۈندى. «ئاپلا! بۇ ئەسلى كۆمۈر

كىنى ئىكەن ئەمەسمۇ!» چېرچىلنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ كىرىۋالدى. ئەسلى يىراقتىن كۆرۈنگەن ئوت يورۇقى ماشىنىلارنىڭ ئوچىقىدىن چىققان يورۇق ئىدى. يېقىن جايدىكى ئىككى كورپۇس پاكار ئۆي ئوراپ تۇرغان كىچىك ئەمما پۇختا سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك بىنا ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

چېرچىل بۇ زامانىۋى بىناغا قارىغىنىچە ئىككىلىنىپ قالدى. بىناغا كىرىش كېرەكمۇ ياكى كىرمەسلىك كېرەكمۇ؟ ئارقىغا چېكىنىشكە ئەمدى يول يوقتەك قىلاتتى. ئۇ كۆڭلىدە: «ئەگەر بىنانىڭ ئىچىدە ئەنگلىيىلىكلەر بولسا، چوقۇم ماڭا دوستانە قولىنى سۇنىدۇ؛ ئىش يامىنىغا ئۆرۈلۈپ بۇرلارغا يولۇقۇپ قالسام، تۈگەشكىنىم شۇ. ئاھ، خۇدا ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن!» دېگەنلەرنى ئويلىدى-دە، خۇددى دەلدۈش ئادەملەردەك قاراڭغۇ ئوتلۇقتىن ئاستا چىقىپ ئوت يورۇقى كۆرۈنگەن يەرگە — جىمجىتلىق قوينىدا چوقچىيىپ تۇرغان ئۆيگە قاراپ ماڭدى. دەسلەپ مۇشتى بىلەن ئىشىكنى گۇمبۇرلىتىپ ئۇردى، ئاندىن بىر پەس تىڭشاپ تۇردى، ئىچكىرىدىن ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمىدى، ئارقىدىنلا يەنە ئۇردى. بىر چاغدا ئۇستۈنكى تەرەپتىن يورۇقلۇق كۆرۈنۈپ، بىنانىڭ بىر ئىشىكى ئېچىلدى.

— كىم؟! — بىر ئادەم ئېمىسچە سورىدى.

چېرچىل چۆچۈپ كەتتى ۋە:

— مەن ياردەمگە مۇھتاج، مەن كۈتۈلمىگەن بىر ئەھۋالغا يولۇقتۇم، — دېدى.

شۇ ئەسنادا، بىر قانچەيلەننىڭ پىچىرلاشقان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا بىرەيلەننىڭ بىنادىن چۈشۈۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، ئاقاق تاراقىدە چۈشتى-دە، ئىشىك ئېچىلىپلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن قولىدا تاپانچا، ئېگىز بويى، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر چىقىپ، چېرچىلنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ساڭا نېمە لازىم؟ — ئۇ ئەر ئەمدى ئىنگلىزچە سۆزلىدى.

— مەن شەھەر ئاھالىسى، — چېرچىل ئالدىدىكى قوراللىق ئادەمنى چۈچۈتمەسلىك ئۈچۈن تەپسىلىي سۆزلىدى، — مەن كۆتۈلمىگەن بىر ئەھۋالغا يولۇقتۇم، ئەسلى ئۆزۈم تۇرۇشلۇق قىسىمنى ئىزدەپ كاۋماتىغا ماڭغانىدىم. ماشىنىدا كېتىۋاتقاندا ئۇخلاپ قېلىپ، پەسكە چۈشۈپ كېتىپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن، ھوشۇمنى بىلمەي بىر نەچچە سائەتكىچە يەردە يېتىپتىمەن. قارىسام مۇرەم چىقىپ كەتكەندەك قىلىدۇ.

قوراللىق ئادەم چېرچىلغا سەپسېلىپ قارىدى. ئاندىن بىر ھازاغىچە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ كەتتى ۋە:

— شۇنداقمۇ؟ كىرە ئۆيگە! — دېدى-دە، قاراڭغۇ كارىدورغا بىرنەچچە قەدەم چېكىنىپ، يان تەرەپتىكى بىر ئىشىكنى ئاچتى ۋە سول قولى بىلەن قاراڭغۇ ئۆينى كۆرسەتتى. چېرچىل ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ئۆيگە كىردى. قوراللىق ئادەممۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئۆيگە كىردى-دە، سەرەڭگە چېقىپ، چىراغنى ياندۇردى ۋە چېرچىلنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۈستەلنىڭ بىر چېتىگە قويۇپ قويدى.

— مەن سىزنىڭ ماشىنىدىن چۈشۈپ كېتىشىڭىزدىكى جەرياننى كۆپرەك بىلىشنى خالايمەن، — دېدى.

— مەنمۇ ساڭا راست گېپىمنى قىلىشنى خالايمەن، — دېدى چېرچىل جاۋابەن.

— مېنىڭچە بولغاندىمۇ راست سۆزلىشىڭ كېرەك، — دېدى ئۇ ئەر پىچىرلاپ.

ئاخىر چېرچىل يەنە قولغا ئېلىنىپ كېتىش خەۋپىگە قارىماي بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن ۋىنستون چېرچىل بولىمەن، ئەنگلىيىدە

چىقىدىغان «ئەتىگەنلىك پوچتا گېزىتى» نىڭ ھەربىي مۇخبىرى، ئۈلۈشكۈن كەچتە پرېتورىيە شەھىرىدىن قېچىپ چىققانىدىم. مەقسىتىم چېگراغا بارماقچى. يېنىمدا پۇل كۆپ. ماڭا ياردەم قىلارسەنمۇ؟

چېرچىل خېلى بىر ھازاغىچە گەپ قىلماي جىم تۇردى. ھېلىقى ئەر ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى تاقاپ قويدى. ئاندىن چېرچىلنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قولىنى چىڭ سىقتى.

— خۇدانىڭ سېنى ماڭا ئۇلاشتۇرغىنىغا مىڭ شۈكۈر! مەن مۇشۇ 20 ئىنگلىزمىلى كېلىدىغان دائىرە ئىچىدە سېنى جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرىگە تاپشۇرۇپ بەرمەيدىغان بىردىنبىر ئادەم بولىمەن. بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەنگلىيىلىكلەر، سېنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش قولىمىزدىن كېلىدۇ.

چېرچىل بۇ گەپنى ئاڭلاپ يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر تاش چۈشۈپ كەتكەندەك بولدى. بىشىغا كۈن چۈشكەندە قۇتۇلدۇرۇۋېلىندى. ئۇ سۇدا تۇنجۇقۇپ قېلىشقا تاس قالغان ئادەم سۇدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىنغاندەك بىر خىل تۇيغۇغا كېپقالدى.

بۇ ئەنگلىيىلىك مۇھاجىر، ئىسمى جون خوۋارد، تورانسۋار كۆمۈر كېنىنىڭ دىرېكتورى بولىمەن، دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ئۇ جەنۇبىي ئافرىقا ئۇرۇشى پارتلاشتىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ترانسۋالنىڭ پۇقرالىقىغا ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئەسلى ئۆزىنىڭ ئەنگلىيە تەۋەلىكىدە ئىكەنلىكىنى ئويلىغان ھەمدە يەرلىكنىڭ ئۇرۇش قىلغۇچى ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە ئازراق پارا بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئەنگلىيىلىكلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتىلمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى بىر—ئىككى خىزمەتچى خادىم بىلەن كاندا قېلىپ، كۆمۈر كانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى بۇرۇنقى ئۆلچەمگە يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ئىشلەشكە رۇخسەت قىلىنغانىكەن. كاندا ئۇنىڭ

ئەنگلىيىلىك كاتىپىدىن باشقا، يەنە بىر مىنگىمدىن كەلگەن بىر نەپەر مىخانىك ۋە شوتلاندىيىلىك ئىككى نەپەر كان ئىشچىسى بار ئىكەن. بۇ تۆت ئەنگلىيىلىك بىتەرەپ مەيداندا چىڭ تۇرىمىز، دەپ قەسەم بەرگەچكە، كاندا قېلىپ ئىشلەشكە رۇخسەت قىلىنغانىكەن. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ترانسۋال جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقراسى بولغاچقا، يوشۇرۇن قاچقان جىنايەتچىلەرنى يوشۇرۇپ قالسا، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىك ھېسابلىناتتى، مۇبادا تەكشۈرۈپ قالسا ئېتىپ تاشلىنىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

— لېكىن، بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلما، سېنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرىمىز، — دېدى جون خوۋارد، — بۇگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇرۇش قىلغۇچى ئاتلىق ئەسكەرلەر سېنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى. ئۇلار بىرەر يىپ ئۇچىنى قولغا چۈشۈرۈۋالغاندەك قىلىدۇ، يەنە كېلىپ تۆمۈر يول ئەتراپىدىكى جايلاردا تۇتقۇن قىپتۇ.

چېرچىل جون خوۋاردنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنى ئۆزىگە چېتىۋېلىشنى خالىمىدى، ئۆزىگە ئازراق سەپەر ئوزۇقى، بىر تاپانچا، بىر يول باشلىغۇچىنىڭ ئىمكانىيىتىنى قىلىپ بېرىشنى، مۇمكىن بولسا بىر ئات بېرىشنى ئۆتۈنۈپ، تۆمۈر يولدىن يىراق كېتىش ئۇچۇن، كېچىلەپ بولسىمۇ باشقا يەرگە كېتىۋالغانلىقىنى ئېيتتى.

خوۋارد چېرچىلنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى ۋە:

— ئەھۋال بەكلا ئېغىر، كاندا ئىككى نەپەر گوللاندىيىلىك، ئۇنىڭدىن باشقا ناھايىتى كۆپ جەنۇبىي ئافرىقىلىق كان ئىشچىلىرى بار، جاسۇس دېگەن ھەممىلا يەردە تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ، ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرگەن تۈزۈك، — دېدى ئالدىرىماي سۆزلەپ، — ھە راست، قورسىقىڭ ئېچىپ كەتكەندۇ؟

چېرچىل «ھەئە» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، خوۋارد دەرھال بىر بوتۇلكا ۋىسكى، سۇدا سۇيى ۋە يېشۇرۇلغان قوي پاقالچىقى تەييارلىدى. ئىككى كۈنگىچە تاماق يېمىگەن چېرچىل بۇ ئېسىل تائاملارنى كۆرۈپ بەكلا خۇشال بوپكەتتى ۋە تارتىنىپ ئولتۇرمايلا تويغۇچە يېدى، تاماقتىن كېيىن روھى كۆتۈرۈلۈپ، ئوبدانلا ئۆزىگە كېپقالدى.

ئالاھەزەل بىرەر سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن خوۋارد قايتىپ كەلدى.

— ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، — دېدى ئۇ، — بۇ يەردىكى بىرقانچە ئەنگلىيىلىك كان ئىشچىسى بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇلار سەممىيلىك بىلەن ياردەم قىلىدىغان بولدى. بۈگۈن كېچە سىنى كان قۇدۇقى ئىچىگە يوشۇرۇپ قويىمىز، بىرەر ئامال تېپىپ دۆلەت چېگرىسىدىن قاچۇرۇۋەتكۈچە سىرتقا چىقماي تۇرسەن.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا چېرچىلنى كىچىك بىر قورۇغا باشلاپ كەلدى ۋە لىفىتقا چىقىرىپ چوڭقۇرلۇقى 200 ئىنگلىزچىسى كېلىدىغان قۇدۇققا چۈشتى. ئۇ يەردە قولىدا كان چىرىغى، ئۈشىنىسىدە شەكلى كۆتۈرۈۋالغان ئىككى شوتلاندىيىلىك ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. چېرچىل كان ئىشچىسىنىڭ ئارقىسىدىن بىر ھازاغىچە سىرلىق، قاپقاراڭغۇ ئەگرى-بۈگرى يوللارنى ماڭغاندىن كېيىن، ھاۋاسى ساپ بىر كىچىك ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. يول باشلىغۇچى بورا بىلەن يۆك ئەدىيالنى سالدى، خوۋارد چېرچىلغا ئىككى تال شام، بىر بوتۇلكا ۋىسكى يەنە بىر قاپ سىگارت بەردى ئاندىن:

— بۇ يەردە ئوبدانراق دەم ئېلىپ تۇرغىن، باشقىلارنىڭ بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بىزنىڭ ئۇقتۇرۇشىمىزنى ئالماي تۇرۇپ ھەرگىز بۇ يەردىن كەتمە، — دېدى.

جون خوۋاردلار كان چىرىغىنى كۆتۈرۈشۈپ كەتتى، ئۇي

ئىچىدە چېرچىل يالغۇزلا قالدى. ئۇ يۇك ئەدىيال ئۈستىدە راھەتلىنىپ ياتتى، قەلبىدە يەنە ئۈمىد ئۇچقۇنى ياندى. قىسمغا قايتىپ بارسا خۇددى قەھرىمانىنى كۈتۈۋالغاندەك قىزغىــــن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدىغانلىقىنى خىيال قىلدى. ئەچچە كۈندىن بېرىقى ھارغىنلىق يەتتى بولغاي، بىر پەستىن كېيىنلا تاتلىق ئۇيقۇغا غەرق بولدى.

چېرچىل قانچە سائەت ئۇخلىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمىدى، ئىشقىلىپ، ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئويغاندى. بۇ چاغدا، جون خوۋارد ئۇنىڭغا تاماق، پىشۇرۇلغان بىر توخۇ ئەكىلىپ بېرىپ:

— بۇ يەر ئەڭ بىخەتەر، — دېدى ئۇ، — ماك (شوتلاندىيىلىك كان ئىشچىسى) ئىشلىتىلمەيدىغان خاڭلارنىڭ ئورنىنى پىششىق بىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئادەم بۇ خاڭلارنىڭ ئورنىنى بىلمەيدۇ. بۇ يەردە لىق سۇ توشۇپ كەتكەن بىر ئورەك بار، مۇبادا بۇرلار كان قۇدۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ قالسا، ماك سىنى سۇ ئىچىدىن شۇڭغۇتۇپ باشقا بىر جايغا ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇ يەرنى تەكشۈرۈش ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرمەيدۇ. بىز جىن-ئالۋاستىلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ كاندىكى ئافرىقىلىقلارنى قورقۇتىمىز. ئەھۋال شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، سىنىڭ بىخەتەرلىكىڭ ئۈچۈن بىز يەنىلا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە داۋاملىق دىققەت قىلىپ تۇرىمىز.

16-دېكابىر، يەنى چېرچىلنىڭ ئەسىرلەر لاگېــــرىدىن قېچىپ چىققىنىنىڭ بەشىنچى كۈنــــى، خوۋارد كېلىــــپ چېرچىلغا: «سىنى تۇتۇش توغرىسىدىكى چۇقانلار ھەر ھالدا بېسىقىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. ئەمدى بىر ئامال قىلىپ سىنى چېگرىدىن قاچۇرۇۋەتمىسەك بولمىدى، بۇ كان بىلەن تۆمۈر يولنى بىر تارماق لىنىيە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، كانغا يېقىن بىر جايدا بېرگىننا ئىسىملىك بىر گوللاندىيىــــلىــــك بار، ئۇ 19-دېكابىر بىر ۋاگون قوي يۇڭىنــــى دېراگو قولتۇقىــــغا

يۆتكمەكچى. ئۇ ئادەم ئەنگلىيىلىكلەرگە ناھايىتى دوستانە مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىپ قويدۇم، سىزنى يوڭنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئاچىقىپ كېتىشكە ماقۇل بولدى» دېدى. چېرچىل كۆڭلىدە ئەندىشە قىلىسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدىن ئۆزگە ئامالنىڭ يوقلۇقىغا كۆزى يەتتى. ئاخىر خوۋاردىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە پىلان بويىچە تەييارلىق قىلىشقا تۇتۇندى.

چېرچىل كان قۇدۇقلىرىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن شۇ كۈنلەردە لوندون ۋە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا چىقىدىغان گېزىتلەردە ئۇ توغرۇلۇق خەۋەرلەر كەينى-كەينىدىن بېسىلدى، ھېلىمۇ ياخشى، چېرچىل بۇ گېزىتلەرنى كۆرمىدى، بولمىسا تېخىمۇ ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالغان بولاتتى. خەۋەرلەرنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

«پرېتورىيە 13-دېكابىر تېلېگراممىسى — چېرچىل ئۈستىلىق بىلەن تۈرمىدىن قېچىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما چېگرىدىن ئۆتۈپ كېتىش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك.»

«پرېتورىيە 14-دېكابىر تېلېگراممىسى — خەۋەرلەرگە قارىغاندا، چېرچىل چېگرا بويىدىكى كاۋماتفون ۋوگزالىدا قولغا ئېلىنىپتۇ.»

«لۇرېنسو — مارچۇئېس 16-دېكابىر تېلېگراممىسى — ئۇقۇشمىزچە چېرچىل ۋاتتۇربوۋىندا قولغا ئېلىنىپتۇ».

«لوندون 16-دېيكابىر تېلېگراممىسى — ۋىنستون چېرچىلنىڭ پرېتورىيىدىن قېچىش ۋەقەسى توغرۇلۇق ئادەتتىكى كىشىلەر، ئۇ ئاللىقاچان قولغا ئېلىنىدى ياكى ئېتىپ تاشلاندى، دەپ قارىماقتا».

بۇنىڭدىن باشقا، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ چوڭ شەھەرلىرى ۋە تۆمۈر يول بويلىرىغا چېرچىلنىڭ رەسىمى بىلەن ئۇنى تۇتقانلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات توغرىسىدىكى ئېلان چاپلاندى. بەختكە

يارىشا، چېرچىل بۇ ئىبلانىلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ كۆرمىدى.

18-دېكابىر چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتىمۇ ئاستا ئۆتۈپ كەتتى. چېرچىل ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ستېۋېنسوننىڭ[1] «ئالداپ ئېلىۋېلىش» دېگەن رومانىنى ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزدى. بۇ روماندا داۋىد بېرفوۋ بىلەن ئارېنبېرىيكلارنىڭ جىلغا ئىچىدىكى خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىك چېرچىلنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە كۈن ئىچىدىكى بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلەر بىلەن ئوپئوخشاش ئىدى. چېرچىل جەڭ مەيدانىدىكى خەتەرلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن، ملتىق ئوقلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان، مانا ئەمدى قاچقۇن جىنايەتچىگە، قاچقۇننى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان ئادەمگە، كاللىسى بىر مۇنچە پۇلغا يارايدىغان مەھبۇسقا ئايلىنىپ قالدى. «سەن كىم؟ نەدىن كەلدىڭ؟ نەگە بارىسەن؟ ...» ئۇ ھەر قېتىم يول چازىلىرىدىكى ئەسكەر ۋە ساقچىلارنىڭ بۇ خىل سوئال-سوراقلىرىنى ئېسىگە ئالسىلا، ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولىشىپ كېتەتتى. چېرچىل تەگسىز خىياللارغا پېتىپ ئولتۇرغاندا ملتىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى ۋە بىر خىل شۇملۇقتىن يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى. «گوللاندىيىلىكلەر كېلىپ قالدىمۇ يا؟ خوۋارد بىلەن ھېلىقى ئىككى ئەنگلىيىلىك كان ئىشچىسى ماڭا ئاسىيلىق قىلدىمۇ نېمە؟!» ئۇ دەرھال يوغان بىر ساندۇقنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييارلىنىپ تۇردى. ئەتراپقا زەن سېلىپ قۇلاق سالدى، ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتىغا دىققەت قىلدى. ئەمما، قورقۇنچلۇق ئەھۋال يۈز بەرمىدى. ۋاراڭ-چۇرۇڭ، كۈلكە-چاقچاق ئاۋازلىرى ۋە ماختاشلار قۇدۇق ئۈستىدىكى دىرېكتور ئىشخانىسىدىن

---

[1] ستېۋېنسون — ئەنگلىيە يازغۇچىسى.

توختىماي ئاڭلىنىپ تۇردى، ئاخىر جىمىپ كەتتى. بىر پەستىن كېيىن چېرچىل يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلدى-دە، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن جون خوۋارد كىرىپ كەلدى.

— بايا گوللاندىيە ئاتلىق ئەسكىرىنىڭ بىر ئوفىتسېرى بۇ يەرگە كەپتىكەن، — دېدى، ئۇ — ئەمما، سىنى ئىزدەپ كەلمەپتۇ. ئۇ تونۇگۈن سىنى ۋاتتىۋىربوۋىندا قولغا ئېلىنىپتۇ، دېدى. لېكىن، مەن بۇ ھەقتە ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ ئولتۇرمىدىم. ئۇنىڭ بىلەن تاپانچىدا بوتۇلكىنى ئېتىشتا بەسلەشتىم، ئاخىر ئۇ مېنىڭدىن ئىككى فوند ستېرلىڭ ئۇتتۇۋېلىپ، خۇشال ھالدا قايتىپ كەتتى.

— بۇگۈن كەچ مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — سورىدى چېرچىل جىددىي ھالدا.

— ھېچنېمە قىلمايسەن، ھەممە ئىشنى پۇتتۇرۇپ قويدۇم، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزۈم سىنى بۇ يەردىن ئاچىقىپ قويىمەن.

شۇ كۈنى تاڭ سەھەر سائەت ئىككىلەردە ھامماللىچە ياسانغان چېرچىل تۆمۈر يولنىڭ بىر تارماق لىنىيىسىگە جايلاشقان كىچىك بىر بېكەتكە سالامەت يۆتكەپ كېلىندى. ئاندىن خوۋاردلار ئۇنى بېرگىنىنىڭ يۇڭ قاچىلانغان ۋاگونىغا جايلاشتۇرۇپ ئۇستىگە يوغان بىر برىزېنتنى يېپىپ قويدى. بىر ئازدىن كېيىن پويىز ئاستا ئورنىدىن قوزغالدى. بەختىگە يارىشا، 16 سائەت داۋام قىلغان سەپەردە ئۇ بىر ئەر ئاۋارىچىلىككە يولۇقمىدى. پويىز چۈشتىن كېيىن قاراڭغۇ چۈشۈشتىن ئىلگىرى لورېنسو — مارچۇئېس ۋوگزالىغا كېلىپ توختىدى. جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ بىر توپ ئىشچىلىرى يۈك چۈشۈرۈشكە كەلدى، چېرچىل ۋاراڭ-چۇرۇڭ قاپلىغان كىشىلەر توپىدىن خۇددى دەلدۈش ئادەمدەك مېڭىپ ۋوگزالدىن چىقىپ كەتتى.

بېرگىننا ۋوگزالنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇنى ساقلاپ

تۇراتتى. ئىككىيلەن بىر-بىرىگە كۆز ئىشارىسى قىلىشىۋالدى.
بىرگىننا كەينىگە بۇرۇلۇپلا شەھەر رايونى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ
كەتتى، چېرچىلمۇ 20 مېتىرچە ئارىلىق قالدۇرۇپ كەينىدىن
ماڭدى. ئىككى كوچىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئالدى تەرەپتىكى
زامانىۋى سېلىنغان ئېگىز بىناغا بارغىلى بولاتتى. مانا بۇ
ئەنگلىيىنىڭ كونسۇلخانىسى ئىدى. ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت بايرىقى
كۆكتە لەپىلدەپ تۇراتتى. چېرچىل ئۆز دۆلىتىنىڭ بايرىقىنى
كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن يۈرىكى يېرىلغۇدەك بوپكەتتى،
هاياجانلىنىپ كۆزلىرىگە لىققىدا ياش ئالدى، ئىختىيارسىز
هالدا ئۆز - ئۆزىگە: «مەن ئاخىر ئەركىنلىككە ئېرىشتىم»
دەۋەتتى.

ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى ئۇنىڭ كىلىشىنى خىيالىغىمۇ
كەلتۈرمىگەنىدى. چېرچىل ئەنگلىيە كونسۇلى بىلەن
كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغاندا، ياش بىر دىپلوماتىيە خادىمى:
«كونسۇل بۈگۈن سىز بىلەن كۆرۈشەلمەيدۇ، مۇبادا بىرەر
ئىشىڭىز بولسا، ئەته سائەت توققۇزدا كېلىڭ» دېدى.

چېرچىل ئۇنىڭ گېپىدىن قاتتىق غەزەپلەندى ۋە:
«كونسۇلنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشمەن» دەپ ئۈنلۈك
ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان كونسۇل دېرىزىدىن
سىرتقا قارىدى، ئاندىن پەسكە چۈشۈپ چېرچىلنى قوبۇل
قىلدى. ئۇلار ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ گوللاندىيىنىڭ
ئەسكەر-ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان
چېرچىل ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، ئۇنى دەرهال كونسۇلخانىغا
باشلاپ كىرىپ، ئوبدان كۈتۈۋالدى. چېرچىل ئاۋۋال ئىسسىق
سۇدا يۇيۇنۇپ، پاكىز كىيىملەرنى كىيدى، ئاندىن كەچكى
تاماقنى يەپ بولۇپ، بىرنەچچە كۈنلۈك گېزىتلەرنى تاقەتسىزلىك
بىلەن بىر يولىلا ئوقۇپ چىقتى ۋە بىر ھەپتىدىن بۇيان ئەنگلىيە
ئارمىيىسىنىڭ داۋاملىق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقىنى، يەنە

كېلىپ قىرىم ئۇرۇشىدىن[1] بىرى ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلارنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يېتەكلىگىنى بىلدى. بۇ هال چېرچىلنى دەرهال ئارمىيىگە قايتىش ئىستىكىگە كەلتۈردى. ئەنگلىيە كونسۇلىمۇ ئۇنىڭ گوللاندىيىلىكلەر بىلەن گوللاندىيىگە هېسداشلىق قىلغۇچىلار توشۇپ كەتكەن بۇ پورت شەھىرىدىن ئىمكانقەدەر تېزرەك كېتىشكە قوشۇلدى.

چېرچىل لۇرېنسو — مارچۇئېس پورتىغا يېتىپ كەپتۇ، دېگەن خەۋەر خۇددى دالا يانغىنىدەك پۈتۈن شەھەرگە تارالدى. شۇ كۈنى كەچتە بىر توپ قوراللىق ئەنگلىيە مۇهاجىرلىرى كونسۇلخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ چېرچىلنى يەنە قولغا ئېلىشقا قارشىلىق بىلدۈرىدىغانلىقىنى نامايان قىلدى. ئاخىر ئۇلارنىڭ قىزغىن هىمايە قىلىشى ئارقىسىدا چېرچىل شۇ كۈنى كەچ سائەت ئوندا دۇربان (جەنۇبىي ئافرىقىدىكى پورت شەھىرى) دىكى «هىندىنا» ناملىق كېمىگە چىقتى.

چېرچىل دۇرباندا خۇددى ئۇرۇشتا زەپەر قۇچقان قەھرىماندەك قىزغىن قارشى ئېلىندى. پورتتا بىر مۇنچە بايراقلار ئېسىلدى، ئارمىيە ئوركېستىرى ۋە قارشى ئالغىلى كەلگەن كىشىلەر پورتتا قىستىلىشىپ تۇرۇشتى. دېڭىز ئارمىيە ئادمىرالى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە گېنېرالى ۋە شەھەر باشلىقى كېمىگە چىقىپ چېرچىل بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. كېيىن ئۇنىڭدىن هال سوراش، ئۇنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن تېلېگراممىلار دۇنيانىڭ هەرقايسى جايلىرىدىن كەينى-كەينىدىن كېلىشكە باشلىدى. شۇ كۈنى كەچتە چېرچىل غەلىبە هېسسىياتى بىلەن ئارمىيىگە قايتتى.

چېرچىلنى چۆرىدىگەن ئاساسىدا پەيدا بولغان بۇنداق

---

[1] 1853-يىلىدىن 1856-يىلىغىچە داۋام قىلغان روسىيە بىلەن ئەنگلىيە، فرانسىيە، تۈركىيە ۋە سارداگنالارنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

شاۋقۇن-سۈرەنلىك سورۇنلار ھەرگىزمۇ ئاساسسىز ئەمەس. ئۇ تۇرمىدىن قېچىپ چىققان شۇ بىر ھەپتە ئىچىدە ئەنگلىيە ئارمىيىسى جەنۇبىي ئافرىقىدا كەينى-كەينىدىن ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئەنگلىيە بىلەن بۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى بولغان ئۇرۇش تارىخىدا بۇ بىر ھەپتە ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ «زۇلمەتلىك بىر ھەپتىسى» دەپ ئاتالدى. چېرچىلنىڭ ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسىتىپ خەۋپ-خەتەردىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قۇتۇلۇپ چىقىشى «زۇلمەتلىك بىر ھەپتە» ئىچىدىكى بىردىنبىر يورۇقلۇق نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

ئەنگلىيە گېزىتلىرى ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى يۆتكەش ئۈچۈن چېرچىلنىڭ قىسقىغىنا ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرىنى دەستەك قىلىپ بىر مۇنچە خەۋەرلەرنى باستى. كېيىن چېرچىلنىڭ ئۆزىمۇ: «گېزىتلەر مېنىڭ* ئەسىرلەر لاگېرىدىن قېچىپ چىققانلىقىمنى كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان خەۋەر تەرىقىسىدە بېرىپ، خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلىرىمنى ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغىلەشتۇرۇۋەتتى، ھەتتا بەزى تەپسىلاتلارنى تولىمۇ جانلىق توقۇپ چىقتى» دېدى.

جەنۇبىي ئافرىقىدىكى قىسقىغىنا خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلىرى چېرچىلغا غايەت زور سىياسىي دەسمايە بولدى. ئۇ ئەركىنلىككە ئېرىشىپلا «ئەتىگەنلىك پوچتا گېزىتى»دە ئۆزىنىڭ ئەسىرلەر لاگېرىدىن قانداق قېچىپ چىققانلىقى ھەققىدە يازغان تەپسىلىي خەۋەرنى ئېلان قىلدى. چېرچىل ئۆزىگە ياردەم بەرگەن ئەنگلىيىلىكلەرگە خەۋپ يېتىپ قالمىسۇن دەپ ئۇلارنى زادى تىلغا ئالمىدى. ئۇنىڭ بۇ يازغان خەۋىرى ۋەھىمىلىك ھېكايىلەر ئوقۇشلۇقى قاتارىدا پۈتۈن جامائەتچىلىكنىڭ كۈچلۈك دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغاپ، ئابرۇيىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى ۋە پارلامېنتقا كىرىشىگە ئاساس سالدى.

www.uyghurkitap.com

## بەشىنچى باب

# سىياسىي ساھەگە قەدەم قويۇش

چېرچىل ئارمىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تېخىمۇ ھاكاۋۇرلىشىپ كەتتى. ئەمدى ۋىنستون چېرچىلنىڭ ئىسمى ئەنگلىيىگە تارقىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئېلېكتر دولقۇنلىرى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا تارالدى. لوندون گېزىتلىرىدە چېرچىلنىڭ برونىلانغان پويىزدا يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلا قارىماي تۇسالغۇلارنى بىر تەرەپ قىلىپ، يارىدارلارنى قوغدىغانلىق ئىش-ئىزلىرى كۆپلەپ بېسىلدى. تۈرمىدىن قېچىپ چىققانلىق توغرىسىدىكى كەچۈرمىشلىرى ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ، خاتا پېتىچە مۇبالىغە قىلىنىپ، ئاخىر چېرچىل ئەپسانە-رىۋايەتلەردىكى تەڭداشسىز باتۇر سۈپىتىدە تەسۋىرلەندى، كېيىن چېرچىل: «ياشلار تەۋەككۇلچىلىككە ئىنتىلىدۇ، ئاخبارات ساھەسى ئۇلانغا موھتاج، دەرۋەقە مەن تەۋەككۇلچىلىككىمۇ ئىنتىلدىم، ئاخبارات ساھەسىدىمۇ نامىم چىقتى» دېگىنىدەك، ئۇ ئەينى چاغدا ئەنگلىيىدە ئەڭ داڭلىق بىر چولپانغا ئايلاندى.

چېرچىل ئابرۇيى ئۆسكەنسېرى تېخىمۇ يۈرەكلىك بولۇپ كەتتى. ئۇ گېزىتلەردە ئۆزىنىڭ خەتەرلىك كەچۈرمىشلىرىنى يېزىپ ئېلان قىلغاندىن باشقا، ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھەربىي ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ: «گوللاندىيىلىكلەرنىڭ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغانلىقىدىكى سەۋەب،

ئاساسلىقى جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن، ئۆرۈش قىلىش ئۇسۇلى جانلىق بولغانلىقىدا. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھەر بىر گوللاندىيىلىك ئاتنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالسا، ئۆزى پىششىق بىلىدىغان يېزا-قىشلاقلاردا ئۈچتىن - بەشكىچە ئەنگلىيە ئەسكىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ كەينى-كەينىدىن مەغلۇپ بولۇشىدىكى تۈپ سەۋەب، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاجىز، قوماندانلىرى مۇتەئەسسىپ، قالاق» دېدى. جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ مۇھىم ستېراتېگىيىلىك ئورنى ھەققىدە توختىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ تېخىمۇ كۆپ قوشۇن ئەۋەتىشىنى ۋە كۆپلەپ مەبلەغ سېلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئاخىرىدا بىر خىل نارازىلىق ھەم كەسكىن تەلەپپۇزدا سوئال قويۇپ: «كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا ئەنگلىيىلىك جانابلار شىكار قىلغىلى كەتتىمۇ؟ نېمىشقا يېنىك قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلەرنى كۆپلەپ ئەۋەتمەيدۇ؟ خەلقىمىز، سادىق مۇستەملىكىچىلىرىمىز ۋە جەڭدە قازا تاپقان ئەسكەرلىرىمىز ئۈچۈن ئۆرۈشنى ئاخىرغىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك» دېدى.

چېرچىلنىڭ تەنقىدى لوندوندا كۈچلۈك غۇلغۇلا پەيدا قىلدى، بولۇپمۇ ئارمىيە تەرەپنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. ھەربىي تەرەپنىڭ بىر گېزىتى: «بىز تۆرە لانستوننىڭ تۆرە روبېردس كېلىشتىن ئىلگىرى، ۋىنستون چېرچىلنى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلىش ھەمدە گېنېرال رايدېۋوس بۇللېرنىڭ ئۇنى باش شتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەنلىك ھەققىدىكى تەستىققا ئىگە بولمىدۇق» دېدى. ئېنىقكى، بۇ چېرچىلنىڭ تەنقىدىگە قارشى ھۇجۇم ئىدى. ھەربىيلەر كۈلۈۋېدىكى قېرى پولكوۋنىكلار بىلەن قوماندانلارنىڭمۇ قاتتىق غەزىپى كەلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چېرچىلغا تېلېگراممىدا ئەۋەتىپ: «بۇ يەردىكى يېقىن دوستلۇرۇڭ

سىنىڭ يەنە ئەخمىقانە ئىش قىلماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىدۇ» دېدى. ئەمما، چېرچىل ئۆزى خالىغىنىنى قىلىپ يۈرگۈزدى ۋە: «مېنىڭ گۆدەكلەرچە پىكرىم پات ئارىدىلا ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلاندى. خان جەمەتىنىڭ باتۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىلەن ھەر خىل ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقان 10 مىڭ پىدائىيلار ئارمىيىسى بۇ يەردىكى مۇنتىزىم ئارمىيىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنىدى. ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشتىن ئىلگىرى بۇ يەرگە 250 مىڭ ئەنگلىيە ئەسكىرى توپلانغان بولۇپ، گوللاندىيىلىك بۇرلار ئارمىيىسىدىن بەش ھەسسە كۆپ ئىدى. شۇڭا مەن ‹ئىنجىل› دىكى ‹نامرات ئەمما ئەقىللىق بالا بولۇش كېرەككى، قېرى ئەمما ئەخمەق پادىشاھ بولماسلىق كېرەك . . .› دېگەن سۆزى بىلەن ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىمەن» دېدى.

شۇ كۈنلەردە چېرچىل ھەربىي مۇخبىر ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ياردەمچى ئاديۇتانتى سۈپىتى بىلەن ئارمىيە ئىچىدە پەيدا بولدى. ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىدا كەينى-كەينىدىن بىر قانچە قېتىملىق جەڭلەرگە قاتنىشىپ، ئەڭ خەتەرلىك پەيتتىمۇ ئامان قالدى. بىر كۈنى ئۇ بىر قىسىم ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن بىللە دۈشمەننىڭ گازارمىسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. دۈشمەننىڭ تەييارلىقسىز تۇرغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ يېرىمىدىن كۆپرەك ئادىمىنى يوقاتتى، 30 ئادىمىنى ئەسىر ئالدى، ئەنگلىيە ئارمىيىسىدىن تۆت—بەش ئادەم ئۆلدى، بۇ ئاز ساندىكىلەرنىڭ كۆپ ساندىكىلەرنى يەڭگەنلىكىنىڭ مىسالى بولۇپ قالدى. چېرچىل بۇ غەلبىدىن بەكلا خۇشال بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىنىسى جون ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىمغا كېلىپ، تۇنجى قېتىمقى جەڭدىلا يارىدارلاندى. ۋىنستوننىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى — مالبورونىڭ توققۇزىنچى ئەۋلاد كىنەزىمۇ جەنۇبىي ئافرىقا ئۇرۇشىغا قاتناشتى. ئۇ روبېردسىنىڭ شتابىغا

تەقسىم قىلىندى. ۋىنستوننىڭ ئاپىسى ۋە ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىنىڭ ئاياللار ساھەسىدىكى بىر قىسىم مەشھۇر زاتلار ئامېرىكىنىڭ «ئىنسانىيە» ناملىق داۋالاش كېمىسىنى ئىجارىگە ئېلىپ، يارىدارلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن جەنۇبىي ئافرىقىغا كېلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى.

ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئەمەلىي كۈچىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىدىمۇ ئىلگىرىكىدىن ھەرىكەتچان ھەم جانلىق بولدى، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتى پەيدىنپەي ئەنگلىيىگە پايدىلىق تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلدى. 1900-يىلى 27-فېۋرال، جەنۇبىي ئافرىقىلىقلارنىڭ خاتىرە كۈنى. بۇ كۈنى ئەنگلىيە ئارمىيىسى دۈشمەنگە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى، كەسكىن جەڭلەردىن كېيىن گوللاندىيىلىكلەر چېكىنىشكە باشلىدى. شىمالغا تېز چېكىنىۋاتقان ماشىنا ۋە قوشۇنلاردىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ-توزانلار ئۇپۇق يۈزىنى توسۇۋالدى. ئەنگلىيە ئارمىيىسى بىر يولىلا پرېتورىيىنى ئىشغال قىلدى. ئاخىر گوللاندىيىلىك بۇرلار ئۇرۇشنى توختىتىپ، سۈلھ قىلىشنى تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇرۇش ئاخىرلاشتى.

چېرچىل ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كېلىپ، يەنە كىتاب يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى. بۇ كىتابنىڭ ئاساسىي ماتېرىياللىرىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا «ئەتىگەنلىك پوچتا گېزىتى» گە يېزىپ بەرگەن جەڭ خەۋەرلىرى ئىدى. ئۇ، جەنۇبىي ئافرىقا ئۇرۇشىنى تەسۋىرلەپ يازغان كىتابىدا نۇرغۇن قەلەم تەۋرىتىپ ئۆزىنىڭ خەتەرلىك كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلدى. بۇ كىتاب 1900-يىلى ئىككى توم قىلىنىپ نەشردىن چىقتى. چېرچىل ئۆزىنىڭ بۇ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتىدىن خۇشال بولدى. قىسقىسى، ئۈچ يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ

ئالته كىتابى نەشر قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، چېرچىل پۈتۈن ئەنگلىيە بويىچە ھەممە كۆز تىكىدىغان ئەڭ باش يارقىن چىراغقا ئايلاندى.

چېرچىلنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىغا قىلغان سەپىرى ئۇنىڭ ئىككى قىسىملىق كىتاب يېزىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ پارلامېنتقا كىرىشى ئۈچۈنمۇ يول ھازىرلاپ بەردى. ئەنگلىيە باش ۋەزىرى سالىسبۇرى 1900-يىلى پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ، تۆۋەن پالاتىدا سايلام ئۆتكۈزۈشنى جاكارلىدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىكىلەر غايەت زور قۇربان بېرىپ بۇرلار[1]ئۈستىدىن قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇرۇشنىڭ ئاياغلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. بۇرلار قەيسەر، كۈچلۈك رەقىب بولۇپ، ئۇلارنىڭ پارتىزانلىق ئۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، داۋاملىق جەڭ قىلىش ئىمكانىيىتى يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. كېيىنكى ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى. بۇ ئېھتىماللىقنى ئالدىنئالا كۆرگەن كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىكىلەر كۆپ سانلىق ئاۋازغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، جەنۇبىي ئافرىقا ئۇرۇشى مەزگىلىدە پۈتۈن ئەنگلىيىنى قاپلاپ كەتكەن شوۋىنىزملىق ئەسەبىيلىكتىن پايدىلىنىپ، پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزدى. ئۇلار ئۆز نۇتۇقلىرىدا جەنۇبىي ئافرىقا ئۇرۇشىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. چېمبېرلىن سايلام رىقابىتىدە نۇتۇق سۆزلەپ:

---

[1] جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ياۋروپالىقلار (ئاساسلىقى گوللاندىيىلىكلەر) نىڭ پۇشتى. بۇر — گوللاند تىلىدا ئەركىن دېھقان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. 1652-يىلى گوللاندىيە كاپ مۇستەملىكىسىنى قۇردى. بۇرۇنلا بۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى فېرما ئىگىلىرى ۋە بۇرژۇئازلار بولۇپ، ئۇنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلىرى ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى ئىدى. جەنۇبىي ئافرىقا ئۇرۇشى (1899—1902) دىن كېيىن بۇرلار ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ پۇقراسى بولغان. يۇقىرى قاتلامدىكىلىرى ئەنگلىيە بىلەن ھەمكارلىشىپ، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەر ئىرقچىلىق ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنى تەشكىللىگەن.

«ھۆكۈمەتنىڭ پارلامېنتتا ئايرىلىپ قالغان ھەر بىر ئورنى بۇرلارنىڭ يەڭگەنلىك ئورنىدىن ئىبارەت» دېدى.

شۇ قېتىمقى چوڭ سايلامدا چېرچىل كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى تەرىپىدىن سايلام رىقابىتىگە قاتناشقان نامزاتلارنىڭ بىرى ئىدى. دېمىسىمۇ ئۇ بىر «ئۇرۇش قەھرىمانى» سۈپىتىدە سايلام رىقابىتىگە قاتناشتى. سايلام رىقابىتى داۋامىدا كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىكىلەر ئۇنىڭ تۈرمىدىن قېچىپ چىقىش جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرىنىڭ كەڭ تەشۋىق قىلىنغانلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن شېئىر ۋە ناخشىلارنى يازدى. ناخشىچىلار مۇزىكا زالىدا ئۇنى مەدھىيىلەپ ناخشا ئېيتتى. جوزېف چېمبېرلىن ئودېم سايلام رايونىغا بېرىپ، چېرچىلنى قوللىدى. چېرچىلنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى كىنەز مالبورومۇ چېمبېرلىن بىلەن بىللە ئودېمغا كېلىپ 400 فوند ستېرلىڭنى سايلام رىقابىتى خىراجىتى ئۈچۈن بېرىدىغانلىقىغا ماقۇل بولدى ھەمدە ھەر يىلى شۇ يەرنىڭ پارتىيە تەشكىلاتى ئۈچۈن 100 فوند ستېرلىڭ ئىئانە قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. چېرچىل ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، شۇ قېتىمقى سايلامدا ئۇتۇپ چىقتى ۋە پارلامېنت ئەزاسى بولدى.

كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىكىلەر ئۆز پارتىيىسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن چېرچىلنىڭ نام-ئابرۇيىدىن تولۇق پايدىلاندى. بۇ «بۇرلارغا قارشى كۈرەش قەھرىمانى» كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ نامزاتىغا سايلام بېلىتىنى تارتىش ئۈچۈن ھەر قايسى سايلام رايونلىرىدا توختىماي نۇتۇق سۆزلىدى. ئارتۇر بالفوۋر چېرچىلنى مانچېستېردىكى ئاممىغا نۇتۇق سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ سايلام رىقابىتىدىكى پائالىيىتىنى ماختىدى. شۇنداق قىلىپ، چېرچىلنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغۇچىلار تېخىمۇ كۆپىيىپ،

ئابرۇيىنىڭ يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن كەڭ ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. چېرچىل نۇتۇقلىرىنى كىشىلەرنىڭ قىزىقىپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى ھەمدە ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنىمۇ ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە ھەقلىق يوسۇندا نۇتۇق سۆزلەپ ئازراق پۇل تېپىش نىيىتىگە كەلدى. چۈنكى سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن پۇل كېرەك بولاتتى. ئەينى چاغدا پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ تۆۋەن پالاتىدا قىلغان پائالىيىتى ئۈچۈن ھېچقانداق ھەق بېرىلمەيتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يانلىرىدىن پۇل چىقىرىپ تۇرمۇشىنى قامدايتتى ھەمدە سايلام رىقابىتى ئۈچۈن كېتىدىغان خىراجەتنى ئۆزلىرى چىقىراتتى. چېرچىل پارلامېنت سايلىمى ئاياغلاشقۇچە، ئاخبارات-خەۋەرلەر ۋە سىياسىي ئوبزور خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، 4000 فوند ستېرلىڭدىن كۆپرەك قەلەم ھەققى تاپتى. لېكىن، ئۇنىڭ نەزەرىدە بۇ پۇل تېخى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى.

چېرچىل ئەنگلىيىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ نۇتۇق سۆزلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ۋە كاناداغا ساياھەت قىلغاچ، شۇ يەرلەردە نۇتۇق سۆزلەش نىيىتىگە كەلدى. ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەرمۇ ئۆز نۇتۇقلىرىدا ۋىنستون چېرچىلنى «بەش قېتىملىق ئۇرۇش قەھرىمانى، ئالتە پارچە كىتابنىڭ ئاپتورى، ئەنگلىيىنىڭ كەلگۈسىدىكى باش ۋەزىرى» دەپ كۆككە كۆتۈردى. شۆھرەتپەرەسلىكى ناھايىتى كۈچلۈك چېرچىل بۇ ماختاشلارنىڭ سەل چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ھامىنى بىر كۈنى ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى بولۇشقا ئىنتىزار ئىدى. ئۇ، ئۆزى توغرۇلۇق بۇنداق تەشۋىق قىلىشنىڭ ئەنگلىيىدە يامان تەسىر قوزغاپ قويۇشىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۆزىنى بەك ماختاپ كەتكەنلەرگە ئۆزىنى بىسۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇ ئامېرىكا ۋە كانادادىن دۆلەتكە قايتىپ كېلىپ تاكى 1901-يىلى يانۋارنىڭ ئاخىرىغىچە ئەنگلىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يەنە داۋاملىق نۇتۇق سۆزلىدى. شۇنداق قىلىپ، جەمئىي 10 مىڭ فوند ستېرلىڭدىن كۆپرەك پۇل تاپتى. ئۇ، بۇ پۇلنى دادىسىغا خىزمەت قىلغان بانكىر ئېنگىسىت كاسسېلىنىڭ بانكىسىغا ئامانەت قويدى ۋە بۇ پۇلنىڭ ئۆسۈمىنى سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىشلەتتى. سىرتقا چىقىپ نۇتۇق سۆزلەش، يەنە كېلىپ ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ نەشر قىلىنىشى ئاخىر چېرچىلنى ھەممە دىققەت قىلىدىغان سىياسىي ئەربابقا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر ئاخبارات مۇخبىرى ستېۋېنسون «كۇندىلىك پوچتا گېزىتى» دە «ياۋروپادىكى ئەڭ ياش ئەزىمەت» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇ بۇ ماقالىسىدە ۋىنستون چېرچىل توغرىسىدا خېلى ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ مۇنداق دېدى: «مەيلى ياش، ھەتتا مىجەز-خاراكتېر جەھەتتىن بولسۇن، ۋىنستون چېرچىل يەنىلا بالا. لېكىن، كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ، چوڭقۇر پىكىر قىلىش، ئۆز ئالدىغا پىلان تۈزۈش، مەقسەتلىك ئىش قىلىش ۋە چىۋەرلىك جەھەتلەردە رەسمىي كامالەتكە يەتكەن ئەزىمەتلەردىن بوپقالدى . . . ئۇنىڭ قوللانغان ۋاسىتىلىرى ئۆزىنى كۆزلىگەن مەقسىتىگە ئۇنۇملۇك يەتكۈزەلەمدۇ-يوق؟ ئۇ بۇ ھەقتە توغرا، كىشى ھەيران قالغۇدەك ھۆكۈم چىقىرالايدۇ. . . ئۇ، پىشقان دۆلەت ئەربابلىرىدەك مەسىلىلەرنى جانلىق، ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە». ستېۋېنسوننىڭ ئارزۇسى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ سۆپەتلەر چېرچىلنى بىر «ئۇلۇغ خەلق داھىيسى»، «داڭلىق ئاخبارات مۇخبىرى» قىلىپ يېتىلدۈرەلەيتتى.

ستېۋېنسون يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق يازىدۇ: «چېرچىل كەمتەر ئەمەس، بولۇپمۇ ئارمىيە ئىچىدە ھەددىدىن

www.uyghurkitap.com

زىيادە مەنمەنلىك قىلىپ، دائىم دەككىسىنى بەيتتى، ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن ھەرگىز ئۆزىنى كەمستمەيتتى. ئۇ ھەددىدىن زىيادە مەنمەنلىك قىلىدىغان بۇ كەمچىلىكنى تۈزىتەلمەيدى. مەيلى ياش جەھەتتىن، نورمال ئەقىل-ئىدراك يائىكى ئەمەلىيەتنىڭ ئۆزىدىن بولسۇن، بۇ كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتىشنىڭ بىرەر شارائىتى بولمىدى. چېرچىل ‹نام-شۆھرەتكە بېرىلمىدىغان، ئېھتىيات بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىدىغان ئادەم› ئۇ قانداق قىلىپ تېز ئۆسۈشنىڭ كويىدا بولدى دېگەندىن كۆرە، ئۆز-ئۆزىنى چوڭقۇر تەكشۈردى، بەلكى بۇ تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسى ئاخىر ئۆزىدە ‹كەلگۈسىدە ھۆكۈمران بولۇشتەك بىرخىل تەبىئىي خاراكتېرنىڭ يېتىلگەنلىكىگە ئىشەندى، دېگەن تۈزۈك›. ئۇ قانداق قىلىپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇش ئۇستىسى بولۇشنى ئۆگەنگەن ئەمەس، ئەمما ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا قايمۇقتۇرۇش ئۇستىسى ئىدى، شۇڭا ‹قايمۇقتۇرۇشنىڭ يوللىرىنى پىششىق بىلەتتى›. ئۇنىڭ كەلگۈسى ‹20-ئەسىردە›.

ستېۋېنسون كۆرسەتكىنىدەك «چېرچىل بىر ئۆمۈر تارىخنى مەشھۇر شەخسلەر بىلەن قەھرىمانلار يارىتىدۇ، دېگەن ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى». ئۇ مەيلى سىياسىي جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئۆزىنىڭ كۆپلەپ ئىجادىيىتى جەھەتتىن بولسۇن، ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئېتىقادىنى ئاساس قىلدى. ئۇ، مېنىڭ تەقدىرىم ئاشۇنداق مەشھۇر شەخسلەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن بەلگىلەنگەن، دەپ قارايتتى. دەسلەپ پارلامېنتتا پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا مۇشۇ ئېتىقادىنى نامايەن قىلدى. چېرچىل ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى ئەنگلىيە خەلقىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى.

چېرچىل كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇش، يۇقىرىغا يامىشىش ۋە ئەمەلدار جامائەتى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەت سورۇنلىرىدا دەلمۇ

دەل تاقابىل تۇرۇپ كەسكىن مۇنازىرە كۆرىشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، «قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان» بىر يۈرۈش نۇتۇق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈردى. ئېنىقكى، ئۇنىڭ نۇتقىنىڭ تەسىرلىك بولۇشى ئاساسەن پىكرىنىڭ چوڭقۇر ۋە مەنتىقلىقىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئاڭلىغۇچىلارنى جەلپ قىلىش كۈچىدە ئىدى. چېرچىل نۇتۇق سەنئىتى سىياسىي ئەربابنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ بىردىنلا يۇقىرىلاپ كېتىشتىكى زۆرۈر ئامىل ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ بۇ جەھەتتە نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئالدى بىلەن تىل جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكىنى تۈگەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا، نۇتۇق سۆزلەشنى ۋە تەييارلىقسىز ئەھۋالدا بەس-مۇنازىرە قىلىش ماھارىتىنى ئۆگەندى. دېمىسىمۇ پىشقان پارلامېنت ئەزاسى تېز ئىنكاس قايتۇرىدىغان ھەمدە قىيىن سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ياكى ئوغرىلىقچە ھەرىكەت قىلىدىغان ئادەملەرگە دەرھال كۈچلۈك قايتۇرما زەربىگە ئۆتەلەيدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئەنگلىيە پارلامېنتىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە يېڭى پارلامېنت ئەزالىرى تۆۋەن پالاتاغا كىرگەندىن كېيىن نۇتۇق سۆزلەشكە بولمايتتى، ئۇلار ئاز دېگەندە بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن نۇتۇق سۆزلەشكە بولاتتى. چېرچىل بۇ كونا قائىدىگە نارازى بولۇپ، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشنى خالىماي، تۆت كۈندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىملىق نۇتقىنى سۆزلىدى. ئۇ ئەنگلىيە بىلەن بۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىملىق نۇتقىنىڭ تېمىسى قىلدى، چۈنكى ئەينى چاغدا جەنۇبىي ئافرىقىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئۇنىڭدەك بىلىدىغان ئادەملەر ناھايىتى ئاز ئىدى. لېكىن، ئۇ بۇ نۇتقىدا ئۇرۇشتا يېڭىلگۈچىلەرگە نىسبەتەن مۆتىدىل مۇئامىلە تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ لۇشيەنىگە قارشى يول تۇتتى ۋە

بۇرلارغا خىلىلا ھېسداشلىق قىلىپ: «دۇنيادا بۇرلارغا ئوخشاش مەنىۋى جەھەتتە شۇنچىلىك كۆپ ھېسداشلىقتا ئېرىشكىنى بىلەن، ئەمەلىي ياردەمگە شۇنچىلىك ئاز ئېرىشكەن ھېچقانداق بىر مىللەت يوق» دېدى.

چېرچىل كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە يازغان «ياشلىق چاغلىرىم» دېگەن كىتابىدا بۇقىرىدا ئېيتقان پىكرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلەپ ئۆتتى ۋە مۇنداق يازدى: «جەنۇبىي ئافرىقىدىلا شۇنداق بولۇشى كېرەك. بىز ئىرېلاندىيىلىكلەرنى بويسۇندۇرۇشىمىز ھەمدە كېيىن ئۇلارغا ئاپتونومىيە بېرىشىمىز كېرەك؛ بىز گېرمانىيىلىكلەرنى ئاچلىقتىن ئۆلەر ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ئاندىن ئۇلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز كېرەك، شۇنىڭدەك ئەنگلىيىدىكى چوڭ ئىش تاشلاشنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ئامال قىلىپ كان ئىشچىلىرىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك. مەن دائىم قىيىنچىلىقتا ئۇچراپ تۇرىمەن. چۈنكى يۇقىرىقىدەك پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز. بىر قېتىم مەن فرانسىيىنىڭ خاتىرە تىكىشكە يادنامە يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىندىم. ئاخىر مەن: ‹ئۇرۇش ۋاقتىدا قەتئىي بولۇش، مەغلۇپ بولغاندا قارشىلىق كۆرسىتىش، غەلىبە قىلغاندا كەڭ قورساق بولۇش، تىنچلىق مەزگىللىرى مېھىر-شەپقەتلىك بولۇش كېرەك› دەپ يازدىم. ئەمما يازغان بۇ يادنامەم ئىشلىتىلمىدى. خاتالىق شۇ يەردىكى، بىزنىڭ بىر مۇنچە كىشىلىرىمىز كۆپىنچە ئوڭ قول ياكى سول قولى بىلەن خىزمەت قىلىشقا ئۇستا، بەلكى ئىككىسىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئىشلىتىشكە ماھىر ئەمەس، ھەم ئوڭ قولىنى، ھەم سول قولىنىمۇ ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇش كېرەك. شۇڭا، غەلىبىلىك جەڭ قىلىشقا ماھىر كىشىلەر تىنچلىقنى بىر تەرەپ قىلالمايدۇ، سۇلھ توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ بېرىشقا ئۇستا كىشىلەر غەلىبىلىك

جەڭ قىلالمايدۇ. مۇبادا مەن ھەر ئىككىلىسىنى قىلىش قولۇمدىن كېلىدۇ دېسەم، ئۇ چاغدا تالاش-تارتىشلار تېخىمۇ چوڭىيىپ كېتىشى مۇمكىن».

چېرچىل دادىسىنىڭ پارلامېنتتا ئىشقا سالغان تاكتىكىسىنى ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى دادىسىنىڭ شوئارىنى ناھايىتى كەڭ دائىرىدە قوللاندى. ئۇ «سول» مەيداندا تۇرۇپ ئۆز پارتىيىسىنىڭ رەھبىرىگە ھۇجۇم قىلدى، ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ قانداقتۇ بىر «سولچىل» ئەمەس ئىدى. ئەينى چاغدا، ستېۋېنسون ئېنىق قىلىپ: چېرچىلنىڭ ئېتىقادى ئەكسىيەتچىل، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، «دېموكراتىك ئۇسۇل» قوللاندى، يالغاندىن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ كەتتى، دەپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ تۆۋەن پالاتادا جەنۇبىي ئافرىقا ئۇرۇشى توغرىسىدىكى تۆت قېتىملىق نۇتۇقى مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە قىلىنغان ئىش ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، چېرچىل يەنە مۇشۇ مەيداندا تۇرۇپ ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا قويغان ئەنگلىيە ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش توغرىسىدىكى لايىھەگە قارشى چىقتى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى برودېرىك جەنۇبىي ئافرىقا ئۇرۇشىدىكى تەجرىبىسىگە ئاساسەن ھەربىي خىراجەتنى كۆپەيتىشنى تەلەپ قىلدى ۋە ئالتە بىرلەشمە ئارمىيە قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش، ۋاقتى كەلگەندە دەرھال چەت ئەلگە ئەۋەتىش ئۈچۈن، ئالتە بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ ئۈچىنى تولۇق ھەربىي ھالەتتە تۇرغۇزۇش توغرۇلۇق ھۆكۈمەت نامىدىن پارلامېنتقا بىر قانۇن لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاخىرىدا بۇ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى: «دۆلىتىمىز ھەربىي جەھەتتە قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندى، بىز ئامال بار بۇ ئورۇننى ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك» دەپ جاكارلىدى. ياش پارلامېنت ئەزاسى چېرچىل قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ۋەزىرى

ئوتتۇرىغا قويغان ھەربىي خىراجەتنى كۆپەيتىش توغرىسىدىكى پىلانىغا قەتئىي قارشى چىقتى.

ئەمەلىيەتتە، چېرچىلنىڭ ئارمىيىنى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا قارشى چىقىشىدىكى مەقسەت، ئاساسلىقى ھۆكۈمەتكە ئۆزىنىڭ مۇھىم ئەرباب ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنىڭ پىكرىنى جىددىي سۈرەتتە ھېسابقا ئېلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئىدى. ئۇ خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىغۇچى قىياپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، ئىمكانقەدەر ئامما ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى تىكلىدى ۋە شۇ ئارقىلىق پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ نەزىرىدىكى ئۆزىنىڭ سالمىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى. چېرچىلنىڭ ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشقا قارشى چىققانلىق پوزىتسىيىسى ئاساسى چېك جاھانگىرلىكنىڭ مەيدانى بىلەن زىت ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن مۇستەملىكىلەرنى باشقۇرۇش بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ مەجبۇرىيىتى، دەپ قارايتتى. شۇڭا ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىي چېگرىسىدىكى، سۇدان ۋە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھەربىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشقانىدى. ھۆكۈمەتنىڭ تېخىمۇ قۇدرەتلىك ئارمىيە قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپىمۇ جاھانگىرلىكنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن ئىدى. ئەگەر چېرچىلنىڭ يۇقىرىغا ئۆرلەش مەقسىتى بولمىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى تەكلىپلەرگە قارشى چىققانلىقىنى چۈشەندۈرۈش تەسكە توختىغان بولاتتى. برودېرىك: «چېرچىل جاھانگىرلىكنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ تۆۋەن پالاتاغا كەلدى، لېكىن ئۇنىڭ جاھانگىرلىكنىڭ سىياسىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن پۇل خەجلەش نىيىتى يوق ... بۇ دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە — ئەرزان باھالىق جاھانگىرلىك سىياسىتىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ۋارىسلىق قىلغانلىقتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتتى. چېرچىل پارلامېنت ئىچىدە شۇنچىلىك كۈچلۈك ھۇجۇمغا ئۇچرىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جىنىنىڭ بارچە ھەرىكەت قىلىشى ئارقىسىدا ھۆكۈمەتنىڭ

ھەربىي خىراجەتنى كۆپەيتىش توغرىسىدىكى تەكلىپى ئاخىر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

چېرچىل شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىقتىدارغا ئىگە ئىدىكى، ئۆزىنىڭ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان سۆزمەنلىكىگە تايانغاندىن سىرت، ئەتراپىغا يەنە «پىكىرداشلار» گۇرۇھىنى توپلىدى. ئۇلار چېرچىلغا ئوخشاش نام-شۆھرەت قازىنىشقا ئۇرۇنىدىغان ياشلاردىن ئىدى. باش ۋەزىرنىڭ ئوغلى تۆرە سۇئىي سېۋىيىر بۇ گۇرۇپپىنىڭ مەشھۇر ئەزالىرىدىن بىرى بولۇپ، گۇرۇپپىنىڭ «خورىيگانس» دېگەن نامى ئۇنىڭ ئىسمىدىن كېلىپ چىققانىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ نام تۇسىنى يوقىتىپ تارالدى، كىشىلەر كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە ئۇ نامنى بىراقلا «خولىگان»[1] دەپ ئاتىدى. چېرچىل بۇ گۇرۇپپىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، دائىم ھەرقايسى پارتىيىنىڭ مەشھۇر ئەربابلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، سىياسىي مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلاتتى. 1902-يىلى ئاپرېلدا «خولىگان» جوزېف چېمبېرلىننى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدى. چېمبېرلىن خوشلىشىش ۋاقتىدا: «سىلەر، ياش مۆتىۋەرلەر، مېنى خۇددى پادىشاھنى كۈتۈۋالغاندەك ئوبدان مېھمان قىلدىڭلار. شۇڭا سىلەرگە بىباھا گۆھەرگە ئوخشاش بىر مەخپىيەتلىكنى — چېگرا بېجى توسۇقىنى ئېيتىپ بېرەي! بۇ كەلگۈسىنىڭ ھەتتا يېقىن كەلگۈسىنىڭ سىياسىي ماھىيىتى بولۇپ قالىدۇ. سىلەر ئۇنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىڭلار، پىششىق ئۆزلەشتۈرۈۋېلىڭلار ۋە ئىگىلىۋېلىڭلار. شۇنى بىلىپ قېلىڭلاركى، مېنى قىزغىن كۈتۈۋالغىنىڭلاردىن پۇشايمان قىلمايسىلەر» دېدى.

چېمبېرلىننىڭ بۇ تەشەببۇسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن،

---

[1] ئىنگلىزچە «hooligan» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، «لۈكچەك، ئافىي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەنگلىيىنىڭ سىياسىي ھاياتىدا پارتلاش خاراكتېرلىك ئىنكاس قوزغىدى. بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىش، ئۇنى جەمەتتىن دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتىنى ئۆزگەرتىۋېتەتتى. بىر قىسىم سانائەت تارماقلىرى، بىرىنچى بولۇپ جوزېف چېمبېرلىن بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئېغىر سانائەت دەرھال چېگرا بېجى توسۇقى سىياستىدىن پايدىغا ئېرىشتى، ئەمما يېنىك سانائەت ۋە كېمىسازلىق سانائىتى ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. سودا ساھەسىدىكىلەر چېگرا بېجىنىڭ پايدا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتى، ئەنگلىيىنىڭ ئىمپورت قىلىدىغان ئاشلىق باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇڭا ئۇلار ئەركىن سودا تۈزۈمىدىن ۋاز كېچىشكە قارشى تۇردى. چېرچىل ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ، ئاشكارا ھالدا چېمبېرلىنغا قارشى تەرەپتە تۇردى. ئۇ، ھۆكۈمەتنى ئېخىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرۇش ئۈچۈن چېگرا بېجى مەسىلىسىنى «دېموكراتىك كونسېرۋاتورلار ئىدىيىسى» بىلەن بىرلەشتۈردى ھەمدە 1903-يىلى 9-سېنتەبىردە چېمبېرلىن ۋە ئەركىن سودىنى تەشەببۇس قىلغان ۋەزىرلەرنى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇرلىدى.

شۇنىڭ بىلەن، باش ۋەزىر بالفوۋر يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللەشكە تۇتۇندى. بۇ چېرچىل ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەل قىلغۇچ پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى ئىدى. لېكىن، بالفوۋر چېرچىلنى بۇ ئوبدان پۇرسەت بىلەن تەمىن ئېتىشنى خالىماي، ھۆكۈمەتتىكى بىر ۋەزىرلىك ئورۇننى چېرچىل بىلەن تەڭ دېمەتلىك، لېكىن ئىستېبدات ۋە زېھنىي كۈچ جەھەتتە ئۇنىڭدىن كۆپ ئارقىدا تۇرىدىغان، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدە كېيىن يېتىلگەن سىياسىي ئەرباب بوۋنىرغا بەردى. شۇنىڭ بىلەن چېرچىل كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىن ئايرىلىپ،

لىبېرالىستلار پارتىيىسىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىش قارارىغا كەلدى.

چېرچىل 1904-يىلى مارتتىن باشلاپ ئۆزىنى «مۇستەقىل كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى» دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ نۇتۇقلىرى بارغانسېرى «سولچىل» لىشىپ كەتتى ھەم كىشىلەرنى بارغانسېرى قايمۇقتۇرۇشقا باشلىدى. بىر قېتىم ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چېگرا بېجى مەسىلىسى توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلىمەكچى بولغاندا، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىدىغان زور بىر قىسىم زاتلار باش ۋەزىرنىڭ باشلامچىلىقىدا تۆۋەن پالاتادىن چىقىپ كەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ نۇتقى لىبېرالىستلارنىڭ بولۇپمۇ داۋىد گېئورگىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. 1904-يىلى ئاپرېلدا، چېرچىل كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى بىلەن ئۈزۈل-كېسىل مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئالتە سايلام رايونى چېرچىلنى ئەركىن سودىنىڭ مۇستەقىل ھىمايە قىلغۇچىسى سالاھىيىتى بىلەن، شۇ رايونلارنىڭ كېلەر قېتىملىق پارلامېنت سايلىمىنىڭ نامزات ۋەكىلى قىلىش تەكلىپىنى بەردى. بىراق، ئۇ بۇ تەكلىپكە ئۇنچىلىك قىزىقىپ كەتمىدى. چېرچىل يۇقىرىغا تېخىمۇ تېزرەك ئۆرلىمەكچى بولىدىكەن، چوقۇم بىرەر چوڭ پارتىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا بۇ يولنى ئاخىرغىچە مېڭىش ئۈچۈن لىبېرالىستلار پارتىيىسىگە قاتناشتى.

چېرچىل كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يېڭى سىياسىي پروگراممىسىنى شەرھىيلەشكە باشلىدى. 1904-يىلى 16-مايدا مانچېستېردا سۆزلىگەن نۇتقىدا: كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنى، چوڭ كاپىتالىستلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان «كۈچلۈك ئىتتىپاق»، بۇ پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا

تۈرۈشى پارتىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇستەبىتلىك يۈرگۈزۈپ «دۆلەت ئىچىدە پارا يېگەنلىكىدىن ۋە بۇ يامان ئادەتنى يوشۇرۇش ئۈچۈن سىرتقا تاجاۋۇز قىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ». «كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ سىياسىتى» مىليونلىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، قىممەتلىك ئاشلىق، ئەمما مىليونېرلار ئۈچۈن بولسا، ئەرزان باھالىق ئەمگەك كۈچىدىن ئىبارەت»، دېدى. چېرچىل كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ پائالىيەتلىرىگە شۇنچىلىك ئېنىق باھا بەرگەندىن كېيىن، نۇتۇق سۆزلەش مۇنبىرىنىڭ ئاستىدىن كىچىكرەك بىر پارچە بولكىنى ئالدى-دە، تۆۋەندىكىلەرگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ سىياسىتى يولغا قويۇلسا، سىلەر مۇشۇنچىلىك چوڭلۇقتىكى بولكىغا ئېرىشەلەيسىلەر» دېدى. ئاندىن چوڭراق بىر پارچە بولكىنى ئېلىپ: «ئەگەر ئەركىن سودا داۋام قىلدۇرۇلسا، سىلەر مۇشۇنچىلىك چوڭلۇقتىكى بولكىغا ئېرىشەلەيسىلەر!» دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى.

شۇ قېتىمقى نۇتۇقتىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، چېرچىلنىڭ تۆۋەن پالاتادىكى ئورنى كونسېرۋاتىپلار تەرىپىدىن لىبېراللار تەرىپىگە يۆتكەلدى ۋە راۋۇخ گېئورگې بىلەن بىللە ئولتۇردى. كېيىن ئۇلار يېقىن دوستلاردىن بولۇپ كەتتى. چېرچىل گېئورگېنى «لىبېراللار پارتىيىسىنىڭ زور قوشۇنىنىڭ مەشھۇر گېنېرالى» دەپ ئاتىدى. ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇشى ۋە كۈشكۈرتۈشى ئارقىسىدا كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتى تاشقى سودا سىياسىتى مەسىلىسىدىكى كۆرەشتە پالەچ ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. 1905-يىلى 4-دېكابىردا، باش ۋەزىر بالفوۋر خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى. لىبېراللار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى كامبېل باننىرمان ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. بالفوۋرنىڭ خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئون يىل

ھاكىمىيەت سورىغان دەۋرىگە خاتىمە بەردى. كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە لىبېرالىستلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتى ئەنگلىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 17 يىل ئىچىدە لىبېرالىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى بولدى.

يېڭى باش ۋەزىر كامپبېل باننېرمان گلاسگوۋ شەھىرىدىكى چوڭ سودىگەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ ئائىلىنىڭ ئېتىقادى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىگە مايىل ئىدى. لېكىن، باننېرمان لىبېرالىستلار پارتىيىسى ئىچىدە سىياسىي جەھەتتىن ئامىتى كېلىپ تېز ئۆستى ۋە 1899-يىلى لىبېرالىستلار پارتىيىسىنىڭ سەردارى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىگە ئىدىيە ۋە ئېتىقاد جەھەتتە كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن ئىنتايىن ئوخشاپ كېتىدىغان لىبېرالىستلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئىدۋاردگىراينىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. ئاسكۇيت مالىيە ۋەزىرلىكىنى ئۈستىگە ئالدى، شۇڭا باش ۋەزىرنىڭ ۋارىسى بولدى. چېرچىلنىڭ دوستى راۋخ گېئورگې سودا ۋەزىرى بولدى. چېرچىل مۇستەملىكە ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەندى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ۋەزىر، مۇئاۋىن ۋەزىرلەرگە شەخسىي كاتىپ ئاجرىتىلىپ بېرىلەتتى، بۇ كاتىپلار ئۆز ۋەزىرلىرىگە ياردەمچى بولۇپ ئىشلەيتتى ۋە ئۇلارغا تۈرلۈك ماتېرىياللارنى تەييارلاپ بېرەتتى، بۇ ھەرگىزمۇ لاۋازىمات خاراكتېرلىك ۋەزىپە ھېسابلانمايتتى. چېرچىل ئىدۋارد ماشنى ئۆزىنىڭ شەخسىي كاتىپلىقىغا تەكلىپ قىلدى. ماش بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بولۇپ، «ئەقىل كۆرسەتكۈچى» شەخس ئىدى. ئۇ شېئىرلارنى تەھرىرلەيتتى، ئەدەبىيات-سەنئەت جەھەتتىكى بىلىمىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى. لېكىن، ئالبەتتە

ياسىنىپ يۇرىدىغان، خۇشامەتچىلىك قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ماش چېرچىل بىلەن تەڭ بىر مىنىستىرلىكتىن يەنە بىر مىنىستىرلىككە يۆتكىلىپ يۇرۇپ، تاكى 1929-يىلىغىچە ئۇنىڭ شەخسىي كاتىپى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خىزمەت مۇناسىۋىتى ئاخىرلاشقاندا، چېرچىل بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شەخسىي مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزمەسلىككە بەكمۇ دىققەت قىلدى. ئەدەبىيات-سەنئەتكە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن قىزىقىدىغان ئىستىلىستىكا ئۇستىسى ماش چېرچىلنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىنىڭ ئاخىرقى كوررېكتور نۇسخىسىنى ئوقۇپ ۋە ئۆزگەرتىپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئاشۇردى. ئىككىسىنىڭ بۇ خىل مۇناسىۋىتى ماش 1953-يىلى ئالەمدىن ئۆتكۈچە داۋاملاشتى. چېرچىل ئادەتتە ئىقتىدارلىق ۋە بىلىملىك كىشىلەرنى ئەتراپىغا يىغىشقا ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ماھىر ئىدى. ئەنگلىيىلىك بىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەر مۇتەخەسسىسى ئېيتقاندەك: «چېرچىلنىڭ تەشكىللەش ئىقتىدارى تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىدىنمۇ كۈچلۈك ئىدى».

چېرچىل مۇئاۋىن ۋەزىر بولغاندىن كېيىن، خىزمىتى ئالدىراش بولسىمۇ، ۋاقىت چىقىرىپ باش كۆتۈرمەي يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ھەر كۈنى تاڭ سەھەر ۋە يېرىم كېچىگىچە دادىسى ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن يېزىق ئۈستىلى ئالدىدا ئولتۇرۇپ يېزىقچىلىق قىلدى. ئەتراپى كۆككۈل قويۇپ تاللاپ يىغقان دادىسىنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار، زامانداشلىرىنىڭ ئەسلىمىلىرى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە يېزىشقان خەت-چەكلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. ئۇ دادىسى راندولف چېرچىلنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى پائالىيەتلىرىنى باش چۆكۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئاخىر بۇ ئەسەر 1906-يىلى يانۋاردا، ئىككى قىسىملىق كىتاب بولۇپ نەشىردىن

چىقتى. بۇ كىتاب ۋىنستون چېرچىلنىڭ يېزىقچىلىق ماھارىتىنىڭ ۋايىگە يەتكەنلىكىنى نامايان قىلدى ھەم ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

چېرچىل مۇستەملىكە ئىشلىرى مىنىستىرلىكىدە بىرىنچى بولۇپ چوڭ بىر مەسىلىنى، يەنى سابىق بۇر جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستىقبال مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتى ئۇرۇشتا يېڭىلگەن بۇرلار بىلەن 1902-يىلى 31-مايدا ئىمزالانغان سۇلھى شەرتنامىسىگە ئاساسەن، ترانسۋال جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئورانگې ئاپتونوم شتاتىنى ئەنگلىيە ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكە ئىمپېرىيىسىنىڭ خەرىتىسىگە كىرگۈزۈۋالدى. ئەمما، بۇ ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلىش چارىسى ئەمەس ئىدى. كۆپلىگەن ئەنگلىيىلىكلەر بۇ زېمىنلارغا ئادەتتىكىدەك مۇستەملىكە قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش پات ئارىدا ناھايىتى تېزلا يېڭى بىر قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش، كۈرىشىنىڭ پارتلايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇ چاغدا، چېرچىل ۋە لىبېراللار يەنىلا ئۆكتىچىلەر ئورنىدا تۇرۇپ كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ بۇ مەسىلىدىكى سىياسىتىنى كۈچەپ تەنقىد قىلدى. لىبېراللار تەختكە چىقىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقاندىكىن، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ لايىھىسىنى شۇلار ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك ئىدى.

1906-يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئىستېلا قىلىنغان بۇر جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى تەۋەسى ئىچىدىلا ئاپتونومىيە يۈرگۈزۈشكە يول قويىدىغانلىقىنى قارار قىلدى ۋە چېرچىلنىڭ تۆۋەن پالاتادا مۇۋاپىق قانۇن لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ھەمدە ئۇنى ماقۇللىتىشنىڭ ئامالىنى قىلىشنى ھاۋالە قىلدى. ئەنگلىيە سانائەتچىلىرى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ

ئالتۇن ۋە برىليانتلىرىغا كۆز تىكىپ يۇرەتتىكى بولغان بايلىقلىرىنى قېزىپ ئالسا، ئۇلارغا غايەت زور پايدا بولاتتى. ئەنگلىيە كاپىتالىستلىرى، كارخانا ئىگىلىرى ۋە ئەمگەكچى كۈچلىرىنى ئىشغال قىلىنغان دۆلەت زېمىنلىرىغا كىرگۈزۈلۈشكە شارائىت هازىرلاش ئۈچۈن، چېرچىل پادىشاهقا يوللىغان دوكلاتىدا: «مۇستەملىكىدىن مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدىكى هۆكۈمەتكە ئۆزگىرىش ئەنگلىيە كۆچمەنلىرىگە پايدىلىق» دەپ يازدى. ئەنگلىيە هۆكۈمىتى بىلەن بۇرلار ئۆتكۈزگەن سۆهبەتنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسەن، پارلامېنت 1909-يىلى بۇيرۇق ماقۇللاپ، تۆت ئۆلكىدىن تەركىب تاپقان جەنۇبىي ئافرىقا ئىتتىپاقى قۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ بۇيرۇق 1910-يىلى 31-مايدا كۈچكە ئىگە بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جەنۇبىي ئافرىقا برىتانىيە ئىمپېرىيىسى سىستېمىسىنىڭ دومىنئونى بولۇپ قالدى. دەسلەپ كانادا، ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيىمۇ بۇ خىل مەرتىۋىگە ئىگە بولدى.

چېرچىل بۇرلارنىڭ سەردارى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى مۇتلەق كۆپچىلىك ئاهالىنىڭ يەنى يەرلىك نېگىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىۋەتتى. يەرلىك ئاهالە — نېگىرلارنىڭ هېچقانداق هوقۇقى يوق ئىدى. گوللاندىيىلىكلەرنىڭ پۇشتى بۇرلار ئىستىبدات ۋە مۇستەبىتلىك ئۇسۇل بىلەن يەرلىك ئاهالىلەرگە هۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى ۋە ئۇلارنى دەهشەتلىك تۈردە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. ئەنگلىيە لىبېرالىستلىرى بۇرلار تەرەپتە تۇرۇپ يەرلىك ئاهالىلەرگە قارشى تۇردى. يەرلىك ئاهالىلەر ناهايىتى تېزلا ئۆزىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدى ھەمدە 1912-يىلى سىياسىي هوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان تەشكىلات — ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنى قۇردى.

چېرچىل مۇستەملىكە ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرى بولغاندىن كېيىن، جەنۇبىي ئافرىقا مۇستەملىكىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتتى. بىر

كۆنى، ئۇ ئاددىيراق ئۆتكۈزۈلگەن خۇسۇسىي زىياپەتتە بۇر دېھقانلىرىنىڭ رەھبىرى لوئىس باۋسا ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ۋە بۇ مېھمانغا جەنۇبىي ئافرىقا ئۇرۇشى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئەسىرگە چۈشكەنلىك جەريانىنى سۆزلەپ بەردى. باۋسا ئەپەندى بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىستۇرماي، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. چېرچىل گېپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، باۋسا: «جانابلىرى، سىز مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟ مەن سىزنى ئەسىرگە ئالغان ھېلىقى ئادەم بولىمەن» دېدى. ئۇنىڭ كۆلۈپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرىدىن بىر خىل ناماقۇللۇق چىقىپ تۇراتتى. شۇ كۈنى باۋسا بايراملىق ئاق كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، چېرچىل ئەينى يىللىرى تانال جەڭ مەيدانىدا كۆرگەن تېرىسى قارا، ئېگىز بوي ئادەمگە زادى ئوخشىماي قالغانىدى. لېكىن، شۇ ئاجايىپ بىر ئىشنىڭ بولغانلىقىدا قىلچە شەك يوق ئىدى. ئەينى چاغدا لوئىس باۋسا بۇر خەلق ئارمىيىسىنىڭ ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن ناتالغا كىرگەن ۋە شۇ كۈنى تۇنجى قېتىم ئۇرۇشقا قاتناشقان، بۇيرۇق بويىچە ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنى قوغلاپ زەربە بېرىۋاتقاندا، ئۇ ئاتنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، گوللاندىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭغان، شۇنداق قىلىپ، چېرچىل بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدى. ئۆتمۈشتىكى رەقىبلەر مانا بۈگۈن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى. 1906-يىلى باۋسا ترانسۋال جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇنجى باش مىنىستىرى بولۇپ سايلاندى، شۇنىڭدىن كېيىن باۋسانىڭ بۇ مۇستەملىكە ۋەزىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى.

چېرچىل مۇستەملىكە ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرى بولغاندىن كېيىن، كۈندۈزلىرى دۆلەت ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئۆتسە، كېچىلىرى ئىجتىھات بىلەن يېزىقچىلىق قىلدى، خىزمىتى شۇنچىلىك ئالدىراش بولسىمۇ، ئالاقىسى تېخىمۇ كېڭەيدى، شۇنداق قىلىپ، چېرچىل ئامىتى ئوڭدىن كېلىپ، ئەمىلى تېز ئۆسىدىغان يولغا قەدەم قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىنى ئادرېسى

## ئالتىنچى باب

# ئامىتى ئوڭ كېلىپ تېز ئۆسۈش

1906-يىلى يانۋاردا، ئەنگلىيىدە چوڭ سايلام ئۆتكۈزۈلدى، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى بىلەن لىبېراللار پارتىيىسى سايلام بېلىتى تارتىش مەسىلىسىدە كەسكىن كۈرەش قىلدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى چېرچىلنىڭ قارشى تەرەپكە تەسلىم بولۇپ، ئۆز تەرىپىگە قارشى تۇرغانلىق ھەرىكىتىنى باھانە قىلىپ، شىددەتلىك ھوجۇمغا ئۆتتى. ئۇلار ئىلگىرى چېرچىلنىڭ قانداق قىلىپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنى ماختاپ، يەنە تەپ تارتماستىن لىبېراللار پارتىيىسىگە بوھتان چاپلىغان نۇرغۇن سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈردى ھەمدە شۇ سۆزلىرىگە ئۇنىڭ چۈشەنچە بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. چېرچىل ئۆزىگە قىلىنغان بۇ ھوجۇملارغا ئىمكانقەدەر پۇتۇن كۈچى بىلەن رەددىيە قايتۇرۇپ: «مەن كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىكى ۋاقتىمدا بىر مۇنچە ئەخمىقانە سۆزلەرنى قىلغانىكەنمەن، لېكىن بۇنى كېيىن چۈشەندىم، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئەخمەق پارتىيە ئىكەنلىكىنى بىلىپ دەرھال چېكىنىپ چىقتىم» دېدى.

چېرچىل بۇ قېتىمقى سايلامدا «ئەركىن سودا» بايرىقىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈردى ھەمدە شۇ ئارقىلىق كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىگە قارشى قايتۇرما زەربىگە ئۆتتى. نەتىجىدە، ئۇ 1241 بېلەتلىك كۆپ ئاۋاز بىلەن يەنە پارلامېنت ئەزالىقىغا

سايلاندى. بۇ قېتىمقى سايلامدا لىبېرالىستلار پارتىيىسى ھەممىنى بېسىپ چۈشكۈدەك تولۇق غەلىبىگە ئېرىشىپ، يېڭىدىن تەشكىللەنگەن تۆۋەن پالاتادا 400 ئورۇنغا ئىگە بولدى، بۇ ئۆزىدىن باشقا بارلىق پارتىيىلەرنىڭ تۆۋەن پالاتادا ئىگىلىگەن ئورنىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىنمۇ كۆپ ئىدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ئاران 157 ئورۇنغا ئىگە بولدى.

1906-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن سايلامنىڭ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىر ئالاھىدىلىكى، ئىشچىلار ۋەكىلىي يېڭى پارلامېنتتا 3 ئورۇنغا ئىگە بولدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپ ئورۇن 1900-يىلى قۇرۇلغان ئىشچىلار ۋەكىللىرى كومىتېتى كۆرسىتىپ بەرگەن ۋەكىللەر قولىغا كەلتۈردى. ئىشچىلار ۋەكىللىرىنىڭ سايلامدا غەلىبە قىلىشى ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر مۇستەقىل كۈچ سۈپىتىدە سىياسىي كۈرەش سەھنىسىگە چىققانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇنىڭدىن ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ قالغان چېرچىل گلاسكوۋدا سۆزلىگەن بىر نۇتقىدا: «ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپى ئۆزىنىڭ سىياسىي پارتىيىسىگە موھتاج ئەمەس، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋەكىللىك قىلىدۇ» دەپ چىڭ تۇردى. ئۇ يەنە: «ئەمگەك، بۇ بىر ئۇلۇغ سۆز، ئۇنداقتا، كىم ئەمگەكچىلەرگە ۋەكىللىك قىلىشقا ھوقۇقلۇق؟ مېنىڭچە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەرقانداق بىر تەشكىلاتقا قارىغاندا، ئەمگەكچىلەرگە ۋەكىللىك قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولۇشى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەمگەكچىلەر ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىپ تۆۋەن پالاتاغا قاتناشتۇرۇشى كېرەك» دېدى. چېرچىل كېيىن ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنىدىن ناھايىتى نۇرغۇن ئىشچىلارنىڭ ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىنى تەشەببۇس قىلىپ، مۇستەقىل كۈرەش قىلىش يولىدا ماڭىدىغانلىقىنى ھەمدە ئىنقىلابنىڭ ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئامما ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي

www.uyghurkitap.com

ھەرىكەتلەرنى قەتئىي ئىنكار قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇڭا چېرچىل: «زورلۇق كۈچكە بېرىپ تاقىلىدىغان ھەرقانداق بىر ھەرىكەت، ئۈستۈنلۈكنى بېسىپ چۈشىدىغان كۈچنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىشى تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ . . . بەلكى بۇ خىل قارشىلىق شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرىكەتلەرنى دەپنە قىلىۋېتىدۇ» دېدى.

ئەمما، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇش، ئىشچىلار سىنىپىنى ئالداش ئۈچۈن، چېرچىل سوتسىيالىزمنىڭ خەيرخاھلىق قىلغۇچىسى قىياپىتىدە مەيدانغا چىقتى. ئۇ، مونوپول قىلىشنىڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە قارشى تۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا ئارىلىشىشىنى ۋە نازارەت قىلىشىنى، زاپاس خوجايىنلىق سالاھىيىتى بىلەن ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە ئارىلىشىشىنىڭ ئامال-چارىسىنى ئىزدىشىنى، تۆمۈر يولنى دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈپ، ئىجتىمائىي ئىستراخوۋانىيىنى دۆلەتنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. لېكىن، كۆزى روشەن كىشىلەر چېرچىلنىڭ بازارغا سالغان بۇ ئىدىيىلىرىنىڭ مەيلى ئۆزىنىڭ ياكى دادىسىنىڭ ئېتىقادى بىلەن بولسۇن بىر-بىرىگە زىت ئىكەنلىكىنى بىرلا قاراپ بىلىۋالاتتى. چېرچىلنىڭ يېقىن دوستى F. E سىمىت ئېيتقاندەك: «سوتسىيالىزمچىلار چېرچىلنىڭ ئىسمىنى ئەڭ ياخشىسى قارشى ئالماسلىقى كېرەك. چۈنكى، راست گەپنى قىلغاندا، چېرچىل سوتسىيالىزمچىلار سۇ ئۈزۈشكە باشلىغاندا ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى ئوغرىلاپ كېتىدۇ.»

چېرچىلنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى ئەنگلىيە ئاقسۆڭەكلىرى ۋە باي ھەم تەسىر كۈچى بار كىشىلەرنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئۇلار، ئەگەر چېرچىل ھوقۇق ئىگىلىسە پۈتۈن كۈچى بىلەن

ئەنگلىيە كاپىتالىزمىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ھۆكۈمران بولۇش نىيىتىنى ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن ئەڭ زىچ بىرلەشتۈرەلەيدۇ، دەپ قارايتتى. پادىشاھ ئېدۋارد VII نىڭ يېقىن بىر ئادىمى 1906-يىلى 15-ئاۋغۇستتا چېرچىلغا يوللىغان خېتىدە: «پادىشاھ ئالىيلىرى شۇنى خۇشاللىق بىلەن قەيت قىلىپ ئۆتتىكى، ئەگەر سىز دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى پارتىيىنىڭ قارشى ئۈستىگە قويالايدىغان بولسىڭىز، سىز چوقۇم ئىشەنچلىك ۋەزىر شۇنداقلا بىر كەسكىن سىياسىي ئەرباب بولالايسىز» دەپ يازدى. بۇ دەل چېرچىلنىڭ كېچە-كۈندۈز ئارزۇ قىلىۋاتقان تىلىكى ئىدى.

ئىككى يىلدىن كېيىن، تاسادىپىي بىر پۇرسەت چېرچىلنىڭ ھوقۇقنى تارتىۋېلىشىغا تۈنجى ئاساسنى سېلىپ بەردى. 1908-يىلى ئاپرېلدا، كامبېل باننېرمان كېسەل سەۋەبىدىن خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى. ئاسكۋىت باش ۋەزىر بولدى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. يېڭى باش ۋەزىر چېرچىلنى دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەش تەكلىپىنى بەردى. چېرچىل «قوشۇلىمەن» ۋە «قارشى تۇرىمەن» دىن ئىبارەت ئىككى خىل جاۋابنىڭ پايدا-زىيىنىنى دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن، باش ۋەزىرنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى. چۈنكى قاچان ئۇرۇش باشلىنىدۇ، تېخى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دېڭىز ئارمىيىسى مىنىستىرلىكى قىسقىغىنا مۇددەت ئىچىدە مىجەزى ئالدىراقسان چېرچىلنىڭ «ئىقتىدارىنى كۆرسىتىش» كە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلمەيتتى، چېرچىل ئاخىر ئەينى چاغدا ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى تاللىدى. سودا مىنىستىرلىكىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، چېرچىلنىڭ نەزىرىدە بۇ ئۆزىنىڭ

داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلىشى ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك شوتا بولالايتتى.

سىياسىي ھاياتىدا قولغا كەلتۈرگەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغۇدەك بەزى نەتىجىلىرى چېرچىلنى تولۇق ئىشەنچكە ئىگە قىلدى ۋە تەقدىرى ئۇنىڭ «پارلاق كېلەچەك»نى بەلگىلىدى. چېرچىل شۇ يىللىرى ناپولېئونغا تېخىمۇ بەكرەك قىزىقىپ قالدى، دېمىسىمۇ ئۇ فرانسىيىنىڭ بۇرژۇئازىيە سىياسىئونى بولغان بۇ ھۆكۈمرانى ۋە ھەربىي ئالىمىغا ئىچ-ئىچىدىن قايىل ئىدى. شۇڭا سودا مىنىستىرلىكىگە كېلىپلا ئۆزىنىڭ يېزىق ئۈستىلىگە ناپولېئوننىڭ كىچىك مىس ھەيكىلىنى قويۇپ قويدى، كېيىن بۇ ھەيكەل ئىگىسى بىلەن بىللە بىر مىنىستىرلىكتىن يەنە بىر مىنىستىرلىككە يۆتكىلىپ يۈردى.

سودا ۋەزىرىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ھەقىقەتەن ناھايىتى كەڭ ئىدى، ئۇ سودا مەسىلىسىگە ئارىلىشىپلا قالماستىن، بەلكى سانائەت، ترانسپورت، ئىشچىلار مەسىلىسى ھەمدە پاتېنت ۋە ئاپتور ھوقۇقى قاتارلىق مەسىلىلەرگىمۇ ئارىلىشالايتتى، شۇنداق قىلىپ، چېرچىلنىڭ باشقۇرۇشىدىكى بۇ مىنىستىرلىكنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى ئۇنىڭغا شارائىت يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى يەنە كۆپلىگەن ئالاقىدار ساھەلەرگە قاتنىشىش، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. چېرچىل ئۆزىگە ئىستىقبالى پارلاق سىياسىي ئەربابقا خاس ئىناۋەت تىكلەش ئۈچۈن، بۇ ئىمكانىيەتلەردىن پائال تۈردە پايدىلاندى.

مەملىكەت ئىچىدىكى سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى ئەنگلىيە ھۆكۈمران سىنىپىنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. لىبېرالىستلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتى زىددىيەتلەرنى پەسەيتىش ئۈچۈن، داۋاملىق ھالدا بىر قاتار خېلى

چوڭ يول قويۇشلارغا ھازىرلىق كۆردى. چېرچىلنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە، خىزمەتكە تونۇشتۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشسىزلىق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ۋە كۈچىيىپ قالغان ۋەھىمىلىك كەيپىياتنى مەلۇم دەرىجىدە پەسەيتىش قولىدىن كېلەتتى. خىزمەتكە تونۇشتۇرۇش ئورۇنلىرى ئىشسىزلارنىڭ خىزمەت تېپىشىغا، كارخانا ئىگىلىرىنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى ياللىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە، بەزى جايلاردا ئىشسىزلار بار، بەزى جايلاردا ئەمگەك كۈچى يېتىشمەيدىغان ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى. خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئەمگەك كۈچلىرى مەنبەسىنىڭ جانلىقلىقىدىن پايدىلىنىش كۈچەيگەن ھەم كارخانا ئىگىلىرىنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىزدەش ئۈچۈن كېتىدىغان خىراجەتنى كېمەيتىش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلغانىدى. 1909-يىلى سېنتەبىردە، چېرچىل ۋىلىيام بېۋېرىجنى سودا مىنىستىرلىكىگە تەكلىپ قىلىپ، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش ئورنىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، ۋىلىيام ئىجتىمائىي ئىسلاھات جەھەتتە ئاتاقلىق شەخسلەردىن بولۇپ قالدى.

چېرچىل خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش ئورنىنىڭ قانۇنىنى تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىشسىزلىق سۇغۇرتا قانۇنىنىمۇ تۈزدى. ياشانغانلار ئۈچۈن پېنسىيە پۇلى بەلگىلىدى. يەنە مەجرۇھ سۇغۇرتىسى، كېسەل سۇغۇرتىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا مەجرۇھ بولغانلار سۇغۇرتىسى قاتارلىقلارنىمۇ بەلگىلەپ چىقتى. ئىشچىلار سىنىپىنى لىبېراللار پارتىيىسى تەرەپكە تارتىش ئۈچۈن چېرچىل بىلەن گېئورگي جېنىنىڭ بارىچە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى يولغا قويۇپ، ئىشچىلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈردى ھەمدە شۇ چاغدىكى ئەنگلىيە سىياسىي سېپىنىڭ سول قانىتىدا تۇرغان لىبېراللار پارتىيىسىنىڭ بىتەرەپلىكىنى

ساقلاپ قالدى. ئاتاقلىق ئانىم گالۋي: چېرچىل بىلەن گېئورگېنىڭ ئىستراتېگىيىسى «ئالدى بىلەن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تەلىپىنى ئويلاش» ھەمدە ئىشچىلار سىنىپىغا لىبېراللار پارتىيىسىگە قارىغاندا لىبېراللار پارتىيىسىدىن تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى، دەپ كۆرسەتتى.

كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى چېرچىل بىلەن گېئورگېنى بولۇشىچە مەسخىرە قىلىپ، ئاددىي خەلقتىن كېلىپ چىققان راۋۇخ گېئورگېنى «كرېئان»، ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ۋىنستون چېرچىلنى «ئالسباد» دەپ ئاتىدى. كېيىن بۇ ئىككى لەقەم ئۇلارغا سىڭىپ كەتتى. كرېئان مىلادىدىن ئىلگىرى 5-ئەسىردە ئۆتكەن ئافىنادىكى بىر موزدۇز بولۇپ، قەدىمكى دەۋردىكى ئاددىي خەلقلەر رەھبەرلىك گۇرۇھىنىڭ دەسلەپكى ۋەكىلى بولغان؛ ئالسباد ئافىنا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ خائىنى، كۆپ قېتىم ئافىنا ۋە سپارتاغا ئاسىيلىق قىلغان ھەم ئۆز قىلغانلىرىغا نەچچە قېتىم پۇشايمان يېگەنىكەن. «ئەنگلىيىنىڭ 20-ئەسىردىكى كرېئان ۋە ئالسباد» لىرى دەپ ئاتالغان گېئورگې بىلەن چېرچىل قىيامەتلىك يېقىن دوستلاردىن بولۇپ، ھەرقانداق چاغدا بىللە يۈرەتتى. لېكىن، كۆزى ئۆتكۈر كىشىلەر بۇ ئىككىيلەننىڭ ئاسكۇيتتىن كېيىنكى باش ۋەزىرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە لىبېراللار پارتىيىسى رەھبىرىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن ئاستىرتتىن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

چېرچىلنىڭ ئىشلىرى سودا مىنىستىرلىكىدە كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشۈپ، ھەم سودىنى، ھەم ئىشچىلارنى باشقۇردى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتمەي، ئۇ باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان سودا مىنىستىرلىكى ماھىيەتتە ھەم ئىشچىلار مىنىستىرلىكىگە ئايلىنىپ قالدى. سودا مىنىستىرلىكىنىڭ

فۇنكسىيىسى كېڭىيىپ پارلامېنت ۋە ئىچكى كابىنېتنىڭ رەسمىي رازىلىقىنى ئالدى. پارلامېنت مەخسۇس ھۆججەت چىقىرىپ، مەزكۇر مىنىستىرلىكنىڭ ۋەزىرىنىڭ ئايلىق مائاشىنى 2000 فوند ستېرلىڭدىن 5000 فوند ستېرلىڭغا كۆپەيتتى. شۇنداق قىلىپ، سودا ۋەزىرى بىرىنچى دەرىجىلىك ۋەزىرلەر قاتارىغا ئۆتتى. لېكىن، چېرچىل سودا ۋەزىرىنىڭ مائاشىنى ئۆستۈرگەنلىك توغرىسىدىكى قارارنىڭ باشقىلار ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىغا كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن كۈچكە ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭ بۇ پوزىتسىيىسى كىشىلەرنى كۈچلۈك تەسىرلەندۈردى.

چېرچىل قاتارلىقلارنىڭ يولغا قويغان ئىسلاھاتى ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. يۇقىرى پالاتانىڭ ئارىلىشىشىنى توسۇش ئۈچۈن، ئىچكى كابىنېت يۇقىرى پالاتانىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى چەكلەش توغرىسىدىكى قارار لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۆۋەن پالاتانىڭ مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىشىغا تاپشۇردى. چېرچىل بۇ مەسىلىدىكى كۈرەشكە قاتناشتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۇنچىلىك ئاددىي ئىش ئەمەس ئىدى. بۇ ھەقتە قايتا-قايتا ئويلىنىپ، پايدا-زىياننى دەڭسەپ كۆرگەنىدى. چۈنكى ئۇنىڭ يۇقىرى پالاتاغا قارشى تۇرۇشى ئۆزى تۇغۇلغان، ئۆسۈپ يېتىلگەن گۇرۇھقا قارشى چىققانلىق بىلەن باراۋەر ئىش ئىدى. دېمىسىمۇ بۇ گۇرۇھ ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ھەربىي، ئاخبارات ساھەسى ۋە سىياسىي ساھەلەردە ئىستىقبال تېپىشتىكى ئىشەنچلىك ھىماتى بولغانىدى. كىنەز مالبورو جەمەتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاقسۆڭەكلەرنى دېگۈدەك بىر-بىرى بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان ۋاسىتە ئىدى. چېرچىلنىڭ يۇقىرى پالاتاغا قارشى تۇرۇشى بۇ مۇرەككەپ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاشلىدى. كىشىلەر ئۇنى «ئائىلىسىنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزدى» ، «خائىن» دەپ

يىبلىدى، ئاقسۆڭەك ئائىلىلىرىنىڭ دەرۋازىلىرى ئۇنىڭغا گۇپلا قىلىپ يېپىلدى. چېرچىل ئۆزىنى نېمە ئىشلارنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ يۇقىرى پالاتاغا قارشى تۇرۇش مەيدانىدىن بىر قەدەممۇ چېكىنمىدى؛ كەلگۈسىنىڭ تۆۋەن پالاتاغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقى چېرچىلنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى.

لىبېراللار پارتىيىسى ئېلىپ بارغان «ئىجتىمائىي ئىسلاھات» ئەمەلىيەتتە «گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق» ئىش بولۇپ، كەڭ ئەمگەكچى خەلق ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى ئامما ھېچقانچە پايدىغا ئېرىشەلمىدى، شۇڭا 1910-يىلى فېۋرالدا ئۆتكۈزۈلگەن سايلامدا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. پارلامېنتتا لىبېراللار پارتىيىسىنىڭ ئورنى 400 دىن 275 كە چۈشۈپ قالدى، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ 157 دىن 273 كە يەتتى. ئىرېلاندىيە مىللەتچىلىرى 82 ئورۇنغا، لېيبورىستلار پارتىيىسى 40 ئورۇنغا ئىگە بولدى. شۇنداق قىلىپ، لىبېراللار پارتىيىسى كۆپ سانلىق ئورنىدىن ئايرىلىپ قالدى، پەقەت ئىرېلاندىيە ئاپتونومىيىچىلىرى بىلەن لېيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئاران ھەرىكەت قوللىنالىدى. بۇ ئۆزىنىڭ پۇت-قولىنى چۈشەپ قويغانغا باراۋەر ئىش ئىدى.

سايلامدىن كېيىن، لىبېراللار پارتىيىسىدىكىلەر داۋاملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. باش ۋەزىر ئاسكۇئىتنىڭ نەزىرىدە: ھۆكۈمەتنى ئۇزۇل-كېسىل ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنىڭ ھاجىتى يوق، پەقەت ئىرېلاندىيە ئىشلىرى ۋەزىرى بىلەن ئىچكى ئىشلار ۋەزىرىنى ئالماشتۇرۇۋەتسىلا بولاتتى. ھۆكۈمەت پارلامېنتتا ئىرېلاندىيە ئاپتونومىيىچىلىرىگە تايىناتتى، شۇڭا ئىرېلاندىيىنىڭ ئاپتونومىيە مەسىلىسىنى قايتا ئويلاشماي بولمايتتى. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىش تاشلىشى ۋە

باشقا ھەرىكەتلەرنى قىلىشى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ، بارغانسىرى ئۆتكۈرلىشىپ كېتىۋاتقاچقا، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى كەسكىن ئىش قىلىدىغان بىر ئادەمگە موھتاج ئىدى. ئاسكۋىت چېرچىلغا بۇ ئىككى ۋەزىپىنىڭ بىرىنى تاللىشىنى تەكلىپ قىلدى. ئىرېلاندىيە مەسىلىسى ھەم مۇرەككەپ، ھەم قىيىن بولۇپ، تالاي ۋەزىرلەر بۇ مەسىلىدە پەشۋا يەپ كەتكەنىدى. چېرچىل بۇنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. شۇڭا ئىرېلاندىيە ئىشلىرى ۋەزىرلىكىنى تاللىسا پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ نام-ئابرۇيىنىمۇ ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ قالغان چېرچىل، ئاخىر ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ۋەزىرلىكىنى تاللىدى.

شۇنداق قىلىپ، چېرچىل 35 يېشىدا ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى بولدى. ئەينى چاغدا، ئەنگلىيىدە ئىچكى ئىشلار ۋەزىرىنىڭ ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ بولاتتى. پۈتۈن تۈرمىلەر ۋە ياش-ئۆسمۈر جىنايەتچىلەر لاگېرى، لوندون ساقچى ئىدارىسى ۋە ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى، شۇنىڭدەك چەت ئەل مۇھاجىرلىرى، تاشيول، كۆۋرۈك، قانال، كان، يېزا ئىگىلىك، بېلىقچىلىق، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش، ئىجتىمائىي ئەخلاق قاتارلىقلارنى نازارەت قىلىش مۇشۇ مىنىستىرلىكنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى ئىشلار ئىدى. بۇ مىنىستىرلىك پارلامېنتنى تەشكىللەش سايلىمىدىمۇ مۇئەييەن ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، پادىشاھقا جىنايەتچىلەرنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرەلەيتتى. ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى شاھزادە ۋە مەلىكىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش مۇراسىملىرىغا قاتنىشىشى، ئادەتتە تەخت ۋارىسى ۋە يېڭى پادىشاھنىڭ تەختكە چىققانلىقىنى تەنتەنىلىك ھالدا جاكارلىشى كېرەك ئىدى. بۇ ۋەزىپىلەردىن باشقا، يەنە چېرچىلغا پارلامېنتتىكى بەس-مۇنازىرىلەرنىڭ كۈندىلىك خەۋىرىنى

www.uyghurkitap.com

پادىشاھقا يەتكۈزۈپ تۇرۇش ۋەزىپىسىمۇ تاپشۇرۇلدى. ئۇ بۇ ۋەزىپىلەرنى خۇشاللىق بىلەن ئادا قىلدى.

چېرچىل ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ۋەزىرلىكىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىللىرى ئىشچىلار بىلەن كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ كېتىۋاتقان سىنىپىي كۈرەش ئۇنىڭ ھەممىدىن بەكرەك باش قاتۇرىدىغان مەسىلىسىگە ئايلاندى. 1910-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، چېرچىلنىڭ ئېتىقاد ۋە قىزىقىشىدا ئۆزگىرىش بولدى. شۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتقا بولغان ۋاقىتلىق ئەمما يۈزەكىي قىزىقىشلىرىدىن قىلچە ئەسەر قالمىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، لىبېراللىستلارغا ئىشچىلارغا ئېتىبار ۋە غەمخورلۇق قىلىش تەكلىپىنى بەردى. ئەمما كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتقان سىنىپىي كۈرەش چېرچىلنى ئىشچىلارغا بارغانسېرى ئۆچ قىلىۋەتتى. ئاقىۋەت، ئەنگلىيە ئەمگەكچى خەلقى چېرچىلنىڭ قانداقلىقىنى تونۇپ يەتتى ۋە مەيلى ئۇ قانداقلا قىلسۇن ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ قوغدىغۇچىسى ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئىزچىل تۈردە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەڭ جاھىل دۈشمەنلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

چېرچىل ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى بولغاچقا، زورلۇق كۈچ ئارقىلىق ئىش تاشلاشنى باستۇرۇش بىلەن بىۋاستە ئالاقىسى بار ئىدى. ھەر خىل نەشر نۇسخىسىدا ئەسەر ئېلان قىلغان چېرچىلنىڭ بىئوگرافلىرىمۇ بەزى ئىشلارنى ئەسلەپ: «چېرچىل ئىش تاشلاشنى زورلۇق كۈچ بىلەن باستۇرۇشنىڭلا كويىدا بولدى. بەزى چاغلىرى كەسكىن ۋاستە قوللىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىغاندىمۇ، قالايمىقان زورلۇق كۈچى ئىشلەتتى» دېگەنىدى. 1910-يىلى نويابىردا ۋېلىس كان ئىشچىلىرى بىلەن كۆمۈر كان شىركىتى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى. ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈش

توغرىسىدىكى تەلىپى پۈتۈنلەي ھەققانىي ئىدى. كاپىتالىستلار ئىشچىلارنىڭ تەلىپىگە قارىتا ئىش تاشلىغان ئىشچىلارنى مەجبۇرىي ئىشتىن بوشىتىۋېتىش ھەمدە ساقچى تەرەپ قوغدايدىغان ئىشچىلار ئاسىيلىرىنى ئىش تاشلىغان رايونغا ئەۋەتىش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇردى. ئىشچىلار ئۆزىنىڭ تەرتىپ ساقلاش ھوقۇقىنى ئىشلىتىپ، ئىشچىلار ئاسىيلىرىنىڭ ئىش تاشلىغان بازىلارنى ئىگىلىۋېلىشىغا يول قويماسلىق ئىشىدا ساقچىلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. كەسكىن توقۇنۇش ناھايىتى تېز لا گىرەلەشمە ئېلىشىشقا ئايلىنىپ كەتتى. ساقچى تەرەپ تەرتىپنى ساقلاش ئېھتىياجىدىن زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ ساقچىلارنى ئىشقا سالدى، ئۇلار قورال ئىشلىتىپ ئىشچىلارنى شەپقەتسىزلەرچە قىرغىن قىلدى. لوندوندىن ئىش تاشلىغان رايونغا 1000 نەپەر ساقچى ئەۋەتكەن چېرچىل يەنە بۇنى ئاز كۆرۈپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ قوشۇن ئەۋەتتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، چېرچىل يەنە لوندوندا ساقچىلارنى ئىشقا سېلىپ ئاياللارنىڭ نامايىشىنى باستۇردى. 1910-يىلى 18-نويابىر، ئاياللارنىڭ سىياسىي ئورگانلارغا ئارىلىشىش پائالىيىتىنىڭ قوللىغۇچىلىرى لوندوندا يىغىلىش ئۆتكۈزدى، ئاندىن بىر پارچە مۇراجىئەتنامىنى باش ۋەزىرگە تاپشۇرۇش ئۈچۈن پارلامېنت بىناسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئادەم سانى 300 دىن ئاشمايتتى. لېكىن، پارلامېنت ئەتراپىغا 1200 ساقچى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاياللار ئاگاھلاندۇرۇش سىزىقىدىن بۆسۈپ چىقىشقا ئۇرۇندى، نەتىجىدە، ئاياللار ساقچىلارنىڭ بىر قانچە سائەت داۋام قىلغان ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىدى، بۇ ۋەھشىيانە ھەرىكەت دەرھال شەھەر ئىچىدە كۈچلۈك غەزەپ - نەپرەت قوزغىدى.

ئەڭ قىزىقى، 1910-يىل دېكابىردا، لوندوننى بىر مەھەل

زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن مەرۋايىت دۇكىنىنى بۇلاش ۋەقەسى يۈز بەردى. ئاقىۋەت ئۈچ نەپەر ساقچى نەق مەيداندىلا ئۆلدى، قالغان ئۈچ ساقچى ئېغىر دەرىجىدە يارىدار بولدى. ئوق چىقارغۇچىلار يوشۇرۇنۇۋالدى. بۇ جىنايى ھەرىكەت چوڭ غۇلغۇلا قوزغىدى. چېرچىل بۇ دېلونى تەكشۈرۈپ - ئېنىقلاپ چىقىشقا شەخسەن ئۆزى رەھبەرلىك قىلدى. ساقچىلار تاپانچا ۋە مىلتىق بىلەن قوراللاندۇرۇلدى. 1911-يىلى 3-يانۋاردا چېرچىل تاپشۇرۇۋالغان دوكلاتتا: ساقچىنى ئۆلتۈرگەنلەر سىدنى كوچىسى 100-نومۇرلۇق قورۇدا، ئۇلار مۇھاسىرىگە ئېلىندى، دېيىلگەنىدى. ساقچىلار: جىنايەتچىلەر پات-پات ئوق چىقىرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. قارىغاندا، ئۇلار خېلى كۆپ ئوق-دورا تەييارلىۋالغان ئوخشايدۇ، ئۇلار كىرىۋالغان ئۆيدە زادى قانچىلىك ئادەم بار، ھېلىغىچە بىلەلمىدۇق، دەپ دوكلات قىلدى. چېرچىل دەرھال بۇيرۇق چۈشۈردى، بىر پەستىلا سىدنى كوچىسىغا قوشنا كوچا بىر نەچچە يۈز ساقچى بىلەن ئەسكەرلەرگە توشۇپ كەتتى، ھەتتا تىۋىل قورال-ياراغ ئىسكىلاتىدىن زەمبىرەك كەلتۈرۈلدى.

چېرچىل بۇ «زور جەڭ» گە شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلىشنى قارار قىلدى. ئۇ ئۈچىسىغا خۇرۇم ياقىلىق پەلتو، بېشىغا پۆپۈكلۈك شىلەپە كىيىپ، ھەرىكەت باشلاش ۋاقتىسىغا يېتىپ كەلدى. مۇھاسىرىدە قالغۇچىلار بىلەن پەرۋاسىزغىنا ئېتىشىۋاتقان ساقچىلار ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا چېرچىلنىڭ جىددىي قىياپىتى تولىمۇ كۈلكىلىك ئىدى. ئۇ دەرھال جىددىي ھەرىكەت قوللىنىپ، ياردەمگە كېلىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ بۇ يەرگە سالامەت يېتىپ كېلىشىگە قانداق كېپىللىك قىلىش توغرۇلۇق مۇھاكىمە قىلدى ۋە ئۆزلىرىگە قارىتىپ ئوق چىقىرىۋاتقان ئۆينى قانداق ئىگىلەشنىڭ پىلانىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئۆيدە زادى قانچىلىك ئادەمنىڭ بارلىقىنى بىلىش

ئۆلارغا تولىمۇ تەسكە توختىدى. ئاخىر ئۆيگە ئوت قويۇۋەتتى، ئوق چىقارغۇچىلار ئامالسىز ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. نەق مەيدانغا يېتىپ كەلگەن ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى ئۆچۈرۈشكە ئاتلاندى، لېكىن ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى چېرچىل ئوتنى ئۆچۈرمەسلىك توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بىر پەستىلا ئۇنچىلىك چوڭ بولمىغان بىنا كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كەتتى، ئاخىر ئوتتا ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئۆينىڭ خارابىسىدىن كۆيگەن ئىككى جەسەت تېپىلدى. ئەسلى، چېرچىلنىڭ شەخسەن ئۆزى قوماندانلىقىدىكى ساقچىلار ۋە زەمبىرەك بىلەن قوراللانغان قوشۇننىڭ قۇدرەتلىك ئوت كۈچى ئاران ئىككى نەپەر «قەيسەر دۈشمەن» گە تاقابىل تۇرغاندى.

چېرچىلنىڭ بۇ كۈلكىلىك ھەرىكىتى گېزىتلەرنىڭ قاتتىق مەسخىرىسىگە ئۇچرىدى. مۇخبىر بۇ ۋەقەنى جانلىق تەسۋىرلەپ «سىدنى كوچىسىدىكى قىرغىنچىلىق» دەپ يازدى. گېزىتلەر بىر مۇنچە سۈرەتلەرنى بېسىپ ئۇنىڭ 100-نومۇرلۇق ئۆيگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىش جەريانىدا ئوينىغان رولىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، چېرچىلنىڭ شۇ قېتىمقى جەڭگە قانداق قوماندانلىق قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن قىسقىغىنا ھۆججەتلىك فىلىم لوندوندا قويۇلدى. تاماشىبىنلار ھەددىدىن زىيادە كۈچ چىقارغان بۇ ۋەزىر ئۈستىدىن غۇلغۇلا قىلىشتى ۋە ئۇنى زاڭلىق قىلدى. شۇنداق قىلىپ چېرچىل سىدنى كوچىسىدىكى ناپولېئون دېگەن ئاتاققا ئېرىشتى.

«كۆيۈپ-كۆيۈپ ئۆچمەيدۇ دالا گۈلخېنى، ئۇلغۇيار باھار شامىلىدا ئۇنىڭ يالقۇنى». چېرچىل ئىشچىلار ھەرىكىتىنى ۋەھشىيانە تۇردە باستۇرغان بولسىمۇ، لېكىن 1911-يىلى يازدا، ئەنگلىيىدە كەينى-كەينىدىن ئىش تاشلاش پارتلىدى. دېڭىزچىلار ۋە پرىستان ئىشچىلىرى بۇرژۇئازىيە سىنىپى سېتىۋالغان كونا

www.uyghurkitap.com

ئاغمىچى ئىشچىلار رەھبەرلىرىنىڭ كونتروللۇقىنى بۇزۇپ، تاشلاپ چوڭ ئىش تاشلىدى. چېرچىل لوندوندىكى پرىستان باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ياردەم تەلەپ قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال قوراللىق ئارمىيە ۋەزىرى خولدىن بىلەن ئالاقىلەشتى، قارشى تەرەپ ئىش تاشلىغانلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن 25 ئەسكەر ئەۋەتىشكە ماقۇل بولدى. چېرچىلنىڭ بۇ ھەرىكىتى پرىستان ئىشچىلىرىنىڭ غەزەپلىك بورىنىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. پرىستان ئىشچىلىرىنىڭ رەھبىرى ھۆكۈمەتكە: ئەگەر ئارمىيە دوك (كېمە توختايدىغان، رېمونت قىلىدىغان ۋە ياسايدىغان جاي) غا تېگىدىغان بولسا، قوراللىق توقۇنۇش يۈز بېرىپ، قانلىق ۋەقە پەيدا بولىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇردى، بۇ ئاگاھلاندۇرۇش چېرچىلنى توسۇپ قالالمىدى. ئاخىر ئەھۋال بارغانسېرى چوڭىيىشقا باشلىدى.

1911-يىلى ئاۋغۇستتا، تۆمۈر يول ئىشچىلىرى دېڭىزچىلار بىلەن پرىستان ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلىغىنىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن ئومۇميۈزلۈك ئىش تاشلايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. چېرچىل ئارمىيىنى ئىشقا سېلىپ ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنى تار-مار قىلماقچى بولدى. ئۇ يەرلىك دائىرىلەرنىڭ ياردەم تەلەپ قىلىشىنى كۈتمەيلا، ئۆزلۈكىدىن ئارمىيىنى ئىشقا سېلىپ، «ترانسپورت تەرتىپىنى ساقلىدى». ئۇ ئىشچىلار ۋەكىلى بىلەن كۆرۈشكەندە تولىمۇ ھاكاۋۇرلۇق قىلدى. ئەينى چاغدا، چېرچىل بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان بىر ئادەم بەزى ئىشلارنى ئەسلەپ: «ئۇ خۇشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي، بىر تەرەپتىن ئەنگلىيە خەرىتىسىگە قاراپ، يەنە بىر تەرەپتىن قوشۇنىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە قوماندانلىق قىلدى . . . ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى خاتالىقى ھەقىقەتەن كىشىنى چۆچۈتىدۇ. ئۇ دائىم كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان ۋەھشىيانە ئۇقتۇرۇشلارنى چىقىراتتى» دېدى. تۆمۈر يول ئىشچىلىرى ترانسپورت شىركىتىنىڭ

ئۆزلىرىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىش تاشلىغانىدى. چېرچىل بۇ قېتىمقى ئىش تاشلاشنى باستۇرۇش ئۈچۈن، ھەر بىر ئەسكەرگە 20 پايدىن ئوق تارقىتىپ، 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈردى ۋە ئۇلارنى ھەرقايسى «ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جاي» لارغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ قوشۇن نامايىشچىلارنى تارقىتىشقا سېلىندى. لوندون، لىۋېرپول ۋە للانېللىدىن ئىبارەت ئۈچ شەھەردىكى ئەسكەرلەر نامايىشچىلارغا قارىتىپ ئوق چىقىرىپ، نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە يارىدار قىلدى. ئارمىيىنى ئىشقا سېلىپ ئىشچىلارغا تاقابىل تۇرۇش، چېرچىلدىن ئىبارەت بۇ لىبېرالىستلار پارتىيىسىنىڭ «سىياسىئونى» ۋە «ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچىسى» نىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئىشچىلار سىنىپىغا بولغان ۋاقىتلىق خەيرىخاھلىقىنىڭ مەڭگۈ ئاياغلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

چېرچىلنىڭ ئىشچىلار ئارىسىدىكى ئابرۇيى بارغانسېرى چۈشۈپ كەتسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى چېرچىلنى كاپىتالىزم مەنپەئىتىنىڭ ئىشەنچلىك قوغدىغۇچىسى، مۇرەككەپ ئەھۋال ئاستىدا كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىشقا ماھىر «قەيسەر ئىرادىلىك ۋە تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەم» دەپ ھېسابلايتتى، «ھەرىكىتى غەلىتە ۋە ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ» كەتسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنىڭ نەزىرىدە چېرچىلنىڭ ئابرۇيى شەكسىز ئۆسۈپ كەتتى.

1911-يىلى، خەلقئارالىق ۋەزىيەت كۈندىن-كۈنگە جىددىيلىشىپ كەتتى. شۇ يىلى ئىيۇلدا، گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلىيام Ⅱ «يىلپىز» ناملىق توپچى پاراخوتقا ئولتۇرۇپ مەراكەشنىڭ ئاكادىر دېگەن جايىغا كېلىپ، گېرمانىيىنىڭ ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تەمە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، بۇ

ئەنگلىيىنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىنى قوزغىدى. «يىلپىز» ناملىق پاراخوتنىڭ ئاكادىلغا كېلىشى، كۆزنى - يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كەسكىنلەشتۈرۈپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇۋپلا قالماستىن، بەلكى لىبېراللار پارتىيىسى ھۆكۈمىتىنىڭ كۆپلىگەن ئەزالىرىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى توغرىسىدىكى مەيدان مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. كابىنېت ۋەزىرى راۋخ گېئورگې گېرمانىيىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئەگەر گېرمانىيىلىكلەر ئەنگلىيىنى ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇرلىسا، ئەنگلىيە چوقۇم ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرالايدۇ» دېدى. ئارقىدىنلا چېرچىلمۇ گېرمانىيىنىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى گراف مېدېل نېفقا: «گېرمانىيە ئەنگلىيە بىلەن دېڭىز ئۇرۇشى قىلىش غەرىزىدە بولماسلىقى كېرەك. زۆرۈر بولغاندا، گېرمانىيە بىر ھەربىي پاراخوت ياسىسا، بىز ئىككى ھەربىي پاراخوت ياسايمىز... رادىكاللار بىلەن كونسېرۋاتىپلار بىر-بىرىنى مەيلى قانداق ئەيىبلىسۇن، ئەمما بۇ مەسىلىدىكى مەيدانى ئوخشاش» دېدى.

ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى چېرچىل يەنە ئەمەلىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۇرۇش مەزگىلىدە گېرمانىيىنىڭ ئەنگلىيە تۇپرىقىدا جاسۇسلۇق مەلۇماتىنى توپلىشى ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلەرنى قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئۇ «يىلپىز» ناملىق پاراخوت مەيدانغا چىققاندىن كېيىن، گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلانغىلى بولماسلىقتىن ئىبارەت بىر يەكۈننى چىقاردى ۋە باشقا مەسىلىلەرنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇپ قويدى. چېرچىل خاتىرىسىگە: «يەتتە يىل ئىچىدە مەن ھېچقانداق بىر ئىشنى ئويلىمايمەن» دەپ يازدى. دېمىسىمۇ شۇ مەزگىللەرى ئۇ دىپلوماتىيە سىياسىتى مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بوپقالغانىدى. ئۇ ئۇرغۇن ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ

ئەنگلىيە بىلەن ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلدى. دائىم دېگۇدەك دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىكىنى زىيارەت قىلىپ تۇردى ھەمدە ھەربىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆز قارىشى ۋە ئىگىلىگەن ئاخباراتىغا ئاساسەن، «مەزكۇر قۇرۇقلۇق ھەربىي ھەرىكەت مەسىلىسى» توغرىسىدا بىر پارچە باياناتنامە يېزىپ، باش ۋەزىر ئاسكۋىتقا سۇندى.

چېرچىل بۇ باياناتنامىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىققاچقا، كابىنېت ۋە ئىمپېرىيە دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. باياناتنامە چېرچىلنىڭ «مول تەسەۋۋۇر كۈچىنى ۋە ھەربىي ئىدىيە» سىنى نامايان قىلدى. ئۇ مەشھۇر ھەربىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەڭ قىزىقارلىق پىكىرلىرىنى ۋە يەكۈنلىرىنى توپلاپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ پىكىر ھەم يەكۈنلەرنى ئۆزىنىڭ «ساغلام كاللىسىدا تاسقاپ-تاللاشقا ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل يۈرگۈزۈش» كىمۇ ماھىر ئىدى. چېرچىل كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشنىڭ ئاساسلىق ئوپېراتسىيىسى فرانسىيە بىلەن گېرمانىيە تۇپرىقىدا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلەپ قىلدى ۋە فرانسىيىگە ئەنگلىيىنىڭ ئۇزاققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنىدىن 13 دىۋىزىيە، ئۇنىڭغا قوشۇپ 300 مىڭ كىشىلىك ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئەمدى كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشلار توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى چۈرۈپ تاشلىغانىدى. ئەسلىدە ئۇ: «ئەنگلىيە ئاساسلىقى دېڭىز ئارمىيە ئۇرۇشىغا تايىنىشى كېرەك، چۈنكى سانى كۆپ بولمىغان ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى قۇرۇقلۇقتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ قۇدرەتلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىگە ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيدۇ» دەپ تەسەۋۋۇر قىلغانىدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىر سىياسىئون سۈپىتىدە بارا - بارا يېتىلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ

بەردى. ئەنگلىيە كابىنېتى ۋە دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى چېرچىلنىڭ دوكلاتىنى تەستىقلاپ، ئۇرۇش باشلانغان ھامان فرانسىيىگە ئۇزاققا يورۇش قىلغۇچى قوشۇن ئەۋەتىشكە قوشۇلدى ھەمدە قابىلىيەتلىك نامزاتنى تاللاپ چىقىپ، دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىنى كۆچەيتىش توغرىسىدىكى قارارنى چىقاردى.

چېرچىلنىڭ ئىشچىلار ھەرىكىتىگە قارشى قەتئىي ھەم كەسكىن كۆرەش قىلىش، ھەربىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسەت ۋە ئىقتىدارىنى كۆرسىتىشى، ئاسكۇت ۋە باشقا ئاساسلىق كابىنېت ئەزالىرىنى چېرچىل يېڭىدىن دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەشكە ئەڭ مۇۋاپىق نامزات بولالايدۇ، دېگەن تونۇشقا كەلتۈرۈپ قويىدى. باش ۋەزىر ئاسكۇت سىنتەبىرنىڭ ئاخىرلىرى چېرچىلدىن دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىگە بېرىشنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقى توغرۇلۇق سورىدى. بىر نەچچە يىل ئىلگىرى باش ۋەزىر چېرچىلنىڭ ئالدىغا بۇ مەسىلىنى قويغاندا، ئۇ ئۇنىمىغانىدى. بىراق، ئەمدى ۋاقىت ۋە شارائىتتا ئۆزگىرىش بولغانىدى. بۇ چاغدا دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن بولۇپ، ھەربىي جەھەتتە نى-نى ئىشلارنى قىلغىلى بولاتتى. شۇڭا چېرچىل باش ۋەزىرنىڭ دېگىنىگە دەرھال ماقۇل بولدى.

چېرچىلنىڭ بىئوگرافلىرىنىڭ قارىشىچە، چېرچىل دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىگە يۆتكەلگەندىن باشلاپ ئۇنىڭ دۆلەت ئىشلىرى ئەربابى سۈپىتىدە ئۆسۈپ-يېتىلىش دەۋرى ئاياغلاشتى. يېڭى خىزمەت ئورنىدا ئۇنىڭ ۋەزىپىسى گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغان ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنى ئىمكانقەدەر تېز سۈرئەتتە مەشىق قىلدۇرۇپ، ھەر ۋاقىت باشلىنىش ئېھتىمالى بولغان ئۇرۇشقا تەييار تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئامىتى ئوڭدىن كېلىپ ئەملى تېز ئۆسكەن چېرچىل

خۇشاللىقىدىن خۇدىنى بىلمەي يۈرگەن چاغلىرى، يەنى 1908-يىل 15-ئاۋغۇستتا، لوندوندا چىقىدىغان بىر گېزىت 33 ياشلىق ۋەزىر ۋىنستون چېرچىل بىلەن 23 ياشلىق خانقىز كلېمىنتىنا خوسىئا توي قىلىشقا پۈتۈشتى، دېگەن خەۋەرنى باستى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى تادرىسى
www.uyghurkitap.com

## يەتتىنچى باب

# نىكاھ ۋە ئائىلە

چېرچىلنىڭ تازا ئامەتى كېلىپ ئەملى تېز ئۆسۈۋاتقان چاغدا، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان يەنە بىر خەۋەر تارقالدى: ۋىنستون چېرچىل 23 ياشلىق قىز كلېمېنتىنا خوسېئا بىلەن توي قىلىدىغان بولدى. سۆيگەن قىزى بىر قەدەر نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ۋىنستون چېرچىل بىلەن بىر خىلدىكى كىشىلەردىن ئىدى. قىزنىڭ مەرھۇم دادىسى دراگۇن پولكىنىڭ باشلىقى بولغان، ئاپىسى تۆرە ئېيېرلىنىڭ قىزى بولۇپ، ئىرېلاندىيە - شوتلاندىيىدىكى مەشھۇر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانىدى. بۇ ئائىلە چېرچىلنىڭ سايلام رايونى دۇندې شەھىرىدە بولۇپ، تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. كلېمېنتىنا فرانسۇزچە بىلەن نېمىسچىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان، بىلىملىك، ئەقىل-پاراسەتلىك، يۇمۇرلۇق گەپ قىلىدىغان ھەمدە سىياسىي ئىشلارغا تولىمۇ قىزىقىدىغان قىز ئىدى. زاماندىشلىرىمۇ كلېمېنتىنا كىشىنىڭ ھەۋەسى كەلگۈدەك گۈزەل قىز، دېيىشەتتى.

قىزىق، چېرچىل ۋەزىرلىك كۇرسىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، تالاي قىزلار ئۆزلۈكىدىن ئۇنى ئىزدەپمۇ كەلدى. ئەمما، چېرچىل ئايال خەقلەرگە ئۈنچىلىك بەك قىزىقمايتتى. ئۇنىڭ ھاياتىدىكى

ئاساسلىق مەقسىتى سىياسىي جەھەتتىن يۇقىرى ئۆرلەش ئىدى. ئۇ تاغىسى تۆرە برېندفوردنىڭ ئىشق - مۇھەببەتتىكى رومانتىك تارىخىدىن مۇھەببەت ئىشىغا ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلمىسا، بىر ئادەمنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلگەنىدى. شۇڭا بۇنداق خەتەرگە ئەزەلدىن تەۋەككۇل قىلىپ باقمىغانىدى. ئەگەر ئۇ كۈلۈبقا ياكى بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا بارسا، كۆڭلىدە دائىم ئېنىق بىر مەقسىتى بولاتتى، يەنى دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇلار بىلەن قىزغىنلىق سىياسىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باراتتى.

چېرچىلنى ئوبدان تونۇيدىغان ئادەمنىڭ ئىسمىلىك بىرى بۇنى ئىسپاتلاپ: «ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەت ئىشلەيتتى. سىياسىي پائالىيەتلەر بولمىغان چاغلىرى كىتاب ئوقۇيتتى، يېزىقچىلىق قىلاتتى. ئۇ لوندوندىكى باشقا ياشلارغا ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرەتتى، سىياسىي كۇلۇبلارغا باراتتى، مەن ئۇنى بىرەر قېتىممۇ ئادەتتىكى كۇلۇبلاردا ئۇچرىتىپ باققىنىم يوق» دېگەنىدى. چېرچىل كەچكى كۆڭۈل ئېچىش بەزمىلىرىگە، ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىنىڭ ئويۇن-تاماشىلىرى ۋە تانسىلىرىغا زادى بېرىلمەيتتى، باشتىن-ئاخىر ئۆزى تەسۋىرلەپ يازغان «ساۋورولا» رومانىدىكى تۇرمۇش ئۇسۇلىغا سادىق بولاتتى. ئۇنىڭ زامانداشلىرى بەزى ئىشلارنى ئەسلەپ: «چېرچىل ھەتتا مېھماندارچىلىققا بارغاندىمۇ خىزمەت قىلاتتى. ئۇ شەنبە كۈنى مەيلى كىمنىڭكىلا ئۆيىگە بارسۇن، كىتاب ۋە خاتىرە دەپتەرلەر لىق قاچىلانغان كىچىك كىرەك بىر مېتال ساندۇقنى ئېلىۋالاتتى. بوش ۋاقتى بولسىلا كىتاب ئوقۇيتتى ۋە يېزىقچىلىق قىلاتتى. چېرچىلنىڭ بۇ تۇرمۇش ئۇسۇلى بارلىق دوست-ئاغىنىلىرىنى چېرچىل ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتۈپ كېتىشكە نىيەت قىپتۇ، دېگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

«نىكاھ غايىبتىن» دېگەندەك مۇنداقمۇ ئەل كېلىدىغان ئىشلار تۇرمۇشتا ئۇچراپ تۇرىدۇ. چېرچىل بىلەن كلېمېنتىنا ئاسادىيپي بىر پۇرسەتتە بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. شۇ يىلى يازدا، چېرچىل بىر نەۋرە ئىنىسى بىلەن روئوتلوند دېگەن جايدا دەم ئېلىپ يۈرگىنىدە، بىر ئوت ئاپىتى يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭ نەق مەيداندا كۆرسەتكەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان قەھرىمانلىق روھى كلېمېنتىنادا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ. شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە بىر بىناغا ئوت كېتىدۇ، ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمەي، ئوت تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كېتىدۇ. ئاخىر چېرچىل ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىدىكىلەرنىڭ قالپىقىنى كىيىپ، قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. ھەمدە ھاياتىنىڭ خەۋپتە قېلىشىغا قارىماي، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئۆي ئىچىدىن نەرسە-كېرەكلەرنى سىرتقا ئاچىقىدۇ. ئۇ گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىدىن چىقىپ تۇرۇشىغىلا، ئۆينىڭ تورۇسى گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدۇ. گېزىتلەر شۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتىنى تەسۋىرلەپ: «ئەگەر چېرچىل بىر سېكۇنت كېچىككەن بولسا، خىش - كېسەكلەر ئاستىدا قېلىپ جەھەننەمگە راۋان بولغان بولاتتى» دەپ يازىدۇ. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان كلېمېنتىنا چېرچىلغا تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، بۇ ياش ۋەزىرنىڭ قەھرىمانلىق روھىغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككىسى بىر-بىرىنى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئۆمۈرلۈك جورىلاردىن بولۇشقا رازى بولىدۇ.

كابىنېت ئەزاسىنىڭ توي مۇراسىمى كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى تارتتى. ياش ئەر-خوتۇنلار نۇرغۇن توي سوۋغىتى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ سوۋغاتلار ئىچىدە، پادىشاھ ھەدىيە قىلغان، مالبورو جەمەتىنىڭ بەلگىسى چۈشۈرۈلۈپ، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بىر ھاسىمۇ بار ئىدى. شۇ كۈنى توي ناھايىتى قىزىدى، ساھىبخانىلار بىلەن مېھمانلار زالغا لىق توشتى.

مالىيە ۋەزىرى راۋخ گېئورگې نىكاھ گۇۋاھچىسى، تۆرە سۇئىي سېۋىېر يىگىت قولدىشى بولدى. سېۋىېر چېرچىلنىڭ كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ «خولىگان» گۇرۇپپىسىدىكى يېقىن دوستى بولۇپ، ئەمدى تۆۋەن پالاتادىكى قەتئىي ئىرادىلىك ئۆكتىچىلەردىن بولۇپ قالغانىدى. بۇ توي ئەنگلىيىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى بىر خىل تولىمۇ قىزىقارلىق ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈردى. كىشىلەر تۆۋەن پالاتا بىلەن سىياسىي يىغىلىشلاردا بىر-بىرىنى تىللىشىپ، دۈشمەن قاتارىدا كۆرسىمۇ، لېكىن شەخسىي تۇرمۇشتا ئاۋۋالقىدەكلا ئارىغا قىل سىغمايدىغان قەدىناس دوستلاردىن ئىدى. مانا بۇ بۇرژۇئازىيە سىياسىئونلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ پارلامېنتتا كەڭ دائىرىلىك كۈرەش قىلىشى، ئۆزلىرىنىڭ مۇئەييەن سىياسىي مەقسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى، خالاس. ئۇلار پەردە ئالدىدا قىلچە سىغىشالمايدىغان دۈشمەنلەر بولسا، پەردە كەينىدە ئاكا-ئۇكىدەك يېقىن ئۆتۈشەتتى. چېرچىل ياش ۋاقتىدا ئاپىسىغا ئەۋەتكەن خېتىدە يازغىنىدەك: «سىياسەت بىلەن ئوينىشىش ئەڭ ياخشى قىمار» دېدى.

تويدىن كېيىن، ياش ئەر-خوتۇنلار شېرىن ئاينى ئۆتكۈزۈش سەپىرىگە ئاتلاندى. ئۇلار ئالدى بىلەن، برونخېيمغا بېرىپ كىنەز مالبورونى زىيارەت قىلدى، ئاندىن شۋېتسارىيە ۋە ئىتالىيىگە باردى. كلېمېنتىنا ياتلىق بولۇپ بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا، ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئەر-خوتۇنچىلىق تۇرمۇشىنىڭ قانداق بولۇشىنى قىياس قىلىپ بولدى. يىگىت توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، تېخى چېركاۋدىن چىقماي تۇرۇپ خۇشال كەيپىيات ئىچىدە راۋخ گېئورگې بىلەن سىياسىي ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ كەتكەنىدى؛ ئۇ برونخېيمدىكى چېغىدا مەيلى نېمىلا بولسۇن پېزىقچىلىقنى توختاتمىدى؛ شۋېيتسارىيىدە ئۆزىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىشداشلىرىغا كۆندىلىك ئىشلار توغرۇلۇق ئۇزۇن بىر پارچە خەت يازدى، ھەتتا ۋېنېتسىيە قانىلىغا بارغاندا ھەشەمەتلىك، ئازادە خانىلىرى بار سەيلە كېمىسىگە ئەمەس، ئادەتتىكى ماتورلۇق قېيىققا ئولتۇرۇپ ساياھەت قىلدى.

چېرچىل بىلەن كلېمېنتىنا ئۆمۈر بويى ئىناق، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈردى. ئۇ خانىمىغا ساداقەتمەن، يېقىملىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ياتلىق بولغان ھەرقانداق ئايال تۇرمۇشنى ئارامبەخش ئۆتكۈزەلمەيتتى. چېرچىل ئۆزى تاللىغان بۇ ئايال گۈلدەك چىرايلىق، ياشانغاندىمۇ چىرايىدىن كەتمەيدىغان، ئېسىل تەربىيە كۆرگەن، نازاكەتلىك ۋە مۇلايىم ئىدى ھەمدە ئۆزىگە بەكمۇ ئىشىنەتتى، چېرچىلنىڭ ھەرقانداق تەلەپ ۋە خۇي-پەيلىگە تاقابىل تۇرالايتتى. ئادەتتە چېرچىلنىڭ قويغان ئارتۇقچە تەلەپلىرىنى قاندۇراتتى، بەزىدە ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق خىياللاردا بولغان چاغلىرى كلېمېنتىنا ئېرىگە ھاي بېرىپ، ئەمەلىي ۋە ئاقىلانە مۇئامىلە قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئائىلىنىڭ ئىشلىرى رەتلىك، ئۆز جايىدا ماڭاتتى، ئۇنداق بولمىغاندا، بۇ ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئۇ ئۆيىنى ناھايىتى پاكىز، رەتلىك تۇتاتتى. ھەرگىزمۇ ھاكاۋۇرلۇق ۋە مەنمەنلىك قىلمايتتى، لېكىن ئائىلىۋى ئىشلارغا ئايرىم ئۆلچىمى بار ئىدى، ئۇنىڭ بۇ يۇقىرى ئۆلچىمىگە ئېرى، بالىلىرى ۋە خىزمەتكارلىرىمۇ كۆپ ھاللاردا يېتەلمەيتتى. بۇنداق چاغلاردا، ئۇ ئۆيدىكىلىرىنىڭ يۈزىگە قارىماي قاتتىق گەپ قىلىۋېتەتتى. چېرچىلنىڭ كاتىپىنىڭ ئېيتىشىچە، شەپقەتسىزلىك بىلەن ئېيتىلغان بۇنداق گەپلەر ئۇلارنىڭ جان-جېنىغا ئۆتۈپ كېتەتتى.

كلېمېنتىنا ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ئۇستا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بەزى چاغلىرى چېرچىلغا سىياسىي جەھەتتىنمۇ ئەقىل كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن

ئويلىنىپ چىقارغان ھۆكۈملىرى ئېرىنى ھاپىلا-شاپىلا قارار قىلىپ، بەزى ئاقىلانە بولمىغان ھەرىكەتلەرنى قىلىپ قويۇشىدىن ساقلاپ قالاتتى. كلېمېنتىنا خاتىرجەملىكنى ياخشى كۆرەتتى، ئەمما چېرچىل چاپچىپ تۇرغان يۇگەنسىز ياۋا ئاتقىلا ئوخشايتتى. ئۇلار دائىم بىللە بولمايتتى، چۈنكى روھلۇق، تېتىك سىياسىئون كۆپ ھاللاردا ئۆيىدىن ئايرىلىپ ناھايىتى يىراق جايلارغا كېتەتتى، كلېمېنتىنا ئېرى بىلەن بىللە باشقا دۆلەتلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈشنى خالىمايتتى. شۇڭا ئۇ دائىم بىر خىل نارازىلىق كەيپىياتتا ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر شائىرى سۇينبۇرننىڭ: «ھەتتاكى ئۆركەشلەپ تىنىماي ئېقىۋاتقان دەريا-ئېقىنلارمۇ مەلۇم جايغا كەلگەندە دېڭىزغا تىنچ قۇيۇلىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ تەسەللى تاپاتتى. ئاچچىقى كەلگەن چاغلىرى چېرچىلغا غەزەپ بىلەن تىكىلگىنىچە زەردە بىلەن گەپ قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن كۆڭۈللۈك نىكاھ 56 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلدى. ئۇ، ئېرىدە كەم بولغان پەزىلەتلەرنى تولۇقلىدى، چېرچىل بولسا ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ ھەر دائىم كۆڭۈللۈك خۇشال ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

ئۇلارنىڭ تۆت قىز، بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۈچىنچى قىزى مارىگوئېردېر ئۈچ ياشقا كىرمەي تۈگەپ كەتكەنىدى. سارا دادىسىنىڭ ئامراق بالىسى ئىدى. چېرچىل قوڭۇر، بۇدۇر چاچ بۇ قىزىنى «قېچىر» دەپ ئاتايتتى. ئۇ قىزى مارىغىمۇ ئامراق ئىدى. پۇرسەت بولسىلا قىزلىرىنى ئۇرۇش ۋاقتىدىكى يىغىن ئۆستىلىنىڭ يېنىغا باشلاپ باراتتى. بەزىدە سارانى باشلاپ باراتتى. بۇنداق چاغدا سارا خان ھاۋا ئارمىيىسى ئاياللار ياردەمچى قىسمىنىڭ فورمىسىنى كىيىپ، ھاۋادىن تارتىلغان سۈرەتلەرنى چۈشەندۈرگۈچى بولاتتى. بەزىدە مارىنى باشلاپ باراتتى. ئۇ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئاياللار ياردەمچى قىسمىنىڭ

فورمىسىنى كىيىپ، ئارىلاشما زېنىت زەمبىرەك روتىسىدىكى قارىغا ئېلىش ئاپپاراتىنى باشقۇرغۇچى، ئاندىن كاۋالېرىيە خادىمى بولۇش ۋەزىپىسىدىن ۋاقتىنچە ئايرىلاتتى. چېرچىل قىزلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بولۇشىنى ياخشى كۆرەتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ تاماق ئۈستىلىدىكى پاراڭلىرىنى خۇشاللىق بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. ئەمما، ئۇ قىزلىرى بىلەن مۇھىم سىياسىي مەسىلىلەر توغرۇلۇق پاراڭلاشمايتتى.

چېرچىلنىڭ يالغۇز ئوغلى راندولفنىڭ ئەھۋالى قىزلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايتتى، يەنە كېلىپ، ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئەھۋالى بەكمۇ پاجىئەلىك بولدى. راندولف جېدەلخور ئىدى. ئۇنىڭ كىشىنى كۆچلۈك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە كۆز قاراشلىرى بار بولۇپ، كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى ئىدى. ئۇ كەيپىياتى تازا ياخشى چاغلىرى كىشىگە مەستلىكى كەلگۈدەك ھەمراھ بولالايتتى، چىرايى ئاپىسىنىڭكىگە ئوخشاش چىرايلىق ئىدى. كۆل رەڭ زېرەك كۆزلىرى، ئارقىغا تارالغان سارغۇچ چاچلىرى، كېلىشكەن قەددى-قامىتىدىن بۇ ياشنىڭ ھەر ھالدا ئۆز دۆلىتىنىڭ تورمۇشىدىن كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

چېرچىل ئۆز ئوغلىغا ھەددىدىن زىيادە ئامراق ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئۆزى بالىلىق دەۋرىدە ئاتا-ئانىسىنىڭ ئېتىبارسىز مۇئامىلە قىلىشىغا ئۇچرىغان، ئۇ چاغدا پەقەت تەربىيىچىسى ئېۋېرېست خانىمنىڭلا كۆيۈنۈشىدە چوڭ بولغانىدى. شۇڭا چېرچىل ئوغلىنى ئۆزى ئۇچرىغان قىسمەتكە يولۇقتۇرماسلىققا نىيەت قىلدى. راندولف باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرى چېرچىل ئوغلىنى ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرىگە خۇشاللىق بىلەن قاتناشتۇردى ھەمدە سىياسىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشىدىغان دوستلىرى بىلەن ئالاقە قىلدۇردى. ئوغلى ئون ياشقا كىرگەندە چېرچىل ئۇنى تۆرە

بوكېنخېئاد، ۋەزىر راۋخ گېئورگې ياكى بېئاۋېرېروئوكلار بىلەن بىللە تاماق يېيىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى، شۇ ئارقىلىق راندولفنى ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار بىلەن بەس-مۇنازىرە قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. بەزى ئىشلارغا ئەجەبلىنىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، شۇنداق قىلىپ، راندولف ئۆزىنىڭ ساۋاقداشلىرىنى چوڭلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنى تايىنى يوق ھەمراھلاردەك ھېس قىلدى. پۈتۈن زېھنى كۆپىنى ماتېماتىكا، فرانسۇزچە گراماتىكا ۋە لاتىن نەسرلىرىگە سەرپ قىلىدىغان چاغدا، پۈتۈن ئەس-يادى داڭق چىقىرىدىغان كاتتا ئەمەل تەمەسىدا بولدى. بىر قېتىم ئۇ قىلچە ئۇيالماستىن دادىسىنىڭ بىر خىزمەتدىشىغا: «شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى، مەن 21 ياش ۋاقتىمدا تۆۋەن پالاتاغا كىرىمەن، 23 ياشقا كىرگەندە مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئالىمەن. بەزىلەر مېنىڭ بۇ ئېتىقادىمغا قوشۇلمايدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇرمايمەن، چۈنكى مېنىڭ دېگىنىم شەك-شۈبھىسىز ئەمەلگە ئاشىدۇ، دەپ قارايمەن» دېدى.

چېرچىلنىڭ خانىمى كلېمېنتىنا ئوغلىدا كۈندىن-كۈنگە يامان بىر خىل خۇينىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى تېزلا بىلىپ قالدى. چېرچىلنىڭ دوستلىرى پروفېسسور لىندېمان بىلەن بىرىندان برېكونلارمۇ راندولفتىكى بۇ خىل يامان مىجەز-خۇينىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇلار بۇ ھەقتە ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن چېرچىل خاتالىقىنى تونۇماي، ئوغلىنى يەنىمۇ پەپىلەپ چوڭ قىلدى ۋە ئېگىز شاخقا ئېسىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. بۇ ئەخمىقانە ئىش ئاقىۋەت راندولفنى بارغانسېرى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى.

چېرچىلنىڭ ئوغلى راندولف ياش چېغىدىلا ئامېرىكىغا بېرىپ بىر قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتلىك لېكسىيە سۆزلەش ساياھىتى قىلدى. ئامېرىكىدا ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇشى، نۇتۇق

قابىلىيىتى ۋە تولۇپ-تاشقان زېھنى كۆچى ياخشى ياماغا ئېرىشتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئوكسفوردتىن ئايرىلىپ، دادىسى بىلەن مەسلىھەتلەشمەيلا ۋېفورتېرىدىكى بوش ئورۇننى تولدۇرۇش سايلىمىدا سايلام رىقابىتىگە قاتناشتى ۋە كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ سايلام بېلىتىنى تارقاتتى، ئاقىۋەت ئۇنىڭ ئارىلىشىشى تۈپەيلىدىن لىبېرالىستلار پارتىيىسىنىڭ نامزاتى غەلىبە قىلدى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە چېرچىلنىڭ ھىندىستانغا قاراتقان سىياسىتىنى ھىمايە قىلدى، بۇ سىياسەت باۋدوۋىن ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتى بىلەن پۈتۈنلەي زىت ئىدى. لېكىن، راندولف دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، يەنە بىر قېتىملىق بوش ئورۇننى تولدۇرۇش سايلىمىدا دۆنكان سانديسنىڭ ئۆكتىچىلىرىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى چىقىپ، ئاخىر ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ بولدى.

راندولف دائىم چاتاق چىقىرىپ يۈرگەچكە، دادىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىلگىرىكىدەك ياخشى بولماي قالدى. ئۇ ھەر قېتىم ئۆيگە كەلگەندە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى، گېنېراللارنىڭ ئىستراتېگىيىسى ۋە ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ ساپاسى توغرۇلۇق ئاغرىنىپ سۆزلەپ كېتەتتى. چېكىس داچىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق چۈشلۈك زىياپەتتە دادىسى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئىشلەتكەن سۆزلىرىدىن ئولتۇرغان گېنېرال ۋە ۋەزىرلەر ھەيران بولدى، تەڭقىسلىقتا قالدى. راندولفنىڭ ئۆزىگە خاس ئادەم تىللاش ئادىتى بار ئىدى. بىر قېتىم زىياپەتتە ئۇ ساھىبخانا بىلەن كەسكىن مۇنازىرىلىشىپ قالدى. يەنە بىر مېھمان — ئەنگلىيە نېفىت شىركىتىنىڭ دىرېكتورىمۇ بۇ بەس مۇنازىرىگە قاتناشتى. راندولف بۇ دىرېكتورغا ۋارقىراپ تۇرۇپ: «سىزنىڭ بۇ مۇنازىرىگە ئارىلىشىشقا ھېچقانداق ھەددىڭىز يوق، سىز دېگەن نېفىت دۆكىنىنىڭ بىر شېرىكى، خالاس» دېدى. راندولف ھاكاۋۇرلۇق قىلىش، باشقۇرۇشقا

كۆنمەسلىكى تۈپەيلىدىن دۈشمەنلىرىنى كۆپەيتىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چېرچىلغىمۇ بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىكلەرنى تېپىپ بەردى. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تېپىپ بېرىشىدىكى قىسمەن سەۋەب: ئۇ چوڭ دەرەخنىڭ ئاستىدا چوڭ بولغان؛ بىر تۈپ كىچىك دەرەخ چوڭ دەرەخنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا باراقسان ئۆسۈپ يېتىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

راندولف دادىسىنى ئۈمىدسىز قالدۇردى، ئەمما چېرچىل ئوغلىدىن ئېرىشەلمىگەن نەرسىنى ئىككى كۈيئوغلى تولۇقلاپ بەردى. ئۇنىڭ چوڭ قىزى ديانا دۇنكاس ساندىس بىلەن توي قىلغان، ساندىس دىپلوماتىيە ساھەسىدە بىر نەچچە يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، پارلامېنت ئەزاسى بولغانىدى. بۇ كۈيئوغۇل ناھايىتى قابىلىيەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسەتلىكلىكى چېرچىلدا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى چېرچىل پارلامېنت ۋە خەلقنى ئويغىتىپ، ناتسىستلارنىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان جاپالىق كۆرەشلىرىدە ساندىس قېيناتىسىنى قوللىدى. شۇڭا، چېرچىل باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغان چاغدا، ساندىس كابىنېت ئىشخانىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە ۋاقىتىنچە قاتناشتى ھەمدە پروفېسسور لىندېمان ۋە تەمىنات مىنىستىرلىكى بىلەن بىللە مەخپىي قورال-ياراغلارنى تەتقىق قىلىپ ياساش خىزمىتىگە ۋاستىلىك ھالدا ئىشتىراك قىلدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مالىيە كاتىپلىقىغا تەيىنلەندى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ساندىس سىياسىي پەلەمپەي ئارقىلىق ناھايىتى ئوڭاي، شۇنداقلا تېز سۈرئەتتە يۇقىرى ئۆرلەپ كەتتى، بىر نەچچە باش ۋەزىرنىڭ رەھبەرلىكىدە داۋاملىق كابىنېتنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەپ كەلدى.

2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، دۇنكان ساندىس شەنبە

كۆنلىرى چېرچىلنىڭ داچىسىغا دائىم مېھمان بولۇپ كېلەتتى. ئۇنىڭ بىر قانچە مەسىلىدىكى كۆز قارىشى قېيناتىسىنىڭكىگە ئوخشىمايتتى، لىندېماننىڭكىگە تېخىمۇ ئوخشىمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ باشقا ۋەزىرلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغۇدەك ئەڭ ئالىي تەبىقىلەردە پىكىر بايان قىلىش پۇرسىتى بار ئىدى. 1945-يىلىدىن كېيىن چېرچىل ئۆكتىچىلەر پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئايلانغاندا، ساندىس ئۇنىڭ ياۋروپاغا قىلغان سەپىرىدە ھەمراھ بولدى. چېرچىل ياۋروپانىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىپ، زورىش، ليۇكسېمبۇرگ ۋە گراۋېنخاگېلاردا ناھايىتى كۈچلۈك نۇتۇق سۆزلىدى، بۇ ئاساسەن ساندىسنىڭ ياۋروپا ئىشلىرىغا نىسبەتەن قىزغىنلىقىنىڭ ئۇرتكىسىدە بولدى.

چېرچىلنىڭ تېخىمۇ مۇھىم بىر تۇغقىنى 1947-يىلى كۆزگە چېلىقتى. شۇ چاغدا، مارى چېرچىل خرىستوفېر سومېسقا ياتلىق بولدى. تويى بولغان يىگىت كولدسترېئام مۇھاپىزەت ئەترىتىنىڭ ئوفىتسېرى بولۇپ، پارىژدا مۇئاۋىن ھەربىي ئاتتاشى بولغانىدى. چېرچىل جورا تاللاش مەسىلىسىدە قىزىنىڭ بايقاش ئىقتىدارىغا ئىشىنەتتى، شۇڭا بۇ كۈيئوغۇلنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇ، تويى بولغان قىز بىلەن يىگىتنى چاتۇلدىن بىر قانچە يۈز يارد①يىراقلىقتىكى چاتۇل قورۇقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. چېرچىل ئۆزىدىن 46 ياش كىچىك بۇ كۈيئوغلىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. خرىستوفېر سۆزمەن ئىدى، يەنە كېلىپ، چېرچىل بىلەن قارتا قىمار ئويناشنىمۇ بەكلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇ كەينى-كەينىدىن بەش باللىق بولدى، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە بۇ باللار بۇ بىر قانچە ئەۋلاد كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ

① بىر يارد 0.9144 مېترغا تەڭ.

كۆچەيتتى.

خرستوفېرنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى سالاپەتلىك، تەشكىللەش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، قورقۇنچ رەتلىك، ئىدىتلىك باشقۇردى، بۇنىڭدىن چېرچىلمۇ خۇرسەن بولدى. چېرچىل دائىم دېگۈدەك ئۇنىڭ بىلەن خۇسۇسىي ئىشلار ۋە مالىيە ئىشلىرى توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشەتتى، شۇ تەرىقىدە ئۇزۇن ئۆتمەي، خرستوفېر قېيناتىسىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ھەمراھى بولۇپ قالدى. 1949-يىلى خرستوفېرنىڭ تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە چېرچىل ئات بەيگىسىگە قىزىقىشقا باشلىدى. ئىلگىرى چېرچىل ئات بەيگىسى ھەققىدە ھېچنەرسە بىلمەيتتى، ئەمما قىمار ئويناشقا بەك ئامراق ئىدى. چېرچىل مەرھۇم دادىسىنىڭ روھىنى قەدىرلەپ كىلىۋاتقاچقا، تۆرە راندولفنىڭ ئات بەيگىسىدە كىيىدىغان كىيىمىنىڭ ئەسلىگە كەلگىنىدىن تولىمۇ خۇشال بوپكەتتى.

كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، خرستوفېرنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن، چېرچىل 1500 فوند ستېرلىڭ خەجلەپ «مۇستەملىكىچى ئىككىنچى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كۈل رەڭ ئات سېتىۋالدى. بۇ ئات ئون بىر قېتىملىق مۇسابىقىدە رەقىبلىرىنى يېڭىپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى، بۇ، چېرچىلنىمۇ ئىچ-ئىچىدىن خۇشال قىلىۋەتتى. كېيىن خرستوفېر يەنە بىر قانچە بايتال ۋە بىر نەسىللىك ئات فېرمىسى سېتىۋالدى. بۇ ئات فېرمىسىنىڭ قىممىتى زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. بىر قانچە ئېسىل ئاتلار، مەسىلەن، «ۋېنا» ۋە «كخمېر» قاتارلىقلار مۇشۇ فېرمىدا بېقىلدى. شۇنداق بىلەن، چېرچىل بەيگە كۈلۈبىنىڭ ئەزالىقىغا تاللاندى. ئاخىر ئۆز ئېتىنىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر قىلىدىغان ھەر قانداق ئىشقا ناھايىتى قىزىقىدىغان بولدى. بەيگە مەيدانىدىكى قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلەر چېرچىلنىڭ تۇرمۇشقا

ئىنتىلىشتەك قايناق ھېسسىياتىنى يەنە ئۆلتۈرۈۋەتتى. چېرچىلنىڭ ئوغلى راندولف سىگىلىسىنىڭ ئېرىنىڭ شۇنچىلىك ياخشى تەسىر قوزغاپ كەتكىنىگە ھەسەت قىلدى ۋە ئۇنى كەمسىتىپ «ئاتچى» دەپ ئاتىدى.

1950-يىلى فېۋرالدا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ سايلامدا خرستوفېر سومېس بېدفورد سايلام رايونىنىڭ پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلاندى ۋە بارغانسېرى ئاشقان كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن بۇ ئورۇننى داۋاملىق ساقلاپ قالدى. چېرچىل 1951-يىلىدىن 1955-يىلىغىچە باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىللىرى خرستوفېرنى ئۇنچىلىك تېز ئۆستۈرمىدى. بەلكى بۇ كۈيئوغلىنى ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى بويىچە شەخسىي كاتىپلىقىغا تەيىنلىدى. چېرچىلنىڭ نەزىرىدە خرستوفېر ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان سىياسىئون، شۇڭا بۇ كۈيئوغلىنى ياخشى كۆرۈش ۋە ماختاش ھەرگىزمۇ ئائىلىۋى جەھەتتىكى يېقىنچىلىقتىن بولغان ئىش ئەمەس ئىدى.

خرستوفېر باش ۋەزىرنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولغان مەزگىللىرى يۈرۈش-تۇرۇشتا ئېھتىيات قىلدى، قېيناتىسىنىڭ ئاشكارا ئوبرازىغا تاقىلىدىغان ئىشلاردا ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانمىدى. ئاخىر چېرچىلنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى بولۇپ قالدى. ئۇ، مەلۇم قېيىن تەكلىپلەرگە قارىتا قويۇلغان قارشى پىكىر ياكى قوللاش پىكىرلىرى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن مۇرەككەپ ھۆججەتلەرنى مۇزاكىرە قىلغاندا، بىر-ئىككى ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك، ھەقىقىي مۇھىم پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن مۇھىم بولمىغان كۆز قاراشلىرىدىن ۋاز كېچەلەيتتى، ئادەتتىكى قائىدە-يوسۇنلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئاساسىي ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويالايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىدىن پايدىلىنىپ باش ۋەزىرنى ئويلىمايلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى تەكلىپلەرنى

قوللاشقا قوتراتقۇلۇق قىلغان ياكى خىزمەت قۇلايلىقىدىن پايدىلىنىپ دوست-يارەنلىرىنىڭ بىرەر ئىشىنى ھەل قىلىپ بەرگەن ۋە ياكى ئۆزىنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەملىرىگە قارشى تۇرغانمۇ ئەمەس. ئۇ تۆۋەن پالاتانىڭ كېيىندىن ئورۇن ئالغان كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ «كۆزقارىشى» نى ناھايىتى تېزلا چۈشىنىۋالدى ۋە ئادەتتە كۆپچىلىكنىڭ سىياسىي كۆز قاراشلىرىنى چېرچىلغا ئۆز ئېنەن مەلۇم قىلىپ تۇردى.

چېرچىلنىڭ بىر يېقىن دوستى: ئەگەر خرستوفېر سومېس بولمىغان بولسا، چېرچىلنىڭ ئاخىرقى بىر نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتى ئەمەلىيەتتىكىدەك ئۇنداق مۇقىم تۇرمىغان ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان بولاتتى. خرستوفېرنىڭ قېيناتىسىغا ياردەم قىلىشى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ پارلامېنتتا زور دەرىجىدە كۆپ ساننى ئىگىلەشتە تۆھپە قوشتى. چېرچىلنىڭ ۋارىسى ئانتونى ئېدېن مۇشۇ كۆپ سان ئارقىلىق 1955-يىلى مايدا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ سايلامدا غەلىبە قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېدېن خرستوفېرنى ھاۋا ئارمىيە مىنىستىرلىقىنىڭ ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلىدى. بۇ خرستوفېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، تېخىمۇ مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش ھەمدە پەيتى كەلگەندە خەلقئارا ئابرۇيغا ئىگە بولۇش يولىدا بېسىلغان بىر قەدەم ھېسابلاندى، دېگەندى.

ئەمدى گەپنى كەلگەن يېرىمىزدىن باشلايلى: چېرچىل دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىگە كەلگەندىن كېيىن، خەلقئارالىق ۋەزىيەت كۈندىن-كۈنگە جىددىيلىشىپ كەتتى، ئۇرۇش تەييارلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن شتاب خادىملىرىنىڭ نۆۋەتچىلىك تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى. شتاب خادىملىرى ھەر كۈنى خەرىتىگە كىچىك قەغەز بايراقچىلارنى سانجىپ گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيە فلوتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى ئىنىقلاپ تۇردى.

چېرچىل كۈندە ئىشقا چىققاندا بىرىنچى بولۇپ، دۈشمەن ئارمىيىسى فلوتىنىڭ ھەرىكىتىنى تەپسىلىي بىلىپ تۇردى. ئۇ گېرمانىيە فلوتىغا ئائىت ئاخباراتلارنىڭ باشقا مەنبەلىرىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ چوڭ خەرىتىنى تامغا داۋاملىق ئېسىپ قويدى، بۇنىڭدىكى مەقسەت ئىشداشلىرىنى «دۈشمەن ئەھۋالىنى دائىم بىلىپ تۇرۇش چۈشەنچىسى» گە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

چېرچىل زېھنىي كۈچى تولۇپ-تاشقان، ئىنتايىن پائالىيەتچان ئىدى، ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتى دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «ئېنشاترېس» ناملىق ماتورلۇق كېمىسىدە ئۆتتى. ئۇ بارلىق ئەڭ مۇھىم دېڭىز ئارمىيە بازىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، چوڭ تىپتىكى ھەربىي پاراخوتلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئايلىنىپ چىقتى. گېرمانىيە فلوتىنى تېز سۈرئەتتە مەغلۇپ قىلالايدىغان ئەنگلىيە فلوتىنى قۇرۇپ چىقىش يولىدا غايەت زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى.

1912-يىل يانۋاردا، بېرلىن ئەنگلىيە بىلەن دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قورال-جابدۇقلىرى مەسىلىسى توغرۇلۇق سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، چېرچىلنى كۈتۈۋېلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدى. ئەمما، چېرچىل بېرلىنغا بېرىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قىزىقمىدى. شۇنداقتىمۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قەدەر تەمكىن ۋە پىشقان بىرەر سىياسىئونى ئەۋەتىش ئويى بار ئىدى، شۇڭا قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى خولدېيننى تاللاپ بېرلىنغا ئەۋەتتى. لېكىن، خولدېن بېرلىنغا كېلىشى بىلەن تەڭلا، گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلىيام II دەرھال پارلامېنتتا قۇرۇقلۇق ئارمىيە بىلەن دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي خىراجىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدىغانلىقىنى جاكارلاپ: «گېرمانىيىنىڭ قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدىكى دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى قوللاش ۋە كۈچەيتىش مېنىڭ



www.uyghurkitap.com

مەڭگۈلۈك ۋەزىپەم ۋە مەجبۇرىيىتىم» دېدى ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا قوشۇپ قويدى: «گېرمانىيە خەلقىدە قولىغا قورال ئالالايدىغان ياشلار كەم ئەمەس».

چېرچىلمۇ گېرمانىيە پادىشاھىنىڭ سۆزىگە قاتتىق رەددىيە قايتۇرۇپ: «ئەنگلىيىدە بۇرۇندىنلا ماترۇسلار كەم بولغان ئەمەس، چۈنكى ئەنگلىيىنىڭ بالىلىرى دېڭىز-ئوكيانلارنى قىزغىن سۆيۈش تەربىيىسى ئالغان، شۇڭا ئۇلاردا دېڭىز ئارمىيىسىگە قاتنىششقا ئىدىيىۋى تەييارلىقى بار» دېدى. ئارقىدىنلا يەنە: «ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى تەڭداشسىز قۇدرەتلىك مۇداپىئە كۈچىگە ئىگە. بۇ كۈچ ئەنگلىيىنىڭ ھايات-ماماتىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، گېرمانىيىلىكلەر ئۈچۈن بىر خىل ھەۋەستىن ئىبارەت خالاس» دەپ تەكىتلىدى.

چېرچىلنىڭ سۆزى بېرلىننىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈردى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى جىددىي ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئارىلىقتا ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى، پۈتۈن دۇنيا كۆز تىككەن 1- دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## سەككىزىنچى باب

# دېڭىز ئارمىيە قوماندانى

چېرچىل دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىنىپ 1- دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغانغا قەدەر ئارىلىقتا 33 ئاي ئۆتتى. بۇ مەزگىلدە چېرچىل ئۇرۇش تەييارلىقىنى كۈچەيتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان پۇرسەت پات ئارىدا يېتىپ كېلەتتى.

1914- يىلى 28- ئىيۇل، ئاۋستىرىيە - ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسى تەخت ۋارىسى، سېرىق نامى پۇر كەتكەن مىلىتارىست فرانسىس فېردىناننىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، سېربىيىگە رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 28- ئىيۇل يېرىم كېچىدە ئاۋستىرىيە - ۋېنگرىيە ئارمىيىسى گېرمانىيىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا بېلگرادنى توپقا تۇتتى. ئارقىدىنلا ئۇرۇش ئوتى ئەتراپىنى قاپلاپ، پۈتكۈل ئۇرۇش ماشىنىلىرى تېز سۈرئەتتە ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى. روسىيە ئەسلى سېربىيىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ۋاقتىنچە ساقلىنىش ئويىدا بولغانىدى، ئەمما ئويلىمىغان يەردىن ئاۋستىرىيە، ۋېنگرىيە ئىككى دۆلەت سېربىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. روسىيە تولۇق تەييارلىق كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئەمدى مۇددەتتىن بۇرۇن ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. 30- ئىيۇل روسىيە ئومۇمىي سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش بۇيرۇقى ئېلان قىلدى: ئەتىسى

ۋىلىيام II : «گېرمانىيە ئۇرۇش تەھدىتى ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ» دەپ جاكارلىدى ۋە بۇنى باھانە قىلىپ شۇ كۈنى كەچتە روسىيىگە ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇم تاپشۇرۇپ، 12 سائەت ئىچىدە ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، روسىيە پىسەنت قىلمىدى. 1-ئاۋغۇست گېرمانىيە ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چۈشۈردى ھەمدە شۇ كۈنى كەچ سائەت يەتتىدە روسىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

31-ئىيۇل، گېرمانىيە روسىيىگە نوتا يوللاش بىلەن بىر ۋاقىتتا فرانسىيىگىمۇ بىر پارچە نوتا تاپشۇردى ھەمدە، گېرمانىيە بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بېرىپ قالسا، فرانسىيە بىتەرەپ تۇرۇشنى خالامدۇ-يوق؟ دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. فرانسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى گېرمانىيە باش ئەلچىسىگە: «فرانسىيىنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا كەلسەك، بۇ ھەقتە ئەھۋال يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ھېچنەرسىنى دېگىلى بولمايدۇ ھەمدە فرانسىيە ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكىنى ساقلاپ قالىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. فرانسىيىگە شۇ نەرسە ئېنىقكى، گېرمانىيە روسىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلسا، ئۇ چاغدا فرانسىيە روسىيە بىلەن بىرلىكتە گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى قارار قىلاتتى. 1-ئاۋغۇست فرانسىيە زوڭتۇڭى پوئىنكارې ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چۈشۈردى. 3-ئاۋغۇست گېرمانىيە، فرانسىيە ئايروپىلانى گېرمانىيىنىڭ ھاۋا تەۋەلىكىگە تاجاۋۇز قىلدى ۋە فرانسىيە ئارمىيىسى چېگرادا توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقاردى، دېگەن پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ ھەمدە بۇنى باھانە قىلىپ فرانسىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

گېرمانىيە باش شتابى «شىرىفېن-ماۋچ» ئۇرۇش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 2-ئاغۇست بېلگىيىگە ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇم تاپشۇرۇپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ بېلگىيىگە كىرىپ فرانسىيىگە قارشى جەڭ قىلىشقا يول قويۇشنى تەلەپ

قىلدى ھەمدە جاۋاب بېرىشكە 24 سائەت مۆھلەت بەردى. بېلگىيە گېرمانىيىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى ۋە ئارقىدىنلا ئەنگلىيىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى.

2-ئاۋغۇست كەچتە، ئەنگلىيە دىپلوماتىيە ۋەزىرى گىراي فرانسىيىگە: ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى چوقۇم ئىككى دۆلەت دېڭىز ئارمىيىسى كېلىشىمىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ئەنگلىيە بوغۇزى (لامانشى بوغۇزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە ئاتلانتىك ئوكياندىكى فرانسىيە دېڭىز قىرغاقلىرىنى قوغدايدۇ، دەپ ۋەدە بەردى. 3-ئاۋغۇست ئەنگلىيە كابىنېتى يىغىن ئېچىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشنى قارار قىلدى. 4-ئاۋغۇست گېرمانىيە بېلگىيىگە ھۇجۇم قىلدى. شۇ كۈنى ئەنگلىيە، گېرمانىيە بېلگىيىنىڭ بىتەرەپلىكىنى بۇزدى، دېگەننى باھانە قىلىپ، گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىتالىيىنىڭ ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياۋروپادىكى باشقا جاھانگىر چوڭ دۆلەتلەر بۇ قېتىمقى جىنايەتلىك ۋە قانلىق چوڭ قىرغىنچىلىققا كىردى. جاھانگىر قوزغىغان بىرىنچى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى مانا مۇشۇنداق ئومۇمىيۈزلۈك تۈردە باشلاندى.

بۇ قېتىمقى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىدىن چېرچىلنىڭ كۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ «قوماندانلىق تالانتىنى» كۆرسىتىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى، دەپ ھېسابلىدى. چېرچىل خوتۇنى كلېمېنتىناغا ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىدە: «ئىشلار تولىمۇ مۇشكۈل ۋە خەتەرلىك. بارلىق مەۋجۇداتلار ھالاك بولىدۇ. مەن ئۆزۈمنى غەلىتە، خۇشال ۋە بەختلىك سېزىۋاتىمەن. بۇ قورقۇنچلۇق ئەمەسمۇ؟ مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇرۇشقا قاتنىشىش كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان ئىش. شەپقەتلىك خۇدا مېنىڭ بۇ يىرگىنچلىك ھەم يەڭگىلتەك خۇيۇمنى مەغپىرەت قىلغاي!» دەپ يازدى.

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى چېرچىلنىڭ دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىدىكى پائالىيەتلىرى تولىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. فلوت ئۇرۇش تەييارلىقىنى پۇختا قىلدى. ئادمىرال فىشېر ئۇرۇش 1914-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا باشلىنىشى مۇمكىن، دەپ ھېسابلىدى. چېرچىلنىڭمۇ بۇ كۆز قاراشقا قوشۇلۇشى ئېنىق ئىدى. شۇڭا 1914-يىلى ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى قائىدە بويىچە يىلدا بىر قېتىم قىلىنىدىغان ھەربىي مانېۋىرنى ئۆتكۈزمىدى. ئەكسىچە چېرچىل دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ سەپەرۋەرلىك مەشقى ئېلىپ بېرىشى، بۇ سەپەرۋەرلىك مەشقى داۋامىدا پاراخوت ۋە بارلىق ماتروسلارنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقىنى پۇختا قىلىشى توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. مەشىق ئىيۇلنىڭ ئىككىنچى ئون كۈنىدىن باشلىنىپ 17- ۋە 18-ئىيۇن ئەنئەنىۋى پارات بىلەن ئاياغلاشتى. ئادەتتىكى ئەھۋالدا پاراتتىن كېيىن فلوت تارقىلىپ، پاراخوتلار ئۆز بازىسىغا قايتاتتى. لېكىن، 20-ئىيۇن دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكى بىرىنچى فلوت يىغىلىش ھالىتىدە تۇرسۇن، دېگەن بۇيرۇقنى ئېلان قىلدى. 1915-يىلى چېرچىل دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىدىن ئايرىلغاندا سابىق قورۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى كىتچىنېر ئۇنىڭغا: «سىز مەڭگۈ پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئىش شۇكى، بىزنىڭ دېڭىز ئارمىيىمىز ئاللىقاچان ھەربىي تەييارلىقنى تولۇق پۈتتۈرۈپ بولغان» دېگەنىدى.

ئەنگلىيە ئۇرۇشقا قاتنىشىشتىن ئون كۈن بۇرۇن ھۆكۈمەت ئۇرۇشقا تۇتىدىغان پوزىتسىيە مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. شۇ چاغدا چېرچىل ئۇرۇشقا تېز قاتنىشىش تەشەببۇسىدا چىڭ تۇرۇپ، جىددىي سەپەرۋەرلىككە كېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ھۆكۈمەتتىكى بەزىلەرنىڭ ئارىسالدا بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دوستى سمىت ئارقىلىق كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرىدىن لىبېراللار پارتىيىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى

قىسمىدا ئۇرۇش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ قالغان چاغدا، ئۇلارنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشقا قوشۇلىدىغان-قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئۇقۇشتى. 1-ئاۋغۇست گېرمانىيە رۇسىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى، چېرچىل ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ دېڭىز ئارمىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش توغرۇلۇق ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇ مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشىغا تۈرتكە بولماقچى ئىدى. بۇ خىل باشباشتاقلىق ھەرىكەتنى كىشىلەر ياقتۇرمىسىمۇ، ئەمما بۇ باتۇرلۇق بىلەن ئالغا تاشلانغان بىر قەدەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، ھەممە ئىشلار ناھايىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولدى. ئەتىسى ھۆكۈمەت چېرچىلنىڭ دېڭىز ئارمىيىسىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش قارارىنى تەستىقلىدى. 1914-يىلى 4-ئاۋغۇست ئەنگلىيە گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئۇچۇن، چېرچىل ماددىي ۋە تېخنىكا جەھەتتىن تولۇق تەييارلىق كۆرۈپلا قالماستىن، بەلكى كادىر ئىشلىرىدىمۇ زور ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. ئۇ كۆڭۈل بۆلگەن بىرىنچى ئىش، دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىمۇ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىكىنى دوراپ شتاب تەسىس قىلدى. شتاب تەسىس قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئۇ فلوتقا قوماندانلىق قىلىدىغان مۇھىم ۋەزىپىدىكى بىر مۇنچە دېڭىز ئارمىيە گېنېراللىرىنى ئالماشتۇرىۋەتكەنىدى. بىرىنچى بولۇپ ئۇرۇش تەييارلىقىنىڭ زور مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالمىغان تۆرە ئارتۇر ۋىلسون خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاندى. ۋىلسوندىن كېيىن يېڭى فاكچېنغا قوشۇلمىغان دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بىر مۇنچە گېنېراللىرى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاندى. چېرچىل يەنە ياشىنىپ قالغان، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىغا يېتىشەلمەيۋاتقان دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بىر مۇنچە

گېنېراللىرىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىماقچى بولدى. ئۇنىڭ دوستى جون: «مەن ئەزەلدىن بىرەر ئادەمنىڭ بۇ ئىشنى قىلغىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم» دەپ يازدى. دېڭىز ئارمىيە شتابىنى تەسىس قىلىشتا بىر مۇنچە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە توغرا كەلدى. چېرچىل شتابنى بىۋاستە ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، «ئىسمى جىسمىغا لايىق دېڭىز ئارمىيە قوماندانى» بولۇش نىيىتىگە كەلدى. بۇ ئىسلاھات بىر مۇنچە گېنېراللارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا خالىغىنىنى قىلىپ، بۇيرۇقلىرىنى مەجبۇرىي ئىجرا قىلغۇزدى.

چېرچىل 1- دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ھارپىسىدا مەسلىھەتچىسى گېنېرال فىشېرنىڭ ياردىمى بىلەن، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىدە ئىككى مۇھىم ئىسلاھات ئېلىپ باردى. ئۇلار ھەربىي پاراخوتتىكى كالىبرى 5 .13 ئىنگلىز سۇڭى كېلىدىغان زەمبىرەكنىڭ ئورنىغا 15 ئىنگلىز سۇڭى كېلىدىغان زەمبىرەكنى ئالماشتۇردى. ئۇرۇش قىستاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ خىل يېڭى قوراللارنى ئىشلىتىشنى مەشق قىلدۇرۇش ۋە سىناپ كۆرۈشكىمۇ ۋاقىت يېتىشمەيتتى، شۇڭا بۇ قوراللارنى ئىشلىتىشتە ئاجايىپ بىر قەتئىي ئىرادىنىڭ بولۇشىغا ھەمدە ھەربىي پاراخوتتىكى بۇ قورالارنى ئىشلەتكەندە كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان يامان ئاقىۋەتلەرگە پۈتۈنلەي مەسئۇل بولۇشقا توغرا كېلەتتى. ئەمەلىيەتتە، لايىھىلىگۈچىنىڭ ھېسابلىشى توغرا بولۇپ، ھەممە ئىشلار ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى.

كېيىن چېرچىل بىلەن فىشېر ھەربىي پاراخوتتا كۆمۈر كۆيدۈرۈشنى نېفىت كۆيدۈرۈشكە ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. يېقىلغۇ ئورنىدا نېفىتنى ئىشلەتكەندە ھەربىي پاراخوتلارنىڭ سۈرئىتى ۋە ھەرىكەتچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنى ناھايىتى زور ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلغىلى

بولاتتى. ئەمما، قىيىن بىر مەسىلە ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇلدى: يېڭى يېقىلغۇنى نەدىن تېپىش كېرەك؟ ئەنگلىيىدە كۆمۈر زاپىسى كۆپ، ئەمما ئازراقمۇ نېفىت يوق ئىدى. چېرچىل ئامال قىلىپ ئىراندىن نېفىت ئەكەلدۈرۈش قارارىغا كەلدى. شۇڭا ئەنگلىيە - ئىران نېفىت شىركىتى قۇردى، ئەنگلىيە ئىرانغا ئازراق پۇل بېرىپ، ئىراننىڭ نېفىتىنى تەكشۈرۈش، ئېچىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئىبارەت مونوپولىيە ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. شىركەتنىڭ كۆپ پېيى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتتى. چېرچىلنىڭ قوللانغان تەدبىرلىرى ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقىنى كۈچەيتتى. ئۇرۇشنىڭ كۈندىن-كۈنگە يېقىنلاپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، بۇ نۇقتا تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.

20-ئەسىردە دېڭىز-ئوكيانلارغا خوجا بولۇش جاھانگىرلىكنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. جاھانگىرلىكنىڭ زومىگەرلىكنى تالىشىش ئۈچۈن ئاتقان زەمبىرەك ئوقلىرى پۈتكۈل ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنى قاپلىغاندا، دېڭىزدىكى كەسكىن جەڭلەرمۇ باشلىنىپ كەتتى. 1-دۇنيا ئۇرۇشىدا ئاساسلىقى ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە دېڭىز جەڭلىرىنى قىلدى. باشقا دۆلەتلەرنىڭ دېڭىز ئارمىيىسى مۇداپىئە ھالەتتە تۇردى. مەسىلەن، فرانسىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئانتانتانىڭ[①] ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى دېڭىز يولىنى قوغداش بولدى. روسىيە دېڭىز ئارمىيىسى بالتىق دېڭىزى بىلەن قارا دېڭىزنى مۇھاپىزەت قىلدى، ئاۋستىرىيە - ۋېنگرىيە فلوتى بولسا، ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ئادئاتىك دېڭىزى قىرغاقلىرىدىكى يورتلىرىنى قوغدىدى.

① 1- دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى ئەنگلىيە، فرانسىيە، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئۇرۇشقۇچى گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشتى، ئارقىدىن ئامېرىكا، ياپونىيە، ئىتالىيە قاتارلىق 25 دۆلەت قوشۇلدى.

ئەنگلىيە ئۆزىنى «دېڭىز زومىگەرى» دەپ ھېسابلىدى. ئۇ قۇدرەتلىك دېڭىز ئۈستى قورال كۈچىگە ئىگە ئىدى. ئۇرۇش باشلانغاندا ئەنگلىيىنىڭ «قورقماس» ناملىق 30 پاراخوتى، 11 چوڭ كرېيسېرى، 38 چوڭ ھەربىي پاراخوتى، 113 ئوكيان چارلاش پاراخوتى، 229 قوغلىغۇچى كېمىسى، 68 زەمبىرەكچى كېمە ۋە تورپېدا ئاتىدىغان قېيىقى، 84 سۇ ئاستى كېمىسى بار بولۇپ، ئومۇمىي توناژى 2 مىلليون توننىدىن كۆپرەك كېلەتتى، بۇ شۇ چاغدا دۇنيا بويىچە ئەڭ زور دېڭىز ئارمىيە كۈچى ھېسابلىناتتى.

1914-يىلى 1- دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغاندا، گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ كۈچى دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. ئۇنىڭ «قورقماس» ناملىق 20 پاراخوتى، يەتتە چوڭ كرېيسېرى، 19 چوڭ ھەربىي پاراخوتى، 53 ئوكيان چارلاش پاراخوتى، 140 قوغلىغۇچى كېمىسى، 55 زەمبىرەكچى كېمە ۋە تورپېدا ئاتىدىغان قېيىقى، 31 سۇ ئاستى كېمىسى بار بولۇپ، ئومۇمىي توناژى 1 مىليون 57 مىڭ توننا كېلەتتى. گېرمانىيە فلوتىنىڭ ئاساسلىق كۈچى خېلگولاند ئارىلى، كېئېل ۋە ۋىلھېلىم پورتلىرىغا توپلانغان، بالتىق دېڭىزىدا روسىيە دېڭىز ئارمىيىسىنى قورۇش پىلانى تېخــى تولۇق ئەمەلگە ئاشمىغانىدى. گېرمانىيىنىڭ كۈچلۈك بىر «ئوچۇق دېڭىــز فلوتى» بار ئىدى، شۇڭلاشقا بۇ دېڭىز رايونلىرىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. 1- دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغاندا گېرمانىيىنىــڭ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدا ئىككىلا ھەربىي پاراخوتى بار بولۇپ، بۇ گېرمانىيىنىڭ ئەڭ ئىلغار جەڭگىۋار ئوكيان چارلاش پاراخوتى ئىدى. بۇ پاراخوتلار ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىنىڭ سودا كېمىلىرىنى توسۇپ، ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ دېڭىز قاتنىشىغا تەھدىت سالدى. كېيىن ئەنگلىيە، فرانسىيىلەر نۇرغۇن پاراخوتلارنى ئىشقا سېلىپ قوغلاپ زەربە بېرىش نەتىجىسىدە، گېرمانىيىنىڭ بۇ

ئىككى ھەربىي پاراخوتى ئامالسىز قارا دېڭىزغا قاراپ قاچتى ۋە كونستانتىنوپولغا بېرىپ، تۈركىيە فلوت ئىسكادراسىغا قاتناشتى.

1914-يىل 4-ئاۋغۇست يېرىم كېچىدە، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى ۋەزىر چېرچىلنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن شىمالىي دېڭىزغا كىرىپ ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتتى. شۇ چاغدا، ئەنگلىيىنىڭ دېڭىزدىكى ئومۇمىي ئىستراتېگىيىلىك مەقسىتى، بىرىنچى، گېرمانىيە-ئاۋستىرىيىنىڭ دېڭىزدىكى قاتناش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش ھەمدە چەت ئەلنىڭ بارلىق پاراخوت-كېمىلىرىنى چۆكتۈرۈپ، دېڭىزنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش؛ ئىككىنچى، فرانسىيىگە يەتكۈزۈلىدىغان ئەنگلىيىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيىسىنى ۋە ئىستراتېگىيىلىك ماددىي ئەشيالارنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىپ قويۇش؛ ئۈچىنچى، چەت ئەلدىكى مۇستەملىكىلەرگە بارىدىغان دېڭىز يوللىرى ۋە ئۆزىنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى چېرچىلنىڭ ئۈستۈن فلوتىغا تايىنىپ پوكان ۋە گېرمانىيىنىڭ باشقا ئاراللىرىنى ئىگىلەپ، ئۆز فلوتىنىڭ بازىسى قىلىش؛ خېلگولاند دېڭىز تەۋەسىنى تىزگىنلەش، ئاندىن كىئېل قانىلىغا ھۇجۇم قىلىپ، گېرمانىيە فلوتىنى ئۈزۈل-كېسىل يىتچىت قىلىپ تاشلاشتىن ئىبارەت دېڭىز ئۇرۇش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئويى بار ئىدى. ئەگەر بۇ پىلان ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، ئەنگلىيە فلوتى بالتىق دېڭىزىغا كىرەلەيتتى ۋە روسىيە دېڭىز ئارمىيىسى بىلەن ماسلىشىپ بېرلىندىن 100 دېڭىز مىلى يىراقلىقتىكى دائىرە ئىچىدە قۇرۇقلۇققا چىقالايتتى، شۇنىڭدەك دانىيىنى بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشىغا قاتناشتۇرغىلى بولاتتى.

گېرمانىيە، ئەنگلىيە فلوتىنى ئىشقا سېلىپ، گېرمانىيىنى دېڭىزدىن قامال قىلدۇ، دەپ مۆلچەرلىدى، شۇڭا ئۇلار ئەنگلىيىنىڭ گېرمانىيىگە بارىدىغان مۇھىم دېڭىز يوللىرىغا مىنا ئورۇنلاشتۇرۇش، شۇنىڭدەك سۇ ئاستى كېمىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، سۇ ئۈستى پاراخوت-كېمىلىرىنىڭ كىچىك كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىشى بىلەن ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ كۈچىنى ئاستا-ئاستا ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئىمكانقەدەر تېزرەك ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە كۈچى بىلەن تەڭلىشىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشنى، كېيىن دېڭىزدىكى ئومۇمىي ئۇرۇشتا ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنى يوقىتىشنى پىلانلىدى. دېڭىز ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى گېرمانىيە فلوتى ئانتىلىس تاقىم ئاراللىرى سۇ دائىرىسىدە، ھىندى ئوكيان ۋە تىنچ ئوكياندا كرېيسېر ئوپېراتسىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ ھەرقايسى دېڭىز دائىرىلىرىدە تارقىلىپ يۈرگەن فلوت ۋە ھەربىي قورال-ياراغ ئەسلىھەلىرىنى توشۇۋاتقان سودا كېمىلىرىگە زەربە بېرىپ، ئەنگلىيە باشچىلىقىدىكى ئانتانتا گۇرۇھىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. بۇ ئەھۋال ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنى بىر مەھەل ئالاقزادە قىلىۋەتتى.

گېرمانىيە بىلەن ئاۋستىرىيىنىڭ تىنچ ئوكياندىكى سەككىز ئوكيان چارلاش پاراخوتى جۇڭگونىڭ چىڭداۋ پورتىغا كېلىپ توختىدى. 1- دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، گېرمانىيىنىڭ تىنچ ئوكيان فلوتىنىڭ قوماندانى فون بىش ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيە فلوتىنىڭ تىغ ئۇچىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۇرۇش پۇرسىتى ئىزدەش ئۈچۈن بەش ھەربىي پاراخوتنى باشلاپ چىڭداۋغا ئاستا كىرىپ، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى ئەتراپلىرىدا ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. بۇ فلوت 1914-يىلى 1-نويابىردا، چىلىنىڭ كولۇمنېر دېڭىزىدا

كىتىۋاتقاندا ئەنگلىيىنىڭ چارلېز كراددوك قوماندانلىقىدىكى ئاجىزراق بىر فلوت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. گۇگۇم چۈشكەن مەھەلدە ئىككى تەرەپ جەڭ قىلدى. ئەنگلىيىنىڭ «ئۈمىد تۇمشۇقى» ناملىق چوڭ ھەربىي پاراخوتى گېرمانىيىنىڭ ھەربىي پاراخوتى تەرىپىدىن چۆكتۈرۈۋېتىلدى، كراددوك 1400 دىن كۆپرەك ئوفىتسېر-جەڭچىلىرى بىلەن بىللە دېڭىزنىڭ تەكتىگە غەرق بولۇپ كەتتى. ئەنگلىيىنىڭ يەنە بىر «مونموس» ناملىق ھەربىي پاراخوتمۇ سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىلدى، قالغان ئىككى ھەربىي پاراخوتى ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ ئاران قېچىپ قۇتۇلدى.

بۇ قېتىمقى جەڭ ئەنگلىيىنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. چېرچىل ئىنتىقام ئېلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ دەرھال كونترئادمىرال دوفتون ستىت باشچىلىقىدا يەتتە ھەربىي پاراخوتنى جەنۇبىي ئاتلانتىك ئوكيانغا ئەۋەتتى. بۇ فلوت 7-دېكابىر ئارگېنتىنا ئەتراپىدىكى مالۋىناس (فالكلاند) ئارىلىغا يېتىپ بېرىپ، ئەنگلىيىنىڭ قېچىپ كېلىۋاتقان ئىككى ھەربىي كېمىسى بىلەن ئۇچراشتى. بۇ چاغدا ئەنگلىيە تەرەپ رادىئو ئىستانسىسى ئارقىلىق گېرمانىيە فلوتىنىڭ ھەرىكىتىنى رازۋېدكا قىلىپ تۇردى. 8-دېكابىر گېرمانىيە فلوتى پۈتۈن كۈچى بىلەن قاچقان دۈشمىنىنى قوغلاپ كېلىۋاتقاندا مالۋىناس ئارىلىنىڭ ئەتراپىدا مۆكۈنۈپ تۇرغان ئەنگلىيە فلوتىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى. ئۆزىنى ئۇستۇن چاغلاپ كېلىۋاتقان گېرمانىيە تەرەپ شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولدى، لېكىن ئويلىمىغان يەردىن ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي پاراخوتلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى، بۇ چاغدا قارشى تەرەپ ئۆزىنىڭ قىلتاققا چۈشكەنلىكىنى بىلدى، ئەمما بۇ چاغدا ئۇلار تولىمۇ كېچىككەنىدى. ئاخىر كەسكىن جەڭ ئاياغلىشىپ، گېرمانىيىنىڭ «گېنىسىنئو»، «شارمخوۋست»، «لېيپزىگ»

شۇنىڭدەك «نيۇرنبېرگ» ناملىق ھەربىي پاراخوتلىرى دېڭىزغا غەرق قىلىندى. پەقەت «درېسدىن» ناملىق پاراخوتلا قېچىپ قۇتۇلدى. گېرمانىيە فلوتىنىڭ قوماندانى فون بىش ئۆزىنىڭ فلوتى بىلەن بىرگە يوقالدى. 1914-يىلىدىن 1916-يىلىغىچە داۋام قىلغان دېڭىزدىكى قوراللىق ئېلىشىشتىن كېيىن گېرمانىيىنىڭ چەت دېڭىزلاردىكى كرېيسېر فلوتى ئۇن-تىنسىز لا يوقاپ كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ «ئوكيان ئۈستى تىنچلاندى، گېرمانىيە فلوتىنىڭ جەڭ بايرىقى قايتا لەپىلدىمەيدىغان بولدى.»

بۇ غەلىبىدىن رىغبەتلەنگەن چېرچىل ياۋروپا ئەتراپىدىكى شىمالىي دېڭىز دائىرىسىدە دۈشمەن بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى بىر يولىلا يوقاتماقچى بولدى. 1914-يىل 28-ئاۋغۇستتا ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە فلوتلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچى شىمالىي دېڭىزدىكى خېلگولاند ئارىلىدا تۇنجى قېتىم جەڭ قىلدى. شۇ كۈنى ئەتىگەن ھاۋا ئوچۇق، دېڭىز سۈيى شېشىدەك سۈزۈك ئىدى. ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ فلوتى تۆت ئەترەتكە بۆلۈنۈپ، غەربىي شىمال، شەرق ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپلەردىن خېلگولاند ئارىلىغا قاراپ يولغا چىقتى. خېلگولاند ئارىلى گېرمانىيە زېمىنىدىن 30 دېڭىز مىلى يىراقلىقتا بولۇپ، كىئېل قانىلىنىڭ ئۆتىدىغان يولى ئىدى. گېرمانىيە كىئېل قانىلىنى ئۆزىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بازىسى قىلىۋالغانىدى، خېلگولاند ئارىلىغا 364 زەمبىرەك ئورۇنلاشتۇرۇپ، دېڭىزدىكى بۇ دەرۋازىسىنى قوغداۋاتاتتى.

گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسى ئارالدىكى ئوت كۈچىگە تايىنىپ بىر قانچە قوغلىغۇچى كېمە ۋە ئوكيان چارلاش پاراخوتلىرىنى ئىشقا سېلىپ جەڭگە ئاتلاندى. ئەنگلىيە سۇ ئاستى كېمىلىرى بىلەن قوغلىغۇچى كېمىلىرى يالغاندىن غەربىي

شىمال تەرەپكە چېكىنىپ «يەمچۈك» تاشلىدى، ئاخىر گېرمانىيە ھەربىي پاراخوتلىرى قىلتاقىقا دەسسىدى، ئىككى تەرەپنىڭ ئوكيان چارلاش پاراخوتلىرى بىلەن قوغلىغۇچى كېمىلىرىنىڭ تەركىب تاپقان فلوتلار خېلگولاند ئارىلىنىڭ غەربىي قىسمىدا شىددەتلىك جەڭ قىلدى. ئەنگلىيە فلوتى ئارالدىكى زەمبىرەكلەرنىڭ ئوت كۈچىدىن قورقۇپ ئالغا ئىلگىرىلىيەل- مەي، چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، گېرمانىيە فلوتى ئەنگلىيىنىڭ سۇ ئاستى كېمىلىرى بىلەن قوغلىغۇچى كېمىلىرىنىڭ يېقىنلا ئەتراپتا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئەنگلىيىنىڭ چوڭ ھەربىي كېمىلىرى يىراقتا ئوخشايدۇ، دەپ خاتا پەرەزگە كېلىپ قالدى-دە، يۈرەكلىك ھالدا ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئەنگلىيە فلوتىنىڭ ئاساسىي كۈچلىرى دەرھال يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا، مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرۇۋاتقان ئەنگلىيە فلوتىغا دۇچ كېلىپ قالغان گېرمانىيە فلوتى چېكىنىش يولى توسۇلۇپ قالغاچقا، ئامالسىز ئالدى تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قىلچە غەلىبە قىلىش ئۈمىدى بولمىغان بۇ جەڭگە قاتناشتى. بىر نەچچە سائەت داۋام قىلغان شىددەتلىك دېڭىز جېڭىدىن كېيىن، گېرمانىيىنىڭ «مائىنز»، «كولن» ۋە «ئالىئادنې» ناملىق ئوكيان چارلاش پاراخوتلىرى چۆكتۈرۈۋېتىلدى. «ستراس-بۇرگ» ناملىق پاراخوتى ئېغىر زەخىملەندى. يەنە بىر قوغلىغۇچى كېمىسىمۇ چۆكتۈرۈۋېتىلدى، شۇنداق قىلىپ، گېرمانىيە فلوتى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى.

1915-يىلى 24-يانۋار، ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسى شىمالىي دېڭىز دۆگېر ساھىلىنىڭ سۇ دائىرىسىدە يەنە بىر قېتىم جەڭ قىلدى. بۇ قېتىم گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسى بىر ئېغىر تىپتىكى كرېيسېر، بىر يېنىك تىپتىكى كرېيسېر، يەنە بىر قوغلىغۇچى كېمە تارماق ئەترىتىنى

چىقىرىپ، مالۋىناس ئارىلىدىكى مەغلۇبىيىتى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالماقچى بولدى. گېرمانىيە خېلگولاند ئارىلىنىڭ شىمالىدىكى سۇ مىناسى رايونىنى كېڭەيتتى، ئاندىن سۇ ئاستى كېمىلىرىنى ئەگىتىپ ئەپكەتتى، بۇ ئارقىلىق ئەنگلىيە فلوتىنى سۇ مىناسى رايونىغا ئالداپ كىرگۈزمەكچى بولدى. لېكىن، ئەنگلىيە فلوتى گېرمانىيە فلوتىنىڭ ھەرىكەت پىلانىنى رازۋېدكا قىلىپ بىلىۋالغاچقا، سۇ مىناسى رايونىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئىككى تەرەپ دۇگېر سۇ دائىرىسىدە قاتتىق ئېلىشتى. بۇ قېتىمقى دېڭىز ئۇرۇشى ئەنگلىيە فلوتىنىڭ يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشى، گېرمانىيىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن ئاخىرلاشتى. گېرمانىيىنىڭ «پرۇش» داملىق پاراخوتى غەرق قىلىۋېتىلدى. «ساندىلىس»، «مولتكې» ۋە «تېفلىنگېر» داملىق پاراخوتلىرى زەخىملەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيىنىڭ «شىر» داملىق پاراخوتىمۇ ئېغىر زەخىملەندى.

ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى شىمالىي دېڭىزدا ئىككى قېتىم جەڭ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن جەڭ ئۈنچىلىك كەڭ كۆلەملىك ئېلىپ بېرىلمىدى، چېرچىلنىڭ ھۇجۇم قىلىش پىلانى دېگەن ۋاقىتتا ئەمەلگە ئاشمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ گېرمانىيىنى شىمالىي دېڭىزدىن قامال قىلىشقا ئۆتتى. 1915-يىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، دېڭىز ئۇرۇشىنىڭ مەركىزى يېقىن شەرققە يۆتكەلدى. ئۇرۇشۇۋاتقان ھەر ئىككى جاھانگىر تەرەپ يېقىن شەرقتىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە كونىستانتىنوپولنى جېنىنىڭ بارىچە تالاشتى. گېرمانىيە تەرەپ گېرمانىيە-تۈركىيە ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتە پېرسىيىگە سىڭىپ كىرىپ، ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئورنىغا زەربە بېرىش ۋە ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت سېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، روسىيىنىڭ ئەنگلىيە، فرانسىيىلەر بىلەن بولغان

www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋەتىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇندى. شۇڭا، گېرمانىيە پۈتۈن نىيىتى بىلەن، كونىستانتىنوپولنى ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرققە كېڭىيىشنىڭ كۆۋرۈك ئىستىھكامى قىلماقچى بولدى.

ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇشنى يېقىن شەرققە يۆتكەشتىكى مەقسىتى، گېرمانىيىنىڭ بۇ رايوندىكى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىپ، گېلىبولۇنى تارتىۋېلىش، مەرمەر دېڭىزىغا كىرىپ ئىككى بوغۇزنى ئىگىلەش؛ تۈركىيىنىڭ گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە بىلەن بولغان قاتنىشىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، تۈركىيىنى ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇرلاش ھەمدە ئۆزىنىڭ روسىيە بىلەن بولغان ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. 1915-يىل يانۋاردا، بۇ ئۇرۇش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ پەيتى يېتىپ كەلدى. تۈركىيە ئاشكارا ھالدا گېرمانىيە تەرەپكە ئۆتۈپ ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، روسىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش قوماندانى كىنەز نىكولايېۋىچ ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي رەھبىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئەنگلىيىدىن يېقىن شەرق رايونىدا ھەرىكەت قوللىنىپ كاۋكازدىكى روسىيە ئارمىيىسىگە كۈچلۈك بېسىم بولۇۋاتقان تۈركىيە ئارمىيىسىنى تارتىپ چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى. لوندون بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىپ، ئاخىر داردانېل ئوپېراتسىيىسىنى قوزغاشتىن ئىبارەت مۇھىم قارارنى چىقاردى. چېرچىلنىڭ مەقسىتى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ ئوپېراتسىيە تۈركىيىنى ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇرلاپلا قالماستىن، بەلكى گېرمانىيىنى ئاتانتا دۆلەتلىرى بىلەن مۇرەسسە قىلىشقىمۇ مەجبۇرلايتتى. چېرچىل، مەرمەر دېڭىزى 1- دۇنيا ئۇرۇشىدا مېنىڭ ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى جايىم بولۇپ قالغۇسى، شۇڭا بۇ قېتىمقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتە يېتەكچى رول ئوينىشىم كېرەك، دەپ ئويلىدى.

1915-يىل 13-يانۋار، چېرچىل مۇھىم ۋەزىرلەر، فېلد مارشاللار ۋە ئادمىراللاردىن تەركىب تاپقان ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كومىتېتتا ئۆزىنىڭ ئۇرۇش قىلىش لايىھىسىنى چۈشەندۈردى. مالىيە ۋەزىرى راۋخ گېئورگېنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كومىتېتنىڭ بارلىق ئەزالىرى دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرىنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. يىغىن دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى دېڭىز ئارمىيىسىنى تەشكىللەپ، فېۋرالدا گېلىبولۇ يېرىم ئارىلىنى بومباردىمان قىلىش ھەمدە بېسىۋېلىشقا تەييارلىق كۆرۈشنى ھاۋالە قىلدى ۋە كونكرېتنى نىشان كونستانتىنوپول ئىكەنلىكىنى بەلگىلىدى. بۇ يىغىن باشلىنىپلا، ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ چېچىلاڭغۇ، قالايمىقان، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارمىيىسى ھەربىي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىر-بىرىگە ماسلىشالماسلىقتىن ئىبارەت ئاجىز تەرەپلىرى ئاشكارىلىنىپ قالدى، بۇ ئاجىزلىقلار كېيىنكى ھەربىي ھەرىكەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

ئەنگلىيە كابىنېتى ۋە ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كومىتېت دېڭىز، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى بىرلىشىپ داردانېل بوغۇزى ئوپېراتسىيىسىنى قوزغاش توغرىسىدا قارار چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئىشنى كەينىگە تارتتى. شان-شەرىپىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تەقەززا بولۇپ تۇرۇۋاتقان چېرچىل باشقا بىرەرىنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ ئورتاقلىشىشىنى خالىمايتتى. شۇڭا 19-يانۋار قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى يېتىپ كەلگۈچە، فلوت ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن، داردانېل بوغۇزى رايونىدىكى تۈركىيىنىڭ ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلدى. دەسلەپكى ئون كۈنگىچە جەڭ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى، ئىستىھكام قورشاۋغا ئېلىنىپ، ناھايىتى تېزلا بىتچىت قىلىندى. بىراق، كۈتمىگەن يەردىن تۈركىيە ناھايىتى قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئەنگلىيە فلوتىنىڭ

ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇپ قويدى. 19-فېۋرال «تايمىس گېزىتى» دە بېسىلغان بىر پارچە ماقالە، دېڭىز بوغۇزىنى تارتىۋېلىپ گېرمانىيە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈش ئارقىلىق بىر خىل پىسخىكىلىق كەيپىياتنى پەيدا قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئارقىغا چېكىنىش يولىنى توسۇپ قويدى.

18-مارت، چېرچىل يەنە داردانېل بوغۇزىغا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ھەربىي پاراخوتلار تۈركىيە ئىستىھكامىنى شىددەت بىلەن توپقا تۇتۇپ، قارشى تەرەپنىڭ قايتۇرما زەربە بېرىش ئىمكانىيىتىنىمۇ قالدۇرمىدى. ئەنگلىيە غەلىبە قىلىشقا ئاز قالغانىدى، ئەمما ھەربىي پاراخوتلار داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز مىناغا ئۇچراپ، ئۈچ ھەربىي پاراخوت غەرق بولۇپ كەتتى، قالغان تۆت پاراخوت جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتتى. بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا دېڭىز بوغۇزىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئارمىيىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك زىيانغا ئۇچرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بوغۇزدىكى جەڭنىڭ زەمبىرەك ئاۋازلىرىمۇ بېسىقىپ قالدى.

دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي پاراخوت-كېمىلىرى تۈركىيە ئىستىھكامىغا زەمبىرەك ئېتىشنى توختىتىپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇرۇشقا قاتناشقۇچە بەش ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئارىلىقتا تۈركىيىلىكلەر بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ گلىبولۇ يېرىم ئارىلىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. گېرمانىيىلىكلەرمۇ ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ غەرىزىنى بىلىۋېلىپ، ئىمكانقەدەر تۈركىيىلىكلەرگە ياردەم بەردى. گېرمانىيە گېنېرالى فون ساندېرس تۈركىيە ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلدى. يېرىم ئارالنىڭ يەر شەكلى قاتمۇ قات تىك يار بولۇپ، مۇداپىئەلىنىشكە پايدىلىق ئىدى. بۇ، ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ

كەلدى. لېكىن، ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، يېرىم ئارالنى ھۇجۇم قىلىپ ئىگىلەشتىن ئىبارەت جەڭ پىلانىدىن ئاۋۋال تولۇق تەييارلىق قىلىنىپ، دېڭىز قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى بىردەك ھەمكارلىشىپ، زىچ ماسلىشىدىغان بولسىلا، ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ غەلىبە قازىنىشى مۇمكىن ئىدى.

كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ گېزىت-ژۇرناللىرى داردانېل بوغۇزى ئوپېراتسىيىسىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن پايدىلىنىپ، چېرچىلغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى ھەمدە ئۇنى كابىنېتتىن ھەيدەپ چىقىرىشقا ئۇرۇندى. شۇ چاغدىكى «ئەتىگەنلىك پوچتا گېزىتى» دە «چوڭقۇر چۈشەنگىلى بولمايدىغان غەلىتە ئادەم»، «تولۇق چۈشەنگىلى بولمايدىغان دېڭىز ئارمىيە قوماندانى»، «مۇتەخەسسىسلەرگە قارشى چىققان سىياسىئون» ۋە «چېرچىلغا ئوخشاش ئادەم ناھايىتى كۆپ» سەرلەۋھىلىك بىر قاتار ماقالىلەر بېسىلدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى بوۋنېر راۋخ بايانات ئېلان قىلىپ: «ئەگەر چېرچىل خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرمەيدىغان بولسا، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشنى رەت قىلىدۇ، ئاسكۇىت رەھبەرلىكىدىكى كابىنېتنى قوللاشتىن باش تارتىدۇ» دېدى. شۇ چاغدا مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەت بىلەن تۆۋەن پالاتادىكى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسى لىبېراللار پارتىيىسىدىكىلەر ئۈچۈن ئېغىر تەھدىت بولۇپ قالغانىدى. ئاخىر قايتا-قايتا كېڭىشىش ئارقىلىق چېرچىلنى دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىدىن ھەم ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كومىتېتنىڭ ئەزالىق سالاھىيىتىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭغا بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئىچىدە بەلگىسىز مىنىستىرلىكنىڭ ۋەزىرى دېگەن نامىنىلا قالدۇرۇشقا توغرا كەلدى.

«بەلگىسىز ۋەزىر» لىك ئىش ھەققى خېلى يۇقىرى، ئەمما ھېچقانداق خىزمەت قىلماي بىكار يۈرىدىغان ئەمەل ئىدى. راۋخ

گېئورگېنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئېيتقاندا: «بۇ ۋەزىيە ئادەتتە يېڭى كابىنېت ئەزالىرى ياكى ياشىنىپ تېنى ئاجىزلاپ كەتكەن ئابرۇيلۇق سىياسىئونلار ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلاتتى». چېرچىل ئەمەلىيەتتە ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان، شۇنىڭدەك ھۆكۈمەتكە تەسىر كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىدىنمۇ مەھرۇم بولغانىدى. راۋخ گېئورگې: «بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى سەۋەبىدىن چېرچىل پاراخوت كاپىتانىنىڭ ئاساسلىق ياردەمچىسىدىن پالوبىدىكى ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى» دەپ يازدى.

چېرچىل ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش پۇرسىتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئەڭ قاتتىق زەربە بولدى. بۇنىڭ بىلەن روھى بەكلا چۈشۈپ كەتتى. شۇ چاغدا، چېرچىل تۆرە رېدېلغا: «مەن ئىستىقبالىم يوق ئادەم ئىكەنمەن» دېدى. رېدېل ئۇنىڭغا: «سىز ئەمدى 40 ياشقا كىردىڭىز، ئىستىقبالىم يوق دېگىلى بولمايدۇ، سىز ئاجايىپ ئىقتىدارغا ئىگە» دېدى. چېرچىلمۇ: «ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئېيتقاندا، مەن پەقەتلا ئىستىقبالىم يوق ئادەم ئىكەنمەن، ئەمما مەن ئۇرۇشقا قىزىقىمەن، گېرمانىيىلىكلەرنى مەغلۇپ قىلىمەن. مەن بۇرۇن ناھايىتى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولغان... مەشھۇر شەخسلەرنىڭ يۇقىرى مائاشلىق ۋەزىپىلىرىنىمۇ ئۇستۇمگە ئالغانمەن، مانا ئەمدى بۇلارنىڭ ھەممىسى سوپۇن كۆپۈكىدەك يوققا چىقتى، مەن دەل مۇشۇلار ئۈچۈن ياشاپ كېلىۋاتقان ئەمەسمىدىم!» دەپ جاۋاب بەردى.

چېرچىل ئۇرۇشقا بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالدى، ئەمما دېڭىز بوغۇزىنى ئىشغال قىلىش ئوپېراتسىيىسىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشنى داۋاملىق تەشۋىق قىلدى. ئۇ، بوغۇزنىڭ «غەلىبىگە ئېلىپ بارىدىغان ئۇدۇل يول ئىكەنلىكى» گە قەتئىي ئىشىنەتتى. لېكىن،

ھۆكۇمەت ئەھۋالىنىڭ ئۆتچىلىك ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. بۇ چاغدا ھۆكۇمەت چىرچىلغا ئىشىنىپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن پاتقاققا پېتىپ قالغان پۈتنى تارتىپ چىقىرنۋېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىۋاتاتتى. گېنېراللارنىڭ تەشەببۇسى چېكىنىش ئىدى. ئەمدى ئابروي قوغلىشىدىغان چاغ ئەمەس ئىدى، ئابرۇينى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغىلى بولمايتتى، ئەمدىكى ئەڭ جىددىي مەسىلە، نۆۋەتتە ئۇچراش ئېھتىمالى بولغان زىياننى مۆلچەرلەش ئىدى. ئاخىر 1915-يىل يانۋاردا گېلىبولۇ يېرىم ئارلىدىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقىش قارار قىلىندى.

داردانېل بوغۇزىنى ئىشغال قىلىشتىكى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشقان جەڭگە ئانتانتا دۆلەتلىرى جەمئىي 500 مىڭ ئەسكەر قاتناشتۇرغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيە تەرەپنىڭ ئۆلگەن، ئەسىرگە چۈشكەن، ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ياكى ئاغرىپ ئۆلگەن ئوفىتسېر-جەڭچىلىرى 43 مىڭغا يەتتى، ئەگەر ئارقا سەپكە يۆتكەپ كېلىنگەن كېسەللەرنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، ئەنگلىيە 47 مىڭ ئادەمنى زىيان تارتتى.

ئەنگلىيىنىڭ قائىدىسى بويىچە، ھۆكۇمەت ياكى ئورگان خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش جەريانىدا قاتتىق يېڭىلىشسا ۋە خاتالىق سادىر بولسا، مەخسۇس خان جەمەتى كومىتېتى قۇرۇلاتتى. 1916-يىلى پارلامېنت داردانېل ئوپېراتسىيىسى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇردى. بۇ كومىتېت قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، بەزى دۆلەت ئىشلىرى ئەربابلىرى ۋە ھەربىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھەرىكىتىگە باھا بەردى، ئاخىردا: باش ۋەزىر، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى ۋە دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى داردانېل ئوپېراتسىيىسىدىكى مەغلۇبىيەتنىڭ ئاساسىي جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، دەپ ھېسابلىدى، يەنە چىرچىلنىڭ ھەرقانداق خاتا ھەرىكىتى جىنايەت بولالمايدۇ، چۈنكى ئۇ بىرەر ئىش قىلسا، دائىم ئۆزىنىڭ دېڭىز ئارمىيە مەسلىھەتچىسى بىلەن كېڭەشەتتى، يەنە كېلىپ، ئومۇمىي ئوپېراتسىيە پىلانى كابىنېت ۋە ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كومىتېتنىڭ

تەستىقلىدىن ئۆتكەن، دەپ قارىدى.

كومىتېتىنىڭ رەسمىي قانۇن بويىچە چىقارغان ھۆكۈمى ئادىل بولدى. ئەمما، چېرچىلنىڭ تۆۋەن پالاتادىكى سىياسىي رەقىبلىرى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، داردانېل ئوپېراتسىيىسىنىڭ ئاساسلىق جاۋابكارلىقى چېرچىلدا، ئەگەر ئۇ ھۆكۈمەتكە بۇ تەشەببۇسنى قويمىغان ھەمدە تۇرلۇك ئاماللار بىلەن ھۆكۈمەتنى قايىل قىلمىغان بولسا، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارمىيە رەھبەرلىرى قوشۇلۇپ بۇ ئوپېراتسىيىنى ھەرگىز ئېلىپ بارمىغان بولاتتى، دېيىشتى. چېرچىلنىڭ ئوپېراتسىيىسىنىڭ مەغلۇپ بولۇش تۈپەيلىدىن ئادەم ۋە ماددىي ئەشيالار زور زىيانغا ئۇچراپ، ئەنگلىيىنىڭ ئابرۇيى يەرگە ئۇرۇلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى روھىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن چېرچىلغا قاتتىق زەربە بولدى، خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە بۇنىڭ يامان تەسىرى يوقالمىدى.

ئەنگلىيە ئارمىيىسى گېلىبولۇ يېرىم ئارىلىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، چېرچىل ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كومىتېتقا داۋاملىق قاتنىشىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولدى. ھۆكۈمەتتىكى ۋەزىپىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ ھوقۇق ئۇنىڭغا بېرىلمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كومىتېت ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېتقا ئۆزگەرتىلگەندە، چېرچىل سىرتتا قالدۇرۇلدى. دېمەك، ئۇ يۇقىرى مائاشتىن بەھرىمەن بولىدىغان، ئەمما ھېچقانداق رولى يوق ئەمەلدارغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇنداق ئەھۋالدا قېلىش ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە چېرچىلغا بەكلا ئېغىر كەلدى، يەنە كېلىپ، ھۆكۈمەتتە ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىشقا قاتنىشىدىغان بىرەر ئورۇنغا ئىگە بولۇشتىنمۇ ئۈمىدى پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى چېرچىلنى يېتىم قالدۇردى. ئاخىر مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان چېرچىل كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر قارار چىقاردى.

# توققۇزىنچى باب

## مەنسەپتىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن

چېرچىل دېگىنز ئارمىيە ۋەزىرلىك ئەمىلىدىن ئېلىپ تاشلانغان ۋە ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېتىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلغاندىن باشلاپ، غەزىپى زادى بېسىلمىدى. ئاخىر شۇ جان ئاچچىقىدا ئاتالمىش «بەلگىسىز ۋەزىر» لىك ئەمىلىدىن ئىستېپا بەردى ۋە قىلچە ئىككىلەنمەستىن فرانسىيىگە بېرىپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش قىلغۇچى قىسمىغا قاتناشتى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ھەربىي ئۇنۋانى مايور ئىدى.

چېرچىلنىڭ دوستى تۆرە بېئاۋېربروئوكنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، 1915-يىل 18-نويابىر، ئوكسفورد پىيادە ئەسكەرلەر پولكىنىڭ ئوفىتسېرى مايور چېرچىل فرانسىيىگە قاراپ يولغا چىققان. ئۇ چېرچىل سەپەرگە چىققان چاغدىكى ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازىدۇ: «پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر، ھەتتا ئايال خىزمەتكارلارمۇ بۇ جەڭچىنى — دۆلەت ئىشلىرى ئەربابىنى ئۇزىتىپ قويغىلى باردى. ئۇ قولىدا قىلىچ، بىر چەتتە تۇراتتى. پەلەمپەيدە تۇرغان ئۇنىڭ سادىق كاتىپى ئېدى ماش ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى... تۆرە راندولف خانىم تېخىمۇ ئېگىزرەك بىر جايدا تۇراتتى، ئۇ كۆزگە كۆرۈنگەن بۇ سۆيۈملۈك ئوغلىنىڭ جەڭ ئاكوپلىرىغا كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بەكلا ئۇمىدسىزلىنىپ كەتتى. ئەمما، ۋىنستون

چېرچىل خانىملا تەمكىن، شۇنچىلىك روھلۇق ھەم كۆڭۈلگە ئۇلۇغۋار غايىلەرنى پۈككەنىدى» . ئەمدى سىياسىي جەھەتتە ئەمىلى ئۆسۈپ باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىش، چېرچىل ئۈچۈن ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىغاندەك بىر ئىش بوپقالدى. شۇڭا ئۇ ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، ھەربىي جەھەتتە شان-شۆھرەت قازىنىش نىيىتىگە كەلدى.

چېرچىل فرانسىيىنىڭ قىرغاق بويىدىكى بىرۇندىن قۇرۇقلۇقىغا چىققاندا، فرانسىيىدىكى يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيىنىڭ باش قوماندانىنىڭ شەخسىي ماشىنىسى ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. فرېنچ غۇلاچلىرىنى كەڭ يېيىپ مېھماننى چىڭ قۇچاقلىدى، خۇددى ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېت ئەزالىرىغا ئوخشاش بۇ قەدىناس دوستىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەمدە مەخسۇس ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېسىل چۈشلۈك تاماق تەييارلىدى. ئەتىسى باش قوماندان چېرچىلدىن قىسىمدا نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورىدى. چېرچىل: «بۇيرۇق بويىچە نېمە قىلىش توغرا كەلسە، شۇنى قىلىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. فرېنچ ئۇنىڭغا بىر برىگادىرغا قوماندانلىق قىلىش تەكلىپىنى بەردى. بۇ چېرچىلنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىدە گېنېرال برىگادىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، 4000 كىشىلىك بىر تارماق قىسىمغا قوماندانلىق قىلىشىدىن دېرەك بېرەتتى. لېكىن، ئۇ 1- دۇنيا ئۇرۇشىدا بىرەر قۇرۇقلۇق ئارمىيە قىسىملىرىغا قوماندانلىق قىلىپ باقمىغان، بۇ ھەقتە ھېچقانداق تەجرىبىسىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەقىللىقلىك بىلەن، ئاۋۋال ئالدىنقى سەپتىكى ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملارغا بېرىپ، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر بولۇش، ئاندىن بىرەر ئايغىچە قۇرۇقلۇق ئارمىيە خىزمىتىگە دائىر تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىش، گۋاردىيە دىۋىزىيىسىدە پراكتىكا قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. رەھبەرلىك ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى.

يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيىنىڭ قوماندانى چېرچىلغا ئىنتايىن قىزغىن مۇئامىلە قىلسىمۇ، لېكىن گۋاردىيە دىۋىزىيىسىدىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەر بۇ سابىق ۋەزىرنى ئانچە قىزغىن قارشى ئالمىدى. چېرچىل قىسىمغا كەلگەندە، بۇ يەرنىڭ پولكوۋنىكى تولىمۇ سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ: «شۇنى سىزگە ئېيتىپ قوياي، سىزنى بىزنىڭ بۇ يەرگە ئەۋەتىدىغان ئىشنى بىز بىلەن مەسلىھەتلەشمىگەن» دېدى. بۇنىڭدىن باشقا، قىسىمدىكى ئوفىتسېرلارنىڭ كۆپىنچىسى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ كۆز قارىشىغا ئىگە بولغاچقا، ئۇنى لىبېرالىستلار پارتىيىسىنىڭ ئادىمى دەپ قارايتتى، بۇ چېرچىلنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېڭى كەلگەن بۇ مايورغا بولغان نارازىلىق كەيپىياتى كۈچىيىپ كەتتى. چېرچىل قىسىمدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، خىزمەتداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا تىرىشىش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ بەزىدە ئاچچىق مەسخىرىلەرگە ئۇچراپ تۇردى. بىر كۈنى چېرچىل كورپۇس كوماندىرىنىڭ ئۆزىنى چاقىرتقانلىقى توغرۇلۇق بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنىڭغا قىسىم تۇرۇۋاتقان جايدىن تەخمىنەن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۆت كوچا ئېغىزىدا توختاپ قالغان بىر ماشىنىنى قوماندانلىق شتابىغا ئەكىلىشنى ئۇقتۇردى. چېرچىل پاتقاق يولدا خېلى مېڭىپ، ئاخىر بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يېتىپ كەلدى، بىراق بۇ يەردە ھېچقانداق بىر ماشىنا كۆرۈنمەيتتى. ئارىدىن بىر سائەت ۋاقىت ئۆتتى، شۇ ئەسنادا بىر ئالاقچى كېلىپ چېرچىلغا: «ماشىنا يولنى خاتا مېڭىپ، باشقا جايغا كېتىپ قاپتۇ. ھازىر قوماندانلىق شتابىغا باراي دېسىڭىزمۇ بەرىبىر كېچىكتىڭىز، چوڭ بىر ئىشمۇ يوق ئىدى، پەقەت ئۇ يەردىكى باشلىق سىزنى كۆرۈپ باقسام دېگەنىدى» دېدى. چېرچىل ئىلاجىسىز يەنە پاتقاق يولدا مېڭىپ،

ئالدىنقى سەپكە قايتتى، كېتىۋاتقاچ ئۆتى يېرىلغۇدەك ئاچچىقى كەلدى. تۆرۈشلۈق ئورنىغا قايتىپ كەلگەندە، باشقىلار ئۇنى تەلەيلىك ئادەم ئىكەنسەن، دېيىشتى. ئەسلىدە چېرچىل كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، گېرمانىيىلىكلەرنىڭ زەمبىرەك ئوقى چېرچىلنىڭ قوغدىنىش ئورنىغا چۈشۈپ كۇكۇم تالقان قىلىۋەتكەنىدى.

ئەنگلىيە كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى چېرچىلنى ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېتتىن ھەيدەپ چىقارغاندىن كېيىنمۇ ئاچچىقى يانمىدى. ئۇلار باش ۋەزىر ئاسكۇيت بىلەن ھەمتەپەس بولۇپ، داۋاملىق چېرچىلنىڭ ئەدىپىنى بەردى، ئۇنىڭ مۇھىم ھەربىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشىغا كۈچىنىڭ بارىچە توسقۇنلۇق قىلدى. 1915-يىل 16-دېكابىردا، تۆۋەن پالاتىدىكى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى خېرتېر قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرىنىڭ 2- دەرىجىلىك ئەمەلدارىدىن: «راستىنلا مايور ۋىنستون چېرچىلنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ بىر بىرىگادىرىغا قوماندانلىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندىمۇ؟ بۇ ئوفىتسېر قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ بىرەر باتالىيونىغا قوماندانلىق قىلىپ باققانمىكەن؟ ئۇنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ بىر ئوفىتسېرى سالاھىيىتى بىلەن ئالدىنقى سەپكە كەلگىنىگە تېخى بىر نەچچە ھەپتە بولدىمۇ؟» دەپ سورىدى. ئىككىنچى ئەمەلدار ئاچچىق كىنايە بىلەن: «مەن ھۆرمەتكە سازاۋەر ھەم باتۇر دوستۇمنى بىر بىرىگادىرنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىش توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغىنىم يوق؛ ئەمدى مەسىلىنىڭ ئىككىنچى نۇقتىسىغا كەلسەك، مەن ئالاقىدار ماتېرىياللار ۋە باشقا جايدىن ئىگىلىگەن رەسمىي ئاخباراتلارنى كۆرۈپ ھۆرمەتكە سازاۋەر ھەم باتۇر دوستۇمنىڭ پىيادە ئەسكەرلەر باتالىيونىغا قوماندانلىق قىلىپ باقمىغانلىقىنى ئۇقتۇم؛ مەسىلىنىڭ ئۈچىنچى نۇقتىسىغا

جاۋابىم مۇنداق، فرانسىيىگە كەلگەن كۈنىدىن تارتىپ ھازىرغىچە ھېسابلايدىغان بولساق، چېرچىلنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرى بولغىنىغا تەخمىنەن تۆت ھەپتە بولۇپ قالدى» دېدى. تۆۋەن پالاتا پارلامېنتىنىڭ بۇ ئەزاسى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەمەلدارنىڭ جاۋابىغا كۈلۈپلا قويدى. ئارقىدىنلا يەنە بىر ۋەكىل ئىككىنچى 2- دەرىجىلىك ئەمەلدارغا: «ھۆرمەتلىك ئەپەندى، ئەگەر بۇ تەيىنلەش كۆچكە ئىگە بولسا، تۆۋەن پالاتانىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بۇ ئىشنى ئۇچىغا چىققان تېتىقسىزلىق، دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟» دېدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتمەي، يىراققا يۇرۇش قىلغۇچى ئارمىيىنىڭ قوماندانى فرېنچنىڭ ئورنىغا گېنېرال دۇگاس خايگېر تەيىنلەندى. فرېنچ چېرچىلنى برىگادىر كوماندىرلىقىغا تەيىنلەش ھەققىدە خايگېرغا ئىلتىماس قىلدى. لېكىن بۇ ئىلتىماس قەتئىي رەت قىلىندى. خايگېر ئەگەر چېرچىل ھەربىي بولمىغان دەيدىكەن، ھەربىي ئۇنۋان دەرىجە بويىچە دەرىجە ئاتلاپ ئۆسۈشى كېرەك، دېدى. چېرچىلنىڭ ھەربىي ئۇنۋانى پودپولكوۋنىك ئىدى. شۇڭا ئۇ بىر برىگادىرغا ئەمەس، پىيادە ئەسكەرلەر باتالىيونىغىلا قوماندانلىق قىلالايتتى. بۇ نام-ئاتاق قازىنىشنىڭلا كويىدا قالغان چېرچىلغا يەنە بىر قېتىملىق ئېغىر زەربە بولدى.

شۇ چاغدىن باشلاپ چېرچىلنىڭ ئالدىغا ئىككىلا يول قويۇلدى، بۇنىڭ بىرى، مەززىسى يوق قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئادەتتىكى ئوفىتسېرى بولۇپ، گېرمانىيىنىڭ ئوقىدا جەھەننەمگە سەپەر قىلىش ياكى يارىدار بولۇش؛ يەنە بىرى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە خىزمىتىدىن ۋاز كېچىش، ئاندىن پارلامېنت ئەزاسىلىق سالاھىيىتى ۋە ئورنىدىن پايدىلىنىپ، ئەنگلىيىگە قايتىپ سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتىن

ئىبارەت ئىدى. چېرچىل ھەممە كىشىنىڭ تۈز ئۆگىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئۈچۈن ئارمىيىگە كەلگەنلىكىنى، شۇنىڭغا كېيىنكى يولنى تاللاشنىڭ خەيرلىك بولمايدىغانلىقىنى ئويلىدى. شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، 1915-يىلى سوغۇق ھاۋا جاندىن ئۆتىدىغان كەچكۈز مەزگىلى، فرانسىيىدىكى پاسكىنا ئاكوپلاردا دۈم يېتىپ كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان چېرچىلنىڭ كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ۋە باش ۋەزىر ئاسكۋىتقا بولغان ئۆچمەنلىكى ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ كۈچەيدى.

چېرچىل شوتلاندىيە پىيادە ئەسكەرلەر باتالىيونىنىڭ كوماندىرلىقىغا تەقسىم قىلىندى. ئۇ ئىلگىرى گۋاردىيە پولكىدا تۇرغان چاغدىكىدەك بۇ يەردىمۇ كەمسىتىشكە ئۇچرىدى. قىسىمدىكىلەر «ئۇچىغا چىققان قەبىھ سىياسىئون» دىن بىزار بولدى، ئەينى چاغدا قورۇقلۇق ئارمىيە ساھەسىدىكىلەر سىياسىئونلىرى شۇنداق دەپ ئاتايتتى. ئەمما، چېرچىل ئامال بار جەڭچىلەر بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ، بۇ يەردە ناھايىتى تېزلا پۇت دەسسەپ تۇرالىدى. ئۇ، باتالىيونغا كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى قول ئاستىدىكىلەرنى يىغىپ ئۇلارغا: «قېرىنداشلار، پىتقا قارشى جەڭ قىلايلى» دەپ ئېلان قىلدى. ئاندىن ئوفىتسېر - جەڭچىلەرگە پىتنىڭ ئادەمگە بولغان زىيىنىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى، ئۇنىڭ بىلەن قانداق كۈرەش قىلىشنىڭ يوللىرىنى سۆزلەپ بەردى. دەرۋەقە، چېرچىلنىڭ بۇ ئىشى ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بەردى. كىنەز مالبورونىڭ بۇ ئەۋلادىنىڭ تۇنجى قېتىمدىلا شوتلاندىيىنىڭ ئادەتتىكى ئوفىتسېر-جەڭچىلىرىگە شۇنچىلىك مۇلايىم مۇئامىلىدە بولغانلىقى كۆپچىلىكنى خۇشال قىلدى. چېرچىل كۆپچىلىك بىلەن بىللە پىت ئۆلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئاق قاغالتىردا ياسالغان دېسىنىمۇ خۇشاللىق بىلەن ئوفىتسېر-جەڭچىلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىپ تۇردى.

چېرچىل تۇرمۇش جەھەتتىلا ئوفىتسېر-جەڭچىلەر بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇشقا ئىنتىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇرۇش قىلغاندىمۇ باتۇر ھەم پاراسەتلىك بىلەن ئىش كۆرۈپ، خەۋپ-خەتەردىن قورقمىدى. ئۇ كىشىلەرگە: «ئۇرۇش قىلىش بىر خىل ئويۇن، كۆلۈپ تۇرۇپ جەڭ قىلىش كېرەك» دېدى. چېرچىلنىڭ ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلمايدىغان مىجەزى ئاكوپلاردىمۇ ئىپادىلىنىپ قالاتتى. ئۇ دائىم كېچىدە ئوفىتسېر-جەڭچىلەرگە ئۆزىگە قاراشلىق ئۇچاستىكىغا قارىتىپ ئوت ئېچىشقا بۇيرۇق چۈشۈرەتتى. قارشى تەرەپنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن قورققان گېرمانىيىلىكلەرمۇ ئوت ئېچىپ قايتۇرما زەربە بېرەتتى. بىر قېتىم ئىككى تەرەپ خېلى ئۇزۇنغىچە قارشىلاشتى. بۇنىڭدىن قوشنا قىسىملار بەكلا نارازى بولدى، چۈنكى ئوفىتسېر-جەڭچىلەرنى ئەنسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ دەم ئېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشىنىڭ ئۆزى قاملاشمىغان ئىش ئىدى. باتالىيوندىكى ئوفىتسېر-جەڭچىلەر چېرچىل شۇنچىلىك ئاكتىپ ئىشلىسىمۇ رازى بولمىدى. بىر قېتىم قارىمۇ قارشى ئوت ئېچىشىۋاتقاندا، چېرچىل يېنىدا تۇرغان بىر ئەسكەردىن «سەن ئۇرۇشقا قىزىقامسەن؟» دەپ سورىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى ئۇرۇش ئىدى. ئۆزى ئۇرۇشقا شەخسەن قوماندانلىق قىلىشنى ھەمدە ئۇرۇش داۋامىدا دۇنياغا تونۇلغان قەھرىمان بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى.

شۇنداق قىلىپ، چېرچىل ئالدىنقى سەپتە تۆت ئاي تۇردى. 1916-يىل مارتتا، قەدىناس دوستى تۆرە بېئاۋېربروئوكقا ئەۋەتكەن خېتىدە، ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ، ئەنگلىيىگە قايتىش ئويىنىڭ بارلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى. ئۇ خېتىدە، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىشىنىڭ كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى، بىر ئامال قىلىپ ھازىرقى ھالەتنى

www.uyghurkitap.com

ئۆزگەرتىش ئۈيدا بولۇۋاتقانلىقىنى يازدى. چېرچىلنىڭ قارىشىچە، مانا بۇ ئۆزىنىڭ ئالدىنقى سەپتىن ئايرىلىپ كېتىشىنىڭ ئەڭ قايىل قىلارلىق سەۋەبلىرىدىن ئىدى. ئۇ لوندونغا قايتىپ كېلىپلا پارلامېنتنىڭ دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئاجرىتىلىدىغان پۇل مەسىلىسىدىكى بەس-مۇنازىرىگە پائال قاتناشتى. ئۇ بەس-مۇنازىرە يىغىنىدا مۇھىم «پروگراممىا خاراكتېرلىك نۇتۇق» سۆزلىدى. چېرچىلنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇ خۇددى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرى ئەمەس، بەلكى هۆكۈمەتنىڭ بىر رەھبىرىي ئەزاسىدەك بىر خىل تەلەپپۇز چىقىپ تۇراتتى. ئۇ باش ۋەزىرگە، دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىنى قانداق ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، قانداق ئۇرۇش قىلىش توغرۇلۇق ساۋاق بەردى. چېرچىل سۆزلىگەن نۇتقىدا، ئۆزىنى ئالدىنقى سەپتىن چاقىرتىپ كېلىپ ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىشتىكى مۇھىم ۋەزىپىگە تەيىنلەش توغرۇلۇق هۆكۈمەتكە ئېنىق هالدا تەكلىپ بەردى. ئۇنىڭ نۇتقى توغرۇلۇق ئەنگلىيە گېزىت-ژۇرناللىرى: «بۇ بىر قېتىملىق رەھبەرلىك هوقۇقىنى تەلەپ قىلىش نۇتقى»، «هۆكۈمەتكە قايتىپ كېلىشكە ئۇرۇنۇش ئۈچۈن سۆزلەنگەن بىر قېتىملىق نۇتۇق» دەپ باها بەردى.

چېرچىلنىڭ دۆلەتكە قايتىپ كېلىپ، سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىدىكى بىرىنچى مەقسىتى، ئامال بار ئۆزىنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، هۆكۈمەتكە قايتا كىرىشىنىڭ پۇرسىتىنى ئىزدەش ئىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ جامائەتچىلىكنى قايىل قىلىپ، گلېبولۇ يېرىم ئارىلىدىكى تراگېدىيىنىڭ پەيدا بولۇشىدا چېرچىلنىڭ قىلچە مەسئۇلىيىتى يوقلۇقىغا، بۇ يوللۇق ئوپېراتسىيىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ئۇنىڭ خاتا سەۋەبلىكى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقمىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈشتىن دېرەك بېرەتتى. چېرچىل خاتالىقىنى

باشقىلارغا دۆڭگەپ قويالىسىلا، ئۆزىنىڭ بۇ مەسىلىدە پاك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالايتتى. باش ۋەزىر ئاسكۋىت چېرچىلنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى ئاقلايدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا ۋە كىتچېنېرنىڭ نام-شۆھرىتىگە داغ چۈشۈرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. شۇڭا، باش ۋەزىر چېرچىل ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان دارداندىل بوغۇزى ئوپېراتسىيىسىگە ئائىت ماتېرىياللارنى، ئۇرۇش ۋاقتىدىكى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاشقا رۇخسەت يوق، دېگەن سەۋەبنى كۆرسىتىپ ئېلان قىلىشنى رەت قىلدى.

بىراق، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت چېرچىلنىڭ ھۆكۈمەتكە قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن ھەقىقەتەن پايدىسىز ئىدى. جامائەتچىلىك ئۇنىڭغا قارشى تۇراتتى، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى. ئەنگلىيىدە چىقىدىغان گېزىتلەر بۇ نارازىلىق كەيپىياتىنى ئىنكاس قىلىپ، چېرچىلنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىشىغا قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. «دۇنيا» ھەپتىلىك گېزىتى: «‹كىچىك ئوپېرا ئۆمىكى› نىڭ ئانتۋېرپىقا① قىلغان سەپىرى پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا ئەنگلىيىلىكلەرنى سەتچىلىكتە قالدۇردى، چېرچىل بۇنىڭغا جاۋابكار بولۇشى كېرەك، زامانىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ھەربىي تراگېدىيە داردانېل بوغۇزىدىكى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارغان يىراققا يۈرۈش قىلىشقا جاۋابكار بولۇشى لازىم» دەپ يازدى.

1916-يىلىغا كەلگەندە، چېرچىل ئۈچ باللىق بولدى: چوڭ قىزى دىيانا يەتتە ياش، ئوغلى راندولف بەش ياش، كىچىك قىزى سارا ئىككى ياشتا ئىدى. قىيىنچىلىق تارتقان

---

① ئانتۋېرپ — بېلگىيىنىڭ پورت شەھىرى.

مەزگىللىرى خوتۇنى كلېمېنتىنا چېرچىلنىڭ ئىشەنچلىك ھىماتى بولۇپ قالدى. ئېرىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى بەختسىزلىكى تۇپەيلى چەككەن ئازابىدىن قۇتۇلۇشى ئۇچۇن ئۇنىڭ سۇنۇق كۆڭلىگە قولىدىن كېلىشىچە تەسەللى بەردى. ئۇ شۇنچىلىك تەمكىن، ئۇمىدۋار ئىدى، تاشقى قىياپىتىدىن قارىغاندىمۇ شۇنداقلىقى چىقىپ تۇراتتى، ھەممە ئىشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. كلېمېنتىنا ئېرىنىڭ رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم قىلدى، بىر مۇنچە گۈزەل سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنى ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى.

چېرچىل ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلانغان كۈنلىرى تۆرە رېدېل ئۇنىڭدىن: «كېيىنكى تۇرمۇشىڭىزدا نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟» دەپ سورىدى. چېرچىل: «پۇل تېپىپ جان باقىمەن، داۋاملىق رەسىم سىزىمەن. رەسىم سىزىش ماڭا ئەڭ چوڭ تەسەللى. دېڭىز ئارمىيىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، رەسىم سىزسام شەپقەتسىز پەيتلەرنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلىشىمگە ياردىمى بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ رەسىم سىزىشتا ئاجايىپ بىر تالانتقا ئىگە ئىدى. ئېنىقكى، بۇنى ئاپىسىدىن قالغان ئۇدۇم دېيىشكە بولاتتى. دەسلەپ جېيەن ئوغلىنىڭ بوياقلىرىنى ئىشلەتتى، كېيىن رەسسامغا كېرەكلىك بولغان ھەممە نەرسىنى سېتىۋالدى ھەمدە ئېد ماشنى مودېل قىلدى. ئىلگىرى قول ئاستىدىكى دېڭىز ئارمىيە بىرونىلىك ئاپتوموبىل باتالىيونىنىڭ بىر قىسىم ئوفىتسېر-جەڭچىلىرى ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىپ، سىزغان بىر پارچە رەسىمىنى ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر رەسسامى جون لېۋېرىغا تونۇشتۇرغانىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، چېرچىل لېۋېرىنىڭ ئىجتىھاتلىق بىر شاگىرتىغا ئايلىنىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن

رەسىم سىزىشقا كىرىشىپ كەتكەندى. ئۇ يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىنى شەھەر سىرتىدىكى سالقىن قورۇقلارغا بېرىپ ئۆتكۈزەتتى، ئۇچىسىدا دائىم سۇت رەڭ ئىش كىيىمى، گۇللۇكلەردە ئولتۇرۇپ گۈزەل مەنزىرىلەرنى سىزاتتى. كىشىلەر ئۇنى مېھمانغا تەكلىپ قىلسا، ھەمىشە رەسىم سىزىش جازىسىنى ئېلىۋالاتتى، ئۇنىڭغا ئىلھام كەلگەن ھامان بىر نەرسىلەرنى سىزىپ چىقاتتى.

1916-يىلىنىڭ ئاخىرى، باش ۋەزىر ئاسكۇت تەختتىن چۈشتى، راۋخ گېئورگې ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. يېڭى باش ۋەزىر چېرچىلنىڭ ياش ۋاقتىدىكى دوستى بولغاچقا، ئۇنى ھۆكۈمەتتە بىرەر ۋەزىپىگە تەيىنلىمەكچى بولدى. لېكىن، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىكىلەر كۈچلۈك نارازىلىق بىلدۈردى. بوۋنېر راۋخ: «ئەگەر ھۆكۈمەتتە چېرچىل بولىدىكەن، مەن ھۆكۈمەتكە ھەرگىز قاتناشمايمەن» دېدى. مەيلى راۋخ گېئورگې ۋە بېئاۋېربروئوك قانچىلىك نەسىھەت قىلسۇن، بوۋنېر راۋخنىڭ جاھىل مەيدانىنى قىلچە تەۋرىتەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، چېرچىل يەنە بىر قېتىم ھۆكۈمەتنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلدى. راۋخ گېئورگې چېرچىلنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتى. «ۋىنستون چېرچىل لىبېرالىستلار پارتىيىسىنىڭ ئۇچىنچى ئورۇندىكى ۋەزىرى بولغان، دەپ يازىدۇ گېئورگې ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم قاتناشقۇچىلىرىغا ئايلىنىپ، زامانىمىزنىڭ ئەڭ مەشھۇر سىرلىق شەخسلىرىدىن بىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەن باش ۋەزىر بولغاندا، ئۇ بىر نەچچە ئايغىچە ۋەزىر بولالمىدى، لېكىن ئۇ يەنىلا لىبېرالىستلار پارتىيىسىنىڭ مەشھۇر ئەزاسى. چېرچىلنىڭ ھەممىنى بىسىپ چۈشىدىغان ئەقىل-پاراستى، قىل سىغمايدىغان باتۇرلۇقى، ھەربىي سەنئەتنى ھاردىم-تالدىم دېمەي ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش روھى

www.uyghurkitap.com

ئۇنى ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېتنىڭ مۇھىم بىر ئەزاسىغا ئايلاندۇرىدۇ».

راۋخ گېئورگې يەنە مۇنداق يازىدۇ: «چېرچىل كابىنېتقا قاتناشتى. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئاسان ھاياجانلىنىدىغان ۋە خۇشال بولغىنى بىلەن خاپا بولغىنىنىڭ تايىنى يوق خاراكتېر-مىجەزىنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ؛ ئۇنىڭ پىكرى قوبۇل قىلىنىشتىن ئىلگىرى مۇزاكىرە قىلىنىدۇ ۋە تەكشۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭغا ئوخشاش مىجەزى ئىتتىك ۋە ئەقىل-پاراسەتتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئادەملەرنى قاتتىق كونترول قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ۋەزىرى بالفوۋر ھەم ئېدۋارد كۆرزوندىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشىغا قارشى چىقتى. ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ھەتتا چېرچىلنى يوق قىلىۋېتىشنى ئۆزلىرىنىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىكنىڭ رەھبەرلىكىگە قاتنىشىشىنىڭ شەرتى قىلدى. بوۋنېر راۋخ ئۇنىڭغا زادى ئىشەنمەيتتى. مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۈچ چىقىرىپ بوۋنېر راۋخنى چېرچىلغا قارشى چىقماسلىققا كۆندۈرمەكچى بولدۇم ھەمدە چېرچىلنى تەنقىدچى قىلساق، ھۆكۈمەتنىڭ بىر ئەزاسى بولغىنىدىنمۇ خەتەرلىك ئىش بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم. بوۋنېر راۋخ: مەيلى نېمىلا بولسۇن، ئۇ مېنىڭ باشتىن-ئاخىر رەقىبىم، دەپ جاۋاب بەردى».

1917-يىل ئىيۇلدا، راۋخ گېئورگې ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ خېلى مۇستەھكەملەنگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، چېرچىلنى ھۆكۈمەتكە قاتناشتۇرماقچى بولدى. ئۇ قارشىلىق كۈچلەرنى ئازايتىش ئۈچۈن، چېرچىلنى ھەربىي لاۋازىمات ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلەر كابىنېت ئەزاسى بولالمايتتى، شۇنداقلا ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىشقا قاتنىشالمايتتى، ھۆكۈمەتنىڭ

سىياسەتلىرىگىمۇ تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، چېرچىلنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشى بىر مۇنچە غۇلغۇلا قوزغىدى. بىرىپىسفوردقا ئوخشاش بەزى مەشھۇر ئەربابلار ئوچۇقتىن-ئوچۇق: «باش ۋەزىرنىڭ جامائەتچىلىكنىڭ پىكرىگە خىلاپ كېلىدىغان بۇنداق ۋەزىپىگە تەيىنلەشكە ھوقۇقى يوق» دېدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ گېزىت-ژۇرناللىرى بەزى كىتابخانىلاردىن كەلگەن خەتلەرنى باستى، خەتتە: «بىزنىڭ ئېسىمىزدىن چىقمايدۇ، چېرچىلنىڭ ئىسمى بەختسىزلىك بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن» دەپ يېزىلغانىدى. پارلامېنتتا بەزى ۋەكىللەر سۆز قىلىپ: چېرچىلنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشى «دۆلەت ئۈچۈن خەۋپلىك» دېدى. چېرچىلنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشى سەۋەبىدىن قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى تۆرە دېبى خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ ھۆكۈمەتكە دوق قىلدى. مۇستەملىكە ئىشلىرى ۋەزىرى ۋاتېرلونگ راۋخ گېئورگېغا يازغان خېتىدە، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىكى نۇرغۇن دوستلىرىنىڭ «بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى قوللاشقا ئاجىزلىق قىلىمىز» دەپ ئىپادە بىلدۈرگەنلىكىنى ئېيتتى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن 40 قا يېقىن ئادەم بوۋنېر راۋخقا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، چېرچىلنىڭ ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشىغا قارشى تۇردى. بۇ بىر قاتار ئەھۋاللار ھۆكۈمەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا بىۋاسىتە تەھدىت سالدى.

كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، راۋخ گېئورگې چېرچىلنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەنلىكى ئۈچۈن بىر مۇنچە قىيىنچىلىققا يولۇققانلىقىنى يازدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، چېرچىلنىڭ بۇنچىلىك شەپقەتسىز دەرىجىدە قارشىلىققا ئۇچراپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب: ئۇ ئىش قىلغاندا ھەرگىز ئىمكانىيەت قالدۇرمايتتى، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن،

ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى خىزمەتداشلىرىغا ھۇجۇم قىلدى، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى بىلەن نۇقسان-ئەيىبلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى ۋە ئاچچىق مەسخىرە ئاستىغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن تۆزىگە ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈردى. ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، مىللىي خەۋپ ھەرقايسى پارتىيە-گۇرۇھلارنى ۋاقىتىنچە ئۇرۇش توختىتىشقا مەجبۇرلىدى، پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ جېدەل-ماجىرالىرى ۋە ئىچكى قىسمىدىكى تالاش-تارتىشلار ۋاقىتىنچە توختىدى؛ ئەمما كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ چېرچىلنىڭ دۈشمەن لاگېرىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدەك ھەرىكىتىنى ئېسىدىن چىقارمىدى، شۇنداقلا كەچۈرمىدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ناھايىتى قالايمىقانلىشىپ كەتكەندە، ئۇلارغا شىددەتلىك ئوت ئېچىپ، ئەجەللىك زەربە بەرگەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. چېرچىلنىڭ خاتالىقى قەھرى-غەزەپكە كەلگەن كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ ئۇنى پارتىيىگە ئاسىيلىق قىلدى، دەپ جازالىشىدا ئەڭ ياخشى باھانە بولدى.

بەزى سىياسىي رەقىبلىرىمۇ چېرچىلنىڭ ئاجايىپ تالانتلىق، جاسارەتلىك، باتۇر ھەم ھېرىش-چارچاشنى بىلمەيدىغان خىزمەتچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. لېكىن، ئۇلار چېرچىلنى ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر سىياسىي ئەربابلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، نېمىشقا ئۇنىڭ چوقۇنغۇچىلىرى كۆپ، ھىمايىچىلىرى ئاز؟ دېگەن بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئاخىر ئۇلار چېرچىلنىڭ كاللىسى كۈچلۈك ماشىنىغا ئوخشايدۇ. ئەمما، بۇ ماشىنىنى ۋوجۇدقا كەلتۈرگەن زاپچاسلىرىدىكى چوشەنگىلى بولمايدىغان بىر خىل كەمتۈكلۈك، ماشىنىنىڭ نورمال ئايلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ قانداق ئىش؟ دېيىشتى. تەنقىدچىلەرمۇ بۇنىڭغا ئېنىق بىر نېمە دېيەلمىدى.



www.uyghurkitap.com

ماشىنىدىن بىرەر چاتاق چىقسىلا، ئۇنىڭ ئۆزىلا ئەمەس، ھەتتا بىللە خىزمەت قىلىۋاتقانلارمۇ ئوخشاش جاپا چېكەتتى. مانا بۇ ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇۋاتقان سەۋەب ئىدى.

«ئۇنىڭ ئىقتىدارىغا كەلسەك، بۇ ھەقتە مېنىڭ باشقىچە كۆز قارىشىم بار» دەيدۇ راۋىخ گېئورگىي: «مېنىڭچە، ھەربىكىتىنى نازارەت قىلىش شەرتى ئاستىدا ئۇنىڭ يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر كاللىسى ۋە ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچ-قۇۋۋىتى بىباھا گۆھەر. ئۇ يىراق كەلگۈسىگە نەزەر تاشلايدىغان، تەسەۋۋۇر كۈچىگە باي تۇغما تالانتقا ئىگە، بۇنىڭغا ھېچكىم شەك كەلتۈرەلمەيدۇ. داردانېل بوغۇزى ئوپېراتسىيىسى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرى، يەنە ئەڭ دەسلەپ تانكىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنگەنلىكى — ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنداق ئىقتىدارغا ئىگە ئادەملەر كەم ئۇچرايدۇ، تاپماقمۇ ئىنتايىن تەس. ئەڭ خەتەرلىك پەيتتە بۇنداق ئادەملەردىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك. ئەگەر ئۇلارغا ھوشيارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا كۆرسەتكەن تۆھپىسى بىر توپ قابىلىيەتسىز ئادەملەرنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىسىدىن زور بولىدۇ».

ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشنى چۆرىدىگەن ئاساستا كۆتۈرۈلگەن غۇلغۇلىدىن، چېرچىل كۈتمىگەن يەردىن بىر خىل كۆڭۈلسىز بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىۋالدى. دېمىسىمۇ چېرچىل ئۆزىنىڭ نامىنىڭ بۇنچىلىك يامان ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئىنتىلىدىغىنى مىڭ تەستە ئېرىشكەن ھەربىي لاۋازىمات ۋەزىرلىك ئەمەلى ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمەتكە يېڭىۋاشتىن كىرىپ، ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىش ئۈچۈن ئىدى. «تايمېس گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى رىپپىنتان: «ئۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىنكى بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدىلا باشقىچىلا بىر يېڭى ئادەم بوپقالدى... مەن ئەزەلدىن بىرەر

ئادەمنىڭ بۇنچىلىك قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە يۇتۇنلەي يېپيېڭى بىر ئادەمگە ئۆزگىرىدىغانلىقىنى زادى كۆرۈپ باقمىغانىدىم» دېدى. چېرچىلمۇ ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى ئۈستىدە توختىلىپ: «ماڭا تەكلىپ لايىھىسىنى قويۇشقا يول قويىمىسىمۇ، مەن قورال-ياراغ ياساش خىزمىتىنى چىڭ تۇتىمەن» دېدى.

چېرچىل يېڭى خىزمەت ئورنىدا ئاجايىپ نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئۇنىڭدا دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىدىكى ۋاقتىدىلا ئاكوپتىن ھالقىپ ئۆتەلەيدىغان برونىك ئاپتوموبىل ياساش خىيالى بار ئىدى. ئەنگلىيە بۇرۇنلا تانكا مودېلىنى ياساپ چىققانىدى. ئۇ فرانسىيەدىكى چېغىدا ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، بەزى ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، مېخانىكلاشقان قورال-جابدۇقلارغا تايىنىپ دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئويى پەيدا بولغانىدى. چېرچىل بۇ جەھەتتە قەدەمنى تېز بېسىش كېرەكلىكىنى، بولمىسا، گېرمانىيىلىكلەرنىڭ يېڭى تېپتىكى قورال-ياراغلارنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدىغانلىقىنى ھەمدە بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىلىرىنى ئويلاپ تاپىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

1917-يىل 20-نويابىر، ئىتتىپاقداش دۆلەت تۇنجى قېتىم زور تۈركۈمدىكى تانكىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق، غەربىي سەپتە گېرمانىيە جېنىدىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ناھايىتى زور نەتىجە قازاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تەدبىر قوللىنىپ تانكا ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتتى ھەمدە تانكا قىسمىنى تەشكىللەپ قۇرۇشقا تەييارلىق كۆردى. شۇڭا ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە چېرچىل «تانكا ئاتىسى» دەپ ئاتالدى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، بەزى كىشىلەر تانكىنىڭ كەشىپ قىلىش ھوقۇقىنى تالاشتى، شۇنىڭ بىلەن، دۆلەت مەخسۇس خان جەمەتى كومىتېتى قۇرۇپ، بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئاخىر بۇ كومىتېت: «كومىتېت ئالدى بىلەن

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتىدىكى، چېرچىلنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، باتۇرلۇقى ۋە قەتئىيلىكى سەۋەبىدىن. . . تانكىدىن ئىبارەت بۇ قورالنى ئىشلىتىپ ئۇرۇش قىلىش تەسەۋۋۇرى ئەمەلگە ئاشتى» دەپ خۇلاسە چىقاردى.

چېرچىل رەھبەرلىك قىلىشقا ۋاتقان ھەربىي لاۋازىمات مىنىستىرلىكى ناھايىتى زور تەشكىللىي ئورگان بولۇپ، ئۇ بۇ ئورۇندا ئالدىراش ئىشلەپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قازاندى. بىر قېتىم زاۋۇخ گېيئورگېغا ئەۋەتكەن خېتىدە: «بۇ ئىنتايىن ياخشى ئورۇن، دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىگە ئوخشاشلا ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەن. بۇ يەردە ناھايىتى چوڭ بىر ئارتۇقچىلىق بار ئىكەن، يەنى دېڭىز ئارمىيە قوماندانلىرى بىلەن تالاش-تارتىش قىلىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىكەن، گېرمانىيە ئارمىيىسى بىلەن بىۋاسىتە ئۇرۇش قىلىدىغان ئىشمۇ يوق ئىكەن! مەن بۇ يەردىكى ئەقىللىق، قابىل ئادەملەرگە قايىل بولدۇم، ئۇلار ئىمكانقەدەر پۈتۈن كۈچى بىلەن ماڭا ياردەم بەردى. بىلىملىك ئادەملەر بىلەن بىللە ئىشلىگىنىمگە تولىمۇ خۇشالمەن» دەپ يازدى. ھەربىي لاۋازىمات مىنىستىرلىكى تانكا، زەمبىرەك ۋە ئايروپىلان ئىشلەپچىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى باشقا ھەرخىل ھەربىي لاۋازىماتلىرى ۋە ترانسپورت قوراللىرىنىمۇ ئىشلەپچىقىراتتى. 1917-يىل ئاپرېلدا ئامېرىكا ئۇرۇشقا قاتناشتى. چېرچىل رەھبەرلىكىدىكى بۇ ئورۇن ئامېرىكا ئۈچۈن يۈز مىليون فوند ستېرلىڭ قىممىتىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كالىبىرلىق زەمبىرەك ئىشلەپچىقىرىپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىدى.

ھەربىي لاۋازىمات ۋەزىرى چېرچىل ئەنگلىيىنىڭ ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملىرى ۋە ئىتتىپاقداش ئارمىيىنى ئۇنۇملۇك ھالدا ھەربىي لاۋازىمات بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، فرانسىيىدە

ئۆزىنىڭ شۆبىسىنى قۇردى. بۇ ئىش چېرچىل ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا قۇرۇقلۇققا بېرىش، ئالدىنقى سەپنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈش، كەچۈرۈش، تەتقىق قىلىشتا رەسمىي بىر ئاساسقا ئىگە قىلدى. ئۇ دائىم مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەنگلىيىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا بېرىپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ، چېرچىل ئۆزى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، يەنى گېنېراللار بىلەن ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە بولدى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيىنىڭ قوماندانى گېنېرال خايگېر ئۆزىنىڭ قوماندانلىق شتابىدىن مەخسۇس چېرچىل ئۈچۈن بىر ئېغىزلىق ئۆي ئاجرىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، چېرچىل دائىم چۈشتىن بۇرۇن ھەربىي لاۋازىمات مىنىستىرلىكى تۇرۇشلۇق لوندوندىكى ئىشخانىسىدا ئىشلەپ، چۈشتە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ فرانسىيىگە كېلەتتى ۋە چۈشتىن كېيىنكى ۋاقتىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزەتتى. بۇنداق موكىدەك قاتناپ خىزمەت قىلىش ئۇسۇلى ئالدىنقى سەپتىكى ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملارنى ھەربىي لاۋازىمات بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ماسلىشىپ جەڭ قىلىشى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق تۆھپە قوشتى.

1918-يىل مارتتا، گېرمانىيە غەربىي سەپتە ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. گېرمانىيە بارلىق ئەسكىرىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. بۇ چاغدا چېرچىل فرانسىيىدە بولۇپ، ئۇرۇش جەريانىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇرۇش 40 كۈن داۋام قىلدى. ئەنگلىيە 300 مىڭ ئەسكىرىنى ئىشقا سالدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، فرانسىيىلىكلەر: ئەنگلىيە

گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى، شۇڭا ئۇلار پاسسىپلىق قىلىپ قاراپ تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى قوللاندى، دەپ ھېسابلىدى. راۋخ گېئورگې چېرچىلنى باش مىنىستىر كلېمېنسېۋ ۋە فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى مارشال فوش بىلەن كۆرۈشۈپ، فرانسىيىنىڭ بۇ ئىككى رەھبىرىگە ئەھۋاللارنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش ھەمدە ئىككى دۆلەت ئارمىيىسى بىرلىشىپ جەڭ قىلىش پىلانىنى تۈزۈش توغرۇلۇق فرانسىيىگە ئەۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىتتىپاقداش ئارمىيە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى، گېرمانىيە ئارمىيىسى كەينى-كەينىدىن مەغلۇپ بولۇپ، ئاخىر 1918-يىل نويابىردا، ئىلاجسىز تەسلىم بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

1918-يىل نويابىردا، ئانتانتا دۆلەتلىرى گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالاپ، 1- دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك ئاياغلاشقانلىقىنى ئېلان قىلغان كۈنى كەچتە، چېرچىل دوۋنىنگ كوچىسىدىكى باش ۋەزىر مەھكىمىسىدە راۋخ گېئورگې بىلەن كەچلىك تاماقتا بىللە بولدى. خۇشاللىقتىن قىن-قىنىغا پاتماي كەتكەن لوندون شەھەر ئاھالىسى ئۇرۇشنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. ئەمما، چېرچىلنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم ئىدى. كېيىن ئۇ ئۆز خاتىرىسىگە: «شۇ چاغدا، مەندە ئىككى خىل روھىي ھالەت بار ئىدى: بىرى، ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسىدىن ئەنسىرەيتتىم؛ يەنە بىرى، تار-مار قىلىنغان دۈشمەنلەرگە ياردەم قىلماقچى بولدۇم» دەپ يازدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە: ئەنگلىيىنىڭ دۈشمىنى تار-مار قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ «مەقسىتىگە تېخى يېتەلمىگەن باشقا دۈشمەنلەر يەنىلا مەۋجۇت ئىدى، ئۇرۇشتا غالىپ كەلگۈچىلەر ئىچىدىكى دۇنيا مەسىلىلىرىنى ئادىل ھەل قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان يېڭى كۈچلەر ھوقۇق ۋە مەنپەئەت تالاشماقتا ئىدى» . چېرچىلنىڭ دەۋاتقان ئەنگلىيىنىڭ دۇنيا مەسىلىسىنى ئۆز

ئىختىيارىچە بىر تەرەپ قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان يېڭى كۈچلەر دەل روسىيە ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى بىلەن ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنى قاپلاپ كەتكەن ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ئىدى. چېرچىل ۋە ئۇنىڭ شېرىكى راۋخ كېيورگې «ئۇرۇش ئارقىلىق ئىنقىلابنى باستۇرۇش» كېرەك دەپ ھېسابلاپ، يېڭى كۈچ — سوۋېت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىنى زاكىسىدىلا بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىش قەستىدە بولدى.

لېكىن، قورال كۈچى ئارقىلىق ئىنقىلابنى باستۇرۇش ئىنتايىن مۇرەككەپ ھەم مۇشەققەتلىك ئىش. ئەنگلىيە خەلقىنىڭ ئۇرۇشتىن بىزار بولغانلىقى، ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ئىنقىلابنى باستۇرىدىغان قولچوماق بولۇشنى تازا خالىمايدىغانلىقى چېرچىلنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. شۇڭا باشقا يەردىن ئەكسىلئىنقىلابىي قورallىق كۈچلەرنى تېپىشقا توغرا كېلەتتى. چېرچىل ئۇرۇشتا يېڭىلگەن گېرمانىيىدىن پايدىلىنىپ، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئىنقىلابقا قارشى تۇرۇش كويىدا بولدى. ئۇ: «روسىيە يېڭى ھاكىمىيىتىنى بويسۇندۇرماقچى بولساق، ھەربىي جەھەتتىكى يىراققا يۈرۈش مەسىلىسىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنياۋى سىياسىي مەسىلىلەردىمۇ . . . گېرمانىيىنىڭ ياردىمىگە تايانساقلا، ئاندىن روسىيىنى بويسۇندۇرغىلى بولىدۇ . . . روسىيىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن گېرمانىيىنى ياردەم بېرىشكە تەكلىپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ» دەپ قارايتتى. ئۇ 1920-يىلى: مېنىڭ 1- دۇنيا ئۇرۇشىدىكى سىياسىتىم «گېرمانىيە خەلقى بىلەن ئىناق ئۆتۈش، ئەمما بولشېۋىكلار بىلەن ئۇرۇش ئارقىلىق كۆرۈشۈش بولدى» دەپ يازدى.

چېرچىلنىڭ پۈتۈن ئەس-يادى ئەكسىلئىنقىلابىي ئۇرۇشتىلا قالدى، ئەمما ئۇ سۈيىقەست ۋە ھىيلە-مىكرىنى ۋاقىتىنچە يوشۇرۇپ، جامائەتچىلىككە ئاشكارىلىمىدى. شۇ چاغدا،

ئەنگلىيە مۇشەققەتلىك ۋە قانلىق ئۇرۇشنى غەلىبە قىلغاچقا، مەملىكەت ئىچىدە شوۋىنىزملىق كەيپىيات باش كۆتۈرۈپ قالدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىكىلەر بىلەن لىبېرالىستلار تەشكىللىگەن ئاتالمىش «بىرلەشمە گورۇھلار» تۈرلۈك ئامال-چارىلەر ئارقىلىق بۇ خىل كەيپىياتنى كۆككە كۆتۈردى ھەمدە بۇ خىل كەيپىياتتىن پايدىلىنىپ نۆۋەتتىكى سايلامدا ئۆزلىرىگە سايلام بېلىتى تارتماقچى بولدى. ئۇلار «گېرمانىيە پادىشاھىنى دارغا ئاسايلى!»، «ئەنگلىيىنى ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئۇرۇش قەھرىمانى دۆلەتكە ئۆزگەرتەيلى!»، «گېرمانىيىلىكلەر تۆلەم تۆلىسۇن!» دېگەن شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ شوئارلارنىڭ مەنىسى، گېرمانىيە پادىشاھىنى ئۆلتۈرۈش، ئۇرۇشنى قوزغىغان ئادەملەرنى جازالاش ئۈچۈن، گېرمانىيىلىكلەردىن تۆلەم ئېلىش، ئۇرۇشنىڭ ئەنگلىيىگە كەلتۈرگەن زىيىنىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، دېگەنلىكتىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن، «بىرلەشمە گورۇھلار» ئەنگلىيىنى «قەھرىمان دۆلەت» كە ئايلاندۇرۇشنىلا تەرغىب قىلىپ، بۇ مەسىلىلەرنى كونكرېتلاشتۇرۇشتىن ئۆزىنى قاچۇردى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى چېرچىلنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيتتى. ئۇ، گېرمانىيىنى جازالاشنى خالىمايتتى، شۇنداقلا تۆلەم تۆلىتىش چارىسى ئارقىلىق گېرمانىيىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنىمۇ تەشەببۇس قىلمايتتى. روسىيە ئىنقىلابىنىڭ يالقۇنىنى ئۆچۈرەلەيدىغان قۇدرەتلىك گېرمانىيىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن، ئەنگلىيىنىڭ سىياسىي قىمارىنىڭ مەلۇم قائىدىسى بار ئىدى، يەنى چېرچىلمۇ «بىرلەشمە گورۇھلار» نىڭ باشقا ئامزاتلىرىغا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ سايلام رايونىدا شوۋىنىزملىق شوئارنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى كېرەك ئىدى.

1918-يىل دېكابىردا، ئەنگلىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ سايلامدا «بىرلەشمە گۇرۇھلار» غەلىبە قىلدى. ئۇلار پارلامېنتتىكى 707 ئورۇننىڭ 478 ىگە ئىگە بولدى. چېرچىل قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا هاۋا ئارمىيە مىنىستىرلىكىنىمۇ قوشۇمچە باشقۇرۇپ، يەنە ئەنگلىيە هۆكۈمىتىنىڭ يادرولۇق كابىنېت ئەزاسىغا ئايلاندى. ئەگەر چېرچىل چوڭ هوقۇقنى قولىغا ئالسىلا، سوۋېت هاكىمىيىتىگە قوراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئەكسىلئىنقىلابىي پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۇتۇش قىلاتتى.

## ئونىنچى باب

# قوراللىق مۇداخىلە

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن لېنىن روسىيىدە سوۋېت ئىشچى-دېھقانلار ھاكىمىيىتىنى قۇردى، شۇنداق قىلىپ، ئەنگلىيە بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ئۆز دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، دەرھال سوۋېت روسىيىسىگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇرۇش فاكتىنى قوللاندى. ئەنگلىيە رەھبەرلىرى بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابىي ئۇرۇشنى پىلانلاشتا، روسىيىدە باش كۆتۈرۈپ چىققان سوۋېت ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ دۆلەتنى ئاجىزلاشتۇرۇش ياكى بۆلۈشۈۋېلىش غەرىزىدە بولدى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى ئىچىدە چېرچىلغا ئوخشاش ئۆلسىمۇ نىيىتىدىن يانماي، جان-جەھلى بىلەن سوۋېت روسىيىسىگە قارشى تۇرىدىغان بۇنداق ئادەمنى تاپقىلى بولمايتتى. شۇ چاغدا، ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ ئىنقىلابىي نەزەرىيىلىرىنى قىلچە چۈشەنمىسىمۇ، لېكىن باشقا جاھانگىرلىكنىڭ سىياسەتۋازلىرىغا قارىغاندا، روسىيە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى كاپىتالىزم دۇنياسىغا شۇنچىلىك غايەت زور خەۋپ بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇ چاغدا، باش ۋەزىر راۋخ گېئورگې ئىسپاتلىغاندەك:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«ھوقۇق تۇتقان روسىيە ئىشچى-دېھقانلىرىغا قارشى تۇرۇشتا چېرچىلنىڭ ئاقسۆڭەكلەرگە خاس ئىسسىق قانلىرى تومۇرلىرىدا ئۇرغۇشقا باشلىدى». روسىيىدە يۈز بەرگەن ئەھۋاللار ئۈستىدە توختالغاندا، چېرچىل ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى بېسىۋالالماي، روسىيە خەلقىگە، بولشېۋىكلارغا ۋە ئۇلارنىڭ رەھبىرىگە ئۆز مەيلىچە ھاقارەت قىلدى ھەم تۆھمەت چاپلىدى.

1918-يىل 26-نويابىردا، چېرچىل دۇندى شەھىرىدىكى سايلام رايونىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا، بولشېۋىكلارنى «قەبىھ ئورانگۇتان» دەپ ئاتىدى ھەمدە بولشېۋىكلار «روسىيىنى ناھايىتى تېزلا ھايۋان شەكلىدىكى ياۋايىلىق دەۋرىگە ئېلىپ بارىدۇ»، «كوممۇنىزم نەزەرىيىسى ... ئوتتۇرا ئەسىرگە چېكىنىش دېمەكتۇر» دەپ لاپ ئۇردى. دوستلىرىغا: «دۇنيا يولۋىسى — گېرمانىيە بايۋەچچىلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇق، ئەمدى چوڭ ئورانگۇتانلار بىزنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمىسۇن» دېدى. شۇڭا ئۇ، شۇ چاغدىكى ئەنگلىيە پارلامېنتىغا بىر پارچە نوتا تاپشۇرۇپ، «بولشېۋىكلار ھۆكۈمىتى ئەزالىرىنىڭ ئىسمىلىكىنى تۈزۈپ چىقىش» تەكلىپىنى بەردى ھەمدە كەلگۈسىدە ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانماي، بۇ ئادەملەرنى جازالاش كېرەكلىكىنى جاكارلىدى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى روسىيە ئىنقىلابىغا ئىنتايىن ئۆچ ئىدى. ئۇلار روسىيە پرولېتارىيات ئىنقىلابى چار روسىيىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر تەھدىت، دەپ قارايتتى. چۈنكى روسىيە ئىنقىلابى ئەنگلىيە تۇپرىقىدىكى ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى مۇستەملىكە خەلقلىرىنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنى ئەۋج ئالدۇرغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار مىڭبىر ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بۇ ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتنى بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولدى.

چېرچىلنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ئاساسلانغاندا، سوۋېت روسىيىسىگە قارشى كۆرەشنىڭ ئېغىر سالمىقى گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشەتتى. 1919-يىل 9-ئاپرېلدا، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرلىكى بىلەن ھاۋا ئارمىيە ۋەزىرلىكىنى تەڭ ئۆتەۋاتقان چېرچىل باش ۋەزىر راۋىخ گېئورگېغا يازغان خېتىدە: «سوۋېت روسىيىسىگە تاقابىل تۇرۇشتىكى سىياسەت ئىنتايىن ئاددىي، يەنى گېرمانىيىنى بېقىپ سەمرىتىش، ئاندىن بولشېۋىكلار بىلەن كۆرەش قىلىشقا مەجبۇرلاش» دېدى. سابىق باش ۋەزىر ئاسكۋىتنىڭ قىزى ئەينى چاغدا چېرچىل بىلەن پاراڭلاشقان گەپلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇنىڭدىن: «سىزنىڭ روسىيىگە تاقابىل تۇرۇشتىكى سىياسىتىڭىز نېمە؟» دەپ سورىدىم، ئۇ: «بولشېۋىكلارنى يوقىتىپ، گېرمانىيىلىكلەر بىلەن سۆيۈشۈش» دەپ جاۋاب بەردى.

ئەنگلىيە 1- دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن بىر قاتار چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، روسىيىگە باشلىغان مۇداخىلىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى. 1918-يىل 13-نويابىر، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى 1917-يىل 23-دېكابىردا فرانسىيە بىلەن ئىمزالىغان روسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى تەسىر دائىرىسىنى بۆلۈشۈۋېلىش توغرىسىدىكى كېلىشىمنى تەستىقلىدى. ئەتىسى يەنە روسىيە ئاقلار گېنېرالى دېنىكىنغا قورال-ياراغ، ھەربىي ئەسلىھەلەرنى ياردەم قىلىش توغرىسىدىكى قارار بىلەن سىبىرىيىگە كۆپلەپ ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىش ۋە ھەربىي ئەسلىھەلەرنى تولۇقلاش توغرىسىدىكى قارارنى ماقۇللىدى، شۇنىڭدەك ئەمەلىيەتتە كولچاك رەھبەرلىكىدىكى ئومسكى ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىنى ئېتىراپ قىلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، چېرچىلنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ئارقىسىدا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، سىبىرىيىدىكى كولچاك ئارمىيىسى بىلەن

روسىيىنىڭ شىمالىدىكى قوراللىق مۇداخىلىچى ئارمىيىسىنى كۆپەيتتى. 1918-يىل 30-نويابىر، ئەنگلىيە هۆكۈمىتى ئارخانگېلسكى ۋە ۋلادىۋوستوكتا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرىگە ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ئەنگلىيە هۆكۈمىتى روسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە تۆۋەندىكى سىياسەتنى يولغا قويماقچى، يەنى: «مۇرمانىسكى بىلەن ئارخانگېلىسكىنى داۋاملىق ئىگىلەيدۇ، سىبىرىيىگە داۋاملىق هۇجۇم قىلىدۇ ھەمدە چېخوسلوۋاكىيە ئارمىيىسىنى ئامال بار سىبىرىيىدە تۇرۇشقا قايىل قىلىپ، باتومى-باكو تۆمۈر يول لىنىيىسىنى ئىشغال قىلىدۇ. تۇرلۇك ھەربىي ئەسلىھەلىرى بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە نوۋوروسسكىدىكى گېنېرال دىنىكىنغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياردەم قىلىپ، بالتىق دېڭىزى بويىدىكى دۆلەتلەر ھەربىي ئەسلىھەلەر بىلەن تەمىن ئېتىلىدۇ» دېدى. بۇ چېرچىل مەسئۇل بولغان ئەنگلىيىنىڭ روسىيىگە مۇداخىلە يۈرگۈزۈشىدىكى زور پىلان ئىدى.

لېكىن، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى نەزەرگە ئېلىنىپ، روسىيە ئىنقىلابىغا قانداق قىلىپ تېخىمۇ كۈچلۈك قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپلار بار ئىدى. مۇبادا چېرچىل، قورال كۈچى ئارقىلىق سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇش ئۇنى ئۇزۇل-كېسىل يوقىتىشنىڭ زۆرۈر ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق چارىسى دەپ قارىسا، ئۇ ھالدا راۋىخ گېئورگي تەشۋىش ئىچىدە قالغان بولاتتى. باش ۋەزىرنىڭ قارىشىچە، روسىيىگە ئەسكەر ئەۋەتىش ئەنگلىيە ئۈچۈن ئىپتىقاندا، تولىمۇ جاپالىق ۋە مۇشكۈل ئىش ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەڭ ياخشى چارە سوۋېت ھاكىمىيىتىدىن ئىبارەت بۇ رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىش ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش كېرەك، دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇلاھىزىسىنى

ھەرگىزمۇ سوۋېت تۇزۇمىگە قىزىقىش سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي كۈچنى ھېسابقا ئالغانلىقى تۇپەيلىدىن ئوتتۇرىغا قويغانىدى. راۋخ گېئورگى چېرچىل ۋە باشقا ۋەزىرلەرگە قارىغاندا سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى، كەڭ ئىشچىلار ۋە نامرات دېھقانلارنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغانلىقىنى، روسىيىدىن ئىبارەت بۇ بىپايان زېمىندا يىلتىز تارتىپ، يەڭگىلى بولمايدىغان بىر كۈچكە ئايلانغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، راۋخ گېئورگى گېرمانىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى. ئۇرۇش ئاياغلىشىشتىن ئىلگىرى، زور ئارمىيىگە ئىگە فرانسىيە بۇ قۇدرەتلىك كۈچنى ئارقا تىرەك قىلىش ئارقىلىق، جېدەل-ماجىرالارنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ھەمدە ياۋروپادا ئىتتىپاق باشلىقى بولۇش ئويى بار ئىدى. يەنە كۆپرەك مۇستەملىكىلەرنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشقىمۇ ئۇرۇنغانىدى. ئەنگلىيە فرانسىيىنىڭ ياۋروپاغا رەھبەرلىك قىلىشىغا قوشۇلمىدى ۋە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە فرانسىيىنىڭ يېڭى مۇستەملىكىلەرنى تارتىۋېلىشىنى چەكلىدى. ئەنگلىيە كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرغان، يەنى فرانسىيە بىلەن بولىدىغان دىپلوماتىيە موناسىۋىتىدە ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىماقچى بولىدىكەن، تېخىمۇ قۇدرەتلىك بىر ئەمەلىي كۈچكە تايىنىشقا توغرا كېلەتتى، ئۇنداق بولمىسا، رىقابەتتە يېڭىپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇرۇشتىن كېيىن ياۋروپادا ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشى راۋخ گېئورگېنى ھەممىدىن بەكرەك ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. باش ۋەزىر گېئورگى مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ: ئەگەر ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى روسىيىگە ئەۋەتىلسە، مۇقەررەر

هالدا بولشېۋىكىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، بۇ كېيىن ئەنگلىيىنىڭ هازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈزۈمىگە ئەڭ چوڭ تەهدىت بولىدۇ، دېگەن قاراشقا كەلدى. ئۇ دوستى رېدىلىغا يازغان خېتىدە: «ۋىنستون چېرچىل بولشېۋىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، بۇ مۇقەررەر هالدا ئىنقىلابنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ!» دېدى. دېمىسىمۇ، ئەنگلىيە خەلقى ئۇرۇش دەستىدىن هېرىپ هالى قالمىغان، قوراللىق مۇداخىلىمۇ كىشىلەر نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىقتىسادىي ۋە مالىيە جەھەتتىكى قىيىنچىلىقمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. مانا مۇشۇ ئەهۋاللار ۋەجىدىن راۋخ گېئورگې روسىيىگە ئەسكەر ئەۋەتىش كېرەكمۇ ياكى سوۋېت هاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇشتا باشقىچە بىر ئامال ئىزدەش كېرەكمۇ، دېگەن مەسىلىدە بىر قارارغا كېلەلمىدى.

ئەمما، راۋخ گېئورگېنىڭ هۆكۈمەت ئىچىدىكى ئورنى نىسبەتەن ئاجىز ئىدى. چېرچىل كۇرزون، سېتسىل قاتارلىق ۋەزىرلەرنى ئەتراپىغا توپلاپ سوۋېت هاكىمىيىتىگە قوراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزۈش سىياسىتىدە داۋاملىق چىڭ تۇردى. لېكىن، ئۇلارنىڭ قوماندانلىق قىلىشى بىلەن، 1918-يىلىنىڭ ئەتىياز ۋە ياز مەزگىللىرى، يەنى گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش ئاياغلىشىشتىن ئىلگىرى ئەنگلىيە روسىيىگە قوشۇن ئەۋەتتى. ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە روسىيىگە بارغان قىسىملارنى زۆرۈر بولغان ياردەم بىلەن تەمىن ئەتتى. 1919-يىلىنىڭ دەسلىپىدە، يەنى چېرچىل قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرلىكىنى، قوشۇمچە هاۋا ئارمىيە ۋەزىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغاندا، 14 مىڭ كىشىلىك ئەنگلىيە ئارمىيىسى روسىيىدە قوراللىق مۇداخىلە ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتاتتى. چېرچىل غەربىي ياۋروپا ۋەزىيىتى يار بەرسىلا، روسىيىگە زور تۈركۈمدە قوراللىق كۈچلەرنى ئەۋەتمەكچى بولدى. شۇڭا ئۇ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان قۇرۇقلۇق

ئارمىيە مىنىستىرلىكى ھەربىي سەپتىن قايتۇرۇش پىلانىنى تۈزگەندە، قورالىق كۈچلەرنى قىسقارتىشقا جىنىنىڭ بارىچە توسقۇنلۇق قىلدى. ئىنقىلابقا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ئارمىيە لازىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىپايان كەتكەن مۇستەملىكىلەردە تەرتىپنى ساقلاش ئۈچۈنمۇ ئارمىيە بولمىسا بولمايتتى. چۈنكى مۇستەملىكىلەردىكى ئېزىلگۈچى خەلقلەر روسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئويغىتىشى بىلەن، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانماقتا ئىدى.

چېرچىل ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش كۆرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سوۋېت روسىيىسىگە قوراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل سىياسىتى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى قاتتىق توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. بولۇپمۇ، لوندون رايونى ۋە ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىدىكى گازارمىلاردا ھەممىشە ئىسيان چىقىپ تۇردى. بىر ھەپتە ئىچىدە ئەسكەرلەرنىڭ باشقۇرۇشقا بويسۇنماسلىق ۋەقەسى 30 قېتىمدىن كۆپرەك يۈز بەردى. بەزى گازارمىلاردا سوۋېت سولدات دېپوتاتلىرى بارلىققا كەلدى. بەزىدە قوزغىلاڭچى ئەسكەرلەر ئىشچىلار تەشكىلاتى بىلەن ئالاقە باغلىدى. 1919-يىل 8-فېۋرال، لوندوندا 3000 ئەسكەر قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭچىلار ھەربىي سەپتىن تېزرەك چېكىنىشنى تەلەپ قىلىپ، روسىيىگە قوشۇن ئەۋەتىشكە كۈچلۈك قارشى تۇردى. چېرچىل بۇ ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىپ، ئىنقىلاب دولقۇنى پۈتكۈل ئارمىيىگە كېڭىيىپ كەتكۈچە، ئەسكەرلەرنى دەرھال خاتىرجەم قىلىش قارارىغا كەلدى. شۇڭا ئۇ كەينى-كەينىدىن بايانات ئېلان قىلىپ، ئەسكەرلەر بىلەن جامائەتچىلىكنى، ئەسكەرلەرنى ھەربىي سەپتىن چېكىندۈرۈشنى كەينىگە تارتىش ھەرگىزمۇ روسىيىگە قوشۇن ئەۋەتىپ، بولشېۋىكلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئەمەسلىكىگە ئىشەندۈرمەكچى بولدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىمۇ

تەدبىر قوللىنىپ، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ۋاقتى ئۇزۇنراق بولۇپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى تېزلىكتە ئارمىيىسىدىن قايرىدى. ئەمما، ئارمىيىدە قېپقالغانلارنىڭ غۇدۇراش نارازىلىقلىرى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

چېرچىل دۇنيادىكى كاپىتالىزم كۈچلىرىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، سوۋېت روسىيىسىگە قوراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل پىلاننى يولغا قويۇشقا بەل باغلىدى. ئۇ 1919-يىل 14-فېۋرال پارىژغا كەلدى ۋە ئانتانتا دۆلەتلىرى ئالىي ھەربىي كومىتېتىدا قىلغان سۆزىدە تەپتارتماستىن «سوۋېت روسىيىسى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئۈچۈن تەھدىت» دەپ جار سېلىپ، سوۋېت روسىيىسىگە قوراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزۈشنىڭ زۆرۈر ھەم مۇقەررەرلىكى ھەققىدە داۋراڭ كۆتۈردى. ئۇ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى «ئىتتىپاقداش ئارمىيە ھەمدە ئۇنىڭ دوست ئارمىيىلىرى تېز سۈرئەتتە يىمىرىلىپ كېتىۋاتىدۇ»، ئاق گۋاردىيىچىلەرگە بېرىدىغان ياردەمنى كۈچەيتىپ، لېنىن ھاكىمىيىتىنى تىنچىتىش ھەمدە روسىيىدە «روسىيىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ھۆكۈمەت تەشكىللەش» كېرەك دېدى. ئارقىدىنلا ئەگەر دېنىكىن موسكۋانى ئىشغال قىلسا، ئۆزىنىڭ موسكۋاغا بېرىپ «دېنىكىننىڭ روسىيىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈشكە ياردەم بېرىدىغانلىقى» توغرۇلۇق كۈچىنىڭ بارىچە جار سالدى.

شۇ چاغدا، ئاق گۋاردىيىچىلەرگە ياردەم بېرىدىغان ئەمەلىي ئىشلارنى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى چېرچىل بىر قوللۇق باشقۇردى، دىپلوماتىيە ۋەزىرى كۇرزون ئۇنى پائال قوللىدى. باش ۋەزىر راۋخ گېئورگى يوق چاغلىرى چېرچىل بىلەن كۇرزون ئىككىسى سوۋېتكە قارشى كۈچلەر توغرىسىدىكى قارارلارنى ھېچقانداق توسالغۇسىزلا ھۆكۈمەتنىڭ ماقۇللۇقىدىن

ئۆتكۈزەتتى. دەل لېنىن كۆرسەتكەندەك: «بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى چېرچىل بارلىق ۋاستىلەردىن، جۈملىدىن ئەنگلىيىنىڭ قانۇنىي نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندىمۇ قانۇنىي شۇنىڭدەك قانۇنسىز ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، روسىيىگە قارشى بارلىق ئاق گۋاردىيىچىلەرنى قوللىدى، ئۇلارنى ھەربىي ئەسلىھەلىرى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى».

غەرب دۆلەتلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزۈش ھەرىكىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، چېرچىل دائىم ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ پارىژ بىلەن لوندونغا كېلىپ تۇردى. ئۇ ئايروپىلانلىق سەپەر قىلىشنى بەك ياخشى كۆرەتتى، تەۋەككۇل قىلىشقا جۈرئەتلىك ئىدى، دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى بولغان چېغىدىلا ئايروپىلان ھەيدەش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇ: «دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى بولغان ئادەم ئايروپىلانغا ئولتۇرمىسا، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان باشلىق بولۇپ قالامدۇ» دەيتتى. ئۇ چاغدا ئەنگلىيىدە ئاران ئالتە ئايروپىلان بار ئىدى، لىيۇتچىكلارمۇ ساناقلىقلا ئىدى.

ئۇ بىرىنچى قېتىم ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، 250 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچقاندا، ئايروپىلان ھېلى چۈشۈپ كېتىدىغاندەك قورقىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالغانىدى. كېيىن ئايروپىلانغا مەپتۇن بولۇپ قالدى، بەلكى ئايروپىلان ھەيدەش تېخنىكىسىنى تېزلا ئىگىلىۋالدى. ھاۋا ئارمىيە ۋەزىرى بولغان مەزگىللىرى دائىم ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ سىرتقا چىقاتتى، شۇنداق قىلىپ، ئۇچقۇچىلىق تېخنىكىسىدا تېخىمۇ تەجرىبىلىك بولۇپ قالدى، ھەتتا ھاۋا بوشلۇقىدا موللاق ئاتالايدىغان بولدى.

تىنچلىق يىغىنى ئېچىلىۋاتقان مەزگىللىرى، چېرچىل ئۇچقۇچىسى سكوۋت بىلەن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ پارىژ

ئايرودرومدىن يولغا چىقىدۇ. شۇ كۈنى ئاسماننى قويۇق بۇلۇت قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۇلار لوندون ئايرودرومىغا ئاز قالغاندا، ئايروپىلان ماتورىغا تۇيۇقسىز ئوت كېتىدۇ-دە، ئايروپىلان خۇددى بوراندا قالغان بىر تال يوپۇرماقتەك ھاۋا بوشلۇقىدا ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىدۇ. يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك قورقۇپ كەتكەن چېرچىلنىڭ كاللىسىدىن: «ئەمدى تۈگەشتىم» دېگەن خىيال يالتتىدە كېچىدۇ. لېكىن، سكوۋت ئاخىر ئوتنى ئۆچۈرۈۋېلىپ، ئايروپىلاننى مىڭ تەستە ئايرودرومغا قوندۇرۇۋالىدۇ.

1919-يىلى، چېرچىل يەنە سكوۋت بىلەن كابىنكىغا كىرىپ، ئايروپىلاننى ئۆزى ھەيدەيدۇ، بىر چاغدا ئالدى تەرەپتە ئېگىز بىر قارىياغاچ كۆرۈنىدۇ. ئۇ، ئايروپىلاننى دەرەختىن قاچۇرماقچى بولىدۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر باشقۇرۇش تۇتقىسى توساتتىن ئىشلىمەي قالىدۇ-دە، تېخى ھاۋاغا كۆتۈرۈلمىگەن ئايروپىلان ھەش-پەش دېگۈچە سائەتىگە 80 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن ئالدىغا ئۇچقاندەك ماڭىدۇ. بۇ چاغدا چېرچىلنىڭ بىخەتەرلىك تاسمىسى بوشاپ سىرتقا قاڭقىپ چىقىپ كېتىدۇ، لېكىن بىرەر يېرى زەخىملەنمەيدۇ.

چېرچىل پارىژغا كېلىپ يىغىنغا قاتناشتى ۋە مەردانە-كەسكىن سۆز قىلىپ، رۇس مەسىلىسى كومىتېتى قۇرۇشنى، مەزكۇر كومىتېت سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي گۇرۇپپىلارنى تەسىس قىلىپ، ئانتانتا دۆلەتلىرى تۈزگەن سىياسەتنى ئىجرا قىلىشنى كېرەكلىكى توغرىسىدا داۋراڭ سالدى. ئۇ، كومىتېتنىڭ ھەربىي گۇرۇپپىسى دەرھال ھەرىكەت باشلىشى كېرەك، چۈنكى سوۋېت ئارمىيىسى ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىۋاتقان، ئىتتىپاقداش ئارمىيە ۋە ئاق گۋاردىيىچىلەر توختىماي چېكىنىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ھازىرقى ئەسكىرىي كۈچىنى شۇنىڭدەك ئەسكىرىي

كۆچىگە ئاساسەن قانداق ھەربىي ھەرىكەتلەرنى قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. كومىتېتنىڭ ھەربىي گۇرۇپپىسى كۆچلەرنى توپلاپ سوۋېت روسىيىسىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى دەرھال تۈزۈشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە كومىتېت تەسىس قىلىشنىڭ ئالاقىدار تەپسىلاتلىرىنى ئوخشىمىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق تەتقىق قىلىپ ھەل قىلسا بولىدۇ، لېكىن: «مۇھىمى بىر ئورگان قۇرۇپ، ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەتنى تەتقىق قىلىش ھەمدە ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ بولشېۋىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلالايدىغان ئارمىيىسىنىڭ ئادەم سانىنى ستاتىستىكا قىلىپ تۇرۇش كېرەك» دېدى.

پارىژ ئانتانتا دۆلەتلىرى يىغىنىدا چېرچىلنىڭ تەكلىپىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۇزۇنغىچە بەس-مۇنازىرە قىلدى. ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى لانسىنگ بىلەن ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى بالفوۋرنىڭ ئەندىشىسى كۆپ ئىدى، ئۇلار ئۆز دۆلىتىنىڭ پىكرىنى ئالماي تۇرۇپ، شۇنچىلىك مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. فرانسىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ ۋەكىللىرى كلېمېنسېۋ ۋە سوننىنو شۇنچىلىك كۈچ چىقارسىمۇ، لېكىن چېرچىلنىڭ تەكلىپى ئۇچىغا چىققان مەككار غەرب سىياسەتۋازلىرى ئالدىدا ماقۇللانمىدى.

چېرچىلنىڭ پارىژ سۇلھى كېڭىشىدە قىلغان-ئەتكەنلىرىنى باش ۋەزىر راۋۇخ گېئورگې ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالدى. چېرچىل پارىژدىن ئايرىلىدىغان چاغدا، ئۆزىنىڭ شەخسىي كاتىپى فىلىپ كۆلنى سۇلھى كېڭىشىدىكى بارلىق ئەھۋاللارنى ئۆز ۋاقتىدا باش ۋەزىرگە مەلۇم قىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن پارىژدا قالدۇردى. كۆل باش ۋەزىرگە يوللىغان مەلۇماتىدا: «چېرچىل سىياسىتىنىڭ لوگىكىسى — بولشېۋىكلار ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى، شۇڭا ئۇلارنى ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانماي يوقىتىش كېرەك،

دېگەنلىكتىن ئىبارەت» دېدى.

راۋخ گېئورگې كاتىپىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن چېرچىلغا دەرھال تېلېگرامما يوللاپ، ئۇنىڭ پارىژ سۈلھى كېڭەشمىسىنىڭ ھەرىكىتىدىن نارازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى ھەمدە ئەنگلىيە كابىنېتىنىڭ روسىيىدىكى بولشېۋىكلارغا قارشـــى رايونلاردا تۈرۈشلۈق قىسىملارنى ھەربىي قورال-ياراغ بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق بۇ رايونلارنى قوغداپ قېلىشقا قوشۇلغاندىن سىرت، باشقا ھېچقانداق بىر ئىشنى ئوتتۇرىغا قويمىغانلىقىـــــنى ئۇقتۇردى. گېئورگې: «مەن سىزنىڭ بولشېۋىكلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىڭىز سەۋەبىدىن ئەنگلىيىنى بىر تەلۋە-ساراڭنىـــڭ قىلىدىغان ئىشىغا زورلىماسلىقىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. غايەت زور بەدەل كېتىدىغان روسىيىگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى روسىيە بولشېۋىكىزمىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ ھەمدە بىزنىڭ ئەنگلىيىدىمۇ بولشېۋىكىزمنى پەيدا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن، شۇنداق بولۇپ قالسا، بىز بۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىمىزگە ئالالمايمىز. مالىيە ۋەزىرى چېمبېرلىن ماڭا: تىنچلىق شارائىتـــى ئاستىدىمۇ، ھەتتا نۆۋەتتە نۇرغۇن باجغا تايىنىش ئارقىلىقلا كىرىم-چىقىمنى ئاران تەڭپۇڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ؛ مۇبادا بىز روسىيىگە ئوخشاش مۇشۇنداق چوڭ قۇرۇقلۇق دۆلىتىگە قارشى ئۇرۇشقا تارتىلىپ قالىدىغان بولساق، بۇ ۋەيران بولۇش يولىغا قاراپ ماڭغانلىقىمىـــز، شۇنداقلا ئەنگلىـــيە ئاراللىـــرىدا بولشېۋىكىزمنى تىكلەشكە ئاساس سېلىپ بەرگەنلىكىمىـــز بولىدۇ. فرانسىيىلىكلەر بۇ ئىشتا ئىشەنچلىك رەھبەرلەردىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ سىياسىتى زور تۈركۈمدىكى ئۆششاق قەرز ئىگىلىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. چۈنكـــى ئۇلار پۇللىرىنى روسىيىگە بېرىپ تۇردى، ھازىر بۇ قەرز بەرگەن پۇللارنى قاچان قايتۇرۇۋالىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئۈمىد يوق. شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ كۆشكۈرتۈشىگە بەكمۇ پىسەنت قىلىـــپ

كەتمەسلىكىڭىزنى قەتئىي تەلەپ قىلىمەن، دېدى. ئۇلار بىزنى ئالدىماقچى بولۇۋاتىدۇ. مەن يەنىلا سىزنىڭ ئەنگلىيىدە ئىنتايىن ئېغىر ئىشچىلار مەسىلىسىنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن. مۇبادا كىشىلەر سىزنىڭ بولشېۋىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى تۈزۈش ئۈچۈن پارىژغا بارغانلىقىڭىزنى بىلىپ قالسا، تەشكىللىك ئىشچىلارنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغاپ قويۇش تۇرغان گەپ، ئۇ چاغدا بۇنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ!» دېدى.

چېرچىلنىڭ تەكلىپ لايىھىسى پارىژ سۈلھى كېڭىشىدە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى قەتئىي نىيىتىنى ياندۇرالمىدى. ئۇ ئۆز مەيدانىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ، ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق قايىل قىلىشقا بولىدىغان بارلىق كىشىلەرنى قايىل قىلىپ، ئۇلارنى روسىيە ئىنقىلابىغا قەتئىي قارشى تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە ئىشەندۈرمەكچى بولدى. بۇنىڭلىق بىلەنلا توختاپ قالماي، ئاشكارا نۇتۇق سۆزلەپ، ئىمتىيازلىق ئەربابلارغا نوتا تاپشۇردى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىرى ۋە چەت ئەللەرنىڭ لوندوندا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرىنىڭ كاللىسىغا، روسىيە ئىنقىلابىنى بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقتۇرۇۋېتىش ئىدىيىسىنى سىڭدۈردى. چېرچىل فرانسىيىدىن دۆلىتىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1919-يىل ئەتىيازدا باشلىنىدىغان كولچاكنىڭ سوۋېت روسىيىسىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنىڭ تەييارلىقىنى كۈچەيتتى.

1919-يىل مايدا، پارىژ سۈلھى كېڭىشى كولچاكنى پۈتۈن روسىيىنىڭ ھۆكۈمرانى دەپ ئېتىراپ قىلىشنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئۆز ھوقۇق دائىرىسىنى پۈتۈن روسىيىگە كېڭەيتىشى ئۈچۈن، ئۇنى بارلىق ياردەملەر بىلەن تەمىن ئېتىشنى قارار قىلدى. پارىژ سۈلھى يىغىنىغا قاتناشقان ئەنگلىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ تاجاۋۇزچىلىق سىياسەتنى تۈزۈش ھەم ئۇنى ئەمەلگە

قىلىش جەھەتتە يېتەكچى رول ئوينىدى. بۇ چېرچىل لۇشيەنىنىڭ غەلىبىسى ئىدى. ئاخىر ئۇ ئەكسىيەتچىل مەقسىتىگە يەتتى! پارىژدا ماقۇللانغان قارارنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا جېنىنىڭ بارىچە ھەرىكەت قىلدى، قوراللىق مۇداخىلىچىلەر ۋە ئاق گۋاردىيىچىلەرگە نەچچە مىليون فونت ستېرلىڭ قىممىتىدىكى ھەربىي قورال-ياراغ ۋە ئەسلىھەرلەرنى يەتكۈزۈپ بەردى. شۇ چاغدىكى لېيبورستلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى ماك دونالد: «چېرچىل ئەپەندىنى چەكسىز ھوقۇقتا ئىگە ئىمپېراتور دەپ ھېسابلىغان تەقدىردىمۇ، دۆلەتنىڭ مال-مۈلكى ۋە ئادەملەرنىڭ ھاياتىنى بۇنچىلىك سېخىيلىق بىلەن بۇزۇپ - چاچماسلىقى كېرەك ئىدى!» دەپ يازدى.

چېرچىلنىڭ ئىبقىمغا قارشى ھەرىكەت قىلىشى خەلقنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. ئەنگلىيە تۇپرىقىدا «روسىيىگە قوراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزۈشكە يول قويماسلىق» تىن ئىبارەت كۈچلۈك ئاممىۋى پائالىيەتلەر كۆتۈرۈلدى. ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى ۋە ئەنگلىيە زىيالىيلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى بۇ ھەرىكەتتە ئىجابىي رول ئوينىدى. 1919-يىل 17-ئىيۇن، سوسبوتتا ئۆتكۈزۈلگەن لېيبورستلار پارتىيىسىنىڭ يىغىنىدا روسىيىگە ئارىلىشىش بىردەك ئەيىبلەندى. شۇ كۈنى، ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېت يىغىنىدىمۇ بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئىشچىلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرى شېخلتون كابىنېت ئەزالىرىنىڭ سەمىگە سېلىپ مۇنداق دېدى: «ئاساسلىقى قوراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزۈلگەنلىك تۈپەيلىدىن ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا نارازىلىق كەيپىيات ئۈزلۈكسىز تۇردە كۈچىيىپ كەتتى. ئەنگلىيىدە سوۋېت روسىيىسىگە مۇداخىلە يۈرگۈزۈش 〈چېرچىل ئەپەندىنىڭ شەخسىي ئۇرۇشى〉 دەپ ئاتالدى. شۇنىڭ بىلەن، «كۈندىلىك خەۋەرلەر گېزىتى» نىڭ 29-ئىيۇلدىكى بىر

ئوبزورىدا: 〈ئەنگلىيە خەلقى روسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى ئۈمىد قىلمايدۇ . . . ۋىنستون چېرچىلدىن ئىبارەت بۇ ئۈچىغا چىققان تەكەببۇر، ئەسەبىي ئۇرۇشپەرەس قىمارۋاز بېشىنى يېسۇن! ئەسكەرلىرىمىزنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرايلى! 〉 دەپ يازدى» .

1. دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپى يەتكۈچە قۇربان بېرىپ، جاپا چەكتى ھەمدە روسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەنگلىيە ئىنقىلابىي ئۇرۇشتىن كېيىنكى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈش دەۋرىگە قەدەم قويدى. 1. دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى، يەنى كاپىتالىزم دۇنياسىدا ئومۇمىيۈزلۈك بوھران باشلانغان مەزگىلى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىدىئولوگىيە جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىقىمۇ كىرىزىسكە ئۇچرىدى. 1. دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن تارتىپ 1920-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەنگلىيىنىڭ سانائەت، سودا ساھەسىدە ئۆزىگە خاس يالغان گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، تاشقى سودىسىمۇ كېڭەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جىددىي پۇل پاخاللىقى كېلىپ چىقتى. ئارقىدىنلا، يەنى 1920-يىلىدىن كېيىن ئېغىر ئىقتىسادىي كرىزىس كۆرۈلۈپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى جىددىي تۆردە تۆۋەنلەپ كەتتى. ئىقتىسادتىكى قاشاقلىق زور تۈركۈمدىكى ئىشسىزلىقنى پەيدا قىلىپ، ئەنگلىيە ئەمگەكچى خەلقىغە بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى. مۇشۇنداق ئىقتىسادىي بازىس ئاساسىدا ئەنگلىيىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، كەڭ-كۆلەملىك ئىش تاشلاش ھەرىكەتلىرى تېز ئۇلغايدى. ئەنگلىيە ئەمگەكچى خەلقلىرى قوراللىق مۇداخىلىگە قارشى تۇرۇپ، سوۋېت

روسىيىسىنى قوغداشتىن ئىبارەت كۈرەشنى قانات يايدۇردى ھەمدە ئىنقىلاب يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان ياخشى ۋەزىيەتتە ئەنگلىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قۇردى.

سوۋېت روسىيە خەلقى ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپى ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن قوللىشى ھەمدە لېنىن باشچىلىقىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ئارقىسىدا، مىسلى كۆرۈلمىگەن جاپا-مۇشەققەتلىك كۈرەشلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئاخىر مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇملىرىنى تار-مار قىلدى. ئارقىدىنلا پېتروگراد ئەتراپىدا يۇدېنىچ (شۇ چاغدىكى ئەكسىيەتچى باشلىقلارنىڭ بىرى) نى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە 1919-يىلنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە «روسىيىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى» كولچاكنىڭ ئارمىيىسىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى، كولچاكنىمۇ ئەسىرگە ئالدى ۋە سوۋېت روسىيىسى ئالىي ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ھۆكمى بويىچە ئۇنى ئىركۇتسكى شەھىرىدە ئېتىپ ئۆلتۈردى.

شۇ چاغدا، سىبىرىيە خەلقى ئارىسىدا كولچاك مەسخىرە قىلىنغان مۇنداق بىر پارچە قوشاق تارقالغان:

*ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي كىيىمى،*
*فرانسىيىنىڭ پاگونى،*
*ياپونىيىنىڭ تاماكىسى،*
*ئومسكىنىڭ ھۆكۈمرانى.*

*ھەربىي كىيىم يىرتىلدى،*
*پاگونلار چۈشۈپ كەتتى،*
*تاماكىمۇ تۈگەپ كەتتى،*
*ھۆكۈمران ھەم تۈگەشتى.*



www.uyghurkitap.com

شۇنداق قىلىپ، 1921-يىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئەنگلىيە ھەممە باشقا جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى-تاشقى ئەكسىيەتچىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قورال كۈچى ئارقىلىق روسىيە سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش سۇيىقەستى پۈتۈنلەي بەربات بولدى. شۇڭا ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى راۋخ گېئورگېنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش توغرىسىدىكى كۆز قارىشى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. چېرچىل بۇنىڭغا كۈچىنىڭ بارىچە توسقۇنلۇق قىلدى. 1920-يىلى ئىيۇلدا، راۋخ گېئورگېغا رەسمىي يوسۇندا: مېنىڭچە سوۋېت روسىيىسى ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلىش «سەۋر-تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان ئىش» دەپ ئالدىن ئاگاھ بېرىپ قويدى. ئۇ يەنە باش ۋەزىرگە ئىلگىرى ئۆزىنىڭ: «مەن ئۆلسەممۇ تىز پۈكمەيمەن» دېگەن سۆزىنى ئەسكەرتىپ قويدى ۋە بۇ مەسىلىدە ئۆزىنىڭ «ھەرگىزمۇ تىز پۈكمەيدىغانلىقىنى» ئېنىق قىلىپ پۇراتتى. لېكىن، مۇنداق تەھدىت سېلىش ئۇنىڭغا ياردەم قىلالمىدى. سوۋېت روسىيىسىنىڭ خەلقئارالىق مۇناسىۋەتتىكى ئورنى بارغانسېرى مۇستەھكەملەندى، ھەتتا ئەنگلىيىمۇ بولشېۋىك ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى.

ئەنگلىيىنىڭ سوۋېت روسىيىسىگە يۈرگۈزگەن قوراللىق مۇداخىلىسى مەغلۇپ بولدى. 1921-يىل يانۋاردا چېرچىل قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىكىدىن يۆتكىلىپ، مۇستەملىكە ئىشلىرى مىنىستىرلىكىگە ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. ئۇنىڭ بىئوگرافى ۋىرگىنىيە كۇس ئېيتقاندەك، بۇ چاغدا ئۇ «دىققەت-ئېتىبارىنى ياۋروپادىن شەرقتىكى دۆلەتلەرگە يۆتكەدى». ئەمدى ئەنگلىيە ھۆكۈمران گۇرۇھى بۈيۈك برىتانىيە مۇستەملىكە ئىمپېرىيىسىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇشتا چېرچىلغا ئوخشاش ئۇستا نەيرەڭۋاز ئادەمگە

مۇھتاج بولۇپ قالدى. 1- دۇنيا ئۇرۇش مەزگىلىدە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئەرەبلەرنى تەشكىللەپ تۈركلەرگە قارشى تۇرغانىدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت: دۈشمەننىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەمەلىيەتتە ياكى ئاتاقتا تۈركىيىنىڭ قارىمىقىدا بولغان ئەرەب زېمىنىنى تارتىۋېلىش ئىدى. ئەمما، ئۇرۇشتىن كېيىن ئەرەب خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدىن تۈركلەرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ئۇلارغا ئەركىنلىك ئەمەس، بەلكى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ يېڭى زۇلۇمىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندى. يۇقىرىدىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، چېرچىل مىسىر ۋە يېقىن شەرقتە زور بىر قوراللىق كۈچنى ساقلاپ قالالىدى، پەقەت ئىراقتىلا 40 مىڭ ئەنگلىيە ئەسكىرى بار ئىدى، شۇڭا ئەنگلىيىنىڭ باج تاپشۇرغۇچىلىرى بىر يىلدا 30 مىليون فوند ستېرلىڭ قىممىتىدە ھەق تۆلەيتتى.

چېرچىل يېقىن شەرق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىرېلاندىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا تۇتۇندى. دەسلەپ بۇ مۇستەملىكە ئىشلىرى ۋەزىرى قورال كۈچى ئارقىلىق ئىرېلاندىيىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى بېسىقتۇرماقچى بولدى، ئاقىۋەت ئىرېلاندىيە خەلقىنىڭ قارشىلىقى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ، ۋەزىيەت بەكمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى، ئاخىر ئىرېلاندلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. چېرچىل ئاساسىي ۋەكىللىك سالاھىيىتى بىلەن ئەنگلىيە تەرەپتىن سۆھبەتكە قاتناشتى. ئىرېلاندىيە تەرەپنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى گرىففىس بىلەن كلىنسلار ئىدى. كلىنس ئەنگلىيىگە قارشى قوراللىق كۈرەشنىڭ مەشھۇر تەشكىلاتچىسى بولۇپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كەلگەنلەرگە 5000 فوند ستېرلىڭ مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانىدى.

بىر قېتىملىق سۆھبەت چېرچىلنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلدى. سۆھبەتنىڭ كەيپىياتى پارغانىسېرى جىددىي تۈس ئېلىپ، كەسكىن مۇنازىرە داۋامىدا كلىنس ئۈنلۈك ئاۋازدا: «سىلەر مېنى كېچە-كۈندۈز قوغلاپ تۇتماقچى بولدۇڭلار، يەنە تېخى مېنىڭ كاللامنىڭ باھاسىنىمۇ ئېلان قىلدىڭلار» دېدى. «ئالدىرىماي تۇرۇڭ، بۇنداق بولغىنى پەقەت سىزلا ئەمەس، — دېدى چېرچىل ۋە ئورنىدىن تۇردى-دە، تامدىكى ئەينەك رامكىغا ئېلىنغان، ئەينى يىللىرى بۇرلارنىڭ قاچقان ئەسىر — ياش ۋىنىستون چېرچىلنى تۇتۇش توغرىسىدا چىقارغان ئۇقتۇرۇشنى ئېلىپ، كلىنسقا كۆرسەتتى، — سىزگە ناھايىتى ياخشى باھا قويۇپتۇ . . . 5000 فوند ستېرلىڭ دەڭە! قاراڭ، مەن قانچە پۇلغا يارايتىمەن؟ ئۆلۈكۈمۇ، تىرىكىمۇ ئاران 25 فوند ستېرلىڭ! ئويلاپ بېقىڭا، بۇ كىشىگە ئەلەم قىلامدۇ؟» شۇنداق قىلىپ، ئىرېلاندلار بىلەن تەسكە توختىغان سۆھبەت ئاخىر ئاياغلاشتى، 1921-يىلى ئىرېلاندىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ۋىلايەتلەردە ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا كېلىشىمنامە ئىمزالاندى.

«تېزىنى باسساڭ، مېزى چىقار!» دېگەندەك، 1- دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، گرېتسىيە بىلەن تۈركىيە زېمىن تالىشىپ يەنە ئۇرۇش پارتلىدى. دەسلەپ ئىككىلا تەرەپتە يېڭىش ۋە يېڭىلىش بولدى، لېكىن 1922-يىلىغا كەلگەندە گرېكلەر مۇستافا كامال رەھبەرلىكىدىكى مىللىي ئازادلىق قوراللىق كۈچلىرى تەرىپىدىن تار-مار قىلىندى، تۈركلەر گرېتسىيە ئارمىيىسىنى دېڭىز بويىغىچە قوغلاپ باردى. شۇنىڭ بىلەن تۈرك ئارمىيىسى كەينىگە يېنىپ شىمالغا يۈرۈش قىلىش، بەلكى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە دېڭىز بوغۇزىغا بېرىش ھەمدە ئۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە (ئانچە كۆپ بولمىغان) قوشۇنىنى يوقىتىش خەۋپى تۇغۇلدى. چېرچىل تۈركىيە

www.uyghurkitap.com

ئارمىيىسىنىڭ بوغۇزدىن ئۆتۈپ، ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا گىرىتسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى، بۇ ئۇ تەرەپلەردە ئىزچىللىشىۋاتقان مۇستەملىكە سىياسىتىنىڭ ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ بولۇشىدىن دېرەك بېرەتتى. چېرچىل قورال كۈچى ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولۇپ، قوشۇن يۆتكىدى، شۇنىڭ بىلەن ۋەزىيەت ناھايىتى جىددىيلىشىپ كەتتى. لېكىن، ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى تايلور ئېيتقاندەك: «خەلق ئۇلارنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى بولمىغان بىر مەيدان ئۇرۇشقا قوپاللىق بىلەن تارتىلىشى مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلدى، بۇ ئىشتا چېرچىل ۋە راۋىخ گېئورگېنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇلارنى كەچۈرمەيدۇ». ئاخىر خەلقنىڭ كۈچلۈك قارشىلىق قىلىشى بىلەن، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش بىكار قىلىندى. چېرچىل ھەربىي جەھەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، بىر مۇنچە مەسخىرىلىك گەپ-سۆزلەرنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى. 1923-يىلى ئەنگلىيىدە مۇنداق بىر ھەجۋىي شېئىر تارقالغان:

*گېلىبولۇدا كۆرسەتتى چېرچىل بەكمۇ ئۇلۇغلۇق،*
*ئەنگلىيە قوشۇنى تونۇلدى ھەم جاھانغا!*
*ئەجدادلار ئۇچۇن قۇچتى شان، ئەۋلادلىرى بولدى خۇش،*
*بولغاچ ھەمدەم «سەردار» لار — دىنىكىن، كولچاك ئۇنىڭغا.*

*چېرچىل بەكمۇ كارامەت، ئىستېداتى بەركامال،*
*شۇڭا ئامان قالدىلەر ئانتۇۋېرىپ ئۇ بىلەن،*
*ۋەھشىيانە تۈركلەر بەيئەت قىلدى ئۇنىڭغا،*
*ئىشلەتكەچكە قالتىس بىر تەدبىرنى ئۇ پەم بىلەن.*

---

چېرچىلنىڭ ئۇرۇش سىياسىتى بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى سەۋەبلەردىن بىرى بولۇپ قالدى. 1922-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە،

كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى بىلەن لىبېرالىستلار پارتىيىسىنىڭ بىرلىشىشى ئاياغلاشتى. راۋخ گېئورگىي تەختتىن چۈشتى. بوۋنېر راۋخ پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ، تۆۋەن پالاتانى قايتىدىن سايلاپ چىقىشنى بەلگىلىدى. بۇ چېرچىل ئۈچۈن ئېيتقاندا، قاتتىق باش ئاغرىتىدىغان كۆڭۈلسىز بىر سايلام ئىدى. ئادەتتە ئۇ لىبېرالىستلار پارتىيىسىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان دۈندې شەھىرىدىكى سايلام رايونىنىڭ نامزاتى بولسا، ناھايىتى خاتىرجەم بولاتتى. ئەمما، بۇ قېتىم سايلىغۇچىلار چېرچىلغا كۈچلۈك دۈشمەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويدى. ئۇ 1922-يىلى 14-نويابىر، دوختۇرخانىدا سوقۇر ئۈچەيىنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، 9 مىڭ كىشىلىك سايلىغۇچىلار قاتناشقان ئاممىۋى يىغىندا نۇتۇق سۆزلەشكە تەييارلىق قىلدى. شۇ كۈنى چېرچىل مېيىپلار ئىشلىتىدىغان چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ مۇنبەرگە چىقتى. ئەمما، ئاڭلىغۇچىلار ئۇنىڭغا قاتتىق دۈشمەنلىك نەزەردە قارىدى. ئۇ بىر نەچچە قېتىم نۇتۇق سۆزلىمەكچى بولغاندا، زالدىكىلەر تەرەپ-تەرەپتىن ۋارقىراپ، ئۇنى سۆزلەتكۈزمىدى. چېرچىل بۇ ھەقتە: «بەزى قىز-يىگىتلەرنىڭ چىرايىدىن بىلىنىپ تۇرغان قاتتىق ئۆچمەنلىكنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. راستىمنى ئېيتسام، ئەگەر كېسەل سەۋەبىدىن تېنىم ئاجىزلاپ، دەرمانسىزلىنىپ كەتمىگەن ئەھۋالدا بولسام، شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئۇلار مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتى» دەپ يازدى. سايلىغۇچىلارنىڭ چېرچىلغا بۇنچىلىك قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىشى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ شەخسىي ئاداۋىتىدىن بولغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇ يۈرگۈزگەن جاھانگىرلىكنىڭ ئۇرۇشپەرەسلىك، تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىگە بولغان نارازىلىقىدىن ئىبارەت، خالاس.

شۇنداق قىلىپ، چېرچىل سايلامدىن چۈشۈپ قالدى. بۇ

ئۇنىڭ 1900-يىلىدىن بۇيان تۇنجى قېتىم پارلامېنتنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلۇشى ئىدى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، چېرچىل 1922-يىل دېكابىردىكى سايلامنى ئەسلەپ ھەسرەت بىلەن: «مەن ھەتتا كۆزۈمنى يۇمۇپ-ئېچىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي خىزمەتتىن ئايرىلدىم، پارلامېنتتىكى ئورنۇمدىن مەھرۇم بولدۇم» دېگەن.

www.uyghurkitap.com

## ئون بىرىنچى باب

# سىياسىي خامىلىيون

چېرچىل سايلامدىن چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن ئەتىدىن-كەچكىچە ئىچى تىتىلداپ، كۆپ بويى ئۆتكەن ئىشلار ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزدى، كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاپ، ئاخىر قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىگە قەتئىي قايتىش نىيىتىگە كەلدى. ئەمما بۇ قەدەمنى بېسىش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، «سىياسىي خامىلىيون» دەيدىغان سېسىق نامنى ئېلىشتىن خەلقى ئالەم ئالدىدا نومۇس قىلماسلىققا توغرا كېلەتتى.

مۇھىتنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن، كلېمېنتىنا خانىمنىڭ ھەيدەكچىلىكى ئارقىسىدا چېرچىل ئايال خىزمەتكارى بىلەن كاتىپىنى ئېلىپ، فرانسىيىنىڭ جەنۇبىغا دەم ئالغىلى باردى. ئۇ چەت ئەلدىكى مەزگىللىرى ناھايىتى نۇرغۇن رەسىم سىزدى. رەسىم سىزىش ئارقىلىق كۆڭلى تەسكىن تاپتى، كۈنلىرى خۇشال ئۆتتى، شۇنداق قىلىپ، تۇرمۇشىدىكى گۈللىنىش-چۈشكۈنلىشىش ۋە ھۆرمەتلىنىش-خورلىنىشتىن تارتىۋاتقان ئىچ پۇشۇقىدىنمۇ قۇتۇلدى. ئۇ بىر دوستىغا: بىر كۈندە ئىككى پارچە رەسىم سىزمىسام، بۇ كۈنۈم بىكار ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ، دېگەن. چېرچىلنىڭ رەسىم سىزىش ماھارىتى ئۇنچىلىك ياخشى ئەمەس، لېكىن رەڭگە بەكلا سەزگۈر ئىدى. ئۇ فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدا، ئىتالىيە، ئىسپانىيە ۋە ئوتتۇرا يەر

www.uyghurkitap.com

دېڭىز ئاراللىرىدا رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئەنگلىيە مەنزىرىلىرىنىڭ تۇتۇق رەڭگى بىلەن كۆل رەڭ ئاسمىنى ئۇنى قىزىقتۇرالمىدى. ئۇ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىنى، پايانسىز كەتكەن كۆپكۆك دېڭىزنى ۋە شىېشىدەك سۈزۈك ئاسماننى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرى ياخشى باھاغا ئېرىشتى، بەزىلەر ئۇنى «ئەڭ ئىستىقباللىق» ناتورا سىزغۇچى رەسسام، دەپ ئاتىدى ۋە كەسپىي رەسساملار بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ ماختىدى.

ھەقىقەتەن، چېرچىل ئىشتىن سىرتقى رەسسام بولۇش سۈپىتى بىلەن، ناھايىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. 1921-يىلى پارىژدا ئۇنىڭ بەش پارچە مەنزىرە رەسىمى كۆرگەزمىگە قويۇلدى. ئۇ، رەسىمگە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىسىم-فامىلىسىنى يېزىشقا پېتىنالماي، چارلس موران دېگەن تەخەللۇسىنى قوللاندى. تۆت پارچە رەسىم سېتىلدى، ھەر بىر پارچىسى 30 فوند ستېرلىڭغا يارىدى. چېرچىل رەسىم سىزىشتىن باشقا كىتاب يازدى. بوش ۋاقتى بولسىلا، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. چېرچىلنىڭ ئەسەرلىرى ئۆزىنىڭ شەخسىي سىياسىي پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ باغلانغانىدى، ئەمدى ئۇنىڭغا كىتاب يېزىشقا يېتەرلىك ۋاقىت چىقتى.

چېرچىل 1-دۇنيا ئۇرۇشى تېما قىلىنغان «دۇنيا كرىزىسى» ناملىق بەش-ئالتە قىسىملىق چوڭ ئەسەر يېزىپ چىقماقچى بولدى. ئۇنىڭ بۇ كىتابنى يېزىش ئويى ئۇرۇش پارتلاش ھارپىسىدا ئەمەس، بەلكى ئۇرۇش باشلىنىش بىلەن تەڭلا پەيدا بولغانىدى. ئۇ شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ بۇ كىتابنى يېزىش تەييارلىقىغا كىرىشىپ، ئۆزىنىڭ قولىدىن ئۆتكەن خەت-چەكلەرنى، ھۆججەتلەرنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ۋە نوتىلارنى توپلىدى. ئەينى چاغدىكى ۋە كېيىنكى چاغدىكى

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خەت-ئالاقىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، چېرچىل ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ بىر يۈرۈش تولۇق ھۆججەتلىرىنى ئۆزى ئېلىپ قالغانىدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى مەخپىي ھۆججەتلەر ئىدى. ئاخىر چېرچىل بۇ ھۆججەتلەردىن پايدىلىنىپ كىتاب يېزىشقا كىرىشتى. دەسلەپ كىتابنىڭ ئىككى قىسمىنى تەييارلىدى. 1 - قىسمىدا 1911-يىلىدىن ئۇرۇش پارتلىغانغا قەدەر بولغان ئەھۋاللار، 2-قىسمىدا ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى يىلى، جۈملىدىن داردانېل پاجىئەسى يېزىلدى. چېرچىل كىتابنىڭ 2 - قىسمىدىكى ئەڭ مۇھىم بابلارنى ئۇرۇش مەزگىلىدە يېزىپ قويغانىدى. ئۇ ئۆز كىتابىدا داردانېل ئوپېراتسىيىسى مەغلۇبىيىتىنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۆزىگە دۆڭگەپ قويۇلغانلىقىنىڭ ئادىل بولمىغانلىقىنى جېنىنىڭ بارىچە ئىسپاتلىدى. ئەينى چاغدا، باش ۋەزىر ئاسكۋىت ئېلان قىلىشقا رۇخسەت قىلمىغان ھۆججەتنى قىلچە ئۆزگەرتمەي، تولۇق تېكىستى بويىچە ئۆزىنىڭ بۇ چوڭ ئەسىرىگە كىرگۈزدى.

چېرچىل كۆپ مەھسۇلاتلىق يازغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمەت ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇ، «دۇنيا كرىزىسى» ناملىق چوڭ ئەسىرىنى كاتىپىغا ئېغىزچە ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق يېزىپ چىقتى. بىر كۈندە 3000 خەتلىك مەزمۇننى ئېغىزچە سۆزلەپ بەردى. ئۇ، ئاغزىدا تۇتاشتۇرۇلمىغان تاماكىنى چىشلىگەن پېتى ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭغاچ ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ ئېغىزچە ئېيتىپ بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق كىتاب يېزىشى تېز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كىتاب سۈپىتىمۇ ياخشى چىقتى. چېرچىلنىڭ ئېغىزچە ئېيتىپ بېرىش ئادىتى: دەسلەپ ھەر بىر ئېغىز گەپنى پەس ئاۋازدا ئېنىق ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، كاتىپىغا يۇقىرى ئاۋازدا يەنە بىر تەكرارلاپ ئېيتىش ئىدى. شۇنداق قىلىپ، «دۇنيا كرىزىسى»

نىڭ 1 ـ، 2 ـ قىسمى 1923-يىلى نەشردىن چىقتى، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ئىككى قىسمى نەشر قىلىندى. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاخىرقى بىر قىسمى — 5 قىسمىمۇ نەشر قىلىندى.

«دۇنيا كرىزىسى» ناملىق كىتابنىڭ نەشردىن چىقىشى چوڭ غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. چېرچىل كىتابىدا ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىدە توغرا نۇقتىئىنەزەردە تۇرغانلارنىڭ تەگدىن تولىسى كەسپىي ھەربىيلەر ئەمەس، بەلكى كەسپىي سىياسىئونلار، يەنە كېلىپ ئالدى بىلەن ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسىرى ئۇرۇش پىلانىنى تۈزۈشكە قاتناشقان قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بىر مۇنچە قوماندانلىرىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىشى تۇرغان گەپ ئىدى. 1927 ـ يىلى ئۇلار «دۇنيا كرىزىسىغا باھا» ناملىق مەخسۇس توپلامنى نەشر قىلدى. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ دوستلىرى ياكى دۈشمەنلىرى بولسۇن، ھەممىسى بىردەك چېرچىل ناھايىتى ياخشى بىر ژانىر ياراتتى، دەپ ھېسابلىدى. ئۇنىڭ كىتابى ناھايىتى ئۇزۇن يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇنى چۈشىنىشلىك ھەم قىزىقارلىق. ئەنگلىيە يازغۇچىسى ئارنولد بېننىت: «مەيلى چېرچىل بايان قىلغان پاكىتلار توغرا ياكى خاتا بولسۇن، كىتابنىڭ مەزمۇنى چۈشىنىشلىك» دېدى. چېرچىل ماكاۋلاينى ئەزەلدىنلا ئۆزىنىڭ ئۈلگىسى دەپ قاراپ، كۆچىنىڭ بارىچە ئۇنى دوراپ كەلدى. ماكاۋلاي بىلەن سېلىشتۇرۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ يۇقىرى تەرىپلەش بىلەن باراۋەر ئىش ھېسابلىناتتى. ئوبزورچى ئارتۇركونان دويل «تايمىس گېزىتى» گە يازغان ماقالىسىدا، ۋىنستون چېرچىل «يېزىقچىلىقتا ماقالىنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبىدىن پايدىلىنىشتا زامانىمىزدىكى ھەرقانداق يازغۇچىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېدى. لېكىن، ھەممە ئادەمنىڭ بۇ باھاغا قوشۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن

ئەمەس ئىدى. «لوندون ئەلچى گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان تەقرىزدە: چېرچىلنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبىنى «تەكەببۇر، قەلىمى نىسبەتەن قوپال» دەپ كۆرسەتتى. چېرچىل بۇ چوڭ ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ تارىخنى قەھرىمان يارىتىدۇ، دەيدىغان ئىدىيىسىنى ئىلگىرىدىن تېخىمۇ روشەن ھالدا گەۋدىلەندۇردى. ئۇنىڭ قەلىمىدىكى ئاستىدا تارىخ يېزىلدى دېگەندىن كۆرە، ئاشۇ يىللىرىدىكى ئۆزىنىڭ ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى بايان قىلىنغان دېگەن تۈزۈك. شۇ مەزگىلدىكى ئەڭ مۇھىم دۇنياۋى خاراكتېرلىك ۋەقەلەرنى يازغاندا، ئاپتور كىتابخانلارنى شۇ ۋەقەلەرگە ئۆزى ئاكتىپ ھالدا قاتنىشىپلا قالماستىن، بەلكى شۇ ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت بىر خۇلاسە چىقىرىشقا ئۈندەيدۇ. شۇڭا، تۆرە بالفوۋرنىڭ بۇ ئەسەرنى «دۇنيا تارىخى نىقاب قىلىنغان چېرچىلنىڭ شانلىق تەرجىمىھالى» دەپ ئاتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چېرچىل ئۆزىنى بىر سىياسىئون سۈپىتى بىلەن ئۆز زامانداشلىرىدىن كۆپ ئەقىللىق، پەقەت ئۇلا دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرسا، توغرا ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقى يازغان ھەر بىر قۇرلىرىدىن ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇ.

«دۇنيا كرىزىسى» دېگەن كىتاب چېرچىلنى نام-شۆھرەت ۋە پايدىغا ئىگە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرەلمىدى، بىر مەزگىل ئىچى تىتىلداپ غەمكىن يۈردى. بۇنىڭغا قىلچىلىك ھەيران قېلىشقا بولمايتتى، چۈنكى ئۇ تۈرلۈك ۋەقەلەرنىڭ مەركىزىدە تۇرۇشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلغان ۋە شۇ ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان ئەمەسمىدى! ئەمما، چېرچىل ئەمدى سىياسىي تۇرمۇشتىن چەتتە قالدۇرۇلدى. ئەڭ ئاخىر سايلانغان پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەزالىرى ئىدى. چېرچىلنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق غەش قىلغىنى: لىيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ پارلامېنتتا ئىگىلىگەن ئورنى لىبېراللىستلار پارتىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھنىڭ ئىگىلىگەن ئورنىنىڭ يىغىندىسىدىن يەنىلا كۆپ بولۇپ، ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي ئۆكتىچىلىرىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇنى ئالدىن مۆلچەرلەشكە بولىدۇكى، لىيبورىستلار پارتىيىسى قائىدە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سايلامدا ئۆزىنىڭ پارلامېنتتىكى ئورنىنىڭ سانىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە كۆپەيتىشى، شۇنداقلا ھاكىمىيەت بېشىدا بولمىغان پارتىيىدىن ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىگە ئۆزگىرىشى ھەمدە ئەنگلىيىنىڭ سىياسىي ھاياتىدا لىبېراللىستلار پارتىيىسىنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى ئىگىلەپ كېلىۋاتقان ئورنىغا چىقىشى مۇمكىن ئىدى.

لىبېراللىستلار پارتىيىسىنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى، يەنى راۋخ گېئورگىي ۋە چېرچىللارنىڭ ھەرىكىتى مەركىزى پارتىيىنىڭ خارابلىشىشىنى تېزلەتتى. ئۇرۇش يىللىرى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى بىلەن بىرلەشكەن مەزگىللىرى چېرچىل قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى ئەنگلىيىنىڭ لىبېرالىزملىق ئەنئەنىسىنى تۈگىتىشى، يەنە بۇنى ئاز دېگەندەك لىبېراللىستلار پارتىيىسىنىڭ بەزى رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر-بىرىگە ئورا كولاشلار ۋە توختاۋسىز كۈرەشلەر لىبېراللىستلار پارتىيىسىنىڭ پارچىلىنىشىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. لىبېراللىستلارنىڭ سىياسىي سەھنىدىن چېكىنىپ چىقىشى چېرچىلنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. ئەگەر لىبېراللىستلار پارتىيىسى كەلگۈسىدە ھاكىمىيەت سورىمىسا، ئۇ چاغدا چېرچىلنىڭ كېيىنكى تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟ لېكىن ئۇ بىر نۇقتىنى، يەنى پەقەت كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ئارقىلىقلا يېڭىۋاشتىن ھاكىمىيەت تۇتقىلى بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا ھەر قانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانماي كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىگە

قايتىپ كېلىش لازىملىقىنى بىلەتتى. دەل شۇ مەزگىللىرى، يەنى 1923-يىلى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى، باش ۋەزىر بوۋنىر راۋخ بوغۇز راك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ، خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى ۋە ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتتى، شۇنداق قىلىپ، چېرچىلنىڭ كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىكى مۇرەرەسسەگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ھەم تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك رەقىبى، ئۇنىڭ كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىگە قايتىپ كېلىشىگە ھەرگىز يول قويمايدىغان ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغان بىر ئادەمى سىياسىي سەھنىدىن يوقالدى. ئىلگىرى چېرچىل بىلەن ئانچە-مۇنچە ئارىلىشىپ ئۆتكەن ستانلىي بالدۋىن كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى ۋە باش ۋەزىرى بولدى. شۇ چاغدا بالدۋىن چېگرا بېجىنى قوغداشنى دەرھال يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، پارلامېنتنى تارقىتىۋەتتى ھەمدە 1923-يىلى دېكابىردا قايتىدىن سايلام ئۆتكۈزۈشنى بەلگىلىدى. بۇ چېرچىلنىڭ پارلامېنتقا كىرىشىگە ئۇرۇنۇپ بېقىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

چېرچىل شۇ قېتىمقى سايلام رىقابىتى پائالىيىتىدە سوتسىيالىزمغا، لىبېرالىستلار پارتىيىسىگە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، شۇ ئارقىلىق كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىگە قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىشقا ئۇرۇندى. بۇ تەبىئىي ھالدا سايلام رايونىدىكى مەلۇم ئىلغار كۆز قاراشقا ئىگە زاتلار ۋە لىبېرالىستلارنىڭ چېرچىلغا بولغان نارازىلىقىنى قوزغىدى. «دۇنيا كرىزىسى» نىڭ دەسلەپكى ئىككى قىسمىنىڭ ئېلان قىلىنىشى، داردانېل ئوپېراتسىيىسىنىڭ پاجىئەلىك مەغلۇبىيىتىدىن ئىبارەت ئۆتكەن ئىشنى يەنە سۆز تېمىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئىشچىلار چېرچىلغا ئىچ-ئىچىدىن ئۆچ بولغاچقا، ھەتتا ئۇنىڭ ئاممىۋى يىغىنلاردا سۆز قىلىشىغىمۇ يول قويمىدى. 1923 - يىلى

3-دېكابىردا چېرچىل لوندون شەھىرىنىڭ بىر سايلام رايونىدا لېكسىيە سۆزلىمەكچى بولغاندا، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئاتالمىش ئەسكەر ۋە ساقچىلارنى ئەۋەتىپ ئۇنى قوغدىدى. لوندون شەھەر ئاھالىسى چېرچىلنىڭ ئالدىدىلا مۇشتۇملىرىنى شىلتىپ غەزىپىنى باسالمىدى، ئۇلار تاش ئېتىپ چېرچىلنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئەينەكلىرىنى كۇكۇم-تالقان قىلىۋەتتى. چېرچىل «خەۋەرلەر كەچلىك گېزىتى» دە سۆھبەت ئېلان قىلىپ: «ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا قاتنىشىپ كېلىۋاتقان 25 يىللىق ھاياتىمدا ئۇلار ئەنگلىيىدە مەن كۆرگەن ئەڭ بۇزۇق بىر توپ ئادەملەر ئىكەن، ئۇلارنى ئەنگلىيە ئىشچىلىرىغا ئوخشاتقاندىن كۆرە، روسىيىنىڭ بۆرىلىرىگە ئوخشاتقان تۈزۈك» دېدى. ئۇ سايلام رىقابىتىدە مەغلۇپ بولدى.

شۇ قېتىمقى سايلام نەتىجىسى تۆۋەن پالاتادا مۇرەككەپ ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئورنى (پارلامېنتتا) داۋاملىق تۆۋەنلەپ، لىيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ بازىسى زور دەرىجىدە كۈچەيگەن بولسىمۇ، ئەمما بىرەر پارتىيە تۆۋەن پالاتادا مۇتلەق كۆپ سانلىق ئورۇنغا ئىگە بولالمىدى. چۈنكى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى بىلەن لىبېرالىستلار پارتىيىسى ئوتتۇرىسىدا چېگرا بېجىنى قوغداش سىياسىتى مەسىلىسىدە تالاش-تارتىش پەيدا بولۇپ، بۇ ئىككى پارتىيە بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرالمىدى. مانا بۇ لىيبورىستلار پارتىيىسىنى ئەنگلىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم ھۆكۈمەت تەشكىللەش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. ماك دونالد رەھبەرلىكىدىكى لىيبورىستلار پارتىيىسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپلا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دىپلوماتىيە مۇناسىۋەت ئورناتتى. بۇ چېرچىلنىڭ لىيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرىنى ھە دەپ تىللاپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي مەقسىتى ۋە نىشانى بار، دەپ چىڭ

تۈرۈۋېلىشىغا چوڭ دەستەك بولدى.

1. نۆۋەتلىك لېيبورىستلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۇزۇنغا بارمىدى. 1924-يىل ئۆكتەبىردە لېيبورىستلار پارتىيىسى لىبېراللار ھۆكۈمىتىنى قوللاشنى رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ماك دونالد پارلامېنتنى تارقىتىۋەتتى. 1924-يىل 29-ئۆكتەبىردە تۆۋەن پالاتانىڭ يېڭى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى سايلامدا غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، ھەدەپ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ھەرىكەتلىرىنى قىلدى. بىلەت تاشلاپ ئاۋاز بېرىشتىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى، ئۇلار يالغاندىن ياساپ چىققان كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ بىر پارچە خېتىنى ئېلان قىلىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى ئەنگلىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قوراللىق قوزغىلاڭ تەشكىللەپ، ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ھەققىدە يوليورۇق بەردى، دەپ پىتنە تارقاتتى. ئۇلار ئىنقىلاب ۋەھىمىسى ئارقىلىق تەۋرىنىپ تۇرغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيىگە تەھدىت سېلىپ، ئۇلارنى كوممۇنىستىك پارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بايراقنى ئېگىز كۆتۈرگەن كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىنى قوللاپ بىلەت تاشلاشقا مەجبۇرلىدى. گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتكەن چېرچىل بۇ يالغان ھۆججەتتىن پايدىلىنىپ، لېيبورىستلار پارتىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا تېخىمۇ ئەسەبىيلەشكەن ھالدا ھۇجۇم قىلىشقا ئۆتتى. ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرى «قانلىق قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلىش ھەمدە ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش توغرۇلۇق يازما بۇيرۇق چىقاردى . . . مەن كېسىپ ئېيتىمەنكى، ئەنگلىيە تارىخىدا ئەزەلدىن بۇنچىلىك ئېغىر ئەھۋال كۆرۈلمىگەن!»

دېدى.

كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى چېرچىلنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنى يەنە ئەپۇ قىلىۋېتىپ، ئۇنى ئېپپىڭ سايلام رايونىنىڭ نامزاتلىقىغا كۆرسەتتى. شۇ قېتىمقى سايلام رىقابىتىدە كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى غەلىبە قىلىپ، 413 ئورۇنغا ئىگە بولدى. لېيبورىستلار پارتىيىسى 151 ئورۇنغا، لىبېرالىستلار پارتىيىسى 40 پارچە سايلىنىش گۇۋاھنامىسىگە ئىگە بولدى. ستانلېي بالدۋىن سايلام نەتىجىسىگە ئاساسەن، 1924-يىل نويابىردا كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىدى. بۇ يېڭى باش ۋەزىر چېرچىلنى مالىيە ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىگەنلىكىنى ئېلان قىلغاندا، چېرچىلنىڭ كۆزلىرىدىن تارامالاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ بۇنداق بولۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى! چۈنكى تېخى بىر نەچچە ئاي ئىلگىرىلا ئۇنىڭ پارتىيىسىمۇ، پارلامېنتتا بىرەر كىشىلىك ئورنىمۇ يوق ئىدى. شۇ چاغدىكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، چېرچىل سىياسىي جەھەتتىن ھەرگىز قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالغانىدى، ئەمما ئويلىمىغان يەردىن مالىيە ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىنىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز بىر خىل بۇرۇلۇش بولدى. بۇنىڭدىن ھاياجانلانغان چېرچىل دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆزىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكىنى تەبرىكلەۋاتقاندا دىسرايلىنىڭ «سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ۋەزىيەتتىن ھۇزۇر ئېلىش تۈگىمەيدۇ» دېگەن سۆزىنى ئېسىگە ئالدى. لىبېرالىستلار پارتىيىسىنىڭ گېزىتى «مانچېستېر گېزىتى» چېرچىلنىڭ يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكىگە قارىتا ئازابلانغان ھالدا ئوبزور ئېلان قىلىپ: «ئۇ 2-قېتىم ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭدا قىممەتلىك ئىقتىدار بولغاچقا، 2-قېتىم باش كۆتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يۇقىرى

مەنسەپكىمۇ ئىگە بولدى» دېدى.

بالدۋىننىڭ چېرچىلنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىكى روھىي ھالىتىمۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ بولدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، مۇبادا چېرچىل ھۆكۈمەتتىن سىقىپ چىقىرىۋېتىلسە، ئۇ چاغدا ۋەزىپىسىدىن قېپقالغان راۋۇخ گېئورگې بىلەن بىرلىشىۋالاتتى. ئۇلارنىڭ دوستى، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ مەشھۇر ئەربابى تۆرە بوكېنخمۇ ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇش مۇمكىن ئىدى. شۇ چاغدا ئەنگلىيىدىكى زېھنىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، نىشانى ئېنىق بۇ مەشھۇر ئۈچ ناتىقچى ئىتتىپاق تۈزىدىغان بولسا، كونسېراۋاتىپلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتىگە ناھايىتى زور ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بېرەتتى. بالدۋىن ھۆكۈمەتكە قارشى مۇنداق بىر ئىتتىپاقنى شەكىللەندۈرمەسلىك ئۈچۈن، ئەنگلىيىنىڭ كونا سىياسىي ئەنئەنىسى بويىچە، يوشۇرۇن دۈشمەننى سەپداشقا ئايلاندۇردى، يەنى چېرچىلنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ئىقتىدارىنى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ئاسان بويسۇندۇرغىلى بولمايدىغان سىياسەتۋاز چېرچىل 30 يىل ئىلگىرى دادىسى مالىيە ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەندە كىيگەن فورمىنى كىيىپ ئەمەل تۇتتى.

1926-يىل 4-مايدا، ئەنگلىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلاش باشلاندى. بۇ قېتىمقى ئىش تاشلاشقا كان ئىشچىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاساسلىق قوشۇنى قاتناشتى. غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىگە تولۇپ-تاشقان ئىشچىلار ھۆكۈمەتنى ۋە كان خوجايىنلىرىنى يول قويۇشقا مەجبۇرلاش نىيىتىگە كەلدى. ھۆكۈمەت ساقچى، ھەربىي ۋە ئالاھىدە ساقچى ئەترەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئىش تاشلاشقا تاقابىل تۇرماقچى بولدى. بۇنىڭدىن شۇنچىلىك مەمنۇن بولۇپ كەتكەن چېرچىل كۆرەشنىڭ

www.uyghurkitap.com

كەسكىنلىششىنى خالايتتى، شۇڭا ئۇ قىلچە تەپتارتماستىن ئوت قويرۇقلۇق قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بوران-چاپقۇنلۇق يىللىرى ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى ئۇچۇن ئېيتقاندا، روھىي چۈشكۈن ۋە راھەت-پاراغەتلىك ھايات كەچۈرۈشنىڭلا كويىدا يۈرىدىغان مالدۇۋىنغا قارىغاندا ئىنتايىن مۇھىم ۋە كەم بولسا بولمايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە ئۇرۇندى. تارىخچى تايلور: شۇنداق قىلىپ «چېرچىلدا مالدۇۋىننى ئەڭ ئالىي رەھبەرلىك ئورنىدىن سىقىپ چىقىرىۋېتىشكە ئۈمىد پەيدا بولدى» دېدى. شۇ كۈنلەردە چېرچىل «ئەنگلىيە ئاخباراتى» نىڭ نەشر قىلغۇچىسى ۋە باش مۇھەررىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاجايىپ كاتتا ئابرۇي قازاندى. مەتبە ئىشچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىش تاشلىدى، لوندوندىكى بىرەر گېزىتخانىمۇ گېزىت چىقىرالمىدى. چېرچىل بېئاۋېر بروئوكنىڭ ياردىمى بىلەن، «ئەنگەنلىك پوچتا گېزىتى» نىڭ ئاساسىدا «ئەنگلىيە ئاخباراتى» نى نەشر قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى. مەزكۇر گېزىت ئىش تاشلاشقا قاتناشقۇچىلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، ئىشچىلارغا قارشى تەشۋىقاتنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى.

1926-يىل يازدا، ئومۇميۈزلۈك ئىش تاشلاش توختىغاندىن كېيىن، چېرچىل مىسىر بىلەن گرېتسىيىگە ساياھەتكە بېرىپ، «ۋەزىپىسىنى جېنىنىڭ بارىچە ئادا قىلىپ» بولغاندىن كېيىنكى بىر خىل ئازادىلىك كەيپىيات ئىچىدە ئارام ئالدى. ئەلئىھرام ۋە ئافىنا ئىلاھ ئىبادەتخانىسىنى سىزدى. بىر نەچچە پارچە مەنزىرە رەسىمنى سىزىپ بولغاندىن كېيىن، يەنى 1927-يىل يانۋاردا، فاشىست مۇستەبىتچى مۇسسولىنىنىڭ مېھمىنى سۈپىتىدە رىمغا زىيارەتكە باردى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستلارغا قارشى ئىتتىپاق قۇرۇش مەقسىتىدە ئىتالىيە فاشىزمىنى قىلچە تەپتارماي ماختىدى. چېرچىلنىڭ بىر

بىئوگرافى يازغىنىدەك: «چېرچىلنىڭ رىمدىكى ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ بولشېۋىكىزمغا ئىچ-ئىچىدىن ئۆچ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى!»

چېرچىل 1926-يىل 20-ئىيۇن سۆزلىگەن بىر نۇتقىدا ئوچۇق قىلىپ: «روسىيە بولشېۋىكلىرى كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئەنگلىيە جەمئىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، ئەنگلىيىنىڭ گۈللەپ-ياشناۋاتقان ھاياتىنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغانلا بولسا، ئەنگلىيىنى ھۆكۈمەتسىزلىك ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇپ، دۇنيانىڭ كۈچ-قۇدرىتى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنى يوقىتىدۇ ۋە قاتناش يوللىرىنى ئۇمۇمىيۈزلۈك بوغۇپ تاشلاش ئۈچۈن، دۇنيا مىقياسىدا ئۇلارنىڭ زومىگەرلىكىدىكى مۇستەبىتلىكنى كەينى-كەينىدىن تۇرغۇزىدۇ» دېدى. بولۇپمۇ چېرچىلنىڭ قاتتىق ئاچچىقىنى كەلتۈرۈۋاتقان ئىش، ئەنگلىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ ۋەكىلى لوندوندا تۇراتتى. چېرچىل ئۆزى ئېيتقاندەك، بىرى ئۇنىڭدىن: «سىز نېمىشقا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىلىنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشىغا چىداپ تۇردىڭىز؟ نېمىشقا ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىۋەتمەيسىز؟» دەپ سورىغاندا، چېرچىل: «مەن ئۇلارنى قوغلاپ چىقارغان بولسام، ناھايىتى خۇشال بولاتتىم. شەخسەن ئۆزۈم ھاياتلىقىمدا روسىيىدە بىرەر مەدەنىيەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ياكى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىز بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھەر ھالدا دوستانە دەيدىغان قىياسقا خاتىمە بېرىلىشىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ بايانىمىدىن چېرچىلنىڭ پۈتكۈل ئىدىيىسىنى ۋە ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

چېرچىلنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلاش مەزگىلىدە قىلغان ھەرىكەتلىرى، يەنى ئىتالىيە فاشىست ئۇنسۇرلىرىغا خۇشامەت قىلىشى، شۇنىڭدەك قىلچە تەپتارتماستىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشى ئەنگلىيە جامائەتچىلىكىنىڭ قارشى تۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىكى ئۇچىغا چىققان سول قاناتتىكىلەرنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىكەنلىكىنى دېمىگەندىمۇ، ئۇلار چېرچىلدىن رازى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچۇقتىن-ئوچۇق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىغىمۇ سىياسىي جەھەتتىن زىيان سالدى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇلارنىڭ پارتىيىسىگە قارشى چىقىشىنى قوزغىدى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كېيىنكى سايلام بېلىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى.

بۇ خىل نارازىلىق كەيپىيات ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگىمۇ يۇقتى، بەزى گېزىتلەر چېرچىلغا دوستانە مۇئامىلىدە بولمىدى. شۇ چاغدىكى بىر گېزىتتە: «ئۇ پارتىيىنى ئالماشتۇرۇشتا خۇددى بىر تانسا ھەمراھىنى ئالماشتۇرغانغا ئوخشاش يېنىكلىك قىلدى. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بىرلا پارتىيىسىگە سادىق. ئۇ بولسىمۇ ۋىنستون چېرچىل ماركىلىق پارتىيىدۇر ... ئۇنىڭ ھاياتى پۈتۈنلەي توختىماي نۇتۇق سۆزلەش بىلەن پۈتكەن ھايات. ئۇ باشقىلار بىلەن سۆزلەشمەيدۇ، دائىم نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ناشتىلىق قىلىۋاتقاندا، ئۇ سېنى ئەركىن سودا زالىغا توپلانغان بىر قىسىم ئاڭلىغۇچىلار دەپ قارايدۇ، چۈشلۈك تاماقتا ئۇنىڭ ساڭا يەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسەن. ئەگەر دەم ئېلىۋاتقان ۋاقتىڭدا ئۇنىڭغا ئۇچرىشىپ قالساڭ، ئۇ ساڭا بىر نەچچە مىنۇت نۇتۇق سۆزلەپ ئۆلگۈرىدۇ ھەمدە ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، ناپولېئونادەك ئاجايىپ روھلۇق، ھاكاۋۇر قىياپەت چىقىرىدۇ. ئاشۇنداق ئىنتايىن جىددىي قىياپىتى بىلەن

كۆلكىلىك ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ سىنىڭ كۆز قاراشلىرىڭنى ئاڭلاشنى خالىمايدۇ، ئۆزىنىڭ گۈزەل ھەم روشەن تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ خەقلەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىدىغان پىكىرلىرى تەرىپىدىن ئۈزۈپ قويۇلۇشىنى خالىمايدۇ. ئۆزىنىڭكى توغرا تۇرۇقلۇق، ئۆزگىلەرنىڭ كۆز قاراشلىرى ئۈستىدە ئويلانغاننىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇ سەن بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلمايدۇ، بەلكى ساڭا ساۋاق بېرىدۇ» دەپ يازىدۇ.

چېرچىل قاتارلىقلارنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىشى بىلەن، كونسېرۋاتىپلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشچىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوللانغان ئۆچمەنلىك سىياسىتى، ئەنگلىيىدىكى ئىشسىزلىق مەسىلىسىگە تۇتقان بىپەرۋالىق پوزىتسىيىسى، ئۇلارنىڭ خەلق نەزىرىدىكى ئىناۋىتىنى تۆكتى. 1929-يىلغا كەلگەندە، ئەنگلىيە تارىخچىسى ئېيتقاندەك: «ئەنگلىيە ئومىدسىزلىك ئىچىدە قېلىپ قاتتىق ئازابلاندى . . . شۇڭا ئىسلاھاتقا تەشنا بولدى! » يېڭى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ سايلىمى 1929-يىل مايدا ئۆتكۈزۈلدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى 141 ئورۇندىن ئايرىلىپ قالدى. لىبېبورىستلار پارتىيىسىنىڭ ئېرىشكەن سايلام بېلىتى ھەرقانداق پارتىيىنىڭكىدىن كۆپ بولدى. سايلام نەتىجىسىگە ئاساسەن، لىبېبورىستلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى ماك دونالد لىبېبورىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىدىن تەركىب تاپقان ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى چېرچىل تەبىئىي ھالدا ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئون يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ھۆكۈمەتنىڭ سىرتىدا يۈرۈپ قېلىشنى ئەينى چاغدا چېرچىل ھەرگىزمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى!

چېرچىل ھۆكۈمەتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، شۇ يىلى ياز بىلەن كۈز مەزگىللىرى ئىنىسى، ئوغلى ۋە [illegible] بىلەن بىللە كانادا، ئامېرىكىلارغا ساياھەتكە باردى. ئاق سارايدا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى خوئوۋېر بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ بېئاۋېر بىروئوكقا ئەۋەتكەن خېتىدە: «ئامېرىكىنىڭ كونتروللۇقىدىن بوشىتىپ چىقالىساق، كىشىنى بىزار قىلىدىغان باش-ئايىغى تۈگىمەيدىغان ئىشلاردىن قۇتۇلالىساق نېمىدېگەن بەختلىك ھە!» دەپ يازدى. ئۇ ئامېرىكىدىكى چاغلىرى ھولليۋۇدنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، سەنئەتكار چارلېز چاپلىن بىلەن تونۇشتى. ئۇ چاپلىنغا: «سىزنىڭ ناپولېئوننىڭ رولىنى ئويناپ چىققانلىقىڭىزنى بىر كۆرگۈم بار، ھەتتا مەن مۇشۇ جەھەتنى مەزمۇن قىلىپ بىر كىنو ئەسىرى يازماقچى بولۇۋاتىمەن» دېدى. مەيلى نېمىلا بولسۇن، چېرچىل ئەدەبىيات-سەنئەت جەھەتتە ئۆزىگە تەسەللى تاپتى. شۇ مەزگىللىرى ئۇ «دۇنيا كرىزىسى» ناملىق كىتابىنىڭ ئاخىرقى بىر قىسمىنى ۋە قىسمەن تەرجىمىھالىغا ئائىت «مېنىڭ ئالدىنقى يېرىم ئۆمرۈم» نى يېزىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم ھېكايىلەرنى يازدى، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە بۇ ھېكايىلەرنى توپلاپ «خىياللار ۋە تاسادىپىي ئۇچرىشىش» دېگەن كىتابنى نەشردىن چىقاردى.

چېرچىل ھاكىمىيەت سىرتىدا تۇرغان مەزگىللىرى ئىجادىيەت ۋە رەسىم سىزىش بىلەن شۇغۇللانغاندىن سىرت، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ كەلدى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، پارلامېنتتا ئۇتۇق سۆزلەيدىغان سىياسىي تېما تېپىۋالدى. 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ھىندىستاندىكى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇ زىددىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە لىبېرالىستلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتى بىلەن كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى

ھىندىستاننىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى ئاز سانلىق زاتلارنى جەلپ قىلىپ، ھىندىستاننىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. لېكىن بۇ تەكلىپ چېرچىلنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئۇ كەسكىن ھالدا: ھىندىستاننىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ھەمدە ئالغا بېسىشى ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، ھىندىلار مۇستەقىل ھالدا بۇنچىلىك تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يېتەلمەيدۇ، مۇبادا ھىندىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا يول قويساق «ئۇ تېز سۇرئەتتە بىر قانچە يۈز يىل كەينىگە چېكىنىپ، ياۋايىلىق دەۋرىگە قايتىپ كېتىدۇ ھەمدە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىك يەتكۈچە تارتىدۇ» دېدى.

ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ناھايىتى بۇرۇنلا ھىندىستانغا بۆلۈپ ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، دىنىي ۋە ئىرقىي جەھەتتە ئۆزئارا قىرغىنچىلىقنى تەرغىب قىلغانىدى. چېرچىل 30-يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى بۇ جەھەتتە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ، مۇسۇلمانلارنى ھىندى مۇرتلىرىغا قارشى تۇرۇشقا كۈشكۈرتتى ۋە ھېچ ئەيمەنمەي ھىندى مۇرتلىرى مۇسۇلمانلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇلار ھەربىي جەھەتتە قابىلىيەتسىز ئىكەن، دېدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ زور كۆپچىلىك ئەزالىرى، مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى كۈنسايىن كۈچىيىپ كېتىۋاتقان پەيتتە، چېرچىلنىڭ ئىرقچىلىق تۇغرىسىدىكى گەپ-سۆزلىرىنىڭ ئاللىقاچان كونىراپ كەتكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. چۈنكى بۇ گەپ-سۆزلەر پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا ئەنگلىيە سىياسىتىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك خاراكتېرىنى ئاشكارىلىدى ھەمدە ھىندىستان خەلقىدە پەقەت ئۆزلىرى كۈرەش قىلىش ئارقىلىقلا ئەنگلىيىدىن ئەركىنلىكنى تارتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچ تۇرغۇزدى. شۇڭا، بالدۇين چېرچىلنىڭ

«چېكىدىن ئاشقان مەيدانى» غا قوشۇلىدى.

شۇ چاغدىكى ئەھۋاللار كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى بالدۋىننىڭ ھىندىستاندىكى مۇلۇكدارلارنى سىنىپىي قوللاپ، مەلۇم جەھەتتىن يول قويغانلىقىنى ئىپادىلىگەن چاغدا، چېرچىل 1931-يىل يانۋاردا ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزدى ھەمدە «خىيالىي كابىنېت» تىن چېكىنىپ چىقتى. «خىيالىي كابىنېت» ھاكىمىيەت بېشىدا بولمىغان پارتىيىلەر پارلامېنتىنىڭ پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىكى ئىدى. «خىيالىي كابىنېت» نىڭ ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت تەقسىماتى بويىچە ھۆكۈمەتكە تەنقىدىي پىكىرلىرىنى بېرەلەيتتى. ھاكىمىيەت بېشىدا بولمىغان پارتىيە ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققاندا، «خىيالىي كابىنېت» نىڭ ئەزالىرى ئەسلىدىكى ئىش تەقسىماتى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالاتتى. چېرچىل بالدۋىندىن ئالاقىسىنى ئۈزگەندىن كېيىن، شۇ چاغدىكى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ مەشھۇر ئەربابى لىئوپولد ئېمورى ئېيتقاندەك: «ئۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان غەيرىتى ئارقىلىق كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى بىلەن ئوخشاش كۆز قاراشتىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ، جېنىنىڭ بارىچە بالدۋىندىن قۇتۇلۇشقا تىرىشتى» ھەمدە لېيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى ماك دونالدقا زەھەرخەندىلىك بىلەن قارشى چىقتى.

چېرچىل بىر قېتىم پارلامېنتتا: «بالىلىق چاغلىرىمنى ئەسلىسەم، بىرى مېنى مەشھۇر بارنومو سىرك ئۆمىكىنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈشكە ئاپاردى ... پروگراممىدا نومۇرلىرى ئىچىدە مەن ئەڭ ياقتۇرۇپ كۆرگىنىم «سۆڭەكىي يوق ئالۋاستى» دېگەن نومۇر بولدى. لېكىن، ئاتا-ئانام بۇنداق ئويۇنلارنى كۆرۈش بالىلارغا ناھايىتى يامان تەسىر بېرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنى

بۇزىدۇ، دەپ قارايتتى. مەن ئامالسىز 50 يىل ساقلاپ ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ «سۆڭەككى يوق ئالۋاستى» نى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالىدىم» دېدى. ئۇنىڭ ئالۋاستى دېگىنى ماك دونالدنى كۆرسىتىدۇ. ماك دونالد چېرچىلنىڭ ئۇنى ھاقارەتلىگەن غالجىرانە ھەرىكەتلىرىنى كەچۈرمىدى، شۇنداق قىلىپ، بالدۇين بىلەن ماك دونالد چېرچىلغا قارشى بىرلەشمە فرونت شەكىللەندۇردى. ئۇلار چېرچىلنىڭ ھۆكۈمەتكە كىرىشىنى رەت قىلدى. شۇڭا، چېرچىل تالاي يىللارغىچە ھېچقانداق رول ئوينىيالمايدىغان ئەنگلىيىنىڭ «ئارقا رەتتىكى پارلامېنت ئەزالىرى» غا ئايلىنىپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئون ئىككىنچى باب

# دۇنيا ۋەزىيىتىنى ئېنىق كۆزىتىش

چېرچىل «ئارقا رەتتىكى پارلامېنت ئەزاسى» بولۇپ قالغان مەزگىللىرى كىتاب يېزىش، رەسىم سىزىشتىن باشقا، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ كەلدى. ئۇ، 30-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، نۇتۇق تېمىسى ۋە دىققەت-ئېتىبارىنىڭ مۇھىم سالمىقىنى ھىندىستاندىن گېرمانىيىگە يۆتكىدى.

شۇ مەزگىللىرى گېرمانىيىدىكى ناتسىستلار پارتىيىسى تازا جانلىنىۋاتقان بولۇپ، ئىنتىقام ئېلىش ۋە يېڭى ئۇرۇشقا ھازىرلىق كۆرۈشتىن ئىبارەت بايراق ئاستىدا گېرمانىيە ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغانىدى. شۇ چاغدا، ئەنگلىيىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر فاشىستلار پارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشى ئەنگلىيىنىڭ ياۋروپادىكى مەنپەئىتىگە تەھدىت بولمىدىغانلىقى توغرۇلۇق مۇلاھىزە يۈرگۈزدى. چېرچىل بۇ مەسىلىدە تېخىمۇ چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلدى. 1932-يىلى يازدا، چېرچىل كىنەز مالبورونىڭ ئەينى يىللىرى ئۇرۇش قىلغان رايونلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان چاغدا، گېرمانىيە ئەھۋالىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى دىققەت قىلدى. ئۇ كېيىن: «بىز بۇ گۈزەل رايونلارنى، قەدىمكى مەشھۇر شەھەرلەرنى بىرمۇ بىر ئارىلاپ يۈرگەن چاغدا، مەن تەبىئىي ھالدا گىتلېرنىڭ يۈنىلىشىنى چۈشەندىم، فاشىزمنىڭ تاجاۋۇزچىلىق كەيپىياتىنى

ھېس قىلدىم، بۇنىڭ ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ كۆڭلىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدىم» دەپ يازدى.

1933-يىل 30-يانۋار، گىتلېر باش مىنىستىرلىككە تەيىنلەندى، بۇ گېرمانىيە ھەتتا ياۋروپاغىمۇ ئېغىر ئەنسىزچىلىك ئېلىپ كەلدى. ئۇ كوممۇنىزمغا، مىللىي مەسىلىككە ۋە يەھۇدىيچىلىككە كۈچلۈك قارشى تۇردى ھەمدە گېرمان مىللىتى گېرمانىيە ئىمپېرىيىسى ئەتراپىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى كېرەك. «گېرمان مىللىتى يېگانە مىللەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاۋسترىيە قاتارلىق بىر مۇنچە دۆلەتلەرگە تارقالغان. ئەگەر بۇ زېمىنلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنى قۇرمىساق، مىللىتىمىزنىڭ بەختىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلماي ھەرگىز بولمايدۇ» دەپ چوقان كۆتۈردى. گىتلېر ھەممىلا يەردە مۇشۇنداق ۋەزخانلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى گېزىت ۋە رادىئو ئىستانسىسى ئارقىلىق گېرمانىيە خەلقىنى ئۇرۇش تەلۋىلىكىگە كۈشكۈرتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گىتلېر ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىشنى جىددىيلەشتۈردى. ۋېرسال شەرتنامىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، گېرمانىيىنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنغان. ئەمما، زۆرۈر تېپىلغاندا، بۇ 100 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىدىكى بارلىق ئوفىتسېرلارنى دەرھال شتاب ئوفىتسېرلىقىغا تەيىنلىگىلى بولاتتى، يەنە كېلىپ، ئارمىيىدىكى ئەسكەرلەر ھەر خىل مەشقلەرنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئوفىتسېرلىققا ئۆستۈرگىلى، شۇنىڭدەك ئارمىيىنى كېڭەيتىپ تولۇقلاشقىمۇ بولاتتى. 1933-يىل ئۆكتەبىردە، گىتلېر دۇنيا ھەربىي ھازىرلىقلار يىغىنى ۋە خەلقئارالىق ئىتتىپاقتىن

چېكىنىپ چىقتى، ئارقىدىنلا ۋېرسال شەرتنامىسىدىكى ھەربىي ھازىرلىقلارنى چەكلەش توغرىسىدىكى ماددىلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئۇ يەنە ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق تەھدىت سېلىش تەلەپپۇزىدا بىلەن پۈتۈن دۇنياغا: گېرمانىيە ھازىر 36 دىۋىزىيە، يەنى 550 مىڭ كىشىلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيىگە ئىگە. كۈچىمىز قۇرۇقلۇق ئارمىيە بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى، ۋېرسال شەرتنامىسىدە گېرمانىيىدە ھاۋا ئارمىيىسى بولماسلىق بەلگىلەنگەن، شۇنداقتىمۇ ھازىر ھاۋا ئارمىيىمىز ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 3 تىن 2 قىسمىغا تەڭ كەلگۈدەك كۈچ ھازىرلىدى، شۇنىڭدەك بىز ناھايىتى تېزلا ئەنگلىيىدىن ئېشىپ كەتكۈدەك يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە، دەپ جاكارلىدى.

دېڭىز ئارمىيىسىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. بەلگىلىمە بويىچە، گېرمانىيىدە ئون تونناژدىن تۆۋەن ئالتە ھەربىي پاراخوتنىڭ بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنغانىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ياساپ چىققان كىچىك ئۇرۇش پاراخوتىنىڭ ئەمەلىي كۈچى 26 مىڭ تونناژغا يەتتى. بۇ ئەھۋالدىن ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالغان ئەنگلىيە ئاخىر دېڭىز ئارمىيە كۈچى جەھەتتە گېرمانىيە بىلەن بىرەر شەرتنامە ئىمزالاش كېرەكلىكىنى ئويلىدى. شۇنداق قىلىپ، 1935-يىلى ئىيۇندا، ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە ئىككى دۆلەت دېڭىز ئارمىيە كېلىشىمى ئىمزالاپ: «گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسىنى كۈچەيتسە بولىدۇ، لېكىن ئەڭ كۆپ بولغاندا ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ 35 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك» دەپ بەلگىلىدى. بۇ چاغدا ئەنگلىيە، گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچى بىزنىڭ دېڭىز ئارمىيە كۈچىمىزنىڭ 35 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمىسىلا، ياستۇقنى ئېگىز قويۇپ بەخىرامان ئۇخلىساق بولىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. بۇ كېلىشىم بويىچە، گېرمانىيىگە بەش ھەربىي پاراخوت، ئىككى



www.uyghurkitap.com

ئاۋئاماتكا، 21 ئوكيان چارلاش پاراخوتى ۋە 64 قوغلىغۇچى كېمە ياساشقا رۇخسەت قىلىندى.

گېرمانىيە ھېچبىر تەپتارتماستىن ھەربىي كۈچىنى تولۇقلىدى، ئەمما ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە ئامېرىكىلار بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ تۇردى. مۇسسولىنىنىڭمۇ قارا نىيىتى بارغانسېرى يوغىناپ، ئىبلىس قولىنى ئافرىقا ۋە ئېفىئوپىيىگە سوزدى. 1934-يىلى دېكابىردا، ئىتالىيە ئېفىئوپىيىگە 250 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتتى. ئىككىنچى يىل پايتەختى ئەددىس-ئەبېبىنى ئىشغال قىلدى، ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالغان پادىشاھ سېلاسې ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ قاچتى.

ئاسىيادا ياپون جاھانگىرلىكى 1931-يىلى 18-سېنتەبر جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۈچ ئۆلكىسىگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇش قوزغىغاندىن كېيىن، يەنە 1932-يىلى شاڭخەيدە 8-دېكابىر ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى. شۇ يىلى يەنە قورچاق مانجۇرىيە دۆلىتىنى ياساپ چىقتى ۋە خەلقئارا ئېتىراپ قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئىككىنچى يىلى، ياپونىيە خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ قورچاق مانجۇرىيە دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلىشىنى رەت قىلغانلىقىنى باھانە قىلىپ، خەلقئارا ئىتتىپاقدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى جاكارلىدى، ئارقىدىنلا رېخې ئۆلكىسى ۋە شىمالىي جۇڭگونى قەدەممۇ قەدەم يىلە قۇرۇتىدەك يېيىشكە باشلىدى؛ 1933-يىل يانۋارنىڭ باشلىرى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالى بىلەن شىمالىي جۇڭگونىڭ ئارىلىقىدىكى مۇھىم پونكىت شەنخەيگۇەننى ئىشغال قىلدى. مارتتا يەنە رېخې ئۆلكىسىنى بېسىۋالدى ھەمدە شىمالىي جۇڭگوغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى قەدەممۇ قەدەم كېڭەيتتى. 1936-يىل 25-نويابىر، ياپونىيە گېرمانىيە بىلەن «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا قارشى تۇرۇش كېلىشىمى»

ئىمزالاپ، تاجاۋۇزچىلىق ئىتتىپاقى تۈزدى. 1937-يىلى 7-ئىيۇل، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، «لوگوچياۋ ۋەقەسى» نى پەيدا قىلدى ۋە ئۇزۇندىن بېرى خۇپىيانە پىلانلاپ كەلگەن جۇڭگوغا ئومۇميۈزلۈك تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغىدى.

چېرچىل گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيە فاشىستلىرىنىڭ كىشىنى ۋەھىمىگە سالىدىغان تاجاۋۇزچىلىق كېڭەيمىچىلىكى ئالدىدا «2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ قورقۇنچلۇق سىگنالىنىڭ يات ئاردا چېلىنىدىغانلىقىنى» ھېس قىلدى. بولۇپمۇ گىتلېرنىڭ تەختكە چىقىشى، گېرمانىيە مىلىتارىزمىنىڭ تىرىلىشىنىڭ جىددىيلىشىشى ياۋروپادىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، شۇنداقلا ئەنگلىيىنىڭ مەنپەئىتىگە خەۋپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەجەللىك خەۋپ يەتكۈزەتتى. شۇڭا، چېرچىل «2-دۇنيا ئۇرۇشى ھەققىدىكى ئەسلىمە» دە: «جەڭ مەيدانلىرىدا باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بولغان كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى، ئۇلار ئاغرىپ تۇرغان مۇرىلىرىنى مۇرىلىرىگە تىرەپ ئالغا باستى، ئىغىر قەدەملىرىنى تاشلاپ ھاياتلىقنىڭ شانلىق دەشت-باياۋىنىدىن ئايرىلدى، دەپ تەسۋىرلەش كېرەك» دەپ يازدى.

شۇ چاغدا، ھەرقايسى چوڭ دۆلەتلەر دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ ئاساسلىق سالمىقىنى جەنۇۋە ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش يىغىنىغا قاراتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك قىسقارتىش توغرىسىدىكى لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ لايىھە قوبۇل قىلىنىدىغان بولسا، ھەربىي تەھدىتنى ئازايتقىلى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ زىممىسىدىكى باج-سېلىقلارنى كېمەيتكىلى بولاتتى. شۇ چاغدا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى كۆچلۈك تىنچلىقپەرۋەرسلىك كەيپىياتىنىڭ ھەيدەكچىلىكى ئارقىسىدا ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ، ئاغزىدا

ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىشنى ھىمايە قىلىسمۇ، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشقا جېنىنىڭ بارىچە توسقۇنلۇق قىلدى. ئەنگلىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لايىھىسىگە قارشى بىرلا لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ ماھىيىتى ئۆزىنىڭ ئارمىيىسىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي شۇ پېتى ساقلاپ قېلىش، قارشى تەرەپنىڭ ئارمىيىسىنى كېمەيتىۋېتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئەنگلىيىنىڭ بەزى سىياسىئونلىرى گېرمانىيىنىڭ «تەڭ-باراۋەر ئاساسىدا ھەربىي ھازىرلىقلار» نى قىلىشىغا يول قويۇش كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ دەل گېرمانىيە ناتسىستى ئۇنسۇرلىرىنىڭ قەتئىي تەلىپى ئىدى. چېرچىل بۇنداق تەلەپنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. ئۇ، 1933-يىلى ئاپرېلدا: «گېرمانىيە ھەربىي ھازىرلىقلاردا باراۋەر بولۇشنى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋە دېڭىز ئارمىيە شتاتىدىمۇ باراۋەر بولۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ . . . بۇ ئەڭ خەتەرلىك تەلەپ. ھاياتلىقتا ئەبەدىيلىك نەرسە يوق. گېرمانىيىنىڭ ئۆچمەنلىكى ۋە نارازىلىقى تېخى يوقالماي تۇرۇپ، بىز يەنىلا ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق كەيپىياتىنى كۆرۈپ تۇرغان چاغدا، گېرمانىيە راستتىنلا ھەربىي كۈچ جەھەتتە قوشنا دۆلەتلەر بىلەن پۈتۈنلەي باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرىدۇ، ئۇنداقتا شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بىز يات ئارىدىلا ياۋروپا چوڭ ئۇرۇشىنىڭ قايتا پارتلىشىغا دۇچ كېلىمىز» دېدى.

ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش يىغىنى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چېرچىل چۈشەپ قويۇلغان قوللىرى بوشاپ قالغاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ كۈرەش نىشانى، ئېھتىمالى بولغان ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىشقا قارشى تۇرۇش ئەمەس، بەلكى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەنگلىيە ھەربىي

ئەسلىھەلىرىنى قايتىدىن ئوڭشاشنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. چېرچىلنىڭ ئەنگلىيىنىڭ كۆپلىگەن سىياسىئونلىرى ۋە ھەربىي ئالىملىرى بىلەن كۆز قارىشى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. ئۇ، تېخنىكا ئەسلىھەلىرىنىڭ 20-ئەسىردىكى ئۇرۇشتا ئوينايدىغان رولىنى توغرا مۇئەييەنلەشتۈردى. 1-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرى فرانسىيە ئۇرۇش قىلغاندا تانكا لايىھىلەش، ياساش ۋە ئىشلىتىش جەھەتتە چېرچىل نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قىلغانىدى. ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، يەنى 30-يىللىرى ئۇ ئۆزىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى ھاۋا ئارمىيىسىگە قاراتتى. چېرچىلنىڭ مەسىلىنى مۇلاھىزە قىلىشىنىڭ چىقىش نۇقتىسى، گېرمانىيىنى ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى يوشۇرۇن دۈشمىنى دەپ ھېسابلاشتىن ئىبارەت ئىدى. سۇ ئۈستىدىكى چوڭ توسالغۇ — ئەنگلىيە بوغۇزى (لامانشى بوغۇزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئەنگلىيىنى غەربىي ياۋروپادىن ئايرىپ تۇراتتى، شۇڭا، ئەنگلىيە گېرمانىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىدىن بەكلا ئەنسىرەيتتى. چېرچىل گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى دىققەت قىلدى ھەمدە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئەھۋالىنى تېز سۈرئەتتە ئۆزگەرتىشنىڭ ئامالىنى قىلدى.

چېرچىلنىڭ تۆۋەن پالاتادا بۇ مەسىلە توغرۇلۇق نۇتۇق سۆزلىشى تولىمۇ ئاقىلانىلىك ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئۇ نۇتقىدا ئۆزىنىڭ گېرمانىيىنىڭ يۈنىلىشىنى ھەمدە ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي ئەسلىھەلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھۆكۈمەتتە ھېچقانداق بىر رەسمىي ۋەزىپىسى بولمىغان چېرچىلنىڭ ئىشەنچلىك ماتېرىياللارنى تولۇق ئىگىلىشى، شۇنىڭدەك بۇ ماتېرىياللارغا ئاساسەن كېيىنكى ۋەزىيەت ئىسپاتلايدىغان يەكۈننى چىقىرىشى ھەر ھالدا كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى. بۇنىڭدا زادى قانداق سىر بار؟

ئەسلىدە ئۇ ئەنگلىيە-گېرمانىيە مۇناسىۋىتى ھەمدە ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلار ئەھۋالىغا ئائىت ئاخباراتلارنى ئۆزۈندىن بېرى توپلاپ كەلگەن، قورۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىقى ۋە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىدىكى بىر مۇنچە ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەت قىلىپ كەلگەنىدى. راستىنى ئېيتقاندا، چېرچىلنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ئىدى، ئۇ فرانسىيىدىكى بىر قىسىم سىياسىئونلار بىلەنلا ئالاقە باغلاپ قالماستىن، بەلكى بېرلىندىكى بەزى كىشىلەر بىلەنمۇ ئالاقە ئورناتقانىدى.

چېرچىل مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان تىنچلىقپەرەسلىككە قارىتا كۆپ قېتىم: «1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، بىزنىڭ مەقسىتىمىز بىر نىيەت بىر مەقسەتتە يەنە بىر قېتىملىق چوڭ ئۇرۇشنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش بولدى. مۇبادا ئۇرۇش يۈز بېرىپ قالسا، كۆرەشنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، ئۇرۇش داۋامىدا ھايات قېلىشىمىز ئۈچۈن، ھېچنەرسىدىن ئايانماي قورال كۈچىنى ئىشقا سېلىشىمىز كېرەك» دەپ كۆرسەتتى.

ئۇ 1931-يىلى تۆۋەن پالاتانىڭ مۇنبىرىگە چىقىپ، كابىنېت بىلەن پارلامېنتقا: «گېرمانىيىنىڭ قورۇقلۇق ئارمىيە كۈچى فرانسىيىنىڭكى بىلەن تەڭلەشتى، بۇ كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ئىش. مېنىڭ، مۇشۇنىڭ ئۆزى توغرا، دەپ قارايدىغان كىشىلەردىن ‹ئەپەندىلەر، سىلەر ئۇرۇشنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟› ياۋروپانى يېڭى ۋاشتىن ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىشنىڭ خەۋپى يېتىپ كەلدىغۇ! دەپ سورىغۇم كېلىدۇ» دېگەنىدى.

گىتلېر ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقان چاغدا، ئەنگلىيىدىكى نەزەر دائىرىسى تار بىر قىسىم سىياسىئونلار مۇتەئەسسىپلىك بىلەن، بەزى قورۇق

سەپسەتىلەرنى سېتىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ پۇل قويۇشى ۋە ئىلھام بېرىشى ئارقىسىدا، 1933-يىلى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى كۇلۇبىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى «مەكتەپ پادىشاھ ۋە ۋەتەن ئۈچۈن ھەرگىز ئۇرۇش قىلماسلىق قارارى»نى ماقۇللىدى. بۇ، ئەنگلىيىدە كۇلۇپلا قويسا بولىدىغان ئىش ئىدى؛ ئەمما بۇ گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيىنى، بولۇپمۇ پۈتۈن دۇنيادىكى ئىلغار زاتلارنى ئەنگلىيە چۈشكۈنلىشىپ كېتىپتۇ، دېگەن چوڭقۇر بىر تەسىراتقا كەلتۈرۈپ قويدى.

«بىز گېرمانىيىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى زور مىقداردا كېرەكسىز تۆمۈر، نىكېل ۋە ھەربىي مىتاللارنى كىرگۈزۈۋاتقانلىق توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئۇقتۇق، بۇ دۆلەتنىڭ مىلىتارىزملىق روھىنى مەملىكەت بويىچە كەڭ تۈردە ئومۇملاشتۇرغانلىقى ھەققىدىكى بارلىق خەۋەرلەرنى بىلدۇق، بىز يەنە ئۇلارنىڭ بىر خىل قانخورلۇق پەلسەپىسىنى ياشلارنىڭ كاللىسىغا سىڭدۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردۇق، بۇ ياۋايىلىق دەۋرىدىن بۇيانقى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش، — دېگەنىدى چېرچىل تۆۋەن پالاتادا كەسكىن مۇنازىرىلىشىپ، — بۇ جانلىنىپ كېتىۋاتقان كۈچلەرنى كۆرۈپ، بۇنىڭ پۈتۈن دۇنيا بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغان، شۇنىڭدەك دۇنيانى مەغلۇپ قىلغۇدەك بىر قۇدرەتلىك گېرمانىيە ئىكەنلىكىنى، شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا بىر ئادىمىنىڭ ھاياتىغا قارشى تەرەپنىڭ ئىككى يېرىم ئادىمىنىڭ ھاياتىنى تېگىشكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ئەگەر بولۇۋاتقان بۇ تەييارلىقنى، نەزىرىيىنى ۋە ئوچۇق-ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ تەشەببۇسنى بىلسەك، ئۇنداقتا گېرمانىيىنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھودۇقۇپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغانلىقىدىن ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق».

چېرچىل تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا: «بىزنىڭ ھازىرقى

دىپلوماتىيە سىياسىتىمىزدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق خەۋپ، ئۆزىمىزنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتمىگەننى ئاز دەپ، فرانسىيەدىن ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى قىسقارتىشنى ئۆزلۈكسىز تۈردە تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت بولۇۋاتىدۇ. بىز ئۇلارغا قانداق نەسىھەت قىلىمىز؟ بىز ئۇلارغا: «سىلەر ئەمەلىي كۈچۈڭلارنى قىسقارتىڭلار» دەيمىز خالاس. ئۇلارغا بىرىدىغان بىردىنبىر ئۈمىدىمىز، مۇبادا ئۇلار ئەمەلىي كۈچىنى قىسقارتقاندىن كېيىن يەنە بىرەر بالايىئاپەتكە يولۇقسا، قولىمىز قۇرۇق، ياردەم بېرىشكە ئارمان بار، لېكىن دەرمان يوق بولسىمۇ، ئامال بار ئۇلارغا ياردەم بېرىمىز. مەن بۇنىڭدىن ئۆتە خەۋپلىك بولغان سىياسەتنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن . . . رىملىقلاردا ‹قورالىڭنى مەھكەم تۇتساڭ، ئۇزىراپ بارار چېگرايىڭ› دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. بىزنىڭ ھېكمەتلىك سۆزىمىز : ‹قورالىڭنى قىسقارت، مەجبۇرىيىتىڭنى كۆپەيت›، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە: ‹دوستۇڭنىڭ قورالىنىمۇ قىسقارت!› دېگەن سۆزگە ئوخشاپ كېتىدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

تۆۋەن پالاتادىكى پارلامېنت ئەزالىرى چېرچىلنىڭ نۇتقىنى قىزغىن ئالقىشلىغان بولسىمۇ، ئەمما چېرچىلدا بىر خىل ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇسى بار ئىدى. ئۇ ئەنگلىيىنىڭ يات ئاربدا پارتلايدىغان ئۇرۇشنىڭ ئېغىر سىناقلىرىغا دۇچ كېلىدىغانلىقىغا، ئەمما پارلامېنت بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ بۇ جىددىي ئاگاھلاندۇرۇشقا سەل قارايدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان دەلىل-ئىسپاتلىرى ئۇلارنى ئىشەندۇرەلمىدى ھەمدە بىرەر ھەرىكەت قوللىنىشقىمۇ تۈرتكە بولالمىدى. بۇ چېرچىلنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئازابلىق ئىش بولدى. لېكىن، ئۇ يەنە غەيرەتكە كېلىپ، «ئۇرۇشخۇمار» دېگەن بەتنامغىمۇ پىسەنت قىلماي، ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى بوران-چاپقۇنلار ئالدىدا تۈرلۈك قوغدىنىش كۈچلىرىنى بەرپا

قىلىپ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىشىشلارنى كۈچەيتىپ، بىرلىكتە ھەرىكەت قوللىنىپ فاشىستلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى توسۇشنى تەلەپ قىلدى ۋە: «بىز ئېچىنىشلىق خاتا پەرەزلەرنىڭ قوينىدىن ھۇشىمىزنى تاپايلى. بىز ھازىر مۇشۇ خاتا پەرەزلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتتۇق. ئەگەر بىز بۇ ئاگاھلاندۇرۇشقا ۋاقتىدا دىققەت قىلمايدىغان بولساق، ھامىنى بىر كۈنى ئۇنىڭ قۇربانلىقىغا ئايلىنىپ كېتىمىز!» دەپ ئۈنلۈك خىتاب قىلدى.

چېرچىلنىڭ 2-دۇنيا ئۇرۇشى ھارپىسىدا سۆزلىگەن بىر قىسىم نۇتۇقلىرى «ئەنگلىيە يەنىلا غەپلەت ئۇيقۇدا» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا توپلام قىلىندى. بۇ توپلام ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە خەلقى ئارىسىدا غايەت زور ئىنكاس پەيدا قىلدى. ئامېرىكىنىڭ لوندوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى كېننېدى 23 ياشلىق ئوغلى جوننى «ميۇنخېن ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى» دېگەن تېمىدا مەكتەپ پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيىسى يازغۇزماقچى بولدى. جون بۇ تېمىنى خۇشاللىق بىلەن تاللاپ، دادىسىنىڭ تەكلىپى ۋە ئامېرىكىنىڭ لوندوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانە تەمىنلەپ بەرگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن دىسسېرتاتسىيىنى يېزىشقا تۇتۇندى. ئۇ چېرچىلنىڭ تېزىسلىرىدىن پايدىلاندى ھەمدە يازماقچى بولغان تېمىسىنى كەڭ دائىرىدە شەرھىلەپ بېرىشكە تىرىشتى. ماقالە يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، جوننىڭ دادىسى ناھايىتى رازى بولدى ۋە بۇ ئىلمىي ماقالىنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىۋېتىش قارارىغا كەلدى. جون كېننېدىنىڭ «نېمىشقا ئەنگلىيە غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانمايدۇ؟» دېگەن كىتابى «نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى» نىڭ ئوبزورچىسى كروكېرنىڭ ياردەم قىلىشى ئارقىسىدا نەشردىن چىقتى ھەمدە ناھايىتى تېزلا سېتىلىپ تۈگىدى.

چېرچىل گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئېغىر تەھدىتىنى

كۆپ قېتىم تەكىتلەپ ئۆتتى. بىر قېتىم ئۇ: «ئىلگىرى دېڭىز ئارمىيىسى ئەنگلىيىنىڭ ئىشەنچلىك ئارقا تىرىكى ئىدى ... ھازىر بىز ئۇنداق دېيەلمەيمىز. قاباھەتلىك ھاۋا ئۇرۇشى ئۇسۇلىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ياخشىلىنىشى بىزنىڭ ئورنىمىزنى تۈپ جەھەتتىن ئۆزگەرتىۋەتتى. بىز ئەمدى 20 يىلنىڭ ئالدىدىكى دۆلەت بولماي قالدۇق» دېدى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى 1934-يىلى ئۆز دۆلىتىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىنى كېڭەيتىشكە ئائىت بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوبۇل قىلدى. تۆۋەن پالاتا بۇ تەدبىرلەرنى مۇزاكىرە قىلغاندا، چېرچىلغا ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى قايتىدىن شەرھلەپ ئۆتۈشكە پۇرسەت بەردى. ئۇ: «بىزگە ئوخشاش ئاسان ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغان ھېچقانداق دۆلەت يوق، شۇنداقلا تالان-تاراج قىلغۇچىلارغا بىزگە ئوخشاش بۇنچىلىك ئۈستىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرغان بىرەر دۆلەتمۇ يوق ... بىزنىڭ ھەيۋەتلىك پايتەختىمىز خۇددى چەمبەرچاس باغلانغان سېمىز ھەم قىممەتلىك سىيىرنىڭ يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئۆزىگە تارتقىنىغا ئوخشاش دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ نىشان بولۇپ قالدى. بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز ئىلگىرى زادى كۆرۈلۈپ باقمىغان، شۇنداقلا ھازىرمۇ باشقا دۆلەتلەر بىزنىڭكىدەك ئەھۋالغا ئۇچرىغىنى يوق ... مەن ئالدى بىلەن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتەيكى، گېرمانىيە سۇلھى شەرتنامىسىگە خىلاپلىق قىلىپ ھاۋا ئارمىيىسىنى قۇردى، ئۇنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 2/3 قىسمىغا يەتتى... 1935-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا بارغاندا ھۆكۈمەتنىڭ بىر قىسىم تەكلىپلىرى ئەمەلگە ئاشقان ھالەتتىمۇ، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى سان ۋە جەڭگىۋارلىق جەھەتتە بىزنىڭ ھاۋا ئارمىيىمىز بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلىشىپ قالىدۇ» دېدى.

چېرچىل 1934-يىل نويابىردا، پادىشاھنىڭ ئېتىراز

بىلدۈرۈپ ئىپتىقان سۆزلىرىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ: «بىزنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئەمەلىي كۈچىمىز، بولۇپمۇ هاۋا ئارمىيە ئەمەلىي كۈچىمىز تولۇق ئەمەس، ئالسىلىرىغا سادىق پۇقرالارنىڭ تىنچلىقى، بىخەتەرلىكى ۋە ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. گېرمانىيىنىڭ هازىر هاۋا ئارمىيىسى بار، ئەگەر نۆۋەتتىكى سۈرئەت بويىچە تەرەققىي قىلىدىغان بولسا، يەنە بىر يىل ياكى ئىككى يىلدىن كېيىن گېرمانىيە هاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچى بىزنىڭكىدىن 50% ئېشىپ كېتىدۇ. 1937-يىلىغا كەلگەندە بىزنىڭكىدىن بىر هەسسە دېگۈدەك ئېشىپ كېتىدۇ» دېدى.

لېكىن، باش ۋەزىر بالدۋىن چېرچىلنىڭ بۇ پەرەزلىرىگە قوشۇلمىدى. ئۇ كەسكىن قىلىپ: «گېرمانىيە هاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچى چېرچىل هۆكۈم قىلغاندەك بىزنىڭكى بىلەن هەرگىز تەڭلىشەلمەيدۇ ياكى بىزنىڭكىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك ئورۇنغا ئۆتەلمەيدۇ. مېنىڭ مۆلچەرىمگە ئاساسلانغاندا، بىز ئىككى يىلدىن كېيىن 50% ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيمىز» دېدى. بىراق بالدۋىن ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتۈپلا چېرچىلنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مۆلچەرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى ۋە «ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈش» كە مەجبۇر بولدى. ئۇ: «مەن كەلگۈسىنى خاتا مۆلچەرلەپ قويۇپتىمەن، بۇ نۇقتىدا پۈتۈنلەي خاتالاشتىم. بىز بۇ مەسىلىدە پۈتۈنلەي ئالدىنىپ قالدۇق» دېدى. ئاندىن بۇ خاتالىقىغا هۆكۈمەت، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ جاۋابكار بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ: «بۇ مەلۇم بىر ۋەزىرنىڭ شەخسىي خاتالىقى ئەمەس. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، هۆكۈمەت جاۋابكار، شۇنداقلا بىز هەممەيلەننىڭ جاۋابكارلىقىمۇ بار، بۇ مەسىلىدە هەممەيلەن ئەيىبلىنىشىمىز كېرەك» دېدى.

لېكىن، ئەنگلىيە هۆكۈمىتى تۇتقان يولىنى ئۆزگەرتمەيلا

قالماستىن، بەلكى خاتا دىپلوماتىيە سىياسىتىدە داۋاملىق چىڭ تۇردى.

بۇ مەزگىللەردى چېرچىل ئىلگىرىكىگە ئوخشاش تۆۋەن پالاتادا «ئارقا رەتتىكى پارلامېنت ئەزاسى» لىق رولىنى ــ لا ئوينىيالايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئەھۋالغا ئازابلانغان ھالدا چىداپ يۈردى، ھەر قېتىم ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا كىچىككىنە ئۆزگىرىش بولغاندا، ئۇ، ھۆكۈمەتتىن ئۆزىگە بىرەر ئورۇن تېپىشنى ئۈمىد قىلاتتى. 1936-يىل ئەتىيازدا، ھۆكۈمەت يېڭى بىر مىنىستىرلىك قۇرۇش ئارقىلىق ھەر قايسى ھەربىي تارماقلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرماقچى بولدى. چېرچىلنى بۇ مىنىستىرلىكنىڭ خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىشقا تەيىنلەش-تەيىنلىمەسلىك مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغاندا، چېرچىل بۇ سەھنىدە ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلغانىدى. ئەمما يېڭى مىنىستىرلىككە ئۇنى تەيىنلەش ئىشى بالدۇن بىلەن چېمبېرلىن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ زور كۆپچىلىك ئەزالىرىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى، كېيس فېيلىنگ: «بىر قىسىم لىبېرالىستلار ۋە ئوتتۇرا ئېقىمدىكى زاتلارنىڭ قارىشىچە، چېرچىل ھۆكۈمەتنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلسىلا، مىلىتارىزمغا قارشى سىياسەتنى يولغا قويغىلى بولىدۇ. ئەگەر دۆلەت مۇداپىئە ماسلاشتۇرۇش مىنىستىرلىقى چېرچىلنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا تاپشۇرۇلسا، بەزى زاتلار ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالىدۇ. چېرچىلنى ھۆكۈمەتكە جەلپ قىلىش پارتىيە مەسئۇلىنىڭ پىكرىگە زىت. بۇنىڭدىن باشقا، بالدۇن خىزمىتىدىن چېكىنسىلا، باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى كىمنىڭ ئۆتكۈزۈۋېلىشى مەسىلىسىدە بىر مەيدان تالاش-تارتىش يۈز بەرمەمدۇ؟» دەپ يازدى.

چېرچىل يېڭىۋاشتىن ئىجادىيەتكە كىرىشىپ ئۆز كۆڭلىگە

تەسەللى ئىزدىدى. ئۇ ۋېرسال سۇلھى شەرتنامىسىدىن تارتىپ 30-يىللارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن ھەممە تارىخىي ۋەقەلەرنى بىر كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقماقچى بولدى ۋە قىسقىغىنا ۋاقىتتا 1-بابىنى يېزىپ پۈتتۈردى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، بۇ 1-بابنى ھېچقانداق ئۆزگەرتمەيلا «2-دۇنيا ئۇرۇشى توغرىسىدا ئەسلىمە» سىنىڭ 1-تومىغا كىرگۈزدى. لېكىن، ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ تارىخىي ئەسىرىنى يېزىشتىن ۋاز كېچىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن «ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر تارىخى» نى يېزىشقا تۇتۇندى. چېرچىل بۇ كاتتا ئەسىرىنى تېز سۈرئەتتە يېزىپ پۈتتۈردى، ئەمما بۇ ئەسەر بىر نەچچە يىلدىن كېيىن نەشردىن چىقتى.

ئۇ، ھۆكۈمەتكە قايتىپ كېلىش جەريانىدا ئۇچرىغان خىلمۇ خىل ئوڭۇشسىزلىقلارنى ئەسلەپ: «بالدۇين ماڭا ئوخشاش. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ماڭا چوڭ ياردەم قىلىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەنمەن. ئۇ كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە ھۆكۈمەتنىڭ ئاقىلانە بولمىغان سىياسىتى ئىچىگە مېنى سۆرەپ كىرمىدى؛ مۇبادا مەن ۋەزىر بولغان چېغىمدا ئۇرۇش باشلىنىپ كەتكەن بولسىدى، ئۇ چاغدا قىلچە ئۇرۇش تەييارلىقى بولمىغان دۆلەت مۇداپىئە خىزمىتىنىڭ جاۋابكارلىقى بىۋاسىتە مېنىڭ ئۈستۈمگە چۈشەتتى» دەپ يازدى. چېرچىلنىڭ ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىشى ئاساسىي جەھەتتىن توغرا ئىدى. ئۇ 2-دۇنيا ئۇرۇشى ھارپىسىدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتلىرىگە قاتناشمىدى، بۇ ئۇنىڭغا پايدىلىق بولدى.

1936-يىل مارتنىڭ ئاخىرى، چېرچىل كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى دىپلوماتىيە كومىتېتىدا كۆپ يىللاردىن بېرى، راستىنى ئېيتقاندا، ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئەنگلىيىنىڭ ياۋروپا سىياسىتى

تۇغرىسىدىكى پرىنسىپىنى بايان قىلىپ: «ئەنگلىيىنىڭ 400 يىلدىن بۇيانقى دىپلوماتىيە سىياسىتى چوڭ قۇرۇقلۇقتا پەيدا بولغان ئەڭ قۇدرەتلىك، تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرى ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ زومىگەر دۆلەتلەرگە قارشى تۇرۇش، بولۇپمۇ بېلگىيە، گوللاندىيە ۋە ليۇكسېمبورگ قاتارلىقلارنىڭ ئاشۇنداق زومىگەر دۆلەتنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت بولدى. تارىخىي جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ تۆت ئەسىر داۋامىدا ئىنسان بىلەن ئىش، مۇھىت بىلەن ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى، بەلكى بۇ مەقسەت باشتىن-ئاخىر بىردەك بولدى، مانا بۇ دۇنيادىكى بارلىق ئىرق، مىللەت، دۆلەت ياكى خەلقنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئىشلارنىڭ بىرى. ئەنگلىيە مەيلى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا بولسۇن، دائىم بىر قەدەر مۇشەققەتلىك يولدا مېڭىپ كەلدى. ئىسپانىيىنىڭ فىلىپ II سى بىلەن قارشىلاشتۇق، ۋىلىيام III ۋە مالبورو جەمەتىنىڭ رەھبەرلىكىدە لۇئى XIV كە①، ناپولېئونغا قارشى تۇردۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلھېلىم II گە قارشى تۇردۇق. ئەگەر شۇ مەزگىللىرى ئەنگلىيە كۈچلۈكرەك بىرەر تەرەپكە قاتناشقان بولسا، غەلىبە مېۋىسىدىن تەڭ بەھرىمەن بولاتتى، يۇمۇ ئاسانلا قولغا كېلەتتى، بەلكى ناھايىتى زور تارتىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. لېكىن، بىز دائىم بىر قەدەر مۇشەققەتلىك يولدا مېڭىپ كەلدۇق. ئۇنچىلىك كۈچلۈك بولمىغان بىر تەرەپكە قاتنىشىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ قۇرۇقلۇقتىكى ھەربىي زومىگەرنى — مەيلى ئۇ كىم بولسۇن، قايسى دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلسۇن — مەغلۇپ قىلدۇق ياكى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتتۇق. شۇنداق قىلىپ، بىز ياۋروپادىكى ئەركىنلىكنى ساقلاپ قالدۇق،

---

① لۇئى XIV (1638—1715) فرانسىيە پادىشاھى.

www.uyghurkitap.com

ياۋروپادىكى جۇشقۇن ۋە ئۆزگىرىشچان جەمئىيەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى قوغداپ قالدۇق» دېدى.

بۇ پرىنسىپلارغا ئاساسەن، چېرچىل ھازىر زادى قايسى دۆلەت ئەڭ كۈچلۈك ھەمدە ياۋروپاغا زومىگەر بولۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، فرانسىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ياۋروپا بويىچە ئەڭ كۈچلۈك، لېكىن ئۇ ئەنگلىيىگە تەھدىت سالمايدۇ. گېرمانىيە بولسا، ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ھەرقانداق بىر دۆلەتتىن قورقمايدۇ. «گېرمانىيە ئۆز تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ رەھبەرلىرى خۇددىنى بىلمەي قالغان بىر ئوچۇم كاللا كېسەرلەر . . . ئۇلار پات ئارىدا ئىقتىسادىي، مالىيە جەھەتتە گۇمران بولماي قالمايدۇ ياكى ئۇرۇش قوزغايدۇ، ئىشقىلىپ، مۇشۇ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللايدۇ. مۇبادا گېرمانىيە قوزغىغان ئۇرۇش غەلىبە قىلىپ قالسا، ئۇنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى ۋە نەتىجىسى ناتسىستلار ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى گېرمانىيىلەشكەن ياۋروپانى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت.» بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئەنگلىيىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن «ياۋروپادىكى بارلىق كۈچلەر بىلەن يەنە بىرلىشىپ گېرمانىيىنىڭ زومىگەرلىك ھوقۇقىنى توسۇش، چەكلەش ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا ئوغۇشسىزلىقتا ئۇچرىتىش كېرەك.»

شۇنداق قىلىپ، چېرچىلنىڭ پروگراممىسى ئەنگلىيىنىڭ ئەڭ خەۋپلىك دۈشمىنى گېرمانىيىگە قارشى كۈرەش قىلىش پروگراممىسى بولۇپ قالدى. ئۇ، ئەنگلىيىدىكى باشقا كۆپلىگەن سىياسىئونلارغا قارىغاندا، ناھايىتى بۇرۇنلا 30-يىللاردىكى گېرمانىيىنىڭ ئەنگلىيىگە تەھدىت پەيدا قىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن، ئەنگلىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈپ

قويغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئەنگلىيىنىڭ خەۋپلىك دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتكەنىدى. چېرچىلنىڭ نەزىرىدە، كېيىنكى ئەھۋال ئالدىنقى ئەھۋالغا قارىغاندا بارغانسېرى مۇھىم بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋالنى ئېنىق كۆرۈشى، ئۇنىڭ ئەنگلىيىدىكى زاماندىش باشقا سىياسىئونلاردىن دانا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

لېكىن، چېرچىلنىڭ بالدۇىن — چېمبېرلىنلارنىڭ سىياسىتىگە ھۇجۇم قىلىشى باشتىن-ئاخىر بىردەك بولمىدى. بۇنىڭ مەنبەسى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كوممۇنىزمغا قارشى تۇرغانلىقىدا. 1936-يىلى ئىسپانىيىدە فاشىستلار توپىلىڭى پەيدا بولدى، ئارقىدىنلا گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيە ئىسپانىيە جۇمھۇرىيىتىگە قوراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزدى. شۇ چاغدا، چېرچىل ئىسپانىيىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقنى تەشەببۇس قىلدى. ئەنگلىيىمۇ دەل مۇشۇ سىياسەتنى يولغا قويدى، بۇ ئىسپانىيە فرانكو[①]گۇرۇھىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە فاشىستلىرىنىڭ مەنپەئىتىگىمۇ ئۇيغۇن ئىدى. چېرچىل: «مەن بۇ قېتىمقى توقۇنۇشتا بىتەرەپ تۇردۇم. مەن ئەلۋەتتە كوممۇنىستىك پارتىيىنى قوللىمايمەن، ئۇلارنى نېمە دەپ قوللايدىكەنمەن؟ . . . مېنىڭچە، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئىسپانىيىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماي ھەقىقەتەن ئوبدان قىلدى» دەپ يازدى. سوتسىيالىزم ۋە ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكى، چېرچىلنىڭ «ئارىلاشماسلىق» سىياسىتىنىڭ ئىسپانىيە خەلقىنىڭ ئەركىنلىك ئىشلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئەنگلىيىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئىتىگىمۇ خىلاپ ئىكەنلىكىنى ئېنىق بايقىۋېلىشىغا

---

① فرانكو (1892—1975) ئىسپانىيە مۇستەبىتچىسى.

توسقۇنلۇق قىلدى.

1937-يىل 28-ماي، بالدۋىن ياشىنىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى نېۋىل چېمبېرلىن ئۆتكۈزۈۋالدى. شەكسىزكى، چېرچىل بىلەن يېڭى باش ۋەزىرنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىدە ئىختىلاپ مەۋجۇت ئىدى. چېمبېرلىن نەزەر دائىرىسى تار، يىراق كەلگۈسىنى كۆرەلمەيدىغان سىياسىئون بولۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن گىتلېرغا ماسلىشىپ، سېسىق نامى پۇر كەتكەن ماداراچىلىقنى يولغا قويدى. ئۇ ئۆزىنى بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش ئۇسۇلىنى تېپىۋالدىم، دەپ قارايتتى. بۇ باش ۋەزىر بالايىئاپەتنى شەرققە باشلاپ، گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۇرۇش قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش، بۇنىڭ نەتىجىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنى يوقىتىش ياكى ئەڭ زور چەكلىمىدە ئاجىزلىتىش، شۇنىڭ بىلەن، گېرمانىيىنىمۇ ھالىدىن كەتكۈزۈپ، ياۋروپانىڭ زېمىنگەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىش ئۈچۈن ئەنگلىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ مەسىلىدە چېرچىل بىلەن چېمبېرلىن ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولدى. چېرچىل فاشىستلار گېرمانىيىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق كۈچىنىڭ ئېشىپ بېرىشى سوۋېت ئىتتىپاقىغىلا تەھدىت بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەنگلىيە ۋە باشقا دۆلەتلەرگىمۇ تەھدىت ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ گىتلېرنىڭ «مېنىڭ كۈرىشىم» ناملىق كىتابىنى تەپسىلىي ئوقۇغان ۋە تولۇق تەتقىق قىلغانىدى. شۇڭا، گىتلېرنىڭ گېرمانىيەنىڭ ئەنگلىيە بىلەن دۈشمەنلىشىش نىيىتى يوق، دېگەن باياناتىغا ئىشەنمەيتتى.

چېمبېرلىن ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشتىكى قابىلىيىتىنى بەكمۇ يۇقىرى مۆلچەرلىدى ھەمدە گىتلېر ۋە مۇسسولىنى بىلەن بولىدىغان شەخسىي سۆھبەتكە

قىلچە ئاساسسىز ئۈمىد باغلىدى. ئۇ، پەقەت فاشىستلار مۇستەبىتچىلىرى بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ سۆھبەت ئۆتكۈزسەكلا، ئۇلارنى ئەنگلىيىنىڭ مەنپەئىتىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىدىغان شەرتنى قوبۇل قىلىشقا دەرھال كۆندۈرگىلى بولىدۇ ھەمدە مۇشۇ شەرتلەرگە ئاساسەن گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلىدى.

گېرمانىيە ھەربىي كۈچىنىڭ ئېشىشى ۋە گېرمانىيىنىڭ ئەنگلىيىگە بولغان تەھدىتىنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، چېرچىل گېرمانىيىگە بىرلىشىپ قارشى تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەر ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭمۇ بولۇشى كېرەكلىكىنى بارغانسېرى ھېس قىلدى. ئۇ، ميۇنخېن سۈيقەستىگىچە، يەنى 1938-يىلى كۆزدىن ئىلگىرى بۇ كۆز قاراشنى پائال تۈردە ئوتتۇرىغا قويمىغانىدى. 30-يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى مەلۇم شەكىلدىكى دۇنياۋى فرونتنى قۇرۇش ئارقىلىق گېرمانىيىنىڭ ياۋروپاغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىق كېڭەيمىچىلىكىنى توسۇش تەكلىپىنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويغانىدى. لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ يوللۇق تەكلىپى ئەنگلىيە بىلەن باشقا جاھانگىر دۆلەتلەر ھۆكۈمىتىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچراپ كەلگەنىدى. چېرچىل ئۆز ئەسلىمىسىدە 1938-يىلى مارتتىكى تەكلىپكە بولغان كۆز قارىشى ئۈستىدە توختىلىپ: «مەن شۇ چاغدا فرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئەنگلىيە ئىتتىپاقىنى قۇرغاندىلا، ئاندىن فاشىستلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشىنى توسۇپ قېلىشتىن ئۈمىد بار، دېگەن قاراشنى تەكىتلىگەنىدىم» دەپ يازدى. ئەمما شۇ نەرسە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، ئەينى چاغدا چېمبېرلىن تۈۋەن پالاتادا موسكۋانىڭ تەكلىپىگە قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، چېرچىل ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى كۈچلۈك تەنقىد قىلمىغان.

ياۋروپا رايونىدا 1938-يىلى خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى ئەڭ

مۇھىم مەسىلە چېخ-سلوۋاكىيە مەسىلىسى ئىدى. گېرمانىيە بۇ دۆلەتنى بۆلۈشۈپ، ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى زورلۇق بىلەن بېسىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. چېمبېرلىن گېرمانىيىنىڭ بۇ تويماس نەپسىنى قاندۇرماقچى بولدى. چېرچىل چېخ-سلوۋاكىيىنى گېرمانىيىگە سېتىپ بېرىشنىڭ ئۆزى گېرمانىيىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىپ، ئەنگلىيە ھەمدە ئۇنىڭ ياۋروپادىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىنىڭ ئورنىنى مۇناسىپ ھالدا ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى. دېمىسىمۇ، كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدىكى ئۆزگىرىش ئەنگلىيە ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى. چېرچىل 21-سېنتەبىر ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە بايانات ئېلان قىلىپ: «چېخ-سلوۋاكىيە ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ بېسىمى ئاستىدا پارچىلىنىپ كەتتى، بۇ شۈبھىسىزكى، غەرب دېموكراتىك دۆلەتلىرىنىڭ ناتسىستلار قوراللىق كۈچىنىڭ تەھدىتى ئالدىدا ئۆزۈل-كېسىل تەسلىم بولغانلىقىدىن ئىبارەت. بۇ خىل ئۇسۇل ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىگە تىنچلىق ۋە بىخەتەرلىك ئېلىپ كەلمەيدۇ. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇۋېتىدۇ ۋە ئۇلارنى يەنىمۇ خەۋپ ئاستىدا قالدۇرىدۇ. چېخ-سلوۋاكىيىنى بىتەرەپلەشتۈرۈش گېرمانىيىگە 25 دىۋىزىيە ئەسكىرىنى چىقىرىپ غەربىي سەپكە تەھدىت سېلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ بۇنىڭدىن باشقا، يەنە غەلىبە قازىنىدىغان ناتسىستلار ئۈچۈن قارا دېڭىزغا بارىدىغان يول ئېچىپ بېرىلىدۇ. يالغۇز چېخ-سلوۋاكىيىلا تەھدىتكە ئۇچراپ قالماستىن، بەلكى بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەركىنلىكى ۋە دېموكراتىيىسىمۇ تەھدىتكە ئۇچرايدۇ. كىچىك بىر دۆلەتنى يولۋاسنىڭ ئاغزىغا تاشلاپ بېرىش ئارقىلىق بىخەتەرلىككە ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ قاراش، ئەمەلىيەتتە

ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان خاتا پىكىر. گېرمانىيىنىڭ ئۇرۇش يوشۇرۇن كۈچلىرى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە تېز كۆپەيدى. بۇ كۆپىيىش سۇرئىتى فرانسىيە ۋە ئەنگلىيىلەرنىڭ زوررۇر قوغدىنىش تەدبىرلىرىنى ئورۇنلاش سۇرئىتىدىنمۇ كۆپ تېز بولدى» دېدى.

شۇ مەزگىللىرى، چېرچىل سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۆز ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ گېرمانىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىنى توسۇشنىڭ زوررۇرلۇكـــى ئۈستـــــدە قايتا-قايتا توختالدى. چېمبېرلىن ۋە ھۆكۈمەت ئىچىدىكى ئۇنىڭ كۆز قارىشى بىلەن ئوخشاش قاراشتىكىلەر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۇچرىشىشقا قارشى تۇردى. ئۇلارنىڭ سىياسىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ ناتسىستلار گېرمانىيىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئەمەس بەلكى گېرمانىيە بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇش ئىدى. چېرچىلنىڭ «روسىيە بىلەن بىرلىشىش كېرەك» دەيدىغان تەشەببۇســــــــى قوللايدىغان كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى بارغانسېرى كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار پارلامېنتتا يەنىلا ئاز سانلىق بولۇپ، چېمبېرلىن يولغا قويغان ماداراچىلىق سىياســـتىـــــــى ئۆزگەرتىشكە قۇربى يەتمەيتتى. دەل چېرچىل ئېيتقاندەك: «راستىنى ئېيتقاندا، ئەنگلىيە سوۋېت ئىتتىـــپاقىـــنىـــڭ تەكلىپلىرىنى نەزىرىگە ئېلىپمۇ قويمىدى، شۇ تەكلىپلەردىن پايدىلىنىپ گېرمانىيىگە بېسىم قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە ناھايىتى يۇقىرى بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر بولدى».

28-سېنتەبىر چېمبېرلىن تۆۋەن پالاتادا دىپلوماتىـــيە سىياسىتى مەسىلىسى توغرۇلۇق نۇتۇق سۆزلىدى. شۇ كۈنى ئۇ خۇددى ئون ياش ياشىرىپ كەتكەندەك تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇ پارلامېنتقا، گىتلېرنىڭ ئۆز ئارمىيىسىنى سەپەرۋەرلىـــككە

كەلتۈرۈشنى 24 سائەت كېچىكتۈرۈشكە قوشۇلغانلىقىنى ھەمدە ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە ئىتالىيىنىڭ مەمۇرىي باشلىقلىرىنىڭ ميۇنخېندا ئۇچرىشىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان تۆۋەن پالاتادىكىلەر قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭراتتى. پەقەت بىر نەچچە كىشىلا قارشىغا ئەگەشمىدى. شۇنىڭ بىلەن، 1938-يىلى سېنتەبىرنىڭ ئاخىرى ئەنگلىيە باش ۋەزىرى چېمبېرلىن، فرانسىيە باش مىنىستىرى دالادىي ۋە مۇسسولىنى ميۇنخېندا يىغىن ئېچىپ، چېخ-سلوۋاكىيىنىڭ سۇدېتىن رايونىنى گېرمانىيىگە بۆلۈپ بېرىش توغرىسىدىكى ميۇنخېن شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. چېخ-سلوۋاكىيە شۇنىڭدىن تارتىپ كۆرۈنەرلىك ھالدا ئاجىزلاپ كەتتى ۋە بىر نەچچە ئايدىن كېيىن پۈتۈنلەي گېرمانىيە تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىندى.

چېمبېرلىن ميۇنخېنغا كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى چېرچىل ئەنگلىيىدىكى بىر قىسىم مەشھۇر سىياسىئونلارنى يىغىپ، لوندوننىڭ سافوي مېھمانخانىسىدا چۈشلۈك زىياپەت ئۆتكۈزدى. بۇ زىياپەتكە ئۆكتىچىلەر پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى ئاتلىي ۋە سىنكلايىر، يەنە كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ مەشھۇر ئەزاسى ئېدېن ۋە لويد قاتارلىقلارمۇ قاتناشتى. چېرچىل ئۇلارغا، دەرھال كۆپچىلىك نامىدىن چېمبېرلىنغا تېلېگىرامما ئەۋەتىپ، چېخ-سلوۋاكىيىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە بوزغۇنچىلىق قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. ئەمما، ئۇنىڭ سۆھبەتداشلىرى بۇ ئىشقا قول قويمايدىغانلىقىنى ئارقىمۇ ئارقىدىن بىلدۈردى. چۈشلۈك زىياپەتكە قاتناشقان ئاسكۈتىنىڭ قىزى بېخمكاتىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ سورۇنغا داخىل بولغانلار بىرەر ئىشنىمۇ ھەل قىلماي كەتمەكچى بولغاندا، «چېرچىل كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى».

لېكىن، چېمبېرلىن ميۇنخېندىن ئەنگلىيىگە قايتىپ

كەلگەن كۈنى، قارشى ئالغىلى چىققانلارغا ئىنتايىن خۇشال كەيپىياتتا: «مەن ئىشىنىمەنكى، بۇ بىزنىڭ دەۋرىمىزدىكى تىنچلىق» دېدى. زادى بۇ دەۋرنىڭ تىنچلىقىمۇ ياكى دەۋرنىڭ بالايىئاپىتىمۇ؟ رەھىمسىز رېئاللىق «تىنچلىق» توغرىسىدىكى بىلجىرلاشلارغا رەددىيە قايتۇرۇپ رەسۋاسىنى چىقىرىۋېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئۈچىنچى باب

## مىيۇنخېن پاجىئەسى

پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، مىيۇنخېن شەرتنامىسى كىشىلەرگە «دەۋرنىڭ تىنچلىقى» نى ئەمەس، بەلكى دەۋرنىڭ بالايىئاپىتىنى ئېلىپ كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە «مىيۇنخېن شەرتنامىسى» ئىنسانىيەتتىكى ئەڭ رەزىل سۈيىقەست قاتارىدا تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالدى.

ئەمەلىيەتتە، چېرچىل ئاللىبۇرۇنلا مىيۇنخېن شەرتنامىسىنىڭ ياۋروپا كۈچلىرى سېلىشتۇرمىسىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدىغانلىقىنىڭ ئەنگلىيىگە ئانچىلىك زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ ئىنتايىن ئادىللىق بىلەن، مىيۇنخېن شەرتنامىسى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىن ئىبارەت، دەپ ھېسابلىدى. شۇڭا، چېمبېرلىن ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا كەسكىن تەنقىد قىلىپ: «بىز ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپلا بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدۇق، بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئەمدى بىزگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز تارىختا ياۋروپادىكى كۈچلەر باراۋەرلىكىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان چاغدىكى قورقۇنچلۇق باسقۇچنى بېشىمىز كەچۈردۇق ... مۇبادا دۆلىتىمىز ناتسىستلار گېرمانىيىسى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسىگە چۈشۈپ، دېپىغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان بولساق ياكى بىزنىڭ ياشىشىمىز ئۇلارنىڭ ئاق

كۆڭۈللۈكى ۋە ئىلتىپاتىغا باغلىق بولۇپ قالسا، ئۇ ھالدا سەۋر قاچام يېرىلىپ كېتىدۇ» دېدى. ئۇ، سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «بۇ ئىش بىلەنلا ھەممە ئاخىرلاشتى دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇ پەقەت جازالىنىشىنىڭ باشلىنىشىدىن ئىبارەت، خالاس» دەپ كەسكىن ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.

دەرھەقىقەت، ميۇنخېن ۋەقەسىدىن كېيىن گىتلېر ئىنتايىن قاتتىق تەلەپپۇزدا ئەنگلىيە بىلەن سۆزلەشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ چېرچىل ياكى ئەنگلىيىنىڭ بەزى سىياسىئونلىرىنىڭ ھاكىمىيەتكە قاتنىشىشىنى ياقتۇرمايدىغانلىقى ھەققىدە جار سالدى ۋە: «ئەگەر ئەنگلىيىلىكلەر قەدەممۇ قەدەم ۋېرسال سۇلھى شەرتنامىسى مەزگىلىدىكى كونا ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرىدىغان نىيىتىدىن ۋاز كەچسە، بۇ بىر ياخشى ئىش ھېسابلىنىدۇ. بىز ئايال خوجايىنىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئەمدى سەۋر-تاقەت قىلالمايمىز» دەپ چاكارلىدى.

كېيىنكى ئىشلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، گىتلېر چېخ-سلوۋاكىيىگە تاجاۋۇز قىلىشنى ئۇزۇندىن بېرى پىلانلاپ كەلگەنىدى. ئۇ قان تۆكمەيلا ئاۋستىرىيىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يېشىل پىلانىنى[1] ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشتى. گىتلېر چېخ-سلوۋاكىيىگە تاجاۋۇز قىلىشتا يەنىلا «تروييا ياغاچ ئات» ھىيلىسىنى قوللاندى. دەسلەپ ئۆزى بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقماي، بۇ دۆلەتنىڭ گوماشتىلىرىنى، سۇدېتېن رايونىدىكى گېرمانلارنىڭ كاتتىۋېشى كونراد خانرىيىننى جېدەل چىقىرىشقا قۇتراتتى.

1938-يىل 28-مارت، گىتلېر كونرادنى بېرلىنغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا چېخ-سلوۋاكىيىدە ۋەقە پەيدا قىلىش ۋە

① يېشىل پىلان — فاشىستلار گېرمانىيىسىنىڭ چېخ-سلوۋاكىيىنى ئىشغال قىلىشتىكى پىلانىنىڭ مەخپىي نامى.

چېخ-سلوۋاكىيە ھۆكۈمىتىگە «قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان تەكلىپ» نى ئوتتۇرىغا قويۇش توغرۇلۇق مەخپىي بۇيرۇق بەردى. شۇڭا، چېخ - سلوۋاكىيىدىكى ئاتالمىش ئاز سانلىق مىللەت گېرمانلارنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قېلىشى، گىتلېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر يىلدىن كېيىنكى پولشىنىڭ دانزىگ شەھىرىگە ئوخشاش بىر باھانە ئىدى. ئۇ ئۆزى كۆز تىكىپ تۇرغان زېمىندا جېدەل - ماجىرا پەيدا قىلىش، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، دوست دۆلەتنى قايمۇقتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەقىقىي غەرىزىنى يوشۇردى. بۇ ھەقىقىي غەرەز زادى نېمە؟ گىتلېر 1938-يىل 28-ماي باش شتابتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندانلىرىغا چۈشۈرگەن بۇيرۇقىدا ئۆز غەرىزىنى ئوچۇق ئاشكارىلىدى:

«چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان بۇ ئىغۋاگەرچىلىكنى كۆرگىنىمىزدە . . . مەن شۇدېتىن رايونىدىكى گېرمانلار مەسىلىسىنى ئۇزۇل-كېسىل، مەڭگۈلۈك ھەل قىلىۋېتىشنى قارار قىلدىم. 28-مايدا، مەن شۇنداق بۇيرۇق چۈشۈرىمەنكى، 2-ئۆكتەبىرگىچە بۇ دۆلەتكە قوللىنىدىغان ھەربىي ھەرىكەت تەييارلىقى ياخشى ئورۇنلانسۇن؛ بىزنىڭ غەربىي سەپتىكى مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىمىز دەرھال تېز سۈرئەتتە كېڭەيتىلسۇن».

چېخ-سلوۋاكىيىنى يوقىتىپ ئۇنىڭ زېمىنى ۋە خەلقىنى تارتىۋېلىپ 3-ئىمپېرىيىگە مەنسۇپ قىلىش گىتلېرنىڭ مەقسىتى ئىدى. لېكىن، بۇ ئىشقا ئۇنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىلىرى ئۇنىڭغا ئوخشاش تولۇق ئىشەنچ باغلىيالمىدى. گېرمانىيە گېنېراللىرى فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ «فيۇرېر» نىڭ جەڭ ئېلان قىلغانلىقىغا باش ئېگمەيدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى، چۈنكى ئۇلار ئاتالمىش دۆلەتلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ھاۋا ئارمىيىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، گېرمانىيىدىن يەنىلا كۆپ

قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. چېخ - سلوۋاكىيە ئارمىيىسىنى تارمار قىلىش، بۇ خىمىيە مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈش ياكى قورشىۋېلىش ئۈچۈن، توپتوغرا 35 دىۋىزىيىنى ئىشقا سېلىشقا توغرا كېلەتتى. گېرمانىيە باش شتابىدىكى قوماندانلار گىتلېر چېخ - سلوۋاكىيە ئارمىيىسىنىڭ كۈچلۈك ھەمدە ئەڭ يېڭى قورال ۋە ئەسلىھەلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوبدان كۆرۈشنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «غەربىي تام» ياكى «سېيگفرىيېد مۇداپىئە سېپى» دە دالا ئىستىھكاملىرى ياسالغان بولسىمۇ، لېكىن تولۇق پۈتۈپ چىقىشى تېخى يىراقتىكى گەپ ئىدى. گېرمانىيە چېخ - سلوۋاكىيىگە ھۇجۇم قىلسا بەش مۇنتىزىم دىۋىزىيە ۋە سەككىز زاپاس دىۋىزىيە چىقىرىپ غەربىي سەپنى قوغداش ئارقىلىق، 100 دىۋىزىيىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرەلەيدىغان فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرەلەيتتى. قوماندانلار بۇ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشنى ئاقىلانە چۆچۈپ كەتتى. ئەگەر يەنە بىر قانچە يىل كۈتسە گېرمانىيە ئارمىيىسى يېڭىۋاشتىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئاتنانتا دۆلەتلىرىنىڭ تىنچلىقپەرەسلىكى ۋە ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن، گېرمانىيە ئەسكەر ئېلىشنى يولغا قويۇپ، رېيىن رايونىنى بېسىۋېلىش ۋە ئاۋستىرىيىنى تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت بىر قانچە ئىشتا گىتلېرنىڭ سىياسىي ھۆكمىنىڭ ئىنتايىن توغرا ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. شۇنداقتىمۇ گېرمانىيە ئالىي باش قوماندانلىق شتابى گىتلېرنىڭ قۇرۇقتىن-قۇرۇق ھەيۋە كۆرسىتىپ 4-قېتىم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ئىشەنمەيتتى.

لېكىن، گىتلېر بۇ مەسىلىدە ئۆزىنىڭ ھۆكمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 18-ئىيۇن چېخ - سلوۋاكىيىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بۇيرۇقنى ئېلان قىلدى ۋە شۇ مەزگىللىرى ئەندىشە قىلىپ

كېلىشۋاتقان قوماندانلىرىغا كېپىللىك بېرىپ: «مەن فرانسىيىنىڭ چوقۇم بىر رېيىن غەربىي ھەربىي رايونىنى ئىگىلىۋالغان ھەمدە ئاۋسترىيىنى يېمىۋالغان چاغدىكىدەك يوغان قوشۇن تارتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن، ئەنگلىيىمۇ بۇ ئىشقا ئارىلاشمايدۇ. شۇڭا چېخ-سلوۋاكىيىگە ھۇجۇم قىلىش قارارىنى چىقاردىم» دېدى.

ئاۋسترىيە ئۇچرىغان پاجىئە كۆز ئالدىدا ئېنىق تۇرسىمۇ، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ رەھبەرلىرى بۇ مەسىلىدە يەنىلا ئويۇنسىز ئاچىدى. ئۇلار سىياسىي جەھەتتىن يىراقنى كۆزلەلمەسلىكى، ئۇرۇش ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن پارتلاش ئېھتىمالى بولغان بولشېۋىكلار ئىنقىلابىدىن قورقۇشى، شۇ چاغدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆچمەنلىك قىلىش نەتىجىسىدە، چېخ - سلوۋاكىيىنى فاشىستلار گېرمانىيىسىنىڭ شەرقتە — سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشىنىڭ سوۋغىتى سۈپىتىدە گىتلېرغا ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بەرمەكچى بولدى.

ئەسلى فرانسىيە بىلەن چېخ - سلوۋاكىيە ئىتتىپاق ئەھدىنامىسى تۈزۈشكەنىدى. شۇڭا، چېخ - سلوۋاكىيىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكى تەھدىتكە ئۇچرىغاندا، فرانسىيىنىڭ ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. لېكىن، قەغەز يۈزىدىكى ئەھدىنامىگە جاھانگىرلار ئەزەلدىن ئەمەل قىلغان ئەمەس. دالادىيې ھۆكۈمىتى ئىچىدە كۆپ قېتىم ئەھدىنامىدىكى چېخ-سلوۋاكىيىگە بولغان مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلىۋاتىمىز، دەپ جاكارلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاستىرتتىن چېمبىرلىن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، چېخ - سلوۋاكىيىنى سېتىۋېتىشتىن ئىبارەت جىنايى شۇملۇقنى قىلدى. 1938-يىل ئاپرېلنىڭ ئاخىرى، دالادىيې ئەنگلىيىگە بېرىپ چېمبىرلىن بىلەن مەسلىھەتلەشتى. چېمبىرلىن دالادىيېغا: ئەنگلىيە چېخ -



www.uyghurkitap.com

سلوۋاكىيە ئۈچۈن ئۇرۇش قىلمايدۇ، فرانسىيىنىمۇ ئۇرۇش قىلماسلىققا دەۋەت قىلىدۇ، دېدى. مەيلى چېمبېرلىن بىلەن دالادىېر نېمىلەرنى دېيىشمىسۇن، گىتلېرنىڭ پۈتۈن تەلىپى چېخ - سلوۋاكىيە زېمىنى ئىچىدىكى ئۆز قېرىنداشلىرى ئۈچۈن «ئادالەتنى ئەۋج ئالدۇرۇش» تىنلا ئىبارەت ئىدى. چېمبېرلىن: «گىتلېرنىڭ تەلەپ قىلىۋاتقىنى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش، بەلكى ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش ئەمەس» دېدى. ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە سۆزلەشكەندىن كېيىن، فرانسىيە دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق گىتلېرغا: فرانسىيە چېخ - سلوۋاكىيىگە قاراتقان ئەھدىنامىدىكى مەجبۇرىيىتىدىن ئىمكانقەدەر ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، دەپ مەخپىي ئۇقتۇردى. ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ھەربىي توقۇنۇشقا تارتىلىپ كىرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئەمەلىيەتتە، ھاۋا كۈندىن-كۈنگە ئىسسىۋاتقان ئەتىياز پەسلىدە، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ھۆكۈمىتى چېخ - سلوۋاكىيىگە بېسىم قىلىپ، سۇدېتىن رايونىدىكى گېرمانلارغا ئەڭ كەڭ دائىرىدە يول قويۇشقا قىستىدى. گېرمانىيىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن لوندوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خېربېرت فون دىكسون 3-ماي بېرلىنغا يوللىغان دوكلاتىدا: «تۆرە خالىفاكس ماڭا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىندا پراگادا تەدبىر قوللىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى، بۇنىڭدىكى مەقسەت، چېخ - سلوۋاكىيە زۇڭتۇڭى بېنېشقا سۇدېتىن رايونىدىكى گېرمانلار بىلەن ئەڭ زور دەرىجىدە يارىشىپ قېلىش توغرۇلۇق مەسلىھەت بېرىش ئىكەن» دېيىلگەن. تۆت كۈندىن كېيىن گېرمانىيە ئەلچىسى بېرلىنغا يوللىغان دوكلاتىدا، پراگادا تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە، فرانسىيە ئەلچىلىرى 7-ماي دىپلوماتىك تەدبىر قوللىنىپ، چېخ - سلوۋاكىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سۇدېتىن رايونىدىكى گېرمانلارنىڭ تەلىپىنى «مۇمكىنقەدەر ئەڭ زور

چەكلىمە» دە قانائەتلەندۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى»، دېدى. گىتلېر ئەنگلىيە، فرانسىيە ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئۆزىگە شۇنچىلىك قىزغىن ياردەم قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بەكلا خۇشال بولۇپ كەتتى.

چېمبېرلىن چېخ - سلوۋاكىيىنىڭ مەنپەئىتىگە ساتقۇنلۇق قىلىش ئىشىنى تېزلىتىش مەقسىتىدە، 3-ئاۋغۇست تۆرە لونسىماننى سۇدېتېن رايونىنىڭ كرىزىسىنى «كېلىشتۈرگۈچىسى» لىكىنى ئۈستىگە ئېلىشى ئۈچۈن چېخ - سلوۋاكىيىگە ئەۋەتتى. ئاتالمىش كېلىشتۈرۈش بىر ئالدامچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. چېخ - سلوۋاكىيىلىكلەر لونسىماننىڭ چېخ - سلوۋاكىيىگە كەلگەن كۈندىن باشلاپ بىر نەچچە كۈنگىچە داۋام قىلغان ھەرىكەتلىرىدىن، چېمبېرلىننىڭ ئۇنى سۇدېتېن رايونىنى گىتلېرغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشتە يول ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندى، بۇ رەزىل دىپلوماتىيە نەيرىڭى ئىدى.

1938-يىلىدىكى ياز پەسلى ھەر ھالدا ئۆتۈپ كەتتى. لونسىمان سۇدېتېن رايونى بىلەن پراگا ئوتتۇرىسىدا تولا قاتراپ جاپا چەكتى. سۇدېتېن رايونىدىكى گېرمانلارغا بولغان دوستانە كەيپىيات بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ چېخ - سلوۋاكىيە ھۆكۈمىتىگە قويغان تەلەپلىرىمۇ كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كەتتى، ئاخىر سۇدېتېن رايونىدىكى گېرمانلار نېمىنى تەلەپ قىلسا، چېخ - سلوۋاكىيە ھۆكۈمىتى شۇنى بېرىدىغان بولدى. ئەتىسىتلار كاتتىۋېشى لونسىماننىڭ پان گېرمانىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىدا ئويناپ چىققان رولىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدى. ئۇلار لونسىماننىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى. شۇڭا، چېخ - سلوۋاكىيىنىڭ سىياسىي ئەربابى

فىرىنگى، لونسىماننىڭ ۋەزىپىسى «ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ كۆزىنى بوياپ، سۇدېتىن رايونىنىڭ بۆلۈپ بېرىلگەنلىك ئەھۋالىنى، سۇدېتىن رايونىنىڭ تەقدىرىنى ئەڭ دەسلەپ لوندوننىڭ بىر تەرەپ قىلىۋەتكەنلىكىنى بىلىندۈرمەسلىكتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتتى.

لونسىمان چېخ - سلوۋاكىيە ھۆكۈمىتىگە جېنىنىڭ بارىچە بېسىم قىلىۋاتقاندا، گىتلېر ئۇرۇش قىلىمەن دەپ تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. ئاۋغۇستتا گېرمانىيە بىر قانچە ئون مىڭ كىشىلىك ئارمىيىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ ھەربىي مانېۋىرغا قاتناشتۇردى. گېرمانىيە ئايروپىلانلىرى دائىم چېخ - سلوۋاكىيە ھاۋا تەۋەسىگە كىرىپ پاراكەندىچىلىك سېلىشقا باشلىدى. 23-ئاۋغۇست، گىتلېر كىل قولتۇقىغا بېرىپ گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ مانېۋىرىنى كۆزدىن كۆچۈردى ھەممە چەت ئەلنىڭ گېرمانىيىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي ئاتاشېلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارغا قورال كۆچىنى پەش قىلدى. 10-ئاۋغۇست، گېرىنگ (فاشىست گېرمانىيىسىنىڭ مارشالى) نيۇرنبېرگتا ئۆتكۈزۈلگەن ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلتىيىدا پۈتۈن مەزمۇنى ئۇرۇشپەرەسلىك ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن نۇتۇق سۆزلەپ: «ياۋروپادىكى كىچىككىنە بىر پارچە يەر پۈتۈن ئىنسانلارنى ئازابلاۋاتىدۇ. . . بۇ بىچارە پاكىنەك مىللەت (چېخلارنى دېمەكچى) بىر مەدەنىيەتلىك مىللەتكە زۇلۇم سېلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارقا تىرىكى موسكۋا بىلەن يەھۇدىي ئالۋاستىلىرى» دېدى. شۇ چاغدا گىتلېر ئەسەبىيلىشىپ، چېخ - سلوۋاكىيىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي تۈس ئالغانىدى.

دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، گىتلېر تەھدىت سېلىپ ئەنگلىيە باش ۋەزىرى چېمبېرلىننى يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك قورقۇتۇۋەتتى. چېمبېرلىن 13-سېنتەبىر كەچ سائەت

11-ده ناتسىستلار كاتتىۋېشى گىتلېرغا جىددىي تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ بېرلىنغا بېرىپ كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلدى: «ۋەزىيەتنىڭ كۈندىن-كۈنگە يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش چارىسىنى ئىزدەش ئىستىكىدە، سىز بىلەن دەرھال كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىمەن. مەن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ دۆلىتىڭىزگە بارماقچى، ئەتە يولغا چىقماقچى بولۇۋاتىمەن. ئەگەر بالدۇر بولغاندا قايسى ۋاقىتتا مېنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىڭىزنى ھەمدە ئورنىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز. بۇ ھەقتە مۇمكىنقەدەر بالدۇرراق جاۋاب بەرسىڭىز، كۆپتىن-كۆپ مىننەتدار بولاتتىم».

شۇنداق قىلىپ، بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تەقدىرىنى قولىدا تۇتۇۋاتقان، يېشى 69 دىن ئاشقان، يەنە كېلىپ، ئۆمرىدە ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ باقمىغان بۇ ئادەم، چېرچىل قاتارلىقلارنىڭ نەسىھەت قىلىپ توسقىنىغا پىسەنت قىلمىدى ۋە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ سەككىز سائەتلىك ئۇزۇن مۇساپىنى قورقماي بېسىپ، گىتلېرغا يېلىنىش ئۈچۈن گېرمانىيىنىڭ جەنۇبىدىكى بېرختېسگادېنغا يېتىپ كەلدى. بۇ ئىش ناتسىستلار كاتتىۋېشىنى ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈندۈرۈۋەتتى. گىتلېر چېمبېرلېننىڭ تېلېگراممىسىنى كۆرۈپ: «ئاھ، پەرۋەردىگارا!» دەپ توۋلىۋەتتى.

چېمبېرلېن ئولتۇرغان ئايروپىلان 15-سېنتەبىر چۈشتە مىيۇنخېن ئايرودرومىغا قوندى. ئاندىن ئۇ پويىزغا چۈشۈپ بېرختېسگادېنغا قاراپ ماڭدى. دەل بۇ چاغدا گېرمانىيىنىڭ بارلىق رادىئو ئىستانسىلىرى گىتلېرنىڭ سۇدېتېن رايونىنى گېرمانىيىگە قوشۇۋېتىش توغرىسىدىكى باياناتىنى ئاڭلاتتى. بۇ، چېمبېرلېننىڭ ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا ئاڭلىغان خەۋىرى ئىدى. ئېنىقكى، ئۇ گىتلېر بىلەن كۆرۈشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بۇ

خەۋەرنى بىلىپ قېلىشى ئۈچۈن پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرغان ئىش ئىدى. ناتسىستلار كاتتىۋېشى، چېمبېرلىننىڭ بۇ نەقىتىسىم كېلىشى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ خۇددى ئۆزى ئەمر چىل تۇردە ئويلىنىپ كېلىشۋاتقىنىغا ئوخشاش، چېخ. سلوۋاكىيىنگە يان بېسىپ قوشۇن تارتىپ چىقمايدىغانلىقىغا پەتىنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كاپالەت بېرىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئېنىق جەزملەشتۈردى. چېمبېرلىن كېلىشكەندە گىتلېر ئۇنى بىر چۆچۈتۈپ قويدى. ئۇ، چېمبېرلىننى قارشى ئالغىنىدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى گەپ ئىدارىسىدىن ئۆزگەرتىشلەرنى بىر ھەپتىسىدىن ژوگزالىغا بارماي، بىرگىخوۋىنىڭ ئىگىسىز پەلەمپىيىدە تۇرۇپ قەدىرلىك مېھمانلارنى كۈتۈۋالماقچى بولدى، ئۇ قەستەن جاھانغا پاتماي قالغان چوڭ دۆلەتنىڭ فىئۇرېرىغا خاس بىر خىل كۆرەڭلەرچە گىدىيىپ تۇردى.

گىتلېرنىڭ چېمبېرلىننى بۇنچىلىك چۈشىنىشى تاسادىپىي ئىش ئەمەس، بۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك كۆزىتىش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىغا ئورنىتىلغانىدى. چېمبېرلىن ئەنگلىيە كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى بولۇپ، 1937-يىل مايدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققانىدى. ئۇ بىر مىڭگامدىكى چوڭ كاپىتالىست، چوڭ قورال-ياراغ ياساش سودىسىنىڭ باشقۇرۇش ھەيئىتى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى جاھىل ئۇنسۇر ئىدى، لېكىن ئۇ «راخىت كىسىلىگى» گە گىرىپتار بولغان، بولۇپمۇ ئورۇشتىن قورقاتتى. ئۇ تەختكە چىقىشى بىلەنلا ئومۇميۈزلۈك مادارا چىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، تاجاۋۇزچىلىققا ئورۇنسىز يول قويدى. بۇ دەل فاشىستىك دۆلەتنىڭ كۈتكەن ئارزۇسى ۋە ئېھتىياجى ئىدى. گېرمانىيىنىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى: «چېمبېرلىن ھۆكۈمىتى، ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئەنگلىيىنىڭ ئۆتكەن ھەر نۆۋەتلىك كابىنېتلىرى ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ گېرمانىيە بىلەن مۇرەسسە قىلىشنى كۆزلەشنى ئۆزىنىڭ

سىياسىي پروگراممىسىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش، — دەپ قارىغان ھۆكۈمەت» دەپ يازدى.

چېمبېرلىن تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، شۇ يىلى نويابىردا دىپلوماتىيە ۋەزىرى تۆرە ھالىفاكسنى گىتلېر بىلەن كۆرۈشۈپ، بىر قېتىملىق مۇھىم ھەم مەخپىي بولغان سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. گىتلېر ئالتە يىل ئىچىدە مۇستەملىكىلەرنى قايتۇرۇپ بېرىش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ئوتتۇرىغا قويمايدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. ھالىفاكسمۇ گېرمانىيىنىڭ ئوتتۇرا ياۋروپادا كېڭەيىشكە قارشى تۇرمايدىغانلىقىنى، ئەمما گېرمانىيىنىڭ ئاشكارا قورال ئىشلىتىشتىن ساقلىنىشىنى بىلدۈردى. ئۇ يەنە باش ۋەزىرگە ۋەكالىتەن گېرمانىيىنىڭ «غەربىي سەپتە بولشېۋىكلارغا قارشى توسۇق» ئىكەنلىكىنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ، ئۇنىڭ شەرقىي ياۋروپا تەرەپكە يۈرۈش قىلىشىغا بېشارەت بەردى.

بۇ قېتىمقى گېرمانىيە بىلەن ئەنگلىيە ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنىڭ سۆھبىتىدە گىتلېر ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن «ئۇلۇغ تۆھپە» لىرىنى بولۇشىغا ماختاپلا قالماستىن، بەلكى چېمبېرلىننى پوپوزا قىلىپ قورقۇتتى ۋە: «مەن ھازىر قەتئىي نىيەتكە كەلدىم، مەيلى قانداقلا ئۇسۇل ئىشلىتەي بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشىم، يەنى چېخ - سلوۋاكىيىدىكى 300 مىڭ گېرمانىنى گېرمانىيىگە قايتۇرۇپ كېلىشىم كېرەك» دېدى. ئۇ يەنە چېمبېرلىننى ئۆزىنىڭ بۇ ئىرادىسىگە قىلچە گۇماندا بولماسلىقىنى، كىچىككىنە بىر 2-دەرىجىلىك دۆلەت تورۇقلۇق 1000 يىللىق تارىخقا ئىگە قۇدرەتلىك گېرمانىيىگە 1-دەرىجىدىن تۆۋەن دۆلەت قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشقا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى: «مەن بۇ يىل 49 ياشقا كىردىم، — دېدى گىتلېر ھالىفاكسقا، — ئەگەر گېرمانىيە چېخ -

سلوۋاكيە مەسىلىسىدە بىر قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىغا كىرىپ قالىدىغان بولسا، گېرمانىيىگە دانالىق بىلەن رەھبەرلىك قىلىپ بۇ خەۋپ-خەتەردىن ئۆتۈپ كېتىشنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇڭا، ھەرقانداق ئۇرۇش، ھەتتا دۇنيا ئۇرۇشىمۇ تەييارلىق كۆرۈپ قويدۇم. دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەر نېمىنى خالىسا، شۇنى قىلىۋەرسۇن، مەن ھەرگىز كەينىمگە بىر قەدەممۇ چېكىنمەيمەن».

ئارقىدىنلا، گىتلېر ئۆزىنىڭ تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «ئەنگلىيە سۇدېتېن رايونىنى گېرمانىيىگە بۆلۈپ بېرىشكە قوشۇلامدۇ؟ ياكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش پرىنسىپىغا ئاساسەن بۆلۈپ بېرىلەمدۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى چېمبېرلىننى ئۇنچىلىك ھەيران قالدۇرمىدى. ئۇ، كابىنېت ئەزالىرى ۋە فرانسىيىلىكلەر بىلەن مەسلىھەتلەشمىگۈچە بۇ ھەقتە كەسكىن بىر نېمە دېمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق، چېمبېرلىننىڭ ئۆزى سۇدېتېن رايونىنى چېخوسلوۋاكىيىدىن ئايرىۋېتىش پرىنسىپىغا قوشۇلاتتى. ئۇ ئەنگلىيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتكە ئۆزىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى پوزىتسىيىسىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلدى.

17-سىنتەبىر، يەنى شەنبە كۈنى چېمبېرلىن لوندونغا قايتىپ كېلىپ، دەرھال كابىنېت يىغىنى ئاچتى. بۇ چاغدا تۆرە لونسىمان ئاللىقاچان قايتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ بەرگەن دوكلاتى ئەنگلىيە سىياسىي ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغانىدى. شۇ كۈنلەردە، بۇ ئالاھىدە ئەلچىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، گىتلېر بىلەن كۆرۈشۈشتەك ۋەزىپىنى ئادا قىلىش داۋامىدا روھىي جەھەتتىن قاتتىق جىددىيلىشىپ، ئۆزىمۇ ئورۇقلاپ قالدى. ئۇ

«ئاشكارا ھەرىكەت قىلىش سىياسىتى» قوللىنىشنى يېڭى «گېرمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن رايونلارنى گېرمانىيىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش» تەكلىپىنى بەردى. باش ۋەزىر بىلەن لونسىمان سۇدېتىن رايونى گېرمانىيىگە بۆلۈپ بېرىلسىلا، گىتلېرنى چېخ - سلوۋاكىيىگە تاجاۋۇز قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈشتىن توسۇپ قالغىلى بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى. چېمبېرلىن گىتلېر بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ئۇنىڭ «تولۇپ تاشقان جەڭگىۋارلىق» قا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك ھېس قىلغانىدى. ئۇنىڭ كابىنېتىمۇ، فرانسىيىنىڭ قىلچە جەڭگىۋارلىقى يوق، شۇڭا ئۇنىڭ گىتلېرنىڭ چېخ - سلوۋاكىيىگە قويغان تەلىپىگە قارشىلىق كۆرسىتىشىدىن ئەسلا سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، دەپ قارايتتى.

چېمبېرلىن كابىنېت يىغىنىدا ئۆزىنىڭ گىتلېردىن ئالغان تەسىراتىنى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇپ: «مېنىڭچە، ئۇنىڭ چىرايىدىن شەپقەتسىز ئادەم ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ، ئەمما ماڭا قالدۇرغان تەسىراتى، بۇ ئادەمنىڭ ۋەدىسىگە يەنىلا ئىشىنىشكە بولىدىغان ئادەم ئىكەن» دېدى.

ئەمدى نۆۋەتتىكى جىددىي ئىش فرانسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن بىردەك ئارقىغا چېكىنىش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئىدى. 18-سېنتەبىر، فرانسىيە باش مىنىستىرى دالادىر بىلەن دىپلوماتىيە مىنىستىرى بونې تەكلىپكە بىنائەن لوندونغا كەلدى. چېمبېرلىن پرىنسىپ جەھەتتە گىتلېرنىڭ بېرھتېسگادېندا ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىشنى بېكىتىپ بولغانىدى. قالغان ئىشلار توغرۇلۇق تەكلىپ-پىكىرلەر تۈزۈلۈپ، بۇنى ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىنىڭ پراگادا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى ئارقىلىق چېخ-سلوۋاكىيە ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈش كېرەك ئىدى. فرانسىيە كابىنېتى كۆڭۈلدىكىدەك، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان بىر پارچە لايىھە ئەۋەتتى. ئۇلار يۇقىرىلارنىڭ

بىلەن تاشلىشىنى قوللىمايتتى، چۈنكى ئۇلار ئەھۋال مۇشۇنداق بولسا، سىلوۋاك بىلەن لۇسىنىيىدىن ئىبارەت ئىككى رايوننىڭ ئوخشاش تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن، دەپ قارايتتى؛ ئۇلار سۇدېتىن رايونىنى گېرمانىيىگە ئۆچۈق-ئاشكارا بۆلۈپ بېرىشنى قوللايتتى، بىراق، ئۇلار يەنە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى فرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى (لېكىن، ئۇلار بۇ ھەقتە ئەزەلدىن مەسلىھەتلىشىپ باقمىغان) بىلەن بىرلىكتە چېخ - سىلوۋاكىيىنىڭ چاك-چېگرىدىن يۆسۇلۇپ كەتكەن يېڭى-دۆلەت چېگرىسىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك، دەيتتى.

ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ھۆكۈمەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ قارارىنى ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتوم شەكلى بويىچە چېخ - سىلوۋاكىيە ھۆكۈمىتىگە ئۇقتۇرماقچى بولدى ھەمدە «باش ۋەزىرنىڭ ئەڭ كىچىككەندىمۇ چارشەنبە كۈنى گىتلېر ئەپەندى بىلەن يەنە بىر قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈشىگە» ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، زۆرۈرلۈك بىنىسىنىڭ مۇمكىنقەدەر تېزرەك جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. زۆرۈرلۈك بېنىس 20 يىلدىن بېرى ئىزچىل تۈردە فرانسىيىنىڭ سادىق ئىتتىپاقدىشى بولۇپ كېلىۋاتاتتى، بەلكى فرانسىيىنىڭ بېقىندىسى دېسىمۇ بولاتتى، شۇڭا خەلقئارالىق ئىتتىپاق ۋە باشقا سورۇنلاردا فرانسىيىنىڭ سىياسىتى ۋە مەنپەئىتىنى قوللايتتى. ئەگەر بۇ دۇنيادا ئاتالمىش مۇقەددەس بۇرچ بار دېيىلسە، بۇ شۇ چاغدىكى فرانسىيە بىلەن چېخ - سىلوۋاكىيە مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت ئىدى. ئىلگىرى تۈزۈلگەن كېلىشىمگە ئاساسەن، ئۇرۇش پارتلاپ چېخ - سىلوۋاكىيە تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچراپ قالسا، فرانسىيە چوقۇم ياردەم بېرىشى، بەلكى ئەنگلىيىمۇ دەرھال فرانسىيە بىللە ئوخشاش ھەرىكەت قوللىنىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، چېخ - سىلوۋاكىيە ئۆزىنىڭ ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىدىن ئىبارەت ئىككى ئىتتىپاقدىشى تەرىپىدىن سېتىۋېتىلدى، 20-سېنتەبىر يېرىم كېچىدىن

21-سېنتەبىر ئەتىگەن سائەت 2 گىچە فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ پراگادا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى بېنېس زۇڭتۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا 1925-يىلىدىكى گېرمانىيە-چېخ - سلوۋاكىيە شەرتنامىسىنى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشتىن ئۈمىد يۇقلۇقىنى ئېيتتى، ھەممە «فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالمايدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلمىگۈچە» ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەيدەكچىلىك قىلدى.

شۇ چاغدا، چېخ - سلوۋاكىيە كرىزىسى ئەنگلىيىنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ ۋە يۇقىرىلىرىنىڭلا دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن دۇنيادىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىدى. چېرچىل 21-سېنتەبىر ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە ئېلان قىلغان باياناتىدا، چېخ - سلوۋاكىيە ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ بېسىمى ئاستىدا پارچىلىنىپ كەتتى، بۇ شەكسىزكى، غەرب بۇرژۇئازىيە دۆلەتلىرىنىڭ ناتسىستلارنىڭ قوراللىق تەھدىتى ئالدىدا ئۆزلۈل-كېسىل تەسلىم بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. «چېخ - سلوۋاكىيىلا تەھدىتكە ئۇچراپ قالماستىن، بەلكى بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەركىنلىكى ۋە دېموكراتىيىسىمۇ تەھدىتكە ئۇچرىدى» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى ھەمدە ئەنگلىيە خەلقى ۋە پۈتۈن دۇنيا خەتەردىن بۇنىڭغا نىسبەتەن يۇكسەك دەرىجىدىكى ھوشيارلىقنى ساقلىشنى تەلەپ قىلدى.

21-سېنتەبىر خەلقئارالىق ئىتتىپاقنىڭ قۇرۇلتىيىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى لىۋىنوۋ بۇيرۇق بويىچە رەسمىي ئاگاھلاندۇرۇش بەردى:

«ھازىر، چېخ - سلوۋاكىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى قوشنا دۆلەتلەرنىڭ مۇداخىلىسىگە ئۇچراۋاتىدۇ، يەنە قانداقتۇ قورال

كۆچمۇ ئىشلىتىمىز دەپ ئوچۇق-ئاشكارا چۇقان كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ. چېخلار ياۋروپادىكى ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ مەدەنىيەتلىك ۋە ئەڭ ئىشچان مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بىر قانچە ئەسىرلىك زۇلۇمنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىنلا ئاندىن مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن ...

خەلقئارالىق ئىتتىپاق ئاۋستىريە يوقىتىلغانلىقتەك مۇشۇنداق بىر زور ۋەقەنى قىلچە پىسەنت قىلماي ئۆتكۈزۈۋەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بۇ ۋەقەنىڭ ياۋروپا، بولۇپمۇ چېخ - سلوۋاكىيىنىڭ تەقدىرىگە نىسبەتەن مۇھىملىقىنى چوڭقۇر بىلگەچكە، گېرمانىيە ئاۋستىرىيىنى تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغاندىن كېيىنلا، ياۋروپادىكى چوڭ دۆلەتلەرگە كوللېكتىپ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، بۇ ۋەقەدە تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بولغان ئاقىۋەتلەرنى دەرھال كوللېكتىپ كېڭىشىش تەكلىپىنى بەرگەنىدى. ئەپسۇس، بىزنىڭ تەكلىپىمىز تېگىشلىك ئېتىبارغا ئېلىنمىدى. ئەگەر بۇ تەكلىپ ئەمەلگە ئاشقان بولسا، پۈتۈن دۇنيا چېخ - سلوۋاكىيىنىڭ تەقدىرىدىن ھەيران قالغۇدەك ھازىرقى ئەھۋال يۈز بەرمىگەن بولاتتى ...»

دىپلوماتىيە مىنىستىرى لىۋىنوۋ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ چېخ - سلوۋاكىيە كرىزىسىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئۈستىدە توختالغاندا، ئەگەر فرانسىيە كېلىشىمدىكى مەجبۇرىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىپ، چېخ - سلوۋاكىيىگە بىۋاسىتە ھەم ئۈنۈملۈك ياردەم بېرىدىغان بولسا، «سوۋېت ئىتتىپاقى فرانسىيە بىلەن بىرلىكتە كېلىشىمگە ئاساسەن ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ، قوللىنالايدىغان ئۇسۇل بويىچە چېخ - سلوۋاكىيىگە ياردەم بېرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى فرانسىيە ۋە چېخ - سلوۋاكىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ ۋەكىللىرى

ئۆتكۈزىدىغان يىغىنىغا دەرھال قاتنىشىپ، ئاراملىغا لايىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىشنى خالايدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، مۇشۇنداق بىرلا چوڭ دۆلەت ئاشكارا ئېلان قىلغان، يەنە كېلىپ ھېچقانداق قوشۇمچە شەرتى بولمىغان باياناتى، ماداراچىلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇۋاتقان چېمبېرلىن ۋە دالادىيېرنىڭ قوپاللىق بىلەن رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. چېرچىل ئېيتقاندەك: «ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى كىشىنى خۇددى بۇ دۇنيادا سوۋېت ئىتتىپاقىدەك بىر دۆلەت مەۋجۇت ئەمەستەك بىر تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە ناھايىتى زور بەدەل تۆلەيمىز».

ئاخىر چېخ - سلوۋاكىيە ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە-فرانسىيەدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلەشمە تەكلىپىگە بويسۇنۇپ خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى، شۇنداق قىلىپ، گېنېرال سىلوۋۋي رەھبەرلىكىدىكى پارتىيەگە گۇرۇھسىزلار ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. سىلوۋۋي 1-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە سىبىرىيەدە تۇرۇشلۇق چېخ بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى بولغانىدى. 22-سېنتەبىر، زوڭتوڭ بېنېس پۈتۈن مەملىكەتكە رادىئو نۇتقى سۆزلەپ خەلقنى تىنچلىقنى ساقلاشقا جىددىي مۇراجىئەت قىلدى. بېنېس رادىئو نۇتقى سۆزلەشكە تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، چېمبېرلىن گىتلېر بىلەن 2-قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن گېرمانىيىگە بېرىپ بولغانىدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەت رېيىن رايونىدىكى گودسبۇرگ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

ئەنگلىيە باش ۋەزىرى چېخ - سلوۋاكىيە ھۆكۈمىتى قوبۇل قىلغان ئەنگلىيە — فرانسىيە ئىككى دۆلەت تەكلىپىنىڭ تەپسىلاتىنى ئالغاچ بېرىپ، «فىنئۇرېر» بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاخىرقى مۇزاكىرىنىڭ ئاساسى قىلدى. بۇ ئىككى

www.uyghurkitap.com

باشلىق گودسبۇرگ شەھىرىدىكى بىر مېھمانخانىدا ئۇچراشتى. بۇ مېھمانخانا بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى گىتلېر ئېرنىست رومنى① تازىلاش ئۈچۈن ئالدىراپ-تېنەپ تاشلاپ كەتكەن مېھمانخانا ئىدى. سۆھبەت باشلىنىش بىلەنلا، چېمبېرلېن ئۆزى ئېيتقاندەك: «پۈتۈنلەي كۈتمىگەن بىر خىل ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن» لىكىنى سەزدى.

دەسلەپ گىتلېر ئىنگۋاگەرچىلىك تەلەپپۇزى بىلەن:

— مەن ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە چېخ - سلوۋاكىيە ھۆكۈمەتلىرى سۇدېتىن رايونىنى گېرمانىيىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرۇلۇق كېلىشىم تۈزدى دەپ چۈشەنسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى چېمبېرلېندىن.

— شۇنداق چۈشەنسىڭىز بولىدۇ، فيۇرېر، — دېدى باش ۋەزىر كۆلۈپ تۇرۇپ،

— ئىنتايىن خىجىلمەن، — دېدى گىتلېر، — ئۆتۈپ كەتكەن بىر نەچچە كۈن ئىچىدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى بۇ پىلاننىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتىنى قويمىدى، گېرمانىيە سۇدېتىن رايونىنى قوراللىق ئىشغال قىلىشى كېرەك.

بۇ گەپتىن جىنى چىققۇدەك قورقۇپ كەتكەن چېمبېرلېننىڭ مۇشۇكياپىلاقنىڭكىدەك يۈزى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى. چېخ - سلوۋاكىيىلىكلەرنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا شۇنچىلىك كۆچەپ قۇرغان تىنچلىق بىناسىنىڭ، خۇددى قارتىدىن قۇراشتۇرۇلغاندەك بىراقلا ۋەيران بولۇپ كېتىشى ئۇنى ئېچىندۇرۇپ، ئىچىنى مۇشۇك تاتىلىغاندەك بىئارام قىلىۋەتتى. ئۇ گىتلېرغا ئۆزىنىڭ «ھەم ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى، ھەم ھەيران قېلىۋاتقانلىقىنى» ئېيتتى. ئەسلى ئۇ

---

① ئېرنىست روم (1887—1934) گېرمانىيە ناتسىستلار پارتىيىسى SA ئەترىتىنىڭ باشلىقى. 1934-يىلى ئىيۇندىكى گىتلېر يۈرگۈزگەن «قانلىق تازىلاش» تا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

گىتلېرغا، مېنىڭدىن تەلەپ قىلغان بارلىق نەرسىگە ئېرىشتىڭىز، دېيىشكە ھەقلىق ئىدى. چۈنكى چېمبېرلېن «فىئۇرېر» نىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پۈتكۈل سىياسىي ھاياتىنى بىر يولىلا دوغا تىكمۆەتكەن، ئەنگلىيىدىكى ھەققانىي زاتلار ئۇنىڭ چېخوسلوۋاكىيىنى سېتىپ گىتلېرغا تىز پۈكۈپ تەسلىم بولغانلىقىنى ئەيىبلىگەن، ھەتتا ئەنگلىيىدىن گېرمانىيىگە قاراپ ئۇچقان كۈنى بەزىلەر ئۇنى زاڭلىقمۇ قىلغانىدى.

لېكىن، ئەنگلىيە باش ۋەزىرىنىڭ بۇ بەختسىزلىكى باغرى تاش گىتلېرغا قىلچە تەسىر قىلمىدى. گىتلېر يەنىلا سۇدېتېن رايونىنى گېرمانىيە ئارمىيىسى دەرھال ئىشغال قىلىشى كېرەك، بۇ مەسىلە كېچىككەندىمۇ 28-سېنتەبىر تولۇق ۋە ئەڭ ئاخىر قېتىم ھەل قىلىنىدۇ، دەپ ئۆز تەلىپىدە چىڭ تۇردى. شۇنداق قىلىپ، چېمبېرلېننىڭ كۆڭلى «ئېيتقۇسىز بىرغەشلىككە تولدى» ، ئاخىر ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ، ئەمدى قانداق قىلىش توغرۇلۇق باش قاتۇرماقتىن ئۆزگە ئامال قالمىدى. شۇ كۈنى كەچتە، ئۇ تېلېفون بېرىپ ئۆز كابىنېتىنىڭ ئەزالىرى ھەمدە فرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ چوڭ باشلىقلىرى بىلەن مۇزاكىرىلەشكەندىن كېيىنمۇ ھەل قىلىشنىڭ بىرەر ئۈمىدى كۆرۈلمىدى. كۆپچىلىك لوندون بىلەن پارىژ ئەتىسى چېخ - سلوۋاكىيە ھۆكۈمىتىگە، سەپەرۋەرلىككە كېلىش ھەرىكىتىدە بولماڭلار، دېگەن تەكلىپىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئەمدى داۋاملىق ئۈستىگە ئالالمايدىغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىلىپ قويۇشقا قوشۇلدى.

ئېنىقكى، گېرمانىيە مۇستەبىتچىسى چېمبېرلېننىڭ بۇ مەسىلىدە ئىلتىۋالغان قارمىقىدىن قۇتۇلۇپ كېتىشىنى ئۇنچىلىك خالاپ كەتمەيتتى، شۇڭا ئۇ ئازراق يول قويۇش تاكتىكىسىنى قوللاندى. يەنى چېخ - سلوۋاكىيىلىكلەرنىڭ چېكىنىش ۋاقتىنى

1-ئۆكتەبىرگە سۈردى. گىتلېر بىلەرمەنلىك بىلەن: «چېمبېرلىن ئەپەندى، سىزنىڭ يۈزىڭىزنى دەپ ۋاقىت جەھەتتە يول قويۇشقا رازىمەن، خەقلەرگە بۇنداق ئىشنى ناھايىتى ئاز قىلغانىدىم، سىز ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس. مەن 1-ئۆكتەبىرنى چېكىنىش مۆھلىتى قىلىپ بېكىتىشكە قوشۇلىمەن» دېدى-دە، قەلەمنى ئېلىپ نوتىدىكى ۋاقىتنى ئۆزگەرتىپ قويدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم چېخ - سلوۋاكىيە مەسىلىسى ئۆزىنىڭ ياۋروپادا ئوتتۇرىغا قويغان «ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق زېمىن تەلىپى» بولۇپ قالىدىغانلىقىغا كېپىللىك بەردى.

چېمبېرلىن 24-سېنتەبىر لوندونغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دەرھال كابىنېت يىغىنى ئېچىپ، خىزمەتداشلىرىنى گىتلېرنىڭ يېڭى تەلىپىنى قوبۇل قىلىشقا قايىل قىلماقچى بولدى. بىراق، ئۇ بۇ قېتىم ئويلاپ باقمىغان قارشىلىققا ئۇچرىدى. دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى دۇف گوپېر ئۇنىڭغا قارشى چىقتى. كىشىنى ھەيران قالدۇرغىنى، تۆرە ھالىفاكسمۇ باشقىچە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاخىر چېمبېرلىن كابىنېتنى كونترول قىلالمىدى. بۇ چاغدا، چېرچىل قاتارلىقلارنىڭ ھەرىكەت قىلىشى ئارقىسىدا ئەنگلىيە بويىچە چېمبېرلىننىڭ تەختتىن چۈشۈشىنى تەلەپ قىلىش، چېخ-سلوۋاكىيىنى سېتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى كەڭ-كۆلەمدە ئەۋج ئالدى، چېمبېرلىن فرانسىيە ھۆكۈمىتىنىمۇ قايىل قىلالمىدى، ئاخىر 24-سېنتەبىر گودسبۇرگ نوتىسىنى رەت قىلدى ھەمدە شۇ كۈنى قىسمەن سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش بۇيرۇقى چۈشۈردى. غەزەپكە كەلگەن چېخ - سلوۋاكىيە ھۆكۈمىتى ناتسىستلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى ۋە خەلقنى ھەربىي خىزمەتكە چاقىرىپ ئەسكەرلەرنىڭ ئومۇمىي سانىنى 1 مىليونغا يەتكۈزدى.

مۇشۇنداق جىددىي ۋەزىيەت ئالدىدا چېمبېرلىن بەكلا

www.uyghurkitap.com

ئەنسىرەپ كەتتى. ئۇ گېرمانىيە مۇستەبىتچىسىگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مۇراجىئەت قىلىش ئۈچۈن، گىتلېرغا ئۆز قولى بىلەن ئالدىراپ بىر پارچە خەت يازدى. شۇنىڭدەك 26-سېنتەبىر چۈشتىن كېيىن ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمى دىنژاز خوراس ۋىلسوننى مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن بېرلىنغا ئەۋەتتى. چېمبېرلىن خېتىدە گىتلېرغا جېنىنىڭ بارىچە خۇشامەت قىلىپ: «چېخ - سلوۋاكىيىلىكلەر گىتلېر تەلەپ قىلغان سۇدېتىن رايونىنى گېرمانىيىگە بېرىشكە ئاللىقاچان قوشۇلغان، شۇڭا چېخ - سلوۋاكىيە بىلەن گېرمانىيە ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرىنى دەرھال ئەۋەتىپ يىغىن ئېچىشى ھەمدە كېلىشىم ھاسىل قىلىپ بۇ زېمىننى ئۆتكۈزۈپ بېرىش چارىسىنى ھەل قىلىشى كېرەك» دېدى. گىتلېر: «چېخ - سلوۋاكىيىلىكلەر ئالدى بىلەن گودېسبۇرگ نوتىسىنى قوبۇل قىلىشى ھەمدە گېرمانىيىنىڭ 1-ئۆكتەبىر سۇدېتىن رايونىنى ئىشغال قىلىشىغا قوشۇلۇشى كېرەك، ئاندىن مەن ئۇلار بىلەن سۆھبەت قىلىشقا قوشۇلىمەن. چوقۇم 44 سائەت ئىچىدە، يەنى 28-سېنتەبىر چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دىن ئىلگىرى ئېنىق جاۋابقا ئىگە بولۇشۇم كېرەك» دەپ جاۋاب قايتۇردى.

گىتلېر شۇ ئاخشىمى جانىنى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ ئېلىشىشقا بەل باغلىدى. ئۇ كىشىلەر تىقما-تىقماق بولۇپ كەتكەن بېرلىن تەنتەربىيە سارىيىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا، زوڭتۇڭ بېنېسقا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى ھەمدە مەيلى قانداقلا بولسۇن 1-ئۆكتەبىر سۇدېتىن رايونىنى ئىشغال قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەنگلىيە باش ۋەزىرىگە ئازراق نەپ بېرىشىنىمۇ ئېسىدىن چىقارماي، چېمبېرلىننىڭ تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. سۇدېتىن رايونى مەسىلىسى ئۆزىنىڭ ياۋروپادا ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق زېمىن تەلىپى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ

ئۆتتى. ئۇ بىر خىل مەنسىتمەسلىك تەلەپپۇزىدا: «بىز چېخلارنى كېرەك قىلماقچى ئەمەسمىز!» دېدى.

گىتلېر 27-سېنتەبىر ۋىلسون كېتىشى بىلەن تەڭلا چېخ - سلوۋاكىيە چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلىش توغرۇلۇق «مەخپىي» بۇيرۇق چۈشۈردى. مۇشۇ ئىش بىلەن بىللە چېمبىرلىن يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك قورقۇپ كەتتى. ئەنگلىيىنىڭ بۇ باش ۋەزىرى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شۇ كۈنى ئاخشىمىلا بېنىتوغا جىددىي تېلېگرامما يوللاپ: ئەگەر ئەتە (28-سېنتەبىر) چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دە چېخ - سلوۋاكىيە ھۆكۈمىتى گېرمانىيىنىڭ شەرتىنى يەنىلا قوبۇل قىلمايدىغان بولسا، گېرمانىيە ئارمىيىسى چېخ - سلوۋاكىيىنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتۈش بۇيرۇقىنى دەرھال تاپشۇرۇۋالىدىغانلىقىنى، بوخېمىيىنىڭ گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. شۇنداق قىلىپ، چېمبىرلىن ئۇرۇشنىڭ جاۋابكارلىقىنى گىتلېرنىڭ ئۈستىگە قويماي، بەلكى بېنىتوغا دۆڭگەپ قويدى - ئەمما، بېنىتو بۇ تېلېگراممىغا جاۋاب بېرىشكە ئۈلگۈرمەيلا 2-تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئارقىدىنلا چېمبىرلىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا رۇزۋېلتنىڭ بېنىتوغا ئاگاھلاندۇرۇش بەردى ۋە تەھدىت سېلىپ: «بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشماي قالسا، دۆلەتلەر قوراللىق تاجاۋۇزچىلىق بىلەن قورال كۈچى ئارقىلىق پارچىلىنىپ كېتىشتەك ئېچىنىشلىق تەقدىرگە ئۇچراپلا قالماي، بەلكى باشقا نىجالىق يولىدىنمۇ مەھرۇم بولىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ ھەددى-ھېسابسىز كىشىلەرنىڭ توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بولسىمۇ، لېكىن بۇ توقۇنۇش مەيلى قانداق ئاقىۋەت بىلەن ئاخىرلاشسۇن، چېخ - سلوۋاكىيە ئەسلىدىكى چېگراسى بويىچە ئۆزىنىڭ يۇرت - ماكانلىرىنى ھەرگىز قايتىدىن قۇرالمايدۇ» دېدى.

چېمبېرلېن بۇ ئىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، شۇ كۈنى ئاخشىمى سائەت سەككىز يېرىمدا، پۈتۈن مەملىكەتكە رادىئو نۇتقى سۆزلەپ: «بىز قىلچە چۈشەنمەيدىغان يىراقتىكى دۆلەتتە ياشاۋاتقان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان جېدەل-ماجىرالار-نى دەپ بۇ يەردە ئاكوپ كولىدۇق، زەھەرلىك گازدىن مۇداپىئەلىنىش نىقابى تاقىدۇق. بۇ نېمىدېگەن غەلىتە، نېمىدېگەن بىمەنە، نېمىدېگەن ھەيران قالارلىق ئىش-ھە!» دېدى. ئۇ «تىنچلىق» نى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن گېرمانىيىگە 3-قېتىم زىيارەتكە بېرىش نىيىتىگە كەلدى ۋە يەنە: «بىز شۇنچىلىك ھېسداشلىق قىلىۋاتقان كۆچلۈك قوشنا دۆلەتنىڭ بېسىمى ئاستىدىكى كىچىك بىر دۆلەتنى دەپ، پۈتكۈل بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنى بىر قېتىملىق چوڭ ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ» دېدى.

شۇ كۈنى كەچ سائەت ئون يېرىمدا گىتلېرنىڭ چېمبېرلېننى «داۋاملىق كۆچ چىقىرىڭ» دېگەن مەزمۇندىكى خېتى يېتىپ كەلدى. بۇ دەل باش ۋەزىرنىڭ دەرھال تۇتۇۋېلىشقا تېگىشلىك جېنىنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغان شال پاخلى ئىدى. ئۇ دەرھال «فيۇرېر» غا جاۋاب بېرىپ: «مەن خېتىڭىزنى ئوقۇپ سىزنىڭ ئۇرۇش قىلمايمۇ بارلىق ئاساسىي تەلەپلىرىڭىزگە دەرھال يېتىدىغانلىقىڭىزغا چوڭقۇر ئىشەندىم. مەن دەرھال بېرلىنغا بېرىپ سىز ھەمدە چېخ - سلوۋاكىيە ۋەكىللىرى بىلەن تاپشۇرۇۋېلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشنى خالايمەن. ئەگەر سىز قوشۇلسىڭىز، فرانسىيە - ئىتالىيە ئىككى دۆلەت ۋەكىللىرىمۇ قاتناشسا بولىدۇ. شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، بىز بىر ھەپتە ئىچىدىلا كېلىشىم ھاسىل قىلالايمىز. مەن سىزنىڭ ئۆزۈڭدىن بۇيان ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلىنى ھەل قىلىمەن، دەپ بىر نەچچە كۈن كەينىگە تارتىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى يوقىتا چىقىرىدىغان

دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغاشنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئايانماستىن ئۈستىگىزگە ئېلىشىڭىزغا ئىشەنمەيمەن» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېمبېرلىن يەنە مۇسسولىنىغىمۇ بىر پارچە تېلېگرامما يوللاپ گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە تۈزگەن خەلقئارا يىغىنغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. بۇ گىتلېر بىلەن مۇسسولىنىنىڭ تازا كۆڭلىگە ياقتى. سوۋېتقەستچىلەرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىشى ئارقىسىدا سېستىق نامى پۇر كەتكەن — چېخ - سلوۋاكىيىنى قۇربان قىلىۋېتىدىغان سوۋېتقەستلىك يىغىن ئاخىر ئېچىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى يىغىنغا تەكلىپ قىلىنمىدى، ئامېرىكا رەسمىي قاتناشمىغان بولسىمۇ، ئەمما «يىغىنغا قاتناشمىغان دۆلەت» دەپ قارالدى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، چېخ - سلوۋاكىيە بۇ يىغىنغا قاتناشتۇرۇلمىدى.

29-سېنتەبىر چۈشتىن كېيىن سائەت 12 يېرىمدا، گىتلېر باۋارىيە شەھىرىدە — ئىلگىرى ۋەيرانە بىر كىچىك قەھۋەخانىنىڭ قاراڭغۇ ئۆيىدە، ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى سىياسىي ھاياتىنى باشلىغان شەھەردە، خۇددى بىر ئىستىلاچىغا ئوخشاش ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە ئىتالىيىنىڭ ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنى قارشى ئالدى.

گىتلېر شۇ كۈنى ئەتىگەندە گېرمانىيە - ئاۋسترىيە چېگرىسىغا بېرىپ مۇسسولىنىنى كۈتۈۋالدى ھەمدە يىغىندا ئورتاق قوللىنىلىدىغان ھەرىكەت ئۈچۈن ئاساس سالدى. ئۇ مىيۇنخېنغا بارىدىغان پويىزدا قاتتىق تەئەددى تەلەپپۇزدا ئىتالىيە داھىيسىغا خەرىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، چېخ - سلوۋاكىيىدىن قانداق «ھېساب ئالىدىغان» لىقىنى، ئەگەر شۇ كۈندىكى سۆھبەتتە دەرھال نەتىجە كۆرۈلمىسە، قورال كۈچى ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇ چاغدىكى سۆھبەتتە ئىتالىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى، مۇسسولىنىنىڭ كۈيئوغلى كىئانو

www.uyghurkitap.com

گىتلېرنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «بىز ھامىنى بىر كۈنى مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىمىز» دېدى. مۇسسولىنى بۇ گەپكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن، چېمبېرلىن گىتلېرنىڭ مۇسسولىنىنى قارشى ئالغىنىغا ئوخشاش، ئىشتىن ئاۋۋال دالادىيېر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ئۈچۈن ئورتاق ئىستراتېگىيە تۈزۈپ چىقىش ئارقىلىق فاشىستلارنىڭ ئىككى مۇستەبىتچىسىگە تاقابىل تۇرمىدى. شۇڭا، يىغىن ناھايىتى تېزلا مۇسسولىنى ئوتتۇرىغا قويغان لايىھە بويىچە كېلىشىم ھاسىل قىلدى. 30-سېنتەبىر ئەتىگەن سائەت ئىككىدە، «تۆت كاتتىۋاش» ئىمزالىغان كېلىشىم گىتلېرنىڭ گودسبېرگتا ئوتتۇرىغا قويغان ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇمىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك قوبۇل قىلدى. شۇنداق قىلىپ، سۇدېتېن رايونىدىكى چېخ-سلوۋاكىيە ئارمىيىسى 1-ئۆكتەبىردىن ئېتىبارەن بەش تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئون كۈن ئىچىدە چېكىنىپ چىقىپ كېتىدىغان، ئەڭ ئاخىرقى چېگرا سىزىقى خەلقئارا كومىتېت تەرىپىدىن بېكىتىلىدىغان بولدى. بۇ ھۆججەت بۇيرۇق بويىچە مەخسۇس مېيونخېنغا كېلىپ بىر تەرەپ قىلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرغان چېخ - سلوۋاكىيە ۋەكىللىرىگە تاپشۇرۇلدى.

چېخ - سلوۋاكىيە 30-سېنتەبىر، دۈشمەنلىرى ۋە «ئىتتىپاقداش» لىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، مېيونخېننىڭ قارارلىرى ئالدىدا تىز پۈكتى. ئۇلار: «بىزنىڭ مۇشۇ قارارنى چىقىرىشقا قاتناشتۇرۇلمىغانلىقىمىزغا بىلدۈرگەن نارازىلىقىمىزنى پۈتۈن دۇنيانىڭ بىلىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى. زۇڭتۇڭ بېنېس خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى، چۈنكى ئۇ «يېڭى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش يولىدىكى بىر توسالغۇغا ئايلىنىپ قالغانىدى.» بېنېس چېخ - سلوۋاكىيىدىن ئايرىلىپ ئەنگلىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالدى. مانا

مۇشۇنداق قىلىپ، چېخ ـ سلوۋاكىيىدىن ئىبارەت بۇ دۆلەت كېلىشىم بويىچە پارچىلىنىپ كەتتى. لېكىن، بۇ ئىش ئادەمنىڭ جەسىتىنى تالىشىپ يەيدىغان گېرمانىيە بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. ئارقىدىنلا، يەنى 30-سېنتەبىر مىيۇنخېن شەرتنامىسىدىن كېيىن پولشا بىلەن ۋېنگرىيە توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ ئىتتىپاق باشلىقى گىتلېرنىڭ چاقىرىقى ئاستىدا «ھەمتاۋاق كىشىلەر بىر-بىرىگە ھەمدەم بولۇشتى»، ئۇلار ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا زېمىن بۆلۈشۈۋالدى. ئەمما، گىتلېر چېخ - سلوۋاكىيىدىكى رەزىل مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، قارا يۈزلۈك قىلىپ ئۆز شېرىكلىرىگە پىچاق ئۇردى. بۇ ھەقىقەتەن تارىخنىڭ ئۇستىلىق بىلەن قىلغان مەسخىرىسى ئىدى!

مىيۇنخېن ۋەقەسىنىڭ غەلىبىسى گىتلېرنىڭ قوماندانلىرى ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. گېرمانىيە باش شتابىدىكىلەر ئوسال بولۇپ قالدى. ئىشقىلىپ، «فىيۇرېر» نىڭ قىلغىنى يەنە توغرا چىقتى. گىتلېر ئۆزىنىڭ تالانتى ۋە بىۋاسىتە سېزىمىگە ئاساسەن پۈتكۈل ھەربىي ۋە سىياسىي ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلىدى. ئۇنىڭ «داھىيلىق تالانتى» رېين رايونىدىكىگە ئوخشاش گېرمانىيە قوماندانلىرىنىڭ توسقۇنلۇقى ئۈستىدىن يەنە بىر قېتىم غەلىبە قىلدى. بۇ قوماندانلار ئۆز ۋەتىنىنىڭ دۇنيادىكى ئورنىنى قايتىدىن تىكلەش ئارزۇسىدا كېچە-كۈندۈز كۈچ چىقىرىپ، ھەرخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق گېرمانىيىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى مۇستەھكەملىدى. ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىن بەكلا ئارقىدا قېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، قاتتىق ئازابلاندى. كۆپلىگەن ئەھۋاللاردا ئۇلارنىڭ «فىيۇرېر» غا بولغان ئۆچمەنلىكى ۋە ئىشەنمەسلىكى ھەمىشەم «فىيۇرېر» نىڭ يىراقنى كۆرەرلىك تالانتى ۋە سىرلىق ئامەتلىرىگە بولغان مەدھىيىلىرىنى بېسىپ

چۈشەلمەيتتى. شەك-شۈبھىسىزكى، گىتلېر ئۇلار ئىگىلىگەن چولپانغا، بويسۇنىدىغان رەھبەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇڭلاق قىلىپ، گىتلېر ئارقىسىدىن غەيۋەت-شىكايەت قىلىشقا يول قويمايدىغان گېرمانىيە خوجايىنىغا ئايلاندى. ئۇنىڭغا «داغدام يول» كەڭ قۇچاق ئاچتى.

چېمبېرلىن چېخ - سلوۋاكىيىنى قۇربان قىلىۋېتىدىغان ميۇنخېن شەرتنامىسىگە قول قويغاندىن كېيىن، نومۇسسىزلارچە خۇشامەت قىلىپ، گىتلېر بىلەن ئاتالمىش دۇنيا تىنچلىقى توغرىسىدا سۆزلەشتى. ئۇ: «مەن فيۇرېرنىڭ ميۇنخېن شەرتنامىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەھەتتە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن ھەمدە چېخ-سلوۋاكىيىلىكلەرنىڭ يولسىزلىق قىلىپ بىرەر قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇش دەرىجىسىگە بارماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر ئۇلار بىرەر قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدىغان بولسا، گىتلېرنىڭ ئاۋام خەلق ئارىسىدا قورقۇنچلۇق زىيان پەيدا قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن پراگانى بومباردىمان قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. بۇ گەپلەر چېمبېرلىننىڭ تاققا-تۇققا سۆزلىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدىن ئىبارەت ئىدى. چېمبېرلىن يەنە گىتلېرغا، ئەنگلىيە-گېرمانىيە ئىككى دۆلەت يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەمكارلىشىپ ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇش، ھەربىي تەييارلىقلارنى قىسقارتىشنى، دۇنيا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ياۋروپانىڭ سىياسىي تىنچلىقىنى كۈچەيتىش، ھەتتا روسىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ئاندىن باش ۋەزىر يانچۇقىدىن ئىككىيلەن ئىمزا قويغان شۇنىڭدەك دەرھال ئېلان قىلىنىشنى ئۈمىد قىلغان نەرسىلەر يېزىلغان بىر پارچە قەغەزنى چىقاردى، ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «بىز — گېرمانىيە فيۇرېرى، قوشۇمچە باش مىنىستىر ۋە ئەنگلىيە باش ۋەزىرى

بۇگۇن يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ، ئىككى تەرەپ بىر دەك ھالدا، ئەنگلىيە-گېرمانىيە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى پۈتكۈل ياۋروپا ئۈچۈن ئېيتقاندا، غايەت زور مۇھىملىققا ئىگە، دېگەن قاراشقا كەلدۇق.

بىز تۈنۈگۈن كەچتە ئىمزالىغان كېلىشىمنى ۋە ئەنگلىيە-گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ كېلىشىمىنى ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىق ئارزۇسىنىڭ سىمۋولى دەپ قارايمىز.

بىز كېڭىشىش يولى ئارقىلىق ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىگە ئالاقىدار ھەرقانداق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا، شۇنىڭدەك داۋاملىق كۈچ چىقىرىش ئارقىلىق ئىختىلاپ پەيدا قىلىش ئېھتىمالى بولغان مەنبەلەرنى يوقىتىپ، ياۋروپا تىنچلىقىغا ھەقىقىي كېپىللىك قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا بەل باغلىدۇق».

گىتلېر بۇ خىتابنامىگە شۇ ھامان يول قويدى ۋە چېمبېرلىندىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى. قاپاق ئىچىدە كولدۇرلاپ يۈرگەن بۇ ئەنگلىيە باش ۋەزىرى گىتلېر بىلەن مۇنىسۋلىنىنىڭ بۇ قېتىمقى ميۇنخېن يىغىنىدا مەسىلىھەتنى پىشۇرۇپ، پەيتى كەلسىلا مۇرىنى-مۇرىگە تىرەپ ئەنگلىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

چېمبېرلىن ئەنگلىيىگە قايتىپ كېلىپلا، ئۆزىنى «زەپەر قۇچقۇچى» دەپ ھېسابلاپ «بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تىنچلىقى كاپالەتكە ئىگە بولدى» دەپ تەپتارتماي تەشۋىق قىلدى. بۇنىڭغا «تايىمىس گېزىتى» مۇ كارنىيى يىرتىلغۇچە مەدھىيە ئوقۇدى. لېكىن، ميۇنخېن شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى ئەنگلىيە پارلامېنتىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا غۇلغۇلا قوزغىدى. دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى دۇف گوپېر خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى. ئۇ 40 مىنۇت داۋام قىلغان نۇتقىدا ئۆزىنىڭ

ئوخشاشمىغان كۆز قارىشىنى شەرھلەيدۇ: «باشقا ۋەزىر چېمبېرلېن مۇشۇ يېقىنقى كۈنلەردە يۇمشاق ھەم ئىسرائىلىك، ئومۇمىيلىقنى كۆزلەپ مادارا قىلىدىغان گەپلەرنى قىلغان ئارقىلىق گىتلېر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش كېرەك، دېگەن قاراشتا بولۇپ كەلدى. مېنىڭچە، زورلۇق بىلەن قىلىنغان گەپلەر ئۇنى تېخىمۇ ئەسەبىيلەندۈرەلەيدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى چوڭقۇر ئىختىلاپ. باشقا ۋەزىر گىتلېر ئەپەندىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكلۈكىگە ۋە ئۇ ئېيتقان گەپلەرگە قاتتىق ئىشەندى. گىتلېر ۋېرسال سۈلھى شەرتنامىسىنى بۇزغاندا لوكارنو ئەھدىنامىسىگە ئەمەل قىلىمەن دەپ ۋەدە بەردى؛ لوكارنو شەرتنامىسىنى بۇزغاندا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇداخىلە يۈرگۈزمەيمەن ياكى ياۋروپادا يەنە زېمىن تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويمايمەن، دەپ ۋەدە بەردى. گىتلېر قوراللىق تاجاۋۇز قىلىپ ئاۋستىرىيىنى بېسىۋالغاندا، ئۆزىنىڭ گۇماشتىلىرىغا كېپىللىك قىلىشقا ئىمتىيازلىق ھوقۇقىنى بېرىپ، ئەمدى چېخ ـ سلوۋاكىيىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. بۇ تېخى ئالتە ئاينىڭ ئالدىدىكى ئىش ئىدى. شۇنداقتىمۇ باشقا ۋەزىر ھازىرغىچە گىتلېرغا ئىشىنىپ كېلىۋاتىدۇ!» دېدى.

ئارقىدىنلا تۆۋەن پالاتادا چېرچىل سۆزگە چىقىپ: «بىز بىر قېتىملىق پۈتۈنلەي ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدۇق» دېگەندە، ماداراچىلىق كۈچلىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغاپ گېپىنى بىر ئاز توختىتىشقا مەجبۇر بولدى، ئاندىن يەنە سۆزىنى داۋام قىلىپ: «بىزنىڭ ئۆزۈنغا داۋام قىلغان بۇ قېتىمقى بەس ـ مۇنازىرىدە بېرختېسگادېن، گودېسبۇرگ ۋە ميۇنخېنلاردا تۈزۈلگەن كېلىشىملەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى تەتقىق قىلىشىمىزنىڭ ھەرگىز زۆرۈرىيىتى يوق. ئەگەر مەزكۇر پالاتا مېنىڭ بىرەر تەمسىلنى ئۆزگەرتىشىمگە يول

قويسىدى، ئۇ چاغدا قىسقا، مەزمۇنلۇق قىلىپ چۈشەنچە بەرگەن بولاتتىم. ئۇ ئاۋۋال ساڭا تاپانچىسىنى تەڭلەپ تۇرىدۇ، سەن ئۇنىڭغا بىر فوند ستېرلىڭ بېرىسەن، پۇلنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە تاپانچىسىنى تەڭلەپ سەندىن ئىككى فوند ستېرلىڭ تەلەپ قىلىدۇ، ئاخىر ئۇ مۇستەبىت ئاۋۋال بىر فوند ستېرلىڭ 71 شىللىڭ 6 پېنس ئېلىشقا ماقۇل بولۇپ، قالغىنىنى كېيىن بېرىش توغرۇلۇق سەندىن ۋەدە ئېلىۋالىدۇ.

ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، سۈكۈت قىلغان، ھەسرەت چەككەن، چاك-چاكىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەن چېخ - سلوۋاكىيە زۇلمەت ئىچىدە قالدى. چېخ - سلوۋاكىيە ئۆزىنىڭ ۋاقىتتىن بېرى فرانسىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سىياستىگە بويسۇنۇپ، فرانسىيە، ئەنگلىيە تەرەپتە تۇرۇپ، ئاخىر ھەرقايسى جەھەتلەردىن چوڭ زىيان تارتتى... ھازىر ياۋروپانىڭ تەكپۇتلۇقى قالايمىقانلىشىپ كەتتى... بۇ ئىشنى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى، دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇ ھېساب-كىتاب قىلىنىشنىڭ تۇنجى جازا قەدىمى، شۇنداقلا ھەر يىلى بىز گە بېرىدىغان تۇنجى جازا شارابىنىڭ دەسلەپكى تەمىنى تېتىتىپ قويۇشتىن ئىبارەت، خالاس. بىز روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، جەڭگىۋارلىق كۈچىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىلگىرىكىدەك ئورنىمىزدىن قايتا تۇرىدىغان بولساق، ئەركىنلىكنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلالايمىز» دېدى.

چېرچىل چوڭقۇر مەيۈسلىك، دەل جايىغا تەگكۈزۈپ سۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدىكى تۆۋەن پالاتادا شەرەپ بىلەن يېتىم قېلىپ، ئۇنى قوللىغۇچىلارمۇ بىر نەچچىگە يەتمىدى. ئەمما، ۋەزىيەت چېرچىل ئالدىنئالا پەرەز قىلغاندىكىدەك ميونخېن شەرتنامىسىدىن كېيىن چېمبېرلىننىڭ مادار اچىلىق سىياستى بەربات بولۇپ، كەينى-كەينىدىن پالاكەت باسقىلى تۇردى. چېرچىل خۇددى دولقۇنلار ئىچىدە قالغان يەلكەنلىك كېمىگە ئوخشاش جاسارەت بىلەن ئېلىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئون تۆتىنچى باب

# مادارامچىلىق سۈيىقەستىنىڭ بەربات بولۇشى

ئەسلى چېمبېرلىن «مادارامچىلىق» نى يولغا قويۇپ خەلقئارا ۋەزىيەتنى پەسەيتكىلى ھەمدە گىتلېرنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇشقا مەجبۇرلاپ، بالايىئاپەتنى شەرققە باشلىغۇتكىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئەپسۇس، نەتىجە ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بولدى، ۋەزىيەت پەسىيىش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ناتسىستلار باشلىغىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئىشتىھاسى قوزغىلىپ، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە گۇرۇھىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى. بۇ ئەھۋالدىن چېرچىل قاتتىق تەشۋىش ئىچىدە قالدى.

گىتلېر ميۇنخېن شەرتنامىسىگە ئاساسەن، ئۆزى تەلەپ قىلغان بارلىق نەرسىگە ئېرىشتى. چېخ - سلوۋاكىيىنى ئۈچ مىليون 600 مىڭ سۇدېتىن گېرمانلىرى ۋە چېخوسلوۋاكىيىلىكلەر ئولتۇراقلاشقان 11 مىڭ كۇۋادرات ئىنگلىز مىلى كەڭلىكتىكى زېمىنىنى بۆلۈپ بېرىشكە مەجبۇرلىدى. بۇ كەڭ رايوندا ناھايىتى كۆپ مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى بار بولۇپ، شۇ چاغدىكى ياۋروپادا ئەڭ مۇستەھكەم مۇداپىئە سېپى ئىدى، يەنى فرانسىيىدىكى ماگىنو مۇداپىئە سېپى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇراتتى. بۇنىڭدىن باشقا، چېخوسلوۋاكىيىنىڭ پوتكول تۆمۈر يول، تاشيول، تېلېفون ۋە رادىئو سىگنالى سىستېمىسى ۋەيران

قىلىنۋېتىلدى. گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، بۇ دۆلەت پارچىلىنىۋېتىلگەندىن كېيىن، %60 كۆمۈر، %80 قوڭۇر كۆمۈر، %86 خىمىيە سانائىتى، %80 سېمونت سانائىتى ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتى، %70 پولات سانائىتى ھەم ئېلېكتر ئېنېرگىيە سانائىتى، %40 ياغاچ ماتېرىياللىرى سانائىتىدىن ئايرىلدى. شۇنداق قىلىپ، باي-ئاۋات، مۇنتىزىم سانائەت دۆلىتى بىر كېچىدىلا ۋەيران قىلىنۋېتىلدى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى ئىچىدە پەقەت چېرچىللا بۇ نۇقتىنى كۆرۈپ يېتەلىدى. چېرچىلنىڭ 5-ئۆكتەبىر تۆۋەن پالاتادا سۆزلىگەن نۇتقىدەك، بىر ئادەممۇ مىيونخېن شەرتنامىسىدىن كېيىنكى ئاقىۋەتنى بۇنچىلىك ئېنىق ئوتتۇرىغا قويالمىدى. ئۇ: «بىز بىر مەيدان ئومۇمىيۈزلۈك، تولۇق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدۇق... بىز 1-دەرىجىلىك چوڭ بالايىئاپەت ئىچىدە تۇرۇۋاتىمىز. دوناي دەرياسىغا بارىدىغان... قارا دېڭىزغا بارىدىغان دەرۋازىدىن تۆشۈك ئېچىلدى» دېدى. ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە دوناي دەرياسى ۋادىسىدىكى دۆلەتلەر كەينى-كەينىدىن بېرلىننى مەركەز قىلغان ناتسىستلارنىڭ ناھايىتى زور سىياسىي سىستېمىسىغا چۈشۈپ قالىدۇ، بۇنى ھەرگىزمۇ ئىشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى ئەمەس، بەلكى ئەمدى باشلىنىشى، دەپ قاراش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. لېكىن، چېرچىل ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئەربابى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ سۆزلىرى ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنىڭ ئۇنچىلىك دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىيالمىدى. چېمبېرلىن ھوشىنى تاپماي ماداراچىلىق سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويدى.

فرانسىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، مىيونخېن چوڭ بىر بالايىئاپەت ئىدى. فرانسىيە ھۆكۈمەت گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىن نەزەر دائىرىسى تار بولغاچقا، بۇ نۇقتىنى ھېس

قىلالمىدى. فرانسىيىنىڭ ياۋروپادىكى ھەربىي ئورنى ۋەيران بولۇپ كەتتى. ئەسلىدە فرانسىيە 100 دىن كۆپرەك مۇتتىپىق دىۋىزىيىگە ئىگە بولۇپ، شەرقىي ياۋروپادىكى چېخ سلوۋاكىيە، پولشا، يوگوسلاۋىيە ۋە رۇمىنىيە قاتارلىق كىچىكرەك دۆلەتلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنىدى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي كۈچىنى يىغىنلەشتۈرسە گېرمانىيىنى تامامەن بويسۇندۇرغىلى بولاتتى. ميۇنخېن يىغىنىدىن كېيىن ئەھۋالدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، چېخ - سلوۋاكىيە پارچىلاپ تاشلاندى. ئىلگىرى تاغلىق جايلاردىكى مۇستەھكەم ئىستىھكاملارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىسلى ئەسلىھەلەرگە ئىگە چېخ-سلوۋاكىيىنىڭ 35 دىۋىزىيىسى ئۆزىدىن كۈچلۈك بولغان گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئىسكەنجىسىگە ئېلىندى، فرانسىيە ئارمىيىسىمۇ خۇددى بىر بىلىكىنى يوقاتقاندەك ئۆزىنىڭ كۈچىدىن ئايرىلىپ قالدى. لېكىن، ھەممە ئىش تېخى بۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشمايتتى. ميۇنخېن ۋەقەسىدىن كېيىن، فرانسىيىنىڭ شەرقىي ياۋروپادا قېپقالغان ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىنىڭ قايسى بىرى ئۇنىڭ قەسەملىرىگە ئەمدى ئىشىنە؟ فرانسىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەننىڭ ئەمدى نېمە قىممىتى قالدى؟ ئەنگلىيە بىلەن بولغان دوستلۇقنىڭ ئەمدى نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ ئىككى دۆلەتنىڭ پايتەختلىرى بەس-بەستە، ئىش تېخى كېچىكمىگەن ئەھۋالدا بالايىئاپەتتىن ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن گىتلېر بىلەن ئالاقە باغلاپ ئۆزىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى.

ئەمما، گىتلېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ميۇنخېندىكى نەتىجە ئۇنچىلىك رازى قىلارلىق بولمىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاۋسترىيە بىلەن چېخ - سلوۋاكىيىنى بويسۇندۇرۇش، شەرقتە كەڭ كۆلەملىك ياشاش ماكانىنى تارتىۋېلىش ۋە غەربتە بولسا فرانسىيە بىلەن ھەربىي جەھەتتە يېڭىش-يېڭىلىشنى بەلگىلەشنىڭ

مۇقەددىمىسى ئىدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى سۇدېتىن رايونىنى بېسىۋېلىپ ئارىدىن ئون كۈن ئۆتمەي، گىتلېر ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشقا قول تىقىپ مېمېل ۋە چېخ - سلوۋاكىيىنىڭ قالغان يەرلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى.

چېمبېرلىن بۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالدى، پەقەت ئىككى مۇستەبىتچى بىلەن يۈز كۆرۈشسىلا دۇنيا ۋەزىيىتى چوڭ ياخشىلىنىپ كېتىدىغاندەك ئۈمىدلىنىپ يۈردى. ئۇ، گىتلېردىن «ئالللىقاچان خاتىرجەم بولدۇق»، ئەمدى مۇسسولىنىغا خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۆزىنىڭ تۆرە ھالىفاكس بىلەن يانۋاردا ئىتالىيىگە زىيارەتكە بېرىشىنى زور ئۈمىد ئىچىدە تەلەپ قىلدى. ئىتالىيە كېچىكتۈرۈپ تەكلىپنامە ئەۋەتتى. سۆھبەت 11-يانۋار ئۆتكۈزۈلدى. «كىئانونىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرى» دىن ئىتالىيىلىكلەرنىڭ چېمبېرلىننىڭ ھەمراھلىرىغا «بىر قاراپ قويۇشقىمۇ رەۋىتى» بولمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كىئانو خاتىرە دەپتىرىگە مۇنداق يازدى: «ماھىيەتتە بۇ قىتىمقى زىيارەتنىڭ مۇقامى تۆۋەن ئىدى . . . ئىككى تەرەپ ئىلگىرى بىر-بىرى بىلەن ھەقىقىي يوسۇندا ئۇچرىشىپ باقمىغانىدى. بىزنىڭ بۇ ئادەملەر بىلەن ئارىلىقىمىز نېمىدېگەن يىراق-ھە! قانداقتۇر سەمىمىيلىك بىلەن سۆھبەت قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بىز تاماقتىن كېيىن داھىيغا بۇ ئەھۋاللارنىي ئېيتتۇق. مۇسسولىن: ‹بۇ ئادەملەر بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنى بەرپا قىلغان كاپىتان فرانسىس دراچ ۋە باشقا تەۋەككۈلچىلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش ماتېرىيالدىن ياسالغان كىشىلەر ئەمەس. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، ئۇلار باي ئائىلىنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىدىنلا ئىبارەت، خالاس.› دېدى».

چېمبېرلىن لوندونغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كىئانو يەنە: «ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن سۆھبەتلەشكەننىڭ ھېچقانداق

نەتىجىسى بولمىدى. ئۇلار ئۇرۇش قىلىشنى خالىماي، مۇمكىنقەدەر ئاستىراق چېكىنىشنىلا ئويلايدىكەن. بىر تۆرە پېرت چېمبېرلىننىڭ ئەنگلىيە تۆۋەن پالاتادا سۆزلىمەكچى بولغاندا نۇتقىنىڭ تېزىسىنى بىزگە بېرىپ، بىزدىن پىكىر سورىدى ۋە ئەگەر زۆرۈر تاپساڭلار ئۆزگەرتىش تەلىپىنى قويساڭلار بولىدۇ، دېدى. داھىي بۇ نۇتۇقنىڭ تېزىسىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «مېنىڭچە، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باش ۋەزىرى ئۆزىنىڭ سۆزلىمەكچى بولغان نۇتقىنىڭ تېزىسىنى چەت ئەل ھۆكۈمىتىگە بېرىپ تەستىقلاپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشى تۇنجى قېتىملىق ئىش. بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، يامانلىقتىن بېشارەت!» دەپ يازدى.

مارتتا، ئەنگلىيە سىياسىي سەھنىسىنى بىر خىل نورمالسىز ئوپتىمىستىك كەيپىيات قاپلىدى. مىيۇنخېن شەرتنامىسىنى قوللايدىغان ئەنگلىيىنىڭ ھەرقايسى ۋەزىرلىرى ۋە گېزىتلىرى چېخوسلوۋاكىيىنىڭ ھەر جەھەتتىن گېرمانىيىنىڭ كۈچلۈك بېسىمىغا ئۇچراپ، ۋەزىيەتنىڭ كۈندىن-كۈنگە جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتقا سەل قاراپ، چېخ - سلوۋاكىيىگە يۈرگۈزۈلگەن «مەڭگۈ ئەسلىگە كەلمەسلىك سىياسىتى» گە يەنىلا تولۇق ئىشەنچ باغلىدى. 10-مارت ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى ئۆزىنىڭ سايلام رايونىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا، بەش يىل تىنچلىق پىلانى بولۇشنى ئۈمىد قىلدى ۋە بۇ پىلان تۈزۈلسە، ئۇزۇنغا قالماي، «ئالتۇن دەۋر» بارلىققا كېلىدۇ، ۋەھاكازالار، دېدى. شۇ چاغدا ئۇلار تېخى گېرمانىيە بىلەن سودا كېلىشىمى تۈزۈش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلماقچى بولدى. مەشھۇر ھەجۋىي رەسىم ژۇرنىلى «ئەخمەق» تە بىر پارچە رەسىم بېسىلدى: ئۇنىڭدا، جوننىڭ بىر يامان چۈشتىن ئويغىنىپ ئەمدى دېمىنى ئېلىپ تۇرۇشىغا، كېچىدە ئۇنى ئاۋارە قىلغان بارلىق زەھەرلىك سۆز-چۆچەكلەر،

خىيالىي سېزىم ۋە ئەندىشىلەرنىڭ دېرىزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشى سىزىلغاندى. بۇ ھەجۋىي رەسىم ئېلان قىلىنغان كۈنى، گىتلېر ميۇنخېن قارارى سەۋەبىدىن چېگرا مۇداپىئە سېپىدىن مەھرۇم قېلىپ لىگشىپ قالاي دەپ قالغان چېخ - سلوۋاكىيەھۆكۈمىتىگە ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇم تاپشۇردى. پراگاغا بېسىپ كىرگەن گېرمانىيە ئارمىيىسى قىلچە قارشىلىق كۆرسەتمىگەن بۇ دۆلەتنى تولۇق كونترول قىلىۋالدى.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى، قېپقالغان بۇ زېمىننى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا بولامدۇ-يوق؟ دېگەننى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئۈچۈن، دىپلوماتىيە مىنىستىرى چۋاركوۋسكىي ئاخىر گىتلېرنى قايىل قىلىپ، 21-فېۋرال بېرلىندا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ماقۇل كەلتۈردى. بۇ ئىنتايىن پاجىئەلىك مەنزىرە ئىدى. چېخ - سلوۋاكىيىلىكلەرنىڭ بېشىغا كېلىدىغان پاجىئە تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولۇشى تورغانلا گەپ ئىدى. چېخ - سلوۋاكىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى جاھانغا پاتماي قالغان گېرمانىيە مۇستەبىتچىسى ئالدىدا قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ يېلىندى. شۇ چاغدا گىتلېر كىشى چىدىغۇسىز دەرىجىدە مەنمەنلىك قىلىپ: «گېرمانىيە ئۆزىنى تۇتۇۋالغانلىقى ئۈچۈن چېخ - سلوۋاكىيە ئېچىنىشلىق بۇلاڭ-تالاڭدىن ئامان قالدى. شۇنداقتىمۇ چېخ - سلوۋاكىيىلىكلەر تۇتقان يولنى ئۆزگەرتمەيدىغان بولسا، مەن يەنىلا ئۇلارنى يوقىتىمەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ تارىخنى ئۇنتۇشى، پەقەت گېرمانىيىلىكلەرنىڭ بۇيرۇقىغىلا بويسۇنۇشى كېرەك، بۇ چېخ - سلوۋاكىيىنىڭ بىردىنبىر ئۆزىنى ساقلاش يولى، كونكرېتنى ئېيتقاندا، چېخ - سلوۋاكىيەخەلقئارا ئىتتىپاقتىن چېكىنىپ چىقىشى، ئارمىيىسىنى زور دەرىجىدە قىسقارتىپ، كوممۇنىزمغا قارشى ئەھدىنامىگە قاتنىشىشى، دىپلوماتىيە سىياسىتى جەھەتتە

گېرمانىيىنىڭ يولىيورۇقىنى قوبۇل قىلىپ، گېرمانىيە بىلەن قولايلىق سودا كېلىشىمى تۈزۈشى كېرەك. بۇنىڭدىكى بىر شەرت، گېرمانىيە قوشۇلمىغان ئەھۋالدا، چېخ - سلوۋاكىيىنىڭ ھەرقانداق بىر يېڭى سانائەت قۇرۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. گېرمانىيىگە دوستانە بولمىغان بارلىق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە گېزىت-ژۇرنال تەھرىرلىرىنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىش كېرەك. يەنە چېخ - سلوۋاكىيىلىكلەرمۇ گېرمانىيىلىكلەرگە ئوخشاش، نيۇرنبېرگ قانۇنى بويىچە، يەھۇدىلار قانۇنىي جەھەتتىن قوغدالمايدۇ، دەپ ئېلان قىلىشى كېرەك» دېدى. شۇ كۈنى چۋاركوۋسكىي گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رىببېنتروپتىن يەنە يېڭى تەلەپلەرنى ئاڭلىدى. رىببېنتروپ تەھدىت سېلىپ: «ئەگەر چېخ - سلوۋاكىيىلىكلەر دەرھال گۇناھىغا توۋا قىلىپ، يېڭىۋاشتىن ئادەم بولمىسا، شۇنىڭدەك گېرمانىيىلىكلەرنىڭ تەلىپى بويىچە ھەممە ئىشنى قىلىپ بەرمەيدىغان بولسا، ‹تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ›» دېدى.

ئاردىن ئىككى ئاي ئۆتمەيلا، چېخ - سلوۋاكىيە تراگېدىيىسىنىڭ 2- پەردىسى ئېچىلدى. 14-مارت، گىتلېر قېرىلىق يەتكەن، نېمە قىلىشنى بىلمەي تەمتىرەپ قالغان زۇڭتۇڭ خاچانى بېرلىنغا چاقىرتىپ، مەجبۇرىي ھالدا چېخ - سلوۋاكىيىنىڭ سېتىلىش خېتىگە قول قويغۇزدى. ئاتالمىش ئىككى تەرەپ ئېلان قىلغان ئاخباراتتا مۇنۇلار يېزىلدى:

«فيۇرېر بىلەن زۇڭتۇڭ (گىتلېر بىلەن خاچا) سۆھبەت داۋامىدا ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن، يېقىنقى بىر نەچچە ھەپتىدىن بۇيان چېخ - سلوۋاكىيەزېمىنىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئېغىر ۋەزىيەتنى مۇزاكىرە قىلدى. ئىككى تەرەپ بىردەك كۆز چىقىرىپ، ئوتتۇرا ياۋروپانىڭ بۇ قىسمىنى خاتىرجەملىكى ۋە تىنچلىقىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك، دەپ

ھېسابلىدى. چېخ - سلوۋاكىيەزۇڭتۇڭى بۇ نىشانغا يېتىش ھەمدە ئەڭ ئاخىرقى تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن چېخ - سلوۋاكىيە خەلقى بىلەن چېخ - سلوۋاكىيەدۆلىتىنىڭ تەقدىرىنى گېرمانىيە فىئۇرېرىنىڭ قولىغا تولۇق ئىشەنچ بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. فىئۇرېر بۇ جاكارنى قوبۇل قىلدى، شۇنىڭدەك چېخ - سلوۋاكىيە خەلقىنى گېرمانىيىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىغا قويىدىغانلىقىغا رازى ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ مىللىتىنى ئاپتونومىيە شەرتى ئاستىدا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ۋە ئۇلارنى ئالاھىدىلىكىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۇسۇل بويىچە تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى».

شۇنداق قىلىپ، گىتلېرنىڭ سۇيىقەستلىك ھىيلە-نەيرىڭى ئەڭ يۇقىرى باسقۇچقا يەتتى. ئۇ ئەسەبىيلىك بىلەن: «چېخ - سلوۋاكىيە ئەمدى مەۋجۇت ئەمەس!» دەپ جار سالدى. ئۇنىڭ بىر ئايال كاتىپىنىڭ ئېيتىشىچە، گىتلېر ئەھدىنامىگە ئىمزا قويغاندىن كېيىن، ئىشخانىسىغا ئېتىلىپ كىرىپ كۆرگەنلىكى ئايالنى قۇچاقلىغان ۋە يۇقىرى ئاۋازدا: «بالىلار! بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر كۈن! مەن ئەڭ ئۇلۇغ گېرمانىيىلىك سۈپىتىدە تارىختا مەڭگۈ ياشايمەن!» دېگەن.

گېرمانىيە ئارمىيىسى چېخ - سلوۋاكىيىنى ئىشغال قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، گىتلېر چېخ - سلوۋاكىيىنى تالان-تاراج قىلىپ 9 مىليارد 500 مىليون مارك، 1 مىليوندىن ئوشۇق مىلتىق، 43 مىڭدىن كۆپرەك پىلىموت، 1500 دىن كۆپرەك ئايروپىلان، 2100 دىن ئوشۇق زەمبىرەك، 500 دىن كۆپرەك زېنىت زەمبىرەك، 3 مىليوندىن كۆپرەك زەمبىرەك ئوقى، 1 مىليارد دانە ئوق ۋە 400 دىن ئوشۇق تانكىغا ئىگە بولدى. يەنە ئەڭ چوڭ ھەربىي قورال-ياراغ زاۋۇتىنى ئىشغال قىلدى. چېخ - سلوۋاكىيىنىڭ ياش ئەر-ئاياللىرىنى تۇركۇم-تۇركۇملەپ

ئەسكەرلىككە تۇتتى ۋە ئېغىر ئەمگەككە سالدى. شۇنىڭ بىلەن گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى زور دەرىجىدە مۇستەھكەملىنىپ، ئۇرۇش قىلىش ئەمەلىي كۈچى ئاشتى. ناتسىستلارنىڭ 2-نومۇرلۇق كاتتىۋېشى گېرىنگ بىر ئايدىن كېيىن مۇسسولىنىغا ئېيتقانىدەك: «چېخ - سلوۋاكىيىنىڭ غايەت زور ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى گېرمانىيىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن پەيدا بولغان ئىقتىسادىي ئامىل، ئۈچ دۆلەت ئوق مەركىزى ھەربىي ئىتتىپاقىنىڭ① غەرب دۆلەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۈچەيتتى. ئەگەر ناھايىتى چوڭ توقۇنۇش يۈز بېرىپ قالسا، گېرمانىيە بىر دىۋىزىيە ئەسكىرىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىپ قارشى تەرەپتىن مۇداپىئە كۆرۈشنىڭ ھاجىتى يوق.»

گىتلېر چېخ - سلوۋاكىيىنىڭ گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىگە قوشۇۋېتىلگەنلىكىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، يەنى 15-مارت، باش ۋەزىر چېمبېرلىن تۆۋەن پالاتاغا: «گېرمانىيە ئارمىيىسى بۈگۈن ئەتىگەن سائەت ئالتىدە بوخېمىيىنى ئىشغال قىلدى. چېخ - سلوۋاكىيە خەلقى ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن قارشىلىق كۆرسەتمىدى» دېمەي تۇرالمىدى ۋە ئارقىدىنلا يەنە: «مېنىڭ چېخ - سلوۋاكىيىگە بەرگەن ۋەدەم ئاللىقاچان كۈچىدىن قالدى، دەپ ھېسابلايمەن» دېدى. بۇنىڭدىن بەش ئاي ئىلگىرى، يەنى ميۇنخېن يىغىنىدىن كېيىن مۇستەملىكە ئىشلىرى ۋەزىرى دىئاز ئىنسكىپ باش ۋەزىرنىڭ بەرگەن ۋەدىسى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئەنگلىيە پادىشاھ ئالىيلىرى ھۆكۈمىتى ئەخلاقىي جەھەتتە چېخ - سلوۋاكىيىگە بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى بارلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا، سەۋەبسىز تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتى سادىر بولسا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى چېخ -

① گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيىنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى ئىتتىپاقى.



www.uyghurkitap.com

سلوۋاكىيىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىقتىدارى يەتكەن دائىرىدە ھەرىكەت قوللانماي تۇرالمايدۇ» دېدى. چېمبېرلىن بولسا: «بۇ ۋەدەم تۈنۈگۈنكىچە يەنىلا كۈچكە ئىگە ئىدى، لېكىن چېخ - سلوۋاكىيە بۇ خىتابنامىنى ئېلان قىلغاچقا، بىز كاپالەتلىك قىلىدىغان چېگرىسى پۈتۈن بۇ دۆلەت مەۋجۇت بولماي قالدى. شۇڭا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇ مەجبۇرىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ» دېدى.

ۋەزىيەتمۇ ھەر ھالدا مۇقىملىشىپ قالغاندەك ئىدى. چېمبېرلىن گېپىنىڭ ئاخىرىدا: ««مەن ھازىر يۈز بەرگەن ئىشلاردىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن، بىراق بىز بۇنىڭلىق بىلەن ھەرگىز يولدىن چىقىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. بىز شۇنى ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەككى، دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئارزۇسى يەنىلا تىنچلىق ئۈمىدى ئۈستىگە مەركەزلەشكەن» دېدى.

چېرچىل باش ۋەزىرنىڭ گەپلىرىنى پەقەتلا ياقتۇرمىدى ۋە: «مەن باش ۋەزىرنىڭ ئىنكاسىدىن بەكلا چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ بۇرۇندىنلا ئۆزىنى گىتلېرنىڭ مىجەز-خاراكتېرىنى ئالاھىدە چۈشىنىمەن، شۇڭا گېرمانىيىنىڭ ھەرىكەت دەرىجىسىنى توغرا مۆلچەرلىيەلەيمەن، دەپ قارايتتى. ميۇنخېن يىغىنىنىڭ سەممىي يىغىن ئىكەنلىكىگە، ئۆزىنىڭ گىتلېر، مۇسسولىنى بىلەن بىرلىكتە دۇنيانى ئۇرۇشنىڭ چەكسىز ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقالايدىغانلىقىغا بىر خىل تولۇق ئۈمىد بىلەن ئىشىنەتتى. مانا ئەمدى تۈيۈقسىز پارتلاش يۈز بەرگەندەك، ئۇنىڭ ئېتىقادى شۇنىڭدەك سۆز - ھەرىكەتلىرى پەيدا قىلغان ھەممە ئىشلارنى بىتچىت قىلىۋەتتى. ئۇ پاكىت ئالدىدا ئىنتايىن خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ ئۆزىنىلا ئالداپ قالماستىن، بەلكى بۇ خاتالىقلىرىنى سۆزسىز باش ئېگىپ تۇرىدىغان خىزمەتداشلىرى ھەمدە بەختسىز ئەنگلىيە جامائەتچىلىكىگە

دۈشكەپ قويدى، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، باش ئارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەت، ئەلۋەتتە» دېدى.

چېمبېرلېن ئاچچىق پاكىتلار ئالدىدا ۋە [illegible] قاتارلىقلارنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا ئادەتتىكى پوزىتسىيىسىنى تامامەن ئۆزگەرتىپ، گىتلېرنى تەنقىد قىلىشقا ئۆتتى. ئۇ بىر قېتىملىق سۆزىدە: «مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ميۇنخېن يىغىنىدىن كېيىن ئەنگلىيىنىڭ زور كۆپچىلىك خەلقى ماڭا ئوخشاش، بۇ سىياسەتنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلغانىدى. ئەپسۇس، بۈگۈنكى كۈندە مەن ۋە ئەنگلىيە خەلقى ئوخشاشلا ئۈمىدسىزلەندۇق، قەھرى-غەزەپكە كەلدۇق، بىزنىڭ ئۈمىدلىرىمىز قارشى تەرەپنىڭ تەپتارتماي بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق . . . تۇيۇقسىز تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغان بۇ غۇرۇرلۇق ھەم باتۇر مىللەتكە، ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىنغان، مۇستەقىللىقىدىن ئايرىلغان بۇ مىللەتكە كىم چىن يۈرىكىدىن ھېسداشلىق قىلماي تۇرالايدۇ؟ . . . بۇ قورال كۈچى ئارقىلىق دۇنياغا خوجا بولۇش ئۈچۈن تاشلانغان قەدەم ئەمەسمۇ؟» دېدى.

ھەر ھالدا چېمبېرلېن گىتلېرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنىڭ «دۇنياغا خوجا بولۇش ئۈچۈن تاشلانغان قەدەم» ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئەمما، بۇ دېگەن گەپلىرى بۇنىڭدىن ئىككى كۈن ئاۋۋال تۆۋەن پالاتادا ئېلان قىلغان باياناتىدىكى پوزىتسىيىسى بىلەن پۈتۈنلەي زىت ئىدى. چېمبېرلېن يەنە كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇش ياكى بولمىسا ئۆزىنىڭ نامىنى ئاقلاش ئۈچۈن، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن گىتلېر ئۆزۈندىن بېرى چىشىنى بىلەپ كېلىۋاتقان ئىككىنچى كىچىك دۆلەت پولشا توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك ۋەدە قىلدى:

«مەن ھازىر پارلامېنتقا شۇنى دوكلات قىلىمەنكى . . . ئەگەر پولشىنىڭ مۇستەقىللىقىغا ئېنىق تەھدىت بولىدىغان

ھەرىكەت سادىر بولۇپ، بۇنىڭغا نىسبەتەن پولشا ھۆكۈمىتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۆتىدىغان بولسا، ئەنگلىيە پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ھۆكۈمىتى دەرھال پولشا ھۆكۈمىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاش مەجبۇرىيىتى بار، دەپ ھېسابلايدۇ. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى پولشا ھۆكۈمىتىگە ھازىرقى گېپى بىلەن مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ۋەدە بەرگەنىدى. مەن يەنە شۇنىمۇ ئوقتۇرۇپ قويايكى، فرانسىيە ھۆكۈمىتى ماڭا بۇ مەسىلىدە فرانسىيىنىڭمۇ ئەنگلىيە پادىشاھى ئالىيلىرىنىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بىر مەيداندا تۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرۈپ قويۇشۇمنى ھاۋالە قىلدى».

لېكىن، نۆۋەتتىكى ئەھۋاللارنى ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. شۇ چاغدا ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيە ئۈستۈنلۈكىدىن ئايرىلغان ھەتتا ھاۋا ئارمىيىسى جەھەتتىكى كۈچلەر باراۋەرلىكىنىمۇ يوقاتقانىدى، گېرمانىيە قورال كۈچى ئارقىلىق رېيىن رايونىنى بېسىۋېلىپ، سېگفرېد مۇداپىئە سېپىنى ياساپ بولغان ياكى جىددىي ياساۋاتقانىدى ... بېرلىن - رىم ئوق مەركىزى قۇرۇلغانىدى؛ گېرمانىيە ئاۋستىرىيىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ ئاسسىمىلياتسىيە قىلغانىدى؛ ميۇنخېن شەرتنامىسى چېخ - سلوۋاكىيە ۋەيران قىلىنىۋەتكەن، گېرمانىيە بۇ دۆلەتنىڭ مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى ئىگىلىگەن، چوڭ ھەربىي زاۋۇتى سكودا گېرمانىيە ئارمىيىسى ئۈچۈن قورال-ياراغ ياساپ بېرىۋاتقانىدى، زۇڭتۇڭ روزۋېلت ئامېرىكىنىڭ ئارىلىشىشى ئارقىلىق ياۋروپا ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياكى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئىشىدىنمۇ بىراقلا قول ئۈزگەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى، غەرب دۆلەتلىرى بىرلىشىپ ئىمكانقەدەر پۈتۈن كۈچى بىلەن چېخوسلوۋاكىيىگە ياردەم بېرىش توغرىسىدا كۆپ قېتىم تەكلىپ بەرگەن، ئەمما بۇ تەكلىپكە

ھېچكىم پىسەنت قىلمىغانىدى؛ ئەنگلىيە پەقەت ئىككى دۆۋزىيە ئەۋەتىپ فرانسىيە چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتەلەيدىغان بىر چاغدا، تېخى مۇكەممەللەشمىگەن گېرمانىيە ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرالايدىغان چېخ-سلوۋاكىيىنىڭ 35 دىۋىزىيىسى بىلەن قىلچە چاتىقى بولمىدى. شۇنداق قىلىپ، بارلىق ئىشلار خۇددى ئىستەك بويىچە يوقىتىلمىدى.

«بىز ھازىر بەزى ئۈستۈنلۈك ۋە پايدىلىق شارائىتلاردىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغان چېغىمىزدا، ئەنگلىيە بىر قولى بىلەن فرانسىيىنى يېتەكلەپ ئالغا باستى، پولشىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە كېپىللىك قىلدى، — دېدى چېرچىل، — لېكىن ئىلگىرى بەزىلەر گىتلېرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق كېڭەيمىچىلىكىنى توسۇش ھەققىدە سۆز قىلسىلا، باشقىلار بۇنى يولسىزلىق، يەڭگىلتەكلىك، قوپاللىق، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئەخلاقىي سەۋىيىسىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، دەپ قارايتتى. ئەمدى ئەھۋال ئاخىرقى باسقۇچقا يەتكەندە، ئىككى غەرب دېموكراتىك دۆلىتى پولشىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تارىخنىڭ كۆپ قىسمىغا ئىنسانلارنىڭ جىنايىتى، ئەخمەقلىقى ۋە ئازاب-ئوقۇبىتى يېزىلىدىكەن.»

چېرچىل يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، شەرقىي ياۋروپا تەرەپتە گېرمانىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشىلىق كۆرسىتىش ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىشلىتىلىپ بولۇندى، ۋېنگرىيە گېرمانىيە لاگېرىنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتتى، پولشا دەسلەپ چېخوسلوۋاكىيىگە توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش پوزىتسىيىسى قوللاندى، ھازىر رۇمىنىيە بىلەن زىچ ھەمكارلىشىشتىن باش تارتىۋاتىدۇ. مەيلى پولشا ياكى رۇمىنىيە بولسۇن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ ئۆز زېمىنلىرىدىن

ئۆتۈپ گېرمانىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قايتۇرما زەربە بېرىشكە يول قويماپۋاتىدۇ. بۈيۈك ئىتتىپاقنىڭ ئاچقۇچى روسسىيە بىلەن ئۆز ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشتا، دەپ كۆرسەتتى.

19-مارت، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئالتە دۆلەت يىغىن ئېچىپ تاجاۋۇزچىلىقنى بىرلىكتە توسۇشنى مۇزاكىرە قىلىش توغرىسىدا يەنە تەكلىپ بەردى، چېمبېرلىن بۇ مەسىلىگە دۈشمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇ 26-مارت بىر پارچە شەخسىي خېتىدە: «مەن روسسىيىگە زادى ئىشەنمەيدىغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەن. روسسىيە ماقۇل بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ بىر قېتىملىق كۈچلۈك ھۇجۇم تەشكىللەش ئىقتىدارى بارمۇ-يوق؟ ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ مەقسىتىگە قارىتا مەندىمۇ ئىشەنچ يوق، مېنىڭچە، ئۇنىڭ مەقسىتى بىلەن بىزنىڭ ئەركىن چۈشەنچىمىزنىڭ قىلچە ئالاقىسى يوق. روسسىيە پەقەت ئىغۋاگەرلىك قىلىپ جاھاننىڭ قالايمىقان بولماسلىقىدىن ئەنسىرەيدۇ» دەپ يازدى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالتە دۆلەت بىرلىشىپ يىغىن ئېچىش توغرىسىدىكى تەكلىپىگە مانا مۇشۇنداق سوغۇق مۇئامىلە قىلىندى ۋە بۇ تەكلىپتىن قوپاللىق بىلەن ۋاز كېچىلدى.

چېمبېرلىن ھۆكۈمىتى ئىتالىيىنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇنىڭ ئوق مەركىزى ھەربىي ئىتتىپاقىدىن چىقىپ كېتىشىگە ناھايىتى چوڭ ئۈمىد باغلىغانىدى، ئەمدى بۇ ئېھتىماللىقلارمۇ بارا-بارا يوققا چىقتى. مۇسسولىن 26-مارت كەسكىن نۇتۇق سۆزلەپ فرانسىيىنى ئەيىبلىدى ھەمدە ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى زېمىن تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 7-ئاپرېل كرىزىس يەنىمۇ كېڭەيدى، شۇ كۈنى تاڭ سەھەر ئىتالىيە ئارمىيىسى ۋەھشىيلىك بىلەن ئالبانىيىدە قوروقلۇققا چىقتى ۋە ناھايىتى قىسقا ئۇرۇش قىلىپ، پۈتۈن دۆلەتنى ئىشغال قىلدى.

چېخ - سلوۋاكىيەگېرمانىيىنىڭ پولشىغا تاجاۋۇز قىلىشتىكى بازىسىغا ئايلانغاندەك، ئالبانىيىمۇ ئىتالىيىنىڭ گرېتسىيىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ۋە يۇگوسلاۋىيىنى بىتەرەپلىككە قىستاشتىكى تايانچ پونكىتىغا ئايلاندى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇرۇنلا شەرقىي شىمالى ياۋروپانىڭ تىنچلىق مەنپەئەتىنى مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. «شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپاغا بولغان تەھدىتنى قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى چېرچىل، — بۇ تىنچلىق پاراخوتىنىڭ ھەممىلا يېرى تېشىلىپ كەتتى» 9-ئاپرېل چېرچىل چېمبېرلىنغا يازغان خېتىدە ئۇنىڭدىن «پارلامېنتتا ئېلان قىلىدىغان باياناتىمىسىدىمۇ پولشا شەرتنامىسىگە مۇئامىلە قىلغانغا ئوخشاش بىرلەشمە فرونت تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى» ئۈمىد قىلدى.

شۇ چاغدا، ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق مۇناسىۋەتلەر مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئاخىر چېمبېرلىن ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ ئۆرۈش قىلىدىغانلىقىغا ئىشەندى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئەنگلىيىنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە ئۈنۈملۈك ياردەم بېرەلەيدىغان ياكى بېرەلمەيدىغانلىقى بىلەن چاتاقى بولماي، ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىۋەردى، شۇنىڭدەك، ئۇلار ماقۇل بولسىلا ئىتتىپاق ئەھدىنامىسى تۈزدى. پولشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەندىن باشقا، يەنە گرېتسىيە ۋە رۇمىنىيىگىمۇ ياردەم بېرىمىز دەپ ۋەدە قىلدى، ئارقىدىنلا تۈركىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى.

ئەنگلىيىنىڭ بۇ ئىشىغا گىتلېرنىڭ ئىچ-ئىچىدىن ئۆچلۈكى كەلدى. ئۇ 28-ئاپرېل پارلامېنتتا نۇتۇق سۆزلەپ: «بۈگۈنكى كۈندە، ئەنگلىيىدە چىقىدىغان گېزىتلەر بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا، گېرمانىيىگە قارشى تۇرماي بولمايدۇ، دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ،

بۇ كۆز قاراشنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، گېرمانىيىنى مۇھاسىرىگە ئېلىش سىياسىتىنى يولغا قويدى، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيە شەرتنامىسىنىڭ ئاساسى مەۋجۇت ئەمەس» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە گېرمانىيە بىلەن پولشىنىڭ ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنىمۇ بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلىدى ۋە: «مەلۇم ئەھۋال ئاستىدا، گېرمانىيە باشقا ھەرقانداق بىر دۆلەت بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىپ، ئەنگلىيە بۇ ئۇرۇشقا تارتىلىپ كىرىدىغان بولسا، بۇ ۋەدە پولشانى گېرمانىيىگە قارشى ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشقا مەجبۇرلايدۇ. شۇڭا، بۇ كېلىشىم مەۋجۇت ئەمەس» دېدى.

1934-يىلى ئىمزالانغان گېرمانىيە بىلەن پولشا ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنىڭ بىكار قىلىنىشى ئىنتايىن ئېغىر ۋە زور تەھدىت خاراكتېرىنى ئالغان تەدبىر ئىدى. 1939-يىل يانۋاردا، رىببېنتروپ ۋارشاۋانى زىيارەت قىلغاندا بۇ شەرتنامىنى قايتا-قايتا مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇ شەرتنامە ئەنگلىيە - گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسى شەرتنامىسىگە ئوخشاش، گىتلېرنىڭ ئارزۇسى بويىچە سۆھبەت ئارقىلىق تۈزۈلگەن بولۇپ، گېرمانىيىگە پايدىلىق ئىدى. بۇ ئىككى شەرتنامە گېرمانىيە ئاجىز دۆلەت ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئورنىنى ياخشىلىغانىدى. ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيە كېلىشىمى ئەمەلىيەتتە، ئەنگلىيە گېرمانىيىنىڭ ۋېرسال سۈلھ شەرتنامىسىدىكى ھەربىي ماددىلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا قول قويغانلىقى بىلەن باراۋەر ئىش ئىدى، شۇڭا سترېسا سېپى قاتارلىقلارنىڭ قارارلىرى كۈچىدىن قالدى. گېرمانىيە-پولشا شەرتنامىسى گېرمانىيىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى ئاۋستىرىيىگە، ئاندىن چېخوسلوۋاكىيىگە مەركەزلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، شۇنداق

www.uyghurkitap.com

قىلىپ، بۇ ئىككى بەختسىز[1] دۆلەت پاجىئەلىك ھالدا دەپسەندە قىلىندى. گېرمانىيە-پولشا شەرتنامىسى مەلۇم مەزگىل ئىچىدە پولشا بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئاجىزلاشتۇردى ھەمدە شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ جانىجان مەنپەئەتلىرى بىر-بىرىگە باغلانغان ئىتتىپاقنى تەرەققىي قىلدۇرمىدى. بۇ شەرتنامە گېرمانىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، بىر تەرەپنىڭ ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن يىرتىپ تاشلاندى. پولشىغا بىشارەت بېرىلدى، شۇنداق قىلىپ، بۇ دۆلەت ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچراش دائىرىسىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدى.

چېرچىل كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك «ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پولشا بىلەن رۇمىنىيىگە بەرگەن ۋەدىسى ئەنگلىيىنىڭ روسىيە بىلەن تۈزگەن ئومۇمىيۈزلۈك شەرتنامىسى سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلمىسە، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ھەربىي جەھەتتە قىممىتى بولمايدۇ». بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن 16-ئاپرېل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى لىتۋىنوف موسكۋادا ئەنگلىيە باش ئەلچىسىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىگە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۈچ تەرەپلىك ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسى تۈزۈش، بۇ شەرتنامىنىڭ، شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي كېلىشىم تۈزۈش ئارقىلىق ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسىنى ئەمەلىي ئۈنۈمگە

---

① ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە ئىتالىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت گېرمانىيىنىڭ «ۋېرسال سۈلھى شەرتنامىسى» گە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن، 1935-يىلى ئاپرېلدا، ستريېسادا يىغىن ئاچتى. يىغىن ئۈچ دۆلەت شەرقىي ياۋروپا بىخەتەرلىك مەسىلىسى توغرۇلۇق سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. ئاۋستريىيە مۇستەقىللىقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىشنى ئۈچ دۆلەت ئورتاق سىياسىتىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى؛ گېرمانىيىنىڭ بىر تەرەپلىمە ھالدا «ۋېرسال سۈلھى شەرتنامىسى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يېڭىۋاشتىن قوراللانغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئۈچ دۆلەت قارىلىنىشقا بولىدىغان بارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ياۋروپا تىنچلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان، بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا سۈلھى شەرتنامىسىنى بىكار قىلغان ھەرىكەتلەرگە تولۇق قارشى تۇرۇشقا، شۇنىڭدەك بۇ مەقسەت ئۈچۈن يېقىندىن ھەمكارلىشىشقا قوشۇلدى.

ئىگە قىلىش، يەنە ئىمزا قويغان دۆلەتلەرنىڭ (ئەگەر مۇۋاپىق كۆرۈلسە، پولشىنىمۇ بۇنىڭ ئىچىگە قوشسا بولىدۇ)، ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە شەرقىي ياۋروپادا ئۆزلىرىنى ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان، دەپ قارىغان بارلىق دۆلەتلەرگە كاپالەت بېرىشنى تەلەپ قىلىش تەكلىپىنى بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ تەكلىپى لوندون بىلەن پارىژنى ھەيران قالدۇردى. چېمبېرلىن ميۇنخېندىكى مەزگىللىرى قىلغىنىغا ئوخشاش، پۇتۇن ئەس-يادى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى ياۋروپادىكى چوڭ دۆلەت گۇرۇھىدىن چىقىرىۋېتىش كويىدا بولدى. پولشىنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى مەيداندا چىڭ تۇرىدىغان جاھىل پولكوۋنىكلىرى گېرمانىيىلىكلەر ئۇلارنىڭ دەرۋازىسىغا كىرەي دەپ قالغان چاغدىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى رەت قىلدى.

چېرچىل 4-ماي ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ئوبزورىدا: «ئەڭ مۇھىمى — پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق كېرەك. روسىيە تەكلىپ-پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن بېرى 10 ياكى 20 كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ھازىر ئەنگلىيىلىكلەر ئەزەلدىن رىئايە قىلىپ كېلىۋاتقان ھەم ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ئادىتىدىن ۋاز كېچىپ، ھەربىي مەجبۇرىيەت تۈزۈمىنىڭ پرىنسىپىنى قوبۇل قىلدى، ئۇلار فرانسىيە بىلەن بىرلىكتە پولشىنىڭ ئورتاق ئىشلاردا توسالغۇ پەيدا قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق. بىز روسىيە بىلەن تولۇق ھەمكارلىشىپلا قالماستىن، بەلكى لىتۋا، لاتۋىيە ۋە ئېستونىيىدىن ئىبارەت بالتىق دېڭىزى بويىدىكى ئۈچ دۆلەتنى بۇ چوڭ ئىتتىپاققا قاتناشتۇرۇشىمىز كېرەك. جەڭ قىلىشقا ماھىر بۇ ئۈچ مىللەتنىڭ تەخمىنەن 20 دىۋىزىيە خىللانغان قوشۇنى بار. دوستانە دۆلەت روسىيە ئۇلارغا قورال-ياراغ ۋە باشقا زۆرۈر بولغان ياردەملەرنى بەردى» دەپ يازدى.

«سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پائال ياردىمى بولمىسا، ناتسىستلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى شەرقىي فرونتنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ، — دەپ تەكىتلىدى چېرچىل، — ھازىر يەنىلا بالتىق دېڭىزى بىلەن قارا دېڭىز ئارىلىقىدىكى دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەرنى مۇستەھكەم بىر سەپ قىلىپ بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى زوراۋانلىق ياكى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرغىلى بولىدۇ. بۇ فرونت مۇستەھكەم ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، كەسكىن ۋە ئۈنۈملۈك ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ، غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ كۈچلىرى بىلەن يەنە بىرلىشىدىغانلا بولسا، گىتلېر، گېرىنگ، ھىملېر، رىببېنتروپ، گېببېلس ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىگە تولۇق تاقابىل تۇرۇپ، گېرمانىيىلىكلەرنى ئۆزى خالىغانچە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشقا پېتىنالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغىلى بولىدۇ.»

لېكىن، ئەھۋال دەل ئەكسىچە بولدى. ئەنگلىيە، فرانسىيە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپلىرىگە ئىنتايىن مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىدىغان خاتا پوزىتسىيە قوللاندى. ھەممىگە ئايانكى، چېخ - سلوۋاكىيە كرىزىسى پەيدا بولغاندا، چېمبېرلىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىككى ئوتتۇرىدا قاتناپ گىتلېر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغان چاغدا، جىڭغا توختىمايدىغان ئادەملىرىنى ئەۋەتتى، ئەڭ ئاخىرىدا ھەربىي سۆھبەتكە ئەۋەتكەن ئادەملىرى تولۇق ھوقۇقلۇق گۇۋاھنامىلىرىنىمۇ يېنىغا سېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بۇ سۆھبەتكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، يەنى سۆھبەت باشلىنىش بىلەنلا، ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسى ھەم ھەربىي كېلىشىم تۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە بالتىق دېڭىزىدىن قارا دېڭىزغىچە بولغان ئارىلىقتىكى

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىلىنىدىغان بارلىق دۆلەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇستەقىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەرگىز ئىشەنمىدى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچىگىمۇ ئىشەنمىدى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭلا بىر مۇنچە مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىخەتەرلىكى توغرۇلۇق ھېچقانداق مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالمىدى.

ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن موسكۋادا ئۆتكۈزۈۋاتقان سۆھبىتى، ئەمەلىيەتتە توختاپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. ئەنگلىيە، فرانسىيە ھەربىي ۋەكىللىرى پاراخوتقا ئولتۇرۇپ 11-ئاۋغۇست موسكۋاغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللىرى بىلەن قەيەردە، قانداق ئۇسۇل، قانداق قورال كۈچى ئارقىلىق ناتسىستلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇش مەسىلىسى توغرۇلۇق مۇزاكىرە قىلمىدى. ئۇلار ھەربىي جەھەتتە شەرتنامە تۈزۈشتىن ئىبارەت ماھىيەتلىك مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچماي، ئابستراكت، مۇھىم بولمىغان ئاتالمىش «پرىنسىپاللىق مەسىلىلەر» ئۈستىدە توختىلىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىلى ۋوروشىلوف: «سىلەر بۇ يەرگە ئابستراكت خىتابنامە تۈزۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىر ئومۇمىيۈزلۈك ھەربىي شەرتنامە تۈزۈش ئۈچۈن كەلدىڭلار» دېدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ مارشالى، پولشىنىڭ قانداق ھەرىكەت قوللىنىشى بەلگىلەنگەن بىرەر شەرتنامە بارمۇ-يوق؟ ئەگەر ئۇرۇش پارتلاپ قالسا، ئەنگلىيە قانچىلىك قوشۇن چىقىرىپ فرانسىيىگە ياردەم بېرەلەيدۇ؟ بىلگىيە قانداق

قىلىدۇ؟ دېگەندەك ئىنتايىن كونكرېت سوئاللارنى قويدى. ئەمما، ۋوروشىلوف مۇجمەل، كىشىنى رازى قىلالمايدىغان جاۋابلارغا ئىگە بولدى. فرانسىيە ۋەكىلى دۇمانك پولشىنىڭ پىلانى توغرۇلۇق ھېچنەرسە بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەنگلىيە ۋەكىلى دراكس ھازىر ئەنگلىيىنىڭ بەش مۇنتىزىم دىۋىزىيىسى ۋە بىر ماشىنىلاشقان دىۋىزىيىسى بار، دەپ تىلىنى چاينىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ئۇرۇش باشلىنىش بىلەنلا 136 پىيادە ئەسكەر دىۋىزىيىسى، 5000 زەمبىرەك، 10 مىڭ تانكا ۋە 5000 ئايروپىلان چىقىرىپ، غەربتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلارغا تاقابىل تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

14-ئاۋغۇستتىكى بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ يىغىندا مارشال ۋوروشىلوف ئېنىق تەكىتلەپ: تۈپكى مەسىلە، پولشا ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ پولشا زېمىنىغا كىرىپ گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا زەربە بېرىشىگە قوشۇلامدۇ-يوق؟ ئەگەر قوشۇلمايدىغان بولسا، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ پولشاغا تېز سۈرئەتتە باستۇرۇپ كىرىشىنى قانداق توسايدۇ؟ دېدى. ئۇ يەنە كونكرېتنى قىلىپ: «ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە باش شتابلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى پولشىدىن، بولۇپمۇ ۋىلنا جىلغىسى ۋە گالىسىيىدىن ئۆتۈپ گېرمانىيە ئارمىيىسى بىلەن ئۇچراشسا بولىدۇ، دەپ قارامدۇ-يوق؟» دەپ سورىدى. مانا بۇ مەسىلىنىڭ يادروسى ئىدى. ئاخىر تەشۋىش ئىچىدە ئولتۇرالماي قالغان ئەنگلىيە ۋەكىلى: ۋوروشىلوف بىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىش سالاھىيىتىمىز بولمىغان سىياسىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى، دەپ پوزىتسىيە بىلدۈردى.

ۋوروشىلوف 21- ئاۋغۇستتىكى يىغىندا يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئارزۇسى بۇرۇنمۇ شۇنداق، ھازىرمۇ شۇنداق، يەنى ئۈچ دۆلەت قوراللىق

قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىي ھەمكارلىقىنى تەشكىللەشكە قوشۇلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيە بىلەن ئورتاق چېگرىسى يوق، پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى پولشا ۋە رۇمىنىيە زېمىنىدىن ئۆتۈش شەرتى ئاستىدا ئاندىن ئەنگلىيە، فرانسىيە، پولشا ۋە رۇمىنىيىگە ياردەم بېرەلەيدۇ، ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ پولشا ۋە رۇمىنىيە زېمىنىغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمىسا، ئەنگلىيە، فرانسىيە ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلىشالمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ۋەكىللەر ئۆمىكى، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ ھۆكۈمەت ۋە باش شتابلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتكەندە نېمىشقا مۇشۇنداق بىر ئەڭ تۈپكى مەسىلىدە ئۇلارغا يوليورۇق بەرمەيدىغاندۇ؟ دەپ ئويلىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئەستايىدىل ۋە ئۈنۈملۈك ھەمكارلىشىش ئارزۇسى بارمۇ-يوق، بۇ كىشىنى گۇمانغا سالاتتى.

دۇمانك بىلەن دراكس ئۆز دۆلىتى ھۆكۈمىتىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پولشا توغرىسىدىكى سوئاللىرىغا قانداق جاۋاب بېرىش ھەققىدە يوليورۇق بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئەمما ئۇچ كۈنگىچە جاۋاب كەلمىدى. 17-ئاۋغۇست دۇمانك پارىژغا تېلېگرامما بېرىپ: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي شەرتنامە تۈزۈش ئويى بار ئىكەن. بۇ دۆلەت بىزنىڭ كونكرېت كاپالەتنى بولمىغان بىر پارچە قۇرۇق قەغەزنى بېرىشىمىزنى خالىمايدۇ. ۋوروشىلوف ‹مەن تىلغا ئالغان ئاچقۇچلۇق مەسىلە ھەل قىلىنسىلا، بارلىق مەسىلىلەر تېز ھەم ئوڭايلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ› دەپ جاكارلىدى» دېدى ۋە پارىژنىڭ بىر ئامال قىلىپ ۋارشاۋاغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، بۇ تەلەپ ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە ۋارشاۋا ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنىڭ قوپاللىق بىلەن رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ چاغدا، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يوشۇرۇن ھالدا گېرمانىيە بىلەن مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەرب دۆلەتلىرى بىلەن گىتلېرغا قارشى بىرلىك سەپنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى، ئەمدى ئۇنىڭ جىددىي ۋەزىپىسى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ «بالايىئاپەتنى شەرققە باشلاپ قويۇش» سىياسىتىدىن ھەسسىلەپ ھوشيار تۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ قالدى. چوڭ ئۇرۇش پارتلاش قىلىنىڭ ئۇستىدە تۇرغان ۋەزىيەت ئاستىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى جاھانگىرلار ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، 1939-يىلى 23-ئاۋغۇستتا گېرمانىيە بىلەن «سوۋېت ئىتتىپاقى-گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى» تۈزدى. بۇ شەرتنامىنىڭ ئىمزالىنىشى، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا كۈشكۈرتۈشتىن ئىبارەت سۇيىقەستىنى تارمار قىلىپ، گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان مۇھاسىرىسىنى بۇزۇۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى قىممەتلىك ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈپ ئۇرۇش ھازىرلىقلىرىنى كۈچەيتتى ۋە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇش تەييارلىقىنى يەنىمۇ پۇختا ئىشلىدى.

گىتلېر كۆپ قېتىم سۇيىقەست ئىشلىتىپ، ئاخىر 31-ئاۋغۇست چۈشتە ئەڭ ئاخىرقى قارارنى بېكىتتى ۋە پولشىنى يوقىتىشنىڭ «ئاق لايىھە» سىنىڭ 1-نومۇرلۇق ئۇرۇش بۇيرۇقىنى چىقاردى. 1-سېنتەبىر ئەتىگەن سائەت 4 تىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، 1 مىليون 500 مىڭدىن كۆپرەك گېرمانىيە ئارمىيىسى پولشا چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، شىمال، جەنۇب ۋە غەربتىن ئىبارەت ئۈچ يۆنىلىش بويىچە ۋارشاۋاغا شىپقاپ كەلدى. گېرمانىيە ئايروپىلانلىرى ئۆزلىرىنىڭ نىشانى بولغان

پولشىنىڭ ئارمىيىسى، ھەربىي قورال-ياراغ ئىسكىلاتى، كۆۋرۈك، تۆمۈر يول ھەمدە مۇداپىئەسى بولمىغان شەھەرلەرگە قاراپ ئۇچتى. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن بۇ ئايروپىلانلار پولشىلىقلارنى خەلق ياكى ئارمىيە دەپ ئايرىماي، تۈنجى قېتىم ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆلىمى ئەڭ زور بولغان ھاۋادىن شىددەتلىك بومباردىمان قىلدى. 27-سېنتەبىر ناتسىستلار ئارمىيىسى ۋارشاۋادىن ئىبارەت تايانچسىز قالغان بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلدى.

ئەنگلىيە، فرانسىيە ئىككى دۆلەت پولشا بىلەن ئىتتىپاق شەرتنامىسى تۈزگەندى. شەرتنامىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئىككى دۆلەت قىلچە ئىككىلەنمەي پولشىغا ھەربىي ياردەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ياردەمنى بېرىشى كېرەك ئىدى. مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئەنگلىيە ئۆزلۈكىدىنلا گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، پولشىنى قوللىشى زۆرۈر ئىدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە چېمبېرلىن ھۆكۈمىتى ئەڭ ئاخىرقى پەيتتە ئۆزىنىڭ دەبدەبىلىك ۋەدىسىدىن تېنىۋالدى، پولشا توغرۇلۇق ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ، پولشا مەسىلىسىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن گېرمانىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشتىن ئۈزۈنى قاچۇردى. بۇ ئەمەلىيەتتە يېڭى «ميۇنخېن» ئورۇنلاشتۇرۇشى بولۇپ، بۇ قېتىمقى پولشا مەسىلىسىگە چېتىلاتتى. لېيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ مەشھۇر ئەربابى سۇئې دالتون 2-سېنتەبىردىكى كۈندىلىك خاتىرىسىگە: «ئەھۋالدىن قارىغاندا، ماداراچىلىق سىياسىتى يەنە قايتىدىن ئومۇملىشىدىغان ئوخشايدۇ، بىزنىڭ پولشىلىقلارغا بەرگەن ۋەدىمىز قەستەن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى» دەپ يازدى.

ئەنگلىيىلىكلەر، ئارقىغا چېكىنمەسلىك كېرەك، ئاللىقاچان شەرمەندىلەرچە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ماداراچىلىق

سىياسىتىنىڭ ئۆمرى تۈگىدى، ئەمدى ئەنگلىيە پولشا توغرۇلۇق ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتا ئالدى بىلەن فاشىستلار گېرمانىيىسىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشى كېرەك، دەپ قارايتتى. تۆۋەن پالاتادىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق پارلامېنت ئەزالىرى بۇ پىكىرنى قوللايتتى. چېمبېرلىن خەلق ئاممىسى ۋە تۆۋەن پالاتادىكىلەرنىڭ كەيپىياتىنىڭ قانچىلىك ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەي، جېنىنىڭ بارىچە ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش كويىدا گېرمانىيىلىكلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ئۇرۇش ئېلان قىلىشتىن ساقلاندى. 2-سېنتەبىر تۆۋەن پالاتادا بىر مەيدان ھۆكۈمەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان بەس-مۇنازىرە باشلىنىپ كەتتى. پارلامېنت ئەزالىرى ئەنگلىيىنىڭ پولشا توغرۇلۇق ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ۋەزىيەت قىستاپ كەلدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىمۇ ئاخىر ئۇيقۇسىنى ئاچتى. 3-سېنتەبىر چۈش سائەت 12 دىن 6 مىنۇت ئۆتكەندە، چېمبېرلىندىن ئىبارەت سىياسىي ھاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك خەۋپكە قارىماي، گودېسبېرگ ۋە ميۇنخېندا باشتىن-ئاخىر گىتلېرغا مادارائچىلىق قىلىپ كەلگەن بۇ سىياسىئون تۆۋەن پالاتادا قايغۇلۇق نۇتۇق سۆزلەپ، ئەنگلىيىنىڭ ئەمدى گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى جاكارلىدى. نۇتقىنىڭ ئاخىرىدا: «بۈگۈن كۆپچىلىك ھەممەيلەن ئەڭ ئېغىر ئەلەم تارتقان كۈن، ئەمما مېنىڭدەك ئېغىر ئەلەم چەككەن بىرەر ئادەم يوق. ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئىشلەپ كېلىۋاتقان بۇ ئۆمرۈمدە مەن ئېتىقاد قىلغان بارلىق نەرسە، بۇنىڭ ئۈچۈن قىلغان بارلىق خىزمەتلىرىم ھەش-پەش دېگۈچە يوققا چىقتى. ھازىر مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان بىردىنبىر ئىش، بارلىق كۈچۈمنى ۋە ھاياتىمنى قىلچە ئايىماي، بىزنىڭ زور بەدەل تۆلەشكە تېگىشلىك



www.uyghurkitap.com

بولغان ئىشىمىزدا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. . . مەن هايات چېغىمدا گىتلېرىزم يوقىلىدىغان ۋە ياۋروپا قايتىدىن ئازادلىققا ئېرىشىدىغان شۇ كۈننى كۆرەلىشىمگە ئىشىنىمەن» دېدى. ئەمما، چېمبېرلىن بۇ كۈننى كۆرەلمەي، 1940-يىل 9-نويابىر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى.

3-سېنتەبىر ئەنگلىيە، فرانسىيە ئىككى دۆلەت فرانسىيە-پولشا ئىتتىپاقداشلىق ئەهدى ۋە ئەنگلىيە - پولشا ئۆز - ئارا تاجاۋۇزچىلىق قىلىشماسلىق شەرتنامىسىگە ئاساسەن هەم خەلقنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئالدىراپ-تېنەپ گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، 2-دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى، چېمبېرلىن يولغا قويغان ماداراچىلىق سىياسىتىمۇ ئۇزۇل-كېسىل بەربات بولدى. ئاخىر ۋەزىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ تەرەققىياتى چېرچىلنىڭ هاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىغا يول ئېچىپ بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئون بەشىنچى باب

# دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىقىغا قايتىپ كېلىش

گىتلېر پولشىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى، ئارقىدىنلا ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇرۇختۇرمىلىق، ئارىسالدى ۋاقىت پەيدا بولدى، ياۋروپانىڭ بۇ ئەھۋالى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى ھەيران قالدۇردى. بەزىلەر ياۋروپانىڭ بۇ باسقۇچىنى «غوۋا ئۇرۇش» دەپ ئاتىسا ۋە بەزىلەر «غەلىتە ئۇرۇش» دەپ ئاتىدى. بۇ، ئەنگلىيە گېرمانىيىگە رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇرۇش بولمىدى، دېگەنلىكتۇر. ئەنگلىيە، فرانسىيىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى پولشىغا ياردەم بېرىش مەسىلىسىدە قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ چەتتە قاراپ تۇردى ۋە پولشا ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن گېرمانىيە بىلەن سۈلھى سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە توسالغۇ بولۇپ قېلىشتىن بەكلا قورقۇپ، گېرمانىيىلىكلەرگە قاتتىق پوزىتسىيە قوللانمىدى. ماھىيەتتە بۇ ميۇنخېن سىياسىتىنىڭ يېڭى شارائىت ئاستىدىكى راۋاجى ئىدى.

ئەنگلىيە خەلقى بۇ ئەھۋالغا قاتتىق نارازى بولدى. ئەنگلىيە تۆۋەن پالاتاسى ۋە باش ۋەزىر سارىيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا كۆپلىگەن ياشلار كونا بويىي پلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلدى، ئۈنلۈك شوئار توۋلاپ، ئېلانلارنى چاپلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ

خاتا سىياسەتكە ھۇجۇم قىلدى. پلاكاتلارغا «چېرچىل كابىنېتقا قايتىپ كېلىشى كېرەك!» دېگەن خەتلەر يېزىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئاممىنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن، چېمبېرلىن چېرچىلنى كابىنېتقا قايتۇرۇپ كېلىپ، دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىدى.

چېمبېرلىن ھىيلە-مىكرىسى كۆپ سىياسىئون ئىدى. ئۇنىڭ چېرچىلنى دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىشى ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلىكى ئەمەس، بەلكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ئىدى. شۇ چاغدا غەربىي سەپتىكى قۇرۇقلۇق ئۇرۇشىدا «قىلچە مىدىرلاش» بولمىسىمۇ، لېكىن دېڭىز ئۇرۇشى باشلىنىش بىلەنلا ئىنتايىن شىددەتلىك بولدى. گىتلېر ئاللىبۇرۇنلا گېرمانىيىگە ئەنگلىيىنى ئومۇمىيۈزلۈك مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئەنگلىيە فلوتى ۋە سودا كېمىلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن ھەمدە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ: «ئۇلارنى جەڭدە ئۆلتۈرمىسەك، مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئۆلتۈرۈشىمىز كېرەك» دېگەنىدى. چېرچىل ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كۈنى — 3-سېنتەبىر كەچ سائەت 9 دا، ئەنگلىيىنىڭ چەت ئەلگە كېتىۋاتقان 13 مىڭ توننىلىق «ئافېنا» ناملىق يولۇچىلار كېمىسى گېرمانىيىنىڭ تورپېداسى تەرىپىدىن غەرق قىلىۋېتىلىپ، 120 ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 28 ئامېرىكا پۇقراسى بار ئىدى. 5- ۋە 6- سېنتەبىر «پوسنىيە» ناملىق ۋە «رىئوكلاردو» ناملىق پاراخوتلارمۇ كەينى-كەينىدىن ئىسپانىيە دېڭىز بويلىرىدا غەرق قىلىۋېتىلدى. بۇلار ئەنگلىيىنىڭ مۇھىم پاراخوتلىرى ئىدى.

شۇ چاغدىكى ئەھۋال ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى، چېرچىل كېچە-كۈندۈز دېگۈدەك دەم ئالماي، ھەر كۈنى 18—19 سائەت ئىشلىدى. ئۇ دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىگە كەلگەندىن كېيىن (2-كۈنى) بىرىنچى بەرگەن يوليورۇقىدا، دېڭىز ئارمىيە

ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئۆزىگە بىر پارچە دوكلات يېزىپ «بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە ئاي داۋامىدا گېرمانىيىنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدە بارلىققا كەلتۈرمەكچى بولغان سۇ ئاستى كېمىلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشىنى، يىراق دېڭىز-ئوكيانلارغا قاتنايدىغان پاراخوتلار بىلەن كىچىك تىپتىكى سۇ ئاستى كېمىلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ بېرىشىنى، ھەرخىل سۇ ئاستى كېمىلىرىنىڭ داۋاملىق ماڭالايدىغان كۈن سانىنى ۋە ئىنگلىز مىلى سانىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۆلچەرلەپ بېرىشىنى» تەلەپ قىلدى. دوكلات ئاخىر يېزىلدى. چېرچىل دوكلاتنى كۆرۈپ گېرمانىيىنىڭ 60 سۇ ئاستى كېمىسى بار ئىكەنلىكىنى، 1940-يىلىغا كەلگەندە 100 گە يەتكۈزىدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ يىراق مۇساپىگە قاتنايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە سۇ ئاستى كېمىلىرىنىڭ سانى ئەڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدى. بۇنىڭدىن گىتلېرنىڭ سۇ ئاستى كېمىلىرىنى مۇمكىنقەدەر بالدۇرراق يىراق دېڭىز-ئوكيانلارغا ئەۋەتىپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئويىنىڭ ھەقىقەتەن بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

چېرچىل بۇنىڭدىن كېيىنكى چوڭ ئۇرۇشلارنى قوللاش ۋە برىتانىيە ئارىلىدىكى خەلقلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، قۇدرەتلىك دېڭىز مۇھاپىزەت ئەترىتى تەشكىللەش ئارقىلىق دېڭىز ترانسپورتىنى راۋانلاشتۇرۇپ، دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىنى بۇزۇپ تاشلاش كېرەكلىكىنى، بۇنىڭ شۇ چاغدىكى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ جىددىي ۋەزىپىسى بولۇپ قالغانلىقىنى نەزەرگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن، دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بۇ ۋەزىرى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى كېمە خوجايىنلىرىنى يىغىپ دېڭىز ترانسپورتىنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىغا دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە داۋاملىق كېڭىشىپ تۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى كېمە

باشلىقلىرىغا يوليورۇق بېرىپ، ئۇلارغا ئۇرۇش ۋاقتىدا يولۇقۇپ قالىدىغان بىر مۇنچە ناتونۇش ئەھۋاللارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى ئالاھىدە سىگنال ۋە ئۇسكۇنىلەر بىلەن تەمىن ئېتىپ، مۇھاپىزەت قىلىش ئەترىتىگە قاتنىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. سودا كېمىلىرىنىڭ خادىملىرى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان ئىستىقبالى ئالدىدا كەسكىن ۋە قەتئىي ئىرادىگە كەلدى ۋە پاسسىپ ۋەزىيەتنى ئۇستىگە ئېلىشتىن نارازى بولۇپ، قوراللىنىشنى تەلەپ قىلدى. سودا كېمىلىرى زەمبىرەك بىلەن ئۆزىنى قوغدىسا، بۇ ئەزەلدىن خەلقئارا قانۇندا يوللۇق، دەپ قارىلاتتى. ئوكيانلاردا قاتنايدىغان سودا كېمىلىرىنى قوراللاندۇرۇش ۋە ماتروسلىرىنى مەشق قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش، دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىنىڭ دەرھال ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پىلانلىرىنىڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ قالغانىدى. چېرچىل سودا كېمىلىرىگە دېڭىز ئۇستىدىن زەمبىرەك بىلەن تۇيۇقسىز زەربە بەرمەي، بەلكى سۇ ئاستى كېمىلىرى دېڭىز ئاستىدىن تۇيۇقسىز زەربە بەرسە، سودا كېمىلىرىنىڭ قېچىپ كېتىش پۇرسىتى چوڭراق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سودا كېمىلىرىگە تۇيۇقسىز زەربە بەرگەن سۇ ئاستى كېمىلىرىنىڭ قىممەتلىك تورپېدالىرى ئىسراپ بولىدۇ، شۇنىڭدەك كۆپ ھاللاردا ھېچقانداق ئۇنۇم كۆرسىتەلمەي، بىكاردىن-بىكار خورايدۇ، دەپ قارايتتى. شۇڭا ئەنگلىيە ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە، 1000 سودا كېمىسىگە ئاز دېگەندە بىردىن سۇ ئاستى كېمىلىرىگە قارشى زەمبىرەك ئورناتتى.

چېرچىلنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىك قىلىشى ئاستىدا، چەت ئەللەرگە قاتنايدىغان ئەنگلىيە سودا كېمىلىرى مۇھاپىزەت قىلىش ئەترىتى تەشكىللىدى. 8-سېنتەبىر ئاساسلىق ئۈچ دېڭىز

www.uyghurkitap.com

يولىدا قاتناش باشلاندى. لىۋېرپول ۋە تېمزا دەرياسىدىن غەربتىكى دېڭىز-ئوكيانلارغا بارىدىغان ھەممە تېمزا دەرياسى بىلەن فۇس دەرياسى ئارىلىقىدىكى جايلاردا دېڭىز مۇھاپىزەت ئەترىتى تەشكىللەندى. بۇ پورتلار ۋە مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى باشقا پورتلارنىڭ مۇھاپىزەت ئەترىتىنى باشقۇرغۇچى خادىملار ئۇرۇش پىلانى ئىچىگە كىرگۈزۈلدى ھەمدە تېگىشلىك پورتلارغا ئەۋەتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيە بوغۇزى (لامانشى بوغۇزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە ئىرېلاندىيە دېڭىزىدىن چەت ئەلگە قاتنايدىغان پاراخوتلار يەنى مۇھاپىزەت قىلىش ئەترىتىگە كىرگۈزۈلمىگەنلەر بۇيرۇق بويىچە پلىمۇۋت ۋە مىلفورددىن ئىبارەت ئىككى پورتقا كېلىپ توختايتتى، پورتتىن يالغۇز چىقىپ سەپەر قىلىش پۇتۇنلەي بىكار قىلىندى. چەت ئەلدە كونكرېت تەدبىر قوللىنىپ، ۋەتەنگە قايتىشتىمۇ مۇھاپىزەت ئەترىتى تەشكىللەش سۈرئىتى تېزلىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ بالدۇرقى بىر تۈركۈمى 14-سېنتەبىر فرېتوندىن، 16-سېنتەبىر نوۋاسكوشادىكى ھالىفاكس پورتىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا يولغا چىقتى. ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن، ئوكيانلارنى نورمال مۇھاپىزەت قىلىش ئەترىتى يولغا چىقتى، ئۇلار تېمزا دەرياسى ۋە لىۋېرپولدىن يولغا چىقتى، ۋەتىنىگە قايتقان كېمىلەر ھالىفاكس، جەبىلتارىق ۋە فرېتوندىن يولغا چىقتى.

دېڭىز يولىنى مۇھاپىزەت قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، دېڭىز ئارمىيىسى ئۈچۈن مۇھاپىزەت قىلىش ئەترىتىگە بىرەر بىخەتەر بازا تاللاپ بېرىش ئىككىنچى چوڭ زۆرۈر ئىش بولۇپ قالدى. چېرچىل 5-سېنتەبىر چۈشتىن كېيىن سائەت 10 دا مۇشۇ مەسىلە توغرۇلۇق بىر قېتىملىق ئۇزۇن يىغىن ئاچتى، بۇ ئۇنىڭ ئۆتكەنكى كۆپلىگەن كونا ئىشلىرىنى ئېسىگە سالدى. گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشتا سكاپا ناھايىتى ياخشى

ئىستراتېگىيىلىك تايانچ پونكىت ئىدى. ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى بۇ يەردىن شىمالىي دېڭىزنىڭ چىقىش ئېغىزىنى كونترول قىلىشى ھەمدە قامال يۈرگۈزۈشى مۇمكىن ئىدى. 1-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى ئىككى يىلىغىچە ئەنگلىيە فلوتى يېتەرلىك ئۈستۈن كۈچكە ئىگە، جەنۇبقا — روست قولتۇقىغا يۆتكەلسە بولىدۇ، دەپ قارالغانىدى، چۈنكى شۇ يەردىكى فلوت 1-دەرىجىلىك كېمە ياساش زاۋۇتىدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى. لېكىن، سكاپا قولتۇقى گېرمانىيىنىڭ ھاۋا بازىسىدىن يىراقراق بولغاچقا، ياخشى ئورۇن ھېسابلىناتتى. شۇڭا، بۇ ئورۇن دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش پىلانىدا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بازىسى قىلىپ ئېنىق بېكىتىلدى.

ئەمما، بۇ يەرنىڭ ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەلىرى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، ئىلگىرى بۇنىڭغا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئېتىبارسىز قارالغانىدى. خوي ئارىلىدىكى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ماي ئىسكىلاتى ۋە قوغلىغۇچى كېمىلەر توختايدىغان ئورۇندا ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن قويۇلغان ئىككى زېنىت زەمبىرەك ئەترىتىدىن باشقا، سكاپا قولتۇقىدا ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەلىرى يوق دېيىشمۇ بولاتتى. فلوت توختاپ تۇرغاندا، كىركۋالغا يېقىن بىر جايدا، دېڭىز ئارمىيىسى ئايروپىلانلىرى ئىشلەتسە بولىدىغان بىر ئايرودروم بار ئىدى. ئەمما خان جەمەتى ھاۋا ئارمىيىسىگە بىۋاسىتە قاتنىشىپ، مۇداپىئەلىنىشكە زۆرۈر بولغان ئەسلىھەلەر يوق ئىدى. دېڭىز ساھىللىرىدىكى رادار پونكىتلىرىدىن پايدىلىنىشقا بولسىمۇ، لېكىن ئۈنۈمى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ۋاكې ئارىلىدا تۇرۇۋاتقان خان جەمەتى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ سوقۇش ئايروپىلانلىرى ئىككى ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ پىلانى تەستىقلانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەدبىرنى 1940-يىلىدىن ئىلگىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولمايتتى. چېرچىل دەرھال ھەرىكەت قىلىش پىلانىنى تەلەپ قىلدى، ئەمما

ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش كۈچىنىڭ ئىنتايىن جىددىيلىكىنى، ئۇسۇل-چارىلەرنىڭ ناھايىتى چەكلىك ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئالدى. دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكى ئىشلارنىڭ ئۈگۈشلۈك ئېلىپ بېرىلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆز فلوتىنى سكاپا قولتۇقىدا تۇرغۇزماقچى بولغان مەزگىللىرى، قوغداشقا ئاسان بولسۇن ئۇچۇن، ئۇ يەرگە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ سوقۇش ئايروپىلانلىرى ئىككى ئوتتۇرا ئەترىتىنى ئەۋەتتى.

چېرچىل سكاپا قولتۇقىنى مۇمكىنقەدەر بالدۇرراق بېرىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ بېقىش مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى. 14-سېنتەبىر كەچتە، يەنى ئۇ خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىنكى 10-كۈنى بىر قانچە ھەمراھلىرىنى باشلاپ ۋاكې ئارىلىغا كەلدى. ئىككى كۈندەك ۋاقتىنى چىقىرىپ پورتىنىڭ كىرىش ئېغىزى شۇنىڭدەك سۇ ئاستى خادا تاشلار ۋە سىم تورلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. ئاخىر بۇ ئەسلىھەلەرنىڭ ئۆتكەن قېتىمقى ئۇرۇش ۋاقتىدىكىدەك مۇكەممەل ئىكەنلىكىگە ئىشەندى ۋە بۇ ئەسلىھەلەرنى مۇھىم نەرسىلەر بىلەن تولۇقلىماقچى ياكى يەنىمۇ ياخشىلىماقچى بولدى. چېرچىل بۇ يەردىكى فلوتىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال فورېبس ۋە ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرى بىلەن «نېلسون» ناملىق پاراخوتىنىڭ ئۈستىدە سكاپا قولتۇقىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل دېڭىز ئارمىيە مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. فلوتىنىڭ ئوشۇق پاراخوتلىرى يۇۋ قولتۇقىغا يوشۇرۇپ قويۇلغانىدى. 17-سېنتەبىر ئادمىرال چېرچىل بىلەن بىللە «نېلسون» ناملىق پاراخوتتا ئولتۇرۇپ ئۇ يەرگە باردى. ئۇلار چىقىش ئېغىزى ئارقىلىق دېڭىزغا كىرگەندىن كېيىن، دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى ئۆزى چۈشكەن بۇ پاراخوتنى قوغلىغۇچى كېمىلەرنىڭ قوغداپ ماڭمىغانلىقىنى بىلىپ قاتتىق ھەيران بولدى ۋە: «مەن تېخى بىزنى بىر چوڭ ھەربىي پاراخوت، ھېچ بولمىغاندا ئىككى قوغلىغۇچى كېمە

قوغداپ ماڭسا، ئاندىن دېڭىزغا كىرەلەيمىز، دەپ ئويلاپتىمەن» دېدى. لېكىن، ئادمىرال: «ئەلۋەتتە، بىزمۇ مۇشۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتۇق، ئەمما بىزنىڭ قوغلىغۇچى كېمىلىرىمىزنىڭ سانى يېتەرلىك ئەمەس، بۇ بەلگىلىمىنى ئورۇنداشقا ئاجىزلىق قىلىمىز. سىزمۇ بىلىسىز، كۆپ يىللاردىن بېرى بىزنىڭ دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىمىز ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلىدە قانداق بولسا ھازىرمۇ شۇ پېتى تۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

كەچتە چېرچىل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يۇۋ قولتۇقىغا كېلىپ توختىدى. بۇ يەردە ئەنگلىيە فلوتىنىڭ بەش — ئالتە چوڭ پاراخوتى بار ئىدى. بوغۇزغا كىرىدىغان تارچۇق ئېغىزدا بىر نەچچە قەۋەت سىم تور بىلەن ئورالغان كۆرسەتكۈچ بەلگىلەر بار ئىدى، سۇ ئاستى كېمىسىنى تەكشۈرۈش ئەسۋابى ۋە چۆكمە بومبا ئورنىتىلغان ھەددى-ھېسابسىز چارلىغۇچى قېيىق بىلەن قاراۋۇل كېمىلەر خۇددى باپكارنىڭ موكىسىدەك ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. شوتلاندىيىنىڭ سۆسۈن رەڭلىك كۆركەم تاغ چوققىلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇلارنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان چېرچىل ئىختىيارسىز بۇنىڭدىن 25 يىل بۇرۇنقى سېنتەبىر كۈنلىرىنى ئېسىگە ئالدى. ئەينى چاغدا ئۇ دەل مۇشۇ بوغۇزدا، دىژاز جون جېلليكوئې ۋە ئۇنىڭ كاپىتانلىرىنى زىيارەت قىلغان، ئۇلارنىڭ پورتتا قاتار تىزىلىپ تۇرغان ئۇرۇش پاراخوتلىرىنىڭ خۇددى ھازىرقىغا ئوخشاش مۆلچەرلىگۈسىز بىر تەقدىرنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى. ئەينى چاغدىكى كاپىتان ۋە دېڭىز ئارمىيە قوماندانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ۋاپات بولغان ياكى بالدۇر پېنسىيىگە چىقىپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇ ھەرقايسى كېمىلەرنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇلغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى كوممودور

ياكى ستارشىي لېيتېنانتلار ئىدى. چېرچىل 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ئۈچ يىل تەييارلىق قىلىش جەريانىدا يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ كۆپ قىسمى بىلەن تونۇشقان ھەمدە ئۇلارنى تەكشۈرۈپ ۋەزىپىگە قويۇشنى تەستىقلىغانىدى، لېكىن ھازىر چىرايلار ئۇنىڭغا يات بولۇپ، ئوخشىمىغان دەۋرنىڭ ئادەملىرى ئىدى. پەقەت پاراخوت-كېمىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن مەزگىللەردە ياسالغان بولۇپ، بىرەر يېڭى پاراخوت ياكى كېمە يوق ئىدى. بۇ ھەقىقەتەن ئاجايىپ-غارايىپ كەچۈرمىش بولۇپ، خۇددى تۇيۇقسىز ئالدىنقى ھاياتقا قايتىپ قالغاندەكلا بىر ئىش ئىدى. ئەمما، دىككەت ئاستىدىن كېلىدىغان خەۋپ قۇدرەتلىك سۇ ئاستى كېمىسى بارلىققا كېلىپ تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى؛ ھاۋادىن كېلىدىغان خەۋپ، باشقىلار بولارنىڭ يوشۇرۇنغۇالغان جايىنى بىلىپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ ئېغىر ياكى تېخىمۇ قاتتىق يوقىتىش خاراكتېرىدىكى تۇيۇقسىز ھۇجۇمنى ئىشقا ئاشۇرالايتتى!

چېرچىل 18-سېنتەبىر ئىككى ھەربىي پاراخوتنى يەنە كۆزدىن كەچۈردى. يول ئۈستىدە، پىژغىرىم ئاپتاپتا كۈمۈش رەڭ لېنتىدەك تاۋلىنىپ ئېقىۋاتقان ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ، فلوتىنىڭ باش قوماندانى بىلەن بىللە دالا تامىقى يېدى. بۇ چاغدا ئۆتكەن ئورغۇن ئىشلار بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئۇنى بىئارام قىلىۋەتتى.

چېرچىل چوڭقۇر خىياللار قاينىمىغا غەرق بولدى: «ھازىر پولشا قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ؛ فرانسىيىنىڭ بۇرۇنقى ئۇرۇش قىزغىنلىقىدىن ئەمدى ئەسەرمۇ يوق، ئىتالىيە ۋە ياپونىيە ناتسىستلار گېرمانىيىسى بىلەن «پولات ئىتتىپاق» تۈزدى؛ گىگانت روسىيە خاتا سىياسەت تۈپەيلىدىن ئىتتىپاقنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلدى؛ ئامېرىكا بىز تەرەپتە تۇرارمۇ؟» ئەنگلىيە



www.uyghurkitap.com

-اھانگىرلىكى مۇكەممەل بولسىمۇ، لېكىن تەييارلىقى تولۇق ئەمەس، جەڭگە كىرىشتىكى تولۇق شارائىتى كەمچىل ئىدى. ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك يېڭى قورال-ياراغلىرى ئېچىنارلىق ھالدا ئاز ئىدى. ئەنگلىيىنىڭ پۈتكۈل ئىستىقبالى ھەر ھالدا بەكلا قاراڭغۇ ئىدى . . .

چېرچىل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىر كېچە-كۈندۈز يول يۈردى، ئاخىر 2-كۈنى ئەتىگەندە پويىزغا ئولتۇرۇپ لوندونغا قايتتى. ئۇ ۋوگزال سەھنىسىدە دېڭىز ئىشلىرى باش ۋەزىرىنى كۆرۈپلا قاتتىق ھەيران قالدى. چىرايى جىددىي تۈس ئالغان ئادمىرال پوۋند: «مەن سىزگە بىر شۇم خەۋەرنى ئېيتماقچىمەن، ۋەزىر ئەپەندى. «باتۇر» ناملىق ئاۋىئاماتكىمىز تۇنۇگۈن كەچ بىرىستول بوغۇزىدا چۆكتۈرۈۋېتىلدى. بۇ بىزنىڭ ئەڭ كونا ئاۋىئاماتكىلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، 17-سېنتەبىر كەچقۇرۇن دۈشمەننىڭ بىر پاراخوتىنى ئىزدەپ تۇتماقچى بولغاندا، گېرمانىيىنىڭ سۇ ئاستى كېمىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. 1260 دېڭىزچىدىن 500 نەپىرى سۇغا چۆكۈپ ئۆلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كېمە باشلىقى ماركېيگ جونېسمۇ بار. بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى باشقا بىر ئاۋىئاماتكا، يەنى كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە ئۆزگەرتكەن، ئەنگلىيە پادشاھ ئالىيلىرىنىڭ مەشھۇر «خان قېيىقى» ناملىق ھەربىي پاراخوتمۇ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقاندا سۇ ئاستى كېمىسىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، بەختكە يارىشا قارشى تەرەپنىڭ تورپېداسى پاراخوتقا تەگمەي، سۇ ئاستى كېمىسى ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان قوغلىغۇچى كېمىنىڭ زەربىسىدىن سۇغا غەرق قىلىۋېتىلدى.»

چېرچىل دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەنگەن تۇنجى كۈنىدا، دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىقى قوغداش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، سودا كېمىلىرىنى قوراللاندۇرۇشنى كۈچەيتتى ھەمدە

گېرمانىيە سۇ ئاستى كېمىلىرىگە قارشى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دېڭىز ئۇرۇشىدىكى ئەھۋالىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىدى. ئۇرۇش ئېلان قىلغاندىن كېيىنكى يەتتە كۈن ئىچىدە ئەنگلىيىنىڭ تونناژ جەھەتتە تارتقان زىيىنى 1917-يىل (يەنى 1-دۇنيا ئۇرۇشىدا سۇ ئاستى كېمىلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن يىلى) ئاپرېلنىڭ بىر ھەپتىسىدە زىيان تارتقان تونناژىنىڭ يېرىم سانىغا توغرا كەلدى. يۇقىرىدىكى تەدبىرلەر قوللىنىلغاندىن كېيىنكى 1-ھەپتىسىدە سۇ ئاستى كېمىلىرى تەرىپىدىن غەرق قىلىنىۋېتىلگەن پاراخوت-كېمىلەرنىڭ تونناژى 65 مىڭ تونىنغا، 2-ھەپتىدە 46 مىڭ تونىنغا، 3-ھەپتىدە 21 مىڭ تونىنغا يەتتى. ئەنگلىيە يەنە ئالتە كۈن ئىچىدە 9 مىڭ توننا زىيان تارتتى. لېكىن، چېرچىل كىشىلەرگە ئادەمنى ئەنسىزچىلىككە سالىدىغان بۇ سانلارغا ئارتۇقچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەسلىك، ئۇرۇشتا ئويلاپ باقمىغان كۆڭۈلسىزلىكلەر دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، شەپقەتسىز ئۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ رېئاللىق ئالدىدا ئەنگلىيىنىڭ دېڭىز ئۇرۇشى قىلىدىغان ئەمەلىي كۈچىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىش كېرەكلىكى ھەققىدە قايتا-قايتا سۆزلىدى.

چېرچىل بۇ قېتىم دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرلىكىنى ئۆتەۋاتقان چاغلىرىدا، دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىقىدىن باشقا نۇرغۇن مەسىلىگە ئۆتكەن ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چوقۇم باش ۋەزىر بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا كۆپ جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى بىلىشى كېرەك ئىدى. ئاخىر ئۇ دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىقىدە ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق يېقىن دوستى، ئىلمىي مەسىلىلەر مەسلىھەتچىسى پروفېسسور لىندېمان باشچىلىقىدا مەخسۇس ئاخبارات ستاتىستىكا باشقارمىسى تەسىس قىلدى. بۇ باشقارمىدا بىر

نوركوم قىزغىن، ئىقتىدارلىق مۇتەخەسسىسلەر بار بولۇپ، ئۇلار هۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى كابىنېت ئەزاسى چېرچىلغا يوللىغان ئاخباراتلارنى كۆرەلەيتتى، لىندېماننىڭ ستاتىستىكا باشقارمىسى چېرچىلنى ستاتىستىكا جەھەتتىكى ماتېرىياللار بىلەنلا تەمىن ئېتىپ قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە ئائىت سخېما ۋە چۈشەندۈرۈشلەر بىلەنمۇ تەمىن ئەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ مۇقىم ۋە ئىشەنچلىك بولغان ئاخبارات مەنبەسىگە ئىگە بولدى.

چېرچىل بۇ مەزگىللىرى ڤامېرىكا زۇڭتۇڭى روزۋېلت بىلەن بىۋاستە ئالاقە ئورناتتى. روزۋېلت ئەقىل-پاراسەتلىك، يىراقنى كۆرەلەيدىغان دۆلەت ئەربابى ئىدى. ئۇ ئېغىر-بېسىق، مۇئامىلىسى سىلىق بولۇپ، چېرچىل كۆپ هاللاردا بۇ جەھەتتە ئۇنىڭغا يېتەلمەيتتى. روزۋېلت شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن، ئەنگلىيىنىڭ كەلگۈسىدىكى سىياسىي تەقدىرىنىڭ چېرچىلغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا كۆرەلىگەنىدى. ئۇلار 1-دۇنيا ئۇرۇشىدا بىرلا كۆرۈشۈپ دوستلاردىن بولۇپ قالغانىدى. بۇ، گراي رېستوراندىكى بىر قېتىملىق كەچكى زىياپەتتىكى ئىش ئىدى، شۇ چاغدا روزۋېلتنىڭ تازا كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان مەردانە قىياپىتى چېرچىلدا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى. 11-سېنتەبر چېرچىل روزۋېلتنىڭ بىر پارچە شەخسىي خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئىنتايىن خۇشال بولدى ھەم بۇنىڭدىن ناھايىتى زور ئىشەنچكە تولدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «1-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە سىز ۋە مەن ئوخشاش ۋەزىپە ئۆتىگەندۇق، شۇڭا سىزنىڭ دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىگە قايتىپ كەلگەنلىكىڭىزدىن مېنىڭ قانچىلىك خۇشال بولغانلىقىمنى سىزگە بىلدۈرۈپ قويماقچىمەن. مەن سىزنىڭ مەسىلىڭىزنىڭ يېڭى ئامىللار تۈپەيلىدىن تېخىمۇ

مۇرەككەپلىشىپ كەتكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىمەن، لېكىن ماھىيەتتە ھېچقانچە چوڭ پەرق كۆرۈلمىدى. مەن سىزگە ئوخشاش ۋەزىرگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ قويماقچىمەنكى، مۇبادا سىلەر بىرەر ئىشنى ماڭا ئېيتماقچى بولساڭلار، مەن سىلەرنىڭ مەن بىلەن بىۋاستە ئالاقە باغلىشىڭلارنى ھەر ۋاقىت قارشى ئالىمەن. ماڭا يازغان خەتلىرىڭىزنى ئۆزۈڭلارنىڭ دىپلوماتىيە پوچتا خالتىسى ياكى بىزنىڭ دىپلوماتىيە پوچتا خالتىمىز ئارقىلىق ماڭا ئەۋەتىپ بەرسىڭىز بولىدۇ.

سىزنىڭ نۆۋەتتىكى مۇشۇ ئىشلار يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى «مالبورو تەزكىرىسى» ناملىق كىتابىڭىزنى تولۇق يېزىپ پۈتتۈرگەنلىكىڭىزدىن خۇشالمەن. بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقىپ بەكمۇ ھوزۇرلاندىم.»

چېرچىل روزۋېلتنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن قايتا-قايتا ئوقۇپ چىقىپ، ھاياجىنىنى باسالمايلا قالدى. ئۇ، روزۋېلتنىڭ خەت ئەۋەتكەنلىكى ئۆزىنى سىياسىي جەھەتتە ئەڭ چوڭ قوللاش ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك بۇنىڭ كەلگۈسىدىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدى. چېرچىل دەرھال روزۋېلتقا جاۋاب خەت يېزىپ، ئاخىرىغا «سابىق دېڭىز ئارمىيە خادىمى» دەپ ئىمزا قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بىلەن ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە خەت يېزىشىپ تۇردى، ئىككىسىنىڭ بۇ ئالاقىسى 1945-يىل ئەتىيازدا روزۋېلت ۋاپات بولغۇچە داۋاملاشتى. ئۇلارنىڭ يېزىشقان خەتلىرى مىڭ پارچىدىن ئېشىپ كەتتى.

بۇ مەزگىللەردە غەربىي سەپ ناھايىتى تىنچ بولدى. لېكىن دېڭىز ئۇرۇشى يەنىلا جىددىي ئېلىپ بېرىلدى. 17-ئۆكتەبىر گېرمانىيە ئايروپىلانلىرى سكاپا قولتۇقىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى ۋە «خان كاۋچۇك دەرخى» ناملىق ھەربىي پاراخوتنى چۆكتۈرۈۋەتتى، بۇ ۋەقە دەرھال دېڭىز ئارمىيە

مىنىستىرلىكنىڭ ئىنكاسىنى قوزغىدى. 31-ئۆكتەبىر چېرچىل دېڭىز ئىشلىرى ۋەزىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا سكاپا ئارىلىغا بېرىپ، ئادمىرال فوربېسنىڭ قوماندانلىق كېمىسىدە 2-قېتىملىق يىغىن ئېچىپ، بىر قىسىم مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. كۆپچىلىك سكاپا قولتۇقىنى قوغداش ئىشىدا مۇداپىئە قىلىنمىغان شەرقىي قىسىمدىكى سۇ يوللىرىدا سۇ سېتكىلىرىنى ۋە ئۇشۇقچە كېمىلەردىن ياسالغان توساقلارنى كۆپەيتىشكە ھەمدە سۇ مىناسى رايونى ۋە باشقا ئەسلىھەلەرنى قۇرۇشقا بىردەك قوشۇلدى. بۇ كۈچلۈك توسالغۇ ئىستىھكاملىرىدىن باشقا يەنە چارلاش كېمىلىرىنى كۆپەيتىش، ھەرقايسى كىرىش ئېغىزلىرىنى تولۇق كونترول قىلالايدىغان زەمبىرەك بازىلىرىنى قۇرۇشقا توغرا كېلەتتى، ھاۋادىن بولىدىغان تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، 88 ئېغىر تىپتىكى زېنىت توپ ۋە 40 يېنىك تىپتىكى زېنىت توپ، يەنە كۆپلىگەن پروژېكتورلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇداپىئەلىنىش شار توسۇقلىرىنى كۆپەيتىش پىلانى ئېلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، قۇرۇقلۇقتىكى ئوركنېي تاقىم ئاراللىرى ۋە ۋاكې ئارىلىدىن ئىبارەت ئىككى جايدا سوقۇش ئايروپىلانلىرىدىن مۇداپىئەلىنىش كۈچلىرىنى تەشكىللەش زۆرۈر ئىدى. چېرچىل 1940-يىل مارتتا، بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ياكى ھېچبولمىغاندا تولۇق ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈپ، فلوتنى كونا ئورنىغا قايتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى ئۈمىد قىلدى. بۇ مەزگىللىرى سكاپا قولتۇقىنى قوغلىغۇچى كېمىلەرنىڭ ماي قاچىلاش بازىسى قىلىشقا بولاتتى، ئەمما ئېغىر تىپتىكى كېمىلەرنى جايلاشتۇرۇش ئۈچۈن باشقا بىر ئورۇن تېپىشقا توغرا كېلەتتى.

چېرچىل باش ۋەزىرنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن چېمبېرلىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بارا-بارا

يېقىنلاشتۇردى. ئەر-خوتۇن چېرچىللار 13-نويابىر يەنى جۈمە كۈنى، باش ۋەزىر بىلەن رەپىقىسىنى دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بىناسىدا چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار بىللە تاماق يېگەچ دوستانە پاراڭلاشتى. چېرچىل ۋە چېمبېرلىن بالدۋىننىڭ كابىنېتىدا بەش يىلدىن كۆپرەك بىللە ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلار بۇنچىلىك بېرىش - كېلىش قىلىشمىغانىدى، شۇ كۈنى ئۇلار ئىنتايىن كەڭ تېمىلاردا، يەنى ئۇرۇش ۋە ئائىلە توغرىسىدا سۆزلەشتى. بىر چاغدا، چېمبېرلىن تۇرۇپلا غەربىي ھىندىستاننىڭ قاقاس ئارىلىدا، تالالىق ئاگاۋى ئۆستۈرۈش يولىدا ئالتە يىل كۈرەش قىلغان تارىخى ئۈستىدە توختالدى، بۇ ئەر-خوتۇن چېرچىللارنى بەكلا قىزىقتۇردى.

چېمبېرلىننىڭ دادىسى جوزېف چېمبېرلىن — بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسى كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنىڭ بۇ تەشەببۇسچىسى بۇنىڭ بىر ئوبدان پۇرسەت ئىكەنلىكىگە، يەنى بىر تەرەپتىن بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسى ئۈچۈن بىر خىل يېڭى ئېپتىكى سانائەت خام ئەشياسىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى، شۇنداقلا ئائىلىسىنىڭ مال-مۈلكىنى كۆپەيتكىلىمۇ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. دادىسى ۋە ئاكىسى ئاۋستېن چېمبېرلىن 1890-يىلى ئۇنى بىرمىنگېمدىن كانادادا چاقىرتىپ كەلگەن، شۇنىڭدىن كېيىن، ئاتا-بالا ئۈچەيلەن تالالىق ئاگاۋى ئۆستۈرۈش پىلانى ئۈستىدە ئۇزۇن مۇددەت تەتقىق ئېلىپ بارغان. كارىب قولتۇقىدا ناساۋ ئارىلىدىن تەخمىنەن 40 ئىنگلىز مىلىسى يىراقلىقتا ئادەمزات ئايىغى تەگمىگەن بىر قاقاس ئارال بار ئىدى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تۇپرىقى تالالىق ئاگاۋى ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدىكەن. جوزېف چېمبېرلىن ئوغۇللىرى بىلەن قاقاس ئارالنى تەپسىلىي تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئاندرۇس تاقىم ئاراللىرىدىن بىر پارچە يەر سېتىۋېلىپ، يەرنى

ئېچىشقا زورلىنىپ قالغان مەبلەغ ئاجراتتى. شۇنداق قىلىپ ھەممە نەرسە تەق بولدى، ئەمدى تالالىق ئاگاۋى تېرىسىلا بولىدىغان ئىمكانىيەت يارىتىلدى. ئاۋستېن ئۆزىنى سىياسىي ئىشلارغا ئاتىۋەتكەچكە، بۇ مۇشكۇل خىزمەت ئاخىر ئۇنىڭ ئىنىسى نېۋىل چېمبېرلىننىڭ زىممىسىگە چۈشتى.

نېۋىل چېمبېرلىن دادىسى ۋە ئاكىلىرىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بۇ جاپالىق خىزمەتنى بىر ئىشلەپ كۆرۈپ باقاي، دېگەن نىيەتتە قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىللىق ھاياتى مۇشۇ قاقاس ئارالدا تالالىق ئاگاۋىنى تېرىشنى سىناق قىلىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. قاقاس ئارال دائىم بوران-چاپقۇننىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ تۇراتتى، شۇڭا چېمبېرلىن ئىپتىدائىي دەۋردىكىگە ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈردى، ئەمگەك كۈچىنىڭ كەمچىللىكىدىن كېلىپ چىققان قىيىنچىلىقلار، شۇنىڭدەك خىلمۇ خىل توسالغۇلار بىلەن ئۆزلۈكسىز كۈرەش قىلدى. چېمبېرلىن ئەر-خوتۇن چېرچىللارغا، شۇ چاغدا ھەر يىلى ئەنگلىيىگە كېلىپ ئۈچ ئاي دەم ئېلىپ كەتكەنلىكىنى، كېيىن ئارالدا بىر كىچىك پرېستان ۋە ياردەمچى كېمە، قىسقا مۇساپىلىك تۆمۈر يول ياكى رېلىس ياسىغانلىقىنى، توپراققا ماس كېلىدۇ دەپ قارالغان ھەممە ئوغۇتلاش ئۇسۇللىرىنى قوللانغانلىقىنى، ئەمما تالالىق ئاگاۋىنىڭ ئۆسمىگەنلىكىنى، بەش يىلدىن كېيىن ئاگاۋى ئۆستۈرۈش پىلانىدىن ئۈمىد ئۈزگەنلىكىنى ۋە لوندونغا كېلىپ قاتتىق قول دادىسى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، دادىسىنىڭ ئوغلىنىڭ ھېچقانداق نەتىجە قازىنالمىغانلىقىدىن قاتتىق ئاچچىقلانغانلىقىنى، ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرسىمۇ، ئەمما 50 مىڭ فوند ستېرلىڭنىڭ بىكارغا ئېقىپ كەتكىنىگە ناھايىتى ئېچىنغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

چېمبېرلىن ئىنتايىن روھلۇق ھالدا يېقىملىق ۋە

تەسىرلىك سۆزلىدى، يەنە كېلىپ سۆزلىگەن ھېكايىسىدە ئۆزىنىڭ بىر خىل قەھرىمانلىق بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئەر-خوتۇن چېرچىللارنى بەكلا قىزىقتۇردى. چېرچىل ئىختىيارسىز ھالدا: «ئەپسۇس، گىتلېر بېرھتېسگادېن، گودسبۇرگ ۋە ميۇنخېنلاردا كۈنلۈك ئېلىپ يۈرىدىغان، ھەمىشە تىنچلىق ئىزدەيدىغان بۇ سىياسىئون بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيىنىڭ سىرتىدا يەر ئاچقان قەيسەر ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېسىگىمۇ كەلتۈرمىگەن بولغىيتتى!» دەپ ئويلىدى.

ئۇلار كەچلىك تاماق يەۋاتقاندا، دېڭىز ئۇرۇشى يەنىلا ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى، ئەھۋاللارمۇ كەينى-كەينىدىن يوز بېرىپ تۇرۇۋاتاتتى. شورپا ئىچىۋاتقاندا بىر ئوفىتسېر ئاستىنقى قەۋەتتىكى ئۇرۇش بۆلۈمىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، گېرمانىيىنىڭ بىر سۇ ئاستى كېمىسىنىڭ چۆكتۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. تاتلىق يېمەكلىكلەرنى يەپ بولغۇچە، يەنە چىقىپ گېرمانىيىنىڭ يەنە بىر سۇ ئاستى كېمىسىنىڭ چۆكتۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. چېرچىل خانىم بىلەن چېمبېرلىن خانىم تاماقلىنىش ئۆيىدىن چىقىۋاتقاندا، ئوفىتسېر يەنە چىقىپ گېرمانىيىنىڭ ئۈچىنچى سۇ ئاستى كېمىسىنىڭ چۆكتۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. بىر كۈن ئىچىدە كەينى-كەينىدىن ئۈچ قېتىم غەلىبە خەۋىرى كەلدى، بۇنداق ئەھۋال ئىلگىرى زادى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. چېمبېرلىن خانىم ساددىلىق ۋە كۆلكە چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرىگە قاراپ: «سىز بۇنى قەستەن مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانمۇ؟» دەپ سورىدى. چېرچىل چېمبېرلىن خانىمغا: «ئەگەر كېلەر قېتىم ئۆيۈمگە كەلسەڭلار، بىز چوقۇم ئوخشاشلا نەتىجىگە ئېرىشىمىز» دەپ جاۋاب بەردى.

«غوۋۋا» ئۇرۇشنى مۆھلەتسىز ھالدا داۋاملاشتۇرغىلى

بولمايتتى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى چىقىش يولى تېپىش كويىدا، گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشقا يۆتكىمەكچى، يەنى مەلۇم ئۇسۇل ئارقىلىق گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرماقچى ۋە گېرمانىيە بىلەن بىرلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرماقچى بولدى. 1939-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىق گورۇھىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى - فىنلاندىيە ئۇرۇشى پارتلىدى. بۇ چاغدا، لوندون ئۇرۇشنى باشقا ياققا بۇرۇۋېتىشنىڭ پۇرسىتى يېتىپ كەلدى، دەپ قارىدى. چېرچىل نورۋېگىيە بىلەن شۋېتسىيىدە ھۇجۇم قوزغاش ئارقىلىق شۋېتسىيىنىڭ گېرمانىيىنى رۇدا بىلەن تەمىنلىشىنى توسماقچى بولدى. سوۋېت—فىنلاندىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە - فرانسىيە ھۆكۈمىتى فىنلاندىيىنى ھەر خىل ياردەملەر بىلەن تەمىن ئېتىپلا قالماستىن، بەلكى نورۋېگىيە ۋە شۋېتسىيە ئارقىلىق قوشۇن ئەۋەتىپ فىنلاندىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنىمۇ قارار قىلدى. بۇ ئەھۋاللار ئەنگلىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يەنىمۇ يامانلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

چېرچىل چېمبېرلىننىڭ فىنلاندىيىگە ئەنگلىيە - فرانسىيە ئارمىيىسىنى ئەۋەتىپ ياردەم بېرىش پىلانىنى قوللىدى. شۇڭا، ئۇ بىر مەزگىل ئۇرۇشنى گېرمانىيىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۆتكەشكە قوشۇلدى. ئۇنىڭ بۇ خىل مەيدانى چوڭقۇر سىنىپىي مەنبەگە ئىگە ئىدى. چېرچىلنى خۇشال قىلغىنى، گېرمانىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى يولۋاس ئېلىشسا، ئۇ چېمبېرلىن ۋە ئۇرۇش بالاسىنى باشقا تەرەپكە بۇرىماقچى بولغان ھۆكۈمەتتىكى ئىشداشلىرى بىلەن بىر يولدا ماڭالايتتى. شۇ چاغلاردا، ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلىرى ئەمەلىيەتتە باش ۋەزىرنىڭ كۆز قاراشلىرى بىلەن

ئوخشاش ئىدى. دېمىسمۇ، ئۇ ھۆكۈمەت تەركىبىگە كىرىشتىن ئىلگىرىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان پوزىتسىيىسىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتكەن، يەنى سوۋېت - روسىيىگە مۇداخىلە يۈرگۈزگەن 20-يىللىرىدىكىگە ئوخشاش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېڭىۋاشتىن ئۆچمەنلىكى قوزغالغانىدى.

ئېمرىس خۇئېس: «مۇبادا ئەنگلىيىنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيىسى روسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلغان بولسا، فىنلاندىيىدە يوقىتىلغان بۇ بەختسىزلىكى داردانېل بوغۇزىدىكى ئوپېراتسىيىسىدىن تېخىمۇ ئېغىر بولغان بولاتتى» دەپ يازدى. ئەنگلىيىنىڭ تارىخچىسى تايلور داردانېل بوغۇزىدىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ: «ئەنگلىيىنىڭ فىنلاندىيىگە قىلغان ھەرىكىتى بېكىتى، ھەتتا گلىپبولۇدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر پاجىئەگە ئۇچرايدۇ» دەپ ھېسابلىدى. ئۇ بىر خاتىرىسىگە: «فىنلاندىيىگە يۈرۈش قىلىش مۇددىئاسى ئاقىلانە تەھلىلنى بېسىپ چۈشتى. ئەنگلىيە - فرانسىيە گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان چاغدا، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشقا كۈشكۈرتۈش ھەققەتەن ساراڭلار دوختۇرخانىسىنىڭ پىكرى. بۇ يەردە ئىنتايىن يامان غەرەز يوشۇرۇنغان، يەنى گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇش، ھەتتا ئەستىن چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇرۇشنى بولشېۋىكلارغا قارشى تۇرۇش تەرىپىگە باشلىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ . . . ھازىر بۇ خىل ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشكە بولىدىغان بىردىنبىر خولاسە، شۇ چاغدا ئەنگلىيە - فرانسىيە ھۆكۈمەتلىرى ئەقىل-ئىدراكتىن ئايرىلدى» دەپ يازدى.

ئەنگلىيىدە چىقىدىغان ئىلغار ژۇرنال «ئىشچىلار ئايلىق ژۇرنىلى» 1940-يىل فېۋرال سانىدا مۇنداق يازدى: «ئەنگلىيە-فرانسىيە جاھانگىرلىك گۇرۇھىدىكى شوۋىنىزملىق تاجاۋۇزچىلىقنى ئادەت قىلىۋالغان ئەكسىيەتچى كۈچلەر



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانماي ئۇرۇشنى كېڭەيتىۋاتىدۇ، ئۇلار ھە دېسىلا ئۇرۇشنى شەرققە كېڭەيتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق غەربنىڭ قاتمال ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ بەردە ئۇلار ئەسلىدىكى ميۇنخېن ئۇنسۇرلىرى بىلەن قولنى-قولغا تۇتۇشۇپ ھەمكارلاشتى. ميۇنخېن ئۇنسۇرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇش تەشكىللىمەكچى بولغانلىقى، شۇنىڭدەك مۇشۇ ئاساستا ئەنگلىيە رەھبەرلىكىدىكى دۇنياۋى ئەكسىلئىنقىلابىي سەپ قۇرماقچى بولغانلىقىدىن، ئۆزلىرىنىڭ گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشقا تارتىلىپ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكى ۋە ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ئىش قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى». بۇ «ھەقىقىي ساراڭلار دوختۇرخانىسى» نىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش سۇيىقەستىگە بولغان تولۇق چۈشەندۈرۈشى، شۇنىڭدەك چېرچىلنىڭ ئۇرۇشنى باشقا تەرەپكە بۇرۇۋېتىش قەستىدە بولغان كىشىلەر بىلەن بىر قازاندا قاينىغانلىقىدىن ئىبارەت چۈشەنگىلى بولمايدىغان ھەرىكىتىگە نىسبەتەنمۇ بىر چۈشەندۈرۈش ئىدى. «ئىشچىلار ئايلىق ژۇرنىلى» ئىشچىلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋەكىللىرى يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا قاتناشقۇچىلار: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشى دۇنياۋى سوتسىيالىزم ۋە پۈتكۈل خەلقئارالىق ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىشى. بىز ئىشچىلار سىنىپىدىن شۇنى ئېسىدە چىڭ ساقلىشىنى سورايمىزكى، 1920-يىلى ئىشچىلار سىنىپى تەشۋىقات ۋە ئىش تاشلاش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بىر قېتىملىق ئۇرۇشنى توسۇپ قالغانىدى، ھازىرمۇ دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، خاراكتېرى ئۆتكەندىكىگە ئوخشاش ئۇرۇشنى يەنە بىر قېتىم توسۇپ قېلىشى كېرەك» دەپ بايانات ئېلان قىلدى.

ھېلىمۇ ياخشى، كېيىنرەك فىنلاندىيە رەھبەرلىك قاتلىمى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ غەرەزلىك ياردىمىنى قوبۇل

قىلىش فىنلاندىيىگە مىللىي ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندى. شۇڭا، فىنلاندىيە ئارمىيىسى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن فىنلاندىيە ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالىدى. شۇنداق قىلىپ، ئەنگلىيىمۇ ئۇرۇشنى باشقا تەرەپكە يۆتكەش لايىھىسىنى ئىجرا قىلالمىغانلىقى سەۋەبىدىن مۇقەررەر پەيدا بولىدىغان ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتتىن ساقلىنىپ قالدى.

1940-يىل باش ئەتىيازدا، چېمبېرلىن ئەنگلىيىنىڭ گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى كاپالەتكە ئىگە، دەپ خام خىيال قىلدى. ئۇ، «غەلىتە ئۇرۇش» مەزگىلىدە، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت بارلىق تەبىئىي بايلىقنى تولۇق ئىشقا سالدى، كۈچلەر سېلىشتۇرمىسى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە پايدىلىق تەرەپكە قاراپ ئۆزگەردى، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىشەنچ بار، دەپ قارايتتى. 4-ئاپرېل يەنى پەيشەنبە كۈنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان بۇ باش ۋەزىر ئىنتايىن ئۈمىدۋارلىق كەيپىيات ئىچىدە كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ مەركىزىي كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا تۆۋەندىكىدەك نۇتۇق سۆزلىدى: «مەن يەتتە ئايلىق ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرۈپ، غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىم ئۇرۇش يېڭى باشلانغان چاغدىكىدىن ئون ھەسسە ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم ... مېنىڭچە مۇشۇ يەتتە ئاي داۋامىدا بىزنىڭ دۈشمەن بىلەن بولغان نىسپىي ئورنىمىز بۇرۇنقىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى.»

كۆپچىلىكنىڭ گېرمانىيىگە ئوخشاش بىر دۆلەتنىڭ بىزنىڭ دۆلىتىمىز بىلەن فاشىزم-سىياسەت جەھەتتە پەرقىنىڭ بارلىقىنى ئويلىشىپ بېقىشىنى سورايمىز. گېرمانىيە ئۇرۇش پارتلاشتىن ئىلگىرى ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈپ بولغانىدى. ئۇ ئىنتايىن تېز سۈرئەت بىلەن ئۆزىنىڭ قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا

ئارمىيىسىنى كۆچەيتتى؛ بارلىق تەبىئىي بايلىقلىرىنى توپلاپ قورال-ياراغ ۋە ئەسلىھەلەرنى ياسىدى ھەمدە زور كۆلەمدە ماددىي ئەشيالار زاپىسى تەييارلىدى؛ ئەمەلىيەتتە، بۇ نەرسىلەر گېرمانىيىنى تولۇق قوراللانغان ھەربىي لاگېرغا ئايلاندۇردى. بىزنىڭ تىنچلىق سۆيەر بۇ دۆلىتىمىز تىنچلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. دۇرۇس، بىز گېرمانىيىنىڭ ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى تۈپەيلىدىن ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە تاشلاپ قويغان مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرىمىزنى يېڭىۋاشتىن تۈرغۈزۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمىز. ئەمما، تىنچلىقتىن ئېخى ئۈمىد ئۈزمىگەن چاغدا، بىز — بەلكى داۋاملىق كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىمىز — دۆلەتنى ئۇرۇش ۋاقتىدىكى تۈزۈمگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان كەسكىن تەدبىرلەرنى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىمىز.

ئاقىۋەت، ئۇرۇش رەسمىي پارتلىغان چاغدا، گېرمانىيىنىڭ خىلمۇ خىل تەييارلىقلىرى بىزنىڭكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. بىز شۇنى مۆلچەرلەشكە قادىرمىزكى، دۈشمەن ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ — بىز ئۆزىمىزنىڭ خىلمۇ خىل كەمتۈكلىرىمىزنى تولۇقلاپ بولغۇچە — بىزنى ۋە فرانسىيىنى بېسىپ چۈشمەكچى بولۇۋاتىدۇ. لېكىن، دۈشمەن بۇ قەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرمىدى، بۇ ئۈچىغا چىققان غەلىتە ئىش ئەمەسمۇ؟ ۋاقتىنچە مەيلى قانداق سەۋەب بولسۇن — بەلكىم گىتلېر ئۇرۇش قىلماي ئۆزى خالىغانچە ھەممە نەرسىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن، ۋە بەلكىم ئۇنىڭ خىلمۇ خىل تەييارلىقلىرى ئېخى تولۇق پۈتمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن — بىر نۇقتىدىن ھەرگىز گۇمان قىلىشقا بولمايدۇكى، گىتلېر پۇرسەتنى قولىدىن بېرىپ قويدى.

شۇڭا، بىز مۇشۇ يەتتە ئاي داۋامىدا ئۆزىمىزنىڭ

ئاجىزلىقلىرىنى تۈزەتتۇق ۋە يوقاتتۇق، ھۇجۇم ۋە مۇداپىئە قىلغۇچى تۈرلۈك قورallıq كۈچلىرىمىزنى كۈچەيتىپ ھەممە

ئاشۇردۇق. شۇڭا ھازىر بىز كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ھەرقانداق ۋەزىيەتكە ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن تاقابىل تۇرالايمىز. . . ئەمما، دۈشمەنلەر داۋاملىق قازىدىغان كۆچلەر ئىنتايىن چەكلىك بولۇپ قالدى.»

مانا بۇ چېمبېرلىننىڭ چوڭ ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا چىقارغان سان-ساناقسىز خاتا پەرەزلىرىنىڭ بىرى. ئۇ «غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىشەنچ بار» دەپ بايانات ئېلان قىلىپ بەش كۈندىن كېيىن، ناتسىستلار گېرمانىيىسى دانىيە بىلەن نورۋېگىيىگە ھۇجۇم قوزغىدى ھەمدە تېزلا سۈرئەتتە بۇ ئىككى دۆلەتنى ئىشغال قىلدى. ئەنگلىيىنىڭ دېڭىز، ھاۋا ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى نورۋېگىيىدە گېرمانىيە ئارمىيىسىگە قارشى سېلىشقا ئۇرۇنۇشلىرىمۇ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

قىسقىغىنا ۋاقىت داۋام قىلغان نورۋېگىيە ئوپېراتسىيىسىدە كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ۋە قايغۇغا سالىدىغان بىر مۇنچە ئىشلار يۈز بەردى. ئەنگلىيىدە «قاتتىق پاراكەندىچىلىك» كېلىپ چىقتى، ھەتتا ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى بىر قانچە يىل داۋامىدىكى ئەڭ پاسسىپ، ئەڭ قاشاڭ كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملىرىنىڭ روھىي ھالىتىدىمۇ بازغانسىرى كەسكىن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئۆكتىچىلەر پارتىيىسى ئۇرۇش ۋەزىيىتى توغرۇلۇق بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئاخىر بۇ بەس-مۇنازىرە 7-ماي ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. تۆۋەن پالاتا ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھەم قايغۇ-ھەسرەتكە چۆمگەن پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن لىق توشتى. باش ۋەزىر چېمبېرلىننىڭ يىغىننىڭ باشلىنىشىدىلا قىلغان سۆزى

دۈشمەنلىك كەيپىياتنى توسۇپ قالالمىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى مەسخىرىلىك كۈلكىلەر ئىچىدە ئۇزۇلۇپ قالدى. كىشىلەر ئۇنىڭ 5-ئاپرېل «گىتلېر پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدى» دېگەن سۆزىنىڭ نېمە مەنە بىلدۈرىدىغانلىقى توغرۇلۇق جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.

تۆۋەن پالاتادا ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى پارتىيە بىلەن ئۆكتىچىلەر پارتىيىسىنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى كەينى-كەينىدىن سۆزگە چىقىپ، ھۆكۈمەتنى، بولۇپمۇ ھۆكۈمەت باشلىقىنى ئىنتايىن كەسكىن پوزىتسىيە ۋە غەزەپ بىلەن تەنقىد قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ كەسكىن ھەرىكىتى پۈتكۈل تۆۋەن پالاتانىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، تەرەپ-تەرەپتىن ئالقىش ساداسى ياڭراپ كەتتى. ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن دېڭىز روگېر كېيېس دېڭىز ئارمىيە شتابىنىڭ ترونخېيمنى بېسىۋېلىش قەستىدە بولغانلىقى پىلانىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى كەسكىن تەنقىد قىلىپ: «مەن ۋەزىيەتنىڭ يامان تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكى ۋە ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېتتىن فلوتنىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا پۈتۈنلەي مەسئۇل بولۇشنى ھەمدە رەھبەرلىك قىلىشنى ئىنچىل تۈردە تەلەپ قىلغانىدىم» دېدى. ئۇ ئۇچىسىغا فلوت ئادمىرالىنىڭ فورمىسىنى كىيىپ ئىنتايىن غەزەپلەنگەن ھالدا تېخنىكىلىق تەپسىلىي ماتېرىياللارنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە مۇتەخەسسىسلىك سالاھىيىتى بىلەن ئۆكتىچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئەيىبلەشلىرىنى قوللىدى.

ھۆكۈمەت خادىملىرى ئورنىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئولتۇرغان كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ مەشھۇر ئەزاسى لېئوپولد ئېمورى تۆۋەن پالاتادىكى گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە، كرومۋېلنىڭ پارلامېنتتا سۆزلىگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «سىلەر بۇ يەردە ناھايىتى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتىڭلار

بىلەن، قولۇڭلاردىن بىرەر ياخشىلىق كەلمىدى. دېمەكچىمەنكى، سىلەر بۇ يەردىن كېتىڭلار! بىزنىڭ سىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز بۈگۈندىن باشلاپ ئۈزۈلسۇن. خۇدانىڭ ھەققى-ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ، بۇ يەردىن كېتىڭلار!» دېدى.

چېرچىل بەس-مۇنازىرە يىغىنىدا سۆزگە چىقىپ چېمبېرلىننى تەنقىد قىلمىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت ۋەزىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ھەرىكەتلىرىگە كوللېكتىپ مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئەنگلىيىنىڭ نورۋېگىيىدىكى مەغلۇبىيىتىگە ئۆزىنىڭ جاۋابكارلىقىنىڭمۇ باشقىلاردىن ئاز ئەمەسلىكىدىن ئىدى. چېرچىل ئۇستىلىق ۋە ئېھتىيات بىلەن سىياسىي ھىيلە-نەيرىڭىنى ئىشقا سالدى. ئۇ كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىگە ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى، قىيىنچىلىق مەزگىللىرى ئېغىر ۋەزىپىلەرگە تەييارلەنسە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشى زۆرۈر ئىدى. شۇڭا، چېمبېرلىننى قوغداپ، ئۇچرىغان مەغلۇبىيەتلەردىمۇ ئۆزىنىڭ تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى تەكىتلەپ قويماقچى بولدى. چېمبېرلىنغا قارشى پوزىتسىيىدە تۇرۇپ كەلگەن راۋخ گېئورگې چېرچىلغا، چېمبېرلىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى قوغداپ قالىدىغان «ھاۋا مۇداپىئە ئۆڭكۈرى» بولماسلىقىنى تەۋسىيە قىلدى.

ھۆكۈمەتكە ئىشىنىش بىلىتى تاشلىغاندا، چېمبېرلىن 81 ئاۋازغا ئېرىشتى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن پاجىئەلىك مەغلۇبىيەت ئىدى، چۈنكى ھۆكۈمەتنى قوللاش بىلىتى ئادەتتە 240 تىن ئېشىپ كېتەتتى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ كۆپلىگەن ئەزالىرى قارشى ئاۋاز بېرىپ ياكى ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىقىنى

ئىپادىلىدى.

ئاۋاز بېرىش نەتىجىسى چېمبېرلىن ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتتىن ئىستېپا بەرمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. مەملىكەت ئىچى ۋە پارلامېنتتىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە، پەقەت چېرچىللا باش ۋەزىر چېمبېرلىننىڭ ئورنىنى باسالايدىغان، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ۋارىس دەيدىغان ئوي بار ئىدى. چېرچىل بۇ خىل كەيپىياتنى چۈشىنەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە چېمبېرلىن ۋە كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىكى كۆپلىگەن رەھبەرلەرنىڭ ئۆزىنى باش ۋەزىرلىك نامزاتىغا كۆرسەتمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىكىلەر ئۇنىڭ باشباشتاقلىق قىلىشىنى ياخشى كۆرمەيتتى. چېرچىلنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىكىلەرنى ھاقارەتلەپ كەلگەنلىكى ھېلىمۇ ئۇلارنىڭ ئېسىدە ئىدى، شۇڭا ئۇلار چېرچىلنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئورۇشقا رەھبەرلىك قىلىشىغا ئىشەنمەيتتى. قىسقىسى، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ ميۇنخېن سىياسىتىنى قوللايدىغان كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆزلىرىگە ئىشەنچلىك بولغان ئادەمنى باش ۋەزىرلىك نامزاتىغا كۆرسىتىش ئويى بار ئىدى. شۇڭا، ھەر خىل ئادەملەر يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللەش ۋە باش ۋەزىرلىك نامزاتى مەسىلىسىدە كەسكىن تالاش-تارتىش قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئالتىنچى باب

## جىددىي پەيتتە ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش

چېمبېرلېن تولۇق قوللاش ئاۋازىغا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ھوقۇقنى تاپشۇرۇپ بەرگۈسى كەلمەي، داۋاملىق ھىيلە-مىكىر ئىشلەتتى. بولۇپمۇ چېرچىلنىڭ كابىنېت تەشكىللىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشنىڭ كويىدىلا يۈردى.

9-ماي چېمبېرلېن چېرچىل، ھالىفاكس ۋە مارگېزونلار بىلەن كۆرۈشتى. كېيىنكىسى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى پارلامېنتىنىڭ ئاساسلىق تەشكىلاتچىسى ئىدى. مارگېزون باش ۋەزىرنىڭ ئارزۇسىغا ۋارىسلىق قىلىپ، «ماداراچىلىق كىنەزى» دەپ ئاتالغان تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ھالىفاكسنى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ چاغدا چېمبېرلېن «چېرچىل ھالىفاكس رەھبەرلىكىدىكى ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشقا قوشۇلامدۇ-يوق؟» دېگەن ھالقىلىق مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما، ناتىقلىقتا توشقان چېرچىل گەپ قىلماي جىم تۇردى. ھالىفاكس گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋېلىشنىڭ قارشى تۇرغانلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. باشقىلارمۇ مۇشۇنداق چۈشەنچىدە ئىدى. ئاخىر «ماداراچىلىق كىنەزى» ھالىفاكس جىمجىتلىقنى بۇزۇپ: «نۆۋەتتىكى مۇشۇنداق ئۇرۇش شارائىتىدا، باش ۋەزىر تۆۋەن پالاتانىڭ پارلامېنت ئەزاسىدىن بولۇشى كېرەك، لېكىن چېرچىل يۇقىرى پالاتانىڭ پارلامېنت ئەزاسى بولغاچقا، ئۇ ھۆكۈمەت

تەشكىللەشكە مۇۋاپىق ئەمەس» دېدى. تايلور: «بۇلار چېرچىلنىڭ چاڭگىلىدىكى كىشىلەر، ئۇ ھۆكۈمەتكە كىرىشتىن باش تارتىدىغان بولسا، بۇ كىشىلەر غەزەپكە كەلگەن ئاممىنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا دەپنە قىلىنىپ كېتىدۇ» دەپ يازدى.

ئەنگلىيە كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى رەھبەرلىك گۇرۇھىنىڭ ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ قېتىمقى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى تىركىشىش باسقۇچىغا يەتكەندە، گېرمانىيە شىمالىي ياۋروپانى بويسۇندۇردى، ئاندىن غەربىي سەپتە ھۇجۇم قوزغاپ فرانسىيە، بېلگىيە ۋە گوللاندىيىگە تۇيۇقسىز زەربە بەردى. 10-ماي تاڭ يورۇغاندىن كېيىن مۇھىم خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىدى. تېلېگراممىا قاچىلانغان خەت ساندۇقچىلىرى كەينى-كەينىدىن دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىقى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىقى ۋە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىدىن دوۋنىنگ كوچىسىغا جايلاشقان باش ۋەزىر سارىيىغا كېلىپ تۇردى. گېرمانىيىلىكلەر ئۆزۈندىن بېرى كۈتۈپ كېلىۋاتقان تۇيۇقسىز ھۇجۇمنى قوزغىدى. گوللاندىيە بىلەن بېلگىيە بىرلا ۋاقىتتا تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچراپ، ئىككى دۆلەت چېگرىسىدىكى بىر مۇنچە جايلار بېسىۋېلىندى. گېرمانىيە ئارمىيىسى تۆزلەڭلىكتىكى دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلدى ۋە فرانسىيىدىكى پۈتكۈل ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى.

چۈشكە يېقىن گوللاندىيىنىڭ بەزى ۋەزىرلىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئەربابلىرى كەينى-كەينىدىن ئامىستېردامدىن لوندونغا قېچىپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار سولغۇن چىرايى، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن، كۆزلىرىدىن بىر خىل ۋەھىمىلىك ئالامەتلەر چىقىپ تۇراتتى. دۈشمەن بىرەر باھانە-سەۋەب كۆرسەتمەي ياكى بىرەر ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپمۇ قويماي، ئۇلارنىڭ دۆلىتىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. زەمبىرەك، تانكىلار تاغنى تالقان قىلىۋېتىدىغان ھەيۋەتلىك كۈچ

بىلەن چېكىنىدىن ئۆتتى، ئۇرۇش ئوتى پۈتۈن يەرنى قاپلىدى. دۈشمەنلەر قارشىلىققا ئۇچراپ، گوللاندىيىنىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەندە، ھاۋادىن كەڭ-كۆلەملىك بومباردىمان قىلىندى. گوللاندىيە پۈتۈنلەي قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالدى، ئۇزۇندىن بېرى تەييارلىنىۋاتقان پىلان دەرھال ئىجرا قىلىندى. توغاننى يار ئېلىپ، سەل پۈتۈن يەرگە يامراپ كەتتى. لېكىن، گېرمانىيىلىكلەر بۇ چاغدا تاشقى مۇداپىئە سېپىدىن ئاللىقاچان ئۆتۈپ، رېيىن دەرياسىنى بويلاپ توختىماي ئىلگىرىلىمەكتە. شۇنىڭدەك ئىچكى گىراۋىلىن مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، زۇيدېر دېڭىزى تۇسمىسىغا تەھدىت سالماقتا ئىدى. گوللاندىيە ۋەزىرلىرىنىڭ تېخى يېقىندىلا نورۋېگىيە بىلەن دانىيىنىڭ ئىستېلا قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتلار ھېلىمۇ ئېسىدە بولسىمۇ، لېكىن «ئۇلۇغ گېرمانىيە» نىڭ تېخى تۈنۈگۈنلا گوللاندىيىگە يەنە دوستلۇقىنى بىلدۈرۈپ، ئارقىدىنلا بۇنداق قورقۇنچلۇق ھەم ۋەھشىيانە ھالدا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيۋاتاتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇرۇش ئوتى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ كېتىدىغاندەك ئىدى.

شۇ چاغدىكى سىياسىي ۋەزىيەت ئىزچىل تۈردە مادارا قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن چېمبېرلىنغا پايدىسىز ئىدى. كىشىلەر فاشىستلار گېرمانىيىسى بىلەن قەتئىي، پائال تۈردە كۈرەش قىلىشنى قوللايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ چاغدىكى ئەنگلىيىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە داڭق چىقارغان ئەربابلار ئىچىدە چېرچىللا بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلالايدىغان ئاجايىپ ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر جامائەت ئەربابى جېنىنگس پىرىت: «چېرچىل مەيلى قانداق ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسۇن، باشتىن-ئاخىر كۈچلۈك ئادەم، ئۇ خەلق ئاممىسىنى رىغبەتلەندۈرۈشكە ماھىر

ھەمدە گېرمانىيىلىكلەرگە قىلچە مۇرەسسەسىز ھالدا قارشى تۇرالايدۇ» دەپ كۆرسەتتى. «ئىشچىلار ئايلىق ژۇرنىلى»: 1940-يىلى ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدىكى ۋەقەلەردە ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىق سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدا ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. ميۇنخېن سىياسىتىنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ يۈز-ئابرۇيى تۆكۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم جىبىدىسى ۋە تەسىرى ساقلاپ قېلىندى. ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىك ھوقۇقى چېرچىل ۋەكىللىكىدىكى ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىدىكى باشقا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. چېرچىل گىتلېرنىڭ سىياسىتىگە پائال تۈردە قارشى تۇرۇشنى باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي قوغداپ كەلدى، دەپ يازدى.

ۋەزىيەت تەرەققىياتىدا جىددىي بۇرۇلۇش كۆرۈلدى، ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئارقا-ئارقىدىن چېكىنىپ تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. چېمبېرلىن بۇ قېتىمقى غايەت چوڭ ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان كۈچلۈك داۋالغۇشتا ئامالسىز خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، ھۆكۈمەتنى تارقىتىۋەتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. پادىشاھ شۇ كۈنى — 1940-يىل 10-ماي چۈشتىن كېيىن سائەت 6 دە چېرچىلنى قوبۇل قىلدى. دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىنىڭ باغچىسىدىكى خىيابانلىق يولدىن خان ئوردىسىغىچە ماشىنىلىق ماڭسا ئىككى مىنۇت ۋاقىت كېتەتتى. شۇ كۈنلۈك لوندوننىڭ «كەچلىك گېزىتى» قۇرۇقلۇقتىن كەلگەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان خەۋەرلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كابىنېت ئۆچۈرىغان بوھران توغرۇلۇق ھېچنېمىنى تىلغا ئالمىغانىدى. جامائەتچىلىكنىڭ مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى چۈشىنىپ كېتىشكە تولۇق ۋاقىت يوق ئىدى، شۇڭا خان ئوردىسى دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان ئامممۇ كۆرۈنمەيتتى.

چېرچىل چۈشتىن كېيىن دەل سائەت 6 دە خان ئوردىسىغا يېتىپ كەلدى. پادىشاھ ئۆتكۈر ۋە سىرلىق نەزىرى بىلەن چېرچىلغا بىر پەس سەپسېلىپ قاراپ: «مېنىڭچە، سىز نېمىشقا چاقىرغانلىقىمنى بىلمەيسىز؟» دېدى. چېرچىلمۇ ئۇنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ: «پادىشاھ ئالىيلىرى، مېنى نېمىشقا چاقىرتقانلىقىڭىزنى ھەقىقەتەن بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى. پادىشاھ كۈلۈپ تۇرۇپ: «مەن سىزنىڭ ھۆكۈمەت تەشكىللىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. چېرچىلمۇ خوشاللىق بىلەن بۇيرۇق بويىچە ئىش كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. بۇ جىددىي پەيتتە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى قوللايدىغان ھۆكۈمەت تەشكىللەپ، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلاشقاندىلا شۇ چاغدىكى «داۋالغۇپ تۇرغان» ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرغىلى بولاتتى. چېرچىل پادىشاھقا لېيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ ۋە لىبېراللار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن دەرھال كۆرۈشىدىغانلىقىنى ھەمدە بەش ياكى ئالتە كابىنېت ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇرۇش ۋاقتىدىكى بىر كابىنېت تەشكىللەش تەكلىپىنى بېرىدىغانلىقىنى، يېرىم كېچىدىن ئىلگىرى كابىنېت ئەزالىرىنىڭ تىزىملىكىنى پادىشاھقا يوللاپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

چېرچىل دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، لېيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئاتلى ۋە گرېنۋۇئودلار بىلەن دەرھال كۆرۈشۈپ، يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللەش ھەققىدە مۇزاكىرىلەشتى. ئۇ، لېيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ ھۆكۈمەتتە ئۈچتىن بىردىن كۆپرەك ئورۇننى ئىگىلەش، بەش ياكى مۇمكىن بولسا ئالتە كىشىدىن تەركىب تاپقان ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېتتا ئىككى ئورۇننى ئىگىلەش

تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە كونكرېت ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ مۇزاكىرىسىگە ئاسانلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئاتلىغا بىر ئىسىملىك بەردى، ئارقىدىنلا بېۋىن ۋە ئالېكساندر قاتارلىق كىشىلەرنى تىلغا ئالدى. ئۇلارنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشىنى تەكلىپ قىلىپ، بۇنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. چېرچىل ئۇرۇش پارتلاشتىن ئىلگىرىكى ئون يىل ئىچىدە تالاي قېتىم مۇستەقىل ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ بىلەن كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ۋە چېمبېرلىن ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى يۈز بەرگەن توقۇنۇش ھەم سۈركىلىشلەر، ئۆكتىچىلەر پارتىيىسى تەرەپتە تۇرۇپ لېيبورىستلار پارتىيىسى ۋە لىبېرالىستلار پارتىيىسى بىلەن بولغان توقۇنۇشلىرىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەنىدى. لېكىن، شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇلار خۇشال-خۇرام پاراڭلاشتى، ئاندىن لېيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى بۇرنېمۇتتىكى دوستى ۋە ھەمراھلىرىغا تېلېفون بېرىپ ئۆزىنىڭ چېرچىللار بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىققانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويدى. ئۇلار داۋام قىلغان 48 سائەتلىك سۆھبەتتە ئىنتايىن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى.

چېرچىل ھۆكۈمەتنىڭ قارشىلىق كۈچىنى ئازايتىش ۋە زۆرۈر بولمىغان ئارىلىشىشلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن، چېمبېرلىننى زوراغالىق مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى قايتا-قايتا تەكلىپ قىلدى ھەمدە شۇ كۈنى كەچ سائەت 9 دىن ئىلگىرى چېمبېرلىننىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە رادىئو نۇتقى سۆزلەپ خىزمەتتىن ئىستېپا بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلىشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە پۈتۈن مەملىكەتكە ئۆزىنىڭ ۋارىسىنى ھىمايە قىلىش ۋە قوللاش توغرىسىدا چاقىرىق چىقىرىشىنى قارار قىلدى. ئۇ تەخمىنەن سائەت ئون ئەتراپىدا ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە ئاساسەن ئۇرۇش ۋاقتىدىكى بەش كىشىلىك

www.uyghurkitap.com

كابىنېت ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكىنى پادىشاھقا تاپشۇردى. قۇرۇقلۇق، دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيە مىنىستىرلىقىنىڭ ۋەزىرلىرىنى خىزمەتكە تەيىنلەش ئەمەلىيەتتە مۇھىم ئىش بولۇپ، بۇ ئۈچ مىنىستىرلىقنىڭ ۋەزىر نامزاتى توغرۇلۇق چېرچىل كۆڭلىدە ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى. مادارا چىلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ كەلگەن سابىق ۋەزىر ئېدېن قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىقىغا، لېيبورىستلار پارتىيىسىدىكى ئالېكساندىر دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىقىغا، لىبېرالىستلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى دېزاز ئارچىبولد سىنكلائىر ھاۋا ئارمىيە مىنىستىرلىقىغا مەسئۇل بولدى. لېيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى ئاتلىي مۇھۆردارلىققا تەيىنلەندى، قالغانلار مۇئاۋىن ۋەزىر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېرچىل دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. لېكىن، ئۇنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ دائىرىسى ۋە خىزمەت ھوقۇقى توغرۇلۇق بەلگىلىمە چىقىرىش نىيىتى يوق ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، 10-ماي كەچتە — غايەت زور كۈرەش باشلانغان چاغدا، چېرچىل ئاخىر ئۆزۈندىن بېرى بەكلا ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان چوڭ ھوقۇققا ئېرىشتى. ئۇ كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە «دۆلەتنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى باشقۇرۇش ھاۋالە قىلىنغان» چاغدىكى روھىي-ھالىتىنى ئەسلەپ مۇنداق يازىدۇ: «شۇ قېتىمقى سىياسىي كرىزىسنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەنسىز چاغلىرى ئىدى، مەن تەخمىنەن سائەت 3 لەردە كارىۋاتقا چىقىپ ياتقىنىمدا، يەلكەمدىن تاغدەك بىر يۈك غۇلاپ چۈشكەندەك ناھايىتى يېنىكلەپ قالدىم. مەن ئاخىر پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىدارە قىلىدىغان چوڭ ھوقۇققا ئىگە بولدۇم. مېنىڭچە، مەن ئامەتلىك ئادەم، مېنىڭ ئىلگىرىكى پۈتكۈل تۇرمۇشۇم مۇشۇ پەيتلەر ئۈچۈن، مۇشۇنداق سىناقنى ئۈستۈمگە ئېلىش يولىدا بىر خىل

تەييارلىق كۆرۈشتىن ئىبارەت بولدى، خالاس». ئۇ باشتىن-ئاخىر، مېنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشۇم پېشانەمگە پۈتۈلگەن، دەپ قارايتتى. ئۇ دۆلەت ئېغىر قىيىنچىلىقتا قالغاندا ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى بولدى ھەمدە تۇرۇۋاتقان ئۆزگىچە ئورنىغا تولۇق ئىشەنچ باغلىدى. «مېنىڭچە، پۈتۈن ۋەزىيەتنى بەش قولدەك بىلىمەن، ئۆزۈمنىڭ مەغلۇپ بولمايدىغانلىقىمغا چوڭقۇر ئىشەنچىم بار، — دەپ يازىدۇ ئۇ، — شۇڭا، مەن تاڭ ئېتىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتسەممۇ، لېكىن ناھايىتى تاتلىق ئۇخلىدىم، يەنە كېلىپ چۈشۈمدە ئۆزۈمگە تەسەللى ئىزدەشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، چۈنكى رېئاللىق خام-خىيالدىن تېخىمۇ گۈزەل.»

ئەمما، چېرچىل ھەقىقەتەن جىددىي بىر ۋەزىيەتكە دۈچ كەلدى. خۇددى ئۆزى ئېيتقىنىدەك: «ئۇزۇندىن بېرى ئاستا-ئاستا توپلىنىپ كېلىۋاتقان بوران-چاپقۇن مانا ئاخىر بىزگە شىددەتلىك ھالدا يوپۇرۇلۇپ كەلدى». مانا بۇ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ دەھشەتلىك ئۇرۇشتا، 1-قېتىم 4 - 5 مىليوندەك ئادەم رەھىمسىزلەرچە ئېلىشتى. ئەنگلىيىلىكلەر 1-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ كۆلپەتلىك يىللىرى ۋە 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى فرانسىيە ئۇرۇش سېپىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ كۈنلىرىنى ئۆتكۈزگەنىدى. ئەمما بۇ ئۇرۇش سېپى بىر ھەپتە ئىچىدىلا تارمار قىلىۋېتىلدى. ئۇزۇندىن بېرى داڭق چىقىرىپ كەلگەن فرانسىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىمۇ ئۈچ ھەپتىگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تىرىپىرەن قىلىۋېتىلدى، ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىمۇ ئامالسىز چېكىنىدى ۋە ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى جەھەتتە تولدۇرۇۋالغۇسىز زىيان تارتتى. ئەنگلىيىلىكلەر ئالتە ھەپتىگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ پېتىم ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، قورال-ياراغلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغاندەك بىر خىل تۇيغۇغا

كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى، دېمىسىمۇ ۋەزىيەت ئۇلار ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى. گېرمانىيە ۋە ئىتالىيىنىڭ فاشىست ئارمىيىسى كەينى-كەينىدىن غەلىبە قىلىپ ئەنگلىيىنىڭ كېكىردىكىنى بوغۇۋالغان، پۈتكۈل ياۋروپا گىتلېرنىڭ ئېبلىس چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان، ياپونىيە فاشىستلىرىمۇ يەر شارىنىڭ يەنە بىر قىسمىغا خىرىس قىلىۋاتقاندەك بىر ۋەزىيەت شەكىللىنىۋاتاتتى. دەل مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، باش ۋەزىر ۋە قوشۇمچە دۆلەت مۇداپىئە ۋەزىرى بولغان چېرچىل، جامائەتچىلىك دۆلەت مەنپەئىتىگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ، دەپ قارايدىغان بارلىق چارە - ئۇسۇللار ئارقىلىق ئەنگلىيە پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بارلىق سىياسىي پارتىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ھۆكۈمەت تەشكىللەش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

ئۇر ۋۇشنىڭ جىددىي پەيتىدە كابىنېت تەشكىللەش ھەقىقەتەن مەسئۇلىيىتى ئېغىر ۋەزىپە ئىدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ تۆۋەن پالاتادا ئىگىلىگەن ئورنى باشقا پارتىيىدىكىلەرنىڭكىنى قوشقاندىمۇ يەنە 120 دىن كۆپرەك ئوشۇق ئىدى. چېمبېرلىن ئۇلار سايلىغان رەھبەر ئىدى. چېرچىل: «شۇنى ئېنىق تونۇشۇم كېرەككى، مەن ئۇلارنى كۆپ يىل تەنقىد قىلىپ، دائىم قاتتىق ئەيىبلەپ، ئاخىر چېمبېرلىننىڭ ئورنىنى ئىگىلىدىم، بۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپلىگەن كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىنتايىن كۆڭۈلسىز بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ» دېدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى، چېرچىلنىڭ ھاياتى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى بىلەن سۈركىلىش ياسىغان ياكى ئەمەلىي كۈرەش داۋامىدا ئۆتكەن ھايات ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەركىن سودا مەسىلىسىدە ئۇلار بىلەن ئالاقە ئۈزگەنلىكىنى، كېيىن مالىيە ۋەزىرى بولۇپ

يەنە ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلىگەنلىكىنى بىلەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى كۆپ يىللار داۋامىدا چېرچىل ھىندىستان، دىپلوماتىيە سىياسىتى ۋە ئۇرۇش تەييارلىقى قىلماسلىق مەسىلىلەر جەھەتتە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق رەقىبــــى بولۇپ قالغانـــــدى. شۇڭا، چېرچىلنىڭ باش ۋەزىرلىكنى ئۈستىگە ئېلىشـــــى ئۇلارغا قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلەتتى. لېكىن، دۆلەتنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەن مەزگىللەردىكى «زەمبىرەك ئاۋازى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى.»

لىبېرالىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە يېڭى ھۆكۈمەتكە كىرگۈزۈلمىگەن ھەم قابىلىيەتلىك ھەم ئاكتىپ بىر قىسىم كىشىلەر «جىنايەت ئۆتكۈزگەن» لەرنى، ميۇنخېن كېلىشىمىدە مەسئۇلىيىتى بار ياكى ئۇرۇش تەييارلىقىغا كۈچ چىقارمىغانلىقى سەۋەبىدىن تەنقىدلىنىشكە تېگىشلىك كىشـــلەرنـــى تازىلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ چېرچىلغا خېلى چوڭ بېسىم ئىشلەتتى. تۆرە ھالىفاكس، تۆرە سىمون ۋە دىزاز سامۇئېل خوئېرلار ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى. لېكىن، چوڭ دۈشمەن بېسىپ كەلگەن خەۋپ ئالدىدا يۇقىرىدىكى ئۈچەيلەنگە زەربە بېرىشكە بولمايتتى، ئەگەر بىر قىسىم كىشلەرنــىڭ پىكرى بويىچە ئىش كۆرۈلىدىغان بولسا، كونسېرۋاتـــىپلار پارتىيىسىدىن بولغان ۋەزىرلەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىــــسمـــى خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرمەي بولمايتتـــى. چېمبېرلـــىن كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ داھىيسى بولغانلىقتىن، بۇنداق ھەرىكەتنى باشلىسا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىتتىپاقىغا زىيان يەتكۈزەتتى. چېرچىل بۇنداق قىلىشنى كۈچــنــــىڭ بارىچە توسۇپ: «ئەگەر ھازىرقى بويىچە ئۆتمۈشكە ھۆكۈم قىلماقچى بولساق، كەلگۈسىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىمىز» دېدى. بۇ كۆز قاراش، شۇنىڭدەك ئەينى چاغدىكى ئېغىر ۋەزىيەت ئاتالمىش «بىدئەتلىك قىلغانلارغا زىيانكەشلىك قىلــمـــــىز» دەيدىغان

كىشىلەرنى تونۇتتى.

11-ماي ئەتىگەندە، چېرچىل چېمبېرلىنغا خەت يېزىپ: «بىر ئاي ئىچىدە ھېچكىم ئۆزى تۇرۇۋاتقان جايىدىن قوزغالمىسۇن» دېدى. بۇ، ئۇرۇشنىڭ جىددىي پەيتلىرىدە بەزى ئۆششاق ئاۋارىگەرچىلىكلەردىن ساقلاپ قالدى. چېرچىل داۋاملىق دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بىناسىدا تۇردى. خەرىتە بۆلۈمى ۋە ئاستىنقى قەۋەتتىكى بىر قانچە ياخشى ئۆيلەرنى ئۆزىنىڭ ۋاقىتلىق باش شتابى قىلدى. ئۇ خېتىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «بۈگۈن كەچتە ئەنگلىيە پادىشاھى ئۇچۇن ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېت ۋە ئۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى تولۇق تەشكىللەپ بولۇشنى نىيەت قىلدىم. ئۇرۇش بىزنىڭ بۇ ئىشلارنى تېزرەك ئورۇنلاپ بولۇشىمىزغا ھەيدەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ. ئىككىمىزنىڭ يەنىمۇ يېقىن مۇناسىۋەتتە بىللە خىزمەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا سىزنىڭ ھەممىمىزگە ئىنتايىن تونۇشلۇق بولغان 10-نومۇرلۇق كونا تۇرالغۇڭىزغا كۆچۈپ كېلىشىڭىزنى، شۇنىڭدەك بۇ تۆپەيلى بىرەر ئوڭايسىزلىق ھېس قىلماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن بۈگۈن بىرەر زۆرۈرىيەت تۆپەيلىدىن بىر قېتىملىق كابىنېت يىغىنى ئېچىشنى مۇۋاپىق دەپ قارىمايمەن، چۈنكى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ۋە باشقا قىسىملار بەلگىلەنگەن پىلان بويىچە ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ. لېكىن، بىزنىڭ خەرىتىنى بىرلىكتە كۆرۈپ، تەڭ مەسلىھەتلىشىپ، ئالدىنقى سەپنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىشىمىزگە ئاسان بولسۇن ئۇچۇن، سىز بىلەن ھالىفاكسنىڭ كەچ سائەت 12 يېرىمدە دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىقىنىڭ ئۇرۇش بۆلۈمىگە كېلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.»

چېرچىلنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كۈنلىرى تولىمۇ ئالدىراشچىلىقتا ئۆتتى. بىر ئادەم ئۇرۇش بىلەنلا بولۇپ، پۈتۈن

ئوي-خىيالىنى ئۇرۇشقىلا قارىتىپمۇ، ئۇرۇش توغرۇلۇق بىر-ەر چارە-ئامال تاپالمىدى. ئۇنىڭ ۋاقتىدىكى پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت تەشكىللەش، مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈش، ھەرقايسى سىياسىي پارتىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى تەڭشەش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. شۇ چاغدا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىدە پادىشاھ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن 60 تىن 70 كىچە ۋەزىر بار بولۇپ، ئۇلارنى بىر گەۋدە قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇشقا ھەمدە شۇ چاغدىكى ئۈچ سىياسىي پارتىيىنىڭ تەلەپلىرىگە ئېتىبار بېرىشكە توغرا كېلەتتى. چېرچىل ئاساسلىق شەخسلەر بىلەن كۆرۈشۈپلا قالماستىن، بەلكى ۋاقىت ئاجرىتىپ مۇھىم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەن زور بىر تۈركۈم قابىلىيەتلىك كىشىلەر بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ھەرقايسى پارتىيىلەر مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى.

ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىقنى تۆرە بېئاۋېربروئوك سالدى. چېرچىل ئۇنىڭ ئاجايىپ تۆھپىلەرنى كۆرسىتەلىگەنلىكىنى ئىشىنىپ، ئايروپىلان سانائىتى ۋەزىرلىكىنى ئۇستىگە ئېلىشنى ئۈمىد قىلغانىدى. دەسلەپ بېئاۋېربروئوك بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشقا بەكمۇ قوشۇلۇپ كەتمىدى، ھاۋا ئارمىيە مىنىستىرلىكىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەمىنلەش تارماقلىرىنى ئاجرىتىپ بېرىشنى خالىمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇ ۋەزىپىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا باشقا كۈچلەر توسقۇنلۇق قىلاتتى. ئەمما، چېرچىل ئەنگلىيىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، يېڭى تىپتىكى ئايروپىلانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي ئىشلەپچىقىرىلىشىغا باغلىق ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنەتتى. ئۇرۇش بېئاۋېربروئوكنىڭ روھلۇق، تېتىكلىكىگە مۇھتاج ئىدى، شۇڭا چېرچىل پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇناسىۋەتلەرنى راۋانلاشتۇرۇپ، توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، بۇ ۋەزىپىگە بېئاۋېربروئوكنى تەيىنلەشتە چىڭ تۇردى.

پارلامېنت ۋە گېزىت ساھەسىدىكىلەر ئېلان قىلغان ئومۇمىيۈزلۈك پىكىرلەرگە ئاساسەن، ئۇرۇش ۋاقىتىدىكى كابىنېت كىچىك بولۇشى كېرەك ئىدى. دەسلەپ كابىنېت بەش كىشىدىن تەشكىللەندى، بۇ ئادەملەر ئاساسلىق پارتىيىلەرنىڭ سىياسىئونلىرى سانىلاتتى. مىنىستىرلار (ۋەزىرلەر) نىڭ كۆپ قىسمى كابىنېت ئەزالىرى ئەمەس ئىدى. ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، مالىيە ۋەزىرى ۋە لىبېراللار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى دائىم يىغىنغا قاتنىشاتتى؛ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، «دائىم قاتنىشىدىغان» لارنىڭ سانى بارا-بارا كۆپىيىشكە باشلىدى. لېكىن، ئاساسلىق مەسئۇلىيەت يەنىلا ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېتنىڭ بەش نەپەر ۋەزىرىنىڭ زىممىسىدە ئىدى. چېرچىل: «ئەگەر بىز بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالىدىغان بولساق، بەشىمىزنى لوندون مۇنارىغا[①] ئاپىرىپ كاللىمىزنى ئېلىشى كېرەك. قالغانلارغا چارە كۆرۈش توغرا كەلسە، ئۇلار باشقۇرۇۋاتقان ئارماقلارنىڭ خىزمىتىنى ئادا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن چارە كۆرسە بولىدۇ. ئۇلارغا ھۆكۈمەت سىياسىتىنى بەلگىلىدى، دەپ چارە كۆرۈشكە بولمايدۇ» دېدى. سىياسىي جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتنى ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېت ئۈستىگە ئالدى. بۇ ئەھۋال پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان ئېغىر كۈنلەردە كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئەندىشىدىن خالاس قىلدى.

چېرچىل باش ۋەزىر بولغاندىن سىرت، يەنە قوشۇمچە تۆۋەن پالاتا رەھبىرى، دۆلەت مۇداپىئە ۋەزىرى ۋە دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالدى. ئۇ دۆلەت مۇداپىئە ۋەزىرى ۋە دۆلەت مۇداپىئە

---

① لوندون مۇنارى — ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەنگلىيىنىڭ مەھبۇسلارنى سولايدىغان ۋە ئۆلتۈرىدىغان جايى.

كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئەڭ ئالىي ھەربىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلەپ، ئەنگلىيىنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ھاۋا، دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئالىي قوماندانىغا ئايلاندى. دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى ۋە ھاۋا ئارمىيە ۋەزىرلىرىنىڭ ئورنى شەكىل جەھەتتە ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە چوڭ تەسىرگە ئۇچرىدى. ئۇلار ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېتنىڭ ئەزالىرى ئەمەس، شۇنداقلا ئۈچ ئارمىيە شتاب باشلىقلىرى كومىتېتىغىمۇ قاتناشتۇرۇلمىغانىدى. ئۇلار ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ تارماقلىرىدا تولۇق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغانىدى. لېكىن ئۇلار ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ياكى ئاگاھسىز ھالدا ئىستراتېگىيىلىك پىلانلارنى تۈزمەيدىغان ۋە كۈندىلىك ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ پىلانلار ۋە خىزمەتلەرنى شتاب باشلىقلىرى كومىتېتى باش ۋەزىر ھەم قوشۇمچە دۆلەت مۇداپىئە ۋەزىرىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە روياپقا چىقىراتتى.

چېرچىل مىجەزى كەسكىن، قەيسەر ئىرادىلىك، زېھنى-كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، يەنە كېلىپ توشقان ناتىق ئىدى. ئۇ، گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش مەزگىللىرى مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، دۆلەت ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلدى. ئۇ سۆزلىگەن نۇرغۇن نۇتۇقلىرىدا ۋەزىيەت ۋە ئەنگلىيە خەلقىنىڭ روھىي ھالىتىنى توغرا تەھلىل قىلغان، شۇنىڭدەك گىتلېر ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، ئۆز خەلقىنى گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى تۇرۇشقا چاقىرىق قىلغان. چېرچىلنىڭ بىر قاتار نۇتۇقلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ، ئاخىر بېرىپ ئاممىنىڭ كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن قابىلىيەتلىك ھەربىي باشلىقلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ئابرۇيى كۈندىن-كۈنگە ئۆستى.

ئۇرۇش مەزگىللىرى تەسىس قىلىنغان ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېت، ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي چوڭ ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي ئىگىلىدى. ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېت پارلامېنتتىكى بارلىق سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەچكە، مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولدى. كۆپلىگەن تارىخچىلار چېرچىل ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىن «مۇستەبىتكە ئايلىنىپ كەتتى» دەپ كۆرسەتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى چېرچىلنىڭ ئۆزىگە چەكسىز ئىشەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۇ: «مەن قىلماقچى بولغان ئىشلار، كابىنېت ئەزالىرىنىڭ ئاقىلانە مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا مېنىڭ پىكرىم بويىچە ماقۇللىنىدۇ» دېگەنىدى. ئۇنىڭ «ئاقىلانە مۇزاكىرە» دېگىنى ئادەتتە ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى ۋە پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنلا ئاخىرلىشىدىغان مۇزاكىرە ئىدى. ئەلۋەتتە، يەنە بەزى ئەھۋاللار بار بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەھۋاللار ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئۇنچىلىك تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. ئۇرۇش مەزگىللىرى چېرچىل ھۆكۈمىتىدە بىر قانچە ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ئولىۋېر لىتلېتون بىر ئىش ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازغانىدى: «بىر كۈنى كەچ سائەت 10 دا چېرچىل ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېتنىڭ يەر ئاستى قوماندانلىق شتابىدا دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى ئاچتى. ئۇ مەردانە قىياپەتتە يىغىن زالىغا كىرىپ كەلدى، بۇ پات ئارىدا بىر مەيدان ئۇرۇشنىڭ باشلىنىدىغانلىقىدىن بېشارەت ئىدى. ئۇ مەلۇم بىر مەسىلىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئاندىن يىغىن قاتناشقۇچىلىرىدىن پىكىر ئالدى. لىتلېتون ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋىدى، چېرچىل ئۆتى يېرىلغۇدەك ئاچچىقلاپ كەتتى ۋە ئارقىدىنلا ‹مەن مۇشۇ ئۆمرۈمدە پادىشاھنىڭ بىر پېشقەدەم ۋەزىرىنىڭ مۇنداق ئەخمىقانە تەكلىپىنى



www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى زادى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم › دېدى. »
ئەمەلىيەتتە، لىتلېتوننىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپى ئىنتايىن رېئالىي مەسىلە بولۇپ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى. ئاخىر چېرچىل ئۇلارنى قايىل قىلغۇدەك باشقا گەپ تاپالماي، ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندىن كېيىن يىغىننى ئىلاجىسىز ئاياغلاشتۇرۇپ: «قىسقىسى، بىز ھەربىي لاۋازىمات ۋەزىرىنىڭ ئەخمىقانە تەكلىپىنى بىردەك ماقۇللىدۇق» دېدى.

چېرچىلنىڭ خىزمەتداشلىرى باش ۋەزىرنىڭ ئۆزلىرى ئۇچۇن بەلگىلەپ بەرگەن خىزمەت تۈزۈمىدىن ئىنتايىن نارازى ئىدى. بارلىق مۇھىم يىغىنلار كەچتە ئېچىلىپ، دائىم دېگۈدەك يېرىم كېچىدە ئاخىرلىشاتتى. چېرچىل ياش ئاتلىق ئەسكەر ئوفىتسېرى چېغىدىلا، كۇبادىكى ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ ھاۋا تونۇردەك ئىسسىق كۈنلىرى دەم ئالىدىغانلىقىنى كۆرگەنىدى. 1-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرى، يەنى دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىقىدا خىزمەت قىلىۋاتقان چاغلىرىدىمۇ چۈشتە دەم ئېلىشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى. چېرچىلنىڭ ئىنتايىن ياخشى بىر ئادىتى — بېشى ياستۇققا تەگسىلا ئۇخلايتتى. ھەركۈنلۈكى بۇنداق راھەتلىنىپ دەم ئېلىش پۇرسىتىنى ھەرگىز ئۆتكۈزۈۋەتمەيتتى. كۈندۈزلىرى دەم ئېلىپ، يېرىم كېچىگىچە ئىشلەيتتى. ئۇ چاقچاق تەلەپپۇزىدا، چۈشلۈك دەم ئېلىشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى خىزمەتداشلىرىغا تەشۋىق قىلاتتى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە يازغان بىر ئەسلىمىسىدە، ناھايىتى ئاز ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى دورىغانلىقىنى، دېڭىز ئارمىيە شتاب باشلىقى ئادمىرال پوۋىندىنىڭ ئايلانما ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۇيقۇ مەستانىسى بولۇپ قالغانلىقىنى، ھەتتا كابىنېت يىغىنلىرىدىمۇ خورەك تارتىپ ئۇخلايدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدى.

چېرچىل ئادەتتە ئەتىگەن سائەت 8 لەردە ئويغىنىپ، كارىۋاتتا ياتقىنىچە گېزىت، تېلېگراما ۋە باشقا جىددىي هۆججەتلەرنى كۆرەتتى. بولۇپمۇ گېزىت-ژۇرناللارنى ئىنتايىن تەپسىلىي ئوقۇپ چىقاتتى. ئۇنىڭ خۇسۇسىي دوختۇرى تۆرە موران ئەسلەپ: «چېرچىلنىڭ گېزىتتە ئۆزى توغرۇلۇق نېمىلەرنى يازغانلىقىنى بىلگۈسى كېلەتتى» دېگەنىدى. چېرچىل دائىم كارىۋات ئۈستىدىكى ئىشخانىسىدا چۈشكىچە ياتاتتى. كارىۋاتتا يېتىپ تۇرۇپ زىيارەت قىلغۇچىلار بىلەن كۆرۈشەتتى، هەر قايسى مىنىستىرلىكلەرگە ۋە شتاب باشلىقلىرى كومىتېتىغا ئاغزاكى بۇيرۇق، كۆرسەتمە بېرەتتى. بۇ بۇيرۇق، كۆرسەتمىلەر دەرھال ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېتنىڭ مۇئاۋىن كاتىپى — چېرچىلنىڭ شتاب باشلىقلىرى كومىتېتىدىكى شەخسىي ۋەكىلى گېنېرال ئىسمايغا يەتكۈزۈلەتتى.

چېرچىل هاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىللىرى ئۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى ئەنگلىيە-فرانسىيە ئالدىنقى سېپىنى بۆسۈپ ئۆتتى، ئۇرۇش ئوتى فرانسىيىنىڭ شىمالىي قىسمىغا يامراپ، پارىژغا خەۋپ يەتكۈزدى، ئەنگلىيىنىڭ يىراقتا يۇرۇش قىلغۇچى ئارمىيىسى يوقىلىپ كېتىشتەك رېئالىي خەۋپكە دۇچ كەلمەكتە ئىدى. چېرچىل گېرمانىيىلىكلەر هۇجۇم باشلىغان دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا فرانسىيىنىڭ غەلىبە قازىنالمايدىغانلىقىنى هېس قىلغانىدى. مانا بۇ ئەنگلىيىنىڭ پات ئارىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئاساسلىق ئىتتىپاقداش دۆلىتىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى.

چېرچىل قورال-ياراغنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، بولۇپمۇ قوغلىغۇچى كېمە بىلەن يېڭى تىپتىكى ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر هېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، 15-ماي كابىنېتنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، باش

ۋەزىر بولغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم روزۋېلتتىن جىددىي ياردەم تەلەپ قىلىش ھەققىدىكى تېلېگراممىنى يېزىپ چىقتى. چېرچىل ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ غەيرىي رەسمىيلىك خاراكتېرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تېلېگراممىنىڭ ئاخىرىغا ئىمزا قويغاندا ئۆزىنى يەنىلا «سابىق دېڭىز ئارمىيە خادىمى» دەپ ئاتىدى. تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

«مېنىڭ ۋەزىپەم ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، لېكىن سىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى يېقىن خۇسۇسىي ئالاقىنى ئۈزۈپ قويۇشۇمنى خالىمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. دەل سىز بىلگەندەك ۋەزىيەت تېزلا يامانلىشىپ كەتتى. دۈشمەن ھاۋادا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەتتى، ئۇلارنىڭ يېڭى تېخنىكىسى فرانسىيىلىكلەرنىڭ كۆڭلىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرماقتا. مېنىڭ قارىشىمچە، قۇرۇقلۇق ئۇرۇشى ئەمدى باشلاندى، پۈتۈن ئاممىنىڭ ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقىنى شۇنچىلىك تەقەززالىق بىلەن كۆرگۈم بار. ھازىرغىچە گىتلېر مەخسۇس تانكا قىسىملىرى ۋە ھاۋا ئارمىيىسىنى ئىشقا سېلىپ ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ. كىچىك دۆلەتلەر خۇددى سەرەڭگىگە ئوخشاش بىر-بىرلەپ بىتچىت قىلىنىۋاتىدۇ. تېخى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولمىسىمۇ، لېكىن شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، مۇسسولىنى ئالدىراپ-تېنەپ مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنى تالان-تاراج قىلىشقا قاتناشماقچى بولۇۋاتىدۇ. مۆلچەرىمىزچە پات ئارىدا بىز بۇ يەردە ھاۋا ھۇجۇمىغا، شۇنىڭدەك پاراشوتچىلار ۋە ھاۋا ترانسپورت قىسىملىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرايمىز. ئەمما، بۇنىڭغا ئاللىقاچان تەييارلىق كۆرۈپ قويدۇق. ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا، بىز داۋاملىق مۇستەقىل ئۇرۇش قىلىۋېرىمىز، مۇستەقىل ئۇرۇش قىلىشتىن قورقمايمىز.

لېكىن، زۇڭتۇڭ ئەپەندى، مەن سىزنىڭ بىر نۇقتىنى

چۈشىنىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىم كامىل. يەنى ئامېرىكىنىڭ ساداسى ۋە كۈچ-قۇدرىتى ئۆز ۋنغىچە بېسىلىپ قالسا، ھېچقانداق رول ئوينىيالماسلىقى مۇمكىن. ئۇ چاغدا پۈتۈنلەي ئىستىلا قىلىنغان، ناتسىستلاشقان ياۋروپانىڭ ناھايىتى تېز ئارىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرەلەيسىز، بۇ بېسىمغا بەلكىم بىر بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. مەن ھازىر سىزنىڭ ئۇرۇش قىلماسلىق ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزنى ئېلان قىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن. بۇ سىلەرنى ئەمەلىيەتتە قوراللىق قىسىمنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇشقا ئەۋەتمەي، بارلىق كۈچۈڭلار بىلەن بىزگە ياردەم قىلىڭلار، دېگەنلىكتىن ئىبارەت.»

چېرچىل يەنە ئامېرىكىنىڭ كونىراق 40 ـ 50 نەك قوغلىغۇچى كېمىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇشىنى، بىر نەچچە يۈز ئەڭ يېڭى تىپتىكى ئۇرۇش قىلغۇچى ئايروپىلان، شۇنىڭدەك بىر تۈركۈم جىددىي ئېھتىياجلىق ھاۋا مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى، ئوق-دورا ۋە پولات ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىن ئېتىشنى تەلەپ قىلدى. ئەنگلىيىنىڭ بۇ باش ۋەزىرى تېلېگراممىنىڭ ئاخىرىنى «بىز دوللار بېرەلەيدىغان ئىمكانىيەت بولسىلا، داۋاملىق دوللارغا سېتىۋالىمىز، لېكىن شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىشكە ھەقلىقمەنكى، بىز پۇل بېرەلمەيدىغان تەقدىردىمۇ، سىز يەنە ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ماددىي ئەشيالار بىلەن بىزنى تەمىن ئېتىپ تۇرىسىز» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇردى.

18-ماي چېرچىل ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزۋېلتنىڭ ئىككىلەنمەي داۋاملىق شەخسىي خەت-ئالاقە قىلىپ تۇرۇشنى قارشى ئالىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن جاۋاب تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەلىپىگە: «كونىراق 40—50 كە يېقىن قوغلىغۇچى كېمىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش ياكى تەقدىم قىلىش مەسىلىسىدە ئۆزۈم بىر نېمە دېيەلمەيمەن، بۇ، پارلامېنتنىڭ ماڭا ھوقۇق بېرىشىگە باغلىق ئىش، ھازىر بۇ ھەقتە مۇزاكىرە

قىلىشنىڭ پەيتى ئەمەس. بىراق، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى ئامېرىكىنىڭ ئەڭ يېڭى تىپتىكى ئايروپىلانلىرى، ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەلىرى، ئوق-دورا ۋە پولات ماتېرىياللىرىغا ئوخشاش ھالدا ئىگە قىلىشقا چامامنىڭ يېتىشىچە كۈچ چىقىرىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئىككى تەرەپ ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئۇرۇش داۋامىدىكى ھەمكارلىشىشنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۆز ئارا ھەربىي ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىشنى قارار قىلدى.

ئەينى چاغدا، چېرچىل ھۆكۈمىتى بىر قانچە چوڭ مەسىلىلەرنى دەرھال ئۆزى قول سېلىپ ھەل قىلىۋېتىشى، يەنى تۈرلۈك ئامال-چارىلەر ئارقىلىق فرانسىيىنىڭ دۈشمىنىگە قارشى تۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىنى ئەڭ چوڭ تالاپەتكە ئۇچرىتىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا ئارمىيىسىنى چىڭ تۇتۇپ مەشىق قىلدۇرۇش، پۈتۈن خەلقنى گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى تۇرۇشقا سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش ھەمدە قورال-ياراغ ئىشلەپچىقىرىشقا تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، غەربىي سەپتە خەتەر يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللار يەنىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. فرانسىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ چوڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالاقىسى گېرمانىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئۈزۈۋېتىلدى. 13-ماي، يەنى دۈشەنبە كۈنى تۆۋەن پالاتادا پەۋقۇلئاددە يىغىن ئېچىلىپ، يېڭى ھۆكۈمەتكە ئىشەنچ بىلدۈرۈش ئاۋازى بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش تەلەپ قىلىندى. چېرچىل يىغىندا كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان سۆز قىلىپ: «مېنىڭ سىلەرگە ئىسسىق قېنىم، جاپالىق ئەجرىم، تەرىم ۋە كۆز يېشىمدىن باشقا ھەدىيە قىلىدىغان ھېچنەرسەم يوق» دېدى. ئەنگلىيىنىڭ پۈتكۈل تارىخىدا پارلامېنت ۋە خەلق ئالدىدا بۇنداق ئاددىي، ئەمما كىشى كۆڭلىگە

ياقىدىغان پروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويالىغان بىرەر باش ۋەزىر چىقمىغانىدى.

«سىياسىتىڭ نېمە، دەپ سورىساڭلار، مېنىڭ سىياسىتىم تەڭرى بىزگە ئاتا قىلغان بارلىق ئىقتىدار ۋە كۈچ - قۇدرەتنى ئىشقا سېلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مۇدھىش ۋە پاجىئەلىك جىنايى تارىخىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەڭ ئەشەددىي زوراۋانلىققا قارشى دېڭىزدا، قۇرۇقلۇقتا، ھاۋادا جەڭ قىلىش. مانا بۇ مېنىڭ سىياسىتىم، دەيمەن. مەقسىتىڭ نېمە دېسەڭلار، بىرلا سۆز بىلەن جاۋاب بېرىمەن. ئۇ بولسىمۇ غەلىبە. قانچىلىك بەدەل كېتىشتىن قەتئىينەزەر، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش! كۆپچىلىك شۇنى بىلىشى كېرەككى، غەلىبە قىلالمىساق، بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس، بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسى ۋەكالىلىك قىلىدىغان بارلىق نەرسىلەر يوقىلىپ چىقىدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان دەۋر تەلىپى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچمۇ بولمايدۇ. مەن تولۇپ تاشقان خۇشاللىق ۋە ئۈمىد بىلەن بۇ خىزمەتنى ئۈستۈمگە ئالدىم. شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى، كىشىلەر بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتمايدۇ. مۇشۇنداق پەيتتە، مېنىڭچە، كۆپچىلىكنىڭ مېنى قوللىشىنى تەلەپ قىلىشقا ھەقلىقمەن. كېلىڭلار شۇ، قوزغىلايلى، بارلىق كۈچىمىزنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلەيلى!»

چېرچىل سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن يىغىن زالىدا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭراپ كەتتى. پۈتكۈل پارلامېنت ئەزالىرى ئۇنى قوللاپ ئاۋاز بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئىتتىپاقلىشىپ، غەيرەت-شىجائەتكە كېلىپ، مۇشەققەتلىك بولغان گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تارىخىي سىناقلىرىنى بېشىدىن كەچۈردى.

484598

# ئون يەتتىنچى باب

## دۆنكىركنى قۇتقۇزۇش

گىتلېرنىڭ تۈزلەڭلىكتىكى دۆلەتلەرگە ھۇجۇم قىلىشى ياۋروپاغا خوجا بولۇش پىلانىنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ «بالايىئاپەتنى شەرققە باشلاش» سىياسىتى ئۈزۈل-كېسىل بەربات بولدى. بۇ، دۆنكىركتىكى مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئەنگلىيە-فرانسىيە ھۆكۈمەتلىرى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئەكسىيەتچىل ماداراچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكى، غەربىي ياۋروپادىكى ئىتتىپاقداش ئارمىيىسى زىچ ھەمكارلىشىپ قاتتىق مەشىق قىلمىغانلىقى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئىستراتېگىيە جەھەتتە مۇتەئەسسىپلىك قىلغانلىقى سەۋەبىدىن، گېرمانىيە فاشىستىك ئارمىيىسىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى ئاستىدا ناھايىتى تېزلا تارمار قىلىندى. ئەنگلىيە-فرانسىيە ھاۋا ئارمىيىسى دەسلەپكى بىر نەچچە سائەت ئىچىدىلا ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىمۇ ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالدى. شۇ چاغدىن باشلاپ مەركەزدىن قاچقۇچى كۈچلەر ناھايىتى تېزلا مەيدانغا چىقتى. بېلگىيە پادىشاھى تەسلىم بولۇش توغرىسىدا جىددىي ئويلىنىپ قالدى، ئەنگلىيە يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى گوتتېر كېمىگە ئولتۇرۇپ چېكىنىشكە ئالدىراش تەييارلاندى. فرانسىيە

گېنېرالى ۋېيگاند ئۇرۇش توختىتىش سۆھبىتى ئۆتكۈزمەكچى بولدى. گوللاندىيە ئارمىيىسى 5-كۈنلا تەسلىم بولدى.

گىتلېر ھۇجۇم قوزغايدىغان 14-مايغا پەقەت بەش كۈنلا قالغانىدى، بۇ كۈن ئۇلارنىڭ تەقدىرى بەلگىلىنىدىغان كۈن ئىدى. 12-ماي كېچىسى گېرمانىيە ئارمىيىسى دىنانتتىن سېدانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەريانىڭ تىك قىرغاقلىرىنى، بۆكتىنە ئورمان بىلەن قاپلانغان مۇسې دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى تۆت كۆۋرۈك ئىستىھكامىنى تارتىۋالغان ھەمدە سېداننى ئىشغال قىلىۋالغانىدى. بۇ 1870-يىلى ناپولېئون III مولتكېغا[1] تەسلىم بولغان، شۇنداقلا فرانسىيە ئىككىنچى ئىمپېرىيىسىگە خاتىمە بېرىلگەن جاي ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيە مۇداپىئە سېپىنىڭ مەركىزي قىسمى بىلەن ئەنگلىيە-فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ خىللانغان قىسىملىرى ناھايىتى چاققانلىق بىلەن بېلگىيىگە يۆتكىلىدىغان مۇھىم تۈگۈن ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىدى.

15-ماي كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلاندى. سان، ئەسكىري كۈچىنىڭ يىغىلىش دەرىجىسى، ھەرىكەتچانلىق ۋە زەربە بېرىش كۈچى قاتارلىق جەھەتلەردە مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر تانكا قىسمى گېرمانىيە چېگرىسىدىن ئاردېن ئورمانلىقى ئارقىلىق يولغا چىقتى. سەپ شۇنچىلىك ئۇزۇن ئىدىكى، كولوننا ئۈچ يۆنىلىش بويىچە بۆلۈنگەن بولسىمۇ، سەپنىڭ ئاخىرى رېين دەرياسىدىن 100 ئىنگلىز مىلى يىراقلىققىچە سوزۇلغانىدى. بۇ زور قوشۇن فرانسىيىنىڭ 9- ۋە 2- بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، بېلگىيىدىكى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ كەينى تەرىپىدىن ئەنگلىيە بوغۇزىغىچە

---

① ھېلتون كارل بېرنارد ۋون مولتكې (1800—1891) گېرمانىيە ھەربىي مۇتەخەسسىسى ۋە مارشالى.



www.uyghurkitap.com

تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىدى. ستوكاتىپلىق شۆڭغۈپ ئۇچىدىغان تۈركۈم-تۈركۈم بومباردىمانچى ئايروپىلانلار ئالدى بىلەن فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى ئاجىزلاتتى؛ زور تۈركۈمدىكى جەڭگىۋار ساپېر قىسىملار رېزىنكە قېيىقلار ئارقىلىق سۇ ئۈزۈپ لەيلىمە كۆۋرۈك ياساپ، دەريادىن ئۆتۈشنىڭ تەييارلىقىنى كۆردى؛ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئاپتوماتىك سىلجىغۇچى زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان برونېۋىك دىۋىزىيىلەر بار ئىدى. ھەربىر برونېۋىك دىۋىزىيىنىڭ ئارقىسىدىلا ماتورلۇق جابدۇقلار بىلەن قوراللانغان پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىلىرى مېڭىپ، تانكىلار ئېچىپ بەرگەن ئىستىھكاملارنى ئىشغال قىلدى. ئالاقزادىلىك بىلەن قوغدىنىۋاتقان ئارمىيىنىڭ قولىدىكى ھەرقانداق قورال بۇنداق پولات ۋە ئوت بىلەن قوراللانغان زىچ قوشۇننى توسۇپ قالالمىدى. مۇس دەرياسى بويىدىكى دىناتتىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇۋاتقان فرانسىيە ئارمىيىسى گېنېرال ھېرمان ھوتنىڭ 15-برونېۋىك ئارمىيىسى تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. بۇ ئارمىيىنىڭ ئىككى تانكا دىۋىزىيىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ بىرىگە ئېرۋىن روممېل ئىسىملىك ياش، يۈرەكلىك بىرىگادا گېنېرالى قوماندانلىق قىلغانىدى. دەريانىڭ جەنۇبىدىكى ئىككى تانكا دىۋىزىيىسىدىن تەشكىللەنگەن 41-برونېۋىك ئارمىيىسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش تاكتىكىنى قوللاندى.

گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ كۈچلۈك زەربىسى ئاستىدا، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ئارمىيىسى ئانتۋېرپېتىن نامۇرغىچە بولغان دىل دەرياسىدىكى مۇداپىئە سېپىنى قاتتىق ساقلىدى. بۇ دەل گېرمانىيە ئارمىيىسى ئالىي قوماندانلىق شتابى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ئىش ئىدى. چۈنكى، بۇنداق بولغاندا، گىتلېرنىڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيىنى كەڭ كۆلەمدە يوقىتىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىلاتتى. 19-ماي يەتتە برونېۋىك دىۋىزىيىسىدىن

تەركىب تاپقان، قىستۇرۇلۇپ كىرىدىغان كۈچلۈك قوشۇن سوممې دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا قاراپ رەھىمسىزلىك بىلەن ئىلگىرىلەپ، 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئاتاقلىق جەڭ مەيدانىدىن ئۆتۈپ، ئەنگلىيە بوغۇزىغا ئاران 50 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايغا يېتىپ باردى. گىتلېرنىڭ باش قوماندانلىق شتابىنى ھەيران قالدۇرغىنى، 2-برونېۋىك دىۋىزىيىسىنىڭ 20-ماي كەچتە سوممې دەرياسى ئېغىزىدىكى ئاببېۋىلغا يېتىپ بارغىنى بولدى. بۇ چاغدا، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىنىڭ 400 مىڭ كىشىلىك بىرلەشمە ئارمىيىسى دېڭىز قىرغىقىدىكى كىچىككىنە بىر دېلتىغا قاپسىلىپ، قاتمۇ قات قورشاۋ ئىچىگە چۈشۈپ قالغان، ئالدى تەرىپى دولقۇنلار ئۆركەشلەپ تۇرغان دېڭىز، كەينى تەرىپىدىن يىرتقۇچ ھايۋاندەك خىرىس قىلىپ گېرمانىيە ئارمىيىسى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى، ئېكسپېدىتسىيە ئارمىيە ئاخىر تىرىپىرەن قىلىۋېتىلدى. گىتلېر خۇشال بولغىنىدىن خۇدىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ گېرمانىيە ئارمىيىسى ۋە بۇ ئارمىيىنىڭ قوماندانلىرىنى ماختاپ كەتتى. ئۇ، ئېكسپېدىتسىيە ئارمىيە يوقىلاي دەپ قالدى، ئۇرۇشمۇ پات ئارىدا ئاخىرلىشىدۇ، دەپ قارايتتى.

چېرچىل كىشىنى ئەنسىزچىلىككە سالىدىغان بۇ كۈنلەردە خەلقنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا تۆۋەندىكىدەك ئومۇمىي بۇيرۇق چۈشۈردى:

«بۇ زۇلمەتلىك كۈنلەردە ھۆكۈمەتتىكى بارلىق خىزمەتداشلار ھەمدە مۇھىم ئەمەلدارلار ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى كۆتۈرەڭگۈ جەڭگىۋارلىق روھىنى ساقلاپ قالالىسا، باش ۋەزىر بۇنىڭدىن ئىنتايىن مىننەتدار بولاتتى. بۇ ھەرگىزمۇ ۋەقەنىڭ ئېغىرلىقىنى كىچىكلىتىش ئەمەس، بەلكى بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىدارىغا ئىشەنچ باغلاپ، ئۇرۇشنى تاكى دۈشمەننىڭ پۈتكۈل ياۋروپاغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش قەستىدە بولغانلىق قارا نىيىتى

ئۆزۈل كېسىل بەربات بولغانغا قەدەر قەتئىي، بوشاشماي داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك، دېگەنلىكتۇر.

فرانسىيىنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇرەسسەگە كېلىش كۆز قارىشىنىڭ بولۇشىغا يول قويغىلى بولمايدۇ، ئەمما قۇرۇقلۇقتا مەيلى ھەرقانداق ئىش يۈز بەرسۇن، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىمىزدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ، بىز چوقۇم جېنىمىزنىڭ بارىچە ئۆز ئارىلىمىزنى قوغدىشىمىز، ئىمپېرىيىنى ۋە ئىشلىرىمىزنى قوغدىشىمىز كېرەك.»

20-ماي، گودېرىئان (فاشىست گېرمانىيىسىنىڭ گېنېرال پولكوۋنىكى) نىڭ تانكا قىسمى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ مۇداپىئە سېپىنى تۇيۇقسىز بۆسۈپ ئۆتۈپ، دېڭىز بويىدىكى ئاببېۋىلغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئىتتىپاقداش ئارمىيە ھالاك بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. چېرچىل ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ، دېڭىز ئارمىيىسىگە ھەممە پاراخوتلارنى بىر يەرگە توپلاپ، ئەنگلىيىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيىسى ۋە باشقا ئىتتىپاقداش ئارمىيىلەرنىڭ دېڭىز بوغۇزىدىن چېكىنىپ چىقىشى ئۈچۈن ھەرقايسى پورتلاردا پائال تەييارلىق كۆرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە ئۇرۇشقا قاتناشمايدىغانلارنىڭ دەرھال بوغۇزدىن ئۆتۈپ، ئەنگلىيىگە كېلىشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن دۇنيانى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغان دېڭىزدىكى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈش مۆجىزىسىنى ياراتتى.

24-ماي، شىمالدىكى بېلگىيە فرونتى بىتچىت بولۇش گىردابىغا چۈشۈپ قالدى، جەنۇبتا گۇدېرىئاننىڭ ئاببېۋىلدىن ئەنگلىيە بوغۇزىغا قاراپ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلىگەن برونېۋىك قىسىملىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا برۇننى ئىشغال قىلىپ، كالاي پورتىنى قورشىۋالدى، ئاندىن دۇنكىركتىن تەخمىنەن 20 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى ئا قانىلىغا يېتىپ باردى. بېلگىيە

www.uyghurkitap.com

ئارمىيىسى، ئەنگلىيىنىڭ يىـــراقتا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيىسىنىڭ توققۇز دىۋىزىيىسى ۋە فرانسىيىنىڭ 1-بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ئون دىۋىزىيىسى كىچىككىنە بىر ئاربىلىقتا قاپسىلىپ قالدى، بۇ جاي قانال، ئېرىق-ئۆستەڭلەر كۆپ، دەريا سۈيى تېشىپ تۇرىدىغان رايون بولغاچقا، يەر شەكلى تانكا ئۇرۇشىغا قولايسىز ئىدى، لېكىن گودېرىئان بىلەن رېينھاتنىڭ برونېۋىك قىسىملىرى قانال بويىدىكى گراۋېلىن بىلەن سان ئومېر ئارىلىقىغا بەش كۆۋرۈك ئىستىھكامى ياساپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنى ئاخىرقى قىرغىنچىلىقتا تۇتۇشقا ھەمدە شەرقىي شىمالدىن سۈرۈلۈپ كەلگەن گېرمانىيىنىڭ 6- ۋە 18- بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ئىككى تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىشى ئارقىلىق ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىشقا تەييارلانغانىدى. ئەمما، دەل شۇ پەيتتە ئۇلار ناتىسىتلار ئالىي قوماندانلىق شتابىدىن غەلىتە بىر جىددىي بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى. كېيىن ئىسپاتلىنىشىچە، گىتلېر بۇ بۇيرۇقنى رۇندىستېد (فاشىست گېرمانىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى) بىلەن گېرىنگنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن براۋھىچ (فاشىست گېرمانىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى) ۋە خالدېر (فاشىست گېرمانىيىسىنىڭ گېنېرال پولكوۋنىكى) لارنىڭ كەسكىن قارشى تۇرۇشىغا قارىماي جاھىللىق بىلەن چىقارغانىدى. بۇ بۇيرۇقتا، تانكا قىسىملىرى قانال بويىدا توختىسۇن، ئەمدى ئىلگىرىلىمىسۇن، دېيىلگەنىدى. بۇ يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيە قوماندانى گېنېرال گوتتېرغا كۈتۈلمىگەن يەردىن بېرىلگەن مۇھىم ئارام ئېلىۋېلىش پۇرسىتى بولدى. گوتتېر، شۇنداقلا ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى ۋە ھاۋا ئارمىيىسى بۇ پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلاندى. رۇندىستېد كېيىن بۇ نۇقتىنى ھېس قىلغان. ئۇ بۇ ئۇھ دەۋېلىش پۇرسىتى «ئۇرۇشتا بارلىققا كەلگەن بىر نەچچە چوڭ بۇرۇلۇشنىڭ بىرى

بولدى» دېدى.

26-ماي كەچتە، گىتلېر ئىلگىرىلەشنى توختىتىش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ھەمدە بۇنداق بىر پىكىرگە، يەنى بوۋاك قوماندانلىقىدىكى قوشۇننىڭ بېلگىيىدىكى ئىلگىرىلەشنى ئاستا ۋە دېڭىز قىرغىقىغا يېقىن جايلارنىڭ ترانسپورت پائالىيەتلىرى ئالدىراش بولغاچقا، برونېۋىك قىسىملىرىنىڭ دۈنكىركقا داۋاملىق ئىلگىرىلىشىگە قوشۇلدى. لېكىن، بۇ چاغدا بەكمۇ كېچىككەنىدى. قورشاۋدا قالغان ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ئىتتىپاقداش ئارمىيىسى ئۆزىنىڭ مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تېگىشلىك ۋاقىتنى قولغا كەلتۈردى، ئۇلار بىر تەرەپتىن قارشىلىق كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن دۈشمىنىگە تۈيدۇرماي دېڭىز تەرەپكە قاچتى. ئۆتمۈشتە ۋە ھازىرمۇ دېڭىز-ئوكيانلارنى چۆشەنمەيدىغان گىتلېر ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىرىنىڭ دېڭىز-ئوكيانلارنى پىششىق بىلىدىغان ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ بومباردىماندا ھېچقانداق ئەسلىھەلىرى قالمىغان كىچىككىنە بىر پورتتىن ۋە دۈشمەننىڭ كۆز ئالدىدىلا يېيىلىپ ياتقان سايازلىقتىن 300 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى سالامەت چېكىندۇرۇپ كېتىشى ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغانىدى.

26-ماي كەچ سائەت 7 گە 3 مىنۇت قالغاندا، يەنى گىتلېرنىڭ ئىلگىرىلەشنى توختىتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە شتابى چېرچىلنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن «دىنام پىلانى» نى ئىجرا قىلىشنى باشلاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. بۇ دۈنكىركتىن چېكىنىش پىلانىنىڭ مەخپىي بەلگىسى ئىدى. شۇ كۈنى كەچتە، گېرمانىيە برونېۋىك قىسىملىرى بۇ پورتقا غەرب ۋە جەنۇب تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھۇجۇم قىلىشنىڭ ناھايىتى قىيىن

بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. گېنېرال گوتتېر ئۈچ پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئېغىر تېخنىكىلىق زەمبىرەكلەرنىڭ ماسلىشىشى بىلەن گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇش ۋاقتىغا ئىگە بولغانىدى. دەل مۇشۇ پەيتتە، چېكىنىش خىزمىتى باشلىنىپ كەتتى. ئوكيان پاراخوتى ۋە قوغلىغۇچى پاراخوتتىن كىچىك قولۋاق ۋە گوللاندىيە قولۋاقلىرىغىچە بولۇپ ھەر خىل تىپتىكى ھەر خىل ئات كۈچىگە ئىگە 860 تىن كۆپرەك چوڭ-كىچىك پاراخوت-كېمىدىن تەشكىللەنگەن فلوت دۇنكىركقا توپلاندى. 1-كۈنى يەنى 27-ماي، 7 مىڭ 669 كىشى، 2-كۈنى، 17 مىڭ 804 كىشى، 3-كۈنى، 47 مىڭ 310 كىشى چېكىندۇرۇلدى. 30-ماي 53 مىڭ 823 كىشى چېكىندۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ، ئالدىنقى تۆت كۈندە جەمئىي 126 مىڭ 606 كىشى چېكىندۇرۇلدى. بۇ، دېڭىز ئارمىيە شتابى ئەسلىدە چېكىندۇرۇشنى ئۈمىد قىلغان ساندىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. چېكىندۇرۇش باشلانغان چاغدا، دېڭىز ئارمىيە شتابى ئىككى كۈنلا ۋاقىت قالدى، ئاران 45 مىڭ ئادەمنىلا چېكىندۇرگىلى بولىدۇ، دەپ قارىغانىدى.

«دىنام پىلانى» ئىجرا قىلىنىپ 4-كۈنىگە كەلگەندە، يەنى 30-ماي گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئالىي قوماندانلىق شتابى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاندىن سەزدى. تۆت كۈندىن بېرى، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئالىي قوماندانلىق شتابى ئۆز ئاخباراتىدا مۇھاسىرىگە ئېلىنغان دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ تەقدىرى بەلگىلىنىپ بولدى، دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىگەنىدى. ئۇلار 29-مايدىكى بىر ئاخباراتىمۇ: «ئارتوئىستىكى فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ تەقدىرى بەلگىلىنىپ بولدى... دۇنكىرك ئەتراپىدىكى رايونلارغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان ئەنگلىيە ئارمىيىسىمۇ بىزنىڭ مەركەزلىك ھۇجۇم قىلىشىمىز بىلەن

يوقىلىشقا يۈزلەندى» دېگەنىدى.

لېكىن، ئەنگلىيە ئارمىيىسى يوقىلىشقا يۈزلىنىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى دېڭىزغا كېتىۋاتاتتى، ئۇلار ئېغىر تىپتىكى قورالللارنى ۋە ئۇسكۈنە-جابدۇقلارنى ئېلىپ ماڭمىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولاتتىكى، بۇ كىشىلەر ھايات قېلىپ، ھامان بىر كۈنى يەنە جەڭگە ئاتلىناتتى.

30-ماي ئەتىگەنگە كەلگەندىمۇ، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ باش شتاب باشلىقى ھالدېر ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن: «بىز قورشىۋالغان دۈشمەنلەر ھازىر داۋاملىق يىمىرىلمەكتە» دەپ يازدى. ئۇ بەزى ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ «ناھايىتى شىددەتلىك ئۇرۇش قىلغان» لىقىنى، باشقىلارنىڭ بولسا «دېڭىز ساھىلىغا چېقىپ، دېڭىزدا لەيلىگۈدەكلا نەرسە بىلەن ئەنگلىيە بوغۇزىغا ئۆتمەكچى بولغان» لىقىنى ئېتىراپ قىلدى. چۈشتىن كېيىن قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش قوماندانى براۋھىچ بىلەن مەجلىس ئاچقاندىن كېيىن، باش شتاب باشلىقى ئاخىر ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قاچقان بۇ كېمىلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى ئاندىن بىلدى. براۋھىچنىڭ بۇ ئەھۋالغا تازا ئاچچىقى كەلدى. ئۇ ۋە باش شتاب باشلىقى، ئەگەر برونېۋىك قىسىملىرىمىز فىئۇرېرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە توسۇلۇپ قالمىغان بولسا، دېڭىز ياقىسىدىكى خالتا شەكىللىك ئىستېھكامنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالاتتۇق. ھاۋا كىلىماتىنىڭ ناچار بولۇشى ھاۋا ئارمىيىمىزنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا ئىمكان بەرمىدى. ھازىر بىز قاراپ تۇرۇپ مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان دۈشمەننى ئەنگلىيىگە قاچۇرۇپ قويدۇق، دەپ قارىدى.

ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇلار كۆرگەن ئەھۋاللار ئىدى. نېمىسلار خالتا شەكىللىك ئىستېھكامنىڭ چۆرىسىدە بېسىمنى دەرھال شۇنچە زور دەرىجىدە ئاشۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيىنىڭ مۇداپىئە سېپى يەنىلا ئۆز پېتىچە تۇرىۋەردى، چېكىندۈرگەن

قوشۇنى تېخىمۇ كۆپ بولدى. 31-ماي چېكىنگەنلەرنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغان بىر كۈن بولۇپ، 68 مىڭ ئادەم پاراخوت بىلەن ئەنگلىيىگە باردى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى دېڭىز ساھىلى ئارقىلىق چېكىندى، ئۈچتىن ئىككى قىسمى دۇنكىرك پورتى ئارقىلىق چېكىندى. ھازىر چېكىنگەنلەرنىڭ ئومۇمىي سانى جەمئىي 194 مىڭ 620 بولۇپ، ئەسلى مۆلچەردىكىدىن ئۈچ ھەسسە ئېشىپ كەتتى.

دۈشمەنلەر بۇ ئەھۋاللارنى سېزىپ قالغانلىقتىن، مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى قالمىدى. ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى چېرچىلنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئاممىنى دادىل سەپەرۋەر قىلىپ، دۇنكىركنى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە دېڭىز بويىدىكى كېمىچىلەرنى ئاكتىپ قاتنىشىشقا چاقىردى. كېمىسى بارلىكى كىشىلەر مەيلى ماتورلۇق كېمە ياكى يەلكەنلىك كېمە بولسۇن، ھەممىسىنى دۇنكىركقا ھەيدەپ كەلدى. بەختكە يارىشا، تەييارلىق خىزمەتلىرى بىر ھەپتە ئىلگىرى باشلانغانىدى، شۇڭا نۇرغۇن كىشىلەر كەينى-كەينىدىن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ياردەم بېرىشكە پائال تۈردە ئاتلاندى. 29-ماي چوڭ-كىچىك كېمىلەردىن بولۇپ ئۈنچىلىك كۆپ توپلانمىدى، لېكىن كېيىن 400 گە يېقىن كىچىك تىپتىكى كېمە دۇنكىركقا يېتىپ كەلدى. بۇ 400 كېمە چوڭ رول ئوينىدى، يەنى 31-مايدىن باشلاپ تەخمىنەن 100 مىڭ ئادەمنى دېڭىز ساھىلىدىن ئۆتكۈزۈپ، دېڭىز قىرغىقىدىن يىراق جايدا توختاپ تۇرغان پاراخوتلارغا ئاپىرىپ قويدى. چېرچىل شۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىقى خەرىتە بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى كاپىتان پىم ۋە دائىم كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان باشقا ئۈچ ئادەمنى بىلەن ئۇچرىشالمىدى. كېيىن ئۇلارنىڭمۇ گوللاندىيىنىڭ بىر كىچىك كېمىسىنى ھەيدەپ تۆت كۈن ئىچىدە 800 ئادەمنى توشۇغانلىقىنى بىلدى. دۈشمەننىڭ ھاۋادىن



www.uyghurkitap.com

ئۆزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىشىغا قارىماي، ئارمىيىنى قۇتۇلدۇرۇشقا بارغان كېمىلەرنىڭ سانى 860 قا يەتتى.

چېرچىل دۇنكىركنى قۇتۇلدۇرۇش ئىشلىرى كېچە-كۈندۈز جىددىي كېتىۋاتقان مەزگىللىرى كېچە-كۈندۈز دېگۇدەك كىرپىك قاقماي، پۈتۈن زېھنىي كۈچى بىلەن دۇنيانى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغان بۇ باتۇرانە ھەرىكەتكە شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلدى. بۇ مەزگىللىرى ئۇ تۆۋەن پالاتاغا بىرەر قېتىممۇ بېرىپ باقمىدى. ئۇ، بىرەر بايانات ئېلان قىلغان بىلەنمۇ ھېچقانداق پايدىسى يوق دەپ قارايتتى. ئەمەلىيەتتە، پارلامېنت ئەزالىرىمۇ باش ۋەزىرگە بۇنداق تەلەپنى قويمىغانىدى. لېكىن، ھەر بىر ئادەم ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ تەقدىرى، ھەتتا ئارمىيىنىڭ تەقدىرىدىنمۇ ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئىشنىڭ پات ئارىدا ھەل قىلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. چېرچىل ۋەزىرلىرىگە: «مەيلى قانداق ئىش يۈز بەرسۇن، بىزنى دۇنيادىكى ئادالەت ئىشلىرىنى جان تىكىپ قوغداشتىن ئىبارەت مەجبۇرىيىتىمىزدىن ۋاز كەچتۈرەلمەيدۇ، شۇنداقلا باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش ئىشەنچىمىزنى بويسۇندۇرالمايدۇ. بىز تارىخىمىزدىكى ھەل قىلغۇچ پەيتلەرگە ئوخشاش، قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئاخىر دۈشمىنىمىزنى مەغلۇپ قىلالايدىغان كۈچ - قۇدرەتكە ئىگىمىز» دېدى. مۇشۇ كۈنلەردە چېرچىلنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېتى مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىقىنى نامايان قىلدى. ھەر بىر ۋەزىر قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، پەيتى كەلگەندە ھاياتىمىزنى قۇربان قىلىشقا، ئائىلە ۋە مال-مۈلكىمىزنى ۋەيران قىلىۋېتىشكە رازىمىزكى، دۈشمەنگە تىز پۈكۈپ تەسلىم بولمايمىز، دېيىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل پىداكارانە روھى تۆۋەن پالاتاغا، شۇنداقلا پۈتكۈل خەلققە ۋەكىللىك قىلاتتى. چېرچىل: «شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە كۈن ۋە بىر نەچچە ئاي داۋامىدا مۇۋاپىق سورۇن بولسىلا،

ئۆلارنىڭ يۇرەك سۆزلىرىنى باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىمەن، مەن ئۆلارنىڭ يۇرەك سۆزلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيمەن، چۈنكى ئۆلارنىڭ يۇرەك سۆزى مېنىڭمۇ يۇرەك سۆزۈم. تۇيۇقسىز بولمايدىغان دەرىجىدىكى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت بىزنىڭ بۇ ئارىلىمىزنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى كۆيدۈرمەكتە» دېدى.

ئەينى چاغدا، دۇنكىركنى ئوراپ تۇرىدىغان دېڭىز بويىدا شىددەتلىك جەڭ بولدى. مۇھاپىزەت قىسىملىرى دېڭىزدىكى چېكىنىشنى قوغداش ئۈچۈن دۇشمەنگە باتۇرلۇق بىلەن توسۇپ زەربە بەردى. ئون مىڭلىغان-يۈز مىڭلىغان كىشىلىك قوشۇن دېڭىز بويىدىكى قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدا ئۇدا 4 - 5 كۈن شەپقەتسىزلەرچە ھاۋا ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. گىتلېر گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنى ئىشقا سالساق، ئىتتىپاقداش ئارمىيىگە قېچىپ كېتىش ئىمكانىيىتى بەرمەيمىز، دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۆزىنىڭ برونېۋىك قىسىملىرىنى ئاخىرقى جەڭگە سېلىش ئويى بار ئىدى.

گېرىنىگ قوماندانلىقىدىكى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ «فىئۇرېر» نىڭ مەقسىتىنى بويىچە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمىغانلىقىدىكى سەۋەب كۆپ جەھەتلەرگە بېرىپ تاقىلاتتى. ھالدېرنىڭ قالدۇرغان خاتىرىسىدىن قارىغاندا، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسىم ۋاقتى ھاۋا كىلىماتىنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن ھەرىكەت قىلالماي ئۆتۈپ كەتكەن، قالغان ۋاقتى ئەنگلىيە خان ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كۈتۈلمىگەن زەربىسى تۇپەيلىدىن ئۆتۈپ كەتكەن، ئەنگلىيە خان ھاۋا ئارمىيىسى دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئۈدۇلىدىكى بازىدىن كۆتۈرۈلۈپ، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىگە تونجى قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۇرۇش ئېلان قىلغان. ئەنگلىيىنىڭ يېڭى تىپتىكى ئوت چاچقۇچى ئايروپىلانى سان جەھەتتىن بەك

ئاز بولسىمۇ، مېسسېرسمىت تىپلىق ئايروپىلاندىن ئۈستۈن ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئۇلار گېرمانىيىنىڭ قوپال، كېلەڭسىز بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنى ئېتىپ چۈشۈردى. گېرىنگنىڭ ئايروپىلانلىرى ئەنگلىيە ئايروپىلانلىرى تېخى يېتىپ كەلمىگەن ئارىلىقتىكى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ بىر نەچچە قېتىم دۈنكىركىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلۈپ، بۇ پورتنى ناھايىتى چوڭ زىيانغا ئۇچراتتى، بىر مەھەل بۇ پورتتىن پايدىلىنىشقا مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، قىسىملار دېڭىز ساھىلىدىن پاراخوتقا چىقىشقا مەجبۇر بولدى. گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى پاراخوتلارغىمۇ بىر نەچچە قېتىم شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. 861 پاراخوتتىن 243 پاراخوت چۆكۈپ كەتتى، بۇلارنىڭ تولىسىنى گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى چۆكتۈرۈۋەتتى. لېكىن، گېرىنگنىڭ گىتلېرغا ئەنگلىيىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسىنى يوقىتىش ھەققىدە بەرگەن ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشمىدى. 1-ئىيۇن، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى ئەڭ چوڭ ھۇجۇم قوزغاپ، ئەنگلىيىنىڭ قوغلىغۇچى پاراخوتىدىن ئۈچنى ۋە كىچىك تىپتىكى بەزى ترانسپورت پاراخوتلىرىنى چۆكتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ بىر كۈنى چېكىندۈرۈلگەن ئادەم سانى ئەڭ كۆپ چېكىندۈرۈلگەن كۈندىن قالسىلا 2-ئورۇندا تۇردى. يەنى شۇ كۈنى جەمئىي 64 مىڭ 429 كىشى چېكىندۈرۈلدى. ئەتىسى تاڭ يورۇغانغا قەدەر ئەنگلىيە قىسىملىرىدىن قورشاۋ ئىچىدە ئاران 4000 ئادەم قالدى، شۇ چاغدا ئۇلارنى مۇداپىئە سېپىنى قوغداۋاتقان 100 مىڭ فرانسىيە ئەسكىرى قوغدىدى.

بۇ چاغدا ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ئارمىيىسى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا مۇساپىلىك زەمبىرەكلىرىنىڭ ئېتىش دائىرىسى ئىچىگە كېلىپ بولغانىدى، شۇڭا كۈندۈزى چېكىنىشنى توختىتىشقا توغرا كەلدى. گېرمانىيە ھاۋا

ئارمىيىسى قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ھەرىكەت قىلمىدى، 2- ۋە 3- ئىيۇن كېچىدە ئەنگلىيىنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسىنىڭ قېپقالغان قىسىملىرى ۋە فرانسىيىنىڭ 60 مىڭ ئەسكىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا چېكىنىپ چىقتى. 4- ئىيۇن ئەتىگەنگە قەدەر، دۇنكىرك فرانسىيىنىڭ 40 مىڭ ئەسكىرى تەرىپىدىن مۇستەھكەم ساقلىنىپ كەلدى. شۇ كۈنگە قەدەر، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ جەمئىي 338 مىڭ 226 ئەسكىرى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلدى.

چېرچىلنىڭ تەھلىلىگە ئاساسلانغاندا، گىتلېرنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيىنى قورشاپ يوقىتىش سۇيىقەستىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىدا ئاساسەن ئۈچ ئامىل بار. بىرىنچى، دېڭىز بويلىرىغا توپلانغان زور ئارمىيە كېيىنى-كەينىدىن بومباردىمان قىلىنىشقا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلار ناھايىتى ئاز بولغان، يۇمشاق قۇمغا چۈشكەن بومبىلار ئەتراپىغا كۈچلۈك زەربە بېرەلمىگەن. دەسلەپكى باسقۇچتىكى بىر قېتىملىق دەھشەتلىك ھاۋا ھۇجۇمىدىن كېيىن، ئارمىيە ھېچقانچە ئۆلۈش ۋە يارىدار بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەنلىكىنى بىلىپ ھەيران قالغان. دېڭىز بويىدىكى تاشلىق جايلاردا بىر قەدەر ئېغىر ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەسكەرلەر ھاۋا ھۇجۇمىغا پىسەنت قىلمىغان، ئۇلار قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا سالماقلىق بىلەن ئولتۇرۇۋالىدىغان بولسا، ھايات قېلىشتىن ئۈمىد بار ئىدى. سوزۇلۇپ ياتقان كۆل رەڭ دېڭىز ئۇلارنى قارشى ئېلىپ گىگانت ۋوللىرىنى يايدى. ئۇ تەرەپتە، قۇتقۇلدۇرۇشقا كەلگەن كىچىك كېمىلەرگە چىقسىلا ئۇلارنى ئۆي-ماكانلىرىغا ئاپىرىپ قويياتتى.

ئىككىنچى، گىتلېر ئۇچقۇچىلىرىنىڭ ئۆلۈشى ۋە يارىدار بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن، ئەنگلىيە ۋە گېرمانىيە



www.uyghurkitap.com

ھاۋا ئارمىيىسى سوۋېت جەھەتتە بۇ يەردە بىۋاسىتە سىناقتا دۇچ كەلگەن. ئەنگلىيىنىڭ سوقۇش ئايروپىلانلىرى ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ھاۋا بوشلۇقىنى داۋاملىق چارلاپ، دۈشمەن بىلەن ھايات-ماماتلىق جەڭ قىلغان. بۇ ئايروپىلانلار گېرمانىيىنىڭ سوقۇش ئايروپىلانلىرى ۋە بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقان. ھەر كۈنىدىكى بۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك جەڭ ئەنگلىيە خان ھاۋا ئارمىيىسى شەرەپلىك ھالدا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنگە قەدەر داۋاملاشقان. گېرمانىيە ئايروپىلانى مەيلى قەيەردە ئۇچرىسۇن (بەزىدە 40-50 ئايروپىلان بىراقلا كېلىپ قالاتتى) ئۇلارغا دەرھال زەربە بېرىلگەن. كۆپ ھاللاردا، ئەنگلىيىنىڭ بىر ئوتتۇرا ئەترىتى ياكى بىر ئوتتۇرا ئەترەتكىمۇ توشمايدىغان ئايروپىلانلىرى دۈشمەننىڭ ئون نەچچە ئايروپىلانىنى چۇشۇرۇۋېتكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، دۈشمەن تەرەپ بىر قانچە يۈزدىن ئوشۇق ئايروپىلانىنى زىيان تارتقان. جەڭ ئەڭ كەسكىن بولغان چاغلىرى ئەنگلىيىنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى مۇقەددەس زاپاس قوشۇنى» — پايتەخت ھاۋا ئارمىيىسى قىسىملىرىمۇ پۈتۈنلەي ھەرىكەتكە كېلىپ جەڭگە ئاتلانغان. بەزىدە ئۇچقۇچىلار بىر كۈن ئىچىدىلا تۆت قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ جەڭ نەتىجىسى ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولغان. ئۇستۇنلۇكتىكى دۈشمەنلەرنىڭ بىر قىسمى مەغلۇپ قىلىنسا، يەنە بىر قىسىملىرى جەھەننەمگە يوللانغان. بۇ بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش بولغان. لېكىن، دېڭىزنىڭ قۇملۇق جايىدىكى قىسىملار شىددەتلىك ھاۋا ئۇرۇشى بولۇۋاتقىنىغا دىققەت قىلمىغان، چۈنكى ھاۋا ئۇرۇشى ھەمىشە بۇلۇت ئارىسىدا ياكى يىراقتا ئېلىپ بېرىلغان. ئەنگلىيە ئارمىيىسى دېڭىز چېكىنىشىنى قوغداش يولىدا مۇھىم رولىنى جارى قىلغان.

ئۈچىنچى، ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن دېڭىز بولمىغان بولسا، دېڭىز بويىدىكى يۇمشاق قۇم يارقانلىرىدىن ئىبارەت پايدىلىق شارائىت ۋە ھاۋادا قىلىنغان باتۇرلارچە جەڭمۇ ھېچقانچە رول ئوينىيالمىغان بولاتتى. ئون كۈن ياكى 12 كۈن ئىلگىرى چۇشۇرۇلگەن بۇيرۇق ۋەزىيەت جىددىي، كەيپىيات كۆتۈرەڭگۈ ئەھۋال ئاستىدا كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە بەردى. قىرغاق بويىدا، پاراخوتتا تەرتىپ رەتلىك، دېڭىزمۇ ناھايىتى تىنچ بولدى. كىچىك كېمىلەر قىرغاق بىلەن پاراخوت ئارىلىقىدا قاتناپ دېڭىزنىڭ تېيىز يەرلىرىدىن كېچىپ ئۆتكەن ئەسكەرلەرنى توشۇدى، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى قۇتۇلدۇردى. ئۇلار دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنىڭ دائىم بومباردىمان قىلىپ، ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزۈۋاتقانلىقىغا قارىماي جانپىدالىق بىلەن ئىشلىدى. پەقەت كېمە سانىنىڭ كۆپلۈگىلا ھاۋا ھۇجۇمى كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا كۇپايە قىلاتتى. «پاشا شەكىللىك» فلوتنى سۇغا غەرق قىلالمىغان. چېرچىل: «دۇنكىرك ساھىلىدىكى ئۇرۇش جەريانى پۈتكۈل تارىخ سەھىپىمىزدە مۇستەھكەم ئورۇن ئالىدۇ» دېدى.

دۇنكىرك ئەنگلىيە ئارمىيىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. لېكىن، چېرچىل 4-ئىيۇن تۆۋەن پالاتا ئەزالىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «بىز ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇشىمىز كېرەك، بۇ قېتىمقى قۇتۇلدۇرۇشنى غەلىبە دېمەسلىك كېرەك، ئۇرۇشتا چېكىنىشكە تايىنىپلا غەلىبە قىلغىلى بولمايدۇ» دېدى. ئەنگلىيىنىڭ ئەھۋالى ھەقىقەتەن ئېغىر بولۇپ، 1000 يىلدىن بۇرۇن نورمانلار قورۇقلۇققا چىققاندىن بۇيانقى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ خەتەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ قورۇقلۇق ئارمىيىسى ئاراللارنى قوغدىمىغان، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كۆچىمۇ فرانسىيىدە بەك ئاجىزلاپ كەتكەنىدى، دېڭىز ئارمىيىسىلا

تۇزۇكرەك ئىدى. نورۋېگىيىدىكى ئوپېراتسىيە چوڭ تېپتىكى ئۇرۇش پاراخوتلىرىنىڭ قۇرۇقلۇقنى بازا قىلغان ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا ناھايىتى ئاسانلا ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ھازىر گېرمانىيە بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنىڭ بازىدىن ئۇچۇپ تارغىنا ئەنگلىيە بوغۇزىدىن ئۆتۈشى ئۇچۇن بەش-ئون مىنۇتلا ۋاقىت كېتەتتى. فرانسىيە سوممې دەرياسى بىلەن ئائىسنې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى چىڭ ساقلاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەڭ يارامىلىق قىسىملىرى ۋە ئەڭ ياخشى قورال-ياراغلىرى بېلگىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ شىمالىدا زىيانغا ئۇچراپ بولغانىدى. ئەمكەر سانى ئاز، ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋاقتى ئۆتكەن ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كۆپ قىسمى ۋەيران بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئەڭ داڭلىق ئىككى گېنېرالى — ھازىر تەۋرەپ قالغان ھۆكۇمەتكە رەھبەرلىك قىلىشقا باشلىغان مارشال پېتائىن بىلەن گېنېرال ۋېيگاند بۇنداق ئۇستۇنلۇككە ئىگە دۇشمەن بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشۇشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

1940-يىل 4-ئىيۇن، چېرچىل تۆۋەن پالاتا ئەزالىرىغا سۆز قىلغاندا، بۇ تۇتۇق ئەمەلىيەتلەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئىنتايىن غەش قىلدى. بۇ چاغدا، دۇنكىركتىن قايتىپ كەلگەن ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم ترانسپورت پاراخوتىدىن كىشىلەر چۇشۇۋاتاتتى. خۇددى ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا يازغىنىدەك، شۇ چاغدا ئۇ ئۆز خەلقىگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنياغا: «بىزنىڭ قەتئىي يوسۇندا داۋاملىق جەڭ قىلىشىمىزدا مۇھىم سەۋەب بار» دېگەننى چۇشۇندۇرۇپ قويۇشقا بەل باغلىغانىدى. دەل شۇ پەيتتە، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۇزۇنغىچە ئېسىدىن چىقمايدىغان مەشھۇر نۇتقىنى ئېلان قىلدى:

«ياۋروپادىكى تالاي-تالاي زېمىنلار ۋە نۇرغۇن قەدىمكى ئاتاقلىق دۆلەتلەر مەخپىي ساقچىلارنىڭ ۋە ناتسىست ھاكىمىيەت

تۈزۈلمىسىدىكى ۋەھشىي ھۆكۈمرانلىق بورالىسىنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ ۋە چۈشۈپ قېلىش ئېھتىمالى بولسىمۇ، لېكىن بىز ھەرگىز يېڭىلدۇق دەپ بوشىشىپ كەتمەيمىز. بىز ئاخىرغىچە جەڭ قىلىمىز. فرانسىيىدە جەڭ قىلىمىز، دېڭىزدا جەڭ قىلىمىز، ئۆزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان ئىشەنچىمىز ۋە كۈچىمىز بىلەن ھاۋادا جەڭ قىلىمىز، قانچە چوڭ بەدەل تۆلىسەكمۇ زېمىنىمىزنى قوغدايمىز. بىز دېڭىز ساھىللىرىدا جەڭ قىلىمىز، قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان جايلاردا جەڭ قىلىمىز، يېزىلاردا ۋە شەھەر كوچىلىرىدا جەڭ قىلىمىز، تاغلاردا جەڭ قىلىمىز، ھەرگىز تەسلىم بولمايمىز. بۇ ئارال ياكى ئۇنىڭ كۆپ قىسمى بويسۇندۇرۇلغان تەقدىردىمۇ ۋە ياكى بىز توڭلاپ، ئاچ-يالىڭاچ قالغان تەقدىردىمۇ — بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن — ئەنگلىيە فلوتى بىلەن قوراللانغان ۋە قوغدىلىۋاتقان چەت ئەلدىكى ئىمپېرىيىمىز ياكى شەپقەتلىك خۇدا، يېڭى دۇنيا مۇۋاپىق پەيتتە كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچى بىلەن كونا دۇنيانى قۇتۇلدۇرسا ۋە ئازاد قىلسا بولىدۇ، دەپ قارىغانغا قەدەر جەڭنى داۋاملاشتۇرىدۇ.»

ئەنگلىيىنىڭ داۋاملىق جەڭ قىلىش ئىرادىسى گىتلېرنى ئانچە بىئارام قىلمىدى. ئۇ فرانسىيىنى يىغىشتۇرغاندىن كېيىن ئەنگلىيىنىڭ نىيىتىدىن ياندۇرغانلىقىغا ئىشەنگەچكە، ئەمدى فرانسىيىنى يىغىشتۇرماقچى بولدى. 5-ئىيۇن، يەنى دۇنكىرك قولدىن كەتكەن كۈننىڭ ئەتىسى ئۇلار سوممې دەرياسىدا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى. ئارقىدىنلا ئابېۋىلدىن رېيىن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغىچە سوزۇلغان، فرانسىيىنى توغرا كېسىپ ئۆتىدىغان 400 ئىنگلىز مىلى كەڭلىكتىكى پۈتكۈل ئۇرۇش سېپىدە زور كۈچ بىلەن ھۇجۇم باشلىدى. فرانسىيىنىڭ تەقدىرى بەلگىلىنىپ قالغانىدى. ئۇلار گېرمانىيىنىڭ ئون

برونېۋلىك دىۋىزىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 143 دىۋىزىيىسىگە ئاران 65 دىۋىزىيە بىلەن قارشى تۇرالايتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەر قىسىملىرى ۋە كۆپ قىسىم برونېۋلىك قوشۇنلىرى بېلگىيىدە خوراپ كەتكەنىدى. فرانسىيىنىڭ ئاجىز هاۋا ئارمىيىسىدىن ئېشىپ قالغىنىمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئەنگلىيە ئاران سائارلاردا تۇرۇشلۇق بىر پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىنى، يەنە بىر برونېۋلىك دىۋىزىيىسىنىڭ قىسمەن ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتەلەيتتى. ئەنگلىيىنىڭ خان هاۋا ئارمىيىسى برىتانىيە تاقىم ئاراللىرىنى نەزەردە تۇتۇشى كېرەك ئىدى. بولمىسا ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى جەڭگە قاتناشتۇرالايدىغان ئايروپىلانى ئىنتايىن چەكلىك بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، هازىر پېتائېن بىلەن ۋېيگاندىنىڭ كونتروللۇقىدا فرانسىيە ئارمىيىسى ئالىي قوماندانلىق شتابى مەغلۇبىيەتچىلىك كەيپىياتىغا چۆمۈپ كەتكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، فرانسىيىنىڭ بەزى قوشۇنلىرى ئىنتايىن باتۇرلۇق ۋە قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلدى. بەزى جايلاردا هەتتا گېرمانىيىنىڭ برونېۋلىك قىسىملىرىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ توسۇپ تۇردى هەمدە گېرمانىيە هاۋا ئارمىيىسىنىڭ توختىماي بومباردىمان قىلىشىغىمۇ قەتئىي تىز پۈكمىدى.

لېكىن، بۇ پەرق ناهايىتى چوڭ بولغان ئۇرۇش بولدى. گىتلېر ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى يوقاتتى، ئارقىدىنلا گېرمانىيە ئارمىيىسى خۇددى كەلكۈن سۈيىدەك فرانسىيىگە يامرىدى. 10-ئىيۇن، فرانسىيە هۆكۈمىتى ئالدىراپ-سالدىراپ پارىژدىن چېقىپ كەتتى. 14-ئىيۇن، بۇ مۇداپىئەسىز ئۇلۇغ شەهەرنى، فرانسىيىنىڭ شان-شەرىپىنى گېنېرال فون كۈهلېرنىڭ 18-بىرلەشمە ئارمىيىسى ئىشغال قىلىۋالدى. پارىژنىڭ تۆمۈر مۇنارىغا 卐 بەلگىلىك بايراق ئېسىلدى. 16-ئىيۇن، باش مىنىستىر رېينائۇد خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى. ئۇنىڭ هۆكۈمىتى بوردوغا قېچىپ كەتتى،

www.uyghurkitap.com

پېتائېن باش مىنىستىرلىقنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاننىڭ ئەتىسى ئىسپانىيىنىڭ باش ئەلچىسى ئارقىلىق گېرمانىيىنىڭ ئۇرۇش توختىتىشنى تەلەپ قىلدى.

چېرچىل فرانسىيە ئاخىرقى جان تالىشىۋاتقان كۈنلەردە، فرانسىيىنىڭ نېمىسلارغا قارشى جېڭىنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىش مەقسىتىدە ئىككى قېتىم پارىژغا باردى ۋە بىرلىككە كەلگەن دۆلەت تەشكىللەش، بىرلىككە كەلگەن ئاساسىي قانۇن تۈزۈش، بىرلىككە كەلگەن پارلامېنت، بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە تەشكىللەشنى پائال تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ بۇ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى غەرىزى، فرانسىيىنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىلىرىگە تايىنىپ شىمالىي ئافرىقىدا گېرمانىيە بىلەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇرلاش ئۈچۈن ئىدى. ئەمما، فرانسىيە ھۆكۈمىتى ھالاكەتكە يۈزلىنىۋاتقان ئەنگلىيىگە يېقىنلاشماي، پۈتۈن دىققەت-ئېتىبارىنى ئۇرۇشتا غالىپ كېلىۋاتقان گېرمانىيە بىلەن مۇرەسسە قىلىشقا قاراتتى. 1940-يىلى 22-ئىيۇن، فرانسىيە گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزدى. ئەنگلىيە بارلىق ئىتتىپاقداشلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، يەككە ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

چېرچىل شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتتىن قاتتىق قايغۇرۇپ، چارلىس مۇررىنىڭ مەشھۇر شېئىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

*بايراق يېرىم چۈشۈرۈلدى قەلئە ئۈستىدە، چېلىندى*
*تۈنۈگۈن كەچ قەلئە باشلىقىنىڭ مەرسىيىسى.*
*تالاي-تالاي ئاياللارنىڭ تۈتقۇن قىلىندى ئەرلىرى،*
*قالدى يىغلاپ بىچارىلەر تىلەپ ئۇلارغا ئامانلىق.*

*ئەركىنلىك ئۈچۈن، تېخى يەتمىگەن مەقسەتلەر ئۈچۈن،*
*جىلغىدىن ئاتلاندى بارچە كىشىلەر فرونتقا،*
*ئىبلىس قۇزغۇن چاڭگىلىنى ئۇرۇپ-چېپىپ،*
*تاشلىنىۋەتتى پەي-قانتىنى جەھەننەمگە—دېڭىزغا.*

*قەلئە، بازار-رەستىلەردە قەھرىمان كىشىلەر،*
*تاشلاپ دۇكان، كارخانىنى، خوشلىشىپ دوستلار بىلەن،*
*يولۋاستەك ئېتىلدى دۈشمەن ئۈستىگە،*
*يول قويماي شوتلاندىيە ئەلەم-خورلۇققا.*

بۇ چاغدا ئەنگلىيە خەلقى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ھالاكەتلىك تەھدىتكە دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى جەڭنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشقا بەل باغلىدى. چېرچىل: «فرانسىيە مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ ئاراللىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئىبارەت پايدىلىق يەر شارائىتىگە تايىنىپ، مەغلۇبىيەت ئازابى ۋە ھالاكەتلىك تەھدىتتىن گېرمانىيىنىڭكىدىن قېلىشمايدىغان كەسكىن ۋە جەسۇر مىللىي روھقا ئىگە بولدى» دەپ يېزىپ، ئەنگلىيە خەلقىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى چۈشەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئاما ئىچىدىكى ئابرۇيى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشتى. چېرچىل مىللىي ئۇرۇشنىڭ رەھبىرىگە ئايلاندى، خەلق ئۇنىڭ پايدىلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلىدى.

ئەنگلىيە خەلقىنىڭ فاش2ستلارغا قارشى قەتئىي مەيدانى چېرچىلغا زور مەدەت بولدى، كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىشقا كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. 18-ئىيۇن، ئۇ تۆۋەن پالاتادا سۆز قىلىپ: «فرانسىيە ئۇرۇشى ئاياغلاشتى. برىتانىيە ئۇرۇشى باشلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ ··· شۇڭا ئۆزىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتىنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز ھەمدە بارلىق كۈچىمىز ۋە ھاياتىمىزنى تەقدىم قىلىشىمىز كېرەك. ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى 1000 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندىن كېيىنمۇ كىشىلەر ‹بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ شان - شۆھرەتلىك چاغلىرى ئىدى› دېيىشىدۇ» دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئون سەككىزىنچى باب

# قەتئىي بوشاشماسلىق

فرانسىيە ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە دەرھال ھېچكىم ياردەم بەرمەيدىغان تايانچسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. غەلىبىگە ئېرىشكەن ناتسىستلار ئارمىيىسىنىڭ ئەسلىھەلىرى تولۇق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئارقا سېپىدە ئولجا ئالغان نۇرغۇن قورال-ياراغ ۋە ھەربىي زاۋۇتى بولغاچقا، پەيتى كەلگەندە كۈچنى توپلاپ ئەنگلىيىگە ئاخىرقى بىر قېتىملىق زەربە بېرىشكە تەييارلاندى. ئىتالىيە ئەنگلىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى ھەمدە ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ۋە ئوتتۇرا شەرقتە تاجاۋۇزچىلىق كېڭەيمىچىلىكى ئېلىپ باردى؛ يىراق شەرقتە ياپونىيە كۆڭلىگە يامان نىيەت پۈكتى ۋە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇش ئوتىنى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغىچە كېڭەيتمەكچى بولدى. ئىسپانىيىدە فرانكو قوماندانلىقىدىكى ئارمىيە تانگېردىكى خەلقئارا ئورتاق باشقۇرۇش رايونىنى بېسىۋالدى ۋە قاچانلا بولسا، ئەنگلىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىش ھالىتىگە ئۆتتى، زەمبىرەكلەرنى ئىشقا سېلىپ جەبىلتارىق بوغۇزىنىڭ يولىنى قامال قىلدى. پېتائىن ۋە بوردو ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى فرانسىيىمۇ ھەر ۋاقىت ئەنگلىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولۇشتىن يىراق ئەمەس ئىدى. تولۇندا قېپقالغان فرانسىيە فلوتى گېرمانىيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى، ھەقىقەتەن ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى.

دۈنكىركتىكى چېكىنىشتىن كېيىن ۋەزىيەت يامانلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى كۈرەشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشقا بەل باغلىدى. ئەنگلىيىدە جەڭگىۋارلىق روھ ئۈستۈن ئەمەس دېگەن مەسىلە يوق دېيىلسىمۇ، لېكىن بەزى ئېغىر كونكرېت قىيىنچىلىقلارنى قانداق يەڭگىلى بولىدۇ؟ چېرچىل برىتانىيە ئارىلىدىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدە مىلتىقتىن باشقا ھېچقانداق قورالنىڭ يوقلۇقىنى بىلەتتى، ئەمەلىيەتتە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھېسابلىغاندا، ھەر خىل تىپتىكى دالا زەمبىرىكى 500 گە، ئوتتۇرا ۋە ئېغىر تىپتىكى تانكا 200 گە يەتمەيتتى. ھەربىي زاۋۇت ئاز دېگەندە يېرىم يىلدىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ دۈنكىركتا زىيان تارتقان قورال-ياراغلىرىنى ئىشلەپچىقىرالايتتى. گىتلېر بىلەن مۇسسولىنىنىڭ: «ئەنگلىيىنىڭ مەھشەر كۈنى يېتىپ كەلدى» دەپ ئەسەبىيلەرچە جار سالغانلىقىدىن ئەجەبلەنگىلى بولمايتتى!

قاتتىق ئەنسىزچىلىك كەيپىياتى پۈتۈن ئامېرىكىنى قاپلىدى. ئامېرىكىلىقلار كۆڭلى غەشلىك ئىچىدە بىر خىل مەردلىك ھەم ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتقا بېرىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىنتايىن چەكلىك تەبىئىي بايلىقلىرىمىزنى زايە كەتكۈزۈۋېتىشىمىز ئەقىلگە مۇۋاپىقمۇ؟ ئۇلار جان دىل ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن قوراللىرىنى ئاسراش ئارقىلىق ئۇرۇش تەييارلىقىغا بىپەرۋالىق قىلغانلىقلىرىنى تۈزىتىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ دەپ ئويلىنىپ قالدى. كىشىنى ئىشەندۈرىدىغان، پاكىتنى ئاساس قىلغان كۆزقاراشلارنى بىر ياققا چۆرۈۋېتىش ئۈچۈن ئىنتايىن توغرا ھۆكۈم چىقىرىش زۆرۈر ئىدى. يىراقنى كۆرەلەيدىغان زۇڭتۇڭ روزۋېلت ۋە ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىلىرى 3-نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ سايلىمىغا دۇچ كەلسىمۇ، ئەنگلىيىنىڭ تەقدىرى ۋە ئىرادىسىگە بولغان

www.uyghurkitap.com

ئىشەنچىسىنى يوقاتمىدى ھەمدە قىيىنچىلىق پەيتلىرى ئۇلارغا كۈچلۈك ياردەم قىلدى.

چېرچىل: «ئەنگلىيىلىكلەر ئۈمىدۋار ھەم مىجەزى ئېغىر-بېسىق، مەن بۇنداق خىسلەتنى بىر خىل شان-شەرەپ سۈپىتىدە جارى قىلدۇرالايمەن. بۇنداق خىسلەت بولىدىكەن، تەۋرىنىپ قالغان ۋەزىيەتنى ئوڭشىغىلى بولىدۇ. ئەنگلىيىلىكلەر ئۆرۈشتىن ئىلگىرىكى يىللىرى ئۆچىغا چىققان تىنچلىقپەرەسلىككە بېرىلىپ، يىراقنى كۆرەلمەسلىكتەك يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان، سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ قوراللىق جاڭجاللىرىغا مەستانە بولۇپ كەتكەندى؛ ئۇلار مۇداپىئەلىنىشكە بوشاڭلىق قىلدى ھەم پەرۋاسىز ھالدا ياۋروپا ئىشلىرىنىڭ مەركىزىي بىلەن يۈزەكى تونۇشۇپ چىقتى. ھازىر ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ساددا، ئاق كۆڭۈللۈكلىكىدىن ۋە بىخەستەلىك بىلەن قىلىنغان ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىدىن ھېساب ئالىدىغان بىر ۋەزىپە تۇرماقتا» دېدى. ئۇلار كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا قىلچە روھىنى چۈشۈرمىدى، ياۋروپانى ئىستېلا قىلغۇچىلارنى كۆزگە ئىلمىدى، ئۇلار ئەنگلىيىدىن ئىبارەت زېمىنىنىڭ قانغا بويىلىپ كېتىشىگە رازىكى، ھەرگىزمۇ تەسلىم بولۇشقا رازى ئەمەس ئىدى. بۇ دەل لوندون ھەربىيلەر كۇلۇبىنىڭ بىر مۇلازىمەتچىسى روھى چۈشۈپ كەتكەن بىر ئەزاسىغا: «مەيلى نېمىلا بولسۇن، ئەپەندى، بىز بۇ قېتىمقى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتناشتۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مۇسابىقە ئۆزىمىزنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ. بىز چوقۇم كۈچىمىزنىڭ بارىچە ئىلىشىپ بۇ قېتىمقى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك!» دېگىنىگە ئوخشاش تەۋرەنمەس روھ ئىدى.

چېرچىل يەنە: «ئارال دۆلىتىمىزنىڭ ئورنى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە، ھەربىي تېخنىكا جەھەتتە پايدىلىق شارائىتقا

ئىگە، ئەمما بۇ نۇقتىنى چۈشىنىدىغان ئەنگلىيىلىكلەر ئۇنچىلىك كۆپ ئەمەس، چەت ئەللىكلەر تېخىمۇ يوق دېيەرلىك؛ بولۇپمۇ ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى ئارىسالدى بولۇپ ئۆرگەن يىللىرى دېگىنىز مۇداپىئەسى ھەمدە كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە ھاۋا مۇداپىئەسىدىكى بۇ نۇقتىدىن ئىبارەت مۇھىم مۇئەسسەسەسىنى قانداق ساقلاپ قېلىش مەسىلىسىنى كىشىلەر تېخى ئومۇمىيۈزلۈك تونۇپ يەتمىگەنىدى. بىرىتانىلارنىڭ شوتلاندىيە زېمىنىدە دۈشمەنلەرنىڭ گۈلخانىنى كۆرگىنىگە 1000 يىل بولۇپ قالدى. بىرىتانىيىدە نېمىسلارغا قارشى تۇرۇش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەندە ھەر بىر ئادەم تەمكىن پوزىتسىيە تۇتماقتا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى تەقدىم قىلىپ ھايات-ماماتلىق جەڭ قىلىشقا رازى. مانا بۇ بىزنىڭ روھىي ھالىتىمىز، پۈتۈن دۇنيا مەيلى بىزگە دۈشمەن ياكى دوست بولسۇن، بۇ نۇقتىنى ئاستا-ئاستا چۈشىنىدۇ. بۇ خىل روھىي ھالەت نېمىنى ئاساس قىلىدۇ؟ ئۇ پەقەت زورلۇق يولى بىلەن زورلۇققا قايتۇرما زەربە بېرىپ مىللەتنىڭ قەدىر-قىممىتى ۋە دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداشنى ئاساس قىلىدۇ» دېدى.

گېرمانىيە ئالىي قوماندانلىق شتابى ئەڭ قىيىنچىلىق پەيتلىرىدىمۇ ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ قەتئىي ئىرادىسى ۋە يوشۇرۇن كۈچىنى تۆۋەن مۆلچەرلىمىدى. كېيىنكى 1940-يىل 7-ئىيۇل بېرلىندا فىيۇرېر بىلەن كۆرۈشتى، گېنېرال كېيتېل بىلەنمۇ ئۇزۇن پاراڭلاشتى. كېيتېل ئۇنىڭغا گىتلېرغا ئوخشاش ئەنگلىيىگە ھۇجۇم قىلىش مەسىلىسىدە ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ھازىرغىچىلىك تېخى كەسكىن بىر قارارنىڭ چىقىرىلمىغانلىقىنى قايتا-قايتا ئېيتتى. كېيتېل، ئەنگلىيە قۇرۇقلۇقىغا چىققىلى بولىدۇ. لېكىن بۇ قېتىم «ئىنتايىن قاتتىق جەڭ بولىدۇ، شۇڭا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك، چۈنكى بۇ ئارال دۆلىتىنىڭ ھەربىي تەييارلىقلار

خىزمىتى ۋە دېڭىز بويى مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرى ھەققىدە ئېرىشكەن ئاخباراتلىرىمىز ئىنتايىن چەكلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەقەتلا ئىشەنچلىك ئەمەس». بۈيۈك برىتانىيە ئايرودرومى، زاۋۇت ۋە مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىنى كەڭ كۆلەمدە بومباردىمان قىلىش قارىماققا ئاسان، يەنە كېلىپ قىلمىشقا تېگىشلىك بىر ئىش، ئەمما ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئالماي بولمايدۇ، دەپ قارايتتى. گېنېرال كېيتېلنىڭ مۆلچەرىچە، ئەنگلىيىلىكلەر مۇداپىئە كۆرۈش ۋە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئىشلىتىدىغان ئايروپىلاندىن تەخمىنەن 1500 نى تەييارلاپ قويغانىدى. ئۇ، ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ يېقىندىن بېرى ھۇجۇم ھەرىكىتىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتكەنلىكىنى، بومباردىمان ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغاندا دەل نىشانغا تەگكۈزىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قېتىمدىلا 80 دىن كۆپرەك ئايروپىلاننى ئىشقا سالالايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇرۇشنىڭ زادى قانچە ئۇزۇن داۋام قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق كېيتېل بىلەن گىتلېر بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى.

19-ئىيۇل، گىتلېر فرانسىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە ۋە ليۇكسېمبورگنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، پارلامېنتتا خۇددى بىلمەي سۆز قىلىپ: «ئەنگلىيىگە تەپتارتماستىن ھۇجۇم قىلىش ۋە ھەيۋە كۆرسىتىش كېرەك» دېدى. ئۇ يەنە ئالدىنئالا چېرچىل پات ئارىدا پاناھلىق ئىزدەپ كاناداغا كېتىدۇ، دەپ جار سالدى، ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ ئاتالمىش «تىنچلىق تەكلىپى» نى ئوتتۇرىغا قويدى. گىتلېر: «ھازىر مەن ۋىجدانىم بىلەن، ئەنگلىيە ھەمدە باشقا ئەللەرگە ئەقىل-ئىدراكنى ئىشقا سېلىش ۋە ئادەتتىكى ساۋات بويىچە ئىش قىلىش كېرەك، دىگەننى يەنە بىر قېتىم مۇراجىئەت قىلىش مەسئۇلىيىتىمنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. مەن ئۆزۈمنى مۇشۇنداق مۇراجىئەت قىلىش

سالاھىيىتىگە ئىگە دەپ ھېسابلايمەن، چۈنكى مەن شەپقەت تەلەپ قىلىۋاتقان بويسۇندۇرۇلغۇچى ئەمەس، بەلكى ئاقىلانىلىككە ۋەكىللىك قىلىپ سۆزلەۋاتقان غالىبىيەتچىمەن. مەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھېچبىر ئاساسىنى تاپالمىدىم. ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان جاراھەتنى ئويلىساملا ئىچىنىمەن . . . . بەلكىم چېرچىل ئەپەندى مېنىڭ بۇ قېتىمقى سۆزۈمگە پەرۋا قىلماي، مېنى ئاخىرقى غەلىبىدىن ۋەھىمە قىلدى ۋە گۇمانلاندى، دېيىشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، كەلگۈسىدە مەيلى قانداق ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، مەن ۋىجداننىڭ جازاسىغا ئۇچرىمايمەن» دېدى.

ناتسىستلار كاتتىۋېشى خۇدىنى بىلمەي سۆزلەپ يۈرگەن كۈنلەردە، گېرمانىيىنىڭ شۋېتسىيىدە، ئامېرىكا ۋە ۋاتىكاندىكى دىپلوماتىيە ئەلچىلەر ئۆمىكى جىددىي ھەرىكەت باشلىدى. گىتلېر ياۋروپانى ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئەنگلىيىنى ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئېتىراپ قىلغۇزۇشى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇشى تەبىئىي ئىش ئىدى. ئەمەلىيەتتە، گىتلېرنىڭ تەكلىپى تىنچلىق ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەنگلىيىنى ئۇرۇشقا قاتنىشىشتىكى خىلمۇ خىل مەقسەتلىرىدىن دەرھال ۋاز كەچتۈرۈش ئىدى. گېرمانىيىنىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ئەنگلىيىنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بىلەن ئۇچراشماقچى بولغاندا، باش ۋەزىر چېرچىل 20-ئىيۇل مۇنداق تېلېگراما ئەۋەتتى: «مەن بۈگۈن تۆرە ھالىفاكسىنىڭ ۋاشىنگتوندا بار-يوقلۇقىنى بىلمەيمەن، لېكىن تۆرە لوۋتىيانغا شۇنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش كېرەككى، گېرمانىيە ئەلچىسىنىڭ خەت-ئالاقىسىگە ھەرگىز جاۋاب بەرمىسۇن.»

دەسلەپ چېرچىل يۇقىرى پالاتا بىلەن تۆۋەن پالاتادا بىر مەيدان كەسكىن رەسمىي بەس-مۇنازىرە قىلماقچى بولغانىدى،

كېيىن خىزمەتداشلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇنداق قىلىش ئاخىرقى ھېسابتا كىچىك ئىشنى چوڭايتىۋەتكىلىك بولىدۇ، دېگەن قاراشقا كەلدى. شۇنداق قىلىپ، دىپلوماتىيە ۋەزىرى رادىئو ئارقىلىق گىتلېرنىڭ ئۇسۇلىنى رەت قىلىۋېتىش بەلگىلەندى. 22-ئىيۇل كەچتە ئەنگلىيە دىپلوماتىيە ۋەزىرى گىتلېرنىڭ «ئۇنىڭ ئىرادىسى بويىچە تەسلىم بولۇش توغرىسىدىكى نەسىھىتىنى بىر تەرەپكە تاشلاپ قويدى» ۋە بۇيرۇقچا بىنائەن: «ئەركىنلىك ھەقىقىي تۇردە كاپالەتكە ئىگە بولمايدىكەن، جەڭنى ھەرگىز توختاتمايمىز» دەپ جاكارلىدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيە گېزىتلىرى ۋە رادىئو شىركىتى گىتلېرنىڭ تىنچلىق نۇتقىنى رادىئودىن ئاڭلاپلا، ھۆكۈمەت تەرەپ پوزىتسىيە بىلدۈرگىچە، قىلچە تەكەللۇپ قىلماي رەت قىلىۋەتتى.

كىئانو 20-ئىيۇل گىتلېر بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكىنى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئەنگلىيە گېزىتلىرىنىڭ گىتلېرنىڭ تۈنۈگۈن كەچتىكى نۇتقىغا قايتۇرغان ئىنكاسى ئۆز ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشتىن ئەسلا ئۈمىد يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى، شۇڭا گىتلېر ئەنگلىيىگە ھەربىي جەھەتتىن زەربە بېرىشكە تەييارلاندى. گېرمانىيىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى، شۇنىڭدەك تەسىر دائىرىسى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن كونترول قىلىش دائىرىسى ئەنگلىيىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئېھتىماللىقىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى، شۇڭا بىرىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىشتىلا ئەنگلىيە ھالاك بولىدۇ. ھاۋا ھۇجۇمى بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى باشلاندى ھەمدە ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلىۋاتىدۇ. ئەنگلىيە ھاۋا مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى ۋە سوقۇش ئايروپىلانلىرى ھۇجۇمغا ئۆتسىمۇ گېرمانىيىنىڭ ھاۋا ھۇجۇمىنى ئۇنۇملۇك ھالدا توسۇپ قالالمايدۇ. گېرمانىيە ئالللىقاچان تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ

قويدى، هازىر ھەل قىلغۇچ ھۇجۇمنى قانداق باشلاش توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىنىۋاتىدۇ» دېدى.

كېئانو كۇندىلىك خاتىرىسىگە: «19-ئىيۇل كېچىسىدە، ئەنگلىيىنىڭ نۇتۇق توغرىسىدىكى سوغۇق ئىنكاسى يېتىپ كەلگەندە، نېمىسلار ئارىسىدا يوشۇرۇپ بولمايدىغان ئۇمىدسىزلىك كەيپىياتى يامراپ كەتتى. فىئۇرېر ئەنگلىيە بىلەن ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشنى خالايتتى. ئۇ ئەنگلىيە بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشنىڭ جاپالىق ھەم قانلىق ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ھەر قايسى جايلاردىكى خەلقنىڭ قان تۆكۈلۈشتىن بىزار ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتى» دەپ يازدى. شۇڭا، گېرمانىيە پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ داۋاملىق دىپلوماتىيە ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. 3-ئاۋغۇست شىۋېتسىيە پادىشاھى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن بۇ ئىش توغرۇلۇق سۆھبەتلىشىدىغان پۇرسەت يېتىپ كەلدى، دەپ ھېسابلىدى. چېرچىل دەرھال تاشقى ئىشلار ۋەزىرىگە گېرمانىيىسى بىلەن ھەرقانداق تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى قەتئىي رەت قىلىش تەكلىپىنى بەردى ھەمدە ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ رەسمىي جاۋاب خېتىنى ئېلان قىلدى:

«1939-يىل 12-ئۆكتەبىردە، ئەنگلىيە پادىشاھ ئالىيلىرى ھۆكۈمىتى گېرمانىيىنىڭ تىنچلىق توغرىسىدىكى تەكلىپىنى ئەتراپلىق ئويلىنىپ پارلامېنتقا دوكلات قىلغان ھەم ئۆزىنىڭ مەيداننى تەپسىلىي شەرھلەپ ئۆتكەنىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ناتسىستلار گېرمانىيىسى ئۆزىگە قوشنا كىچىك دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ، بىر قاتار چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلەرنى سادىر قىلدى. نورۋېگىيە دەپسەندە قىلىنىپ، گېرمانىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى. دانىيە تۇيۇقسىز ھۇجۇم ۋە تالان-تاراجقا ئۇچرىدى. بېلگىيە بىلەن گوللاندىيە ئىمكانقەدەر گېتلېر ئەپەندىنىڭ ئارزۇسىنى

قاندۇرغان، يەنە كېلىپ گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىش ۋە بىتەرەپلىك ھەققىدە خىلمۇ خىل ۋەدىلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا گېرمانىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن قۇل قىلىندى. بولۇپمۇ گوللاندىيىدە قەست قىلماقچى بولغىنىغا ئۇزۇن بولغان خىلمۇ خىل سۇيىقەستلىك ۋەھشىيانە ھەرىكەتلەر روتتېردامدىكى چوڭ قىرغىنچىلىقتا چېكىگە يەتتى. شۇ قېتىمقى چوڭ قىرغىنچىلىقتا مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان گوللاندلار رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈلدى، بۇ شەھەرنىڭ مۇھىم قىسمى ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان دەرىجىدە ۋەيران قىلىندى.

بۇ قورقۇنچلۇق ۋەقەلەر ياۋروپا تارىخىدا زۇلمەتلىك خاتىرىلەرنى، يوقاتقىلى بولمايدىغان قارا داغلارنى قالدۇردى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇ ۋەقەلەردىن ئۆزلىرىنىڭ 1939-يىلى ئۆكتەبىردە ماقۇللىغان قارارى ۋە بېكىتكەن پرىنسىپلىرىدىن ۋاز كېچىشكە قىلچە ئاساسىي يوقلۇقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئەكسىچە، ئىمكانقەدەر كارغا كېلىدىغان بارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە يەنى گىتلېرزىمنى تارمار قىلىپ پۈتۈن دۇنيانى بىر مۇتتەھەم ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتتىن ئازاد قىلغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇشقا بەل باغلىدى. ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ئىرادىسى شۇنچىلىك قەتئىيكى، ئۇلار بىرلىكتە تەڭ گۇمران بولۇشقا رازى، ئەمما دۈشمەن ئالدىدا قورقۇشنى ياكى ئۆز مەجبۇرىيىتىدىن باش تارتىشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ. ئىنگلىزلارنىڭ شۇنىڭغا ئىشەنچى كامىلكى، خۇدانىڭ ياردىمى بىلەن زىممىسىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنىڭ تامامەن ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. بۇ ۋەزىپە بەلكىم ئۇزۇنغىچە داۋام قىلىشى مۇمكىن، گېرمانىيە 1918-يىلىدىكىگە ئوخشاش ھەر ۋاقىت ئۇرۇش توختىتىشنى تەلەپ قىلىشى ياكى ئاشكارا ھالدا تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سۆھبىتى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشى



www.uyghurkitap.com

مۇمكىن، لېكىن شۇنىڭغا ئوخشاش ھەر قانداق تەلەپ ياكى تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرى گېرمانىيە قۇرۇق سۆز بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇنۇملۇك كاپالەت بېرىشى، يەنى چېخوسلوۋاكىيە، پولشا، نورۋېگىيە، دانىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، بولۇپمۇ فرانسىيىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە مۇستەقىل تۇرمۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىقتا بۈيۈك برىتانىيە ۋە ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىگە ئۈنۈملۈك بولغان خەۋپسىزلىكنى تەمىن ئېتىشكە ۋەدە بېرىشى كېرەك.»

چېرچىل جاۋاب خەت ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، ھۆججەتنىڭ بەزى جايلىرى ئوشۇقچە ئەدەب-قائىدە شەكلىدە يېزىلغانلىقىنى، نۆۋەتتىكى دەۋر بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى تەنتەنىلىك سۆكۈنات ۋە ئاددىي-ساددا كەيپىياتقا مۇۋاپىق كەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى. تاشقى مۇھىتنىڭ خاتا چۈشىنىپ قېلىشى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى كۈرەش ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شۇ كۈنلا ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېتنىڭ بۇ باش ۋەزىرى ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە تۆۋەندىكىدەك باياناتنى ئېلان قىلدى:

«باش ۋەزىر كۆپچىلىكنىڭ گېرمانىيىنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئېھتىماللىقىنىڭ ھەرگىز تۈگەپ قالمىغانلىقىنى چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. نېمىسلار پىتنە-پاسات تارقىتىپ ‹بىزنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئويىمىز يوق› دېيىشىۋاتىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ دېگەن گەپلىرىگە بۇرۇندىنلا ئىشەنمەي كېلىۋاتىمىز، ئەمدى بۇ پىتنە-پاساتقا تېخىمۇ ئىشەنمەسلىكىمىز كېرەك. بىز كۈچىمىزنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، تەييارلىقىمىزنىڭمۇ كۈندىن-كۈنگە تولۇقلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمىز، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ھوشيارلىقنى قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا، روھىي جەھەتتىن بوشاپ كېتىشكە

ھەرگىز بولمايدۇ.»

چېرچىل پۈتۈن خەلقنى گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قوزغاپ، دۈشمەننىڭ تاجاۋۇز قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دۈنكىرك ئوپېراتسىيىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئالىي قوماندانلىق شتابىدىكى مەسلىھەتچىلەرنى باشلاپ شەرق ۋە غەربىي قىسىمدىكى دېڭىز بويى رايونلارنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ يەنە تېين دەرياسى ۋە گانبېر دەرياسىنى، شۇنىڭدەك دۈشمەن قۇرۇقلۇققا چىقىش ئېھتىمالى بولغان رايونلارنى كۆزدىن كەچۈردى، خارىچ ۋە دوۋېردىكى قۇرۇقلۇققا چىقىشتا ئىشلىتىدىغان مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى تەكشۈردى، گېنېرال مونتگومېر قوماندانلىقىدىكى 3-دىۋىزىيە ۋە جەنۇب تەرەپنىڭ ئالدىنقى قوماندانلىق شتابىنى كۆزدىن كەچۈردى. چېرچىل ئۆز زېمىنىنى مۇداپىئە قىلىش مەسىلىسىدە مۇنتىزىم ئارمىيىنى تەشكىللەش ۋە قايتىدىن تەشكىللەشنى جىددىيلەشتۈرگەندىن سىرت، پۈتۈن خەلقنى ئەسكەر بولۇپ، يۇرت-ماكانلىرىنى قوغداشقا چاقىردى. ھەر قايسى پارتىيە-گۇرۇھ تەشكىلاتلىرىنىڭ پائال قوللىشى ۋە ئاۋاز قوشۇشى بىلەن پۈتۈن مەملىكەت ناھايىتى تېزلا 1 مىليون 500 مىڭ كىشىلىك «خەلق قوغدىنىش ئارمىيىسى» تەشكىللىدى.

شۇ مەزگىللەردىكى پۈتۈن ئەنگلىيە خەلقى خىزمەتكە قاتنىشىپ ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئىنتىزاملىق ئاكتىپلىق كۆرسەتتى. ئەر-ئاياللار ستانوك ۋە ماشىنىلار يېنىدا جاپالىق ئىشلىدى، ھەتتا بەزى ئىشچىلار ھېرىپ ھالىدىن كەتكۈچە ئىشلەپ يىقىلىپ چۈشتى، باشقىلار ئۇلارنى يۆلەپ ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويدى، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئورنىنى بالدۇر ئىشقا كەلگەنلەر ئىگىلىدى. پۈتكۈل ئەر ۋە ئاياللارنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى قولىغا قورال ئېلىشلا ئىدى. ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېت ۋە ھۆكۈمەت بىر ياقىدىن باش

چىقىرىپ، زىچ ئىتتىپاقلاشتى، كىشىلەردە قىلچە ئالاقزادىلىك كۆرۈلمىدى. چېرچىل ئىنگلىزلارنى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزچىلىق تەھدىتىدىنمۇ ئۆتە ھەربىكەتكە كەلتۈرىدىغان باشقا ھېچقانداق ئىش يوق، چۈنكى ئەنگلىيە 1000 يىلدىن بېرى تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىمىغانىدى، كەڭ خەلق بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا يېڭىپ چىقىشقا بەل باغلىدى، بولمىسا ئۆلۈپ كەتكەن ياخشى، دېدى.

چېرچىل شۇ كۈنلەردە دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھاۋا ھۇجۇمى قىلىشىدىن، بولۇپمۇ گېرمانىيە تانكا قىسىملىرىنىڭ قورۇقلۇققا چىقىشىدىن ئەندىشە قىلىپ يۈردى. چۈنكى، ئۇ چاغدا ئەنگلىيىدە تانكىغا قارشى زەمبىرەك ياكى تانكىغا قارشى ئوق-دورا ھەتتا ئادەتتىكى دالا زەمبىرىكىمۇ ھېچقانچە يوق ئىدى. تۆۋەندە ئېيتىلغان ئىشلاردىن شۇ چاغدا ئەنگلىيىنىڭ بۇ خىل تەھدىتكە تاقابىل تۇرۇشتا قانچىلىك ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چېرچىل دۇۋېر (پورت شەھىرى) غا يېقىن جايدىكى ساينت ماگارىت قولتۇقىنىڭ دېڭىز ساھىلىنى تەكشۈرۈپ يۈرگەندە، بىرىگادىر باشلىقى ئۇنىڭغا: «بۇ بىرىگادىر ئۆز ۋۇنلۇقى تۆت - بەش ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان ئەڭ خەتەرلىك دېڭىز قىرغىقىنى قوغداۋاتىدۇ. ئەمما بىزدە تانكىغا قارشى زەمبىرەكتىن ئاران ئۈچى، ھەر بىر زەمبىرەكتە ئالتە پاي سنارەدلا بار» دېدى، ئارقىدىنلا بىر خىل ئوڭايسىزلانغان قىياپەتتە: «قول ئاستىمدىكى ئەسكەرلەر مانېۋىر ھېسابىدا بىر پاي زەمبىرەك ئوقى ئاتسا بولامدۇ؟ شۇنداق بولغاندا ئۇلار بۇ قورالنىڭ ئۇنۇمى زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان بولاتتى» دەپ سورىدى. چېرچىل: «بىز سىلەرنى مانېۋىر قىلىشقا كېرەكلىك زەمبىرەك ئوقلىرى بىلەن تەمىن ئېتەلمەيمىز. ئەڭ ئاخىرقى پەيتكىچە كۈتۈپ ئەڭ يېقىن ئوق مۇساپىسى دائىرىسى ئىچىدىلا زەمبىرەك ئېتىشقا بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

چېرچىل بۇ ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىپ مۇتتەپىق ئارمىيە ۋە خەلق قوغدىنىش ئارمىيىسىنى مۇمكىنقەدەر تېز قورال‌لاندۇرۇش ئۈچۈن، ھەربىي لاۋازىمەتلىكلەرى ۋەزىرى مورىزونغا تانكىغا قارشى زەمبىرەك ۋە ھەر خىل مۇنتىزىم قوراللارنى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئىشلەپچىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. ئايروپىلان ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل ۋەزىر بىۋاۋېربروئوك ھەر ھەپتىدە ئاپتوماتىك قارىغا ئېلىپ بومباردىمان قىلىش ئەسۋابى، تۆۋەن ھاۋا بوشلۇقىدا رادىئو ئارقىلىق يۆنىلىشنى (نىشاننى) ئېنىقلاش قۇرۇلمىسى ۋە ھاۋادا توسۇپ ھۇجۇم قىلغۇچى ئايروپىلان قاتارلىقلارنى لايىھەلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىپ تۇرۇشنى، ھەمدە ئېيىغا ئاز دېگەندە 1000 ھەربىي ئايروپىلان ئىشلەپچىقىرىشنى، يەنە دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مەشىق قىلغان ياكى قىسمەن مەشىق قىلغان لىيوتچىكتىن ئاز دېگەندە 50 نى ۋاقتىنچە ھاۋا ئۇرۇشى قوماندانلىق شتابىغا يۆتكەشنى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىكىنىڭ فرانسىيىنىڭ گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغان ئىككى دىۋىزىيە قۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتكەندىن سىرت، گوللاندىيە قاچاق ھۆكۈمىتىنىڭ ئارزۇسىغا بىنائەن گوللاندىيە بىرىگادىرى تەشكىللەش پىلانى تۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. تاشقى ئىشلار ۋەزىرىنى ئەسىرگە چۈشكەن بىلگىيە پادىشاھىنىڭ ئىدارە قىلىشىدىكى بىلگىيە ھۆكۈمىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي، بىلگىيىنىڭ بىردىنبىر قانۇنىي ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى. شۇنىڭدەك تاشقى ئىشلار ۋەزىرىنىڭ يۇگوسلاۋىيىنىڭ سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ئىتالىيە فاشىستلىرىنىڭ تەھدىتىگە قارشى تۇرۇشىغا ئىلھام بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. چېرچىل دائىم كارىۋاتتا يېتىپ تۇرۇپ تۇتۇق ۋەزىيەت توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزەتتى ۋە بەزى مەسىلىلەر

www.uyghurkitap.com

توغرۇلۇق ۋاقتىدا يولىيورۇق بېرىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بىر كۈندە قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ نوتىسىنى كاتىپىغا ئېغىزچە ئېيتىپ بېرەتتى.

ۋاقىت زامانىۋىلاشقان ئۇرۇش، چىش-تىرنىقىغىچە قوراللانغان دۈشمەن ئالدىدا كىشىلەرنىڭ ئاددىي يوللار ئارقىلىق دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارە-ئۇسۇللىرىنى ئىزدىشىگە يول قويمايتتى. چېرچىل غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ جەڭگىۋارلىق روھىغا داۋاملىق مەدەت بېرىگەندىن سىرت، يەنە ئارمىيىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى تېپىكى جەڭ قوراللىرى بىلەن تەمىن ئېتىش زۆرۈرلۈكىنى، ھەرقانداق بىر يېڭى كۆز قاراش ياكى كەشپىياتنى ئورگانلارنىڭ ئىش بېجىرىش تەرتىپىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراتماي، تېز سۈرئەتتە ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەكلىكىنى تونۇيتتى. باش ۋەزىر دۆلەت مۇداپىئە ۋەزىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مايور جېفرى ۋىستىبېچىتا قۇرغان تەجرىبە مەيدانىغا شەخسەن ئۆزى رەھبەرلىك قىلدى. جېفرى ياش ئوفىتسېر بولۇپ، 1939-يىلى لەيلىمە مىنا تەتقىقاتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلىگەن، بۇ مىنا ئەمەلىي ئۇرۇشتا ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم كۆرسەتكەنىدى. ئەمدى مايور جېفرى ۋە ئۇنىڭ بىر قانچە ھەمراھلىرى تانكىغا ئاتقىلى بولىدىغان بىر خىل بومبىنى تەتقىق قىلىۋاتاتتى؛ بۇ بومبىنى دېرىزىدىن ئاتسا شۇ زامات تانكىغا چاپلىشىپ قالاتتى. پارتلاش دەرىجىسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بۇ بومبا پولات تاختىغا تېگىپ پارتلىغاندا ئۈنۈمى ئالاھىدە يۇقىرى بولاتتى.

125 يىلدىن بۇيان، ئەنگلىيە بوغۇزىنىڭ تار يولىنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇنجى قېتىم كۈچلۈك بىر دۈشمەن پەيدا بولدى. چېرچىل يېڭىۋاشتىن قۇرۇلغان مۇنتىزىم ئارمىيە بىلەن ئادەم سانى يەكمۇ كۆپ، ئەمما ھەربىي مەشقى تولىمۇ ناچار بولغان يەرلىك قوغدىنىش ئەترەتلىرىنى قايتىدىن تەشكىللەش ۋە

ئورۇنلاشتۇرۇشنى، شۇ ئارقىلىق مۇكەممەل بىر مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسىنى شەكىللەندۇرۇپ، تاجاۋۇزچىلار بېسىپ كەلسە تەلتۆكۈس يوقىتىشنى تەلەپ قىلدى. 25-ئىيۇن يەرلىك قىسىمنىڭ باش قوماندانى ئىرونسىد ئۆزىنىڭ پىلانىنى باش شتابقا يوللاپ بەردى. بۇ پىلاننىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: بىرىنچى، دېڭىز بويلىرىدىكى دۈشمەنلەر بېسىۋالغان دېڭىز سايازلىقلىرىدا «ئۇستى يېپىق شەكىللىك» ئاكوپلارنى قۇرۇش مۇمكىن، دېڭىز ساھىلىنى قوغداۋاتقان ئەسكەرلەر مۇداپىئە قىلىش ئورۇنلىرىدا ئورۇش قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرىكەتچان ئېھتىيات قىسىملىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق دەرھال قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ؛ ئىككىنچى، ئەنگلىيىنىڭ شەرقىي مەركىزىنى كېسىپ ئۆتىدىغان تانكىغا قارشى لىنىيە قۇرۇلىدۇ، خەلق قوغدىنىش ئارمىيىسىنىڭ مۇداپىئەسى ئارقىلىق لوندون ۋە چوڭ سانائەت مەركەزلىرى دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ برونېۋىكلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىدىن قوغداپ قېلىنىدۇ؛ ئۈچىنچى، تانكىغا قارشى توسالغۇ لىنىيىسىنىڭ كەينى تەرىپىدە چوڭ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان ئاساسلىق زاپاس ئارمىيە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ پىلان تالاي قېتىم تولۇقلانغان ۋە ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي روھى ئۆزگەرمىدى. دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى ئەگەر دۈشمەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قالسا، بارلىق قوشۇنلار دەرھال جېنىدىنى مەھكەم ساقلىشى، يەنى لىنىيە شەكىللىك مۇداپىئە قوللىنىپلا قالماستىن، بەلكى كۆپ تەرەپلىك مۇداپىئە كۆرۈش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قالغان قوشۇنلار تېزلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ، جانلىق، تېتىك بولۇپ، مەيلى دېڭىز ياكى ھاۋادىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلارنى قەتئىي يوقىتىشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

ئەنگلىيە دېڭىزنى كونترول قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، شۇنىڭدەك ھاۋادىكى سوقۇش قىلغۇچى ئايروپىلانلىرى قۇدرەتلىك مۇداپىئە كۈچىنى ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن گېرمانىيىنىڭ ئەنگلىيە قۇرۇقلۇقىغا چىقىش خەۋپىدىن ئەنسىرەيتتى. ھەر بىر قولتۇق، ھەر بىر پورت ۋە ھەربىر دېڭىز ساھىلى كىشىلەرنىڭ ئەندىشە قىلىدىغان جايىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، پاراشوتچى قىسىملار تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، لىۋېرپول ياكى ئىرېلاندىيىنى ئىشغال قىلىۋېلىش خەۋپىمۇ بار ئىدى. چېرچىل كۆڭلىدە: «ئەگەر گېرمانىيە بىزنىڭ دېڭىز ئارمىيە كۈچىمىزگە قارىماي، يەڭگىللىك بىلەن ئەنگلىيىگە تاجاۋۇز قىلىدىغان بولسا، بىز نېمىشقا ئوخشاش ئۇسۇل قوللىنىپ ئۇلارغا تاقابىل تۇرمايمىز؟ پۇتۇنلەي مۇداپىئەدە تۇرۇشتەك ۋاقتى ئۆتكەن ئۇسۇللارنى قوللىنىش كۆز قارىشى فرانسىيىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. بىز بۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىپ ئۆزىمىزنىڭ بارلىق تەشەببۇسكارلىق روھىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى خالىمايمىز» دەپ ئويلىدى. ئۇ، گېرمانىيە تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان دۆلەتلەرنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى جايلاردا گېرمانىيىنىڭ زور تۈركۈمدىكى ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش ئۇسۇلى ئىنتايىن مۇھىم، تۇيۇقسىز زەربە بېرىش قوشۇنلىرىنى دەرھال تەشكىللەپ، دېڭىز بويىدىكى جايلارغا ھۇجۇم قىلىش كېرەك، دەپ قارايتتى. دۈنكىركتىكى پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈردىكى، ھۇجۇم قىلغۇچى قىسىملار دۈشمەننى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقاندىن كېيىن، تاللىۋالغان يېرىدىن تېزلىكتە چېكىنىپ چىقالايدۇ. چېرچىل: «ئەگەر نېمىسلار بىزنى بۇ ئارالغا تۇگۈلۈۋېلىپ مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى قۇرۇشقا مەجبۇر قىلماستىن، كېلەر قېتىم بىزنىڭ قەيەردە ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىمىزنى پەرەز قىلالىغان بولسا، بۇ تولىمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش بولاتتى! بىز

www.uyghurkitap.com

تىرىشىپ پىسخىكا ۋە روھىي جەھەتتە دۈشمەننىڭ ئىرادىسىگە ۋە ئالدىن مۆشت كۆتۈرگەنگە تېز پۈكۈشتەك ھالەتتىن قۇتۇلۇشىمىز كېرەك» دېدى.

باش ۋەزىرنىڭ گېپى ئىچكى كابىنېت ۋە دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، ئۇلار تانكا قىسىملىرىنىڭ قۇرۇقلۇقتا چىقىش كېمىسىنى كۆپلەپ ياساشنى، بىر قانچە شۆبە ئەترەتلەرنى دۈشمەن ئويلىمىغان يەرلەرگە ئەۋەتىش ئارقىلىق دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى رايونلاردا ھۇجۇمنى كېڭەيتىشنى قارار قىلدى. «تانكا قىسىملىرىنى مەخسۇس ياسالغان قۇرۇقلۇقتا چىقىش كېمىلىرى ئارقىلىق دۈشمەننىڭ مۇداپىئەسى ئاجىز راق بولغان دېڭىز بويلىرىغا يۆتكەش» ئويى چېرچىلنىڭ كاللىسىدىن ئۇزۇنغىچە چىقمىدى. ئۇ 1917-يىل ئىيۇلدا راۋخ گېئورگى ھۆكۈمىتىدە ھەربىي لاۋازىمەتلىكلىرى ۋەزىرلىكىنى ئۆتەۋاتقاندا، تانكا قىسىملىرىنىڭ قۇرۇقلۇقتا چىقىش كېمىسىنى لايىھىلىگەنىدى. ئۇنىڭ پىكرىچە بولغاندا، ھەر بىر قۇرۇقلۇقتا چىقىش كېمىسىگە بىر ياكى بىر قانچە تانكىنى قاچىلىغىلى، كېمە بېشىغا سىم توساقلارنى بۇزۇۋېتىدىغان قۇرۇلما ئورناتقىلى بولاتتى، پەقەت لەيلىمە كۆۋرۈك ئىشلىتىلسە ياكى كېمە بېشى قىڭغايتىلسىلا تانكىلار ئۆزىنىڭ ئېنېرگىيىسىگە تايىنىپ قۇرۇقلۇقتا چىقاتتى ۋە پىيادە ئەسكەرلەر قەلئەگە ياكى پوتەيگە ھۇجۇم قىلغاندا سىم توساقلارنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرىمايتتى. بۇ بىر يېڭى ئىجادىيەت ئىدى، يەنى دالا ئۇرۇشى توپچى قىسىملار تېز سۈرئەتتە قۇرۇقلۇقتا چىقىپ سىم توساقلارنى بۇزۇۋېتەلەيتتى، بۇنىڭ بىلەن، ئىلگىرى قۇرۇقلۇقتا چىققان چاغدىكى زور قىيىنچىلىقلاردىن ساقلانغىلى بولاتتى.

تانكا قىسىملىرىنىڭ قۇرۇقلۇقتا چىقىش كېمىسى ئەنگلىيە بوغۇزىدىن ئۆتۈپ زەربە بېرىش ئۇرۇشىغا ياكى ئوتتۇرا يەر

دېڭىزدا كۆلىمى چوڭراق بولغان ئۇرۇشلارنى قىلىشقا مۇۋاپىق كەلگىنى بىلەن، ئەمما دېڭىزدا ئۇزۇن مۇساپىلىك سەپەرلەرگە باب كەلمەيتتى. شۇڭا تېخىمۇ يوغان، دېڭىز سەپىرىگە ئىنتايىن مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر تۈرلۈك پاراخوتنىڭ بولۇشى زۆرۈر ئىدى، بۇنداق پاراخوت تانكا قىسىملىرىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىش كېمىسىگە ئوخشاش ئۇزۇن مۇساپىلىك يوللاردا تانكا ۋە باشقا ماشىنىلارنى توشۇغاندىن سىرت، تانكا ۋە باشقا ماشىنىلارنىمۇ دېڭىز ساھىلىغا چۈشۈرەلەيتتى. شۇڭا، چېرچىل مۇشۇ خىلدىكى پاراخوتنى لايىھىلەش يولىيورۇقىنى يەنە چۈشۈردى. بۇ پاراخوت ئەڭ دەسلەپ «ئاتلانتىك ئوكيان تانكا قىسىملىرىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىش كېمىسى» دەپ ئاتالدى، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، ئىسمى «تانكا قىسىملىرىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىش پاراخوتى» غا ئۆزگەرتىلدى. بۇ تانكا قىسىملىرىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىش پاراخوتى كېيىنكى بارلىق ئوپېراتسىيىلەردە ئۆزىنىڭ ئەۋزەل ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ، ئېغىر تىپتىكى ماشىنىلارنى دېڭىز ساھىلىغا چۈشۈرۈشتەك قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىشتا تەڭداشسىز تۆھپە كۆرسىتىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ پاراخوتتىن 1000 دىن كۆپرەكى ياسالدى، كېيىن نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىشتا ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

ئىككى ئايدىن كۆپرەك جىددىي ئۇرۇش تەييارلىقى قىلىش ۋە ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈشتىن كېيىن ۋەزىيەت ياخشىلاندى. چېرچىل دۆلەت مۇداپىئە كۈچىنىڭ كۈندىن-كۈنگە قۇدرەت تېپىۋاتقانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بار كۈچىنى ئايىماي ئەمگەك قىلدى، ئۇلار تۈن بويى ئىشلىگەن جاپالىق خىزمەتتىن كېيىنكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىلا ئۆزلىرىنى ئىنتايىن خۇشال سېزەتتى، بارغانسېرى «ۋاقىت بىزنىڭ، بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دېگەن ئىشەنچكە تولاتتى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى فرانسىيە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قەتئىي بوشاشماي گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى بايراقنى ئېگىز كۆتۈردى، بۇ ھەرىكەت چېرچىلنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى ئىناۋىتىنى ئۆستۈردى، شۇنداقلا كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىكى ئورنىنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتتى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىمۇ چېرچىل ئۆزلىرىنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈپ بېرىۋاتقان ئابرۇيى ئارقىلىقلا ئۆز پارتىيىسىنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى بارا-بارا چۈشەندى.

1940-يىل سېنتەبىرنىڭ ئاخىرى، چېمبېرلىن سالامەتلىك ئەھۋالى يامانلىشىپ كەتكەنلىكتىن ئاخىر خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتتى. شۇڭا، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ يېڭى رەھبىرىنى سايلاشقا توغرا كەلدى. بۇ چاغدا، كۆپچىلىك پەقەت چېرچىلنىڭلا بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. «يەكشەنبىلىك تايمىس گېزىتى» مۇنداق يازدى: «چېرچىل بىزنىڭ مەخپىي قورالىمىز. بىز بۇ ئۇلۇغ پەيتلەردە ئۇلۇغ داھىينىڭ دانا رەھبەرلىكىدە كۆرەش قىلىشتىن چەكسىز خۇشاللىق ھېس قىلىمىز. بۈگۈنكى كۈندە ۋىنستون چېرچىل ئەنگلىيە روھىنىڭ مۇجەسسەمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىزنىڭ قەيسەر ئىرادىلىك داھىيىمىز. ئىنگلىزلارلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئەركىن دۇنيا ئۇنىڭغا چەكسىز ئىشىنىدۇ.» بۇ گېزىت شۇ چاغدىكى ئەنگلىيە كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىگە رەھبەرلىك قىلغۇچىنىڭ كۆز قارىشىنى ئىپادىلىدى.

www.uyghurkitap.com

## ئون توققۇزىنچى باب

# «دېڭىز شىرى»غا باتۇرلارچە زەربە بېرىش

گىتلېر ئەنگلىيىگە قاراتقان «تىنچلىق ھۇجۇمى»دا ئۇمشۇقىغا يېگەندىن كېيىن، 16-ئىيۇل «ئەنگلىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىش ئۇرۇشى قىلىش توغرىسىدىكى 16-نومۇرلۇق بۇيرۇق»نى چۈشۈردى. بۇ ئاتالمىش «دېڭىز شىرى پىلانى» بولۇپ، ئۇنىڭدا «ئەنگلىيە زېمىنىدىكى گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان بازىلارنى تازىلاش ھەمدە زۆرۈر تېپىلغاندا پۈتۈن ئەنگلىيىنى ئىستېلا قىلىش» كېرەك، بۇنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئاخىرلاشتۇرۇش لازىم، دەپ جار سېلىنغانىدى.

گېرمانىيە بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، بىر ئاي ئىچىدىلا ياۋروپانىڭ شىمالىي دېڭىز بويلىرىغا 168 ترانسپورت پاراخوتى، 1910 چاتما كېمە، 419 سۆرىگۈچى كېمە ۋە 1600 ماتورلۇق قېيىق توپلىدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە تەرەپمۇ بوغۇز بويلاپ 13 دىۋىزىيىنى توپلىدى، 17-ئىيۇل قۇرۇقلۇققا چىقىش مانېۋىرى باشلاندى.

ئەنگلىيە خەلقى گېرمانىيىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىپ تاجاۋۇز قىلىشىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، كەڭ-كۆلەمدە سەپەرۋەرلىككە كەلدى. 20-ئاۋغۇستقىچە 2 مىليونغا يېقىن ئادەم قوللىرىغا مىلتىق ۋە نەيزە ئالدى، ئۇلارنىڭ 3/4 قىسمى مۇنتىزىم

ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي تەشكىلاتىغا كىرگۈزۈلدى. ناھايىتى زور خەلق قوغدىنىش ئارمىيىسىنىڭ بەزىلىرىدە مىلتىق، بەزىلىرىدە كالتەك بولۇپ، ئۇلار ئۆز ۋەتىنىنى قوغداش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەييار تۇردى. ئۇ چاغدا، ئەنگلىيىنىڭ ئىشلىتىۋاتقان رادارلىرى دەسلەپكى باسقۇچتا ياسالغان بولۇپ، ئىقتىدارى تۆۋەن ئىدى، ئادەتتە دۈشمەن ئايروپىلانلىرى دۆلەت زېمىنىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا كىرگەندە تىرېۋوگا سىگنالى بېرەلەيتتى، ئەمما ھاۋا بوشلۇقىغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن خەۋەر بېرىشكە ئىقتىدارى يەتمەيتتى، شۇڭا ئاممىۋى ھاۋانى نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىغا ئۆزلۈكىدىن ئىسمىنى مەلۇم قىلىپ قاتناشتى، ئۇلار دۇربۇن ۋە سۆزلىشىش ئاپپاراتلىرىنى ئېلىپ، قوماندانلىق مەركىزىگە دۈشمەن ئايروپىلانىنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ، لىيوتچىكلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا ماسلاشتى. ھاۋانى نازارەت قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان ئەر-ئاياللار 50 مىڭدىن ئوشۇق كىشىگە يەتتى، ئەنگلىيە خەلقى ئۆز تۇپرىقىنى قوغداش كۈرىشىدە بىردەك غەزەپكە كېلىپ، زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشىدا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ رولىنى تولۇق نامايان قىلدى.

لېكىن، گىتلېر ۋە ئۇنىڭ ناتسىست گېنېراللىرى ئەنگلىيىنى بويسۇندۇرۇشقا قارىغۇلارچە ئىشىنىپ كەتكەنىدى. گېرمانىيە ئالىي قوماندانلىق شتابىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال ئىئودېل فرانسىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، «گېرمانىيىنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى ئاخىرقى غەلىبىسى ھازىر پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىلا بولۇپ قالدى. دۈشمەن ئەمدى كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىنى قىلالمايدۇ» دەپ يازدى. گىتلېر بۇ ئىستراتېگىيىچىنىڭ فرانسىيە بىر ھەپتە ئىلگىرى تەسلىم بولدى، ئەمدى ئەنگلىيە يەككە-يېگانە ئۇرۇش قىلىدۇ، ئېنىقكى، ئۇ تايانچىسىز قالدى،



www.uyghurkitap.com

شۇڭا قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئەنگلىيىنى مەغلۇپ قىلىشتىكى «غەلىبە چېكى بىزنىڭ قولىمىزدا» دېگەن قارىشىغا تولۇق ئىشىنەتتى.

گېرىنىگ گىتلېرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، ئەنگلىيىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك ھاۋا ھۇجۇمى — «بۈركۈت پىلانى» — نى 15-ئاۋغۇستتا قوزغىدى. بۇنىڭدىكى مەقسىتى ئەنگلىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىنى قوغلىۋېتىپ، شۇ ئارقىلىق تاجاۋۇزچىلىقنىڭ بىر زۆرۈر شەرتىنى ھازىرلاش ئىدى. ئىمپېرىيىنىڭ مارشالى بولۇپ قالغان گېرىنگنىڭ غەلىبىگە ئىشەنچى كامىل ئىدى. ئۇ، ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، پۈتۈن كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلغاندا، ئەنگلىيىنىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى مۇداپىئەسىنى تۆت كۈندىلا بىتچىت قىلىپ تاشلاپ، تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش ئۈچۈن يول ئاچقىلى بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنگەنىدى. گېرىنگ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىق شتابىغا ئەنگلىيىنىڭ خان جەمەتى ھاۋا ئارمىيىسىنى پۈتۈنلەي بىتچىت قىلىش ئۈچۈن، ئۇزۇنراق ۋاقىت، يەنى ئىككى ھەپتىدىن 4 ھەپتىگىچە ۋاقىت كېتىدۇ، دېدى. ئەمەلىيەتتە، مەيدىسى ئوردېن بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ بۇ قوماندانى ئەنگلىيىنى ھاۋا ئارمىيىسىگىلا تايىنىپ تىز پۈكتۈرگىلى بولىدۇ، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك، دەپ قارايتتى.

ئۇ بۇ غايەت زور مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا كەڭ كۆلەملىك ئۈچ ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىگە ئىگە ئىدى. 1-ئاۋىئاتسىيە ئەترىتى مارشال كېسېلرىڭنىڭ قوماندانلىقىدا ئويمانلىقتىكى دۆلەتلەردە ۋە فرانسىيىنىڭ شىمالىدا ھەرىكەت قىلاتتى. 2-ئاۋىئاتسىيە ئەترىتى مارشال سپېللېرنىڭ قوماندانلىقىدا بولۇپ، بازىسى فرانسىيىنىڭ شىمالىدا ئىدى؛ 5-ئاۋىئاتسىيە

www.uyghurkitap.com

ئەترىتى گېنېرال ستومپىنىڭ قوماندانلىقىدا بولۇپ، نورۋېگىيە ۋە دانىيىدە تۇراتتى. ئالدىنقى ئىككى ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىدە جەمئىي 929 ئۇرۇش ئايروپىلانى، 875 بومباردىمانچى ئايروپىلان، 316 شۇڭغۇپ ئۇچىدىغان بومباردىمانچى ئايروپىلان بار ئىدى؛ 5-ئاۋىئاتسىيە ئەترىتى ئۇنىڭدىن خېلى كىچىك بولۇپ، 123 بومباردىمانچى ئايروپىلان ۋە 34 قوش ماتورلۇق ME--110 تىپلىق ئۇرۇش ئايروپىلانى بار ئىدى. ئەنگلىيىنىڭ خان ھاۋا ئارمىيىسى بۇ قۇدرەتلىك ھاۋا ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرۇپ، ئىمپېرىيىنىڭ ئۆز زېمىنىنى قوغداش ئۈچۈن، ئاۋغۇستنىڭ باشلىرىدا 700 دىن 800 گىچە ئۇرۇش ئايروپىلانى ھازىرلىغانىدى.

ئەبدى ئەنگلىيىنىڭ تەقدىرى ھاۋا ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىش-قىلالماسلىقىغا باغلىق بولۇپ قالدى. گېرمانىيىنىڭ رەھبىرى ئۆزلىرىنىڭ برىتانىيىگە تاجاۋۇز قىلىشتىن ئىبارەت پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش-ئاشۇرالماسلىقى، پۈتۈنلەي ئەنگلىيە بوغۇزى ۋە ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي دېڭىز يوللىرىدىن قورۇقلۇققا چىقىش ئۈچۈن تاللىغان جايلارنىڭ ھاۋا بوشلۇقىنى كونترول قىلىش-قىلالماسلىقىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. دېمىسىمۇ، ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ تويۇقسىز ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالمىسا، قورۇقلۇققا چىقىش پورتىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى، ترانسپورت كېمىلىرىنى توپلاشنى، دېڭىز يوللىرىدىكى مىنانى تازىلاشنى ۋە ئايرىم رايونلارغا سۇ مىناسى ئورنىتىشنى ئىشقا ئاشۇرالمايتتى. ترانسپورت كېمىلىرى قاتنايدىغان يوللارنىڭ ھاۋا بوشلۇقىنى ۋە دېڭىز ساھىلىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي قولدا تۇتۇپ تۇرۇش، دېڭىز بوغۇزىدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈش ۋە قورۇقلۇققا چىقىشنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتى ئىدى. شۇڭا، نەتىجىنىڭ قانداق بولۇشى خان ھاۋا ئارمىيىسىنى ۋە لوندون

بىلەن دېڭىز بويلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئايرودروم سىستېمىسىنى ۋەيران قىلىش-قىلالماسلىقتا باغلىق ئىش بوپقالغانىدى.

31-ئىيۇل، گىتلېر ئادمىرال رېدېرغا: «ئەگەر سەككىز كۈن داۋام قىلغان شىددەتلىك ھاۋا جېڭىدىن كېيىن، گېرمانىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى يەنىلا دۈشمەننىڭ ھاۋا ئارمىيىسى، پورتلىرى ۋە دېڭىز ئارمىيىسىنى زور دەرىجىدە بىتچىت قىلالمىسا، ئۇرۇش قىلىش ھەرىكىتىنى 1941-يىل مايغا كېچىكتۈرۈش كېرەك» دېدى.

چېرچىل: «مەن شەخسەن ئۆزۈم پىسخىكا جەھەتتە، يات ئارىدا بولىدىغان بۇ قېتىمقى ئەمەلىي كۈچلەر ئىلىشىشىدا قىلچە قورقۇنچۇم يوق» دېدى. ئۇ يەنە 4-ئىيۇن پارلامېنتتا: «بىر مەھەل قۇدرەت تاپقان فرانسىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى بىر قانچە مىڭ بروتېۋىكنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئاستىدا بىتچىت بولۇپ كەتتى. مەدەنىيەتلىك ئىشلارنى بىر قانچە مىڭ ليوتچىكنىڭ ئىقتىدارى ۋە ساداقەتمەنلىكىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق قوغداپ قالغىلى بولامدۇ؟» دېدى. بۇ پۇرسەت ھازىر يېتىپ كەلگەنىدى.

فرانسىيىگە قارشى ئۇرۇشتا گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى بار-يوق كۈچىنى ئىشقا سالغانىدى، شۇڭا گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ نورۋېگىيىدىكى ئوپېراتسىيىسىدىن كېيىنكى ئەھۋالىغا ئوخشاش، ئۇلارمۇ بىر نەچچە ھەپتە ياكى بىر نەچچە ئايغىچە دەم ئېلىشى ۋە قوشۇنىنى تولۇقلىشى زۆرۈر ئىدى. بۇ ئەھۋال ئەنگلىيىگىمۇ پايدىلىق پۇرسەت يارىتىپ بەردى، چۈنكى ئەنگلىيىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم سوقۇش ئايروپىلانلىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى ئۇرۇشقا قاتناشقانىدى. فرانسىيە بىتچىت قىلىنغاندىن كېيىن، برىتانىيىنىڭ تىنچلىق تەكلىپىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقى گىتلېرنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغانىدى. ئۇ پېتائېن،

ۋېيگاند شۇنىڭدەك فرانسىيىنىڭ باشقا بىر مۇنچە گېنېرال ۋە سىياسىئونلىرىغا ئوخشاش، بىر ئارال دۆلىتىنىڭ چەت ئەلنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە ئىقتىدارىغا تايانمايدىغان ئۆزىگە خاس روھقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەن، بەلكى ئاشۇ بىر قىسىم فرانسىيىلىكلەرگە ئوخشاش ئىنگلىزلارنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسى توغرۇلۇق خاتا ھۆكۈم چىقارغانىدى. چېرچىل: «بىز بىر مەزگىل ئۇزۇن يولنى بېسىپ ئۆتتۇق، يەنە كېلىپ، ميۇنخېندىن كېيىن بىر مۇنچە نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدۇق» دېدى. ئېيۇن مەزگىللىرى گىتلېر يېڭى ۋەزىيەتنى بارا-بارا چۈشەنگەندىن كېيىن، ئەنگلىيىنى بويسۇندۇرۇشنىڭ «دېڭىز شىرى پىلانى» نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بەل باغلىدى، بولمىسا ئۇ بىر مەيدان ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشقا ھەمدە شۇ سەۋەبتىن پەيدا بولىدىغان مۆلچەرلىگۈسىز خەۋپ ۋە قىيىنچىلىققا دۇچ كېلەتتى.

پوتكول ئىيول ئىچىدە، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ بوغۇزدىكى ئەنگلىيە پاراخوتلىرىغا ۋە ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىدىكى پورتلارغا قىلغان ھۇجۇمى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ كەتتى. بۇ سىناق خاراكتېرلىك ھەرىكەت ئىدى. گەرچە تاجاۋۇزچىلىق باشلىنىشتىن ئىلگىرى تار بوغۇزدىكى ئەنگلىيە پاراخوتلىرىنى تازىلاش زۆرۈر بولسىمۇ، دەسلەپكى قەدەمدىكى بۇ ھاۋا ھۇجۇمىنىڭ مەقسىتى، ئەنگلىيىنىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنى ئۇرۇشقا قىزىقتۇرۇش ئىدى. بۇ مەقسەت ئىشقا ئاشمىدى. ئەنگلىيىنىڭ خان ھاۋا ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابى چەبدەسلىك بىلەن ئىش قىلىپ، ناھايىتى ئاز ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنى جەڭگە چىقاردى. نەتىجىدە، بەزى پاراخوتلار ۋە پورتلار ناھايىتى چوڭ زىيانغا ئۇچرىدى. تۆت قوغلىغۇچى پاراخوت ۋە 18 سودا پاراخوتى چۆكتۈرۈۋېتىلدى، لېكىن دەسلەپكى قەدەمدىكى بۇ ئىلىشىشتا گېرمانىيە ھاۋا

ئارمىيىسىنىڭ 296 ئايروپىلانـــى پاچاقلاپ تاشلاندى، 135 ئايروپىلانى زەخىملەندى. خان هاۋا ئارمىيىسى 148 ئۇرۇش ئايروپىلانىدىن مەھرۇم بولدى.

ئاۋغۇست مەزگىللىرى، گېرمانىيە هاۋا ئارمىيىسى 2669 دانە ئۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئايروپىلان توپلىدى، بۇنىـــڭ ئىچىدە 1015 بومباردىمانچى ئايروپىـــلان، 346 شۇڭغۇپ ئۇچىدىغان بومباردىمانچى ئايروپىلان، 933 سوقۇش ئايروپىلانى ۋە 375 ئېغىر تىپتىكى ئۇرۇش ئايروپىلانى بار ئىـــدى.

5-ئاۋغۇست، فىئۇرېر 17-نومۇرلۇق بۇيرۇقىدا ئەنگلىيىـــگە بولغان هاۋا هۇجۇمىنى كۈچەيتىشنى تەستىقلىـدى. گېرىنگ «دېڭىز شىرى» ئۇرۇش پىلانىنى نەزىرىگە ئىلىپمۇ قويمىدى؛ ئۇنىڭ پۈتۈن ئوي-خىـــيالـــى «مۇتلەق» ئۈستۈنلۈكنـــى ئىگىلەيدىغان هاۋا ئۇرۇشىدا ئىدى. ئۇ كېيىنكـى چاغلارغا كەلگەندە، تۇرلۇك ئورۇنلاشتۇرۇشلارنـــى ئۆزى بـــەلگەنچە ئۆزگەرتىپ، گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيە شتابىنى گاڭگىرىتىپ قويدى. گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيە شتابى، ئەنگلىيە خان هاۋا ئارمىيىسى ھەمدە ئۇنىڭ ئايروپىلان سانائىتىـــنـــى ۋەيران قىلىۋېتىش بىر مەقسەتكە يېتىشنىڭ بىر خىل ۋاسىتىسىدىنلا ئىبارەت، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، هاۋا ئۇرۇشى دۈشمەننىڭ ھەربىي پاراخوتى ۋە كېمىلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا يۆتكىلىشى كېرەك، دەپ قارايتتى. ئۇلار گېرىنگنىڭ دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ مەقسىتىنى 2-ئورۇنغا قويۇپ قويغانلىقىـدىن ئەپسۇسلىناتتى، شۇنىڭدەك، «دېڭىز شىرى پىلانى» نى ئىجرا قىلماي ئارقىغا تارتىپ كەلگەنلىكىگىمۇ ئاچچىقى كېلەتتى.

6-ئاۋغۇست، ئۇلار ئالىي باش قوماندانلىق شتابىغا بەرگەن مەلۇماتىدا، ئەنگلىيە هاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئۇزلۇكسىز تەھدىت سېلىشى نەتىـــجىـــسىـــدە، گېرمانىـــيە بوغۇزدا مـــنـــا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئامالسىز

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قالدى، دېيىلدى. 10-ئاۋغۇست، دېڭىز ئارمىيە شتابىنىڭ ئۇرۇش كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق يېزىلدى:

«‹دېڭىز شىرى› ئۇرۇش پىلانىنىڭ تەييارلىق خىزمىتى بولۇپمۇ مىنا تازىلاش خىزمىتى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ھەرىكىتىنى توختاتقانلىقى سەۋەبىدىن تەسىرگە ئۇچرىدى، نۆۋەتتە ھاۋا ئارمىيىسى ھاۋارايىنىڭ ناچارلىقىدىن ھەرىكەت قىلالمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دېڭىز ئارمىيە شتابى بىلمەيدىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھاۋا ئارمىيىسى يېقىندا ھاۋا كىلىماتى تەمىن ئېتىدىغان ئەڭ پايدىلىق پۇرسەتتىن مەھرۇم قالدى.»

گېرىڭ گىتلېرنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا، 13-ئاۋغۇست «بۈركۈت پىلانى» نى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسى سۈپىتىدە، يەنى 12-ئاۋغۇستتا ئەنگلىيىنىڭ رادار پونكىتلىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىندى، بەش رادار پونكىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، بىر رادار پونكىتى ۋەيران قىلىۋېتىلدى. لېكىن، نېمىسلار رادارنىڭ ئەنگلىيە مۇداپىئەسى ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىملىقىنى بۇ چاغدا تېخى چۈشەنمەيتتى، شۇڭا بۇ رادار پونكىتلىرىغا ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرۇۋەرمىدى. 13- ۋە 14- ئاۋغۇستتا نېمىسلار تەخمىنەن 1500 ئايروپىلاننى ئىشقا سېلىپ، ئاساسەن خان ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانى ئايرودروملىرىغا ھۇجۇم قىلدى. نېمىسلار بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەش ئايرودرومنى «پۈتۈنلەي ۋەيران قىلدۇق» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيىنىڭ ئۇچرىغان زىيىنىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىدى. گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى 47 ئايروپىلان، ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسى 13 ئايروپىلان زىيان تارتقانىدى.

15-ئاۋغۇست گېرمانىيە-ئەنگلىيە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا تۈنجى قېتىم كەڭ كۆلەملىك ھاۋا ئۇرۇشى يۈز

بەردى. گېرمانىيە تەرەپ ئۆزىنىڭ بار-يوقى ئۈچ ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىدىكى ئايروپىلانلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشقا سالدى. بومباردىمانچى ئايروپىلاندىن 801 ئايروپىلان قېتىم، ئۇرۇش ئايروپىلانىدىن 1149 ئايروپىلان قېتىم ئىشقا سالدى. سكاندىناۋىيىدىن ئىشقا سېلىنغان 5-ئاۋىئاتسىيە ئەترىتى بالا-قازاغا ئۇچرىدى. نېمىسلار تەخمىنەن 800 ئايروپىلان چىقىرىپ ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي دېڭىز قىرغىقىغا كەڭ كۆلەملىك هاۋا هۇجۇمى قىلدى، 34 قوش ماتورلۇق ME—110 تىپلىق ئۇرۇش ئايروپىلانىنىڭ هىمايىسىدە ئاران 100 بومباردىمانچى ئايروپىلان چىقىرىپ شەرقىي شىمال دېڭىز بويىغا هۇجۇم قىلدى، لېكىن بۇ قوشۇن تېيىن دەرياسىنىڭ بويىغا يېقىنلاشقاندا، كوتتولمىگەندە قۇيۇن تىپلىق ۋە ئوت پۇركۇگۇچ تىپلىق ئايروپىلانغا ئىگە يەتتە ئوتتۇرا ئەترەتكە ئۇچراپ قېلىپ، ئېغىر زەربە يېدى. گېرمانىيىنىڭ ئېغىر تىپتىكى 30 بومباردىمانچى ئايروپىلانى چۇشۇرۇۋېتىلدى، ئەنگلىيە تەرەپنىڭ پەقەت ئىككى ،ليوتچىكلا ياردار بولدى. بۇ كۈن گېرىنگ قوماندانلىقىدىكى 5-ئاۋىئاتسىيە ئەترىتى برىتانىيە ئوپېراتسىيىسىدە زاۋال تاپقان كۈن بولدى. ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن هوشىغا كېلەلمەي، بۇ ئوپېراتسىيىگە قاتناشمىدى.

ئۇ كۈنى نېمىسلار ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىدا خېلى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇلار تۆت قېتىم كەڭ كۆلەملىك هۇجۇم قوزغىدى، بىر قېتىم لوندونغا يېقىنلىشىپلا قالدى. ئۇلار كرويدونىدىكى تۆت ئايروپىلان زاۋۇتىنى ئوققا تۇتتى هەمدە خان هاۋا ئارمىيىسىنىڭ بەش ئۇرۇش ئايروپىلانى ئىستانسىسىنى ۋەيران قىلىپ، ئەنگلىيە تەرەپنى مەلۇم دەرىجىدە زىيانغا ئۇچراتتى.

15-ئاۋغۇستتىكى هاۋا ئۇرۇشى «دېڭىز شىرى» ئوپېراتسىيىسىدىن بۇيانقى كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان بىر

www.uyghurkitap.com

قېتىملىق ھاۋا ئۇرۇشى ھېسابلىناتتى. 500 ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتىكى ئۇرۇش سېپىدە بەش قېتىم شىددەتلىك جەڭ بولدى. بۇ ھەقىقەتەن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە كۈن ئىدى. جەنۇب تەرەپتە ئەنگلىيىنىڭ بار-يوقى 22 ئۇرۇش ئايروپىلانى ئوتتۇرا ئەترىتى تولۇق جەڭگە ئاتلاندى، بىر مۇنچە ئوتتۇرا ئەترەتلەر بىر كۈندە ئىككى قېتىم، بەزىلىرى ئۈچ قېتىم، ھەتتا تۆت قېتىم جەڭگە قاتناشتى، گېرمانىيە 76 بومباردىمانچى ئايروپىلان، ئەنگلىيە تەرەپ 34 ئايروپىلان زىيان تارتتى. بۇ گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، كۆرۈنەرلىك مەغلۇبىيەت ئىدى.

ئەنگلىيىنىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى ئىنتايىن زور ئۈستۈنلۈكتە تۇرۇۋاتقان گېرمانىيە ئايروپىلانلىرىغا قارشى جەڭ قىلىشتا، راداردىن پەم-پاراسەت بىلەن پايدىلاندى. گېرمانىيە ئايروپىلانلىرى غەربىي ياۋروپادىكى بازىلاردىن كۆتۈرۈلگەن ھامان، ئۇلارنىڭ كۆلەڭگىسى ئەنگلىيە رادارلىرىنىڭ ئېكرانىدا كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ مۇساپىسى توغرا بەلگىلەنگەندىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانى قوماندانلىق شتابى قەيەردە، قاچان جەڭگە ئاتلانسا ئەڭ پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى تولۇق بىلىۋالدى. بۇ ئۇرۇشتىكى يېڭى كەشپىيات ئىدى. ئۇ نېمىسلارنى گاڭگىرىتىپ قويدى، چۈنكى نېمىسلار ئېلېكترونلۇق قورۇلمىلارنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىشلىتىشتە ئىنگلىزلاردىن كۆپ ئارقىدا ئىدى. گېرمانىيىنىڭ ئاتاقلىق ئۇرۇش ئايروپىلانى ليوتچىكى ئادولف گاللاند گۇۋاھلىق بېرىپ: «بىز خاتا ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانى ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ چوقۇم يەر يۈزىدىكى مەلۇم يېڭى قورۇلمىنىڭ كونتروللۇقىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ھېس قىلدۇق، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئوت يۈرەكلۈكى ۋە قويۇن تىپلىق ئايروپىلانلىرىنىڭ، گېرمانىيىنىڭ ئايروپىلان ئەترەتلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشىغا

قوماندانلىق قىلىش بۆيرۇقىنىڭ ئىنتايىن پىششىق ۋە توغرا بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق . . . بۇنداق رادارنىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنى كونترول قىلىشى بىزگە تاسادىپىيلىق ھېس قىلدۇردى، بەلكى ئىچىنىشلىق تاسادىپىيلىق ھېس قىلدۇردى» دەيدۇ.

لېكىن، 12-ئاۋغۇستتا، ئەنگلىيە رادار پونكىتلىرىنى غايەت زور زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ھۇجۇم داۋاملاشتۇرۇلمىدى. 15-ئاۋغۇستتا گېرىنىگ بىرىنچى قېتىم ئۇچۇشىنىڭ زىلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، بۇ ھۇجۇمدىن ۋاز كەچتى. ئۇ: «رادار پونكىتلىرىغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى بار-يوقلۇقى گۇمانلىق بولۇپ قالدى، چۈنكى ھۇجۇمغا ئۇچرىغان رادار پونكىتلىرىدىن بىرەرىمۇ ھازىرغىچە رولىدىن قالمىدى» دېدى.

ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قوغدىغان 2- ئاچقۇچ سېكتور پونكىتى بولدى. بۇ يەر ئاستى نېرۋا مەركىزى ئىدى، بۇ مەركەز رادارىدىن، يەر ئۈستىدىكى كۆزىتىش پونكىتىدىن ۋە ھاۋا بوشلۇقىدىكى ليوتچىكلاردىن كەلگەن ئەڭ يېڭى ئاخباراتلارغا ئاساسەن، قويۇن ۋە ئوت پۈركۈگۈچ تىپلىق ئايروپىلانلارنىڭ جەڭ قىلىشىغا سىمسىز تېلېفون ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلاتتى. خۇددى گاللاندنىڭ كۆرسەتكىنىدەك، نېمىسلار سېكتور پونكىتى بىلەن ليوتچىكلار ئوتتۇرىسىدا سىمسىز تېلېگراف ئارقىلىق دائىم ئېلىپ بېرىلىدىغان سۆھبەتنى ئاڭلىيالىغان ھەمدە يەر ئۈستىدىكى بۇ كونترول قىلىش مەركەزلىرىنىڭ مۇھىملىقىنى ئاخىر تونۇپ يېتىشكە باشلىغان. 24-ئاۋغۇستتا، ئۇلار تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، بۇ سېكتور پونكىتلىرىنى بىتچىت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يەتتە پونكىت لوندوننىڭ ئەتراپىدىكى ئايرودروملاردا بولۇپ، ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي

www.uyghurkitap.com

قىسمىنى ۋە پايتەختىنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. بۇ تاكتىكىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ئەنگلىيىنىڭ ھاۋا مۇداپىئەسىنىڭ ئاچقۇچىغا زەربە بەردى.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇرۇش شۇ كۈنگە قەدەر گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىگە پايدىسىز بولۇپ كەلگەن. 17-ئاۋغۇستتا، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى 71 ئايروپىلان، ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسى 27 ئايروپىلان چىقىم تارتتى. پولشىدا ۋە غەربىي لىنىيىدە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەرگەن ستۇكا تىپلىق ھەرىكىتى ئاستا، شۇڭغۇپ ئۇچىدىغان بومباردىمانچى ئايروپىلان ئەنگلىيە ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندا زادى بەرداشلىق بېرەلمىدى. 17-ئاۋغۇستتا، گېرىنگ ئۇلارنى جەڭدىن چېكىندۇرۇپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنىڭ كۈچى ئۈچتىن بىر قىسىم كېمىيىپ كەتتى. 19-ئاۋغۇستتىن 23-ئاۋغۇستقىچە ھاۋارايى يامان بولغانلىقى ئۈچۈن، ھاۋا ئۇرۇشى بەش كۈن توختىدى. گېرىنگ 19-ئاۋغۇستتا بېرلىن ئەتراپىدىكى سەھرا داچىسى كارىنھالدا ۋەزىيەتنى ئەسلەپ ئۆتكەندىن كېيىن، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ھاۋا ياخشىلانغاندىن كېيىنلا دەرھال كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، مەخسۇس ئەنگلىيە خان ھاۋا ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز ئەنگلىيىگە قارشى ھاۋا ئۇرۇشىدا ھەل قىلغۇچ مەزگىلگە قەدەم قويدۇق، ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە — دۈشمەننىڭ ھاۋا ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلىش، بىزنىڭ نىشانىمىز — دۈشمەننىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنى بىتچىت قىلىش.»

چېرچىل جەڭگىۋارلىقنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن 20-ئاۋغۇست پارلامېنتتا دوكلات بېرىپ: «ئەلۋەتتە، دۈشمەن سان جەھەتتە بىزدىن زور دەرىجىدە ئۈستۈن تۇرىدۇ. لېكىن، بىزنىڭ

يىگىدىن ئىشلەپ چىقىرىلغان ئايروپىلانلىرىمىزنىڭ سانى ئۇلارنىڭكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى، ئامېرىكا ئىشلەپ چىقارغان ئايروپىلانلارمۇ بىزگە يۆتكەپ كېلىنىشكە باشلىدى. بىزنىڭ بومباردىمانچى ۋە ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىمىزنىڭ كۈچى بىر نەچچە قېتىملىق جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، هازىر ئىلگىرىكى ھەر قانداق چاغدىكىدىنمۇ كۈپ قۇدرەت تاپتى. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بىز ھاۋا ئۇرۇشىنى مۇددەتسىز داۋاملاشتۇرالايمىز، دۈشمەن قانچە ئۇزۇن ئۇرۇش قىلىشنى خالىسا، بىزمۇ شۇنچە ئۇزۇن ئۇرۇش قىلىشقا تەييارمىز، بەلكى ئۇرۇشنىڭ ۋاقتى قانچە ئۇزارسا، بىز شۇنچىلىك تېز سۈرئەتتە دۈشمەن بىلەن ھاۋادىكى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز، ئاندىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەشكە ئۆتىمىز، ئۇرۇشتا يېڭىش ياكى يېڭىلىش، ھاۋادا ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەشكە باغلىق» دېدى.

گېرىنگ ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىغىچە ھاۋا ئۇرۇشىغا نىسبەتەن ئۈمىدسىزلىك كۆز قاراشتا بولمىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئەنگلىيىنىڭ يەر ئۈستىدىكى ھەربىي ئەسلىھەلىرى، ئايروپىلان سانائىتى ۋە خان ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى، دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ مۆلچەرىچە، 8-ئاۋغۇستتىن ھېسابلىغاندا، ئەنگلىيە 1115 ئايروپىلان، گېرمانىيە بولسا ئاران 467 ئايروپىلان زىيان تارتقانىدى. سېنتەبىر ئىچىدە ھاۋارايى ئوچۇق بولدى، گېرىنگ ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلدى.

بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى 24-ئاۋغۇستتىن 6-سېنتەبىرگىچە ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1000 دىن ئارتۇق ئايروپىلان چىقاردى. ئىمپېرىيىنىڭ بۇ مارشالى بۇ قېتىم توغرا ئىش قىلدى. خان ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ليوتچىكلىرى بىر ئايدىن بېرى ھەر كۈنى

نەچچە قېتىم ئۇچۇپ ناھايىتى چارچاپ كەتكەنىدى. ئۇلار قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن گېرمانىيە تەرەپنىڭ سان جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ئۈنۈم بېرىشكە باشلىدى. ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىدىكى بەش ئالدىنقى سەپ ئۇرۇش ئايروپىلانى ئىستانسىسى غايەت چوڭ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. تېخىمۇ يامان بولغىنى شۇكى، ئاچقۇچلۇق يەتتە سېكتور پونكىتىدىن ئالتىسى ئىنتايىن دەھشەتلىك بومباردىمان قىلىندى، پۈتۈن خەۋەرلىشىش سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن بىتچىت قىلىنىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن خان ھاۋا ئارمىيىسى ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ مۇداپىئە كۈچى ئاجىزلاشقا باشلىدى. 23-ئاۋغۇستتىن 6-سېنتەبىرگىچە بولغان بۇ ئاچقۇچلۇق ئىككى ھەپتە ئىچىدە، ئەنگلىيىنىڭ بىتچىت قىلىنغان ياكى ئېغىر زەخىملەندۈرۈلگەن ئۇرۇش ئايروپىلانى 446 گە يەتتى، يەنە كېلىپ ئەنگلىيە خان ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 103 نەپەر لېيوتچىكى ئۆلدى، 128 نەپەر لېيوتچىكى ئېغىر يارىلاندى، بۇ سان شۇ چاغدىكى پۈتۈن لېيوتچىكلارنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى. چېرچىلنىڭ كېيىنچە يازغىنىدەك: «ۋەزىيەت تاكتىكىلىق ھاۋا ئارمىيىسىگە پايدىسىز بولۇپ قالغانىدى ... كىشىلەر تەشۋىشكە چۈشۈپ قالدى.»

بۇ ئەھۋال يەنە بىر نەچچە ھەپتە داۋاملىشىدىغان بولسا، ئەنگلىيىنىڭ ھاۋادا تەشكىللىك مۇداپىئە كۈچى قالمايتتى. ئاجاۋۇز قىلىپ كىرىش جەزمەن دېگۈدەك مۇۋەپپەقىيەت قازىناتتى. لېكىن، گېرىنگ ئارقىدىنلا توساتتىن ئىككىنچى تاكتىكا خاتالىقىنى سادىر قىلدى، ئۇنىڭ بۇ خاتالىقىنىڭ ئاقىۋىتىنى گىتلېرنىڭ 24-مايدا دۇنكىركقا تانكا بىلەن ھۇجۇم قىلىشنى توختاتقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن. بۇ، زەربىدىن بېشى قېيىپ كەتكەن خان ھاۋا ئارمىيىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. بۇ تارىختىكى تۈنجى

قىتىملىق چوڭ ھاۋا ئۇرۇشىدىكى بىر زور بۇرۇلۇش نۇقتىسىدىن دېرەك بېرەتتى. ئەنگلىيىنىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانى جەھەتتىكى مۇداپىئە كۈچى ھاۋادا ۋە قورۇقلۇقتا ئۇزاققىچە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى 7-سېنتەبىر كېچىدە لوندونغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلدى. خان ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى شۇ سەۋەبتىن دېمىنى ئېلىۋالدى. تاكتىكا جەھەتتىكى بۇنداق ئۆزگىرىش قارا نىيەت گىتلېر بىلەن گېرىنگقا جەزمەن ئىنتايىن ئەجەللىك ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ بېرەتتى.

24-ئاۋغۇست كېچىدە، يەنى گېرىنگ لوندوننى بومباردىمان قىلغان كۈننىڭ ئەتىسى چېرچىل گېرمانىيە تەرەپنىڭ بۇ ۋەھشىيانە ھەرىكىتىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، دەرھال 81 ئايروپىلان ئەۋەتىپ بېرلىننى بومباردىمان قىلدى. ماددىي زىيان ئانچە ئېغىر بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ بومباردىماننىڭ گېرمانىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن زور بولدى. ئىنگلىزلار «گىتلېر قوزغىغان بۇ كۈرەش داۋاملىشىۋېرىدۇ، گىتلېر قانچە ۋاقىت ئۇرۇشىمەن دېسە، بىزمۇ شۇنچە ۋاقىت ئۇرۇشىمىز» دېگەن مەزمۇندىكى بىر قىسىم تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تاشلىدى. «بۇ ناھايىتى ياخشى تەشۋىقات ئىدى، لېكىن بومبىنىڭ پارتلىغان ئاۋازى تېخىمۇ ياخشى تەشۋىقات بولدى».

28-ئاۋغۇست كېچىسى، ئەنگلىيىنىڭ خان ھاۋا ئارمىيىسى تېخىمۇ كۆپ ئايروپىلان ئەۋەتىپ بېرلىنغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. ھۆكۈمەتنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇن ئادەم ئۆلگەن، 29 ئادەم يارىلانغان. ناتسىستلارنىڭ مۇھىم ئەربابلىرى بۇنىڭدىن دەرغەزەپكە كەلدى. تۇنجى قېتىملىق تۇيۇقسىز ھۇجۇمدا، گېببېل گېزىتلەرگە ھاۋا ھۇجۇمىنىڭ

خەۋىرىنى پەقەت بىر نەچچە قۇر خەت بىلەنلا خەۋەر قىلىشنى بۇيرۇق قىلدى، ئاندىن ئەنگلىيە ئۇچقۇچىلىرىنىڭ بىرلىنىدىكى قولىدا تۇمۇرنىڭ سۇنۇقى يوق ئايالىلارغا ۋە بالىلارغا «ياۋۇزلۇق بىلەن» تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانلىقىنى بولۇشىغا تەشۋىق قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. پايتەختتىكى كۆپلىگەن گېزىتلەر «توخۇ يۇرەك ئىنگلىزلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمــى» دېگەنگە ئوخشاش سەرلەۋھىنى ئىشلەتتى. ئىككــى ئاخشام ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 3-قېتىملىق ھاۋا ھۇجۇمىدىن كېيىن، سەرلەۋھە «بېرلىن ئاسمىنىدىكى ئەنگلىيە ھاۋا قاراقچىلــــــرى» غا ئۆزگەرتىلدى.

بىر ھەپتىدىن بۇيان ئەنگلىيىنىڭ ئۇزۇلدۇرمەي قىلغان كېچىلىك بومباردىمانچىلىقىنىڭ ئاساسىي رولى گېرمانىــــيە خەلقى ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك ئۈمىدسىزلىنىش كەيپىياتىنى قوزغاش ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىگە گۇمانلىنىش ئۇرۇقىنى چېچىش بولدى. ئۇرۇش باشلانغاندا گېرىنگ ئۇلارغا بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بەرمەيدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغان، ئۇلارمۇ بۇ مارشالنىڭ گېپىــگە ئىـــــشەنگەنــــــدى. شۇڭا، ئۇلار ھازىر قاتتىــــق ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكەن، ئۇرۇشتىن قورقۇپ، تىنچلىــــقا تەلپۈنمەكتە ئىدى.

4-سېنتەبىردە، تەنتەربىيە سارىيىدا قىشلىق ماددىي ياردەم بېرىش ھەرىكىتى يىغىنى ئېچىلغان كۈنى، گىتلېر خەلققە نۇتۇق سۆزلەشنى زۆرۈر تاپتى. يىغىن چۈشتىن كېيىــن قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بىر سائەت بۇرۇن ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ يىغىنغا قاتنىشىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاخىرقى بىر مىنۇتقىچە مەخپىيەتلىك ساقلاندى، بۇ روشەنكى، دۈشمەن ئايروپىلانلىرى-نىڭ بۇلۇت قاتلىمىدىن پايدىلىنىپ بومباردىمان قىلىــپ بۇ قېتىمقى يىغىنغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ئەندىشە قىلغانلىق ئىدى. گىتلېر يىغىندا چىرچىلنى «داڭلىقجەڭگاھ مۇخ-

بىرى» ، «كۆرۈك بولۇپ قالغان قېرى مېكىيان» دەپ مەسخىرە قىلدى. ئاخىر ئۇنىڭ گېرمانىيە خەلقى كۆڭلىدە ئەڭ كۆپ ئويلايدىغان، ئەنگلىيىگە قاچان ھۇجۇم قىلىش، بېرلىن ۋە باشقا گېرمانىيە شەھەرلىرى ئۇچرىغان كېچىلىك ھۇجۇمغا قانداق ھەرىكەت قوللىنىش كېرەك، دېگەن ئىككى مەسىلىگە جاۋاب بېرىشكە توغرا كەلدى. 1-مەسىلىگە ئۇ قۇۋلۇق بىلەن: «ئەنگلىيىدە كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ھەيرانلىق بىلەن تولماقتا. ئۇلار ئىنتىزار بولۇپ ‹ئۇ نېمە ئۈچۈن كەلمەيدىغاندۇ؟› دەپ سوراشماقتا. ئالدىرىماڭلار، ئالدىرىماڭلار، ئۇ ھازىر كېلىدۇ، ھازىرلا كېلىدۇ!» دېدى. ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغۇچىلار بۇ چاقچاقنىڭ ناھايىتى كۈلكىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى، لېكىن ئۇلار بۇنىڭ قىلچە مۇجمەل بولمىغان كاپالەت ئىكەنلىكىگىمۇ ئىشىنەتتى.

بومباردىمان قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇ ئالدى بىلەن تېپىك يالغان گەپ ئويدۇرۇپ چىقاردى، ئاخىر قورقۇنچلۇق تەھلىكە سېلىپ: «چېرچىلنىڭ كېچىلىك ھاۋا ھۇجۇمىنى قىلىشى بۇ ھاۋا ھۇجۇمىنىڭ ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كۈندۈزى گېرمانىيە ئاسمىنىغا ئۇچۇپ كېلەلمىگەنلىكىدىن بولۇۋاتىدۇ . . . گېرمانىيە ئايروپىلانلىرى بولسا ھەر كۈنى ئەنگلىيە ئاسمىنىغا ئۇچۇپ بارماقتا. ئىنگلىزلار كىچىككىنە يورۇقنى كۆرۈپ قالسىلا بومبا تاشلاۋاتىدۇ . . . مەھەللىلەرگە، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ۋە يېزا-قىشلاقلارغا بومبا تاشلاۋاتىدۇ. بىز ئەمدى كېچىلىك ھۇجۇمغا كېچىلىك ھۇجۇم ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرىمىز. ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسى 2000 — 3000 كىلوگرام ياكى 4000 كىلوگرام بومبا تاشلىسا، بىز بىر كېچىدىلا 150 مىڭ كىلوگرام، 230 مىڭ كىلوگرام، 300 مىڭ كىلوگرام ياكى 400 مىڭ كىلوگرام بومبا تاشلايمىز»

دېدى. گىتلېر سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، لوندون ۋە ئەنگلىيىنىڭ بەزى شەھەرلىرىنى تۈزلىۋېتىمەن! دەپ قەسەم قىلدى ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «هامان بىر كۈنى ئەنگلىيە دۆلەتنىڭ بىرى يەنە بىرىگە يالۋۇرىدۇ، لېكىن يالۋۇرىدىغىنى ھەرگىز دۆلەت سوتسىيالىزمى گېرمانىيىسى بولمايدۇ!» دېدى. بۇ چاغدا ئەسەبىيلەشكەن ناتسىست ئاڭلىغۇچىلار چۇقانلىرىنى توختىتىپ: «ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ! ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ!» دەپ توۋلاپ كېتىشتى.

گىتلېر لوندون ۋە باشقا ھەربىي ئەسلىھەلەرنى بومباردىمان قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن، يەنى 11-ئاۋغۇست، چېرچىل ئەنگلىيە خەلقىگە رادىئو نۇتقى سۆزلەپ، ئارمىيە ۋە خەلقنى دۈشمەننىڭ ھاۋا ھۇجۇمىنى تارمار قىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ دېڭىزدىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە ھوشيار بولۇشقا چاقىردى. بۇ قېيسەر ئىرادىلىك ئەنگلىيە باش ۋەزىرى مۇنداق دېدى:

«ھەر كۈنى ھاۋارايى ياخشى چاغدا، گېرمانىيىنىڭ 300 — 400 دەك بومباردىمانچى ئايروپىلانى ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ ھىمايىسىدە بىزنىڭ بۇ ئارىلىمىزغا، بولۇپمۇ كېنت دېڭىز تۇمشۇقىغا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، كۈندۈزلىرى ھەربىي نىشان ھەمدە باشقا نىشانلارغا زەربە بەرمەكچى، بىزنىڭ پايتەختىمىزنى ۋەيران قىلمۇەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. لېكىن، ئۇلار بىزنىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانى ئوتتۇرا ئەترىتىمىزنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، ھەر قېتىم دېگۈدەك بىتچىت قىلىندى. ئۇلارنىڭ تارتقان زىيىنىنى بىز تەرەپنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئايروپىلان 1/3 گە، لېيوتچىك 1/6 گە توغرا كېلىدۇ.

نېمىسلارنىڭ ئەنگلىيە ھاۋا بوشلۇقىدا كۈندۈزى ھاۋادا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ئەلۋەتتە پۈتكۈل ئۇرۇشنى ھەل

قىلىدىغان ئاچقۇچ. شۇ نەرسە ئېنىقكى، ھازىرغىچىلىك ئۇلارنىڭ بۇ تىرىشچانلىقلىرى مەغلۇپ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئىنتايىن يۇقىرى بەدەل تۆلىدى، ئەمما بىز ئىلگىرىكىدىن قۇدرەت تېپىۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلىۋاتىمىز، دەر ھەقىقەت، بۇ قېتىمقى شىددەتلىك جەڭ باشلانغان ئىيۇل ئېيىغا قارىغاندا ھازىر تېخىمۇ قۇدرەت تاپتۇق. شەك-شۈبھىسىزكى، گىتلېر ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى ئەترىتىنى ناھايىتى تېزلىكتە خورىتىۋاتىدۇ، ئەگەر بۇ ئەھۋال يەنە بىر نەچچە ھەپتە داۋام قىلىدىغان بولسا، ئۇ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ مۇھىم كۈچىنى خورىتىپ تۈگىتىدۇ، پۈتۈنلەي گۇمران قىلىۋېتىدۇ. بۇ بىزگە ئىنتايىن پايدىلىق.

باشقا بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، گىتلېر ھاۋادا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئىگىلىمىگەن ئەھۋالدا دۆلىتىمىزگە تاجاۋۇز قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئۇچىغا چىققان تەۋەككۈلچىلىك ھەرىكەت. شۇنداقتىمۇ ئۇ كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇزچىلىق قىلىشىنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ھېلىغىچە توختاتقىنى يوق. ئاپتوماتىك پروپېللېر ئورنىتىلغان بىر قانچە يۈز چاتما كېمىلەر ياۋروپانىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ، گېرمانىيە ۋە گوللاندىيە پورتلىرىدىن فرانسىيىنىڭ شىمالىدىكى پورتلارغا قاراپ يولغا چىقتى، ئۇلار دۇنكىركتىن ئۆتۈپ برېستقا، برېستتىن ئۆتۈپ بىسكاي قولتۇقىدىكى فرانسىيە پورتىغا قاراپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ئون ياكى ئوندىن كۆپرەك سودا كېمىلىرىدىن تەشكىللەنگەن كېمە ئەترىتى دوۋېر بوغۇزىدىن ئۆتۈپ ئەنگلىيە بوغۇزىغا كىردى، ئۇلار گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ فرانسىيە دېڭىز بويلىرىدا يېڭىدىن ياسىغان پوۋتەيلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، بۇ پورتتىن ئۇ پورتقا ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. ھازىر گېرمانىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە،

www.uyghurkitap.com

شۇنىڭدەك فرانسىيە پورتلىرىدا، خامبۇرگتىن بىرېستقىچە بولغان جايلاردا خېلى كۆپ ساندىكى پاراخوت-كېمىلەر توپلاندى. ئاخىر ئۇلار بىر قىسىم پاراخوتلارنى تەييارلاپ ئاڭقۇزچى قوشۇنلىرىنى نورۋېگىيە پورتىدىن توشۇماقچى بولۇۋاتىدۇ.

شۇڭا، بىز كېلەر ھەپتىنى ياكى كېلەر ھەپتىنىڭ ئالدى-كەينىنى دۆلىتىمىز تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم مەزگىل دەپ قارىشىمىز كېرەك. بۇ مەزگىلنى ئەينى يىللىرى ئىسپانىيىنىڭ يېڭىلمەس فلوتى ئەنگلىيە بوغۇزىغا قىستاپ كەلگەندە، دراكنىڭ① تۈگەش ئالدىدا تۇرغان ياغاچ باشلىق توپنى ئويناۋاتقان ۋاقتى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ، بۇ شۇنداقلا ئۇ مەزگىل نېلسوننىڭ بولوگنېدا بىز ئۈچۈن ناپولېئون ئارمىيىسىنى② توسۇپ تۇرغان ۋاقتىدىن قېلىشمايدۇ. بۇ ئىشلارنى تارىخ كىتابلىرىمىزدا ئوقۇغان، لېكىن نۆۋەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ كۆلىمى ئىنسانىيەت تۇرمۇشىغا ۋە كەلگۈسى ھەممە دۇنيا مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىدىن ئېيتقاندا، بۇرۇنقى قەھرىمانلىق كۈنلەر بىلەن ھەرگىز سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.»

گىتلېرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن 7-سېنتەبىر گۇگۇمدا، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى لوندوننى نۆۋەتلىشىپ كەڭ كۆلەمدە بومباردىمان قىلىشقا باشلىدى. شۇ كۈنى، ئېمىسلار 625

---

① دراك (1545 — 1596) — ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە قوماندانى. 1587-يىلى ئىسپانىيە پادىشاھى فىلىپ يېڭىلمەس فلوت تەشكىللەپ ئەنگلىيىگە ھۇجۇم قىلغاندا، دراك بۇيرۇقنا بىنائەن تۆرە خوۋارد نىڭ قوماندانلىقىدا ھۇجۇمغا ئۆتكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ شۇ چاغدا تۆرە خوۋارد بىلەن ياغاچ باشلىق توپ ئويۇنى ئويناۋاتقانىكەن. خوۋارد ئىسپانىيىنىڭ ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال جەڭگە ئاتلانماقچى بولغان، ئەمما دراك ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ: «ئالدىرىماڭ، بىزگە ۋاقىت يېتەرلىك، ئاۋۋال بۇ ئويۇننى تۈگىتەيلى، ئاندىن ئىسپانلارنى يوقاتساقمۇ ئۈلگىرىمىز» دېگەن.

② ناپولېئون بولوگنېدا زور قوشۇن توپلاپ ئەنگلىيىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان. ئەمما نېلسون باشچىلىقىدىكى فلوت ئەنگلىيە بوغۇزىنى قاتتىق قوغداپ دۈشمەننى كىرگۈزمىگەن. بۇ كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، 1805-يىلى 21-ئۆكتەبىر ترافالگار ئوپېراتسىيىسىگە ئۆزگەرگەن، ئاخىر فرانسىيە بىلەن ئىسپانىيە بىرلەشمە فلوتى ئەنگلىيە فلوتى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغان.

بومباردىمانچى ئايروپىلان ۋە 648 ئۇرۇش ئايروپىلانىنى ئىشقا سالدى. چۈشتىن كېيىن سائەت 5 لەر ئەتراپىدا 1- تۇركۇمدە 320 بومباردىمانچى ئايروپىلان گېرمانىيىنىڭ بارلىق ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا تېمزا دەرياسىنىڭ ئاسمىنىغا ئۇچۇپ بېرىپ، ۋۇلۋىچ ھەربىي قورال-ياراغ زاۋۇتى، كۆمۈر گازى زاۋۇتلىرى، ئېلېكتر ئىستانسىلىرى، ئىسكىلات، شۇنىڭدەك بىر نەچچە ئىنگلىز مىلىي ئۇزۇنلۇقتىكى پرىستانغا بومبا تاشلىدى. بۇ رايونلار شۇ ھامان ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى. سىلۋېر بازىرىدىكى ئاھالىلەر ئوتنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە قېلىپ، سۇ يولى بىلەن چېكىندۈرۈپ چىقىلدى. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن، سائەت 8 دىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە، 2- تۇركۇمدە 250 بومباردىمانچى ئايروپىلان يەنە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. ئارقىدىنلا ئايروپىلانلار تۇركۇم-تۇركۇملەپ كېلىپ، يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەن سائەت 4 تىن 30 مىنۇت ئۆتكەنگە قەدەر توختىماي بومباردىمان قىلدى. ئەتىسى ئاخشىمى سائەت 7 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە يەنە 200 بومباردىمانچى ئايروپىلان كېلىپ، پۈتۈن بىر كېچە داۋاملىق بومباردىمان قىلدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تارىخشۇناسلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، دەسلەپكى بۇ ئىككى كېچىدە تەخمىنەن 842 ئادەم ئۆلگەن، 2347 ئادەم يارىلانغان، بۇ چوڭ شەھەر غايەت زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، بىر ھەپتىگىچە ھەر كۈنى ئاخشىمى ھاۋا ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرغان.

مارشال گېرىنگ «غەلىبە» نىڭ ئىلھامى ئاستىدا، كېچىلىك بومباردىمان قىلىشقا قانائەت قىلماي، ئۇلۇغ ئوتتا كۆيۈۋاتقان بۇ پايتەختنى يەنە كۈندۈزىمۇ بومباردىمان قىلىپ تۈزلىۋېتىشنى قارار قىلدى. بۇ 15-سېنتەبىردىكى ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك ئۇرۇشقا ئېلىپ باردى. بۇ كۈنى چۈش ۋاقتىدا، گېرمانىيىنىڭ 200 بومباردىمانچى ئايروپىلانى ئۆزىدىن ئۈچ

www.uyghurkitap.com

ھەسسە ئارتۇق ئۇرۇش ئايروپىلانىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بوغۇز ئاسمىنىدا پەيدا بولۇپ، لوندونغا قاراپ ئۇچتى. ئەنگلىيىنىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانى قوماندانلىق شتابى ھۇجۇم قىلغۇچىلارنىڭ توپلىنىشىغا رادار ئېكرانىدىن نەزەر سېلىپ تۇردى ھەمدە تەييارلىنىپ تۇردى. گېرمانىيە ئايروپىلانلىرى ئەنگلىيىنىڭ پايتەختىگە يېقىنلىشىشتىن بۇرۇنلا توسۇلۇپ قالدى. بىر نەچچە ئايروپىلان ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، نۇرغۇن ئايروپىلانلار توسۇلۇپ قالدى. يەنە بىر قىسمى بومبا تاشلاشقا ئۈلگۈرمەيلا ئېتىپ چۈشۈرۈۋېتىلدى. ئىككى سائەتتىن كېيىن، گېرمانىيىنىڭ تېخىمۇ قۇدرەتلىك ئايروپىلان ئەترىتى كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىلدى. ئەنگلىيىنىڭ ئېلان قىلىشىچە، شۇ كۈنى گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 185 ئايروپىلانى ئېتىپ چۈشۈرۈلگەن، ئەنگلىيە خان ھاۋا ئارمىيىسى ئاران 26 ئايروپىلان چىقىم تارتقان.

15-سېنتەبىر، برىتانىيە ئوپېراتسىيىسىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى، خۇددى چېرچىلنىڭ كېيىنچە مۆلچەرلىگىنىدەك، برىتانىيە ئوپېراتسىيىسىنىڭ «ئاچقۇچى» ئىدى. گېرىنگ ئەتىسى تاكتىكىنى ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنى ئەمدى بومباردىمان قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەنگلىيە ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىغا بىرىلىدىغان يەمچۈك ئورنىدىلا ئىشلىتىشنى بەلگىلىدى. ئۇ، دۈشمەننىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى «تۆت - بەش كۈن ئىچىدە يوقىتىلىشى كېرەك» دەپ پو ئاتتى. لېكىن، گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيە شتابى ئۆزلىرىنىڭ جانجان مەنپەئىتى ۋە مەسئۇلىيىتىگە قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈپ، 10-سېنتەبىر «جەڭ كۈندىلىك خاتىرىسى» گە مۇنداق دەپ يازدى:

«ھازىر تېخىچە جەنۇبىي ئەنگلىيە ۋە بوغۇز رايونلىرىنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدا دۈشمەن ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ مەغلۇپ

بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئالامەت كۆرۈلمىدى. بۇ نۇقتا ۋەزىيەتكە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھۆكۈم قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم. ھاۋا ئارمىيىمىزنىڭ دەسلەپكى ھۇجۇمى دۈشمەن تەرەپ ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ مۇداپىئە كۈچىنى ھەقىقەتەن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن، شۇنىڭدىن باشلاپ گېرمانىيە ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى ئەنگلىيە رايونىدا ناھايىتى زور ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنىدى. ئەمما . . . بىز ھازىرغىچىلىك دېڭىز ئارمىيە شتابىنىڭ ئالىي قوماندانلىق شتابىغا كۆرسەتكەن تەۋەككۈلچىلىك ھۇجۇمىدا زۆرۈر بولىدىغان ئۇرۇش شەرتلىرىگە، يەنى بوغۇز رايونىدا مۇتلەق ھاۋا ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەپ تۇرىدىغان ۋە دۈشمەن ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسى، شۇنىڭدەك ياردەمچى پاراخوتلارنىڭ توپلىنىدىغان رايونلىرىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىكى ھەرىكەتلىرىنى يوقىتىدىغان يولىيورۇقلارغا ئېرىشەلمىدۇق . . . ئەگەر ھاۋا ئارمىيىمىز لوندونغا قاراتقان ھۇجۇمىنى ئازايتىپ، پورتسمۇت ۋە دوۋېر، شۇنىڭدەك ئۇرۇش رايونى دائىرىسىدە ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەربىي پورتلارغا قىلىدىغان ھۇجۇمىنى كۈچەيتىدىغان بولسا، مانا بۇ «دېڭىز شىرى» ئۇرۇش پىلانىنىڭ ئالدىن بەلگىلەنگەن چارە-تەدبىرلىرىگە ئۇيغۇن كەلگەن بولاتتى.»

بۇ چاغدا گىتلېر گېرىنگنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ، لوندونغا قىلىنغان كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە، دېڭىز ئارمىيە شتابى ئالىي قوماندانلىق شتابىغا ئۆز پىكرىنى قويۇشقا پېتىنالمايدۇ، دەپ قارايتتى. لېكىن، دېڭىز ئارمىيە شتابى ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قېلىپ، 12-سېنتەبىرگە كەلگەندە تۆۋەندىكىدەك قايغۇلۇق خۇلاسە چىقاردى:

«بۇ قېتىمقى ھاۋا ئۇرۇشى بىر خىل ‹مۇتلەق ھاۋا

ئۇرۇشى» تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، نۆۋەتتە دېڭىز ئۇرۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى نەزەرگە ئېلىنمىدى. ھەمدە «دېڭىز شىرى» ئۇرۇش پىلانى دائىرىسىدىن چىقىپ كەتتى. نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھاۋا ئۇرۇشى شەكلىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئاساسلىقى دېڭىز ئارمىيىسى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان «دېڭىز شىرى» ئۇرۇش پىلانىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە ياردىمى تەگمەيۋاتىدۇ. بولۇپمۇ بىز گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئەنگلىيە فلوتىنىڭ پاراخوتلىرىغا قىلغان بىرەر تۇيۇقسىز ھۇجۇمىنى كۆرمىدۇق. ئەنگلىيە پاراخوتلىرى قولتۇقلاردا دېگۈدەك توسالغۇسىز قاتناپ يۈرىدۇ، بۇ بىزنىڭ دېڭىز ترانسپورتىمىزغا ئىنتايىن خەتەرلىك. شۇڭا، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىدىن مۇداپىئەلىنىشتە ئاساسلىقى سۇ مىناسى رايونىنى بەرپا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، لېكىن بۇ ئالىي قوماندانلىق شتابى چۈشەندۈرگىنىدەك، سۇ مىناسى رايونىنى بەرپا قىلىش سۇ ترانسپورتىنى قوغداشنىڭ ئىشەنچلىك ۋاستىسى ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، ھازىرغىچىلىك شىددەتلىك ھاۋا ئۇرۇشىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىش ھەرىكىتىمىزگە پايدىسى بولمىدى، شۇڭا ئۇرۇش ۋە ھەربىي جەھەتتىن قارىغاندا، ھازىر قۇرۇقلۇققا چىقىش پىلانىنى ئىجرا قىلىشنى ئويلىنىشقا بولمايدۇ.»

لوندون 7-سىنتەبىردىن 3-نويابىرغىچە ئۇدا 57 كېچە تېررورلۇق تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. بۇ شەھەرنى ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 200 بومباردىمانچى ئايروپىلان بومباردىمان قىلىپ، غايەت زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئەنگلىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقى پارچىلانمىدى. ئەھۋال گىتلېر ئويلىغىنىنىڭ دەل ئەكسىچە بولدى. گېرمانىيە بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنىڭ 1-نىشانىدىن بىرى بولغان ئەنگلىيە ئايروپىلان زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 1940-يىلى، ئەمەلىيەتتە يەنىلا

نىمىسلارنىڭكىدىن كۆپ بولدى. سېلىشتۇرما سانى 8070 ئايروپىلانغا قارشى 9224 ئايروپىلان ئىدى. گىتلېر ئەنگلىيە ئاسمىنىدا زور مىقداردا بومباردىمانچى ئايروپىلان چىقىرىم تارتىپ، ئەسلىدىكى سانىنى زادىلا ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى.

گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ باشلىقلىرى، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ باش باھاردا نورۋېگىيە دېڭىزىدا ئېغىر زىيان تارتقاندىن بېرى، ئەنگلىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشنى دېڭىز ئۈستىدىكى كۈچ بىلەن تەمىن ئېتەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ كەلدى. بۇنداق كۈچ بولمىسا، ھاۋادىكى ئۈستۈنلۈك بولمىسا، بۇ تار بوغۇزدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈش گېرمانىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. ئۇرۇش پارتلىغاندىن بېرى، گىتلېرنىڭ ئالدى تۇنجى قېتىم توسۇلدى. ئۇنىڭ ئەنگلىيىنى بويسۇندۇرۇشتىكى «دېڭىز شىرى پىلانى» شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## يىگىرمىنچى باب

# «لوندون روھى»

گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى لوندوننى قاتتىق بومباردىمان قىلغان كۈنلەردە، پايتەختتە خەلقى خەۋپ ئالدىدا قىلچە قورقماسلىق روھىنى نامايان قىلدى. نېمىس فاشىستلىرىغا قارشى جان تىكىپ كۈرەش قىلىش كەيپىياتى پۈتۈن شەھەرنى قاپلىدى. كوچىلارغا چېرچىلنىڭ «ھاياتىمىزنى دۆلەتكە بېغىشلايلى، بىز كۈرەشكە قاتنىشىشىمىز، خىزمەتكە قاتنىشىشىمىز كېرەك، ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىدا مەھكەم تۇرۇشى لازىم» دېگەن مەشھۇر سۆزى يېزىلغان پلاكاتلار ئېسىلدى. بىر قىسىم ئىدارە - ئورگانلار، زاۋۇت-كارخانىلار ۋە مەكتەپلەرنىڭ دەرۋازىسىغا شېكىسپىرنىڭ «خۇدانىڭ پاناھىدىكى بۇ تۇپراق، بۇ قۇرۇقلۇق، بۇ دۆلەت، بۇ ئەنگلىيە بىزنىڭ مۇقەددەس ۋەتىنىمىز» دېگەن سۆزى يوغان خەتلىك قىلىپ يېزىلدى.

ئەمدى ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر مۇخبىرى روبېرسوننىڭ ئەينى يىللىرى يازغان خەۋىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

«دۈشەنبە كەچتە يەنە چاتاق بولدى، بۇ 9-سېنتەبىر كېچىسى ئىدى. شەنبە كۈنى ئېھتىمال ئەنگلىيە تارىخىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى لوندون خەلقىگە تۈگىمەس خۇدادىن ۋەھىي چۈشكەندەك بولدى. لوندوندىكى 6 مىليون خەلق تەۋرەنمەس ئىرادە بولغاندىلا دۈچ كەلگەن ھەر

قانداق مۇشكۇلات، توسالغۇلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. دۈشمەن ھاۋادىن شاۋقۇن پەيدا قىلىدىغان بومبا، كۈچلۈك پارتلايدىغان بومبا ۋە كۆيدۈرگۈچ بومبىلارنى يەنە بىر كېچە تاشلىدى، بۈگۈن مۇشۇنداق ئۈزۈلدۈرمەي بومباردىمان قىلىشنىڭ ئۈچىنچى كېچىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ كۆپچىلىك، سەيشەنبە كۈنى ئەتىگەندە دۈشەنبە كۈنى كەچ، يەكشەنبە كۈنى كەچتىكىدەك ئۈنچىلىك قورقۇنچلۇق بولمىغانلىقىنى، يەكشەنبە كۈنى كەچتىكى ئەھۋال شەنبە كۈنى كەچتىكىدەك يامان بولمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. تېررورلۇق ئۈنۈمىنىڭ بارا-بارا ئازىيىش قانۇنى كۆرۈلدى. مانا شۇ چاغدىن باشلاپ لوندون ئىشەنچكە ئىگە بولدى — لوندون دۈشمەن ھۇجۇملىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

دۈشەنبە، كۆپچىلىك ئىلگىرىكىدەكلا جىددىي ئىشلىمەكتە. كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن قىلچە ئۈمىدسىزلىك ئالامىتى كۆرۈنمەيدۇ. بۇ ھەپتە تاڭ ئېتىپ، كەچ كىرىپ دېگەندەك تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. باش ۋەزىر بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى زېنىت زەمبىرەكلىرىنى لوندونغا توپلىدى. كەچ كىرىشى بىلەنلا بۇ زېنىت زەمبىرەكلەر توختاۋسىز ئوت ئېچىشقا باشلايتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر كېچىدىلا 2 مىليون دوللارلىق زەمبىرەك ئوقى ئېتىلىدىكەن، شۇڭا لوندوندىكى بىنالارنىڭ ئۆگزىلىرى زەمبىرەك ئوقىنىڭ پارچىلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن. بۇ جاراڭلىق ئاۋاز قۇلاققا ئىنتايىن يېقىملىق ئاڭلىناتتى — بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان لوندونلۇقلارنىڭ جاسارىتى تېخىمۇ ئاشاتتى. لوندوننىڭ بىر ھەپتىسى يەنى 7-سېنتەبىردىن 14-سېنتەبىرگىچە بولغان ئارىلىق ئادەتتىكى ھەپتە ئەمەس ئىدى، كىشىلەر بۇ ھەپتىنى ئۆتكۈزمەك ئىنتايىن مۇشكۈل دەپ قارىغانىدى، ئەمما بۇ ھەپتە ئاخىر ئۆتۈپ كەتتى. لوندونمۇ

زەپەردەس قىياپەتتا قەد كۆتۈرۈپ تۇردى — چاقماق تېزلىكىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ ھەيۋىسى تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدەك ئۆزگىچىلىك قورقۇنچلۇق ئەمەس. بۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىن كېيىنمۇ لوندوندىكى ئېلېكتر چىراغلىرى بۇرۇنقىدەكلا چاراقلاپ يېنىپ تۇردى. ئاپتوبۇسلار ۋە يەر ئاستى پويىزلىرى يەنىلا راۋان قاتناپ تۇردى. . . باغچىلاردا رەڭگارەڭ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان، ترافالگار مەيدانى (لوندوننىڭ ئاۋات جايى) دا شوخ، مەردانە مۇزىكىلار ئاڭلىنىپ تۇردى. گاۋېتسا مۇھاپىزەتچى پولكىنىڭ ھەربىي ئوركېستىرى ھېچنېمىدىن قورقماسلىق روھىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن پات-پات كونسېرت ئۆتكۈزۈپ تۇردى. ساتىراشلار خېرىدارلارنىڭ چاچلىرىنى ياسىسا، كىرچى ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ئىشىنى قىلىۋەردى.

ھەممىلا يەردە بومبا ئورەكلىرى ۋە خارابىلىكلەر، گەرچە لوندون ئەزەلدىن مۇنداق جىددىي تۇرمۇش كەچۈرمىگەن بولسىمۇ، بۇ كۆلپەتلىك كۈنلەردە بىر خىل ئىشەنچكە ئىگە بولدى، ھەممىلا يەردە پىداكارلىق نامايان قىلىندى. ئادەتتىكى تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان 6 مىليون شەھەر ئاھالىسى دۇنيا مەدەنىيىتىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىپ، ئۇنى روناق تاپقۇزۇشى كېرەكلىكىنى تۇيۇقسىزلا چۈشىنىپ قالدى.

لوندون قورشاۋدا قالغان شەھەر تۇرمۇشىغا بارا-بارا كۆنۈپ قالدى. سانسىزلىغان كىشىلەر تۈرلۈك ئەپچىل چارە-ئۇسۇللارنى قوللىنىپ خىزمەت ئورۇنلىرىغا باردى. كۆپىنچە ئۇلار يولدا كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاپىرىپ قويۇشىنى تەلەپ قىلىشتى. پۈتۈن لوندون شەھىرىدە «ئادەتتىكىدەك تىجارەت قىلىمىز» دېگەن ۋېۋىسكىلارنى كۆرگىلى بولاتتى. مەيلى قانداقلا بولسۇن زاۋۇتلار ئىشتىن توختىمىدى، ئىشچىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان رېستوران، دۇكانلار تىجارەتنى توختاتمىدى . . . ئۇرۇش ھەقىقەتەن

ئومۇميۈزلۈك ئۆزگىرىش ياساندى، ھەربىر ئادەم ئۆزىنى خۇددى ئارمىيىنىڭ ئىچىدىكى بىر جەڭچىدەك ھېس قىلدى. تۈرلۈك ماللار شىركىتىدىكى كىيىم-كېچەك ساتىدىغان ئايال پرىكازچىكلار ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت ئۈچۈن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، باغچىدىكى زىننەت توپچىلاردىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. چىداملىق ۋە قەتئىي ئىرادە نامايان قىلىنغان ئىشلارنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولاتتى. . . لوندون ھەممە ئىشتا ئۆزىنىڭ ئاھالىسىگە تاياندى، لوندونلۇقلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى خۇشاللىق بىلەن ئۈستىگە ئالدى. . .

كېچە بولۇشى بىلەن تەڭلا ھاۋادىن دۈشمەن بومبىلىرى توختىماي چۈشۈشكە باشلايتتى. ئىنگلىزلارنىڭ روھى چۈشمىدى، بەلكى ئۇلار باشتىن-ئاخىر قىلچە تەۋرەنمىدى. سايىنت پائۇل چېركاۋى بومباردىمان قىلىنغان كۈنى ئۇلارنى زەن سېلىپ كۆزەتتىم. تۆمۈر رىشاتكىنىڭ سىرتىدا تۇرغان كىشىلەر جىمجىت ھالدا ئۆگزىدىكى بىر يوغان تۆشۈككە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتتىم. لوندونلۇقلار ئېيتقاندەك، ئۇلار لوندوننىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىشىگە رازىكى فرانسىيىلىكلەرگە ئوخشاش پارىژنى شەرمەندىلەرچە قوغداپ قېلىشنى خالىمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە لوندونلۇقلارنىڭ نەزىرىدە، پارىژ ئىلاھە چېركاۋى ئۆلگەن نەرسە — خورلۇققا ئۇچرىغان شەھەردىكى ئۆلۈك چېركاۋ بولۇپ قالدى. لوندون ماددىي شەھەر ئەمەس، ئۇ بىر مەنىۋى پايتەخت، دوكتور جونسون (18-ئەسىردە ياشىغان ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى نوپۇز ئىگىسى)، ۋىسلىي (19-ئەسىردە ياشىغان دىنشۇناس) ۋە شاۋېنلارنىڭ لوندونى. لوندون ھازىر لوندونلۇقلارنىڭ مەنىۋىيىتى ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ». . .

نېمىسلار لوندوننى ئۇدا 57 كېچە-كۈندۈز بومباردىمان قىلدى. بۇ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ شەھەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر قېتىملىق قاتتىق سىناق ئىدى. بۇنچىلىك چوڭ كۆلەمدىكى ئولتۇراق رايون ھېچقاچان بۇنداق دەھشەتلىك بومباردىمان قىلىنمىغان، بۇنچىلىك كۆپ ئائىلە بومباردىمانچىلىق پەيدا قىلغان قىيىنچىلىق ۋە تېررورلۇققا ھېچقاچان دۇچ كەلمىگەنىدى. چېرچىل: «نېمىسلارنىڭ بىرىنچى مەقسىتى، بىزنىڭ ھاۋادىكى كۈچىمىزنى بىتچىت قىلىۋېتىش، ئىككىنچى مەقسىتى، لوندونلۇقلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى يىمىرىپ تاشلاش ياكى ھېچبولمىغاندا، دۇنيادىكى بۇ ئەڭ چوڭ شەھەرنى ئادەم تۇرغۇسىز ھالەتكە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. لېكىن، دۈشمەنلەر بۇ مەقسەتلىرىنىڭ بىرەرسىگىمۇ يېتەلمىدى. بىزنىڭ لىيوتچىكلىرىمىزنىڭ ئاجايىپ يۇقىرى تېخنىكىسى ۋە قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىشى، ئايروپىلانلىرىمىزنىڭ يۇقىرى ئىقتىدارى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ زىچ تەشكىللىنىشى نەتىجىسىدە، خان ھاۋا ئارمىيىمىز شانلىق غەلىبىگە ئېرىشتى. مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئاددىي خەلق خىلمۇ خىل بولغان ناھايىتى ئېسىل، برىتانىيىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان گۈزەل ئەخلاق-پەزىلىتىنى نامايان قىلدى. ئۇلار زوراۋانلىقتىن قورقماسلىقتەك قەھرىمانلىق روھى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا قەھرىمان خەلقنىڭ يېڭىلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويىدى» دېدى.

لوندون 7-سېنتەبىردىن 3-نويابىرغىچە ھەر كۈنى كەچتە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن گېرمانىيىنىڭ 200 بومباردىمانچى ئايروپىلانىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇردى. شۇ چاغدا، پايتەختنىڭ مۇداپىئە كۈچى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، شەھەر بويىچە ئاران 92 زېنىت زەمبىرەك بار ئىدى. كېچىلىك ئۇرۇش ئايروپىلان ئەترىتىدىكى ئالتە ئوتتۇرا ئەترەتتە «بېرمىنگھام» ۋە

«قورقماس» ناملىق ئايروپىلانلار بار ئىدى. ئۇلار كىچىلىك جەڭدە تولۇق پىشىپ-يېتىلمىگەن بولۇپ، دۈشمەننىمۇ ناھايىتى ئاز چىقىمغا ئۇچرىتاتتى. شۇڭا زېنىت زەمبىرەك قىسىملىرى ئۇلا ئۇچ كېچە ئوق ئاتمىغانىدى. چېرچىل كېچىلىك ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى ۋە ھەل بولمىغان بىر قىسىم مەسىلىلەرنى نەزەرگە ئېلىپ، زېنىت زەمبىرەكچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى تېخنىكىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزلىرى كۆرەلمىگەن نىشانلارغىمۇ دادىل ئوت ئېچىشنى قارار قىلدى. ھاۋا مۇداپىئە زەمبىرەك ئەترىتىنىڭ قوماندانى گېنېرال پىلې شەھەرلەردىكى بارلىق زېنىت زەمبىرەكلەرنى ياندۇرۇپ كەلدى ۋە لوندوندىكى زېنىت زەمبىرەكلەرنىڭ سانىنى 48 سائەت ئىچىدىلا بىر ھەسسىدىن ئوشۇق كۆپەيتتى، شۇنداق قىلىپ ئۆزىنىڭ ئايروپىلانلىرىنى جەڭدىن قاچۇردى، ئەمدى زېنىت زەمبىرەكچىلەرنىڭ ئۆز كارامەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان پۇرسەت يېتىپ كەلدى.

لوندون ئاھالىسى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرى ۋە ھاۋادىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۆڭكۈرلىرىگە كىرىۋېلىپ، دۈشمەننىڭ ھاۋا ھۇجۇمىغا قارشىلىق كۆرسەتمىگەن ھالدا ئۇچ كېچىنى چىداپ ئۆتكۈزدى. تۇيۇقسىز 10-سېنتەبىر، پۈتكۈل ھاۋا مۇداپىئە ئوت تورى ئىشقا چۈشتى، ئارقىدىنلا كۈچلۈك پروژېكتور نۇرى لوندون بوشلۇقىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتتى. گۈلدۈرلىگەن زەمبىرەك ئاۋازى دۈشمەننى گانچە چىقىمغا ئۇچراتمىغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر ئارىسىدا ئاجايىپ كۆتۈرەڭگۈ روھ پەيدا قىلدى. ھەربىر ئادەم شاد-خۇراملىقتا چۈمۈپ، ئۆز قوشۇنلىرىمىز قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتۇپتۇ، دەپ قارىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ زېنىت زەمبىرەك ئەترىتى داۋاملىق ئوت ئېچىپ، نىشانغا تەگكۈزۈش تېخنىكىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئايروپىلانلارنى ئېتىپ

چۈشۈرۈش سانىمۇ پەيدىنپەي كۆپەيدى. دەسلەپ بىر نەچچە ئايروپىلاندىن بىر قانچە ئون ئايروپىلانتى، ئاخىر بىرنەچچە يۈزدىن ئوشۇق ئايروپىلاننى ئىبتىپ چۈشۈرۈش دەرىجىسىگە يەتتى؛ كىچىلىك ئۇرۇشتا ئايروپىلانلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش ساپاسىمۇ ناھايىتــــى زور دەرىجــــدە ئۆسۈپ، پايتەختنــــى قوغداش بۇركۇتلىرىگە ئايلاندى. ئۇلار ئاجايىپ قەھرىمانلىق قىلىپ، بەس-بەستە خىزمەت كۆرسەتتى. ئايروپىلان ئىشلەپ چىقىرىش ۋەزىرى تۆرە بىئاۋىربىروئوكنىــــڭ ئوغلــــى ماكس ئايتكېن ئارقا-ئارقىدىن دۈشمەن ئايروپىلانىدىن ئالتىنــــى ئىبتىــــپ چۈشۈردى. بىر ئاۋىئاتسىيە ئەزاسى ۋەدىنامىسىگە: «مەن تىرىك تۇرۇپ ھىچقانداق نەتىجە كۆرســــتەلمــــىدىم، لېكىــــن قەدىر-قىممەتلىــــك ئۆلۈشكە بەل باغلايمەن، مەن قەھرىمان بولۇشنى خالىمايمەن، ئەمما ئەزىمەتلەردەك ئۆلۈپ كېتىشكە رازىمەن!» دەپ يازدى. دۆلەتكە ياخشىلىق قىلىش، جانپىدالىق كۆرستىش روھى پۈتۈن ئەنگلىيىنى قاپلىدى.

بومباردىمان قىلىش يېڭى باشلانغاندا، كىشىلەر بۇنىڭغا ئۆنچىلىك پەرۋا قىلىپمۇ كەتمىدى. لوندوننىــــڭ غەربىــــي رايونىدىكى كىشىلەر بۇرۇنقىدەكلا خىزمەتكە چىقىپ، كۆڭۈل ئىچىپ، تاماق يەپ ۋە كەچتە ئۇخلاپ كۈنلىرىنى بىر خىلدا ئۆتكۈزدى. تىياتىرخانىلار دائىم ئادەم بىلەن لــــق توشۇپ تۇردى، چىراغلار ئۆچۈرۈلگەن كوچىلارنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئىككىدىن-ئۈچتىن توپلىشىپ تۇرغان ئادەملەرنى كۆرگىلــــى بولاتتى. مانا بۇ پارتىزدىكى مەغلۇبىيەتچىلىك بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ئىدى. بىر قېتىم دۈشمەن ھاۋادىن ئۈزۈلدۈرمەي دەھشەتلىك ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا، چېرچىل ۋە ئۇنىڭ بىر قانچە ئىشداشلىرى كەچلىك تاماق يەۋاتاتتى. بۇ چاغدا سىدونۇۋنى بىناسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى باغچىنىڭ بىر قانچە چوڭ دېرىزىسى پۈتۈنلەي ئوچۇق بولۇپ، باغچىدىكى ئىتىلىۋاتقان زىنىــــت

زەمبىرەكلەرنىڭ ئىستوۋۇلىدىن چىققان ئوت يالقۇنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە پات-پات پارتلىغان بومبىلارنىڭ شولىسىدىن ئەتراپ كۈندۈزدەك يورۇپ كېتەتتى. تاماقتىن كېيىن چېرچىل ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى ئىمپېرىيە خىمىيە شىركىتىنىڭ بىناسىغا قاراپ ماڭدى. تاشتىن قوپۇرۇلغان ئېگىز بالكوندىن گۈزەل دەريا مەنزىرىسى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. جەنۇبىي قىرغاقتىكى بىر قانچە جايدا ئوت كۆيۈۋاتاتتى، ئۇلار شۇ تەرەپكە قاراپ تۇرغاندا، ئېغىر تىپتىكى بىر قانچە بومبا چۈشتى، بىر بومبا ئۇلارغا يېقىنلا جايدا پارتلىدى، باشقىلار چېرچىلنى دەرھال تارتىپ مۇستەھكەم بىر تاش تۈۋرۈكنىڭ كەينىگە ئۆتتۈۋالدى، ئارقىدىنلار ئاق زالنىڭ ئەتراپىدىكى ھۆكۈمەت بىنالىرى يەنە ھۇجۇمغا ئۇچراپ، بەزىلىرى لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى، بەزىلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ئەسلى كابىنېت ئىشخانىسى سىدولىمىنغا يېقىن بىر جايغا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ساينت جامېستىكى يېڭى ئىشخانا بىناسىدىن يىراق ئىدى. بۇ يېڭى بىنانىڭ ئاستىدا ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش بۆلۈمى ۋە بىر نەچچە ئېغىز ئوقتىن ساقلىنىش ئۆيى بار ئىدى. ئۇرۇش مەزگىلىدە چېرچىل مۇتلەق كۆپ ۋاقتىنى چىقىرىپ مۇشۇ جايدا ئىشلىدى ۋە ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلدى.

بىر كۈنى كەچتە، يەنى 14-ئۆكتەبىر كېچىدىكى ئەھۋال چېرچىلنىڭ كاللىسىدا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. ئادەتتىكىدەك كېچىلىك ھاۋا ھۇجۇمى باشلانغاندىن كېيىن، چېرچىل ۋە دائىم بىللە يۈرىدىغان شتاب ئوفىتسېرى يېڭى بىنانىڭ يۇمىلاق بالىخانىسىغا چىقتى. شۇ كۈنى كېچىسى ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، لوندوننىڭ ناھايىتى يىراق جايلىرىنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، پالمال كوچىسىنىڭ كۆپ جايلىرىغا ئوت كەتكەندەك ئىدى. ساينت جامېس كوچىسى

ۋە پىكىدرى كوچىلىرىدا ئوت گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتاتتى. ئالدى تەرەپتە — دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىدىن يىراقراق بولغان بىر مۇنچە جايلاردىمۇ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. لېكىن پالمال كوچىسى ھەقىقەتەن ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ھاۋا ھۇجۇمى بارا - بارا توختىدى، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي تىرېۋوگانى بىكار قىلىش گۇدۇك ئاۋازى ياڭرىدى. يەنە ئۇ يەر - بۇ يەردە ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى. چېرچىل ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى دائىم توپلىشىدىغان كۇلۇبنىڭ پارتلىتىۋېتىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال خارابىلىكنى كۆزدىن كەچۈردى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆيلەردىكى 250 تىن كۆپرەك ئادەم توپا-چاڭ، خىش پارچىلىرى ۋە قويۇق ئىسلار ئىچىدىن ئۆمىلەپ چىققانىدى. بۇ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىش ئىدى، نۇرغۇن ئادەم يارىلانغان بولسىمۇ، ئەمما بىرمۇ ئادەم ئۆلمىگەنىدى. بۇ ئەھۋاللار كابىنېتقا يەتكەندە ۋەزىرلەر چاقچاق قىلىپ: «ئاۋاستىن ئاۋاستىنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ قاپتۇ!» دېيىشتى. كۆپىنچە خوگ ئەپەندى ئانئىسنىڭ[1] تروئىنىڭ خارابىلىكىدىن پاتېرل ئانچىسېنى يۈدۈپ چىققىنىدەك، باش سوتچى بولغان دادىسىنى كۇلۇبنىڭ خارابىلىكىدىن يۈدۈپ چىققانىدى. شۇ قېتىمقى ھاۋا ھۇجۇمى نۇرغۇن قۇرۇلۇشلارنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 500 گە يەتمىدى، ئاران بىرەر - ئىككى مىڭدەك ئادەم يارىلاندى.

بىر كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، چېرچىل مالىيە ۋەزىرى كىنسلېي بىلەن ھۆكۈمەت ئىشى توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا، تېمزا دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى

---

① ئانئىس، ۋېرگىل يازغان «ئانئىسنىڭ سەرگۈزەشتى» ناملىق داستاندىكى قەھرىمان. ئۇ ئانچىسېنىڭ ئوغلى. تروئى قولدىن كەتكەندىن كېيىن، ياشىنىپ قالغان دادىسىنى يۈدۈپ چىقىپ، قالايمىقانچىلىق ۋە ئالدىراشچىلىقتا ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى يىتتۈرۈپ قويغان.

لوندوننىڭ جەنۇبىي رايونىدا قاتتىق پارتلاش ئاۋازىنى ئاڭلىدى. باش ۋەزىر بىلەن مالىيە ۋەزىرى دەرھال پارتلاش يۈز بەرگەن جايغا باردى. پىكخامغا چۈشكىنى ناھايىتى چوڭ بومبا بولۇپ، ئۈچ قەۋەتلىك 20 — 30 دەك بىنا، يەنى كىچىكرەك ئولتۇراق رايوننى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتكەن ياكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقانىدى. ئاھالىلەر باش ۋەزىرنىڭ ماشىنىسىنى تونۇپ، تەرەپ-تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىشتى، بىردەمدىلا 1000 دىن ئارتۇق ئادەم يىغىلدى. ئۇلارنىڭ روھى ئىنتايىن كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۇلار چېرچىلنى ئورىۋېلىپ، بىر تەرەپتىن ئالقىش ياڭراتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن چېرچىل قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۆزىنى بېسىۋالالماي كۆزلىرىگە ياش ئالدى. شۇ چاغدا باش ۋەزىر بىلەن بىللە كەلگەن ئىسماي خاتىرىسىگە مۇنداق يازىدۇ: «مەن بىر موماينىڭ ‹قاراڭلار، باش ۋەزىر بىزگە ھەقىقەتەن كۆڭۈل بۆلىدىكەن، ئۇ يىغلاۋاتىدۇ!› دېگەنلىكىنى، چېرچىلنىڭ: ‹بۇ مېنىڭ ھەسرەتلىك كۆز يېشىم ئەمەس، بەلكى خۇشاللىق ۋە سىلەرگە بولغان قايىللىق كۆز يېشىم› دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.»

ئاپەتكە ئۇچرىغان ئامما چېرچىلنى باشلاپ خارابىلىكنىڭ مەركىزىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇلار كەڭلىكى تەخمىنەن 40 يارد، چوڭقۇرلۇقى 20 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان ئاجايىپ چوڭ بومبا ئازگىلىنى كۆردى. ئورەككە يېقىن بىر جايدا، بومبا زەربىسىدىن قىڭغىيىپ كەتكەن كىچىك بىر ھاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئورنىدىن بىر ياش، ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە ئۇنىڭ ئۈچ بالىسى چىقىپ باش ۋەزىر ۋە ۋەزىرلەرنى قارشى ئالدى. ئۇلار ئازراقمۇ يارىلانمىغان، ئەمما قاتتىق پارتلاشتىن قورقۇپ كەتكەنىدى. ئۇلاردىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى بىر ئاشخانا

بومباردىماندا بىر دۆۋە توپا-كېسەككە ئايلىنىپ كەتكەن، ئاشخانا خوجايىنى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ يۈز-كۆزى ياش يۇقى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيى نەدە؟ ئۇلار ئەمدى نېمىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ؟ بۇ دەل ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ئادەمنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان ۋاقىت ئىدى. چېرچىل مالىيە ۋەزىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى، ئارقىدىنلا دۈشمەننىڭ بومباردىمان قىلىشىدا كۆرۈلگەن بارلىق زىياننى دۆلەت ئۈستىگە ئالىدۇ، ھۆكۈمەت زىياننىڭ ھەممىسىنى دەرھال تۆلەپ بېرىدۇ، دېگەن پرىنسىپاللىق قارار چىقاردى. شۇنداق قىلىپ، زىيان ئۆيى ياكى دۇكانلىرى بومباردىماندا ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەن كىشىلەرنىڭ زىممىسىگىلا چۈشمەيدىغان، بەلكى بۇ زىياننى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تەڭ ئۈستىگە ئالىدىغان بولدى. ھۆكۈمەت مۇشۇ ئىدىيە ئاساسىدا بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇرۇش سۇغۇرتا لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى، بۇ لايىھە پۈتۈن خەلقنى گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

چېرچىل 1940-يىل 5-سېنتەبىر، پارلامېنتتا بۇ لايىھىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

«مەن ئىچكىرى جايلارنى چارلاپ يۈرۈپ، بىر ئەنگلىيىلىكنىڭ ئولتۇراق ئۆيى ياكى دۇكىنىنىڭ دۈشمەن ئايروپىلانىنىڭ بومباردىمان قىلىشى بىلەن ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ يۈكنى كۆپچىلىكنىڭ تەڭ ئۈستىگە ئېلىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم ۋە بىزنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ھۇزۇر-ھالاۋەتتىمۇ، جاپا-مۇشەققەتتىمۇ بىللە بولۇۋاتقان چاغلىرىمىزدا بۇ ئىشنى ئويلاپ قاتتىق ئازابلاندىم. دۈشمەننىڭ ھەربىي ھەرىكىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيان باشقا ھەر قانداق زىيانغا ئوخشىمايدۇ، چۈنكى دۆلەتنىڭ ئۆز پۇقرالىرى ۋە باج

تاپشۇرغۇچىلارنىڭ مال-مۈلكى ھەم ھاياتىنى قوغداپ، سىرتنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراتماسلىق مەجبۇرىيىتى بار. جامائەتچىلىك بىلەن پارلامېنت تەكشۈرسىلا دۈشمەننىڭ بومباردىمان قىلىشىدىن پەيدا بولغان زىيان باشقا ھەر قانداق شەكىلدىكى ئۇرۇش زىيىنىدىن پەرقلىنىدۇ، بومبا ۋە زەمبىرەك ئوقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۇرۇش زىيىنى بىلەن باشقا شەكىلدىكى زىيان ئوتتۇرىسىدا ئېنىق بىر پەرق بولمىسىلا، بىز بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلالمايمىز. ئۇنداق بولمىسا، بىز چېكى يوق بىر يوچۇق بەرگەن بولىمىز. لېكىن، بومبا ياكى زەمبىرەك ئوقى دەستىدىن ئۇرۇش زىيىنى تارتقان ھەر بىر ئادەمگە تولۇق ياكى ھېچبولمىغاندا ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە سۇغۇرتا بېرەلىسەك، مېنىڭچە، بۇ ئىنتايىن روشەن بىر نامايەندە بولاتتى. بۇ بىزنىڭ ئىشەنچكە ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى، بىر قىسىم تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن مۇشۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئۇرۇشتىن ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىقىمىزنى تولۇق ئاساس بىلەن يۈرەكلىك ھالدا ئېيتالايدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.»

1940-يىلى دەل ئىنگلىزلار، بولۇپمۇ شەرەپلىك ئورۇنغا ئىگە لوندونلۇقلارنىڭ ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن پەيتلىرى بولدى. ئۇلار ئىشلاردا ھەم كەسكىن، ھەم جانلىق بولۇپ، خىزمەتلەرنى بېرىلىپ ئىجتىھات بىلەن ئىشلىدى ۋە قەلبى ئۆزلىرىنىڭ باش ئەگدۈرگىلى بولمايدىغان خەلق ئىكەنلىكىگە بولغان قەتئىي ئىشەنچ بىلەن تولدى، ئۇلار تېررورلۇققا، قاتتىق ئەنسىزچىلىككە ۋە خىلمۇ خىل زەربىلەر بىلەن تولغان، ئىلگىرى بېشىدىن كەچۈرمىگەن يېڭى تۇرمۇشقا ماسلاشتى. ئۇلار ئازاب-ئوقۇبەتكە يەتكۈچە بەرداشلىق بەردى.

سېنتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، دۈشمەن لوندون ھەمدە ئۇنىڭ ئەتراپىغا بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرى ئىنتايىن زور

بولغان بىر خىل يېڭى هاۋا هۇجۇمى ئۇسۇلىنى قوللاندى. ئۇلار ھەممىلا پەرگە بەلگىلىك مۇددەتتە پارتلايدىغان بومبا تاشلاپ، تۇرلۇك خىزمەتلەرگە ناھايىتى چوڭ ئاۋارىگەرچىلىك كەلتۇردى. تۆمۈر يول لىنىيىسىنىڭ ئۈزۈن بۆلەكلىرىدە، مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىدە، مۇھىم زاۋۇت ۋە ئايرودروملارغا بارىدىغان يوللاردا، چوڭ مەركىزىي كوچىلاردا تالاي قېتىم قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى. شۇڭا، بۇ بومبىلارنى كولاپ چىقىرىۋېلىپ، پارتلىتىۋېتىش ياكى ئۇلارنىڭ كۈچىنى يوق قىلىۋېتىش شۇ چاغدىكى ئەڭ جىددىي، ئەڭ خەتەرلىك خىزمەت بولۇپ قالغاندى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر شەھەر، ھەربىر يېزا، ھەربىر رايوندا مەخسۇس ئەترەتلەر قۇرۇلدى. پىدائىيلار ھاياتىنىڭ خەۋپكە قارىماي بەس-بەستە بۇ خىزمەتكە قاتناشتى. گراف سۇففولك تەشكىللىگەن ئۈچ كىشىلىك گورۇپپا — ئۇنىڭ خوسۇسىي ئايال كاتىپى ۋە ياشىنىپ قالغان شوپۇرى ئۆزلىرىنى «ئۈچ بىرلىك» دەپ ئاتىدى. ئۇلارنىڭ نەمۇنىلىك ئىش ئىزلىرى پۈتۈن لوندونغا، پۈتۈن مەملىكەتكە تارالدى. ئۇلار قەيەردە خەتەر بولسا شۇ يەرگە بېرىپ، 34 دانە قەرەللىك مۇددەتتە پارتلايدىغان بومبىنى كولاپ ئالدى، بۇ جەرياندا ئۇلاردا قىلچە قورقۇش ئالامىتى كۆرۈلمىدى، چىرايلىرىدا كۈلكە يېغىپ تۇرغان، شۇنچىلىك ئازادىلىك بىلەن ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى. لېكىن 35-قەرەللىك مۇددەتتە پارتلايدىغان بومبىنى كولاپ ئېلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز پارتلاش يۈز بېرىپ، ئۈچەيلەن قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى.

ئۆكتەبىر كىرىشى بىلەنلا، هاۋا سوۋۇپ، جۇدۇن بولۇشقا باشلىدى، ئەمما لوندون هايات-ماماتلىق ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ئالاھىدە يېڭى مۇھىتقا ھەر ھالدا كۆنۈپ قالغانىدى. مانا مۇشۇنداق چاغدا، دۇشمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ هاۋا هۇجۇمى ئۇسۇلىنى يەنە ئۆزگەرتتى. هازىرغىچىلىك ئۇلار هاۋا هۇجۇمىدا

كۆپىنچە كۇچلۇك پارتلايدىغان بومبىلارنى ئىشلەتتى، لېكىن 15-ئۆكتەبىر كۈنى كەچتە، گېرمانىيىنىڭ 480 ئايروپىلانى لوندونغا كۈچلۈك پارتلايدىغان بومبىدىن 386 توننا تاشلىغاندىن سىرت، كۆيدۈرگۈچ بومبىدىنمۇ 70 مىڭنى تاشلىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ھۆكۈمەت پايتەخت ئاھالىلىرىنى يوشۇرۇنۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلغان ھەمدە مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەلىرىنى مۇمكىنقەدەر ياخشىلىغانىدى. لېكىن، ھازىر «يەر ئاستى ئۆيىگە چۈشۈش» نى «ئۆگزىگە چىقىش» قا ئۆزگەرتمەي بولمىدى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن مەملىكەت بىخەتەرلىكى ۋەزىرى بىرەر چارە-ئۇسۇل بەلگىلەپ چىقىشى كېرەك ئىدى.

لوندوننى ئۆز ئىچىگە ئالغان، كۆلىمى ناھايىتى چوڭ ئوت ئاپىتىدىن ساقلىنىشنى كۆزىتىش قاراۋۇللىرى ۋە ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى ناھايىتى تېزلا قۇرۇلدى. دەسلەپ، كىشىلەر ئوت ئاپىتىدىن ساقلىنىشنى كۆزىتىشكە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قاتناشتى. لېكىن، كېرەكلىك ئادەملەرنىڭ سانى شۇنچىلىك كۆپ ئىدى. ھەر بىر ئادەم بۇ خىزمەتنى نۆۋەت بىلەن ئۈستىگە ئېلىشنى كۈچلۈك ھېس قىلغاچقا، ئوت ئاپىتىدىن ساقلىنىشنى كۆزىتىش خىزمىتى ئۆزۈنىغا بارماي بىر تۈرلۈك مەجبۇرىيەتكە ئايلاندى. بۇ خىزمەت ھەر قايسى تەبىقىدىكى كىشىلەرگە ئىلھام بېرىش رولىنى ئوينىدى. ھۆكۈمەت ئوت ئاپىتىدىن ساقلىنىشنى كۆزىتىش قاراۋۇللىرىغا دۈشمەن ئىشلەتكەن ھەر خىل تىپتىكى كۆيدۈرگۈچ بومبىلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن كۆپلەپ كۇرس ئاچتى، بۇ كۇرستا ئوقۇغانلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇتەخەسسىسلەردىن بولۇپ چىقتى، ئۇلار بىر قانچە مىڭ دانە كۆيدۈرگۈچ بومبىنى تېخى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتمىگەن ھالىتىدىلا پاك-پاكىز بىر تەرەپ قىلىۋەتتى. كىشىلەر دۈشمەننىڭ بومباردىمان قىلىشىغا

قارنىماي كىچە-كىچىلەپ ئۆگزىلەردە تۇردى. باشلىرىدا كاسكادىن باشقا قوغدىنىش ئەسلىھەلىرى يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار بۇ شارائىتقا كۆنۈپ قالدى.

ۋەزىر موررىزون كۆرەشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، 1400 دىن كۆپرەك ئورۇندىكى ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، مەملىكەتلىك ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتى قىلىشنى قارار قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاھالىلەر تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن چوڭ ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئەزالىرى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا مەشىق قىلاتتى ۋە خىزمەت ئىشلەيتتى. بۇ خەلق ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى ئۆگزىلەردىكى كۆزىتىش قاراۋۇللىرىغا ئوخشاش دەسلەپ ئۆز ئىختىيارلىقى ئاساسىدا توپلانغانىدى. لېكىن، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، بۇ خىزمەت كۆپچىلىكنىڭ بىر خىل مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى ھەممە ئېتىراپ قىلدى. مەملىكەتلىك ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتىنىڭ ياخشى بىر تەرىپى، ئۇلار بىر قەدەر ھەرىكەتچان، بىرلىككە كەلگەن مەشىق ئۆلچىمى ۋە ئۇسكۈنىلەر ئۆلچىمى شارائىتىغا ئىگە ئىدى. بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغان ھامان نەق مەيدانغا بېرىپ، ھاۋادىن مۇداپىئە كۆرۈپ ئوت ئۆچۈرۈشنىڭ ئاساسلىق كۈچىگە ئايلىناتتى. موررىزون بۇ خىزمەتلەرنى ئىشلەش جەريانىدا رېئادىنگ خانىمنىڭ زور ياردەم بېرىشىگە ئېرىشتى. خانىم ھەر كۈنى كېچە-كۈندۈز دېگۈدەك ھاۋا مۇداپىئەسى ئاكوپىدىن كەتمەي، خەلق ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى تەشكىللىدى، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئاياللاردىن تەشكىللەنگەن ھاۋا مۇداپىئە پىدائىيلار ئەترىتى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

نويابىر كىرىشى بىلەنلا، ئەھۋالدا يەنە ئۆزگىرىش بولدى. 3-نويابىر كەچتە، لوندوندا ئىككى ئاي ئىچىدە ھەر ھالدا تۇنجى قېتىم تىرېۋوگا چېلىنمىدى، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ خىل

جىمجىتلىقتىن ھەيران بولدى. ئۇلار بىرەر ئىش بولغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. ئەتىسى كەچتە، دۈشمەننىڭ ھاۋا ھۇجۇمى بۇ ئارال دۆلىتىنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە كېڭەيدى. بۇنداق ھاۋا ھۇجۇمى بىر ھەپتە داۋام قىلدى. گېرمانىيە ئۆزىنىڭ ھاۋا ھۇجۇمى ئۇسۇلىنى يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتتى. ھازىر لوندون يەنىلا مۇھىم نىشان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن نېمىسلار ئاساسىي كۈچىنى ئەنگلىيىنىڭ سانائەت مەركىزىنى ۋەيران قىلىشقا قاراتتى. گېرمانىيە ئىلگىرى يېڭى شەكىلدىكى يول باشلاش ئۇسكۇنىسى ئورنىتىلغان ئالاھىدە بومباردىمانچى ئايروپىلان ئوتتۇرا ئەترىتىنى بەلگىلەنگەن مۇھىم جايلارغا ھۇجۇم قىلىشنى مەشىق قىلدۇرغانىدى. مەسىلەن، ئۇلار بىر ئوچقۇچىلار ئەترىتىنى مەخسۇس گلاسكو شەھىرىدىكى رولىس - روئېيس ئايروپىلان دۋىگاتېل ماتورى زاۋۇتىنى ۋەيران قىلىشنى مەشىق قىلدۇرۇپ، ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي ئىشلەپچىقىرىشى ۋە خەلق ئىشلەپچىقىرىشىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىش قەستىدە بولغانىدى.

بۇ خىل يېڭى بومباردىمان قىلىش ئىستراتېگىيىسى، 14-نويابىر كۈنى كەچتە، كوۋېنترى شەھىرىگە چاقماق تېزلىكىدە بومباردىمان قىلىشتىن باشلاندى. لوندوندىن ئىبارەت بۇ نىشان بەك چوڭ ۋە چېكى يوق بولغاچقا، ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك ئۇنۇمگە ئېرىشىش بەكمۇ تەسكە توختايتتى. ئاخىر گېرىنگ ئىمكانقەدەر ھەر قايسى شەھەرلەرنى ياكى ھەربىي قورال-ياراغ ئىشلەپ چىقىرىش مەركەزلىرىنى ئۈنۈملۈك بىتچىت قىلىۋەتمەكچى بولدى. ھاۋا ھۇجۇمى 14-نويابىر كۈنى كەچقۇرۇن باشلاندى، گېرمانىيىنىڭ 500 دەك ئايروپىلانى تاڭ ئاتقۇچە 600 توننا كۈچلۈك پارتلايدىغان بومبا ۋە بىر نەچچە مىڭ كۆيدۈرگۈچ بومبا تاشلىدى. قىسقىسى، بۇ ئەنگلىيە ئۇچرىغان بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرى ئەڭ چوڭ بىر قېتىملىق

ھاۋا ھۇجۇمى ئىدى. بومباردىماندا كوۋېنترى شەھەر مەركىزى رايونى قاتتىق ۋەيران قىلىنىۋېتىلدى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىلا بارلىق پائالىيەتلەر پۈتۈنلەي توختىدى، 400 ئادەم ئۆلدى، ناھايىتى كۆپ ئادەم ئېغىر يارىلاندى. گېرمانىيە رادىئو ئىستانسىسىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئەنگلىيىنىڭ باشقا شەھەرلىرىمۇ «كوۋېنترى شەھىرىگە ئوخشاش بومباردىمان قىلىنىدى». ئەھۋال شۇنداق ئېغىر بولسىمۇ، بارلىق مۇھىم بولغان ئايروپىلان دۋىگاتېل ماتورى زاۋۇتى ۋە ئىستانوك زاۋۇتلىرى ئىشتىن توختاپ قالمىدى، ئاھالىلەرنىڭ ھەربىي مەشىقلىرىمۇ داۋاملىق ئېلىپ بېرىلدى. جىددىي قۇرۇلۇش كومىتېتى بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە كوۋېنترىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئۆزگىچە نەتىجىلەرنى ياراتتى.

15-نويابىر كۈنى، دۈشمەن ئايدىڭ كېچىدىن پايدىلىنىپ، لوندونغا يەنە بىر قېتىم شىددەتلىك ھاۋا ھۇجۇمى قىلدى. بۇ قېتىمقى ھاۋا ھۇجۇمى ناھايىتى زور زىيان سالدى، بولۇپمۇ چېركاۋ، شۇنىڭدەك باشقا مەشھۇر ئاسار ئەتىقىلەر ۋەيران قىلىنىۋېتىلدى. ئىككىنچى نىشان بىرمىنگھام ئىدى، گېرمانىيە ئايروپىلانلىرى 19-نويابىردىن 22-نويابىرغىچە كەينى-كەينىدىن ئۈچ قېتىم ھاۋا ھۇجۇمى قىلىپ، شەھەرنى قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى، 800 گە يېقىن ئادەم ئۆلدى، 2 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم يارىدار بولدى، لېكىن بىرمىنگھام خەلقى تۇرمۇش ۋە روھىي جەھەتتە بۇ قېتىمقى سىناققا بەرداشلىق بەردى. بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن چېرچىل بۇ شەھەرگە كېلىپ زاۋۇت ۋە دۈشمەن بومباردىمان قىلغان جايلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، ئادەمنى ناھايىتى تەسىرلەندۈرىدىغان ئىش يۈز بەردى. بۇ دەل كەچلىك تاماق ۋاقتى ئىدى. بىر ئايال ئىشچى باش ۋەزىر ئولتۇرغان ماشىنىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، بىر قاپ سىگارتنى

ماشىنىنىڭ ئىچىگە تاشلاپ قويدى. چېرچىل شوپۇرىغا دەرھال ماشىنىنى توختىتىشقا بۇيرۇدى. ھېلىقى ئايال ئىشچى: «مەن بۇ ھەپتىدە ئىشلەپ چىقىرىشتا ئەڭ ياخشى نەتىجە قازانغانلىقىم ئۈچۈن مۇكاپاتلاندىم. مەن بىر سائەت ئىلگىرى سىزنىڭ كېلىدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلىغانىدىم» دېدى. بۇ سوۋغاتنى 3.2 فوند ستېرلىڭ خەجلىمەي ئالغىلى بولمايتتى. چېرچىل بۇ خەلقنىڭ گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان ھۆكۈمەتكە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ ئىپادىسى، دەپ قاراپ ئىچ-ئىچىدىن خۇش بولدى ۋە ناھايىتى زور ئىلھام ئالدى. ئىنتايىن مېھرىبانلىق بىلەن ئايال ئىشچىنى سۆيۈپ قويدى. ئاندىن ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەن كوللېكتىپ قەبرىستانلىقنى كۆرگىلى باردى. ئۇ يەرگە نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى ۋە ئۆلارنىڭ پەرزەنتلىرى يېڭىلا دەپنە قىلىنغانىدى. بىرمىڭغام روھى شانلىق نۇر چاچتى، بۇ روھنى يۇكسەك دەرىجىدە تەشكىللەنگەن، ئاڭلىق، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان 1 مىليون ئاھالىنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى قىلچە قورقۇتالمىدى. بۇ لوندون روھىنىڭ يەنىمۇ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇلۇشى ئىدى.

نويابىرنىڭ ئاخىرى ۋە دېكابىرنىڭ باشلىرى، ھاۋا ھۇجۇمىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ھەرقايسى پورتلارغا يۆتكەلدى. برىستول، سوسئامپىدون، بولۇپمۇ لىۋېرپول دەھشەتلىك بومباردىمانچىلىققا ئۇچرىدى. كېيىن پلىموۋت، شففىېلد، مانچېستر، گلاسكو، شۇنىڭدەك باشقا قورال-ياراغ ئىشلەپ چىقىرىش مەركەزلىرىمۇ قىلچە قورقماي دۈشمەننىڭ بومباردىمان قىلىشىنى بېشىدىن كەچۈردى. چېرچىل، مەيلى دۈشمەن قەيەردىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلسۇن، دۆلىتىمىز ئۇيۇلتاشتەك چىڭ، پولاتتەك قاتتىق، دېدى.

29-دېكابىر يەكشەنبە. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە

ھەپتە ئىچىدە لوندونغا قىلىنغان ھاۋا ھۇجۇمى يەنە بىر قېتىم يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈلدى. نېمىسلار جاپا تارتىپ تۈپلىگەن تەجرىبىلىرىنى بۇ قېتىمقى بومباردىماندا ئىشقا سالدى. بۇ بىر قېتىملىق تىپىك ئوت قويۇش ھەرىكىتى ئىدى. ھاۋا ھۇجۇمىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى لوندون مەركىزىدىكى پۇل مۇئامىلە سودا رايونىغا مەركەزلەشتى. بومباردىمان قىلىش ۋاقتى دەل تاشقىن ئەڭ تۆۋەن بولىدىغان پەيتكە توغرا كەلدى. دەسلەپ پاراشوتقا باغلاپ قويۇلغان كۆچلۈك پارتلاش خاراكتېرلىك بومبا ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن تۇرۇبا سۇ يوللىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. لوندوندىكى ئارمىيە-خەلق 1500 دىن كۆپرەك جايدىكى ئوتنى ئۆچۈردى. ۋوگزال ۋە پرىستانلارمۇ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. شەھەر مەمۇرىيەت مەھكىمىسى بومباردىماندا ۋەيران قىلىندى. سايىنت پاۋلو چېركاۋى ۋە باشقا بەزى مۇھىم قۇرۇلۇشلار كۆپچىلىكنىڭ باتۇرلۇقى ھەم تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ساقلىنىپ قالدى.

ئەمما، ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسى بىلەن گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى، ئەنگلىيە زېمىن زەمبىرەكلىرى بىلەن گېرمانىيە ئايروپىلانلىرى ئوتتۇرىسىدا ھايات-ماماتلىق ئېلىشىش بولۇۋاتقاندا، باشقا بىر مەيدان كۆرەش قەدەممۇ قەدەم، ئاي-ئايلاپ ئېلىپ بېرىلدى. بۇ بىر مەيدان مەخپىي ئۇرۇش ئىدى. ئىنسانىيەت ئەزەلدىن مۇنداق ئۇرۇشنى بېشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغانىدى. 30-يىللىرى ئەقىل-پاراسەتلىك بىر ئالىم: «ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئىلغار شەخسلەر ئىنسانىيەت ئەقىل-پاراسىتىنىڭ ئاخىرقى چېكىگە يەتتى، لېكىن ھەر خىل سىملىق ئالاقىلىشىش كارغا كەلمەيدىغان بوپقالدى. ئۇلار پەقەت چۈشەنگىلى بولمايدىغان سىگناللار ئارقىلىق بىر بىلەن ئالاقىلىشىۋاتىدۇ» دەپ يازغانىدى. لېكىن، ئەينى چاغدا بۈيۈك برىتانىيە مىللىتىنىڭ تەقدىرى ۋە باشقا نۇرغۇن ئىشلىرى

بۇ خىل سىگنالنى چۈشىنىشكە، ئېرىشكەن تەسىراتقا قارىتا توغرا ۋە دەل ۋاقتىدا ھەركەت قوللىنىشقا باغلىق بولغانىدى.

1939-يىلىدىن بۇيان، رادارنىڭ ھەر بىر بۆلەكلىرىنىڭ تېخنىكىسى داۋاملىق ھالدا تەرەققىي قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، 1940-يىلى ئىيۇلدىن سېنتەبىرگىچە ئېلىپ بېرىلغان برىتانىيە جېڭى ئاساسەن ئادەمنىڭ كۆزى ۋە قۇلىقىغا تايىنىپ بولدى. بۇ بىر نەچچە ئاي داۋامىدا چېرچىل: «قىش پەسلىدە ئەنگلىيە خۇددى پلاش كىيىۋالغاندەك دائىم قويۇق تۇمان ۋە بۇلۇت ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. بۇ بىزنى ھېچبولمىغاندا خېلى ئوبدان پاناھ جاي بىلەن تەمىنلەپ، دۈشمەنگە كۈندۈزى، بولۇپمۇ كېچىسى نىشاننى توغرا بومباردىمان قىلىش ئىمكانىيىتىنى بەرمەيدۇ» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ كەلدى.

بىر مەزگىل گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى ئاساسەن رادىئو قوبۇللىغۇچ يۆنىلىشلىك بەلگىنىڭ يول باشلىشىغا تايىنىپ كەلگەنىدى. قۇرۇقلۇقتىكى بىر مۇنچە جايلاردا ماياكقا ئوخشاش نەچچە ئونلىغان يۆنىلىشلىك بەلگە ياسالدى، ھەر بىر يۆنىلىشلىك بەلگىدە ھەر خىل چاقىرىش سىگنالى بولۇپ، تېمىسلار ئاددىي يۆنىلىشلىك رادىئو قوبۇللىغۇچ ئىستانسىسىدىن پايدىلىنىپ تارقالغان ئېلېكتر دولقۇنىغا ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى بەلگىلىيەلەيتتى. دۈشمەننىڭ تەدبىرلىرىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئەنگلىيە تەرەپ ناھايىتى تېزلا بىر قاتار رادىئو ئىستانسىلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. «مېكان» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ رادىئو ئىستانسىلىرى گېرمانىيە رادىئو ئىستانسىسىنىڭ سىگناللىرىنى يىغىپ، شۇنىڭدەك ئۇنى كۈچلەندۈرۈپ ئەنگلىيىنىڭ مەلۇم جايىدىن يەنە تارقىتاتتى. ئاقىۋەت دۈشمەننىڭ يۆنىلىشلىك بەلگىسىدىن پايدىلىنىپ يول باشلاش، ئۇلارنىڭ ئايروپىلانلىرىنى دائىم تۇيۇق يولغا كىرگۈزۈپ قويۇپ ۋە كۆپىنچىسىنى ھالاك قىلىۋېتەتتى. بىر

قېتىم راستتىنلا گېرمانىيىنىڭ بىر ئايروپىلانى فرانسىيىگە كەلدىم، دەپ ئويلاپ ئۆزلۈكىدىنلا دېڭىزدىن (ئەنگلىيىنىڭ مۇھىم دېڭىز ئارمىيە بازىسى) غا قونغانىدى.

«لېكىن، مۇشۇ ئالتە ئاي ئىچىدە ۋۇجۇدۇم بىر قېتىم قاتتىق لەرزىگە كەلدى، — دەپ يازىدۇ چېرچىل ئەسلىمىسىدە، — پروفېسسور لىندېمان مېنىڭچە، نېمىسلار بىر خىل ئەسۋاب ياساۋاتىدۇ، بۇ ئەسۋاب مەيلى كۈندۈزى ياكى كېچىسى بولسۇن، مەيلى هاۋا ياخشى ياكى ناچار بولسۇن بومباردىمان قىلىشقا پايدىلىق. هازىر نېمىسلار بىر خىل رادىئو قوبۇللىغۇچ دەستىسىنى كەشىپ قىلغانىدەك تۇرىدۇ. بۇ نۇر دەستىسى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان چىراغ يورۇقىغا ئوخشايدۇ، ئۇ بومباردىمانچى ئايروپىلاننى ئۆزلىرىنىڭ كۆزلىگەن نىشانىغا ناهايىتى توغرا باشلاپ بارالايدۇ، دەپ ماڭا دوكلات قىلدى.»

مارشال گېرىنگ ئۆمىدىنى بۇ «كىتتىكبېيىن» قۇرۇلمىسىغا باغلىدى ھەمدە گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنى مەيلى ھاۋا تۇتۇق، بۇلۇتلۇق كۈنلىرى ياكى كېچىلىرى بولسۇن، ئەنگلىيە شەھەرلىرىنى بومباردىمان قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ۋە ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئايروپىلانلارنى زېمىن زەمبىرەكلەرنىڭ زەربىسىدىن، ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىدىن ساقلاپ قالالايدىغانلىقىغا ئىشەندۈردى. گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى ئالىي قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانلىرى «سىستېمىلىق كاللا ۋە ئەتراپلىق ئويلىنىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىققان كەڭ كۆلەملىك پىلان» غا تايىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ھاۋا ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشىنى مۇشۇنداق بىر كەشپىياتقا باغلاپ قويغانىدى. ئۇلار بۇ يېڭى كەشپىياتنىمۇ ماگنىتلىق سۇ مىناسىغا ئوخشاش، ئۆزىمىزنىڭ رەقىبلىرىمىزنى يېڭەلىشىمىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ، دەپ قارايتتى.

چېرچىل ئالىملارنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ بۇ مەخپىي قورالنىڭ سېھرىي كۈچى ھولمتىس ۋە لۇككوك توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنىمۇ بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

كېيىن، چېرچىل ئالىملارنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، دەل ۋاقتىدا توسالغۇ پەيدا قىلىدىغان رادىئو ئىستانسىسىنى قۇرۇپ، دۈشمەننى دائىم خاتالاشتۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەلۇم ئورۇندا بىر تۈرلۈك قايتىدىن تارقىتىش ئاپپاراتى ئورۇنلاشتۇرۇپ، نۇر دەستىسىنى پارچىلايدىغان يېرىم سىگنالنى كۈچەيتىپ، باشقا يېرىم سىگنالنى كۈچەيتمىدى. شۇنداق قىلىپ، نۇر دەستىسى پارچىلانغان سىگنال ئوخشاش يولدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ليوتچىكنى توغرا يولىدىن چىقىرىۋېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن، بىرەر شەھەرنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغان ياكى ئېغىر بۇزغۇنچىلىقىا ئۇچرىتىدىغان زور تۈركۈمدىكى بومبىلارنى شەھەردىن 15 ياكى 20 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى كەڭ دالاغا چۈشۈرۈۋەتكىلى بولاتتى.

تەخمىنەن 23-ئاۋغۇست كۈنى، نېمىسلار فرانسىيىنىڭ دىئېپى ۋە چېربۇرگ ئەتراپىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان بىر تۈركۈم «كنىكېبېيىن» رادىئو ئىستانسىسىنىڭ نۇر دەستىسىنى بىرمىنگھامغا قاراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كەڭ كۆلەملىك كېچىلىك ھاۋا ھۇجۇمى باشلىندى. دەسلەپكى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە دۈشمەن ئىنتايىن غالجىرلاشتى، سالغان زىيىنىمۇ ناھايىتى چوڭ بولدى، لېكىن تەدبىرگە قارشى بۇنداق مۇداخىلىگە ئۇچرىغاندىن كېيىنكى ئىككى ئاي، يەنى ئەڭ خەتەرلىك بولغان سېنتەبىر، ئۆكتەبىر كۈنلىرى گېرمانىيە بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى ئەنگلىيە ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇياقتىن-بۇياققا ئايلىنىپ يۈرۈپ، قارىغۇلارچە بومبا تاشلىدى، بومبىلارنىڭ تېگىش نىسبىتى ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 1/5 دىن ئاشمىدى. بۇ شۇ چاغدىكى ئەنگلىيە ئۈچۈن قالتىس غەلىبە

ئىدى.

نېمىسلار بىر مەيدان ئىچكى كۆرەشتىن كېيىن، ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى. ئۇلارنىڭ تەلىمىنىڭ ئوتتۇرىدىن كەلگىنى، ئۇلاردا چوڭ ئەترەت يەنى، «كۆپ ئۇرۇش قىلغان» بىرىنچى گۇرۇپپا بار ئىدى، بۇ گۇرۇپپا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل نۇر دەستىسىنى ئىشلەتكەن. ئۇلار بۇنى «× قۇرۇلمىسى» دەپ ئاتىغان، بۇ بىر سىرلىق نام ئىدى. دۈشمەن بۇ گۇرۇپپىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن يولغا چىقىپ، نىشان قىلىنغان رايونلارغا كۆيدۈرگۈچ بومبا تاشلاپ چوڭ ئوت ئاپىتى پەيدا قىلدى. ئوت كەتكەن جايلار «كىنكىيىيىن» سىگنال قوماندانلىقىدىكى گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ بومباردىمان نىشانىسىدىن ساقىت قىلىندى.

1941-يىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، پەن-تەتقىقات خادىملىرى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئاخىر «× قۇرۇلمىسىنى» باش ئەگدۈردى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، دۈشمەن يەنە «Y قۇرۇلما» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر قۇرۇلمىسىنى ئىشلەتتى، ئەنگلىيە ئالىملىرىمۇ جىددىي تۇتۇش قىلىپ دەرھال «Y گە قارشى قۇرۇلما» نى كەشىپ قىلىپ، دۈشمەن ئايروپىلانىنى تۇيۇق يولغا كىرگۈزۈپ قويدى. شۇڭا، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىدىكىلەرنىڭ بۇ يېڭى كەشپىياتقا بولغان ئىشەنچىسى دەسلەپىدىلا پۇتۇنلەي يوققا چىقتى، تالاي قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، بۇ چارىمۇ كارغا يارىماس بوپقالدى. دەرھەقىقەت، بىر گەز ئۆرلىسە جاھالەت، مىڭ گەز ئۆرلەر ئادالەت!

فرانسىيە قولدىن كەتكەندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ برىتانىيىنى بويسۇندۇرۇش قەستىدە ئۈچ قېتىم قاتتىق ئۇرۇنۇشىنى ئەنگلىيە تەرەپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا مەغلۇپ قىلدى ياكى توسۇپ قالدى. 1-قېتىم، گېرمانىيە ھاۋا

ئارمىيىسى ئىيۇل، ئاۋغۇست ۋە سېنتەبىرلەردىكى برىتانىيە ئۇرۇشىدا ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، دۈشمەن ئەنگلىيىنىڭ جان تومۇرى ھاۋا ئارمىيىسى، ئايرودروم ۋە ئايروپىلان زاۋۇتىنى بىتچىت قىلىۋېتىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۆزى چىدىغۇسىز زىيان تارتتى.

2. قېتىملىق غەلىبىدە، گېرمانىيە ئارمىيىسى ھاۋانى كونترول قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولالمىدى. شۇڭا بوغۇزدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ ئەنگلىيىگە تاجاۋۇز قىلىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. ئەنگلىيە ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىسى 350 يىل بۇرۇنقى دراك ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى كىچىك پاراخوت ھەم قورقماس يۈرەك ماتروسلارنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىسى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئەينى چاغدا ئىسپانىيىنىڭ تەڭداشسىز فلوتى غەرق قىلىۋېتىلگەندىن كېيىن، كىنەز پالمانىڭ[1] كۈچلۈك قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىمۇ تۇزلەڭلىكتىكى دۆلەتلەردە بوغۇزدىن ئۆتىدىغان پاراخوتلارنى ئىلاجسىز ساقلاپ تۇرغانىدى.

3. قېتىمقىسى، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى ئەنگلىيىنىڭ شەھەرلىرىنى كېچىسى قارا-قويۇق كەڭ كۆلەملىك بومباردىمان قىلدى. ئەنگلىيە ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ لېيوتچىكلىرىنىڭ چەكسىز ساداقەتلىكى ۋە تېخنىكىسى، شۇنىڭدەك خەلق ئاممىسىنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس جاسارىتى بىلەن يەنە غەلىبە قىلىپ، دۈشمەننىڭ سۇيىقەستىنى مەغلۇپ قىلدى. لېكىن، ئەگەر ئەنگلىيە ئالىملىرى ئۇنتۇلغۇسىز، ھەل قىلغۇچ رول ئوينىمىغان بولسا، ئېگىز ھاۋا بوشلۇقى ۋە ئوت لاۋۇلداپ

---

[1] ئىسپانىيىنىڭ تەڭداشسىز فلوتى ئەنگلىيىگە ھۇجۇم قىلغاندا، كىنەز پالما 20 مىڭ كىشىلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى باشلاپ ياۋروپادىكى دۆلەتلەرگە بېسىپ كىرگەن ۋە بوغۇزدىن كېسىپ ئۆتۈپ قۇرۇقلۇققا چىقماقچى بولغان، لېكىن يۈك توشۇش كېمىلىرى كەمچىل بولغاچقا، ئارمانغا تۇشلۇق ئىش قىلالماي ھەسرەت چەككەن.

كۆيۈۋاتقان كوچىلاردا نامايان قىلىنغان ئاجايىپ زور تىرىشچانلىقلار بىھۇدە ئاۋارىچىلىك بولاتتى.

«لوندون روھى» ئۇرۇش داۋامىدا كەڭ ئەۋج ئېلىپ، ئەنگلىيە خەلقىنى بىر-بىرلەپ قىيىن ئۆتكەللەردىن ئۆتكۈزدى ۋە كەينى-كەيندىن غەلىبىگە ئېرىشتۈردى.

www.uyghurkitap.com

## يىگىرمە بىرىنچى باب

# ئامېرىكىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش

چېرچىل گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، دۆلىتىدىكى بارلىق ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرگەندىن سىرت، پائال تۈردە يېڭى ئىتتىپاقداش دوستقا ئىگە بولۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدىدى. ئۇ، گېرمانىيىنىڭ قورقۇنچلۇق رەقىب ئىكەنلىكىنى، شۇڭا يېڭى ئىتتىپاقداش دوستنىڭ گېرمانىيە بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان ياكى ئۇنى بېسىپ چۈشىدىغان ئەمەلىي كۈچ ھازىرلىشى كېرەكلىكىنى بىلەتتى. شۇ چاغدا پەقەت ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىلا مۇشۇنداق شەرتكە ئىگە ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيە بىلەن «ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى» تۈزگەندىن كېيىن، چېرچىلنىڭ ئاساسلىق دىققەت-ئېتىبارى ئامېرىكىغا يۆتكەلدى.

چېرچىل روزۋېلتنى قايىل قىلىپ، ئەنگلىيە غەلىبە قازانسا ئامېرىكىغا پايدىلىق ئىكەنلىكىگە، گېرمانىيە غەلىبە قازانسا ئامېرىكىغا بەختسىزلىك ۋە بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرمەكچى بولدى. تۈرلۈك چارە-ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ ئامېرىكىنى گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈردى. ئۇ روزۋېلت بىلەن تالاي قېتىم سۆزلىشىش ئارقىلىق، ئەنگلىيە

غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدىكى بازىسىنى ئىجارىگە بېرىش ھېسابىغا ئامېرىكىدىن 50 كونا قوغلىغۇچى كېمە ئالىدىغان بولۇپ كېلىشتى. بۇ سودا ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنى تولۇقلىدى دېگەندىن كۆرە، ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىش مۇساپىسىنى تېزلىتىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن زور بىر ئىلگىرىلەش دېگەن تۈزۈك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا 1940-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ۋە 1941-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئەنگلىيىگە ئەخلاقىي ۋە ماددىي جەھەتتىن ياردەم بەردى. بۇ قىيىنچىلىق مەزگىلىدە تەنھا ئۇرۇش قىلغان ئەنگلىيە ئۈچۈن ئەڭ كۈچلۈك مەدەت بولدى.

ئىتالىيە ئەنگلىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغاندىن كېيىن، چېرچىل 11-ئىيۇن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە 50 قوغلىغۇچى كېمىنى ئۆتنە بېرىپ تۇرۇش مەسىلىسىنى يەنە ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ چاغدا، ئامېرىكىدا «يەككىچىلىك» كۈچلىرى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن، بۇنى ئاز دېگەندەك، ئامېرىكا سىياسىي ساھەدىكى كىشىلەرنىڭ ئەنگلىيىنىڭ گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ ئىستىقبالىغا نىسبەتەن ئىشەنچىسى كەمچىل بولغانلىقتىن، روزۋېلت بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا يەنىلا خېلى چوڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن چېرچىل ئەنگلىيىنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى تۆرە لوۋتىيانغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، بۇ مەسىلىنىڭ پايدا-زىيىنىنى چۈشەندۈردى ھەمدە ئەھۋالغا قاراپ ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى ياكى زۆڭتۇڭغا تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. تېلېگراممىدا مۇنۇلار دېيىلگەن:

«... ئەگەر بۈيۈك برىتانىيە قولدىن كەتسە، بىر گېرمانىيەپەرەس ھۆكۈمەت ئەنگلىيە فلوتىنى تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيىنى ناھايىتى كەڭرى شارائىتقا ئىگە

قىلىپ، گېرمانىيە بىلەن ياپونىيىنى يېڭى دۇنيانىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئەنگلىيە پادىشاھ ئائىلىلىرىنىڭ ھازىرقى مەسلىھەتچىلىرى بۇنداق قورقۇنچلۇق ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ، مۇبادا گىسلىنچە بىر قورچاق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ قالىدىغان بولسا، ئۇلار چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ، بەلكى ئۇلار شۇنداق قىلىشى مۇمكىن. زۇڭتۇڭ بۇ نۇقتىنى چۈشىنىشى كېرەك. سىز ئامېرىكىنىڭ ئىشىم ئوڭدىن كەلدى، ھازىرقى سىياسىتىمىز بويىچە ئىش كۆرسەك بۈيۈك بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قالدۇقلىرىغا ئېرىشەلەيمىز، دېگەن قاراشلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن، مېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىمنى زۇڭتۇڭغا يەتكۈزۈپ قويارسىز. بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، ئۇلار قاراملىق قىلىنىۋاتقان خەۋپ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق، ئۇلارنىڭ دېڭىز ئارمىيە كۈچىنى دۈشمەننىڭ دېڭىز ئارمىيە كۈچى پۈتۈنلەي بېسىپ چۈشىدۇ. بەلكى دۈشمەننى قورقۇنچقا سېلىپ كېلىۋاتقان ئامېرىكا ئاراللىرى ۋە دېڭىز ئارمىيە بازىلىرىنىمۇ نانسىستلار تارتىۋالىدۇ. ئەگەر بىز ئۇرۇشتا يېڭىلسەك، گىتلېر دۇنيانى بويسۇندۇرىدىغان ئىنتايىن ياخشى پۇرسەتكە ئىگە بولىدۇ.»

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى، ئەۋەتكەن تېلېگراممىنىڭ ھېچقانداق نەتىجىسى كۆرۈلمىدى. كېيىن باش ئەلچى لوۋتىيان «كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان» تېلېگرامما ئەۋەتتى. ئۇ چېرچىلغا، ئامېرىكىدىكى يىراقنى كۆرەلەيدىغان زاتلار ئۇرۇش ئەنگلىيىگە پايدىسىز بولۇپ، ئامېرىكا يەنىلا بىتەرەپ تۇرىدىغان بولسا، ئامېرىكا ئەنگلىيە فلوتىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قېلىشتەك غەمدە قېلىۋاتىدۇ، لېكىن ئامېرىكا ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئەنگلىيە فلوتى ياكى قالدۇق قىسىملىرى بۈيۈك بىرىتانىيىدە يېڭىلىپ قالغاندا، ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ قارشى قىرغىقىغا بېرىشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك، ئۇنداق بولمىسا

ئامېرىكا جامائەتچىلىكىنى ئەنگلىيىنى ئامېرىكىنىڭ قوغلىغۇچى كېمىلىرىگە ئىگە قىلىشنى ئويلاندۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدىن تەسكە توختايدۇ، دېدى.

ئىيۇلنىڭ ئاخىرلىرى، چېرچىل كۆپ جەھەتلەردىن بارغانسېرى كۈچلۈك بېسىمغا ئۇچرىدى. شۇڭا، 31-ئىيۇل روزۋېلتقا تېلېگرامما ئەۋەتتى. تېلېگراممىدا مۇنۇلار دېيىلگەن:

«مەن سىزگە ئۆتكەن قېتىم ھالىمغا باقماي شەخسىي نامىمدا تېلېگرامما ئەۋەتكەندىن بېرى خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، بۇ ئارىلىقتا بىر مۇنچە ئىشلار يۈز بەردى، بۇنىڭدا ياخشى ۋە يامان ئىشلارمۇ بار. ھازىر سىزنىڭ بىزنى ئىملگىرى تەلەپ قىلغان قوغلىغۇچى كېمە، ماتورلۇق كېمە ۋە دىرژابىللارغا ئىگە قىلىدىغان ئىنتايىن جىددىي پەيت يېتىپ كەلدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى فرانسىيىنىڭ پۈتكۈل دېڭىز بويلىرىنى ئىشغال قىلدى، نېمىسلار شۇ جايلاردىن شۇڭغۇپ ئۇچىدىغان بومباردىمانچى ئايروپىلان ۋە سۇ ئاستى كېمىلىرى ئەۋەتىپ، بىزنىڭ سودا كېمە ھەم ئاشلىق ترانسپورت كېمىلىرىمىزنى بومباردىمان قىلىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، دېڭىز ئارمىيىمىز ئەنگلىيە بوغۇزىدىن قىلىنىدىغان ھۇجۇمنى چېكىندۈرۈشكە دائىم تەييار تۇرۇشى، يەنە نورۋېگىيە ئارقىلىق ئىرېلاندىيە، ئىسلاندىيە، شېتلاند تاقىم ئاراللىرى ۋە فائېروئې تاقىم ئاراللىرىغا قىلىنىدىغان تۇيۇقسىز ھۇجۇملارغا تاقابىل تۇرۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا بىزنىڭ يەنە ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ چىقىش ئېغىزىنى كونترول قىلىشىمىزغا، ئەگەر مۇمكىن بولسا، بۇ ئىچكى دېڭىزنى تولۇق كونترول قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇرۇش ئوتىنىڭ ئافرىقىغا يامراپ كېتىشىنى توسۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بىز زور تۈركۈمدە قوغلىغۇچى كېمە ۋە سۇ ئاستى قوغلىغۇچى كېمىلىرىنى ياساپ چىقتۇق، لېكىن بۇنىڭدىن

كېيىنكى ئۈچ-تۆت ئاي ئىچىدە بىزنىڭ كېمىلىرىمىز يېتىشمەي قالىدۇ . . . دۈشمەننىڭ يېقىندىن بېرى قىلغان هاۋا هۇجۇمى بىزنىڭ كېمىلىرىمىزنى زور زىيانغا ئۇچراتتى، يېقىنقى ئون كۈندىن بۇيان، بىزنىڭ 11 قوغلىغۇچى كېمىمىز غەرق قىلىنىۋېتىلدى. بۇ ئىشلار دۈشمەن قۇرۇقلۇققا چىقىش قەستىدە بولۇشتىن ئىلگىرى يۈز بەردى! قوغلىغۇچى كېمىلىرىمىز ئاسانلا دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنىڭ بومباردىمان قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرۇۋاتىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇلار دېڭىزدىن كېلىدىغان هۇجۇمدىن ساقلىنىش ئۈچۈن هاۋا هۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرىدىغان رايونلاردا هەرىكەت قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. بىز هازىرقى بۇنداق زىيان تارتىشقا ئۇزۇنغىچە بەرداشلىق بېرەلمەيمىز. مۇبادا بىز كۈچلۈك ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان بولساق، ئۇرۇش 2-ئورۇندىكى، بەلكى ئاسان تولۇقلىغىلى بولىدىغان ئامىللار سەۋەبىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. مەن نۆۋەتتىكى ئەهۋالىمىز توغرۇلۇق سىزنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ۋاقىپلاندۇرۇپ قويدۇم، هازىر ئەهۋالىمىزدىن تولۇق خەۋەردار بولدىڭىز، مەن سىزنىڭ بىزگە ئىمكانقەدەر 50 ياكى 60 كونا قوغلىغۇچى كېمەڭلەرنى بېرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىم كامىل. بىز بۇلارغا سۇ ئاستى كېمىلىرىنىڭ تەكشۈرۈش ئاپپاراتىنى ناهايىتى تېز سۈرئەتتە ئورنىتىپ، غەربتىكى يوللاردا دۈشمەننىڭ سۇ ئاستى كېمىلىرىگە تاقابىل تۇرىمىز، شۇنىڭ بىلەن، بىز بىر قەدەر يېڭى ۋە زەمبىرەك ئوقى ياخشىراق بولغان پاراخوتلارنى ئەنگلىيە بوغۇزىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرىمىز. زۆڭتۇڭ ئەپەندى، مەن ئالىي هۆرمەت بىلەن سىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ قويىمەنكى، ئۇزاق مۇددەتلىك دۇنيا تارىخىدا بىزگە ياردەم بېرىشىڭىز نۆۋەتتىكى جىددىي ئىش ··· مەن شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، سىز دېڭىزدىكى ئەهۋالنى ناهايىتى ئوبدان چۈشىنىسىز، شۇڭا بىزنىڭ قوغلىغۇچى

كېمىلەر كەمچىل بولۇشتەك ئەھۋال ئاستىدا تۇرۇشنىڭ قىيىن ئۆتكەللىرىدىن ئۆتەلمەسلىكىمىزگە قاراپ تۇرمايسىز.»

ئۈچ كۈندىن كېيىن، يەنى 3-ئاۋغۇست چېرچىل قوغلىغۇچى كېمىلەرگە ئىمكانقەدەر تېزرەك ئىگە بولۇش ئۈچۈن، دېڭىز ئارمىيە بازىسىنى ئىجارىگە بېرىش ئارقىلىق قوغلىغۇچى كېمىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش چارىسىنى يەنە ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەنگلىيىنىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى لوۋتيانغا تېلېگرامما ئەۋەتتى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلگەن:

«2-چارە، يەنى ئەنگلىيىنىڭ بەزى بازىلىرىنى ئامېرىكىغا ئىجارىگە بېرىش كېرەك، بۇ چارە بىزنى قوغلىغۇچى كېمە ۋە دىرىژابىللارغا ئەرھال ئىگە قىلىدۇ ... مۇھىمى، بۇ ئىشنى تېزلىكتە ھەل قىلىش كېرەك. ھازىر بىزنىڭ قوغلىغۇچى كېمىلەرگە ئىنتايىن موھتاج بولۇۋاتقان ۋاقتىمىز. بۇ كېمىلەر قولىمىزغا تەككەن ھامان تەخمىنەن ئون كۈن ئىچىدىلا سۇ ئاستى كېمىلىرىنىڭ تەكشۈرۈش ئاپپاراتىنى ئورنىتىپ تەق بولۇپ تۇرىمىز. بىزمۇ بىر قىسىم سۇ ئاستى كېمىلىرىنىڭ تەكشۈرۈش ئاپپاراتىنى ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىگە بېرىشكە، ئۇلارنىڭ بۇ ئاپپاراتلارنى ئورنىتىشىغا ياردەم قىلىشقا ھەمدە قانداق ئىشلىتىشنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشقا تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك، مەن بۇ ئىشلارنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېلىپ بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.»

ۋاشىنگتوندا كىشىنى چوڭقۇر ئەنسىزچىلىككە سالىدىغان كېڭەش ئېلىپ بېرىلدى. ئاۋغۇستنىڭ 1-ھەپتىسى، ئامېرىكا باش ئەلچى لوۋتيان ئارقىلىق ئەنگلىيىگە شەرقىي دېڭىز قىرغاقلىرىدا توختىتىلىپ قويۇلغان دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ پاراخوتلىرى ئىچىدىكى رېمونت قىلىنغان 50 كونا قوغلىغۇچى كېمە ئەنگلىيىنىڭ غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدىكى بازىلىرى

بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ. بۇ بازىلار نيۇفېنلاند، ئانتىگۇئا، بېرمۇدا، سايىنت لۇسىيا، باھاما تاقىم ئاراللىرى، ترىنىداد، ياماىكا ۋە ئەنگلىيىگە قاراشلىق گۋىئانا قاتارلىقلار، دەپ ئۇقتۇردى.

ئەلۋەتتە، چېرچىلنىڭ نەزىرىدە بېرىلىدىغان قوغلىغۇچى كېمىلەر ھەم كونا، يەنە كېلىپ ئىقتىدارى تۆۋەن ئىدى، ئامېرىكا يۇقىرىدا ئېيتىلغان دېڭىز ئارىلى بازىلىرىنىڭ پايدىلىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولسا، ئىستراتېگىيىلىك جەھەتتە مەڭگۈلۈك بىخەتەرلىككە ئېرىشەتتى، شۇڭا قوغلىغۇچى كېمىلەر بىلەن دېڭىز بازىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي باھانى سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. ئەمما، تاجاۋۇزچىلىقنىڭ تەھدىتى، شۇنىڭدەك ئەنگلىيە بوغۇزىنىڭ زور مىقداردا پاراخوتقا موھتاج بولۇشى، ئەنگلىيىنى ئامېرىكىنىڭ قوغلىغۇچى كېمىلىرىگە ئىگە بولۇشنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئاراللار پەقەت ئامېرىكا ئۈچۈنلا ئىستراتېگىيىلىك قىممەتكە ئىگە ئىدى. ئىلگىرى بۇ ئاراللار ياۋروپا ياكى ئەنگلىيىدىن ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ تايانچ پونكىتى بولۇپ كەلگەنىدى. ھازىر ھاۋا ئارمىيىسى تەھدىت سېلىۋاتقانلىقتىن، بۇ ئاراللار ئامېرىكىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم بوپقالغانىدى، شۇڭا ئامېرىكا ئەمدى دوست دۆلەتلەرنى باشقۇرۇشى ياكى ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ قولىغا كىرگۈزۈشى زۆرۈر ئىدى. لېكىن، نۆۋەتتە باشلىنىپ كەتكەن ئەنگلىيىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ھايات-ماماتلىق كۈرەشتە، يەنى بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسى گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيە فاشىستلىرىنىڭ ھەيۋە قىلىدىغان ھۇجۇمى ئالدىدا بۇ ئاراللارنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. دەل چېرچىل ئەزەلدىن تەكىتلەپ كەلگىنىدەك، ئەنگلىيىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىلەن

ئامېرىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايتتى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىنىڭ نەزىرىدە، بۇ بازىلارنى ئامېرىكىلىقلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر سەۋەب، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئەنگلىيىنىڭ قوغلىغۇچى كېمىلەرگە بولغان ئېھتىياجى ياكى ئامېرىكىنىڭ بازىلارغا بولغان ئېھتىياجىدىن تېخىمۇ مۇھىم ئىدى. ئامېرىكا 50 قوغلىغۇچى كېمىنى ئەنگلىيىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى، بۇ مۇقەررەر ھالدا بىر غەيرىي بىتەرەپلىك ھەرىكىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئامېرىكىنىڭ بىتەرەپ دۆلەتتىن ئۇرۇشقا قاتناشمىغان دۆلەتكە ئۆزگەرگەنلىكىنى، بۇ ئامېرىكىنىڭ ئەنگلىيىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇرۇشقا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ چېرچىل ئۇرۇشتىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىش ئىدى. بىراق، ئەنگلىيە - ئامېرىكا ئىككى تەرەپ رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ پايدىسىنى نەزەرگە ئېلىپ بۇ ئىشتا ئوخشىمىغان چۈشەنچىدە بولدى. رۇزۋېلت «يەككىچىلىك تەرەپدارلىرى» نىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، خەلقئە ۋە پارلامېنتقا بۇ سودىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، ئامېرىكا بىر نەچچە كونا قوغلىغۇچى كېمە بېرىش ئارقىلىق مۇشۇنداق بىر خەتەرلىك پەيتتە چەكسىز بىخەتەرلىككە ئىگە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى، لېكىن چېرچىل ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ خىل كۆز قاراش ئۇنىڭلىك مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە ئېرزىتۇر نىيىنىڭ بىرەر قىسمىنى ئىجارىگە بېرىۋېتىش ئەنگىلىيە پارلامېنت ۋە ھۆكۈمىتىنى ناھايىتى قاتتىق غەزەپكە قوزغىشى تۇرغان گەپ ئىدى. مۇبادا بۇ ئەنگلىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر قېتىملىق ئوقۇل سودىلا ھېسابلىنىپ، ئەنگلىيە زېمىنىنىڭ بىر قىسمىنى 50 قوغلىغۇچى كېمە

ئالماشتۇرۇلىدىغان بولسا، چوقۇم كۈچلۈك قارشىلىق كېلىپ چىقاتتى. شۇڭا، چېرچىل بۇ سودىنى «ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە قويۇپ دەڭسەپ» باقماقچى بولۇپ، بۇ سودا «ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغان دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈك ئورتاق مەنپەئىتىنى» گەۋدىلەندۈرىدۇ ۋە ساقلاپ قالىدۇ، دېدى.

چېرچىل مەملىكەت ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، 20-ئاۋغۇست پارلامېنتتا بۇ مەسىلىنى تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈردى:

«ئەنگلىيە پادىشاھ ئالىيلىرى ھۆكۈمىتى 99 يىللىق ئىجارىگە بېرىش ئاساسىدا مۇداپىئە ئىنشائاتلىرىنى ئامېرىكىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى چىن دىلىدىن خالايدۇ. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئالىدىغان پايدىمىز ئۇلار ئېرىشىدىغان پايدىدىن ئۈنچىلىك ئاز ئەمەس، بەلكى مۇستەملىكە شۇنىڭدەك كانادا ۋە نيۇفېنلاندنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ تەدبىرلەر ئىنتايىن مۇھىم. شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ خىل تەدبىرلەر ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغان دۇنيادىكى ئىككى چوڭ دېموكراتىك دۆلەت — بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ئۈچۈن بەزى ئىشلاردا ئۆزئارا بىرلەشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مېنىڭچە، كەلگۈسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ تەدبىرلەردىن ئەنسىرەشنىڭ ھېچقانداق ئورنى يوق، بۇنى توسۇپ قالاي دەپمۇ توسۇپ قالالمىدىم؛ توسۇپ قېلىش بىرەرسىنىڭمۇ قولىدىن كەلمىدى. بۇ ئىش خۇددى مىسسىسىپى دەرياسىنىڭ ئۆركەشلەپ ئاققىنىغا ئوخشاش، ئۇ ئېقىۋەرسۇن! توسۇۋالغىلى بولمايدىغان، ئۆركەشلەپ شىددەت بىلەن ئالغا ئېقىۋاتقان بۇ ئىللىق ئېقىم تېخىمۇ كەڭرى دالىلارغا ۋە تېخىمۇ گۈزەل كۈنلەر قويىنىغا ئېقىپ بارىدۇ.»

چېرچىلنىڭ تەكلىپلىرىگە قوشۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ئەگەر ئەنگلىيە ئىشغال قىلىنىپ كەتسىمۇ،

ئەنگلىيە فلوتىنىڭ چەت ئەللەردە ئىمپېرىيە ئۈچۈن داۋاملىق كۆرەش قىلىپ، ھەرگىز تەسلىم بولمايدىغانلىقىغا، پاراخوت-كېمىلىرىنىمۇ تېشىپ چۆكتۈرۈۋەتمەيدىغانلىقىغا كاپالەتلىك بېرىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قوغلىغۇچى كېمە مەسىلىسىدە يۇقىرىدا دېيىلگەندەك بىر ۋەدىگە ئېرىشىش ئامېرىكا پارلامېنتى ئۈچۈن ئەڭ قايىل قىلارلىق ئاساس بولۇپ قالغان. روزۋېلت قانۇن تۈرغۇزۇش تەرتىپىنى ئورۇنلاش جەھەتتىكى ئارزۇ پۇختا قەدەملەر بىلەن كۆچىيىپ بېرىۋاتىدۇ، دەپ قارايتتى.

چېرچىل دىپلوماتىيە ۋەزىرى ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك پوزىتسىيە بىلدۈردى:

«مېنىڭچە، ئەھۋاللار ناھايىتى ئېنىق. بىزنىڭ ئەنگلىيە فلوتىنى تەسلىم قىلدۇرۇش ياكى پاراخوت-كېمىلەرنى ئۆزلۈكىدىن چۆكتۈرۈۋېتىشكە مەجبۇرلاش نىيىتىمىز يوق. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، بۇنداق قىسمەتكە گېرمانىيە فلوتى ياكى ئۇنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنىڭ قېلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئالىمادىس زېمىنىمىز باشقىلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەر قانداق مۇزاكىرىلەرگە دۆلىتىمىز ھەرگىز چىداپ تۇرالمايدۇ. دۈشمەن تاجاۋۇز قىلىش ھارپىسىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مۇزاكىرىلەر نۆۋەتتىكى شۇنچىلىك روھلۇق ئاممىنىڭ كەيپىياتىغا زىيانلىق بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، بىز ھەرگىز بۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمايمىز. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋاقتى كەلگەندە ‹بىز قوغلىغۇچى كېمىلەرنى سىلەرگە بەرگەن چاغدا ئىمزالىغان كېلىشىمگە ئاساسەن، ھازىر سىلەرنىڭ فلوتىنى ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ بۇ تەرىپىگە ھەيدەپ كېلىدىغان ۋاقتىڭلار كەلدى› دەپ قارايمىز، دېيىشى مۇمكىن».

شۇنداق قىلىپ، بارلىق مەسىلىلەر كىشىنى خۇشال قىلارلىق ھالدا ئاسانلا ھەل بولۇپ كەتتى. 5-سېنتەبىر كۈنى، چېرچىل ئېھتىياتچانلىق بىلەن سۆز قىلىپ، بۇنى تۆۋەن پالاتاغا رەسمىي ئۇقتۇردى ھەمدە ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئارقىدىنلا ئامېرىكىنىڭ قوغلىغۇچى كېمىلىرىنى ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان فلوتىغا كىرگۈزۈپ، ئاتلانتىك ئوكيان ئۇرۇشىدا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

لېكىن، سېنتەبىرگە كەلگەندە، ۋەزىيەت كۈندىن-كۈنگە جىددىيلىشىپ كەتتى. گىتلېر لوندون ۋە ئەنگلىيە زېمىنىنى بومباردىمان قىلىشنى يەنە بىر بالداق كۈچەيتتى. بىر كۈنى، چېرچىل ۋە ئۇنىڭ بىر قانچە ئوفىتسېرلىرى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى پاركېر قوماندانلىقىدىكى 11-ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى چوڭ ئەترىتىنىڭ ئىشخانىسىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، بىر ئوفىتسېر ھاۋا ئامىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بىر پارچە ئۇقتۇرۇشىنى ئېلىپ كېلىپ: «دې ۋىلد زاۋۇتىنىڭ ئوق-دورا زاپىسى تۈگىدى. ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ ليوتچىكلىرى بۇ زاۋۇتنىڭ ئوق-دورىلىرىنى ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئەمدى بۇ زاۋۇت پارتلىتىۋېتىلدى» دېدى. بۇ گەپنىڭ پاركېرغا قاتتىق تەسىر قىلغانلىقى چېرچىلنىڭ ئۆتكۈر نەزىرىدىن چەتتە قالمىدى. لېكىن، گېنېرال پاركېر خورسىنىپ قويۇپ، مەردانىلىك بىلەن: «ئىلگىرى بۇنداق ئوق-دورىلار بولمىغاندىمۇ بىز يەنىلا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندۇق، ھازىر يوق بولسىمۇ ئوخشاشلا ئۇرۇش قىلىۋېرىمىز» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گېرمانىيىنىڭ پات ئارىدا تاجاۋۇز قىلىدىغانلىقىغا ئائىت ئالامەتلەر كۈنسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ھاۋادىن سۈرەتكە ئېلىش جەريانىدىكى ئەھۋاللاردىن ئىگىلىنىشىچە، گوللاندىيە، بېلگىيە ۋە فرانسىيىنىڭ پورتلىرى

ھەمدە دېڭىز ئېغىزلىرىدا توپلانغان ئاپتوماتىك ئالغا ئىلگىرىلەش چاتما كېمىلىرى 3000 دىن كەم ئەمەس ئىدى. چېرچىل بۇ ئەھۋالنى نەزەرگە ئېلىپ كۆپ مۇلاھىزە قىلدى. ئېنگلىزلار ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشنى مۇمكىنمۇ؟ ئۇلاردا تانكا قىسىملىرىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىش كېمىلىرى ياكى باشقا تېخىمۇ كۈچلۈك قوراللار بارمىدۇ؟ ئۇ دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىنى تارمار قىلىش ئۈچۈن، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كېچىلىك بومباردىمان نۇقتىسىنى نېمىسلار يولغا چىقىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان پارلىق پورتلارغا مەركەزلەشتۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. لېكىن، ھاۋادىن سۈرەتكە ئېلىنغان ئەھۋاللارغا قارىغاندا، بومباردىمان قىلىشنىڭ ئۈنۈمى بەكلا تۆۋەن ئىدى. شۇڭا، باش ۋەزىر ھاۋا ئارمىيە ۋەزىرىگە خەت يېزىپ: «ھاۋادىن تارتىلغان سۈرەتلەرنىڭ ماڭا قالدۇرغان تەسىرى، بومباردىمانچى ئايروپىلانلار زور تۈركۈمدە توپلانغان چاتما كېمىلەرگە زەربە بېرىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان. مېنىڭچە، تۆت چاسا شەكلىدە تىزىلغان كېمە ئەترىتىنى بويلاپ بىر نەچچە پارتلاتقۇچ سىنارەدنى كەينى-كەينىدىن تاشلايدىغان بولسا، چوڭ قالايمىقانچىلىق چىقاتتى. سۈرەتلەردىن پورت-پرىستانلارنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى بىر قانچە چاتما كېمىلەرلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندىن سىرت، قالغان چاتما كېمىلەرنىڭ ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىمىغانلىقىنى بايقىدىم. بۇ ئەھۋال ھەققىدە كېڭەشنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈردى. ئەمدى ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتىشنىڭ باشقا چارىسى يوقمۇ؟» دېدى.

ئەنگلىيە دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن، ئىمكانقەدەر تېز سۈرئەتتە 55 پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىنى كېڭەيتىپ قۇرۇشنى، ئون پروۋىنتسىيە دىۋىزىيىسىنى يېڭىدىن قۇرۇشنى، شۇنىڭدەك زور تۈركۈمدە ئايروپىلان، تانكا، ھەربىي پاراخوت ۋە باشقا ھەر خىل

تېپتىكى ئېغىر-يېنىك قوراللارنى ئىشلەپ چىقىرىشنى، شۇ ئارقىلىق يېڭىدىن قۇرۇلغان قىسىملارنى ۋە مىڭلىغان، مىليونلىغان خەلق قوغدىنىش ئەسكەرلىرىنى قوراللاندۇرۇشنى قارار قىلدى. ئالدىنقى سەپ قورال-ياراغقا، خەلق قوراللىنىشقا جىددىي موھتاج ئىدى، لېكىن ئەنگلىيە قورال ئىشلەپ چىقىرىشنى جىددىيلەشتۈرۈشتىن سىرت، ئامېرىكىنىڭ مەردلىك بىلەن ياردەم بېرىشىگە تايىنىشقا توغرا كېلەتتى.

شۇ چاغلاردا دەل ئامېرىكىدا چوڭ سايلام ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇراتتى. تۆت يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان سايلام رىقابىتى ئىنتايىن كەسكىن، دېموكراتىك پارتىيە بىلەن جۇمھۇرىيەت پارتىيىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەملىكەت ئىچىدىكى مەسىلىلەردە ئېغىر ئىختىلاپ مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئىككى پارتىيە داھىيلىرى ئەنگلىيىنىڭ گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ «ئالىيجاناب ئىشى»غا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 2-نويابىر كۈنى روزۋېلت كلېۋېلاندتا: «بىزنىڭ سىياسىتىمىز ئاتلانتىك ئوكيان ۋە تىنچ ئوكياندا تاجاۋۇزچىلىققا يەنىلا تاقابىل تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ماددىي ياردەم بىلەن تەمىن ئېتىشتىن ئىبارەت» دېدى. شۇ كۈنى ئۇنىڭ سايلام رىقابىتىدىكى رەقىبى ۋېندېرۋىلكىي مادىسون مەيدانىنىڭ باغچىسىدا: «بىز كۆپچىلىك — جۇمھۇرىيەتچىلەر، دېموكراتىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە مۇستەقىل پارتىيىدىكىلەر — باتۇر ئەنگلىيە خەلقىگە ياردەم بېرىشنى قوللايمىز. ئۇلارنى دۆلىتىمىزنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز كېرەك» دېدى.

— ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن چېرچىل ئىنتايىن ئەنسىزچىلىك بىلەن سايلام رىقابىتىنىڭ نەتىجىسىنى كۈتتى. ئۇ، يېڭىدىن تەختكە چىقىدىغان ھەرقانداق ئادەم فرانكلىن

روزۋېلتقا ئوخشاش بىلىم ۋە تەجرىبىگە ئىگە ئەمەس ياكى قىسقا مۇددەت ئىچىدە بۇ نەرسىلەرگە ئىگە بولالمايدۇ. بىرەرسى ئۇنىڭدەك قوماندانلىق ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس، دەپ قارايتتى.

كېيىن چېرچىل ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئورنىتىلغان، بەلكى بۇ مۇناسىۋەت ئاخىر ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن سىردىشىدىغان، ئارىمىزغا قىل سىغمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ، مېنىڭ پۈتكۈل ئىدىيەمدە مۇھىم ئامىل بولۇپ شەكىللەنگەنىدى. ئەگەر ئاستا-ئاستا ئورنىتىلغان بۇ دوستلۇقنى ئاياغلاشتۇرۇشقا، خىلمۇ خىل مەسىلىلەردە ئېلىپ بېرىۋاتقان سۆھبىتىمىزنى ئۈزۈپ قويۇشقا توغرا كەلسە، ئىدىيە ئەھۋالى ۋە خاراكتېرى ناتونۇش بولغان ئادەم بىلەن باشتىن مۇناسىۋەت باغلىماي بولمايدۇ، بۇ مەن ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك ئىش ئەمەس. دۆنكىركتىن كېيىن بۇنچىلىك ئىچىم تىتىلداپ بىئارام بولغان ئەمەسمەن.»

6-نويابىر، ئامېرىكىدىكى چوڭ سايلامنىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىندى، روزۋېلت يەنە بىر قېتىم زۇڭتۇڭلۇققا سايلاندى. چېرچىل خۇشاللىقىدىن ئىچىگە سىغماي، روزۋېلتقا دەرھال تېلېگراممىدا ئەۋەتىپ قىزغىن تەبرىكلىدى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «بىز ھەقىقەتەن بىر قېتىملىق ئۈزۈنغا سوزۇلىدىغان، كۈندىن - كۈنگە كېڭىيىۋاتقان قاراڭغۇ ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدۇق، ئەھۋال تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، يەر شارىنىڭ ھەر قانداق بىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر بولسىلا، بۇ ئىشلارغا نىسبەتەن قولاقنى يوپۇرۇپ يۇرۇشكە بولمايدۇ. مەن ئامېرىكا خەلقىنىڭ بۇ جاپالىق ھەم ئېغىر مەسئۇلىيەتنى يەنە سىزگە تاپشۇرغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولغان چېغىمدا، مۇنداق بىر قەتئىي ئېتىقادىمنى بىلدۈرۈپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپتىم، بىز ئەقىل-پاراسەتنىڭ پارلاق

يولــى بويلاپ كۆتكەن مۇراد-مەقسەتلىــــرىمىــــزگە چوقۇم ساق-سالامەت يېتىمىز. »

ئەجەللىنەرلىك يېرى شۇكى، چېرچىل خېلى ۋاقىتلارغىچە جاۋاب تېلېگراممىا تاپشۇرۇۋالمىــدى. ئۇنىــڭ ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى بىر دۆۋە تەبرىك تېلېگراممىلىرىنىڭ ئارىسىدا بېسىلىپ قېلىشى ياكى دۆلەت ئىشلىرىنىڭ ئالدىراشلىقىــى تۈپەيلىدىن بىر چەتكە تاشلىنىپ قېلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئەمما، چېرچىل ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە جىددىي موھتاج ئىدى، ئۇنىڭ ئامېرىكىغا ھەربىي قورال-ياراغلارنــى زاكاز قىلىش تەلىپــى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيمەكتە ئىــدى. روزۋېلت قايتىدىن زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنىپ 3-كۈنى بولغاندا، «ئەمەلىي تەجرىبىلەردىن كەلگەن ئۇسۇل-چارىلەر بويىـــچە» ئامېرىكىنىڭ قورال-ياراغلىرى تەقسىم قىلىنىــدۇ، يەنــى قورال-ياراغلار زاۋۇتتىن چىقىشى بىلەنلا ئۇنىڭ يېرىمى ئامېرىكا ئارمىيىسىگە، قالغان يېرىمى ئەنگلىيە بىلەن كانادا ئارمىيىسىگە تەقسىم قىلىــپ بېرىلىــدۇ، دەپ ئوچۇق جاكارلىــدى. ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ماددىي ئەشيالارنى ئالدىنئالا تەقسىم قىلىش ئىدارىسى زۇڭتۇڭنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، ئەنگلىيىنىڭ تەلىپىنى تەستىقلاپ، ئۇلار زاكاز قىلغان 11 مىڭ ئايروپىلاننى بېرىشتىن سىرت، يەنە 12 مىڭ ئايروپىلان بىلەن تەمىن ئېتىشكە ماقۇل بولدى. لېكىن، چېرچىل ئېغىر غەمدە قالدى، بۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى ئۇ قانداق تۆلەپ بولىدۇ؟

ئەنگلىيە ئۇرۇشقا قاتناشقاندا، 4 مىليارد 500 مىليون دوللارلىق مەبلىغــى بار بولۇپ، بۇ نەق پۇل، ئالتۇن ۋە سۇندۇرۇپ ھېسابلاشقا بولىدىغان سەرمايىنى ئۆز ئىچىــگە ئالاتتى. بۇ مال-مۈلۈك ۋە مەبلەغنى كۆپەيتىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى جەنۇبىي ئافرىقىدا داۋاملىق ئالتۇن كان ئېچىش ھەمدە تۈرلۈك چارە-ئاماللار ئارقىلىق ئامېرىكىــغا تاۋار، بولۇپمۇ

ۋىسكى هارىقى، ئالىي دەرىجىلىك يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرى ۋە ساپال، فارفور قاتارلىق بۇيۇملارنى چىقىرىش ئۈندىدى. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى 16 ئېيى ئىچىدە ئەنگلىيە بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ 2 مىليارد دوللارغا ئىگە بولدى. «〈قاراڭغۇ ئۇرۇش〉 تا، — دەيدۇ چېرچىل، — بىز مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق، بىر تەرەپتىن ئامېرىكىغا قورال-ياراغ زاكاز قىلىشقا ئالدىرىساق، يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭلۈمدە دوللار زاپىسىمىزنىڭ قۇرۇغدىلىپ كېتىشىدىن قورقتۇم. چېمبېرلىن هاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللىرى مالىيە ۋەزىرى دېزاز جون سىمون دائىم بىزگە: 〈بىزنىڭ دوللار زاپىسىمىز كىشىنى ھەقىقەتەن ئېچىندۇرىدۇ، شۇڭا دوللارنى ساقلاپ قېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، كۆپچىلىك ھەر ھالدا بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلدى، بىز ئامېرىكىدىن تاۋار سېتىۋېلىشتا قاتتىق چەكلىمە قويۇشىمىز كېرەك〉 دەيتتى. بىزنىڭ ئۇسۇلىمىز پۈرۋىس ئەپەندى بىر قېتىم ستېتتىنيۇسقا ئېيتقاندەك: 〈بىز خۇددى قاقاس بىر ئارالدا تۇرۇۋاتىمىز، ئوزۇق-تۈلۈكىمىز يېتىشمەيدۇ، شۇڭا ئىمكانقەدەر بۇ ئازراقىنا ئوزۇق-تۈلۈككە تايىنىپ بىر نەچچە كۈن بولسىمۇ تىرىكچىلىك قىلىشىمىز كېرەك〉».

ئەنگلىيە 1940-يىل نويابىرغىچە تاپشۇرۇپ ئالغان بارلىق ماللىرىنىڭ قەرز پۇلىنى تۆلەپ بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار 300 مىليون 350 مىڭ دوللار قىممىتىدىكى ئامېرىكا پاي چېكىنى ساتتى، بۇ پاي چەكلىرى فوند ستېرلىڭ ھېسابىغا ئەنگلىيىنىڭ خۇسۇسىيلار قولىدىن سېتىۋېلىندى. ئۇلار يەنە 4 مىليارد 500 مىليون دوللاردىن كۆپرەك نەق پۇل تۆلەپ بەردى. ئېشىپ قالغان 2 مىليارد دوللارنىڭ كۆپ قىسمى مەبلەغ سېلىشقا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، قالغان قىسمىنى دەرھال سېتىپ چىقىرىۋەتكىلى بولمايتتى. «ئېنىقكى، بىز يەنە داۋاملىق

مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك بولمايدۇ، — دېدى چېرچىل بىر قېتىملىق كابىنېت يىغىنىدا سۆز قىلىپ، — بىز پۇتكۇل ئالتۇن ۋە تاشقى مەبلەغنى سېتىۋېتكەن تەقدىردىمۇ زاكاز مالنىڭ يېرىم قەرز پۇلىنىمۇ تۆلەپ بولالمايمىز، ۋەھالەنكى، ئۇرۇشنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى بىز ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان مال زاكاز قىلىشنى يەنە ئون ھەسسە كۆپەيتىدۇ. كۇندىلىك تۇرمۇشىمىزغا كېرەك قىلىش ئۈچۈن قولىمىزدا ئازراق پۇل قېلىشى كېرەك.»

چېرچىل ئىچكى كابىنېتنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن، 8-دېكابىر روزۋېلتقا ئۇن مىڭ خەتكە يېقىن ئۇزۇن بىر پارچە تېلېگرامما يېزىپ، ئەنگلىيىنىڭ گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ۋەزىيىتى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىق ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك توختالدى. تېلېگراممىنىڭ ئاخىرىدا بۇ ياش ۋەزىر: «مەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ بىزگە كەڭ قورساقلىق بىلەن ياردەم بېرىشكە ماقۇل بولۇپ، دەرھال پۇل تۆلىسەڭلار سىلەرنى قورال-ياراغ ۋە تاۋارلار بىلەن تەمىن ئېتىمىز، بۇ بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پرىنسىپىمىزغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، دەيدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بىز ھەققانىي ئىشلار ئۈچۈن بارلىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشكە، ئەڭ زور دەرىجىدە قۇربان بېرىشكە بەل باغلىدۇق، بەلكى بىزمۇ ھەققانىي ئىشلارنى قوغداۋاتقان جەڭچى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزنى شەرەپلىك ھېس قىلىمىز. بىز تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن باشقا ئىشلارنى سىزگە ۋە خەلقىڭىزنىڭ ئويلىنىشىغا قالدۇردۇق. مەن شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، سىلەر كەلگۈسىدە ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئەۋلادلار ئالقىشلايدىغان يول ۋە ئۇسۇلنى چوقۇم تاپالايسىلەر» دېدى.

«زۇڭتۇڭ ئەپەندى، — دېدى چېرچىل، — ئەگەر سىز

www.uyghurkitap.com

ناتسىستلار ۋە فاشىستلارنىڭ مۇستەبىتلىكىنى بىتچىت قىلىشنى ئامېرىكا خەلقى ۋە غەربىي يېرىم شار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلۇغ بىر ئىش دەپ قارىسىڭىز، ئۇنداقتا مېنىڭ بۇ خېتىمنى ياردەم قىلىڭلار دەپ يېلىنىپ يازغان خەت دەپ قارىماي، بەلكى ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىش ئاساسىدا يېزىلغان خەت، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلار بىزنىڭ ئورتاق مەقسىتىمىزگە يېتىشتىكى قوللىنىشقا تېگىشلىك ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى زۆرۈر بولغان ھەرىكەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، دەپ قارايسىز.»

بۇ خەتكە يەنە بىر پارچە ستاتىستىكا جەدۋىلىمۇ قوشۇمچە قىلىنغان بولۇپ، مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە ئەنگلىيە، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ۋە بىتەرەپ دۆلەتلەرنىڭ سودا كېمىلىرىدىن دۈشمەننىڭ تويۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقى سەۋەبىدىن 583 ى چۆكۈپ كەتكەن بولغانلىقى، بۇنىڭ ئومۇمىي تونناژى 2 مىليون 450 مىڭ توننىغا يەتكەنلىكى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيە 382 كېمە چۆكۈپ تارتىپ، ئومۇمىي تونناژى 1 مىليون 710 مىڭ توننىغا يەتكەنلىكى، بۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن ئايروپىلان، ھەربىي پاراخوت، تانكا ۋە زەمبىرەك زىيان تارتقانلىقى قەيت قىلىنغان.

بۇ خەت چېرچىلنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدە يازغان ئەڭ مۇھىم خەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خەت ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزۋېلتنىڭ قولىغا تەگكەندە، ئۇ ئامېرىكىنىڭ «توسكارونا» ناملىق ھەربىي پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ قۇياش نۇرى چاقناپ تۇرغان كارىب دېڭىزىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى خاررى خوپكىنسنىڭ ئېيتىشىچە، زۇڭتۇڭ روزۋېلت يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بۇ خەتنى قايتا-قايتا ئوقۇغان، ئەمما ئىككى كېچە-كۈندۈز ئويلىنىپ بىرەر كونكرېت خۇلاسە چىقىرالمىغان. ئۇنىڭ بېشى قېتىپ چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەن.

روزۋېلتنىڭ بېشىنى قاتۇرغىنى، ھەرگىزمۇ قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قېلىش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى دۆلەتنى قانداق قىلىپ ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈش، يەككىچىلىك تەرەپدارلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىنى قانداق قىلىپ يېڭىش، پارلامېنتنى قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ سۆزىگە كۆندۈرۈپ، ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ لايىھىسىنى قوبۇل قىلدۇرۇش مەسىلىسى ئىدى. ستېتتىنىيۇسنىڭ ئېيتىشىچە، ئەينى يىللىرى زۇڭتۇڭ بىر قېتىملىق يىغىندا تەكلىپ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەن ئەھۋالدا، ئەنگلىيىنىڭ مەبلەغ چىقىرىپ ئامېرىكىدا پاراخوت ياسىشىنىڭ ھاجىتى يوق، شۇنداقلا بىز ئۇلارغا پۇل قەرز بېرىش ئارقىلىق بۇ مەقسەتكە يېتىشىمىزنىڭمۇ ئورنى يوق. پەۋقۇلئاددە مەزگىلگە توغرا كەلگەندە، ئۆزىمىزنىڭ ياساپ پۈتتۈرگەن پاراخوت-كېمە-لىرىمىزنى ئۇلارنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىپ تۇرماسلىقىمىزغا ئاساسىمىز يوق» دېگەن. مالىيە مىنىستىرى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋە ئالاقىدار تەرەپلەر بىلەن ئۇزۇن مۇددەت مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، ئاخىر «ئىجارىگە بېرىش قانۇن لايىھىسى» دىن ئىبارەت شانلىق چۈشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

روزۋېلت 16-دېكابىر، كارىب دېڭىزىدىن قايتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ئۆزىنىڭ پىلانىنى چۈشەندۈردى. ئۇ ئېنىق، چۈشىنىشلىك ھەم قايىل قىلارلىق سۆزلەرنى ئىشلىتىپ: «ئەگەر قوشنامنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتسە، قوشنامنىڭ ئۆيىدىن 400 — 500 ئىنگلىز چىسى يىراقلىقتىكى جايدا ئېتىزىمنى سۇغىرىشقا ئىشلىتىدىغان شلانكام بار دەيلى، ئۇ چاغدا قوشنام مېنىڭ شلانكامنى ئۆزىنىڭ شلانكىسىغا ئۇلىۋالسا، مەن ئۇنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈشكە ياردەم بەرگەن بولىمەن. ھازىر مەن قانداق قىلسام بولىدۇ؟ مەن ئوتنى ئۆچۈرۈشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا قوشنام، بۇ شلانكام 15 دوللارغا

يارايدۇ، ماڭا 15 دوللار بېرىپ ئاندىن ئىشلەتكىن دېيەمەن، بۇنداق قىلىسام بولمايدۇ. ئۇنداقتا قانداق قىلسام بولىدۇ؟ مەن 15 دوللارنى ئالماي — ئۇنى ئۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن شىلىڭىمنى ياندۇرۇپ ئەكىلىش ئاسانلا بولدى» دېدى.

ئۇ يەنە: «شەك-شۈبھىسىزكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزىرىدە ئامېرىكىنىڭ ئەڭ بىۋاسىتە ئۇنۇملۇك قوغدىنىشى بۈيۈك برىتانىيىنىڭ ئۆزىنى قوغدىشىغا باغلىق. شۇڭا، بىز ھازىرچە تارىختا ۋە نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيانى دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ يوقالماي تۇتۇپ تۇرغانلىقىغا بولغان چوڭقۇر قىزىقىش ئۈستىدە توختالماي، مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسىنى چىقىش قىلىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۆزىنى قوغدىشىغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك» دېدى ۋە «مەن دوللارنىڭ بەلگىسىنى يوقاتماقچى بولۇۋاتىمەن» دەپ گېپىنى ئاخىرلاشتۇردى.

مۇشۇ ئاساستا مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە «ئىجارىگە بېرىش قانۇن لايىھىسى» زوڭتوڭ روزۋېلتنىڭ كۈچ چىقىرىش سەۋەبىدىن ئاخىر پارلامېنتتا ماقۇللاندى. ستالىن، چېرچىل ۋە فاشىزمغا قارشى دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى «ئىجارىگە بېرىش قانۇن لايىھىسى» گە يۇقىرى باھا بەردى. چېرچىل: «بۇ ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ تارىخىدا ئىنتايىن ئوچۇق-ئاشكارا ھەرىكەت. قانۇن لايىھىسىنىڭ ماقۇللىنىشى بىلەنلا ئەنگلىيىنىڭ پۈتكۈل ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولدى. بۇ، بىزنى كېلىشىم ئارقىلىق ئەركىن-ئىختىيار ھالدا بارلىق ئېھتىياجىمىز ئۈچۈن ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان تۈزۈشىمىزگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. تۆلەم تۆلەش توغرۇلۇق ماددىلار بېكىتىلمىدى، ھەتتا دوللار ياكى فوند ستېرلىڭنى ھېسابلايدىغان رەسمىي ھېساباتمۇ يوق. بىز

ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆتنە ئالغان ياكى ئىجارىگە ئالغان، چۈنكى گىتلېرنىڭ مۇستەبىتلىكىگە داۋاملىق قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتالىلىقىمىز ئۈچۈن، بىزنىڭ جانسىقچان مەنپەئەتىمىز. ئۇلۇغ جۇمھۇرىيەتنىڭ جانىجان مەنپەئەتى بىلەن باغلانغان» دەپ قارىلىدۇ. زۇڭتۇڭ روزۋېلتنىڭ كۆز قارىشى بويىچە، بۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ قورال-ياراغلىرىنىڭ بارىدىغان جايى دوللار ئەمەس، بەلكى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئەسى ئېھتىياجى بەلگىلەيدۇ» دېدى.

30-دېكابىر، زۇڭتۇڭ روزۋېلت رادىئو ئارقىلىق ئېلان قىلغان «ئوچاق يېنىدىكى پاراڭ» دا خەلقنى ئۆزىنىڭ سىياسىتىنى ھىمايە قىلىشقا نەسىھەت قىلدى: «خەۋپ-خەتەر كۆز ئالدىمىزدا، بىز سۇ كەلگۈچە تۇغان سېلىشىمىز كېرەك، — دېدى ئۇ، — لېكىن ماڭا شۇ نەرسە ئايانكى، بىز كارىۋاتقا چىقىۋېلىپ، يوتقان بىلەن بېشىمىزنى پۈركىۋالساقمۇ، خەۋپتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرالمايمىز... ئەگەر بۈيۈك برىتانىيە يېتىچەت بولۇپ كېتىدىغانلا بولسا، پۈتكۈل ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بارلىق كىشىلەر پات ئارىدا مىلتىق ئاستىدا ياشايدۇ، مىلتىق ئوقلۇقىدا تېگىپ كەتسىلا پارتلايدىغان ئوقلار، قاچىلانغان، ئۇنىڭدا سىياسىي ۋە ھەربىي ئوقلارمۇ بار، بىز كۈچىمىزنىڭ بارىچە ئۆز ئىلكىمىزدىكى ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچتىن تولۇق پايدىلىنىپ، قورال-ياراغ ۋە پاراخوت ئىشلەپ چىقىرىشىمىز كېرەك ... بىز دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ چوڭ قورال-ياراغ زاۋۇتىغا ئايلىنىشىمىز كېرەك.»

روزۋېلت بۇ سۆزنى قىلىپ ئەتىسى، يەنى 31-دېكابىر كۈنى، چېرچىل ئامېرىكا زۇڭتۇڭىغا تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، «ئوچاق يېنىدىكى پاراڭ» دىن ئىنتايىن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «تۈنۈگۈن كەچتە، دۈشمەن لوندون شەھىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى بومباردىمان

www.uyghurkitap.com

قىلدى، شۇنىڭ بىلەن لوندون شەھىرى، شۇنىڭدەك باشقا شەھەرلەر ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، كۆرسە ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدۇ؛ لېكىن مەن بۈگۈن ئوت ئىچىدە قالغان خارابىلىكلەرنى كۆرگىلى بارسام، لوندون ئاھالىسىنىڭ كۈرەش ئىرادىسى دۈشمەن بۇنىڭدىن تۆت ئاي ئىلگىرى —سىنتەبىردە قارىقويۇق بومباردىمان قىلغان كۈنلەردىكىدىن ئۈستۈن ئىكەن».

«مەن سىزنىڭ پۈتۈن دۇنياغا ئەنگلىيىنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس كۈرەش ئىرادىسىنى قوللايمىز ھەمدە ئۇنۇملۇك ھالدا قوراللاندۇرىمىز، بۇ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى بىخەتەرلىكى ۋە گۈللەپ-ياشنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، دەپ باياناتتا ئېلان قىلغانلىقىڭىزغا رەھمەت ئېيتىمەن. بىزگە بوران چاپقۇن پات ئارىدا يوپۇزۇلۇپ كېلىدىغان يېڭى يىلدا ئىشلىرىڭىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا چىن قەلبىمدىن تىلەكداشمەن.»

«ئىجارىگە بېرىش قانۇن لايىھىسى» ئەنگلىيىنى، شۇنىڭدەك كېيىن فاشىزمغا قارشى كۈرەش قىلغان باشقا دۆلەتلەرنى كۈچلۈك ياردەم بىلەن تەمىن ئەتتى. ئەمدىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ قانداق تەرەققىي قىلغانلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

يىگىرمە ئىككىنچى باب

# ئافرىقىدىكى زور غەلىبە

1940-يىل ئىيۇن، فاشىست پارتىيىسىدىكىلەر، بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ گۇمران بولىدىغان كۈنلىرىگە ئاز قالدى، ئەمدى فرانسىيە ھوشىغا كېلەلمەيدۇ، دەپ يۈرگەن چاغلىرى، ئىتالىيە ئافرىقىدا ھەددەپ كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلىدى. لىۋىيە، ئېرىترىيە، ئېفىئوپىيە ۋە سومالىلار بىپايان كەتكەن زېمىننى شەكىللەندۈرگەندى. بۇ كەڭرى زېمىندا 250 مىڭغا يېقىن ئىتالىيە مۇستەملىكىچىسى 400 مىڭ كىشىلىكتىن ئوشۇق ئىتالىيە ۋە يەرلىك ئارمىيىنىڭ قوغدىشى ئاستىدا، يەرلىكنى باش قاتۇرۇپ باشقۇرۇپ «گۈللەندۈرۈش» كە باشلىغانىدى.

ئىتالىيىلىكلەر قىزىل دېڭىز بىلەن ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ھەرقايسى پورتلىرىدا مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ پورتلار 1- دەرىجىلىك دېڭىز ئارمىيە بازىلىرى ھېسابلىناتتى. ئەگەر ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى تارمار قىلىنىدىغان بولسا، مىسىر، ئەنگلىيىگە قاراشلىق سومالى ۋە ئەنگلىيىگە قاراشلىق شەرقىي ئافرىقا ئىتالىيىنىڭ ھازىرقى بېقىندى ئەللىرىگە قوشۇۋېتىلەتتى، ئۇ چاغدا ئىتالىيە مۇستەملىكىسىدىكى بىپايان بىر زېمىن ۋۇجۇدقا چىقاتتى. بۇنداق چوڭ ئىمپېرىيە قەيسەردىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان

www.uyghurkitap.com

ئىمپېرىيە ھېسابلىناتتى.

شۇ چاغدا، ئىتالىيىنىڭ ئېفىئوپىيە، ئېرىترىيە ۋە سومالىلاردا تۇرۇشلۇق يىرىك ھەربىيسىدىن باشقا، يەنە شىمالىي ئافرىقىنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى ئۆلكىلەردە تۇرۇشلۇق 215 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بار ئىدى. بۇلارنىڭ تارقىلىشى مۇنداق: ترىپولىتانىيىدە ئالتە مۇنتىزىم دىۋىزىيە ۋە ئىككى خەلق ئەسكەرلىرى دىۋىزىيىسى، سىرېنايىكىدا ئىككى مۇنتىزىم دىۋىزىيە ۋە ئىككى خەلق ئەسكەرلىرى دىۋىزىيىسى، بۇنىڭدىن باشقا ئۈچ دىۋىزىيىگە توغرا كېلىدىغان چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى بار بولۇپ، جەمئىي 15 دىۋىزىيىگە يېتەتتى. ئەنگلىيىنىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى ئەسكىرىي كۈچى بىر برونېۋىك دىۋىزىيىسى ۋە ئىككى يېرىم پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى بولۇپ، ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچى 50 مىڭ كىشىگە يەتمەيتتى، بۇلار غەربىي قىسمىدىكى چېگرىنى ۋە ئۈچ مىليون كۋادرات كىلومېتىر زېمىننى مۇداپىئە قىلاتتى. شۇڭا، ئۇرۇش مەيدانىدا ئازچىلىق كۆپچىلىككە تەڭ كېلەلمەسلىكتەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىتالىيىنىڭ ئايروپىلانلىرى ئەنگلىيىنىڭكىدىن خېلىلا كۆپ ئىدى.

1940-يىل ئىيۇل بىلەن ئاۋغۇست ئارىلىقىدا، ئىتالىيە نۇرغۇن جايلاردا پائال ھەرىكەت قوللاندى. كاسسالا تەرەپتىن كېلىۋاتقان تەھدىت غەربكە — خارتۇمغا كېڭىيىشكە باشلىغانىدى، ئالاقزادىلىك كەيپىياتى قاپلىغان كېنىيە ئىتالىيىنىڭ يىراقتا يۇرۇش قىلغۇچى ئارمىيىسىنىڭ ئېفىئوپىيىدىن جەنۇبقا 400 ئىنگلىز مىلى يول يۇرۇپ تانا دەرياسى ۋە نايروبىغا بېسىپ كېلىشتىن قاتتىق ئەندىشىدە قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىتالىيە ئارمىيىسى ئەنگلىيىگە قاراشلىق سومالىغا كىرگەنىدى. لېكىن، بۇ ئەندىشىلەرنى ئىتالىيىنىڭ مىسىرغا تۈيۇقسىز تاجاۋۇز قىلماقچى بولغانلىقى

بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى. ناھايىتى ئېنىقكى، مۇسسولىنى ئەڭ چوڭ كۆلەمدە مىسىرغا تاجاۋۇز قىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتاتتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىتالىيە فاشىستلىرىنىڭ كاتتىۋېشى شەرقتىكى مىسىرغا ئۇزۇلۇكسىز تۈردە قوشۇن يۆتكىدى. ھەتتا ئۇرۇشتىن ئىلگىرى دېڭىز بويلىرىدا كەڭ تاشيول ياسىدى، بۇ يول ترىپولىدىكى ئاساسلىق بازىدىن باشلىنىپ ترىپولىتانىيە ۋە سىرېنايكا ئارقىلىق مىسىرنىڭ چېگرىسىغا تۇتىشاتتى. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، بۇ يول بىلەن ھەربىي ئەسلىھەلەر ناھايىتى كۆپلەپ توشۇلدى. ئىسپانىيە، دېرنا، توبرۇك، باتىيا ۋە سورۇم قاتارلىق جايلاردا قورال-ياراغ ئىسكىلاتى قۇرۇلدى. بۇ ئىسكىلاتلارغا ناھايىتى نۇرغۇن قورال-ياراغلار يەۋەس توشقۇزۇلدى. ئۇزۇنلۇقى 1000 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان بۇ تاشيولنىڭ بويلىرىدا ھەربىي پونكىتلار تەسىس قىلىندى. ئىتالىيە مىسىر چېگرىسىغا يېقىن بىر جايغا زامانىۋى ھەربىي ئەسلىھەلەر بىلەن قوراللانغان 80 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ھېچقانداق شەپە چىقارماي يۆتكىدى ۋە ئورۇنلاشتۇردى. كۆز پەسلىگە كەلگەندە دالا ئارمىيىسى ۋە يەرلىك قوشۇننى 300 مىڭ كىشىگە يەتكۈزۈش پىلانلاندى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، مىسىر ۋە شىمالىي ئافرىقىنى ئېلىش يولىدا بىر مەيدان ئىنتايىن كەڭ كۆلەملىك ئېلىشىش باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى.

ئىتالىيە ئارمىيىسى گرېتسىيىگە تاجاۋۇز قىلدى، ئارقىدىنلا يەنە ئافرىقىغا ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇ ئەنگلىيىنىڭ خەۋپ ئىچىدە تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، مىسىرنى بىر يولىلا بېسىۋېلىش، ئاندىن چېرچىلنىڭ ئافرىقىدىكى ئاساسىي كۈچىنى يوقىتىش قەستىگە چۈشتى. لېكىن، ئىشلار ئۇنىڭ خەيرلىك بولمىدى، ئىتالىيىنىڭ ئافرىقىدىكى ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى

مارشال گېراچىيانى ھىيلە-نەيرەڭگى كۆپ فاشىستلار سەركەردىسى ئىدى. ئۇ ئېفئوپىيىنى بويسۇندۇرۇش تاجىسىنى كىيىپ، «داھىي» نىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن قاتتىق ئەندىشە ئىچىدە قالدى. كۆڭلىدە: «ئەنگلىيىلىكلەر يېقىندىن بېرى ئۇرۇش قىلماي چېكىنىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپلا قېچىۋاتىدۇ. ئېھتىمال، بۇ تۇزاق بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، مۇسسولىنى قانچىلىك ئەيىبلىسۇن، تىللاپ-قارغىسۇن، ھەرگىز قارامىلىق قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ ئويلىدى. بىراق، گېراچىيانى ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغاندا، ئەنگلىيىلىكلەر چېرچىلنىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن «كومپاس» ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىگە تەييارلىق قىلىش خىزمىتىنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئاياغلاشتۇرغانىدى.

ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى قوماندانى گېنېرال ۋاۋېل ئۇرۇش تەييارلىقىنى شەخسەن ئۆزى تەكشۈردى ھەمدە قوماندان-جەڭچىلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ: «بىز ئادەملىرىمىزنىڭ سانى جەھەتتىن دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمىسەكمۇ، لېكىن يۇكسەك دەرىجىدىكى ھەربىي مەشىقنى بېشىمىزدىن كەچۈردۇق، ئەسلىھەلىرىمىز سەرخىل، قولىمىزدا ئۇرۇش قىلىشقا ئادەتلەنگەنمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز 〈ئۇلۇغ، شەرەپلىك ئەنئەنىگە〉 شۇنداقلا قەتئىي تەۋرەنمەس روھقا ئىگە، بۇ بىزنىڭ يېڭىلمەسلىكىمىزنىڭ كاپالىتى» دېدى. لېكىن، چوڭ بىر ھەرىكەت باشلىنىشتىن ئىلگىرى، بىر كۈن بىر يىلدەك بىلىنىپ كەتتى. پۈتكۈل قوماندان-جەڭچىلەر شادلىققا چۆمۈپ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى قىلىشقا ۋە شۇ ئارقىلىق مۇسسولىنىغا ساۋاق بېرىشكە بەل باغلىدى.

6-دېكابىر، ئەنگلىيىنىڭ ئۇرۇقلاپ، چىرايلىرى قارىداپ كەتكەن، قولىدا جاپالىق چېنىقىشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن،



www.uyghurkitap.com

مىخانىكىلاشقان ئەسلىھەلەر بىلەن تولۇق قوراللانغان قوزغۇلۇق ئارمىيىسىنىڭ تەخمىنەن 25 مىڭ ئادىمى 40 ئىنگلىز مىلىدىن كۆپرەك ئىلگىرىلىدى ھەمدە ئەتىسى دەشت-قۇملۇقتا كۈنبويى مىدىر-سىدىر قىلماي دۈم يېتىپ چىقتى، مۇسسولىنىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى ئۇلارنى بايقىمىدى. 8-دېكابىر كۈنى، ئۇلار ئىككى كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە بېسىپ ئىلگىرىلىدى. شۇ كۈنى قىسىمغا بۇنىڭ قۇملۇقتىكى مانېۋىر ئەمەس، بەلكى «ھەقىقىي ئۇرۇشقا تەييارلىق» ئىكەنلىكى ئۇقتۇرۇلدى، 9-دېكابىر كۈنى تاڭ ئېتىشى بىلەنلا سىدى بەررانى جېڭى باشلاندى.

شىددەتلىك تۈردە ئېتىلغان زەمبىرەك ئوقىدىن كېيىن ئەنگلىيە-ھىندىستان بىرلەشمە ئارمىيىسى ھۇجۇم باشلىدى. بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا ئىتالىيىنىڭ 25 تانكىسى پالەچ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. شۇ چاغدا سىدى بەررانىنىڭ جەنۇبىدىكى نىبېۋە دېگەن جايدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىتالىيە ئارمىيىسى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. جەڭ ئىنتايىن كەسكىن بولدى، ئىتالىيە ئارمىيىسىنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرى گېنېرال مالىدى ئاكوپتىن چىقىشىغا قارشى تەرەپنىڭ ئوقى تېگىپ ئۆلدى. بىر سائەتتىن ئوشۇقراق داۋام قىلغان شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن ئەنگلىيە ئارمىيىسى مەزكۇر شەھەرنى ئىشغال قىلدى. چۈشتىن كېيىن سائەت بىر يېرىمدە ئەنگلىيە ئارمىيىسى تومال ھەربىي لاگېرىغا ھۇجۇم قىلدى، كەچقۇرۇن بولغاندا پۈتكۈل ھەربىي لاگېر رايونىنى ئىشغال قىلىپ، گارنىزوندىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەسىرگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيىنىڭ 7-برونېۋىك دىۋىزىيىسى غەرب تەرەپتىن ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بويىدىكى تاشيوللارنى ئۈزۈپ تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن سىدى بەررانى يېتىم قالدى. ئەنگلىيىنىڭ ماترۇ پورتىدا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان ئارمىيىسى ئىلگىرىلەشنى توختىتىپ ھۇجۇمغا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى. 10-دېكابىر تاڭ سەھەردە،

ئۇلار ھەربىي فلوتىنىڭ كۈچلۈك ھىمايىسى ئاستىدا ئىتالىيە ئارمىيىسىنىڭ بازىسىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. جەڭ توپتوغرا بىر كۈن داۋام قىلدى. سائەت 10 بولغاندا مۇھاپىزەتچى ئەترىتىنىڭ قوماندانى ئەسىرگە چۈشكەنلەر بەك كۆپ، ئۇلارنىڭ ھېسابىنى ئېلىشقا ئامال بولمىدى. ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلەر بىلەن ئوفىتسېرلار تەخمىنەن 200 ئىنگلىز موسىدىن كۆپرەك جاينى ئىگىلەپ بولدى، دەپ دوكلات قىلدى.

1940-يىل 10-دېكابىردىن باشلاپ، ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ 7-برونېۋىك دىۋىزىيىسى، 16-پىيادە ئەسكەرلەر ماتورلاشقان بىرىگادىرى ۋە ئاۋستىرىيىنىڭ 6-دىۋىزىيىسى داۋاملىق غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ ھۇجۇم قىلدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بۇك بۇك ۋە سىدى بەررانى ئەتراپىدىكى پۈتكۈل دېڭىز ساھىلى رايونى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ قولىغا ئۆتتى. چېرچىل ئالدىنقى سەپتە مۇسسولىنىنىڭ خىللانغان ئۈچ دىۋىزىيىسىلا بار ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىچىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاتىسىتلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. گېنېرال ۋاۋېل سىدى بەررانىدىكى غەلىبىنىڭ ئەڭ ئاخىر بېكىتىلىدىغان ۋاقتى، يەنى 12-دېكابىر كۈنى چوڭ يۈرەكلىك بىلەن ئاقىلانە تەدبىر قوللاندى. ئۇ يېڭىلا ئالماشتۇرۇپ كېلىنگەن 4-ئەنگلىيە-ھىندىستان دىۋىزىيىسىنى ئۇرۇش مەيدانىدا زاپاس ئەترەت سۈپىتىدە قالدۇرماي، بەلكى دەرھال ئېرىترېيىگە يۆتكەپ، 5-ئەنگلىيە-ھىندىستان دىۋىزىيىسى بىلەن بىرلىكتە گېنېرال پرات قوماندانلىقىدىكى ئېفىئوپىيە ئوپېراتسىيىسىگە قاتناشتۇردى. بۇ دىۋىزىيىنىڭ بىر قىسمى دېڭىز ئارقىلىق سۇدان پورتىغا باردى، يەنە بىر قىسمى پويىزغا ئولتۇرۇپ، ئاندىن كېمىگە ئالمىشىپ نىل دەرياسىنىڭ ئېقىمىغا قارشى ماڭدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى بىۋاسىتە سىدى بەررانى ئالدىنقى سېپىدىن ئۆزلىرىنىڭ پاراخوتىغا

چېكىنىدىغان ئورۇنغا قاراپ يول ئالدى. ئۇلار 700 ئىنگلىز مىلىنىڭ سىرتىدىكى ئۇرۇش مەيدانىغا بارغاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا جەڭگە ئاتلاندى. ئەگەر گېنېرال ۋاۋېل ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن تەدبىر قوللانمىغان بولسا، ئېفىئوپىيە قەلئەسىدىكى كېرېن جېڭىنىڭ غەلىبىسىگە بىر نېمە دېيىش تەس بولۇپلا قالماي، بەلكى ئېفىئوپىيىنىڭ ئازادلىقىمۇ يىراق كەلگۈسىدىكى ئىش بولۇپ قالاتتى.

چېرچىل شىمالىي ئافرىقىنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى غەلىبىدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، قولغا كەلگەن شانلىق غەلىبىنى تەبرىكلىدى ھەمدە ئۇلارنى بار كۈچىنى ئايىماي دۈشمەننى قوغلاپ يوقىتىشقا ئىلھاملاندۇردى. ئۇ 1940-يىلى 13-دېكابىر گېنېرال ۋاۋېلغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ: «مەن سىزنىڭ قولغا كەلتۈرگەن شانلىق غەلىبىڭىزنى چىن يۈرىكىمدىن تەبرىكلەيمەن، بۇ غەلىبە بىزنىڭ ئەڭ ئالىي ئۈمىد-ئارزۇلىرىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇردى. مەن تۆۋەن پالاتادا بۇ جاپالىق ۋەزىپە ئۈستىدە توختالغان چېغىمدا، پۈتۈن زالدا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭراپ كەتتى. . .

شائىر ۋالتېر ۋىتمان مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھەرقانداق نەتىجە مەيلى قانچىلىك مۇكەممەل بولسۇن، بىزنىڭ تېخىمۇ زور كۈرەشلەرگە ئاتلىنىپ ھەل قىلىشىمىزغا تېگىشلىك بولغان بەزى مەسىلىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، دېگەنىدى. تەبىئىيكى، سىزنىڭ كاللىڭىزدا دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىش 1-ئورۇندا تۇرىدۇ، غالىب كەلگۈچىلەرنىڭ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن كۈنى دەل مەغلۇپ بولغۇچىلاردىن ئەڭ زور زىياننى تۆلىتىۋالغان چېغىدۇر. ھېچقانداق بىر ئىش مۇسسولىنىنى لىۋىيىدىكى مەغلۇبىيەتتەك غال-غال تىترەتكەن ئەمەس، شەك-شۈبھىسىزكى، سىز ئىتالىيە زېمىنىدا بىر قانچە پورتلارنى ئىگىلەپ، فلوت ئارقىلىق ئۆزىڭىزگە كېرەكلىك ئادەم ۋە قورال-ياراغلارنى

توشۇتماقچى ۋە بۇ پورتلارنى بىر ھەقىقىي قارشىلىق كۆچكە ئۇچرىغۇچە، دېڭىز قىرغىقى بويلاپ دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىشتە يېڭى تايانچ پونكىت قىلماقچى بولدىڭىز. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ كىشىلەر پىشىپ ۋايىغا يەتكەن زىرائەتلەردەك سىزنىڭ ئورۇۋېلىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ئوخشايدۇ...» دېدى.

15-دېكابىر، ئەنگلىيە فېدېراتسىيە ئارمىيىسى مىسىر زېمىنىدىكى بارلىق ئىتالىيە قوشۇنلىرىنى تازىلىدى. سىرېنايىكىدا قېپقالغان ئىتالىيە ئارمىيىسىنىڭ كۆپ قىسمى يېتىم قالغان باتىيا مۇداپىئە بازىسىغا چېكىندى. شۇنداق قىلىپ، سىدى بەررانى جېڭىنىڭ 1-باسقۇچى ئاياغلاشتى، مۇسسولىنىنىڭ بەش دىۋىزىيىسىنىڭ كۆپ قىسمى يوقىتىلدى، 38 مىڭدىن ئوشۇق ئادەمى ئەسىرگە ئېلىندى. ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ 133 ئادىمى ئۆلدى، 387 ئادىمى يارىدار بولدى، 8 ئادىمى ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتتى.

چېرچىل 16-دېكابىر، گېنېرال ۋاۋېلغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ: «ھازىر سىلەرنىڭ بىرىنچى ۋەزىپەڭلار ئىتالىيە ئارمىيىسىنى تارمار قىلىش ھەمدە ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئۇلارنى ئافرىقا دېڭىز بويلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىشتىن ئىبارەت. سىلەرنىڭ باتىيا ۋە توبرۇكقا ھۇجۇم قىلىش نىيىتىڭلارنىڭ بارلىقىدىن ئىلگىرىلا خەۋەر تاپقانىدىم، ھازىر سورۇم ۋە كاپسونى ئىشغال قىلغانلىقىڭلار خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. مەن سىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەشكە بولمايدىغانلىقىغا كۆزىڭىز يەتكەندىن كېيىن، ئاساسلىق نىشاندىن ۋاز كېچىپ، سۇدان ياكى دودېكانىس تاقىم ئاراللىرىدا ياردەمچى ھەرىكەت قوللىنىدىغانلىقىڭىزغا چوڭقۇر ئىشىنىمەن. سۇدان ئىنتايىن مۇھىم، ئۇنى قولغا ئېلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىككى برىگادىر ئەسكىرى [illegible]رچى

تېجەپ قالساق، لىۋىيىدىكى قوغلاپ زەربە بېرىش جېڭىگە تەسىر قىلمايدۇ. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن، دودېكانىس تاقىم ئاراللىرىغا بولغان ھەرىكىتىڭىزنى باشلىسىڭىز قىيىنچىلىققا ئۇچرىمايسىز. لېكىن، بۇ ئىككى ھەرىكەت ئىتالىيە ئارمىيىسىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تىرىپىرەن قىلىۋېتىشتىن ئىبارەت ئالىي ۋەزىپىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىكى كېرەك ... ناپولېئوننىڭ 〈ئاساسلىق كۈچنى بىتچىت قىلىۋەتكەندە، قالغانلىرىنى ئاسان ۋە تېزلا بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ〉 دېگەن سۆزىنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلىشىمىز كېرەك. «مەن ئۆتكەن قېتىمقى تېلېگراممىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەشەببۇسۇمنى يەنە قايتىلايمەن. يەنى دۈشمەن ئارمىيىسىنى ئوتتۇرىدىن بۆلۈپ تاشلاپ، ئارمىيىمىزنىڭ دېڭىز ئارقىلىق ماددىي ئەشيالار ۋە قوشۇن يۆتكەشكە ئاسانلىق بولۇشى ئۈچۈن، سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلىش ھەمدە دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىش كېرەك» دېدى.

چېرچىل بۇ تېلېگراممىدىن كېيىنلا، يەنى 18-دېكابىر ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا تېخىمۇ ئىلھام بېرىش ئۈچۈن «ماتاي گوسپېئېلى» نىڭ 7-باب 7-پاراگرافىنى گېنېرال ۋاۋېلغا ئەۋەتتى.

*«ئىلتىجا قىلساڭلار ئىجاۋەت بولۇر،*
*ئىزدىسەڭ، ئىزدەنسەڭ كۆرىسەن ھامان.*
*ئىشىكنى چەكسەڭلار سىلەرگە ئوچۇق.»*

ئەتىسى — 19-دېكابىر، گېنېرال ۋاۋېل «ياقۇپنامە» نىڭ 1-باب 17-پاراگرافىنى جاۋاب تېلېگراما سۈپىتىدە باش ۋەزىر ھەم قوشۇمچە ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئالىي قوماندانغا ئەۋەتتى:

«خىلمۇ خىل ساخاۋەتلىك خەير-ئېھسانلار ۋە

تۈرلۈك-تۈمەن نۇقسانسىز مۇكاپاتلارنىڭ جىمىسى شەپقەتلىك خۇدادىن كېلىدۇ. نۇر-زىيا ئاتىيىسىنىڭ يېنىدىن يەر-زېمىنغا چۈشىدۇ. ئۇ ئۆزگەرگىنى يوق، شۇنداقلا ئۇيان-بۇيان يۆتكەلگىنىنىڭ ئىزناسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ.»

مۇسسولىنىنىڭ ئافرىقىدىكى پاجىئەلىك مەغلۇبىيىتى خەۋەرلىرى ئىتالىيىلىكلەرنى ساراسىمىگە چۈشۈرۈپ قويدى، غەيرىي نىيەتتە بولۇش خاھىشلىرى بارغانسېرى ئېغىرلاپ كەتتى. يەتكۈچە قىيىنالغان ئىتالىيە خەلقى «بۇ غايەت چوڭ زەربىنى سوغۇققانلىق بىلەن ھەرگىز قوبۇل» قىلالمىدى. كىئانونىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىن كۆرەڭلەپ تېرىسىگە پاتماي قالغان مۇسسولىنىنىڭ بۇ زەربىگە بولغان ئىنكاسى ۋە زەربىنىڭ فاشىستلار ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پەيدا قىلغان تەسىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

«1940-يىل 10-دېكابىر، سىدى بەررانىغا ھۇجۇم قىلىش خەۋىرى خۇددى سۈزۈك ئاسماندا چاقماق چاقنىغاندەك تولىمۇ تۇيۇقسىز بىر ئىش بولدى. دەسلەپ ئۇنچىلىك ئېغىر ئەمەس ئىدى، لېكىن گېراچىيانىنىڭ كېيىن ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدىن بىزنىڭ پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىمىز ئىسپاتلاندى. داھىي بىلەن ئىككى قېتىم كۆرۈشسەم ئۆزىنى فەستەن تەمكىن كۆرسەتتى ··· لېكىن ئەھۋال مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىمۇ ئېغىر ئىدى. سىرتتىكى ئەھۋال شۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىركى، گېراچىيانىنىڭ ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىنىڭ تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ زەربىگە ئۇچراپ تېخى تولۇق ھوشىغا كېلەلمىگەنلىكى، قايتۇرما ھۇجۇمغا يەنە تەييارلىق كۆرۈۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.»

«1940-يىل 11-دېكابىر، لىۋىيىنىڭ ۋەزىيىتى ھەقىقەتەن چاتاق. تۆت دىۋىزىيە پۈتۈنلەي يوقىتىلدى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. گېراچىيانى دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە

ئىرادىسى توغرۇلۇق مەلۇمات بەردى، ئەمما دۈشمەننىڭ زەربىسىدىن ئۆزىنى قانداق قاچۇرىدىغانلىقى ھەققىدە بىر ئېغىز مۇ گەپ قىلمىدى. مۇسسولىن بارغانسېرى تەمكىن بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ بىز كەچۈرگەن كۆلپەتلىك كۈنلەرنىڭ ھەر قېتىمقى ئۆزگىرىشچان ئۇرۇش تەقدىرى داۋامىدا ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىش ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. مۇسسولىن يەنىلا گېراچىيانىنىڭ ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى چوقۇم توسۇپ قالالايدىغانلىقىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە: ئەنگلىيە ئارمىيىسى چېگرىدا توسۇپ قېلىنسىلا ۋەزىيەت ئېغىر بولمايدۇ. ئەگەر ئەنگلىيە ئارمىيىسى توبرۇكنى ئىشغال قىلىدىغان بولسا، ۋەزىيەت پاجىئەلىك تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ.»

«كەچلىك خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، كاتانزارو دېۋىزىيىسى ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توسۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ۋەتۇەرىكى چىقىپ كەتتى، ئەگەر بەش دېۋىزىيە ئىككى كۈن ئىچىدە بىتچىت بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ئارمىيىمىز ئۈچۈن سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان ئىش ھېسابلىنىدۇ.»

«1940-يىل 17-دېكابىر، داھىي باش شتاب باشلىقىغا بىر پارچە خەت ئەۋەتتى، تەلەپپۇزى قاتتىق بولۇپ، قىسمىنىڭ جېندى بىلەن ھايات-ماماتتا بىللە بولۇشى بۇيرۇق قىلىنغان. ‹بۇ مېنىڭ شەخسىي بۇيرۇقۇم ئەمەس، — دەپ يازىدۇ ئۇ، — بەلكى دۆلىتىمىزنىڭ بۇيرۇقى›. بۇ قامچىنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن.»

ئىتالىيە فاشىستلىرىنىڭ كاتتىۋېشى «جېندى بىلەن ھايات-ماماتتىمۇ بىللە بولۇش» بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ ئۆزۈن ئۆتمەي، ئەنگلىيە ئارمىيىسى باتىيانى ئۆزلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىش نىشانى قىلدى. گېراچىيانى بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىغا

ئىتالىيىنىڭ تۆت دىۋىزىيىسىنى ئورۇنلاشتۇردى. مۇداپىئە ئىستىھكامى تانكىغا قارشى قېزىلغان خەندەك ۋە سىم توسالغۇلاردىن ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇپ، ھەر بىر قىسقا ئارىلىقتا بېتوندىن ياسالغان پوتەي بار ئىدى. ئۇنىڭ كەينى تەرىپى ئىككىنچى مۇداپىئە ئىستىھكامى ئىدى. بۇنچىلىك چوڭ ھەم مۇستەھكەم بازىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق قىلماي بولمايتتى، شۇڭا ئەنگلىيە 7- بىرونېۋىك دىۋىزىيىسى ئىتالىيە ئارمىيىسىنىڭ شىمال ۋە غەربىي شىمالغا قېچىش يولىنى توسۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئىتالىيە ئارمىيىسىنىڭ جېنىدىسىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ يۆتكەپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئارمىيىسى تەركىبىدە 6- ئاۋستىرالىيە دىۋىزىيىسى، ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ 16-پىيادە ئەسكەرلەر بىرىگادىرى، خان جەمەتى تانكا پولكىنىڭ 7-باتالىيونى، بىر پىلىموت باتالىيونى، زەمبىرەك پولكى ۋە ئوتتۇرا مۇساپىلىك زەمبىرەك پولكى بار ئىدى. ھۇجۇم 3-يانۋار كۈنى تاڭ سەھەردە باشلاندى. ئاۋستىرالىيە قىسىملىرىنىڭ بىر باتالىيونى كۈچلۈك زەمبىرەك ئوقىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، غەرب تەرەپتىكى جېنىدىنىڭ بىر تايانچ پونكىتىنى ئىگىلىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەسكەرلەر تانكىغا قارشى قېزىلغان خەندەكلەرگە ئېتىلدى. ئاۋستىرالىيىنىڭ ئىككى باتالىيونى داۋاملىق ھۇجۇمغا ئۆتتى ھەمدە شەرق ۋە شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن دۈشمەنلىرىنى يوقىتىپ ماڭدى.

ئۇرۇش ئەھۋالى ئىنتايىن تېز تەرەققىي قىلدى. 4-يانۋار كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ «ماتىلدا» تانكا ئەترىتى پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ ياردىمى ئاستىدا باتىياغا ھۇجۇم قىلدى؛ 5-يانۋار ئىتالىيە گارنىزونى «داھىي» «سىنىڭ جېنىدى بىلەن ھايات-ماماتىمۇ بىللە بولۇش» بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلماي پۈتۈنلەي تەسلىم بولدى. شۇ قېتىمقى جەڭدە ئەنگلىيە



www.uyghurkitap.com

ئارمىيىسى دۈشمەننىڭ 45 مىڭ ئادىمىنى ئەسىرگە چۈشۈردى، 462 زەمبىرەكنى ئولجا ئالدى.

2. كۈنى، يەنى 1941-يىل 6-يانۋار توبرۇكقا ھۇجۇم قىلىندى. ئەنگلىيىنىڭ 7-برونېۋىك دىۋىزىيىسى توبرۇكنىڭ قاتنىشىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. 7-يانۋار، ئاۋستىرالىيە برىگادىرى شەھەرنىڭ شەرقىدىكى مۇداپىئە سېپىنىڭ ئالدى تەرىپىگە يېتىپ باردى. بۇ يەرنىڭ ئەتراپىدىكى جېندىلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 27 ئىنگلىز مىلى بولۇپ، باتىيا جېندىسى بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى، پەقەت بىر مۇنچە جايلاردىكى تانكىغا قارشى قېزىلغان خەندەكلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئۆلچەمگە لايىق ئەمەس بولغاچقا، ھېچقانچە رول ئويناليالمىدى. مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان ئارمىيە بىر تولۇق پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى، بىر قوماندانلىق شتابى بىلەن ئالدىنقى تەرەپتىكى جېندىلاردىن چېچىلىپ كەتكەن زور مىقداردىكى قالدۇق قوشۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 20-يانۋار كۈنىگە كەلگەندە ئاندىن ھۇجۇم باشلاندى، باشقا بىر ئاۋستىرالىيە برىگادىرى شىددەتلىك ئېتىلىۋاتقان زەمبىرەك ئوقىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا جەنۇب تەرەپتىكى جېندىلارغا باستۇرۇپ كىردى. مەزكۇر دىۋىزىيىنىڭ ئىككى برىگادىرى ۋاقىتلىق ياسالغان كۆۋرۈك بېشى جېندىسىغا كىرىپ، ئوڭ ۋە سول ئىككى قاناتقا كېڭەيدى. كەچقۇرۇن بولغاندا مۇداپىئە رايونىنىڭ 1/3 قىسمىنى ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئىشغال قىلدى، ئەتىسى تاڭ سەھەردە قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقانلارنىڭ ئوت كۈچى توختىدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە دۈشمەننىڭ 30 مىڭغا يېقىن ئادىمىنى ئەسىرگە چۈشۈردى، 236 زەمبىرەكنى ئولجا ئالدى.

شۇنداق قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغان ئەنگلىيە فېدېراتىپ قۇملۇق بىكىتۇنى گېنېرال ۋاۋېلىنىڭ قوماندانلىقىدا ئالتە ھەپتە ئىچىدىلا سۇ، ئوزۇق-تۈلۈك كەمچىل جايلاردا 200 ئىنگلىز مىلىدىن ئارتۇق ئالغا ئىلگىرىلەپ، دېڭىز، ھاۋا

ئارمىيىسى دائىم تۇرىدىغان، مۇداپىئەسى كۈچلۈك ئىككى پورتنى ئىشغال قىلدى ۋە ئىتالىيە ئارمىيىسىنىڭ 113 مىڭ ئادىمىنى ئەسىرگە چۈشۈردى، 700 دىن ئوشۇق زەمبىرەكنى ئولجا ئالدى. بۇ 2-دۇنيا ئۇرۇشى باشلىنىپ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى، ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ زور غەلىبىسى. شۇنىڭ بىلەن، مىسىرغا تاجاۋۇز قىلىپ ئۇنى بويسۇندۇرۇۋېلىش قەستىگە چۈشكەن مۇسسولىنىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى تارمار قىلىندى. پەقەت قاتناش ۋە تەمىنلەش جەھەتتىكى چوڭ قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ غەربكە ئىلگىرىلىشى كېيىنكىگە سوزۇلدى.

مۇشۇنداق جەڭلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەنگلىيە فلوتى كۈچلۈك ياردەم بەردى. باتىيا ۋە توبرۇك كېيىنى-كەينىدىن فلوتنىڭ شىددەتلىك بومباردىمان قىلىشىغا ئۇچرىدى. فلوتنىڭ ئايروپىلانلىرىمۇ قۇرۇقلۇق ئۇرۇشىغا قاتناشتى. بولۇپمۇ دېڭىز ئارمىيىسى ھەربىي خادىملارنى ئىشغال قىلىنغان پورتلارغا توشۇشتا ئاجايىپ زور ئۈنۈملۈك ياردەم بەرگەندىن سىرت، يەنە ھەر كۈنى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىغا 3000 توننا تەمىنات بۇيۇملىرى توشۇپ بېرىپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ياردەم بەردى. ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ مۇشۇنچىلىك زور غەلىبىگە ئېرىشەلىشىنى، ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئىتالىيە ھاۋا ئارمىيىسىدىن ئۈستۈن تۇرغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇلار سان جەھەتتە دۈشمەندىن ئارقىدا بولسىمۇ، لېكىن لېيوتچىكلار باتۇرلۇق بىلەن ھۇجۇم قىلىش روھىغا ئىگە بولغانلىقتىن جەڭگىۋارلىقى تېز سۈرئەتتە ئېشىپ دۈشمەننى بېسىپ چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن، ھاۋادىكى ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكىدىن ئىبارەت ئۈستۈنلۈككە تايىنىپ ئىتالىيە

ئايروپىلانلىرىنىڭ 100 دىن كۆپرەكىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتتى.

باتىيا بىلەن توبرۇكتىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم پورتنىڭ قولدىن كېتىشى ئىتالىيىنى قاتتىق زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. ئاما ئىچىدە نارازىلىق تېخىمۇ كۈچەيدى، ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر-بىرىدىن رەنجىش، جېدەل-ماجىرا ئىلگىرىكىدىن كەسكىنلەشتى. مۇسسولىنى بىر مەيدان «تازىلاش» ئېلىپ بېرىش قارارىغا كەلدى. بۇنىڭدىن كىتائو قاتتىق نارازى بولۇپ، «داھىي» ئەمدى ئۆزىنى يەنە ئالدىيالمايدۇ، دەپ قارىدى. 22-يانۋار كۈنى، يەنى توبرۇك قولدىن كەتكەن كۈنى كەچتە، كىتائو تاشقى ئىشلار ۋەزىرى سالاھىيىتى بىلەن، تېخىمۇ مۇھىمى مۇسسولىنىنىڭ ئەڭ سىرداش ئادىمى سۈپىتى بىلەن «داھىي» غا يۈز-خاتىر قىلماي ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن: «سىدى بەررانىدا كىشىلەر تۇيۇقسىز ھۇجۇم توغرىسىدا توختالماقتا. شۇ چاغدا سىز باتىياغا ئۈمىد باغلىدىڭىز، چۈنكى باتۇر بىلگونزولى شۇ يەردە ئىدى. ئىككى سائەتتىن كېيىن باتىيا قولدىن كەتتى. شۇنداق قىلىپ، سىز ئۈمىدىڭىزنى توبرۇكقا باغلىدىڭىز، چۈنكى ئۇ يەردە زەمبىرەكچىلەر پادىشاھى پىتاش مانىلا بار ئىدى. توبرۇكمۇ ئوخشاشلا قولىمىزدىن تارتىۋېلىندى. سىز ھازىرمۇ يەنە تولۇپ-تاشقان ئىشەنچ بىلەن دېرنا ئېگىز تېغى ئۈستىدە توختىلىۋاتىسىز. ئالدىڭىزدا ئىنتايىن خىجىلمەن، سىزنىڭ خەتەرلىك ئوي-خىياللىرىڭىزغا قوشۇلمايمەن. دەيدىغانلىرىم شۇنچىلىك، گەپلىرىمدە چۈشەنگىلى بولمايدىغان سىرلىق نەرسىلەر يوق. ئىتالىيىلىكلەرنىڭ بۇ قېتىمقى قورقۇنچلۇق مەغلۇبىيىتىنىڭ سەۋەبىنى 1918-يىلىدىكى مەغلۇبىيىتىنىڭ سەۋەبى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئەھۋال ھەرقانداق بىر كۆزەتكۈچىگە بەش قولدەك ئايان. مەن ئۆزۈمنى خالىمايمەن، بۇ ھەقتە گېپىم ئېنىق!» دېدى.

چېرچىل شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن، رادىئو ئارقىلىق ئىتالىيىلىكلەرگە بىر نەچچە ئۆتكۈر سۆزلەپ قويۇشنى زۆرۈر تاپتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇنداق قىلىش ئىتالىيە خەلقىنى مۇسسولىنىغا قارشى تۇرۇشقا قوزغاشنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئىدى. 1940-يىل 23-دېكابىر كەچتە، بۇ باش ۋەزىر ئەنگلىيە-ئىتالىيە ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇندىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان دوستلۇق رىشتىنى چۈشەندۈرۈپ، نۆۋەتتىكى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇرۇش ھەققىدە توختالدى: «بىزنىڭ ئارمىيىمىز سىلەرنىڭ ئافرىقا ئىمپېرىيەڭلەرنى پىتچىت قىلىپ تاشلاۋاتىدۇ ھەمدە چوقۇم پىتچىت قىلىپ تاشلايدۇ... بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى قانداق پەيدا بولۇپ قالدى؟ بۇ ئىشلار زادى نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ — دېدى چېرچىل، — ئىتالىيىلىكلەر، سىلەرگە ئەھۋالنى ئېيتىپ قوياي. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئادەمنىڭ كاساپىتىدىن بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئادەم ئىتالىيە خەلقىنى بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن بولغان ھايات-ماماتلىق كۈرەشكە سۆرەپ كىردى، شۇنىڭدەك ئىتالىيىنى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ھېسداشلىقى ۋە دوستلۇقىدىن مەھرۇم قىلدى ... ئۇ 18 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت چوڭ ھوقۇقنى قولىدا تۇتۇپ، قىلچە تەپ تارتماستىن دۆلىتىڭلارنى قورقۇنچلۇق ھالاكەت گىردابىغا باشلاپ كېتىۋاتىدۇ، بۇنى ھېچقايسىڭلار ئىنكار قىلالمايسىلەر. يەنە مۇشۇ ئادەم... بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى قىلىشقا ھەرگىز رازىلىقى يوق ئىتالىيە خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلىپ، قەدىمكى رىمنىڭ ۋارىسلىرى ۋە ئەۋلادلىرىنى رەھىمسىز، ۋەھشىي بىدئەتچىلەر بىلەن بىر قاتارغا قويۇۋاتىدۇ.»

چېرچىل ئىتالىيە خەلقىگە ئۆزىنىڭ باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەن چاغدا مۇسسولىنىغا ئەۋەتكەن خېتى ھەمدە مۇسسولىنىنىڭ 1940-يىل 18-ماي ئەۋەتكەن جاۋاب خېتىنى



www.uyghurkitap.com

ئوقۇپ بەردى. ئارقىدىنلا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ: «مۇسسولىنى 18 يىلدىن بېرى مۇستەبىت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان خەلقنى قەيەرگە باشلاپ كېتىۋاتىدۇ؟ ھازىر ئۇلار تاللىۋالغان نىجاتلىق يولى شۇنچىلىك ناچار! يا سىلەر دېگىنى، ھاۋا ۋە ئافرىقىدا پۈتكۈل بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ زەمبىرەك ئوقىغا، گرېتسىيە مىللىتىنىڭ شىددەتلىك قايتۇرما ھۇجۇمىغا ئۇچرايسىلەر، ياكى بولمىسا، باشقا بىر ئامال تېپىپ بىرېنېر تاغ ئېغىزىدىن ئاتىللانىڭ① ئاچكۆز ئارمىيىسى ۋە مەخپىي ساقچىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئىشغالىيەت يۈرگۈزىسىلەر، باستۇرىسىلەر ۋە ئىتالىيە خەلقىنى قوغدايسىلەر، يەنە كېلىپ، ئۇ ئادەم ۋە ئۇنىڭ ناتسىستلار پارتىيىسىدىكى مۇرىتلىرى ئىتالىيە خەلقىنى ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا ئىنتايىن پەس كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىرقچىلىق قىلىپ سىلەرنى شۇنچىلىك پەس كۆرگەنلىكىدەك ئەھۋال ئەلمىساقتىن تارتىپ كۆرۈلۈپ باقمىغان. بىر ئادەم، پەقەت شۇ بىر ئادەملا سىلەرنى مۇشۇنداق بەختسىز قىسمەتكە دۇچار قىلىۋاتىدۇ. مەن ئىتالىيە مىللىتىنىڭ ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزى يەنە بىر قېتىم ھەل قىلىدىغان شۇ كۈننى كۈتۈۋاتىمەن، بۇ كۈن چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ» دېدى.

چېرچىل دەل ئىتالىيە خەلقىگە نۇتۇق سۆزلىگەن كۈنى، مۇسسولىنى ھەسرەت چەككەن ھالدا كىئانوغا ئىتالىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۈستىدە توختىلىپ: «مەيلى نېمىلا بولسۇن، شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى، 1914-يىلىدىكى ئىتالىيىلىكلەر ھازىرقى ئىتالىيىلىكلەردىن ياخشى. بۇ شۇ چاغدىكى تۈزۈمنى ماختىغانلىق ئەمەس، پەقەت

① ئاتىللا — 5-ئەسىردە ئۆتكەن ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاھى، گاللىيىنى تالان-تاراج قىلىپ، ئىتالىيىگە تاجاۋۇز قىلغان، شۇنىڭ بىلەن غەربىي رىم سۈلھى قىلىشقا مەجبۇر بولغان، بۇ يەردە گىتلېرغا تەمسىل قىلىنىۋاتىدۇ.

پاكىستىنىلا سۆزلەپ قويدۇم» دېگەن، ئەتىسى دېرىزىگە قارىغىنىچە روھى چۈشكۈن هالدا: «بۇ قېتىمقى قار ۋە سوغۇق هاۋا نېمىدېگەن ياخشى! بىزنىڭ كارغا كەلمەيدىغان ئىتالىيىلىكلىرىمىز، بۇ ناچار مىللەت ئۆزگەرسە بولاتتى!» دېگەن. شۇ چاغدا بۇ فاشىستلار زومىگەرىنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن ئۇسال بولۇپ، ئىتالىيە قوراللىق ئارمىيىسىنىڭ لىۋىيە ۋە ئالبانىيىدىكى مەغلۇبىيىتى ئۇنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرۇۋاتاتتى.

ئافرىقىنىڭ فاشىستلارغا قارشى ئۇرۇش مەيدانىدىكى غەلىبىلەر ياۋروپا خەلقى ۋە ئافرىقا خەلقىنىڭ كۈرىشىگە كۈچلۈك ئىلھام بولدى، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئۈمىد يالقۇنى تۇتاشتى. چېرچىل غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەپ، جەڭ نەتىجىسىنى تېز سۈرئەتتە كېڭەيتىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئەنگلىيە باش شتابىغا، ئىتالىيىنىڭ شەرقىي - شىمالىي ئافرىقىدىكى قوراللىق قىسىملىرىنى تېزلىكتە ۋەيران قىلىۋېتىشنى، 1941-يىلىنىڭ دەسلەپكى بىر نەچچە ئېيىنى چەت ئەلدە ئۇرۇش قىلىشنىڭ ئاساسىي نىشانى قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. سىرېنايكىدىكى ئىتالىيە ئارمىيىسى بىتچىت قىلىنىسىلا، نىل دەرياسى ئارمىيىسى ئېفىئوپىيە ۋە سۇدانغا دەرھال يۈرۈش قىلاتتى، شۇنىڭدەك ئېفىئوپىيە زېمىنىدا تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ بارلىققا كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كېنىيىدىكى قىسىملارمۇ رودولف كۆلى بويلاپ شىمالغا تېز ئىلگىرىلەپ، دۈشمەنىنىڭ جانلىق كۈچىنى تېزرەك يوقىتىپ، ئىتالىيىنىڭ ئۇرۇشتىن بالدۇرراق چېكىنىپ چىقىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولاتتى. دەل شۇ چاغدا گىتلېرمۇ مۇسسولىنىغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۆزىنىڭ شېرىكىگە يېڭى يىللىق تەبرىكىنى بىلدۈردى ھەمدە ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ ئۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇشىنى چۈشەندۈردى.

ئىككىلا تەرەپ ئۇرۇش هازىرلىقلىرىنى كۈچەيتىپ، ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى.
ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمى دېگەن ئارمىيىسىنىڭ ماسلىشىشى ئاستىدا شىددەتلىك بولدى. 6-فېۋرال، بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن ئۈچ ھەپتە ئىلگىرى بەنغازىغا ھۇجۇم قىلدى. 5-فېۋرال تاڭ سەھەردە، ئەنگلىيە 7-برونېۋىك دىۋىزىيىسى جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى ئېگىز-پەس بىر مۇنچە رايونلاردىن ئۆتۈپ موسۇسقا باردى. بۇ دىۋىزىيە بۇيرۇق بويىچە دېڭىز بويىدىكى تاشيوللارنى ئۈزۈۋەتتى. شۇ كۈنى كەچتە، 5000 ئىتالىيە ئارمىيىسىنىڭ بىر كولونناسىدىكى تەخمىنەن ئادەم ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ بىداغومدا ياسىغان بىر يول توسالغۇسىغا دۇچ كېلىپ، ناھايىتى تېزلا تەسلىم بولدى. 6-فېۋرال كۈنى تاڭ سەھەردە، ئىتالىيە ئارمىيىسىنىڭ بىر قانچە ئاساسلىق كولوننىسى بۇ تاشيولغا كىرىشكە باشلىدى. ئەنگلىيە ئارمىيىسى كەينى-كەينىدىن كەلگەن، زور مىقداردا تانكا بىلەن قوراللانغان فاشىستلار قوشۇنى بىلەن توپتوغرا بىر كۈن شىددەتلىك جەڭ قىلدى. كەچقۇرۇن بولغاندا ئىتالىيە ئارمىيىسى ئىنتايىن پەرىشان ھالغا چۈشۈپ قالدى، 20 ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتىكى سەپ قالايمىقانلىشىپ كەتتى، ئالدى تەرىپى ئىتىلدى، يان تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. 7-فېۋرال كۈنى تاڭ ئاتقاندا، ئۇلار 30 تانكىنى ئىشقا سېلىپ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يەنە مەغلۇپ بولدى. شۇنداق قىلىپ، بىدكى ئاي ئىچىدە نىل دەرياسى ئارمىيىسى 500 ئىنگلىز مىلى ئالغا ئىلگىرىلىدى ۋە توققۇز دىۋىزىيىدىن ئارتۇق ئىتالىيە قىسمىنى يوقاتتى، 130 مىڭ ئىتالىيە ئەسكىرىنى ئەسىرگە چۈشۈردى، 400 تانكا، 1290 زەمبىرەك ئولجا ئالدى. سىرېنايكا پۈتۈنلەي ئەنگلىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى، مۇسسولىنىنىڭ ئافرىقىغا خوجا بولۇش شېرىن چۈشى بەربات

بېرلدى. باش ۋەزىر چېرچىل گېنېرال ۋاۋېلغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن شانلىق غەلىبىسىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

1941-يىلى يانۋاردا، گېنېرال پرات قوماندانلىقىدىكى بىر ئەنگلىيە فېدېراتىپ قوشۇنى سۇداننى ئازاتلاش ئوپېراتسىيىسىنى باشلىۋەتتى. دەسلەپكى باسقۇچتا جەڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. ئەنگلىيە-ھىندىستان 5-دىۋىزىيىسى بىلەن 4-دىۋىزىيىسى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئالتە ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، كاسارادىكى ئىتالىيە ئارمىيىسىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. 19-يانۋار، ئىتالىيىنىڭ ئىككى دىۋىزىيىسى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، مەزكۇر شەھەردىن چېكىندى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار يەنە كاراباتنى تاشلاپ بېرىپ، سۇداندىن چېكىنىپ چىقتى. مۇشۇ مەزگىللەردە، ئېفىئوپىيە زېمىنىدا قوزغىلاڭ تەشكىللەش خىزمەتلىرىدىمۇ ئىلگىرىلەش بولدى. گېنېرال برىگادىر ساندفورد قوماندانلىقىدىكى كىچىكرەك بىر قوشۇن — سۇداننىڭ بىر باتالىيونى ۋە ئەنگلىيىنىڭ تاللانغان ئوفىتسېرلىرى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەسكەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ — قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ يادروسىنى شەكىللەندۇردى. ئۇلارنىڭ قازانغان نەتىجىلىرى زورايغانسېرى ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغان ۋەتەنپەرۋەر زاتلارمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى. ئېفىئوپىيىنىڭ پادىشاھى سېلاسې 20-يانۋار پادىشاھلىقىغا قايتىپ كەلدى، گوجامنىڭ غەربىدىكى كۆپ قىسىم رايونلاردىكى دۈشمەنلەر قەدەممۇ قەدەم تازىلاندى.

فېۋرالنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، گېنېرال ۋاۋېل باش ۋەزىر چېرچىلنىڭ كۈچلۈك بۇيرۇقىنىڭ ھەيدەكچىلىكى ئاستىدا كىسمايۇنى ئىشغال قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان «بىرېزىنت» ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى قوزغىدى. گېنېرال

كونىنگامغۇ بۇيرۇقنى بىنائەن بۇ قېتىمقى ئوپېراتسىيىگە قاتناشتى. 14-فېۋرال ئەنگلىيە ئارمىيىسى تېز ھەرىكەت قىلىپ كىسمايۇنى ئىشغال قىلدى. 22-فېۋرال جېلبوغا شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى. ئەنگلىيە ئارمىيىسى دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ئىككى يان تەرىپى ھەمدە ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىپ، ناھايىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئىتالىيە ئارمىيىسى پۈتۈن سەپ بويىچە تىرىپىرەن بولۇپ، ئۆلگەن، ئەسىرگە چۈشكەن ياكى ئورمانلىقتا قېچىپ كەتكەنلەر 30 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. 25-فېۋرال ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ ماتورلاشقان قىسمى ئىتالىيىگە قاراشلىق سومالىنىڭ ئاساسلىق پورتى موگادىشوغا بېسىپ كىرىپ، زور مىقداردا ئەسۋاب-ئۈسكۈنە، ئاشلىق ۋە كىيىم-كېچەك يەنە 400 مىڭ گاللوندىن ئارتۇق قىممەتلىك بېنزىن ئولجا ئالدى. ئايرودرومدا پاچاقلىنىپ تاشلانغان 21 ئايروپىلانمۇ بار ئىدى. گېنېرال كونىنگام، كېيىن قەدەمدىكى ھەرىكىتىمىز دۈشمەننىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىمايدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئۇ گېنېرال ۋاۋېلنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، موگادىشودىن 740 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى جىجىگانى 2-قەدەمدە زەربە بېرىش نىشانى قىلىپ بەلگىلىدى، قوشۇن بىر ئاز دەم ئېلىپ تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، يەنى 1-مارت كۈنى يولغا چىقتى. ئۇلار يولبويى ئاجىزراق قارشىلىق كۆرسەتكەن دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ، 17-مارت جىجىگانى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىتالىيىگە قاراشلىق سومالىنىڭ پۈتۈن زېمىنى قايتۇرۇۋېلىندى.

باش ۋەزىر چېرچىل غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە دەرھال گېنېرال ۋاۋېلغا تېلېگرامما يوللاپ سومالىدا قولغا كەلتۈرگەن زور غەلىبىنى تەبرىكلىدى. تېلېگراممىدا مۇنۇلار دېيىلىدۇ: «مەن سىلەرنىڭ سومالىدا قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭلارنى چىن قەلبىمدىن

تەبرىكلەيمەن. گېنېرال كوننىنگام جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن، كۆپ تەلىم-تەربىيە كۆرگەن، تەشكىللىچانلىقى كۈچلۈك قوشۇننى باشلاپ، باتۇرلۇق ۋە يۈرەكلىك هالدا بىر قانار ئىستانسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ئوپېراتسىيىلەرنى ئېلىپ باردى. ئۇنىڭغا ئەنگلىيە پادىشاھى ئالىيلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ مىننەتدارلىقى ۋە ئاپىرىن-بارىكاللاسىنى يەتكۈزۈپ قويارسىز. سىزدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم، بۇ تېلېگراممىنى گېنېرال كوننىنگام ئۆز قىسىملىرىغا يەتكۈزۈپ قويسۇن.»

غەلىبە ئىلھامى ۋە باش ۋەزىرنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن گېنېرال كوننىنگام مىسلىسىز غەيرەت-جاسارەتكە تولۇپ جىجىگانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا يېنىك قوراللانغان قىسىملىرىنى باشلاپ موگادىشونىڭ شىمالىدىن 200 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى فېرفوغا قاراپ ئىلگىرىلىدى، بۇ ئاخىر ئىتالىيىگە قاراشلىق سومالىنى ئىشغال قىلىش ۋە ئەنگلىيىگە قاراشلىق سومالىنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇۋېلىشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان يۈرۈش ئىدى. 29-مارت، قوشۇن دىرې داۋاغا يېتىپ باردى. بۇ يەردە ئازراق دەم ئېلىپ ۋە ئۆزىنى رەتكە سالدى ھەمدە ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچىنى توپلاپ ئېفىئوپىيىنىڭ پايتەختى ئەددىس-ئەبېبەنى ئېلىشقا ھازىرلاندى. مارت ئىچىدە كوننىنگامنىڭ قوشۇنى 850 ئىنگلىز مىلى يول يۈرۈپ، جۇبا دەرياسىدىن ئۆتكەندىن بىرى ئىتالىيە ئارمىيىسىنىڭ 50 مىڭدىن ئوشۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردى، ئەسىرگە چۈشۈرەي ياكى تارمار قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ قوشۇنىدىن ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلار 500 گە يەتمىدى.

مۇشۇ مەزگىللىرى ئېفىئوپىيە ئوپېراتسىيىسىدىمۇ يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. كېرېن گارنىزونى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى، شىددەتلىك جەڭ ئۈچ كۈن داۋام قىلدى، ئەنگلىيە ئارمىيىسىدىن 3000 ئادەم ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى،



www.uyghurkitap.com

غەلىبە بەكمۇ تەسكە توختىدى، جەڭ بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالدى. 20-مارت جەڭ يەنە داۋاملاشتى. ئىتالىيە ئارمىيىسى يەنە بىر قېتىم شىددەتلىك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئۇلار ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە زىيان تارتىسمۇ، لېكىن دەرھال تارمار بولۇشنىڭ ئالامەتلىرى تېخى كۆرۈلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئېنىقكى، ئىتالىيە ئارمىيىسى بۇ قورغاننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلىشقا تەييارلىنىپ قويغانىدى. ئۇلارنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ھەرىكىتى بۆلەكچىلا ئەدەپ كەتتى، نۆۋەتلىشىپ غالجىرلىق بىلەن بومباردىمان قىلىپ، جان ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان گارنىزونىغا يەل بېرىپ ئىلھاملاندۇردى. 25-مارت، ئەنگلىيە ئارمىيىسى يەنە بىر قېتىم شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى، قۇرۇقلۇق، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ زىچ ماسلىشىشى بىلەن 27-مارت ئىتالىيە ئارمىيىسىنىڭ مۇداپىئە سېپىنى ئاخىر بىتچىت قىلىپ، كېرېننى ئىشغال قىلدى. ئاسمارا 1-ئاپرېل ھۇجۇم قىلىپ ئېلىندى، ماساۋا گارنىزونى 8-ئاپرېل تەسلىم بولدى، ئون مىڭدىن ئوشۇق ئادىمى ئەسىرگە چۈشتى.

كېرېن ئوپېراتسىيىسىنىڭ غەلىبىسى ئاساسەن 4-ۋە 5-ئەنگلىيە-ھىندىستان دىۋىزىيىسىنىڭ كۈچى بىلەن قولغا كەلدى. باش ۋەزىر چېرچىل ھىندىستان قوماندان-جەڭچىلىرىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىشتەك ئۇلۇغۋار روھىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، 7-ئاپرېل ھىندىستاننىڭ باش ۋالىيسىغا ئالاھىدە تېلېگرامما يوللاپ ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن جەڭ نەتىجىلىرىنى تەقدىرلىدى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلدۇ: «ھىندىستان قوشۇنلىرىنىڭ ئېرىترىيىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى پۈتكۈل ئىمپېرىيىگە ئىلھام بولدى. مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ خەتەرلىك ھەم تىك كېرېن تېغىغا چىقىش ھەممە ئۇنى بويسۇندۇرۇش ۋاقتىدا كۆرسەتكەن قىزغىنلىقى ۋە

غەيرەت-شىجائىتى بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى (غەربىي شىمال چېگرا) دا يۈز بەرگەن ئۇرۇشنى ئېسىمگە سالدى، مەن ئۇرۇش مەيدانىدا ھىندىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھىندى جەڭچىلىرى بىلەن بىللە شەرەپلىك ھالدا جەڭ قىلغان بىر ئادەم سۈپىتىدە، شۇنىڭدەك ئەنگلىيە پادىشاھ ئائىلىسى ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن، جانابلىرىنىڭ بىز ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرىغا دىققەت قىلغان چېغىمىزدا، ئۆزىمىزنىڭ ئىپتىخارلىق ۋە قايىللىق چىن ھېسسىياتلىرىمىزنى ئۇلارغا ۋە پۈتكۈل ھىندى ئارمىيىسىگە يەتكۈزۈپ قويۇشىڭىزنى سورايمەن.»

چېرچىل يەنە دەرھال گېنېرال كوننىنگام ۋە پراتلارغا ھەمدە ئۇلارنىڭ قەھرىمان قىسىملىرىغا تېلېگرامما يوللاپ، ئەنگلىيە پادىشاھ ئائىلىسى ھۆكۈمىتى ۋە باش ۋەزىر ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ «بۇ قېتىمقى ئۇنتۇلغۇسىز جەڭلەردە ۋاقتىدا قولغا كەلتۈرگەن شانلىق، ئۇلۇغ نەتىجىلىرىنى چىن كۆڭلىدىن تەبرىكلەيدىغان» لىقىنى بىلدۈردى.

6-ئاپرېل، گېنېرال كوننىنگام باشچىلىقىدىكى قوشۇن ئۇزۇن يول يۈرۈپ، ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەپ ئېفىئوپىيىنىڭ پايتەختى ئەددىس-ئەبېبەگە كىردى. بۇ چاغدا ئايرودرومدىكى ئىتالىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قالدۇق ئايروپىلانلىرى ئاللىقاچان پارتلىتىۋېتىلگەنىدى. كوننىنگام دەرھال يېنىك قوراللانغان كۆچلۈك برىگادىرنى دېسىئېدىن شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، ئامبا ئالاگىدىكى ئىتالىيە ئارمىيىسىنى توسۇشقا ئەۋەتتى. مۇسسولىنى جىندىنى «چىڭ ساقلاش» توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىتالىيە ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ، ئۇزۇنغىچە قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ چېكىنىش يولى ئۈزۈۋېتىلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گېنېرال پراتنىڭ قوشۇنلىرىمۇ شىمال تەرەپتىن ھۇجۇم

قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئېفىئوپىيىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر قوراللىق قوشۇنى ئېفىئوپىيە پادىشاھى تەرەپكە ئۆتكەن ئىتالىيىنىڭ يەرلىك قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ، گوجامدىكى دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ 12 مىڭ ئادىمىنى دېبراماركوسقا قوغلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ يېرىمى ئەسىرگە چۈشتى، قالغان قىسمى شىمالدىكى گاندارغا قېچىپ كەتتى، كېيىن گانگودىن ئافرىقىنى توغرىسىغا كېسىپ — 2000 ئىنگلىز مىلى يول يۈرگەن — ئۇرۇشقا قاتناشقىلى كەلگەن خەلق پىدائىيلار قوشۇنى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. 5-ماي كۈنى، ئېفىئوپىيە پادىشاھى سېلاسى زەپەر مارشى ساداسى ئىچىدە پايتەخت ئەددىس-ئەبېبەگە قايتىپ كەلدى.

شۇ چاغدا، چېرچىل مۇسسولىنىنىڭ ياۋروپا كرىزىسىدە ئوينىغان رولىنى، ئېفىئوپىيىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ھەمدە خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ دەسلەپىدىلا كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىپ، ئىس-تۈتەكلەر قاپلاپ كەتكەن ياۋروپا ۋەزىيىتىدىكى بۇ خىل جېدەل-ماجىرالارنى ئوڭايلا بىر تەرەپ قىلىۋېتىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بارلىقىنى ئەسلىدى. ھازىر خىلمۇ خىل جاپا-مۇشەققەت ۋە خەتەرلىك توسقۇنلۇقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىر قورال كۈچى ئارقىلىق بۇ مەسىلە ھەل قىلىندى. ئەنگلىيە باش ۋەزىرى ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ ئىختىيارسىز ھاياجانلاندى ۋە 9-ماي كۈنى، ئېفىئوپىيە پادىشاھى سېلاسىغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى، تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئومۇمىي خەلق شاد-خۇراملىق داغدۇغىسى ئىچىدە پايتەخت ئەددىس-ئەبېبەگە قايتقانلىقىڭىزدىن خەۋەر تاپتىم، بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. ئالىيلىرى قانۇنلۇق پادىشاھلار ئىچىدە فاشىست ناتسىستلىرىنىڭ جىنايەتچىلىرى تەرىپىدىن تەختتىن چۈشۈرۈلگەن ۋە دۆلەت

زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان تۇنجى ئادەم. شۇنداقلا، زەپەر مارشى ئىچىدە ۋەتىنىگە قايتقان تۇنجى ئادەمسىز. ئېفىئوپىيە ۋەتەنپەرۋەرلىرىگە ياردەم بېرىپ ئىتالىيىنىڭ ھەربىي زومىگەرلىكىنى ئۇزۇل-كېسىل يوقاتقان ئەنگلىيە ۋە ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قوماندانلىرى، ئوفىتسېرلىرى ۋە ئەسكەرلىرىگە بولغان جانابىي ئالىيلىرىنىڭ تەشەككۇرىنى ئۇلارغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ قويىمەن. ئەنگلىيە پادشاھ ئالىيلىرى ھۆكۈمىتى ۋە مەنمۇ ئېفىئوپىيىنىڭ رەزىل كۈچلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنچلىق ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.»

يانۋاردا ئۇرۇش باشلانغاندىن بېرى، مۇسسولىنىنىڭ 220 مىڭدىن ئوشۇق ئەسكىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەسىرگە ئېلىندى ياكى يوقىتىلدى. ھازىر پىتىراپ كەتكەن ئەسكەرلىرى تاغلار ئارىسىدا، قىلىن ئورمانلىق ئىچىدە قېچىپ يۈرۈۋاتاتتى. ئېفىئوپىيىنىڭ پۈتۈن زېمىنى ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ، مۇسسولىنىنىڭ قورال كۈچى ئىشلىتىپ بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق ئافرىقا بۈيۈك ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇش ھەمدە قەدىمكى رىم روھىدىن پايدىلىنىپ ئۇ يەرلەرگە ئىتالىيىلىكلەرنى كۆچۈرۈشكە ئۇرۇنۇشتەك شېرىن چۈشى ئۇزۇل-كېسىل بەربات بولدى. شۇڭا مۇسسولىنىنىڭ يۈرىكى قاتتىق ئېچىشتى. ئۇ ھەممىلا ئادەمدىن رەنجىدى، ھەتتا گىتلېرنى «ئادەم ئۆلۈپ كېتىۋاتسىمۇ چاتىقى يوق»، ئىتالىيە ئارمىيىسىنىڭ قوماندان-جەڭچىلىرىنى چىرىكلىشىپ كەتكەن ئىقتىدارسىز، بىر نېمىلەر دەپ تىللىدى. ئۇ 1935-يىلى ۋە 1936-يىلىنى «فاشىستلارنىڭ رومانتىك دەۋرى»، ئەمدى ئۇ دەۋرلەر كەلمەسكە كەتتى، دېدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، ئىتالىيىنىڭ غەربتىكى گرېتسىيە ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئەھۋالىمۇ چاتاق ئىدى.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# گرېتسىيە ئۇرۇشى

شۆھرەتپەرەس مۇسسولىن شىمالىي ئافرىقىغا تاجاۋۇز قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا گرېتسىيىگىمۇ ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇ ئىككى جەھەتتىن تەڭلا تۇتۇش قىلىپ مىسىرنى ئىشغال قىلىش ھەم گرېتسىيىنى بويسۇندۇرۇش خام خىيالىدا بولدى. ھەقىقەتەن شۇنداق بولسا، ئۇ ئافرىقىغا زومىگەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا يەر دېڭىزنىڭ خوجايىنىغا ئايلىناتتى، بۇ نېمىدېگەن ياخشى ئىش-ھە! لېكىن، «داھىي» نىڭ پىلانى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. بىر ھەپتىگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىتالىيىنىڭ گرېتسىيىدىكى «غەلىبىلىك ھۇجۇمى» بىر مەيدان زور كۆلەملىك تارمار بولۇشتەك مەغلۇبىيەتكە ئۆزگەردى. گرېتسىيە ئارمىيىسى ۋە ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىشى ئاستىدا، ئىتالىيە ئارمىيىسى پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ كەينى-كەينىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

1940-يىل 29-ئۆكتەبىر، يەنى مۇسسولىن گرېتسىيىگە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلغان كۈننىڭ ئەتىسى، چېرچىل سۇدانىڭ پايتەختىدىكى خارتۇمدىكى ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ۋەزىرى ئىدېنغا جىددىي تېلېگرامما ئەۋەتىپ: «ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئەڭ مۇھىمى سۇدا قولتۇقىدىكى ئەڭ ياخشى ئايرودروم ۋە دېڭىز ئارمىيىسىنى يېقىلغۇ ماتېرىياللىرى

بىلەن تەمىنلەيدىغان بازىنى ئىگىلەش ئۇخشايدۇ. كرىت ئارىلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قوغداپ قېلىش مىسىرنى قوغداشقا بولغان ئەڭ زور ياردەم ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا كرىت ئارىلى ئىتالىيىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدىغان بولسا، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى قىيىنچىلىقلارنى زور دەرىجىدە كۆپەيتىۋېتىدۇ. مۇشۇنداق زور ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى ئۈچۈن تەۋەككۇلچىلىك قىلىشقا ئەرزىيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ قىممىتى ھەر ھالدا لىۋىيىدە بىر قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ھۇجۇم ھالىتىدىكى ئۇرۇش قىلىشقا تەڭ كېلىدۇ. گېنېرال ۋاۋېل ۋە سمۇتس بىلەن بۇ مەسىلىنى ئومۇمىيۈزلۈك مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، قىلچە ئىككىلەنمەستىن كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەت قوللىنىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ، بۇ باشقا ئۇرۇش رايونلىرىغا تەسىر كۆرسەتسىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق» دېدى. شۇنداق قىلىپ، گرېتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن، كرىت ئارىلىدىكى ئەڭ ياخشى پورت — سۇدا قولتۇقىنى مۇداپىئە قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىككى كۈندىن كېيىن ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئۈتكۈزۈۋالدى.

2-نويابىر كۈنى، چېرچىل تېلېگراممىا ئارقىلىق ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ شتاب باشلىقىغا: «مالتا ئارىلى ئارقىلىق كرىت ئارىلى ياكى گرېتسىيىگە ئۇچىدىغان تۆت بومباردىمانچى ئايروپىلان ئوتتۇرا ئەترىتىنى دەرھال ئەۋەتىڭ، خادىملار بىلەن يەر ئۈستى ماددىي ئەشيالىرى ئوكيان چارلاش پاراخوتى ئارقىلىق توشۇلىدۇ؛ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ بۇ ئوتتۇرا ئەترەتلىرى مۇمكىنقەدەر بالدۇرراق گرېتسىيە زېمىنىدىكى بازىلاردىن ھەرىكەتكە كېلىپ، مۇسسولىنىنىڭ تارانتودىكى فلوتىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشى، شۇنىڭدەك ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ئومۇمىيۈزلۈك پاراكەندىچىلىك سېلىشى كېرەك» دەپ ئۇقتۇردى. 3-نويابىر، چېرچىل يەنە ئېدېن ۋە ئوتتۇرا شەرق

قوماندانلىق شتابىغا تېلېگرامما بېرىپ گرېتسىيىگە ياردەم بېرىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھىلەپ ئۆتتى ۋە: «ئەگەر بىز گرېتسىيىنىڭ ھالاك بولغىنىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ھېچقانداق ياردەم بەرمەيدىغان بولساق، بۇ تۈركىيىگە ۋە ئۇرۇشنىڭ كەلگۈسىگە ئەجەللىك تەسىر پەيدا قىلىدۇ . . . گېرمانىيە ئارمىيىسى ئۇ يەردە تېخىچە پەيدا بولمىدى. كرىت ئارىلىدىكى يېقىلغۇ ماتېرىياللىرى بازىسى بىلەن ئايرودرومىنى قەدەممۇ قەدەم مەڭگۈلۈك ئۇرۇش قىلىشنىڭ قورغانى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. (ئەگەر) بىز مىسىردا ئەسكەرلىرىمىزنى ئىشقا سالماي، ھېچ نەرسە بىلەن چاتىقىمىز بولمىسا، ھېچكىم بىزدىن مىننەتدار بولمايدۇ. ئافېنادىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ زىيىنى كېنىيە ۋە خارتۇمدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ زىيىنىدىنمۇ زور دەرىجىدە ئارتۇق، بىزنىڭ بۇنچىلىك بەدەل تۆلىشىمىز ھاجەتسىز» دېدى.

لېكىن، ئىتالىيە فلوتى ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ كرىت ئارىلىنى ئىشغال قىلمىغىنىغا نىسبەتەن دەل ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئەنگلىيە ئادمىرالى كونىنگام ئۆزىنىڭ زور دەرىجىدە كۈچەيگەن فلوت ئايروپىلانلىرىنى ئىشقا سېلىپ، تارانتودىكى ئاساسلىق بازىدا توختاپ تۇرغان ئىتالىيە فلوتىغا بۇرۇنلا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئويىدا يۈرگەنىدى. بۇ قېتىمقى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش 11-نويابىر باشلاندى. ئالدى بىلەن بىر قاتار مۇۋاپىق ھەربىي ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلدى. تارانتو ئىتالىيىنىڭ ئۆتۈك شەكىللىك يېرىم ئارىلىنىڭ پاشنىسىغا جايلاشقان بولۇپ، مالتا بىلەن ئارىلىقى 320 ئىنگلىز مىلى كېلەتتى. ئۇنىڭ كەڭ پورتىدا قاتمۇ قات مۇداپىئە كۆرۈش ئەسلىھەلىرى بار بولۇپ، زامانىۋىلاشقان قورالىلارنىڭ ھۇجۇمىغا تامامەن تاقابىل تۇرالايتتى. ئەنگلىيىنىڭ پىلانى «شانلىق» ناملىق ئاۋىئاماتكىدىن ئىككى تۈركۈم، يەنى 1-تۈركۈمدە 12

ئايروپىلان، 2-تۈركۈمدە 9 ئايروپىلاننى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 11 ئايروپىلان تورپېدا ئېلىۋېلىش، قالغانلىرى پارتلاتقۇچ بومبا ياكى يورۇتقۇچ بومبا ئېلىۋېلىشى كېرەك ئىدى. ئەتراپقا گۈگۈم پەردىسى تارتىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، «شانلىق» ناملىق ئاۋىئاماتكا تارانتودىن تەخمىنەن 170 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى دېڭىز تەۋەسىدىن ئايروپىلان چىقاردى. ئىتالىيە فلوتى ئوت ئىچىدە قالدى، شىددەتلىك جەڭ بىر سائەت داۋام قىلدى. زېنىت زەمبىرەكلەر دۈشمەنگە كۈچلۈك ئوت ئاچسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيىنىڭ ئىككى ئايروپىلانى ئېتىپ چۈشۈرۈلدى. قالغانلىرى سالامەت «شانلىق» ناملىق ئاۋىئاماتكىغا قايتىپ كەلدى. بۇ جەڭدە ھاۋادىن تارتىلغان سۈرەتلەردىن ئىتالىيىنىڭ ئۈچ ھەربىي پاراخوتى، بىر ئوكيان چارلاش پاراخوتىنىڭ چۆكتۈرۈۋېتىلگەنلىكى، پاراخوت ياساش زاۋۇتىنىڭمۇ ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى ئىسپاتلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، مۇسسولىنىنىڭ فلوتى كەم دېگەندە ئالتە ئاي ئىچىدىمۇ جەڭگىۋارلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

ئىتالىيە ئارمىيىسى ئالبانىيە ئارقىلىق گرېتسىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ، مۇسسولىنىنى يەنە بىر قېتىم ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتتى. تۇنجى قېتىم ھۇجۇم قىلغان قوشۇنلىرى چېكىندۈرۈلدى، تارتقان زىيىنىمۇ چوڭ بولدى. يەنە كېلىپ، گرېتسىيە دەرھال قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. شىمالدىكى ماكېدونىيە ئۇرۇش رايونىدا گرېتسىيە ئارمىيىسى ئالبانىيىگە ھۇجۇم قىلىپ، 22-نويابىر كورچېنى ئىشغال قىلدى. پىندوس تاغ تىزمىلىرىنىڭ شىمالىدىكى مەركىزىي ئۇرۇش رايونىدا ئىتالىيىنىڭ بىر دىۋىزىيىسى پۈتۈنلەي ھالاك بولدى. ئىتالىيە ئارمىيىسى دېڭىز بويى رايونلىرىدا توختىماي ئالغا ئىلگىرىلىدى، لېكىن كاراماس دەرياسىدىن

ئالدىراپ-تېنەپ چېكىندى. گېنېرال پاگوس قوماندانلىقىدىكى گرېتسىيە ئارمىيىسى تاغلىق رايون ئۇرۇشىدا يۇقىرى تاكتىكىسىنى نامايان قىلدى. ئۇلار ئۇستىلىق بىلەن غەلىبە قىلىپ، دۈشمەنگە ئىككى يان تەرەپتىن ئەگىپ ئۆتۈپ ھۇجۇم قىلدى. يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ باتۇرلۇق ۋە ماھىرلىق بىلەن جەڭ قىلىشى نەتىجىسىدە ئىتالىيە ئارمىيىسى پۈتكۈل ئۇرۇش سېپى بويلاپ ئالبانىيە چېگرىسىدىن 30 ئىنگلىز مىلى چېكىندى.

گرېتسىيە ئارمىيىسى قورال-ياراغ ۋە سان جەھەتتە دۈشمەندىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، كەينى-كەيندىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلار ئالبانىيە چېگرىسىدىن ئارىلىقى بەش كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى بىسودېرىنى ئىگىلىدى، ئارقىدىنلا مۇسسولىنىنىڭ خىللانغان ئالپ «جۇرىيە» دىۋىزىيىسىنى قورشىۋېلىپ، ئىتالىيە ئارمىيىسىنىڭ 20 مىڭ ئادىمىنىڭ ئۆلۈشى ۋە يارىدار بولۇشى، شۇنىڭدەك 5000 ئادىمىنىڭ ئەسىرگە چۈشۈشىدەك غايەت زور زىياننى كەلتۈرۈپ چىقاردى. گرېتسىيە ئارمىيىسىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىدىن قورقۇپ كەتكەن مۇسسولىنى دەرغەزەپكە كەلدى ۋە جەڭدە مەغلۇپ بولغان قورقۇنچاق ھەم ئىقتىدارسىز گېنېرال ۋىسكوند بىلەن ياكومونىي بولۇشىغا تىنلىدى. ئاخىر ۋىسكوند باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ئورنىغا ۋېباد سۇدۇ تەيىنلەندى. لېكىن، بۇ قوماندانمۇ ئىلگىرىكىسىگە ئوخشاش قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئىقتىدارسىز ئادەم ئىدى.

مۇسسولىنىنىڭ كەينى-كەيندىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى گىتلېرنى قاتتىق ئالاقزادىلىككە سېلىپ قويدى. ئۇ، ئىتالىيىنىڭ ئاشۇ جايلاردا قوزغىغان ھۇجۇمى «كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان خاتالىق» ھەمدە گېرمانىيىنىڭ بالقان

ئاربلىدىكى ئورنىغا خەۋپ يەتكۈزدى. ئەنگلىزلارنىڭ كېرىت ئارىلىنى ئىگىلەپ ھاۋا ئارمىيىسى بازىسىغا ئىگە بولۇشى، ئۇلارنىڭ بۇ ئارالدىكى بازىدىن رومىنىيىنىڭ نېفىتلىكىنى ئاسانلا بومباردىمان قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، ئۇلار يەنە گرېتسىيە زېمىنىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ گېرمانىيىنىڭ بالقان رايونىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تەھدىت سالىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. گىتلېر بۇ خەۋپ-خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ دەرھال پىلان تۈزۈپ، قوراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزۈشكە تەييارلىق قىلىشى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

شۇنداق قىلىپ، ئالتە ئاي داۋام قىلغان جەڭدە ئىتالىيىلىكلەرنىڭ يۈزىنى چۈشۈرگەن گرېكلەر، گېرمانىيىنىڭ مارشال لىست قوماندانلىقىدىكى 15 دىۋىزىيىدىن تەشكىللەنگەن 12-بىرلەشمە ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرالمىدى. ئەنگلىيە دەرھال لىۋىيىدىن 53 مىڭ كىشىلىك، تەخمىنەن 4 دىۋىزىيىنى گرېتسىيىگە ئەۋەتتى. لېكىن، ئۇلار گرېكلەرگە ئوخشاش گېرمانىيىنىڭ برونېۋىك قىسىملىرى ۋە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ شىددەتلىك بومباردىمان قىلىشىغا ئۇچراپ پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى. شىمال تەرەپتىكى گرېتسىيە ئارمىيىسى 23-ئاپرېل كۈنى، نېمىسلارغا تەسلىم بولدى ھەمدە ئىتالىيىلىكلەرگىمۇ زورمۇزور تەسلىم بولدى. تۆت كۈندىن كېيىن ناتسىستلارنىڭ تانكىلىرى ئافىناغا شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كىردى ۋە 卐 بەلگىلىك بايراقنى تاقىدى. بۇ چاغدا، ئىنگلىزلار جىنىنىڭ بارىچە ئارمىيىنى يەنە بىر قېتىم دېڭىز ئارقىلىق چېكىندۈرۈپ كېتىشنىڭ غېمىدە قالغانىدى، بۇ بىر قېتىملىق كىچىك كۆلەمدىكى دونكىركتىن قوشۇن چېكىندۈرۈش ھەرىكىتى دەپ ئاتالدى.

4-ماي، گىتلېر بېرلىن پارلامېنتىدا «غەلىبە» نۇتقى

سۆزلىدى ھەمدە چېرچىللنى مەسخىرە قىلىپ ئۇنىڭغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى. «ئۇ تارىختا ئۇچىغا چىققان قانخور، شۇنداقلا ئەڭ ناباب ئىستراتېگىيىچى، — دېدى ناتسىستلار كاتتىۋېشى، — بەش يىلدىن بېرى بۇ ئادەم خۇددى ئەقلىدىن ئازغان ساراڭدەك ياۋروپانىڭ ھەممىلا يېرىدە قاتراپ ئۆزىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدىغان نەرسە ئىزدەۋاتىدۇ، ئۇ ھەربىي بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئوسال سىياسەتۋاز؛ ئۇ سىياسەتۋاز بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوخشاشلا ئوسال ھەربىي، چېرچىل ئەپەندىنىڭ تالانتى، سەمىمىي قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، يالغان سۆزلەپ پاكىتنى بۇرمىلاشقا، ئاخىر پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتنى شانلىق غەلىبە قىلىپ سۆزلەشكە ئۇستا ئىكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. چېرچىل ئىستراتېگىيىدىن ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا، يۇگوسلاۋىيە بىلەن گرېتسىيە ئۇرۇش مەيدانىدا مەغلۇپ بولدى. ئۇ باشقا ھەرقانداق دۆلەتتە ھەربىي سوت تەرىپىدىن ھۆكۈم قىلىنىدۇ. نورمالسىز پسىخىك ھالىتى ئۇنىڭ پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ياكى ھە دېسىلا يالغان سۆزلەيدىغان مەست ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.»

ئافىناغا ئاق بايراق قادالغان، گىتلېر بىلەن مۇسسولىن قورال كۈچى ئارقىلىق گرېتسىيە قۇرۇقلۇقىنى ئىشغال قىلىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما ئېگېي دېڭىزى ۋە كرىت ئارىلىدا ئۇرۇش يەنىلا كەسكىن داۋام قىلىۋاتاتتى، ئىككى تەرەپ زور تۈركۈمدە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى ئىشقا سېلىپلا قالماستىن، بەلكى زامانىۋىلاشقان ھاۋا ئارمىيىسى ۋە دېڭىز ئارمىيىسىنىمۇ ئىشقا سالغانىدى، كرىت ئارىلىدا ئېلىپ بېرىلغان دېڭىز، قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا ئارمىيىلىرىنىڭ ستېرېئو ئۇرۇشى گرېتسىيە ئوپېراتسىيە تارىخىدا ئەڭ مەردانە، ئەڭ جىددىي بىر سەھىپىنى ئاچتى.

كرىت ئارىلى گرېتسىيىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارىلى بولۇپ،

ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان، ئومۇمىي يەر مەيدانى 8336 كۋادرات كىلومېتىر كېلەتتى. ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى تۈرلۈك ئىشلاردا مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە. ئەنگلىيە ھەربىي پاراخوتلىرى سۇدا قولتۇقنى بازا ياكى يېقىلغۇ ماتېرىياللىرىنى تولۇقلاش ئورنى قىلىۋالىدىغان بولسا، مالتا ئارىلىنى ناھايىتى ئۈنۈملۈك قوغدىغىلى بولاتتى، مۇبادا ئۇلار كرىت ئارىلىدىكى بازىسىنىڭ ھاۋا مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى مۇستەھكەملىۋالىدىغان بولسا، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايتتى ھەمدە ھەرقانداق دېڭىز يولىدىن تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن دۈشمەن ئارمىيىسىنى چېكىندۈرۈۋېتەلەيتتى.

1941-يىلى مارتنىڭ ئاخىرلىرىدا، چېرچىل مۇسسولىنىنىڭ فلوتى ئېگېي دېڭىزىغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىغا ئېنىق ھۆكۈم قىلدى. ئەنگلىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن ئادمىرال كوننىنگام ترانسپورت كېمە ئەترىتىنىڭ ئۆزىنى ۋاقتىنچە دالدىغا ئېلىپ تۇرۇشىنى قارار قىلدى ھەمدە 27-مارت كەچقۇرۇن «ۋوسپېت» ناملىق پاراخوتقا ئولتۇردى، شۇنىڭدەك «جاسارەت» ناملىق، «بارام» ناملىق پاراخوتنى، «قورقماس» ناملىق ئاۋئاماتكا ۋە توققۇز قوغلىغۇچى كېمىنى باشلاپ ئالېكساندر پورتىدىن يولغا چىقتى. 28-مارت تاڭ سەھەردە، «قورقماس» ناملىق ئاۋئاماتكىدىن ئۇچقان بىر ئايروپىلان، ئىتالىيىنىڭ تۆت ئوكيان چارلاش پاراخوتى ۋە ئالتە قوغلىغۇچى كېمىسى شەرقىي جەنۇبقا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. مۇسسولىنىنىڭ بۇ فلوتىدا سەككىز دىيۇيم كالىبىرلىق زەمبىرەك بىلەن قوراللانغان ئوكيان چارلاش پاراخوتىدىن ئۈچى بار ئىكەن، دەپ مەلۇمات بەردى. لېكىن ئەنگلىيىنىڭ بارلىق ئوكيان چارلاش پاراخوتىدا ئالتە دىيۇيم كالىبىرلىق زەمبىرەكلا بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ، يېرىم

سائەتتەك داۋام قىلغان يېڭىش-يېڭىلىش ئايرىلمىغان جەڭدىن كېيىن، ئىتالىيە پاراخوتلىرى چېكىندى، ئەنگلىيە ئوكيان چارلاش پاراخوتلىرى ئارقىسىدىن تاپ بېسىپلا قوغلىدى. ئىككى سائەتتىن كېيىن ئىتالىيىنىڭ بىر «ۋىكتورىئو ۋىنتو» ناملىق چوڭ ھەربىي پاراخوتى كۆرۈندى. «قورقماس» ناملىق ئاۋىئاماتكىدىن ئۇچۇپ چىققان بىر ئۇرۇش ئايروپىلانى ئىتالىيىنىڭ بۇ چوڭ ھەربىي پاراخوتىغا تورپېدا ھۇجۇم قىلدى، بۇ پاراخوت زەخىملەنگەندىن كېيىن، دەرھال غەربىي شىمال تەرەپكە چېكىندى. كەچتە ئەنگلىيە پاراخوتلىرى 3-قېتىم تورپېدا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئىتالىيىنىڭ «پورا» ناملىق ئېغىر تىپتىكى ئوكيان چارلاش پاراخوتىنى زەخىملەندۈردى.

كەچقۇرۇن بولغاندا، ئادمىرال كوننىنگام قوغلىغۇچى كېمىلەرنى ھۇجۇمغا ئۆتكۈزۈشنى ھەمدە فلوتنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق، كېچىلىك جەڭ قىلىش خەۋپىگە قارىماي، ئىتالىيىنىڭ زەخىملەنگەن چوڭ ھەربىي پاراخوتى بىلەن ئوكيان چارلاش پاراخوتلىرىنى ئۆز دۆلىتىنىڭ دېڭىز بويىدىكى بازىلاردىن ئۇچۇپ چىققان ئايروپىلانلىرىنىڭ قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزمەسلىك قارارىغا كەلدى. ئۇ قاراڭغۇ كېچىدە دۈشمەننىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىپ، ئىتالىيىنىڭ ئىككى ئوكيان چارلاش پاراخوتىغا تورپېدا ھۇجۇم قىلدى. بۇ، «پورا» ناملىق ئېغىر تىپتىكى پاراخوتقا ياردەمگە كېلىۋاتقان «پولا» ۋە «زارا» ناملىق ئىككى پاراخوت بولۇپ، ئۇلاردا سەككىز دىيۇيم كالىبىرلىق زەمبىرەك بار ئىدى. «پولا» ناملىق پاراخوت «ۋوسپېت» ۋە «جاسارەت» ناملىق پاراخوتلىرىدىن ئېتىلغان 15 دىيۇيم كالىبىرلىق زەمبىرەك ئوقىنىڭ زەربىسىدىن سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىلدى. «زارا» ناملىق پاراخوت ئەنگلىيىنىڭ ئۈچ چوڭ ھەربىي پاراخوتىنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ، ئارقىدىنلا كۈچلۈك ئوت ئىچىدە

كۆيۈپ كەتتى. مۇسسولىن بۇ قېتىمقى جەڭدىن كېيىن ئەنگلىيىنىڭ شەرقىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى دېڭىزغا هۆكۈمرانلىق قىلىش هوقۇقىغا ئاسانلىقچە چېقىلالمايدىغان بولۇپ قالدى.

ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولدى. گرېتسىيە خەلقى كۈچلۈك سىلىشتۇرمىسىدا پەرق چوڭ بولۇشتەك ئەھۋال ئاستىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىش روهى نۇر چېچىپ، ياۋروپا خەلقىنىڭ گىتلېر ۋە مۇسسولىنىغا قارشى جاسارەت بىلەن كۈرەشكە ئاتلىنىشىغا ئىلهام بەردى. گرېتسىيە ئوپېراتسىيىسىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى كرىت ئارىلىغا يۆتكەلگەندە، ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى چېرچىل رادىئو نۇتقى سۆزلەپ خەلقنى ئۈمىدسىزلىك، ئالاقزادىلىكتىن قاتتىق ساقلىنىپ، مەردانىلىك، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

گىتلېر بىلەن مۇسسولىن گرېتسىيىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، كرىت ئارىلى گرېتسىيە پادشاھى ۋە هۆكۈمىتىنىڭ ئاخىرقى پۇت دەسسەپ تۇرغۇدەك يېرى، شۇنىڭدەك تۇرلۇك قىسىملارنىڭ مۇھىم يىغىۋېلىش ئورنىغا ئايلىنىپ قالدى. گېرمانىيە، ئىتالىيە فاشىستلىرى بۇ ئارالغا يېرتقۇچلارچە خىرىس قىلىشقا باشلىدى. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئارال مىسىر ۋە مالتا ئارىلىدىكى ئالدىنقى قاراۋۇلنىڭ مۇھىم بىر تايانچ پونكىتى هېسابلىناتتى؛ كرىت ئارىلى گىتلېر ۋە مۇسسولىن ئۈچۈن ئېيتقاندا، گېلىگە تۇرۇپ قالغان ئۇچلۇق سۆڭەك ئىدى. شۇڭا، كرىت ئارىلىنى قوغداش ۋە تارتىۋېلىش كۈرىشى ئىككى ئارمىيىنىڭ شەرقىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى كۈرىشىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

چېرچىل گېرىنگنىڭ كەڭ كۆلەملىك هالدا قورۇقلۇققا

چۈشەلەيدىغان كۈچلۈك بىر ھاۋا دېسانتلىرى قىسمىنى قۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا ئىزچىل كۈچ چىقىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئالالىغاچان بىلىپ بولغانىدى. بۇ دەل گېرمانىيىنىڭ ئەسەبىيلەشكەن ناتسىست باندىتلىرىنىڭ پىسەنتىگە بەكمۇ ياقاتتى. گېرمانىيىنىڭ پاراشوتچىلار دىۋىزىيىسى خىللانغان قىسىم ئىدى، شۇڭا ئەنگلىيە گېرمانىيىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە قانداق قىلىپ تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، بۇ دىۋىزىيىنىڭ رولىنى ھېسابقا ئالغانىدى. لېكىن، بۇ پىلانلار گېرمانىيىنىڭ ۋاقتىنچە بولسىمۇ ھاۋادا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشىغا موھتاج ئىدى. گېرمانىيىنىڭ برىتانىيە ھاۋا بوشلۇقىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى، لېكىن كرىت ئارىلىدىكى ئەھۋال باشقىچە ئىدى. كرىت ئارىلى بالقان ۋە ئېگېي دېڭىزىدا تولۇق بەلكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ھاۋا ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە ئىدى. بولۇپمۇ مۇسسولىن كونتروللۇقىدىكى رودې ئارىلى قەلئەسى كرىت ئارىلىنى قوغداشتا ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى.

28-ئاپرېل، ئەنگلىيە ئاخبارات ئىدارىسى گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ پات ئارىدا كرىت ئارىلىغا دېڭىز ھەم ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. شۇڭا، فاشىستلار بالقان دۆلەتلىرىدە مىڭلىغان بومباردىمانچى ئايروپىلان ۋە سوقۇش ئايروپىلانلىرىنى توپلاپ ھاۋا دېسانتلىرى قىسمىنىڭ قۇرۇقلۇقتا چىقىشىنى ھىمايە قىلىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. چېرچىل يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى دەرھال تېلېگرامما ئارقىلىق ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى باش قوماندانى گېنېرال ۋاۋېلغا يەتكۈزۈپ، ئۇرۇش تەييارلىقىنى كۈچەيتىپ ئارالنى قاتتىق ساقلىشىنى، دۈشمەننىڭ پاراشوتچىلار قىسمىنى زور دەرىجىدە يوقىتىشقا تەييارلىق قىلىشىنى تەلەپ قىلدى؛ ئەنگلىيە باش قوماندانلىق

شتابى باتۇر، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر گېنېرال فرىبېرگنى كرىت ئارىلىدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەشنى تەكلىپ قىلدى.

بېرنارد فرىبېرگنىڭ چېرچىل بىلەن تونۇشقىنىغا كۆپ يىللار بولغانىدى. ئۇ 1-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە يېڭى زېلاندىيىلىك بىر ياش پىدائىي ئەسكەر سۈپىتى بىلەن جاپا-مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئاخىر ئەنگلىيىگە كەلگەنىدى. شۇ چاغدا، دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى چېرچىل ئۇنى «خوئۇد» باتالىيونىنىڭ لېيتېنانتلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇ ئۇرۇش مەزگىللىرى ئاجايىپ تۆھپىلەرنى ياراتتى. شۇڭا، ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش قىلغان تۆت يىل ئىچىدە بىرگادا كوماندىرلىقىغا ئۆستۈرۈلدى ھەمدە 1918-يىلى گېرمانىيە ئارمىيىسى يازلىق ھۇجۇم قوزغىغان جىددىي پەيتتە بائېرنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئېغىزنى ساقلاۋاتقان قىسىمنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. فاشىستلارغا قارشى 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا، شەرەپ بىلەن يېڭى زېلاندىيە دىۋىزىيىسىنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندى ھەمدە كېيىنى-كەينىدىن ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتتى. ھازىر ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ 30 يېرىدە تارتۇق بار. ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى ۋىكتورىيە كرېست ئوردېنى ۋە پەۋقۇلئاددە خىزمەت كۆرسەتكەن شەرىپىگە بېرىلگەن ئىككى ئوردېن ئۇنىڭ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان تۆھپە ياراتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

كرىت ئارىلىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى مۇداپىئەلىنىشكە بىر مۇنچە قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرۇپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭدىكى بىردىنبىر تاشيول شىمالىي دېڭىزنىڭ قىرغىقىدا ئىدى. بۇ تاشيول دۈشمەن تەرىپىدىن ئۈزۈۋېتىلىدىغان بولسىلا، ئىتتىپاقداش ئارمىيە خالىغان ۋاقىتتا تەھدىتكە ئۇچرىغان تايانچ پونكىتلارغا زاپاس قوشۇن يۆتكىيەلمەيتتى. جەنۇبىي قىرغاقتىن شىمالىي قىرغاققىچە بولغان ئارىلىقتا بەزى چىغىر يوللار بار

ئىدى. بۇ يوللار ماتورلاشقان ترانسپورت ماشىنىلىرىنىڭ يۈرۈشىگە مۇۋاپىق كەلمەيتتى. ئېغىر خەۋپ-خەتەرنىڭ بېشىغا كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىشقان مۇناسىۋەتلىك ھەربىي رەھبەرلەر تۈرلۈك ئامال-چارىلەرنى ئىشقا سېلىپ، بۇ ئارالغا ياردەمچى قوشۇن، ئوزۇق-تۈلۈك، قورال-ياراغ، بولۇپمۇ زەمبىرەكلەرنى توشۇغان بولسىمۇ، لېكىن كېچىكىپ قالغانىدى.

مايىنىڭ 2-ھەپتىسى، گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى گرېتسىيە ۋە ئېگېي دېڭىزىدىكى بازىدىن ئايروپىلان چىقىرىپ، كرىت ئارىلىنى ئۇنۇملۈك ھالدا كۈن ئارىلاپ مۇھاسىرىگە ئالدى. ئۇلار بۇ ئارالغا كېلىپ-كېتىپ تۇرغان بارلىق كېمىلەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، بولۇپمۇ پەقەتلا پورتى يوق شىمالىي قىرغاقنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالدى. مايىنىڭ 3-ھەپتىسى كرىت ئارىلىغا توشۇلىدىغان ئاساسلىق قورال-ياراغلار 27 مىڭ تونىنا ئىدى، لېكىن ئارالغا 3000 تونىنىغا يەتمىگەن قورال-ياراغ توشۇپ كېلىندى، قالغان قىسمى قايتۇرۇپ كېتىلمەي، بەلكى يول ئۈستىدە زىيانغا ئۇچرىدى.

كرىت ئارىلىنى ساقلاشقا قاتناشقان كۈچلەر ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، ئاساسلىقى قۇرۇقلۇقتا چىقىش ئورۇنلىرىنى قوغدايتتى. ئىراكلىيوندا ئەنگلىيىنىڭ ئىككى باتالىيونى بىلەن گرېتسىيىنىڭ ئۈچ باتالىيونى بار ئىدى. رېتخىمنون ئەتراپىدا ئاۋستىرالىيىنىڭ 19-برىگادىسى بىلەن گرېتسىيىنىڭ 16-باتالىيونى؛ سۇدا قولتۇقىغا يېقىن جايدا ئاۋستىرالىيىنىڭ ئىككى باتالىيونى ۋە گرېتسىيىنىڭ ئىككى باتالىيونى بار ئىدى. مالىمدا يېڭى زېلاندىيە برىگادىسى ئايرودرومغا يېقىن بىر جايدا تۇراتتى، يەنە بىر برىگادا شەرق تەرەپتە بولۇپ، ھەر ۋاقىت ياردەم بېرىشكە تەييار ئىدى. بۇ گارنىزونلاردىن باشقا يەنە بىر قانچە تاللىق مىلتىق ئەترەتلىرى بار ئىدى، بۇلار گرېتسىيىدىن چېكىنىپ چىققان ئەسكەرلەردىن ۋاقىتىنچە تۈزۈلگەن پولك

ئىدى. گرېتسىيە باتالىيونىنىڭ ئادەم سانى يېتەرلىك ئەمەس، قورال-ياراغلىرى سۈپەتسىز تاللىــق مـــەشىق بولۇپ، ئوق-دورىسىمۇ يېتىشمەيتتى. كرىت ئارىلىنــى ساقلاۋاتقانلار ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن قوشۇنلار بولۇپ، 27 مىڭ 600 ئادىمى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارالدا يەنە 6000 نەپەر ئىتالىيە ئۇرۇش ئەسىرلىرى بار بولۇپ، بۇمۇ ئارالنىڭ مۇداپىئە خىزمىتىگە ئوشۇقچە يۈك بولۇپ قالغانىدى.

ئارالدىكى ھاۋادىن مۇداپىئە كۆرۈش كۈچلىرىمۇ ئىنتايىن بىچارە ئىدى. پۈتۈن ئارال بويىچە ئاران 16 ئېغىر تىپتىكى زېنىت زەمبىرەك، 36 يېنىك تىپتىكى زېنىت زەمبىرەك ۋە ھاۋا مۇداپىئە پروژېكتورىدىن 24 ى بار ئىدى. مايىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى ئەنگلىيە خان جەمەتى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ بۇ ئارالدا پەقەت 12 «بلايىنېن» تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلانى، ئالتە «قۇيۇن» تىپلىق سوقۇش ئايروپىلانى، 12 «پالۋان» تىپلىق سوقۇش ئايروپىلانى ۋە دېڭىز ئارمىيە ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىگە مەنسۇپ ئالتە «بورانقۇش» بىلەن «برۇئېست» تىپلىق سوقۇش ئايروپىلانى بار ئىدى، يەنە كېلىپ بۇ ئايروپىلانلارنىڭ يېرىمىنى ئىشلەتكىلى بولمايتتى.

شۇنچىلىك جىددىي ۋەزىيەت ئالدىدا گېنېرال فرېيبېرگ قىلچە قورقۇپ قالمىدى. ئۇ شۇ چاغدا دۈشمەننىڭ ھاۋا دېسانت قىسىملىرىنىڭ ئۇنچىلىك كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىغا دەرھال ئىشىنىپ كەتمىدى، بەلكى دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ تەشكىللىك ھالدا دېڭىزدىن كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. 1941-يىل 5-ماي، فرېيبېرگ باش ۋەزىر چېرچىلغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ: «قورقۇش دېگەن نېمە؟ بۇنى بىلمەيمەن. ھاۋا دېسانت قىسىملىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن قىلچە ئەنسىرىمەيمەن، ئىشلارنى جايى-جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، مېنىڭچە، قول ئاستىمدىكى قوشۇن بۇنداق ھۇجۇمغا

تاقابىل تۇرالايدۇ. دېڭىز ترانسپورت قىسىملىرى ھاۋا دېسانت قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئەھۋال باشقىچە بولىدۇ. مۇبادا دۈشمەن ئارمىيىسى مەن زەمبىرەك ۋە ترانسپورت قوراللىرىنى يۆتكەپ كېلىشتىن ئىلگىرى بىرلەشمە ھۇجۇم قىلسا، ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش تەسكە چۈشىدۇ. ئەھۋال شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، دېڭىز ئارمىيىسى ياردەم بېرىدىغانلا بولسا، جەڭدە يېڭىلمەيدىغانلىقىمىغا ئىشەنچىم كامىل.

بىز قورال-ياراغ ۋە ترانسپورت قوراللىرىغا ئىگە بولساق ھەممە سوقۇش ئايروپىلانلىرىمىز يەنە ئازراق كۆپەيسە، كرىت ئارىلىنى ساقلاپ قالالايدىغانلىقىمىزدا گەپ يوق. بۇ جەرياندا مۇداپىئە كۈچلىرىمىزنىڭ مەلۇم ئاجىز مەزگىلى كۆرۈلىدۇ.

«بۇ يەردە ھەممە كىشىنىڭ روھى ئۈستۈن، دۈشمەن ئارمىيىسى بىلەن جەڭ قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار، بىز گرېتسىيىدە ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالساقلا، ئۇدۇلىدىن زەربە بېرىمىز» دېدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئەنگلىيە رادىئو ئىستانسىسى ۋە گېزىتلىرىنىڭ خەۋەرلىرىدە، يېڭى زېلاندىيە ئوفىتسېر-جەڭچىلىرىنىڭ گرېتسىيىدە ئارقا سەپنى مۇھاپىزەت قىلىش جېڭىدە ئوينىغان مۇھىم رولى ھەممە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكى تىلغا ئېلىنمىدى، بۇنىڭدىن فرېيبېرگ نارازى بولدى. چېرچىل يېڭى زېلاندىيىلىك ئوفىتسېر-جەڭچىلەرنىڭ نارازىلىق كەيپىياتىنى تۇگىتىش ئۈچۈن 7-ماي گېنېرال فرېيبېرگقا تېلېگراما يوللاپ: «برىتانىيىدىكى ھەر بىر ئادەم مىننەتدارلىق ۋە قايىللىق ھېسسىياتى بىلەن يېڭى زېلاندىيە دىۋىزىيىسىنىڭ مەڭگۈلۈك شان-شەرەپلەر پۈتتۈلگەن گرېتسىيە ئۇرۇش مەيدانىدا ياراتقان ئۇلۇغ ئۇرۇش تۆھپىلىرىگە دىققەت قىلىدۇ. بىز ئوپېراتسىيىنىڭ پۈتكۈل ئەھۋالىنى قەدەممۇ قەدەم چۈشەندۇق،

بەلكى ھازىر يەنىلا چۈشىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىمىز. جەڭ مەيدانىدىكى خەۋەرلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، سىلەرنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپە ھەم ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەردە ئوينىغان مۇھىم رولۇڭلارنى بارغانسېرى چۈشىنىۋاتىمىز. پۈتكۈل ئىمپېرىيە ۋە ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغان دۇنيادا، يېڭى زېلاندىيىنىڭ نامى كىشىنىڭ ئالىي ئېھتىراмىنى قوزغايدۇ. ھازىر بىزنىڭ قەلبىمىز سىلەر بىلەن بىللە، خۇدا سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي» دېدى.

كرىت ئارىلىدىكى جەڭ ئەھۋالى بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كەتتى. گېرمانىيىنىڭ بۇ ئارالغا ھۇجۇم قىلىشقا قاتنىشىدىغان 11-ھاۋا بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ تەخمىنەن 16 مىڭ ئادىمى پىلان بويىچە ھاۋادىن تاشلىناتتى، يەنە 7000 ئادىمى دېڭىزدىن قۇرۇقلۇققا چىقاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە 8-ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى ھاۋادىن ياردەم بېرىدىغان بولدى. ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان ئايروپىلانلارنىڭ سانى: بومباردىمانچى ئايروپىلان 280، شۇڭغۇپ بومباردىمان قىلىش ئايروپىلانى 150، سوقۇش ئايروپىلانى 180، رازۋېدكا ئايروپىلانى 40، پلانېر 100 ۋە «روك 52» تىپلىق ترانسپورت ئايروپىلانى 530 بولۇپ، جەمئىي 1280 ئىدى.

فاشىستلارنىڭ ھاۋا دېسانت قىسىملىرىنىڭ ھۇجۇمى ئۈچ رايوندا، يەنى شەرقتە ئىراكلىيون، ئوتتۇرا قىسىمدا رېتخىمنون، سۇدا ۋە گاننىيە، ئەڭ مۇھىمى غەربتىكى مالىمدا ئېلىپ بېرىش بەلگىلەندى. ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى ناتسىستلارنىڭ ئېغىر تىپتىكى ئايروپىلانلىرى دەسلەپ 1000 قاداق ئېغىرلىقتىكى بومبىنى ئىشقا سېلىپ، يەر يۈزى ھەمدە ھاۋا مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى مەركەزلىك ھالدا بىر سائەت بومباردىمان قىلىدىغان، ئارقىدىنلا پلانېر ياكى پاراشوت بىلەن قىسىملارنىڭ ئاساسلىق كۈچى يەر يۈزىگە چۈشىدىغان،

ئۇنىڭدىن كېيىن ترانسپورت ئايروپىلانلىرى ياردەمچى قىسىملارنى توشۇپ ئەكىلىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ پۇتكۇل ئۇرۇش پىلانى ئىچىدە ئەڭ ھالقىلىق مەسىلە، ھالىم ئايرودرومىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش ئىدى. بۇ ئايروپىلانلارنىڭ قونۇشى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇچۇشى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق ئىدى. ئۇلار كۆپ قېتىم ھاۋادا قاتنىسىلا، پۇتكۇل پىلان ئاساسىدىكى نۇرغۇن قوشۇنلارنى يۆتكەپ كەلگىلى بولاتتى.

جەڭنىڭ شىددەتلىك ۋە شەپقەتسىزلىك دەرىجىسىدىن قارىغاندا، كرىت ئارىلىدىكى ئوپېراتسىيە قەدىمدىن ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان يېگانە ئۇرۇش ھېسابلىناتتى. ئۇرۇش تارىخىدا تۇنجى قېتىم كەڭ كۆلەملىك ھاۋا دېسانت قىسىملىرى ئىشقا سېلىنىدىغان ھۇجۇم ئىدى. گېرمانىيە ھاۋا بىرلەشمە ئارمىيىسى گىتلېرفاشىزمى ياشلار ھەرىكىتىنىڭ ئەسەبىيلىكىنى نامايان قىلدى. ئۇلارنىڭ 1918-يىلىدىكى مەغلۇبىيىتى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشتىكى تېۋۇتون روھى، جان تىكىپ ۋەھشىيلىك بىلەن ئىلىشىدىغان، قاتتىق تەلىم-تەربىيە كۆرگەن ھەم ئىنتايىن سادىق ناتسىستلار پاراشوتچى قىسىملىرىدا ئىپادىلەندى. ئۇلار ئۆلسىمۇ نىيىتىدىن يانماسلىقتەك روھى بىلەن ھاياتىنى «ناتسىستلارنىڭ شەرەپلىك ئىشى» غا ۋە دۇنياغا خوجا بولۇشنىڭ نەزىر-چىراغ مېھرابىغا ئاتىۋېتىشكە تەييار ئىدى.

ناتسىستلار گېرمانىيىسى بۇ ئوپېراتسىيىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئىشقا سېلىشقا بولىدىغان بارلىق ئەسكىرىي كۈچىنى سەرپ ئەتتى. بۇ گېرىنگنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى جەھەتتىكى غايەت زور مۇۋەپپەقىيىتى ئىدى. ئەگەر ئەنگلىيە ئۆز زېمىنى ھاۋا بوشلۇقىدا — ھاۋادا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالغان بولسا؛ گېرمانىيە 1940-يىلىلا ئۆزىنىڭ بۇ قوشۇنلىرىنى ئىشقا سېلىپ برىتانىيە ئارىلىغا ھۇجۇم قىلغان

بولاتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. گېرىنگ ئاخىر ئۇلار ئۇزۇندىن بېرى ئىنتىزار بولۇپ كېلىۋاتقان بۇيرۇقنى چۈشۈردى. بۇ قىسىم ھەققەتەن گېرمانىيىنىڭ ئەڭ سەر خىل، مەيلى قانچىلىك جاپا-مۇشەققەت ۋە خەتەرلىك توسۇقلار ئۇچرىسمۇ، كۆكۈم - تالقان بولۇپ كېتىشتىن قىلچە ئايانماي باتۇرلارچە ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان قوشۇنى ھېسابلىناتتى.

جەڭ 20-ماي تاڭ سەھەردە باشلاندى. گېرمانىيە بۇرۇندىن قوزغاپ كەلگەن ھۇجۇملىرىدا ھېچقاچان بۇ قېتىمقىدەك بۇنچىلىك ئەسەبىيلەشكەن، بۇنچىلىك ۋەھشىيلەشكەن ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرىنچى نىشانى مالىم ئايرودرومىنى تارتىۋېلىش بولدى. بىر سائەت ئىچىدە دۈشمەن ئايروپىلانلىرى مەزكۇر ئايرودرومنىڭ ئەتراپىدىكى تايانچ پونكىتلارنى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە شىددەتلىك بومباردىمان قىلدى ۋە ئوققا تۇتتى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا ئەنگلىيە فېدېراتىپ ئارمىيىسىنىڭ كۆپ قىسىم زەمبىرەكلىرى كاردىن چىقتى. بومباردىمان قىلىش توختىغۇچە پلانېرلار مالىم ئايرودرومىنىڭ غەربىي تەرىپىگە قونۇشقا باشلىدى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 8 دە دۈشمەن ئايروپىلانلىرى 300 دىن 100 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى ھاۋا بوشلۇقىدىن مالىم بىلەن گاننىيە ئارىلىقىدىكى رايونلارغا زور تۈركۈملەپ پاراشوتچى قىسىملارنى تاشلىدى. دۈشمەن ئايروپىلانلىرى توختىماي ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا ئۇچۇپ، چۈشتىن بۇرۇن بىر پولك، جەمئىي تۆت باتالىيوننىڭ ئادىمىنى تاشلىدى، چۈشتىن كېيىن يەنە بىر پولك ئادەمنى تاشلىدى، بۇ جەرياندا ئۇلار خادىملىرىنىڭ ئۆلۈشى ۋە يارىدار بولۇشى، ئايروپىلانلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى بىلەن قىلچە چاتاقى بولمىدى. فاشىستلارنىڭ پلانېرلىرى ۋە ترانسپورت ئايروپىلانلىرى دېڭىز ساھىللىرى، ئورمانلىق ياكى

گۇرۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتقان ئايرودروملارغا قوندى ياكى سوقۇلۇپ پاچاقلىنىپ كەتتى.

1-كۈنى، مالىم ۋە گاننىيە ئارىلىقىدىكى ھەممە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا چۈشكەن گېرمانىيىنىڭ پاراشوتچىلىرى جەمئىي 5000 ئادەمدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار يېڭى زېلاندىيە ئارمىيىسىنىڭ زەمبىرەك ئوقى ئاستىدا ۋە ھايات-ماماتلىق قانلىق جەڭدە ئېغىر زىيان تارتتى. ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ مۇداپىئە رايونى ئىچىگە چۈشكەن گېرمانىيىنىڭ پاراشوتچى ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆلدى، تەڭدىن تولىسى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. 1-كۈندىكى جەڭ غەلىبىسى ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولدى. لېكىن، كەچ بولغاندا، تولۇق قوراللانغان گېرمانىيە قوشۇنلىرى ھەرقايسى رايونلاردا ئۆز ئىختىيارىچە پەيدا بولۇشقا باشلىدى. دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇم قىلىشتىكى كۈچى ئەنگلىيە ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابىنىڭ مۆلچەرىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى، يەنە كېلىپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشتىكى شىددەتلىك دەرىجىسىمۇ دۈشمەننى چۆچۈتۈۋەتتى.

تۆۋەندىكىسى 20-ماي چۈشتىن كېيىن سائەت 10 دا گارنىزون قوماندانى گېنېرال فرېيبېرگنىڭ گېنېرال ۋاۋېلغا يوللىغان دوكلاتنىڭ مەزمۇنى:

«بۈگۈن كۈن بويى شىددەتلىك ۋە قاتتىق جەڭ بولدى. ئارمىيىمىز ئىنتايىن زور بېسىمغا ئۇچرىدى. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بىز ھازىرغىچە رېتىمنون، ئىراكلىيون بىلەن مالىم ئايرودرومى ۋە ئىككى پورتنى ساقلاپ كېلىۋاتىمىز. بۇ جايلارنى ساقلاپ قېلىشتىكى ئۈمىد ئىنتايىن ئاجىز، ئەگەر مەن ئەھۋاللارنى ئىنتايىن ئۈمىدۋارلىق تەلەپپۇزىدا سىزگە مەلۇم قىلسام، ئۇ چاغدا خاتالاشقان بولىمەن. جەڭ شىددەتلىك بولۇۋاتىدۇ، بىز گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ نۇرغۇن ئادىمىنى

ئېتىپ ئۆلتۈردۇق، قاتناش ناھايىتى قىيىن. گانىيە قاتتىق ھاۋا ھۇجۇمىغا ئۇچراۋاتىدۇ. بۇ جايدىكى ھەممە ئادەم بۇ قېتىمقىسى ھايات-ماماتلىق ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇدى، بىز بۇ ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارىمىز.»

گېرمانىيە ئارمىيىسى ئەتىسى، يەنى 21-ماي داۋاملىق ھۇجۇم قىلدى، ترانسپورت ئايروپىلانلىرى يەنە بۇ ئارالنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مالىم ئايرودرومى يەنىلا ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ زەمبىرەكلىرى ۋە مىناميوتلىرىنىڭ كۈچلۈك ھىمايىسى ئاستىدا بولسىمۇ، لېكىن گېرمانىيىنىڭ ئەسكەر توشۇيدىغان ئايروپىلانلىرى ئايرودروم ھەمدە ئۇنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئوڭغۇل-دوڭغۇل يەرلەرگە داۋاملىق قونۇشقا باشلىدى. گېرمانىيە ئالىي قوماندانلىق شتابى زىيان بىلەن ئۇنچىلىك ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى، مۇشۇ رايون دائىرىسىدىلا كەم دېگەندە 100 ئايروپىلان يەر ئۈستىدە سوقۇلۇپ پاچاقلىنىپ كەتتى. ئەھۋال شۇنداق ئېغىر بولسىمۇ، ئايروپىلانلار داۋاملىق كېلىۋەردى. جەڭ باشلىنىپ 3-كۈنى بولغاندا گېرمانىيە ئارمىيىسى مالىم ئايرودرومىدىن ئۈنۈملۈك ھالدا پايدىلاندى. ئەسكەر توشۇيدىغان ئايروپىلانلار داۋاملىق ئۇچۇپ كەلدى، سائەتىگە 20 قېتىمدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ چاغدا گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئايروپىلانلىرى داۋاملىق تۈردە ياردەمچى قوشۇن توشۇپ، تېخىمۇ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ئەنگلىيە ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابىنىڭ مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا، مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە دۈشمەننىڭ ئەسكەر توشۇيدىغان ئايروپىلانىدىن 600 ى مۇشۇ ئايرودرومىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك قونغان ياكى سوقۇلۇپ پاچاقلىنىپ كەتكەن. 20-ماي كۈندىكى ھۇجۇمدىن كېيىن، گېرمانىيە ئالىي قوماندانلىق شتابى رېتخىمنون ۋە ئىراكلىيونغا بولغان ھۇجۇمنى توختىتىش، بەلكى ئاساسلىق ئەسكىرىي

كۆچنى توپلاپ سۇدا قولتۇقى رايونىغا ھۇجۇم قىلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى.

ئەنگلىيىنىڭ ھاۋادىكى رازۋېدكا مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئېگېي دېڭىزىدا گرېتسىيىنىڭ يەلكەنلىك كېمىلىرى پەيدا بولغان. ئادمىرال كوننىنگام 20-ماي بىر يېنىك قوراللانغان فلوتنى كرىت ئارىلىنىڭ غەربىي شىمالىغا ئەۋەتتى. كونتر ئادمىرال روللىنسنىڭ قوماندانلىقىدىكى كۈچلۈك بىر فلوت مۇسسولىنىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ، دەپ پەرەز قىلغان فلوتىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىش ئۈچۈن، «ۋوسپىت» ۋە «جاسارەت» ناملىق ئۇرۇش پاراخوتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سەككىز قوغلىغۇچى كېمىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا كرىت ئارىلىنىڭ غەربىي تەرىپىگە ئورۇنلاشتى. 21-ماي، ئەنگلىيە پاراخوتلىرى كۈن بويى شىددەتلىك ھاۋا ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇردى. «جۇنۇ» ناملىق قوغلىغۇچى كېمىسى زەخىملىنىپ، ئىككى مىنۇتتىن كېيىن چۆكۈپ كەتتى، نۇرغۇن ئادەم ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلدى. «ئاجاكس» ۋە «ئورىئون» ناملىق ئىككى ئوكيان چارلاش پاراخوتىمۇ زەخىملەنگەن بولسىمۇ، لېكىن جەڭنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. كېچە سائەت 11 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ئەنگلىيىنىڭ كونتر ئادمىرالى گلېننى قوماندانلىقىدىكى «ئاجاكس» ۋە «ئورىئون» ناملىق ئوكيان چارلاش پاراخوتى ھەمدە تۆت قوغلىغۇچى كېمە گاننىيىنىڭ شىمالىدىن 18 ئىنگلىزمىلى يىراقلىقتىكى دېڭىز تەۋەسىدە گېرمانىيىنىڭ ئەسكەر توشۇش كېمە ئەترىتىنى توسۇۋالدى، ئاخىر ئىككى يېرىم سائەتلىك شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن گېرمانىيىنىڭ لىق ئەسكەر قاچىلانغان 12 يەلكەنلىك كېمىسى ۋە ئۈچ پاراخوتى چۆكتۈرۈۋېتىلدى. مۆلچەرلىنىشىچە، شۇ كېچىسى سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن گېرمانىيە ئەسكەرلىرى 4000 دىن ئېشىپ كەتكەن.

ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى كرىت ئارىلىنى قوغداش جېڭىدە ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، مۇھىم رولىنى جارى قىلدى. 22- ۋە 23-ماي كۈنلىرى، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى ئىنتايىن چوڭ زىيان تارتتى، يەنى ئەنگلىيىنىڭ ئىككى ئوكيان چارلاش پاراخوتى، ئۈچ قوغلىغۇچى كېمىسى چۆكتۈرۈۋېتىلدى، «ۋوسپىت» ناملىق چوڭ ھەربىي پاراخوت پۈتۈنلەي كاردىن چىقتى. بۇنىڭدىن سىرت يەنە «جاسارەت» ناملىق ۋە باشقا بىر مۇنچە پاراخوتلار ئېغىر زەخىملەندى. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، كرىت ئارىلىنىڭ دېڭىز مۇداپىئەسى ناھايىتى مۇستەھكەم بولدى. كرىت ئارىلىدىكى ئوپېراتسىيە ئاياغلىشىشتىن ئىلگىرى بىرەر نېمىس دېڭىزدىن بۇ ئارالغا چىقالمىدى.

چېرچىل كرىت ئارىلىدىكى جەڭ كىشىنى ئىنتايىن جىددىيلەشتۈرگەن چاغدا، يەنى 23-ماي، زۇڭتۇڭ روزۋېلتقا تېلېگراما ئەۋەتىپ:

«كرىت ئارىلىدىكى جەڭ شىددەتلىك بولۇۋاتىدۇ. چۈنكى بىزگە پايدىلىق بولغان ئاراللاردا ئايرودروم يوق، ھاۋا ئارمىيىسى بىزنىڭ چارلاش فلوتىمىزنى مۇداپىئە قىلىشقا ياكى قوغداشقا ياردەم قىلالمىدى. بىزنىڭ ئىككى ئوكيان چارلاش پاراخوتى بىلەن ئىككى قوغلىغۇچى كېمىمىز دۈشمەن تەرىپىدىن چۆكتۈرۈۋېتىلدى. بىز ھازىر گېرمانىيىنىڭ ئەڭ خىللانغان ئارمىيىسىنى زور دەرىجىدە يوقىتىۋاتىمىز ھەمدە ھېچبولمىغاندا، ئۇلارنىڭ بىر ئەسكەر توشۇش فلوتىنى چۆكتۈرۈۋېتىشكە چامىمىز يېتىدۇ» دېدى.

باش ۋەزىر چېرچىل ئارقىدىنلا ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى قوماندانى گېنېرال ۋاۋېلغا تېلېگراما يوللاپ، ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە پۈتۈن كۈچ بىلەن ئارالدىكى جەڭگە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى، تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«كرىت ئارىلىدىكى جەڭدە چوقۇم غەلىبە قىلىش كېرەك.

دۈشمەن مۇستەھكەم تايانچ پونكىتلارنى ئىگىلىۋالغان تەقدىردىمۇ، ئارالدىكى جەڭنى ئۈزۈن مۇددەتكىچە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا دۈشمەننىڭ ئاساسلىق ھۇجۇم قىلغۇچى كۈچلىرىنى مۇشۇ قېتىمقى جەڭدە ئىسكەنجىگە ئالغىلى بولىدۇ. بۇ ھېچبولمىغاندا سىزگە تانكىلارنى[1] ئىشقا سېلىشقا ھەمدە غەربىي قىسىمدىكى قوملۇقلارنىڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىشقا ۋاقىت يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغاندىلا سىپىرۇسنى قوغداپ قالغىلى بولىدۇ. سىزنىڭ ھەر كۈنى كېچىسى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كرىت ئارىلىغا ياردەم بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. تېخىمۇ كۆپ تانكىلارنى يۆتكەش ئارقىلىق دۈشمەن ئىگىلىۋالغان ئايرودرومنى قايتۇرۇۋالغىلى بولامدۇ؟ دۈشمەننىڭ ئەڭ خىللانغان قوشۇنلىرىنىڭ كۈچى خوراپ بىر يەرگە بېرىپمۇ قالدى، ئۇلارنىڭ تارتقان زىيىنىمۇ ئىنتايىن ئېغىر. جەڭ يەنە داۋاملاشسا ئۇلار بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئەمدى گېنېرال فرېيبېرگقا: ‹پۈتۈن دۇنيا سىزنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان شانلىق كۈرىشىڭىزگە كۆز تىكمەكتە، ئومۇمىي ۋەزىيەت شۇنىڭ بىلەن ئۆزگىرىدۇ› دېگەن گەپنى دەپ قويماقچىمەن» دېدى.

بۇ قەتئىي ئىرادىلىك ئوتتۇرا شەرق باش قوماندانىنىڭ ئالدىغا يەنە تېخىمۇ قاتتىق سىناقلار قويۇلدى، كېيىنكى پاكىتلار ئۇنىڭ بۇ سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلىگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. لېكىن، 26-ماي يېرىم كېچىدە، گېنېرال ۋاۋېل فرېيبېرگدىن كەلگەن جىددىي خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالدى، خەۋەردە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«مەن چوڭقۇر ئېچىنغان ھالدا سىزگە شۇنى ئېيتماي تۇرالمايمەن، مېنىڭچە سۇدا قولتۇقنى ساقلاۋاتقان قوشۇنۇمنىڭ

---

[1] ① ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئارقىلىق ئوتتۇرا شەرققە توشۇلىدىغان تانكىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئادەم كۆچى چىداشلىق بېرەلەيدىغان ئاخىرقى چەككە يەتتى. مەيلى باش قوماندان ھەربىي نۇقتىئىينەزەر بويىچە قانداق قارار چىقارسۇن، بىز بۇ يەردىكى جېنىدىنى ساقلاپ قالالمايمىز. قورال-ياراغلىرى ناچار، يەنە كېلىپ ھەرىكەتچانلىقى ئاجىز، ئادەم سانى ئاز بىزگە ئوخشاش بىر قوشۇن 7-ماي كۈنىدىكىدەك توپلىنىپ بومباردىمان قىلىشلارغا تاقابىل تۇرالمايدۇ. مېنىڭچە، شۇنى سىزگە ئېيتىشىم كېرەككى، ئارقا سەپ تەمىناتى نۇقتىئىينەزەرىدىن قارىغاندا، بۇ قوشۇننى پۈتۈنلەي چېكىندۈرۈپ چىقىشتا يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىقلار بار. ئەگەر سىز بىر قارارغا كەلسىڭىزلا، قوشۇنىمىزنىڭ بىر قىسمى پاراخوتقا چىقالايدۇ. بۇ ئۇرۇش رايونى ئىشغال قىلىنىپ كېتىدىغانلا بولسا، دۈشمەننىڭ ئوخشاش ئۇسۇللار ئارقىلىق رېتىمنون ۋە ئىراكلىيوننى ئىگىلىشى پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى بولۇپ قالىدۇ. ۋىلسى پولكى ۋە زەربىدارلار ئەترىتىدىن باشقا بىزنىڭ بارلىق قىسىملىرىمىز ھەرقانداق بىر ھۇجۇم ھالىتىدە تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. مۇبادا سىز پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىنى نەزىرىڭىزگە ئېلىپ ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش پايدىلىق دەپ قارىسىڭىز، ئۇنداقتا بىز داۋاملىق چىڭ تۇرىمىز. مەن قانداق قىلىپ ئەڭ ئۈنۈملۈك ھالدا ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلىنى ئويلىماي تۇرالمايمەن. سۇدا قولتۇقى ئېھتىمال 24 سائەت ۋاقىت ئىچىدە دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ زەمبىرەك ئوقى ئاستىدا قالىدۇ. يەنە باشقىدىن ئېغىر دەرىجىدە ئۆلۈش ۋە يارىدار بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ، بىز مۇقىم زەمبىرەكلىرىمىزنىڭ تەڭدىن تولىسىدىن ئايرىلىپ قالدۇق.»

چېرچىل ئوتتۇرا شەرق قوماندانلىق شتابىدىن كەلگەن بۇ تېلېگراممىنى كۆرگەندىن كېيىن، يەنى 27-ماي فرېيبېرگقا دەرھال تېلېگراما ئەۋەتىپ، تېخىمۇ كۈچ-غەيرەت بىلەن

چىداشلىق بېرىشنى تەلەپ قىلدى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «سىز قىلىۋاتقان قوغداش ئۇرۇشىغا ھەر قايسى جايلاردىكى خەلقلەر ئاپىرىن ئوقۇماقتا. بىز دۈشمەننىڭ ئاللىقاچان مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىمىز. سىزگە قولىمىزدىن كېلىشىچە، تۈرلۈك ياردەملەرنى بەرمەكچى بولۇۋاتىمىز». لېكىن كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدىكى پەرق چوڭ بولغاچقا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى بارلىق ئۈمىدلەر يوققا چىقتى. شۇ كۈنى كەچتە باش ۋەزىر چېرچىل ۋاۋېلنىڭ كرىت ئارىلىدىن چېكىنىپ چىقىشنى تەلەپ قىلغانلىق توغرىسىدىكى تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى، تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«مېنىڭچە، كرىت ئارىلىنىڭ ۋەزىيىتى ئەڭ ئېغىر پەيتكە كېلىپ قالدى. گاننىيە ئالدىنقى سەپكە بىتچىت قىلىندى، ئەھۋالدىن قارىغاندا، سۇدا قولتۇقى ئەڭ كۆپ بولغاندا 24 سائەت بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. ئەمدى ياردەمچى قوشۇننى جەڭگە قاتناشتۇرۇشنىڭ ئامالى يوق . . . ئارالدىكى قوشۇنىمىزدىكىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى گرېتسىيىدە دۈشمەننىڭ كۈچلۈك ھاۋا ھۇجۇمىنىڭ ئېغىر سىناقلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن، ھازىر ئۇلار كرىت ئارىلىدىمۇ يەنە ئوخشاشلا ئازاب چېكىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا ھۇجۇمى بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، يەنە كېلىپ ھاۋا ھۇجۇمىغا قارشىلىق كۆرسەتكىلى ئامال بولمىسا، ئەڭ قەيسەر ئىرادىلىك قوشۇنمۇ ھامىنى جېنىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولىدۇ ... خەۋەرلەرگە قارىغاندا، رېتىمنوندىكى ئارمىيىنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈۋېتىلگەن، ئوزۇق-تۈلۈكى تۈگەپ كەتكەن. ئىراكلىيوندىكى قوشۇنلارمۇ قورشاۋ ئىچىدە قېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بىز شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، كرىت ئارىلىنى ئەمدى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ. قوشۇن ئىمكانقەدەر

چېكىنىپ كېتىشى كېرەك.»

مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئەنگلىيە ئارمىيىسى ۋە باشقا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيىسى گارنىزونىنى چېكىندۈرۈشتەك ئېغىر ۋەزىپىگە شۇنىڭدەك چوڭ زىيان تارتىشتەك تەقدىرگە يەنە بىر قېتىم دۇچ كەلمەي قالمايتتى. گىتلېر بىلەن مۇسسولىنىنىڭ ھاۋا ۋە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قاتتىق مۇھاسىرىسى ئاستىدا، 22 مىڭ نەپەر جەڭچىنى كرىت ئارىلىدىن يۆتكەش ھەقىقەتەن قىيىن ئىش ئىدى. ترانسپورت فلوتىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىشى بۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى مۇسسولىن ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كونتروللۇقىدىكى 350 دېڭىز مىلى كېلىدىغان دېڭىز تەۋەلىكىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. قۇرۇقلۇققا چىقىش ئورنى سفاكىيە جەنۇبىي دېڭىز قىرغىقىدىكى كىچىككىنە بىر بېلىقچىلىق كەنتى بولۇپ، ئېگىزلىكى 500 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان تىك يارنىڭ ئاستىغا جايلاشقان. پەقەت بىرلا چىغىر يول بىلەن بارغىلى بولاتتى. قوشۇن تىك يارنىڭ بويىدىكى جايغا يوشۇرۇنۇپ، بەلگە بېرىلگەندە ئاندىن كېمىگە چىقىشى كېرەك ئىدى. كاپىتان ئالىس قوماندانلىقىدىكى تۆت قوغلىغۇچى كېمە 28-ماي كۈنى كەچتە يېتىپ كەلدى ۋە 700 ئادەمنى ئېلىپ ماڭدى، بۇ قوغلىغۇچى كېمىلەر توپلىنىپ تۇرغان زور تۈركۈمدىكى ئوفىتسېر-جەڭچىلەرگە يېمەك-ئىچمەكمۇ ئالغاچ كەلگەنىدى. ئۇلار قايتاشىدا سوقۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ماڭدى، شۇڭا بىر قوغلىغۇچى كېمە يېنىك زەخىملەندى. يەنە ئاز دېگەندە 15 مىڭ ئادەم سفاكىيىنىڭ ئەتراپىدىكى ئېگىز-پەس جايلاردا يوشۇرۇنۇپ قالدى. فرېيبېرگنىڭ ئارقا سەپنى مۇھاپىزەت قىلىش قوشۇنى داۋاملىق جەڭ قىلماقتا ئىدى.

ئەمما، بىر پاجىئەلىك تەقدىر بىر ۋاقىتتا يولغا چىققان باشقا بىر فلوتنى كۈتۈپ تۇراتتى. «ئورىئون» ۋە «ئاجاكس»

نامىلىق ئوكيان چارلاش پاراخوتى ھەممە ئالتە قوغلىغۇچى كېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئادمىرال روللىنىس قوماندانلىقىدىكى بۇ فلوت، ئىراكلىيوندىكى گارنىزوننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دېڭىزدا كېتىۋاتاتتى. ئەتىگەن سائەت 5 تىن قاراڭغۇ چۈشكۈچە بولغان ئارىلىقتا، سكارپانتو ئارىلىدىن چىققان دۈشمەن ئايروپىلانلىرى بۇ فلوتنى توختاۋسىز ھالدا شىددەتلىك ئوققا تۇتتى. «ئاجاكس» نامىلىق ئوكيان چارلاش پاراخوتى بىلەن «ئىمپېرىيە» نامىلىق قوغلىغۇچى كېمە چۆكۈپ كېتىشكە تاس قالدى، ئاخىر «ئاجاكس» نامىلىق پاراخوت قايتىشقا مەجبۇر بولدى. قوغلىغۇچى كېمىلەر يېرىم كېچىدىن ئىلگىرى ئىراكلىيونغا يېتىپ كەلدى ۋە قوشۇنلارنى سىرتقى دېڭىزدا ساقلاپ تۇرغان ئوكيان چارلاش پاراخوتىغا توشۇدى. ئەتىگەن سائەت 3 تىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە ۋەزىپە ئورۇنلىنىپ بولدى، پاراخوت 4000 ئادەمنى ئېلىپ قايتتى. يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، زەخىملەنگەن «ئىمپېرىيە» نامىلىق قوغلىغۇچى كېمىنىڭ رولىدىن چاتاق چىقىپ، ئوكيان چارلاش پاراخوتى بىلەن سوقۇلۇپ كېتىشكە تاس قالدى. پۈتۈن فلوت تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى مۇمكىنقەدەر جەنۇبىي دېڭىز تەۋەسىگە كىرىۋېلىش كېرەك ئىدى. لېكىن، ئادمىرال روللىنىس «خېرتىرىسبو» نامىلىق قوغلىغۇچى كېمىگە «ئىمپېرىيە» نامىلىق قوغلىغۇچى كېمىدىكى بارلىق ئەسكەرلەر ۋە كېمە خادىملىرىنى ئېلىپ قايتىش ھەمدە «ئىمپېرىيە» نامىلىق كېمىنى چۆكتۈرۈۋېتىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۆزى چۈشكەن ھەربىي پاراخوتنىڭ سۈرئىتىنى سائەتتىكە 15 دېڭىز مىلى ئاستىلاتتى، شۇنداق بولغاندا 9000 ئەسكەرنى ئېلىپ ماڭغان «خېرتىرىسبو» نامىلىق قوغلىغۇچى كېمە تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن قايتا ئۇچرىشالايتتى.

روللىنىس ئەسلى بەلگىلىگەن ۋاقىتتىن بىر يېرىم سائەت

كېيىن، يەنى قۇياش ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگەندە جەنۇبقا بۇرۇلۇپ كاسىم بوغۇزىغا قاراپ ماڭدى. ئەسلى ھىمايە قىلىشقا سوقۇش ئايروپىلانلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن ئايروپىلانلار كېمىلەرنى تاپالمىدى. قورقۇنچلۇق بومباردىمان ئەتىگەن سائەت 6 دىن باشلىنىپ چۈشتىن كېيىن سائەت 3 كىچە داۋام قىلدى، بۇ چاغدا فلوت ئالېكساندىر پورتىدىن چىقىپ تېخى 100 ئىنگلىز مىلى يول يۈرمىگەنىدى. دەسلەپ «خىلۋود» ناملىق كېمە بەختسىزلىككە ئۇچرىدى، بومبا زەخمىلەندۈرگەچكە مۇھاپىزەتچى فلوتتىن ئايرىلىپ قالدى. كېيىنكى تۆت سائەت ئىچىدە تېخىمۇ كۆپ بەختسىزلىك يۈز بەردى. «ئورىئون» ناملىق ئوكيان چارلاش پاراخوتى بىلەن «دۈشمەننى ئىزىقتۇرۇش» ناملىق قوغلىغۇچى كېمە دۈشمەن تەرىپىدىن زەخمىلەندۈرۈلدى. «ئورىئون» ناملىق كېمىدىكى ئەھۋاللار كىشىنىڭ قورققۇسىنى كەلتۈرەتتى. بۇ كېمىدە خىزمەتچى خادىملاردىن باشقا 1100 نەپەر ئەسكەر بار ئىدى. بىر پارتلاتقۇچ بومبا كېمە پالۇبىسىغا چۈشۈپ، تەخمىنەن 260 ئادەم ئۆلدى، 280 ئادەم يارىدار بولدى. كېمە باشلىقى كاپىتان باككىر بەختسىزلىككە ئۇچرىدى، كېمە ئېغىر زەخمىلىنىپ كۆيۈپ كەتتى. 29-مايغىچە 5000 كىشىگە يېقىن قوشۇن توشۇپ بولۇندى، ئەمما سفاكىيىگە بارىدىغان بارلىق يول ئېغىزلىرىدا يەنە زور تۈركۈمدىكى ئەسكەرلەر قۇتقۇزۇشنى كۈتۈپ تۇراتتى.

چېرچىل 30-ماي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن قايانماي، كرىت ئارىلىدا قېپقالغان ئوفىتسېر-جەڭچىلەرنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ئاخىرقى تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە كاپىتان ئالىس تۆت قوغلىغۇچى كېمىنى باشلاپ سفاكىيىگە يۈرۈپ كەتتى. يول ئۈستىدە ئىككى قوغلىغۇچى كېمە ئامالسىز كەينىگە قايتتى،

«ناپيېر» ۋە «نىزون» ناملىق ئىككى قوغلىغۇچى كېمە داۋاملىق ئىلگىرىلىدى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا 1500 دىن ئوشۇق ئەسكەرنى كېمىگە چىقاردى. بۇ ئىككى قوغلىغۇچى كېمە قايتاشىدا بومبا تېگىپ چۆكۈپ كېتىشكە تاسلا قالدى، ئازراق زەخىملىنىپ بەزى ئەسكەرلەر يارىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ساق-سالامەت ئالېكساندىر پورتىغا يېتىپ كەلدى. بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى، گرېتسىيە پادىشاھى خەۋپ-خەتەرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئەنگلىيە كونسولى بىلەن بىرلىكتە بۇ ئارالدىن ئايرىلدى. شۇ كۈنى كەچتە، قاھىرە باش قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، گېنېرال فرېيبېرگمۇ ئاخىر ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ كرىت ئارىلىدىن ئايرىلدى. 1-ئىيۇن كۈنى، جەمئىي 17 مىڭ 500 ئادەم بىخەتەر ھالدا مىسىرغا توشۇپ كېلىندى. قۇتقۇزۇپ قېلىنماي ئارالدا چېچىلىپ يۈرگەن 5000 ئادەم ئىچىدە، ئاز ساندىكىلىرىنىڭ دۈشمەنگە تەسلىم بولغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان كۆپ قىسمى گىتلېر ۋە مۇسسولىنىنىڭ شېرىكلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

گرېتسىيىنىڭ كرىت ئارىلى ئوپېراتسىيىسى ئىستراتېگىيىلىك تايانچ پونكىتىنى تالىشىشتەك مۇھىم ئەھمىيىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، جاپا-مۇشەققەتلىك كۈرەش داۋامىدا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مىسالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چېرچىل يازغان «2-دۇنيا ئۇرۇشى توغرىسىدا ئەسلىمە» ناملىق كىتابتا ئاشكارىلىنىشىچە، شۇ قېتىمقى قوغداش ئۇرۇشىدا ئەنگلىيە ھەمدە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ جەمئىي 15 مىڭدىن كۆپرەك ئادىمى ئۆلگەن. گېرمانىيە-ئىتالىيە فاشىستلىرىنىڭ 20 مىڭغا يېقىن ئادىمى ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغان. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئۇرۇش باشلانغاندىن بېرى مالىم ۋە سۇدا قولتۇقى رايونىدا گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ 4000 دىن كۆپرەك قەبرىسى

پەيدا بولغان. رېتىمنون ۋە ئىراكلىيوندىكى قەبرىلەرنىڭ سانى 1000 دىن ئېشىپ كەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە گېرمانىيىنىڭ نۇرغۇن ئادىمى دېڭىزدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن. تەخمىنەن ئەسكەر توشۇش ئايروپىلانىدىن 170 ى پاچاقلاپ تاشلانغان ۋە زەخىملەنگەن. گىتلېر بۇ قېتىمقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئېغىر بەدەل تۆلىگەن. گېرىنگ ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەن «قەھرىمان ھاۋا دېسانتلىرى دىۋىزىيىسىنى» ئۇزۇل-كېسىل تارمار قىلىنغان.

گىتلېر كرىت ئارىلىدا تۆلىۋالغۇسىز دەرىجىدە چىقىم تارتىش ھېسابىغا غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن بۇ ھەقتە گېرمانىيە ئارمىيىسى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ خۇلاسە دوكلاتىدا: «ئەنگلىيىنىڭ كرىت ئارىلىدىكى قۇرۇقلۇق قىسىملىرى بىزنىڭ مۆلچەرىمىزدىن تەخمىنەن ئۈچ ھەسسە كۆپ ئىكەن. ئۇلار ئارالدىكى ئۇرۇش رايونلىرىدا ئىمكانقەدەر تۈرلۈك چارە-ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن مۇداپىئە تەييارلىقىنى قىلغان. ئۇلارنىڭ بارلىق مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى ئۇستىلىق بىلەن نىقابلانغان . . . ئىگىلىگەن ئاخباراتىمىزنىڭ تولۇق بولماسلىقى، شۇنىڭدەك دۈشمەن ئەھۋالىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمىگەنلىكىمىز سەۋەبىدىن 11-بىرلەشمە ھاۋا ئارمىيىمىزنىڭ ھۇجۇمى ئىنتايىن زور زىيان ئېلىپ كەلدى ھەمدە ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە ئۆلۈم ۋە يارىدار بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى» دېيىلگەن.

گىتلېر گرېتسىيىنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن زور بەدەل تۆلىدى، ئېغىر دەرىجىدە چىقىم تارتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھىيلە-مىكىرلىك «فيۇرېر» ئەنگلىيىگە يەنە «تىنچلىق شارى» قويۇپ بەردى.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# ھېسنىڭ سىرى

گىتلېر ئەنگلىيە زېمىنىنى بىر يىلغا يېقىن قاتتىق بومباردىمان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيە تىز پۈكمىدى، ئەكسىچە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىردەك غەزەپكە كېلىپ، ئۇرۇش قىلغانسېرى قۇدرەت تاپتى. پاكىستلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ «دېڭىز شىرى پىلانى» بەربات بولدى. شۇڭا گىتلېر ئىستراتېگىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، چاقماق تېزلىكىدىكى ئۇرۇشنىڭ تىغ ئۇچىنى ئاساسلىقى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىش نىيىتىگە كەلدى ۋە يانۋار ياكى فېۋرالدا ئىچ-ئىچىدىن ئۆچلۈكىنى كەلتۈرۈۋاتقان بۇ كوممۇنىست دۆلىتىنى تۈزلىۋېتىپ، ئاندىن ئەنگلىيىنىڭ يەنە بىر ئەدىبىنى بېرىشنى پىلانلىدى. «فىئۇرېر» دەل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇۋېتىدىغان «بارباروسسا» پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان چاغدا، دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان رۇدولف ھېسنىڭ ئۆزى ئايروپىلاننى ھەيدەپ ئەنگلىيىگە «زىيارەت» كە كەتكەنلىك ۋەقەسى يۈز بەردى.

ھېس گېرمانىيە ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئورۇن باسار داھىيسى، ياش، قەددى-قامىتى كېلىشكەن، گىتلېرنىڭ قاتتىق ئېتىبارىغا ئېرىشكەن، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ئىدى. ھېس گىتلېرغا

چوقۇناتتى، دۇنيا مەسىلىسى توغرىسىدىكى بەس-مۇنازىرىلەرگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ دائىم ئۆزى يالغۇز ياكى ئىككى — ئۈچ ئادەم بىلەن گىتلېرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تەتقىق قىلاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىچ-ئىچىدىن ئۆچ بولۇپ، بولشېۋىزمنى يوقىتىۋېتىشنى كۈچلۈك ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ ئەنگلىيىگە ھۆرمەت بىلەن قارايتتى ھەمدە ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن دوستانە ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلاتتى، باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەرنى كۆزگە ئىلمايتتى. ھېس گىتلېرنى ھەرقانداق ئادەمگە قارىغاندا بەكرەك چۈشىنەتتى، گىتلېر بوش ۋاقىتلىرىدا باشقىلارغا قارىغاندا ھېس بىلەن ئەڭ كۆپ كۆرۈشۈپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ ياۋروپا ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى كۆز قارىشى مۇنداق ئىدى: ئەنگلىيە ئۇرۇشپەرەسلەر تەرىپىدىن — چېرچىل ئۇلارنىڭ يۈزەكي سىياسىي قاراشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ — ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنپەئىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، گېرمانىيىنىڭ دوستانە سىياسىتىدىن يۈز ئۆرۈۋدى. بولۇپمۇ ئۇ باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە بولشېۋىزمغا تاقابىل تۇرىدىغان ئىتتىپاققا بۇزغۇنچىلىق سالدى. پەقەت مەن — رۇدولف ھېسلا ئەنگلىيىنىڭ مەركىزىي رايونلىرىغا بېرىپ، ئەنگلىيە پادىشاھىنى گىتلېرنىڭ ئەنگلىيىگە قانچىلىك غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرەلىسەملا، ئۇ چاغدا نۆۋەتتىكى بۇ بەختسىز ئارال دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان، بۇ دۆلەتنىڭ بېشىغا زورۇر بولمىغان بىر مۇنچە بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن رەزىل كۈچلەر پاك-پاكىز يوقىلىدۇ. ئەنگلىيە قانداق قىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ؟ فرانسىيە ئىستېلا قىلىندى. گېرمانىيە سۇ ئاستى كېمىلىرى پات ئارىدا ئەنگلىيىنىڭ بارلىق دېڭىزدىكى قاتنىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. گېرمانىيىنىڭ ھاۋا ھۇجۇمى ئەنگلىيىنىڭ سانائىتىنى بىتچىت قىلىپ، شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.

لېكىن ئۇ كىمنى تېپىشى كېرەك؟ كىنەز خامىلتون ئۇنىڭ سىياسىي مەسلىھەتچىسى ھوۋسېھوفېلىنىڭ ئوغلى بىلەن تونۇشاتتى، ئۇمۇ كىنەز خامىلتوننىڭ خان جەمەتى لاۋازىمات ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكىنى، مۇشۇنداق بىر ئادەمنىڭ ھەركۈنى كەچتە ئەنگلىيە پادىشاھى بىلەن تاماقتا بىللە بولىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك پادىشاھقا كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلالايدىغانلىقىنى بىلەتتى. مانا بۇ ئەنگلىيە پادىشاھىغا بىۋاستە يېقىنلىشىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىدىغان يول ئىدى.

ھېسنىڭ ئەنگلىيىگە زىيارەتكە كەتكەنلىكى پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن ئەڭ چوڭ سىر بولۇپ قالدى. ئامېرىكىنىڭ گېرمانىيە مەسىلىسى بويىچە مۇتەخەسسىسى ۋە داڭلىق مۇخبىرى ۋىلىيام شىلېر مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ھېسنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېتىشى گىتلېرنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى، دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ تۇيۇقسىز كېلىپ قېلىشى چېرچىلنىمۇ ھاڭ-تاڭ قالدۇرغان. ستالىن بولسا بۇنىڭدىن ئىنتايىن گۇمانلانغان. ئۇرۇش بولۇۋاتقان مەزگىلدە، بۇ غەلىتە ئىش تېپىشماق بولۇپ كەتكەنىدى. نيۇرنبېرگدىكى سوراق جەريانىدىلا ئاندىن بۇ سىر ئېچىلدى. ھېس شۇ يەردىكى جاۋابكارلارنىڭ بىرى ئىدى. شۇ چاغدا ناتسىستلارنىڭ شۇنچىلىك مۇھىم بىر ئەزاسىنىڭ ئۆزى يالغۇز ئەنگلىيىگە ئۇچۇپ بېرىشتىكى مەقسىتى، ئەنگلىيە بىلەن سۈلھى سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ھەمدە ئەنگلىيىنى يېنىغا تارتىپ گېرمانىيە بىلەن بىرلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش ئىدى. مانا بۇ «ھېسنىڭ بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشى» نىڭ ئەجەللىك يېرى ئىدى.

ھېس ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ بىر تىنچلىق كېلىشىمىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قولۇمدىن كېلىدۇ، دېگەن خام-خىيال بىلەن ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئايروپىلان ھەيدەپ ئەنگلىيىگە بارغانىدى. ئۇ 1936-يىلى بېرلىندا

www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا كىنەز خامىلتون بىلەن كۆرۈشكەنىدى. ئۇ مېسسېرسمېت ماركىلىق ئايروپىلاندىن پاراشوت بىلەن سەكرەپ ئامان-ئېسەن چۈشكەن بىر كىنەز خامىلتوننىڭ شوتلاندىيىدىكى تۇرار جايىغا 12 ئىنگلىز مىلى كەلمەيتتى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئۇچقان يولىنىڭ ناھايىتى توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. ئۇ بىر دېھقاندىن ئۆزىنى بۇ شوتلاندىيىلىك كىنەزنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. شۇ چاغدا خامىلتون پادىشاھ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ پود پولكوۋنىكى بولۇپ، شۇ شەنبە ئاخشىمى يەلپۈگۈچ شەكىللىك پونكىتىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئىشخانىسىدا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. ئۇ كەچ سائەت 10 دىن بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن، رادار ئېكرانىدا بۇ مېسسېرسمېت ماركىلىق ئايروپىلاننىڭ دېڭىز قىرغىقىدىن ئۇچۇپ كېلىپ يەرگە قونغانلىقىنى كۆرگەنىدى. بىر سائەتتىن كېيىن بىرسى ئۇنىڭغا، بۇ ئايروپىلاننىڭ يەرگە چۈشۈپ كۆيۈپ كەتكەنلىكىنى، ليوتچىكنىڭ پاراشوت بىلەن سەكرەۋاتقانلىقىنى، ليوتچىكنىڭ ئۆز ئىسمىنى ئالفرېد ھوئىن دېگەنلىكىنى، ئالاھىدە ۋەزىپەم بار، دەپ كىنەز خامىلتون بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى دوكلات قىلغان. ئەنگلىيە دائىرىلىرى بۇ كۆرۈشۈشنى ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇنغا ئورۇنلاشتۇرغان.

ھېس ئۆزىنىڭ «ئىنسانپەرۋەرلىك بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتقانلىقىنى، فيۇرېرنىڭ ئەنگلىيىنى مەغلۇپ قىلىش خيالى يوقلۇقىنى، بەلكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، روسىيىگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى» نى چۈشەندۇرگەن. ئۇ يەنە بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ ئەنگلىيىگە كېلىش ئۈچۈن 4-قېتىملىق ئۇرۇنۇشى ئىكەنلىكى، ئالدىنقى ئۈچ قېتىمدا ھاۋا مۇناسىۋىتى بىلەن نائىلاج قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەر ھالدا گېرمانىيىنىڭ

بىر ئىچكى كابىنېت ئەزاسى ئىكەنلىكى، بۇ پاكىتلارنىڭ «ئۆزىنىڭ سەمىمىي نىيىتىنى ۋە گېرمانىيىنىڭ تىنچلىقنى ئۈمىد قىلىش ئارزۇسى» نى ئىسپاتلاپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ھېس بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە، كېيىن باشقىلار بىلەن قىلغان سۆھبىتىدىكىدەك قىلچە ئىككىلەنمەستىن، گېرمانىيىنىڭ بۇ ئۇرۇشتا يېڭىلىدىغانلىقىنى، ئۇرۇش داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، ئىنگلىزلارنىڭ ھالى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا ساھىبخانىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش لازىملىقىنى ئېيتقان. بۇ ناتسىست تەلۋە، ئىنگلىزلار مەن بىلەن ئولتۇرۇپ سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ، دەپ تولۇق ئىشەنچ قىلغان، ئۇ كىنەزدىن «ئۆزى ئەنگلىيىگە قورال ئالماي كەلگەنلىكى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئەركىن ئىرادىسىنى ئاساس قىلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى شەرتلىك قويۇپ بېرىشنى «پادىشاھ» تىن تەلەپ قىلىشنى ئۆتۈنگەن. ئۇ كېيىن يەنە ئۆزىگە ئىچكى كابىنېت ئەزاسىغا لايىق ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلغان.

كېيىنكى بىر نەچچە قېتىملىق سۆھبەتكە ئەنگلىيە تەرەپتىن ئىۋون كىركپاترىك قاتناشقان. ئۇ ئەنگلىيىنىڭ گېرمانىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدىكى گېرمانىيە ئەھۋالىنى چۈشىنىدىغان 1-دەرىجىلىك كاتىپ ئىدى، ئۇنىڭ مەخپىي دوكلاتى كېيىن نيۇرنبېرگ سوتىدا ئىشلىتىلدى. ھېس گىتلېرنىڭ ناتسىستلارنىڭ بارلىق تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتى توغرىسىدىكى ئىزاھاتىنى شاتۇتى دورامچىلىق قىلغاندەك تەكرارلاۋەرگەن ھەمدە ئۇرۇشنى ئەنگلىيە پەيدا قىلدى، ئەگەر ئەنگلىيە ئۇرۇشنى توختاتمايدىكەن، ھوجۇم مەغلۇپ بولىدۇ، دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان، ئارقىدىنلا ناتسىستلار گېرمانىيىسى مەسىلىسى بويىچە كونا تەتقىقاتچىغا ئۆزىنىڭ تىنچلىق تەكلىپىنى بەرگەن.

بۇ تەكلىپلەرنى گىتلېر پولشىغا ھۇجۇم قىلىش ھارپىسىدا چېمبېرلىنغا تېگىشقا كۈچەپ ئۇرۇنغان، ئەمما مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان تەكلىپلەر، يەنى ئەنگلىيە گېرمانىيىنىڭ ياۋروپادا ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويۇش، بۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن گېرمانىيە ئەنگلىيىنىڭ «ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى ئىچىدە پۈتۈنلەي ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويۇش»، گېرمانىيىنىڭ بۇرۇنقى مۇستەملىكىچىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش، ئەلۋەتتە ئەنگلىيە يەنە ئىتالىيە بىلەن سۈلھى قىلىشقا قوشۇلۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

«بىز ئۆيدىن ئايرىلىدىغان چاغدا، — دەيدۇ كىركپاترىك، — ھېس يەنە بىر ئېغىز گەپنى قوشۇمچە قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇ تەكلىپنى پەقەت مۇنداق بىر چۈشىنىش ھاسىل قىلىش ئاساسىدا ئويلىنىشقا بولىدىغانلىقى، يەنى بۇ تەكلىپ ئۈستىدە گېرمانىيىنىڭ ھازىر ھاكىمىيەت بېشىدا بولمىغان ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەكىتلەشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. 1936-يىلىدىن بۇيان ئۇرۇشنى پىلانلاپ كېلىۋاتقان چېرچىل ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇش سىياسىتىنى قوللىغۇچى ھەمراھلىرى فيۇرېر بىلەن ھەمسۆھبەت بولالايدىغان شەخسلەر ئەمەس.»

ناتسىستلار پارتىيىسى ئىچىدە ۋە 3-ئىمپېرىيىدە بىر-بىرى بىلەن قورساق ئۇرۇشتۇرىدىغان رەھىمسىز كۆرەشلەر ئارقىلىق مۇشۇنداق يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولغان نېمىس رودولف ھېس ھەقىقەتەن بەك گۆدەك ئىدى. ئۇنى چۈشىنىدىغان ھەممە كىشى بۇنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ئۇ چېرچىل بولمىغاندىمۇ، ھېچبولمىغاندا «ئۆكتىچىلەر پارتىيىسى» نىڭ قوبۇل قىلىشىغا دەرھال مۇيەسسەر بولىمەن، ئۇلار مېنى ئەستايىدىل سۆھبەت ۋەكىلى دەپ قارايدۇ، دەپ ئىشەنچ قىلغان. ھېس كىنەز خامىلتوننى ئۆكتىچىلەر پارتىيىسى رەھبەرلىرىنىڭ بىرى دەپ

قارىغان. ئۇنىڭ ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن بولغان ئۇچرىشىشى كىرىكپاترىك بىلەنلا چەكلىنىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇرۇشقاقلىق ۋە تەھلىكە سېلىش پوزىتسىيىسى تېخىمۇ ئەدەپ كەتكەن. 14-ماي كۈندىكى بىر قېتىملىق سۆھبەتتە، ئۇ ئۆزىنىڭ ھېلىقى بىر نېمىلىرىگە ئىشەنمىگەن بۇ دىپلوماتقا ئەنگلىيە ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسە دۇچار بولىدىغان قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتنى سۆزلەپ بەرگەن. ئۇ ۋات ئارىدا برىتانىيە تاقىم ئارىلى قاتتىق، ئۇزۇل-كېسىل قامال قىلىنىدۇ، دېگەن.

ھېس ئۆزى ئىنتايىن چوڭ خەۋپكە قارىماي ئۆتكۈزۈش ئۇچۇن كەلگەن سۆھبەتنى دەرھال ئۆتكۈزۈشنى كۈچىنىڭ بارىچە تەشەببۇس قىلغان. ئۇنىڭ كىرىكپاترىكقا چۈشەندۈرۈشىچە: «ئۇنىڭ ئۆز بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشى بىزگە ئىناۋىتىمىزنى يوقاتمىغان ئەھۋالدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش پۇرسىتى بېرىش ئۇچۇن ئىكەن. ئەگەر ئىنگلىزلار بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدىغان بولسا، گىتلېر ئەنگلىيىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىشكە ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن مەڭگۈ بېقىندى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا ھەقلىق ئىكەن». ھېس سۆھبەتكە قاتنىشىدىغان ۋەكىل ئاز بولسۇن دەپ چىڭ تۇرغان ۋە «مەن گېرمانىيىنىڭ بىر مىنىستىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مۇنداق ئورۇندا يەنى، زور بىر تۇركۇم ئادەمنىڭ ئارقا-ئارقىدىن قويغان پىكىرلىرىنى ۋە مەسلىلىرىنى ئۆزۈم يالغۇز ئاڭلاپ ئولتۇرىدىغان ئورۇندا تۇرالمايمەن» دېگەن. لېكىن، كىرىكپاترىك ئۇچۇن ئېيتقاندا، سۆھبەت ئەنە شۇنداق كۆلكىلىك ئاخىرلاشقان.

چېرچىل يازغان «2-دۇنيا ئۇرۇشى توغرىسىدا ئەسلىمە» ناملىق كىتابىدا ئاشكارىلىنىشىچە، چېرچىل شەنبە كۈنى دەم ئېلىۋاتقاندا ھېسنىڭ زىيارەتكە كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان.

ئۆرۈش شارائىتىدا تۇرۇۋاتسىمۇ چېرچىل ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە قاتتىق ئەمەل قىلغان، بولۇپمۇ شەنبە كۈنلۈك دەم ئېلىشنى قولدىن بېرىپ قويمىغان. ئۇ ئادەتتە جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن لوندوندىن ئايرىلىپ شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى چېككېنس باش ۋەزىر سارىيىغا كېتەتتى. بۇ يەردە بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن دەم ئېلىپ، جۈمە چۈشتىن كېيىننى، شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەتتى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى، نېمىسلارنىڭ چېرچىلنى جاھىل، قورقۇنچلۇق دۈشمەن دەپ قارايدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ باش ۋەزىرگە زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدى، شۇنىڭدەك چېرچىلنىڭ چېككېنستا دەم ئېلىۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ باش ۋەزىر سارىيىغا ھاۋادىن تۇيۇقسىز زەربە بېرىشىدىن بەكلا قورقتى، شۇڭا بىر قاتار مۇكەممەل بولغان ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى قوللاندى، يەنى ئاي تولغاندا ھاۋا بوشلۇقىدىن چېككېنسنى ئاسان بايقىغىلى بولىدىغان چاغلىرى، چېرچىل ئۇ يەرگە بارماي، دىچلايغا بېرىپ شۇ يەردە دەم ئالدى. دىچلاي تۇرالغۇسىنىڭ خوجايىنى چېرچىلنىڭ دوستى لېئونارد ئىدى. چېرچىل ھەر قېتىم ئاي تولغان شەنبە كۈنلىرى دىچلايغا بېرىپ خۇددى ئۆز ئائىلىسىدەك، خاتىرجەم خىزمەت قىلغاچ دەم ئالاتتى. لېئونارد يەنە بەزى مۇھىم مېھمانلارنى تەكلىپ قىلىپ، باش ۋەزىرنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشىگە شارائىت ھازىرلاپ بېرەتتى.

چېرچىل كىنو كۆرۈشكە ئىنتايىن ئامراق ئىدى. دىچلاي ياكى چېككېنستا دائىم ئۇ ياخشى كۆرىدىغان كىنولار قويۇلاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەينى چاغدا چېرچىل ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىنو «پەرۋاز قىل، خاملىتون» دېگەن فىلىم ئىكەن. ئۇرۇش ۋاقتىدا باش ۋەزىر بۇ فىلىمنى ئالتە قېتىم كۆرگەن ھەمدە بۇ فىلىمنىڭ رېژىسسورى ئالېكساندىر كوئېرغا

«رىتسار» نامىنى بەرگەنىكەن. 1941-يىلى 11-ماي، يەنى شەنبە كۈنى ھېس ئەنگلىيىگە كەلگەندە، چېرچىل د يدا دەم ئېلىۋاتقاچ ئاكا-ئۇكا ماكسلار باش رولغا چىققان كومېدىيىلىك فىلىمنى كۆرۈۋاتاتتى. بىر چاغدا كاتىپى كېلىپ كىنەز خامىلتوننىڭ ئۇنىڭغا شوتلاندىيىدىن تېلېفون بەرگەنلىكىنى ئېيتتى، چېرچىل بۇنداق چاغلاردا ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئاۋارە قىلىشىنى ياقتۇرمايتتى، لېكىن خامىلتون ئۇنىڭ يېقىن دوستى ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان بىر ۋەزىرىگە تېلېفوننى ئېلىپ قارشى تەرەپنىڭ نېمە گېپى بارلىقىنى ئاڭلاپ بېقىشنى بۇيرۇدى. ئەسلى خامىلتون چېرچىلغا رۇدولف ھېسنىڭ شوتلاندىيىگە كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئۇقتۇرۇپ قويماقچى ئىدى.

ھېسقا ئوخشاش ناتسىستلار كاتتىۋېشىنىڭ قارىشىچە، ميۇنخېن ئۇنسۇرلىرى ئەنگلىيىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا مۇقەررەر ھالدا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتەتتى، ئۇلار يەنە تۈرلۈك ئامىللار ئارقىلىق ئەنگلىيە-گېرمانىيە ئىككى دۆلەتنىڭ سۈلھى شەرتنامىسى تۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇشىغا تۈرتكە بولالايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ميۇنخېن ئۇنسۇرلىرىنىڭ تەسىرىنى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى مۆلچەرلەپ، فاشىزم بىلەن تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنى خالىمايدىغان ئىنگلىزلارنىڭ ئىرادىسىنى ۋە مۇشۇ ئاساستا شەكىللەنگەن چېرچىلنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس مەيدانىنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويغانىدى.

ئەنگلىيە سىياسىئونلىرى ھېسنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تىنچلىقى، ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيىنىڭ گېرمانىيىنىڭ شەرتلىرىگە ئىتائەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈستىدىن غەلىبە قىلسىلا، بۇ شەرتنى يەنە ئۆزى خالىغانچە ئېغىرلىتىشى مۇمكىن

ئىدى. شۇڭا، ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى ھېسىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلالمايتتى. چېرچىلنىڭ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلالماسلىقىدا يەنە باشقا سەۋەبلەرمۇ بار ئىدى. ھېس چېرچىلنىڭ خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشىنى، بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغان فاشىستپەرەس كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ھۆكۈمەت تەشكىللىشىنى تەلەپ قىلدى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ھېسنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەكلىپكە سىرلىق ھالدا سۈكۈت قىلدى ۋە ھېسنىڭ ۋەزىپىسىگە تۇتقان ھەقىقىي پوزىتسىيىسىنى ھەر ھالدا گېرمانىيە رەھبەرلىرىنىڭ بىلىۋېلىشىغا يول قويمىدى. بۇ غەلىتە پوزىتسىيىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئەنگلىيە ۋە باشقا دۆلەتلەر ھېسنىڭ شوتلاندىيىگە كەلگەنلىكىدىن تەشۋىشلىنىپ بىئارام بولدى. باشقا دۆلەتلەر لوندوننىڭ ھېس بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ گىتلېربىلەن تىل بىرىكتۈرۈش شەرتىنى تۈزۈشتىن ئەنسىرىمەكتە. لېكىن نېمىشقا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇ ھەقتە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدۇ؟ بۇ ئەندىشە دۇنيا ۋە ئەنگلىيە جامائەتچىلىكىگە تارقىلىشقا باشلىدى. شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ ھال نېمىس باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئەنگلىيىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ قوياتتى. بۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ھەقىقەتەن پايدىسىز ئىدى. چۈشىنىكسىز يېرى شۇكى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئەندىشىلەرنى تۈگىتىش توغرۇلۇق ھېچقانداق تەدبىر قوللانمىدى.

بۇ ۋەقەنىڭ ئەمەلىي جەريانى، شۇ چاغدىكى دۇنيا كۈچلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ھەمدە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ گېرمانىيە-سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشىدىكى جانىجان مەنپەئەتىدىن قارىغاندا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سۈكۈت قىلىشىدا مەلۇم بىر سەۋەب بار، دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ھال

گىتلېرغا ئەگەر ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلسا، ئىككى فرونتتا ئۇرۇش قىلىش ئەھۋالى كۆرۈلمەيدۇ، دېگەن تەسىراتنى بېرىپ قويۇشى مۇمكىن. ئەنگلىيىدە چىقىدىغان «ئىشچىلار ئايلىق ژۇرنىلى» 1941-يىلى مۇنداق دەپ يازدى: «چېرچىل بىلەن ئامېرىكا دائىرىلىرى ھېسىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، يەنە نېمىشقىدۇر سىرلىق ھالدا سۈكۈت قىلىپ، بۇ مەسىلە توغرۇلۇق رەسمىي چۈشەندۈرۈش بەرمىدى. بۇ سۈكۈتكە بىر خىل سىرلىق مەنە يوشۇرۇنغان، يەنى گىتلېرنى كەلگۈسىدە ياردەمگە ئېگە بولۇشقا ئۈمىدلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ تەۋەككۈل قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشتەك بىر تۈرلۈك بېشارەت بېرىلگەنمۇ-قانداق؟ گىتلېر راستتىنلا تەۋەككۈلچىلىك قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك. ئەنگلىيە دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى ئەقىل كۆرسەتكۈچى بىر ئەرباب، ھېسنى ئۈچۈپ قايتىپ كېلىدىغان قورال[1]گىتلېرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش يەمچۈكىدىن پايدىلانسا ئۇنىڭ ئۆزى قىلتاققا چۈشىدۇ، دەپ ھېسابلامدۇ؟ گىتلېرئىلگىرى دائىم ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىق سىنىپىنى مۇشۇنداق كولدۇرلىتىپ كەلگەن.»

گىتلېر سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرمىدى، شۇنداقلا ۋاقىتنى ئارقىغا سۈرمىدى. ئەگەر گىتلېر ۋە گېرمانىيىنىڭ ھەربىي ساھەسىدىكى رەھبەرلەر شەرتسىز ھالدا ئىككى تەرەپتە ھەرگىز ئۇرۇش قىلماسلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرسا، ئۇنداقتا ھېسقا بەرگەن يەمچۈكنى گىتلېر يۇتۇۋالدى دېمەي بولمايدۇ، چېرچىلنىڭ ئەنگلىيە دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىك قىلىشى ۋە بۇ مەسىلىنىڭ مۇھىملىقى بويىچە گىتلېرغا يەمچۈك تاشلاپ

[1] ئاسمانغا تاشلىۋەتسە ئۇچۇپ قايتىپ كېلىدىغان بىر خىل قورالنى كۆرسىتىدۇ.

بەرگەن «ئەنگلىيە دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى ئەقىل كۆرسەتكۈچى ئەرباب» ئەمەس، دەل چېرچىلنىڭ ئۆزى دەپ ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ. گىتلېر 30-يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى ئەربابىنى، ئالدى بىلەن نېۋىل چېمبېرلىننى تالاي قېتىم كولدۇرلاتتى. ئەمدى بۇ قېتىم چېرچىل ھىيلىگەرلىك بىلەن گىتلېرنى ئەخمەق قىلدى، شۇنىڭدەك ئۇنى ھالاكەتلىك تەقدىرگە دۇچار قىلدى.

1941-يىل ئىيۇننىڭ ئوتتۇرلىرىدا، چېرچىل گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىدىغان ۋاقتىغا ساناقلىقلا كۈن قالدى، دەپ ھېسابلىدى. ئۇ، ئەنگلىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ياردىمىگە تايىنىشى كېرەكلىكىگە، بۇنىڭ گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى تۈپەيلىدىن كېلىدىغان ياردەم ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنەتتى. ئۇ زۇڭتۇڭ روزۋېلت بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياردەم بېرىشكە بىردەك قوشۇلدى، چۈنكى ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ جانجان مەنپەئىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسىمۇ مۇشۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى.

1941-يىل 20-ئىيۇن، چېرچىل ھەپتە ئاخىرىدىكى دەم ئېلىشنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن چېككېرسقا باردى. چېككېرس لوندونغا يېقىن بولۇپ، ماشىنا بىلەن ماڭسا بىر سائەتلىك مۇساپە ئىدى. ئۇ ئادەتتە جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن تەخمىنەن سائەت 4 تە چېككېرسقا باراتتى. بۇنداق چاغلاردا بىر قىسىم ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ مەشھۇر ئەربابلىرى ۋە ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ جامائەت ئەربابلىرى چېرچىل بىلەن بىللە بولاتتى. ئۇنىڭ چېككېرستا ئۈچ كاتىپى ۋە خۇسۇسىي ياردەمچى مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى، خاس كانۋويى ھەم مۇھاپىزەتچىسى، ئۇلارغا ياردەملىشىدىغان مەخپىي

رازۋېدكىچىسى قاتارلىقلار، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نەپەر كىنو قويغۇچى، ئۈچ نەپەر شوپۇر ھەمدە قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن لوندون ساقچى ئىدارىسىدىن كەلگەن خىزمەتچى خادىملارمۇ بار ئىدى.

چېرچىلنىڭ چېككىنىسقا دەم ئېلىشقا كەلگەندە قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى يۇيۇنۇش ئىدى. ئۇنىڭ بىئوگرافى چېرچىل يۇيۇنۇشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، دېگەن. ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى تومسوننىڭ ئېيتىشىچە، 20-يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى، ئۇلار پويىزغا ئولتۇرۇپ مىسىرغا ماڭغان، پويىز قۇملۇقتا كېتىۋاتقاندا چېرچىل تۇيۇقسىز پويىزنى توختىتىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرگەن ھەمدە پويىزنىڭ پار قازىنىدىن ئۆزىنىڭ يۇيۇنۇشى ئۈچۈن ئىسسىق سۇ ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، ھەممە تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، ھەيران قالغان بىرمۇنچە ئەرەبلەرنىڭ كۆز ئالدىدا يۇيۇنۇپ تۇرۇپ: «ئۇلار ئەزەلدىن يالىڭاچ ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەن. يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، كىشىنىڭ كۈلگۈسىنى كەلتۈرىدىغان غەلىتە كىيىمنى كىيىپ چۈشلۈك تاماق يېگەن. ئاندىن مېھمانلار بىلەن بىردەم - يېرىمدەم پاراڭلاشقان ۋە كاتىپىنى ئۆزىنىڭ ئۈستۈن قەۋەتتىكى ھۇجرىسىغا چاقىرىپ خىزمىتىنى باشلىۋەتكەن. ئۇ دائىم ئەتىگەن سائەت 4 كېچە ئىشلەيتتى. شۇ چاغدا چېرچىلنىڭ خىزمىتى ئىنتايىن ئېغىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ زېھنى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنىڭ ئىلگىرى ھازىرقىدەك بۇنچىلىك ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلمىغان. ئۇنىڭ ئىشتىھاسى ناھايىتى ياخشى، تېنى ساغلام بولۇپ، 67 ياشلىق بۇ ئادەم قارىماققا «ياش، تېتىك» كۆرۈنەتتى. خۇددى «تايمېس گېزىتى» نىڭ تەھرىرى باللىنگتون ۋېلد ئېيتقاندەك: «ئۇ ھەقىقەتەن باشقا ئادەمگە ئالمىشىپ قالغاندەك ئىدى، يەنى مەن ئۇرۇشتىن

ئىلگىرى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن چېغىمدىكى ئۇنىڭ قېرىلىق يېتىپ قالغان قىياپىتىگە زادى ئوخشىمايتتى.»

چېرچىل گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسىگە ئىنتايىن دىققەت قىلاتتى. ئۇ گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئەتراپلىرىغا قوشۇن توپلاۋاتقانلىقىنى بىلگەندە ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتكەن. ئەمما، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرا رايونلىرىغا توپلىنىشى پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن بېسىم قىلىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسىمىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇش قىلمايلا گېرمانىيىگە تەسلىم بولۇپ كېتەرمۇ، دېگەن مەسىلە ئۇنى ئەندىشىگە سېلىپ قويغانىدى. چېرچىل ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئادەم ھاۋاغا شۇنچىلىك ئېھتىياجلىق بولغىنىدەك، ئۇمۇ گېرمانىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا تەشنا ئىدى. ئەنگلىيە پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش باشلانغان ئەھۋالدىلا، ئاندىن كۈچلۈك ئىتتىپاقداشقا ئىگە بولالايتتى. گېرمانىيىگە قارشى كۈرەشتە مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى گېرمانىيىگە قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشقا قاتناشسىلا، ئەنگلىيە ئامېرىكىنىڭ ئۆزى تەرەپكە ئۆتكۈچە بەرداشلىق بېرەلەيتتى، شۇڭا چېرچىل گېرمانىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بالدۇرراق ئۇرۇش قىلىشىنى كۈچلۈك ئارزۇ قىلاتتى.

1941-يىل 22-ئىيۇننىڭ ھارپىسى، دەل ھەپتە ئاخىرى بولۇپ، شەنبىلىك دەم ئېلىشنى چېرچىل بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان مېھمانلار ئىچىدە ئېدېن، ستاففورد كرىپس، تۆرە بېئاۋېربروئوك، تۆرە كرانبورن ۋە ئامېرىكا باش ئەلچىسى ۋىنانت قاتارلىقلار بار ئىدى. ئامېرىكا ئەلچىسى چېرچىلغا

روزۋېلتنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ، زۇڭتۇڭ «باش ۋەزىرنىڭ روسىيىنى ئىتتىپاقداش دۆلەت سۈپىتىدە قارشى ئالىدىغان ھەرقانداق باياناتى» نى قوللايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە چېرچىلنىڭ خۇسۇسىي كاتىپى كولۋىل چىككىنىستا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. شەنبە كۈنى ئۇ چېرچىلغا ھەمراھ بولۇپ كالتەك توپ مەيدانىدا سەيلە قىلىپ يۈرگەچ، ئۇنىڭدىن: «سىز كوممۇنىستلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى تۇرۇپ، گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشتا سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوللىسىڭىز، پرىنسىپقا خىلاپلىق قىلغان بولمامسىز» دەپ سورىدى. چېرچىل تولىمۇ مەنىلىك قىلىپ: «پرىنسىپقا ئازراقمۇ خىلاپلىق قىلغان بولمايمەن. مېنىڭ پەقەت بىرلا مەقسىتىم بار، ئۇ بولسىمۇ گىتلېرنى يوقىتىش، بۇ مەقسەت مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇۋەتتى. ئەگەر گىتلېر دوزاخقا تاجاۋۇز قىلىدىغان بولسا، مەنمۇ ھېچبولمىغاندا تۆۋەن پالاتادا ئىبلىسقا ھېسداشلىق قىلىدىغان بىر بايانات ئېلان قىلىمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

22-ئىيۇن، يەنى يەكشەنبە ئەتىگەن سائەت 4 تە لوندوندىن كەلگەن تېلېفوننىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازى كولۋىلنى ئويغىتىۋەتتى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. چېرچىل خىزمەتچى خادىملىرىغا نېمىسلار ئەنگلىيىگە تاجاۋۇز قىلمىسىلا، ئۆزىنى ئەتىگەن سائەت 8 دىن ئىلگىرى ھەرگىز ئويغاتماسلىقى توغرۇلۇق قاتتىق بۇيرۇق بەرگەنىدى. شۇڭا، كولۋىل سائەت 8 بولغاندا چېرچىلغا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلانغانلىقىنى دوكلات قىلدى. تومسوننىڭ تەسۋىرلەپ بېرىشىچە، چىككىنستىكى بارلىق كىشىلەر گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندا بىر خىل «ھەرگىز چۈشىنىپ

بولمايدىغان . . . يەلكىسىدىن تاغ غۇلاپ چۈشكەندەك يېنىكلەپ قالىدىغان» كەيپىيات شەكىللەنگەن. «بىز ئۈچۈن ئىستانداد بۇ خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ئىنتايىن ياخشى ئىش، — دەيدۇ ئېمىمبېرىس خۇئېس، — گىتلېرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشى خودانىڭ چېرچىلغا بەرگەن سوۋغىتى، بۇ چېرچىلنىڭ ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى ئېرىشكەن ئەڭ ياخشى خەۋىرى.»

چېرچىل ئەنگلىيە رادىئو شىركىتىگە شۇ كۈنى كەچ سائەت 9 دا رادىئو نۇتقى سۆزلەيدىغانلىقى توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇ كۈنى ئۇ پۈتۈن بىر كۈن نۇتۇق تېكىستى تەييارلىدى، ئۇنىڭدىكى تۈپ پرىنسىپلارنى ئالىقاچان كاللىسىدا پىشۇرۇپ بولغانىدى.

چېرچىل رادىئودا: «ئۆتكەنكى 25 يىل داۋامىدا ماڭا ئوخشاش باشتىن-ئاخىر ئىزچىل تۈردە كوممۇنىزمغا قارشى تۇرغان بىرەر ئادەم چىقمىغانىدى. مەن بۇ سۆزۈمدىن يېنىۋالماقچى ئەمەسمەن. لېكىن، ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى كۆز ئالدىمىزدا زاھىر بولۇۋاتقان ئەھۋاللارنىڭ سېلىشتۇرمىسى ئاستىدا خىرەلىشىپ كەتتى. ئۆتكەنكى بارلىق ئىشلار، ھەتتا ئۇنىڭ جىنايىتى، ئەخمەقلىقلىقى ۋە تراگېدىيىسى كۆز ئالدىمىزدىن يالتىندە قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن شۇ تاپتا روسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ مۇقەددەس ۋەتىنىنىڭ چېگرىلىرىدا تۇرۇپ ئاتا-بوۋىلىرى ئەلمىساقتىن تارتىپ تېرىقچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئانا تۇپرىقىنى قوغداۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن. شۇ تاپتا ناتسىستلارنىڭ ئۇرۇش ماشىنىلىرى، تەلىم-تەربىيە ئالغان كاللىسى قاشاڭ، نېمە دېسە لەببەي دەپ تۇرىدىغان تۈركۈم-تۈركۈم ياۋۇز گېرمانىيە ئەسكەرلىرىنىڭ خۇددى بىر توپ ئاچ كۆز چېكەتكىلەردەك ئۇلارغا ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن. مەن شۇ تاپتا گېرمانىيە ئەسكەرلىرىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئىنسانىيەتكە تەھدىت سالىدىغان بۇ قېتىمقى چوڭ

تېررورلۇقنى پىلانلىغان، تەشكىللىگەن بىر ئوچۇم مۇتتەھەملەرنى كۆرۈۋاتىمەن. بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىمىزنىڭ پەقەت بىرلا مەقسىتى بار، ئۇ بولسىمۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ گىتلېر ۋە ناتسىست تۈزۈمىنىڭ بارلىق ئىزنالىرىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت. بىز روسىيە ۋە روسىيە خەلقىگە يارلىق ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياردەم بېرىشىمىز كېرەك.

گىتلېر روسىيىگە ھۇجۇم قىلدى، بۇ پەقەت برىتانىيە ئاراللىرىغا ھۇجۇم قىلىش قەستىنىڭ مۇقەددىمىسىدىن ئىبارەت، خالاس. شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇ بۇ زور كۆلەملىك ھەرىكىتىنى قىش پەسلى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئاياغلاشتۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئۇ ئامېرىكىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسى بۇ ئىشقا ئارىلاشقۇچە، بۈيۈك برىتانىيىنى مەغلۇپ قىلىش كويىدا بولۇۋاتىدۇ. ئۇ ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ زور كۆلەملىك ھالدا ھەر قايسى دۈشمەنلىرىنى بىتچىت قىلغان كونا ئۇسۇلىنى تەكرارلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، روسىيىنىڭ بېشىغا كەلگەن خەۋپ-خەتەر بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن خەۋپ-خەتەر، شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ بېشىغا كەلگەن خەۋپ-خەتەردۇر. روسىيىلىكلەرنىڭ ۋەتەننى قوغداش يولىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇش ئىشلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئەركىن خەلق ۋە ئەركىن مىللەتنىڭ ئىشلىرىغا ئوخشاش. بىز شەپقەتسىز تەجرىبىلەردىن ساۋاق ئالايلى، قاتتىق تىرىشايلى، نەپەس توختاپ قالمىسىلا تەندە كۈچ-قۇۋۋەت بولىدۇ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ دۈشمەننى بىتچىت قىلايلى!» دېدى.

مۇشۇ پەيتتە چېرچىل ئۇلۇغ دۆلەت ئىشلىرى ئەربابىغا خاس سالاھىيىتىنى نامايان قىلدى. ئۇ، ئۆز دۆلىتىنىڭ تۈپكى مەنپەئىتىنىڭ قەيەردىلىكىنى چۈشىنەتتى، شۇ چاغدىكى

شارائىت ئاستىدا دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەڭ ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنىمۇ بىلەتتى، شۇڭا ئۇ ئەنگلىيە سىياسىتى ۋە ئۆزىنىڭ شەخسىي پائالىيىتىدە بۇرۇلۇش ياسىدى. ئەنگلىيىدە ۋىنستون چېرچىلدەك باشتىن-ئاخىر قەتئىي بوشاشماي، قەيسەرلىك بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆچمەنلىك قىلىپ كەلگەن بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. لېكىن ئەمدى ئۇنىڭ دەل مۇشۇنداق بۇرۇلۇش ياسىغانلىقىنىڭ سەۋەبى، 1941-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى ۋەزىيەتتە ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا نىجاتلىق يولى تاللاش ئىمكانىيىتى قالمىغانىدى.

بۇ قورقۇنچلۇق ئۇرۇشتا، ئەنگلىيە تاللىغان ھەرقانداق يولنىڭ ئاخىر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلىشىشىدىن ساقلىنىش تەس ئىدى. لېيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ مەشھۇر ئوبزورچىسى مىخائىل فوئوت: «1941-يىل 22-ئىيۇندىن ئىلگىرى، ئەنگلىيىنىڭ غەلىبە قىلىشى بىر خام خىيال ئىدى، لېكىن شۇ كۈندىن كېيىن ئەنگلىيىنىڭ غەلىبە قىلىشى پەرەز ئىچىگە قويۇلدى» دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتچىسى ۋە تارىخچىسى: «گېرمانىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلىنىشى ئەنگلىيىگە ئازراق ئۈمىد بېغىشلىدى . . . غەرب دۆلەتلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى ئەربابلىرىنىڭ قارىشىچە، پۈتكۈل ئۇرۇشنىڭ تەقدىرى روسىيىنىڭ گېرمانىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشتىكى تەييارلىق ئەھۋالى ۋە ئەمەلىي كۈچىگە باغلىق» دەپ يازدى.

چېرچىل ئەنگلىيە ئەڭ قىيىنچىلىقتا قالغان مەزگىلدە ھوقۇق تۇتتى ۋە ئەنگلىيە خەلقى بىلەن بىللە كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى نامايان قىلىپ، گېرمانىيە باسقۇنچىلىرىغا قارشى قىلچە تەۋرەنمەستىن كۈرەش قىلدى. شۇ چاغدا چېرچىل مۇشۇنداق قەتئىي مەيداندا تۇرمىغان بولسا، ئەنگلىيىنىڭ

مىيونخېنپېرەسلىرى فاشىستلارنىڭ تەھدىتى ئالدىدا تىز پۈكۈپ تەسلىم بولغان ھەمدە خەلقئارالىق تالان-تاراج قىلىش سىياسىتىدە فاشىست ئۇنسۇرلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان بولاتتى. چېرچىل ھۆكۈمىتى ھوقۇق يۈرگۈزگەندىن كېيىن، فاشىستلارغا قارشى ئۇرۇشنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن كەسكىن تەدبىرلەرنى قوللىنىپ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى ۋە پۈتكۈل تۇرمۇشىنى ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئىزغا سالدى. چېرچىل ئەنگلىيىدىكى باشقا سىياسىئونلاردىن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكا بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزۈش، ئەنگلىيىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دۈشمەنگە قارشى جەڭنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى ئەڭ بۇرۇن ئېنىق بىلگەنىدى. شۇنداقتىمۇ چېرچىلنى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ 1941-يىل 22-ئىيۇندىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتقان مەيدانى، ئۇنىڭدىن باشقا رادىئودا ئېلان قىلغان مۇنۇ باياناتىغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

«ناتسىست تۈزۈمى كوممۇنىزمغا ئوخشاشلا ئەڭ يامان خاراكتېرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە... ئۆتكەنكى 25 يىل داۋامىدا بىرەر ئادەممۇ ماڭا ئوخشاش كوممۇنىزمغا باشتىن-ئاخىر، قەتئىي بوشاشماي قارشى تۇرۇپ كەلگىنى يوق. ئىلگىرى كوممۇنىزم توغرۇلۇق دېگەن ھەربىر ئېغىز گەپلىرىمگە ھازىرغىچىلىك ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن.» بۇ بايانات چېرچىلنىڭ مۇھىم پرىنسىپىنى ئىپادىلىدى، ئۇ ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا بايانات ئېلان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي تۈزۈمىگە باشتىن-ئاخىر، بوشاشماي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلىدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش شەكلىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ھەرىكەت پروگراممىسىنى پىلانلىدى، بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوللانغان

www.uyghurkitap.com

سىياسىتىدە ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى ئۇنسۇرلىرىنى خاتىرجەم قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىششى دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدا تۈپكى ئۆزگىرىش ياسىدى. 12-ئىيۇل سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئەنگلىيە ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشتا ئورتاق ھەرىكەت قوللىنىش ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى. كېلىشىمدە: گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشتا بارلىق شەكىللەر ئارقىلىق بىر-بىرىگە ياردەم بېرىدۇ ۋە ئۆزئارا قوللايدۇ، ئىككى تەرەپنىڭ گېرمانىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشىگە، شۇنداقلا ئۆز ئالدىغا يارىشىشىغا ياكى سۈلھى شەرتنامىسى تۈزۈشكە بولمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئەنگلىيە ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتى بىر قەدەر مۇرەككەپ، ئەگرى-توقاي بولسىمۇ، لېكىن ئىككى تەرەپ تۈپكى مەنپەئىتىنىڭ بىردەك بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستا، دۈشمەنگە بىرلىشىپ قارشى تۇرۇش يولىغا قەدەممۇ قەدەم ماڭىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

ھېسنىڭ «ئەنگلىيىگە زىيارەتكە كېلىشى» نىڭ سىرى ئاخىر يېشىلدى، ناتسىست كاتتىۋاشلىرىنىڭ ئەنگلىيە بىلەن بىرلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش سۇيىقەستى مەغلۇپ بولدى. چېرچىل ھالقىلىق پەيتتە «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش» تىن ئىبارەت توغرا قارارنى چىقاردى ۋە ئۇلۇغ دۆلەت ئىشلىرى ئەربابىغا خاس دانا پىكىر ھەم جاسارىتىنى نامايان قىلىپ، ئۆمرىدە «شانلىق دەۋردىكى نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرى» بولۇپ قالدى. لېكىن، فاشىستلارغا قارشى كۈرەش داۋامىدا، گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيىدىن ئىبارەت ئۈچ كۈچلۈك دۆلەتكە دۇچ كېلىپ، بىر مۇنچە جاپا-مۇشەققەت ۋە خەتەرلىك توسۇقلارنى يېڭىشكە توغرا كەلدى.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

# دېڭىزدىكى تەھدىت

1941-يىلى باشلىنىش بىلەنلا، شىددەتلىك بوران-چاپقۇن توختاۋسىز ھالدا يوپۇرۇلۇپ، ئاتلانتىك ئوكياندىن كېلىدىغان تەھدىت بارغانسېرى ئېغىرلاپ كەتتى. «كەينى-كەينىدىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئىچىدە بىر ۋەقە بىزنى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويدى، — دەيدۇ چېرچىل، — كۈرەش داۋامىدا يېڭىش ياكى يېڭىلىش، تەۋەككۈلچىلىكنىڭ ئىشقا ئېشىش ياكى ئاشماسلىق، زېمىننى قولغا كەلتۈرۈش ياكى قولدىن بېرىپ قويۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. پۈتكۈل كۈچىمىزنى ئىدارە قىلىش ئۆزۈشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشىمىزنىڭ ئاساسى، بولۇپمۇ ھايات قىلىشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەسىلىسى، يىراق دېڭىز-ئوكيانلاردىكى ئۆزىمىزنىڭ يۈرۈش لىنىيىسىنى كونترول قىلىش ۋە كېمە-پاراخوتلىرىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ پورتلىرىغا ئەركىن كىرىپ چىقالايدىغان، ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.»

نېمىسلار شىمالدىن نورۋېگىيىنىڭ ماگېرى ئارىلىدىن تارتىپ جەنۇبتا فېرىنوس تاغ تىزمىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ياۋروپانىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىنى كونترول قىلىۋالدى. دۈشمەنىنىڭ «بۆرە توپى» دەپ ئاتىلىدىغان سۇ ئاستى كېمىلىرى بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزىنى سوزۇلغان بۇ دېڭىز قىرغىقى لىنىيىسىدىكى ھەرقانداق بىر پورت ياكى دېڭىز

قولتۇقىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئەنگلىيىنىڭ دېڭىز ئۈستىدە توشۇپ كېتىۋاتقان ئاشلىق ۋە تاۋارلىرىنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىتالايتتى. يەنە كېلىپ بۇ سۇ ئاستى كېمىلىرىنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ تۇراتتى. گېرمانىيە 1941-يىلىنىڭ بىرىنچى پەسلىدە يېڭى سۇ ئاستى كېمىلىرىدىن ئېيىغا ئوننى ئىشلەپ چىقىراتتى، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئېيىغا 18 نى ئىشلەپچىقىرىدىغان بولدى. بۇ سۇ ئاستى كېمىلىرى 500 توننىلىق ۋە 740 توننىلىق ئىككى خىل بولۇپ، ئالدىنقىسىنىڭ چارلاش مۇساپىسى 11 مىڭ ئىنگلىز مىلى، كېيىنكىسىنىڭ بولسا 15 مىڭ ئىنگلىز مىلىغا يېتىپ، دېڭىز ترانسپورتىغا ئېغىر تەھدىت بولۇپ قالغانىدى.

شۇ چاغدا، گېرمانىيە سۇ ئاستى كېمىلىرىنىڭ كەلتۈرىدىغان بالايىئاپىتىدىن باشقا يەنە ئۇزۇن مۇساپىلىك ئايروپىلانلارنىڭ ئوكيانلاردىكى تۇيۇقسىز ھۇجۇملىرىمۇ بار ئىدى. بۇ ئايروپىلانلارنىڭ ئىچىدە «بۈركۈت» دەپ ئاتىلىدىغان «فوكئولف 200» تىپلىق ئايروپىلان ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇلار برېست (فرانسىيىنىڭ ئاتلانتىك ئوكيان قىرغىقىدىكى ھەربىي پورت) ۋە بوردو (فرانسىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان پورت شەھىرى) دىن ئۇچۇپ، برىتانىيە ئارىلىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىنى بىر ئايلىنىپ چىقاتتى ۋە نورۋېگىيىدە ماي قاچىلاپ، ئاندىن ئەتىسى قايتىپ كېتەتتى. ئەنگلىيە مۇھاپىزەتچى كېمىلىرى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، 40—50 كېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناھايىتى چوڭ ترانسپورت ئەترىتىنى تەشكىللەيتتى، ئەمما دۈشمەننىڭ ئۇزۇن مۇساپىلىك ئايروپىلانلىرى يول ئۈستىدە يەنى ئېگىز ھاۋا بوشلۇقىدىن بۇ ترانسپورت ئەترىتىنىڭ يولغا چىققانلىقىنى ياكى قايتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالاتتى. ئۇلار ھالاكەتلىك زەربە يەتكۈزىدىغان بومبىلارنى تاشلاپ، بۇ ترانسپورت ئەترىتىگە ۋە

ئايرىم كېمىلەرگە توپۇقسىز زەربە بېرەتتى، شۇنداقلا بەزىدە ئۇلارنىڭ ئورنىنى بىلىۋالغان سۇ ئاستى كېمىلىرى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي توسۇپ ھۇجۇم قىلاتتى. شۇڭا، كېمە-پاراخوتلار ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپلا قالماستىن، دېڭىز ترانسپورت مىقدارىمۇ ئېغىر چەكلىمىگە ئۇچرايتتى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى دېڭىز ترانسپورتىنى قوغداش ئۈچۈن مۇھاپىزەت قىلىش، يۆرۈش لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىش، مىنا تازىلاش ۋە ئوتتۇرا يەر دېڭىزى لىنىيىسىدىن ماڭماسلىق قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللاندى. نۇرغۇن پاراخوت-كېمىلەرنىڭ مېڭىش ۋاقتى ۋە يۆرۈش ئارىلىقىنى ئۇزارتتى. بومباردىمان ۋە چىراغنى كونترول قىلىش سەۋەبىدىن پاراخوت-كېمىلەرنىڭ پورتتا تۇرىدىغان ۋاقتى ئۇزىراپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پاراخوت-كېمىلەرنىڭ ئۈنۈملۈك ترانسپورت مىقدارى زور دەرىجىدە كېمىيىپ كەتتى. دەسلەپ دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكى ئالدى بىلەن پاراخوت-كېمىلەرنىڭ پورتقا بىخەتەر كىرىشى ھەمدە چۆكۈپ كەتكەنلىرى قانچىلىك ئاز بولسا، نەتىجىسىنىمۇ شۇنچىلىك چوڭ قىلىشنى ئويلاشقانىدى. لېكىن، ھازىر بۇنداق قىلىش مۇمكىن بولمىدى. كۆپچىلىك بىردەك دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇرۇش قىلىشى، قىرغاققا بىخەتەر يۆتكەلگەن ماددىي ئەشيالارنىڭ مىقدارىغا باغلىق، دېگەن تونۇشقا كەلدى. چېرچىل فىۋرالنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، 1-دېڭىز ئىشلىرى ۋەزىرىگە نوتا تاپشۇرۇپ: «مەن يانۋاردا يۇك بېسىپ پورتقا كىرگەن كېمىلەرنىڭ سانى ئۆتكەن يىلى يانۋاردىكىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى بىلدىم» دېدى. 1-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئەنگلىيىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئىنتايىن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان لوندون پورتىنىڭ مۇشۇ چاغدىكى يۈك ئوبوروتى ئەسلىدىكىسىنىڭ 1/4 گە چۈشۈپ قالدى.

بېسمىنىڭ ئۆزلۈكسىز تۈردە ئېشىشى بىلەن بىللە زىيانغا ئۇچرىغان كېمە-پاراخوتلارنىڭ سانى يېڭىدىن ئىشلەپ چىقىرىلغان كېمە-پاراخوتلارنىڭ سانىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. ئامېرىكىنىڭ ناھايىتى زور تەبىئىي بايلىقى ئاستا رول ئوينايتتى. يەنە كېلىپ، زەخىملەنگەن كېمىلەرنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇلارنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش تولىمۇ تەسكە توختايتتى. مارتنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى زەخىملەنگەن كېمىلەرنىڭ تونناژى 2 مىليون 600 مىڭ تونناژغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 930 مىڭ تونناژى بىر تەرەپتىن رېمونت قىلىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن يۈك قاچىلاندى، 1 مىليون 700 مىڭ تونناژلىق كېمىلەر پۈتۈنلەي كاردىن چىقتى. بۇ قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن چېرچىل خۇرسىنغان ھالدا: «مەن بىر مەيدان ھۇجۇمنى چېرتيوژ، ئەگرى سىزىق ۋە ستاتىستىكىلىق سانلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان، بىلىش، مۆلچەرلەش تەس بولغان خەۋپلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم - ھە!» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گىتلېرنىڭ خورىكى بەكلا ئۆسۈپ كەتتى. 1941-يىل 30-يانۋار، ئۇ بېرلىندا نۇتۇق سۆزلەپ، ئەنگلىيىنى يوقىتىۋېتىمەن، دەپ تەھدىت سالدى ھەمدە تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ دېڭىز، ھاۋا بىرلەشمە ئۇرۇش قىلىش قىسىملىرىنىڭ ئەنگلىيىنى تەرەپ-تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئەنگلىيىنىڭ ئوق-دورىسى ۋە ئوزۇق-تۈلۈكىنى تۈگىتىپ، ئۇنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلىماقچى بولدى، گىتلېر: «ئەتىياز پەسلى يېتىپ كەلدى، ئەمدى بىز دېڭىز-ئوكيانلاردا سۇ ئاستى كېمىلىرى ئۇرۇشىنى باشلىۋېتىمىز، ئۇلار بىزنى ئۇخلاپ ياتماپتۇ، دەپ قالسۇن (فاشىست باندىتلىرى پۈتۈن مەيدان بويىچە ئالقىش ياڭرىتىدۇ). ھاۋا ئارمىيىمىزمۇ ئۆزىنىڭ



www.uyghurkitap.com

رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ، پوتكۇل قوراللىق قىسىملىرىمىز ئۇلارنى ئۇنداق ياكى مۇنداق قارار چىقىرىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇ چاغدا، چېرچىل يېڭىلگەنلىكىگە تەن بېرىشى كېرەك» دېدى.

بۇ مەزگىلدە نېمىسلار دېڭىزدا سۇ ئاستى كېمىلىرى ئۇرۇشى قىلىشتىن سىرت، كۈچلۈك ئوكيان چارلاش پاراخوتلىرى ئارقىلىق ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. 1940-يىل نويابىردا، ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر «كاۋېرس» ناملىق پاراخوتىنى چۆكتۈرۈۋەتكەن گېرمانىيىنىڭ «شىيېر» ناملىق ئوكيان چارلاش پاراخوتى يانۋاردىن مارتقىچە ئەنگلىيىنىڭ ترانسپورت پاراخوتىدىن ئوننى چۆكتۈرۈۋېتىپ ئامان-ئېسەن قايتىپ كەتتى. يانۋارنىڭ ئاخىرى قايتىدىن رېمونت قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن گېرمانىيىنىڭ «شاينخو ستېر» ۋە «گېنايسىننو» ناملىق ئىككى ئوكيان جەڭگىۋار كرېيسېرى سەپەرگە چىققاندا، ئەنگلىيە فلوتى تەرىپىدىن چۆكتۈرۈۋېتىلىشكە تاس قالدى. ئۇزۇنغىچە تارقالمايدىغان قويۇق تۇمان ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. بۇ ئىككى پاراخوت 3-فېۋرال دانىيە بوغۇزىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتتى. 8-فېۋرال گېرمانىيىنىڭ بۇ جەڭگىۋار كرېيسېرلىرى ھالىفاكس يورۇش لىنىيىسىدە كېتىۋاتقاندا ئۆزلىرىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئەنگلىيە ترانسپورت كېمە ئەترىتىنى كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، گېرمانىيە جەڭگىۋار كرېيسېرلىرى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن زەربە بېرىش ئۈچۈن دەرھال ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ئىلگىرىلىدى. ئۇلار تۇيۇقسىز بۇ ترانسپورت كېمە ئەترىتىنى «لارمىيى» ناملىق چوڭ ھەربىي پاراخوتنىڭ قوغداپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى-دە، شۇ زامان كەينىگە چېكىندى. گېرمانىيىنىڭ بۇ جەڭگىۋار كرېيسېرلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئادمىرالى

لوگىنسنىڭ چۈشەندۈرۈشچە، بۇ ئەنگلىيىنىڭ 15 دىيۇيم كالىبىرلىق زەمبىرەك ئورنىتىلغان ئۇرۇش پاراخوتى ئىدى. ئۇنىڭ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشى پايدىلىق بولدى. يەنى 22-فېۋرال ئەنگلىيىنىڭ ترانسپورت ئەترىتىدىن چۈشۈپ قالغان بەش كېمىسىنى چۆكتۈرۈۋەتتى.

لوگىنس پاراسەتلىك ۋە تەدبىرلىك بولغاچقا، ئەنگلىيە تەرەپىنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، پاراخوتلارنى تېخىمۇ جەنۇب تەرەپكە قاراپ ھەيدەشكە بۇيرۇق بەردى. 8-مارت، ئۇ فرېتوندىن كەلگەن ترانسپورت ئەترىتى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. لېكىن، بۇ قېتىم لوگىنس ئۇلارنىڭ ئىچىدە «لارمىيى» ناملىق چوڭ ھەربىي پاراخوتنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ قالدى-دە، شۇ زامان سۇ ئاستى كېمىلىرىنى يېغىپ ھۇجۇمغا تەييارلاندى. ئاخىر ترانسپورت كېمىسىدىن بەشىنى چۆكتۈرۈۋەتتى. 15-مارت، ترانسپورت كېمە ئەترىتىدىن ئايرىلىپ قالغان ئالتە ماي كېمىسىگە توسۇپ زەربە بېرىپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي چۆكتۈرۈۋەتتى. ئەتىسى يەنە ئون كېمىنى چۆكتۈرۈۋەتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەنگلىيە ترانسپورت كېمە ئەترىتىنىڭ كېمىلىرى ئىدى، شۇنداق قىلىپ، ئادمىرال لوگىنس ئىككى كۈن ئىچىدىلا 80 مىڭ توننازدىن يۇقىرى كېمىلەرنى پاچاقلاپ تاشلىدى ياكى ئەسىرگە چۈشۈردى. ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە «شاينخوستېر» ۋە «گېنايسىنئو» ناملىق ئىككى جەڭگىۋار كرېيسېرلا 22 كېمىنى چۆكتۈرۈۋەتتى ياكى ئەسىرگە ئالدى، بۇنىڭ ئومۇمىي توننازى 112 مىڭ توننىدىن ئاشتى.

كۆتمىگەن يەردىن پەيدا بولۇپ بىردىنلا يوقاپ كېتىدىغان گېرمانىيىنىڭ «شپېير» ناملىق جەڭگىۋار كرېيسېرى 1940-يىل دېكابىرنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىلا ئاتلانتىك ئوكيانغا ئۇسۇپ كىرگەندىن كېيىن، دائىم ئەسكىلىك قىلىپ، ئەنگلىيە

دېڭىز ئارمىيىسىگە ئېغىر خەۋپ پەيدا قىلدى. بۇ جەڭگىۋار كرېيسېر كۆچلۈك ھەم ھەرىكەتچان بولۇپ، «تەييارلىقى بولمىغان جەڭنى قىلماسلىق، ئىشەنچى بولمىغان جەڭنى قىلماسلىق، جەڭ قىلىشقا توغرا كەلگەندە جەڭ قىلىش، بولمىسا دەرھال چېكىنىش» ئۇلارنىڭ ئۇرۇش پرىنسىپى ئىدى. مارتنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئازور تاقىم ئاراللىرى ئەتراپىدا كېتىۋاتقاندا سېررالىيئوندىن قايتىپ كېلىۋاتقان ترانسپورت كېمە ئەترىتىنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئاستا يېقىنلاپ بېرىپ شىددەت بىلەن ئوت ئاچتى، بىر سائەت داۋام قىلغان كەسكىن جەڭدە قارشى تەرەپنىڭ يەتتە كېمىسىنى چۆكتۈرۈۋەتتى. گېرمانىيىنىڭ بۇ جەڭگىۋار كرېيسېرى ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ تازا جېنىغا تەگدى.

1941-يىلى مايغا كەلگەندە، گېرمانىيىنىڭ دېڭىز ئۈستىدە تۇيۇقسىز زەربە بېرىشى بارغانسېرى كۈچىيىپ ھەر ئېيىغا ئەنگلىيە كېمە-پاراخوتلىرىغا يەتكۈزىدىغان زىيىنى 400 مىڭ توننىدىن ئېشىپ كەتتى. دۈشمەننىڭ «شاينخوستېر» ۋە «گېنايسىننو» نامىلىق ئىككى جەڭگىۋار كرېيسېرى بىلەن «شېپىير» نامىلىق ئوكيان چارلاش پاراخوتى كۆچلۈك زېنىت زەمبىرەكلەرنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا برېست پورتىنى بازا قىلىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ قاچان چىقىپ ئەنگلىيىنىڭ سودا كېمىلىرىگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. مايىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، خىلمۇ خىل ئالامەتلەر يېڭىدىن ياسالغان «بىسمارك» نامىلىق چوڭ ھەربىي پاراخوتنىڭ 8 دىيۇيم كالىبىرلىق زەمبىرەك ئورنىتىلغان «شاھزادە ئېئۇگېن» نامىلىق ئوكيان چارلاش پاراخوتىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆزۈنىغا قالماي جەڭگە ئاتلىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. بۇ كۆچلۈك ھەم تېز سۈرئەتلىك پاراخوتلارنىڭ ئاتلانتىك ئوكياننىڭ كەڭ دېڭىز تەۋەلىرىدە بىر-بىرىگە ماسلىشىپ

ھەرىكەت قىلىشى ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى كۈچلىرى ئۈچۈن قاتتىق سىناق ئىدى. «بىسمارك» ناملىق چوڭ ھەربىي پاراخوتقا 15 دىيۇيىم كالىبىرلىق سەككىز زەمبىرەك ئورنىتىلغان بولۇپ، ياسالغاندا ئەھدىنامىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان بىرونېلەشكەن ئېغىر تىپتىكى ھەربىي پاراخوت ئىدى. ئۇنىڭ سۇ سىقىپ چىقىرىش مىقدارى ئەنگلىيىنىڭ ئەڭ يېڭى تىپتىكى چوڭ ھەربىي پاراخوتىدىن ئارتۇق بولۇپ، 10 مىڭ توننىغا يېتەتتى، تېزلىك كوئېففىتسېنتىمۇ ئوخشاش دېگۈدەك ئىدى. گىتلېر مايدا بۇ پاراخوتنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇنى: «گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ غۇرۇرى» دېگەنىدى.

كۈچلۈك ھەم سۈرئەتلىك تېز دۈشمەن پاراخوتلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئەنگلىيىنى ھەر بىر چوڭ ھەربىي پاراخوتنى مۇھاپىزەت قىلىشقا مەجبۇرلىدى. بىر مەزگىل ئەنگلىيە فلوتى باش قوماندانىنىڭ قول ئاستىدا پەقەت بىرلا چوڭ ھەربىي پاراخوت بار ئىدى. چېرچىل بۇ مەسىلە ھەققىدە كېچە-كۈندۈز باش قاتۇردى. ئۇ يات يېقىندا يېتىپ كېلىدىغان بۇ ئېغىر تەھدىتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، باش قوماندان ئادمىرال توۋېيغا يېڭى زاۋۇتتىن چىققان «ئەنگلىيە پادىشاھى گېئورگ V » ۋە «شاھزادە ۋېلىس» ناملىق ئىككى چوڭ ھەربىي پاراخوت بىلەن «خوئود» ناملىق جەڭگىۋار كرېيسېرنى سكاپا قولتۇقىغا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. جەبىلتارىق بوغۇزىدا ئادمىرال سومېرۋىل قوماندانلىقىدىكى «ئىناۋەت» ۋە «خان جەمەتى قېيىقى» ناملىق ئىككى ھەربىي پاراخوت بار ئىدى. شۇ چاغدا «دۈشمەننى يوقىتىش» ناملىق پاراخوت بىلەن «غالىبىيەت» ناملىق يېڭى ئاۋىئاماتكا 20 مىڭ ئادەم قاچىلانغان ئەسكەر توشۇش كېمە ئەترىتىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا ئوتتۇرا شەرققە مېڭىش ئالدىدا تۇراتتى. «رودنېي» ۋە «لارمىيى» ناملىق پاراخوتلار ئاتلانتىك ئوكياندا باشقا

كېمىلەرنى مۇھاپىزەت قىلاتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەرى گېرمانىيىنىڭ «بىسمارك» ناملىق چوڭ ھەربىي پاراخوتىغا ئۇچراپ قالىدىغان بولسا، چوكتۇرۇۋېتىلىشى مۇمكىن ئىدى. «ئىنتىقام» ناملىق پاراخوت ھالىفاكس پورتىدىن يولغا چىقىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. بۇ چاغدا، دېڭىزدا كېتىۋاتقان ياكى يولغا چىقىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان ترانسپورت كېمە ئەترىتىدىن 11ى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ھاياتىنىڭ زور خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئەسكەر توشۇش كېمە ئەترىتىمۇ بار ئىدى. ئوكيان-چارلاش پاراخوتى شىمالىي دېڭىزنىڭ ھەممە پورتلىرىدا چارلاپ، ھاۋادا زازۇېدكا قىلىش ئەترىتى نورۋېگىيە دېڭىز قىرغاقلىرىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ يۈردى. دېڭىزدىكى ۋەزىيەت ئېنىق ئەمەس، كەيپىيات ئىنتايىن جىددىي ئىدى. شۇڭا چېرچىل بىلەن دائىم ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغان دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكى قانداق ئىشنىڭ سادىر بولغانلىقىنى بىلدى ۋە ھەرقايسى دېڭىز دائىرىلىرىدىكى سودا كېمىلىرىنىڭ ئاللىقاچان دۈشمەننىڭ زەربە بېرىش نىشانى بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

21-ماي تاڭ سەھەردە، ئەنگلىيە دېڭىز ارمىيە مىنىستىرلىكى گېرمانىيىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىككى ھەربىي پاراخوتىنىڭ كۈچلۈك مۇھاپىزەتچى كېمىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا كاتتېگات بوغۇزىدىن يولغا چىققانلىقى ۋە شۇ كۈن سەل كەچرەك «بىسمارك» ۋە «شاھزادە ئېئۇگېن» ناملىق ئىككى چوڭ ھەربىي پاراخوتنىڭ بېرگېن (نورۋېگىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىي دېڭىز قىرغىقىدىكى پورت) بوغۇزىغا كېلىپ توختىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ئېنىقكى، مۇھىم ھەربىي ھەرىكەتلەرنىڭ باشلىنىشىغا ناھايىتى ئاز قالغان، شۇڭا ئەنگلىيىنىڭ ئاتلانتىك ئوكياندىكى پۈتكۈل قوماندانلىق ئورگانلىرى دەرھال جىددىي ھەرىكەت باشلىغانىدى. ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكى

كۆچنى توپلاپ دۈشمەن فلوتىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش، ئەمما ئۆزىنىڭ ترانسپورت فلوتى، ھەتتا ئەسكەر توشۇش كېمە ئەترىتىنىڭ تەۋەككۈل قىلىشىغا يول قويۇشتەك توغرا ئەنئەنىۋى پرىنسىپنى قوللاندى.

22-ماي، يەنى پەيشەنبە كۈنى ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇپ كىشىنى ئەنسىزچىلىككە سېلىپ قويدى. شىمالىي دېڭىز ئاسمىنىنى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ، يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ھاۋارايى ناچار بولسىمۇ، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ خارتىستوندىن ئۇچقان بىر ئايروپىلانى شىددەتلىك زەمبىرەك ئوقىغا قارىماي، بېرگېن بوغۇزىغا كېلىپ رازۋېدكا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. «دۈشمەننىڭ ئىككى پاراخوتى كۆرۈنمەيدۇ!» دېگەن خەۋەرنى شۇ كۈنى كەچ سائەت 8 دە ئاڭلىغان ئادمىرال توۋېي دەرھال «ئەنگلىيە پادشاھى گېئورگى V» ناملىق پاراخوتقا چىقتى ۋە «غالىبىيەت» ناملىق پاراخوت، تۆت ئوكيان چارلاش پاراخوتى ھەم يەتتە قوغلىغۇچى كېمىنى باشلاپ شىمالىي دېڭىزدىكى مۇھىم بىر ئورۇننى ئىگىلىدى. شۇنداق قىلىپ، توۋېي مەيلى دۈشمەن ئىسلاندىيە ئارىلى تەرەپتىن ھەرىكەت قىلسۇن، ئەنگلىيە ئوكيان چارلاش پاراخوتلىرىنىڭ چارلاش خىزمىتىگە ياردەم بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى، ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە «دۈشمەننى يوقىتىش» ناملىق پاراخوتى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكى دۈشمەن پاراخوتى دانىيە بوغۇزىدىن ئۆتۈشى مۇمكىن، دەپ ھۆكۈم قىلدى. شۇ كۈنى كەچتە، چېرچىل بۇ ھەقتە مەلۇمات تاپشۇرۇۋالدى ۋە بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن زۇڭتۇڭ روزۋېلتقا تېلېگراممىا يوللاپ، دۈشمەن پاراخوتلىرىنى قوغلاش جەھەتتە ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.

گېرمانىيىنىڭ «بىسمارك» ۋە «شاھزادە ئېئۇگېن»

ناملىق ئىككى چوڭ ھەربىي پاراخوتى بىرگىنى پورتتىن ئايرىلغىنىغا 24 سائەت بولغانىدى، چېرچىل روزۋېلتقا تېلېگراممىا بەرگەن چاغدا بۇ پاراخوتلار ئىسلاندىيە ئارىلىنىڭ شەرقىي شىمالىدا — دانىيە بوغۇزىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. يىراقتىن ئېقىپ كەلگەن مۇز ئۇيۇندىلىرى توسۇلۇپ قېلىش سەۋەبىدىن بوغۇز تارىيىپ ئاران 80 ئىنگلىز مىلى كەڭلىكتىكى ئورۇن قالغان، بوغۇزنىڭ كۆپ قىسمىنى قويۇق تۇمان قاپلاپ كەتكەنىدى. 23-ماي كەچقۇرۇن «سۇففولك» ۋە «نورفولك» ناملىق پاراخوتلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ئىككى ھەربىي پاراخوتنىڭ شىمال تەرەپتىن، يەنى شېشىدەك سۈزۈك ئاسمان بوشلۇقى ئاستىدىكى دېڭىز دائىرىسىدىن تېز سۈرئەتتە كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكى ئالدى بىلەن «نورفولك» ناملىق پاراخوتنىڭ دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، دەرھال شىفىر ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئۇقتۇرۇش ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، قوغلاپ زەربە بېرىش باشلاندى، بارلىق فلوت دۈشمەن پاراخوتلىرىغا قاراپ يولغا چىقتى. باش قوماندانىنىڭ بايراقدار كېمىسى غەربكە قاراپ يول ئالدى ۋە سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. «خوئود» ۋە «شاھزادە ۋېلس» ناملىق پاراخوتلار يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئىسلاندىيە ئارىلىنىڭ غەربىي تەرىپىدە دۈشمەن پاراخوتلىرىغا توسۇپ زەربە بەردى. دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكى ئادمىرال سومېرۋىلغا H ناملىق فلوتنى باشلاپ شىمالىي تەرەپكە تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەشنى ۋە ئىرېلاندىيە دېڭىز قىرغاقلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ كېتىۋاتقان ئەسكەر توشۇش كېمە ئەترىتىنى قوغداش ياكى ئورۇشقا قاتنىشىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. ئادمىرال سومېرۋىل 24-ماي تاڭ سەھەر سائەت 2 دە جەبىلتارىق

بوغۇزىدىن يولغا چىقتى. كېيىنكى ئەھۋاللار بۇ پاراخوتنىڭ يولغا چىقىشى گېرمانىيىنىڭ «بىسمارك» ناملىق چوڭ ھەربىي پاراخوتىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

چېرچىل ۋە بىر قانچە دېڭىز ئارمىيە گېنېراللىرى 23 ماي چۈشتىن كېيىن چېككىنىسقا كەلگەنىدى. ئۇلار «بىسمارك» ۋە «شاھزادە ئېئۇگېن» ناملىق چوڭ ھەربىي پاراخوتلار تاڭ سۈزۈلگەندە دانىيە بوغۇزىدىن ئۆتىدۇ، بىزنىڭ «شاھزادە ۋىلىس» ۋە «خوئود» ناملىق ئىككى پاراخوتىمىز بىلەن ئۈچ ئوكيان چارلاش پاراخوتىمىز ئۇلارنى جەڭ قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ، دەپ پەرەز قىلدى. شۇ كۈنى كەچتە باش ۋەزىر ۋە ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئەندىشە ئىچىدە يېرىم كېچىگىچە كۈتتى، پەقەت تاڭ سەھەر سائەت ئىككى — ئۈچلەر بولغاندا ئاندىن ئۇخلىدى.

چېرچىل ئەتىگەن سائەت 7 لەردە قورقۇنچلۇق خەۋەرنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتتى. ئەنگلىيىنىڭ ئەڭ چوڭ، شۇنداقلا سۈرئىتى ئەڭ تېز «خوئود» ناملىق چوڭ ھەربىي پاراخوتى چۆكتۈرۈۋېتىلگەنىدى. ئۇنىڭغا 15 دىيۇيم كالىبىرلىق سەككىز زەمبىرەك ئورنىتىلغان بولۇپ، ئەنگلىيىنىڭ ئەڭ قەدىرلىنىدىغان ھەربىي پاراخوتلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. چوڭ ھەربىي پاراخوتتىن ئايرىلىپ قېلىش كىشىنى قاتتىق ئېچىندۇرىدىغان ۋەقە ئىدى. چېرچىل بۇ ئىشتىن قاتتىق ئازابلاندى، لېكىن ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ «بىسمارك» ناملىق چوڭ ھەربىي پاراخوتنى چوقۇم چۆكتۈرۈۋېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئەسلى شۇ كۈنى كەچتە «نورفولك» ۋە «سۇففولك» ناملىق پاراخوتلار، يامغۇر ئارىلاش قار يېغىپ، ھاۋا ئىنتايىن ناچار، دۈشمەن پاراخوتى جېنىنىڭ بارىچە ئۆزىنى قاچۇرۇپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇستىلىق بىلەن ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالدى ھەمدە

ئۇلارنىڭ بەرگەن سىگنالى پۈتۈن كېچە دۈشمەن ۋە دوست پاراخوتلارنىڭ ئېنىق ئورنىنى كۆرسىتىپ بەردى. شىمالىي قۇتۇپقا تاڭ سۈزۈلگەندە، جەنۇب تەرەپتىكى 12 ئىنگلىز مىلى جايدا «بىسمارك» ناملىق چوڭ ھەربىي پاراخوتنىڭ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئەنگلىيىنىڭ «خوئود» ۋە «شاھزادە ۋىلىس» ناملىق پاراخوتلىرى «بىسمارك» ناملىق پاراخوتنى يىراقتىن كۆرۈپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، ھايات-ماماتلىق جەڭ باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. تاڭ ئاتتى، «خوئود» ناملىق پاراخوتتىكىلەر دۈشمەن پاراخوتىنىڭ غەربىي شىمالدىن 17 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان دېڭىز دائىرىسىدە كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئەنگلىيە پاراخوتى دەرھال جەڭگە ئاتلاندى. «خوئود» ناملىق پاراخوت چۈشتىن بۇرۇن سائەت 5 تىن 52 مىنۇت ئۆتكەندە، دۈشمەنگە 25 مىڭ يارد[①] يىراقلىقتىكى جايدىن زەمبىرەك ئاتتى. «بىسمارك» ناملىق پاراخوت قايتۇرما زەربە بەردى، ئارقىدىنلا «خوئود» ناملىق پاراخوتقا بىر پاي زەمبىرەك ئوقى تېگىپ 4 دىيۇيم كالىبىرلىق زەمبىرەككە ئوت كەتتى. ئوت يالقۇنى كىشىنى چۆچۈتۈۋەتكۈدەك دەرىجىدە تېزلىك بىلەن يامراپ پاراخوتنىڭ پۈتكۈل ئوتتۇرا قىسمىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. بۇ چاغدا، ئەنگلىيىنىڭ بارلىق كېمە-پاراخوتلىرى جەڭگە ئاتلاندى، گېرمانىيىنىڭ «بىسمارك» ناملىق پاراخوتىغىمۇ ئوق تەگدى. ئۇشتۇمتۇت، ئەنگلىيە پاراخوتلىرىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى. سائەت 6 بولغاندا گېرمانىيىنىڭ «بىسمارك» ناملىق ھەربىي پاراخوتى كەينى-كەينىدىن ئالتە قېتىم زەمبىرەك ئاتتى، نەتىجىدە «خوئود» ناملىق پاراخوت شىددەتلىك پارتلاپ، پاراخوت گەۋدىسى ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. بىر نەچچە

① يارد— 0.9144 مېتىرغا تەڭ.

مىنۇتتىن كېيىن، بۇ پاراخوت قويۇق ئىس-تۈتەكلەر ئىچىدە دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىزغا غەرق بولۇپ كەتتى. ئۈچ ئادەمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پاراخوتتىكى 1500 نەپەر قەھرىمان ئوفىتسېر-جەڭچى، جۈملىدىن ۋىتسې ئادمىرال لانسىلوت خوران ۋە كاپىتان رالف كۆللار قازا تاپتى.

«شاھزادە ۋىلىس» ناملىق پاراخوت «خوئود» نامىلىق پاراخوتنىڭ دېڭىز يۈزىدە لەيلەپ يۈرگەن سۇنۇق پارچىلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن دەرھال يۆنىلىشنى ئۆزگەرتتى ۋە دۈشمەنگە تەك كەلگىلى بولمايدىغان بۇ جەڭنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئاتلاندى. ئۇزۇن ئۆتمەي، «بىسمارك» نامىلىق پاراخوتتىن ئېتىلغان زەمبىرەك ئوقى ئۇنىڭغا تەگدى. يەنە بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا تۆت پاي زەمبىرەك ئوقى تېگىپ، ئۇنىڭ بىر پېيى كۆۋرۈك (پاراخوتنىكى قوماندانلىق قىلىدىغان جاي) نى پاچاقلاپ تاشلىدى، كۆۋرۈكتىكى بەختىگە يارىشا ئۆلمەي قالغانلارمۇ ئېغىر يارىلاندى. بۇ چاغدا ئوق زەربىسىدىن پاراخوتنىڭ قۇيرۇق قىسمىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلدى. پاراخوت كۆۋرۈكىدە تۇرغان كاپىتان لېئاخىي ئامان قېلىپ، جەڭنى ۋاقىتىنچە توختاتتى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئىس-تۈتەكلەر قاپلاپ كەتكەن ئۇرۇش مەيدانىدىن ئايرىلدى. «بىسمارك» نامىلىق پاراخوتمۇ «شاھزادە ۋىلىس» نامىلىق پاراخوتنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، دەرھال سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى. ئەمەلىيەتتە، «بىسمارك» نامىلىق پاراخوتنىڭ سۇ ئاستىدىكى قىسمىغا ئىككى پاي ئېغىر تېپىتكى زەمبىرەك ئوقى تەگكەن. بىر پاي ئوق ماي ئوقۇرىنى تېشىپ ئۆتۈپ، توختىماي ماي ئېقىشقا باشلاپ ئېغىر ئاقىۋەتنى پەيدا قىلغانىدى. گېرمانىيە قوماندانى پاراخوتنى داۋاملىق غەربىي جەنۇبقا ھەيدەشكە بۇيرۇق چۈشۈردى.

چېرچىل دەل ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە ئېيتقىنىدەك: «ئەگەر ‹بىسمارك› نامىلىق چوڭ ھەربىي پاراخوت دەسلەپ قولغا



www.uyghurkitap.com

كەلتۈرگەن دەبدەبىلىك غەلىبە نەتىجىسىگە شۈكۈر قىلغان بولسىدى، بۇ ئاقىلانىلىك ھېسابلىناتتى. ئۇ بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا خان جەمەتى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر پاراخوتلىرىدىن بىرنى پاچاقلاپ تاشلاپ، چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن شان-شەرەپ داغدۇغىسى بىلەن گېرمانىيىگە قايتىشى مۇمكىن ئىدى، ئۇنىڭ ئابرۇيى ۋە يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلىش كۈچى زور دەرىجىدە ئاشاتتى؛ لېكىن پاراخوت قوماندانى غەلىبە خۇشاللىقىدىن ئېسەنكىرەپ، ئادەتتىكى قائىدىگە خىلاپ كېلىدىغان (ئاخىرغىچە ئىلىشىش) قارارىنى چىقاردى.»

24-ماي پۈتۈن بىر كۈن ئەنگلىيىنىڭ بىر قانچە ئۇكيان چارلاش پاراخوتى ۋە «شاھزادە ۋېلىس» ناملىق پاراخوتى چېرچىلنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن «بىسمارك» ناملىق پاراخوت ۋە ئۇنىڭ ياردەمچى كېمىلىرىنىڭ داۋاملىق پېيىگە چۈشتى. «ئەنگلىيە پادىشاھى گېئورگى V» ناملىق پاراخوتتىكى ئادمىرال توۋېي ئارىلىقى ناھايىتى يىراق بولسىمۇ، لېكىن سىگنال ئەۋەتىپ 25-ماي كۈنى ئەتىگەن سائەت 9 دا ئۇرۇشقا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. دېڭىز ئارمىيە قوماندانلىق شتابى «بىسمارك» ناملىق چوڭ ھەربىي پاراخوتنى قورشاپ يوقىتىش ئۈچۈن شەرقىي جەنۇبتىن 500 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايدىكى «رودنېي» ناملىق پاراخوتنى يېقىن يول بىلەن مېڭىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. «لارمىيى» ناملىق كېمە بۇيرۇققا بىنائەن ئەنگلىيىگە قايتىپ كېتىۋاتقان ترانسپورت كېمە ئەترىتىدىن ئايرىلىپ، دۈشمەن پاراخوتىنىڭ يان تەرىپىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇكيان چارلاش پاراخوتلىرى ھەربىي سەپ تۈزۈپ دۈشمەن پاراخوتلىرىنىڭ شىمال ياكى جەنۇبقا قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. بۇ چاغدا ئادمىرال سومېرۋىل قوماندانلىقىدىكى فلوت جەبىلتارىق بوغۇزىدىن شىمالغا قاراپ ئىككى كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە بېسىپ تېز ئىلگىرىلىدى. دېڭىزدىكى ئەھۋاللار

ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ، ئەمما يېپىلغان تور بارغانسىرى تارىيىشقا باشلىدى.

شۇ كۈنى كەچ سائەت 6 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، «بىسمارك» نامىلىق پاراخوت تۇيۇقسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ، كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان پاراخوت بىلەن ئېلىشتى. شۇنداق قىلىپ، بىرەر سائەتكە سوزۇلغان دوقۇرۇشما جەڭ يۈز بەردى. كەچ سائەت 10 بولغاندا، تۆت ئوكيان چارلاش پاراخوتىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن، «غالىبىيەت» نامىلىق ئاۋىئاماتكا توققۇز «يەلكەن بېلىق» شەكىللىك تورپېدىلىق ئايروپىلان ئەۋەتتى. بۇ ئايروپىلانلار يامغۇر ۋە تۇمان بۇلۇت قاتلىمى ئىچىدە كۈچلۈك شامالغا قارشى 120 ئىنگلىز مىلى ئۇچتى. لېيتېنانت كوماندىر ئېسموندنىڭ قوماندانلىقىدىكى بۇ ئايروپىلانلار «نورفولك» نامىلىق پاراخوتتىكى سىمسىز رادىئونىڭ يول باشلىشى بىلەن، ئىككى سائەتتىن كېيىن «بىسمارك» نامىلىق چوڭ ھەربىي پاراخوتنى بايقاپ قالدى ۋە ئارقىدىنلا ئېتىلغان شىددەتلىك زەمبىرەك ئوقلىرىغا قارىماي، باتۇرلۇق بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ بىر تورپېداسى دۈشمەن پاراخوتىنىڭ قوماندانلىق كۆۋرۈكىنىڭ ئاستىنقى تەرىپىگە تەگدى. «غالىبىيەت» نامىلىق ئاۋىئاماتكىدىكى ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ئايروپىلانلارنىڭ قانداق قايتىپ كېلىش مەسىلىسى ئۈستىدە غەمدە قېلىۋاتقاندا، دېڭىز ئۈستىنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، قاتتىق بوران چىقىشقا باشلىدى، ئۆتكۈنچى يامغۇر تاراسلاپ يېغىپ كىشىنىڭ كۆزىنى ئاچۇرمىدى. يەنە كېلىپ، بۇ ليوتچىكلار كۈندۈزى پالوبىغا قونۇشنى پىششىق مەشىق قىلمىغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنى يول باشلاپ بىخەتەر قوندۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان بىردىنبىر كۆرسەتكۈچ چىراغلار پۈتۈنلەي كاردىن چىققانىدى، شۇڭا ئۇلار گېرمانىيىنىڭ سۇ ئاستى كېمىلىرىنىڭ ئەتراپىدا بار-يوقلۇقىغا قاراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي

پروژېكتور ۋە سىگنال چىراغلىرىنى يورۇتۇپ، ئۇچقۇچىلارنىڭ ئاۋىئاماتكىغا يېقىنلاپ كېلىشىگە ياردەم بەردى. ئۇلار ئاجايىپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ نەتىجە قازاندى. پۈتكۈل ئۇچقۇچىلار بىخەتەر ھالدا پالۇبىغا قوندى، ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئېيتقۇسىز دەرىجىدە خۇشاللىققا چۆمدى.

ئەنگلىيە فلوتى 2-كۈنى ئەتىگەندە بولىدىغان ھەل قىلغۇچ جەڭنىڭ تەييارلىقىنى تەق قىلىپ تۇرغاندا، دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇمىدى يەنە بىر قېتىم يەردە قالدى. 25-ماي كۈنى ئەتىگەن سائەت 3 تە، «سۇففولك» ناملىق پاراخوت گېرمانىيىنىڭ «بىسمارك» ناملىق ھەربىي پاراخوتىنىڭ ئىزىنى يوقىتىپ قويدى. ئۇ غەربكە كەتتىمۇ ياكى جەنۇبقا يۆتكىلىپ كەتتىمۇ ياكى ... ئۇ سىرلىق كەيىنگە بۇرۇلۇپ شىمال ۋە ياكى شەرققە كەتتىمۇ؟ بۇ كۆچلۈك ئەندىشە پەيدا قىلدى. يەنە كېلىپ بارلىق كۈچىنىڭ توپلىنىپ قىلغان ئىشىنى يوققا چىقىرىۋەتتى. ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە قوماندانى كۆپ تەرەپلىمىلىك تەھلىل ۋە ھۆكۈم چىقىرىش ئارقىلىق، «بىسمارك» ناملىق پاراخوتنىڭ برېست پورتىغا قاراپ كەتكەنلىكىگە بارغانسېرى ئىشىنىشكە باشلىدى، سائەت 6 دە بۇ ھۆكۈمنىڭ توغرىلىقى مۇقىملاشتى. دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكى دەرھال بارلىق كېمە-پاراخوتلارنىڭ تېخىمۇ جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىشى توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەمما، بۇ چاغدا «بىسمارك» ناملىق پاراخوتنىڭ ئىزىنى يىتتۈرۈپ قويۇپ كېلىپ چىققان پاتىپاراقچىلىق ۋە ۋاقىت ئىسراپچىلىقى سەۋەبىدىن، دۈشمەننىڭ بۇ پاراخوتى كۆزەت لىنىيىسىدىن ئۆتۈپ، بىخەتەرلىك رىقابىتىدە قارشى تەرەپتىن بەكلا ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

26-ماي ئەتىگەندە، كەڭرى سۇ دائىرىسىدە تارقىلىپ يۈرگەن ئەنگلىيىنىڭ كېمە-پاراخوتلىرى تۆت كۈندىن كۆپرەك جاپالىق يول يۈرگەچكە، يېقىلغۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك

جىددىي مەسىلە بولۇپ قالدى. بىر قانچە قوغلاپ زەربە بەرگۈچى كېمىلەر سۈرئىتىنى ئاستىلىتىشقا مەجبۇر بولدى. ئېنىقكى، پايانسىز كەتكەن بۇ دېڭىز-ئوكياندا ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن بارلىقى تىرىشچانلىقى هەش-پەش دېگۈچە يوققا چىقىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دا، يەنى ئۈمىد يوقىلىشقا باشلىغان چاغدا، قارشى تەرەپ «بىسمارك» ناملىق چوڭ هەربىي پاراخوتنى يەنە بايقاپ قالدى. ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكى ۋە هاۋا، دېڭىز ئارمىيىسى مۇداپىئە باش ئەترىتى ئىرېلاندىيىنىڭ ئېرن كۆلىدە تۇرۇۋاتقان «كاتالىنا» تىپلىق يىراق مۇساپىلىك بومباردىمانچى ئايروپىلانىنى ئاختۇرۇشقا ئەۋەتتى. شۇ چاغدا، بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنىڭ بىرى قېچىپ كېتىۋاتقان «بىسمارك» نىڭ برېست پورتىغا تەخمىنەن 700 ئىنگلىز مىلى قالغانلىقىنى بايقىدى. «بىسمارك» ناملىق چوڭ هەربىي پاراخوت بۇ ئايروپىلاننى زەخىملەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن، يىپ ئۈچى يەنە ئۈزۈلۈپ قالدى. ئەمما، ئارىدىن بىر سائەت ئۆتمەي «خان جەمەتى قېيىقى» ناملىق ئاۋئاماتكىدىن ئۇچۇپ چىققان ئىككى «يەلكەن بېلىق» شەكىللىك تورپېدالىق ئايروپىلان «بىسمارك» نى يەنە كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئەنگلىيىنىڭ «ئابرۇي» ناملىق پاراخوتىنىڭ غەربىدىن ناهايىتى يىراق بولغان دېڭىز دائىرىسىدە كېتىۋاتقان بولۇپ، تېخىچە گېرمانىيە هاۋا ئارمىيىسىنىڭ برېست پورتىدىن ئۇچقان كۈچلۈك ئايروپىلانلىرىنىڭ مۇهاپىزەت تورى ئىچىگە كىرەلمىگەنىدى. لېكىن «ئابرۇي» ناملىق پاراخوت «بىسمارك» قا تەڭ كېلەلمەيتتى. شۇڭا «ئەنگلىيە پادىشاهى گېئورگې V» ۋە «رودنىي» ناملىق پاراخوتلارنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتىن باشقا ئىلاج يوق ئىدى. ئەمما بۇ ئىككى پاراخوت دۈشمەن پاراخوتىنىڭ بەكلا ئارقىسىدا قالغانىدى. بۇ چاغدا، ئادمىرال سومېرۋىل دەرهال «شېفىېلد» ناملىق كېمىنى دۈشمەن پاراخوتىغا

يېقىنلىشىشقا ۋە توختىماي كەينىگە چۆشۈشكە ئەۋەتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت 7 دىن سەل ئۆتكەندە، «خان جەمەتى قېيىقى» ناملىق پاراخوتتىن ئۇچقان 15 «يەلكەن بېلىق» شەكىللىك تورپېدالىق ئايروپىلان «بىسمارك» ناملىق پاراخوتقا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار سائەت 9 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ قايتتى. ئىككى تورپېدا «بىسمارك» قا تەگكەنلىكىدە گەپ يوق ئىدى. بىر قوغلىغۇچى ئايروپىلاننىڭ دوكلات قىلىشىچە، «بىسمارك» ناملىق پاراخوت تولۇق ئىككى قېتىم چۆرگىلەپ كەتكەن، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۆز كونتروللۇقىنى يوقاتقاندى. بۇ چاغدا، كاپىتان ۋياننىڭ يېقىنلاپ كەلگەن بىر قانچە قوغلىغۇچى كېمىلىرى زەخىملەنگەن بۇ دۈشمەن پاراخوتىنى كېچىچە مۇھاسىرىگە ئېلىپ، پۇرسەت بولسىلا تورپېدا ئارقىلىق تۇيۇقسىز زەربە بېرىشكە تەييارلىنىپ تۇراتتى.

ئاخىر «بىسمارك» نىڭ تەقدىرى بەلگىلەندى. گېرمانىيە قوماندانى ئادمىرال لوگىنستا غەلىبىنى قىلچىمۇ تەلەيدىن كۆرۈش خىيالى يوق ئىدى. يېرىم كېچىگە ئاز قالغاندا، ئۇ گىتلېرغا دوكلات قىلىپ: «پاراخوتىمىز كونتروللۇقىنى يوقاتتى. بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تال زەمبىرەك ئوقىمىز قالدى. ياشىسۇن فىئۇرېر!» دېدى.

27-ماي تاڭ سەھەردە، گۆركىرەپ غەربىي شىمال شامىلى چىقىشقا باشلىدى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 8 دىن 47 مىنۇت ئۆتكەندە «ئەنگلىيە پادىشاھى گېئورگې V» ۋە «رودنېي» ناملىق پاراخوتلار «بىسمارك» قا قارىتىپ شىددەتلىك تۇردە زەمبىرەك ئاتتى. يېرىم سائەتلىك كەسكىن جەڭدىن كېيىن «بىسمارك» نىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئوت كەتتى، ئارقىسىدىنلا پاراخوت گەۋدىسى تېزلىكتە سول تەرەپكە قىڭغىيىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا، «رودنېي» ناملىق پاراخوت «بىسمارك» نىڭ ئالدى

تەرىپىدىن 4000 يارد يىراقلىقتىكى جايغا كېلىپ، ئۇنىڭغا توختىماي زەمبىرەك ئېتىشقا باشلىدى. سائەت 10 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە، «بىسمارك» ناملىق پاراخوتنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى تىنچىپ، پاراخوت ماشىنىسى سۇنۇپ كەتتى. ئاخىر شىددەتلىك دولقۇنلار قوينىدا خۇددى بىر تال يوپۇرماقتەك چايقىلىپ، گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت ۋە قويۇق ئىس-تۈتەكلەر ئىچىدە قالدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇ دېڭىز تەكتىگە تېخىچە غەرق بولۇپ كەتمىگەنىدى. ئاخىر «دوسسېت» ناملىق ئوكيان چارلاش پاراخوتى تورپېدا قويۇپ بېرىپ ئەجەللىك زەربە بەردى. شۇنداق قىلىپ، گېرمانىيىنىڭ كۈچلۈك ھېسابلانغان «بىسمارك» ناملىق چوڭ ھەربىي پاراخوتى سائەت 10 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە دۈم كۆمۈرۈلۈپ دېڭىز تەكتىگە چۆكۈپ كەتتى. بۇ پاراخوت بىلەن تەڭ 2000 نەپەر ئەسكىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوماندانى ئادمىرال لوگىنسمۇ دېڭىز تەكتىگە دەپنە قىلىندى.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دە، چېرچىل تۆۋەن پالاتادىكىلەرگە كرېت ئارىلى ئوپېراتسىيىسى بىلەن «بىسمارك» ناملىق چوڭ ھەربىي پاراخوتتىن ئىبارەت بۇ كومېدىيىلىك ۋەقە توغرىسىدا دوكلات بېرىۋاتاتتى. ئۇ دوكلاتىدا: «بۈگۈن ئەتىگەن، يەنى تاڭ يورۇپ ئۆزۈن ئۆتمەي، ئەمەلىيەتتە ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتى قالمىغان، شۇنداقلا ياردەمگىمۇ ئېرىشەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان «بىسمارك» ناملىق پاراخوت ئەنگلىيىنىڭ قوغلاپ زەربە بەرگۈچى چوڭ ھەربىي پاراخوتىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. مەن زەمبىرەك ئوقىنىڭ زەربىسى قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما، ئەھۋالدىن قارىغاندا، «بىسمارك» زەمبىرەك ئوقىنىڭ زەربىسىدىن چۆكۈپ كەتمەيدىغان ئوخشايدۇ، ئەمدى تورپېدا ئارقىلىق ئۇنىڭ تەقدىرىنى تېز بىر تەرەپ قىلىۋېتىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ،

بەلكىم بۇنىڭغا ئۇنچىلىك كۆپ ۋاقىت كەتمەيدۇ. ‹خوئود› ناملىق پاراخوتىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىش بىز ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش بولدى. لېكىن ‹بىسمارك› نامىلىق پاراخوت دۇنيا بويىچە ئەڭ يېڭى، ئەڭ كۈچلۈك چوڭ ھەربىي پاراخوت ھېسابلىنىدۇ» دېدى. ئۇ ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا بىرى بىر پارچە باغاقچە ئەكىلىپ بەردى. چېرچىل ئورنىدىن تۇرۇپ: «مەن ھازىر بىر خەۋەر تاپشۇرۇۋالدىم، ‹بىسمارك› نامىلىق چوڭ ھەربىي پاراخوت چۆكتۈرۈۋېتىلىپتۇ» دېدى. ئارقىدىنلا پۈتۈن سورۇندىكىلەر ئۇزۇنغىچە ئالقىش سادالىرى ياڭراتتى.

«بىسمارك» نىڭ چۆكتۈرۈۋېتىلىشى ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن زور غەلىبىسى ئىدى. «گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ مەنمەنلىكى» بەربات قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيە دېڭىزدا تېخىچە مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولمىغان، ئۇرۇش ۋەزىيىتى يەنىلا مۇشەققەتلىك ھالدا تەرەققىي قىلماقتا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا شەرقتە يەنە يېڭى ئاۋارىچىلىقلار يۈز بەرمەكتە ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

# روممېلنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشى

ئىتالىيىنىڭ ئافرىقا ئىمپېرىيىسى گۇمران بولۇش ئالدىدا، مۇسسولىنىنىڭ تۇرلۇك يوللار ئارقىلىق تەلەپ قىلىشى بىلەن، ناتسىستلار كاتتىۋېشى گىتلېر ئاخىر «باتۇر سەركەردە» روممېلنى ئافرىقىغا ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ئافرىقىغا كېلىشى بىرىنچى، ئىتالىيە قوشۇنلىرىنى ۋاۋېلىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش؛ ئىككىنچى، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ناتسىستلارنىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت ئىدى. بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش نېمىدېگەن پەيزى ئىش-ھە!

روممېلنىڭ ئادەتتىكى گېرمانىيە ئوفىتسېرلىرىغا نېسبەتەن بولمىغان بىر خىل ئاجايىپ-غارايىپ سەرگۈزەشتى بار ئىدى. ئۇ ھىيلىگەر، جاھىل ھەم جاسارەتلىك بولۇپ، شىمالىي ئافرىقىدا ئەنگلىيە ئارمىيىسىنى دېگۈدەك يوقاتقان، شۇڭا «ئافرىقا تۈلكىسى» دېگەن لەقەمگە ئېرىشكەن ھەمدە گىتلېر تەرىپىدىن مارشاللىققا ئۆستۈرۈلگەنىدى. روممېل رىمغا كېلىپلا ئىنتايىن تەكەببۇرلىشىپ كەتكەن مۇسسولىنىنى چۆچۈتۈپ قويىدى ۋە بۇ «داھىي» غا: «مەن ئافرىقا بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى سالاھىيىتى بىلەن ئالدىنقى سەپكە كەلدىم، بارلىق ئىتالىيە قوشۇنلىرى مېنىڭ قوماندانلىقىمغا بويسۇنۇشى

شەرت، ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئارىلىشىشىغا رۇخسەت يوق! مەن ۋەزىيەتكە ئاساسەن، دەرھال كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىپ بۇيرۇق قىلىمەن» دېدى. بۇ گەپلەر مۇسسولىنىنىڭ دىتىغا زادى ياقمىدى، ئەمما ئېغىر كۈن بېشىغا چۈشكەن جىددىي پەيتتە باشقىلاردىن ياردەم سورىغاچقا، چىشىنى چىشلەپ ئاچچىق يۇتماقتىن ئۆزگە چارە يوق ئىدى.

روممېل ئافرىقا ئوپېراتسىيىسىدە باشتىن-ئاخىر زاپاس قىسىملارنى ئىشلىتىش ماھارىتىنى، بولۇپمۇ ھەر قېتىملىق ئوپېراتسىيىدىن كېيىن قوشۇنلارنى تېزلىكتە قايتىدىن تەرتىپكە سېلىش، ئۆزلۈكسىز جەڭ قىلىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى. ئۇ كۆزگە كۆرۈنگەن ھەربىي قىمارۋاز بولۇپ، تەمىنلەش مەسىلىلىرىنى تۇتۇپ ئىشلەشكە ماھىر، ئۇنىڭ ئۇستىگە، خىلمۇ خىل توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلارنى مەنسىتمەيدىغان ئادەم ئىدى. گېرمانىيە ئالىي قوماندانلىق شتابى دەسلەپ ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ ئىشلەتكەن، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن ھاڭ-تاڭ بولۇپ ھەمدە ئۇنىڭ ئالدىنىپ قىلتاققا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، مەقسەتلىك ھالدا بەزى چەكلىمىلەرنى قويغان. روممېل شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، ئېغىشماي ئالغا ئىلگىرىلەشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ ۋاۋېلنىڭ ئالدامچىلىق تاكتىكىسىنى ئالداپ بىلىۋېلىپ ئەنگلىيە ئارمىيىسىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتقانىدى. شۇڭا، چېرچىل 1942-يىلى يانۋاردا تۆۋەن پالاتادا سۆزلىگەندە، گېرمانىيىنىڭ بۇ گېنېرالىنى ماختاپ: «بىز ئىنتايىن جاسارەتلىك ۋە ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر بىر رەقىبكە دۇچ كەلدۇق، ئەگەر بىز ئۇرۇش پەيدا قىلغان بۇزغۇنچىلىقلارنى ھېسابقا ئالمىساق، ئۇ بىر ئۇلۇغ گېنېرال» دېدى.

روممېل ھۇجۇم ھالىتىدە ھەيۋە كۆرسىتىپ، ئەنگلىيە

ئارمىيىسىگە ناھايىتى قاتتىق تەھدىت سالدى. 1941-يىل 2-مارت، گېنېرال ۋاۋېل ئەنگلىيە قوماندانلىق شىتابىنىڭ باش مەسئۇلى چېرچىلغا دوكلات يوللاپ، ئاگايلا تار يولى پۈتۈن ۋەزىيەتنىڭ يادروسى، مۇبادا روممېل ئەجدەبىيەھنى بۇسۇپ ئۆتسە، ئۇنداقتا بەنى - غازى ۋە توبرۇكنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بارلىق تايانچ پونكىتلار خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ. لېكىن، ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئەجۋەلەنىڭ دەرۋازىسىنى مەھكەم ساقلىسىلا، گېرمانىيە، ئىتالىيە فاشىستلىرىنىڭ ھۇجۇمى قىيىنچىلىققا يولۇقىدۇ. ئۇ يەرنىڭ يەر شارائىتى ياخشى، بىراق خىللانغان مۇداپىئە كۈچلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان، بۇنىڭ بەزى سەۋەبلىرى شۇ يەردىكى، توبرۇكنىڭ سىرتقا بولغان ترانسپورت ۋەزىپىسى ھەددىدىن زىيادە-جىددىي، يەنە كېلىپ بەنغازىدىكى پورتنى تېخى ئىشلەتكىلى بولمايدۇ، دېدى.

17-مارت، گېنېرال ۋاۋېل بىلەن دېيخل سىرېنايكاغا كېلىپ ئەھۋاللارنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇلار ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئەنتەلاتتىن ئەجۋەلەگە كەلدى. گېنېرال دېيخل ئەجۋەلە بىلەن بەنغازى ئارىلىقىدىكى قۇملۇق جايلارنى مۇداپىئە قىلىش قىيىنغا توختايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ 18-مارت قاھىرەدىن مەملىكەتتىكى مۇئاۋىن باش قوماندانغا ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدا، كۆزگە كۆرۈنەرلىك پاكىت شۇكى، ئەجۋەلە بىلەن بەنغازىنىڭ شەرقىدىكى تۈز كاندۇكلىرى ئوتتۇرىسىدا يېيىلىپ ياتقان كەڭرى قۇملۇق بروनېۋىكلارنىڭ مېڭىشىغا ناھايىتى قولايلىق، شۇڭا باشقا شەرتلەر ئوخشاش ئەھۋال ئاستىدا بىر قەدەر كۈچلۈك برونېۋىك قىسىملىرى غەلىبە قىلالايدۇ. پىيادە ئەسكەرلەر بۇ يەردە كۈچىنى تولۇق جارى قىلالمايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ كەڭرى كەتكەن قۇملۇقتا تەمىنات مەسىلىسى يەنىلا مەۋجۇت، بەلكى مۇداپىئە قىلىشقا پۈتۈنلەي پايدىلىق، دېدى.

ئادەم سانى كۆپ، قورال-ياراغلىرى خىل روممېلنىڭ

برونېۋىك چوڭ قوشۇنى ئالدىدا گېنېرال ۋاۋېلنىڭ ئەھۋالى خەتەرلىك ئىدى. نۆۋەتتە، ئۇ مۇداپىئە ئىشلىرى جەھەتتە قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا بەكمۇ ئالدىرايتتى. ئەسلــى ئۇ بەنغازىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن گرېتسىيىنى ئەڭ چوڭ چەكلىمىدە ياردەم بىلەن تەمىن ئېتىش ۋە مۇسسولىنىنىــــڭ شەرقىي ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىلىرىنى بالدۇرراق ئازاد قىلىش ئۈچۈن، سىرېنايكىدا ئاز ساندىكى برونېۋىك قىسىملىرىنى ۋە قىسمەن تەلىم-تەربىيە كۆرگەن بىر ئاۋستراليە دىۋىزىيىسىنى قالدۇردى. كېيىن ئىتالىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيىســى روممېلغا ماسلىشىپ بەنغازىغا بولغان ھۇجۇمىنى كۈچەيتتى، بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيىنىڭ تەمىنات كېمىلــــىرى بەنغازى پورتىـــنــى ئىشلىتەلمىدى، بۇمۇ مۇداپىئە ئىشلىرىدىكى قىيىنچىلىقنـــى ئېغىرلىتىۋەتتى.

چېرچىل ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا ئىلھام بېرىش، قارشىلىق كۆرسىتىش ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن 26-مارت گېنېرال ۋاۋېلغا جىددىي تېلېگرامما يوللاپ: «بىز گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئەجۋەلەگە تېز سۈرئەتتە يۈرۈش قىلىۋاتقىنىغا ئەلۋەتتە كۆڭۈل بۆلىمىز. ئۇلارنىڭ ئادەتلىــنــــىپ قالغان ئۇسۇلى: ‹قارشىلىققا ئۇچرىمىسىلا ئالغا ئىلگىرىلەش› تىن ئىبارەت. مېنىڭچە، سىز بۇ تاشپاقىنىڭ بېشىنى ئۇزۇن سوزۇپ چىقىرىشىنى، ئاندىن ئۇنى تېنىدىن چورتلا ئۈزۈپ تاشلاشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىسىز. مەن ئارمىيىمىزنىڭ جەڭگىــۋارلىـــق كۈچىنىڭ تەمىنى ئۇلارغا بىر تېپتىپ قويۇشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرىيىتى بار، دەپ قارايمەن. 7-برونېۋىك دىۋىزىيىسىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ھازىر قەيەردە؟ ئۆزىڭىزنىڭ مۆلچەرىنى ماڭا تېلېگرامما ئارقىلىق ئۇقتۇرۇپ قويۇڭ» دېدى.

ئەتىسى، يەنى 27-ماي، گېنېرال ۋاۋېل ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ۋە قوللانماقچى بولغان تەدبىرلىرى توغرۇلۇق باش ۋەزىرگە

تېلېگرامما يوللاپ: «ھازىر مېنىڭ سىرىپايكىدىكى ئەسكىرىي كۈچۈم ئىنتايىن ئاجىز، يەنە كېلىپ، مەن ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان بىرونېۋىك قىسىملىرىنىڭ ياردىمىگىمۇ ئېرىشەلمەيمەن. 2-بىرونېۋىك دىۋىزىيىسىنىڭ بىر بىرىگادىسى سىرىپايكىدا، يەنە بىر بىرىگادىسى گىرېتسىيىدە تۇرىدۇ. 7-بىرونېۋىك دىۋىزىيىسى قاھىرەگە قايتىۋاتىدۇ، زاپاس تانكا بولمىغانلىقتىن رېمونت قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ، لېكىن ۋاقىت بەكلا زايە بولۇپ كېتىدىكەن. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر - ئىككى ئاي ئىچىدىكى ۋەزىيەت كىشىنى تەشۋىشكە سېلىپ قويىدۇ. لېكىن، دۈشمەنىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق يېتىپ ئاشقۇدەك قىيىنچىلىقى بار. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ سانى تولىمۇ مۇبالىغە قىلىۋېتىلدى. بىراق، مەن ئۆزۈمنىڭ ئاز ساندىكى بىرونېۋىك قىسىملىرىمنى يۈرەكلىك ھالدا خالىغانچە ئىشلىتەلمەيمەن. شۇنداقتىمۇ كۈچۈمنىڭ بارىچە تەدبىر قوللىنىپ سىرىپايكىغا ياردەم بېرىمەن... مەندىكى ئاساسلىق قىيىنچىلىق ترانسپورت» دېدى.

31-مارت، ئىنگلىزلارنى ئەنسىرەتكەن روممېلنىڭ ئەجۋەلەگە بولغان ھۇجۇمى ئاخىر باشلاندى. گېنېرال نېئامې بۇيرۇققا بىنائەن دۈشمەن قىستاپ كەلگەندە بىر مەيدان كېچىكتۈرۈش جېڭى قىلدى، ئاندىن بەنغازى ئەتراپىغا چېكىندى ھەمدە بەنغازى پورتىنى ئىمكانقەدەر ئۇزاققىچە قوغدىدى. ئۇ يەنە بۇيرۇق بويىچە زۆرۈر تېپىلغاندا بۇ پورتنى ۋەيران قىلىۋېتىپ ئاندىن چېكىندى. شۇڭا، شىددەتلىك جەڭ بولۇپ ئىككى كۈندىن كېيىن، ئۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەنگلىيىنىڭ بىر بىرونېۋىك بىرىگادىسى ئاستا-ئاستا چېكىندى. ھاۋا ئارمىيىسى جەھەتتە، شۇ چاغدىكى ئوق مەركىزى لاگىرى ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسىدىن ھەقىقەتەن كۆپ كۈچلۈك ئىدى، مۇسسولىنىنىڭ 100 دىن ئارتۇق ئايروپىلانى كۈن بويى توختىماي بومباردىمان

قىلىپ بۇزغۇنچىلىق سالغاندىن سىرت، روممېل يېقىندا گېرمانىيىدىن يەنە 100 سوقۇش ئايروپىلانى، 100 ئېغىر تىپتىكى بومباردىمانچى ئايروپىلان يۆتكەپ كەلگەندى. گېنېرال ۋاۋېل 2-ئاپرېل سىرېنايكىدىكى ئالدىنقى قاراۋۇل قىسمىنىڭ گېرمانىيىنىڭ بىر برونېۋىك دىۋىزىيىسىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا يولۇققانلىقىنى، تۇنۇگۈن بىر قانچە قاراۋۇل پونكىتلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى، ئىنىمىنىڭ برونېۋىك برىگادىسى ئېغىر زىيان تارتقانلىقىنى، كۆپلىگەن برونېۋىكلىرىنى قىسقىغىنا مۇددەت ئىچىدە رېمونت قىلىپ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى دوكلات قىلدى.

چېرچىل شىمالىي ئافرىقا ئالدىنقى سېپىنىڭ ئەھۋالىغا ئىنتايىن دىققەت قىلدى، ئۇ 2-ئاپرېل گېنېرال ۋاۋېلغا تېلېگراممىا ئەۋەتىپ: «مېنىڭچە، ئەڭ مۇھىمى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ سىرېنايكىغا ئىلگىرىلەش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش كېرەك. گېرمانىيە ئارمىيىسىنى بىرەر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىتىشنىڭ ئۆزى بىزنىڭ ئابرۇيىمىزغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. تاكتىكا جەھەتتىكى مەقسەت ئۇچۇن جېنىدىن ۋاز كېچىشكە تامامەن بولىدۇ، لېكىن راستتىنلا بەنغازىدىن چېكىنىش كىشىنى ئىنتايىن ئازابلايدۇ. دۈشمەن ئارمىيىسى بۇ ئۇزۇن ھەم سۇيى يوق دېڭىز بويىدىكى تاشيولدا ئۇزاق مۇساپىنى باسقاندىن كېيىن، يەنە قانداق قىلىپ خېلى تولۇق ئەسكىرىي كۈچ بولۇپ شەكىللەندى، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دۈشمەن ئارمىيىسى سىرېنايكىغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن يەنە شۇنچىلىك ئەسكىرىي كۈچى ساقلىنىپ قالىدۇ، دەپ قارىمايمەن. ئەگەر سىزگە ھۇجۇم قىلغان بۇ ئازغىنا دۈشمەن قوشۇنىنى يوقىتىۋەتسىڭىز، ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ياستۇقنى ئېگىز قىلىپ خاتىرجەم ئۇخلىسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ. ئەلۋەتتە، دۈشمەن داۋاملىق تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەيدىغان بولسا، قولغا

كەلتۈرگەن غەلىبە مېۋىلىرىڭىزدىن قەدەممۇ قەدەم ئايرىلىپ قالىسىز» دېدى. شۇڭا، چېرچىل ۋاۋېلنى جەڭنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئەڭ مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسىلا ھەرگىز چېكىنمەسلىكنى تەلەپ قىلدى.

چېرچىلنىڭ پەرەز قىلغىنىدىنمۇ ئارتۇق ئىش بولدى، يەنى 2-ئاپرېل ئەنگلىيىنىڭ 2-برونېۋىك دىۋىزىيىسىنىڭ ياردەم بەرگۈچى قىسمى، روممېل بىلەن مۇسسولىنىنىڭ بىرلەشمە تانكا ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئەجەدابىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلدى، ئاخىر بۇ قىسىم ئەجەدابىيەنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 35 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايدىكى ئەنتەلاتقا چېكىندى. گېنېرال ۋاۋېل 3-ئاپرېل كۈنى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئالدىنقى سەپكە باردى ۋە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دوكلات قىلىپ: برونېۋىك برىگادىسىنىڭ كۆپ قىسمى، ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كېلىۋاتقان گېرمانىيىنىڭ برونېۋىك قىسمىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تارمار بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، بەنغازىنىڭ شەرقىي ۋە شەرقىي شىمالىدىكى 9-ئاۋستىرالىيە دىۋىزىيىسىنىڭ سول قانىتى مۇھاپىزەت قىلىنىشتىن مەھرۇم قالدى. ئۇلارنىڭ چېكىنىشى زۆرۈر بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ. دۈشمەننىڭ لىۋىيىدىكى ئەسكىرىي كۈچى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، 7-ئاۋستىرالىيە دىۋىزىيىسى گرېتسىيىگە بارالماي، غەربتىكى قوشۇنلارنى قۇملۇققا يۆتكەلدى. ئەنگلىيىنىڭ 6-دىۋىزىيىسى تېخىچە قوراللىنىپ بولمىدى، ئۇلارنى زاپاس كۈچ قىلىش كېرەك. بۇ رودېس ئارىلىغا بولغان ھۇجۇمنى كېچىكتۈرىدۇ. ئەنگلىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ قۇملۇقنىڭ يان قانات سېپى بولۇشتەك مۇھىم ئەھمىيىتى بىر كۈن ئىچىدىلا يوقىلىپ چىققىلى تاسلا قالدى، دېدى.

بۇ كۈتۈلمىگەن يېڭى ۋەزىيەت چېرچىلنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويدى. ئۇ شۇ كۈنى (3-ئاپرېل) ئافېنادىكى قۇرۇقلۇق

ئارمىيە ۋەزىرى ئىدېن ئەپەندىگە تېلېگراممىا يوللاپ: «بىز بەنغازىغا چېكىندۇق، ۋەزىيەت جىددىي، چۈنكى گېرمانىيە ئارمىيىسى ئۆ يەردىكى ئايرودرومنى ئىگىلىۋالسىلا، بىزنىڭ توبرۇك پورتىنى ئىشلىتىشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن. . . قولدىن كەتكەن يەرلەردىنمۇ كۆپ مۇھىم بولغان مۇنداق بىر قاراش بار: بىز گېرمانىيە ئارمىيىسى بىلەن سەپ تارتىپ قارشىلاشمايمىز، ئۇلار ئۇرۇش مەيدانىغا ئاتلانسىلا بىزنى 10 نەچچە ئىنگلىز مىلى يىراققا چېكىندۇرۇۋېتىدۇ. بۇ پۈتكۈل بالقان ۋە تۈركىيىدە ناچار تەسىر قوزغىشى مۇمكىن. قوشۇنلارنى يۆتكەشنىڭ مۇۋاپىق پىلانىنى ئىمكانقەدەر تۈزۈپ چىقىش كېرەك، بىراق نېمىلا بولسۇن ئۇرۇشماي بولمايدۇ. دېڭىزدىن ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، دېڭىز بويىدىكى تاشيولنى ئۈزۈۋەتكىلى بولامدۇ؟ شۇ سەۋەبتىن رودې ئارىلىغا قىلىدىغان ھۇجۇمدىن ۋاز كەچكەن تەقدىردىمۇ، ئۈنچىلىك ئاچچىق يۇتۇشنىڭ ھاجىتى يوق» دېدى.

ئەتىسى، يەنى 5-ئاپرېل ۋەزىر ئىدېن قاھىرەدىن باش ۋەزىر چېرچىلغا تېلېگراممىا ئەۋەتىپ: «دىيىخل ئىككىمىز بۈگۈن كەچ قاھىرەگە سالامەت كېلىپ، ۋاۋېل ۋە تېددېرلار بىلەن تولۇق مۇزاكىرىلەشتۇق. ھەممەيلەن بىردەك مۇنداق خۇلاسىگە كەلدۇق: گېرمانىيە-ئىتالىيە ئارمىيىسىنىڭ سىرېنايكىدىكى كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى گېرمانىيىنىڭ بالقان ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر خىل ئىسكەنجىگە ئېلىش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. بۇنداق ھۆكۈم قىلىش مىسىرغا بولغان ۋاستىلىك تەھدىتنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۈنچىلىك يەڭگىللىتەلمەيدۇ، چۈنكى شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، دۈشمەنلەر قولغا كەلتۈرگەن بارلىق پۇرسەتتىن جېنىنىڭ بارىچە پايدىلانماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەپسۇس، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيىتى

مۆلچەردىكىدىنمۇ زور بولدى. يەنە كېلىپ، ئۇلار غەلىبە سېرى ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە...» دېدى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا باش ۋەزىرنىڭ يولىيورۇقىنى تىرىشىپ ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەزىيەتنى بالدۇرراق ئۆزگەرتىشنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

گېنېرال ۋاۋېل ئالدىنقى سەپنىڭ ئۇرۇش قىلىش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، چېرچىلنىڭ پىكرى بويىچە گېنېرال ئوكوننورنى ئالدىنقى سەپنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىدى. شۇ چاغدا تېخى سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلمىگەن بۇ گېنېرال باش قوماندانغا، ئەڭ ياخشىسى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۆزىنى نېئامېنىڭ قوماندانلىق ئورنىغا ئەۋەتمەسلىكىنى، شۇ جايغا ئائىت بىلىدىغان مەخسۇس بىلىملىرى ئارقىلىق چەتتە تۇرۇپ نېئامېغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. گېنېرال ۋاۋېل ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. بۇ قېتىم مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىلگەن ئۇسۇل-چارىلەر ئوڭۇشلۇق ئەمەلىيلەشمىدى ياكى ئۇزۇنغىچە ئەمەلگە ئاشمىدى. 6-ئاپرېل كېچىسى ئەنگلىيىنىڭ زور تۈركۈم ئارمىيىسى بەنى-غازىغا چېكىندى. 9-ئاۋستىرالىيە دىۋىزىيىسىمۇ دېڭىز قىرغىقىدىكى تاشيول بويلاپ شەرققە چېكىندى. گېنېرال نېئامې قاتناش قىستاڭچىلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن گېنېرال ئوكوننور بىلەن بىر ماشىنىغا ئولتۇرۇپ (بىرەر مۇھاپىزەتچىمۇ ئالمىدى) چىغىر يولدىن كېسىپ ئۆتتى. ئۇلار كېچىسى تۇيۇقسىز گېرمانىيىنىڭ پاتروللىرىغا ئۇچراپ قالدى، قارشى تەرەپ ماشىنا دېرىزىلىرىدىن ئۇلارغا تاپانچا تەڭلىدى. ئەنگلىيىنىڭ بۇ ئىككى گېنېرالى قارشىلىق كۆرسىتىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي روممېلنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالدى. نېئامې ۋىكتورىيە ئوردېنى ئالغان، ئوكوننور بولسا ھەر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەنگلىيىنىڭ ئەڭ تەجرىبىلىك، كۆپ قېتىم نەتىجە قازانغان قۇملۇق رايون قوماندانى ئىدى. جاسارەتلىك، ئۇرۇش قىلىشتا ماھىر ئىككى

گېنېرال لېيتېنانتتىن ئايرىلىپ قالغان گېنېرال ۋاۋېل خۇددى ئىككى بىلىكى كېسىۋېتىلگەن ئادەمدەك قاتتىق ئازابلىنىپ كەتتى.

6-ئاپرېل چۈشتىن كېيىن، ۋاۋېل، ئېدېن، دىيىخل لونگمور ۋە كوننىنگاملار قاھىرەدىكى ئوتتۇرا شەرق باش قوماندانلىق شتابىدا يىغىن ئۆتكۈزۈپ، قەيەرنى قوغداش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. ۋاۋېل ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە توبرۇكنى قوغداش ۋە 8-ئاپرېل ئاۋستىرالىيىلىك گېنېرال لېۋلاك بىلەن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ توبرۇكقا بېرىش توغرۇلۇق قارار چىقاردى. ئۇ لېۋلاكنى ۋاقتىنچە قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە قالدۇردى. ئېدېن بىلەن دىيىخل دۆلىتىگە قايتتى، ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېت ئىككىسىنىڭ ئافىنا بىلەن قاھىرەدىن ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى ئېلىپ قايتىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى.

گېنېرال ۋاۋېلنىڭ دوكلات قىلىشىچە، 9-ئاۋستىرالىيە دىۋىزىيىسىنىڭ چېكىنىشى ھەر ھالدا توسقۇنلۇققا ئۇچرىمىغان، ئەمما ئىتالىيىنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن 2400 نەپەر ئەسكىرىنى باركاغا تاشلاپ كەتكەن. بىراق، ئۇ يەنە شۇ كۈنى تېلېگراممىا يوللاپ: غەربىي قىسىمدىكى قوملۇقنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن ياماىلىشىپ كەتتى، گېرمانىيە ئارمىيىسى قۇملۇقتىكى لىنىيە ئارقىلىق مەجبۇرىيەتكە قاراپ يولغا چىقتى. 2-بروندۇۋلاك دىۋىزىيىسى زاپچاسلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە تۈيۈقسىز ھاۋا ھۇجۇمىغا ئۇچرىشى سەۋەبىدىن بىر قىسىم بىرونېۋىكلىرىنى زىيان تارتتى، 3-برونېۋىك بىرىگادىسىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارى قالمىدى، دېدى.

چېرچىل يوللانغان ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ 7-ئاپرېل گېنېرال ۋاۋېلغا تۆۋەندىكى تېلېگراممىنى ئەۋەتتى:

«توبرۇكتا ئىتالىيە ئارمىيىسى ياسىغان مەڭگۈلۈك

مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى بار، سىز توبرۇكنى جەزمەن قوغداپ قالالايسىز، ھېچبولمىغاندا. . . ياكى. . . دۈشمەن كۈچلۈك زەمبىرەك پاركىنى ئەۋەتكۈچە قوغداپ قالالايسىز. دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدە بۇ ئىشنى قىلالىشىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. دۈشمەن ئارمىيىسى توبرۇكنى ئېلىپ مىسىرغا ئىلگىرىلىمەكچى بولۇۋاتىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، چۈنكى بىز قىسىملىرىمىزغا دېڭىزدىن ياردەم بېرەلەيمىز ھەمدە ئۇلارنىڭ قاتناش لىنىيىسىگە تەھدىت سالالايمىز. شۇڭا، توبرۇك ھەر ھالدا قاتتىق قوغداشقا تېگىشلىك، شۇنىڭدەك چېكىنىشنى ھەرگىز خىيال قىلىشقا بولمايدىغان جاي. بۇ ھەقتىكى پىكىرلىرىڭىزدىن مېنى ۋاقىپلاندۇرۇپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.»

گېنېرال ۋاۋېل 8-ئاپرېل توبرۇكقا ئۇچتى ۋە بۇ ئىستىھكامنى قوغداش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. كەچقۇرۇن بولغاندا قاھىرەگە قاراپ يولغا چىقتى. يېرىم يولغا كەلگەندە ئايروپىلاننىڭ ماتورى بۇزۇلۇپ قېلىپ، ئۇلار قاراڭغۇدا قونۇشقا مەجبۇر بولدى. ئاخىر ئايروپىلان ئۇرۇلۇپ زەخىملەندى، ئۇلار ئايروپىلاندىن چىقىپ كەتكەن قۇملۇقتا تۇرۇپلا قالدى. شۇنچە قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ نەگە كېلىپ قالغانلىقىنى ئاڭقىرالمىدى. گېنېرال ۋاۋېل ھەر ئېھتىمالغا قارشى مەخپىي ھۆججەتلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇق قىلدى. بىر چاغدا يىراقتىن ماشىنا چىرىغىنىڭ يورۇقى كۆرۈندى. ھېلىمۇ ياخشى، بۇ ئەنگلىيە چارلىغۇچىلىرى بولۇپ چىقتى. قاھىرەدىكى خادىملار ۋاۋېل ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ئالتە سائەتتىن بېرى ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالغانىدى.

باش قوماندان ۋاۋېل قاھىرەگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرھال جاۋاب تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. ئۇ قوشۇنلارنىڭ ئەھۋالىنى

تەپسىلىي چۈشەندۈرگەندىن كېيىن: «دۈشمەن ئارمىيىسى دەسلەپ قوللانغان ھەرىكەتلىرىدە ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭچە، بىزگە ئۇزۇن ۋاقىتقىچە دەم ئېلىش پۇرسىتى بولمايدۇ، مەن يەنىلا قاتتىق ئەندىشە قىلىۋاتىمەن. توبرۇك ئانچە ئوڭاي ساقلىغىلى بولىدىغان جاي ئەمەس؛ ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قاتناش لىنىيىسى ھەر ھالدا قىلچە مۇھاپىزەت قىلىنمايۋاتىدۇ، يەنە كېلىپ قاتناش قالايمىقان» دېدى.

بۇ تېلېگراممىنىڭ ئاخىرىدا توبرۇكنى ساقلاپ قېلىش توغرۇلۇق ئېنىق بىرەر ئېغىز گەپ تىلغا ئېلىنمىغانىدى، شۇڭا چېرچىل ئۈچ ئارمىيىنىڭ شتاب باشلىقلىرى بىلەن مەخپىي كېڭىشىپ، 10-ئاپرېل ۋاۋېلغا يەنە تۆۋەندىكىدەك تېلېگرامما ئەۋەتتى:

«بىز سىزنىڭ ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە بولغان ئومۇمىي مۆلچەرىڭىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمىز. بۇ مەزگىلدە سىزمۇ بىزنىڭ بۇ مەسىلىلەرگە بولغان كۆز قارىشىمىزنى بىلىشىڭىز كېرەك. بىزنىڭچە، توبرۇك قەلئەسىنى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ساقلاپ قېلىش مۇمكىن بولمىسا، تاشلاپ چېكىنىشمۇ تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان ئىش. بىزنىڭ بىخەتەر دېڭىز قاتناش لىنىيىمىز بار. دۈشمەننىڭ مۇداپىئە سېپى ئۇزۇنغا سوزۇلغان، ئەگەر ۋاقىتنى ئەركىن ئورۇنلاشتۇرالمىغان بولسا، مۇداپىئە سېپى چوقۇم ئاجىز دېگەن گەپ. بىز پەقەت توبرۇكنى ساقلاپ قالالىساقلا، ئاز ساندىكى گارنىزون قىسىملىرىمىز دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ قاتناش لىنىيىسىدىكى برونېۋىك ماشىنىلىرىغا تۇيۇقسىز زەربە بەرگەن تەقدىردىمۇ، دۈشمەن توبرۇكتىن ئۆتۈشكە پېتىنالىسا بىرلا قېتىم تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلالايدۇ. مۇبادا توبرۇكنى تاشلاپ چىقىپ ۋە 260 ئىنگلىز مىلى يول يۈرۈپ مەتلۇ پورتىغا چېكىنسىڭىز، سىز يەنە ئوخشاشلا

مەسىلىگە دۇچ كەلمەمسىز؟ بىز ئىشىنىمىزكى، سىز توبرۇكتا ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرالايسىز.»

گېنېرال ۋاۋېل يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىپ، بىر مۇنچە قىيىنچىلىقلار بولسىمۇ، توبرۇكنى يەنىلا ساقلاش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ، قاتناش لىنىيىسىنى قوغداش ھەمدە دۈشمەن توبرۇكقا ھۇجۇم قىلغاندا ئۇنىڭ يان تەرىپىگە ياكى ئارقا سەپىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى قىسمىغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىش ئۈچۈن، باتىيا-سەلۇم رايونىدا بىر قوشۇن تۇرغۇزۇپ، ئىمكانقەدەر جانلىقلىقنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پىلان بويىچە مەتلۇ پورتى رايونىدا مۇداپىئە كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دۈشمەننىڭ تۈرلۈك ھۇجۇملىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئوتتۇرا شەرقنىڭ بۇ باش قوماندانى يۇقىرىقى ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئەمەلىي كۈچىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. بولۇپمۇ، بىر يىل قۇملۇق ئۇرۇشىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ زاپاس قوشۇن ۋە برونېۋىك قىسىملىرىدىن غايەت زور چىقىم تارتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېقىندا گرېتسىيىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاساسلىق قوشۇن يۆتكەپ كېتىلىپ، قول ئاستىدىكى ھەربىي كۈچ بەكلا ئازلاپ كەتكەن، بولۇپمۇ نۆۋەتتە ھىيلە-مىكىرلىك، جاسارەتلىك ھەم قەيسەر بىر رەقىبكە دۇچ كېلىپ، قىيىنچىلىقى ھەقىقەتەن كۆپىيىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئالىي قوماندانلىق شتابىنىڭ ئېغىر تېپتىكى قوراللارنى يەتكۈزۈپ بېرىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتتى، ئەمما ساقالدىكى ئاشقا قورساق تويمايدۇ-دە.

12-ئاپرېل، گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە فاشىستلىرىنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى يەنە ھۇجۇم قوزغىدى. مۇسسولىنىنىڭ بىر برونېۋىك دىۋىزىيىسى ۋە پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى ئالدى بىلەن باتىيانى ئىشغال قىلدى، ئارقىدىنلا روممېلنىڭ ئېغىر

تېپتىكى تانكىلىرى بىلەن ماتورلاشقان پىيادە ئەسكەرلەر قىسمى تېز سۈرئەتتە توبرۇكنىڭ ئەتراپىغا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن گېرمانىيە-ئىتالىيە ھاۋا ئارمىيىسى نۆۋەت بىلەن بومباردىمان قىلدى. ۋاۋېل ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ۋە بەزى گېنېراللىرىنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ دەرھال قوماندانلىق سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى ھەمدە جەڭ مەيدانىدىكى سەپەرۋەرلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قوماندان ۋە جەڭچىلەرنى ئىستىھكامنى مەھكەم ساقلاشقا، دۈشمەننى شەپقەتسىزلەرچە يوقىتىشقا چاقىردى. ئاخىر ئىككى كېچە-كۈندۈز شىددەتلىك جەڭ قىلىپ گېرمانىيە-ئىتالىيە فاشىستلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى، شۇنىڭدەك گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ 200 — 300 دەك ئادىمىنى ئەسىرگە چۈشۈردى، دۈشمەنلەرنىڭ زىيان تارتقان تانكا ۋە ئايروپىلانىنىڭ سانى ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. بۇ قېتىمقى جەڭ دەسلەپكى قەدەمدە روممېلغا مەغلۇبىيەتنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدا دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ تەمىنلەش جەھەتتىكى يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. 16-ئاپرېل تاڭ سەھەردە، مالتا ئارىلىدىن چىققان تۆت قوغلىغۇچى كېمە گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ بەش چوڭ تېپتىكى ھەربىي پاراخوتىدىن تەشكىللەنگەن ترانسپورت كېمە ئەترىتىنىڭ ئىتالىيىنىڭ ئۈچ قوغلىغۇچى كېمىسىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا لىق قورال-ياراغ ۋە زاپاس ماشىنىلارنى قاچىلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى. ئاخىر بۇ ترانسپورت كېمە ئەترىتى ۋە بارلىق قوغدىغۇچى كېمىلەر چۆكتۈرۈۋېتىلدى. بۇ بىر مەيدان شىددەتلىك جەڭدە ئەنگلىيە بىرلا قوغلىغۇچى كېمىسىنى زىيان تارتتى.

www.uyghurkitap.com

بۇ قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە كىشىلەر كۆڭلىنى سۆيۈندۈرۈپ، شىمالىي ئافرىقا قۇملۇقىدا قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتقان ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەرگە كۈچلۈك ئىلھام بېغىشلىدى. باش ۋەزىر چېرچىل دەرھال تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ: «قالتىس جەڭ قىلدىڭلار، توبرۇك! توبرۇكتىكى ھۇجۇمغا ئۆتۈشنىڭ پورتى دەپ قاراش كېرەك، ئۇنى ئەمدى ‹سۆگەل› دەپ قارىماڭلار» دېدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، شىمالىي ئافرىقا ئۇرۇش مەيدانىدا گىرەلىشىپ كەتكەن ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

ئاپرېلنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، گىتلېر يەنە مۇسسولىنىغا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن مىسىرغا كۈچلۈك برونېۋىك دىۋىزىيىسىنى ئەۋەتتى. بۇ دىۋىزىيىدە 400 تانكا بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 138 ى ئوتتۇرا تىپتىكى تانكا ئىدى. ئەگەر روممېلنىڭ تەمىنات مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا قۇربى يېتىدىغان بولسا، بۇ ئەنگلىيە ئارمىيىسىگە غايەت زور تەھدىت ھېسابلىناتتى. بۇ چاغدا قاتتىق ئەنسىرەپ قالغان گېنېرال ۋاۋېل دەرھال چېرچىلغا تېلېگرامما يوللاپ، مايىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوتتۇرا شەرق ئالدىنقى سېپىگە ئىككى پولك چارلىغۇچى تانكىلارنى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. نۆۋەتتە مىسىردا ئالتە تانكا پولكىنى تەشكىللەشكە يېتەرلىك ھەم تەلىم-تەربىيە كۆرگەن مۇنەۋۋەر خادىملار بار ئىدى. ۋاۋېل بۇ چارلىغۇچى تانكىلارنىڭ مۇھىملىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكىتلەپ: «قۇملۇق ئۇرۇشىدا پىيادە ئەسكەرلەر تانكىسى ۋە ھەرىكەت رادىئوسى يېتەرلىك ئەمەس، شۇڭا باش شتابنىڭ چوڭ ياردەمدە بولۇشىنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن» دېدى.

چېرچىل كىشىنى چۆچۈتىدىغان بۇ تېلېگراممىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىنىڭ قارشىلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، گېنېرال ۋاۋېل

تەلەپ قىلغان تانكىلار قاچىلانغان بىر ترانسپورت كېمە ئەترىتىنى ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئارقىلىق بىۋاستە ئالېكساندىر پورتىغا ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. يەنە ئۆزىنىڭ شەخسىي نامىدا يېزىلغان بىر پارچە «نوتا» نى گېنېرال ئىسماي ئارقىلىق ئۈچ ئارمىيىنىڭ شتاب باشلىقىغا ئەۋەتتى. بۇ «نوتا» دا دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ زىچ ھەمكارلىشىپ 307 تانكىنى ئىمكانقەدەر تېز سۈرئەت بىلەن شىمالىي ئافرىقا ئالدىنقى سېپىگە يەتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان. دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى بۇ پىلاننى «يولۋاس» پىلانى دەپ ئاتىدى، بۇ ترانسپورت كېمە ئەترىتى ئاپرېلنىڭ ئاخىرى خېيىم-خەتەرگە قارىماي يولغا چىقتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، گېنېرال ۋاۋېل روممېلنىڭ پات ئارىدا ھەربىي ياردەمگە ئېرىشىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى مەلۇم قىلدى. بۇ كىشىنى بەكلا ئەنسىزلىككە سالىدىغان خەۋەر ئىدى. ئۇلار گىتلېرنىڭ 15-برونېۋىك دىۋىزىيىسى، 5-يېنىك ماتورلۇق دىۋىزىيىسى ۋە مۇسسولىنىنىڭ ئارىئېيت دىۋىزىيىسى، ترانتو دىۋىزىيىسى تولۇق قوراللانغاندىن كېيىن، ئىيۇلدىن كېيىن ئەمەس، بەلكى ئىيۇننىڭ ئوتتۇرىلىرى ھەربىي يۈرۈش قىلىدۇ، دەپ پەرەز قىلدى.

چېرچىل كېيىنكى كۈنلەردە پۈتۈن دىققەت-ئېتىبارىنى جىددىي تۈردە «يولۋاس» پىلانىنىڭ تەقدىرى ئۈستىگە مەركەزلەشتۈردى. ئۇ، بۇ بىر تۈركۈم «ئارسلان» لارنى ئۇرۇش مەيدانىغا ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىشتە مۇھىم رولىنى جارى قىلىشنى ئۈمىد قىلدى. بولۇپمۇ ئەنگلىيە گرېتسىيىدىن چېكىنىپ چىققان ۋە كرىت ئارىلىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى روممېلنى غەربىي قۇملۇقتا بىتچىت قىلىۋېتىشنى جىددىي ئۈمىد قىلدى. ئوتتۇرا شەرقنىڭ باش قوماندانى بولغان ۋاۋېل روممېل بىلەن مۇسسولىنىنىڭ غالجىرانە ھۇجۇمىنى بالدۇرراق

تارمار كەلتۇرۇپ، توبرۇك مۇھاسىرىسىنى يوقىتىش، شۇ ئارقىلىق تارتقان زىيانلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشنى تېخىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ «يولۋاس» پىلانىغا ئىشەنچ باغلىدى. 300 تانكىنى ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئارقىلىق ئۆزىگە يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدىكى تىرىشچانلىقىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىمۇ كۆڭلىگە ئايان ئىدى.

7-ماي، چېرچىل گېنېرال ۋاۋېلغا تېلېگرامما يوللاپ: «سىز ۋە سىزنىڭ گېنېراللىرىڭىز، ئىستراتېگىيە جەھەتتىكى ئېھتىماللىق سەلۋىم ياكــى توبرۇكمۇ؟ دەپ ئۆزىچە ھۆكۈم چىقارسا بولىدۇ. لېكىن، 〈يولۋاس〉 پىلانى مۇۋەپپەقىــيەت قازىنىدىغان بولسا، دادىل ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. 〈يولۋاس〉 پىلانى ئورۇندىلىشى ھامان مالتا ئارىلىدىن 〈قويۇن〉 تىپلىق ئايروپىلاننى دەرھال سىزگە ئاجرىتىپ بېرىمەن. نېمىــس ئالۋاستىلىرى تەشەببۇسكارلىقتىن ئايرىلىپ قالسىلا، ئۇلارنىڭ خەۋپى ئۇنچىلىك قورقۇنچلۇق بولماي قالىدۇ. مېنىڭ قەلبىم سىلەر بىلەن بىللە» دېدى.

ۋاۋېل يىلپىــزدەك چاققان، جەسۇر ۋە باتۇر گېنېرال ئىدى. ئۇ تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، كىشىگە سۈرلۈك بىلىنىدىغان گېرمانىيە 15-برونېۋىك دىۋىزىيىسىنىڭ ترىپولىدىن ئۆزۈن مۇساپىنى بېسىپ ھەممىــــى تولۇق كېلىۋالغۇچە، دۈشمەنلەر بەنغازىنى ئۈنۈملۈك ھالدا بىۋاسىتە تەمىنات يولى قىلىۋالغۇچە روممېلنى تارمار قىلىۋەتمەكچــى بولدى. شۇڭا، ئۇ ھەتتا «يولۋاس» پىلانى بويىــچە يۆتكەپ كېلىنگەن تانكىلار ئۇرۇشقا قاتناشقۇچە، روممېل ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قوزغاش نىيىتىگە كەلدى. 15-ماي كۈنى گېنېرال گوتتېر قوماندانلىقىدىكى تەخمىنەن 55 تانكىسى بار بىر قوشۇن سەلۋىم بىلەن كاپۇسو قورغىنىنى بىر يولىلا ئىشغال قىلدى، سول تەرەپتىكى بىــر قوشۇن غەربكە — دېئەززەگە يۈرۈش

قىلدى. ئەمما، بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى ئانچە كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. دەسلەپ ھەربىي يۇرۇش قىلغانلار سەلۇم-باتىيا رايونىدىكى دۇشمەن ئارمىيىسىنى تازىلىغاندىن كېيىن، گېرمانىيە، ئىتالىيە برونېۋىك قىسىملىرى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئەنگلىيە ئارمىيىسىنى خەرفەيسگە چېكىندۈردى. بۇ قېتىمقى جەڭدە گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ 500 ئەسكىرى ئەسىرگە چۈشتى ھەمدە دۇشمەن ئارمىيىسى ئادەم كۈچى ۋە تانكا جەھەتتە ئېغىر چىقىم تارتتى. ئەنگلىيە تەرەپ كۆزلىگەن ئۈنۈمگە تولۇق يېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ پۈتۈن ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۇرغۇتۇشتا مۇئەييەن رول ئوينىدى.

ئەپسۇس، بالايىئاپەت ئۇزۇن ئۆتمەي يېتىپ كەلدى. كېيىنكى كۈنلەردە گېرمانىيە 15-برونېۋىك دىۋىزىيىسى ئالدىنقى سەپكە داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. شۇنداق قىلىپ، روممېل ياردەمگە ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنى مەغلۇپ قىلىش پۇرسىتى قولدىن كەتتى. ئىشتىن ئاۋۋال تەييارلىق قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن «ئارسلان» نى قاچىلاش-چۈشۈرۈش، قوراشتۇرۇش ھەمدە ئۇلارنى قۇملۇقتا ئۇرۇش قىلىشقا لايىقلاشتۇرۇش خىزمىتى ئېغىر دەرىجىدە كېچىكتۈرۈلدى. برونېۋىك ئەسكەرلىرىنىڭ ئاتالغۇسى بويىچە ئېيتقاندا، «ئارسلان» نى ئەمچەكتىن ئايرىش ۋە «چىش چىقىش مەزگىلىدىكى ئاغرىق ئازابى» غا ئازراق ۋاقىت كېتەتتى. كۆپلىگەن پىيادە ئەسكەرلەر تانكىلىرىنىڭ يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن دەرھال جەڭگە قاتنىشالماسلىقى كىشىنى تەشۋىشكە سالىدىغان ئىش ئىدى.

26-ماي كۈنى گېرمانىيە-ئىتالىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى داۋاملىق خەرفەيسگە ئىلگىرىلەپ، شۇ كۈنى كەچتە تاغ ئېغىزىنىڭ شىمالىدىكى ئېگىزلىكنى تارتىۋالدى، بۇ يەردىن كولدىستىرېئام ساقچى قىسمىنىڭ ساقلاۋاتقان ھەممە

جېندىلىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ بۇ ئېگىزلىكنى تارتىۋېلىش يولىدىكى قايتۇرما ھۇجۇمى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە دۈشمەن ئارمىيىسى شىددەتلىك توپقا تۇتقاندىن كېيىن، كەم دېگەندە ئىككى باتالىيون ۋە 60 تانكىدىن ئىبارەت ئەسكىري كۈچ بىلەن ھۇجۇم باشلىدى. بۇ ئادەم سانى كۆپ بولمىغان گارنىزوننى ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. گارنىزون شىددەتلىك جەڭ قىلىپ ئاخىر جېندىدىن چېكىندى، لېكىن ئېغىر زىيان تارتتى، ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئىككىلا تانكىسى قالدى، كولدسترېئام ساقچى قىسمى 170 تىن ئوشۇق ئوفىتسېر-جەڭچىسىدىن ئايرىلدى. خەرفەيە قولدىن كېتىپ، ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قايتۇرما ھۇجۇمىغا ئېغىر توسقۇنلۇق پەيدا قىلدى.

ۋاۋېل پاسسىپ ھالدا دۇمبا يېيىش ھالىتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، 15-ئىيۇن «توماھاۋك» ئۇرۇش پىلانىنى مۇددەتتىن بۇرۇن باشلىدى. گېنېرال كرى قوماندانلىقىدىكى ئەنگلىيە برونېۋىك قىسمى، گېنېرال مېسسېرى قوماندانلىقىدىكى 4-ھىندىستان دىۋىزىيىسى ۋە 22-ساقچى قىسمى (ئادەم سانى تەخمىنەن 25 مىڭ) گېرمانىيە، ئىتالىيە فاشىست ئارمىيىسىگە ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قوزغىدى. دەسلەپ دۈشمەن خەرفەيە ئەتراپىدا شىمال ۋە جەنۇب ئىككى تەرەپتىن قىلىنغان ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ساقچى برىگادىسى چۈشتىن كېيىن كاپۇسو قورغىنىنى ئىشغال قىلىپ دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ بىر نەچچە يۈز ئادىمىنى ئەسىر ئالدى. بۇ برىگادىنىڭ بىر قىسىم قوشۇنلىرى سەلۇمنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى مۇداپىئە رايونىغا ئىلگىرىلىدى. ئەمما يول ئۈستىدە دۈشمەننىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. 16-ماي چۈشتىن كېيىن، دۈشمەن كۈچلۈك تانكا قىسىملىرىنى ئىشقا سېلىپ غەرب

تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. روممېلنىڭ غەربىي ئەنگلىيىنىڭ ھۇجۇم قىلغان قىسىملىرىنى قورشاپ يوقىتىش ئىدى. بۇ چاغدا ئەنگلىيىنىڭ 7-بىرونېۋىك دىۋىزىيىسى ھەممە ياردەم قىلغۇچى باشقا قوشۇنلىرى ھەرىكەتكە كېلىپ بۇ تەھدىتكە تاقابىل تۇردى. ئۇلار دېئەمە ئەتراپىدا دۈشمەن ئارمىيىسى بىلەن ئېلىشتى، لېكىن سان جەھەتتىكى چوڭ پەرق تۇپەيلى تەڭ كېلەلمەي چېكىندى. شۇڭا، بۇ دىۋىزىيىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدىكى ئاساسلىق ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان يان تەرەپ خەتەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالدى. شۇ قېتىمقى ئۈچ كۈن داۋام قىلغان جەڭدە گېرمانىيە ئارمىيىسى 100 تانكا زىيان تارتتى، 1000 دىن ئوشۇق ئادىمى ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار ھەر قايسى جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى.

«توماھاۋك» پىلانىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلىغان چېرچىل چاتقۇۋېلى قورۇقىغا كېلىپ پەرىشان ۋە غەمكىن ھالدا بىر نەچچە سائەت جىلغا ئىچىدە ئۇ ياقتىن-بۇياققا مېڭىپ يۈردى. ئۇ كۆڭلىدە: «ۋاۋېل ئۆلگۈدەك چارچاپ كەتكەن ئادەم. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، بىز بۇ ياۋاش ئاتنى مىنىپ ماڭالمىدۇق. ئوخشىمىغان بەش - ئالتە ئۇرۇش رايونىدىكى ئېغىر ۋەزىپىلەر باش قوماندانىنىڭ ئۈستىگىلا يۈكلىنىپ قالدى، يەنە كېلىپ ھەرقايسى ئۇرۇش رايونلىرىدا بىردەم يېڭىش، بىر دەم يېڭىلىش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ تۇردى، بۇنداق خىلمۇ خىل ئەھۋاللاردىن شەكىللەنگەن بېسىمغا ھەربىيلەر ئىچىدە ناھايىتى ئاز ئادەم ئۇچراپ قالىدۇ» دەپ ئويلىدى. ئوتتۇرا شەرق ئالدىنقى سېپىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەن ۋەزىر ئېدېن: «ۋاۋېل بىر كېچىدىلا ئون يىل قېرىپ كەتتى» دېدى. بەزىلەر «روممېل گېنېرال ۋاۋېلنىڭ تېخى يېقىندا كىيگەن تاجىنى بېشىدىن يۇلۇپ ئېلىپ قۇملۇققا تاشلىۋەتتى» دەپ باھا بەردى.

چېرچىل قايتا-قايتا ئويلىنىشتىن كېيىن، ئۇرۇش

ۋەزىيەتنى بالدۇرراق ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بىر قىسىم كادىرلارنى تەرتىپكە سالماقچى بولدى. بۇ ئىچكى كابىنېت ۋە غەربىي ساھەنىڭ ئالاقىدار تەرەپلىرى بىلەن مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، ھىندىستاندىكى باش قوماندان ئاۋچىنلېكنى ئوتتۇرا شەرقنىڭ باش قوماندانلىقىغا، ۋاۋېلنى بولسا ھىندىستان ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سابىق سودا ۋەزىرى ئولىۋېر لىتلېتوننى ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئىچكى كابىنېتنىڭ دۆلەت ئىشلىرى ۋەزىرى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇنىڭ سالاھىيىتى ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئىچكى كابىنېتنىڭ ئوتتۇرا شەرقتە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بولۇپ، ئوتتۇرا شەرق ئالىي قوماندانلىق شتابىغا ۋاكالىتەن بارلىق غەيرىي ھەربىي ھەرىكەتلەرنى باشقۇرۇش ھەمدە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتى بويىچە ئىچكى-تاشقى مۇناسىۋەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىدى. چېرچىلنىڭ ئۈمىدى بارلىق كادىرلارنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئوتتۇرا شەرقتىكى ھەرىكەتلەرگە يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلاش ئىدى. ئۇ، تەشكىلىي ۋە ماددىي جەھەتتىن تەييارلىق كۆرۈپ، «ئەھلىسەلىپ ئەسكەرلىرى» دەپ ئاتالغان ئوپېراتسىيىسىنى باشلاش قارارىغا كەلدى. ئىككى پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى ۋە بىر برونېۋىك دىۋىزىيىسىنىڭ تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ، ئالدى بىلەن دۈشمەنگە قىسمەن ھۇجۇم قوزغاشنى، ئەگەر بارلىق ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولسا، كەڭ كۆلەملىك ئوپېراتسىيىنى دەرھال باشلاشنى تەلەپ قىلدى. پىلان رومېلنىڭ ئارمىيىسىنى تارمار قىلىش؛ سىرېنايكىدىكى دۈشمەنلەرنى تازىلاش؛ ترىپولىغىچە يۈرۈش قىلىش؛ فرانسىيە ياردەم بىلەن تەمىن ئەتكەن ۋە تەكلىپ قىلغان ئەھۋالدا، فرانسىيىگە قاراشلىق غەربىي شىمالىي ئافرىقىغا كىرىشتىن ئىبارەت.

باش ۋەزىر چېرچىل كۆز پەسلى بىلەن قىش پەسلىدىكى بىر قانچە ئاينى «ئەھلىسەلىپ ئەسكەرلىرى» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئوبدان پۇرسىتى دەپ ھېسابلىدى. گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى سىتسىلىيە ئارىلىدىن چېكىنىپ چىققانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالدىنقى سەپتە ئىتالىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئېھتىياجلىق بولغان يېقىلغۇسىنى خورىتىپ تۈگەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدا پايدىلىق ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلمەكتە ئىدى. شۇ چاغدا ئەنگلىيىنىڭ جەمئىي 724 تانكىسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 367 چارلىغۇچى تانكا، 200 زاپاس تانكا بار ئىدى. ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسىمۇ بۇرۇنقىدىن كۈچەيگەنىدى، جەمئىي 1311 زامانىۋى سوقۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ 1072 سىنى ئىشلەتكىلى بولاتتى، بۇنىڭدىن باشقا، مالتا ئارىلىدىن ئون ئوتتۇرا ئەترەتنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگىلى بولاتتى. روممېلنىڭ ئافرىقا بىرلەشمە ئارمىيىسى 15- ۋە 21- گېرمانىيە برونېۋىك دىۋىزىيىسى، 90-يېنىك قوراللانغان دىۋىزىيىسى ھەمدە ئىتالىيىنىڭ ئالتە دىۋىزىيىسى، بىر برونېۋىك دىۋىزىيىسىدىن تەركىب تاپقانىدى. دۈشمەن تانكىلىرىنىڭ ئەمەلىي سانى 558 گە يېتەتتى. ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىمۇ گېرمانىيىنىڭ 190، ئىتالىيىنىڭ 300 دىن كۆپرەك ئايروپىلانىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

1941-يىلى 18-نويابىر، ئىتتىپاقداش ئارمىيە روممېلغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. چېرچىل بۇ قېتىمقى ئوپېراتسىيىسىدە برېنىن ۋە ۋاتېرلودىكى غەلىبىدىن قېلىشمايدىغان شانلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلدى. ئوپېراتسىيە باشلىنىش بىلەنلا دۈشمەن ھەر قەدەمدە چېكىنىپ ئېغىر زىيان تارتتى. 18- نويابىر كۈنىلا 55 تانكىسى پاچاقلىنىپ تاشلاندى. ئوپېراتسىيە داۋام قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە ئەنگلىيە ئارمىيىسى

ھاۋادا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولدىن بەرمەي، فاشىستلار ئارمىيىسىگە ئەجەللىك زەربە بېرىپ، بىر مۇنچە ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە يارىدار قىلدى. دېڭىز ئارمىيىسىمۇ ناھايىتى ياخشى ماسلاشتى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، گىتلېر ۋە مۇسسولىنىنىڭ ترانسپورت كېمە ئەترىتىگە كەينى-كەينىدىن تۇيۇقسىز زەربە بەردى. 24-نويابىر كۈنى كەچتە، «K فلوتى» نىڭ «پېنېلوپ» ۋە «تاڭ نۇرى» ناملىق پاراخوتلىرى مالتادىن يولغا چىقىپ، دۈشمەننىڭ تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ئىككى ماي توشۇش كېمىسىنى توغرا ۋە دەل ۋاقتىدا چۆكتۈرۈۋېتىپ، دۈشمەنگە ئېغىر تەھدىت سالدى.

چېرچىلنىڭ «2-دۇنيا ئۇرۇشى توغرىسىدىكى ئەسلىمە» سىدە ئاشكارىلىنىشىچە، گېرمانىيە 1941-يىل 18-نويابىردىن 1942-يىل يانۋارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، يەنى ئەنگلىيە قوزغىغان «ئەھلىسەلىپ ئەسكەرلىرى» ھەرىكىتىدە چوڭ زىيان تارتقان. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، باتنىيا، سەللۇم ۋە خەرخەرىينىڭ قاتناش لىنىيىسى ئۈزۈۋېتىلگەندىن كېيىن گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ تەخمىنەن 13 مىڭ ئادىمى، ئىتالىيىنىڭ 20 مىڭ ئادىمى ئەسىرگە چۈشكەن، 300 تانكىسى ئولجا ئېلىنغان. بۇ مەزگىلدە ئەنگلىيە ئارمىيىسى 17 مىڭ 704 ئادىمىنى، 278 تانكىسىنى زىيان تارتقان.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئەنگلىيە ئارمىيىسىگە چۈشكەن قۇملۇقتىكى بېسىم مەلۇم دەرىجىدە يېنىكلىدى. كىئانونىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىن، بۇ قېتىمقى زەربىنىڭ رىم ھەربىي ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ ئىچىدە پەيدا قىلغان ساراسىمىلىك كەيپىياتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

«1941-يىل 7-دېكابىر، لىۋىيىدىن تولىمۇ كۆڭۈلسىز خەۋەر كەلدى. ئارمىيىمىز ئەمدى ئۇزۇن مۇددەتكىچە قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئوخشاش ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى قىلالمايدىغان

دەرىجىگە يېتىپ قالدى. ئۇلار تۇرۇۋاتقان يېرىنى ئۇنۇملۇك قوغداش ئۈچۈن دۈشمەن بىلەن ئۇچراشماسلىقى ھەمدە ئۈزۈل-كېسىل ئۇچراشماسلىقى كېرەك... ئەگەر بىزېرتا پورتىنى ئالالمايدىغان بولساق، لىۋىيىنىڭ تۈگەشكىنى شۇ... بۈگۈن ئەتىگەن داھىي شەرقىي ئافرىقىدا تارتقان ئازراق زىياندىن خەۋەر تېپىپ دەرغەزەپكە كەلدى. نويابىردا گۇندەردە 67 ئادەم ئۆلدى، 10 مىڭ ئادەم ئەسىرگە چۈشتى. كىشىلەر كۆپ ئويلىنىپ ئولتۇرماستىنلا بۇ سانلارنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايدۇ.»

«1941-يىل 19-دېكابىر، لىۋىيىدىن يەنىلا كۆڭۈللۈك خەۋەر كەلمىدى. قوماندانلىق شتابىمىزدىكى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ پوزىتسىيىسى ئۈمىدلىك بولسىمۇ، ئىلاھىم، كىشىلەر نېمە دېسە شۇنى دەيدىغان ئوتپىمىستلارنى جازالىسۇن! مانا مۇشۇنداق ئادەملەر بىزگە زىيان سالدى، بىزنى ۋەيران قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، روممېل برونىلەشكەن ئاجىز ئەسكىرىي كۈچى بىلەن تونىسقا بېسىپ كىرىشنى جاكارلىدى، چۈنكى ئۇ ئەنگلىيىنىڭ ئەسىرى بولۇشنى خالىمايدىكەن. كاۋاربېليو ھازىرغىچىلىك قەسەم بېرىپ: ‹مېنى سىلت خارابىلىكىدىن ھېچكىم چېكىندۈرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇسسولىن ماڭا ئىشىنىدۇ› دەۋاتىدۇ.»

مۇسسولىن بىلەن روممېل ئوتتۇرا شەرقتە زەربىگە ئۇچراۋاتقاندا، ياپونىيە فاشىستلىرىنىڭ كاتتىۋېشى توجوخىدېكى 7-دېكابىر (يەكشەنبە) پېيورل-خاربور پورتىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى پارتلىدى. بۇ، داۋالغۇپ تۇرغان دۇنيانى تېخىمۇ داۋالغۇتۇۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

# پېورل-خاربور پورتى ۋەقەسىدىن كېيىن

1941-يىل 7-دېكابىر، ياپونىيىنىڭ 423 ئايروپىلانىنى ئۈستىگە قوندۇرۇۋالغان ئالتە ئاۋئىماتكىسى پېورل-خاربور پورتىغا تۇيۇقسىز شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. شۇ قېتىم ئامېرىكا تىنچ ئوكيان فلوتىنىڭ 18 پاراخوتى چۆكتۈرۈۋېتىلدى ياكى ئېغىر زەخىملەندى، 188 ئايروپىلانى پاچاقلاپ تاشلاندى، 159 ئايروپىلانى زەخىملەندى، 2403 ئادەم ئۆلدى، 2233 ئادەم ئېغىر يارىلاندى ۋە ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. لېكىن، ھەر ھالدا تېخىمۇ زور بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالدى. ھېلىمۇ ياخشى ئاۋئىماتكا دېڭىزغا چىقىپ كەتكەنىدى. يەنە كېلىپ ياپونىيە بومباردىمان قىلغاندا، دېڭىز ئارمىيە پرېستانىدىكى ماي ئىسكىلاتى بىلەن سۇ ئاستى كېمىسى ئىسكىلاتىنى كۆرمەي قالغانىدى. بولمىسا زىيان تېخىمۇ ئېغىر بولاتتى.

7-دېكابىر، يەنى ياپونىيە پېورل-خاربور پورتىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان كۈنى كەچتە (لوندون ۋاقتى)، چېرچىل خاس داچىسىدا ئامېرىكا باش ئەلچىسى ۋىنانت ۋە ئاۋېرىل خاررىمانلار بىلەن كەچلىك تاماق يەۋاتاتتى. ئۇلار تاماقتىن كېيىن خەۋەرلەر پروگراممىسىدا ياپونىيە فلوتىنىڭ پېورل-خاربور پورتىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغانلىق ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىدى. بۇ چاغدا چېرچىل دەرھال سەگەكلەشتى، چۈنكى ئۇ 11-نويابىر

لوندون شەھەر باشلىقىنىڭ سارىيىدا چۈشلۈك تاماق يەۋېتىپ: «ئەگەر ياپونىيە ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلىدىغان بولسا، ئەنگلىيە بىر سائەت ئىچىدە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ» دېگەنىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە زالدىن ئۆتۈپ ئىشخانىسىغا كەلدى-دە، ئىمكانقەدەر تېزرەك ئامېرىكا زۇڭتۇڭىغا تېلېفون ئۇلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا باش ۋەزىرنىڭ كەسكىن بىر ھەرىكەت قوللىنىدىغانلىقىنى پەملىگەن خاررىمان ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ: «بۇ سەل چاغلىنغىلى بولمايدىغان ئىش، ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىش شۇنداقمۇ-ئەمەسمۇ، بىر ئېنىقلاپ باقسىڭىز» دېدى.

ئۈچ مىنۇتتىن كېيىن زۇڭتۇڭ روزۋېلتنىڭ تېلېفونى ئۇلاندى.

— زۇڭتۇڭ ئەپەندى، ياپونىيىنىڭ ئىشى زادى قانداق ئىش؟

— ئەھۋال ھەقىقەتەن سىز ئاڭلىغاندەك، — دېدى زۇڭتۇڭ روزۋېلت، — ئۇلار پېورل-خاربور پورتىغا ھۇجۇم قىلدى، ھازىر بىز قىيىن.كۈنلەردە بىللە بولغان دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق.

— ئەمدى ئىشلار ئاددىيلاشتى. خۇدا سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!

چېرچىل تېلېفوننى قويۇپ قويدى ۋە: «ياپونىيە بىر مۇنچە ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلدى! ئامېرىكا ئۇرۇشقا قاتناشقاندىكىن ئۇرۇش چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ!» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئارقىدىنلا باش ۋەزىر ئىشخانىسىنىڭ نۆۋەتچى خادىمىغا بىر ئامال قىلىپ تۆۋەن پالاتا باشلىقىغا، پارلامېنتتىكى ھەر قايسى پارتىيە رەھبەرلىرىگە ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئەربابلارغا، ئەتە ئىككى پالاتانىڭ بىرلەشمە يىغىنىنى ئاچىدىغانلىقى ھەققىدە تېلېفون بېرىشنى بۇيرۇق قىلدى. باش

ۋەزىر يەنە ئۆزى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە تېلېفون بېرىپ، ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىش ئىشىنى قىلچە كېچىكتۈرمەي بېجىرىشنى، ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېتنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئۈچ ئارمىيىنىڭ شتاب باشلىقلىرى ھەم قۇرۇقلۇق، دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ۋەزىرلىرىگە دەرھال پارلامېنتقا كېلىپ يىغىن ئېچىشنى قاتتىق جېكىلەپ ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

چېرچىل يۇقىرىدىكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپلا، ئۈچ تېلېگراممىنىڭ تېكىستىنى تەييارلىدى.

1. تېلېگرامما ئىرېلاندىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي باشلىقى دېۋالېراغا ئەۋەتىلدى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ھازىر سىزگە پۇرسەت كەلدى، ۋاقىت غەنىيمەت! يەنە بىر قېتىم دۆلەت بولۇڭ! مەن سىز ئارزۇ قىلغان جايدا سىز بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايمەن.»

2. تېلېگرامما جياڭ جيېشىغا ئەۋەتىلدى. بۇ چاغدا چېرچىل كۆرەش قىلىۋاتقان جۇڭگونى ئويلىدى. ئۇ، تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش كېرەك، چۈنكى جۇڭگو ئۇرۇش مەيدانىدا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارايتتى. چېرچىل تېلېگراممىسىدا: «ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى ۋە ئامېرىكا ياپونىيىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. بىز ئەزەلدىن دوست، ھازىر ئورتاق بىر دۈشمەنگە دۇچ كەلدۇق» دەپ يازدى.

3. تېلېگرامما يېقىن دوستى، روزۋېلتنىڭ مەسلىھەتچىسى خاررى خوپكىنسقا ئەۋەتىلدى. خوپكىنس چېرچىلنىڭ بېشىغا ئەڭ قىيىن كۈنلەر چۈشكەندە ھاياتىنىڭ خەۋپتە قېلىشىغا قارىماي، ئايروپىلان بىلەن ئۇرۇش ئوتى يېنىپ تۇرغان لوندونغا كېلىپ، چېرچىل بىلەن روزۋېلت ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت ئورناتقان ھەمدە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئۆزلۈكسىز تۈردە

برىتانىيە ئارىلىغا بولغان ياردىمىنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە تۈرتكە بولغانىدى. مانا ئەمدى چېرچىل بىر خىل مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن بۇ تېلېگراممىنى يوللىدى، تېلېگراممىدا: «بۇ تارىخىي خاراكتېرلىك پەيتتە سىزنى ئىنتايىن سېغىندىم» دەپ يېزىلغانىدى.

چېرچىل بۇ ئىشلارنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بىر پەس يېتىپ دەم ئالماقچى بولدى. لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇيقۇسى كەلمىدى، نۇرغۇن خىياللار كاللىسىدا تىنىمسىز كەزمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆز ئۆزىگە پىچىرلاپ: «مېنى خاتا قىلدى دەيدىغان بىرمۇ ئامېرىكىلىق يوق، ئەگەر مەن ئامېرىكا بىز تەرەپتە تۇرىدۇ دەپ جاكارلىسام، بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ خۇشاللىنارلىق ئىش بولاتتى. ئەھۋاللارنىڭ تەرەققىياتى قانداق بولىدۇ، بۇنىڭغا ئالدىن بىر نېمە دېيەلمەيمەن. مەن ئۆزۈمنى ياپونىيىنىڭ قورال كۈچىنى مۆلچەرلەشكە ئۇنچىلىك ئۇستا ئەمەس، دەپ قارايمەن. لېكىن ھازىر دەل مۇشۇ پەيتتە، ئامېرىكىنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا تولۇق ھەم ئاخىرغىچە جان تىكىپ ئىلىشىشتەك جاسارەت بىلەن ئاتلانغانلىقىنى بىلىمەن، شۇڭا، بىز ئاخىر غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىمىز!» دېدى.

چېرچىل باش ۋەزىرلىكنى ئۈستىگەن ئالغاندىن كېيىنكى كۈنلەردە بىر مۇنچە كۆڭۈلسىز ئىشلار يۈز بەردى: دۇنكىرك ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالدى، فرانسىيە بىتچىت بولدى؛ ئولاندا سادىر بولغان قورقۇنچلۇق ۋەقەلەر كىشى كۆڭلىنى ساراسىمىگە سالدى؛ گىتلېرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق تەھدىتى شۇ چاغدا ئەنگلىيىنى ھاۋا ئارمىيىسى بىلەن دېڭىز ئارمىيىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا قورال-ياراغسىز دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ قويغىلى تاس قالدى. سۇ ئاستى كېمىلىرىنىڭ ھايات-ماماتلىق ئىلىشىشى — يېڭىلىشكە قىل قالغان 1-قېتىملىق ئاتلانتىك ئوكيان ئوپېراتسىيىسى بولدى. لېكىن،

17 ئاي داۋام قىلغان تەنھا كۆرەش قىلىشتىن كېيىن ۋەزىيەت باشقىچە تۈس ئالدى. ئەنگلىيە كۈچلۈك قورال كۈچىگە ئىگە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىتتىپاقداش دوستلاردىن بولۇپ قالدى، ھازىر ئامېرىكا بىلەنمۇ ئىتتىپاق تۈزدى، چېرچىل ئۈچ دۆلەت بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، ھايات-ماماتتا بىللە بولسىلا، ئۆز دۈشمىنىدىن ئىككى ھەسسە ھەتتا ئۈچ ھەسسە ئۈستۈن كۈچكە ئىگە بولىدۇ، ئالدىمىزدا يەنە نۇرغۇن بالايىئاپەت ۋە مۆلچەرلىگۈسىز زىيان، مۈشكۈلاتلار بولىسىمۇ، لېكىن ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتى توغرۇلۇق تەشۋىش قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئورنى يوق، دەپ قارايتتى.

چوڭ ۋەزىيەت شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر مۇنچە ئادەملەر ئامېرىكىنىڭ كۈچىنى تولۇق مۆلچەرگە ئالالمىغانىدى. بەزىلەر، ئامېرىكا ئاجىز، دېيىشتى. يەنە بەزىلەر، ئۇلار مەڭگۈ ئىتتىپاقلىشالمايدۇ، مەڭگۈ لاغايلاپ يۈرىدۇ، باشقىلار بىلەن مەڭگۈ ئەپ ئۆتەلمەيدۇ. ئۇلار قان ئاققۇزۇپ قۇربان بېرىشلەرگە مەڭگۈ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ دېموكراتىك سىياستى ۋە قەرەللىك سايلام تۈزۈمى ئۇلارنىڭ ئۇرۇش تىرىشچانلىقلىرىنى پالەچ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئۇلار دوست ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ نەزىرىدە ئۇپۇقتىكى خىرە چېكىتتىنلا ئىبارەت، خالاس، دېگەن گەپلەرنىمۇ قىلدى. لېكىن، چېرچىلنىڭ بۇ دۆلەتكە قارىتا چوڭقۇر ئىشەنچىسى بار ئىدى. ئۇ شىمال-جەنۇب ئۇرۇشىنى، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىسسىق قانلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ تومۇرىدا ئاققانلىقىنى تەتقىق قىلغانىدى. ئۇ بۇنىڭدىن 30 نەچچە يىل بۇرۇن ئېدۋارد گرايىنىڭ: «ئامېرىكا گويا بىر غايەت زور پار قازىنىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئوت كەتسىلا، مىسلىسىز كۈچ-قۇدرەت پەيدا بولىدۇ» دېگەن گېپىنى ئېسىگە ئالدى. چېرچىل ئويلىغانسېرى فاشىستلارغا قارشى كۆرەش ئىستىقبالىغا نىسبەتەن ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارىدى ھەمدە تېخىمۇ

زور ئىشەنچ باغلىدى.

پىورل-خاربور پورتى ۋەقەسىنىڭ ئەتىسى، يەنى 8-دېكابىر، ئەنگلىيە ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېت دەرھال ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىش ھوقۇقىنى بەردى. ئېدېن موسكۋاغا كېتىپ قالغانلىقتىن چېرچىل تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ خىزمەتلىرىگە بىۋاستە رەھبەرلىك قىلدى. ئۇ ئۆزى ئىمزا قويۇپ مۇنداق بىر نوتىنى ياپونىيە باش ئەلچىسىگە تاپشۇردى:

«بىرلەشمە پادىشاھلىق پادىشاھ ئالىيلىرى ھۆكۈمىتى 10-ئۆكتەبىر كەچتە، ياپونىيە قىسىملىرىنىڭ مالايىيا دېڭىز قىرغىقىدىن قۇرۇقلۇققا چىقماقچى بولغانلىقى ھەمدە سىنگاپور بىلەن شياڭگاڭنى بومباردىمان قىلماقچى ئىكەنلىكىنى، ئۇرۇش ئېلان قىلىش شەكلى ياكى ئۇرۇش ئېلان قىلىشنى شەرت قىلغان ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتوم تاپشۇرۇش شەكلى بىلەن ئالدىنئالا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ قويمىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى.

ئاساسسىز تاجاۋۇز قىلىشتەك بۇ قوپال ھەرىكەتلەر خەلقئارالىق قانۇنغا ئوچۇقتىن-ئوچۇق خىلاپلىق قىلغانلىق، بولۇپمۇ ياپونىيە بىلەن بىرلەشمە پادىشاھلىقتىن ئىبارەت ئەھدىنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەرنىڭ دۈشمەنلىشىش ھەرىكىتى باشلانغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك 3-قېتىملىق گراۋېنخاگې (پىل چىشى) شەرتنامىسىنىڭ 1-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلىق. بىرلەشمە پادىشاھلىق پادىشاھ ئالىيلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ توكيودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى، بىرلەشمە پادىشاھلىق پادىشاھ ئالىيلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ نامى بىلەن، ياپونىيە ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىگە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش ھالىتىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى.»

يىغىن چۈشتىن كېيىن سائەت 3 دە ئېچىلدى. ئۇقتۇرۇش قىلىنغان ۋاقىت قىسقا بولسىمۇ، پارلامېنت زالى ئادەمگە لىق

توشتى. ئەنگلىيە ئاساسىي قانۇنىغا بىنائەن، پادىشاھ كابىنىت ئەزالىرىنىڭ پىكرى بويىچە ئۇرۇش ئېلان قىلالاتتى. شۇڭا پارلامېنت بەلگىلىنىپ بولغان ئىشقا دۇچ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، ئەنگلىيە ئامېرىكا پارلامېنتى ھەرىكەت قوللىنىشتىن ئىلگىرى ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. گوللاندىيە پادىشاھلىق ھۆكۈمىتىمۇ ئۇرۇش ئېلان قىلدى. چېرچىل نۇتۇق سۆزلەپ: «ئەڭ مۇھىمى، مۇشۇ مەزگىلدە، بىزنىڭ ياكى ئامېرىكىنىڭ ئۇچرايدىغان يېڭى تەھدىتنىڭ ئېغىرلىقىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. دۈشمەن يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ ھۇجۇم قىلدى، بۇ يېڭىلىك قىلغانلىقى ياكى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە ئىشەنگەنلىكىدىن بولۇشى مۇمكىن. ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغان دۇنيا ۋە بىزنىڭ باتۇر روسىيىدىن ئىبارەت ئىتتىپاقداش دۆلىتىمىز دۇچ كېلىۋاتقان بۇ سىناق چوقۇم جاپا-مۇشەققەتلىك بولۇشى مۇمكىن، بولۇپمۇ دەسلەپتە شۇنداق بولىدۇ ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى مۇمكىن. بىراق، بىز بۇ دۇنيانىڭ تۇتۇق مەنزىرىلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۆزىمىزنىڭ ئىشلىرىنىڭ ھەققانىي ئەمەسلىكىدىن گۇمانلىنىشقا ياكى ئەمەلىي كۈچىمىز ۋە ئىرادىمىزنىڭ بۇ ئىشلىرىمىزغا تولۇق مەدەت بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىغا شەك كەلتۈرۈشكە ئاساسىمىز يوق.

بىزنىڭ بۇ تەرەپتە، ئاز دېگەندە يەر شارىدىكى 4/5 ئاھالە بار. ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە كەلگۈسىگە نىسبەتەن مەسئۇلىيىتىمىز بار. ئىلگىرى بىزدە چاقناپ تۇرغان يورۇقلۇق بار ئىدى. ھازىر يېنىۋاتقان ئوتنىڭ يورۇقلۇقى بار. كەلگۈسىدە پۈتكۈل قۇرۇقلۇق بىلەن دېڭىز-ئوكيانلارنى يورۇتىدىغان يورۇقلۇق بارلىققا كېلىدۇ» دېدى.

ئۇ بۇ ئىشلارنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ نۆۋەتتە دۇنيا فاشىزمىغا قارشى ۋەزىيەت ۋە



www.uyghurkitap.com

ئەنگلىيە-ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسىنى چوڭقۇر مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن دەرھال ئامېرىكىغا بېرىپ روزۋېلت بىلەن كۆرۈشۈش قارارىغا كەلدى ۋە بۇ پىلاننى ئىچكى كابىنېتنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن پادىشاھنىڭ تەستىقلىشىغا سۇندى. چېرچىل پادىشاھقا سۇنغان خېتىدە: «كاللامدا بىر ئېتىقاد شەكىللىنىپ بولدى، ئۇ بولسىمۇ مېنىڭ ۋەزىپەم، يەنى ۋاقىتنى قىلچە كېچىكتۈرمەي ۋاشىنگتونغا زىيارەتكە بېرىش. بۇ ئىشىمغا روزۋېلت قوشۇلسىلا ياخشى بولغىنى، ئەمما مەن ئۇنىڭ قوشۇلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەنگلىيە ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرى بىلەن ھۇجۇم توغرىسىدىكى پۈتكۈل پىلانىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىش كېرەك. شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، ئامېرىكىدىن ئېرىشكەن بىر قىسىم قورال-ياراغ ۋە باشقا ياردەملەرنى ئىلاجىنىڭ بارىچە زىيانغا ئۇچراتماسلىقىمىز كېرەك. مەن ۋاشىنگتوندا زىيارەتتە بولۇۋاتقان چېغىمدا ئېدېن ئەپەندى موسكۋادا بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۈچ ئىتتىپاقداش دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى بەزى مۇھىم مەسىلىلەر ئاسانلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ» دەپ يازدى.

ياپونىيە پېيورل-خاربور پورتىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا بولغان ھۇجۇمنى دەرھال تېزلەتتى. توجوخېدېكىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ياپونىيە جەنۇب ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش پىلانى ئاساسلىقى ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە گوللاندىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى مۇھىم جېندىلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، فىلىپپىن، گۇئام ئارىلى، شىياڭگاڭ، ئەنگلىيىگە قاراشلىق مالايا، بىرما، گاۋا، سۇماتېرا ئارىلى، بورنېئو، بىسمارك تاقىم ئاراللىرى ۋە گوللاندىيىگە قاراشلىق تىمور ئارىلى قاتارلىق مۇھىم رايونلارنى

بىسۇپلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جەنۇب ئارمىيىسىنىڭ ئاساسلىق كۈچى 11 دېۋىزىيە ۋە ئىككى ئۈچۈش گۇرۇھىدىن تەركىب تاپتى. دېڭىز ئارمىيىسى 2- ۋە 3- فلوت، جەنۇبىي فلوت ھەم 11-ئاۋىئاتسىيە فلوتىنى ئىشقا سالدى. قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيە ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە 700 دەك ئايروپىلان بار بولۇپ، ئادىمى تەخمىنەن 400 مىڭغا يېتەتتى.

8-دېكابىر، ياپونىيە تاجاۋۇزچىلىرى بىرلا ۋاقىتتا تايلاند، مالايا، فىلىپپىن، گۇئام ئارىلى، ۋاكې ئارىلى، گىلگىت ئارىلى شۇنىڭدەك شياڭگاڭغا ھۇجۇم قىلدى. گۇئام ئارىلى 10-دېكابىر كۈنى ياپونىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ 330 ئادىمى پۈتۈنلەي تەسلىم بولدى. ياپونىيە ئارمىيىسى شۇ كۈنى گىلگىت تاقىم ئاراللىرىدىكى ماكىن ۋە توراۋا ئاراللىرىنى بېسىۋالدى. ۋاكې ئارىلىدىكى ئامېرىكا ئارمىيىسى قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ياپونىيىنىڭ ئىككى پاراخوتىنى چۆكتۈرۈۋەتتى. 16-دېكابىر كۈنى، پېيورل-خاربور پورتىغا ھۇجۇم قىلىپ قايتقان ياپونىيىنىڭ بىر قىسىم پاراخوتلىرى ياردەمگە ئېرىشتى، 22-دېكابىر ئامېرىكا ئارمىيىسى مەجبۇرى تەسلىم بولدى. شياڭگاڭنى ساقلاۋاتقان ئەنگلىيە ئارمىيىسى كەم دېگەندە ئالتە ئاي بەرداشلىق بېرەلەيمىز، دەپ ماختاندى. ئەمما 25-دېكابىر تەسلىم بولدى.

مالايا ئوپېراتسىيىسى ياپونىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئوپېراتسىيىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان ياماشىتاكوبۇن قوماندانلىقىدىكى 25-ئارمىيە تۆت دېۋىزىيىدىن تەركىب تاپتى. دېڭىز ئارمىيىسى مالايادا مەخسۇس ئۇرۇش قىلغۇچى فلوت قۇردى. مالايا دېڭىز قاتنىشى، ئىقتىساد



www.uyghurkitap.com

ۋە ئىستراتېگىيە جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىش ۋە شەرقتە زومىگەرلىكنى تالىشىشتىكى مۇھىم تايانچ پونكىت ھېسابلىناتتى. شۇڭا، ئەنگلىيە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، گېنېرال لېيتېنانت پاسىۋال قوماندانلىقىدىكى 100 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىنى مالايىغا توپلىدى. ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسى سىنگاپورنى بازا قىلدى. 2-دېكابىر «شاھزادە ۋېلىس» ناملىق (35 مىڭ تونناژ) چوڭ ھەربىي پاراخوت بىلەن «دۈشمەننى يوقىتىش» ناملىق چوڭ كرېيسېر سىنگاپورغا كېلىپ يېڭى يىراق شەرق فلوتىنى تەشكىللىدى، بۇنىڭغا ئادمىرال ۋېتسې قوماندان بولۇپ تەيىنلەندى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ، ياپونىيىنىڭ جەنۇبقا ئىلگىرىلىشىنى توسماقچى بولدى. ئەمما، كۆڭۈلدە يامان غەرەز ساقلاپ، ئۆزۈندىن بېرى قەست قىلىشقا تەييارلىنىپ كېلىۋاتقان ياپونىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى ئىككى چوڭ ھەربىي پاراخوت ھەرگىز توسۇپ قالالمىدى.

8-دېكابىر ئەتىگەندە، ياپونىيە ئارمىيىسى تايلاندنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى سوڭكا، پاتتانى ۋە مالايادىكى كوتابارۇدىن قۇرۇقلۇققا چىقىشقا باشلىدى. تاڭ سەھەردە، ياپونىيىنىڭ 3-ئاۋىئاتسىيە ئەترىتى كەڭ كۆلەمدە بومباردىمان قىلىپ، ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسىگە زەربە بەرگەنىدى، ئۇلارنىڭ ئاساسىي نىشانى كوتابارۇ ۋە كېداخ ئۆلكىسى ئىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن، ئەنگلىيە ئايروپىلانلىرىنىڭ 1/3 قىسمى يوقىتىلدى. قالغانلىرى سىنگاپورغا چېكىندى. ئەتىسى يەنى 9-دېكابىر، «شاھزادە ۋېلىس» بىلەن «دۈشمەننى يوقىتىش» ناملىق چوڭ ھەربىي پاراخوتلار ياپونىيىنىڭ ئەسكەر توشۇش كېمىلىرىگە توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن تۆت سۇ ئاستى كېمىسىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن سىنگاپورغا قاراپ يولغا چىقتى.

10-دېكابىر كۈنى دەل چۈش مەھەلدە ياپونىيە ئايروپىلانلىرى گۇئام ئارىلىنىڭ شەرقىدىن تەخمىنەن 40 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى دېڭىزدا كېتىۋاتقان ئىككى پاراخوتنى بايقاپ قالدى. بۇ چاغدا، ياپونىيىنىڭ كۆپلىگەن ئايروپىلانلىرى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ «شاھزادە ۋېلىس» ۋە «دۈشمەننى يوقىتىش» ناملىق بۇ ئىككى چوڭ ھەربىي پاراخوتقا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، سائەت 14 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە ئۇلارنى پۈتۈنلەي چۆكتۈرۈۋەتتى. بۇ قېتىمقى جەڭ ياپونىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ دېڭىز ئۇرۇشىدىكى رولىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى دېڭىز ئۇرۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. «چۆكمەس پاراخوت» دەپ نامى بار «شاھزادە ۋېلىس» ناملىق پاراخوتنىڭ چۆكتۈرۈۋېتىلىشى ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. ئەنگلىيىلىك ھەربىي ئالىم فۇللېر: «بۇ زىيان سىنگاپورنىڭ روھىغا ئاپەت خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسەتتى. ھەممە كەلگۈسىدىكى بالايىئاپەتتىن بېشارەت بەردى... ئەمەلىيەتتە، ئەقەللىسى مۇشۇ چاغدا، سىنگاپورنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئاساس بۇ ئىككى چوڭ ھەربىي پاراخوت بىلەن تەڭ يوقالدى. ئۇ ھازىر فلوتى يوق دېڭىز ئارمىيە بازىسى بولۇپ قالدى» دەپ يازدى.

ئەنگلىيە باش ۋەزىرى چېرچىل بۇ ئەھۋاللاردىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى. ئۇنىڭ ئەسلىمىسىدە ئاشكارىلىنىشىچە، شۇ كۈنى ئۇ ساندۇق ئېچىۋاتقاندا كاتىۋات بېشىدىكى تېلېفون جىرىڭلاپ كەتكەن. بۇ دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرىدىن كەلگەن تۇنجى تېلېفون ئىكەن. ئۇ ئىنتايىن قايغۇلۇق ھالدا: «باش ۋەزىر، شۇنى سىزگە مەلۇم قىلماسلىقتا كۆڭلۇم زادى ئۇنىمىدى، ‹شاھزادە ۋېلىس› بىلەن ‹دۈشمەننى يوقىتىش› ناملىق ئىككى چوڭ ھەربىي پاراخوتىمىزنى ياپونىيىلىكلەر چۆكتۈرۈۋەتتى.



www.uyghurkitap.com

گېنېرال توم فىلىپس سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كەتتى! » دېگەن. چېرچىل دەرھال: «بۇنىڭ راستلىقىغا ئىشىنەمسىز؟» دەپ سورىغان. قارشى تەرەپ: «بۇنىڭدىن قىلچە گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن، چېرچىل تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپ قويغان. كېيىن ئۆزىنىڭ بىر ئەسلىمىسىدە: «پۇتكۈل ئۇرۇش جەريانىدا بىرەر قېتىم بىۋاستە ھالدا بۇنچىلىك قاتتىق چۆچۈپ كەتمىگەنىدىم... كۆرسەتكەن تالاي تىرىشچانلىقلار، ئۈمىد-ئارزۇلار مۇشۇ ئىككى چوڭ ھەربىي پاراخوت بىلەن تەڭ دېڭىزغا غەرق بولۇپ كەتتى. كارىۋاتتا ئۇياقتىن-بۇياققا ئۆرۈلۈپ ياتقان چېغىمدا، بۇ خەۋەرنىڭ قورقۇنچلۇق سېزىمى يۈرىكىمگە نەشتەردەك ئۆرۈلدى. ھىندى ئوكيان ياكى تىنچ ئوكياندا تېز سۈرئەتتە كالفورنىيىگە كېتىۋاتقان ئامېرىكىنىڭ پېورل-خاربور پورتىدىكى قېپقالغان چوڭ ھەربىي پاراخوتلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەنگلىيە ياكى ئامېرىكىنىڭ چوڭ ھەربىي پاراخوتلىرى قالمىدى. بىپايان كەتكەن دېڭىز-ئوكيانغا ياپونىيە تەنھا خوجا بولۇۋالدى، بىز بولساق ھەممىلا يەردە ئاجىز كېلىپ قالدۇق ۋە مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىمىزمۇ قالمىدى» دەپ يازدى.

بۇ چاغدا، چېرچىلنىڭ 14-دېكابىر ئامېرىكىغا يولغا چىققىدىغان بارلىق پىلانلىرى مەخپىي يوسۇندا تەييارلىنىۋاتاتتى. مۇشۇ 96 سائەت ۋاقىت ئىچىدە ئىچكى ئىشلار ئىنتايىن مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. ئۇ 11-دېكابىر تۆۋەن پالاتادىكىلەرگە يېڭى ۋەزىيەت ھەققىدە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش بېرىپ قويۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ لىۋىيە ۋە تىنچ ئوكيان ئۇرۇش مەيدانىدا ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىقى كىشىلەرنى غەم-قايغۇغا سالسىمۇ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالدىنقى سەپتە قولغا كەلتۈرگەن زور غەلىبىسى گىتلېرنىڭ شەرق ئۇرۇش مەيدانىدا پەيدا قىلغان

www.uyghurkitap.com

ئەجەللىك خاتالىقىنى، شۇنىڭدەك قىش پەسلىدە يېنىلا ھەيۋە كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېچىپ تاشلىدى. سۇ ئاستى كېمىلىرى ئۇرۇشى ۋاقتىنچە كونترول قىلىنىپ، ئەنگلىيە تارتقان زىيىنىنى زور دەرىجىدە ئازايتتى. لېكىن ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە قەتئىي ئىشەنچ باغلىدى.

چېرچىل پاكىتلار ئۈستىدە سالماقلىق بىلەن توختىلىپ: «دەرھەقىقەت، بىز مالايا ۋە ھاۋاي تاقىم ئاراللىرىدا تارتقان زىيىنىمىزنىڭ ئېغىرلىقىنى، بىزگە ئۈشتۈمتۇت زەربە بەرگەن بۇ يېڭى دۈشمەن كۈچلىرىنى تۆۋەن مۆلچەرلىمەسلىكىمىز كېرەك. بىزنىڭ يەنە ئىنتايىن جاپا-مۇشەققەتلىك بىر مەزگىلنى باشتىن كەچۈرۈشىمىزگە، يەنى ھەممىيلەن يېڭىۋاشتىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ، بىراق قىيىنچىلىق ئالدىدا پايدىلىق شارائىتنى كۆرۈشىمىز كېرەك. ھازىر پەقەت ئەنگلىيىلا ئەمەس، بەلكى ئامېرىكىمۇ ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىنۋاتىدۇ، روسىيىمۇ ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىنۋاتىدۇ، جۇڭگومۇ ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىنۋاتىدۇ. ياۋروپادا دۈشمەننىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بويسۇندۇرۇلغان دۆلەتلەرنىڭ روھى ۋە بارلىق ئۈمىد-ئارزۇلىرى ئۇرۇش قىلىنۋاتقان تۆت چوڭ ئۇلۇغ دۆلەتنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. مەن ئىلگىرى ئىنسانىيەتنىڭ 4/5 قىسمى بىز تەرەپتە، دەپ ئېيتقانىدىم. مەن تېخى ئاز دەپ قويغان بولۇشۇم مۇمكىن. ئىنسانىيەتكە بۇ قورقۇنچلۇق بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەنلەر پەقەت شايكا تۈزگەن بىر ئوچۇم بۇزۇق كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىي ياكى پارتىيە-گورۇھلىرىدىن تەشكىللەنگەن كۈچلەردىن ئىبارەت، خالاس. مۇبادا بىز ئۇلارغا 1000 يىلدىمۇ ئېسىدىن چىقمايدىغان تارىخىي ساۋاق بەرمەيدىغان بولساق، ئۇ ھالدا بىز چوقۇم بۇ بىر ئەۋلادلىرىمىزغا خورلۇق ئېلىپ كەلگەن بولىمىز» دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكا ئۇرۇش تەييارلىقى ئۈچۈن چوڭ سەپەرۋەرلىككە كىرىشۋاتقان چاغدا، چېرچىل ئۆزىنىڭ يوللىرىنى بېسىپ 22-دېكابىر ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلدى. زۇڭتۇڭ روزۋېلت ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئىككىسى قىزغىن قول ئېلىشىپ، چىڭ قۇچاقلاشتى. ئۇلارنىڭ خىزمەت كۈنتەرتىپى جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلار ھەر كۈنى بىر نەچچە سائەت پاراڭلاشتى ۋە دائىم تاماقتا بىللە بولدى. خاررى خوپكىنس دائىم ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ يۈردى. ۋاشىنگتوندىكى كەچكى زىياپەتلەر سەممىي، دوستانە كەيپىياتقا تولۇپ، ئىجتىمائىي ئالاقە خاراكتېرىنى ئالدى. روزۋېلت كونا قائىدە-يوسۇنلار بويىچە ھەر قېتىم ئۆزى ئەبجەش ھارىقى تەييارلاپ بەردى، چېرچىلمۇ زۇڭتۇڭ چاقلىق ھارۋىسىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى زالدىن لىفتكىچە ئىتتىرىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى بىلدۈردى. ھەمدە دېڭىز ۋالتېر رايلېيگنىڭ ئۆزىنىڭ پەلتوسىنى ئايال پادىشاھ ئېلىزابېتنىڭ ئالدىغا يېيىپ سالغانلىق ھەققىدىكى ھېكايىنى ئېسىگە ئالدى. چېرچىل ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە: «بۇ مەشھۇر سىياسىئون ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئامېرىكىنىڭ رېئالىي تۇرمۇشىغا ئىزچىللاشتۇرۇپ كېلىۋاتقىنىغا ئون يىلدىن ئاشتى. ئۇنىڭ ئوي-پىكىرلىرى خۇددى مېنىڭ يۈرەك تارىمنى تىترەتكەندەك، ۋۇجۇدۇمدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ھەمدەم بولدى. مەن ئۇنى تولىمۇ ياقتۇرۇپ قالدىم» دەپ يازدى. بۇ يەردە ئىككى رەھبەر ئاجايىپ ئۇنۇملۇك ۋە كەڭ-كۇشادە ھالدا خىزمەت سۆھبەتلىرىنى قىلدى. بەزىدە زۇڭتۇڭ باش ۋەزىرنىڭ ھۇجرىسىغا كەلسە ۋە بەزىدە باش ۋەزىر زۇڭتۇڭنىڭ ياتىقىغا باردى. خوپكىنس چېرچىلنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆيدە بولۇپ، ئىككىسىنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇشىغا ئىنتايىن قولايلىق ئىدى.

كۈنلەر كەينى-كەينىدىن ئۆتمەكتە ئىدى. روژدېستۋو

بايرىمىمۇ يېقىنلاپ قالدى، ئامېرىكا بۇ يىلقى رۇزدېستۋو بايرىمىنى ئۇرۇش تەييارلىقى ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىنىۋاتاتتى. ئاق سارايىنىڭ گۈللۈك سەيناسىغا پايپېشما ئەنئەنىۋى رۇزدېستۋو ئارچىلىرى رەتلىك قويۇلدى. ھارپا كېچىسى روزۋېلت بىلەن چېرچىل بالكوندا تۇرۇپ كىشىلەرگە بەخت-ئامەت تىلىدى. چېرچىل شۇ كۈنى كەچتە قاراڭغۇلۇقتا يىغىلغان 30 مىڭ ئاممىغا ئىلھام بېغىشلايدىغان، ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئاجايىپ ياخشى نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ نۇتقىنىڭ بېشىدىلا ئاممىنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىۋالدى: «مېنىڭ ۋەتىنىم، ئائىلەم ناھايىتى يىراقتا قالغان بولسىمۇ، لېكىن مەن ئانا يۇرتۇمدىن يىراقتا تۇرۇپ بۇ خاتىرىلىك بايرامنى ئۆتكۈزۈۋاتىمەن دېيىشكە ھەرگىز تىلىم بارمايدۇ. مەيلى مېنىڭ ئانام تەرەپتىكى قانداشلىق مۇناسىۋىتىم تۈپەيلىدىن ياكى كۆپ يىللار پائالىيەت ئالدىراشچىلىقىدا ئۆتكەن ھاياتىم ۋەجىدىن بولسۇن، ئەيتاۋۇر بۇ يەردە دوستانە مۇناسىۋەت تەرەققىي تاپتى ۋە ياكى ئوخشاش بىر خىل تىلدا سۆزلىشىپ، مۇقەددەس مۇنبەر ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان، شۇنىڭدەك ناھايىتى زور دەرىجىدە ئوخشاش بىر غايە ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان ئۇلۇغ مىللەتنىڭ ئورتاق ئىشلىرى داۋامىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان يۈكسەك مۇھەببەت تۈپەيلىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر مەن بۇ يەردە — ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ مەركىزى ۋە ئەڭ ئېگىز جايىدا تۇرۇپ ئۆزۈمنى مۇساپىر سەزمىدىم. مەن مۇستەھكەم ئىتتىپاق ۋە قېرىنداشلارچە بىرلىشىشنى، يەنە كېلىپ، سىلەرنىڭ مېنى قىزغىن كۈتۈۋالغان سەمىمىيىتىڭلارنى ھېس قىلدىم. بۇ مېنى سىلەرنىڭ ئوچىقىڭلار يېنىدا ئولتۇرۇپ رۇزدېستۋو بايرىمىڭلارنىڭ شاد-خۇراملىقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىمىنىڭ بارلىقىغا ئىشەندۈردى، — دېدى چېرچىل سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇ ئاجايىپ رۇزدېستۋو

بايرىمىنىڭ ھارپىسى. پۈتۈن دۇنيا دېگۈدەك ھايات-ماماتلىق ئېلىشىش قاينىمىغا كىردى، دۆلەت بىلەن دۆلەت پەن-تېخنىكا ئىختىرا قىلغان ئەڭ قورقۇنچلۇق قورال-ياراغلارنى ئىشقا سېلىپ بىر-بىرىگە ھۇجۇم قىلماقتا. مۇبادا ھەممەيلەن بىزنى ئۇرۇش مەيدانىغا باشلاپ كىرگەن بىرەر دۆلەت خەلقىنىڭ زېمىنى ياكى بايلىقىغا بولغان ئاچ كۆزلۈك، رەزىل قارا نىيەت ھەمدە باشقىلارغا زىيان سېلىش ھېسابىغا ئۆزى پايدا كۆرۈشتىن ئىبارەت ساغلام بولمىغان ئارزۇ-ئارمانىنىڭ ئەمەسلىكىگە ئىشىنىدىغان بولساق، ئۇنداقتا بۇ بايرام بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، كۆڭۈلسىز بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ. پۈتۈن قورۇقلۇق ۋە دېڭىز-ئوكيانلارنى قاپلىغان ھەمدە يۇرتىمىزغا بارغانسېرى قىستاپ كېلىۋاتقان ئۇرۇشنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا، بارلىق قالايمىقانچىلىقلىرىدا، بىز بۈگۈن كەچتە بىر كەپىدە تۇرۇپ، ھەربىرىمىز كەڭ قورساقلىق بىلەن مەنىۋى جەھەتتىن خاتىرجەم بولدۇق. شۇڭا، بىز ھېچبولمىغاندا، بۈگۈن كەچتە بىزنى قاپسىۋالغان غەم-ئەندىشىلەر ۋە خەۋپ-خەتەرلەرنى بىر ياققا چۆرۈۋېتىپ، بالىلارغا بوران-چاپقۇنلۇق دۇنيادا شاد-خۇراملىققا چۆمگەن بىر كېچىنى يارىتىپ بېرەيلى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يەردە پەقەت بىر كېچىدىلا، ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغان دۇنيانىڭ ھەر بىر ئائىلىسى پارلاق، شاد-خۇراملىق ۋە تىنچلىققا چۆمگەن ئارال بولۇشى كېرەك.»

چېرچىل بالىلارغا بەخت تىلەپ: «بالىلار ئۆزلىرىنىڭ شوخ، ئويناپ-كۈلىدىغان مۇشۇ بىر كېچىسىدىن بەھرىمەن بولسۇن. ئارچا بوۋاي تارقاتقان سوۋغاتلار ئۇلارنى تېخىمۇ خۇشال قىلسۇن. بىز ئوتتۇرا ياشلىقلار جىددىي ۋەزىپىگە تولغان ۋە ئالدىمىزدا سەل قاراشقا بولمايدىغان يىللارغا كىرىشتىن ئىلگىرى، ئۇلار بىلەن بىللە چەكسىز خۇشاللىقنىڭ پەيزىنى پۇخادىن چىققۇچە سۈرەيلى. قۇربان بېرىشتىن ئايانمايدىغان

پىداكارلىقىمىز ۋە باتۇرلىقىمىزغا تايىنىپ، بۇ بالىلارنىڭ مىراسلىرىنى خەقلەرگە تارتقۇزۇپ قويماسلىقتا ياكى ئەركىن، گۈزەل دۇنيادا ياشايدىغان ھوقۇقىنى ئىنكار قىلدۇرۇۋەتمەسلىككە بەل باغلايلى. مېھرى-شەپقەتلىك خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن، كۆپچىلىك شاد-خۇراملىقتا چوڭ مەن روژدېستۋو بايرىمىنى ئۆتكۈزەيلى» دېدى.

روژدېستۋو بايرىمى كۈنى زۇڭتۇڭ بىلەن باش ۋەزىر بىللە چېركاۋغا باردى. چېرچىل ئاددىي مۇراسىمدا ھەر ھالدا خاتىرجەم بولدى ۋە خۇداغا ئاتالغان مەدھىيە ناخشىسىنى زوقلىنىپ ئوقۇدى. بۇ، ئالەم روھىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا دېگەنگە ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئېتىقادىنى تېخىمۇ قاتتىق چىڭىتتى. شۇ كۈنى ئۇ بەكلا ھاياجانلىنىپ كېچىچە تۈزۈك ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي دوختۇرىغا: «بۇ بىر مەيدان يېڭى ئۇرۇش: روسىيە غەلىبە قىلدى، ياپونىيە قاتناشتى، ئامېرىكىمۇ پۈتۈنلەي چېتىلىپ قالدى» دېدى.

روژدېستۋو بايرىمىدىن كېيىن، چېرچىل ئامېرىكا پارلامېنتىغا سۆز قىلىپ: «بىز كەلگۈسىدىكى سىرلىق تالانتىمىزنى مۆلچەرلىيەلمىدۇق، لېكىن مەن يەنىلا شۇنداق جاكارلايمەنكى، مېنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس ئۈمىدىم ۋە ئېتىقادىم، كەلگۈسىدىكى يىللاردا ئەنگلىيە-ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بىخەتەرلىك شۇنداقلا بارلىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، تەنتەنىلىك، ھەققانىي ۋە تىنچ ھالدا مۇرنى مۇرىگە تىرەپ ئالغا باسىدۇ» دېدى. ئارقىدىنلا پۈتۈن زالدا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭراپ بىر ھازاغىچە توختىمىدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن چېرچىل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى مۇھىم ئەربابلىرى

بىلەن «ئاكادىيە» نىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىنى ئاچتى. يىغىن بىرلەشمە قوماندانلىق سىستېمىسى، يەنى بىرلەشمە شتاب باشلىقلىرى كومىتېتى قۇرۇشنى، باش شتابنى ۋاشىنگتوندا تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى. گىتلېر ئاساسلىق دۈشمەن دەپ بېكىتىلدى. يىغىن تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى ۋاقتىنچە بىر مەيدان مۇقىم جېبندىسى بار ئۇرۇش، نۆۋەتتىكى ئاساسلىق ئىش ياپونلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇش، دەپ ھېسابلىدى. يىغىن يەنە بىرلەشمە ئۇرۇش قىلىپ دۈشمەنگە ئورتاق قارشى تۇرۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، تىنچ ئوكيان رايونىدا ABDA (ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گوللاندىيە ۋە ئاۋستىرالىيە) بىرلەشمە ئارمىيە قوماندانلىق شتابى قۇرۇشنى، بۇنىڭغا ئەنگلىيىلىك گېنېرال ۋاۋېلنى باش قوماندانلىققا تەيىنلەشنى قارار قىلدى.

«ئاكادىيە» يىغىنى يەنە ئىككى ھەپتە داۋام قىلدى. چېرچىل، روزۋېلتلار فاشىزمغا قارشى بۈيۈك ئىتتىپاقنى قۇرۇش يولىدا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قىلدى. 1942-يىلى يېڭى يىلغىچە «بىرلەشكەن دۆلەتلەر خىتابنامىسى» غا ئىمزا قويۇشنىڭ بارلىق رەسمىيەتلىرىنى تەييارلىدى. بىر ھەپتىگىچە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا نۇرغۇن قېتىم تېلېگرامما بېرىش ۋە ئۇلاردىن تېلېگرامما تاپشۇرۇۋېلىش ئىشى تۈگىگەندىن كېيىن، بۈيۈك ئىتتىپاقتىكى بارلىق دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. روزۋېلت «بىرلەشكەن دۆلەتلەر» دېگەن سۆزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ «ئانتانتا دۆلەتلىرى» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. چېرچىل بۇنى زور يېڭىلىق بولدى، دەپ ھېسابلىدى.

1-يانۋار كۈنى ئەتىگەندە، روزۋېلت چاقلىق ئورۇندۇقىغا ئولتۇرۇپ چېرچىلنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر خىتابنامىسىنىڭ تېكىستىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مۇزاكىرە

قىلدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، زۇڭتۇڭنىڭ كۇتۇپخانىسىدا روزۋېلت ئامېرىكىغا ۋاكالىتەن، چېرچىل ئەنگلىيىگە ۋاكالىتەن، لىۋىنوف سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋاكالىتەن، سۇڭ زىۋېن جۇڭگوغا ۋاكالىتەن بۇ مەشھۇر ھۆججەتكە قول قويدى. قالغان 22 دۆلەتنىڭ ئىمزا قويۇش ۋەزىپىسى ئامېرىكا گوۋۇيۈەنىنىڭ بېجىرىشىگە قالدۇرۇلدى. خىتابنامىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ئا ق ش قوشما شتاتلىرى، بۈيۈك برىتانىيە ۋە شىمالىي ئىرېلاندىيە بىرلەشمە پادىشاھلىقى، سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى ئىتتىپاقى، جۇڭگو، ئاۋستىرالىيە، بېلگىيە، كانادا، كوستارىكا، كۇبا، چېخ ـ سلوۋاكىيە، دومىنىكا جۇمھۇرىيىتى، سالۋادور، گرېتسىيە، گۋاتېمالا، گايتى، گوندۇراس، ھىندىستان، لىيۇكسېمبورگ، گوللاندىيە، يېڭى زېلاندىيە، نىكاراگۇئا، نورۋېگىيە، پاناما، پولشا، جەنۇبىي ئافرىقا ئىتتىپاقى ۋە يۇگوسلاۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ بىرلەشمە خىتابنامىسى.

مەزكۇر خىتابنامىگە قول قويغۇچى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى 1941-يىل 14-ئاۋغۇست ئا ق ش قوشما شتاتلىرىنىڭ زۇڭتۇڭى بىلەن بۈيۈك برىتانىيە ۋە شىمالىي ئىرېلاندىيە بىرلەشمە پادىشاھلىقىنىڭ باش ۋەزىرى ئىككىسىنىڭ بىرلەشمە خىتابنامىنى ئاتلانتىك ئوكيان نىزامى دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭدىكى ئاساسىي مەقسەت ۋە پرىنسىپلارغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇلار ئۆز دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىش، ھاياتىنى، ئەركىنلىكىنى، مۇستەقىللىقىنى ۋە دىنىي ئەركىنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئۆز ۋەتىنى ھەم باشقا دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ئادالىتىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھازىر دۇنيانى بويسۇندۇرۇش قەستىدە بولۇۋاتقان ۋەھشىي ۋە زوراۋان كۈچلەرگە قارشى ئورتاق كۈرەش قىلىشنى قوغداپ

قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىپ، تۆۋەندىكىلەرنى جاكارلايدۇ:

1) ھەربىر ھۆكۈمەت ئۆز ئالدىغا ئۇرۇش قىلىدىغان ئۇچ دۆلەت ئىتتىپاقى ئەزالىرىنىڭ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ پۈتۈن تەبىئىي بايلىقىنى، مەيلى ھەربىي ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتە بولسۇن، ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

2) ھەربىر ھۆكۈمەت مەزكۇر خىتابنامىگە قول قويغان دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىششقا ھەمدە ئۆز ئالدىغا دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ياكى سۈلھى شەرتنامىسى تۈزمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ھازىر ياكى ئېھتىمال كەلگۈسىدە گىتلېرىزمنى يېڭىش كۈرىشىدە ماددىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەن ۋە تۆھپە قوشقان باشقا دۆلەتلەر يۇقىرىدا ئېيتىلغان خىتابنامىگە قاتنىشالايدۇ.

«بىرلەشكەن دۆلەتلەر خىتابنامىسى» نىڭ ئىمزالىنىشى فاشىزمغا قارشى بىرلىك سەپنى كۈچلۈك مۇستەھكەملىدى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. ھەر قايسى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا كۆپلىگەن جاپا-مۇشەققەت ۋە خەتەرلىك توسۇقلارنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كەلسىمۇ، لېكىن تارىخ ئېقىمىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ، بەلكى تاغنى تالقان قىلىدىغان ھەيۋەتلىك كۈچ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. چېرچىلنىڭ ئامېرىكىغا قىلغان سەپىرى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئۇ تولۇپ تاشقان خۇشاللىق بىلەن دولقۇنلار يېرىپ يەنە بوران-چاپقۇن قوينىغا قايتىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يىگىرمە سەككىزىنچى باب

## 2-ئۇرۇش مەيدانىدىكى تالىشىش

1942-يىلى، فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاق ئۇچۇن ئېيتقاندا، جاپالىق كۈرەش قىلغان بىر يىل، يەنى «تەقدىرنىڭ ئاچقۇچى» نى بەلگىلەيدىغان بىر يىل بولدى. سوۋېت-گېرمان ئۇرۇش مەيدانى يەنىلا دۇنيادىكى فاشىزمغا قارشى ئەڭ چوڭ ئۇرۇش مەيدانى بولۇپ، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئەڭ ئېسىل قورال-ياراغلار بىلەن قوراللانغان 4 مىليون كىشىلىك فاشىست ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بەردى. ئەھۋال ئۆتكەن يىلقىدىن سەل ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن كۈرەش ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ئىدى. شۇڭا، مارشال ستالىن ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ فرانسىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدا 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىشىنى، شۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇش مەيدانىدىكى بېسىمنى يەڭگىللىتىشنى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلدى.

غەرب دۆلەتلىرى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە مادارا چىلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇپ كەلگەچكە، ياپونىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تەييارلىق قىلالمىغانىدى، شۇڭا تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئاسىيا تىنچ ئوكيان ئۇرۇش مەيدانىدا ئارقىمۇ ئارقا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ ئېغىر زىيان تارتتى. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، چېرچىلنىڭ يەككە ئۇرۇش قىلغان ۋاقتىدىكى ئەھۋالىغا قارىغاندا زور ئۆزگىرىش بولدى.

بۇگۈنكى كۈندە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىككى كۈچلۈك ئىتتىپاقداش دۆلەتنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئەنگلىيىنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغان بولدى. چېرچىل ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە يازغىنىدەك: «كىشىلەر شۇنى خۇشاللىق بىلەن كۆرۈۋالايدۇكى، بىر دۆلەت، بىر ئىمپېرىيە سۈپىتى بىلەن بىزگە ئەمدى ھېچقانداق خەۋپ كەلمەيدۇ»، «ھالاكەتلىك تەقدىرنىڭ تەھدىتى ئاساسىي جەھەتتىن يوقالدى». لېكىن چېرچىل ياۋروپادا 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىشتا پاسسىپلىق قىلىپ ئارقىغا تارتىش پوزىتسىيىسىنى قوللاندى.

شۇ چاغدا، ئامېرىكا زۇڭتۇڭىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى. روزۋېلت سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قوماندانلىق شتابى بىلەن 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىشنىڭ پىلانىنى تۈزدى، شۇنىڭدەك بۇ پىلانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش مەقسىتىدە زۇڭتۇڭ مەسلىھەتچىسى خاررى خوپكىنس بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش شتاب باشلىقى گېئورگې مارشاللنى — پىلانىنى ئەنگلىيە تەرەپ بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن — ئالاھىدە لوندونغا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، روزۋېلت 3-ئاپرېل كۈنى چېرچىلغا بىر پارچە خەت ئەۋەتتى. خەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«خوپكىنس بىلەن مارشاللنىڭ ئېيتماقچى بولغان گەپلىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭمۇ كۆڭلۈمدىكى سۆزلىرىم. روسسىيىلىكلەرنىڭ يەلكىسىدىكى ئېغىر بېسىمنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەت خەلقى 2- ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئىككى دۆلەت خەلقى ناھايىتى ئەقىللىق، ئۇلار روسسىيىلىكلەر بۈگۈنكى كۈندە ئۆلتۈرگەن نېمىسلار ۋە پاچاقلاپ تاشلىغان قورال-ياراغلارنىڭ بىز ئىككى دۆلەتنىڭكىنى قوشقاندا چىققان ئومۇمىي يىغىندىسىدىن كۆپ بولىدىغانلىقىنى پۈتۈنلەي كۆرەلەيدۇ. تېخى

ئومۇمىيۈزلۈك مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان بولساقمۇ، ئىشقىلىپ بۇ غايەت زور ئۇنۇم ھېسابلىنىدۇ. بۇ پىلاننى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك! شۇنداق بولغاندىلا سورىيە بىلەن مەسىلىنى بىخەتەرلىككە ئېرىشەلەيدۇ. نېمىسلار بىزنىڭ پىلانىمىزنى سېزىپ قالغان تەقدىردىمۇ، قورقۇشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق.»

1942-يىل 8-ئاپرېل، خوپكىنس بىلەن گېنېرال مارشالل زۇڭتۇڭنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن لوندونغا كەلدى. ئۇلار مەزمۇنى ناھايىتى ئەتراپلىق بىر نوتا ئالغاچ باردى، بۇ ئامېرىكا شتاب باشلىقلىرى بىرلەشمە يىغىنى تۈزگەن ھەمدە روزۋېلت تەستىقلىغان نوتا ئىدى. بۇ «غەربىي ياۋروپا ئۇرۇش قىلىش پىلانى» دا مۇنۇلار كۆرسىتىلگەن:

«غەربىي ياۋروپانى ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە 1-قېتىم ئاساسلىق ھۇجۇم قوزغايدىغان ئۇرۇش مەيدانى قىلىپ تاللىۋالدى. غەربىي ياۋروپا بولسىلا، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋادىكى بىرلەشمە كۈچىنىڭ رولى تولۇق جارى بولىدۇ، بەلكى روسىيىگە ئەڭ زور چەكلىمىدە ياردەم بېرەلەيدۇ.

بۇ قېتىمقى ھۇجۇم قوزغاشنى دەرھال قارار قىلىش كېرەك، چۈنكى كۆپ تەرەپلەردە نۇرغۇن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ قېتىمقى ھۇجۇمنى قوزغاشتىن ئىلگىرى، غەربىي ياۋروپادىكى دۈشمەن ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاكتىكا ئىشلىتىپ ۋە تۇيۇقسىز ھۇجۇم تەشكىللەپ دۈشمەننى گاڭگىرىتىپ قويۇش كېرەك. مۇشۇنداق قىلىشنىڭ نەتىجىسى بىزنى پايدىلىق ئاخباراتلارغا ئىگە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىممەتلىك بولغان چېنىقىش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە قىلىدۇ.

ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرلەشمە كۈچى 48 دىۋىزىيىنى (بۇنىڭ

ئىچىدە توققۇز برونېۋىك دىۋىزىيىسى بار) ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك، ئەنگلىيە 18 دىۋىزىيىنى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ برونېۋىك دىۋىزىيىسى بار) ئۆز ئۈستىگە ئېلىش لازىم. ھۇجۇم قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ھاۋا ئارمىيىسى 5800 سوقۇش ئايروپىلانىغا ئېھتىياجلىق، بۇنىڭ 2550 نى ئەنگلىيە تەمىنلىشى كېرەك.

مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى سۇرئەت. ھۇجۇم قىلىشتا ئىشلىتىدىغان قۇرۇقلۇققا چىققۇچى قېيىقلار ھەمدە ئامېرىكىدىن زۆرۈر بولغان قىسىملارنى بىرلەشمە پادىشاھلىققا توشۇيدىغان پاراخوتلارنىڭ كەمچىل بولۇشى، بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنى چەكلەيدىغان ئاساسلىق ئامىل. باشقا ئۇرۇش مەيدانىدىكى ھەربىكەتلەرگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئەھۋال ئاستىدا، بۇ قىسىملارنى 1943-يىلى 1-ئاپرېلدىن ئىلگىرى پۈتۈنلەي توشۇپ بولۇش كېرەك، لېكىن 60% ترانسپورت قوراللىرىنى ئامېرىكا ئۈستىگە ئالىدىغان شارائىت ئاستىدا بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىغىلى بولىدۇ. ئەگەر بۇ يۆتكەش خىزمىتى پۈتۈنلەي ئامېرىكا پاراخوتلىرىغا تايىنىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ھۇجۇم قىلىش ۋاقتى 1943-يىلى يازنىڭ ئاخىرىغا كېچىكىپ كېتىدۇ.

تەخمىنەن 7000 قۇرۇقلۇققا چىققۇچى كېمە لازىم، شۇڭا نۆۋەتتە ياساش پىلانىنى زور دەرىجىدە تېزلىتىپ مۇشۇ سانغا يەتكۈزۈش كېرەك. نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، زور تۈركۈمگە بۆلۈپ ئەۋەتىلىدىغان ئامېرىكىنىڭ قۇرۇقلۇق، ھاۋا قىسىملىرىنى كۈتۈۋېلىش ۋە يۆتكەشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى تېزلىتىش كېرەك...»

بۇ قېتىمقى ئىنگلىزلار بىلەن بولغان سۆھبەتتە، خوپكىنس بەكلا چارچاپ ئۈچ كۈن ئاغرىپ قالدى، لېكىن مارشالل ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەنگلىيە ئۈچ ئارمىيە شتاب باشلىقلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. چېرچىل ياۋروپا 2-ئۇرۇش

مەيدانىنى ئېچىشقا نىسبەتەن پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتۇپ كەلدى. ئۇ ھە دېسىلا ئوبىيكتىپ قىيىنچىلىقلارنى تەكىتلەپ تۇرۇۋالدى. 14-ئاپرېل كۈنى كەچتە ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئىككى تەرەپ دوۋنىنگ كوچىسىغا جايلاشقان 10-نومۇرلۇق باش ۋەزىر سارىيىدا ئاخىرقى بىر قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى، چېرچىل يىغىندا: «بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە ياردەم بولمىغان شارائىتتا، ياپونىيىنىڭ ھىندى ئوكيانىدىكى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ كۈچىگە تاقابىل تۇرۇشقا ئامالىمىز يوق. نۆۋەتتە، بىز تېخى ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ تىنچ ئوكياندىكى مەقسىتى ۋە يۈزلىنىشىنىڭ قانداقلىقىنى زادى بىلەلمىدۇق. ئۇ رايوندىكى بىرىنچى ۋەزىيە ئاۋئىاماتكىدىكى ئايروپىلان جەھەتتە ياپونلارنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى بىسىپ چۈشۈشتىن ئىبارەت. يېقىندا بىزنىڭ ئۈچ ئاۋئىاماتكىمىز ھىندى ئوكيانغا بېرىپ، مۇۋاپىق پەيتتە ‹قۇدرەتلىك› ناملىق پاراخوت بىلەن ئۇچرىشىدۇ» دېدى. ئەنگلىيە باش ۋەزىرى ئاغزىدا 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىشقا قارشى چىقمىسىمۇ، لېكىن بوغۇزدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ قۇرۇقلۇققا ھۇجۇم قىلىشنىڭ ۋاقتى ھەم تەپسىلاتلىرى توغرىسىدا گەپ بولغاندا، «ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە تەييارلىق خىزمەتلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا قاراپ ئاندىن بىر نېمە دېيىش كېرەك» دېگەننى تەكىتلەپ تۇرۇۋالدى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنىڭ ئەنئەنىۋى سىياسىتى، ئامال بار خەقلەرنىڭ قولى ئارقىلىق ئۇرۇش قىلىش ئىدى. ئەنگلىيە بىر قانچە ئەسىردىن بۇيان، مۇستەملىكە دۆلەتلەرنىڭ ئاھالىسىدىن تەشكىللەنگەن ئارمىيىنى ئىشقا سېلىپ، يېڭى مۇستەملىكىلەرنى تارتىۋالغان ھەمدە شۇ يەردىكى خەلقلەرنى قول قىلىپ كەلگەنىدى. ياۋروپادا ئۆزىنىڭ پۇل مۇئامىلىسى ۋە ئىقتىسادىنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە تايىنىپ دۈشمەنگە قارشى كۈرەش

قىلىدىغان ياۋروپا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنى ئورناتقانىدى، لېكىن كۆرەشنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئاساسەن ئۈستىگە ئالغان پىيادە ئەسكەرلىرى ئىتتىپاققا قاتناشقان ياۋروپا دۆلەتلىرى تەمىن ئېتەتتى. ئەنگلىيە 1-دۇنيا ئۇرۇشىدا خېلى كۆپ زىيان تارتقاچقا، بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالغان چېرچىل ۋە ئەنگلىيىنىڭ باشقا ئەربابلىرى.بۇ قېتىمقى ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاساسلىق يۈكىنى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەپ قويۇش نىيىتىگە كەلدى. بىراق، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەنگلىيىنىڭ ھاۋا ۋە دېڭىز ئارمىيىسى ئۇرۇش داۋامىدا ئىجابىي رول ئوينىدى، بولۇپمۇ برىتانىيە ئارىلىنى قوغداش مەزگىلىدە كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

چېرچىل ھۆكۈمىتى كۈچلۈك ئىتتىپاقداشقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ ئاساسەن يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا يەر دېڭىز رايونىدا ئۆز ئىمپېرىيىسىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن مۇستەملىكە ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشىنى قارار قىلدى، لېكىن ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا نېمىس ئارمىيىسىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى يوقىتىش ۋەزىپىسىنى پۈتۈنلەي سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈستىگە ئالدى. گرېتسىيە مۇخبىرى يازغان «چېرچىلنىڭ مەخپىيىتى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «چېرچىل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇش جەريانىدا قۇربان بېرىشىنى، غەلىبە قىلغاندا پۈتۈنلەي ھالىدىن كېتىپ، ياۋروپا ۋە دۇنيادا مۇھىم رول ئويناش ئىقتىداردىن قېلىشىنى ئارزۇ قىلدى. قىزىل ئارمىيە ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى ۋاقىتىنچە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر غەلىبە قىلىش-قىلماسلىقىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىلغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ چاغدا، چېرچىلنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۇرۇش ئارقىلىق ئاجىزلىتىش خىيالى تېخىمۇ

كۆچەيدى. ئۇرۇش ئاساسەن قۇرۇقلۇقتا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، روسىيىلىكلەر گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ ئېغىر يۈكىنى يالغۇز ئۈستىگە ئالدى ۋە ئامبۇر شەكىلدىكى هۇجۇم هالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، دۈشمەنگە ئىككى تەرەپتىن قىستاپ هۇجۇم قىلىش قارارىغا كەلدى، روسىيىلىكلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن شەرقىي سەپتە ئۇرۇش مەيدانى ئېچىش بىلەن بىر ۋاقىتتا غەربىي سەپتىمۇ ئۇرۇش مەيدانى ئېچىش كېرەك ئىدى. ستالىن ئەندىشە ئىچىدە قېلىپ، غەربىي سەپتە 2-ئۇرۇش مەيدانى ئېچىشنى جىددىي چاقىرىق قىلدى، لېكىن چېرچىل بۇ ئىشتا باشتىن-ئاخىر تىلىنى چايناپ ئۆزىنى قاچۇرۇپلا يۈردى. ئۇ روسىيىلىكلەرنىڭ يەككە-يېگانە هالدا نېمىسلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇنداق بولغاندا، مەيلى ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى قانداق بولسۇن، ئىككى تەرەپنىڭ مالىيىسى قۇرۇپ، كۈچىمۇ ئاجىزلاپ كېتەتتى.

چېرچىلنىڭ مەقسىتى بويىچە، ئەنگلىيە ئاساسلىقى تاشقى تەرەپتىن ئۇرۇش قىلىپ، قىسمەن خاراكتېرلىك زەربە بېرىش ئارقىلىق دېڭىزدا قامال يۈرگۈزۈپ، سانائەت تۈگۈنلىرى ۋە ئاهالىلەر ئولتۇراقلاشقان جايلارغا هاۋادىن تۇيۇقسىز زەربە بېرىشتەك ئۇسۇللار بىلەن دۈشمەننىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئاجىزلىتىش، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە غەربىي ياۋروپانىڭ گېرمانىيىنىڭ ئاساسلىق كۈچلىرى بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلىشىدىن ساقلىنىپ، ئىنتايىن زور زىيان تارتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، 1941-يىلىدىن 1942-يىلىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ياۋروپادا 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىشنى قايتا-قايتا ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن چېرچىل بۇ هەققانىي تەلەپنى جاهىللىق بىلەن رەت قىلدى.

ئەمما، ئامېرىكا باشلىقلىرىنىڭ 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىش هەققىدىكى كۆز قاراشلىرى ئەنگلىيىنىڭكى بىلەن

ئوخشىمايتتى. ئۇلار ئۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدىكى پۈتۈن مەنپەئەتنى نەزەرگە ئېلىپ 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىشقا قوشۇلدى. روزۋېلت ئاتىسىتلار كاتتىۋاشلىرىنىڭ 2-ئۇرۇش مەيدانىدىن ئىنتايىن قورقىدىغانلىقىنى، بەلكى 2-ئۇرۇش مەيدانى ئېچىلسا، ئۇرۇشنىڭ مۇساپىسى زور دەرىجىدە قىسقىرايدىغانلىقى ۋە قۇربان بېرىشلەرنى كېمەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، 1942-يىلى ئاپرېلدا ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ خۇسۇسىي ۋەكىلى خاررى خوپكىنس ۋە ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ شتاب باشلىقى گېنېرال مارشالل، چېرچىل ھەمدە ئەنگلىيىنىڭ باشقا رەھبەرلىرى بىلەن غەربىي ياۋروپادا قۇرۇقلۇققا چىقىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن لوندونغا كەلدى. شۇ چاغدا، 1942-يىلى ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ بىر قىسىم قوشۇنلىرى (60 مىڭ ئەسكەر) ئالدى بىلەن غەربىي ياۋروپادا قۇرۇقلۇققا چىقىش، ئاندىن 1943-يىلى غەربىي ياۋروپاغا زور قوشۇنلارنى يەنە ئاتلاندۇرۇش كېڭىشىپ بېكىتىلگەنىدى.

بۇ قارار چېرچىلنىڭ ئارزۇسىغا مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇزۇن ئۆتمەي چېرچىل ۋە ئەنگلىيىنىڭ باشقا رەھبەرلىرى بۇ قارارنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتتى. ئامېرىكىلىقلار ئىنگلىزلار بىزنى ئەخمەق تېپىۋاتىدۇ، دەپ قارايتتى. ئەنگلىيىلىك گېنېرال ئىسماي ئەسلىمىسىگە مۇنداق دەپ يازىدۇ: شۇ چاغدا سۆھبەتكە قاتناشقۇچىلارنىڭ قىزغىنلىقى ناھايىتى ئۈستۈن بولۇپ، ھەممىسى قوشۇلغانىدى. «ئامېرىكىلىق دوستلار خاتا تۈيغۇ بىلەن دۆلىتىگە قايتتى، ئۇلار تېخى بىزنى 1942- ۋە 1943-يىلى ياۋروپادا قۇرۇقلۇققا چىقىشقا قوشۇلدى، دەپ قارىدى. ئەسلى چېرچىل ئامېرىكىلىق ۋەكىللەرنى قەستەن گاڭگىرىتىپ قويدى.» ئىسماي يەنە: «ئامېرىكىلىقلار بىزنى ئامېرىكا مۇناسىۋىتىدە

سەممىيەتسىزلىك قىلدى، دەپ قاراۋاتىدۇ» دېدى. چېرچىل 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىش مەسىلىسىدە ھەقىقەتەن ۋەدىگە ۋاپا قىلمايدىغان ئىشلارنى كۆپ قىلدى، يەنە كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە قىلغان ۋاپاسىزلىق ئىشلىرى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە قىلغىنىدىنمۇ كۆپ بولدى.

چېرچىلنىڭ خۇسۇسىي دوختۇرى، 1940-يىلىدىن باشلاپ ئۇنىڭ بىلەن 25 يىل يېقىن ئۆتكەن تۆرە موران: «چېرچىل چىرايلىق گەپ-سۆزلەر، تۈرلۈك چارە-ئاماللار ئارقىلىق 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىشتىن ئىبارەت بۇ خەيرلىك بولمىغان كۆڭلەرنى كەينىگە تارتتى» دەپ يازدى. ئۇ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېتنىڭ كاتىپى موراننىڭ: «2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىشنى كەينىگە تارتىش چېرچىلنىڭ 1940-يىلى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيىتىدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ نەتىجىسى» دېگەن. شەك-شۈبھىسىزكى، كاتىپ ئۆز باشلىقىنىڭ كۆز-قارىشىنى ئەڭ ياخشى ئىپادىلىگەن. موران: «چېرچىل ئۆزى فرانسىيىگە كېچىكىپ كىرگەنلىك نەتىجىسىنى داۋراڭ قىلماي، جىم تۇرۇۋالدى، بۇ كېيىنكىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۇرۇشنىڭ مۇساپىسىنى ئۇزارتتۇەتتى، دەپ ئەيىبلىشىدىن قورققانلىقىدىن بولغان ئىشمىدۇ؟» دەپ كۆرسەتتى.

چېرچىل غەربىي ياۋروپادا زور ھەرىكەت قوللىنىشنى خالىمىسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيە خەلقى ئۆز دۆلىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان ئىتتىپاقداش دۆلەتلىك مەجبۇرىيىتىنى سەممىيلىك بىلەن ئادا قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەنگلىيىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر پارتىيە-گۇرۇھلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر زاتلىرى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىش توغرىسىدىكى ۋەدىسىنى ئادا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى بارلىق شەھەرلەر 2-ئۇرۇش مەيدانىنى تېزلىكتە ئېچىشتىن ئىبارەت شوئار ئاستىدا نۇرغۇن قېتىم نامايىش ۋە

يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزدى. ئەنگلىيە خەلقى ئىتتىپاقداش دۆلەتلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماسلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغىلا ئەمەس، بەلكى ئەنگلىيىنىڭ ئۆزىگىمۇ خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

1941- يىل ئۆكتەبىردە ئۆتكۈزۈلگەن ماشىنىسازلىق ئىشچىلىرى قۇرۇلتىيىدا بىر ئىشچى سۆزلەپ: «بىز باشقا كارخانىدىكى ئىشچىلارغا ئوخشاش، ھۆكۈمەتنىڭ ئىمكانىيەت يار بەرگەن بارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ روسىيىگە ياردەم بەرمىگەنلىكىگە قاراپ، ئېيتقۇسىز غەم-قايغۇدا قالدۇق. بىز ئۈنلۈك ئاۋازدا ھەرقايسى زاۋۇت كارخانىلارنىڭ غەم-ئەندىشىسىنى سۆزلىدۇق، ئۇ بولسىمۇ ھۆكۈمەت روسىيىگە ساتقىنلىق قىلىۋاتىدۇ. ھۆكۈمەت ئىچىدە ھالىفاكس، موئور — برابازون ۋە مارگېزونپەرەسلەر[1] بولغاچقا، ئەنگلىيە 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئاچمايۋاتىدۇ. بىز ھۆكۈمەتكە شۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويىمىزكى، ئىشچىلار روسىيىگە ساتقىنلىق قىلىشقا ھەرگىز يول قويمايدۇ، چۈنكى ئۇلار روسىيىگە ساتقىنلىق قىلىش ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىگە ساتقىنلىق قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئىشچىلار ئەنگلىيىنىڭمۇ روسىيىگە ئوخشاش تۆھپە قوشۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، 2-ئۇرۇش مەيدانىنى دەرھال ئېچىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىدۇ» دېدى.

ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشى ھەمكارلىشىپ ئۇرۇش قىلىشى ئۈچۈن، 1942-يىل مايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوف لوندوننى زىيارەت قىلدى. ئۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىدىن سوۋېت-گېرمان ئالدىنقى سېپىدىن گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ 40 دىۋىزىيىسىنى

---

① بۇ ئادەملەر سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرغۇچى داڭلىق ئۇنسۇرلار ۋە سىياسىي نامى بۇزۇلغان ماداراچىلار.

ئالداپ ئېلىپ چىقىش ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى سورىدى. چېرچىل بۇ مەسىلىگە جاۋاب بەرگەندە، غەربىي ياۋروپادا قۇرۇقلۇقتا چىقىشنىڭ شەرتى، دېڭىزدىكى مۇھاپىزەت قىلىشنىڭ رولى، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا چىقىش ئىشىدىكى ئەھمىيىتى، قىسىملارنىڭ ئەڭ ياخشىسى كامىسبېرگ ۋە برېست رايونلىرىدا قۇرۇقلۇقتا چىقىشى قاتارلىق مەسىلىلەردە تەپسىلىي توختىلىپ، قۇرۇقلۇقتا چىقىشنىڭ ۋاقتى ۋە قۇرۇقلۇقتا چىققۇچى ئارمىيە قاتارلىق كونكرېت مەزمۇنلار توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئامېرىكا تارىخچىسى G فىرو 21-مايدىن 26-مايغىچە ئەنگلىيە - سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەتلىرى 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىش مەسىلىسىدە سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە: «چېرچىل ئېھتىياتچان، تۇتۇق پوزىتسىيىدە بولدى. ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ھەرقانداق جاي، ھەرقانداق ۋاقىتتا غەربىي سەپتە گېرمانىيىگە قايتۇرما زەربە بېرىش مەسىلىسىدە ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا كەسكىن جاۋاب بەرمىدى»، چۈنكى چېرچىل سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ لوندوندىن ۋاشىنگتونغا زىيارەتكە بارىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، مولوتوف دۆلىتىگە قايتىشىدا لوندوندا يەنە بىر نەچچە كۈن تۇرۇشى توغرۇلۇق تەكلىپ بەردى. شۇ چاغدا، ئۇ «ۋاشىنگتوننىڭ بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى مۇزاكىرە ئەھۋالىغا ئاساسەن، كونكرېت جاۋاب بېرەلەيتتى» دېدى.

1942-يىلى 30 ماي، سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رۇزۋېلت ۋە ئۇنىڭ كاتىپى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 1942-يىلى 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سلاۋيان تىلشۇناسلىق ۋە ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە پروفېسسور سامۇئېل كروس

تەرجىمانلىق قىلدى. ئۇ يىغىن خاتىرىسىگە مۇنۇلارنى يازدى: مولوتوف 2-ئۇرۇش مەيدانى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ژۇكوۋ گېنېرال مارشاللدىن، «ئەھۋال ئېنىقلاندىمۇ، ئەمدى بىز ستالىنغا 2- ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىشنىڭ تەييارلىقىنى ئىشلەپ بولدۇق، دەپ ئېيتساق بولامدۇ؟» دەپ سورىدى. گېنېرال، بولىدۇ، دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ژۇكوۋ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللىرىنىڭ ئۆز ھۆكۈمىتىگە: «بىز بۇ يىل 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىشنى ئۈمىد قىلىمىز» دېگەننى ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈندى.

ئامېرىكىلىقلار بىلەن داۋاملىق سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، شۇنىڭدەك كېيىنكى چاغلاردا ئىنگلىزلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، ئۈچ تەرەپ 1942-يىلى ئامېرىكا - ئەنگلىيە ئىككى دۆلەت ياۋروپادا 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىش توغرىسىدىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئاخبارات ئېلان قىلىشقا قوشۇلدى. ئامېرىكا ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ 2-دۇنيا ئۇرۇشى ھەققىدىكى تارىخچىلىرى 1942-يىل مايدىكى ۋاشىنگتون سۆھبىتىنىڭ نەتىجىسىگە، يەنى 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىش مەسىلىسىنىڭ ئېنىق بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەندى. مەسىلەن، سنېل، سوۋېت ئىتتىپاقى «1942-يىلى 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىش توغرىسىدا ئېنىق ۋەدىگە» ئېرىشتى، دەپ يازدى. روزۋېلت چېرچىلغا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ نېمىشقا بۇ ۋەدىنى بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈردى. ئۇ خېتىدە مۇنداق يازدى: «سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ زىيارىتىنى بەزى ئەمەلىي نەتىجىلەرگە ئىگە قىلىش ھەمدە ستالىنغا قانائەتلىنەرلىك بىر پارچە دوكلات تاپشۇرۇش كېرەك.» روزۋېلتنىڭ 6-ئىيۇن كۈنى چېرچىلغا ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدىن، نېمىشقا بۇنداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئېنىق چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ژۇكوۋ تېلېگراممىسىدا مۇنداق دەپ

يازىدۇ: «شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، مەن ئىچىم تىت-تىت بولغان ھالدا روسىيە ئالدىنقى سېپىگە دىققەت قىلىۋاتىمەن.»

مولوتوف زىيارەتكە چىققاندا، گىتلېر كۆلىمى زور بولغان بىر مەيدان يازلىق ھۇجۇمنى پىلانلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى «سوۋېتلىكلەرنىڭ قېپقالغان بارلىق مۇداپىئە يوشۇرۇن كۈچلىرىنى يوقىتىش ھەمدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تەمىنات مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلاش» ئىدى. گىتلېر 5-ئاپرېل كۈنى چۈشۈرگەن يازلىق ھۇجۇم بۇيرۇقىدا: «بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بىزنىڭ نىيىتىمىز ئوتتۇرا سەپنى قوغداپ، شىمالىي سەپتە لېنىنگرادنى ئىشغال قىلىش... قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبىي قانات ئالدىنقى سېپى زورلۇق بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ، كاۋكازنى ئىشغال قىلىدۇ. دەسلەپتە، ھازىرقى بارلىق قوشۇنلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسلىقى جەنۇب تەرەپتە ئۇرۇش قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭدىكى مەقسەت، كاۋكاز رايونىدىكى نېفىتلىككە ئىگە بولۇش ۋە كاۋكاز تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن دون دەرياسىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى دۈشمەننى يوقىتىش... بىز ئامال قىلىپ لېنىنگرادقا يېتىپ بېرىشىمىز، ھېچبولمىغاندا بۇ شەھەرنى ئېغىر تىپتىكى قورال-ياراغلىرىمىزنىڭ زەربىسى ئاستىدا يەنە قايتىدىن ھەربىي لاۋازىمات ۋە قاتناش ترانسپورتىنىڭ مەركىزى بولۇش ئىمكانىيىتىگە يەتكۈزمەسلىكىمىز كېرەك.»

گىتلېر بۇ قېتىمقى ئاساسلىق ئۇرۇشنىڭ تەييارلىقى سۈپىتىدە مانستېين قوماندانلىقىدىكى 11-بىرلەشمە ئارمىيىسىگە سېۋاستوپولنى ئىشغال قىلىشنى ھەمدە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنى قىرىمدىن قوغلاپ چىقىرىشنى بۇيرۇق قىلدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى بورك قوماندانلىقىدىكى جەنۇب تەرەپ بىرلەشمە ئارمىيىسى بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن

100 مۇنتىزىم دىۋىزىيىنى توپلىدى. يەنە ئايرىم-ئايرىم ھالدا بەش بىرلەشمە ئارمىيە تەشكىللەندى، بۇنىڭ ئىچىدە 60 گېرمانىيە دىۋىزىيىسى بولۇپ، سەككىز برونېۋىك دىۋىزىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، قالغانلىرى رومىنىيە، ئىتالىيە ۋە ۋېنگرىيىلىكلەرنىڭ قوشۇنلىرىدىن ئىبارەت. شەرقىي سەپتىكى 2750 گېرمانىيە ئايروپىلانىنىڭ 1500ى جەنۇبتىكى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىلىدۇ.

بۇ بىر مەيدان چوڭ ئوپېراتسىيە مايىنىڭ ئاخىرلىرى باشلانماقچى ئىدى، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقلىلار ئاۋۋال ھۇجۇمغا ئۆتتى. 12-ماي تىموشېنكو خاركوۋنىڭ جەنۇبىدىن بىر قېتىم شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، گېرمانىيە ئۇرۇش سېپىگە يېقىنلاپ كەلدى. ئەمما، ئۇنىڭ جەنۇب قانىتى ئاجىز بولغاچقا، گېرمانىيىنىڭ بىر قاتار ھۇجۇملىرىنىڭ زەربىسىدىن ئىگىلىگەن جايىنى تاشلاپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ قېتىمقى «بۇزغۇنچىلىق خاراكتېر» دىكى ھۇجۇم سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتقان بولسىمۇ، لېكىن نېمىسلارنىڭ پىلانىنى بىر ئايدىن ئوشۇقراق ۋاقىت كېچىكتۈرۈۋەتتى. بۇ ئوپېراتسىيە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان چاغدا، گېرمانىيە 11- بىرلەشمە ئارمىيىسى سېۋاستوپولغا ھۇجۇم باشلىدى. بىر ئاي قورشاۋغا ئېلىش ۋە شىددەتلىك جەڭلەردىن كېيىن، بۇ قەلئە ئاخىر قولدىن كەتتى.

چېرچىلمۇ بىر خىل ئەندىشە ئىچىدە سوۋېت-گېرمان ئالدىنقى سېپىدە بولۇۋاتقان شىددەتلىك جەڭگە دىققەت بىلەن كۆڭۈل بۆلدى. ئۇنىڭ بەكلا ئەنسىرەيدىغىنى، ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ياردىمىگە ئېرىشەلمەيدىغان بولسا، گېرمانىيىگە قارشى يالغۇز ئۇرۇش قىلىشنى خالىماي، ئۇنىڭ بىلەن سۇلھى شەرتنامىسى تۈزۈپ ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىشى

مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇ، 1942-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەربىي ياردەم قىلىمەن، دەپ يالغان ۋەدە بەرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاشىنگتوندىن لوندونغا كەلگەندە، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى 1942-يىلى ياۋروپادا 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىشقا قوشۇلدى. ئەمما، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە بارا-بارا پايدىلىق ئىلگىرىلەشلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەنە پۇشايمان يېدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە يوللىغان بىر «نوتا» سىدا: «بىز ھازىر 1942-يىلى ئاۋغۇست ياكى سېنتەبىردە قورۇقلۇقتا چىقىشنىڭ تەييارلىقلىرىنى قىلىۋاتىمىز. ۋاقتى كەلگەندە قورۇقلۇقتا چىقىشنىڭ شەرتلىرىنى ھازىرلىيالامدۇ-يوق، بۇ ئىشتا ئالدىنئالا بىر نېمە دېيىش قىيىن ئىدى، شۇڭا بىز بۇ جەھەتتە ۋەدە بېرەلمەيمىز. لېكىن، شەرت نورمال ھەم مۇۋاپىق بولسا، بىز قىلچە ئىككىلەنمەي پىلاننى ئىشقا ئاشۇرىمىز» دەپ يازدى.

چېرچىل ۋە ئۇنى ياقلايدىغان تارىخچىلار «نوتا» دىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە قوشۇمچە شەرت («شۇڭا، بىز بۇ جەھەتتە ۋەدە بېرەلمەيمىز»)، بەلكى 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش قىسمىنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق. بۇ مۇنداق بىر مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، يەنى «نوتا» نى سوۋېت ئىتتىپاقى - ئەنگلىيە ئاخباراتىدىن چەتنەش ھەرىكىتىنىڭ ئاقلاش سۆزى قىلىش ئۈچۈن، «نوتا» نىڭ يېزىلىشى ئەتەي سىرلىق قىلىپ كۆرسىتىلگەن، دەپ قارايتتى. خوپكىنس ۋە گېنېرال مارشاللار بىلەن 1942-يىلى ئاپرېلدا ئۆتكۈزۈلگەن 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىش توغرىسىدىكى سۆھبەتكە قاتناشقان ئامېرىكا گېنېرالى ۋېدېمېيېر مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىنگلىزلار ئۇستىلىق بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى، بولۇپمۇ ئۇلار كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە ماھىرلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنى جارى

قىلدۇرۇپ، ئاخباراتقا تايىنى يوق سۆزلەرنى يازدى. بۇ تىپىك ماچىئاۋېللىنىڭ[1] ئىستىلى. مەن ئالدامچىلىق قىلىش، يىغىنىغا قاتناشقان مەلۇم بىر ئادەمنىڭ شەخسىي ئالاھىدىلىكى دەپ قارىمايمەن. لېكىن، دۆلەت مەنپەئىتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان ئىشلار ئۈستىدە توختالغاندا، بىزنىڭ ئەنگلىيىلىك خىزمەتداشلارنىڭ ۋىجدانى ئېگىلىشچانلىققا ئىگە... مەن ئەنگلىيىنىڭ ئەڭ خەيرلىك چاغلىرىدا ئەنگلىيىنىڭ دىپلوماتىك نەيرەڭلىرىنى ئىشقا سالغانلىقىنى كۆرگەن گۇۋاھچىمەن.»

1942-يىل ئىيۇلدا، چېرچىل بىلەن روزۋېلت سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنى قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلماي، ئۆزلىرى سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىش مەسىلىسىدىكى ئۆستىگە ئالغان مەجبۇرىيەتلەرنى قايتىدىن مۇزاكىرە قىلدى. چېرچىلنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن، ئۇلار 1942-ياۋروپادا قۇرۇقلۇققا چىقماي، شىمالىي ئافرىقىغا كىرىشنى قارار قىلدى. بۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا ئۈستىگە ئالغان ئىتتىپاقداش دۆلەتلىك مەجبۇرىيىتىدىن قوپال سىق بىلەن ۋاز كەچكەنلىك ئىدى. ئەنگلىيىنىڭ بارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بۇنىڭدىن بىر خىل ئەندىشە ئىچىدە قالدى. باش ۋەزىرنىڭ يېقىن ئەمەلدارى، مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار ۋەزىرى كادوكان[2] 1942-يىلى 7-ئىيۇندىكى كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق يازىدۇ: «ۋەزىر ئېدېنغا باش ۋەزىرنىڭ 2-ئۇرۇش

---

[1] ماچىئاۋېللى (1469—1527) — ئىتالىيىنىڭ سىياسىي ئەربابى. ئۇ، ئۆزى خالىغىنىچە بارلىق دىپلوماتىك نەيرەڭلىرىنى ئىشقا سېلىپ سىياسىي جەھەتتىن ئاقلاشنى تەرغىپ قىلغان.

② كادوكان — دائىمىي ئىشلار مۇئاۋىن دىپلوماتىيە ۋەزىرى ھەمدە مۇشۇ سالاھىيىتى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېت يىغىنلىرىغا، ئالىي دەرىجىلىك دىپلوماتىيە سىياسەتلىرىنى تۈزۈشكە قاتناشقان. ئۇ ئەس-ھوشى جايىدا بىر گۇۋاھچى سۈپىتىدە كۈندىلىك خاتىرىسىگە 2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئەنگلىيىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ ئەھۋالى ۋە روھىي ھالىتىنى خاتىرىلەپ ماڭغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى جامائەتچىلىككە ئاشكارىلاش ئويى يوق ئىدى.

مەيداننى ئېچىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى توختاتماقچى، ھەمدە بۇنى روسىيىلىكلەرگە ئوچۇق-ئاشكارا ئېيتماقچى ئىكەنلىكى ئۇقتۇرۇپ قويۇلدى. بىز مۇنداق قىلساق بولمايدۇ. مۇنداق قىلساق يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. بىز پەيلا تەييارلىقنى ئوبدان ئىشلىشىمىز كېرەك. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئالدىنقى سەپتىن بۆسۈپ ئۆتسىلا، ئۇ چاغدا بىز ۋاقتنى قىلچە كېچىكتۈرمەي قۇرۇقلۇقتا غىپپىلا كىرىۋالىمىز.»

چېرچىل سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قارارنى شەخسەن ئۆزى ئۇقتۇرۇپ قويماقچى بولدى. ئۇ، بۇ نازۇك ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، 1942-يىل ئاۋغۇستتا مىسىر ئارقىلىق موسكۋاغا زىيارەتكە بارماقچى بولدى.

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

# موسكۋاغا سەپەر

گېپىدە نورمايدىغان چېرچىل ئۆزىنىڭ فرانسىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدا قۇرۇقلۇققا چىقىش توغرىسىدىكى قارارىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى ستالىنغا ئۇقتۇرۇپ قويۇشنىڭ جاپالىق ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇڭا، ئۇ يولغا چىقىشنىڭ ئالدىدا موسكۋاغا ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى سىرت، يەنە ئامېرىكا زۇڭتۇڭى زورۇۋېلتقا ئالاھىدە تېلېگرامما يوللاپ، پات يېقىندا ئۆتكۈزۈلىدىغان موسكۋا سۆھبىتىدە ئامېرىكىلىقلارنىڭ «ئىجابىي رول ئويىنىشىنى» جىددىي ئۈمىد قىلدى.

5-ئاۋغۇست، ئۇ قاھىرەدىن روزۋېلتقا ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدا: «مەن ئىئوسىف تاغام[①] بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، مېنى قوللاپ ۋە ياردەم بېرىشىڭىزنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن. سىز خارىرمانىنىڭ مەن بىلەن بىللە يولغا چىقىشىغا قوشۇلامسىز؟ مېنىڭچە، ئەگەر بىز كۆپچىلىك بىر يەردە بولالىساق، ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلماق تولىمۇ ئوڭايغا چۈشەتتى. مەن ھازىر تۇزۇك قىلىپ باقمىغان بىر ۋەزىپىگە دۇچ كېلىۋاتىمەن. خېتىڭىزنى بىر پارچە كۆچۈرۈپ لوندونغا ئەۋەتىپ بېرىشىڭىزنى سورايمەن. مەن خەقلەرگە ئىز-دېرىكىمنى بىلدۈرمىسەم دەيمەن» دەپ يازدى.

ئامېرىكا زۇڭتۇڭى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈنىلا

① بۇ يەردە ستالىننى دېمەكچى.

چېرچىلغا جاۋاب تېلېگرامما يوللاپ، خاررىماننى مۇمكىنقەدەر تېزرەك قاھىرەگە بېرىپ باش ۋەزىر بىلەن ئۇچرىشىشقا بۇيرۇدى، ھەمدە بۇ ئىشنى ستالىنغا خەۋەر قىلىپ قويۇش ئۈچۈن، خاررىماننىڭ زۇڭتۇڭنىڭ پىكرى بويىچە موسكۋاغا بېرىپ ياردەملىشىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.

1942-يىل 10-ئاۋغۇست، چېرچىل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شاد-خۇراملىققا چۆمگەن قاھىرە باش ئەلچىخانىسىدا ھەرقايسى ساھەنىڭ مەشھۇر زاتلىرى بىلەن كەچكى تاماقتا بىللە بولغاندىن كېيىن، يېرىم كېچىدە موسكۋاغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ سەپەرداشلار ئۈچ ئايروپىلانغا ئولتۇردى. ئۇلار ئىمپېرىيە باش شتاب باشلىقى بروئوك، رۇسچە بىلىدىغان گېنېرال ۋاۋېل، ھاۋا ئارمىيە مارشالى تېددېر ۋە دائىمىي ئىشلار مۇئاۋىن دىپلوماتىيە ۋەزىرى دىژاز كادوكان قاتارلىقلار ئىدى. ئاۋېرىل خاررىمان چېرچىل بىلەن بىر ئايروپىلانغا ئولتۇردى. ئۇلار تاڭ سەھەردە كۇردىستان تاغ تىزمىلىرىغا يېقىنلاشتى، ھاۋارايى ئىنتايىن ياخشى ئىدى. چېرچىل لىيوتچىكتىن بۇ تاغ تىزمىلىرىدىن قانچىلىك ئېگىزلىكتە ئۇچۇپ ئۆتكىلى بولىدىغانلىقىنى سورىدى. لىيوتچىك 9000 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتە ئۇچساق بولىدۇ، دەپ جاۋاب بەردى. لېكىن، باش ۋەزىر خەرىتىدىن بەزى تاغ چوققىلىرىنىڭ 11 مىڭدىن 12 مىڭ ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتە ئىكەنلىكىنى، ھەتتا 18 مىڭ ياكى 20 مىڭ ئىنگلىزچىسى كېلىدىغان ئېگىز تاغ چوققىسىنىڭمۇ بارلىقىنى كۆردى، لېكىن ئايروپىلاننىڭ بۇ تاغ چوققىلىرى بىلەن ئارىلىقى خېلى يىراقتا ئىدى. ئۇلار چۈشكەن ئايروپىلان بۇلۇت قاتلىمىغا كىرىپ كەتمىسىلا، بۇ تاغلاردىن ئايلىنىپ ئامان-ئېسەن ئۆتۈپ كەتكىلى بولاتتى. چېرچىل بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، 12 مىڭ ئىنگلىزچىسى ئېگىزلىكتە ئۇچۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇڭا ئۇلار ئېگىزلىكتە ھاۋا يېتىشمەي

ئوكسىگېن نەيچىسىدىن نەپەسلىنىشكە باشلىدى. ئۇلار چۈشتىن بۇرۇن سائەت 8 يېرىم ئەتراپىدا تېھران ئايرودرومىغا قونۇپ، بۇ يەردە قىسقا ۋاقىت دەم ئالماقچى بولدى.

ئەنگلىيىنىڭ تېھراندا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى دىۋاز رېدېر بوللارد ئايرودرومغا بېرىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ كەچ كىرىشتىن ئىلگىرى ئېلبۇرز تاغ تىزمىلىرىدىن ئۇچۇپ ئۆتكىلى بولمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، پېرسىيە پادىشاھى ئۇلارنى ۋاقىتلىق ئوردىسىغا تاماققا تەكلىپ قىلدى. ۋاقىتلىق ئوردا تىك چوققىلار ئۈستىدە بولۇپ، ئېگىز دەرەخلەر ئىچىگە جايلاشقان، چىرايلىق سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى بار ئىدى. چېرچىل چۈشتىن بۇرۇن ھەيۋەتلىك تاغ چوققىلىرىنى تاماشا قىلدى. چۈشتىن كېيىن ئەنگلىيە باش ئەلچىخانىسىنىڭ باغچىسىدا ئاۋېرىل خاررىمان ۋە ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك تۆمۈر يول خادىملىرى بىلەن بىر سائەتتىن كۆپرەك يىغىن ئۆتكۈزدى. يىغىن پېرسىيە قولتۇقىدىن كاسپىي دېڭىزىغىچە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان پۈتكۈل تۆمۈر يولنى ئامېرىكىنىڭ ئۆتكۈزۈۋالىدىغانلىقىنى قارار قىلدى. بۇ تۆمۈر يول يېقىندا ئەنگلىيىنىڭ بىر شىركىتى ياسىغان نەتىجىلىك قۇرۇلۇش ئىدى. ئۇ نۇرغۇن جىلغىلاردىن، چوڭ تىپتىكى 390 كۆۋرۈكتىن ئۆتەتتى. خاررىمان: زۇڭتۇڭ پۈتۈن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ تۆمۈر يولنىڭ ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ھەمدە پاراۋوز، ۋاگون ۋە قىسمىنىڭ تېخنىكا خادىملىرى بىلەن تەمىن ئېتىشكە قوشۇلىدىغانلىقىنى خالايدۇ، دېدى. تەمىن ئېتىدىغان نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە ئەنگلىيە ئامېرىكىغا تەڭ كېلەلمەيتتى. شۇڭا، چېرچىل نەق مەيداندىلا تۆمۈر يولنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قوشۇلدى ھەمدە ئاساسلىق ھەربىي لاۋازىماتلاردىن ئالدىن پايدىلىنىش ھوقۇقى

بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

تېھران شەھىرى دىمىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاراڭ-چۇرۇڭ بولغاچقا، چېرچىل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئەنگلىيە باش ئەلچىخانىسىنىڭ بۈك-باراقسان دەرەخلەر ئىچىگە جايلاشقان يازلىق داچىسىدا دەم ئالدى. بۇ يەر شەھەردىن تەخمىنەن 1000 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتە بولۇپ، ھاۋاسى كىشىگە ئىنتايىن ياقاتتى.

ئەتىسى، يەنى 12-ئاۋغۇست (چارشەنبە) ئەتىگەن سائەت 6 يېرىمدا چېرچىل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى داۋاملىق سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇلار تەبرىز جىلغىسىدىن ئۆتكەندە ئايروپىلان بارا-بارا يۇقىرى ئۆرلىدى، ئاندىن شىمالغا— كاسپىي دېڭىزىغا قاراپ ئۇچتى. ئۇلار 2-تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتكەندە ئايروپىلان 11 مىڭ ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى ھاۋا بوشلۇقىدا كېتىۋاتاتتى. بۇ چاغدا، چېرچىل ئۆزلىرى ئولتۇرغان بۇ ئايروپىلاننىڭ يالغۇز كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى، سىمسىز رادىئودىن ئىمپېرىيە باش شتاب باشلىقى، گېنېرال ۋاۋېل ۋە كادوگان قاتارلىقلار چۈشكەن ئايروپىلاننىڭ ماتوردىن چاتاق چىقىپ تېھرانغا قايتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

باش ۋەزىر چۈشكەن ئايروپىلان ئىككى سائەت ئۇچقاندىن كېيىن، ئالدى تەرەپتە ئۇپۇقتا تۇتاشقان كاسپىي دېڭىزى كۆرۈندى. چېرچىل ئىلگىرى كاسپىي دېڭىزىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى، لېكىن بۇنىڭدىن 25 يىل ئىلگىرى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى سالاھىيىتى بىلەن كاسپىي دېڭىزىدىكى بىر فلوتنى ئۇيۇشتۇرغانلىقىنى، بۇ فلوت مەيدان دولقۇنلاپ تۇرىدىغان زۇمرەتتەك بۇ دېڭىزدا بىر يىلغا يېقىن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. بىر چاغدا ئايروپىلان تۆۋەنگە قاراپ ئۇچۇۋىدى، ئايروپىلاندىكىلەر كاسپىي دېڭىزىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان باكو نېفىتلىكىگە نەزەر

تاشلىدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى كاسپىي دېڭىزىغا تولىمۇ يېقىن ئىدى، شۇڭا ئۇلار ستالىنگراد ئۇرۇش رايونىدىن يىراق بوشلۇقتا ئۇچۇش ئۇچۇن كۈيبىشېۋ ئارقىلىق ماڭدى. ئايروپىلان ۋولگا دەريا دېلتىسىغا يېقىنلاپ كەلگەندە، چېرچىل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى روسىيىنىڭ قوڭۇر رەڭلىك زېمىنىغا، ئادەمزات ئايىغى باسمىغان پايانسىز تۈزلەڭلىككە تەزەر تاشلىدى. بىر پەستىن كېيىن چاسا-چاسا ئېتىزلىقلار كۆرۈندى. دېمەك، بۇ جايلار ئىلگىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئىدى. غايەت چوڭ ۋولگا دەرياسىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن بىر بۆلىكى كەڭرى كەتكەن قاپقارا سازلىقتىن ئىلان باغرى ئېقىپ ئۆتەتتى، يىراقتىن خۇددى كۈن نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان كۈمۈش لېنتىدەك كۆرۈنەتتى. بەزىدە كۆزگە چېلىقىپ قالغان چوڭ يوللار خۇددى تۈز سىزىقتەك ئۇپۇقنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا تۇتىشىپ كېتەتتى. چېرچىل ئايروپىلان دېرىزىسىدىن تۆۋەنگە بىر سائەتتەك قاراپ سەل چارچىدى بولغاي، ئايرىم خانىسىغا چىقىپ ئۇخلىدى. لېكىن، تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى. ئۇرۇشنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەلتۈرگەن ئېغىر بۇزغۇنچىلىقىنى كۆرۈپ كاللىسىدا نۇرغۇن خىياللار كەزدى. ئويلىغانسېرى بۇ قېتىمقى سۆھبەتنىڭ جاپالىق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە: «مەن بۇ پاجىئەلىك شۇنداقلا ھىيلىگەر بولشېۋىك دۆلىتىگە بېرىشتىكى ۋەزىپەم ئۈستىدە قايتا-قايتا ئويلاندىم. بۇ دۆلەت دۇنياغا كەلگەن دەسلەپكى چاغلىرى بىر مەزگىل ئۇنى بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ باقتىم، گىتلېر پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنى مەدەنىيەت ۋە ئەركىنلىكنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى دەپ قاراپ كەلگەنىدىم. ھازىر ئۇلارغا نېمە دېسەم ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلغان بولىمەن؟ ئەدەبىيات ھەۋەسكارى گېنېرال ۋاۋېل مېنىڭ

دېمەكچى بولغانلىرىمنى شېئىرغا يىغىنچاقلىدى، بۇ شېئىر بىر قانچە كۇپلېت بولۇپ، ھەر بىر كۇپلېتنىڭ ئاخىرى ‹ئاچمايمىز، 1942-يىلى 2-ئۇرۇش مەيدانىنى› دېگەن مىسرا بىلەن ئاخىرلىشاتتى. بۇ روسىيىلىكلەرنىڭ بېشىغا بىر قاياق سوغۇق سۇ تۆككەندەك بىر ئىش. بۇ نېمىدېگەن مۇشكۇل ۋەزىپە-ھە!» دەپ يازدى.

چېرچىل، مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم، سوۋېت ئىتتىپاقلىقلارغا «ھەقىقىي ئەھۋال» نى چۈشەندۈرىدىغان تېلېگراممىا خەۋىرى ئەۋەتىپ يۇرمەي ياكى ئەلچىلەر ئارقىلىق بېرىش-كېلىش قىلماي، ستالىننىڭ ئالدىدىلا كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى ئېيتىش دەپ قارايتتى. «مەن ھېچبولمىغاندا، ئۇلارنىڭ بەختىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىمنى، ئۇلارنىڭ كۈرىشى ۋە فاشىستلارغا قارشى پۈتكۈل ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن ئۇلۇغ تۆھپىسىنى چۈشىنىدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ قويماقچىمەن. ئەمما، مەن بۇرۇندىنلا سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ كەلگەنىدىم...» ئۇ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كۆڭلى لاسىدا بولۇپ، بۇ جاپالىق ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشقا بولغان ئىشەنچىسى يوقالدى.

ھاۋا ئوچۇق، لەرزان شامال چىقىپ تۇراتتى. موسكۋاغا بېرىشقا ئالدىراپ كەتكەن چېرچىل كۈيبىشېۋنى ئايلىنىپ ئۆتمەي، موسكۋاغا قاراپ ئۇدۇل ئۇچماقچى بولدى. سائەت 5 لەر ئەتراپىدا موسكۋا كرېمل سارىيىنىڭ ئۇچلۇق مۇنارى ۋە يۇملاق ئۆگزىسى يىراقتىن كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلار ئالدىنئالا ئېنىقلىنىپ بېكىتىلگەن ھاۋا يولى ئارقىلىق شەھەرنى ئايلىنىپ ئۇچۇپ، پايتەخت ئايرودرومىغا قوندى. ئۇلارنى مولوتوف باشچىلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلىرى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ دىپلوماتىيە ئۆمەكلىرى، شۇنىڭدەك بىرمۇنچە فوتو

مۇخبىرلار ھەم مۇخبىرلار ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى.

چېرچىل مولوتوفنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۈچ ئارمىيىنىڭ ھەيۋەتلىك ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئوركېستىر ئەترىتى ئەنگلىيە، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچ دۆلەتنىڭ دۆلەت گىمنىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، ھۆرمەت قاراۋۇللىرى مۇراسىم مارشىنى كۆرسەتتى. باش ۋەزىر چېرچىل مىكروفوننىڭ ئالدىغا كېلىپ قىسقىغىنا تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. ئاۋېرىل خاررىمان ئامېرىكىغا ۋاكالىتەن تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. ئاندىن چېرچىل مولوتوفنىڭ ھەمراھلىقىدا موسكۋادىن سەككىز ئىنگلىزچىسى يىراقلىقتىكى 7-نومۇرلۇق دۆلەتلىك داچىغا چۈشتى.

بۇ داچىنىڭ بارلىق ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلىرى ناھايىتى ئېسىل ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى چېرچىلنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئېگىز بوي، بەستلىك كەلگەن بىر ئاديۇتانتنى ئەۋەتتى. بۇ يەرنىڭ مۇلازىمەتچىلىرى ناھايىتى ياخشى تەربىيە كۆرگەن بولۇپ، ھەرقانداق مېھمانغا بەكمۇ ئوبدان مۇئامىلە قىلاتتى. ئاشخانىدىكى ئۇزۇن ئۈستەللەردە، تاماق ئىشكاپلىرىدا خىلمۇ خىل لەززەتلىك نازۇ نېمەتلەر ۋە ھەر خىل ئېسىل ھاراقلار قويۇلغان، بۇ نەرسىلەر مەخسۇس باشقا دۆلەت باشلىقلىرى ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەييارلانغانىدى. چېرچىل كەڭ ھەم يوغان قوبۇلخانا، بىر ئېغىزلىق ئازادە ھۇجرا ۋە ھۇجرا بىلەن چوڭ - كىچىكلىكى تەڭ كەلگۈدەك يۇيۇنۇش ئۆيى بار بىر يۇرۇشلۇق ياتاققا چۈشتى، خىرۇستالدەك پاكىز چىراغلار يالىلداپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئەنگلىيە باش ۋەزىرى تومۇز ئىسسىقتا ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ خېلىلا چارچاپ كەتكەنىدى، ئەمما بىر ئاز دەم ئېلىپ ئىسسىق سۇدا يۇيۇنغاندىن كېيىن بۆلەكچىلا يېنىكلەپ كەتتى ۋە دەرھال موسكۋاغا قايتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ مولوتوفقا شۇ كۈنى

كېچىدە مارشال ستالىن بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى.

شۇ كۈنى كەچ سائەت 7 دە چېرچىل كرېمىل سارىيىغا كېلىپ، تۇنجى قېتىم «ئۇلۇغ ئىنقىلابىي داھىي، چوڭقۇر پىكىرلىك روسىيە سىياسىئونى ۋە جەڭچىسى بىلەن كۆرۈشتى» . ئۇلار كېيىنكى ئۈچ يىل داۋامىدا «يېقىن ئەمما جىددىي» مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى، مۇشۇ جەرياندا ئىككىسى بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىپ قالغاندا گۆرەن تومۇرلىرىغىچە قىزىرىپ ئۆزلىرىنى باسالماي قېلىشاتتى، ئەمما بەزى چاغلاردا شۇنچىلىك يېقىنلىشىپ كېتەتتىكى، قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ گېپى تۈگىمەيتتى. تۇنجى قېتىملىق سۆھبەت تۆت سائەتتەك داۋام قىلدى. برۇئوك، ۋاۋېل ۋە كادوكانلار چۈشكەن ئايروپىلان تېخى يېتىپ كېلەلمىگەچكە، سۆھبەتكە ستالىن، مولوتوف، ۋوروشىلوف، چېرچىل، خاررىمان ۋە ئەنگلىيە باش ئەلچىسى قاتناشتى.

چېرچىلنىڭ ئەسلىمىسىدە ئاشكارىلىنىشىچە، سۆھبەت دەسلەپكى ئىككى سائەت «سوغۇق ھەم تەمكىن» كەيپىيات ئىچىدە داۋام قىلغان. يىغىن باشلىنىش بىلەنلا چېرچىل ئەڭ قىيىن بولغان 2-ئۇرۇش مەيدانى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەنگلىيە باش ۋەزىرى:

— مەن ئوچۇق-كۆڭۈللۈك بىلەن سۆزلەشنى خالايمەن، شۇنداقلا مارشال ستالىننىڭ سەمىمىي پىكرىنى ئاڭلاشنى ئۈمىد قىلىمەن. مولوتوف ئەپەندى لوندونغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا بىز ھازىر دۈشمەننى فرانسىيىدە ئىسكەنجىگە ئېلىش پىلانىنى تۈزۈۋاتىمىز، دېگەنىدىم. مەن يەنە مولوتوف ئەپەندىگە 1942-يىلىدىكى ھەرىكەتكە كاپالەتلىك بېرەلمەيمەن، دەپ چۈشەندۈرگەن ھەمدە مۇشۇ مەزمۇندا بىر نوتا يازغانىدىم، شۇنىڭدىن كېيىن، ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئىككى تەرەپ مۇشۇ

مەسىلىدە تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى سېنتەبىردە كەڭ كۆلەملىك ئوپېراتسىيە ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ، دەپ ھېسابلىدى. لېكىن، مارشال ستالىننىڭ خەۋىرى بولغىنىدەك، ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئىككى دۆلەت 1943-يىلى ئىنتايىن زور كۆلەملىك ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت، 1 مىليون كىشىلىك ئامېرىكا ئارمىيىسى 1943-يىلى ئەتىيازدا بىرلەشمە پادىشاھلىقنىڭ توپلىنىش ئورنىغا كېلىپ، يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى 27 دىۋىزىيە بولۇپ تەشكىللىنىش، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيىنىڭ يەنە 21 دىۋىزىيە كۆپەيتىشكە تەييارلىق قىلىشنى بەلگىلەش. بۇ ئارمىيىنىڭ يېرىمى دېڭىزدەك برونېۋىك قوراللىرى بىلەن قوراللىنىشى كېرەك ئىدى، ھازىر بىرلەشمە پادىشاھلىققا ئامېرىكىنىڭ پەقەت ئىككىلا دىۋىزىيىسى يېتىپ كەلدى، قالغانلىرى ئۆكتەبىر، نويابىر ۋە دېكابىردا يۆتكەپ كېلىنمەكچى، — دېدى.

— بۇ پىلاننىڭ 1942-يىلى روسىيىگە قىلچە يارىدىمى تەگمەيدىغانلىقىنى تولۇق چۈشىنىمەن، لېكىن 1943-يىلى پىلانىنى ئورۇنداشقا تەييارلىق قىلىدىغانلىقىمىزنى ئويلىسام، گېرمانىيىنىڭ غەربىي ياۋروپادا تېخىمۇ كۈچلۈك بىر قورۇقلۇق ئارمىيىسى بارلىققا كېلىشى مۇمكىن، — چېرچىل سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ستالىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويدى، لېكىن ئۇ چېرچىلنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتمىدى، — 1942-يىلى فرانسىيىنىڭ دېڭىز قىرغىقىغا ھۇجۇم قىلىشقا قارشى ئىكەنلىكىمگە تولۇق ئاساسىم بار. بىزنىڭ قۇرۇقلۇققا چىققۇچى بارلىق كېمىلىرىمىز مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان دېڭىز بويلىرىغا بىر قېتىملىق قۇرۇقلۇققا چىقىش جېڭى قىلىشقىلا — ئالتە دىۋىزىيىلىك ئەسكىرىي كۈچنى قىرغاققا يۆتكەپ كېلىشكە

ھەمدە ئۇلارنىڭ تەمىناتىنى يەتكۈزۈپ بېرىشىگىلا — ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانساق يەنە تېخىمۇ كۆپ دۈشمەنىنى يوقىتىدۇ، لېكىن قورۇقلۇقتا چىققۇچى كېمە چەكلىك ئامىلدىن ئىبارەت. ھازىر بىرلەشمە پادىشاھلىق، بولۇپمۇ ئامېرىكا زور مىقداردا قۇرۇقلۇققا چىققۇچى كېمىلەرنى جىددىي ياساۋاتىدۇ. مۇبادا بۇ يىل بىر دۈشمەنلىك ئەسكىرىي كۈچىنى يوقىتىسەك، كېلەر يىلى سەككىز ھەسسە ياكى ئون ھەسسە ئەسكىرىي كۈچنى يوقىتىيەلەيمىز.

ستالىن دەسلەپ قاپىقىنى تۈرۈپ چېرچىلنىڭ قاراشلىرىغا قايىل بولمىغاندەك بىر تەرىزدە ئولتۇردى. ئاخىر ئۇ:

— فرانسىيە دېڭىز قىرغاقلىرىنىڭ بىرەر بۆلىكىدە ھۇجۇم قىلىشقا بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

چېرچىل بىر پارچە خەرىتىنى چىقىرىپ، بوغۇزدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەر قانداق بىر جايىنى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىغا ئېلىش مەسىلىسىدە قىيىنچىلىقنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. بىر ئازدىن كېيىن ستالىن سوقۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ ئۇچۇش مەسىلىسىنى سوراپ:

— ئايروپىلانلار كۆن بويى ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچالامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

باش ۋەزىر ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ:

— ئايروپىلانلار ئۇچسا تامامەن بولىدۇ، لېكىن بۇنداق ئۇزۇن مۇساپىگە ئۇچسا، ئۇرۇش قىلىشقا ۋاقىت قالمايدۇ، — دېدى.

ستالىن باش ۋەزىرنىڭ گېپىنى پەرۋايىغىمۇ ئېلىپ قويماي:

— فرانسىيىدىكى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ھەقىقىي جەڭگىۋارلىق كۈچى يوق، — دېدى.

چېرچىل كۆچىنىڭ بارىچە مۇنازىرىلىشىپ:
—گېرمانىيىنىڭ فرانسىيىدە جەمئىي 25 دىۋىزىيىسى بار، ئۇنىڭ ئىچىدىكى توققۇز دىۋىزىيە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، — دېدى. ستالىن جاۋاب تەرىقىسىدە بېشىنى چايقاپ قويدى.
بۇ چاغدا ستالىننىڭ چىرايى تېخىمۇ تۇتۇلۇپ كەتتى. ئۇ گەپنى ئەگىتمەيلا:
— مېنىڭ بىلىشىمچە، سىلەر نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچنى ئىشقا سېلىپ 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئاچالمايسىلەر، ھەتتا ئالتە دىۋىزىيىنى ئىشقا سېلىپ قۇرۇقلۇققا چىقىشنىمۇ خالىمايسىلەر، —دېدى.
— ھەقىقەتەن شۇنداق،— دەپ جاۋاب بەردى چېرچىل، — بىز ئالتە دىۋىزىيىنى ئىشقا سېلىپ قۇرۇقلۇققا چىقالايمىز، لېكىن بۇنداق قۇرۇقلۇققا چىقىشنىڭ قىلچە پايدىسى يوق. چۈنكى بۇ كېلەر يىللىق پىلاندىكى زور كۆلەملىك ئوپېراتسىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزغا زور دەرىجىدە توسقۇنلۇق ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇرۇش — ئۇرۇش دېمەكتۇر، بۇ چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس، ئەگەر بىرەرىگە پايدىسىز بولغان ئاپەت تېرىپ بەرسەك، بۇ تولىمۇ ئەخمىقانىلىق بولىدۇ.
— كەچۈرۈڭ! مېنىڭ ئۇرۇش كۆز قارىشىم سىزنىڭكى بىلەن ئوخشىمايدىكەن، — دېدى ستالىن تەرىنى بۇزۇپ، — تەۋەككۇل قىلىشقا پېتىنالمىساق، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. نېمىشقا گېرمانىيە ئارمىيىسىدىن بۇنچىۋالا قورقۇپ كېتىسىلەر؟ ھېچ چۈشىنەلمىدىم. مېنىڭچە، ئارمىيە ئۇرۇشتا چوقۇم قان تۆكىدۇ. ئەگەر قان تۆكمىسە ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى چۈشەنگىلىمۇ بولمايدۇ.
— ئۇنداقتا، مارشال جانابلىرى، ئۆزىڭىزدىن سوراپ باقسىڭىز، نېمىشقا گىتلېر 1940-يىلى ئەنگلىيە بىلەن ئۇرۇش

قىلمىدى؟ شۇ چاغدا گىتلېرنىڭ كۈچى ئازا قۇدرەت تاپقانىدى، بىزنىڭ ئاران مەشىق كۆرگەن 20 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىمىز، 200 زەمبىرەك ۋە 50 تانكىمىز بار ئىدى، — دېدى چېرچىل ئاچچىق تەنە بىلەن، — ئۇ ئەنگلىيىگە ھۇجۇم قىلمىدى، بۇ گىتلېرنىڭمۇ بۇنداق ئوپېراتسىيىنى قىلىشتىن قورقىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەنگلىيە بوغۇزىدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈش ئۇنچىلىك ئوڭاي ئىش ئەمەس.

— ياق، بۇنداق مىساللارنى كەلتۈرسىڭىز بولمايدۇ. گىتلېر ئەنگلىيىدە قورۇقلۇقتا چىقىدىغان بولسا، ئەنگلىيە خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايتتى، ئەنگلىيە ئارمىيىسى فرانسىيىدە قۇرۇقلۇقتا چىقىدىغان بولسا، چوقۇم فرانسىيە خەلقىنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىدۇ. خەلقنىڭ مايىل بولۇشى ۋە مايىل بولماسلىقى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش-قىلماسلىقنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم بىر ئامىل! — ستالىن سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە يېغىن زالىنى ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان بىر خىل جىمجىتلىق قاپلىدى. ئاخىر ئۇ، — مۇبادا سىلەر بۇ يىل فرانسىيىدە قۇرۇقلۇقتا چىقالمىساڭلار، مېنىڭمۇ سىلەرنى زورلاپ تۇرۇۋېلىشقا ئامالىم يوق، لېكىن شۇنى ئېيتىپ قويۇشۇم كېرەككى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە باش ۋەزىرىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىگە قوشۇلمايدۇ.

چېرچىل قاتمال ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن، دەرھال گېرمانىيىگە قاراتقان بومباردىمانچىلىق مەسىلىسى ئۈستىدە توختالدى. ستالىن فاشىستلار گېرمانىيىسىگە زەربە بېرىشتىكى جەڭگىۋارلىقىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى. ئۇ:

— سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيىگە قارىتىلغان بومباردىمانچىلىققا ناھايىتى دىققەت قىلىدۇ، يەنە كېلىپ ئەنگلىيىنىڭ ھاۋا ھۇجۇمىنىڭ گېرمانىيىگە غايەت زور تەسىر ئويناۋاتقانلىقىنىمۇ بىلىدۇ، — دېدى.



www.uyghurkitap.com

ئارىلىقتىكى قىسقىغىنا سۆھبەتتىن كېيىن جىددىي ۋەزىيەت سەل پەسەيگەندەك بولدى. ستالىن خېلى ئۇزۇن داۋام قىلغان بۇ سۆھبەتتىن، ئىنگلىزلار، ھەتتا چېرچىلنىڭ قوترىتىشى ئاستىدىكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ قىلماقچى بولۇۋاتقىنى قانداقتۇر «ئەجەللىك زەربە بېرىش» پىلانى ياكى «مۇھاسىرىگە ئېلىپ يوقىتىش» پىلانى ئەمەس، بەلكى گېرمانىيىنى بومباردىمان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كۆز بوياماچىلىق قىلىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

شۇ چاغدا چېرچىل ئەمدى «مەشئەل» ئۇرۇشى قىلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ پەيتى كەلدى، دەپ ھېسابلىدى ۋە:

— مەن يەنىلا 1942-يىلىدىكى 2-ئۇرۇش مەيدانى مەسىلىسىدە توختالماقچىمەن. مەن مەخسۇس مۇشۇ مەسىلىنى دەپ كەلدىم. راستىنى ئېيتسام، فرانسىيە مۇشۇنداق بىر قېتىملىق ئوپېراتسىيىنى قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئورنى دەپ قارىمايمەن. بۇنىڭدىن باشقا ئورۇن بار، شۇڭا مەن ئامېرىكىلىقلار بىلەن باشقا بىر پىلانى بېكىتتۇق. ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بۇ پىلانى مەخپىي ھالدا مارشال ستالىنغا ئېيتىش ھوقۇقىنى ماڭا بەردى. مەن ھازىر بۇ خىزمەتنى باشلىۋەتمەكچى. ئەمما بىز مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا ئىنتايىن دىققەت قىلىشىمىز كېرەك، — دېدى.

بۇ چاغدا ستالىن تەمكىن ئولتۇرۇپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— ئەنگلىيە گېزىتلىرىنىڭ ئازراق خەۋەرنىمۇ ئاشكارىلاپ قويماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.

ئاندىن چېرچىل «مەشئەل» پىلانىنى قىسقىغىنا چۈشەندۈرۈپ:

— بۇ پىلان 30-ئۆكتەبىرگە قالماي باشلىنىدۇ، ئەمما زۇڭتۇڭ روزۋېلت بىلەن بىز بۇنى 7-ئۆكتەبىر ئىچىدە ئاشۇرۇشقا

تىرىشىۋاتىمىز، — دېدى.

ستالىن ناھايىتى قىزىقىش بىلەن ئاڭلىدى، بۇ يىغىندا ئولتۇرغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ رەھبىرىگە چوڭ بىر تەسەللى بولدى.

— ئەگەر بۇ يىلىنىڭ ئاخىرى شىمالىي ئافرىقىنى ئىشغال قىلغىلى بولسا، بىز گىتلېرنىڭ ياۋروپادىكى قورساق قىسمىغا تەھدىت سالالايمىز؛ بۇ قېتىمقى ئوپېراتسىيىنى 1943-يىلىدىكى ئوپېراتسىيە بىلەن ماسلاشتۇرۇشقا بولىدۇ، دەپ قاراش كېرەك. مانا بۇ بىز بىلەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئېلىپ بېرىشنى بەلگىلىگەن بىر قېتىملىق ئوپېراتسىيە، - چېرچىل سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە تىمساھنىڭ شەكلىنى سىزدى، بۇنىڭ بىلەن ستالىنغا ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندۈردى، — بىز تىمساھنىڭ قاتتىق بۇرنىغا ئۇرغاندا، ئۇنىڭ يۇمشاق قورساق قىسمىغىمۇ ھۇجۇم قىلىمىز.

بۇ چاغدا ستالىننىڭ كەيپىياتى بەكلا ياخشى ئىدى، ئۇ خۇشال ھالدا:

— بۇ پىلاننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا خۇدا نۇسرەت قىلسۇن، — دېدى، ئاندىن، — ئىسپانىيە بىلەن ۋىش ئۈستىدە فرانسىيىدە قانداق ئىنكاسلار پەيدا بولار؟ — دەپ سورىدى.

— فرانسىيىنىڭ ئىرادىسى بوشاپ كەتتى، بىز ئۇلارغا مەدەت بېرىشىمىز كېرەك، — دېدى چېرچىل، — فرانسىيە ماداغاسقار بىلەن سۈرىيىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىدۇ. ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ كېلىشى فرانسىيىنى بىز تەرەپتە تۇرغۇزدى. بۇ قېتىمقى ئوپېراتسىيە فرانكونىڭ تەھدىتىگە ئۇچرايدۇ. نېمىسلار بەلكىم فرانسۇزلارغا: «فلوتۇڭلار بىلەن تۇلون (پورت شەھىرى) نى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار» دېيىشى مۇمكىن. بۇ ۋىش بىلەن گىتلېر ئوتتۇرىسىدا يېڭىۋاشتىن قارشىلىقنى قوزغايدۇ.

ستالىن باش ۋەزىرنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ناھايىتى قىزىقىش

بىلەن ئاڭلىدى، ئاندىن بىر نەرسىنى سەل چۈشەنگەندەك تەلەپپۇزدا:

— جانابلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشى بويىچە، «مەشئەل» ئوپېراتسىيىسىنى قانات يايدۇرۇشتا مۇنداق 4 ئاساسلىق سەۋەب بار: بىرىنچى، ئۇ روممېلنىڭ كەينى تەرىپىدىن زەربە بېرەلەيدۇ؛ ئىككىنچى، ئىسپانىيىگە تەھدىت سالالايدۇ؛ ئۈچىنچى، فرانسىيىدىكىلەر بىلەن گېرمانلارنى فرانسىيىدە بىر-بىرىگە قارشى ئۇرۇشقا سېلىپ قويىدۇ؛ تۆتىنچى، كۆرگۈلۈكنى ھەممىدىن ئاۋۋال ئىتالىيىگە كۆرسىتىپ قويىدۇ، — دېدى.

باش ۋەزىر ستالىننىڭ بۇ گەپلىرىنى ئىنتايىن قوللىدى ۋە يەنە بەشىنچى سەۋەبىمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ مۇساپىسىنى قىسقارتىدۇ، دېدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ فرانسىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدا قۇرۇقلۇققا چىقىش پىلانىنى كېچىكتۈرگەنلىكىگە نارازى بولسىمۇ، لېكىن بۇ چاغدىكى سۆھبەت كەيپىياتىدا خېلى ياخشىلىنىش پەيدا بولدى.

— بىز كاسپىي دېڭىزى ۋە كاۋكاز تاغ تىزمىلىرىنى قوغداش ھەمدە بۇ ئۇرۇش مەيدانىدا ئادەتتىكى جەڭلەرنى قىلىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلەشمە ھاۋا ئارمىيىسىنى روسىيە ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە يۆتكىمەكچى بولۇۋاتىمىز، — دېدى چېرچىل، — ئەگەر مارشال ستالىن بۇ پىكىرگە قوشۇلىدىغان بولسا، بىز كونكرېت ئۇسۇل-چارىلەر تۈزۈپ چىقىمىز.

ستالىن بۇ ياردەمگە ئۆزلىرىنىڭ ئىنتايىن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى ۋە كونكرېت ئورۇن قاتارلىق مەسىلىلەردە يەنە داۋاملىق مۇزاكىرە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، دېدى. چېرچىل بۇ تەكلىپكە بەكلا قىزىقىپ قالدى. ئۇ، بۇ

پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئەنگلىيە-ئامېرىكا هاۋا ئارمىيىسى بىلەن گېرمانىيە هاۋا ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ شىددەتلىك جەڭنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ هاۋا جەڭلىرى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ تېخىمۇ پايدىلىق شەرت ئاستىدا هاۋادا هۆكۈمرانلىق قىلىش هوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشىگە يارىدەم بېرىدۇ، شۇنداقلا كالائىس بوغۇزىدا بىرەر ئاۋارىگەرچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ، دەپ قارايتتى.

يىغىن تۆت سائەت داۋام قىلدى. يېرىم كېچە، چېرچىل يېرىم سائەتتىن كېيىن دۆلەتلىك مېهمانخانا — 7-نومۇرلۇق داچىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ چارچاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن روهى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۇ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېت ۋە زۇڭتۇڭ روزۋېلتقا يوللىنىدىغان تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنىنى ئاغزاكىي بايان قىلدى. ئۇ بۇ چاغدا «مۇزلارنىڭ يېرىلىپ، ئادەمگەرچىلىك ئاساسىدىكى ئۇچرىشىشنىڭ ئورنىتىلغانلىقى» نى هېس قىلدى، ئاندىن تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپ ئۆزۈنغىچە ئويغانمىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە چېرچىل ناهايىتى ۋاقچە ئويغاندى. بۇ 13-ئاۋغۇست (پەيشەنبە) كۈنى ئىدى. چېرچىل ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ كۈن «برۇننىگ خاتىرە كۈنى» ئىدى. 1704-يىل 13-ئاۋغۇست ئەنگلىيە، گېرمانىيە، گوللاندىيە ۋە دانىيىنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى گېرمانىيىنىڭ جەنۇبىدىكى باۋارىيىنىڭ برۇننىگ يېزىسىدا فرانسىيە بىلەن باۋارىيە ئارمىيىسىنى يەڭگەنىدى. ئەنگلىيە-گېرمانىيە ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان قوماندانلارنىڭ بىرى — چېرچىلنىڭ مەرهۇم ئاتىسى جون چېرچىل (مالبورونىڭ بىرىنچى ئەۋلاد كىنەزى) ئىدى. ۋىنستون چېرچىل بۇ كۈننى، چېرچىل جەمەتىنىڭ ئەڭ شان-شەرەپلىك كۈنى، دەپ قارايتتى.

شۇ كۈنى چۈشتە چېرچىل ئۆزلىرىنىڭ پىلانىدىكى هەر

خىل ھەربىي ھەرىكەتلەرنىڭ خاراكتېرىنى تېخىمۇ ئېنىق ۋە ئومۇمىيۈزلۈك چۈشەندۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كرېمل سارىيىغا بېرىپ مولوتوف بىلەن كۆرۈشتى. ئەنگلىيە باش ۋەزىرى:

— ئەگەر بىز «ئەجەللىك زەربە بېرىش» پىلانىدىن ۋاز كېچىش توپەيلىدىن ئەيىبلىنىشكە ئۇچرايدىغان بولساق، بۇ ھەربىي ھەرىكەتكە قارشى چىقىشنىڭ سەۋەبىنى ئوچۇق-ئاشكارا كۆرسەتمەي بولمايدۇ، بۇنداق قىلساق، ئورتاق ئىشلىرىمىزغا ناھايىتى چوڭ خەۋپ تۇغۇلىدۇ، — دەپ كۆرسەتتى. ئارقىدىنلا «مەشئەل» پىلانىنىڭ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشەندۈردى.

مولوتوف سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ، بىرەر كەسكىن قارشى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويمىدى. بۇ قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىلەن سۆھبەتلىشىشكە كەلگەن چېرچىلنىڭ ھەمراھلىرىدىن خاررىماننى ھېسابقا ئالمىغاندا، كادوكان، بروئوك ۋە ۋاۋېل قاتارلىقلار ئىدى، ئۇلار تېھراندىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ موسكۋاغا سالامەت يېتىپ كەلگەنىدى.

چېرچىل «سىپايە ئەمما سوزلۇك» بۇ دىپلوماتنىڭ ئىشخانىسىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— بىز يېقىن جايدىن كەلمىدۇق، ئەگەر ستالىن بىزگە قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولسا، چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىدۇ، — دېدى.

مولوتوف بۇ گەپتىن تونجى بولۇپ مۇئامىلىسىنى سەل يۇمشاتتى ۋە:

— ستالىن ناھايىتى ئاقىلانە ئادەم. سىز شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، ئۇ مەيلى قانچىلىك مۇنازىرىلەشسۇن، ھەممىنى ئەپۇ قىلىۋېتەلەيدۇ. مەن سۆزلىرىڭىزنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ

قويمەن، — دېدى.

كەچ سائەت 11 دە، چېرچىل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تەكلىپ بويىچە كرېمل سارىيىغا كېلىپ ستالىن بىلەن 2-قېتىملىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ستالىن چېرچىلغا بىر پارچە ھۆججەت بەردى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي قوماندانىنىڭ 13-ئاۋغۇست ئىمزا قويۇپ تارقاتقان «نوتا» ئىدى، ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«بۇ يىل 12-ئاۋغۇست موسكۋادىكى پىكىر ئالماشتۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدىن، ئەنگلىيە باش ۋەزىرى چېرچىل ئەپەندىنىڭ 1942-يىلى ياۋروپادا 2-ئۇرۇش مەيدانىنى تەشكىللىمەيدىغانلىقىنى بىلدىم. ھەممىگە مەلۇم، 1942-يىلى ياۋروپادا 2-ئۇرۇش مەيدانىنى تەشكىللەش مەسىلىسى مولوتوف لوندوندا بىر نەچچە كۈن زىيارەتتە بولغان مەزگىللەردى قارار قىلىنغان، بۇلتۇر 12-ئىيۇن ئېلان قىلىنغان ۋە ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئۆتكەن، ئەنگلىيە - سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخباراتىدا بۇ قارار قەيت قىلىنغانىدى. بىز 2-ئۇرۇش مەيدانىنى تەشكىللەشتىكى مەقسەت، شەرقىي سەپتىكى گېرمانىيە ئارمىيىسىنى غەربىي سەپكە چېكىندۈرۈش ھەمدە غەربىي ياۋروپادا گېرمانىيە فاشىست ئارمىيىسىگە قارشى بازا قۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق 1942-يىلى سوۋېت-گېرمان ئۇرۇش سېپىدە سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ دۇچ كېلىدىغان ئېغىر ۋەزىيىتىنى پەسەيتىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. شۇنى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 1942-يىلى ياۋروپادا 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىشتىن باش تارتىشى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى پۈتكۈل جامائەتچىلىكنىڭ (جامائەتچىلىك ئۈمىدىنى 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىشقا باغلىغانىدى) قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرايدۇ، ئۇرۇش مەيدانىدىكى قىزىل ئارمىيىنىڭ دۇچ كېلىدىغان ۋەزىيىتىنى

مۇرەككەپلەشتۇرۇۋېتىدۇ. ھەمدە سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق پىلانىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. 1942-يىلى 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئاچماسلىقنىڭ قىزىل ئارمىيىگە كەلتۈرىدىغان قىيىنچىلىقى ئۈستىدە توختالمىغان ھالەتتىمۇ، شۈبھىسىزكى، بۇ ئەنگلىيە ۋە باشقا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ۋەزىيىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. مەن ۋە خىزمەتداشلىرىمنىڭ قارىشىچە، 1942-يىلى ياۋروپادا 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىشنىڭ ئەڭ پايدىلىق شەرتلىرى مەۋجۇت، چۈنكى پۈتكۈل گېرمانىيە ئارمىيىسى، شۇنىڭدەك ئەڭ خىللانغان گېرمانىيە ئارمىيىسى شەرقىي ئۇرۇش مەيدانىغا يۆتكەپ بولۇندى، غەربىي ياۋروپادا قېپقالغان گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ سانى ئاز، جەڭگىۋارلىقىمۇ يۇقىرى ئەمەس. 1943-يىلى 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىشنىڭ شەرتلىرى 1942-يىلىنىڭكىگە ئوخشاش پايدىلىق بولامدۇ، يوق، بۇنىڭغا بىر نېمە دېيىش قىيىن.

شۇڭا، بىز ياۋروپادا 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىش، بولۇپمۇ 1942-يىلى ئېچىش تامامەن مۇمكىن، بەلكى ئۈنۈملۈك بولىدۇ، دەپ قارايمىز. مەن بۇ ئىشتا ئەنگلىيە باش ۋەزىرى ئەپەندىنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇندۇم، ئەپسۇس ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى، يەنە كېلىپ، ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ۋەكىلى خاررىمان ئەپەندى موسكۋا سۆھبىتىدە پۈتۈنلەي باش ۋەزىر ئەپەندىنى قوللىدى.»

تەرجىمان بۇ ھۆججەتنى خەتمۇ خەت تەرجىمە قىلىپ بېرىۋاتقاندا، چېرچىل يازما جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئارقىدىنلا ئىككى تەرەپنىڭ بەس-مۇنازىرىسى ئىككى سائەتكە يېقىن داۋام قىلدى. ستالىن قارشى تەرەپنىڭ «ئەجەللىك زەربە بېرىش» توغرىسىدىكى ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئەيىبلىدى. ئۇلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىشكە ۋەدە قىلغان ھەربىي لاۋازىمات بۇيۇملىرىنى ئەكىلىپ بەرمىدى، ئۇزىنىڭ

ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئېشىپ قالغان ئازراق ماددىي ئەشيالارنىلا ئەكىلىپ بەردى، دېدى. ئېنىقكى، ئۇ ئامېرىكىلىقلار ئاڭلىسۇن دەپ قورسىقىدىكى نارازىلىقىنى ئېيتىۋالدى. ستالىن قاتتىق سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئەمما چىرايىدىن غەزەپلىنىش ئىپادىلىرى كۆرۈنمەيدى، ھەتتا ھاياجانلانمىپمۇ كەتمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پىكرىنى قايتا-قايتا چۈشەندۈرۈپ ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا سىبرىبۇرگ يېرىم ئارىلىدا ئالتە ياكى سەككىز دىۋىزىيىسىنى قۇرۇقلۇققا چىقىرالايدۇ، چۈنكى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ھاۋادا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالدى، دېدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، مۇبادا ئەنگلىيە ئارمىيىسى سوۋېت ئارمىيىسىگە ئوخشاش گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان بولسا، نېمىسلاردىن بۇنچىلىك قورقۇپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. سوۋېت ئارمىيىسى، ئەمەلىيەتتە يەنە ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسىمۇ بار ئىدى، شۇڭا گېرمانىيە ئارمىيىسىنى تارمار قىلىش مۇمكىن ئىدى. مۇبادا، ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى بىرلا ۋاقىتتا ئۇرۇش قىلسا، ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىمۇ ئوخشاشلا غەلىبىگە ئېرىشەتتى.

ستالىن خېلى گەپلەرنى قىلدى، چېرچىل ئاخىر چىدىيالماي:

— ياخشى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ئۈچۈن يىراق جايدىن كەلدىم. بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن روسىيىگە ياردەم بەردۇق، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە داۋاملىق ياردەم بېرىمىز. بىز پۈتۈنلەي ئۆزىمىز يالغۇز ھالدا گېرمانىيە ۋە ئىتالىيىگە قارشى بىر يىل ئۇرۇش قىلدۇق. ھازىر ئۈچ دۆلەت ئىتتىپاق تۈزدى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بولۇنۇش، قارشىلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلمىسىلا، چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ، — دېدى.

ستالىن يىغىنىنىڭ جىددىي كەيپىياتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن،

تەرجىمان چېرچىلنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلغۇچە:

— مەن باش ۋەزىر ئەپەندىنىڭ سۆزلىگەن چاغدىكــــى ئاۋازىنى ئاڭلاشنى بەك ياخشى كۆرىمەن، — دەپ چاقچاق قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سۆھبەت نورمال كەيپــــياتتا داۋام قىلدى. ئاخىرىدا چېرچىل كاۋكازنىڭ ۋەزىيىتى ئۈستىــــدە توختىلىپ:

— سوۋېت تەرەپ كاۋكاز تاغ تىزمىلىرىنى قوغداپ قېلىشتا قانچىلىك ئەسكىرىي كۈچ ئىشلەتمەكچى؟ — دەپ سورىدى.

ستالىن باشقىلارغا بىر ستېرېئولۇق مودېلنى ئەكەلدۈردى ۋە سەممىي تەلەپپۇزدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ:

— ھازىر 25 دىۋىزىيىلىك ئەسكىرىي كۈچ ھەر قايسى ئېغىزلارنى قاتتىق ساقلاۋاتىدۇ، يەنە ئىككى ئايدىن كېيىــن قېلىن قار تاغلارنى قاپلاپ كېتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ بۇ جايلارنى ساقلاپ قالالايدىغانلىقىغــا، بەلكى ئاخىرقى غەلىبىنى چوقۇم قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل، — دېدى.

ئەتىسى، يەنى 14-ئاۋغۇست چۈشتىن بۇرۇن چېرچىــل ھاردۇقنى چىقىرۇدەك ئارام ئالدى، ئاندىن ئەنگلىيە باش شتاب باشلىقى بروئوك ۋە دائىمىي ئىشلار دىپلوماتىـــيە ۋەزىرى كادوكانلارنىڭ ياردىمى بىلەن ستالىنىنىـــڭ «نوتا» سىـــغا تۆۋەندىكىدەك جاۋاب تەييارلىدى:

«1942-يىلى، ئەڭ ياخشى 2-ئۇرۇش مەيدانـــى ھەمدە ئاتلانتىك ئوكياندىن باشلانغان بىردىنبىر كەڭ كۆلەملىـــك ئوپېراتسىيە بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بولغــان ئوپېراتسىيە، ‹مەشئەل› ئۇرۇش قىلىش پىلانىــدۇر. ئەگەر بۇ پىـــلان ئۆكتەبىردە يولغا قويۇلىدىغان بولسا، ھەرقانداق باشقا پىلانغا

قارىغاندا روسىيىگە تېخىمۇ كۆپ ياردىمى تېگىدۇ. ئۇ 1943-يىلىدىكى ئوپېراتسىيە ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بېرىدۇ، شۇنىڭدەك مارشال ستالىن 12-ئاۋغۇستتىكى سۆھبەتتە ئوتتۇرىغا قويغاندىكىدەك تۆت چوڭ ئارتۇقچىلىققا ئىگە. ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەتئىي بەل باغلىدى ھەمدە ئەڭ تېز سۈرئەت بىلەن بارلىق تەييارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەۋاتىدۇ. . . ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يىل ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ فرانسىيە دېڭىز بويلىرىدا قۇرۇقلۇققا چىقىشى توغرىسىدىكى خىلمۇ خىل گەپ-سۆزلەر دۈشمەندە خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىپ قويىدى، شۇڭا دۈشمەن تەرەپ ئەنگلىيە بوغۇزىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدىغان فرانسىيە قىرغاقلىرىدا زور تۈركۈمدىكى ھاۋا ئارمىيىسى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى تۇرغۇزدى. . . 《ئەجەللىك زەربە بېرىش》 پىلانى ئارقىلىق 《مەشئەل》 پىلانىنى مۇھاپىزەت قىلىش، شۇنداقلا 《مەشئەل》 پىلانى باشلانغاندا بۇنى 2-ئۇرۇش مەيدانى ئېچىلدى، دەپ ئېلان قىلىۋېتىش ئەڭ ياخشى ئۇسۇل. مانا بۇ بىزنىڭ قوللانماقچى بولۇۋاتقان ھەرىكىتىمىز.»

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، چېرچىل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كرېمل سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن رەسمىي زىياپەتكە قاتناشتى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر نەچچە قوماندانلىرى، سىياسىي بيۇرو ئەزالىرى ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارمۇ قاتناشتى. ستالىن بىلەن مولوتوف مېھمانلارنى سەممىي ۋە دوستانە كەيپىياتتا كۈتۈۋالدى، زىياپەت ئۇزۇن داۋام قىلدى، قەدەھ ئۇرۇشتۇرۇشلار، قىسقا تەبرىك سۆزلىرى ئۈزۈلمىدى، زىياپەت باشتىن-ئاخىر دوستانە، قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئۆتتى.

زىياپەتتە تەرجىمان پاۋلوف قارشى تەرەپنىڭ سۆزلىرىنى ستالىنغا تەرجىمە قىلىپ بەردى، ستالىن چېرچىل بىلەن

ناھايىتى خۇشال، ئەركىن-ئازادە، ئوچۇق-يورۇق پاراڭلاشتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەيپىيات سۆھبەتتىكىدەك ئۇنچىلىك جىددىي تۇس ئالمىدى.

— بىر قانچە يىل ئىلگىرى گېئورگىي بېرنارد شاۋ ئەپەندى بىلەن ئاستېر خانىم زىيارەتكە كەلگەنىدى، — دېدى ستالىن، — ئاستېر خانىم ماڭا راۋۇخ گېئورگىي ئەپەندىنى موسكۋاغا زىيارەتكە تەكلىپ قىلىسىڭىز، دېدى. مەن، بىز نېمىشقا ئۇنى تەكلىپ قىلىدىكەنمىز؟ ئۇ بىزنىڭ ئىشىمىزغا دەخلى قىلغانلارنىڭ بېشى، دېدىم. ئاستېر خانىم دەرھاللا، بۇ ئىشەنچلىكگەپ ئەمەس، چېرچىل ئۇنى تۇيۇق يولغا باشلاپ قويغان، دەپ جاۋاب بەردى، مەن مەيلى نېمىلا دەيلى، راۋۇخ گېئورگىي ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرى، سولچىللارغا مەنسۇپ. ئۇ بۇ ئىشقا مەسئۇل بولۇشى كېرەك. بىز ھەقىقىي دۈشمەننى ياقتۇرمىزكى، ئەمما يالغان دوست بىلەن خۇشىمىز يوق، دېدىم. ئاستېر خانىم، ھەي، چېرچىل ئەمدى تۈگەشتى، دەۋەتتى. مەن دەرھال، مۇشۇنداق بولىدۇ دەپ جەزملەشتۈرەلمەيمەن. مۇبادا بېشىغا چوڭ بالا-قازا كەلسە، ئەنگلىيە خەلقى بەلكىم بۇ قېرى جەڭ تۇلپارىدىن ياردەم سورىشى مۇمكىن، دەپ جاۋاب بەردىم.

ستالىن سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە چېرچىل گەپ قىستۇرۇپ:

— ئاستېر خانىم ناھايىتى مەنىلىك سۆزلەپتۇ. مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئىشلارغا توسقۇنلۇق قىلغان ئەڭ پائالىيەتچان شەخس ھېسابلىنىمەن، مەن سىزنىڭ باشقىچە پىكىردە بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلمايمەن، — دېدى. چېرچىل ستالىننىڭ دوستانىلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، — جانابلىرى، مېنى ئەپۇ قىلدىڭىزمۇ؟

www.uyghurkitap.com

مارشال ستالىن دەرھال:

— بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى، ئۆتمۈش خۇداغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك، — دېدى.

ئەنگلىيە باش ۋەزىرى 16-ئاۋغۇست تاڭ سەھەردە موسكۋادىن ئايرىلدى. ئۇ يولغا چىقىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى كەچ سائەت 7 دە ستالىن بىلەن ئايرىم خوشلاشتى. ئىككى تەرەپ يەنە پايدىلىق ھەم مۇھىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى. چېرچىل ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا:

— سوۋېت ئارمىيىسى كاۋكاز تاغ تىزمىلىرىنىڭ تاغ ئېغىزىنى ساقلاپ قالالامدۇ؟ گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ كاسپىي دېڭىزىغا كىرىپ، باكو ئەتراپىدىكى بارلىق نېفىتلىكلەر ۋە مۇھىم نىشانلارنى تارتىۋېلىشىنى، ئاندىن تۈركىيە ياكى پېرسىيە ئارقىلىق جەنۇبقا ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ قالالامدۇ؟ — دەپ سورىدى. ستالىن خەرىتىنى ئېچىپ ئۆزىگە تولۇق ئىشەنگەن ھالدا:

— بىز ئۇلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ قالىمىز. ئۇلار كاۋكاز تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتەلمەيدۇ. تۈركىيە ئارمىيىسى تۈركىستاندا بىزگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىكەن، دېگەنگە ئوخشاش ئۇسەك سۆزلەر تارقىلىپ يۈرمەكتە. ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلىدىغان بولسا، مېنىڭمۇ ئۇلارغا تاقابىل تۇرغۇچىلىكىم بار، — دېدى.

— بۇنداق خەۋپ يۈز بەرمەيدۇ. تۈركىيىلىكلەرنىڭ مەقسىتى چەتتە قاراپ تۇرۇش، ھەرگىزمۇ ئەنگلىيە بىلەن زىددىيەتلىشىش ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ قېتىمقى سۆھبەت بىر سائەتتىن كۆپرەك داۋام قىلدى، سۆھبەت ئاياغلىشاي دېگەندە، باش ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلاشتى. بۇ چاغدا ستالىن ئىلگىرى ئىشلىتىپ باقمىغان ئىنتايىن سەممىي، دوستانە تەلەپپۇزدا:

— تاڭ سەھەردە يولغا چىقىسىز، نېمىشقا ئۆيۈمگە بېرىپ بىرەر رومكىدىن ئىچىشمەيمىز؟ — دېدى.

چېرچىل:

— مەن ئەزەلدىن مۇشۇنداق ئۇسۇل قوللىنىشنى ياخشى كۆرەتتىم، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ساھىبخانا مېھمانلارنى بىر مۇنچە كاردور ۋە ئايرىم خانىلاردىن باشلاپ كرېمل سارىيىنىڭ تىنچ، خىيابانلىق يولىغا چىقتى. ئۇلار يەنە بىر ئاز مېڭىپ ستالىنىنىڭ تۇرالغۇسىغا كەلدى.

ستالىن باش ۋەزىرنى باشلاپ ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئۆيلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى. بۇ ئۆيلەر چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس، ئاددىي ئەمما كۆركەم بولۇپ، تاماقخانا، ئىشخانا، ياتاق ئۆي ۋە چىرايلىق ياسالغان يۇيۇنۇش ئۆيىدىن تەركىب تاپقانىدى. چېرچىل ھايال ئۆتمەي ياشىنىپ قالغان ئايال خوجىدارنى، ئاندىن چىرايلىق، قىزىل چاچلىق قىزنى كۆردى، قىز ئاجايىپ بىر ساداقەتمەنلىك بىلەن دادىسىنى سۆيۈپ قويدى. ستالىن چېرچىلغا: «قاراڭ، بىز بولشېۋىكلاردىمۇ ئائىلە تۇرمۇشى بار» دېمەكچى بولغاندەك كۆزىنى قىسىپ قويدى. ئاندىن ستالىنىنىڭ قىزى داستىخان راسلىدى، بىر ئازدىن كېيىن ئايال خوجىدار بىر نەچچە تەخسە قورۇما ئېلىپ چىقتى. بۇ چاغدا مارشال خىلمۇ خىل بوتۇلكا، كونسېرۋالارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئۇستەلنى تولدۇرۇۋەتتى. ئارقىدىنلا:

— بىز نېمىشقا مولوتوفنى تەكلىپ قىلمايمىز؟ ئۇ ئاخباراتتىن غەم قىلىۋاتىدۇ، بىز بۇ يەردە ئۇنى ياخشى تۇزسەك بولىدىغۇ. مولوتوفنىڭ ھاراققا پەيزى بار، — دېدى.

بىر ئازدىن كېيىن مولوتوف كەلدى. مېھمان بىلەن ساھىبخانا، ئىككى تەرجىمان، جەمئىي بەش ئادەم چۆرىدەپ ئولتۇردى. ئۇلار ناھايىتى سەمىمىي پاراڭلاشتى. چېرچىل

ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز تاماق ئۈستىلىدە كەچ سائەت 8 يېرىمدىن ئەتىسى تاڭ سەھەر 2 يېرىمگىچە ئولتۇردۇق، تاماقتىن ئىلگىرىكى كۆرۈشۈشلەرنى قوشقاندا 7 سائەتتىن ئېشىپ كەتتى. بۇ زىياپەتنى ساھىبخانىنىڭ خۇشى كېلىپ تەييارلىغانىدى. قورۇملار كەينى-كەينىدىن كەلتۈرۈلدى، ئالدىمىزدىكى لەززەتلىك قورۇملارنى تاللاپ ئالدىرىماي يېدۇق، بۇنداق تاماقلىنىش روسىيىنىڭ ئادىتى ئوخشايدۇ، بىز يەنە ھەر خىل ئېسىل ھاراقلارنىمۇ ئىچتۇق. مولوتوف ئىنتايىن سەمىمىيلىك كۆرسەتتى، ستالىن زىياپەتنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشى ئۈچۈن قەستەن مولوتوفغاچاقچاقچاق قىلدى.»

ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتتى، لېكىن مۇئاۋىن دىپلوماتىيە ۋەزىرى كادوگان تېخىچە ئاخباراتنىڭ دەسلەپكى ئورگىنالىنى ئەكېلىپ بەرمىدى. بۇ چاغدا چېرچىل مارشالدىن:

— ماڭا ئېيتىپ بېرىڭە، سىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ قېتىم ئۇرۇشتىكى جىددىي ئەھۋال كولخوز سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئوخشامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

بۇ گەپتىن ھاياجانلىنىپ كەتكەن ستالىن:

— ياق، ياق، كولخوز سىياسىتى بىر مەيدان قورقۇنچلۇق كۈرەش، — دېدى.

— مېنىڭچە، سىز چوقۇم بۇ ئىشنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلدىڭىز، چۈنكى سىز بىر قانچە مىليون ئاقسۆڭەك ياكى چوڭ پومېشچىكقا ئەمەس، بەلكى بىر قانچە مىليون ئاددىي كىشىلەرگە تاقابىل تۇرۇۋاتىسىز، — دېدى چېرچىل.

— بىر قانچە ئون مىليون دېگىنە، بۇ قورقۇنچلۇق. ئۇددا تۆت يىل ئېلىپ باردىم، — دېدى ستالىن قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — ئەگەر بىز دەۋرىي رەۋىشتە بولۇپ تۇرىدىغان ئاچارچىلىقتىن ساقلانماقچى بولساق، تراكتور بىلەن يەر تېرىشىمىز كېرەك، يەنى بۇ سىياسەتنى مۇتلەق ئىجرا

قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىز يېزا ئىگىلىكىمىزنى ماشىنىلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. بىز تراكتورنى يەككە دېھقانلارغا بېرىدىغان بۇلساق، بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا پۈتۈنلەي كاردىن چىقىرىپ تاشلايدۇ. راۋۇت قارىمىقىدىكى كولخوزلارلا تراكتورنى ئىشلىتەلەيدۇ. بىز دېھقانلارغا زېرىكمەستىن چۈشەندۈردۇق. ئۇلار بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلىشقانىنىڭ قىلچە پايدىسى يوق. سىز بىرەر دېھقانغا دېمەكچى بولغان گەپنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىسىڭىزمۇ، ئاخىر ئۇ ئۆيۈمگە بېرىپ ئويلىشىپ باقاي، دېگەن جاۋابنى بېرىدۇ. ئويلىشىپ قانداق جاۋاب بېرىدۇ دېمەمسىز، ئۇلار كولخوزنىمۇ كېرەك قىلمايدىغان، تراكتور بىلەن يەر تېرىشنىمۇ خالىمايدىغان بولۇپ چىقىدۇ. ئۇ چاغدىكى ئەھۋال ئىنتايىن ناچار، تولىمۇ قىيىن ئىدى، ئەمما بۇ سىياسەتنى ئىجرا قىلماي زادى بولمايتتى.

— نەتىجىسى قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى چېرچىل تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ.

— ناھايىتى ياخشى بولدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى دېھقانلار كولخوزغا قاتناشتى، — دېدى ستالىن، — كوللېكتىپلاشتۇرۇشنىڭ نەتىجىسى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىشىمىزنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى دانلىق زىرائەتلەرنىڭ سۈپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. ئىلگىرى قانداق خىلدىكى دانلىق زىرائەتلەر بولسا ئوخشاشلا تېرىلاتتى، ھازىر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سوۋېتنىڭ ئۆلچەملىك ئۇرۇقىدىن سىرت، باشقا ھەر قانداق ئۇرۇق تېرىلمايدىغان بولدى. ئەگەر بىرەرى بۇنىڭغا ئەمەل قىلمىسا، قاتتىق مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاشلىق جەھەتتىكى تەمىنلەش زور مىقداردا ئاشتى.

ئەتىگەن سائەت بىرلەر ئەتراپىدا كادوكان ئاخباراتىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى ئەكەلدى. چېرچىل ۋە مولوتوف

قاتارلىقلار ئۇنىڭ بەزى جايلىرىنى ئۆزگەرتىپ بېكىتىشكە تۇتۇندى. بۇ چاغدا ستالىن سۆھبەتتىن ۋاقتىنچە ئايرىلىپ چىقىپ، ياندىكى ئۆيدە ئالدىنقى سەپنىڭ ھەر قايسى ئۇرۇش مەيدانلىرىدىن كەلگەن دوكلاتلارنى كۆرۈۋاتاتتى. بۇ دوكلاتلار ئەتىگەن سائەت 2 دىن باشلاپ كەلگەنىدى. ئۇ، تەخمىنەن 20 مىنۇتلاردىن كېيىن يېنىپ چىقتى. بۇ چاغدا ئىككى تەرەپ ئاخباراتىنىڭ ئەسلى تېكىستىگە قارىتا ئوخشاش پىكىرگە كېلىپ بولغانىدى. ئاخىر چېرچىل سائەت 2 يېرىم بولغاندا ستالىنلار بىلەن خوشلاشتى، بىر كېچە-كۈندۈز ئۇدا 20 سائەت خىزمەت قىلغاچقا، بەكلا چارچىغان، يەنە كېلىپ بېشى قاتتىق ئاغرىپ كەتكەنىدى. ئۇ مولوتوفقا:

— ئەتىگەندە بىزنى ئۇزىتىپ قويماڭ، سىز بەك چارچاپ كەتتىڭىز، — دېدى.

ئەمما، دىپلوماتىيە مىنىستىرى چېرچىلغا ئەيىبلەش ھەم دوستانىلىك نەزىرى بىلەن تىكىلىپ قاراپ:

— سىز مېنى راستىنلا ئۇزىتىپ قويمايدۇ؟ دەپ ئويلامسىز؟ — دېدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى - ئەنگلىيە ئىككى دۆلەت سۆھبەت ئاخباراتىنىڭ ئېلان قىلىنىشى دۇنيادا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. بولۇپمۇ گىتلېر ئىنتايىن دىققەت قىلدى. ئاخباراتنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق كومىسسارىياتىنىڭ رەئىسى ئىئوسىف ۋىسسارىئونوۋىچ ستالىن بىلەن ئەنگلىيە باش ۋەزىرى ۋىنستون چېرچىل ئەپەندى موسكۋادا سۆھبەت ئۆتكۈزدى، ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ۋەكىلى خاررىمان ئەپەندىمۇ سۆھبەتكە قاتناشتى. سۆھبەتكە قاتناشقانلار ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن، دىپلوماتىيە خەلق كومىسسارى مولوتوف، مارشال ۋوروشىلوف، ئەنگلىيە تەرەپتىن، ئەنگلىيىنىڭ سوۋېت

ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى دىزاز كلاك كول، ئىمپېرىيە باش شتاب باشلىقى دىزاز بىروئوك ھەمدە ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ باشقا مەسئۇل ۋەكىللىرى ۋە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى دائىمىي ئىشلار ئىككىنچى ئەمەلدارى (مۇئاۋىن دىپلوماتىيە ۋەزىرى) دىزاز كادوكانلار بار.

سوۋېت گېنېرال كېرمانىيىسى ۋە ئۇنىڭ ياۋروپادىكى شېرىكلىرىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ بىر قانچە قارارلىرىنى چىقاردى. بۇ ھەققانىي ئازادلىق ئۇرۇشىغا ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى گېنېرالىسسىمۇس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرقانداق مۇستەبىتلىكنى ئۈزۈل-كېسىل يوقاتقۇچە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىشقا بەل باغلىدى. سوۋېت قىزغىن ۋە ئىنتايىن سەممىي كەيپىياتتا ئېلىپ بېرىلدى بۇ قېتىمقى سۆھبەت بىزنى — سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنى ئۆزلىرىنىڭ ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن يېقىن دوستانىلىك ئورنىتىش ھەم ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.»

چېرچىل چۈشتىن ئىلگىرى سائەت 5 يېرىمدا ئۇچتى، ئۇ چارچاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كەيپىياتى ئىنتايىن خۇشال ئىدى. ئۇ بۇ قېتىم موسكۋاغا قىلغان سەپىرىدىن ناھايىتى زور ئىلھام ئالدى، بولۇپمۇ مارشال ستالىننىڭ ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىشتىكى پولاتتەك مۇستەھكەم ئىرادىسى ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. بۇنىڭ تەسىرى بىلەن چېرچىل «مەشئەل» پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا كۈچ چىقارماقچى بولدى، ھەمدە «ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى خەلقلەرنىڭ ئاجايىپ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن بۇ پىلانى ئىلگىرى سۈرىدىغان» لىقىغا ئىشەنچ باغلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇزىنچى باب

## مالتا قەلئەسى

مالتا ئارىلى بىلەن ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالىي ئافرىقىنىڭ ئۇرۇش داۋامىدىكى بىر-بىرىنى شەرت قىلىشى 1942-يىلىدىكىدەك كۆرۈنەرلىك بولماس. بۇ بىر يىل داۋامىدا مەزكۇر ئارال باتۇرلۇق بىلەن قوغدىنىپ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ مىسىر ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى ئورنىنى ساقلاپ قېلىشتا ئۇزۇن مۇددەتكىچە كۈرەش قىلغان ئىستىھكامغا ئايلاندى.

مالتا ئارىلى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاتلانتىك ئوكياندىن ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىي تەرەپلىرىگە ۋە ھىندى ئوكيانغا بارىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى، شۇنداقلا مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن. مالتا بەش ئارالدىن تەشكىل تاپقان، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭى مالتا ئارىلى. بۇ يەرنىڭ دېڭىز بويلىرى ئەگرى-توقاي، ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىر كېلىدۇ. قولتۇقنىڭ سۈيى چوڭقۇر، يوشۇرۇنۇشقا ئەپلىك بولۇپ، كۆڭۈلدىكىدەك دېڭىز ئارمىيە بازىسى. ئارالنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 316 كۋادرات كىلومېتىر، ئاھالىسى 322 مىڭ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000-يىلى مالتانىڭ ئاھالىسى قەدىمكى فىنىكىيىلىكلەر ئىدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 218-يىلى رىملار ھۆكۈمرانلىق قىلغان. مىلادىنىڭ 870-يىلىدىن كېيىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئەرەبلەر،

نورمانلار ۋە ياۋروپا رىتسارلىرى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان. 1798-يىلى ناپولېئون ئارمىيىسى مالتاغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. 1800-يىلى ئەنگلىيە ئارمىيىسى بېسىۋالغان، 1814-يىلى رەسمىي ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ، بىر يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئەنگلىيىنىڭ مۇھىم دېڭىز ئارمىيە بازىسى بولۇپ كەلگەنىدى. 2- دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە «ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ئاچقۇچى» دەپ ئاتالغان مالتانى ئىككى تەرەپ كەسكىن تالاشقان.

ئوتتۇرا شەرق، شىمالىي ئافرىقىدىكى جاپالىق يەر ئۈستى جەڭلىرىنىڭ ھەربىر باسقۇچلىرىنىڭ يېڭىش-يېڭىلىشى، ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملارنىڭ دېڭىز ترانسپورت سۈرئىتىگە باغلىق ئىدى. بۇ ئىستىراتېگىيىلىك دېڭىز تارماق يولىدا ئىتالىيە ۋە گېرمانىيە ئارمىيىسى ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي ماتېرىياللىرىنى توشۇغان كېمىلىرىنى ئاسانلا ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن شۇنداقلا ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ غەربى بىلەن شەرقى ئارىسىدىكى ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىش ئۈچۈن مالتا ئارىلىنى ئىگىلىۋېلىشقا ئۇرۇنغان. بۇ ئىستراتېگىيىلىك دۆلەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇمىد تۇمشۇقىنى ئايلىنىپ ماڭىدىغان ئىككى - ئۈچ ئايلىق ئۇزۇن مۇساپىدە، دائىم دېگۈدەك سۇ ئاستى كېمىلىرىنىڭ تويۇقسىز زەربىسىگە ئۇچراش خەۋپى، يەنە كېلىپ كۆپلەپ ئالىي دەرىجىلىك پاراخوتلارنى ئىشلىتىش كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. دۈشمەن تەرەپ ئىتالىيىدىن ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان ئىككى - ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىدە مۇۋاپىق مىقداردا كىچىك تىپتىكى كېمىلەرنى ئىشلەتسىمۇ بولاتتى. لېكىن، مالتا ئارىلىدىكى قەلئە تىرىپولىغا بارىدىغان يولنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، خۇددى يىرتقۇچ يولۋاستەك ئۆتكەن پاراخوت-كېمىلەرنى تۇتۇۋالاتتى.

چېرچىل شىمالىي ئافرىقىدىكى جەڭلەردە مالتا قەلئەسىدىن پايدىلىنىپ دۈشمەنگە كۈچلۈك زەربە بەرگەنىدى. ئەنگلىيىنىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى، سۇ ئاستى كېمىلىرى ۋە پاراخوتلىرى مۇشۇ ھەربىي قەلئەدىن چىقىپ، گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ شىمالىي ئافرىقىغا ئەسكەر ۋە تەمىناتلارنى ئەكىلىۋاتقان كېمىلىرىگە تويۇقسىز زەربە بېرەتتى. 1941-يىل

ئاۋغۇستتا رومىلغا يەتكۈزۈلمەكچى بولغان تەمىنات ۋە ياردەم قىلغۇچى قوشۇنلارنىڭ تەخمىنەن 35% ى دېڭىزدا ئاستىغا غەرق بولۇپ كەتتى؛ ئۆكتەبىرگە كەلگەندە 63% كە يەتتى. 9-نويابىر كىئانو ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە ھەسرەت بىلەن مۇنداق يازدى:

«19-سېنتەبىردىن بېرى لىۋىيىگە ماددىي ئەشيالار ۋە خادىملىرىمىزنى توشۇش پىلانىمىزدىن ۋاز كەچتۇق، ھەر قېتىم بۇ ئىشقا ئۇرۇنساق ناھايىتى يۇقىرى بەدەل تۆلىدۇق. . . بۈگۈن كەچتە يەنە ئۇرۇنۇپ كۆرمەكچى. يەتتە كېمە يولغا چىقتى، ئۇلارنى ئىككى ئوكيان چارلاش پاراخوتى ۋە ئون قوغلىغۇچى كېمە مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭدى. . . بىزنىڭ كېمىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى — مەن ھەممىسىنى دەۋاتىمەن — چۆكتۈرۈۋېتىلدى. ئىنگلىزلار پاراخوتلىرىمىزنى دەپنە قىلىۋەتكەندىن كېيىن مالتادىكى پورتقا قايتىپ كەتتى.»

ئىمىسلارنىڭ مىسىرنى ئىشغال قىلىپ، ئافرىقىغا ھەقىقىي كېپىللىك قىلىشىدا مالتا ئارىلى مۇھىم ئاچقۇچ ئىدى. 1942-يىلى دۈشمەنلەر مالتا ئارىلىغا ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىپ ھەيۋە كۆرسەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئارالنىڭ ۋەزىيىتى خەۋپ ئىچىدە قالدى. نويابىردا رومىلنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمى ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقاندا، گىتلېر مارشال كاسسېرىنغا بىر قانچە ئايروپىلان ئوتتۇرا ئەترىتىنى كۆپەيتىپ، سىتسىلىيىدىكى بازىسىنىڭ ئىشلىتىشىگە بەردى. گېرمانىيە مالتا ئارىلىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك رولىنى يوقىتىۋېتىش نىيىتىگە كەلدى، ئەگەر ئىمكانىيەت يار بەرسە ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى فلوتىنى ۋەيران قىلىۋەتمەكچى بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ قارارى دەرھال ئۆز ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى. 1941-يىلىنىڭ ئاخىرى، ئەنگلىيە ئۈچ ئۇرۇش پاراخوتى، بىر ئاۋئاماتكا، ئىككى ئوكيان چارلاش پاراخوتى ھەمدە بىر قانچە

قوغلىغۇچى كېمە ۋە سۇ ئاستى كېمىسىنى زىيان تارتتى، قېپقالغان پاراخوت-كېمىلىرى ئاران دېگەندە مىسىردىكى بازىسىغا كېلىۋالدى. مالتا ئارىلى بىر نەچچە ھەپتە داۋامىدا كېچە-كۈندۈز دېگۈدەك 100 دىن ئوشۇق گېرمانىيە ئايروپىلانلىرىنىڭ شىددەتلىك بومباردىمانچىلىقىغا ئۇچرىدى. بۇ، ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ ترانسپورت ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى، شۇڭا يانۋاردا ئۇلارنىڭ بىرەر كېمىسىمۇ زىيانغا ئۇچرىمىدى، روممېلمۇ ئۆزىنى قايتىدىن ئوڭشاپ مىسىرغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى.

فېۋرال مەزگىللىرى، فلوت ئادمىرالى رادېر گىتلېرنى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدا ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرمەكچى بولدى. ئۇ 13-فېۋرال، يەنى گېرمانىيىنىڭ چوڭ ھەربىي پاراخوتى مالتا بوغۇزىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى، «فىئۇرېر» نىڭ ئۆزىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدى. دېمەك ئۇنىڭ ۋائىزلىق قىلىشى ئاخىر مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشكەنىدى. گىتلېر روممېلنىڭ نىل دەرياسىغا ھۇجۇم قىلىشتىكى «ئايىدا پىلانى» نى تەستىقلىدى، ئارقىدىنلا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ پاراشوتچى قىسىملار ئارقىلىق مالتانى ئىشغال قىلىدىغان «پالۋان پىلانى» نىمۇ تەستىقلىدى. گېرمانىيە شىمالىي ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا قول تىققان دەسلەپكى مەزگىللىرى، ئۆزلىرىنىڭ ئاجىز، ئىقتىدارسىز ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ مەغلۇبىيەتتىن ساقلىنىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، بىر خىل نوقۇل مۇداپىئە خاراكتېرلىك تەدبىرلەرنى قوللانغانىدى. ھازىر بولسا نۇقتىئىينەزىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا شەرقىدىكى كۈچلىرىنى بىتچىت قىلىۋەتمەكچى بولدى.

رادېر ئاسىيا ئەھۋالى شۇنىڭدەك ياپونىيە كۈچلىرىنىڭ

ھىندى ئوكيانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىك ئەھۋالى ئۈستىدە تەپسىلىي توختالدى. ئۇ سۆھبەت داۋامىدا: «سوۋېيىت بىلەن بەسىرە ئەنگلىيىنىڭ شەرقتىكى ئورنىنى تۇتۇپ تۇرغان ئەربىي قىسمىدىكى ئىككى تال تۈۋرۈك. ئەگەر ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى بىردەك ھەرىكەتلىنىپ بۇ تايانچ پونكىتلارنى تۈزلىۋېتىدىغان بولسا، ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىگە پاجىئەلىك ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ» دېدى. بۇ گەپ گىتلېرغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ ھازىرغا قەدەر ئىتالىيىلىكلەرگە ياردەم بېرىدىغان بۇنداق بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىككە ناھايىتى ئاز كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن، ئەمدى رېدېرنىڭ پۇتكۇل ئوتتۇرا شەرقنى بويسۇندۇرۇشتەك زور پىلانىغا قوشۇلدى. ئادمىرال رېدېر مالتا ئارىلى ئوتتۇرا شەرقنىڭ مۇھىم پونكىتى، شۇڭا دەرھال ترانسپورت كېمىلىرىنى تەييارلاپ ئارالغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىش كېرەك، دەپ قارايتتى.

ئۇ دوكلاتىدا مۇنداق يازىدۇ: «ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ پايدىلىق ۋەزىيىتى نۆۋەتتە شۇنچىلىك كۆرۈنەرلىك بولۇۋاتىدۇ. بەلكىم كەلگۈسىدە بۇنداق ئەھۋال قايتا كۆرۈلمەسلىكى مۇمكىن. بارلىق مەلۇماتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دۈشمەن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ھازىرقى ياردەم قىلغۇچى قوشۇنلىرىنى مىسىرغا داۋاملىق يۆتكەۋاتىدۇ. . . . شۇڭا مالتا ئارىلىنى بالدۇرراق ھۇجۇم قىلىپ ئېلىش بىر دەقىقىمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان ئىش. بۇنىڭدىن باشقا، سوۋېيىش قانىلىغا ھۇجۇم قىلىشنى 1942-يىلدىن كېچىكتۈرمەسلىك كېرەك.»

رادېر يەنە تەكىتلەپ بېرىپ: «ئەگەر ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى مالتا ئارىلىنى ئىگىلىمىسە، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى نۆۋەتتىكى دائىرە بويىچە ئارالغا داۋاملىق ھاۋا ھۇجۇمى قىلىشى كېرەك. مۇشۇنداق ھاۋا ھۇجۇمىغا تايىنىپلا

دۇشمەننىڭ ئارالدا ھۇجۇم قىلىشى بىلەن مۇداپىئە كۈچلىرىنى قايتىدىن تۈرغۇزۇشنى توسۇپ قالغىلى بولىدۇ» دېدى.

گىتلېر ۋە ئۇنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىلىرى دېڭىز ئارقىلىق قوشۇنلارنى يۆتكەپ ئارالغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ياقتۇرمايتتى. تېخى يېقىندىلا گىتلېر ئاخىر ئەنگلىيىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ «دېڭىز شىرى پىلانى» نى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ پىلان 1940-يىلىدىن ھازىرغا قەدەر كېچىكتۈرۈلدى. بىر يىل ئىلگىرى ئۇ قەدىرلەپ كېلىۋاتقان ھاۋا دېسانتلىرى قىسىملىرى كرىت ئارىلىدا يوقىتىلغان، بۇ كىشىنى روھسىزلاندۇرىدىغان بىر خىل ئامىل ئىدى. بىراق، بۇ قېتىم گىتلېر ۋە ئۇنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىلىرى مالتا ئارىلىنى بېسىۋېلىشقا بىردەك قوشۇلدى ھەمدە دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىسى بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ، مالتا ئارىلىنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلىماي، ھېچبولمىغاندا ئارالنىڭ مۇداپىئەسى ۋە خىلمۇ خىل پائالىيەتلىرىنى پالەچ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

ئەنگلىيە ئارمىيىسى دۇشمەننىڭ دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى نەتىجىسىدە چوڭ زىيان تارتتى. فېۋرال مەزگىللىرى، ئۈچ پاراخوتتىن تەشكىل تاپقان ترانسپورت كېمە ئەترىتى دۇشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھاۋا ھۇجۇمىدىن زىيانغا ئۇچرىدى. مارتتا ئادمىرال ۋياننىڭ بايرىقى ئېسىلغان «سۇدىكى ئىلاھە» ناملىق ئوكيان چارلاش پاراخوتى دۇشمەننىڭ سۇ ئاستى كېمىسى تەرىپىدىن چۆكتۈرۈۋېتىلدى. مايغا كەلگەندە مالتا ئارىلىدا قەھەتچىلىك خەۋپى يۈز بەردى.

چېرچىل بۇ قەلئەنى قوغداش ئۈچۈن، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانماي تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىشى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. 20-مارت تۆت

سودا كېمىسى ئالېكساندىر پورتىدىن يولغا چىقتى، يېنىك تىپتىكى تۆت ئوكيان چارلاش پاراخوتى بىلەن بىر كىچىك كېمە ئەترىتى مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭدى. بۇ چاغدا، ئادمىرال ۋىيان «كلېئوپاترا» ناملىق پاراخوتنىڭ قوماندانى ئىدى. 22-مارت دۈشمەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، ئىتالىيىنىڭ ئېغىر تىپتىكى ھەربىي پاراخوتىمۇ قىستاپ كەلدى. «ئۇلىلوس» ناملىق پاراخوت شىمال تەرەپتە تۆت ھەربىي پاراخوتنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئادمىرال ۋىيان دەرھال پاراخوتنىڭ بېشىنى دەرھال بۇراپ ھۇجۇمغا ئۆتتى، ترانسپورت كېمە ئەترىتى قويۇق تۇماننىڭ ھىمايىسى ئاستىدا غەربىي جەنۇبقا قاراپ يول ئالدى. ئەنگلىيە پاراخوتى دۈشمەن كۈچلۈك، يەنە كېلىپ گېرمانىيىنىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنىڭ شىددەتلىك بومباردىمان قىلىشىغا ئۇچرىغان ئەھۋال ئاستىدا بىر مەيدان باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى. ئاخىر دۈشمەننىڭ ئېغىر تىپتىكى ئىككى ئوكيان چارلاش پاراخوتى، يېنىك تىپتىكى بىر ئوكيان چارلاش پاراخوتى ۋە ئون قوغلىغۇچى كېمىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن بۇ كۈچلۈك چوڭ ھەربىي پاراخوتنى ئىنتايىن پەرىشان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. «كلېئوپاترا» ناملىق پاراخوت ۋە ئۈچ قوغلىغۇچى كېمە زەخىملەنگەن بولسىمۇ، لېكىن جەڭنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇردى.

25-مارت باش ۋەزىر چېرچىل شۇ قېتىمقى كەسكىن ۋە جەسۇرلۇق بىلەن قىلىنغان جەڭنى مۇكاپاتلىدى. ئۇ تېلېگراممىغا ئەۋەتىپ: «دېڭىز-ئوكياندا ئېغىر تىپتىكى ئىككى ئوكيان چارلاش پاراخوتى، يېنىك تىپتىكى بىر ئوكيان چارلاش پاراخوتى ۋە بىر فلوتىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئەڭ كۈچلۈك ۋە زامانىۋىلاشقان چوڭ ھەربىي پاراخوت، كۈپكۈندۈزدىلا ئەنگلىيىنىڭ يېنىك تىپتىكى ئوكيان چارلاش پاراخوتى ۋە

قوغلىغۇچى كېمىلىرىنىڭ تورپېدا ھەم زەمبىرەكلىرىنىڭ زەربىسىدىن ئېغىر زەخىملىنىپ قېچىپ كەتتى. بۇ ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى تارىخىدا ئەڭ پارلاق سەھىپە ئاچتى. شۇنداقلا بىرتانىيە مىللىتىنىڭ ئوپېراتسىيىگە قاتناشقان ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېر-جەڭچىلىرىگە، بولۇپمۇ قوماندانىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشكە ئەرزىيدىغان ئىش» دېدى.

بۇ ترانسپورت كېمە ئەترىتى 1-قېتىمدىن ئۆتكەلدىن بۆسۈپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن مالتا ئارىلىغا يېقىنلاپ كەلگەندە ستسىلىيە تەرەپتىن كېلىۋاتقان دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنىڭ يەنە شىددەتلىك زەربىسىگە ئۇچرىدى. «كرانكانبېر» ۋە «برېكون» ناملىق پاراخوتلار بارىدىغان مەنزىلىگە سەككىز ئىنگلىز مىلىسى ئارىلىق قالغاندا دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنىڭ كەينى-كەينىدىن بومباردىمان قىلىشىغا ئۇچراپ چۆكۈپ كەتتى. قالغان ئىككى پاراخوت ئاران دېگەندە پورتقا يېرىۋالدى. لېكىن ماللارنى چۈشۈرۈۋاتقاندا چۆكتۈرۈۋېتىلدى. تۆت پاراخوت توشۇپ كەلگەن 26 مىڭ توننا ماددىي ئەشيانىڭ ئاران 5000 تونىنىسى قىرغاققا چىقىرىلدى. مالتا ئارىلى كېيىنكى ئۈچ ئاي داۋامىدا ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمىدى. دۈشمەننىڭ داۋاملىق بومباردىمان قىلىشى تۈپەيلىدىن ئارالدىكى پرېستان ۋە پورتتا توختىتىپ قويۇلغان پاراخوتلار قاتتىق زىيانغا ئۇچرىدى. شۇنداق قىلىپ، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ پاراخوتلىرى مالتا ئارىلىنى بازا قىلىشقا ئامالسىز قېلىپ، ساق قالغان پاراخوتلارنىڭ ھەممىسى ئاپرېلنىڭ ئاخىرى پۈتۈنلەي چېكىندى.

ئەنگلىيە خان جەمەتى ھاۋا ئارمىيىسى بۇ ئارالدا داۋاملىق تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ۋە پۈتكۈل ئارالنىڭ ئامان قېلىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. ئۇلارنىڭ جەددىيچىلىك كېچە-كۈندۈز داۋام قىلىۋاتقان مۇشۇ مەزگىللىرى ئۇرۇشقا قاتنىشالايدىغان ئايروپىلانلىرىنىڭ سانى ناھايىتى ئازلاپ كەتتى. گارنىزون

ئۆزلىرىنىڭ ھالاك بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش مەقسىتىدە جەڭنى پۈتۈن كۈچى بىلەن داۋاملاشتۇردى ھەمدە مالتا ئارىلىنى يول ئۈستىدىكى بازا ئورنىدا پايدىلىنىپ، مىسىرغا ئۇچىدىغان ئايروپىلانلارنىڭ داۋاملىق ئۇچۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن كېپىللىك قىلىشقا تىرىشتى. بازىدىكى قوماندان - جەڭچىلەر كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان جاپالىق جەڭلەرنى قىلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ داۋاملىق بەرداشلىق بېرىشى قىيىنغا توختىدى. چېرچىل بۇ ئەھۋالدىن بەكمۇ ئەنسىرەپ قالدى. شۇڭا، 1-ئاپرېل رۇزۋېلتقا مۇراجىئەت قىلدى. ئۇ مالتا ئارىلى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى پۈتۈن ئۈمىدىنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشىنەتتى. چېرچىل تېلېگراممىسىدا مۇنداق دەپ يازدى:

«دۈشمەننىڭ مالتا ئارىلىغا قاراتقان ھاۋا ھۇجۇمى ئىنتايىن قاتتىق بولۇۋاتىدۇ. ھازىر دۈشمەن تەرەپنىڭ سىتسىلىيە ئارىلىدا تۇرۇۋاتقان سوقۇش ئايروپىلانى ۋە بومباردىمانچى ئايروپىلاندىن گېرمانىيىنىڭ تەخمىنەن 400 ى، ئىتالىيىنىڭ 200 ى بار. شۇ تاپتا مالتا ئارىلىنىڭ جەڭگە قاتنىشالايدىغان ئايروپىلانلىرىدىن ئاران 20 — 30ى قالدى. بىز «ئوت پۈركۈش» تىپىدىكى سوقۇش ئايروپىلانلىرى بىلەن داۋاملىق تۈردە مالتاغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. بۇ ئايروپىلانلار مالتا ئارىلىنىڭ غەربىدىن تەخمىنەن 600 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى «لاچىن» ناملىق ئاۋىئاماتكىدىن ئۇچۇپ چىقىدۇ. بىز تالاي قېتىم مۇشۇ ئۇسۇلدىن ئوڭۇشلۇق پايدىلىنىپ مالتا ئارىلىغا ياردەم بەرگەنىدۇق، ئەمما، «لاچىن» ناملىق ئاۋىئاماتكا يۈنىلىشىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلمىسىدىن چاتاق چىققاچقا، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت توختاپ قالدى. مىسىرنىڭ «ئوت پۈركۈش» تىپىدىكى ئايروپىلانى يوق. «ئارگۇس» ناملىق پاراخوت كىچىك، سۈرئىتىمۇ بەك ئاستا، لېكىن بۇ پاراخوت

«ئوت پۇركۈش» تىپىدىكى ئايروپىلانلار ئۇچىدىغان ئاۋىئاماتكىغا سوقۇش ئايروپىلانلىرىنى تەييارلاپ بېرىش ئارقىلىق، بۇ سوقۇش ئايروپىلانلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە قوغداپ ئاپىرىپ قويۇش رولىنى ئۆتەيدۇ. بىز يەنە «غالىبىيەت» ناملىق پاراخوتنى ئىشقا سېلىشىمىز مۇمكىن، ئەمما قاملاشمىغان يېرى شۇكى، بۇ پاراخوتلارنىڭ كرانى بەك كىچىك بولۇپ، «ئوت پۇركۈش» تىپىدىكى ئايروپىلاننى كۆتۈرۈپ ئالالمايدۇ، شۇڭا توپتوغرا بىر ئايغىچە مالتا ئارىلىغا «ئوت پۇركۈش» تىپىدىكى ئايروپىلان ياردەم قىلالمايمىز.

دۈشمەن زور تۈركۈمدە كۈچ توپلاپ مالتا ئارىلىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار بەلكىم بىزنىڭ بۇ ئارالدىكى ھاۋادىن مۇداپىئە كۆرۈش كۈچلىرىمىزنى بالدۇرراق يوقىتىپ، لىۋىيىگە ياردەم بېرىش ياكى ئۆزلىرىنىڭ روسىيىگە قاراتقان ھۇجۇمىنى كۈچەيتىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولسا كېرەك. بۇ، مالتا ئارىلىنىڭ مەيلى قانداقلا بولسۇن، برونېۋىك قىسىملىرىنىڭ روممېلغا ياردەم بېرىشىنى توسۇپ قالالمايدىغانلىقىدىن، شۇنداقلا بىزنىڭ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىش نىيىتىمىزنىڭ يوققا چىققانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.»

روزۋېلت باش ۋەزىرنىڭ ياردەم سوراپ ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىنى كۆرۈپ دەرھال «سېرىق ھەرە» ناملىق ئاۋىئاماتكىنىڭ دەرھال يولغا چىقىپ 126 ئايروپىلاننى مالتا ئارىلىدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىگە يەتكۈزۈپ بېرىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئارالنىڭ ھاۋادىن مۇداپىئە كۆرۈش كۈچلىرىنى كۈچەيتىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېرچىلمۇ يەنە بىر قېتىم ئارالنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەتنى باشلىۋەتتى.

بۇ قېتىم ترانسپورت كېمە ئەترىتى بىرلا ۋاقىتتا شەرق ۋە غەرب تەرەپتىن يولغا چىقماقچى بولدى. 11-ئىيۇن كېچىسى

ئالته ترانسپورت كېمىسى هاۋادىن مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەلىرىگە ئىگە «قاهىرە» ناملىق ئوكيان چارلاش پاراخوتى ۋە توققۇز قوغلىغۇچى كېمىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا غەرب تەرەپتىن ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا كىردى. ئادمىرال كۇرتنىڭ قوماندانلىقىدىكى «مالايا» ناملىق چوڭ ھەربىي پاراخوت، «لاچىن» ناملىق ئاۋئاماتكا ۋە «ئارگۇس» ناملىق پاراخوت، شۇنىڭدەك سەككىز قوغلىغۇچى كېمە ياردەم بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. 14-ئىيۇن ساردېگنا ئارىلى ئەتراپىغا كەلگەندە دۈشمەننىڭ شىددەتلىك ھاۋا ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، بىر سودا كېمىسى چۆكۈپ كەتتى. «لىۋېرپول» ناملىق پاراخوت زەخىملىنىپ مېڭىشقا ئامالسىز قالدى. ئەتىسى ئەتىگەندە، ترانسپورت كېمە ئەترىتى پانتارىئوليا ئارىلىنىڭ جەنۇبىغا يېقىنلاپ كەلگەندە، ئىتالىيىنىڭ ئىككى ئوكيان چارلاش پاراخوتى بىر مۇنچە قوغلىغۇچى كېمە ۋە ئايروپىلانلارنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە «بىروين» ناملىق قوغلىغۇچى كېمە چۆكۈپ كەتتى، يەنە بىر قوغلىغۇچى كېمە ئېغىر زەخىملەندى، ئۈچ سودا كېمىسى پاچاقلاپ تاشلاندى، ئاخىر ئىككى كېمىلا شۇ كۈنى كەچتە مالتا ئارىلىغا يېتىپ كەلدى.

11 كېمىدىن تەركىب تاپقان شەرق تەرەپتىكى ترانسپورت كېمە ئەترىتىنىڭ تەقدىرى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولدى. ئادمىرال ۋيان يەنە قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، بۇ قېتىم ئۇ مارتتا دۈشمەن پاراخوتىنى قوغلىۋەتكەن چاغدىكىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك ئوكيان چارلاش پاراخوتى ۋە قوغلىغۇچى كېمىلەرنىڭ ھىمايىسى ئاستىدىكى كۈچلەرنى يۆتكەپ ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. لېكىن، ئۇ چوڭ ھەربىي پاراخوت ۋە ئاۋئاماتكىنىڭ ياردىمىگە ئىگە ئەمەس ئىدى، يەنە كېلىپ ئىتالىيە فلوتى ئاساسلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ھۇجۇم قىلىشى

مۇمكىن ئىدى. ترانسپورت كېمە ئەترىتى 11ـئىيۇن يولغا چىقىپ 14ـئىيۇن كۈنى كرىت ئارىلىنىڭ جەنۇبىغا كەلگەندە، هاۋادىن تۇيۇقسىز شىددەتلىك هۇجۇمغا ۋە دۇشمەن پاراخوتىنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى. ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ بىر ئوكيان چارلاش پاراخوتى، ئۈچ قوغلىغۇچى كېمە ۋە ئىككى سودا كېمىسى چۆكتۈرۈۋېتىلدى، بۇ ئەنگلىيە خان جەمەتى هاۋا ئارمىيىسى ئۈچۈنمۇ چوڭ زىيان بولدى. دۇشمەن تەرەپ دېڭىز يوللىرىنى قاتتىق قامال قىلغانلىقتىن، ترانسپورت كېمە ئەترىتى ۋە باشقا مۇھاپىزەت قىلغۇچى كېمىلەر ئىلاجسىز مىسىرغا قايتتى. شۇڭا، چېرچىل ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ 17 تەمىنات كېمىسىدىن ئاران ئىككىسى مالتا ئارىلىغا بارالىدى، ئەمما ئارال يەنىلا خەۋپ ئىچىدە قېلىۋەردى.

گېرمانىيە ئارخىپلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، دۇشمەننىڭ نەزىرىدە مالتا ئارىلىنىڭ ئافرىقا قوشۇنلىرىدىكى جەڭنىڭ تەقدىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەكمۇ يېقىن ئىدى. پەقەت مالتا ئارىلىدىكى هاۋا ئارمىيىسى بىلەن كىچىك تىپتىكى فلوتىلا دۇشمەننىڭ قاتناش لىنىيىلىرىگە تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا زور دەرىجىدە خەۋپ يەتكۈزەلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى مالتا ئارىلىنى قولدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان تەنھا ئارالغا ئايلاندۇرۇۋېتىش ياكى ئۇنى بېسىۋېلىش ئىدى. گېرمانىيە بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن هاۋا ئارمىيىسىنى داۋاملىق تۈردە سىتسىلىيە ئارىلىغا توپلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، روممېل پۈتۈن كۈچى بىلەن ئورۇش قىلغان چاغدا ترىپولىدا تۇرۇشلۇق پۈتكۈل هاۋا ئارمىيىسىنىڭ ياردەم قىلىشىغا موهتاج ئىدى. لېكىن، مالتا ئارىلىغا بولغان تۇيۇقسىز هۇجۇم بوشاپ قالىدىغان بولسا، بۇ قەلئە تېز سۈرئەتتە ئۆزىنىڭ زەربە بېرىش كۈچىنى ئەسلىگە

كەلتۈرۈۋالاتتى، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق دۈشمەنىنىڭ ترانسپورت كېمە ئەترىتىگە قاتتىق زەربە بېرىشى مۇمكىن ئىدى. دۈشمەنىنىڭ مالتا ئارىلىنى بېسىۋېلىشتىن سىرت، ئۆز ۋۇنغىچە ئۇنۇم بېرىدىغان ھەل قىلىش ئۇسۇلى يوق ئىدى. روممېل بېنزىن ۋە ياردەم قىلغۇچى قوشۇنغا، بولۇپمۇ بېنزىنغا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى. دۈشمەن مارت ۋە ئاپرېلدا ئۆزىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى مالتا ئارىلىغا قارىتىپ، كېچە-كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي شىددەتلىك بومباردىمان قىلغان. ئاخىر ئارالدىكى گارنىزون ھالىدىن كېتىپ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپلا قالغانىدى.

ئاپرېلنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى كاسسېرىن شىمالىي ئافرىقا ئالدىنقى سېپىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، مۇسسولىن ۋە گېنېرال كاباللېرو بىلەن كۆرۈشتى. كاسسېرىن مالتا ئارىلىغا بولغان ھاۋا ھۇجۇمى، بۇ ئارالنىڭ كەلگۈسىدە خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بازىسى بولۇشتەك رولىنى يوقاتقىلى ھەمدە ئۇنىڭ ھاۋادىن سالىدىغان تەھدىتىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇ مۇسسولىنىغا دوكلات قىلىپ: «روممېل ئىيۇلدا ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلاۋاتىدۇ، بۇنىڭدىكى مەقسەت ئەنگلىيىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى بىتچىت قىلىۋېتىش ھەمدە توبرۇكنى تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە، مالتا ئارىلى رول ئوينىيالمايدۇ، بەلكى نورمىدىن سىرت ئۈزۈلدۈرمەي قىلىنغان ياردەمگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئاندىن رول ئوينىيالىشى مۇمكىن» دېدى. مۇسسولىن مالتا ئارىلىنى بېسىۋېلىشنىڭ پۈتكۈل تەييارلىق خىزمىتىنى تېزلىتىشنى قارار قىلدى. ئۇ گېرمانىيىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى ۋە ماينىڭ ئاخىرلىرى ھۇجۇم قىلىش تەكلىپىنى بەردى. شۇنداق قىلىپ، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىسى تەڭ ھەرىكەتلىنىپ مالتا ئارىلىنى

ۋەيران قىلىۋېتىشتىن ئىبارەت بىر مەيدان ستېرېئو ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتتى.

مالتا ئارىلى ياردەم تەلەپ قىلىپ ئۈنلۈك توۋلىدى. بىر مۆنچە تايانچ پونكىتلارغا چۈشكەن بېسىم كۆچى بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چەكتىن ئېشىپ كەتتى. گارنىزون قوماندانى گېنېرال دولبې تولىمۇ تىت-تىت بولۇپ كەتتى. ئۇ يۇقىرىغا يوللىغان دوكلاتىدا: «ۋەزىيەت خەتەرلىك! ئەگەر بىز گە جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان تەمىنات بۇيۇملىرى، بولۇپمۇ ئۇن، قورال-ياراغ تولۇقلاپ بېرىلمەيدىغان بولسا، تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان قىسمەتكە قالىمىز، بېشىمىزغا كېلىدىغان بۇ كۈن ناھايىتى تېزلا يېتىپ كېلىدۇ. . . بۇ ھايات-مامات مەسىلىسى» دېدى. بىر نەچچە كۈندىن يەنە «بولكىمىزنىڭ 1/4 قىسمىلا قالدى، ھازىرقى تەمىنات بۇيۇملىرىمىز ئىيۇننىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بەرداشلىق بېرەلىشىمىزگە ئاران يېتىدۇ» دېدى.

چېرچىل دېڭىز ئارمىيىسىنى ئېغىر خەۋپكە قارىماي مالتا ئارىلىنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئەۋەتمەكچى بولدى. بۇ ئىشتا ئۇنۇملۈك چارىلەرنىڭ بىرى ئادمىرال سومېرۋىل قوماندانلىقىدىكى ئاۋئاماتكا بىلەن «ۋوسپېت» ناملىق پاراخوتنى ئەۋەتىپ سۇۋەيش قانىلى ئارقىلىق ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا كىرگۈزۈش ھەمدە ترانسپورت كېمە ئەترىتىنى مالتا ئارىلىغا قوغداپ ئاپىرىپ قويۇپ، يول ئۈستىدە ئىتالىيە فلوتى بىلەن بىر مەيدان قاتتىق جەڭ قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە رۇزۋېلتنىڭ «سېرىق ھەرە» ناملىق ئاۋئاماتكىنىڭ «ئوت پۈركۈش» تېپىدىكى ئايروپىلانلارنى ئېلىپ، مالتا ئارىلىغا يەنە بىر قېتىم بېرىشىغا رۇخسەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. چېرچىل تېلېگراممىسىدا مۇنداق دەپ يازدى: «ئەگەر بۇ ياردەمگە ئېرىشەلمىسەك، مېنىڭچە، مالتا ئارىلى

كۆكۈم-تالقان بولۇپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مالتا ئارىلىنىڭ مۇداپىئەسى دۈشمەننىڭ هاۋادىكى كۈچلىرىنى ئۈنۈملۈك هالدا خورۇتۇۋاتىدۇ.» روزۋېلت چېرچىللىنىڭ تەلىپىگە دەرهال ماقۇل بولدى ۋە تېلېگراممىسىدا ئەۋەتىپ: «مەن خۇشاللىق بىلەن شۇنى ئېيتىمەنكى، ‹سېرىق هەرە› ناملىق ئاۋىئاماتكا يەنە بىر قېتىم ‹ئوت پۈركۈش› تىپىدىكى ئايروپىلانلارنى ئېلىپ مالتا ئارىلىغا قاراپ يولغا چىقتى» دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ئۇرۇش تارىخىدا ئاز كۆرۈلىدىغان بىر مەيدان شىددەتلىك جەڭ باشلاندى.

گىتلېر بىلەن مۇسسولىنىن «جاهاننى كومپەيكوم قىلىۋەتكۈدەك كۈچى» نى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، لېكىن مالتا ئارىلىنى قىلچە بويسۇندۇرالمىدى. مالتا رولىنى يوقاتمىدى، يەنە كېلىپ دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپمۇ كەتمىدى، شۇڭا گېرمانىيە ئېغىر بەدەل تۆلەش ئالدىدا تۇراتتى. 16-ئىيۇن، ئەنگلىيىنىڭ قوغدىغۇچى فلوتى قورشاۋ ئىچىدە قالغان بۇ دېڭىز ئارىلىغا كەلدى. بۇ فلوت بىر قانچە هەربىي پاراخوت ۋە ترانسپورت كېمىلىرىنى زىيان تارتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ قېتىمقى هەرىكەت مالتانىڭ بازا بولۇشتەك رولىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈردى. ئامېرىكىنىڭ «سېرىق هەرە» ناملىق ئاۋىئاماتكا ئۈستىدىكى «ئوت پۈركۈش» تىپىدىكى سوقۇش ئايروپىلانلىرى مالتاغا باردى، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي گېرمانىيىنىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى بۇ ئارالنى بومباردىمان قىلالمايدىغان ئەهۋالغا چۈشۈپ قالدى. روممېل ئېغىر چېقىمنىڭ ئاچچىق تەمىنى ئىلاجسىز تېتىدى، ئۇنىڭ تەمىنات كېمىلىرىنىڭ 3/4 قىسمى چۆكتۈرۈۋېتىلدى.

ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى ئۈستۈنلۈكىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، مالتا قەلئەسىنىڭ ئورنىمۇ مۇستەهكەملىنىشكە باشلىدى. چېرچىل بۇ

پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئەسكەر ۋە قورال-ياراغ يۆتكىدى. مۇشۇ مەزگىللەردە ئوتتۇرا شەرق ئالدىنقى سەپكە يەتتە برونېۋىك بىرگادىسى، 1000 دىن كۆپرەك تانكا يەتكۈزدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن كۆپرەكى ئامېرىكىنىڭ «گرانت» ۋە «شېرمان» تىپلىق تانكىلىرى ئىدى. سان جەھەتتە دۈشمەن بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئىككىدە بىر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. غەربىي قىسىم قۇملۇقتا مىسلىسىز كۈچلۈك ھەم تەلىم-تەربىيە كۆرگەن سەرخىل زەمبىرەك قىسىملىرىنى توپلاپ، باشلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ھۇجۇمغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ھازىرلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئايروپىلاننى 550 تىن 1200 گە كۆپەيتتى، ئارمىيىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى.

روممېلنىڭ «قان يەتكۈزۈپ بېرىش تۇرۇبىسى» نى، دېڭىز بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن، گېنېرال مونتگومېرىنىڭ تەكلىپى، باش ۋەزىر چېرچىلنىڭ تەستىقلىشىغا ئاساسەن، مالتا قەلئەسىنى مەركەز قىلغان دۈشمەنگە قارشى بىر قېتىملىق مىسلىسىز كەڭ كۆلەملىك ھاۋا ۋە دېڭىز ئوپېراتسىيىسى باشلاندى. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى روممېلنىڭ ترانسپورت كېمىلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئىدى. بۇ ھەرىكەت ئاجايىپ ئۈنۈملۈك بولدى، ئاۋغۇستتا روممېلنىڭ 30% ھەربىي لاۋازىمات بۇيۇملىرى دېڭىزغا چۆكتۈرۈۋېتىلدى، سېنتەبىردە يەنە 30% چۆكتۈرۈۋېتىلدى، ئۆكتەبىردە 40% كە يەتتى. قوشۇن، تانكا، زەمبىرەك، قورال-ياراغ، يۈك ماشىنىلىرى، يېمەكلىكلەر ۋە داۋالاش بۇيۇملىرى، بولۇپمۇ بېنزىن داۋاملىق تۈردە دېڭىز تەكتىگە چۆكتۈرۈۋېتىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، روممېلنى ھەربىي لاۋازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولغان مۇسسولىنى ئالاقزادىلىك بىلەن: «ئەگەر پاراخوت-كېمىلىرىمىز مۇشۇ سۈرئەت بىلەن

چۆكتۈرۈۋېتىلىدىغان بولسا — ئېيىغا 55 مىڭدىن 80 مىڭ تونناژغىچە — ئاۋغۇستقا قالماي ئىتالىيىنىڭ قېپقالغان بېلىقچىلىق كېمىلىرىنى ترانسپورت ئەترىتىنى ئۆزىنىڭ ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولىمىز» دېدى.

مونتگومېر بۇ پايدىلىق ۋەزىيەتنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا «ئەل ئالامېين ئوپېراتسىيىسى» گە پائال تەييارلىق كۆردى. چېرچىل بۇ قېتىمقى ئوپېراتسىيىنى «تەقدىرنىڭ ئاچقۇچى» دەپ ھېسابلىدى. مونتگومېرى بۇ ئوپېراتسىيىنىڭ ئۆزۈل-كېسىل غەلىبە قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قوماندانلىق شتابىدىكى پۈتكۈل قوماندان-جەڭچىلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا: «نەس باسىدىغان كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، يېڭى بىر مەزگىل باشلاندى. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدىكى ھەرقانداق چېكىنىش ياكى قوشۇننى ئېلىپ چىقىپ كېتىشتىن ھەرگىز سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇنى ئېسىڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار! بىز بۇ يەردە جەڭنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرىمىز، ئارقىغا چېكىنىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس» دېدى. ئۇ چېكىنىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئائىت بارلىق پىلاننى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋېتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى، ئۇنىڭ نىل دەريا دېلتىسىنى قوغداپ، رومېلنى يوقىتىش ۋە مۇسسولىنىنى مەغلۇپ قىلىشتا ئىشەنچى كامىل ئىدى.

چېرچىل دۈشمەنگە قارشى ھۇجۇمنىڭ باشلىنىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتتى. 20-ئۆكتەبىر، ئۇ ئوتتۇرا شەرقنىڭ باش قوماندانلىقىغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن گېنېرال ئالېكساندىرغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ: «مەيلى شىمالىي ئافرىقا ياكى ۋىشى فرانسىيىنىڭ ئەھۋالىدىكى تەرەققىيات بولسۇن، ھەممىسى بىزگە پايدىلىق بولۇۋاتىدۇ. 〈مەشئەل〉 ئۇرۇش پىلانىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئۆز قەرەلىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. لېكىن، بىزنىڭ بارلىق ئۈمىدىمىز سىز ۋە

مونتگومېرىنىڭ يېقىندا ئېلىپ بارىدىغان ئوپېراتسىيىسىگە باغلىق. بۇ ئوپېراتسىيىنىڭ كەلگۈسىگە زور تەسىر كۆرسىتىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. مونتگومېر ۋە كونىنگامغا مېنىڭ قىزغىن سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويارسىز. سىز ھۇجۇمنى باشلىغان چاغدا، 〈زىپپۇ〉 سۆزى ئارقىلىق ماڭا ئۇقتۇرۇپ قويۇڭ» دېدى.

23-ئۆكتەبىر، چېرچىل تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ كېلىۋاتقان «زىپپۇ» سۆزى ئاخىر يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنى كەچ سائەت 21 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە مونتگومېرى قوماندانلىقىدىكى 100 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن دۈشمەنگە رەسمىي ھۇجۇم باشلىدى. شۇ كۈنى كېچە ئايدىڭ ئىدى، 1000 دىن كۆپرەك زەمبىرەك دۈشمەننىڭ زەمبىرەك قىسىملىرى جىبندىسىغا بىرلا ۋاقىتتا شىددەتلىك ئوت ئېچىپ، مىسىرنىڭ غەربىي قۇملۇقىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋەتتى، دېڭىز ساھىلىنىڭ ئاسمىنىنى قىزغۇچ ئوت شولىلىرى قاپلىدى. بۇ ھۇجۇم روممېل ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئاخبارات ئەمەلدارلىرىنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇلار شىمال تەرەپتە ئەنگلىيىنىڭ بۇنچىلىك كۈچلۈك زەمبىرەك قىسىملىرىنىڭ توپلانغانلىقى ۋە يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقى توغرۇلۇق ھېچقانداق بىر ئالامەتنى سەزمىگەنىدى. شىمال تەرەپتە بىر نەچچە مىنۇت زەمبىرەك ئېتىلغاندىن كېيىن، گېرمانىيە ئارمىيىسى 20-برونېۋىك دىۋىزىيىسىنىڭ قوماندانى، ئەنگلىيە ئارمىيىسى جەنۇب تەرەپتىنمۇ ھۇجۇمغا ئۆتتى، بۇ ئاساسىي ھۇجۇمدەك قىلىدۇ، دەپ دوكلات قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقا بىر خىل تەھدىت پەيدا بولدى. گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە يېقىن جايدىكى ئوتتۇرا يەر دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى چارلىغۇچى قىسىملارمۇ تېلېفون بېرىپ: «ئەنگلىيە ھەربىي پاراخوتلىرى بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنىڭ ياردىمى ئاستىدا 90-يىنىك تىپتىكى پىيادىلەر

دېڭىزىيىسىنى توپقا تۇتتى» دېدى. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر قېتىملىق ساختا ھۇجۇم ئىدى. ئىنگلىزلار ئۆزلىرىنىڭ بىر خىل يېڭى تىپتىكى ئالاھىدە قورالىدىن، يەنى «ئاۋاز ۋە تەمرەسىز گوسى ئالدامچىلىقى» دىن پايدىلانغانىدى.

شۇنداق قىلىپ، ستوم گاڭگىراپلا قالدى. تاڭ ئاتقۇچە، ئۇنىڭ قوماندانلىق شتابى ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى ئاڭقىرالمىدى. زەمبىرەكچى قىسىملار گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئالاقىلىشىش تورىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. گېنېرال ستوم ئەھۋالنى بىلىش ئۈچۈن يېرىم زەنجىر تاپانلىق برونېۋىككە ئولتۇرۇپ، 90-يېنىك تېپتىكى پىيادىلەر دېۋىزىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا ماڭدى. لېكىن، ئۇ كۆزلىگەن يېرىگە بارالمىدى. شىمال تەرەپتىكى 21-ئېگىزلىككە كەلگەندە، ئەنگلىيە تانكىغا قارشى زەمبىرەكلىرى ۋە پىلىموتلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، برونېۋىكتىن پەسكە يىقىلىپ چۈشتى ۋە يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ شۇ جايدىلا جان ئۈزدى. گېنېرال ۋون توماس ئافرىقا بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ۋاقىتىنچە قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. چۈشتە مونتگومېر گېرمانىيە ئارمىيىسى ئالىي قوماندانلىق شتابى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ستومنىڭ ئۆلگەنلىكى خەۋەر قىلىنغان «دەرىجىدىن تاشقىرى مەخپىيەتلىك» نى، شۇنىڭدەك 13-ئارمىيە بىلەن 30-ئارمىيىنىڭ دۈشمەن جېنىدىسىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى.

بۇ چاغدا، ئاۋستىرىيىنىڭ ئالپ تاغلىرىنىڭ ئۈستىدىكى ساناتورىيىدە دەم ئېلىۋاتقان روممېل قورۇقلۇق ئارمىيە مارشالى كېيتېلنىڭ «فيۇرېر» قوماندانلىق شتابىدىن بەرگەن تېلېفونىنى ئېلىپ، ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ ئەل ئالامېيندا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىغانلىقىنى، گېنېرال ستومنىڭ ئىز-دېرەكسىزلا يوقاپ كەتكەنلىكىنى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا

قازا تاپقانلىقىنى ئۇقتى. كىيتىل روممېلدىن:

— سالامەتلىك ئەھۋالىڭىز قانداق؟ دەرھال قوماندانلىق شتابىغا قايتىپ كېلىشكە ئىمكانىيىتىڭىز بارمۇ؟ مۇمكىن بولسا «ھېينكېل» Ⅲ ناملىق ئايروپىلان سائەت 2 دىن كېيىن ۋېينا يېڭى شەھىرىدە سىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ، — دېدى.

— مەنمۇ ۋاقتىدا قايتىشنى خالايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى روممېل.

كېيتېل بىر ئازدىن كېيىن تېلېفوندا ئۇقتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. يېرىم كېچىدە تېلېفون يەنە جىرىڭلاپ كەتتى، بۇ گىتلېردىن كەلگەن تېلېفون ئىدى، ئۇ:

— دەرھال ئالدىنقى سەپكە قايتىپ كېلىڭ، مەنمۇ ئامالسىزلىقتىن شۇنداق قىلىۋاتىمەن، — دېدى.

ئالدىنقى سەپكە قايتىپ كەلگەن روممېلنىڭ ئىچى تىتىلداپ كەتتى، ھەممىلا يەردە دەككىسىنى يېيىش ھالىتى شەكىللەنگەنىدى. پۇتكۇل ئۇرۇش رايونى بويىچە ھەر ئىككى ماشىنىغا ئۇچ قېتىم بېنزىن تارقىتىلاتتى، ھەربىي لاۋازىماتلىقلار ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل، جەڭگىۋارلىق تۆۋەنلەپ كەتكەن، ۋەزىيەت جىددىي ئىدى. 2-نويابىر كۈنى، مونتگومېرىنىڭ پىيادە قوشۇنلىرى بىلەن برونېۋىك قىسىملىرى ئۇرۇش سېپىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، بۇ ئۇرۇش سېپىنى قوغداۋاتقان ئىتالىيە دىۋىزىيىسىنى بىسىپ چۇشتى، گېرمانىيىنىڭ ئافرىقا قىسىملىرىمۇ كەينى-كەينىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، قەدەممۇ قەدەم كەينىگە چېكىندى. ئەھۋالدىن قارىغاندا روممېلنىڭ تەقدىرى بەلگىلىنىپ بولغاندەك ئىدى. ئۇ بۇ قېتىمقى ئوپېراتسىيىدە سانى ئىنتايىن كۆپ، قورال-جابدۇقلىرىمۇ ناھايىتى سەرخىل ئەنگلىيە فېدېراتىپ قىسىملىرىغا دۇچ كەلدى، ئۇنىڭ ھەربىي لاۋازىماتلىقلىرى توشۇلىدىغان چوڭ لىنىيىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۈزۈپ

تاشلاندى؛ توغرا ئاخباراتقا ئىگە بولالمىدى؛ كېچە-كۈندۈز زەمبىرەك ۋە هاۋا هۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇردى. ئۇ قولىدىكى هەربىر مۇهىم هەرىكەتلەر «دەرىجىدىن تاشقىرى مەخپىيەتلىك» تەرىپىدىن ئاشكارىلىنىپ تاشلاندى. ئاخىر روممېل هەممىدىن ئۈمىد ئۈزگەن قوماندانغا ئايلىنىپ قالدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇ 2000 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى شەرقىي پروسسىيىگە جايلاشقان گىتلېرنىڭ قوماندانلىق شتابىغا سىمسىز تېلېگراممىا يوللاپ، ئەمدى ئۆزىنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى، هازىر غەربتىكى 40 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى فوكا جېنىدىسىغا چېكىنسە هېلىمۇ كېچىكمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەتىسى ئۇ چېكىنىشنى باشلىغان چاغدا گىتلېردىن جىددىي تېلېگراممىا كەلدى، تېلېگراممىدا جېنىدىنى مەهكەم ساقلاپ بىر قەدەممۇ چېكىنمەسلىك تەلەپ قىلىنغانىدى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «مەن گېرمانىيە خەلقىگە ئوخشاشلا سىزنىڭ رەهبەرلىك ئىقتىدارىڭىز ۋە قوماندانلىقىڭىز ئاستىدىكى گېرمانىيە، ئىتالىيە قوشۇنلىرىنىڭ جاسارەتلىك روهىغا بولغان سەمىمىي ئىشەنچىم بىلەن مىسىردا بولۇۋاتقان باتۇرانە مۇداپىئە ئۇرۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتىمەن. هازىرقى ۋەزىيىتىڭىزدە جېنىدىنى مەهكەم ساقلاپ، كەينىگە بىر قەدەممۇ چېكىنمەسلىكىڭىز ۋە هەر بىر تال مىلتىق، هەر بىر ئەسكەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇشىڭىز كېرەك، بۇ هەقتە ئىككىلىنىپ تۇرۇشقا زادى بولمايدۇ. . . قول ئاستىڭىزدىكىلەرگە شۇنى ئۇقتۇرۇپ قويۇڭكى، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق.»

ئەهۋال شۇنداق ئىكەن، ئەگەر «فىئۇرېر» نىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلسا، گېرمانىيە-ئىتالىيە ئارمىيىسىنىڭ هالاك بولۇشى تۇرغان گەپ ئىدى. گېنېرال بارلېين: «روممېل بۇ بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندا ئافرىقىدا تۇنجى قېتىم نېمە قىلىشنى بىلمەي

گاڭگىراپ قالدى. كاللىســـدا نۇرغۇن كۈرەشلەر بولغاندىن كېيىن، ئاخىر ئالىي قوماندانلىق شتابىنىـــڭ بۇيرۇقىـــغا بويسۇنۇش قارارىغا كەلدى» دېدى. ئەمما بۇ قارارغا ئۇنىڭ مۇئاۋىنى گېنېرال ۋون توماس كۈچلۈك قارشـــى تۇرۇپ: «گىتلېرنىڭ بۇيرۇقى ئەخمىقانىلىك، بىمەنىلىك، مەن بۇنداق بۇيرۇقنى ھەرگىز ئىجرا قىلمايمەن» دېدى ۋە ئارقىـــدىنلا قاتۇرۇپ دەزمال سېلىنغان فورمىسىنى كىيىپ، ئوردېن ۋە ھەربىي دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان ياقا بەلگىلىرىنى تاقىدى-دە، گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان تانكا يېنىدا ئەنگلىيە ئەسكەرلىـــرىگە تەسلىم بولۇش ئۈچۈن ئۇلارنى كۈتۈپ تۇردى. شۇ كۈنى كەچتە مونتگومېرى ئۆزىنىڭ شتاب ئاشخانىسىدا گېرمانىيە گېنېرالى توماس بىلەن بىللە تاماق يېدى.

روممېل بىر تەرەپتىن چېكىنىشنى توختىتىش ھەققىدە نائىلاج بۇيرۇق چۈشۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئايروپىلان بىلەن گىتلېرغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، چېكىنىـــشكە دەرھال قوشۇلمايدىغان بولسا، پۈتكۈل ئارمىـــيە يوقىـــلىـــپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. لېكىن ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۇنىڭ بۇنداق ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ئوشۇقچە ئىكەنلىكىـــنـــى ئىسپاتلىدى. 4-نويابىر كەچتە، روممېل بۇيرۇققا قارشىلىق قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ھەربىي سوتقا تاپشۇرۇلۇش خەۋپىـــگە قارىماي، ئۆزىنىڭ ھالسىزلىـــنىـــپ يېڭىـــلگەن بىـــچارە ئەسكەرلىرىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە فوكاغا چېكىنىشنى قارار قىلدى. لېكىن برونېۋىك قوشۇنلىرى بىلەن ماتورلاشقان قوشۇنلىرىنىڭ قالدۇق قىسمىلا چېكىنىپ چىقالىدى. پىيادە قىسىملىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى تەسلىم بولدى. 5-نويابىر، گىتلېردىن: «قىسىملارنىڭ فوكا جېنىدىسىغا چېكىنىشـــگە قوشۇلىمەن» دېگەن تېلېگرامما كەلدى، ئەمما فوكا جېنىدىسىنى مونتگومېرنىڭ تانكىلىرى ئالللىقاچان چەيلەپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. روممېل ئافرىقا ئارمىيىسىنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە بىراقلا بەنغازىنىڭ غەربىگە 700 ئىنگلىز مىلى

چېكىندى، ئەمما ئۇ يەرگە بېرىپمۇ دەم ئالغۇدەك پۇرسەت چىقمىدى. قالدۇق قىسىملارنىڭ ئىچىدە ئىتالىيىنىڭ 25 مىڭ ئەسكىرى، گېرمانىيىنىڭ 10 مىڭ ئەسكىرى، 60 تانكىسى بار ئىدى. ئەل ئالامېين ئوپېراتسىيىسى رومېلنى 60 مىڭغا يېقىن ئادىمىدىن ئايرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە گېرمانىيىنىڭ 34 مىڭ ئادىمى بار ئىدى.

بۇ گېرمانىيە، ئىتالىيە فاشىستلىرىنىڭ ئافرىقىدا مەھشەر كۈنىنىڭ باشلانغانلىقى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ھازىرغىچىلىك بۇ رايوندا غەلىبىلىك ئېلىپ بارغان ئەڭ ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك بىر قېتىملىق ئوپېراتسىيىسى ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئوپېراتسىيىدىنمۇ ئۆتە ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك ئوپېراتسىيىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جەنۇبىدىكى قار-مۇزلار قاپلىغان دالىلاردا باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. 1942-يىلى 19-نويابىر، سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى 1 مىليون كىشىلىك قوشۇن، 13 مىڭ 500 زەمبىرەك، 900 تانكا ۋە 1400 ئايروپىلاندىن ئىبارەت قۇدرەتلىك جەڭگىۋار كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىگە قارشى شىددەتلىك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ قايتۇرما ھۇجۇمى باشلانغۇچە، گىتلېر بىلەن مۇسسولىنى ئافرىقىدىن تېخىمۇ كۆڭۈلسىز خەۋەرلەرنى ئاڭلىدى، بۇ خەۋەرلەر ئوق مەركىزى كۈچلىرىنىڭ دۇنيانىڭ بۇ رايونلىرىدىكى تەقدىرىنى بەلگىلىدى.

مالتا قەلئەسى ئەل ئالامېين ئوپېراتسىيىسىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. ھازىرغىچە بۇ ئارال خۇددى گىگانت ئادەمدەك ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەت پات يېقىندا باشلىنىدىغان «مەشئەل» ئوپېراتسىيىسى ئۈچۈن ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

## ئوتتۇز بىرىنچى باب

# «مەشئەل» ياندۇرماق

چېرچىل موسكۋادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «مەشئەل» ئوپېراتسىيىسى پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۇتۇندى. روزۋېلتقا گېنېرال ئېيزېنخاۋېرنى بۇ قېتىمقى ئوپېراتسىيىنىڭ باش قوماندانلىقىغا، گېنېرال ئالېكساندىرنى مۇئاۋىن باش قوماندانلىققا تەيىنلەش تەكلىپىنى قويدى. ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ بۇ پىلانىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئىجرا قىلىشنى بېكىتتى. ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى 1942-يىل 8-نويابىر فرانسىيىگە قاراشلىق شىمالىي ئافرىقىدا قۇرۇقلۇققا چىقىش، ئاندىن غەربتىن شەرققە ئىلگىرىلەپ گېرمانىيە، ئىتالىيىگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى ئارمىيىسىنى يوقىتىپ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنى كونترول قىلىش ۋە ئوتتۇرا شەرقنى مۇستەھكەملەپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىتالىيە ھەم بالقان يېرىم ئارىلىدىكى ھەربىي ھەرىكەتلەر ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ھازىرلىماقچى بولدى.

«فرانسىيىگە قاراشلىق شىمالىي ئافرىقا» مەراكەش، ئالجىرىيە ۋە تۇنىسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مەراكەش ئافرىقا قىتئەسىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرق ۋە شەرقىي جەنۇبىي تەرىپى ئالجىرىيە بىلەن قوشنا، جەنۇب تەرىپى ئىسپانىيىگە قاراشلىق سەھرايى كەبىر بىلەن تۇتىشىدۇ،

غەربىي تەرىپى ئاتلانتىك ئوكياننىڭ سۈيى بىلەن يۇيۇلۇپ تۇرىدۇ. شىمالىي تەرىپى جەبىلتارىق بوغۇزى ئارقىلىق ئىسپانىيە بىلەن بېقىشىپ تۇرىدۇ، جايلاشقان ئورنى مۇھىم بولۇپ، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىن ئاتلانتىك ئوكيانغا كىرىش ئىشىكى ھېسابلىنىدۇ، يەر مەيدانى 450 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، 1912-يىلىدىن باشلاپ فرانسىيىنىڭ «ھامىيلىقىدىكى دۆلەت» كە ئايلىنىپ قالغان، شىمالىي قىسمىدىكى تار، ئۇزۇن كەتكەن رايون بىلەن جەنۇبىي قىسمىدىكى بىر رايون ئىسپانىيىنىڭ «ھامىيلىقىدىكى جاي» قىلىپ بۆلۈۋېتىلگەن. ئالجىرىيە ئافرىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان دۆلەت بولۇپ، شىمالىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ سۈيى بىلەن يۇيۇلۇپ، دېڭىز ئارقىلىق ئىسپانىيىدىن ئايرىلىپ، فرانسىيە بىلەن بېقىشىپ تۇرىدۇ، قۇرۇقلۇقتا تۇنىس، لىۋىيە، نىگېر، مالى، ماۋرىتانىيە، ئىسپانىيىگە قاراشلىق سەھرايى كەبىر ۋە مەراكەشلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ، يەر مەيدانى تەخمىنەن 2 مىليون 380 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، 1930-يىلىدىن باشلاپ فرانسىيىگە قاراشلىق جايغا ئايلىنىپ قالغان. تۇنىس ئافرىقىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان دۆلەت. ئۇنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي تەرىپى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ سۈيى بىلەن يۇيۇلۇپ، تۇنىس بوغۇزى ئارقىلىق ئىتالىيە بىلەن بېقىشىپ تۇرىدۇ، شەرقىي - جەنۇبىي ھەم غەربىي تەرەپلىرى لىۋىيە، ئالجىرىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ، يەر مەيدانى 160 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، 1881-يىلى فرانسىيىنىڭ «ھامىيلىقىدىكى دۆلەت» كە ئايلىنىپ قالغان.

فرانسىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ۋىشى ھۆكۈمىتىنىڭ «فرانسىيىگە قاراشلىق شىمالىي ئافرىقا» دا تەخمىنەن 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى، 500 ئايروپىلانى بار ئىدى. فرانسىيىنىڭ تۇلون (مۇھىم پورت شەھىرى) ۋە «فرانسىيىگە

قاراشلىق شىمالىي ئافرىقا» نىڭ ھەر قايسى پورتلىرىدا تۆت چوڭ ھەربىي پاراخوت، 12 ئوكيان چارلاش پاراخوتى، تەخمىنەن 40 قوغلىغۇچى كېمە، 20 دىن ئوشۇق سۇ ئاستى كېمىسى ۋە باشقا پاراخوتلار بار بولۇپ، بۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان كۈچ ئىدى.

شىمالىي ئافرىقىدىكى فرانسىيىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ۋىشى ھۆكۈمىتىگە قارايتتى. ئۇلار خائىنلىق پەلسەپەسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئاقلاپ، ھەق-ناھەقنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتەتتى، ئۆزلىرىنىڭ 1940-يىلى گىتلېرغا تەسلىم بولغانلىقىنى قانۇنلۇق پېتائىن ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن قىلىنغان ئىش، شۇڭا قانۇنلۇق، دەپ قارايتتى. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، فاشىستىك تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ۋە فرانسىيىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى قوغداۋاتقان گېنېرال دې گول ھەمدە فرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئەكسىچە قانۇنسىز، شۇڭا ئۇلارنى ئەشەددىي دۈشمەن قاتارىدا كۆرۈش كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيە گېنېرال دې گول رەھبەرلىكىدىكى ئەركىن فرانسىيە ھەرىكىتىنى قوللىغانلىقى ھەمدە ۋىشىنىڭ قوراللىق كۈچلىرى بىلەن بىر نەچچە قېتىم توقۇنۇشۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن، شىمالىي ئافرىقىدىكى فرانسىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى كەيپىياتى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە بۇ ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىپ، بۇ قېتىمقى قۇرۇقلۇققا چىقىش ئۇرۇشىدا ئامېرىكىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. مەقسەت، شەكىل جەھەتتە بۇ نوقۇل ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ھەرىكىتى دېگەننى بىلدۈرۈش ئىدى. لوندونغا قېچىپ بېرىۋالغان گېنېرال دې گول قاتتىق مەخپىي تۇتۇلدى، چۈنكى

ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزۋېلت ئۇنىڭغا ئاداۋەت سافلاپ يۈرگەچكە، ئۇنىڭ بەزى ئىشلارغا قاتنىشىپ شىمالىي ئافرىقىدىكى فرانسىيە دائىرىلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويۇشتىن ۋە مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتى.

5-نويابىر، روزۋېلت چېرچىلغا تېلېگراممىدا ئەۋەتىپ: «دى گولنى ‹مەشئەل› پىلانىغا قاتناشتۇرىدىغان بىرەر ھەرىكەت، شىمالىي ئافرىقىدىكى فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ زور قىسمىنىڭ يىراقتا يۇرۇش قىلغۇچى ئارمىيىمىزگە ئەل بولۇشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈمىدلىك خىزمىتىمىزگە يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ، مەن بۇنىڭدىن قاتتىق غەم قىلىمەن. شۇڭا مېنىڭچە سىزنىڭ قۇرۇقلۇقتا چىقىشىڭىز مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچە، ‹مەشئەل› پىلانىغا ئائىت ھەر قانداق ئەھۋالنى دى گولغا دېمەسلىكىمىز تۈزۈك. قۇرۇقلۇقتا چىقىش مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئېيتسىڭىز بولىدۇ، مېنىڭ ماقۇللۇقۇم بىلەن ئامېرىكا يىراق يۇرۇش قىلغۇچى ئارمىيىنىڭ قوماندانى بۇ ئىشنى ئاخىرغىچە قاتتىق مەخپىي تۇتىدۇ، بۇ بىر خىل زۆرۈر بولغان بىخەتەرلىك تەدبىرى» دېدى.

ۋىشى ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ «فرانسىيىگە قاراشلىق شىمالىي ئافرىقا» دىكى ھەربىي، مەمۇرىي باشلىقلىرىنىڭ ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى خۇل بىلەن ئالاقىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زور كۆپچىلىكى نېمىسلار تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايتتى. ۋېيگاند، گىرائود ۋە جۇئان قاتارلىق فرانسىيە گېنېراللىرىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئالجىرىيىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى مورفى بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن ئىدى. ۋېيگاند مورفىغا: «ئەگەر سىز بىرلا دىۋىزىيىنى باشلاپ كەلسىڭىز، سىزگە قارىتىپ ئوق ئاتىمەن، مۇبادا 20 دىۋىزىيىنى باشلاپ كېلىدىغان بولسىڭىز، سىزنى قۇچاقلايمەن!» دېدى. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنگلىيىگە

دۈشمەنلىك بىلەن قارايتتى. چۈنكى ئەنگلىيە فرانسىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن پېتائىن ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي رەقىبى — لوندونغا قېچىپ بېرىۋالغان گېنېرال دې گوللنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىغان ھەمدە ۋىشى ھۆكۈمىتىنىڭ فلوتىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانىدى. ئامېرىكىنىڭ ئالجىرىيىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى روبېرت مورفى قاتارلىقلار فرانسىيە گېنېراللىرىنىڭ ھەمداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن فرانسىيە گېنېراللىرىدىن، مەسىلەن: ئالجىرىيىدىكى گېنېراللار ماسېت ۋە جۇئان، كاسابلانكادىكى گېنېرال بېتۇيال قاتارلىقلارغا خېلى ئۇنۇملۇك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇلارنىڭ دوستانە ھەرىكەتلىرى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىشى ئۈچۈن بەزى شەرتلەرنى يارىتىپ بەردى.

1942-يىلى ئىيۇلنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ شتاب باشلىقلىرى كومىتېتى لوندوندا ئۆرۈش لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، ئىنگلىزلار ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ دائىرىسىدىكى شىمالىي ئافرىقا قىرغاقلىرىدا قۇرۇقلۇققا چىقىش، ئاندىن تۇنىسنىڭ شەرقىگە مۇمكىنقەدەر تېزرەك ئىلگىرىلەپ، غەربكە ھۇجۇم قىلىدىغان ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ 8-جىتۇەنجۈنىگە ماسلىشىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. ئامېرىكىلىقلار قۇرۇقلۇققا چىقىش ئورنىنى ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىغا يېقىن بولغان كاسابلانكانى تاللاشنى، نېمىسلارنىڭ ئىسپانىيە ئارقىلىق ياردەمگە ئىگە بولۇپ، ئامېرىكا-ئەنگلىيە ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسىنى ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئىچىگە قاپساپ قويۇشتىن ساقلىنىشنى ئۈمىد قىلغانىدى. ئۇزۇن مۇددەتلىك تالاش-تارتىشلار ھەمدە روزۋېلت بىلەن چېرچىلنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن، 20-سېنتەبىر كېلىشتۈرۈش لايىھىسى ھاسىل قىلىندى، مەراكەشنىڭ كاسابلانكا (دارئەل بەيدا) ۋە

ئالجىرىيىنىڭ ئوران (ئوۋاخران) ، ئالجىر قاتارلىق ئۈچ ئورۇندىن بىرلا ۋاقىتتا قۇرۇقلۇققا چىقىش، كاسابلانكادا پۈتۈنلەي ئامېرىكا قوشۇنلىرى قۇرۇقلۇققا چىقىش؛ ئوراندا ھۇجۇم قىلىدىغان قوشۇنلارنى ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى يەتكۈزۈپ بېرىش ھەمدە ئەنگلىيە - ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلەشمە ھاۋا ئارمىيىسى ئامېرىكىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىققۇچى قىسىملىرىغا ياردەم بېرىشكە مەسئۇل بولۇش؛ ئالجىرىيىدىكى ئورۇشقا قاتنىشىدىغانلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئەنگلىيە قوشۇنلىرى بولۇش، ئەنگلىيىنىڭ دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىسى ياردەم بېرىش قاتارلىق مۇھىم ئىشلار بەلگىلەندى. قۇرۇقلۇققا چىقىشنىڭ ۋاقتى مەسىلىسىدە، ئىككى تەرەپنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقمىدى، 22-سېنتەبىرگە كەلگەندە چېرچىل رىياسەتچىلىك قىلغان ھەمدە ئېيزىنخاۋېر قاتناشقان بىرلەشمە شتاب باشلىقلىرى يىغىنىدا، قۇرۇقلۇققا چىقىش ۋاقتى ئاخىر 8-نويابىر قىلىپ بېكىتىلدى.

«مەشئەل» ئورۇشىغا ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ 13 دېۋىزىيىسى، 665 ھەربىي پاراخوتى ۋە ترانسپورت كېمىسى قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ چوڭ ھەربىي پاراخوت، يەتتە ئاۋئاماتكا، 17 ئوكيان چارلاش پاراخوتى، بۇنىڭدىن باشقا 64 ئورۇش كېمىسى بار بولۇپ، بۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا «غەربىي قىسىم»، «ئوتتۇرا قىسىم» ۋە «شەرقىي قىسىم» دىن ئىبارەت ئارىلاش تۈزۈلگەن پەۋقۇلئاددە فلوت بولۇپ شەكىللەندى. بىرىنچى تۈركۈمدە قۇرۇقلۇققا چىققۇچى ئەسكىرىي كۈچ يەتتە دېۋىزىيە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ تۆت پىيادىلەر دېۋىزىيىسى ۋە ئىككى برونېۋىك دېۋىزىيىسى، ئەنگلىيىنىڭ بىر پىيادىلەر دېۋىزىيىسى بار بولۇپ، جەمئىي 110 مىڭ ئادەمگە يېتەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، بىر قانچە ھاۋا دېسانتلىرى باتالىيونىمۇ بۇ قېتىمقى ھەرىكەتكە قاتناشماقچى بولدى، ئۇلارنىڭ

ۋەزىيىتى دۈشمەننىڭ مۇداپىئە دائىرىسىدىكى ئايرودروم ۋە مۇھىم ئورۇنلىرىنى ئىگىلەش ئىدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇقلۇققا چىقىشتا ھاۋادىن مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن 1700 ئايروپىلان ئىشقا سېلىنماقچى بولدى، ئايروپىلانلارنىڭ كۆپ قىسمى جەبىلتارىق بوغۇزىنى ساقلاپ تۇرىدىغان بولدى.

ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ھەربىي جەھەتتە تولۇق تەييارلىق كۆرگەندىن سىرت، يەنە سىياسىي ھۇجۇمنى پائال قانات يايدۇردى، فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئەل بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، «قان تۆكمەي» لا «فرانسىيىگە قاراشلىق شىمالىي ئافرىقا» نى بېسىۋېلىشقا ئورۇندى. شۇڭا، نام-ئابرۇيى بار بىرەر فرانسىيىلىكنى تېپىش ناھايىتى زۆرۈر بوپقالدى. يەنە كېلىپ، ئىنگلىزلار بىلەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزىرىدە گېنېرال گىرائۇدتىن مۇۋاپىق ئادەم يوق ئىدى. قەيسەر ئىرادىلىك بۇ گېنېرالنىڭ گېرمانىيىدىكى خەتەرلىك ئەمما چوڭ يۈرەكلىك بىلەن تۈرمىدىن قېچىپ چىققانلىق ئىش-ئىزلىرى ھەممىگە مەلۇم ئىدى. چېرچىل 1937-يىلى ماگىنو مۇداپىئە سېپىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىۋاتقاندا، گىرائۇدنى بىر قېتىم كۆرگەنىدى، ئۇ چاغدا، گىرائۇد ماگىنو مۇداپىئە سېپىنىڭ ئاساسىي قىسمىنىڭ مەسئۇلى ئىدى. ئۇ 1-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرى تۈرمىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئارقا سېپىدە بېشىدىن كەچۈرگەن قورقۇنچلۇق ئەھۋاللارنى چېرچىلغا سۆزلەپ بەرگەنىدى. چېرچىلمۇ ئۆز ۋاقتىدا تۈرمىدىن قېچىپ چىققان بولغاچقا، ئىككىسىنىڭ بۇ جەھەتتىكى كەچۈرمىشلىرى ئوخشاپ كېتەتتى. مانا ئەمدى گىرائۇد بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ قوماندانى بولغاندىن كېيىن، ئۇ ياشلىق چاغلىرىدىكى قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرىنى يەنە تەكرارلاۋاتاتتى، يەنە كېلىپ، بۇ ھەممىنى ھەيران قالدۇرماقتا ئىدى.

غەلىتە يېرى شۇكى، ئاپرېلدا روزۋېلتنىڭ «مەخپىي

ئۇرۇش بوۋىقى» — «مەشئەل» ئۇرۇش پىلانى تېخى دۇنياغا كەلمىگەن چاغدا چېرچىل رۇزۋېلتقا تېلېگراممىدا ئەۋەتىپ: «مەن گېنېرال گىرائۇدنىڭ تۇرمىدىن قېچىپ ۋىشىيغا كەلگەنلىك ئىشىغا بەكلا قىزىقىپ قالدىم. بۇ ئادەم سىزنى كۆچلۈك ئارزۇ قىلغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىشى مۇمكىن. سىز بىلىدىغان ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بېرىڭ» دېدى.

ئەمدى ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن بۇ بارلىق ئىشلار ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ كەتكەنىدى. ئامېرىكىلىقلار بىلەن گېنېرال گىرائۇد مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەمدە پىلان تۈزۈپ ھەل قىلغۇچ پەيتتە ئۇنى رىۋئېرادىن جەبىلتارىققا ئاپىرىپ قويماقچى بولدى. ئۇلار «مۇھىم ئەرباب» قا چوڭ ئۈمىد باغلىدى. «مۇھىم ئەرباب» گىرائۇدنىڭ مەخپىي نامى ئىدى. چېرچىل 3-نويابىر كۈنى رۇزۋېلتقا تېلېگرامما يوللاپ: «〈مۇھىم ئەرباب〉 مەن دەرھال كېلىش قارارىغا كەلدىم، بىر ئايروپىلان چىقىرىپ مېنى جەبىلتارىققا ئاپىرىپ قويۇشۇڭلارنى تەلەپ قىلىمەن، دەپ تېلېگرامما ئەۋەتىپتۇ. ئېزېنخاۋېر ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئويلاپ، ئامېرىكا كاپىتانىنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئەنگلىيە سۇ ئاستى كېمىسىگە چىقىشى، كېمىنىڭ دېڭىز قىرغىقىغا يېقىن بىر جايدا ساقلاپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە جاۋاب تېلېگرامما ئەۋەتتى» دېدى. گىرائۇد ۋە ئۇنىڭ ئىككى بالىسى دېڭىزدا ئۇرۇنسىز ساراسىمىنى تويغۇچە تارتىپ، ئاخىر جەبىلتارىقتىكى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا سالامەت يېتىپ كەلدى.

بۇ مەزگىللەردە ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ ناھايىتى چوڭ فلوتى كۆزلىگەن مەنزىلگە يېقىنلاپ كەلگەنىدى. ئۇلار ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانماي فلوتنىڭ راۋان قاتنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى قارار قىلدى. ئەنگلىيە پورتىدىن چىققان



www.uyghurkitap.com

مۇھاپىزەتچى ئەترەتنىڭ كۆپ قىسمى بىسكاي قولتۇقى ئارقىلىق گېرمانىيىنىڭ سۇ ئاستى كېمىلىرى جايلاشقان جايلاردىن ئۆتەتتى. شۇڭا كۈچلۈك بىر مۇھاپىزەتچى فلوتنىڭ بولۇشى زۆرۈر ئىدى. ئۇلار يەنە ئۆكتەبىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن باشلاپ كىلدىي قولتۇقى ۋە ئەنگلىيىنىڭ غەربىدىكى باشقا پورتلارغا زور تۇركۇمدە پاراخوت توپلىغانلىقىنى دۈشمەنلەرگە بىلدۈرمەسلىك بىلەن بىرگە، مۇھاپىزەتچى كېمە ئەترىتىنىڭ ئىنىق يولغا چىقىش ۋاقتىنىمۇ دۈشمەنگە بىلدۈرمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئىتتىپاقداش ئارمىيە بۇ جەھەتتە ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. نېمىسلار ئۆزىنىڭ ئىگىلىگەن ئاخباراتىغا ئاساسەن، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ نىشانى داكار دەپ خاتا ئويلاپ قالدى. ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە گېرمانىيە ۋە ئىتالىيىنىڭ تەخمىنەن 40 سۇ ئاستى كېمىسى ئازور تاقىم ئاراللىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى جايلارغا مۇداپىئە كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئۇلار سېرالېئوندىن ئەنگلىيىگە قايتىۋاتقان ناھايىتى چوڭ ترانسپورت كېمە ئەترىتىنى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىتىپ، ئۇلارنىڭ جەمئىي 13 كېمىسىنى چۆكتۈرۈۋەتتى. شۇ چاغدىكى ئەھۋالدا بۇ ھېچقانچە زىيان ئەمەس ئىدى. 1-تۇركۇم «مەشئەل» ترانسپورت كېمە ئەترىتى 22- ئۆكتەبىر كىلدىي قولتۇقىدىن ئايرىلدى. 26-ئۆكتەبىرگە كەلگەندە، تېز سۈرئەتتە قوشۇن توشۇغۇچى كېمىلەرنىڭ ھەممىسى يولغا چىقتى، ئامېرىكا قىسىملىرىمۇ ئامېرىكىدىن بىۋاسىتە كاسابلانكاغا قاراپ ئاتلاندى. 650 كېمىدىن تەركىب تاپقان بۇ يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيە تولۇق ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇلار بىسكاي قولتۇقى ياكى ئاتلانتىك ئوكياندىن ئاستا ئۆتتى، ئۇلارنى مەيلى گېرمانىيىنىڭ سۇ ئاستى كېمىلىرى ياكى ھاۋا ئارمىيىسى بولسۇن، ھېچكىم سېزەلمىدى.

5-نويابىر، ئېزىنخاۋېر خەۋپ-خەتەرگە قارىماي ئۇدۇل جەبىلتارىققا كەلدى. چېرچىل ئۆزىنىڭ قوماندانلىقىدىكى بۇ قەلئەنى بۇ قېتىمقى ئەنگلىيە - ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قىلىشىدىكى ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى قىلدى.

جەبىلتارىقتىكى ئۇرۇش مەزگىلىنىڭ يۇقىرى دولقۇنى يېتىپ كەلدى. 1939-يىلى سېنتەبىردىن بۇيان بۇ يەردە مۇھاسىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان مۇداپىئە تەدبىرلىرى قوللىنىلغانىدى. ئىسپانىيە چېگرىسىنىڭ ئۇدۇلىغا قارىتىپ كۈچلۈك بىر مۇداپىئە سىستېمىسى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇستى جەبىلتارىق تىك تاش قىياسى ئىدى. قىيانىڭ ئۇستىدە بويۇن (ئىككى قۇرۇقلۇقنىڭ تۇتاشقان يېرى) نى كونترول قىلىدىغان زەمبىرەكلەرنى ئورنىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن لەخمىلەر كولانغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ھاۋا، دېڭىز ۋە ھاۋا دېسانتلىرى قىسمىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش يولىدا زۆرۈر بولغان تەدبىرلەرنى قوللانغانىدى. بۇ يەردە ئەڭ مۇھىم نەرسە سۇ بولۇپ، 1940-يىلىغا كەلگەندە قاتتىق تاشلار ئارىسىدا بىر نەچچە سۇ دېستىللەش زاۋۇتى قۇرۇلغانىدى، شۇنىڭدىن تارتىپ يېتەرلىك بولغان تەمىنات ۋە زاپاس نەرسىلەر تەمىن ئېتىلگەنىدى.

جەبىلتارىقنىڭ ئۇرۇشقا كۆرسەتكەن ئەڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى، ئۇنىڭ يېڭى ئايرودرومىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئەڭ دەسلەپ، بېيگە مەيدانىدىن ئۆزگەرتىپ ياسالغان كىچىك تىپتىكى ئايرودروم بار ئىدى. 1942-يىلىدىن باشلاپ داۋاملىق كېڭەيتىپ ياسىلىپ، ئاخىر 1000 ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتىكى كەڭ ئايرودرومغا ئۆزگەرتىلدى. ئۇنىڭ غەربىي تەرىپى جەبىلتارىق بوغۇزىغا تۇتىشاتتى. «مەشئەل» پىلانى ئۇرۇشىدا ئىشلىتىلىدىغان زور

تۇركۇمدىكى ئايروپىلانلار مۇشۇ يەرگە توپلاندى. پۈتكۈل بويۇن (ئىككى قۇرۇقلۇقنىڭ تۇتىشىدىغان يېرى) سەيتاسى ئايروپىلانلار بىلەن توشتى، جەمئىي 14 سوقۇش ئايروپىلانى ئوتتۇرا ئەترەتلىرى ھۇجۇمغا بۇيرۇق كۈتۈپ مۇشۇ ئايرودرومدا ساقلاپ تۇردى. بۇ ھەرىكەتلەر گېرمانىيىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېلىپ بېرىلماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار، بۇ مالتا ئارىلىغا ياردەمگە بارىدىغان ئايروپىلانلار دەپ خاتا ئويلاپ قالدى. گېنېرال ئېيزىنخاۋېر ئېيتقاندەك: «مۇبادا ئەنگلىيىگە قاراشلىق جەبىلتارىق بولمىغان بولسا، غەربىي شىمالىي ئافرىقىغا ھۇجۇم قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.»

بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، ئاخىر جەڭنىڭ تۇنجى ئوق ئاۋازى ياڭرىدى. ئېيزىنخاۋېر 7ـنويابىردىن 8ـنويابىر كۈنى كېچە ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە كۈن داۋامىدىكى جىددىيچىلىكنى ئەسلىمىسىگە تەسىرلىك قىلىپ يازدى. بۇ قېتىمقى ئوپېراتسىيىنىڭ دوغا قويغان نەرسىسى چوڭ، ھاۋارايى ئۆزگىرىشچان، فرانسىيىلىكلەرنىڭ پوزىتسىيىسى ئېنىقسىز، مۇرەككەپ ھەمدە ئىسپانىيىدىن كېلىدىغان خەۋپ. . . ئىشقىلىپ بارلىق ئەھۋاللار بۇ قوماندان ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر مەيدان قاتتىق سىناق ئىدى.

دەل مۇشۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر ئەھۋال يۈز بەردى. ئادمىرال دارلان شىمالىي ئافرىقىنى تەكشۈرۈپ دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، ئوغلى تۇيۇقسىز راخىت كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ، ئالجىرىيىدىكى دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى، كېسەللىك ئەھۋالى خەتەرلىك بولغاچقا، بۇ دېڭىز ئارمىيە قوماندانى 5ـنويابىر شىمالىي ئافرىقىغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى. شۇڭا، ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەت پات ئارىدا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلايدىغان پەيتتە دارلان ئالجىرىيىدە بولۇپ قالدى. بۇ غەلىتە ھەم كىشىنى مالال قىلىدىغان تۇيۇقسىز ئەھۋال ئىدى.

www.uyghurkitap.com

روبېرت مورفى ئۇنىڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيىسىنىڭ قورۇقلۇقا چىقىشتىن ئىلگىرى ئالجىرىيىدىن ئايرىلىشىنى ئۈمىد قىلدى، لېكىن، دارلان ئوغلىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ئالجىرىيىدە بىر كۈن كۆپرەك تۇرۇپ قالدى.

يېقىنقى بىر نەچچە ھەپتىدىن بېرى، ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئالجىرىيىدىكى ئاساسلىق ئۈمىدىنى فرانسىيە ھەربىي ئىشلىرى باشلىقى گېنېرال جۇئانغا باغلىدى. ئۇ مورفى بىلەن ئەزەلدىنلا ئىنتايىن يېقىن ئىدى، لېكىن مورفى قورۇقلۇقا چىقىشنىڭ كونكرېتنى ۋاقتىنى ئۇنىڭغا ئېيتمىدى. 7-نويابىر يېرىم كېچىدىن سەل ئۆتكەندە، مورفى جۇئاننى يوقلاپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا قورۇقلۇقا چىقىدىغان ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ئەنگلىيە - ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن دېگىز، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ياردىمى بىلەن شىمالىي ئافرىقىغا يۈرۈش قىلىدىغانلىقىنى، بىر نەچچە سائەت ئىچىدىلا قورۇقلۇقا چىقىپ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. گېنېرال جۇئان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئەسلىدە ئالجىرىيىنىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتىنى ئۆزۈم كونترول قىلىپ تۇرىمەن، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، دارلان بولىدىكەن، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنىڭ ھېچقانداق رول ئوينىيالمايدىغانلىقى جۇئانغا ئايان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ قول ئاستىدا قىزغىنلىقى ئاران ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بىر نەچچە يۈز ياشلا بار ئىدى. ئۇ ھەربىي ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق رەھبەرلىك چوڭ ھوقۇقىنىڭ ۋىشى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مۇئاۋىن باشلىقى ئادمىرال دارلاننىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ ئېنىق بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ بولىدىكەن، بارلىق ئەمەلىي ھوقۇقنى ئىگىلىۋالغان ۋىشى ھۆكۈمىتىگە سادىق فرانسىيىلىكلەر جۇئاننىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىماسلىقى تۇرغان گەپ ئىدى.

مورفى بىلەن جۇئان مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، دارلانغا

تېلېفون بېرىپ ئۇنى چاقىرتىپ كەلمەكچى بولدى. ئەتىگەن سائەت 2 بولمىغان چاغدا، گېنېرال جۇئان دارلانغا تېلېفون بېرىپ، مۇھىم بىر ئىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ پات ئارىدا قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان خەۋىرىنى ئاڭلىغان دارلان ئۆتى يېرىلغۇدەك ئاچچىقلاپ كەتتى-دە، گۇرەن تومۇرلىرىغىچە قىزىرىپ: «مەن ئىنگلىزلارنىڭ ئەخمەق ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا بىلگەنىدىم، لېكىن ھازىرغىچە ئامېرىكىلىقلار ئىنگلىزلاردىن خېلى ئەقىللىق دەپ بىلەتتىم. ئەمدى مەن سىلەر ئامېرىكىلىقلارمۇ ئىنگلىزلاردىن قېلىشمايدىغان خاتالىق ئۆتكۈزدۈڭلار، دەپ ھېسابلايمەن» دېدى.

دارلاننىڭ ئىنگلىزلارغا ئۆچلۈكى ھەممىگە مەلۇم ئىدى. ئۇ ئۆزۈندىن بېرى ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ كېلىۋاتاتتى. 1941-يىل مايدا، نېمىسلارنىڭ داكاردىن پايدىلىنىشىغا قوشۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ تۇنىس ئارقىلىق روممېلنىڭ ئارمىيىسىگە تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىشىگىمۇ ماقۇل بولغانىدى. گېنېرال ۋېيگاند شۇ چاغدىلا بۇ خائىنلىق ھەرىكەتنى توسقانىدى، چۈنكى ئۇ شۇ چاغدىكى شىمالىي ئافرىقىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ، پېتائىننى گېرمانىيە تەرەپنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقا ماقۇل كەلتۈرگەنىدى. گىتلېرنىڭ شۇ چاغدىكى پۈتۈن ئەس-يادى باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئوپېراتسىيىدىلا قالغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ دىققىتى ئارمىيە مەسلىھەتچىلىرى قارشى چىققاچقا، ئۇ بۇ مەسىلىدە ئۇلارغا قاتتىق تەلەپ قويالمىدى. شۇ يىلى نويابىردا نېمىسلار ۋېيگاند ئىشەنچلىك ئەمەس، شۇڭا ئۇنى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاش كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. ئەمدى ئىشلار ئۆتۈپ ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولدى. سوۋېت قىزىل

www.uyghurkitap.com

ئارمىيىسى كەينى-كەينىدىن غەلىبە قىلدى. فاشىستلارغا قارشى باشقا ئۇرۇش مەيدانلىرىدىمۇ يېڭى ياخشىلىنىشلار بولدى، گىتلېرنىڭ كۈنى بارغانسېرى يامانلاشتى. دارلاننىڭ مۇئامىلىسىدىمۇ سەل ئۆزگىرىشلەر بولدى، لېكىن ئۇ ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىپ دۈشمەن قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان مارشال پېتائېنغا سادىق ئىدى. گەرچە مورفى بىلەن جۇئان ئۇنىڭغا كۆپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇ پەقەت دۈشمەنلەر بېسىپ كەلگەن جىددىي ئەھۋالدا پېتائېنغا تېلېگرامما بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىغا ئىجازەت ئېلىشقىلا ماقۇل بولدى. ئارقىمۇ ئارقا يۈز بەرگەن شەپقەتسىز ئىشلار ئۇنى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

مۇشۇ مەزگىللەردە ئەسلىدىكى بېكىتىلگەن پىلان قەدەممۇ قەدەم ئىجرا قىلىنىۋاتاتتى: قوللىرىغا مىلتىق ئېلىپ ۋىشىغا قارشى چىققان فرانسىيە ياشلىرى پېتائېن داچىسىنى قورشىۋېلىپ، ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىش قارارىغا كەلگەنىدى. تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى ساقچى دائىرىلىرى 50 زاپاس ساقچىنى داچىغا ئەۋەتىپ، بۇ بىر ئوچۇم «قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان» كىشىلەرنى تارقىتىۋەتتى ھەمدە جۇئان، مورفى قاتارلىقلارنى قولغا ئالدى. دارلان چۈشتىن ئىلگىرى سائەت 7 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە پېتائېنغا مۇنداق تېلېگراممار ئەۋەتتى:

«چۈشتىن ئىلگىرى سائەت 7 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندىكى ئەھۋال مۇنداق: ئەنگلىيە پاراخوتلىرىغا ئولتۇرغان ئامېرىكا ئارمىيىسى ئالجىر شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا قۇرۇقلۇققا چىقىشقا باشلىدى. بىر قانچە ئورۇندا، بولۇپمۇ پورت ھەمدە دېڭىز ئارمىيە قوماندانلىق شتابىدىن ئىبارەت ئىككى جايدا قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى. ۋەزىيەت كۈندىن كۈنگە يامانلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، گارنىزون ئۆزۈنغا

قالماي بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئىگىلىگەن ئاخباراتلارغا ئاساسلانغاندا، قوزغۇلۇقا كەڭ كۆلەملىك ھالدا چىقىش ئىشى تەييارلىنىۋاتىدۇ.»

1942-يىل 8-نويابىر، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ئالاھىدە تەركىب تاپقان ئۈچ فلوتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئوران، ئالجىر ۋە كاسابلانكا رايونلىرىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى.

«شەرقىي قىسىم» ئاربلاش تۈزۈلگەن پەۋقۇلئاددە فلوت ئەنگلىيىنىڭ كونتر ئادمىرالى بروسنىڭ قوماندانلىقىدا 8-نويابىر كۈنى تاڭ سەھەر سائەت 2 دە ئالجىر ۋە ئۇنىڭ شەرق، غەرب ئىككى تەرىپىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىشقا باشلىدى. غەرب تەرەپتىكى ئەنگلىيىنىڭ 11-بىرىگادىسى ساھىلنى ئاسانلا ئىشغال قىلىۋالدى؛ شەرق تەرەپتە ئامېرىكا قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ماڭغان پاراخوتلار كۈتۈلمىگەن دېڭىز دولقۇنى سەۋەبىدىن دېڭىز قىرغىقىدىن بىر نەچچە كىلومېتىر يىراقلاپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن، ئازراق قالايمىقانچىلىق پەيدا بولدى. لېكىن، تاڭ يورۇغاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا ۋەزىيەتنى تىزگىنلىۋالدى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، دارلان ئۆزىنىڭ باشلىقىغا تېلېگراممىا يوللاپ: «ئالجىر بۈگۈن كەچتە قولدىن كېتىشى مۇمكىن» دېدى. چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تە يەنە تېلېگرامما يوللاپ: «ئارمىيىمىز كۈچىنىڭ بارچە قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئامېرىكا ئارمىيىسى شەھەر رايونىغا بېسىپ كىردى، مەن شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيە قوماندانى گېنېرال جۇئانغا ئالجىر شەھىرىنىڭ تەسلىم بولۇش ئىشى توغرۇلۇق سۆھبەتلىشىشنى بۇيرۇق قىلدىم» دېدى. چۈشتىن كېيىن سائەت 7 دە ئالجىر تەسلىم بولدى. شۇ چاغدىن باشلاپ ئادمىرال دارلان ئامېرىكىلىقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى، گېنېرال جۇئان ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە

www.uyghurkitap.com

قايتىدىن چوڭ ھوقۇق ئىگىلىدى.

«ئوتتۇرا قىسىم» ئارىلاش تۈزۈلگەن پەۋقۇلئاددە فلوت ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ گېنېرال مايور فرېدېنىنىڭ قوماندانلىقىدا 8-نويابىر سائەت 1 دە ئوراندا قۇرۇقلۇققا چىقتى. فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ بۇ يەردە كۆرسەتكەن قارشىلىقى ئالجىرغا قارىغاندا خېلى كۈچلۈك بولدى. قۇرۇقلۇققا چىققۇچى قىسىملار دەسلەپ ئارزېۋ قولتۇقى ۋە ئانتالئوسنى خېلى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئوراننىڭ مەركىزىي نىشانىغا ھۇجۇم قىلىش جەريانىدا يېرىم يولدا توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. ئامېرىكا قوشۇنلىرىنى ئېلىپ كېتىۋاتقان ئەنگلىيىنىڭ ئىككى ھەربىي پاراخوتى ئوران پورتىغا مەجبۇرىي كىرگۈزۈلۈپ ئارقىدىنلا پاچاقلاپ تاشلاندى. پاراخوتتىكىلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى. 9-نويابىر كۈنىگە كەلگەندە، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمى كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە بەرمىدى. بۇ چاغدا ئىككى تەرەپنىڭ ئالجىردا سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىرادىسى بوشاپلا كەتكەنىدى. ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ برونېۋىك قىسمى 10-نويابىر كۈنى پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي جەنۇب تەرەپتىن ئورانغا بېسىپ كىرىپ، فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا يېقىنلاپ كەلدى. چۈشتە فرانسىيە ئارمىيىسى تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىدى.

«جەنۇبىي قىسىم» ئارىلاش تۈزۈلگەن پەۋقۇلئاددە فلوت ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى باتتوننىڭ قوماندانلىقىدا، 8-نويابىر تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى مەراكەش قىرغاقلىرىغا يېتىپ كەلدى. كېچىچە يول يۈرگەچكە، يەنە كېلىپ مەنزىل يىراق بولغاچقا، قۇرۇقلۇققا چىقىش ۋاقتى ئەسلىدىكى پىلاندىكىدىن ئۈچ سائەت كېچىكتى. ئامېرىكا ئارمىيىسى

ئايرىم-ئايرىم ھالدا كاسابلانكا ئەتراپىدىكى فېدالا، لىئوت پورتى ۋە سافىدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، دەسلىپىدىلا مۇستەھكەم ئورۇن ئىگىلىۋالدى. قۇرۇقلۇققا چىققۇچى قىسىملىرى بەزى جايلاردا ئۇنچىلىق قارشىلىققا ئۇچرىمىدى. لېكىن، كېيىنكى جەڭلەر، بولۇپمۇ لىئوت پورتى يېنىدىكى جەڭ ناھايىتى كەسكىن بولدى. 9-نويابىر كۈنى، ئامېرىكا ئارمىيىسى بىر تەرەپتىن قۇرۇقلۇققا چىققان مەيداننى مۇستەھكەملىسە، يەنە بىر تەرەپتىن تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ يۈرۈش قىلدى، لېكىن ئوق-دورا، يېقىلغۇلارنى ساھىلغا توپلىغان بولغاچقا، جەڭگىۋار قىسىملارغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتى بەكلا ئاستىلاپ كەتتى، بۇ چاغدا فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ قارشىلىقى كۈچىيىشكە باشلىدى. ھېلىمۇ ياخشى، دارلان ئۇرۇشنى توختىتىش بۇيرۇقى چۈشۈردى، مەراكەشنىڭ باش ۋالىيسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، 11-نويابىر تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ئامېرىكا ئارمىيىسى كاسابلانكانى ئىشغال قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي قوماندانى ستالىن ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ شىمالىي ئافرىقىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قۇرۇقلۇققا چىققانلىقىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ: «سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكەتنى زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئالاھىدە پاكىت دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ ھەرىكەت ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ قوراللىق كۈچىنىڭ بارغانسېرى ئۆسۈۋاتقانلىقىنى ھەمدە گېرمانىيە-ئىتالىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئۇزۇنغا قالماي گۇمران بولىدىغانلىق تەقدىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئافرىقىدىكى ھەربىي ھەرىكەت، ئەنگلىيە - ئامېرىكا رەھبەرلىرىنىڭ زور ھەربىي ھەرىكەتلەرنى تەشكىللەش ئىقتىدارى يوق، دەپ ھۆكۈم چىقارغان گۇمانخورلارغا يەنە بىر قېتىم كۈچلۈك رەددىيە

بولدى. شەك-شۈبھىسىزكى، ئالدىنقى قاتاردىكى تەشكىلاتچىلار بولغاندىلا، ئاندىن بۇنچىلىك زور ئوپېراتسىيىنى باشقا ئېلىپ چىقالايدۇ» دېدى.

ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئالجىرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، گېنېرال گىرائۇد بۇ شەھەرگە كەلدى ۋە رادىئو نۇتقى ئېلان قىلىپ، شىمالىي ئافرىقىدىكى فرانسىيە ئارمىيىسىنى قارشىلىقنى توختىتىشقا چاقىردى، ئەمما بۇنىڭ قىلچە رولى بولمىدى. شىمالىي ئافرىقىدىكى فرانسىيىنىڭ بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ئىچىدە پېتائىن يەنىلا مەبۇد ھېسابلىناتتى، دارلان بولسا پېتائىننىڭ بىۋاستە ۋەكىلى سۈپىتىدە قارىلاتتى، شۇڭا شىمالىي ئافرىقىدىكى ئوفىتسېر-جەڭچىلەر ئۇنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئىش قىلاتتى. گېنېرال ئېيزىنخاۋېرنىڭ ئەسلىمىسىدە يېزىلىشىچە: «گېنېرال كلاك تېلېگراممىدا ئەۋەتىپ دارلان قاتناشمايدىغان بولسا، يارىشىشقا بولمايدۇ، دېدى، ئۇنىڭ بۇ كۆز قارىشىنى شۇ چاغدىكى ئالجىردا تۇرۇشلۇق گېنېرال گىرائۇد قوللىدى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېيزىنخاۋېر ئەنگلىيىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى، چېرچىل ئۇنىڭغا سەممىيلىك بىلەن: «ئەگەر مەن دارلان بىلەن كۆرۈشسەم، گەرچە ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئۆچ بولسامۇ، لېكىن يەردە ئۆمىلەپ دېگۈدەك بىر ئىنگلىز مىلى يول يۈرۈپ، ئۇنىڭ فلوتىنى ئىتتىپاقداش ئارمىيە تەرەپكە ئەكەلدۈرۈشنى خۇشاللىق بىلەن قىلغان بولاتتىم» دېدى. بۇنىڭدىن باشقا، ھەربىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىتتىپاقداش ئارمىيىمۇ «زور مىقداردا قان ئاققۇزۇپ، ھەددى-ھېسابسىز ئازاب-ئوقۇبەتكە دۇچار بولۇشتىن» ساقلانماقچى بولدى. شۇڭا دارلان بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزدى. 10-نويابىر كۈنى دارلان ئۇرۇش توختىتىش بۇيرۇقى چىقاردى. 12-نويابىر ئالجىرنىڭ غەربىدىكى ئۇرۇش پۈتۈنلەي توختىدى. نويابىرنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئىتتىپاقداش ئارمىيىسى يەنە داۋاملىق شەرققە ئىلگىرىلەپ، تۇنىسنىڭ بەزى جايلىرىنى ئىشغال قىلدى.

13-نويابىر، ئىتتىپاقداش ئارمىيە دارلان باشچىلىقىدىكى فرانسىيىنىڭ قۇرۇقلۇق، دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيىسى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى كېلىشىم تۈزدى، شىمالىي ئافرىقىدىكى فرانسىيىنىڭ ھەربىي-مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى تىنچلىق ئاھالىلىرى ئىتتىپاق ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلاشتى، ئىتتىپاق ئارمىيىسى دارلاننىڭ فرانسىيىگە قاراشلىق شىمالىي ئافرىقىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىنى، گېنېرال گىرائۇدنىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى بارلىق فرانسىيە ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىشىنى ئېتىراپ قىلدى. ئارقىدىنلا ئېيزىنخاۋېر فرانسىيىگە قاراشلىق غەربىي ئافرىقىنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى پېيېر بويسون بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، غەربىي ئافرىقىنىمۇ قولىغا كىرگۈزۈۋالدى.

دارلان كېلىشىمىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى جامائەتچىلىككە ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ئەنگلىيىدە، ئەركىن فرانسىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئومۇمىيۈزلۈك نارازىلىق قوزغىدى. چېرچىلمۇ ئەتراپىدىكى جامائەت پىكرىنىڭ كۆڭدىن-كۆڭگە كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بىر مۇنچە كىشىلەر، بۇ ئۇچىغا چىققان پەسكەشلەرچە تىل بېرىكتۈرۈش، قارشى تەرەپ «بىز بىلەن بىر قازاندا قاينىمايدىغان ئەشەددىي دۈشمەن» دەپ ھېسابلىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە شىمالىي ئافرىقىدا قۇرۇقلۇققا چىقىشنىڭ غەلىبىسى، يەنى ئەل ئالامېيىن ئوپېراتسىيىسىنىڭ غەلىبىسى خىرەلىشىپ كەتتى. ئامېرىكىدىكى ئىنكاس ئەنگلىيىنىڭكىدەك ئۇنچىلىك كۈچلۈك بولمىدى، شۇنداقتىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەر بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتتى. شۇڭا، چېرچىل 17-نويابىر روزۋېلتقا تېلېگراممىا ئەۋەتىپ: «سىزگە شۇنى بىلدۈرۈپ قويۇشۇم كېرەككى، دارلان

بىلەن تۈزگەن كېلىشىم كۈچلۈك غەزەپ-نەپرەت قوزغىدى. مەن بۇ مەسىلىنى ئويلىغانسېرى بۇنىڭ ئۇرۇشنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىن ئىلاجسىز قوللانغان ۋاقىتلىق تەدبىر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قىلىۋاتىمەن. كىشىلەر بىزنى يەرلىكتىكى ئىسيان ئېقىمىدىكىلەر بىلەن مۇرەسسە قىلىشقا رازى، دەپ قارايدۇ. بۇ كۆز قاراش فرانسىيىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ياۋروپادىكى ئورتاق ئىشلىرىمىزغا يامان سىياسىي تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ، بىز بۇنىڭغا ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. دارلاننىڭ ئابرۇيى تۆكۈلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئادىمىنى فرانسىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىقىغا ئۆستۈرگەندىن كېيىن، فرانسىيە دېڭىز ئارمىيىسى بىزگە يامان غەرەزدە قارايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ فرانسىيە دېڭىز ئارمىيىسىنى كاسابلانكا ئەتراپىدىكى دېڭىزغا ئەۋەتىپ بىز بىلەن ئۇرۇش قىلدى، شۇنىڭ بىلەن فرانسىيىنىڭ بۇ دېڭىزچىلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. بۇ ئىشلار خۇددى تۈنۈگۈن بولغاندەك. ئەمدى دارلان ھوقۇقنى دەپ يەنە بىزگە مايىل بولدى. دارلان بىلەن بىر مەڭگۈلۈك كېلىشىم تۈزۈش ياكى فرانسىيىگە قاراشلىق شىمالىي ئافرىقىدا دارلان ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش مۇمكىن-ئۇن مۇمكىنغان ئاددىي پۇقرالارنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدىغان ئىش، ئۇلارنىڭ سەممىي كۆڭلى بىزنىڭ كۈچىمىز» دېدى.

روزۋېلت چېرچىلنىڭ تېلېگراممىسىدا ئىنكاس قىلغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن، 18-نويابىر يەنى ئەنگلىيە باش ۋەزىرىنىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئوچۇق باياناتت ئېلان قىلدى. روزۋېلت ئىتتىپاقداش ئارمىيىگە ۋاكالىتەن: «كەلگۈسىدىكى فرانسىيە ھۆكۈمىتىنى ھەرگىزمۇ فرانسىيە زېمىنىدىكى ياكى چەت ئەلدىكى بىرەر ئادەم قۇرمايدۇ، ئۇنى پەقەت فرانسىيە خەلقى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن ئۆزلىرى قۇرىدۇ. نۆۋەتتە، شىمالىي

ئافرىقا ۋە غەربىي ئافرىقىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشلار پەقەت ئۇرۇشنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىن ئىلاجسىز قوللانغان بىر خىل ۋاقىتلىق تەدبىردىنلا ئىبارەت، خالاس» دەپ كۆرسەتتى.

روزۋېلتنىڭ بۇ باياناتى كىشىلەرنىڭ غەم-ئەندىشىسىنى زور دەرىجىدە يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېرچىلنىمۇ خاتىرجەم قىلدى. روزۋېلت 20-نويابىر باش ۋەزىرگە خەت يېزىپ: «مەن تۈنۈگۈن ئۆز ئائىلەمگە ئاخبارات-مەتبۇئات ساھەسىدىكىلەرگە بالقان ئارىلىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان قەدىمكى يۇنان دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزىنى ئېيتىپ بەردىم، چۈنكى بۇ بىزنىڭ نۆۋەتتىكى دارلان-دې گول مەسىلىسىگە مۇۋاپىق كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ھېكمەتلىك سۆز مۇنداق: 〈باللىرىم، بېشىڭلارغا چوڭ بالايىئاپەت كەلگەندە مەقسەت-مۇرادىڭلارغا يېتىۋالغۇچە، شەيتان بىلەن ھەمسەپەر بولۇڭلار.〉» دېدى.

روزۋېلتنىڭ «ۋاقىتلىق تەدبىر» ۋە «شەيتان بىلەن ھەمسەپەر بولۇش» دېگەن سۆزلىرى دارلاننى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى ۋە ئۆزىنىڭ ئاللىقاچان يېتىم ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ گېنېرال كلاكقا خەت يېزىپ: «ھەرقايسى جايلاردىن ئىگىلىگەن خەۋەرلەردىن مۇنداق بىر كۆز قاراش، يەنى مەن پەقەت ئامېرىكىلىقلار سىقىپ سۈيىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن تاشلىۋېتىدىغان بىر دانە لىمون بولۇپ قالغانلىقىم ئىسپاتلاندى» دېدى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ شەخسىي ئورنى بىلەن ھېسابلاشمايدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك مەغرۇرلۇق، قارا نىيەتلىك قىلمايدىغانلىقىنى ياكى كۆڭلىدە بىرەر يامان غەرەزنىڭ يوقلۇقىنى، بەلكى دۆلەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇنداق قىلىشقا مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ئېيتتى.

دارلان ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ۋەتىنىگە سادىق

ئىكەنلىكىنى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن سەمىمىي ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىسمۇ، لېكىن داۋاملىق ئەسكىلىك قىلىپ، ئۆز سەنىمىگە دەسسەپ، سەمىمىي نەسىھەتلەرگە قۇلاق سالمىدى. ئۇ ۋىشىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن، ھەتتا ناتسىستلار بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ نام-ئابرۇيى تۆكۈلگەن كىشىلەردىن پايدىلاندى. يەنە بىر تەرەپتىن ئالجىردىكى دې گول تەرەپدارلىرىنى تۇرمىگە تاشلاپ، ئۇلارنىڭ «كۇرەش گېزىتى» نى پېچەتلىدى. بۇ فرانسىيە خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ قوزغىدى. ئەركىن فرانسىيە يەر ئاستى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ھەمدە ئەنگلىيە، ئامېرىكا گېزىت-ژۇرناللىرى بەس-بەستە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دارلاننى قاتتىق ئەيىبلىدى. 1942-يىل 23-دېكابىر، دارلان ياش بىر دې گولپەرەس تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، گىرائۇد شىمالىي ئافرىقىدىكى ھەربىي-مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇردى.

ئەنگلىيە - ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ شىمالىي ئافرىقىدا قۇرۇقلۇقتا چىقىشىنى گىتلېر خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئوي-خىيالى ئىتتىپاقداش ئارمىيە قۇرۇقلۇقتا چىققان كۈنىگىچە ۋىشى ھۆكۈمىتى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ھەمكارلىق ئورنىتىپ، ئەنگلىيە- ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسىگە ئورتاق قارشى تۇرۇشتا ئىدى. لېكىن، ئۇ ئەتىسى تۇيۇقسىزلا پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، فرانسىيىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشغال قىلىپ، كورسىي ئارىلىدا قۇرۇقلۇققا چىقىش ھەمدە تۇنىستا بىر كۆۋرۈك ئىستىھكامى قۇرۇشنى قارار قىلدى. 10-نويابىر چۈشتىن كېيىن، ئۇ فرانسىيىنىڭ جەنۇبىنى ئىشغال قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. 11-نويابىر كۈنى ئەتىگەندە، گېرمانىيىنىڭ ماشىنىلاشقان قىسىملىرى ۋە ئىتالىيىنىڭ ئالتە دىۋىزىيىسى فرانسىيىنىڭ

«ئەركىن رايونى» نى ناھايىتى تېز لا ئىشغال قىلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن، ۋىشى ھۆكۈمىتى تەختتىن چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گېرمانىيە - ئىتالىيە ئىككى دۆلەتنىڭ ئارمىيىسى كورسىي ئارىلى ۋە تۇنىسنى تېزلىكتە بېسىۋالدى ھەمدە تۇنىستا بەش دىۋىزىيىلىك ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، تاكى 5-بىرلەشمە ئارمىيىسىنى تەشكىللىدى. بۇ ئارمىيە گېنېرال ئالنىمنىڭ قوماندانلىقىدا ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسماقچى بولدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى فرانسىيىنىڭ ھەربىي پاراخوتلىرىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، 27-نويابىر فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى پورت تۇلونغا ھۇجۇم قىلدى. فرانسىيە ماتروسلىرى ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە ئەقىل-پاراستىگە تايىنىپ، ھەربىي پاراخوتنى تېشىپ چۆكتۈرۈۋەتتى. پورتتا چۆكتۈرۈۋېتىلگەن 73 ھەربىي پاراخوت، بىر چوڭ ھەربىي پاراخوت، ئىككى چوڭ كرېيسېر، يەتتە ئوكيان چارلاش پاراخوتى، 29 قوغلىغۇچى كېمە ۋە تورپېدا قېيىقى ھەمدە 16 سۇ ئاستى كېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، فرانسىيە فلوتى ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىدى، لېكىن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرمۇ زور قىممىتى بار بىر تۈركۈم ھەربىي پاراخوتلارغا ئىگە بولالمىدى.

شىمالىي ئافرىقىدا قۇرۇقلۇققا چىقىش ئوپېراتسىيىسىدە ئىككى تەرەپ ناھايىتى ئاز زىيان تارتتى. 8-نويابىردىن 13-نويابىرگىچە ئەنگلىيە، ئامېرىكا 2 دۆلەتنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى 2225 ئادىمىنى، فرانسىيە ئارمىيىسى ۋە ئاھالىسى تەخمىنەن 490 ئادىمىنى زىيان تارتتى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە قۇرۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ قوللىشى ئاستىدا، نويابىرنىڭ ئاخىرى پۈتكۈل مەراكەش ۋە ئالجىرىيىنى ئىشغال قىلدى ھەم تۇنىس زېمىنىغا كىرىپ، بىسېدا ۋە تۇنىس

شەھىرىگىچە يېقىنلاپ كەلدى.

1942-يىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن 1943-يىلى فېۋرالنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئىككى دۆلەت ئارمىيىسى ھۇجۇمنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. شىمالىي ئافرىقا ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى گېنېرال ئالېكساندىرنى بۇ ئوپېراتسىيىنىڭ ئالدىنقى سەپ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەشنى بەلگىلىدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تۇنىسنىڭ جەنۇبىغا ئىككى تانكا دىۋىزىيىسىنى توپلاپ، 14-فېۋرال كۈنى ئالدىنئالا ھۇجۇم قىلدى ۋە پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، شىمالغا 150 كىلومېتىر ئىلگىرىلىدى. ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلەشمە ئارمىيە باش شتابى دەرھال زور تۈركۈمدىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ۋە ئاۋىئاتسىيە قىسىملىرىنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ تۇنىستىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق قايتۇرما ھۇجۇمىنى چېكىندۇردى ۋە 25-فېۋرال كۈنى بۇرۇنقى ۋەزىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ زور ئارمىيىسى ئۇرۇش تەييارلىقىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1943-يىل مارتنىڭ كېيىنكى يېرىمى ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ چاغدا، ئالېكساندىر قوماندانلىقىدىكى 18-بىرلەشمە ئارمىيە ئاز دېگەندە 20 دىۋىزىيە، تۆت مۇستەقىل بىرىگادىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئادەم ۋە قورال-ياراغلىرى تولۇق ئىدى. گېرمانىيە، ئىتالىيە ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى ئاران 14 دىۋىزىيە، ئىككى بىرىگادىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئادەم ۋە قورال-ياراغلىرى تولۇق ئەمەس ئىدى. ھەر بىر دىۋىزىيە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5000 ئادەمدىن ئاشمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئالېكساندىر بىلەن مونتگومېرى قوماندانلىقىدىكى ئىككى ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ۋەزىيىتى ئۇلار ئۈچۈن



www.uyghurkitap.com

ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى. روممېل ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى ئارمىيىسى ئافرىقىدا قالىدىغان بولسا، «قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىق» بىلەن باراۋەر بولىدۇ، دەپ قارايتتى. روممېل 9-مارت قول ئاستىدىكى گېنېرال ئاللىنى ئارمىيىگە ۋاكالىتەن قوماندانلىق قىلىپ تۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، كېسەللىنى داۋالاتقىلى ياۋروپاغا قايتتى ھەمدە باشلىقىغا شىمالىي ئافرىقىدىن قوشۇننى تېزلىكتە چېكىندۈرۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. ئاقىۋەت روممېل گىتلېرنىڭ نەزىرىدە «ئۈمىدسىزلەنگەن» بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى، شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ ئافرىقا دىۋىزىيىسىگە قوماندانلىق قىلىش هوقۇقىدىن ئايرىلدى.

1943-يىل 20-مارت ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى مونتگومېرىنىڭ 8-گورۇپپىۋوي ئارمىيىسىنى ئاساسىي كۈچ قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئاساسلىق جىبدىسى — مارېت مۇداپىئە سېپىگە ھۇجۇم باشلىدى. بۇ مۇداپىئە سېپىنى فرانسىيىلىكلەر ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ئىتالىيىلىكلەرنىڭ تۇنىسقا تاجاۋۇز قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ياسىغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 20 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان، يەنە كېلىپ تەشكىللىنىشى قاتتىق مۇداپىئە سىستېمىسى ئىدى. مانا ئەمدى ئىتالىيىلىكلەر دەل مۇشۇ يەردە قوغدىنىپ تۇرۇپ، ئىنگلىزلارغا تاقابىل تۇرۇۋاتاتتى! دېڭىزغا تۇتىشىپ تۇرىدىغان باش تەرىپى تىك يار، ئۇدۇل تەرىپىدە ئالدىنقى سەپتىن ماتماتا تېغىغىچە سوزۇلغان تانكىغا قارشى ئاكوپ ۋە سىم توساقلار بار ئىدى. ئايلىنىپ يۈرۈپ ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتى يوق، تېباك تېغى بىلەن مىرابۇ تېغى ئارىسىدا بىرلا چىغىر يول بار ئىدى. دۈشمەنلەر بۇ تاغ ئېغىزىدا ئىستىھكام ياسىغان ھەمدە بۇ يەرنى گېرمانىيە برونېۋىك دىۋىزىيىسى بىلەن ئىتالىيە پىيادە ئەسكەرلەر قىسىملىرى

www.uyghurkitap.com

ئىشغال قىلىنىۋالغانىدى.

لېكىن، مونتگومېر مارېت جېنىدىسىنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى ئەمەلىي كۈچنى، يەنى گېرمانىيىنىڭ ئىككىنچى دىۋىزىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالتە دىۋىزىيىنى، شۇنىڭدەك 15-برونېۋىك دىۋىزىيىسى زاپاس كۈچ ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ياندىن زەربە بېرىش كولوننىسىنى ئىشقا سېلىپ تاغ ئېغىزىنى بۆسۈپ ئۆتۈش ھەمدە دۈشمەن ئارقا سېپىدە پۈت تىرەپ تۇرالىغۇدەك ئورۇنغا ئىگە بولۇشنى قارار قىلدى. بارلىق تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، يەنى 20-مارت يېرىم كېچىدىن ئىلگىرى 30-ئارمىيە مارېت مۇداپىئە سېپىنىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىدىن ئاساسىي ھۇجۇمنى باشلىدى. 50-دىۋىزىيە ۋاردجىسو ئاساسلىق مۇداپىئە سېپىدىن ئۆتۈپ مۇستەھكەم ئورۇن ئىگىلىدى. لېكىن، بۇ يەرنىڭ تاغ ئېغىزىدىكى ئىستىھكامنى ئېلىش مۆلچەردىكىدىنمۇ بەكرەك قىيىنغا چۈشتى. سايپىيورلار ئاجايىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. مەيلى تانكا ياكى تانكىغا قارشى زەمبىرەكلەر بولسۇن بۇ ئىستىھكامدىن ئۆتەلمىدى. 22-نويابىر گېرمانىيىنىڭ 15-برونېۋىك دىۋىزىيىسى شىددەتلىك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قارشى تەرەپنى چېكىندۈردى، شۇ كۈنى كەچتە مونتگومېرنىڭ قوشۇنلىرى ۋاردجىسونىڭ ئۇدۇلىغا چېكىندى.

6-ئاپرېل، ئەنگلىيىنىڭ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى يەنە بىر قېتىملىق يېڭى ھۇجۇمنىڭ تەييارلىقىنى پۇختا ئىشلىدى. ۋارد ئاكالىت ئۆزىلا ناھايىتى چوڭ بىر توسالغۇ بولۇپ، شىمال تەرىپىدىكى ئېگىز تاغلاردىن پەستىكى نەرسىلەر كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇراتتى، شۇڭا بۇ جاي پۈتكۈل ئۇرۇش سېپى بويىچە تەبىئىي مۇستەھكەم مۇداپىئە جېنىدىسى بولۇپ شەكىللەنگەنىدى. مونتگومېرى ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش تاكتىكىسى بويىچە زەمبىرەكچى قىسىملىرىنى ئىشقا سالدى. تاڭ يورۇشتىن

ئىلگىرى ئەنگلىيىنىڭ 51-دىۋىزىيىسى بىلەن 50-دىۋىزىيىسى ھەمدە 4-ھىندىستان دىۋىزىيىسى كۈچلۈك زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا كۈچلۈك قارشىلىققا قارىماي ھۇجۇم باشلىدى. دۈشمەن ئارمىيىسىمۇ قاتتىق قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى، شۇڭا كەچقۇرۇن بولغاندا بۇ قورغاننى ئالدى. شۇنداق قىلىپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئۈزۈلدۈرمەي زەربە بېرىشى ئارقىسىدا گېرمانىيە - ئىتالىيە ئارمىيىسى قورشاۋدا قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى، ئاخىر مارېت مۇداپىئە سېپىنىڭ گارنىزونى شىمالغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى ۋە ئاپرېلنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە تۇنىسنىڭ شىمالىغا چېكىنىپ، «كۈپكە سولانغان تاشپاقا» غا ئايلىنىپ قالدى.

1943-يىلى 19-ئاپرېل، ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ ئومۇمىي ھۇجۇم باشلىدى. ئەنگلىيىنىڭ 8-گۇرۇپپىۋى ئارمىيىسى جەنۇبتىن شىمالغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى غەربكە ھۇجۇم باشلىدى. 18 كۈن جەڭ قىلىش ئارقىلىق، يەنى 7-ماي ئايرىم-ئايرىم ھالدا تۇنىس شەھىرى بىلەن سېدا پورتىنى ئىگىلىدى. بۇ جەڭدە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى ئاجايىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بىر كۈن ئىچىدىلا 2500 ئايروپىلان قېتىمدىن ئوشۇقراق ھۇجۇمغا ئۆتتى. بىر نەچچە ھەپتىدىن بېرى، ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى ئاستا-ئاستا مەغلۇپ بولدى، بۇ خەۋپ ئالدىدا قارشى تەرەپكە پەقەت 60 ئايروپىلان قېتىم ھۇجۇم قىلىپ ئىنتىقامىنى ئالىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇرۇش تازا ئەۋجىگە چىقىش ئالدىدا تۇراتتى. دېڭىز ۋە ھاۋادا شەپقەتسىز قامال قىلىش دائىرىسى قۇرۇلدى. دۈشمەن دېڭىزدىكى ھەرىكەتلىرىنى توختاتتى، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ تىرىشچانلىقلىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. گارنىزون

گېرمانىيىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قوماندانلىق شتابىغا دوكلات يوللاپ ھەسرەتلەنگەن ھالدا: «جېندىنى ساقلاپ قالالمىدۇق! دۈشمەنلەرنىڭ غەلىبە قىلىشىدا ئەنگلىيە-ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى، شۇنىڭ بىلەن، گېرمانىيە-ئىتالىيىنىڭ تۇنىستىكى كۆۋرۈك بېشى جېندىسىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھازىر بىز ئاسمانغا چىقاي دېسە ئاسمان ئېگىز، يەرگە كىرەي دېسە قاتتىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق، خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!» دېدى.

لېكىن، خۇدا ئۇلارنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ قالالمىدى، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ كۈچلۈك زەربىسى ئاستىدا گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ 250 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسى چېكىنىشكە ترانسپورت كېمىلىرى بولمىغاچقا، ئاخىر 13-ماي تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيە شىمالىي ئافرىقىدىكى گېرمانىيە، ئىتالىيە ئارمىيىسىنى پۈتۈنلەي تازىلاپ، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ۋەزىيىتىنى تۈپ جەھەتتىن ئۆزگەرتتى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ئىتالىيىنىڭ سىتسىلىيە ئارىلىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىشىنىڭ ئوبدان شەرتىنى ھازىرلىدى.

19-ماي، چېرچىل ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ باشلىقىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن «مەشئەل» ئوپېراتسىيىسىدە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئامېرىكا پارلامېنتىدا نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

«شىمالىي ئافرىقىدا كۆرسەتكەن تۆھپىمىز ئەسلىدىكى مۆلچەرىمىزدىكىدىنمۇ ياخشى بولدى. پىلانىمىز ئويلىمىغان يەردىن ياردەمگە ئېرىشتى، شۇڭا ئىشتىن نەتىجىسى كۆپ بولدى. بىز بۇ جەھەتتە گىتلېرنىڭ ھەربىي بىلىمىگە رەھمەت ئېيتىماي تۇرالمايمىز. مەن بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى تۆۋەن پالاتادا بىز بۇ قېتىم بۇ ھەربىي مۇتەخەسسىسنىڭ قابىلىيىتىنىڭ

قانداقلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان بولدۇق، دىگەنىدىم، فاشىست گېرمانىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى پائۇلۇس ۋە ئۇنىڭ قىسىملىرى ستالىنگرادتا ئۆزىنى ھالاك قىلىدىغان بولسىزلارچە جاھىللىق قىلغانىدى، ھازىر بۇ دۇشمەنلىرىمىز تۇنىستا يەنە ئوخشاشلا يېڭى ئاپەتكە ئۇچراۋاتىدۇ. . .

ئىككى مۇستەبىتنىڭ ئافرىقىغا يۇرۇش قىلىشى ئۇلارنىڭ 950 مىڭدىن كۆپرەك ئەسكىرىنىڭ ئۆلۈشى، ياردار بولۇشى ۋە ئەسىرگە چۈشۈشىگە سەۋەبچى بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، 2 مىليون 400 مىڭ تونناژغا يېقىن كېمە-پاراخوتلىرى چۆكتۈرۈۋېتىلدى، 8000 غا يېقىن ئايروپىلانى پاچاقلاپ تاشلاندى، بۇ ئىككى سان زەخىملەنگەن پاراخوت ۋە ئايروپىلانلىرىنىڭ سانىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. دۇشمەن يەنە 6200 زەمبىرەك، 2250 تانكا ۋە 70 مىڭ يۈك ئاپتوموبىلى زىيان تارتتى. . . ئۇرۇشنىڭ مۇشۇ مۇساپە كۆرسەتكۈچىگە يەتكەن چېغىمىزدا، بىز بىر چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ۋەزىيىتىنى ئوڭشىۋالدۇق، دېيىشكە ھەقلىقمىز.»

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە تور ئادرېسى

## ئوتتۇز ئىككىنچى باب

# قايتۇرما ھۇجۇمنىڭ تەڭكەش مۇزىكىسى

«مەشئەل» ئوپېراتسىيىسىنىڭ غەلىبىسىدىن بەكلا خۇشال بولۇپ كەتكەن چېرچىل ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قايتۇرما ھۇجۇم پىلانىنى ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئوپېراتسىيە تېخى ئاياغلاشماي تۇرۇپلا ئامېرىكىغا زىيارەتكە بېرىشقا ئالدىرىدى.

چېرچىل ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە: «شىمالىي ئافرىقا ۋەزىيىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەندىن كېيىنلا، مېنى ۋاشىنگتونغا بېرىشقا ئۈندەيدىغان زور سەۋەبلەر بارلىققا كېلىدۇ. بىز غەلىبە قىلدۇق، ئەمدى نېمە ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك؟ تۇنىسنىڭ چېگرىسىغىچە بارغانلىقىمىزنى غەلىبىمىزنىڭ مېۋىسى دەپ قانائەتلىنەمدۇق ياكى ئىتالىيىنى ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى چەمبىرىكىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىپ، تۈركىيىنى ئۆزىمىز تەرەپكە تارتامدۇق؟ ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنى مەن بىلەن زۇڭتۇڭ ئىككىمىز سۆھبەتلەشكەندىن كېيىنلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. 2-قەدەمدە مۇزاكىرە قىلىنىدىغان مەسىلە، ئىتالىيە ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئۇرۇش پىلانىدىن ئىبارەت» دەپ يازدى.

چېرچىل سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئېغىر دەرىجىدە ئىختىلاپ مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىمۇ بىر مۇنچە ئىختىلاپلارنىڭ مەۋجۇت

ئىكەنلىكىنى، ئەگەر بۇ ئىختىلاپلار ۋاقتىدا تۈگىتىلمىسە، بۇنىڭدىن كېيىن قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارنىڭ پەيدا بولۇپ، ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا پايدىسىز بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.
شۇڭا، ئۇ روزۋېلتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك يىغىنىنى ئېچىشنى بەلگىلىدى.
دوختۇرلار چېرچىلنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنىڭ ۋاقتىنچە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇشىغا رۇخسەت قىلمىدى. ئاخىر ئۇ دېڭىز ئارقىلىق سەپەرگە چىقماقچى بولدى. 4-ماي، چېرچىل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ھەشەمەتلىك ياسالغان «خانىش مارىيە» ناملىق پاراخوتقا ئولتۇرۇپ لوندوندىن ئايرىلدى. بۇ پاراخوتنىڭ ئۈسكۈنىلىرى تولۇق بولۇپ، باش ۋەزىرنىڭ ساياھەت ئىشلىرىغا باب كېلەتتى. پۈتكۈل ۋەكىللەر ئۈچىنچى پاراخوتنىڭ ئاساسلىق بۆلۈملىرىدە تۇراتتى، بۇ قىسىمنىڭ پالۇبىسى پاراخوتنىڭ باشقا قەۋەتلىرى بىلەن پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىلگەن، ئىشخانا، مەجلىسخانا ۋە خەرىتە ئۆيلىرى تەخلەپ قويۇلغانىدى. ئۇلار پاراخوتقا چىققاندىن تارتىپ خىزمەتنى بىردەممۇ توختىتىپ قويمىدى.
«خانىش مارىيە» نى يولۇچىلار پاراخوتى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئەقىلگە سىغمايدىغان ئالدىنى ئېلىش چارىلىرىنىڭ ھەممىسى قوللىنىلدى. گوللاند يېزىقىدا يېزىلغان بىر مۇنچە ئۇقتۇرۇشلار پاراخوتنىڭ ھەممىلا يېرىگە چاپلىنىپ، گوللاندىيە ئايال پادىشاھى ۋىلھېلمىنا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئامېرىكىغا كېتىۋاتىدۇ، دېگەنلىكتىن بىشارەت بېرىلدى. مۇھاپىزەت قىلىش پىلانى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلدى، ھەتتا ئاشلىق يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان ئىچكى كابىنېتنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى پاراخوتتا چېرچىلنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ھاڭ-تاڭ قالدى. پاراخوتتا تېخى

گېرمانىيىنىڭ 5000 نەپەر ئەسىرىمۇ بار ئىدى، ئىشقىلىپ «خانىش مارىيە» ناملىق پاراخوت ئوڭۇشلۇق ھالدا مەنزىلگە يېتىپ باردى.

12-ماي، چېرچىل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلدى، زۇڭتۇڭ روزۋېلت، خوپكىنس ۋە باشقا ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئەنگلىيە ۋەكىللىرى بىر ئاز دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ۋە شتاب باشلىقلىرى ئاق سارايدا مەخپىي ھەربىي يىغىن ئۆتكۈزدى، ئىككى تەرەپ مۇزاكىرە قىلىپ تولۇق پىكىر ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، ئىككى دۆلەتنىڭ ئۇرۇش توغرىسىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىنى بېكىتتى.

ئىككى تەرەپ: «روسىيە ۋە باشقا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، ياۋروپا ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ بالدۇرراق شەرتسىز ھالدا تەسلىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، تىنچ ئوكياندىكى باشقا ئالاقىدار دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، ياپونىيىگە بولغان بېسىمنى ھارماي داۋاملاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش، شۇ ئارقىلىق ياپونىيىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئاخىر ياپونىيىنى تەسلىم بولۇش گىردابىغا چۈشۈرۈپ قويۇشتەك مەقسەتكە يېتىش لازىم. ياۋروپا ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى مەغلۇپ بولغاندا، تىنچ ئوكياندىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىش، ئەگەر ئىمكانىيەت يار بەرسە، روسىيە بىلەنمۇ ھەمكارلىشىپ، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ياپونىيىنىڭ بالدۇرراق شەرتسىز تەسلىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك» دەپ ھېسابلىدى.

يىغىن بۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ سۇ

ئاستى كېمىلىرىنىڭ تەھدىتىنى يوقىتىش؛ ھاۋادىكى ئۈستۈنلۈكنى مۇستەھكەملەش؛ ئۈق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ بازىلىرىغا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك ھۇجۇم قىلىپ، مەلۇم يېرنى تالالاپ بېكىتىلگەن رايوندا ئەڭ زور چەكلىمىدىكى ئادەم ۋە ماددىي كۈچلەرنى توپلاش؛ زۆرۈر ھەم كارغا كېلىدىغان ئەمەلىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگوغا ياردەم بېرىش ھەمدە جۇڭگونى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇنۇملۇك ئۇرۇش قىلىشىدىكى ئۇرۇش بازىسىغا ئايلاندۇرۇش؛ ئافرىقىدىكى فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىگە قارشى ئۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىشى ئۈچۈن شەرت ھازىرلاش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى بېكىتتى. يىغىن ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئۇرۇش ۋەزىپىسى توغرۇلۇق، ئۇرۇش كۆلىمىنى ئىتالىيە ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولۇش دەرىجىسىگە يەتكۈزۈشنى قارار قىلدى. چۈنكى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئىككى دۆلەت مەسلىھەتلىشىپ 1944-يىل ئەتىيازدا، ئەنگلىيە بوغۇزىدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، گېرمانىيىگە ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، ئادەم ۋە ماددىي كۈچلەرنى ئەنگلىيىگە توپلاش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

يىغىندا چېرچىل بىلەن روزۋېلت ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قورال-ياراغ توغرىسىدىكى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. روزۋېلت سۆزگە چىقىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئىشلەپ چىقىرىش جەھەتتە نېمىسلار ۋە ياپونىيىلىكلەردىن ئېشىپ كەتتى. شۇڭا زور مىقداردىكى قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا ئارمىيىسىنى پائال تۈردە جەڭگە قاتناشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. تۈركىيىگە كەلسەك، مەن يەنىلا ئۈمىد بىلەن قارايمەن. بۇ دۆلەت ئۇرۇشقا قاتناشسا، ھاۋا ئارمىيىمىزنىڭ گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئۇرۇش مەيدانىغا

بارىدىغان قاناش لېنىنگرادقا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ھۇجۇمنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئەڭ مۇۋاپىق بولغان شارائىتنى قىلىپ چىقاردى.

بارىدىغان قاناش لىنىيىسىگە ئۆشتۆمتۈت زەربە بېرىشتە مۇھىم بازا بولىدۇ. «بىز سىنتىسىلىيىدىن قەيەرگە بارىمىز؟» بۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئالاھىدە جىددىي مەسىلە. ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدا 20 دىۋىزىيىدىن يۇقىرى ئەنگلىيە ئارمىيىسىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك. ئىتالىيىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئادەم ۋە ماددىي كۈچىنىڭ خورىشىنى كېيىن بولىدىغان ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى بىر ئوپېراتسىيىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

«تىنچ ئوكيان رايونىدا، — دېدى روزۋېلت، — ياپونىيىلىكلەر داۋاملىق ئاجىزلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئامېرىكىلىقلار ئالېئوت تاقىم ئاراللىرىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى. سولومون تاقىم ئاراللىرى ۋە يېڭى گۋىنېيىدىكى ھەربىي ھەرىكەتلەر ئاللىقاچان باشلاندى. ئالاھىدە مۇھىم ئىش، ياپونىيىنىڭ ئۈزۈنغا سوزۇلغان تەمىنات لىنىيىسىگە مەركەزلەشتۈرۈپ زەربە بېرىشتىن ئىبارەت. ئۇرۇش باشلانغاندىن بېرى، ياپونىيە 1 مىليون توننالىق پاراخوتىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئەگەر ئەھۋال مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەربىي پائالىيەت دائىرىسى چوقۇم چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. دېڭىزدىكى ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگودا ھاۋا ئارمىيە بازىسىنى قۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. جۇڭگو بازىلىرىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسىنى كۈچەيتىش، ياپونىيىنىڭ سۇ ترانسپورتىغا بولغان بېسىمنى كۈچەيتىشتىن دېرەك بېرىدۇ. زۇڭتۇڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن نېمىسلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشىمىز كېرەك». ئۇ گېرمانىيىنى ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇرلاشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئەنگلىيە بوغۇزىدىن ئۆتۈپ ھۇجۇم قىلىش، دەپ قارايتتى.

چېرچىل تەكىتلەپ، 1944-يىلىدىن ئىلگىرى ئەنگلىيە بوغۇزىدىن ئۆتۈپ ئۇرۇش قىلىشقا بولمايدۇ، دېدى. شۇڭا، ئۇ ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ زور قوشۇنىنى ئىتالىيىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، مەن ئىتالىيىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار، دەپ قارىمايمەن. ئەگەر ئىتالىيە تارمار بولۇپ كەتسە، ئىتتىپاقداش ئارمىيە بالقان ۋە ياۋروپانىڭ جەنۇبىدا بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ئۇرۇش قىلىشى ئۈچۈن پورت ۋە ئايرودروملارنى ئىشغال قىلىشى كېرەك. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ نازارىتى ئاستىدىكى ئىتالىيە ھۆكۈمىتى ئۆز دۆلىتىنى ئىدارە قىلالايدۇ. بۇ مۇھىم مەسىلىلەرنى ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ شتاب باشلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىدۇ، دېدى.

15-ماي روزۋېلت چېرچىلنى خايدې باغچىسىغا ئەمەس، ئۆزى بىللە «غايىۋى جەننەت» كە بېرىشنى تەكلىپ قىلدى. «غايىۋى جەننەت» زۇڭتۇڭ مارىلاند شتاتى كاتوكيان تېغىنىڭ تەخمىنەن 4000 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان ئېگىز جايىدىكى خىلۋەت تۇرالغۇسىغا قويۇلغان ئىسمى ئىدى. پۇرسەت بولسىلا دىمىق ھەم شاۋقۇن-سۈرەنگە تولغان ۋاشىنگتوندىن بۇ يەرگە كېلىۋالاتتى. «غايىۋى جەننەت» كە بېرىشقا ئۈچ سائەت ۋاقىت كېتەتتى. ساھىبخانا بىلەن مېھمانلار ماشىنىدىكى ئورۇن مەسىلىسىدە خېلى تالاش-تارتىش قىلدى. روزۋېلت سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا، ئەلۋەتتە ياخشى ئورۇندا ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى. روزۋېلت خانىم ئالدى رەتتىكى ئورۇندا ئولتۇرۇشنى، باش ۋەزىرنىڭ زۇڭتۇڭنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما، چېرچىل زۇڭتۇڭنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشقا ئۇنىمىدى. ئاخىر «بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسى ھەرىكەت قوللاندى». تەخمىنەن ئۈچ مىنۇت قاتتىق ئىدىيىۋى

## ٦

توغۇنۇشتىن كېيىن، چېرچىل غالىپ كەلدى، روزۋېلت خانىم ئېرىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، خوپكىنس 4-ئورۇندا ئولتۇردى، موتوتسىكلىت ئەترىتى ئۇلارنى قوغداپ ماڭدى.

ماشىنا ئىككى سائەت يول يۈرۈپ فدېرىك يېزا بازىرىغا كەلدى. بىر نەچچە يىل ئىلگىرى چېرچىل گېتتىسبۇرگتىكى بۇ مەشھۇر ئۇرۇش مەيدانىنى زىيارەت قىلغانىدى. ئۇ باربارا فرىچ ھەققىدىكى ھېكايە ۋە ئۇنىڭ تۇرغان ئۆيىنى سورىدى. باربارا فرىچ ئامېرىكىلىق ۋىتتىيېر 1864-يىلى ئېلان قىلغان شېئىردىكى ئايال باش قەھرىمان ئىدى. بۇ شېئىرنى ھەممە يادقا بىلەتتى.

ئۇلار يەنە خېلى ئۇزۇن مېڭىپ ئاللېگېنى تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتكەندە چارچاپ قالدى بولغاي، ھەممەيلەننى سەل ئۇيقۇ باستى. ئۇزۇن ئۆتمەي «غايىۋى جەننەت» كە كەلدى. بۇ ياغاچتىن ياسالغان، زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر ئورنىتىلغان بىر يۈرۈش ئۆي ئىدى، ئۆينىڭ ئالدىدا بۇلاق ۋە سۈيى سۈپسۈزۈك كۆلچەك بار ئىدى، كۆلچەكتە بىر مۇنچە ترۇن بېلىقى ئۇياقتىن-بۇياققا ئۈزۈپ يۈرەتتى.

روزۋېلت بىلەن چېرچىل ئامېرىكىنى سەيلە قىلىۋاتقان جياڭجيېشى خانىم بىلەن قانداق كۆرۈشۈش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلدى. سۇڭ مېيلىڭ بۇ چاغدا نيۇ-يوركتا ئىدى، ئۇ شۇ يەردە ئەنگلىيە باش ۋەزىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىما قىلغان، ئەمما چېرچىل خىزمەت ئالدىراش، ئامېرىكىدا تۇرىدىغان ۋاقتىمۇ چەكلىك بولغاچقا، ۋاقىت چىقىرالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. شۇڭا، روزۋېلت چېرچىل بىلەن ئاقسارايدا كۆرۈشۈۋېلىشى ئۈچۈن، جياڭجيېشى خانىمنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئەمما، سۇڭ مېيلىڭ تەكەببۇرلۇق قىلىپ، ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ، ئاقىۋەت ئۈچ تەرەپنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويدى.

بىرلەشمە شتاب باشلىقلىرى يىغىنى داۋام قىلىۋاتقان، بەزى مۇھىم مەسىلىلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇزاكىرە قىلىشقا توغرا كېلىۋاتقان بولغاچقا، ئۇلار دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە بۇ ئازادە، سالقىن جايدىن ئايرىلىپ، ئاللىبۇرۇن تېغىغا كەلدى، ئاندىن تونۇردەك ئىسسىق ۋاشىنگتونغا قاراپ يول ئالدى. فدېرىك يېزا بازىرىغا كەلگەندە، چېرچىل قاتارلىقلار باربارا فرىچىنىڭ تۇرالغۇسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

ئۈچ ئارمىيىنىڭ شتاب باشلىقلىرى كەينى-كەينىدىن مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. ئىختىلاپلار دەسلەپ يەڭگىلى ھەتتا تەڭشىگىلى بولمايدىغاندەك دەرىجىدە ئۆتتۈرىغا چىقتى، كېيىن روزۋېلت بىلەن چېرچىلنىڭ ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە ھەممىسىلا تۈگىدى. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، چېرچىل ۋە مارشالل قاتارلىقلار گېنېرال ئېيزېنخاۋېر بىلەن كەلگۈسىدىكى ئۇرۇش توغرۇلۇق تەپسىلىي مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىش ھەمدە ئۇنىڭغا سىتسىلىيە ئارىلىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق ئىتالىيىنى ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇرلاش ھوقۇقىنى بېرىش ئۈچۈن، ئالجىر شەھىرىگە قاراپ ئۇچتى.

چېرچىلنىڭ شىمالىي ئافرىقىغا كەلگەنلىك خەۋىرىنىڭ گېزىتلەردە بېسىلىشى نېمىسلارنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن، كىشىنى ئىنتايىن غەزەپلەندۈرىدىغان بىر مەيدان تراگېدىيە پەيدا بولدى. ھەر كۈنى يولغا چىقىدىغان سودا ئايروپىلانلىرى لىسسبوندىن ئۇچقاندا، سىگارت چېشلىۋالغان پاكار بوي، سېمىز بىر ئادەم ئۆزىنى خەقلەرنىڭ نەزىرىدە يولۇچى قىلىپ كۆرسىتىش مەقسىتىدە ئايروپىلاننىڭ ئەتراپىدا يۈرەتتى. گېرمانىيىنىڭ جاسۇسلىرى چېرچىل ئايروپىلانغا چىقتى، دەپ سىگنال تارقاتتى. بۇ پاسازىر ئايروپىلانلىرى بىر نەچچە ئايدىن بېرى پورتۇگالىيە بىلەن

ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا قاتناپ يۈرگەن بولسىمۇ، بىرەر ئاۋارىگەرچىلىككە ئۇچرىمىغانىدى، لېكىن گېرمانىيىنىڭ بىر سوقۇش ئايروپىلانى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋېلىپ دەرھال ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى ۋە ھېچقانداق مۇداپىئەسى بولمىغان بۇ ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتتى. شۇنداق قىلىپ 13 يولۇچى ھاياتىدىن ئايرىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر كىنو ئارتىسى لېسلىي خوۋاردمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ سالاپەتلىك يۈرۈش-تۇرۇشى ۋە ئاجايىپ ئىقتىدارى ئۇ رول ئالغان فىلىملاردا قېپقالدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان چېرچىلنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى. ئۇ، نېمىسلارنىڭ شەپقەتسىزلىكى ۋە جاسۇسلىرىنىڭ ئەخمەقلىقىنى رەھىمسىزلەرچە مەسخىرە قىلىپ: «بۈيۈك برىتانىيىنىڭ تەبىئىي بايلىقى مېنىڭ ئىلكىمدە تۇرۇپ، قورallıq مۇھاپىزەتتى بولمىغان بىر ئايروپىلاننىڭ بىلەتتىنى ئېلىپ كۆپكۆندۈزدىلا لىسبوندىن ئۆز ۋەتىنىمگە ئۇچامتىم. كىم مۇشۇنداق ئويلايدۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئىش-دە. بىز كەچتە جەبىلتارىقتىن ئۇچۇپ، ئوكيانىنىڭ ئۈستىنى بىر قېتىم ئايلاندۇق، ئاندىن دۆلىتىمىزگە سالامەت يېتىپ كەلدۇق. مەن كىشىلەرنىڭ تەقدىر ئىلاھىنىڭ چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئورۇنلاشتۇرۇشىدا پالاكەتكە يولۇققانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق چۆچۈدۈم ۋە ئازابلاندىم» دېدى.

چېرچىل دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، مەخپىي نامى «خاسكى» دەپ ئاتىلىدىغان سىتسىلىيە ئۇرۇش پىلانى 1943-يىلى 10-ئىيۇل يولغا قويۇلدى. بۇ ئارالغا ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى، ئىتتىپاقداش ئارمىيە سىتسىلىيە بىلەن تۇنىس ئارىلىقىغا جايلاشقان پانتارىئولىيا ئارىلىنى ئىشغال قىلدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە بۇ ئارالغا ئالتە كېچە-كۈندۈز ھاۋا ھۇجۇمى قىلىپ، ئاخىر 11- ئىيۇن قۇرۇقلۇققا چىقتى. 11

مىڭ كىشىلىك گارنىزون پۈتۈنلەي تەسلىم بولدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە ھېچقانداق زىيان تارتمىدى.

10-ئىيۇل ئەتىگەندە، چوڭ-كىچىك 3200 ھەربىي پاراخوت ۋە ترانسپورت كېمىلىرى 1000 ئايروپىلاننىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ 160 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسىنى ئېلىپ، سىتسىلىيە ئارىلىنىڭ جەنۇبىغا ھۇجۇم قىلىپ سۇ ۋە يەر يۈزىدىن بولۇپ تەڭلا قۇرۇقلۇققا چىقتى. 10-ئىيۇل، سىتسىلىيە ئارىلىنى ئىتالىيىنىڭ 230 مىڭ، گېرمانىيىنىڭ 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى قوغداپ تۇرغانىدى. ئىتالىيىنىڭ 11 دىۋىزىيىسى بولسىمۇ، ئەمما شتاتى تولۇق ئەمەس، بۇنىڭ ئىچىدىكى يەتتە دىۋىزىيە دېڭىز قىرغاقلىرىنى قوغدىغۇچى ئەترەت بولۇپ، تەڭدىن تولىسى روھى چۈشكۈن، جەڭگىۋارلىقى ئىنتايىن تۆۋەن ساقاللىق ئەسكەرلەر ئىدى. گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئىككى تانكا دىۋىزىيىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى گېرىنگنىڭ خىللانغان ئىسئىسچىلارنىڭ دىۋىزىيىسى ئىدى. 9-ئىيۇل چۈشتىن كېيىن يەتتە بال غەربىي شىمال شامىلى چىقىپ دېڭىزدا ھەيۋەتلىك دولقۇنلار پەيدا بولغاچقا، يول يۈرۈشكە پايدىسىز ئىدى. ئىتالىيىنىڭ دېڭىز مۇداپىئە قىسىملىرى كېچىچە جىددىي ھالەتتە تۇرۇپ، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇلار كەچتە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ قاتتىق ئۇخلاپ كېتىشتى. ئەسكەرلەر كارىۋاتتا ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ئۆرۈلگەندە مەمنۇنىيەتلىك بىلەن: «بۈگۈن كەچ خۇداغا شۈكۈر، ئۇلار ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ كېلەلمەيدىغان بولدى» دېدى.

ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئارمىيىسى دۈشمەننىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىپ غەلىبە قازىنىپ، قۇرۇقلۇققا چىقىش ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. ئامېرىكا ئۇچقۇچىلىرىنىڭ سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش تەجرىبىسى كەمچىل بولغاچقا،

ئۇلار خىرە ئاي نۇرىدا دېڭىزدىكى بەزى ئارالچاقلارنى دېڭىز ساھىلــــى ئوخشايدۇ، دەپ خاتا مۆلچەرلەپ، پاراشوتچــى ئەسكەرلەرنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بۇرۇن پەسكە تاشلىدى. نەتىجىدە، ئۇلار دېڭىز ئاستىغا غەرق بولۇپ، ئەھمىيەتسىز قۇربان بەردى.

ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئارالغا كىــرگەندىن كېيىـــن، گېرمانىيە، ئىتالىيە ئارمىيىسى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى، بولۇپمۇ گېرمانىيە ئارمىيىسى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچى ۋە قورال-ياراغلىرىنى ئىتالىيە زېمىنىغا چېكىندۈرۈپ ئېلىــپ كېتىش مەقسىتىدە جان تىكىپ ئېلىشتى. ئەنگلىيە ئارمىيىسى شەرقىي دېڭىز قىرغىقىدا فاشىست گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ، تېز ئىلگىرىيەلمىدى، 5-ئاۋغۇست كۈنى ئاران دېگەندە كاتانىيە (ئىتالىيىنىڭ پورت شەھىرى) نى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، پۈتكۈل ئەنگلىيە ئارمىيە ئۇرۇش سېپى ئېتنا يانار تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىدىكى تاغ قاپتاللىرىغىچە سوزۇلدى. ئامېرىكا ئارمىيىسى ئوتتۇرا ۋە غەرب تەرەپتە بىر قەدەر تېز ئىلگىرىلەپ 22-ئىيۇل كۈنى پالېرمونى ئىشغال قىلدى، ئاندىن گېنېرال باتتون شەرققە ئىلگىرىلىدى، 16-ئاۋغۇست ئەنگلىيە ئارمىيىسى مېسسىنانى ئىشغال قىلدى.

17-ئاۋغۇست، گېنېرال ئالېكساندر چېرچىلغا ئىككــى قېتىم تېلېگراما يوللاپ: «10-ئىيۇل سىتسىلىيە ئارىلىـــغا ھۇجۇم قىلدۇق. 16-ئاۋغۇست مېسسىنانى ئىگىلىدۇق. پۈتۈن ئارالنى 38 كۈندە ئىشغال قىلىپ بولدۇق»، «1943-يىــل 17-ئاۋغۇست چۈشتىـــن بۇرۇن سائەت 10 دا گېرمانىـــيە ئارمىيىسى سىتسىلىيىدىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىلدى. پۈتۈن ئارال ھازىر بىزنىڭ قولىمىزدا» دېدى. سىـــتسىلىـــيە ئوپېراتسىيىسىدە ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە كانادانىڭ ئۆلگەن، يارىدار بولغان ھەم ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ئەسكەرلىرى

جەمئىي 31158 بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ 7445 ئادىمى بار. ئىتالىيە، گېرمانىيە ئارمىيىسى 165 مىڭ ئادىمىنى زىيان تارتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 132 مىڭ ئەسكەر ئەسىرگە چۈشكەن. ئىتالىيىگە قېچىپ كەتكەنلىرى 100 مىڭدىن ئاشىدۇ.

ئىتالىيە شىمالىي ئافرىقا، ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ۋە سىتسىلىيە ئارىلىدا كەينى-كەينىدىن پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، مۇسسولىن ھاكىمىيىتىنىڭ ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى كرىزىسىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.

ئىتالىيە ئارمىيىسىنىڭ ئەسكەرلىرى تولۇق ئەمەس، جەڭگىۋارلىقى تۆۋەن، ئەسكىرىي كۈچى تارقاق ئىدى. ئىتالىيىدە مۇداپىئەنى ئۈستىگە ئالغان 47 دىۋىزىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. سوۋېت-گېرمان ئۇرۇش مەيدانىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىتالىيە ئارمىيىسى 8-گۇرۇپپىۋىي ئارمىيىسىنىڭ 220 مىڭ ئادىمىدىن ئاران 80 مىڭ ئادىمى قالدى. فرانسىيە ۋە بالقاندا ئىشغال قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىتالىيە ئارمىيىسى يەرلىك پارتىزانلارنىڭ زەربىسى ئاستىدا خۇددى پاتقاققا پېتىپ قالغاندەك ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ «ئىتتىپاقدىشى» ناتسىستلار گېرمانىيىسى ستالىنگرادتا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئىتالىيىگە كەڭ كۆلەملىك ياردەم بېرىشكە ئامالسىز قالدى، ئەكسىچە ئىتالىيىگە ئېغىر ئالۋاڭ-ياساق سېلىپ خەلقنىڭ ئومۇميۈزلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. گىتلېرنىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى نېيرۇراتنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئىتالىيىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا: «خەلقنىڭ كەيپىياتى مانا مۇشۇنداق، سىلەر ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتتىڭلار، بۇنى ئۆزۈڭلار كەلتۈرۈپ چىقاردىڭلار، سىلەر خىلمۇ خىل نەرسىلەردىن پايدىلاندىڭلار، يەنە كېلىپ،

www.uyghurkitap.com

چۆجىلەرنىمۇ يەپ تۈگەتتىڭلار» دېگەن.

ئۇدا بىر نەچچە يىل ئۇرۇش بولغانلىقتىن ئىقتىسادى كۈندىن - كۈنگە يامانلاپ كەتتى، 1942-يىلى ئىتالىيىنىڭ سانائەت، يېزا-ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى چاغلارغا قارىغاندا 35% ۋە 20% تۆۋەنلەپ كەتتى. ئىمپورت 78% كېمىيىپ كەتتى. دۆلەت قەرزى 146 مىليارد لىرادىن 405 مىليارد لىراغا يەتتى. دۆلەت خام چوت قىزىل رەقىمى 1939-يىلىدىكى 12 مىلياردتىن كۆپىيىپ، 1943-يىلىغا كەلگەندە 87 مىليارد لىراغا يېتىپ، كىرىم - چىقىمنىڭ 36% نى ئاران قاپلىدى. قاتتىق كونترول قىلىش نەتىجىسىدە مال باھاسى شەكىلدە بىر ھەسسە ئاشتى، لېكىن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قاراڭغۇ بازارلار ئەدەپ كېتىپ، يېمەكلىكلەر يېتىشمەي، خەلقنىڭ كۈنى ئېغىرلىشىپ كەتتى. 1943-يىلى مارتتا مىلان، تورىنو قاتارلىق جايلاردىكى ئىشچىلار چوڭ ئىش تاشلىدى، بۇنىڭغا 300 مىڭدىن ئوشۇق ئادەم قاتناشتى.

مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئاشقازان يارىسى كېسىلى بىلەن ئاغرىپ، تېرىككەك ۋە سەپرا، ئىرادىسى بوشاپ، ئىنكاسى قاشاڭلىشىپ كەتكەن مۇسسولىنى بىر مىليون كىشىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈشنى قارار قىلىپ، 14 ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنى ۋە 14 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان خوتۇن-قىزلارنى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشكە مەجبۇرلىدى. لېكىن، بۇنىڭدىن خەلق بىزار بولدى، ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقى تۆۋەنلەپ، ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش كەيپىياتى ئومۇميۈزلۈك كۈچىيىپ كەتتى. نامراتچىلىق ئىچىدە قالغان ئىتالىيە جاھانگىرلىكى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا ئىتالىيە ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مۇسسولىنىدىن ۋاز كېچىش

ئارقىلىق كىرىزىستىن قۇتۇلۇپ، بۇرژۇئازىيە هاكىمىيىتىنى قوغداپ قېلىش قارار قىلىندى.

1943-يىل مايىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى كەم سۆز، تولىمۇ ئېھتىياتچان ئىتالىيە پادىشاھى ئېمانىئۇل ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆردى. ئۇ ھېچكىمگە سەزدۇرمەي: «گېرمانىيە ئۇرۇشنىڭ 5-يىلىغا قەدەم قويغاندا ھېرىپ، چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. . . رۇمىنىيە ۋە ۋېنگرىيىنىڭ ھەربىي ئىشلىرى ئېچىنىشلىق ھالغا يەتتى. . . يۇگوسلاۋىيە ئومۇمىيۈزلۈك توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. . . دانىيە ۋە نورۋېگىيىدىكى پۈتكۈل خەلق گېرمانىيىگە قارشى تۇرۇۋاتىدۇ. . . روسىيە يەنىلا كۈچلۈك ھالەتتە، ئۇنىڭ مول تەبىئىي بايلىقى، ئادەم كۈچى، ناھايىتى قابىلىيەتلىك ھەربىي ۋە خەلق ئىشلىرى رەھبىرى بار. . . شەكسىزكى، ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئىتالىيە ئارمىيىسىنىڭ بىچارە ھالىتىنى، گېرمانىيىنىڭ بىر قانچە تانكىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىرونېۋىك قىسىملىرىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىدۇ. بىز ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە خىلمۇ خىل يوسۇندىكى ئەدەپلىك پوزىتسىيىدە بولۇشنى ھەرگىز ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز كېرەك» دەپ خاتىرە يازدى.

ئەمدى پۇرسەت پىشىپ يەتتى دەپ قارىغان پادىشاھ، شتاب باشلىقى گېنېرال ئامبروسىئو ۋە مارشال بادوگلىئو قاتارلىقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، مۇسسولىنىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ سىياسىي كۈچ يادروسى بولۇپ تەشكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، فاشىستلار پارتىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بەزى خىزمەت كۆرسەتكەن پېشقەدەم دۆلەت ئەربابلىرىمۇ مۇسسولىنىدىن نارازى بولۇپ، 1939-يىلىدىن بېرى ئۆتكۈزۈلمىگەن فاشىست پارتىيىسىنىڭ سىياسەت بەلگىلەيدىغان

ئورگىنى — ئالىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ رەھبىرى مۇسسولىنىغا ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتومنى تاپشۇرۇش ۋاستىسىنى قوللانماقچى بولدى. مەغلۇبىيەتلىك ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىككى مەخپىي گۇرۇھ مۇسسولىنىنى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتىنى تېزلەتتى.

بۇ چاغدا ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ھۇجۇمى ۋە گىتلېرنىڭ تەھدىت سېلىشى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ تېزلىتىۋەتتى. 1943-يىل 17-ئىيۇل، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئايروپىلانلىرى رىم قاتارلىق شەھەرلەرنى بومباردىمان قىلدى ۋە تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقىتىپ، ئىتالىيە خەلقىنى فاشىست ۋە ناتسىست «داھىي» دىن ۋاز كېچىپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيىگە چىرايلىقچە تەسلىم بولۇشقا چاقىردى. 17-ئىيۇل، مۇسسولىن ۋېنتو ئەتراپىدىكى بىر داچىدا گىتلېر بىلەن كۆرۈشتى، كۆرۈشكەنلەر ئىچىدە ئىتالىيىنىڭ باش شتاب باشلىقى ئامبروسىئو قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن، مۇسسولىنىنىڭ گىتلېرغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئىتالىيە ئەمدى ئۇرۇش قىلىشقا ئامالسىز قالدى، شۇڭا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزۈشكە موھتاج، دەپ ئېيتىشىنى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتتى. مۇسسولىن ئىلگىرى ئاستىرتتىن نېمىسلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ: «بۇ قارغىش تەگكۈر بىر نېمىلەر سەن قولۇڭنى بەرسەڭ، يەنە بىلىكىڭنىمۇ ئالىمەن دەيدۇ» دەپ رەنجىگەنىدى. ئەمما، گىتلېرنى كۆرۈشى بىلەنلا فاشىستلارنىڭ بۇ شېرىكىنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ، بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي قالدى ۋە ھالىغا باقماي ئۆزىنى قەتئىي تەۋرەنمەس پولات ئىرادىلىك قىلىپ كۆرسەتتى. بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتا گىتلېر مۇسسولىنىنىڭ قول ئاستىدىكى بارلىق ئىتالىيە ئارمىيىسىنىڭ گېرمانىيە گېنېراللىرىنىڭ قوماندانلىقىدا بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى، مانا بۇ ئىتالىيىگە ئومۇميۈزلۈك

ھەربىي تىزگىنلەش يۈرگۈزگەنلىك ئىدى. بۇ ئەھۋاللار ئامبروسىئو قاتارلىقلارنى پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ بالدۇرراق ھەرىكەت قوللىنىش ئىرادىسىنى چىڭىتتى.

24-ئىيۇل چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تە، فاشىستلارنىڭ ئالىي كومىتېتى يىغىن ئاچتى. بۇ بىر قىزىتمىلىق مۇسسولىن بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا سۆزلىشىش يىغىنى ئىدى. مەركىزىي پارتىيىنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن پېشقەدەم دۆلەت ئەربابلىرى، سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋە ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچى دىنو گىراندى بىر قارار لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ قارار لايىھىسى ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، پادىشاھ تېخىمۇ چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلەپ ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلىش؛ مۇسسولىن پەقەت پارتىيىنىڭ داھىيسى بولۇش، دۆلەت ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلماسلىق قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. يىغىن كەسكىن بەس-مۇنازىرىدىن كېيىن 25-ئىيۇل ئەتىگەن سائەت 2 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە 19 ئاۋازنىڭ قوشۇلۇشى، سەككىز ئاۋازنىڭ قارشى چىقىشى، بىر ئاۋازنىڭ ۋاز كېچىشى بىلەن قارار لايىھىسى ماقۇللىدى. ئاۋاز قوشقانلار ئىچىدە مۇسسولىنىنىڭ كۈيئوغلى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى كىئانو قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. بۇ چاغدا مۇسسولىن ئورنىدىن تۇرۇپ: «ھاكىمىيەت كىرىزىسىنى سىلەر كەلتۈرۈپ چىقاردىڭلار، ھەقىقەتەن چاتاق بولدى!» دېدى ۋە غەزەپ بىلەن يىغىننىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلدى. بىراق، ئۇ يىغىن ئاخىرلىشىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىتالىيىدىكى 21 يىللىق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنىمۇ شۇ كۈنى تەڭلا خاتىمە بېرىلگەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىدى.

25-ئىيۇل چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تە، پادىشاھ ئېمانۇئېل سافويا ئوردىسىدا مۇسسولىننى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بارلىق

ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇقىنى بىكار قىلغانلىقىنى، بادوگلىئوننىڭ يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى. پادىشاھ: «ئىشلار بۇنداق كېتىۋەرمەيدۇ. ئارمىيە سىزگە قارشى چىقىۋاتىدۇ. ئالپ تاغلىرىدىكى يېنىك پىيادىلەر قىسمى ئەمدى بىز مۇسسولىنىنىڭ نامىدا ئۇرۇش قىلمايمىز، دەپ ناخشا ئېيتىدىكەن، مېنىڭچە بادوگلىئو ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرالايدۇ. ھەمدە يېڭى بىر ھۆكۈمەت تەشكىللەشكە قۇربى يېتىدۇ» دېدى. مۇسسولىنى مۇنازىرىلىشىپ: «ئارمىيە ئاخىرقى سىناقتا مېنى قوللايدۇ. مېنىڭ ۋەزىپەمنى ئېلىپ تاشلاش ئاخىرقى ھېسابتا چېرچىل ـ ستالىن گۇرۇھىنىڭ غەلىبىسى دېمەكتۇر» دېدى. لېكىن، پادىشاھ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ: «ناھايىتى ئەپسۇس، بۇنىڭدىن باشقا ھەل قىلىش ئۇسۇلى يوق» دېدى. ئاخىر مۇسسولىنى نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىندى. كېيىن گىتلېر ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان بولسىمۇ، يەنىلا قورچاقئا ئايلىنىپ قالدى. لېكىن چوڭ ۋەزىيەت ئۆتۈپ كېتىشى بىلەنلا، فاشىستلارنىڭ مەھشەر كۈنى يېقىنلاپ قالدى.

بادوگلىئو تەختكە چىققاندىن كېيىن، نېمىسلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كۆرۈنۈشتە ئىتالىيە داۋاملىق ئۇرۇش قىلىدۇ، دەپ جاكارلىدى، ئەمما يەڭ ئىچىدە پەۋقۇلئاددە ئەلچىلەرنى ئىتتىپاقداش ئارمىيە بىلەن مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتىپ، ئىتالىيە يېڭى ھۆكۈمىتىنى ئارقىغا قاراپ زەربە بېرىپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيە بىلەن بىرلىكتە گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.. 3-سېنتەبىر، مارشال بادوگلىئوغا ۋاكالىتەن گېنېرال كاستىرانو، ئېيزىنخاۋېرغا ۋاكالىتەن گېنېرال بېدېل سىمىتلار سىتسىلىيە ئارىلىدىكى بىر كاۋچۇكزارلىقتا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزدى. بادوگلىئو ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ پورت، ئايرودروم، ھەربىي پاراخوت ھەمدە بارلىق دېڭىز،

قۇرۇقلۇق قاتناش لىنىيىلىرىنى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىغا، شۇنىڭدەك ئىتالىيە ئارمىيىسىنى يۇگوسلاۋىيە ۋە گرېتسىيىدىن چېكىندۇرۇپ چىقىشقا ياكى ئۆز جايىدىلا قورالسىزلاندۇرۇشقا قوشۇلدى. لېكىن، ئىتتىپاقداش ئارمىيە بۇ پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلانماي، ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمىدا كەڭ كۆلەملىك هالدا قۇرۇقلۇققا چىقتى ۋە هاۋا دېسانتلىرىنى تاشلىدى. بادوگلىئو هۆكۈمىتى بولسا ئارسالدى بولۇپ قالدى. بۇ ئەهۋالدىن فاشىستلار گېرمانىيىسى يېڭى هۆكۈمەتنىڭ ئۆزىگە قارشى چىقىش غەرىزىنىڭ بارلىقىنى سېزىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، گىتلېر سېنتەبىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى ئىتالىيىگە زور مىقداردا قوشۇن ئەۋەتىپ، يېڭى هۆكۈمەتنىڭ هەرىكىتىنى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئالدى. 8-سېنتەبىر، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق شتابى ۋە بادوگلىئو هۆكۈمىتى ئۇرۇش توختىتىش خىتابنامىسىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئىتالىيىدە تۇرۇشلۇق گېرمانىيە ئارمىيىسى دەرهال رىم شەهىرىنى مۇهاسىرىگە ئېلىپ، ئىتالىيە ئارمىيىسىنى قورالسىزلاندۇردى ۋە ئىتالىيە زېمىنىنىڭ زور قىسمىنى بېسىۋالدى. ئىتالىيە خان جەمەتى ۋە بادوگلىئو ئىچكى كابىنېتىنىڭ ئەزالىرى ئالدىراپ-تېنەپ ئىككى سۇ ئاستى كېمىسىگە ئولتۇرۇپ 10-سېنتەبىر ئەتىگەندە رىمدىن بۇرۇننىڭ غەربىگە قېچىپ پاناهلاندى. كېيىن ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئىشغالىيىتىدىكى رايوندا فاشىستلارغا قارشى ئىتالىيە هۆكۈمەت ئورگىنى قۇرۇلدى. 13-ئۆكتەبىر بادوگلىئو هۆكۈمىتى گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت هۆكۈمىتى خىتابنامە ئېلان قىلىپ، ئىتالىيە بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

چېرچىل تۈزگەن، روزۋېلت بىلەن ستالىننىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەن ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنىڭ بىرلەشمە خىتابنامىسىنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

«ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت ھۆكۈمىتى مارشال بادوگلىئونىڭ باياناتىدا ئېيتىلغان ئىتالىيە پادىشاھلىق ھۆكۈمىتىنىڭ مەيدانىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، شۇنىڭدەك ئىتالىيە دۆلىتىنىڭ ۋە قوراللىق قىسىملىرىنىڭ پائال ھەمكارلىشىشىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشتىكى بىر ئورتاق ئۇرۇش قىلغۇچى دۆلەت، دەپ قارايدۇ. 8-سېنتەبىردىن بۇيانقى ھەربىي ۋەقەلەر ھەممە نېمىسلارنىڭ ئىتالىيە خەلقىگە قاراتقان ۋەھشىيانە ھەرىكىتى ئاخىر ئىتالىيىنىڭ گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىتالىيىنى ئورتاق ئۇرۇش قىلغۇچى دۆلەتكە ئايلاندۇردى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت ھۆكۈمىتى مۇشۇ ئاساستا ئىتالىيە ھۆكۈمىتى بىلەن داۋاملىق تۈردە بىللە ئىشلەيدۇ. ئۈچ دۆلەت ھۆكۈمىتى ئىتالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ نېمىسلارنى ئىتالىيە زېمىنىدىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، ئىتالىيە خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدىغان ۋەدىسىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۆز ئۆزىدىن مەلۇمكى، ئىتالىيە خەلقى ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىر ئۈمىد قىلغان دېموكراتىك شەكلىدىكى ھۆكۈمەتتىن ئىبارەت بۇ مۇتلەق ۋە تولۇق ئەركىنلىككە ئىگە ھوقۇقىنىڭ ھەرقانداق زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ.

ئىتالىيە ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق ئۇرۇش قىلغۇچى دۆلەت مۇناسىۋىتى يېقىندا ئىمزالانغان شەرتلەرگە ئۆزلۈكىدىن تەسىر

كۆرسىتەلمەيدۇ، بۇ شەرتلەر يەنىلا تولۇق ئۇنۇمىنى ساقلاپ قالالايدۇ، بەلكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرى ئىتالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەرنىڭ ئىشلىرىغا بىرەلەيدىغان ياردىمىگە ئاساسەن، ئۆزئارا كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ.»

مۇسسولىنىنىڭ تەختتىن چۈشۈشى ۋە ئىتالىيىنىڭ ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىپ گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشى، فاشىستلار ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىنىڭ ۋە خەلقئارادا فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقىنىڭ يەنە بىر ئۇلۇغ غەلىبىسىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكلىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

# «زومىگەر» نىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشى

سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئارقىمۇ ئارقا غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئۇزۇن مۇددەت تەييارلىق قىلدى. كىشىلەر ئۇزۇندىن بېرى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ كېلىۋاتقان غەربىي ياۋروپاغا يۈرۈش قىلىشنىڭ «زومىگەر» ئوپېراتسىيىسى ئاخىر 1944-يىل 6-ئىيۇن باشلاندى.

1944-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى دۇنيا ۋەزىيىتى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ غەربىي ياۋروپادا قۇرۇقلۇققا چىقىپ ئۇرۇش مەيدانى ئېچىشىغا ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى. ئاسىيا تىنچ ئوكيان ئۇرۇش مەيدانىدا، ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى جۇڭگو قۇرۇقلۇقىغا قاتتىق بەنت بولۇپ قالدى. دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىسىمۇ تىنچ ئوكياندا كەينى-كەينىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، ئاخىر ياپونىيە ھۆكۈمىتى ھەتتا ئۆز غېمىنى قىلىشقىمۇ قۇربى يەتمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، گېرمانىيە بىلەن ئىستراتېگىيىلىك ماسلىشىشقا ماجالى قالمىدى. ئىتالىيە ئۇرۇش مەيدانىدا، ئىتالىيە ھۆكۈمىتى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە تەسلىم بولغانلىقتىن، گېرمانىيە زور تۈركۈمدە ئەسكىرىي كۈچنى ئۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. سوۋېت-گېرمان ئۇرۇش مەيدانىدا، سوۋېت ئارمىيىسى

كەڭ كۆلەملىك ئىستراتېگىيىلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى، فاشىست گېرمانىيە ئارمىيىسى كەينى-كەينىدىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. گىتلېر زور مىقداردىكى زاپاس قوشۇن ۋە غەربىي سەپتىكى ئەسكىرىي كۈچىنى يۆتكەپ، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇشقا مەجبۇر بولدى. غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەردە كەڭ - كۆلەمدىكى فاشىزمغا قارشى ھەرىكەتلەر جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا. ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرى ئىشغالىيەت تۈزۈمىگە قارشى قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇرماقتا ئىدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى بېسىۋالغان دۆلەتلەردە پۈت دەسسەپ تۇرالمايۋاتاتتى. ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرىلىرى فرانسىيىنىڭ 5 مىليون ئادىمى فاشىست ئىشغالىيەتچى ئارمىيىسىگە قارشى كۈرەشكە ئاتلاندى، بەزى شەھەرلەردە قوزغىلاڭغا تەييارلانماقتا ئىدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ۋە ئاتلانتىك ئوكياندىكى سۇ يوللىرىنى كونترول قىلىۋالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ غەربىي ياۋروپادا قۇرۇقلۇققا چىقىپ 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىشى ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق شەرت ھازىرلاپ بەردى.

تېھراندا ئۆتكۈزۈلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ يىغىنى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ 2-ئۇرۇش سېپىنى ئېچىشىنىڭ ئومۇمىي مەقسىتىنى ئېنىق قىلىپ مۇنداق بېكىتتى: فرانسىيىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا قۇرۇقلۇققا چىقىشتا، قۇرۇقلۇققا چىقىش مەيدانى ۋە پۇرسىتىنى ئىگىلەپ، ئاساسىي كۈچنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىشى ۋە ئارقا سەپ تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاندىن پۈتكۈل فرانسىيىنىڭ غەربىي شىمالىي رايونىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرلەرنى ئىشغال قىلىش ھەمدە فرانسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان قىسىملارغا ماسلىشىش، گېرمانىيىنىڭ ئىچكىرىسىگە ھۇجۇم

قىلىپ، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى فاشىستلار گېرمانىيىسى ئۈستىدىن غالىپ كېلىشىگە ماسلاشقان.

شۇ چاغدا فرانسىيىنىڭ غەربىي شىمالىدا قۇرۇقلۇققا چىقىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۈچ جاي، يەنى كونتانتىن يېرىم ئارىلى، نورماندىيە ۋە كالاي رايونى بار ئىدى. ئەڭ ياخشى لايىھىنى تاللاش ئۈچۈن، چېرچىل بىلەن ئېيزىنخاۋېر ئۈچ ئارمىيىنىڭ شتاب باشلىقلىرى يىغىنى چاقىرىپ قايتا-قايتا مۇزاكىرە قىلدى. كونتانتىن يېرىم ئارىلىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىش ئوڭاي بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئارالنىڭ يەر شەكلى تار بولۇپ، قۇرۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن ئەسكىرىي كۈچنى يېيىپ ئىچكىرىلەپ ھۇجۇم قىلىشقا بولمايتتى. كالاي رايونىنىڭ ئەنگلىيە دېڭىز قىرغاقلىرىغا ئەڭ يېقىن جايىنىڭ ئارىلىقى 33 كىلومېتىر بولۇپ، قۇرۇقلۇققا چىقىشقا پايدىلىق ئىدى، لېكىن بۇ رايوننىڭ ئەنگلىيىنىڭ پورتلىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى يىراقراق بولۇپ، ئادەم ۋە ماددىي ئەشيالارنى توشۇشقا قولايسىز ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ مۇھىم مۇداپىئە رايونلىرىدا قۇرۇقلۇققا چىقىش شەكسىز ھالدا ئۇلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراش تۇرغان گەپ ئىدى. يەنە كېلىپ، بۇ رايونلارنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق قاتناش يوللىرى بولمىغاچقا، قۇرۇقلۇققا ئوڭۇشلۇق چىققان تەقدىردىمۇ تازا ئىچكىرىلەپ ئىلگىرىلىگىلى بولمايتتى، نورماندىيە رايونىنى ئالدىنقى ئىككى رايون بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قۇرۇقلۇققا چىقىشتا ئۇنىڭ كۆپ ئۈستۈنلۈكى بار ئىدى. بۇ يەرنىڭ دېڭىز بويلىرىنىڭ يەر شەكلى كەڭرى بولۇپ، بىر ۋاقىتتا 26 دىن 30 دىۋىزىيىگىچە بولغان ئەسكىرىي كۈچنى سەپكە تۇرغۇزغىلى بولاتتى. ئەنگلىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىرغاقلىرى چوڭ-كىچىك پورتلارغا يېقىنراق بولۇپ، قوشۇنلارنى ۋە ماددىي ئەشيالارنى توشۇشقا ئەپلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەردە

گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئەسكىري كۈچى ئاجىز بولۇپ، قۇرۇقلۇققا چىقىش ئوڭاي ئىدى. شۇڭا، ئىتتىپاقداش ئارمىيە پايدا-زىياننى مۆلچەرلىگەندىن كېيىن، فرانسىيىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى نورماندىيىنى قۇرۇقلۇققا چىقىش رايونى قىلىپ تاللىدى.

نورماندىيەدە مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا قۇرۇقلۇققا چىقىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىتتىپاقداش ئارمىيە نۇرغۇن پۇختا تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. تېهران يىغىنى ئاخىرلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، چېرچىل بىلەن روزۋېلت ئېيزىنخاۋېرنى غەربىي شىمالىي ياۋروپا ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا، ئەنگلىيىنىڭ هاۋا ئارمىيە باش مارشالى تېددېرنى مۇئاۋىن باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى. بۇ قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، چېرچىلنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەت 1943-يىل مارتتا لوندوندا بىر مەخپىي شتاب قۇرغان، بۇ شتاب ئەنگلىيە گېنېرال لېيتېنانتى مورگان رەهبەرلىكىدە نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىش ئۇرۇش پىلانى، ئەسكەرلەرنى ۋە هەر خىل هەربىي ماددىي ئەشيالارنى توپلاشنى مۇزاكىرە قىلىش هەم بەلگىلەشكە مەسئۇل ئىدى. 1944-يىل 6-ئىيۇل قۇرۇقلۇققا چىقىش ئۇرۇشى بولغاندا، ئەنگلىيە زور مىقداردىكى قوشۇن، ئايروپىلان ۋە پاراخوت قاتارلىقلارنى تەييارلىدى. كەڭ كۆلەملىك بۇ ئوپېراتسىيىگە جەمئىي 39 دىۋىزىيە (ئامېرىكىنىڭ يەنە 40—50 دىۋىزىيىسى داۋاملىق يۆتكەپ كېلىنمەكتە ئىدى)، هەر خىل تىپتىكى 13 مىڭدىن كۆپرەك ئايروپىلان، ئالتە چوڭ هەربىي پاراخوت، 22 ئوكيان چارلاش پاراخوتى، 93 قوغلىغۇچى كېمە، 159 كىچىك تىپتىكى سوقۇش ئايروپىلانى، 255 مىنا تازىلاش كېمىسى، 1000 دىن ئوشۇق هەر خىل تىپتىكى قۇرۇقلۇققا چىقىش

كېمىسى، 6000 دىن كۆپرەك ترانسپورت كېمىسى قاتناشتۇرۇلدى. قىسقىسى، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ 2 مىليون 870 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى، دېڭىز ھاۋا ئارمىيىسى بۇ چوڭ ئوپېراتسىيىگە ئاتلاندۇرۇلدى.

ئەنگلىيە بوغۇزىنىڭ جىددىي ئېقىمى، سۇنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە پەسىيىشى جەريانىدا پەيدا بولغان 20 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى دولقۇن، ساھىل بويلاپ يۆگۈرەيدىغان دېڭىز سۈيىنىڭ يالاش كۈچى، ھاۋارايىنىڭ دائىم نورمال بولماسلىقى، بوراننىڭ بىر نەچچە سائەت ئىچىدە دەھشەتلىك ئۇچقۇنلارنى پەيدا قىلىشى قاتارلىقلارغا سۇئىي ياسالغان ئاجىز سايمان-جابدۇقلار تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقى تولۇق نەزەرگە ئېلىنغانىدى. چېرچىل زور قوشۇننىڭ قورۇقلۇققا چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىر يىل ئىلگىرى ئىنژېنېر - تېخنىك خادىملارنى توپلاپ مەخسۇس «سۇئىي پورت» لايىھىلىگەن، بۇنىڭغا بىر مىليون توننا پولات سىم ۋە بېتون كېتىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىققانىدى. غايەت چوڭ پرېستان دېڭىز ساھىلىغا قويۇلدى، پرېستاننىڭ دېڭىزغا قارىتىلغان تەرىپى دېڭىزنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ تۇراتتى، يەنە كېلىپ مۇھاپىزەت قىلىناتتى. قىرغاق بويلاپ ماڭىدىغان پاراخوتلار مەيلى سۇنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە پەسىيىشى قانچىلىك كۈچلۈك بولسۇن، پرېستاندا يۈك چۈشۈرەلەيتتى ۋە قاچىلىيالايتتى. پرېستانلارنى قوغداپ شىددەتلىك بوران-چاپقۇنلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن ياسالغان توسما غايەت چوڭ ياي شەكلىدە دېڭىزغا سوزۇلغان بولۇپ، پاناھلىنىشقا بولىدىغان كەڭرى سۇ دائىرىسىنى قورشاپ تۇراتتى. مۇشۇنداق پاناھلىنىدىغان جاي بولغاندىن كېيىن، چۆكۈش دەرىجىسى چوڭقۇرراق پاراخوت-كېمىلەر پرېستاندا توختىيالايتتى ۋە ماللارنى چۈشۈرۈپ قاچىلىيالايتتى، ھەر خىل شەكىلدىكى قورۇقلۇققا چىققۇچى قېيىقلار دېڭىز ساھىلىدا

ئەركىن كېلىپ-كېتىپ يۈرەتتى. بۇ توسمىنىڭ سۇدىكى قىسمى بېتون قۇرۇلما ۋە چۆكۈپ كەتكەن پاراخوتلاردىن تۈزۈلگەنىدى. بۇنداق سۇنئىي پورت زور مىقداردىكى زامانىۋى قورال-ياراغلارنى ۋە بىر-ئىككى مىليون كىشىلىك زور قوشۇننى ئېلىپ، قۇرۇقلۇققا چىقىش ئوپېراتسىيىسىگە قاتناشقان كېمىلەرگە پايدىلىق ئىدى.

قۇرۇقلۇققا چىقىشتىن ئىلگىرى، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئاخبارات ئورۇنلىرى ھەر خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ دېڭىز بويىدىكى مۇداپىئەسى، زاپاس قوشۇنلىرىنىڭ توپلانغان جايلىرى، ئوق-دورا ۋە تەمىنات بۇيۇملىرىنىڭ ساقلىنىۋاتقان ئورۇنلىرى، شۇنىڭدەك مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرى، كۆۋرۈك، ئايرودروم ۋە قورال-ياراغ ئىشلەپ چىقىرىش بازىسىنىڭ ئورنى قاتارلىقلار ئۈستىدە تەپسىلىي رازۋېدكا قىلدى. تۈرلۈك ئەھۋال شۇنى ئىسپاتلىدىكى، 1944-يىل 6-ئىيۇننىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ فرانسىيە ۋە گوللاندىيە، بېلگىيە، ليۇكسېمبورگ ئەتراپلىرىدا جەمئىي 60 دىۋىزىيىسى بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆت تانكا دىۋىزىيىسى بولۇپ، ئالىي قوماندانلىق شتابىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك زاپاس قوشۇنى ھېسابلىناتتى، گىتلېرنىڭ تەستىقىسىز ئىشلىتىشكە بولمايتتى. غەربىي سەپنىڭ قوماندانى مارشال فون رۇندستېدنىڭ قول ئاستىدا ئىككى جىتۇەنجۈن گورۇپپىسى بار ئىدى، G جىتۇەنجۈن گورۇپپىسىنىڭ قوماندانى گېنېرال پولكۇنىك بوروسكوۋىچ 17 دىۋىزىيىگە قوماندانلىق قىلاتتى (بۇلار بىسكاي قولتۇقى بىلەن فرانسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى قوغدايتتى)؛ B جىتۇەنجۈن گورۇپپىسىنىڭ قوماندانى مارشال روممېل 39 دىۋىزىيىگە قوماندانلىق قىلاتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 19 دىۋىزىيە 15-جىتۇەنجۈنگە قارايتتى، كالاي بوغۇزى

ئەتراپلىرىنى قوغداش پۇتكۇل ئاتلانتىك ئوكيان مۇداپىئە سېپىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىدى، 12 دىۋىزىيە 7-جۈنتۇەنجۇنىڭ قارىمىقىدا بولۇپ، نورماندىيىدىن پرېتانىيىچە بولغان جايلارنى قوغدايتتى، بىر مۇستەقىل ئارمىيە گوللاندىيىنى قوغدايتتى، يەنە تۆت تانكا دىۋىزىيىسى فرانسىيىنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن بېلگىيىنى قوغداشقا زاپاس تۇراتتى، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ بۇ قىسىملىرى ئىچىدە 11 دىۋىزىيە قايتىدىن تەرتىپكە سېلىنىغان، 20 دىۋىزىيە دائىمىي تۇرۇشلۇق قوشۇن بولۇپ، ئۇلاردا ھەرىكەتچان ترانسپورت قوراللىرى يوق ئىدى؛ پەقەت 24 دىۋىزىيىنىڭ قورال-ياراغلىرى سەرخىل، ئەسكەرلىرى ئوبدان تەلىم-تەربىيە ئالغانىدى. ھەرقايسى دىۋىزىيىلەرنىڭ ئادىمى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا تولۇق ئەمەس، ھەر بىر دىۋىزىيىدىكى ئادەم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9000 دىن ئاشمايتتى، يەنى ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ كۆچەيتىلگەن بىر دىۋىزىيىسىنىڭ يېرىمىغا ئاران توغرا كېلەتتى.

ئېيزىنخاۋېر دۈشمەنگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىش ۋە دۈشمەن دۆلەت خەلقىگە روھىي جەھەتتىن ئېغىر تەھدىت سېلىش ئۈچۈن، 1944-يىلى ئاپرېلدا ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ ۋە ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلىپ، ئىستراتېگىيىلىك بومباردىمان قىلىشنى قۇرۇقلۇققا چىقىشنىڭ تەييارلىقى قىلغانىدى. ئاپرېل ۋە ماي مەزگىللىرى ئىتتىپاقداش دۆلەتنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى فرانسىيىنىڭ تۆمۈر يول، تاشيول قاتناش لىنىيىلىرى ۋە ئايرودروملارنى شىددەتلىك بومباردىمان قىلىپ، 1500 پاراۋوز ۋە گېرمانىيىنىڭ نۇرغۇن ئايروپىلانلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىدى. نەتىجىدە، ئىتتىپاقداش ئارمىيە قۇرۇقلۇققا چىقىشنىڭ ھارپىسى فرانسىيە بازىلىرىدا گېرمانىيىنىڭ ئاران 500 ئايروپىلانى قالغان بولۇپ، تەگدىن تولىسىنىڭ زاپچاس، بىنزىن

ۋە تەربىيە كۆرگەن لېيوتچىكلىرى بولمىغاچقا، ئۇچۇشقا ئامالسىز قالدى، شۇڭا ئىتتىپاقداش ئارمىيە ھاۋادا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي ئىگىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گېرمانىيە زېمىنى ھەمدە ئۇ ئىگىلىۋالغان رايونلارغا قارىتا «ئىستراتېگىيىلىك بومباردىمان قىلىش» نى يولغا قويدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت، «گېرمانىيىنىڭ ھەربىي، سانائەت ۋە ئىقتىسادىي سىستېمىسىنى پاچاقلاپ، نېمىسلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى يىمىرىپ تاشلاش» ئىدى.

مۇشۇ مەزگىللەردە، گېرمانىيىنىڭ دېڭىزدىكى كۈچلىرىمۇ ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى. ئىتتىپاقداش دۆلەت دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز زەربە بېرىشى بىلەن، گېرمانىيە سۇ ئاستى كېمىلىرىنىڭ ھەيۋىسى بىراقلا پەسكويغا چۈشتى. 1939-يىلىدىن 1942-يىلىغىچە گېرمانىيە جەمئىي 158 سۇ ئاستى كېمىسىنى زىيان تارتتى، 1943-يىلىدىن 1945-يىلىغىچە زىيان تارتقان سۇ ئاستى كېمىسى 600 گە يەتتى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىققاندا، گېرمانىيىنىڭ ئەنگلىيە بوغۇزى ۋە بىسكاي قولتۇقى ئەتراپىدا ئاران ئۈچ قوغلىغۇچى كېمىسى، بەش تورپېدا قېيىقى ۋە تەخمىنەن 30 كىچىك قېيىقىلا قېپقالغانىدى. گېرمانىيىنىڭ بىر قانچە يىل ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن سۇ ئاستى كېمىلىرىدىن بۇ رايوندا ئاران 30ى بار ئىدى. ئاخىر ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئاستا-ئاستا دېڭىزدا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى.

ئىتتىپاقداش ئارمىيە قوماندانلىق شتابى دۈشمەننى گاڭگىرىتىپ قويۇش ئۈچۈن، چىرچىلنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، قايمۇقتۇرغۇچى قوشۇن ھىيلىسىنى قوللاندى، يەنى يالغان فلوتنى توپلاپ، كۆپلەپ رادىئو سىگنالى تارقاتتى، بۇ ئارقىلىق خۇددى ئىتتىپاقداش ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى كېنتتا

تەسىس قىلىنغاندەك ھەمدە باتۇرلۇقى بىلەن مەشھۇر ئامېرىكا گېنېرالى باتتون كېنت كوچىلىرىدا سەيلە قىلىپ يۈرگەندەك بىر خىل ساختا قىياس پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە ئاخبارات خادىملىرىمۇ باتتون ئىتتىپاقداش ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى ئوخشايدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئەنگلىيە ئايروپىلانلىرى ھۇجۇم قىلىش ھارپىسى نۇرغۇن مېتال قەغەز پارچىلىرىنى ھاۋا بوشلۇقىدىن تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى رادارلىرىدىن گويا بىر فلوت دېڭىز يولغا چىقىپ كالايغا كېلىۋاتقاندەك ئالامەتلەر بىلىندى. ئەمما، ئىتتىپاقداش ئارمىيە نورماندىيە ساھىلىنى قۇرۇقلۇققا چىقىش ئورنى قىلىپ تاللىدى. شەرقتىن غەربكىچە سوزۇلغان بەش دۆمبەل بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 50 ئىنگلىز مىلى كېلەتتى. ئېيزىنخاۋېر بىلەن مونتگومېرى تۈزگەن پىلان بويىچە، 1-تۈركۈمدىكى ھۇجۇم قىلغۇچى قىسىم بەش دىۋىزىيە بولۇپ، ھەربىر دىۋىزىيە بىر دۆمبەلنى ئىگىلىشى كېرەك ئىدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە قۇرۇقلۇققا چىققۇچى قىسىملارنىڭ چېندىلارنى تېز سۈرئەتتە ئىگىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۈچ پاراشوتچىلار دىۋىزىيىسىنى كائېننىڭ شەرقىي شىمالىي ۋە كوتېنتىن يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي قىسمىغا ئەۋەتتى ۋە دېڭىز ساھىلىغا بارىدىغان مۇھىم يوللارنى ئىشغال قىلىپ، ئارقىدىكى ئاخىرقى قىسىملارنىڭ ئوڭۇشلۇق ھالدا قۇرۇقلۇققا چىقىشى ۋە ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

كېتلېر ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، نورۋېگىيىدىن ئىسپانىيىگىچە مۇستەھكەم «ئاتلانتىك ئوكيان ئىستىھكامى» ياساش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى. ئەمما، قۇرۇلۇش كۆلىمى زىيادە چوڭ بولغاچقا، 1943-يىلىمۇ پۈتمىگەنىدى. گېرمانىيە

ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابى ئىتتىپاقداش ئارمىيە 1944-يىلى غەربىي ياۋروپاغا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن دەپ ھۆكۈم قىلدى، شۇنىڭدەك ئىتتىپاقداش ئارمىيە قۇرۇقلۇققا چىقسا مۇنداق ئىككى خىل ئاقىۋەت پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭ بىرى، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تارمار بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ يەنە بىرى، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ مەغلۇبىيەتلىك ۋەزىيىتىنى ئوڭشىۋېلىشقا ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. ئەگەر ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىققۇچى قىسىملىرىنى چېكىندۈرەلمىسە، ئالدىنقى بىر خىل ئاقىۋەت كېلىپ چىقاتتى. مۇبادا ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىققۇچى قىسىملىرىنى بىر يولىلا يوقاتقىلى بولسا، ئۇ چاغدا ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىككى تەرەپتىن قىستاپ زەربە بېرىش غەرىزى بەربات بولاتتى، گېرمانىيە ئارمىيىسى 50 دىۋىزىيىلىك ئەسكىرىي كۈچنى ئاجرىتىپ شەرقىي سەپنى مۇستەھكەملەش ئارقىلىق سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ قالاتتى. گېرمانىيە ئارمىيىسى كېيىنكى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، قۇرۇقلۇققا چىقىشقا قارشى تۇرۇش فاڭجېنلىرىنى تەتقىق قىلدى، يەنى نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچ، قورال-ياراغلارنى دۈشمەننىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىش ئېھتىمالى بولغان مۇھىم يۆنىلىشلەرگە توپلاپ، قۇرۇقلۇققا چىققان دۈشمەن ئارمىيىسىگە ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى بىراقلا يوقىتىۋېتىشكە جىددىي ھازىرلىق كۆرگەندى. شۇڭا، گېرمانىيە ئارمىيىسى ئۇزۇنغا سوزۇلغان دېڭىز بويلىرىدا ئىتتىپاقداش ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان ئاساسلىق يۆنىلىشلىرىنى بېكىتىشى كېرەك ئىدى. گىتلېر ۋە گېرمانىيە باش شتابى ئىتتىپاقداش ئارمىيە كالاي بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، كالاي رايونىدا قۇرۇقلۇققا

چىقىدۇ ۋە فرانسىيىنىڭ شەرقىي شىمالىي دېڭىز بويى رايونلىرىغا ئاساسلىق ھۇجۇم قىلىدۇ، دەپ ھېسابلىغانىدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى بۇ ھۆكۈمگە ئاساسەن، مۇشۇ جايلاردا 23 دىۋىزىيىنى ئورۇنلاشتۇردى، قىرغاق بويلاپ ئالتە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى مۇداپىئە زونىسى ياسىدى ۋە قىرغاق بويلىرىنى زەمبىرەك جېبىندىسى، شۇنىڭدەك تانكىنى توزاقتا دەسسىتىش ئورنىكى، تانكىدىن مۇداپىئەلىنىش ئاكوپى، پولات چىۋىقلىق بېتوندىن ياسالغان پاناھلىنىش ئورنى قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن مۇستەھكەم تايانچ پونكىتلارنى بارلىققا كەلتۈردى. ھەر بىر تايانچ پونكىتنىڭ ئارىلىقىغا نۇرغۇن مىنا ۋە توسۇقلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى. سۇنىڭ ئىچىگىمۇ توسۇقلار ۋە مىنالار جايلاشتۇرۇلدى. نورماندىيە رايونىنىڭ دېڭىز مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى كالاي رايونىنىڭكىگە يەتمەيتتى.

1944-يىل ئىيۇندا، ئەنگلىيە بوغۇزىدا 20 يىلدىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان شامال چىقىپ، كۈچلۈك دېڭىز دولقۇنىنى پەيدا قىلدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئەسلى 5-ئىيۇل كۈنى ھۇجۇم قىلىشنى بەلگىلىگەنىدى، لېكىن دېڭىزدا كۈچلۈك دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ، ئاسماننى بۇلۇت قاپلىۋالغاچقا، چېرچىل بىلەن ئېيزىنخاۋېر ھۇجۇم قىلىش ۋاقتىنى بىر كۈن كېچىكتۈردى.

6-ئىيۇن تاڭ سەھەردە، ئىتتىپاقداش ئارمىيە سۇنىڭ كۆتۈرۈلۈش پەيتى ۋە ھاۋانىڭ ۋاقتىنچە ئوچۇق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، نورماندىيە رايونىدا قۇرۇقلۇققا چىقىشقا باشلىدى. ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ 2395 ترانسپورت ئايروپىلانى ۋە 847 پىلانېر ئەنگلىيىنىڭ 20 ئايرودرومىدىن (ئۈچ پاراشۇتچىلار دىۋىزىيىسىنى ئېلىپ جەنۇبقا قاراپ ئۇچتى) يولغا چىقىپ، فرانسىيىنىڭ نورماندىيە قىرغاقلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى مۇھىم رايونلىرىغا ھاۋا دېسانتلىرىنى تاشلىدى. تاڭ

سەھەردە ئەنگلىيە خان جەمەتى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 1136 ـ ئارمىيىسى لې ھاۋر بىلەن چېربورگ ئارىلىقىغا جايلاشقان دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ئۇن ئىستىھكامىغا 5853 توننا بومبا تاشلىدى. تاڭ يورۇغاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ 8 ـ ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىنىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى ھۇجۇم باشلىدى، يەنى 1083 ئايروپىلان قىسىملار قۇرۇقلۇققا چىقىشتىن يېرىم سائەت ئىلگىرى گېرمانىيىنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىغا 1763 توننا بومبا تاشلىدى. ئاندىن ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ھەر خىل ئايروپىلانلىرى بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى نىشانلارنى ۋە ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى زەمبىرەك قىسىملىرى جېنىدىسىنى بومباردىمان قىلدى. قۇياش كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ھەربىي پاراخوتلىرى دېڭىز قىرغىقىدىكى دۈشمەن جېنىدىسىنى شىددەتلىك توپقا تۇتتى.

ھۇجۇم قىلغۇچى قىسىملارنى ترانسپورت كېمىلىرى قىرغاقتىن 11 ۋە 7 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان دېڭىزغا ئەكىلىپ قويدى، ئاندىن چوڭ تىپتىكى قۇرۇقلۇققا چىققۇچى قېيىق ۋە ھۇجۇم قىلغۇچى كىچىك تىپتىكى قېيىقلارغا 30 دىن ئەسكەر ئولتۇردى. كىچىك قېيىقلار قاتار تىزىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئېغىر قورال-ياراغ، زەمبىرەك، تانكا ۋە ئىستىھكام ئەسلىھەلىرىنى قاچىلىغان چوڭ تىپتىكى قۇرۇقلۇققا چىققۇچى قېيىقلار، ئۇنىڭ كەينىدىن قۇرۇقلۇققا چىققۇچى كېمىلەر ماڭدى، ئۇلار ئۇدۇل قىرغاققا كېلىپ، ئەسكەر ۋە قورال-ياراغ، تەمىنات بۇيۇملىرىنى چۈشۈردى. قۇرۇقلۇققا چىققۇچى قېيىقلاردا زەمبىرەك، كاتيۇشالار ئورنىتىلغان بولۇپ، قىرغاققا يېقىنلاشقاندا دۈشمەننىڭ مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىغا بىۋاسىتە ئوت ئاچقىلى بولاتتى.

تەخمىنەن ئەتىگەن سائەت 6 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە،

ئامېرىكا ئارمىيىسى ئوماخا ۋە ئوتاخ دولبىلىرىدە قۇرۇقلۇققا چىقىشقا باشلىدى. كېيىن ئەنگلىيە بىلەن كانادا ئارمىيىسىمۇ ئالدىن تاللاپ بېكىتىلگەن دېڭىز ساھىلىدا كەينى-كەينىدىن قۇرۇقلۇققا چىقتى. 6-ئىيۇن كەچتە، ئون دىۋىزىيىدىكى قوشۇن، تانكا، زەمبىرەك ۋە باشقا قورال-ياراغلار قىرغاققا چىقتى، ئاندىن ئارقىدىكى ئاخىرقى قىسىملار كەينى-كەينىدىن يېتىپ كېلىپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ گېرمانىيە گارنىزونىغا قارىتا ئۈستۈنلۈكىنى كۈچەيتتى. گىتلېر ھەدەپ گېرمانىيە ئارمىيىسى «ئاتلانتىك ئوكيان ئىستېھكامى» دىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، غەربىي سەپنى بىتچىت قىلىشقا ئاساس سالدى، دەپ پو ئاتتى.

6-ئىيۇن 24 سائەت ئىچىدە ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ھاۋا قىسىملىرى 14 مىڭ 600 ئايروپىلان قېتىم ھۇجۇم قىلدى، دۈشمەن ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا ئاران 100 ئايروپىلاننى ئىشقا سالدى. ئۈچ ھاۋا دېسانتلىرى دىۋىزىيىسى يېرىم كېچىدىن باشلاپ يەرگە چۈشۈشكە باشلىدى، ئەنگلىيىنىڭ 6-ھاۋا دېسانتلىرى دىۋىزىيىسى كائېن شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى يەرگە چۈشۈپ، بۇ شەھەر بىلەن دېڭىز قىرغىقى ئارىلىقىدىكى دەريانىڭ ئۈستىگە جايلاشقان كۆۋرۈك ئىستېھكامىنى ئىگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكىنىڭ ئىككى ھاۋا دېسانتلىرى دىۋىزىيىسى كالانتانىڭ شىمالىدا يەرگە چۈشۈپ، قۇرۇقلۇققا چىققۇچى قىسىملارنىڭ ساھىلغا ھۇجۇم قىلىشىغا ۋە دۈشمەنلەرنىڭ زاپاس ئارمىيىسىنىڭ كوتېنتىن يېرىم ئارىلىغا كىرىشىنى توسۇشىغا ياردەم بەردى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن چېرچىل بۇ ئەھۋالنى ستالىنغا ئېيتتى. ئۇ تېلېگراممىغا: «دەسلەپكى ئىشلار ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. سۇ مىناسى، ھەر خىل توسالغۇلار ۋە يەر

ئاستى زەمبىرەك ئىستىھكاملىرىنىڭ تەگدىن تولىسى يوقىتىلدى. ھاۋا دېسانتىلىرى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يەرگە چۈشتى. پىيادە ئەسكەرلەر قۇرۇقلۇققا چىقىپ تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىدى، نۇرغۇن تانكا ۋە ئاپتوماتىك ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان زەمبىرەكلەر قىرغاققا يۆتكەپ كېلىندى. ھاۋارايى ئالدىن بېرىلگەن مەلۇماتقا قارىغاندا بىر نەچچە كۈنگىچە ياخشى بولىدىكەن» دەپ يازدى.

ستالىن ئەنگلىيە باش ۋەزىرىنىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە دەرھال تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «〈زومىگەر〉 نىڭ ئۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ باشلانغانلىقىدىن ھەمدە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. بىز ئورتاق بىر ھېسسىياتتا خۇشاللىققا چۈمدۇق ھەمدە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قازىنىشىڭلارغا تىلەكداشمىز. تېھران يىغىنى كېلىشىمىگە ئاساسەن، تەشكىللەنگەن سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ يازلىق ھۇجۇمى ئىيۇننىڭ 20-كۈنىدىن ئىلگىرى ئالدىنقى سەپنىڭ مەلۇم بىر مۇھىم جايىدا باشلىنىدۇ. سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئومۇمىي ھۇجۇمى قوشۇنلارنىڭ داۋاملىق ھالدا ھۇجۇمغا ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ قەدەممۇ قەدەم باشلىنىدۇ. ئىيۇننىڭ ئاخىرىدىن ئىيۇلغىچە ھەر خىل ھۇجۇم ھەرىكەتلىرى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئومۇمىي ھۇجۇمىنى شەكىللەندۈرىدۇ.»

5-ئىيۇن قاتتىق بوران چىقىپ، ئەنگلىيە بوغۇزىدا كۆچلۈك دولقۇنلار پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن غەربىي سەپتىكى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ زور كۆپچىلىك گېنېراللىرى ئىتتىپاقداش ئارمىيە بۇنداق چاغدا ھۇجۇمغا ئۆتەلمەيدۇ، دەپ ھېسابلىدى. 4-ئىيۇن پارىژدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ھاۋارايى پونكىتى، ھاۋا ناچار بولغاچقا، ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئاز دېگەندە يېرىم ئايغىچە بىرەر ھەرىكەت ئېلىپ بارالمايدۇ،

دەپ ھېسابلىدى. بۇ چاغدا ھاۋا ياخشى بولمىغاچقا، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى پورتلىرىنى رازۋېدكا قىلالمىدى، ئېزىنخاۋېرنىڭ ئارمىيىسى بولسا دەل مۇشۇ چاغدا مۇشۇ يەردىن كېمىگە ئولتۇرۇپ يولغا چىقتى. گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسمۇ دېڭىز دولقۇنى بىلەن كۈچلۈك بولغاچقا، دېڭىز بوغۇزىدىكى چارلىغۇچى كېمىلىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتتى. شۇڭا، نورماندىيىدە تۇرۇشلۇق ئارمىينىڭ قوماندانى روممېلمۇ ئېرىشكەن ئازغىنا ئاخبارات ۋە ھاۋارايى پونكىتىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، 5-ئىيۇن ئەتىگەندە غەربىي سەپ گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانىغا تەييارلىغان ۋەزىيەت توغرىسىدىكى دوكلاتىدا دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمى ھازىرغىچە يۈز بەرمەيدۇ، دېدى. ئارقىدىنلا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇش ئۈچۈن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۆيىگە قايتتى. بۇنىڭدىنمۇ يامان بولغىنى، 6-ئىيۇن نورماندىيىدە مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان 7-بىرلەشمە ئارمىيە قوماندانى گېنېرال فرېدرىھ دولمان دائىمىي جەڭدىي ھالەتنى ۋاقتىنچە بىكار قىلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە ئالىي دەرىجىلىك قوماندانلارنى چاقىرىپ، پات ئارىدا قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان دېڭىز ساھىللىرىنىڭ جەنۇبىدىن تەخمىنەن 125 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى لېنىندا «خەرىتە مەشغۇلاتى» ئېلىپ باردى.

5-ئىيۇن ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى شىددەتلىك توپقا تۇتۇپ، گېرمانىيىنىڭ غەربىي لاۋازىماتلىقلىرى ئىسكىلاتى، رادار پونكىتى، V—1 ئۇچار بومبا قويۇپ بېرىش مەيدانى ۋە قاتناش ترانسپورت لىنىيىلىرىنى كەينى-كەينىدىن ۋەيران قىلىۋەتتى. بۇنداق ھاۋا ھۇجۇمى بىر نەچچە ھەپتىدىن بۇيان كېچە-كۈندۈز دېگۈدەك ئېلىپ بېرىلدى، شۇڭا ئىتتىپاقداش ئارمىيە قۇرۇقلۇققا چىققاندا دۈشمەن

گاڭگىرايلا قالغانىدى.

6-ئىيۇن تاڭ سەھەر 2 ئەتراپىدا، پارىژدىكى رۇندستېد باش قوماندانلىق شتابى مەلۇمات تاپشۇرۇۋالدى، مەلۇماتتا: «ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ ھاۋا دېسانتچىلىرى قىسىملىرى قۇرۇقلۇققا چۈشتى، ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ قېتىمقىسى ‹كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەت› ئوخشايدۇ» دېيىلگەنىدى. ئەمما، رۇندستېد ۋە بەزى قوماندانلار ھاۋا دېسانتچىلىرى بىر خىل شەرقتىن شەپە بېرىپ غەربتىن ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قۇرۇقلۇققا چىقىش ئورنى كالائىس ئەتراپلىرى، دەپ قارىدى. شۇڭا ئۇلار مەلۇمات يەتكۈزگۈچىگە، غەربىي سەپ باش قوماندانى «بۇنى بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەت دەپ قارىمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. سائەت 2 لەردە غەربىي سەپ گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيە قىسىملىرى باش قوماندانغا دۈشمەن ئەھۋالدىن دوكلات بېرىپ، دېڭىز قىرغىقىدىكى رادار پونكىتىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا؛ «يالتىراق ئېكراندا نۇرغۇن قارا چېكىتلەر كۆرۈنگەن، ناھايىتى كۈچلۈك بىر فلوت نورماندىيە قىرغاقلىرىغا قاراپ كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ» دېدى. غەربىي سەپ باش قوماندانىنىڭ شتاب باشلىقى: «نېمە؟ مۇشۇنداق ھاۋادا چوقۇم سىلەرنىڭ تېخنىكىڭلار خاتالىشىپ قالغان گەپ. قارا چېكىتلەر بەلكىم بىر توپ چايكىلار بولۇشى مۇمكىن» دەپ جاۋاب بەردى.

كېيىن بۇ فاشىست سەگەكلىشىپ گىتلېردىن ئىككى برونېۋىك دىۋىزىيىسىنى ئىشقا سېلىپ ھاۋا دېسانتچىلىرى قىسمىغا تاقابىل تۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندا، گىتلېر كۈندۈزى ۋەزىيەتنى رازۋېدكا قىلىپ ئېنىقلىمىغۇچە، بۇ ئىستراتېگىيىلىك زاپاس ئەترەتنى ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ، دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، بۇ پەقەت ئىسكەنجىگە ئېلىش خاراكتېرلىك

بالغان ھۇجۇم ئىدى. تاڭ يورۇغاندىن كېيىن گېرمانىيە ئارمىيىسى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى ۋە بىرونېۋاك قىسىملىرىنى ئىشقا سالدى، شۇنداقتىمۇ ھەرىكىتى چەكلىنىپ قالدى، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنى دېڭىزغا چۈشۈرۈۋېتىشكە ماجالى يەتمىدى.

بۇ چاغدا ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئارقىدىكى ئاخىرقى قىسىملىرى كەينى-كەينىدىن كېلىۋاتقان، ماددىي نەرسىلەرنىمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، ئىگىلىگەن دۇمبەل جىپىدىلىرى بارا-بارا كېڭىيىۋاتقانىدى. 12-ئىيۇنغا كەلگەندە، بىر قانچە دۇمبەللەر بىرلىشىپ بىر سەپ بولدى. ئوپېراتسىيىنىڭ دەسلەپكى ئالتە كۈندە 326 مىڭ 547 ئادەم، 54 مىڭ 186 ھەربىي ماشىنا ۋە 104 مىڭ 428 توننا ماددىي ئەشيا دېڭىز ساھىلى ئارقىلىق قىرغاققا يەتكۈزۈلدى. ئۇرۇش نەتىجىسى زورىيىپ، قىسىملار قەدەممۇ قەدەم ئىچكىرىلەپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. بۇ چاغدا، گىتلېرنىڭ كۈچلۈكلۈكتە جاھانغا پاتمايدۇ، دەپ ماختاپ كېلىۋاتقان گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى ھاۋادىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىلغان، گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسىمۇ دېڭىزدىن قوغلاپ چىقىرىلغانىدى. ئۇرۇش تېخى ئاخىرلاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىسىدىن گۇمانلىنىشقا ھېچقانداق ئورۇن قالمىدى. نورماندىيە ئالدىنقى سەپنىڭ شتاب باشلىقى: «6-ئىيۇندىن كېيىن تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى» دېدى.

مارشال ستالىن نورماندىيىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قورۇقلۇققا چىققانلىق توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، 11-ئىيۇن يېرىم كېچىدە چېرچىل بىلەن روزۋېلتقا ئايرىم-ئايرىم ھالدا تۆۋەندىكىدەك تېلېگراممىا ئەۋەتتى:

«ئېنىقكى، ئەسلىدىكى بېكىتىلگەن پىلان بويىچە بۇ قېتىمقى زور كۆلەملىك قورۇقلۇققا چىقىش ھەرىكىتى پۈتۈنلەي

مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. خىزمەتداشلىرىم ۋە مەن بۇ ھەرىكەتنىڭ كۆلىمى زور ئورۇنلاشتۇرۇش ھەمدە پىلانىنى ئاجايىپ قالتىس ئىجرا قىلىش ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، ئۇرۇش تارىخىدا بۇنىڭ بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولىدىغان بىرەر ئىش ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. ھەممىگە مەلۇمكى، ناپولېئون ئەينى يىللىرى دېڭىز بوغۇزىدىن جەڭ بىلەن ئۆتمەكچى بولۇپ شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولغانىدى. ئەسەبىيلەشكەن گىتلېرمۇ ئىككى يىلدەك پو ئېتىپ، دېڭىز بوغۇزىدىن جەڭ قىلىپ ئۆتىمەن، دېگەنىدى، ئەمما تەھدىتتىن بېشارەت بېرىدىغان بىرەر ھەرىكەت قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. پەقەت ئىتتىپاقداش ئارمىيىمىزلا شەرەپلىك، غەلىبىلىك ھالدا دېڭىز بوغۇزىدىن جەڭ قىلىپ ئۆتۈشتەك زور پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. تارىخ بۇ نەتىجىنى ئەڭ ئالىي مۇۋەپپەقىيەت سۈپىتىدە خاتىرىگە ئالىدۇ.»

ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىشى ناتسىستلار گېنېراللىرىنى گاڭگىرىتىپ قويدى. رۇندستېد بىلەن روممېل، ھازىر گېتلىر بىلەن يۈز تۇرانە ئولتۇرۇپ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىدىغان ھەم ئۇنى بارلىق ئاقىۋەتلەرنى ئېتىراپ قىلدۇرىدىغان پەيت كەلدى، دەپ قارىدى. شۇڭا، ئۇلار «فىيۇرېر» نىڭ 17-ئىيۇن ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ۋەزىيەتنى مۇزاكىرە قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. يىغىن ئاچىدىغان ئورۇن مۇستەھكەم، ئوق ئۆتمەيدىغان يەر ئاستى ئۆيى ئىدى. ئوقتىن ساقلىنىش بۇ ئۆيى 1940-يىلى يازدا ئەنگلىيە ھۇجۇم قىلغاندا گىتلېرنىڭ قوماندانلىق شتابى ئۈچۈن تەييارلانغان، ئەمما ھازىرغىچىلىك ئىشلىتىلمىگەنىدى. ئەمدى ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپ كەتكەندە، ناتسىستلار قوماندانى بۇ جايدا تۇنجى قېتىم كۆرۈندى. شۇ چاغدا، مىجەزى چۈس، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن گىتلېر كۆزەينەكى بىلەن بارماقلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇۋالغان

قىزىل ماي قەلەمنى ئىتتىك ئوڭلاپ قويدى. ئۇ بىر ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇردى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە گېنېراللىرى يېنىدا تىك تۇردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇرۇنقى سۇرلۇك قىياپىتى يوقاپ كەتكەندەك ئىدى. ئۇ قاپىقىنىمۇ ئاچماي، باشقىلار بىلەن مۇنداقلا سالاملىشىپ قويدى، ئاندىن غەزەپ بىلەن، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىققانلىقىدىن ئىنتايىن ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى، ئۇرۇش مەيدانىدىكى قوماندانلارنىڭ بۇ ئىشقا مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن قوماندان-ئەسكەرلەرگە ئاخىرغىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش، چېكىنىش توغرىسىدىكى ھەرقانداق تەكلىپكە قەتئىي قولاق سالماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇ خېلى ئۇزۇن سۆزلىدى، بىر چاغدا ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئايروپىلانلىرىنىڭ غارقىراپ ئۇچقان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇلار يىغىننى ۋاقتىنچە توختىتىشقا مەجبۇر بولۇپ، «فىئۇرېر» نىڭ ھاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۆڭكۈرىدە چەكچىيىپ ئولتۇرۇشتى.

يەر ئاستى مۇداپىئە ئۆيىگە كىرگەن روممېل باشتىن - ئاخىر سىياسىي مەسىلىلەر ئۇستىدە توختىلىپ: «گېرمانىيە ئارمىيىسى نورماندىيە مۇداپىئە سېپىدە تارمار بولىدۇ، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ گېرمانىيە چېگرىسىغا بۆسۈپ كىرىشىنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ. گېرمانىيە سىياسىي جەھەتتە پۈتۈنلەي يېتىم قالدى» دېدى ھەمدە بۇ ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەشەببۇس قىلدى. روممېل سۆزلەۋاتقاندا، گىتلېر بىر قانچە قېتىم ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى ۋە ئاخىر سۆزلەتكىلى قويماي: «سىز ئۇرۇشنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىدىن قايغۇرماي، ئۆزىڭىزنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتقان مۇداپىئە سېپىڭىزنىڭ غېمىنى يېسىڭىز بولارمىكىن!» دېدى.

دەل شۇ چاغدا، مەخپىي سۇيىقەست پىلانلاپ گىتلېرنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان گېرمانىيىنىڭ ئۆكتىچى گېنېراللىرى، شۋېيتسارىيىدە تۇرۇشلۇق ئامېرىكا ئىستراتېگىيىلىك ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ۋەكىلى ئارون دۇللېس بىلەن ئالاقىلەشتى. بۇ مەخپىي سۇيىقەست گۇرۇھى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ گىتلېرنى ئۆلتۈرۈش، ئاندىن يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللەپ ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىغا ئۆز ئىززىتى بىلەن تەسلىم بولۇشقا ھازىرلىق كۆردى. بۇ گۇرۇھنىڭ يادرولۇق ئادىمى، مارشال روممېلنىڭ شتاب باشلىقى، تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ئامان قالغان گېنېرال سپېيدېلنىڭ گەپلىرىگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ پىلانى غەربتىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن دەرھال ئۇرۇشنى توختىتىش . . . گېرمانىيە ئارمىيىسىنى غەربىي سەپتىن ئۆز دۆلىتىگە چېكىندۇرۇش. . . گىتلېرنى قولغا ئېلىپ گېرمانىيىنىڭ سوت قىلىشىغا تاپشۇرۇش. . . شەرقتە ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش، ئۇرۇش سېپىنى قىسقارتىپ دوناي دەرياسى، كارپات تاغلىرى ۋە مېمېل دەرياسىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

1944-يىل 20-ئىيۇل، مەخپىي سۇيىقەستچىلەرنىڭ غوللۇق ئادىمى پولكوۋنىك ستاۋفېنبېرگ شەرقىي پرۇسسىيىدىكى گىتلېرنىڭ باش قوماندانلىق شتابىدا ئۇنى ئۆلتۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلمىدى. پارتلىغان بومبا فاشىستلارنىڭ بىر قانچە ئوفىتسېرىنىڭ جېنىنى ئالدى، لېكىن گىتلېر يېنىك يارىلاندى. شۇنداق قىلىپ، سۇيىقەست ئاشكارىلىنىپ كەتتى، بۇ ئىشقا قاتناشقان بارلىق گېنېرال بىلەن ئوفىتسېرلار باستۇرۇلۇپ كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا بىلەن ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۇرۇش توختىتىش پىلانىمۇ بىراقلا يوققا چىقتى.

ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، قۇرۇقلۇقتا چىققان

www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى 30 دىۋىزىيىگە يەتتى، بۇنىڭ يېرىمى ئامېرىكىنىڭ، قالغان يېرىمى ئەنگلىيە بىلەن كانادانىڭ ئىدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە بىلەن قارشىلىشىۋاتقان گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى 27 دىۋىزىيىگە يېتەتتى. لېكىن، ئۆلارنىڭ ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلىرى 160 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. گېنېرال ئېيزىنخاۋېرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، دۈشمەن تەرەپنىڭ جەڭگىۋار كۈچى 16 دىۋىزىيىدىن ئاشمايتتى. مانا مۇشۇ مەزگىلدە، مۇھىم بىر ۋەقە يۈز بەردى، يەنى 17-ئىيۇل نورمانديە باش قوماندانى روممېل ئېغىر يارىلاندى. ئۇ ئولتۇرغان ماشىنا ئەنگلىيىنىڭ پەس ئۇچىدىغان ئايروپىلانلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان ۋە هاياتى خەۋپ ئىچىدە قېلىپ، دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىلغان. بىراق، سالامەتلىكى ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئەسلىگە كەلگەن. لېكىن، كېيىنكى چاغلاردا ئۇ، گىتلېرنىڭ بىرلا بۇيرۇقى بىلەن يەنىلا ئۆلۈمگە مەھكۇم بولدى.

18-ئىيۇل، ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئالدىنقى سەپ باش قوماندانى گېنېرال مونتگومېر ئۈچ ئارمىيىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا سېلىش قارارىغا كەلدى، بۇنىڭدىكى مەقسەت، ئۆلارنىڭ ھەر قايسىسى ئۆزلىرىنىڭ كۆۋرۈك بېشى ئىستىھكامىنى كېڭەيتىش ھەمدە قوشۇنلارنىڭ ئوئېن دەرياسىدىن ئۆتۈپ تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىشى ئۈچۈن ئىدى. ئۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلاشتىن ئىلگىرى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ هاۋا ئارمىيىسى تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك بومباردىمان قىلدى. گېرمانىيە هاۋا ئارمىيىسى قارشى تەرەپنىڭ بومباردىمان قىلىشىنى توسۇپ قالالمىدى. شۇ كۈنى ئەنگلىيە ئارمىيىسى كائېن شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. ئارقىدىنلا ئامېرىكا ئارمىيىسىمۇ غەلىبىلىك هالدا ساينت-لو شەھىرىنى (فرانسىيىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان) ئىگىلىدى.

20-ئىيۇل، چېرچىل ئامېرىكىنىڭ ئايروپىلانى بىلەن چېربورگ يېرىم ئارىلىغا بېرىپ، ئالدىنقى سەپنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ ئاۋۋال مونتگومېرىنىڭ قوماندانلىق شتابىنى زىيارەت قىلىپ، قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتقان قوماندان-جەڭچىلەردىن ھال سورىدى، ئاندىن «كارخانا» ناملىق ئوكيان چارلاش پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ «سۇنئىي پورت» نى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئۇ پاراخوتتا ئۈچ كۈن تۇرۇپ «سۇنئىي پورت» نىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي چۈشەندى. كەچتە پاراخوتتىكى ئوفىتسېرلار كۇلۇبىنى زىيارەت قىلدى. ئۇ ئايرىلىدىغان چاغدا ئوفىتسېرلار «برىتانىيىگە مەدھىيە» نى ئوقۇدى.

25-ئىيۇل، گېنېرال بىلدرى سايىنت-لو شەھىرىدىن گېرمانىيە ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيىسى 2500 ئايروپىلاننى ئىشقا سېلىپ، دۈشمەننىڭ ئۈزۈنلۈكى تەخمىنەن 7 ئىنگلىز مىلى، كەڭلىكى تەخمىنەن 2 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جېبھىسىغا 4000 توننا بومبا تاشلىدى. ئارقىدىنلا ئامېرىكىنىڭ 1-گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسى ئالتە دىۋىزىيىسىنى ئەۋەتىپ كۈچلۈك ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق، دۈشمەن مۇداپىئە سېپىدىن بىر يوچۇق ئاچتى. بىلدرى غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ 1-گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ تۆت قوشۇنىنى پۈتۈنلەي جەڭگە قاتناشتۇردى، 7- ۋە 8- ئارمىيە بىر ھەپتىگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا 30 ئىنگلىز مىلى ئىلگىرىلەپ ئاۋرانشېسنى ئىشغال قىلدى ۋە گېرمانىيە ئارمىيىسىنى شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشكە چېكىنىشكە مەجبۇرلىدى. بۇ چاغدا گىتلېر ۋە ئۇنىڭ ئالىي قوماندانلىرى ئاخىر نورماندىيە ئوپېراتسىيىسى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئاساسلىق ئىستراتېگىيىلىك ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلدى ھەمدە كالاي رايونىدىكى 15-گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنى

تېزلىكتە كېلىپ نورماندىيە سېپىگە ياردەم بېرىش توغرىسىدا جىددىي بۇيرۇق چۈشۈردى. لېكىن ئۇلار ئاللىقاچان كېچىككەندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتناش قولايسىز، ھەرىكەت ئاستا بولۇپ، ئۈنۈمى ئۈنچىلىك كۆرۈلمىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىلدرىي مونتگومېرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئەنگلىيە، كانادا ۋە پولشا ئارمىيىلىرىنىڭ كائېن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن فالايىسقا ئىلگىرىلەپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا تەييارلىق قىلىشىنى بەلگىلىدى. 16-ئاۋغۇست كانادا، پولشا ئارمىيىسى فالايىسنى ئىشغال قىلدى. 19-ئاۋغۇست بۇ ئامبۇر شەكلىدىكى ھۇجۇم ھالىتى ئاخىر بېرىپ ئارگېنستان-فالايىس تاغىرىنى شەكىللەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ سەككىز پىيادىلەر دىۋىزىيىسى ۋە ئىككى برونېۋىك دىۋىزىيىسى قورشاۋدا قېلىپ، 50 مىڭ ئادەمى يارىدار بولدى، تەخمىنەن 10 مىڭ ئادەمى ئۆلدى. ئېيزىنخاۋېر شۇ ئىشلارنى ئەسلەپ: «بۇ مۇھاسىرە چەمبىرىكى قامال قىلىنغاندىن كېيىنكى 48 سائەت ئىچىدە، بىر سىنىڭ باشلىشى بىلەن بۇ رايوندىن پىيادە ئۆتتۈم. بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش پەقەت ئۇلۇغ شائىر دانتېنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. سەن پۈتۈنلەي جەسەت ۋە سېسىپ كەتكەن گۆشلەر دۆۋىسى ئۈستىدىن توختىماي بىر نەچچە يۈز يارد[1] ماڭساڭمۇ، پۇتۇڭغا شۇنىڭدىن باشقا نەرسە ئۇرۇلمايدۇ» دەيدۇ.

ئىتتىپاقداش ئارمىيە نورماندىيىدە قورۇقلۇققا چىققاندىن بېرى، گېرمانىيە ئارمىيىسى كەينى-كەينىدىن مەغلۇپ بولدى. گىتلېر فرانسىيە ۋە بېلگىيىنىڭ شەرقىي ئۇرۇش مەيدانىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىغا دۇچ كەلدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە سوۋېت

---

[1] بىر يارد 0.9144 مېترغا تەڭ.

ئارمىيىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكنى يىسىپ چۈشىدىغان ئەسكىرىي كۈچىگە ماسلىشىپ، گېرمانىيە زېمىنىغا تەرەپ-تەرەپتىن قىستاپ كەلدى.

1944-يىل 10-ئىيۇن باشلانغان سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ يازلىق ھۇجۇمى كەينى-كەينىدىن غەلىبە قىلىپ، تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىدى. ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، قىزىل ئارمىيە شەرقىي پرۇسسىيە چېگرىسىغا يېتىپ كەلدى، بالتىق دېڭىزى رايونىدا گېرمانىيىنىڭ 50 دىۋىزىيىسىنى مۇھاسىرىگە ئالدى ۋە فىنلاندىيىنىڭ ۋىبورگغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، مەركىزىي گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنى يوقاتتى ھەمدە ئالتە ھەپتىدىن بېرى بۇ ئۇرۇش سېپىدە 400 ئىنگلىز مىلى ئىلگىرىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي سەپتە 20-ئاۋغۇستتىن باشلاپ يېڭى ھۇجۇم باشلاندى، ئاينىڭ ئاخىرى رۇمىنىيە ۋە گېرمانىيىنى تەبىئىي بېنزىن بىلەن تەمىنلەيدىغان بىردىنبىر مۇھىم مەنبە پلوئېشتى نېفىتلىكىنى ئىگىلىدى. 26-ئاۋغۇست بولغارىيە ئۇرۇشتىن رەسمىي چېكىنىپ چىقتى، بۇ يەردىكى گېرمانىيە ئارمىيىسىمۇ پاتپاراق بولۇپ چېكىندى. ئاۋغۇست كۈنلىرى فىنلاندىيىمۇ ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقتى ۋە ئۆز زېمىنىدىن چېكىنگەن گېرمانىيە ئارمىيىسىگە ئوت ئېچىشتىن باش تارتتى.

يېڭى ئېچىلغان غەربىي ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانىدا ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ كۈچلۈك ئىلگىرىلىشى بىلەن، فرانسىيە تېزلا ئازاد بولدى. 30-ئىيۇل گېنېرال پاتتون قوماندانلىقىدىكى 3-بىرلەشمە ئارمىيە ئاۋرانشېسنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، نورماندىيە سېپىدىكى گېرمانىيە ئارمىيىسىنى زور كۆلەمدە قورشاۋغا ئېلىپ، شەرقىي جەنۇبقا ئىلگىرىلەپ لويرى دەرياسى بويىدىكى ئورلېئانغا يېتىپ كەلدى، ئاندىن شەرققە ئىلگىرىلەپ پارىژنىڭ جەنۇبىدىكى سېنا

دەرياسىغا كەلدى. ئىككى كۈندىن كېيىن، گېنېرال ياك لېكلېرك قوماندانلىقىدىكى فرانسىيە 2-برونېۋىك دىۋىزىيىسى ۋە ئامېرىكا 4-پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى پارىژنى ئىشغال قىلدى. 1944-يىل 25-ئاۋغۇست، گېنېرال لېكلېرك بۇيرۇققا بىنائەن گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ تەسلىمنى شەرەپلىك ھالدا تاپشۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، گېرمانىيە تۆت يىلدىن ئوشۇق بېسىۋالغان، فرانسىيىنىڭ پەخرى دەپ نامى بار بۇ ئۇلۇغ شەھەر ئازاد بولدى.

پارىژنىڭ ئازاد بولۇشى نورماندىيە ئوپېراتسىيىسىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنىڭ نامايەندىسى ئىدى. گېرمانىيە 7-گورۇپپىۋوي ئارمىيە 5-تانكا گورۇپپىۋوي ئارمىيىسى ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. 1- ۋە 19- گورۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ نۇرغۇن جەڭگىۋار كۈچلىرى بىتچىت قىلىندى. ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ 6-ئىيۇن قۇرۇقلۇققا چىققىنىدىن تارتىپ ھېسابلىغاندا، دۈشمەننىڭ ئالىي دەرىجىلىك قوماندانلىرى ئىچىدە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئۈچ مارشالى ۋە گورۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ بىر قوماندانى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى ياكى ياردار بولدى، بىر گورۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ قوماندانى، ئۈچ كورپۇس كوماندىرى، 15-دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى ۋە بىر قورغاننىڭ قوماندانى ئۆلتۈرۈلدى ياكى ئەسىرگە ئېلىندى. ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، غەربىي سەپتىكى گېرمانىيە ئارمىيىسى 500 مىڭ ئادىمىنى زىيان تارتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە يېرىمىدىن كۆپرەكى ئەسىرگە چۈشتى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە دۈشمەننىڭ جەمئىي 1300 تانكىسىنى، 20 مىڭ ھەربىي ماشىنىسىنى، 500 زەمبىرىكىنى، 1500 دالا زەمبىرىكى ۋە ئېغىر تىپتىكى زەمبىرەكنى پاچاقلاپ تاشلىدى ياكى ئولجا ئالدى. گىتلېر ھەدەپ ماختىغان سىېگفرىيد مۇداپىئە لىنىيىسىنى قوغدايدىغان بىرمۇ ئادەم، بىرەر قورال-ياراغمۇ

قالمىدى. غەربىي سەپتىكى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى قوماندانلىرى پۇرسەت قولدىن كەتتى، دەپ قاراشتى. سپېيدېل: «قۇرۇقلۇق قىسىملىرى ئەمدى مەۋجۇت بولماي قالدى، ھاۋا ئارمىيىسىدىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس» دېدى. 4-ئاۋغۇست، غەربىي سەپنىڭ باش قوماندانلىقىغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن رۇندستېد ئۇرۇشتىن كېيىن ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ سوراقچىسىغا: «مېنىڭچە بولغاندا، ئۇرۇش ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرى ئاياغلاشتى» دېدى.

ئىتتىپاقداش ئارمىيە بىلەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى گېرمانىيە زېمىنىغا قەدەممۇ قەدەم قىستاپ كەلدى، ناتسىستلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالدى. 15 ياشتىن 18 ياشقىچە بولغان ياشلار ۋە 50 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان ئوتتۇرا-ياشانغان ئەرلەر ھەربىي سەپكە كىرگۈزۈلدى. ناتسىست ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنىۋېرسىتېت، ئوتتۇرا مەكتەپ، ئىدارە ۋە زاۋۇتلارنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئارمىيىگە كىرگۈچىلەرنى ئىزدىدى. 1944-يىلى ئاۋغۇستتىن ئۆكتەبىرگىچە 500 مىڭ ئادەم قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىگە قاتناشتى. ھەربىي ھازىرلىقلار ۋە ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئىشلەپ چىقىرىش مىنىستىرى ئالبېرت سپېيل گىتلېرغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ: «تېخنىك ئىشچىلارنى ھەربىي سەپكە قوبۇل قىلسا، قورال-ياراغ ئىشلەپ چىقىرىشقا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ» دېدى.

ناپولېئون دەۋرىدىن بۇيان، گېرمانىيە ئارمىيىسى ھەر ھالدا ئۆز تۇپرىقىدا ئۇرۇش قىلىپ باقمىغان، كېيىن پرۇسسىيە-گېرمانىيە ئۇرۇشمۇ باشقا دۆلەتنىڭ تۇپرىقىدا ئېلىپ بېرىلغان، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغىنىمۇ باشقا دۆلەتنىڭ زېمىنى ئىدى. ئەمدى ئۇرۇش گېرمانىيىنىڭ ئىچكى رايونلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىردى، ئارمىيىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ

قالدى، شۇڭا ئۇلار ئەسكەرلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈرىدىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى رۇندستېد چاقىرىق قىلىپ: «غەربىي ئۇرۇش مەيدانىدىكى جەڭچىلەر! مەن سىلەرنىڭ گېرمانىيىدىن ئىبارەت مۇقەددەس زېمىننى ئاخىرغىچە قوغدىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن!» دېدى. يەنە بىر قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى موردېل گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىدىكى جەڭچىلەرگە چاقىرىق قىلغاندا: «بىزنىڭ ئانا يۇرتىمىز، خوتۇن-بالىلىرىمىزنىڭ هاياتى مۇشۇ ئۇرۇشقا باغلانغان!» دېدى. لېكىن پۇرسەت قولدىن كېتىپ، قاچقان ئەسكەرلەرنىڭ سانى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ كەتكەچكە، ناتسىست باندىتلىرىنىڭ مەھشەر كۈنى يېقىنلىشىپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز تۆتىنچى باب

## دەككە-دۈككىگە چۈشۈش

فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئۈزلۈكسىز غەلىبە قىلىشىغا ئەگىشىپ، چېرچىل بىلەن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ كەتتى. 1944-يىلى يازدا، سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە شەرقىي ياۋروپاغا كىردى، شۇڭا چېرچىل سوۋېتلىكلەر بىلەن بۇ رايونلار توغرىسىدا بىر سىياسىي كېلىشىم تۈزۈشنىڭ جىددىي زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. پولشا، ۋېنگرىيە، رۇمىنىيە ۋە بولغارىيە قاتارلىق دۆلەتلەر مەسىلىسىدە لوندون بىلەن موسكۋا ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر-ئىختىلاپلاردا ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى.

مايدا، لوندوندا ئېچىلغان ئىمپېرىيە يىغىنىدا پۈتكۈل مەسىلىلەر ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. ئەنگلىيە باش ۋەزىرى چېرچىل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەلىبىلىك يۈرۈش قىلىشىدىن دەككە-دۈككە ئىچىدە قالدى، شۇ چاغدا، ئۇ تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ئېدېنغا تۆۋەندىكىچە نوتا يازدى:

«ئىچكى كابىنېت ۋە ئىمپېرىيە يىغىنى ئۈچۈن بىز بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئېغىر مەسىلىلەرنى ئاددىيلا قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىر پارچە ھۆججەت تۈزۈپ چىقىش كېرەك. بۇ مەسىلىلەر

ئىتالىيە، رۇمىنىيە، بولغارىيە ۋە يۇگوسلاۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە، بولۇپمۇ گرېتسىيىدە كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ھۆججەت ئامال بار بىر بەتتىن ئېشىپ كەتمىسۇن.

مەن ھازىرغىچە ئىتالىيىدە مەسىلىلەر ئىنتايىن كۆپ دەپ ئېيتالمايمەن، لېكىن ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مەسىلە مەۋجۇت. بىز بالقان يېرىم ئارىلىدىكى دۆلەتلەر ياكى ئىتالىيىدىكى كوممۇنىزملاشتۇرۇشنى سۈكۈت ئىچىدە ئېتىراپ قىلماقچىمۇ؟ بۈگۈن چۈشتىن ئىلگىرى كۆرتىن ئەپەندى بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالدى. قىسقىسى، مېنىڭچە، بۈنىڭغا ئېنىق خۇلاسە چىقىرىشىمىز كېرەك، ئەگەر بىزنىڭ خۇلاسىمىز كوممۇنىزمنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش بولسا، ئۇلارغا مەسىلىنى ھەربىي ۋەزىيەت ئىجازەت بەرگەن ئەڭ ياخشى پۇرسەتتە توغرىدىن-توغرا ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە، بىز ئاۋۋال ئامېرىكا بىلەن مەسلىھەتلىشىشىمىز كېرەك.»

شۇ كۈنى، يەنى 4-ماي چېرچىل ئىمپېرىيە يىغىنىدا: «روشەنكى، روسىيىلىكلەرنىڭ ئىتالىيە، يۇگوسلاۋىيە ۋە گرېتسىيىلەردە كوممۇنىزملىق سۇيىقەست ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئۇلار بىلەن گەپنىڭ ئوچۇقىنى دېيىشىشكە يېقىنلىشىپ قېلىۋاتىمىز. مېنىڭچە، ئۇلانىڭ پوزىتسىيىسىگە تاقابىل تۇرۇش كۈندىن-كۈنگە تەسكە چۈشۈۋاتىدۇ» دېدى. يىغىندىن كېيىن ئۇ يەنە ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئەھۋالدا رۇمىنىيە مەسىلىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئاساسلىق مەسئۇل بولۇپ بىر تەرەپ قىلىش، گرېتسىيىنىڭ ئىشىنى بولسا ئەنگلىيىنىڭ مەسئۇل بولۇپ بىر تەرەپ قىلىشىغا قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئاتالمىش «ئادەتتىكى تەكلىپ» نى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، ئامېرىكىنىڭ بۇ تەكلىپكە قارىتا ئىنكاسى ناھايىتى «سوغۇق» بولدى.



www.uyghurkitap.com

11-ئىيۇن روزۋېلت چېرچىلغا ئەۋەتكەن خېتىدە: «بىز بىرەر ئالاھىدە رايوندا ھەربىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالغان ھۆكۈمەتنىڭ، ھەربىي ئىشلارنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ قارار چىقىرىدىغانلىقىدىن ساقلىنالمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز. لېكىن بىز بۇنداق قارارلارنىڭ تەبىئىي خاھىشىنىڭ غەيرىي ھەربىي ساھەلەرگە كېڭىيىشىگە، شۇنداقلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاشۇ خىلدىكى كېلىشىملەرنىڭ بۇنداق خاھىشنى كەچەيتىۋېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز» دېدى. ئىككى كۈندىن كېيىن چېرچىل يەنە گەپنى ئەگىتمەيلا: «بىز شۇنى ئېنىق ئېيتىپ قويۇشىمىز كېرەككى، ئۇرۇشتىن كېيىن ھەرقانداق بىر كۈچلەر دائىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرمەيمىز» دېدى.

سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ يازلىق ھۇجۇمى ئوڭۇشلۇق بولدى، چېرچىل بۇنىڭدىن خۇشال بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى تەشۋىش ئىچىدە قالدى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇم فىنلارغا قارشى ياردەمچى ھۇجۇمنى مۇقەددىمە قىلدى. فىنلار لادوگا كۆلىدىن بالتىق دېڭىزىغىچە بولغان ئارىلىقتا مەنناخايىم مۇداپىئە سېپىنى كۈچەيتىپ، ھۇجۇم بىلەن ئالغىلى بولمايدىغان مۇداپىئە سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. لېكىن، بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ساپاسى ۋە قورال-ياراغلىرى 1940-يىلى بۇ جايدا ئۇرۇش قىلغان چاغدىكىگە زادى ئوخشىمايتتى، شۇڭا 12 كۈنلۈك شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتتى، 21-ئىيۇن ۋىبورگنى ئىشغال قىلدى. شۇ كۈنى يەنە ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىپ لادوگا كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى دۈشمەنلەرنى تازىلىدى. ئاينىڭ ئاخىرى سوۋېت ئارمىيىسى دۈشمەن ئارمىيىسىنى ئۆز زېمىنىغىچە قوغلاپ باردى ھەمدە لېنىنگرادتىن مورمانسكىغا بارىدىغان تۆمۈر يول قاتنىشىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. فىنلاندىيە ئارمىيىسى گېرمانىيە

www.uyghurkitap.com

ئارمىيىسىنىڭ قوللىشى بىلەن، ۋاقىتىنچە قارشىلىق كۆرسەتتى، ئەمما ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاخىر 25-ئاۋغۇست ئۇرۇش توختىتىشنى تەلەپ قىلدى.

23-ئىيۇن، قىزىل ئارمىيە ۋىچبوسك بىلەن گومېل ئارىلىقىدىكى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ مۇداپىئە سېپىگە ھۇجۇم باشلىدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى بۇ ئىككى جايدا، شۇنىڭدەك بۇروئىسك، موگىليوف قاتارلىق شەھەر-بازارلار ۋە يېزىلاردا مۇستەھكەم جېندىلارنى قۇرۇپ، ئايلانما شەكىللىك مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. لېكىن سوۋېت ئارمىيىسى بۇ شەھەر-يېزىلار ئارىلىقىدىكى بوش جايلارغا بۆسۈپ كىردى، بۇ جېندىلار كەينى-كەينىدىن مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى. سوۋېت ئارمىيىسى بىر ھەپتە ئىچىدە 80 ئىنگلىز مىلى ئىلگىرىلىدى. ئارقىدىنلا ئۇرۇش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ غەلىبىسېرى ئالغا ئىلگىرىلىدى؛ 6-ئىيۇل مىنسك شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، تىرىپىرەن بولۇپ چېكىنىۋاتقان دۈشمەن ئارمىيىسىنى ئالدىراپ تەشكىللىگەن مۇداپىئە لىنىيىسى ئىچىگە قامال قىلىۋالدى، بۇ مۇداپىئە لىنىيىسى ۋىلنادىن جەنۇب تەرەپكە سوزۇلۇپ پرىپيات سازلىق رايونىغا يېتىپ باراتتى، گېرمانىيە ئارمىيىسى بۇ يەردە تەڭ كەلگىلى بولمايدىغان سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ شىددەتلىك زەربىسىدىن پاك-پاكىز يوقىتىلدى. قىزىل ئارمىيە ئىيۇلنىڭ ئاخىرلىرى كوۋنېر ۋە گرودنوغا كىرىپ نىمان دەرياسىغا يېتىپ باردى. بەش ھەپتە ئىچىدە 250 ئىنگلىز مىلى ئىلگىرىلىدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى ئېغىر زىيان تارتتى، 25 دىۋىزىيىلىك ئەسكىرىي كۈچىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالدى. بۇنى ئاز دېگەندەك 25 دىۋىزىيىلىك ئەسكىرىي كۈچى كورلاندىتا مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالدى.

پرىپيات سازلىق رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى سوۋېت ئارمىيىسىمۇ شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 13-ئىيۇل

كۈنى، ئۇلار كوۋېر بىلەن ستانىسلاۋ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش سېپىدە ئارقىمۇ ئارقا ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇن كۈندىن كېيىن، گېرمانىيە ئارمىيىسى پۈتۈن سەپ بويىچە تارمار بولدى، سوۋېت ئارمىيىسى يەنە غەربكە 120 ئىنگلىز مىلى ئىلگىرىلەپ سان دەرياسى بويىدىكى ياروسۋاۋغا يېتىپ باردى. ئارقىدىنلا ستانىسلاۋ، لونبېگ ۋە پرزېمىسلنى ئالغاندىن كېيىن، يەنى 30-ئىيۇل كۈنى ساندومېرنىڭ جەنۇبىدىكى ۋىسدورا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل ۋارشاۋاغا قىستاپ كەلدى.

سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ بۇ قېتىمقى چوڭ ئوپېراتسىيىدە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسى پەقەت بۇلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ غەلىبىسى جەنۇبتىكى رۇمىنىيىگىچە كېڭەيدى. ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىن چېرنوۋستىن قارا دېڭىزغىچە بولغان ئارىلىقتىكى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ مۇداپىئە سېپى تېخىچە رۇمىنىيىگە ھەمدە پلوئېشتى نېفىتلىكىگە ۋە بالقان يېرىم ئارىلىدىكى دۆلەتلەرگە بارىدىغان يوللارنى قامال قىلىۋالغانىدى؛ لېكىن گېرمانىيە ئارمىيىسى ئەسكەر يۆتكەپ شىمالدىكى قولدىن كېتىش ئالدىدا تۇرغان جېنىدىلىرىغا ياردەم بەرگەچكە، بۇ مۇداپىئە سېپى ئاجىزلاپ كەتكەنىدى، 22-ئاۋغۇست سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئاستىدا بۇ مۇداپىئە سېپى تېزلا بىتچىت قىلىندى. گېرمانىيە ئارمىيىسى 16 دىۋىزىيىسىنى زىيان تارتتى. 23-ئاۋغۇست ياش پادىشاھ مىخائىل ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى باشلاپ بۇخارېستتا سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، پۈتكۈل ھەربىي ۋەزىيەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى. رۇمىنىيە ئارمىيىسىنىڭ بارلىق ئوفىتسېر-جەڭچىلىرى پادىشاھقا ئەگىشىپ ئىش قىلدى. سوۋېت ئارمىيىسى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرىكى ئۈچ كۈن ئىچىدە، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمى قورالسىزلاندۇرۇلدى، بىر قىسمى شىمال تەرەپكە چېكىنىدى. 1-سېنتەبىرگە كەلگەندە،

گېرمانىيە ئارمىيىسى بۇخارېستتىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقتى، ئارقىدىنلا رۇمىنىيە ھۆكۈمىتى تەسلىم بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

سوۋېت ئارمىيىسى غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئۇدۇل دوناي دەريا ۋادىسىغا باردى، ئاندىن ترانساۋانىيە ئالپ تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ۋېنگرىيىنىڭ چېگرىسىغا يېتىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دوناي دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ سول قانىتىمۇ يۇگوسلاۋىيىنىڭ چېگرىسىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، زور قوشۇنىنىڭ غەربكە ئىلگىرىلىشى ۋە ۋېنانى ئازاد قىلىشى ئۈچۈن تەييارلىق كۆردى.

ئەنگلىيە باش ۋەزىرى، قىزىل ئارمىيىنىڭ غەلىبىلىك يۈرۈش قىلىشلىرىدىن، بۇ قېتىمقى شىددەتلىك دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى ئۆزى ۋە ئۇنىڭ بىر نىيەتتىكى خىزمەتداشلىرى پەرەز قىلغىنىدەك يېڭىلىپ ياكى ئاجىزلاپ كەتمەي، ئەكسىچە بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئەھۋالنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىشى مۇقەررەر ھالدا كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئۇرۇشقا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسەتتى. چېرچىل، كۈچلۈك سوۋېت ئىتتىپاقى فاشىزمنى چوقۇم ئۇزۇل-كېسىل يوقىتىدۇ، ئاندىن ياۋروپا ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر بارلىققا كېلىدۇ، دەپ قارايتتى. بۇ، «كوممۇنىزمغا ئىچ-ئىچىدىن ئۆچمەنلىك قىلىدىغان» چېرچىل ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈلسىز ئەھۋال ئىدى ۋە ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ دۇنيانى قاپلاپ كېتىشىنى زادى خالىمايتتى، ئەنگلىيىدە چىقىدىغان «ئىشچىلار ئايلىق ژۇرنىلى»دا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ماقالىدە يېزىلغانىدەك: «غەرب ھۆكۈمرانلىرى 1943-يىلى فاشىزمنىڭ يىمىرىلىپ،

كوممۇنىزمنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ئويلىسا ساراسىمە ئىچىدە قالاتتى، بۇ جەھەتتە چېرچىلدەك قاتتىق ئەنسىزچىلىكتە قالغان بىرەر ئادەم يوق.»

چېرچىل 1942-يىل ئۆكتەبىردە، يەنى ستالىنگراد گېرمانىيە ئارمىيىسىنى تارمار قىلىشتىن ئىلگىرى بىر پارچە نوتا تەييارلاپ، ئەنگلىيىنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېت ئەزالىرىغا تارقىتىپ بەردى. ئۇ نوتىغا مۇنداق دەپ يازدى: «مېنىڭ پۈتكۈل ئوي-خىيالىم ياۋروپادىن ئىبارەت زامانىۋى دۆلەت ۋە زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكىگە مەركەزلەشكەن. ئەگەر روسىيىنىڭ ۋەھشىي ھەرىكەتلىرى ياۋروپادىكى قەدىمىي دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە مۇستەقىللىقىنى ئاياغ ئاستى قىلىۋېتىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئاپەت بولىدۇ.» بۇ سۆزلەر ستالىنگراد ئوپېراتسىيىسى ۋاقتىدا يېزىلغانىدى. چېرچىل شۇ چاغدا ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى مەزگىللىرىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە كەينى-كەينىدىن خەت ئەۋەتىپ، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسىدىن خۇشال ئىكەنلىكىنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇش نەتىجىلىرىگە ئاپىرىن ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. روشەنكى، بۇ پەقەت ئەدەپ يۈزىسىدىن قىلىنغان ئىپادە بىلدۈرۈش بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ سەمىمىي ھېسسىياتى ۋە ھەقىقىي كۆز قارىشىنىڭ ئاشكارىلىنىشى ئەمەس ئىدى.

1943-يىلىنىڭ ئاخىرى، فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدا ئەنگلىيىگە پايدىسىز بولغان زور ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى گىتلېر گېرمانىيىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق دۆلەتلەرگە قارشى كۈرەشتە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئاساسىي رولىنى جارى قىلدى. شۇڭا ئۇرۇشتىن كېيىن دۇنيا تەقدىرىنى بەلگىلەشتە ئوينىغان رولىمۇ كۈچلۈك بولدى. ئامېرىكا

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ قورallىق كۈچىنى ۋە ھەربىي سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارىسىدىكى تەسىرى كۈچەيدى، لېكىن ئەنگلىيىگە بولغان تەسىرى نىسپىي ھالدا تۆۋەنلەپ كەتتى. ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ مەشھۇر سىياسىئونى، جەنۇبىي ئافرىقا فېدېراتىپىنىڭ باش مىنىستىرى سمۇتس 1943-يىلىنىڭ ئاخىرى ئەنگلىيە رەھبەرلىرىگە: «ئۇرۇشتىن كېيىن ئىككى گىگانت ئادەم مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ياۋروپادىكى روسىيەدە، يەنە بىرى شىمالىي ئامېرىكىدا» دېگەندى. چېرچىل قاتتىق ئازاب ۋە غەزەپلىك ھېسسىياتى بىلەن بۇ نۇقتىنى ھېس قىلدى. ئەنگلىيە تارىخچىسى D. گىكسىنىڭ ئېيتىشىچە، چېرچىل تېھران يىغىنىدىكى مەزگىلىدىلا «ئەنگلىيىنىڭ شۇنچىلىك كىچىك دۆلەت ئىكەنلىكىنى» ھېس قىلىپ، «مېنىڭ بىر تەرىپىمدە پۇتلىرىنى ئالماپ بىر يوغان روسىيە ئېيىقى، يەنە بىر تەرىپىمدە يوغان شىمالىي ئامېرىكا ياۋا كالىسى ئولتۇردى. ئوتتۇرىدا ئولتۇرغىنى بىچارە ئەنگلىيە تەخىيى... لېكىن بۇ ئۈچەيلەننىڭ ئىچىدە تەخەيلا قايتىش يولىنى توغرا پەرقلەندۈرەلەيدۇ» دېگەن.

چېرچىل ئۆمۈر بويى ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ يېقىن مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىشنى ئىزچىل تۈردە تەشەببۇس قىلغان. ئۇ تۈنجى بولۇپ بۇ تەشەببۇسنى 20-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. چېرچىلنىڭ بىئوگرافىيىنىڭ قارىشىچە، چېرچىلنىڭ ئامېرىكىغا نىسبەتەن ياخشى تەسىراتتا بولۇشى قانداشلىق جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۆزى يېرىم ئامېرىكىلىق ئىدى، لېكىن بۇنىڭدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ئامىل، چېرچىل 20-ئەسىردە ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئورتاق رەقىبى بار، يەنى ياۋروپادىكى رەقىبى گېرمانىيە، يىراق شەرقتىكى رەقىبى ياپونىيە، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكى رەقىبى بولسا سوتسىيالىزم ۋە ھەرقايسى

ئەللەردىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر، دەپ ھېسابلىغان. ئېدېن 1943-يىلى 15-مارت روزۋېلت بىلەن سۆزلەشكەندە: «بىزدىكى ئەڭ قىيىن مەسىلە روسىيە»، «ئەنگلىيە ئۆزى يالغۇز روسىيىگە تاقابىل تۇرسا، بەلكىم كۆچى بەكلا ئاجىز كېلىپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەن. ئېدېننىڭ بۇ كۆز قارىشى شەك شۈبھىسىزكى، چېرچىلغا ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇڭا، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا بىر-بىرىگە دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىدە بولماي، بىرلىكتە ئورتاق دۈشمىنىگە قارشى تۇرغان، خالاس.

چېرچىل ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيا تۈزۈلمىسى ئۈستىدە قايتا-قايتا ئويلىنىپ، بىرىنچى، ياۋروپا، ھەتتا پۈتۈن دۇنيادا بىر قىسىم فېدېراتسىيە دۆلەتلىرىنى قۇرۇش؛ ئىككىنچى، ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ زىچ ئىتتىپاقىنى تىكلەش ئارقىلىق ئۇرۇشتىن كېيىن ئىككى دۆلەتنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش تەسەۋۋۇرىغا كەلگەن. شۇڭا، ئۇ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېتقا يوللىغان بىر مەخپىي نوتىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ياۋروپادىكى دۆلەتلەر چوڭ ئائىلىسى ياۋروپا يىغىنىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىرلىك سەپ قۇرالايدۇ. مەن ياۋروپا قوشما شتاتلىرى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىمەن. ياۋروپا يىغىنىنىڭ ئوندىن ئوششۇق ئەزاسى بولۇشنى، ئىلگىرىكى ھەرقايسى چوڭ دۆلەتلەرنى، شۋېدلەر، نورۋېگىيىلىكلەر، داكلار، گوللاندلار، بېلگىيىلىكلەر، فرانسۇزلار، ئىسپانىيە-لىكلەر، پولەكلەر، چېخلار ۋە تۈركلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.» بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقىنى ئىلگىرىكى چوڭ دۆلەتلەر، يەنى چېرچىلنىڭ گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بۇ گۇرۇھنىڭ ئىچىگە كىرگۈزمەكچى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ فرانسىيىنى چوڭ دۆلەتلەر قاتارىغا كىرگۈزمەي، گوللاندىيە ۋە تۈركىيىلىكلەر بىلەن بىر

ئورۇنغا قويدى. روشەنكى، بۇ «ياۋروپا ئىتتىپاقى» نىڭ مەقسىتى ئەنگلىيىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا ئاساسلىقى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۈچلۈك، «كۈندىن - كۈنگە ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقان شېرىكى ئامېرىكا» بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

دۇنيادىكى رەھبەرلەر ئىچىدە روزۋېلتقا ئوخشاش چېرچىلنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى. روزۋېلت كۆرۈنۈشتىكى ھۆرمەت-ئىززەت ئالدىدا گاڭگىراپ قالمىدى. چېرچىل دائىم ئۆزىنى روزۋېلتنىڭ «بىرىنچى لېيتېنانت» ى دەپ ئاتايتتى، روزۋېلتنى ئىزچىل تۈردە «زۇڭتۇڭ ئەپەندى» دەيتتى، روزۋېلتمۇ ئۇنىڭغا يارىشا سەمىمىيلىك بىلەن «ۋىنستون» دەپ چاقىراتتى. لېكىن، ئەنگلىيە باش ۋەزىرىنىڭ «ئۆز سۆزلۈك» لۈكىدىن روزۋېلت بىزار ئىدى. ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇرۇش ئاياغلىشىشقا ئاز قالغاندا، زۇڭتۇڭ چېرچىلغا ئۆز پىكرىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، يەنە قىسقىغىنا باھاسىنى قوشۇپ قوياتتى. كۋېبېكتىكى 2-قېتىملىق يىغىندا ئەھۋال شۇنداق بولدى. دۆلەت سېكرېتارى ستېتتىنيۇسنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، چېرچىل يالتا يىغىنىدا پىكىر بايان قىلغاندىن كېيىن، روزۋېلت ئامېرىكا ۋەكىللەر ئۆمىكىگە بىر باغاقچە يېزىپ: «يەنە يېرىم سائەت ۋالاقلىدى!» دېگەن. ئۇرۇش ئاياغلاشقاندا، روزۋېلت چېرچىل بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى توغرۇلۇق توختالغاندا، ئىختىيارسىز ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن: «راست، مەن چارچاپ كەتتىم! ئەگەر سىلەرمۇ ماڭا ئوخشاش توپتوغرا بەش سائەت ھەپىلىشىپ ۋىنستوننى ھارۋا بىلەن دۆڭگە ئىتتىرىپ چىقارغان بولساڭلار،

چارچاپ كەتكەن بولاتتىڭلار!» دېگەن.

ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، روزۋېلت چېرچىل بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا كۆنۈپ قالغان ۋە ئۇنى بەكلا ھۆرمەت قىلغان. ئاق سارايدىكى زۇڭتۇڭ ئىشخانىسىنىڭ جوزىسى ئۈستىگە سىگارت چىشلەپ تۇرغان چېرچىلنىڭ ياغاچ ئويما ھەيكىلى قويۇلغان، پەقەت روزۋېلت دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقاندىن كېيىنلا ئېلىۋېتىلگەن. ھەيكەلنىڭ ئۈستىگە زۇڭتۇڭ ئۆز قەلىمى بىلەن: «ئېلىپ كەتمەڭلار! بولمىسا 250 دوللار جەرىمانە ئېلىنىدۇ» دەپ يېزىپمۇ قويغانىدى.

چېرچىلنىڭ غەرىزى بويىچە ئېيتقاندا، ئامېرىكا بىلەن ئىتتىپاقلاشسا، ئەنگلىيىنىڭ كەڭ مۇستەملىكە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشقا جەزمەن پايدىسى تېگەتتى. ئۇ روزۋېلت بىلەن بىرلىشىپ تۈزگەن ئاتلانتىك ئوكيان نىزامىدا، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش شەكلىنى تاللاشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى تەرغىب قىلىندى. لېكىن، چېرچىل بۇ يەردە رەسمىي بايانات ئېلان قىلىپ: «مېنىڭ پادىشاھنىڭ بىرىنچى ۋەزىرى بولۇشۇم، ئىمپېرىيىنى يوقىتىپ رەئىس بولۇش ئۈچۈن ئەمەس» دېدى. ئۇنىڭ بۇ باياناتى كەڭرى تارقالدى. ئۇ، 1944-يىل دېكابىردا ئېدېنغا خەت ئەۋەتىپ: «مېنىڭ 1942-يىل نويابىردا ئېلان قىلغان ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنى يوقىتىشقا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى باياناتىمنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، ئەگەر ئامېرىكىلىقلار ئۆزلىرى بېسىۋالغان ياپونىيە ئاراللىرىنى تارتىۋالماقچى بولسا، يول قويۇڭلار، تارتىۋالسۇن، بىز قوللايمىز... لېكىن، ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىگە ئارىلىشىشقا رۇخسەت يوق. بۇ بىزنىڭ ئۆزگەرمەس قائىدىمىز» دېدى.

چېرچىل غەربىي ياۋروپادا گېرمانىيىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرىغا جاھىللىق بىلەن قارشى چىقىپ، بالقان ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ئىستراتېگىيىلىك پىلانىغا زەربە بېرىشتە باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇردى. چېرچىلنىڭ ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئارمىيىسىنى بالقانغا كىرگۈزۈشتىكى مەقسىتى، كېيىن كۈچلۈك ئەسكىرىي كۈچنى ئىشقا سېلىپ شىمالغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىش ۋە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا بىلەن ئوتتۇرا ياۋروپا رايونىنى ئىشغال قىلىش ھەمدە قىزىل ئارمىيىنىڭ غەربكە ئىلگىرىلىشىنى توسۇش ئىدى. ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ بالقانغا كىرىشى، بۇ رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ كونا تەرتىپلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيىنىڭ تەسىرىنىمۇ كۈچەيتتى. چېرچىل تاشقى ئىشلار ۋەزىرىگە ئەۋەتكەن نوتىسىدا: «بىز بالقاننى كوممۇنىزملاشتۇرامدۇق ياكى ئىتالىيىنىمۇ؟ مەسىلە دەل مۇشۇ يەردە. . . بىزنىڭ خۇلاسىمىز كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە تاجاۋۇز قىلىشىنى قەتئىي توسۇشتىن ئىبارەت» دەپ يازدى.

ئەنگلىيە باش ۋەزىرى ياۋروپادىكى ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان گېنېرال ئېيزىنخاۋېرغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئامېرىكىلىقلارنى بالقان ئىستراتېگىيىسىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇرلىدى. ئېيزىنخاۋېر ئەسلىمىسىدە باش ۋەزىرنىڭ چىقىش نۇقتىسى: «ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيا تىنچلىقىنى ئورنىتىشتا غەرب ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىنىڭ بالقاندا كۈچلۈك قوشۇنىنىڭ بولۇشى، روسىيە ئارمىيىسىنىڭ بۇ رايوننى ئىشغال قىلىشىغا قارىغاندا تېخىمۇ پايدىلىق» دەپ يازدى. چېرچىلنىڭ غەرىزى ئىتالىيىدىكى ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئارمىيىسىنى مۇۋاپىق پەيتتە لجۇبلجانا ئارقىلىق ئوتتۇرا ياۋروپاغا كىرگۈزۈش ئىدى. ئولىۋېر لىتلېتون ئەسلىمىسىدە: «ئۇ روسىيىلىكلەرنىڭ

ئەمەس، بەلكى غەرب ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىنىڭ بەزى پايتەختلەرنى، مەسىلەن، بۇداپېشت، ۋېنا، پراگا ۋە ۋارشاۋا قاتارلىق شەھەرلەرنى ئازاد قىلىش ۋە ئىگىلىۋېلىشىدا چىڭ تۇردى. مۇشۇنداق قىلغاندا ناھايىتى چوڭ پايدىغا ئىگە بولغىلى بولاتتى، چۈنكى بۇ پايتەختلەردە ياۋروپا تەرتىپىنىڭ ئاساسى ئورنىتىلىپ بولغانىدى» دەپ يازدى. چېرچىلنىڭ بالقان ئىستراتېگىيىسىگە يالغۇز سوۋېت ئىتتىپاقىلا قارشى چىقىپ قالمىدى، ئامېرىكىلىقلارمۇ بالقان ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئىككى غەرىزىنىڭ بارلىقىنى يەنى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش ئىكەنلىكىنى، ھەم ئامېرىكىغىمۇ قارشى تۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلدى. زۇڭتۇڭ روزۋېلت ئەگەر چېرچىلنىڭ پىلانى ئەمەلگە ئېشىپلا قالسا، شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادا چوقۇم ئەنگلىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلىدىغانلىقى، ئامېرىكىلىقلارنىڭ دوستى ئەنگلىيە ئۈچۈن ئوت ئىچىدىن كاشتان ئوغرىلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتى. چېرچىل ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ غەربىي ياۋروپادىن گېرمانىيىگە ھۇجۇم قىلىشىغا ناھايىتى تەستە قوشۇلدى. شۇنداقتىمۇ ئامېرىكا گېنېرالى ۋېدېمېيېر يازغىنىدەك ئۇ «ئۆزىنىڭ پىلانىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ‹زومىگەر› ھەرىكىتىنى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشنىڭ قىممىتى قالمىغان چاغقىچە كېچىكتۈرۈپ ئاندىن باشلىدى.»

1944-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى غەربىي سەپتە ئىتتىپاقداش ئارمىيىگە ئىنتايىن پايدىسىز ئەھۋال كۆرۈلدى. گىتلېر ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ گېرمانىيە چېگرا رايونلىرىدا قوزغىغان ھۇجۇمىغا قارىتا ئاردېن رايونىدا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. نېمىسلارنىڭ مەقسىتى بېلگىيە ۋە گوللاندىيىدىكى ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەت قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچ

بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىش ھەمدە بۇ قوشۇنلارنى يوقىتىپ ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ كىلەر يىللىق ھۇجۇم پىلانىنى بۇزۇۋېتىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، گېرمانىيە سوۋېت ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن زور مىقداردىكى قوشۇننى شەرقىي سەپكە يۆتكىدى. ئاخىر گېرمانىيە ئالدىنقى سەپنى بۆسۈپ ئۆتۈپ 90 كىلومېتىر ئىلگىرىلىدى. نېمىسلارنىڭ ھۇجۇمى توسۇپ قېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ 2-ئۇرۇش مەيدانىدىكى تەھدىتى يەنىلا ئېغىر بولدى.

ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا، چېرچىل 1945-يىلى 6-يانۋار ستالىندىن جىددىي ياردەم تەلەپ قىلىپ، «روسىيىنىڭ يانۋاردا ۋىسلا ئالدىنقى سېپىدە ياكى مەلۇم بىر رايوندا كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغىشىنى» تەلەپ قىلدى. ستالىن دەرھال «پۈتكۈل ئوتتۇرا ئۇرۇش سېپىدە گېرمانىيە قاراقچىلىرىغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاش تەييارلىقىنى تېزلىتىش» نى قارار قىلدى. 12-يانۋار سوۋېت ئارمىيىسى ئەسلىدىكى پىلاندىن سەككىز كۈن بۇرۇن گىتلېر ئارمىيىسىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىپ، غەربىي سەپتىكى ھۇجۇمىنى دەرھال توختىتىش ھەمدە قىسىملىرىنى شەرقىي سەپكە يۆتكەشكە مەجبۇر قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۇجۇمغا ئۆتكەندىن كېيىنكى ئۈچ ھەپتىدە، ئاساسلىق ھۇجۇم يۆنىلىشى بويلاپ 500 كىلومېتىر ئىلگىرىلەپ ئودېر دەرياسى رايونىغا كىردى ۋە بېرلىندىن 70 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدا ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ دۈشمەن مۇھاسىرىسىنى بۇزۇشىغا ماسلىشىپ، نېمىسلارنى يەنە ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىش ھېسابىغا ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ھازىرلىدى.

ئازادلىققا ئېرىشكەن ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى كونا تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى خالىماي، دېموكراتىك پرىنسىپ بويىچە يېڭى تۈزۈم ئورنىتىشنى ئۈمىد

قىلاتتى. قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى قوشۇنلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مول كۈرەش روھىغا ئىگە كىشىلەر توپلاندى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ياۋروپا كاپىتالىزم تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىشتىن ئايانمىدى، ھەتتا زور ئارمىيىسىنى ئىشقا سېلىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئەزالىرىنى قورالسىزلاندۇردى. مەسىلەن، چېرچىل بېلگىيىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى جەڭچىلىرى ۋەتەنگە قايتقان قاچاق ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق توپىلاڭ قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ، دېدى. بۇنى باھانە قىلىپ بېلگىيىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى جەڭچىلىرىنى قورالسىزلاندۇردى. ئەنگلىيە گېزىتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، «چېرچىل قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى جەڭچىلىرىنىڭ بېلگىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنى دەستەك قىلىپ، توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغانلىقى توغرۇلۇق بىرەر ئالامەتنى سەزمىدى.»

چېرچىلنىڭ گرېتسىيە ۋەتەنپەرۋەر كۈچلىرىنى قوراللىق باستۇرۇشى، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ كونا تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەملەشكەنلىكىنىڭ يەنە بىر ئوچۇق مىسالىدۇر. G. پېررېنىنىڭ ماقالىسىدە چۈشەندۈرۈلۈشىچە، گرېتسىيىنىڭ نېمىس باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئاساسلىق كۈچى تاغ ئىچىدە پارتىزانلىق قىلىۋاتقان كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى ئىدى. چېرچىلنىڭ بۇ كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇشتىكى ئۇسۇلى ئۇلارنى ئافىناغا كىرىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا ئامالسىز قالدۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇ گرېتسىيە خەلقىنى ئەكسىيەتچى پادىشاھنى ھەمدە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىدى ھەمدە خەلققە قارشى ئوچۇق-ئاشكارا ئۇرۇش قوزغىدى. 1944-يىلى دېكابىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، گرېتسىيىگە ئەۋەتىلگەن ئەنگلىيە ئارمىيىسى 60 مىڭ

ئادەمگە يەتتى. چېرچىل بۇ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان گېنېرال سكوبىيېغا بۇيرۇق قىلىپ: «ئەگەر سىلەر ئىشغال قىلغان شەھەرلەردە توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ قالسىڭىز، قىلچە ئىككىلەنمەستىن دەرھال ھەرىكەتكە كېلىڭلار» دېدى. ئەنگلىيە ئارمىيىسى پارتىزان ئەترىتىگە قارىتىپ ئوق چىقاردى، شۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ گرېتسىيە خەلقىنى قوراللىق باستۇرۇشىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشى باشلاندى.

چېرچىل پولشانىڭ كەلگۈسىگە «ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى» نى بىلدۈردى. ئۇ پائال تۈردە پولشا قاچاق ھۆكۈمىتىنى قوللىدى، بۇ، ئىزچىل تۈردە سوۋېت ئىتتىپاقىغا، سوۋېت كومپارتىيىسىگە قارشى تۇرۇپ، خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىپ كەلگەن ھۆكۈمەت ئىدى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى «گىتلېر گېرمانىيىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ يامان دۈشمەن» دەپ قارايتتى. چېرچىلنىڭ پولشا قاچاق ھۆكۈمىتىنىڭ زېمىن تەلىپىنى قوللىشى ھەرگىزمۇ پولشانىڭ قۇدرەت تېپىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقى ئەمەس ئىدى. ئۇ 1- ۋە 2- دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدىكى ھەرقايسى دەۋرلەر ئۈستىدە توختالغاندا: «پولشا باشتىن-ئاخىر بولشېۋىزمغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئاۋانگارتى بولۇپ كەلدى» دەپ يازدى؛ 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق بىر پولشانىڭ بارلىققا كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى كۆۋرۈك ئىستىھكامى بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

چېرچىل ئۇرۇش ئەسلىمىسىدە، 1945-يىل مارتتىكى سىياسىتى ۋە تاكتىكىسىنى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىرىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەركىن دۇنيانىڭ ئەجەللىك تەھدىتىگە ئايلىنىپ قالدى. ئىككىنچى، دەرھال يېڭى بىر فرونت قۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توسۇش كېرەك؛

ئۈچىنچى، ياۋروپادىكى بۇ يېڭى فرونت ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە شەرققە ئىچكىرىلەپ كىرىشى لازىم؛ تۆتىنچى، بېرلىن ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ بىرىنچى ۋە ھەقىقىي نىشانى؛ بەشىنچى، چېخوسلوۋاكىيىنى ئازاد قىلىش ۋە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ پراگاغا كىرىشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە؛ ئالتىنچى، ۋېنا ۋە پوتكول ئاۋسترىيە غەرب چوڭ دۆلەتلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇشى كېرەك. . . يەتتىنچى، مارشال تىتونىڭ تاجاۋۇز خاراكتېرلىك تەلىپىنى چەكلەش كېرەك. ئەڭ ئاخىرى، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىمى دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيىسى ئايرىلىشتىن ئىلگىرى. . . شەرق ۋە غەرب دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ياۋروپانىڭ بارلىق مۇھىم مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك.»

ئەنگلىيىنىڭ بۇ باش ۋەزىرى يالتا كېلىشىمىگە قارىماي، گېنېرال ئېيزىنخاۋېر قوماندانلىقىدىكى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنى بېرلىنغا جىددىي يۈرۈش قىلدۇرۇپ، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىدىن بۇرۇن گېرمانىيە پايتەختىنى ئىشغال قىلدۇرۇشقا ئۈندىدى. ئۇ 1945-يىل 5-ئاپرېل روزۋېلتقا ئەۋەتكەن خېتىدە: «بىز بىلەن روسىيە ئارمىيىسىنى ئۇچرىشىدىغان ئورۇن ئىنتايىن مۇھىم، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە شەرققە ئىچكىرىلەپ كىرىش، مۇبادا ئەھۋال يار بەرسە بېرلىنغا كىرىشىمىز كېرەك» دەپ يازدى. شۇ چاغدىكى ھەربىي ۋەزىيەتكە ئاساسلانغاندا، ئېيزىنخاۋېر بۇ مەقسەتكە يېتەلىشى مۇمكىن ئىدى.

1945-يىل 12-ئاپرېل ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزۋېلت ۋاپات بولدى، ترۇمېن ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا تەيىنلەندى. چېرچىل، ئەمدى پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىكى گىتلېرغا قارشى ئىتتىپاقتا بۆزغۇنچىلىق سالغىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇ كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە

قىلچە يوشۇرماستىنلا: «ئۇرۇش ئاخىرلاشقۇچە مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان نېمىسلار قورال-ياراغلىرىنى تاشلاپ تەسلىم بولغان، خەلق ئاممىسى چوڭ-كىچىك كوچىلىرىمىزنىڭ ھەممىلا يېرىدە شاد-خۇراملىققا چۆمگەن چاغدا، مەن غەربىي ياۋروپادىكى ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى مونتگومېرىغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۇنىڭغا گېرمانىيىدىن ئولجا ئالغان قورال-ياراغلارنى ئوبدان ساقلاپ قويۇشنى تاپىلىدىم، مۇبادا سوۋېت ئارمىيىسى ھۇجۇمىنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدىغان بولسا، بىز بۇ قورال-ياراغلارنى ھېچ ئىككىلەنمەيلا بىز بىلەن ھەمكارلىشىدىغان گېرمانىيە ئەسكەرلىرىگە قايتىدىن تارقىتىپ بېرىشىمىز مۇمكىن» دېگەن. ئارىدىن 25 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، غەربىي گېرمانىيە بۇرژۇئازىيە لىبېرالىزم تەرەپدارىنىڭ ئوبزورچىسى ھاۋېنا بۇ مەسىلە توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازدى: «گىتلېرنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپ توقۇنۇشىنى ئارزۇ قىلىشى ئۇنچىلىك ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. 1945-يىل ئەتىياز ۋە يازنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى غالىب كەلگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەن ئۇرۇش پارتلىغىلى قىل قالغانىدى. ئىشەنچلىك ئەربابلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئەقەللىسى گىتلېرغا قارشى ئىتتىپاقنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان چېرچىل ئاللىقاچان ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرگەن. ھەتتا ئۇرۇش قوزغىماقچىمۇ بولغانىدى.» يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن چېرچىلنىڭ سۆزىدىن شۇنى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى تېخى ئۈزۈل-كېسىل بىتچىت قىلىنمىغان ناتسىست ئۇنسۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، مىلتىقنىڭ ئۇچىنى ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقدىشى — سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتماقچى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئېتىراپ قىلغان.

ناھايىتى ئېنىقكى، ئەگەر چېرچىلنىڭ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئېشىپ قالىدىغان بولسا، پۈتۈن دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدىغان

مەنزىرە بارلىققا كېلىدۇ، يەنى 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنلا 3-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى تۇرغانلا گەپ. پەقەت ئۇرۇش قىلغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ئورنى ۋە ئىتتىپاقداشلىقى جەھەتتە ئۆزگىرىش بولغان — ئىلگىرىكى دۈشمەن ئىتتىپاقداشقا، ئىلگىرىكى ئىتتىپاقداش دۈشمەنگە ئايلىنىپ قالغان بولاتتى. گىتلېردىن ئىبارەت بۇ چوڭ قارانىيەتچى ياۋروپانى ناتسىست ئۇنسۇرلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىغا تاشلاپ بېرىشكە قىل قالدى، ئەگەر 3-دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغان بولسا، ئۇ چاغدا گىتلېر ئالۋاستىلىرىغا قارشى ئۇلۇغ كۈرەشنىڭ نەتىجىسى يوققا چىققان بولاتتى. بەزى تارىخشۇناسلار ئېيتقاندەك: «ئۇرۇش ئاياغلاشقاندا، گېرمانىيە خۇددى ئۇرۇش قىلمىغاندەك ساق-سالامەت بولۇپ، ئۇ ناھايىتى تېزلا ھۇجۇم قىلىش ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىشى مۇمكىن ئىدى.»

چېرچىل رەڭلىك كۆزەينەك تاقاپ شۇ چاغدىكى فاشىستلارغا قارشى ئۇرۇشنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى كۆزىتەتتى. ئۇنىڭ ئۇرۇش ئەسلىمىسى توغرىسىدا يازغان كىتابلىرىنىڭ ئاخىرقى بىر تومىنىڭ ئىسمى «غەلىبە ۋە پاجىئە». چۈنكى ئۇ تارىخىي مەسىلىلەرگە ئۆزىنىڭ شەخسىي نۇقتىئىنەزىرى بويىچە مۇئامىلە قىلغاچقا، گىتلېرغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاياغلىشىشىنى ھەم غەلىبە، ھەم پاجىئە دەپ قارىغان.

ئەنگلىيە گېرمانىيە فاشىستلىرى بىلەن بولغان ھايات-ماماتلىق كۈرەشتە ئامان قالدى. ئۇرۇش باشلانغاندا ئەنگلىيە خۇددى مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلالمايدىغاندەك ھالەتتە ئىدى، فرانسىيە گېنېراللىنىڭ تەسۋىرلىشىچە، نېمىسلار شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى، ئەنگلىيىنى خۇددى بىر چۆجىنىڭ بويىنىنى سىقىپ ئۆلتۈرگەننىڭ ئورنىدا يوق قىلىۋېتەلەيتتى. ئەمدىلىكتە ئەنگلىيە فاشىستلارغا قارشى چوڭ دۆلەت قاتارىدا

www.uyghurkitap.com

دۇنيادا قەد كۆتۈردى، بۇنىڭدىن چىرچىل مەمنۇن بولدى. لېكىن، ئۇرۇش ئاياغلىشىش ھارپىسىدا، بولۇپمۇ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياۋروپا، شۇنىڭدەك ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كۈچلۈك سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب دولقۇنى چىرچىلنىڭ خۇشال كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويدى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ كاپىتالىستىك تۈزۈمىنى بىتچىت قىلىۋېتىپ، كۆپلىگەن سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. كاپىتالىزم بىر خىل جەمئىيەت تۈزۈمى سۈپىتىدە ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىدى. شۇڭا، چىرچىلنىڭ نەزىرىدە گېرمانىيە ئۈستىدىن قىلىنغان غەلىبە پاجىئەگە ئايلىنىپ كەتكەندى. ئۆزىنى كوممۇنىزمغا قارشى رىتسار ۋە جاھانگىرلىك مۇستەملىكە تۈزۈمىنىڭ قوغدىغۇچىسى دەپ ئاتىۋالغان بۇ ئادەم 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسىگە، بولۇپمۇ ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ كونا تۈزۈم ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىغا چىدىمايلا قالغانىدى، شۇڭا ئۇ ھايات چېغىدىلا بىھۇدە ئاۋارە بولۇپ، ھېچقانداق پايدىسى تەگمەيدىغان تەتۈر ئىشلارنى قىلىشقا قەسەم بەرگەن.

ئوتتۇز بەشىنچى باب

# يولدىن چىققان ئادەم ھىمايىسىز قالدۇ

گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلدى، لېكىن چېرچىل خەلق تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلدى. بۇ پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىققان ئىش بولدى. شۇڭا، بۇ تەكەببۇر قەھرىمان خۇددى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇسىبەت ئىگىسىدەك ئازاب ئىچىدە قالدى. بۇ ئىش، خەلقنىڭ غەزىپىنى توسۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى، «يوللۇقلارنىڭ نۇسرەت تېپىپ، يولسىزلارنىڭ لەنەتكە قالىدىغان» لىقىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بەردى.

فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ، چېرچىل بىراقلا ئوڭغا بۇرۇلدى-دە، خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ پىكرى ۋە ئەنگلىيە خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئېقىمغا قارشى ئىش تۇتتى. 1945-يىلى پۈتكۈل ياۋروپا، جۈملىدىن ئەنگلىيە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىسى سولغا بۇرۇلغانىدى. ئەنگلىيە خەلقى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن داۋاملىق ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، دېموكراتىك ئاساستا ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئۈمىد قىلاتتى. چېرچىل بۇ نۇقتىنى چۈشەنمەي ۋە تونۇپمۇ يەتمەي، ئاقىۋەت ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى.

ئۇرۇش ۋاقتىدا چېرچىل ئىچكى ئىشلار توغرۇلۇق كۆپ

باش قاتۇرمىغانىدى. ئەنگلىيە ئەمگەكچى خەلقى ئەنگلىيىنىڭ فاشىستلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقىنىنى بىلگەچكە، ھۆكۈمەتنى ھەمدە ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىغانىدى. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئازاب-ئوقۇبەتكە چىداشتەك ئىدىيىۋى تەييارلىقى 1-دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدىكىدىنمۇ كۈچلۈك بولدى. مەملىكەت ئىچىدىكى سىنىپىي كۈرەش يوقالمىغان بولسىمۇ، لېكىن 1-دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدىكىدەك ئۇنچىلىك كەسكىن بولمىدى.

خەلق ئاممىسىنى دۈشمەنگە قارشى كۈرەشكە قاتنىشىشقا سەپەرۋەرلىك قىلىش ئۈچۈن، چېرچىل ھۆكۈمىتى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، ئۇرۇشتىن كېيىن بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئەنگلىيە ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتىنى ياخشىلىماقچى ئىكەنلىكىنى ھەدەپ تەشۋىق قىلغان ۋە لېيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى گرېنۋۇئود باشچىلىقىدىكى بىر قۇرۇلۇش كومىتېتى قۇرۇلغانىدى. لېكىن، غەلىبىنىڭ كۈندىن-كۈنگە يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىسلاھات لايىھىسىمۇ تەدرىجىي ھالدا تاشلىنىپ قالدى.

ئەگەر چېرچىل ھۆكۈمىتى ئۇرۇش ئاياغلاشقۇچە، ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئەنگلىيىنىڭ كەلگۈسى توغرۇلۇق سۆز ئاچماي، ئۆزىنى قاچۇرۇش سىياسىتى قوللاندى دېيىلسە، ئۇ ھالدا ئەنگلىيىنىڭ سولچىل كۈچلىرى غەلىبىدىن كېيىن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتى ئۈستىدىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى بارغانسېرى قەتئىي ھالدا تەلەپ قىلغان بولاتتى. 1944-يىلىنىڭ ئاخىرى، كوممۇنىستىك پارتىيە «قانداق قىلغاندا تىنچلىقا ئېرىشكىلى بولىدۇ» دېگەن تېمىدا پروگراما ئېلان قىلىپ، ئەنگلىيىدىكى بارلىق دېموكراتىك

كۆچلەرنىڭ بىرلىشىپ، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ
هۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىشكە چاقىردى. كوممۇنىستىك
پارتىيە 1944-يىلى ئۆكتەبىردە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىرىپ،
ئەنگلىيىنىڭ يەر، كۆمۈر سانائىتى، ئېنېرگىيە سانائىتى،
ترانسپورت ئىشلىرى، مېتاللورگىيە سانائىتى ۋە بانكىلاردا
دۆلەت ئىگىلىكى ئاساسىدا پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويۇشنى
ھەمدە ئىجتىمائىي ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.
كوممۇنىستىك پارتىيە لېيبورىستلار پارتىيىسى، لىبېراللىستلار
پارتىيىسى ۋە بىرلەشمە پارتىيىلەرگە پات ئارىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان
پارلامېنت سايلىمىدا ئىلغار ئىتتىپاق تەشكىللەپ، رىقابەت
سايلىمىدا كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنى مەغلۇپ قىلىشقا
كاپالەتلىك قىلىش تەكلىپىنى بەردى.

چېرچىلنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشىمۇ بارغانسېرى
كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. خېربېرت ۋېلس
1944-يىل دېكابىردا «يوقالسۇن چېرچىل» سەرلەۋھەلىك بىر
پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇ ماقالىسىدە: «هازىرمۇ ئۆزىنى
خۇددى ئەنگلىيىنىڭ كەلگۈسىدىكى دۆلەت باشلىقىدەك ھېسابلاپ
يۈرگەن ۋىنستون چېرچىل، كاللىسى تەۋەككۈلچىلىك
ئىدىيىسى بىلەن توشۇپ كەتكەن ئادەم. ئۇنىڭ بۇ ئىدىيىسى
ئەنگلىيىنىڭ سىياسىي ھاياتىدا ئەمەلگە ئاشمايدۇ... هازىر ئۇ
پۈتۈنلەي دېگۈدەك كاللىسىدىن ئايرىلدى. ئىلگىرى كونىلىقنى
ساقلىغۇچى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ بىر ئوچۇم ئەزالىرى
هوقۇق تۇتقان ۋە ئاقىلانە بولمىغان سىياسەتلەرنى قوللىنىپ،
ئەنگلىيىلىكلەرنى يەتكۈچە ئىزا-ئاهانەتكە قويغان، شۇ چاغدا
ئۇرۇشخۇمار ۋىنستون مۇھىم خىزمەتتە ئىدى. دۆلەت كۈرەش
قىلىشى كېرەك، لېكىن ئۇ ئۇرۇشخۇمار ئىدى. ئەينى چاغدا
تېخىمۇ مۇۋاپىق بىر نامزات تېپىلمىغاچقا، چېرچىل بىزنىڭ
كۈرەش ئىرادىمىزنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ رولى

ئاللىقاچان ئاياغلاشتى. . . چېرچىل ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولدى، ئەمدى بالدۇرراق تەختتىن چۈشۈشى كېرەك. ئۇنىڭ بەرگەن ۋەدىلىرى ھېلىمۇ ئېسىمىزدە، لېكىن ئۇ ئۇششاق نەتىجىلەر بىلەن قانائەتلىنىپ، يەنە ئالغا بېسىشنى خالىمىدى» دەپ يازدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەنگلىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا چېرچىلغا بولغان نارازىلىق بارا-بارا كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىنىڭ مەلۇم چاغلىرىدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىناۋىتى بارا-بارا چۈشۈپ كەتتى.

1935-يىلى سايلانغان ئەنگلىيە پارلامېنتى ئون يىل، يەنى گېرمانىيە تەسلىم بولغانغا قەدەر داۋاملاشتى. بۇ، پارلامېنت ئۇرۇش ۋاقتىدا ئىككى نۆۋەت ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى، 2-دۇنيا ئۇرۇشى تېخى تولۇق ئاياغلاشمىغان چاغدا، ئەنگلىيە چوڭ سايلام ئۆتكۈزدى، دېگەنلىكتىن ئىبارەت. چېرچىل 1944-يىل ئۆكتەبىردە باياناتت ئېلان قىلىپ، گېرمانىيىنى يەڭگەندىن كېيىن دەرھال سايلام ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

ئۇرۇش ۋاقتىدىكى چېرچىلنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتىگە قاتناشقان لېيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ ئوڭ قانات رەھبەرلىرى، ئۇرۇشتىن كېيىن كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىر يولدا مېڭىشقا قارشى چىقىپمۇ كەتمىدى. ئۇلار بىرلىششنى قوللاپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىرلىك ئورنىنى ساقلاپ قالماقچى بولۇشتى، ئەمما يېڭى سايلامدا لېيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ پارلامېنتتا كۆپ سان ئىگىلىشىنى ئۈمىد قىلمايتتى، لېكىن، لېيبورىستلار پارتىيىسى يىللىق يىغىندا بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قارشى ئاۋاز بەردى. چۈنكى، لېيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ ئادەتتىكى ئەزالىرى ئىسلاھاتقا تەشنا، ئۇلار خەلقنىڭ تۇرمۇشى جەھەتتە بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، مۇستەقىل لېيبورىستلار

پارتىيىسى ھۆكۈمىتى قۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. لىبېرالىستلار پارتىيىسى بىلەن لىبېرالىستلار پارتىيىسى بىرلىشىشنى رەت قىلغاندا، چېرچىل دەرھال چوڭ سايلام ئۆتكۈزۈش ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇلارغا تەھدىت سالدى. لىبېرالىستلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرىنىڭ قارىشىچە، دەرھال چوڭ سايلام ئۆتكۈزۈش ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى، چۈنكى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ بىر كوزىرى — ئۇرۇش ۋاقتىدىكى داھىي چېرچىلنىڭ شەخسىي ئىناۋىتى بار ئىدى، ئەمما لىبېرالىستلار پارتىيىسى چوڭ سايلامغا تولۇق تەييارلىق قىلالمىغانىدى. پۈتۈن پارتىيىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنى سايلام رىقابىتىدىكى كۈرەشكە تەييارلاش ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىت كېتەتتى، شۇڭا ئاتلى بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئۆكتەبىرگىچە ئىشلىشى ھەققىدە تەكلىپ بەردى. چېرچىل لىبېرالىستلار پارتىيىسىنىڭ غەرىزىنى بىلىۋالغاچقا، ئۇ تەكلىپنى رەت قىلدى.

1945-يىل 23-ماي چېرچىل بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى تارقىتىۋېتىپ، ئاتالمىش ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەت تەشكىللىدى، بۇ ھۆكۈمەت 5-ئىيۇل پارلامېنت سايلام ئۆتكۈزگۈچە دۆلەتنى باشقۇرۇپ تۇراتتى. چېرچىل ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەت تەشكىللەش مەسىلىسىدە تاكتىكا جەھەتتە ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزدى. ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەت پۈتۈنلەي كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئوڭچىللاردىن تەشكىللەنگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ميۇنخېن كېلىشىمىنى ھىمايە قىلغۇچىلار ۋە ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە خاتا سىياسىي لۇشيەننى ئىجرا قىلغان بىر قىسىم كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى سىياسىي پروگراممىسىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. ئەنگلىيە خەلقى ئەسلى چېرچىلنىڭ قىلچە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئويىنىڭ يوقلۇقىنى، بەلكى ھۆكۈمرانلىقى

ئاستىدىكى ئەنگلىيىنى 20- ۋە 30- يىللىرىدىكىدەك زۇلمەتلىك ئەھۋالغا قايتۇرۇپ ئاپىرىدىغانلىقىنى دەرھاللا بىلىۋالدى. شۇڭا، چېرچىل مۇشۇ باسقۇچتا ئۆزىنىڭ كېيىنكى سايلامدىكى ئورنىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان سېلىۋالدى. ئەنگلىيىنىڭ سايلىغۇچىلىرىنىڭ ھوشيارلىقى ئېشىپ، چېرچىل تىنچ شارائىتتا دۆلەتنىڭ ئىشەنچلىك رەھبىرى بولالارمۇ، دېگەن مەسىلىدە بىر قارارغا كېلەلمەي قالدى.

لېيبورىستلار پارتىيىسى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئاساسلىق سىياسىي دۈشمىنى ئىدى. لېيبورىستلار پارتىيىسى ئىسلاھات بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، چېرچىل رەھبەرلىكىدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشتىن باش تارتتى ۋە سايلامدا كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىگە قارشى چىقتى. بۇنىڭدىن چېرچىل ۋە كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ باشقا رەھبەرلىرىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. بۇ ئاچچىق ئۇلارنى رېئاللىق تۇيغۇسىدىن مەھرۇم قىلدى. شۇڭا سايلام كۈرىشىدە ئۇلار ئۆزىنىڭ ئورنىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدى. لېكىن، سايلامنىڭ ئاقىۋىتى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرىگىلا باغلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئاساسلىقى ئۇرۇشتىن كېيىن مەملىكەت ئىچىدىكى سىنىپىي كۈچلەرنىڭ يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا باغلىق ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشى، ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا بولغان ھېسداشلىقى ۋە تەلپۈنۈشىنى قوزغىدى، ئەنگلىيە خەلقىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. بۇ دۆلەتتە سوتسىيالىزم دائىم دېگۈدەك كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىكىلەر سايلام ھەرىكىتىدە لېيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ تۈرلۈك ئىسلاھاتلىرىغا قارشى تۇرغاندا، لېيبورىستلار پارتىيىسىنى «سوتسىيالىستىك سىياسىي پارتىيە»

دەپ ئەيىبلەيتتى. بۇ ئەيىبلەش دەل ئەكسىچە لېيبورىستلار پارتىيىسىگە بىر خىل ياردەم بولدى. چېرچىل: «لېيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ تەختكە چىقىشى ئەنگلىيە خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە گۈللەپ ياشنىشىغا قىلىنغان خەۋپ ھەم ئىغۋاگەرچىلىك» دەپ ھۇجۇم قىلدى ھەمدە لېيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ سايلامدا غەلىبە قىلىشى ئەنگلىيىنى گىتلېر ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، دېدى. ئۇ، لېيبورىستلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتى «دۆلەت تۇرمۇشىغا ۋە سانائەت ئورگانلىرىغا رەھبەرلىك قىلغاندا خەلقنىڭ ئەركىن ھالدا جەمئىيەتكە بولغان كۈچلۈك نارازىلىقىنى ئىپادىلەشكە يول قويۇلمايدۇ، ئەنگلىيە گېستاپونىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالىدۇ» دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

چېرچىل كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ 1924-يىلى ۋە 1931-يىلىدىكى سايلامدا قوللانغان ئۇسۇلىدىن قايتا پايدىلانماقچى بولدى. ئەينى چاغدا ئۇلار ئىنقىلابتىن ئىبارەت ئەرۋاھ ئارقىلىق ئەنگلىيە سايلىغۇچىلىرى ئىچىدىكى كۆپ سانلىق ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئۇنسۇرلىرىنى قورقۇتقانىدى. بۇ قېتىم چېرچىل يەنە ھاكىممۇتلەقچىلىق ئارقىلىق بۇ تۆۋەن قاتلامدىكى سايلىغۇچىلارنى قورقۇتۇشقا ئۇرۇندى. ئۇ كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ژۇرنىلىغا ماقالە يېزىپ: «گېستاپو ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالغان گېرمانىيە خەلقىنىڭ قەلبىدىن ئەمدىلا يوقىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، باشقا بىر ئىسىم بىلەن نىقابلانغان گېستاپونىڭ ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىشىنى قوللىغىنىڭلار نېمىسى؟» دېدى. لېيبورىستلار پارتىيىسىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى بۇ نۇتۇق چېرچىلنىڭ 1945-يىلى سايلامدا ئۆتكۈزگەن تاكتىكا جەھەتتىكى ئىككىنچى خاتالىقى ھېسابلىنىدۇ. كۆپلىگەن كونسېرۋاتىپلارمۇ بۇ نۇقتىنى دەرھال چۈشىنىپ يەتكەن. گېزىتچىلىك پادىشاھى

دىزراز رودېمى: «ئەگەر ئۇ مۇشۇ ئىدىيە ھالىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قالىدىغان بولسا، سايلامدا مەغلۇپ بولىدۇ» دېدى. «تايمىس گېزىتى» ۋە باشقا گېزىتلەر چېرچىلنىڭ سۆزلىرىنى يۇمشىتىشقا ئۇرۇندى، لېكىن قىلچە ئۈنۈمى بولمىدى. چېرچىل ئۆزىنىڭ ئىناۋىتى ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىغا ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كەتكەچكە، ئۆزىنىڭ يولغا قويۇۋاتقان لۇشيەنىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش ناھايىتى مۇشكۇل بىر ئىش بولۇپ قالدى.

سايلام رىقابىتى مەزگىلىدە، چېرچىل ئەنگلىيىنىڭ ھەممىلا يېرىدە سايلام رىقابىتى ساياھىتى قىلدى. ئۇنى قوللىغۇچىلار قوشۇنى مەلۇم بىر كىچىك شەھەرگە كەلگەندە، دائىم ئالدىنقى قاتاردا ماڭىدىغان شۇ جاينىڭ كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ تەشۋىقات ماشىنىسى، رادىئوسى: «3-ماشىنىغا دىققەت قىلىڭلار، ۋىنستون بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلدى. ئۇ يەر شارىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ زات، دۇنيا بويىچە ئەڭ مەشھۇر دۆلەت ئىشلىرى ئەربابى» دېدى. شەھەر ۋە يېزا-بازارلارنىڭ كوچىلىرىغا چېرچىلنىڭ سۈرىتى ئېلىنغان رەڭگارەڭ تەشۋىقات رەسىملىرى ۋە پلاكاتلار ئېسىلدى، پلاكاتلارغا «بۇ ئادەم ئۇرۇشنى يەڭدى»، «بۇ ئادەم ئۇلۇغۋار ئىشلارنى چوقۇم ئادا قىلىدۇ» دېگەن خەتلەر يېزىلدى. لېكىن ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئەنگلىيە سايلىغۇچىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۆتمۈش، ئەنگلىيە خەلقى كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىش كەلگۈسى بولۇپ قالدى. ئۇلار تىنچلىقنى قوغدايدىغان، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىغا بەخت، خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلەلەيدىغان كىشىلەرنىڭ سايلىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇلار چېرچىلنىڭ شۇنداق قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى.

چېرچىل پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كەيپىياتىنى مۆلچەرلاشتۇرالمىدى. ئۇنىڭ قىلىۋاتقان پۈتۈن ھەرىكەتلىرى

خەلقتىن بەكلا چەتلەپ كەتتى، سايلىغۇچىلارمۇ بۇ نۇقتىنى ھېس قىلدى. 1945-يىلى كلېمېنتىنا تۆرە مورانغا «ۋىنستون دائىم رەڭلىك كۆزەينەك تاقاپ دۇنياغا قارايدۇ . . . ئۇ ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنى ئازراقمۇ چۈشەنمەيدۇ. ئۇ ئەزەلدىن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ باققىنى يوق، پەقەت بىرلا قېتىم مېتروغا ئولتۇرغان» دېدى.

دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، لىيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى 1945-يىلىدىكى سايلام ھەرىكىتىدە خېلى ئاقىلانە ئىش كۆردى، ئۇلار سايلىغۇچىلارنىڭ پىسخىكىسىدا ياقىدىغان مۇھىم ئىسلاھات پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سايلىغۇچىلارغا ئەنگلىيىنىڭ ئىقتىسادىدىكى نۇرغۇن مۇھىم ساھەلەرنى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ، ئىجتىمائىي ئىستراخوۋانىيە تۈزۈمىنى ئۇزۇل-كېسىل ئىسلاھ قىلىپ، زور كۈچ بىلەن ئاھالە ئولتۇراق قۇرۇلۇشلىرىنى سالىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەردى. ئۇرۇشتىن كېيىنمۇ ئۇرۇش داۋامىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە سوۋېتتىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت ئىتتىپاقىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ساقلاپ قالىدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. لىيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ سايلام ھەرىكىتىدىكى ئىستىلى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭكىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىق بولدى. چېرچىل مەخسۇس ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سايلام رىقابىتى رايونلىرىغا باردى. يىغىلىشلارغا قاتنىشىدىغان چاغدا سايىۋەنلىك ئېسىل ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ باردى. لىيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى ئاتلي خوتۇن-باللىرى بىلەن كونا بىر ماشىنىغا ئولتۇرۇپ شەھەرمۇ شەھەر قاتراپ يۈردى. «ئۇ سالماق، ئېھتىياتچان ئادەم ئىدى، خەقلەرنىڭ ئالدىدا ھەرگىزمۇ ئالاھىدە بولۇۋالمايتتى. پۈتكۈل سايلام جەريانىدا مۇئامىلىسى ناھايىتى كەمتەر بولدى.» ئۇنىڭ ئاددىي نۇتۇقلىرى بىلەن

چېرچىلنىڭ ھەددىدىن زىيادە مەنمەنلىك پوزىتسىيىسى روشەن سېلىشتۇرما بولدى. شۇڭا لېيبورىستلار پارتىيىسى سايلىغۇچىلار ئارىسىدا ياخشى تەسىرات قالدۇردى.

چېرچىل ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇ سايلىغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە بېرىدىغان باھاسىدىن قىلچە گۇمان قىلمايتتى. سايلامدا بىرمۇنچە ئالدىن ئېيتىپ بەرگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ پەقەت كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ يېڭى پارلامېنتتا ئىگىلەيدىغان كۆپ ئاۋازنىڭ زادى قانچىلىك بولىدىغانلىقى ئۈستىدىكى مەسىلىدىنلا ئىبارەت ئىدى. بېئاۋېربروئوكنىڭ قارىشىچە، چېرچىلنىڭ كۆپ سانى ئەڭ ئاز دېگەندە 100 ئورۇن بولاتتى. چېرچىللا ئەمەس، بەلكى ئاتلىمۇ كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ تۆۋەن پالاتادا كۆپ سانني ئىگىلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە سوۋېتتىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت ھۆكۈمەت باشلىقلىرى قاتناشقان پوتسدام يىغىنى ئەنگلىيە چوڭ سايلىمى ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئېچىلدى. شۇڭا، چېرچىل قايتىدىن سايلانغان غالىپلارچە قىياپەت بىلەن يىغىنغا قاتناشتى. ئۇ يىغىندا ئۆزىنى ناھايىتى جانلىق، ئېتىك تۇتتى. يىغىن مەزگىلىدە ئۈچ دۆلەتنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى نۆۋەت بىلەن باشقا ئىككى تەرەپنى زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى. ئالدى بىلەن، ئامېرىكا ئىككى ئىتتىپاقدىشىنى كۈتۈۋالدى. نۆۋەت ئەنگلىيىگە كەلگەندە، چېرچىل ساھىبخانا سۈپىتىدە ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككى دۆلەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرۈپلا قالماي، بەلكى كۆپلىگەن چەت ئەللىك مېھمانلار ئالدىدا باشقىچە بىر يول تۇتۇپ «ئۆكتىچىلەر پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى ئۈچۈنمۇ قەدەھ كۆتۈردى». بۇ، ئاتلى ۋە سورۇندا ئولتۇرغانلارنى ھەيران قالدۇردى. بۇ ئۆكتىچىلەر پارتىيىسىگە پوپوزا قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى!

23-ئىيۇل كەچتە، چېرچىل پوتسدام يىغىنىدا ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق زىياپەت بەردى. چېرچىلنىڭ نەزىرىدە بۇ قوش خۇشاللىققا چۆمگەن كۈنلەر ئىدى، بۇ خۇشاللىقنىڭ بىرى. گېرمانىيە فاشىستلىرى ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىنى تەبرىكلەش؛ يەنە بىرى، قايتىدىن باش ۋەزىرلىككە سايلىنىپ قېلىشىنىڭ غەلىبىسىنى ئالدىنئالا تەبرىكلەش ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ زىياپەتنى ناھايىتى كاتتا ئۆتكۈزدى. ئۈچ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى تەكلىپ قىلدى. زىياپەت باشلانغاندىن كېيىن، چېرچىل زۇڭتۇڭ ترۇمېننى ئوڭ تەرىپىدە، مارشال ستالىننى سول تەرىپىدە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. زىياپەتتە بىر مۇنچە كىشىلەر سۆزلىدى. شۇ كۈنى ستالىن باش ۋەزىر چېرچىلنىڭ شۇنچىلىك كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ۋە ئىنتايىن خۇشال ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇش بولدى ۋە قولىغا تائاملار تىزىملىكىنى ئېلىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىمزا قويدۇردى. چېرچىل مارشال ستالىننىڭ خەقلەرنىڭ ئىمزاسىنى يىغىپ ساقلايدىغانلىقىنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. مارشال باش ۋەزىرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، چېرچىل مېھماننىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يازدى، ساھىبخانا بىلەن مېھمان بىر-بىرىگە قاراپ كۈلۈپ قويدى. بۇ چاغدا، چېرچىل قىپقىزىل ۋىنودىن مارشالغا ۋە ئۆزىگە ئىككى رومكا قۇيدى، ئىككىيلەن رومكىدىكى ۋىنونى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى ھەمدە بىر-بىرىگە ماختىنىش نەزىرىدە قاراپ قويدى. بىر پەستىن كېيىن ستالىن: «كېلەر قېتىمقى يىغىننى توكيودا ئاچىمىز» دېدى. چېرچىلمۇ ناھايىتى ئىشەنچلىك ھالدا: «توغرا، بىز چوقۇم توكيودا ئۇچرىشىمىز» دېدى.

ئەنگلىيىنىڭ چوڭ سايلىمى 5-ئىيۇل ئاياغلاشتى، لېكىن سايلام نەتىجىسى 26-ئىيۇنغىچە ئېلان قىلىنمىدى، چۈنكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە

www.uyghurkitap.com

ئارمىيىلىرىدىن سايلام بېلىتىنى يىغىشقا توغرا كېلەتتى. يىغىن جەريانىدا چېرچىلنىڭ ئەنگلىيىگە بېرىپ سايلام نەتىجىسىنى ئاڭلاپ كېلىشى ئۈچۈن، ترۇمېن بىلەن ستالىن مەسلىھەتلىشىپ، يىغىننى ۋاقىتىنچە بىر نەچچە كۈن توختىتىشنى قارار قىلدى. چېرچىل پوتسدامدىن ئايرىلىدىغان چاغدا بايانات ئېلان قىلىپ: «ئۆزۈمنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن» دېدى. چېرچىلنىڭ خۇسۇسىي دوختۇرى موران بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن چېرچىل بىلەن قايتىپ كېلىمەن، دەپ ئويلاپ يۈك-تاقلىرىنى بىرلىنىغا قويۇپ قويدى. چېرچىل سايلام ئېلان قىلىنىدىغان كۈنى لوندوندىكى ئۆيىدە كىچىكىرەك زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى.

25-ئىيۇل چېرچىل قىزى مارىنى ئېلىپ لوندونغا كەلدى، كلېمېنتىنا ئايرودرومغا بېرىپ ئېرىنى كۈتۈۋالدى. شۇ كۈنى چېرچىل ئۆيدىكىلىرى بىلەن بىللە «غەلىبىنى تەبرىكلەش» كەچلىك تاماقىنى ھازىرلىنىپ يېدى.

چېرچىلنىڭ يېنىدىكى خىزمەتچى خادىملار سايلامنىڭ نەتىجىسىنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ باش شتابى ئۆزلىرىنى «پۇختا ئاساستا كۆپ سانىنى ساقلاپ قالالايمىز» دەپ پەرەز قىلغانىدى. چېرچىلنىڭمۇ بۇ قېتىمقى سايلامدا «ئۇتۇپ چىقىشى» غا ئىشەنچى كامىل ئىدى. ئۇ ئەنگلىيە خەلقى «مېنىڭ داۋاملىق خىزمەت قىلىشىمنى خالايدۇ» دەپ ئىشىنەتتى، ئۇنىڭ نەزىرىدە بارلىق سىياسىي دۇشمەنلىرى ئۇنىڭ رەقىبى ئەمەس ئىدى. شۇ كۈنى چېرچىل بىر خىل خۇشاللىق بىلەن ئۇخلاپ قالدى. لېكىن، تاڭ يورۇشقا ئاز قالغاندا، يۈرىكىگە پىچاق ئۇرۇلغاندەك قاتتىق چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن

پىكىر - خىيالىنى ئەمدىلەتىن پەيدا بولغان بىر خىل ئاڭسىز ئېتىقاد چۈشەپ قويدى: «مەن مەغلۇپ بولدۇم. ئىلگىرىكى كۆپلىگەن زور ئىشلار زىممەمگە چۈشكەن ئېغىر يۈك ئىدى — بۇ ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ۋۇجۇدۇمدىكى بىر خىل ‹ئۇچۇش سۇرئىتى①› گە تايىنىپ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ كەلدىم — ھازىر بۇنى بىكار قىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن، بەلكى ئېغىرلىق مەركىزىدىن تېيىلىپ يىقىلىپ كېتەي دەپ قالدىم. كەلگۈسىدىكى چوڭ ھوقۇققا ئاساس سېلىش مېنىڭ ئىگىدارچىلىقىمدا ئەمەس. مەن توپلىغان بىلىم ۋە تەجرىبىلەر، شۇنىڭدەك شۇنچىلىك كۆپ دۆلەتلەر ئارىسىدا تىكلىگەن ئابرۇيۇم، ياخشى مۇناسىۋەتلەر ۋەيران بولۇپ كەتتى. كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىسام كۆڭلۈم غەش بولىدۇ، بۇ ياققا ئۆرۈلسەم دەرھال يەنە ئۇيقۇغا كېتىمەن.»

ئەتىسى چېرچىل ئەتىگەن سائەت 9 دا ئويغاندى. ئۇ خەرىتە ئۆيىگە كىرگەندە چوڭ سايلامنىڭ دەسلەپكى نەتىجىسى مەلۇم قىلىنىپ بولغانىدى. بۇ نەتىجىلەر كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى. چۈشتە ئەھۋال ئېنىقلاندى. لېيبورىستلار پارتىيىسى سايلامدا كۆپ ساننى ئىگىلىگەنىدى.

بۇ قېتىمقى سايلام نەتىجىسى چېرچىلنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقتى، لېيبورىستلار پارتىيىسى تۆۋەن پالاتادا 393 ئاۋازغا، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ھەمدە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى 213 ئاۋازغا ئېرىشتى. بۇ چېرچىل تەرەپدارلىرىغا ئېغىر زەربە بولدى. ئۇ، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان ئەنگلىيە خەلقىنىڭ داھىيسى دېگەن شۆھرەتتىن كۆرەڭلەپ كەتكەن، ئابرۇيى ئۆسۈپ يۈكسەك پەللىگە يەتكەن چاغدا،

---

① ئايروپىلان تەكشى ئۇچۇپ يەرگە چۈشۈپ كەتمەسلىكتە بىر تۈرلۈك زۆرۈر بولغان سۈرئەتكە، يەنى «ئۇچۇش سۈرئىتى» گە تايىنىدۇ. بۇ خىل سۈرئەتكە يېتەلمىسە، ئايروپىلان يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ.

سايلىغۇچىلار ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسىدىن ۋاز كەچتى. 26-ئىيۇل «غەلىبىنى تەبرىكلەش» چۈشلۈك زىياپىتىگە قاتناشقان ۋىرگىنىيە كۇس: «چېرچىل سايلام نەتىجىسىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قاتتىق ئازابلاندى. ئۇ بۇنىڭدىن قىيىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى، ھەتتا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي قالدى، قىزى يىغلاپ كەتتى» دېدى.

چېرچىل ئەنگلىيە خەلقىنىڭ 1945-يىلىدىكى سايلامدا ئۆزىگە تۇتقان سوغۇق مۇئامىلىسىنى مەڭگۇ چۈشەنمەيدۇ ھەم كەچۈرمەيدۇ. ئۇ، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىدىن ۋاز كېچىش، ئەنگلىيە خەلقىنىڭ ئەڭ چوڭ يەڭگىللىك بىلەن ئىش كۆرۈشى، دەپ قارايتتى. ئۆزىنىڭ ئالتە توملۇق ئۇرۇش ئەسلىمىسىدە بۇ مەسىلىدە توختالغاندا، ئەنگلىيە خەلقىنى ئەيىبلەپ يۇنان يازغۇچىسى پلۇتاركىنىڭ: «ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ زاتىدىن مىننەتدار بولماسلىق ھېسسىياتى قۇدرەتلىك مىللەتنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن. شۇ چاغدا، ئۆزىنى ئۇرۇش يىللىرىدىكى بارلىق ئارمىيىنىڭ ئۇلۇغ ھەربىي داھىيسى دەپ ھېسابلاپ كەلگەن چېرچىلغا، ئەسكەرلەرنىڭ كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىگە قارشى بېلەت تاشلىغانلىقى ھەممىدىن قاتتىق تەسىر قىلدى. بۇ مەسىلىدە يازغۇچى خافنېر: «ئەنگلىيە چېرچىلنىڭ گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىشىغا موھتاج ئىدى. ئەمما، ئەنگلىيە خەلقىنىڭ ئۇنى مەدھىيىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇشى، پەقەت ئۇنىڭ گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلغانلىقىدىن بولغان ئىش، ئۇلار چېرچىلنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشقا كۈشكۈرتۈشىنى ئۈمىد قىلمايدۇ، ئارقىغا چېكىنىشىنى تېخىمۇ ئۈمىد قىلمايدۇ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتتى.

چېرچىلنىڭ دوۋنىنگ كوچىسى 10-نومۇرلۇق ئۆيدە

ئۆتكۈزگەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ھۆكۈمەت يىغىنى توغرۇلۇق ئېدېن تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىدۇ: «چېرچىل 27-ئىيۇل چۈشتە ئىچكى كابىنېت بىلەن خوشلىشىش يىغىنى ئاچتى. بۇ يىغىن سورۇنى خىلىلا قايغۇلۇق كەيپىياتتا بولدى. يىغىن ئاخىرلاشتى، مەن كېتەي دەپ ئىشىك ئالدىغا كېلىشىمگە ۋىنستون مېنى يېنىغا چاقىرتىۋالدى. ئىككىمىز يېرىم سائەتتەك پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ئۇنىڭ كەيپىياتى ياخشى ئەمەس، تولىمۇ بىچارە ئىدى. ئۇ بۈگۈنكى ئىشنىڭ ھەقىقەتەن ئۆزىگە ئېغىر كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۆتكەنكى قايغۇ-ھەسرەتلىرىنى ئەسلەپ تېخىمۇ ئازابلىنىپ كەتتى. ئۆزىگە بەكمۇ شەپقەتسىزلىك قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ماڭا، 30 يىلدىن بېرى مېنىڭ تۇرمۇشۇم ئىشخانا بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ كەلگەنىدى. ئەمدى بۇ ئىشخانىدا مەڭگۈ ئولتۇرالمايدىغان بولدۇم، سىز ئولتۇرىسىز، ماڭا مۇمكىن ئەمەس، دېدى.»

چېرچىل پوتسدامغا قايتالمىدى، 26-ئىيۇل قايغۇلۇق كەيپىيات بىلەن تۆۋەندىكى «پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە خەت» نى ئېلان قىلدى:

«ئەنگلىيە خەلقىنىڭ قارارى بۈگۈن ئېلان قىلىنغان سايلام بېلىتىگە خاتىرىلەندى. شۇڭا، مەن سىلەر قاراتقۇ مەزگىللەردە ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىدىن بوشىتىلدىم. مېنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، ئەمدى ياپونىيە توغرىسىدىكى خىزمەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىش پۇرسىتىدىن ئايرىلىپ قالدىم. شۇنداقتىمۇ بۇ جەھەتتىكى ھەممە پىلان تەييارلىقلار پۈتۈپ بولغان، بەلكى نەتىجىسىنىڭ ھاسىل بولۇشى نۆۋەتتىكى پەرىزىمدىنمۇ كۆپ تېز بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئىچكى - تاشقى چەكسىز مەسئۇلىيەتلەر يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. بىز كۆپچىلىك ئۇلارنىڭ بۇ مەسئۇلىيەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۈستىگە ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

خەتەرلىك يىللاردا مەن خىزمەت قىلغان برىتانىيە خەلقىگە چوڭقۇر مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن، ئۇلارنىڭ مەن خىزمەت قىلغان كۈنلەردە مېنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن قوللىغانلىقىغا، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ خەلق چاكىرى بولۇپ كۆرسەتكەن بىر مۇنچە ئىلتىپاتلىرىغا تەشەككۇر ئېيتىمەن.»

ئەمدى چېرچىل دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرگە كېيىن قانداق قىلىشى كېرەك؟ چېرچىل بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان نۇرغۇن ئەربابلار، ئۇ تۆۋەن پالاتادا ئانچە مۇھىم بولمىغان ئۆكتىچىلەر پارتىيىسىنىڭ داھىيلىق رولىنى ئۈستىگە ئالماي، بەلكى سىياسىي سەھنىدىن چېكىنىپ چىقىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرى ئۇرۇش يىللىرىدا قولغا كەلتۈرگەن شان-شەرەپتىن بەھرىمەن بولۇپ ئۆتۈشى كېرەك، دەپ قارىدى. بۇنىڭدىن باشقا، شۇ چاغدىكى پارلامېنت ئۇرۇش يىللىرىدىكى زور مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى تىنچ قۇرۇلۇش مەزگىلىدىكى كۈندىلىك خىزمەت ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرۇلۇق قارار چىقىرىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، چېرچىل بۇ مەسىلىلەرنى ئەزەلدىن كۆڭلىگە پۈكۈپمۇ قويمىغانىدى، يەنە تېخى ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى كۈنلەردە ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەتكە رەھبەرلىك قىلغاندا، مورانغا: «ئۇرۇش بولمىسا، بەكمۇ يېتىمسىراپ قالىدىكەنمەن» دېگەنىدى. ئۇنىڭ كۆپلىگەن دوستلىرى ئۇنى پارلامېنتتىن ئايرىلىپ 2-دۇنيا ئۇرۇشى توغرىسىدا ئەسلىمە يېزىشقا دەۋەت قىلدى. بۇ سەممىمىي مەسلىھەتلەر ئىدى. لېكىن پۈتۈنلەي شۇنداق دەپمۇ كەتكىلى بولمايتتى. ئۇلار مەلۇم جەھەتتە چېرچىلدىن قوتۇلۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. چۈنكى ئۇ كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ داھىيسى تۇرۇقلۇق 1945-يىلىدىكى سايلامدا بىر قاتار ئېغىر خاتالىقلارنى ئۆتكۈزگەن، بۇ خاتالىقلار ئۇنىڭ سايلام رىقابىتىدە مەغلۇپ بولۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانىدى.



www.uyghurkitap.com

ئەمما، چېرچىل بۇ نەسىھەتلەرگە قولاق سالمىدى، ئۆزىنىڭ ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ بولۇپ سىياسىي سەھنىدىن مەڭگۈ چېكىنىپ چىققانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلمىدى. ئەگەر ئۇ كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدىن ۋە پارلامېنتتىكى ئۆكتىچىلەر پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولسا، يەنە باش ۋەزىر بولالمايتتى. بۇ چاغدا چېرچىل 71 ياشقا كىرىپ قالغان، سالامەتلىكىمۇ ياخشى، شۇنىڭدەك دوۋنىنگ كوچىسى 10-نومۇرلۇق ئۆيگە چوقۇم قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنچى بار ئىدى. ئۇ: «لېيبورىستلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتى مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، بىز قايتىپ كەلگۈچە دۆلەت تېخىمۇ نۇرغۇن تالاپەتكە يولۇقمىغاي. بىز قايتىپ كېلىشىمىز كېرەك. بىز چوقۇم قايتىپ كېلىمىز، بۇ خۇددى قۇياش ئەتە ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ چىققىنىغا ئوخشاش مۇقەررەر قانۇنىيەت» دېدى.

چېرچىل مۇشۇنداق قارار قوللانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پارلامېنتتىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى بىر ئامال قىلىپ لېيبورىستلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىناۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىش بولدى. ئۇ لېيبورىستلار پارتىيىسىنى ئىككى تەرەپتىن ئەيىبلىدى. ئۇ يەنە: لېيبورىستلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتى قوللانغان تۈرلۈك تەدبىرلەر پۈتۈنلەي جەمئىيەت ئېھتىياجى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئالاھىدە سوتسىيالىستىك تەلىماتقا بولغان ئېتىقادنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، دېدى ۋە لېيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ بىۋاسىتە ئاقىۋىتى ئەنگلىيە ئىقتىسادىنىڭ مۇقەررەر ۋەيران بولۇشىدىن ئىبارەت، دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېرچىل ھەممىلا يەرگە بېرىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى «سوغۇق ئۇرۇش» نۇتقىنى بازارغا سالدى. 1945-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1946-يىلىنىڭ باشلىرىغىچە چېرچىل بىر نەچچە ئاي ۋاقتىنى

ئامېرىكىدا ئۆتكۈزدى. بۇ جەرياندا زۇڭتۇڭ ترۇمىن ۋە گوۋۇيۈەن رەھبەرلىرى ھەمدە باشقا ئەربابلار بىلەن كۆرۈشتى، بۇ كۆرۈشۈشلەر ئارقىلىق دۇنياغا سىياسىي نۇتۇقنى ئېلان قىلماقچى بولدى ھەمدە نۇتۇقنىڭ ئومۇمىي فاڭجېنىنى بەلگىلىدى. 10-فېۋرال زۇڭتۇڭ ترۇمىن بىلەن نۇتۇقنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. چېرچىل فلورىدا شتاتىنىڭ دەم ئېلىش ئورنىدا بىر نەچچە ھەپتە تۇردى ۋە بۇ جايدا ئۆزىنىڭ نۇتۇق تېكىستىنى ئۆزگەرتتى ھەمدە يېزىپ تۈگەتتى. 1946-يىلى 5-مارت بارلىق تەييارلىقلار پۈتتى، ئۇ ترۇمىن بىللە مىسسۇرى شتاتىنىڭ فۇلېرتون شەھىرىگە بېرىپ، ۋېستمىنىستېر ئىنىستىتۇتىدا «مەشھۇر» نۇتقىنى ئېلان قىلىپ، «سوغۇق ئۇرۇش» نىڭ باشلىنىشىغا ئاساس سالدى.

لېكىن، بۇ ھەرىكەتلەردە چېرچىل پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىۋەتمىدى. ئۇ يەنە بىر مۇنچە ۋاقىتنى چىقىرىپ رەسىم سىزدى ۋە رەسىملەرنى خان جەمەتى گۈزەل سەنئەت ئورنىنىڭ كۆرگەزمە قىلىشىغا ئاپىرىپ بەردى. ئۇ يېزا ئىگىلىكىگىمۇ ناھايىتى قىزىقاتتى. چېرچىل چاتقىل ئەتراپىدىن 500 ئىنگلىز موسى يەر سېتىۋېلىپ چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇردى؛ ئۇ ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئات بەيگىسىگە بەكلا ھېرىسمەن ئىدى، ئۇ باققان بەيگە ئاتلىرى ئالدىنقى قاتارغا ئۆتەلمىسىمۇ، لېكىن ناھايىتى ئېسىل ئاتلار ئىدى.

ئۇنىڭ خىزمەتلىرى ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقى بىر قانچە مىليون خەت كېلىدىغان ئالتە توملۇق «2-دۇنيا ئۇرۇشى توغرىسىدا ئەسلىمە» ناملىق كىتابىدىن ئىبارەت. چېرچىل باش ۋەزىر بولغان چاغدىن باشلاپلا بۇ كىتابنى يېزىشقا تەييارلىق قىلغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ بۇ كىتابنى يېزىشتا «دۇنيا كرىزىسى» ناملىق كىتابىنىڭ پۈتكۈل تەجرىبىسىنى قوبۇل قىلدى. چېرچىل ئىلگىرى چېمبېرلىن ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىرى،

كېيىن يەنە باش ۋەزىر بولغان چاغلىرى قولىدىن ئۆتكەن ھەممە ئاساسلىق ھۆججەتلەرنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى توپلىغانىدى. ئۇ ئادەتتە ئۆزى ئويلىغان ئىشلارنى، بىر مۇنچە مەسىلىلەرنى ئىككىلىك باغاقچە، نوتا ۋە بۇيرۇق شەكلىدە يېزىپ قويۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ستالىن، روزۋېلتلار بىلەن يېزىشقان خەت - چەكلەرنىڭ كۆچۈرۈلمىسىنى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ھۆججىتى قاتارىدا ئەمەس، بەلكى شەخسىي خەت-چەكلەر ئورنىدا كۆڭۈل قويۇپ ساقلاپ قويغانىدى. شۇڭا بۇ ھۆججەتلەر ۋە باشقا تولۇقلىما ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى چېرچىلنىڭ قولىدا بولغاچقا، كېيىن بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ يېزىقچىلىق قىلىشىغا ئاساس بولدى. ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە، ئۇ يازمايتتى، بەلكى سۆزلەپ بەرسە باشقىلار خاتىرىلەپ ماڭاتتى. ئۇ ھەر كۈنى تەخمىنەن 8000 دىن 9000 خەتكىچە سۆزلەپ بېرەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېرچىل بۇ كىتابىنىڭ پات ئارىدا نەشىر دىن چىقىدىغانلىقى ھەققىدە كۈچىنىڭ بارىچە ئېلان باستۇرۇپ تەشۋىق قىلدى. «2-دۇنيا ئۇرۇشى توغرىسىدا ئەسلىمە» دېگەن كىتابىنىڭ قەلەم ھەققى چېرچىلنىڭ ئىلگىرى ئالغان بارلىق قەلەم ھەققىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىنىڭ ژۇرناللىرى چېرچىلنىڭ بۇ ئەسىرىنى ئاۋۋال ئۇلاپ بېسىش ھوقۇقىنى بەس-بەستە تالاشتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئامېرىكىدا چىقىدىغان «تۇرمۇش» ھەپتىلىك ژۇرنىلى 2 مىليون دوللار خەجلەپ بۇ ھوقۇقنى سېتىۋالغان. ئەگەر باشقا نەشرىيات ئورگانلىرى ۋە بىر مۇنچە دۆلەتلەرنىڭ بۇ ئالتە توملۇق كىتابقا بەرگەن قەلەم ھەققىنى قوشىدىغان بولسا، قانچىلىك كۆپ پۇل بولۇپ كېتەر-ھە! 1965-يىلى «يەكشەنبىلىك تايمىس گېزىتى» مۇنداق دەپ يازدى: «20-ئەسىردە چېرچىلدەك كۆپ قەلەم ھەققى ئالغان

ئادەم ئىنتايىن ئاز.» بىر قېتىم، بىر نەشرىيات سودىگىرى چېرچىلدىن: «ئەسىرىڭىزنى ماڭا بەرسىڭىز، مەن نەشىر قىلسام قوشۇلامسىز؟» دەپ سورىغاندا، چېرچىل: «مەن كىتاب يازمايمەن، بايلىق توپلايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

چېرچىل تارىخ نامى چىقمىغان، بىرەر نەتىجە قازىنالمىغان خەلق ئاممىسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئاق كۆڭۈل ياكى ئەشەددىي قەھرىمانلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى بايان قىلىدۇ، خالاس، دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇ 2-دۇنيا ئۇرۇشى تارىخىنى مۇشۇ نۇقتىئىنەزەر بويىچە يازدى. ئېنىقكى، ۋەقەلىكتىكى مەركىزىي پېرسوناژ چېرچىلنىڭ ئۆزى. كىشىلەرگە بېرىدىغان تەسىرىمۇ گويا ئۇ تارىخىي ۋەقەلەردىكى مەركىزىي شەخس، يەنى دۇنيا تارىخىنىڭ مەركىزى. ئۇرۇش يىللىرىدىكى بارلىق توغرا، ئاقىلانە تەدبىرلەرنىمۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ تۆھپىسى قىلىۋالغان، بارلىق خاتالىق ۋە مەغلۇبىيەتلەرنى گىتلېرنىڭ تۆلكىدەك هىيلىگەرلىكى ياكى ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ئەخمەقلىقى ياكى قابىلىيەتسىز ئىكەنلىكىگە باھانىداپ چۈشەندۈرگەن. شۇنداق بولسىمۇ، چېرچىلنىڭ ئەسىرى ئۇرغۇنلىغان تارىخىي هۆججەت ۋە پاكىتلارنى ئاشكارىلاپ، 2-دۇنيا ئۇرۇشىنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئەتتى؛ ئەھۋال دەل شۇنداق بولغانلىقتىن «2-دۇنيا ئۇرۇشى توغرىسىدا ئەسلىمە» نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

چېرچىلنىڭ ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ئاجىزلاپ كەتكەن تېنى، خىزمەتتىن ئايرىلغان يىللىرىغا كەلگەندە كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ كەتتى. خۇددى پېررىن ئېيتقاندەك: بۇنىڭ قىسمەن سەۋەبلىرى، ئۆچ ئېلىش تەشنالىقى ئۇنىڭ زېھنىي كۈچىنى تولۇقلاپ غەيرەت-شىجائەت بېغىشلىغان. لېكىن

يىللار شەپقەتسىز ئىدى. ئۇ ياشلىق چاغلىرىدا ھەۋەس قىلىدىغان پائالىيەتلىرىدىن بارا-بارا قول ئۈزۈشكە باشلىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلۇغ مەقسەتلىرىدىن يانمىدى. چېرچىلنىڭ ئاساسلىق نىشانى ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ سىياسىي پارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، «1945-يىلى سايلىغۇچىلارنىڭ ئۇنىڭغا چىقارغان ھۆكمىنى ئۆزگەرتىش» ئىدى.

ئەمما، يىللار ئادەمگە باقمىغاندەك، چېرچىل ئاخىر پېتىپ كېتىۋاتقان كەچكى قۇياشتەك قېرىپ ماجالىدىن كېتىشكە باشلىدى.

www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز ئالتىنچى باب

## ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا

1951-يىل نويابىردا ئەنگلىيىدە چوڭ سايلام ئۆتكۈزۈلدى، قىرىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن چېرچىلغا ئامەت قايتىدىن كۈلۈپ باقتى. 321 ئاۋاز بىلەن ئاران كۆپ سانىنى ئىگىلەپ سايلامدا غەلىبە قىلدى، بۇ ئۇنىڭ 2-قېتىم، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىنىشى ئىدى.

چېرچىل ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىنى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئادەملىرى ئۈستىگە ئالدى. قائىدە بويىچە ئىدېن تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەندى. يېڭى ۋەزىيەتكە ئاساسەن پارتىيىنىڭ پروگراما خاراكتېرلىك باياناتىنى تۈزگەن بوتلېر زوراغالىق مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. چېرچىلنىڭ كونا ياردەمچىسى، ئەينى چاغدىكى پروفېسسور لىندېمان پوچتا ۋەزىرلىكىگە بەلگىلەندى. چېرچىل ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىسىگە ئاساسەن، دۆلەت مۇداپىئە ۋەزىرى بولدى، دېڭىز، ھاۋا، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرلىرى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. لېكىن، زېھنى ۋە كۈچى ئاجىزلاپ كەتكەچكە، ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ قوشۇمچە ۋەزىپىلەردىن ئىستىپا بەردى.

چېرچىل 2-قېتىم باش ۋەزىر بولغاندا 77 ياشتا ئىدى. مەلۇم جەھەتلەردىن قارىغاندا، ئۇ مۇشۇ يېشىدا يەنىلا ئىنتايىن ساغلام ئىدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە چېرچىلنىڭ پولاتتەك چىڭ

ۋە ساغلام تېنى ئاجىزلىشىشقا باشلىغانىدى. قولىقى بارا-بارا پاڭ بولۇپ قالدى، دوختۇر تەكشۈرۈپ داۋالىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنۇمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە مەسئۇل دوختۇر موران سايلام ۋاقتىدا چېرچىلنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ئۈستىدە ئويلىنىپ: «ئەگەر ۋىنستون بۇ قېتىمقى سايلامدا غەلىبە قىلىپ، دوۋنىنگ كوچىسى 10-نومۇرلۇق ئۆيىگە قايتىدىغان ئىش بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا يار بېرەمدۇ-بەرمەمدۇ، بىر نېمە دېيەلمەيمەن. يېقىنقى 14 ئاي داۋامىدا. . . ئۇ سەل پەلىپەتىش سۆزلەيدىغان، ئىلگىرىكىدەك شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تۇتالمايدىغان بولۇپ قالدى.» دەپ خۇلاسە چىقاردى.

لېكىن، چېرچىل بۇ قېتىم باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولدى. ئۇنىڭغا شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، 1940-يىلى ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى بولۇشى شۇ چاغدىكى مۇرەككەپ، پەۋقۇلئاددە شارائىتلار سەۋەبىدىن بەلگىلەنگەن ئىش ئىدى. ئەمدى ھازىر، يەنى 1951-يىلى يەنە باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىشى، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى سىياسىي پارتىيىنىڭ سايلامدا غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى، بۇ پۈتۈنلەي ئەنگلىيىنىڭ ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇن كېلەتتى.

چېرچىل بۇ نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا، يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئىچكى ئىشلار بىلەن ئانچە كارى بولمىدى، بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ۋەزىرلەر ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلدى. باش ۋەزىر ئاساسلىق دىققەت-ئېتىبارىنى دىپلوماتىيە سىياسىتىگە قاراتتى. 1952-يىلى يانۋاردا چېرچىل ئامېرىكىغا بېرىپ ترۇمىن بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ تەكلىپكە بىنائەن ئامېرىكا پارلامېنتىدا نۇتۇق سۆزلىدى ۋە بۇ مۇنبەردىن پايدىلىنىپ

ئەنگلىيىنىڭ چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىشىنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى ھەمدە ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قارشى سىياسىتىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى. چېرچىل ھۆكۈمىتى «ئەمەلىي كۈچ سىياسىتى» نى داۋاملىق يولغا قويدى ھەمدە پۈتۈن دىققەت-ئېتىبارىنى ئاتوم ئېنېرگىيىسى تەتقىقاتىغا قاراتتى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى يادرو قوراللىرىغا ئىگە بولساقلا، «بۇرۇنقى بۈيۈك بىرىتانىيىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز» دەپ ھېسابلايتتى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئادەملىرى يادرو ھەربىي تەييارلىقلار مۇسابىقىسىگە قاتناشسا چوقۇم ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران بولۇپ، ئەنگلىيىنىڭ كۈچلۈك دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئورنىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالمىدى. ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى، ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر فىزىكا ئالىمى تىززارد كەسكىنلىك بىلەن: «ئەنگلىيە ئاتوم قوراللىرى ۋە يادرو قوراللىرىنى تەتقىق قىلماسلىقى ھەم ياساپ چىقماسلىقى كېرەك» دېدى. ئۇ بىر ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازدى: «بىز ھازىر قۇدرەتلىك دۆلەت ئەمەس، بىز مەڭگۈ قۇدرەتلىك دۆلەتمۇ بولالمايمىز. بىز ئۇلۇغ مىللەتلەرنىڭ بىرى، لېكىن ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى داۋاملىق تۈردە قۇدرەتلىك دۆلەت دەپ ھېسابلايدىغان بولساق، ئۇ چاغدا بىز ناھايىتى تېزلا ئۇلۇغ مىللەت بولماي قالىمىز. ئىلگىرىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر تەقدىرىنىڭ ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلايلى، ئىنتايىن بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان پاقىغا ئوخشاش مەغرۇرلىنىپ يوغىناپ كەتمەيلى.»

چېرچىل بۇ سەمىمىي مۇراجىئەتلەرگە پىسەنت قىلمىدى. 1955-يىلى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتى پۈتۈن كۈچ بىلەن يادرو قوراللىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. ئاخىر، 1957-يىل 17-ماي ئەنگلىيە ياسىغان تۇنجى ۋودورود بومبىسى سىناق

قىلىندى. لېكىن، بۇ چاغدا دۇنيادىكى سىنىپىي كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدا ئۆزگىرىش بولدى، خەلق دېموكراتىك كۈچلەر مىسلىسىز دەرىجىدە زورايدى، خەلق تىنچلىقنى، ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. چېرچىل بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى. بۇگۈنكى كۈندە كاپىتالىزم قورال كۈچى ئارقىلىق سوتسىيالىزمنى يوقىتىش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى بۇنى سىناپ كۆرىدىغان بولسا، يادرو ئالدىنقى سېپىدە تۇرغان ئەنگلىيە ئالدى بىلەن يوقىلىدۇ.

چېرچىل ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيە جەھەتتىكى نوپۇز ئىگىسى — لېددېل خارتېرنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى. خارتېر يازغان كۆپلىگەن ماقالىلىرىدە ئەنگلىيىنىڭ ئاتوم ئۇرۇشى داۋامىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى تەھلىل قىلغان ھەمدە ئەنگلىيە ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى قۇربانلىقى، پاجىئەلىك تەقدىر ئۇنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، دەپ ئاچچىق بىر ھۆكۈم چىقارغانىدى. چېرچىل ئەمدى «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولۇشى» ئۇستىدە ھەرگىز سۆز ئاچقىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇرۇش بولۇۋاتقان ئەھۋالدا «پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ۋە ئۆزىنىمۇ تارمار قىلىدىغان» ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى مەجبۇرىي ئېتىراپ قىلدى.

چېرچىل بۇ ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك قاچىنىنى ئۆزگەرتتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن «تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش» كېلىشىمى ئىمزالىماقچى بولدى. ئۇ 1954-يىلى ئامېرىكىدا: «مەن بۇ پىكىرنى قوللايمەن، يەنى بىز تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك» دېدى. ئۇنىڭ بۇ باياناتى ئۆزى تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان فۇئېرتون سىياسىتىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىغا باراۋەر ئىدى. ئۇ، فۇئېرتوندا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئالدى بىلەن ئۇرۇش قوزغاشنى تەلەپ

قىلغان، بۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ قورقۇنچلۇق بالايىئاپەتكە ۋە خەتەرگە دۇچار قىلىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشەنگەنىدى. لېكىن، ئەمدى ئۇ بۇ دۆلەت بىلەن تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشقا ئۆتتى. چېرچىلنىڭ بۇ تەشەببۇسى دۇنيا كۈچلىرى سېلىشتۇرمىسىنىڭ مۇرەككەپلىشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئامېرىكا تارىخچىسى فلېمىنگ بۇ «ئۇلۇغ ھەربىي ئادەمنىڭ مادار اچىلىققا ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى» نىڭ سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ: «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن، ئاتوم دىپلوماتىيىسىنى داۋاملاشتۇرغىلى بولماي قالدى... بىزنىڭ ئاتوم ئېنېرگىيىسىگە بولغان مونوپولىيىمىز ھەمدە كۈچلىرىمىزنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكى يېمىرىلىشكە باشلىدى، نەتىجىدە، ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ زېمىنىمىز قوغدىيالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىۋاتىمىز» دەپ يازدى.

50-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، چېرچىلنىڭ «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» سىياسىتى بەربات بولۇپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ بايراقدارى بولغان بۇ باش ۋەزىرنىڭ ئابرۇيى چۈشۈپ كەتتى. كىشىلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ھۆكۈمەت باشلىقىنىڭ كاللىسىدا يېڭى ئىدىيىنىڭ شەكىللىنىشى، تېتىك بولۇشى، خەلق ئاممىسى ئىچىدە ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى بارا-بارا چۈشەندى، ھالبۇكى، چېرچىل ياشىنىپ قالغان، باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسى ئېغىر، يەنى ئارمانغا تولۇق دەرمانى قالمىغانىدى. دوختۇر موران 1952-يىلى يانۋاردا: ياشىنىپ قالغان باش ۋەزىرنىڭ «بۇرۇنقىدەك پائالىيەت قىلىدىغان زېھنى ۋە كۈچى قالمىدى. ئۇ قىلىۋاتقان بارلىق ئىشلىرىدا ناھايىتى زورۇقۇپ كېتىۋاتىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. 1953-يىل ئىيۇندا چېرچىل

سەكتە بولۇپ، بەدىنىنىڭ سول تەرىپى پالەچ بولۇپ قالدى. 79 ياشقا كىرىپ قالغان يىللىرى هاياتى خەۋپ ئاستىدا قالدى. چېرچىلنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى پەقەت ئەتراپىدىكى ئەڭ يېقىن ئادەملەرلا بىلەتتى. هۆكۈمەت تەرەپ، باش ۋەزىر ئۆزۈن مۇددەتكىچە دەم ئېلىپ داۋالىنىدۇ، دەپ ئېلان قىلدى. چېرچىلنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر باش ۋەزىرنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئەمدى چېرچىل سىياسىي سەھنىگە قايتىپ كېلەلمەيدۇ، دېيىشتى. ئەمما چېرچىل ناهايىتى زور يوشۇرۇن هاياتىي كۈچكە ئىگە ئىدى. ئۇ داۋالىنىپ سەكتەنى ساقايتتى، بەدىنىنىڭ سول تەرىپىنىڭ ئىقتىدارىمۇ ئەسلىگە كەلدى ھەمدە ئۆكتەبىردە بىر يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ يىللىق يىغىنىغا قاتناشتى. يىللار كىشىگە باقمايدۇ، ئۆزۈنغا سوزۇلغان ئېغىر كېسەللىكنى سەللىمازا ساقايتقىلى بولمايدۇ.

1953-يىلدىن 1954-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا، چېرچىل خىزمەتتىن ئىستېپا بەرسۇن، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى ئالماشتۇرۇلسۇن، دېگەن مەسىلىدە بارغانسېرى غۇلغۇلا كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ۋارىسى مەسىلىسىدە كۆپچىلىك ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئىختىلاپ كۆرۈلمىدى. 1940-يىلى چېرچىل كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ داھىيسى بولۇپ سايلانغاندا، بەزى ۋەكىللەر ئانتونى ئېدېننى داھىينىڭ ياردەمچىسى قىلىش تەكلىپىنى بەرگەنىدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئېغىر-بېسىق بىر ئادەم ئارقىلىق چېرچىلنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلەپ تۇرۇش ئىدى. لېكىن، ئەينى چاغدا بۇنداق قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. چېرچىل 1942-يىلى ئامېرىكىغا ماڭغاندا پادىشاھقا: ئەگەر مەن بەختكە قارشى ئۆلۈپ كەتسەم، ئېدېن باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەنسۇن، دېگەنىدى.

چېرچىلنىڭ خىزمەتتىن ئىستىپا بېرىشى ئاستا-ئاستا، ھېچقانداق شەپە چىقارماي ئېلىپ بېرىلدى. كىشىلەر ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى. ئايال پادىشاھ ئېلىزابېت Ⅱ ئېرى بىلەن بىللە دوۋنىنگ كوچىسى 10-نومۇرلۇق قورۇدىكى باش ۋەزىر سارىيىغا بېرىپ چېرچىلنى يوقلىدى. ئايال پادىشاھقا بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن چۈشلۈك زىياپەت ئۆتكۈزۈلدى، زىياپەتكە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، لىبېرالستلار پارتىيىسىنىڭ مەشھۇر ئەزالىرى، 2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرىدىكى ھەربىي قوماندانلار ۋە چېرچىلنىڭ يېقىن سەپداشلىرى قاتناشتى. ئايال پادىشاھ زىياپەتكە قاتنىشىپ، چېرچىلنىڭ باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

5-ئاپرېل بارلىق رەسمىيەتلەر تولۇق بېجىرىلدى. ياشىنىپ قالغان باش ۋەزىر مۆكچەيگەن، قولىدا ھاسا تۇتقان ھالدا باش ۋەزىر سارىيى — دوۋنىنگ كوچىسى 10- نومۇرلۇق قورۇدىن ئايرىلدى. ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان ئاممىسىگارت چىشلىۋالغان چېرچىلنىڭ شىر ئىتى «روفشا» بىلەن بىللە ماشىنىغا چىققانلىقىنى كۆردى. ئۇ، كۆپچىلىككە تونۇش بولغان قول ئىشارىسى، يەنى ئوڭ قولىنىڭ ئىككى بارمىقى بىلەن غەلىبە سىمۋولىنى بىلدۈرىدىغان لاتىن ھەرپى « V » نى ئىشارە قىلىپ، كۆپچىلىككە سالام بەردى. ئۇ، ئۇرۇش يىللىرى ئاشكارا نۇتۇق سۆزلىگەندە دائىم مۇشۇنداق قول ئىشارىسى ئارقىلىق قېرىنداشلىرىغا ھۆرمەت بىلدۈرەتتى.

چېرچىل شەھەر سىرتىدىكى چاتۋېل قورۇقىغا كەلدى. ئۇ ئاخىرقى ئون يىللىق ئۆمرىنىڭ كۆپ ۋاقىتلىرىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزدى. بەزى چاغلىرى گرېتسىيىنىڭ مىلليونېرى ئارىستوتېل ئوناشىسنىڭ مېھمىنى سۈپىتىدە «خرىستىنائىنا» ناملىق سەيلە قېيىقىغا ئولتۇرۇپ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنى تاماشا

قىلدى.

چېرچىل دەم ئېلىشقا چىقىدىغان چاغدا: «دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، مەن ئۆچۈن ئەڭ قىزىقارلىق ۋە خۇشاللىنارلىق ئىش كىتاب يېزىش» دېگەنىدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە دېگىنىنى قىلالمىدى. دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن روھى تولىمۇ چۈشكۈن بولۇپ، يېزىقچىلىق قىلىشقا قولى بارمىدى. ئۇنىڭ ھەم جىسمانىي ھەم زېھنىي كۈچى بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا يار بەرمىدى. 1956-يىلدىن 1958-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇنىڭ «ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر تارىخى» دېگەن تۆت توملۇق كىتابى نەشر قىلىندى. چېرچىل دوختۇر مورانغا بۇ تۆت توملۇق كىتابنى 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى 15 ئاي سەرپ قىلىپ يېزىپ پۈتتۈرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ، بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەشۋىق قىلماقچى بولدى. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىزنىڭ ئالدىمىزدا يېڭى تارىخىي باسقۇچلار نامايان بولدى. ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئىتتىپاقى مۇشۇ باسقۇچلاردا يەنە بىر قېتىم سىناقتىن ئۆتىدۇ، تىنچلىقنى ۋە ئەركىنلىكنى قوغداش جەھەتتە غايەت زور قۇدرىتىنى جارى قىلىدۇ.» چېرچىل ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئىتتىپاقى كاپىتالىزم تۈزۈمىنى قوغداشنىڭ تۈۋرۈكى، دەپ ھېسابلايتتى، شۇڭا ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىگە باشتىن-ئاخىر ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئىتتىپاقىنىڭ ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن ھەمدە بۇ ئىدىيە تارىخىي نۇقتىئىنەزەر بويىچە ئىسپاتلانغان.

ۋىنستون چېرچىل ئۆمۈر بويى شان-شۆھرەتكە بېرىلىپ كەلگەن. ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ھەر قايسى شەھەرلەردە بەس-بەس بىلەن ئۇنى ئۆزىنىڭ پەخرىي پۇقرالىقىغا سايلىدى. زۇڭتۇڭ دې گول ئۇنىڭغا «ئازادلىق مېدالى» بەردى. چېرچىل

www.uyghurkitap.com

14 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت دې گول بىلەن كۆرۈشمىگەنىدى. 1958-يىلى نويابىردا، چېرچىل «ئازادلىق مېدالى» نى قوبۇل قىلىش يۈزىسىدىن دې گول بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ئۇنى فرانسىيىدىكى يېقىن دوستى ئورنىدا ھۆرمەتلەپ قىزغىن ھېسسىياتقا تولغان نۇتۇق سۆزلىدى. 1963-يىلى ئاپرېلدا ئامېرىكا پارلامېنتى مەخسۇس قارار ماقۇللاپ: ۋىنستون چېرچىل ئامېرىكىنىڭ پەخرىي پۇقراسى، دەپ تەنتەنىلىك ھالدا جاكارلىدى. بۇ قارارغا زۇڭتۇڭ جون كېنىنېدى ئىمزا قويدى.

چېرچىل كېنىنېدىنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن يۈكسەك ئوبرازغا ئىگە ئىدى. كەلگۈسىدىكى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كېنىنېدى ئۆسمۈر چاغلىرىدىن تارتىپلا چېرچىلنىڭ ئەسەرلىرىنى، بولۇپمۇ «مالبورو تەرجىمھالى» دېگەن كىتابىنى ئىنتايىن سۆيۈپ ئوقۇغانىدى. ياش كېنىنېدى سىياسىي تېمىلاردا ماقالە يېزىش جەھەتتە ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆزى ھۆرمەتلەيدىغان بۇ سىياسىئونغا يېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەنىدى. ئۇ چېرچىلغا ئوخشاش ھەممىنى بىسىپ چۈشىدىغان ناتىق بولۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىي تىلىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلدى. ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر ئاخبارات مۇخبىرى H. ساگى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «كېنىنېدى بەزىدە چېرچىلنىڭ ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، چېرچىلدىن ئېشىپ كېتىشىگە ياردەم ئالماقچى بولدى. ئۇ چېرچىلنىڭ يېزىقچىلىق ماھارىتىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ يازغان ئەسلىمىلىرىنى قايتا-قايتا ئوقۇپ چىقتى. كېنىنېدى يازغان كىتابلىرىدا دائىم چېرچىلنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئالغان تىللارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. ئۇ چېرچىلنىڭ: «دۇنيانىڭ پۈتكۈل تارىخى تولاشقاندەك بىر نۇقتىغا مەركەزلەشكەن، يەنى كۈچلۈك مىللەتتە ھەمىشەم ھەقىقەت بولىۋەرمەيدۇ، ھەقىقەت بولغان مىللەت كۆپ ھاللاردا

ئۇنچىلىك كۈچلۈك بولۇپمۇ كەتمەيدۇ» دېگەن سۆزىنى تەكرارلاشنى ياخشى كۆرەتتى.

بەزىلەر چېرچىلدىن: «سىز مۇشۇ ئۆمرىڭىزدە تالاي زور ۋەقەلەرنى بېشىڭىزدىن كەچۈردىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەزىپىڭىز ئېغىر، خىزمىتىڭىزمۇ ئالدىراش بولدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە قانداق قىلىپ مۇشۇنچىلىك كۆپ ياشقا كىردىڭىز؟» دەپ سورىغاندا، چېرچىل: «ئەگەر ئولتۇرىدىغان يەر بولسا، ھەرگىز ئۆرە تۇرمايمەن؛ يېتىش ئىمكانىيىتىم بولسا، ھەرگىزمۇ ئولتۇرمايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. چېرچىل 87 ياشقا كىرگەن يىلى مونتې كارلودا بەختكە قارشى يىقىلىپ كېتىپ، يانپاش سۆڭىكى سۇنۇپ كەتتى. ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئايروپىلانى ئۇنى ئەنگلىيىگە ئاپىرىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە، ئۇ دوختۇرخانىدا ياتتى. چېرچىل ياشنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئېغىر يارىلانغاندىن كېيىنمۇ سالامەتلىكى يەنىلا ئەسلىگە كەلدى. چېرچىلنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى چەكسىزدەك بىلىنگىنى بىلەن، بىراق ئەمەلىيەتتە ئۆمرى ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى.

چېرچىل دەم ئېلىشقا چىققان دەسلەپكى مەزگىللىرى فوتو مۇخبىرلىرى ۋە ئاخبارات مۇخبىرلىرى گېزىتلەرگە دائىم ئۇنىڭ سۈرىتىنى ۋە ئۇنى زىيارەت قىلىپ يازغان ماقالىلىرىنى بېرىپ تۇردى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، گېزىت-ژۇرناللار ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا ئائىت خەۋەرلەرنى بارا - بارا ئاز بېرىدىغان بولۇپ قالدى. ئامېرىكىدا چىقىدىغان «نيۇ-يورك پېشۋالار مۇنبىرى گېزىتى» 1964-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى «دىژاز ۋىنستوننىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى بىر قەۋەت ئۆلچەملىك سۇكۇت پەردىسى بىلەن قاپلاندى، ئۇنىڭ 〈خەيرلىك كۈنلىرى〉 نىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ» دەپ يازدى. بۇ گېزىت يەنە چېرچىلنىڭ ياشنىڭ چوڭىيىپ قېلىشىدىن پەيدا

بولغان ئازابقا تەستە بەرداشلىق بېرىۋاتقانلىقىنى مۇخەۋۋەر قىلدى. ئەھۋالى شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئېغىر مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ تۇردى، لوندوندا چىقىدىغان بارلىق گېزىتلەرنى، ھەتتا كىتابلارنى، ئاساسلىقى تارىخقا ئائىت كىتابلارنى ئوقۇشنى توختاتمىدى.

چېرچىل ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئارمانغا تۇشلۇق دەرمانى قالمىغانلىقىنى بارا - بارا ھېس قىلىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ قىزىقىش دائىرىسىمۇ تارىيىپ كەتتى. رەسسىمۇ سىزماس بولۇۋالدى، ئىلگىرىكى بەيگە ھەۋەسكارى ئەمدى تېلېۋىزوردىنلا باشقىلارنىڭ بەيگە مۇسابىقىسىنى كۆرىدىغان بولۇپ قالدى. كەچتە مونتى كارلودىكى قىمار ئۆستىلى ئالدىدا ئولتۇرۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان ئىشلىرى ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قالدى، چېرچىل بۇ كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنىدىنمۇ ۋاز كەچتى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى كىنو كۆرۈشكە قىزىقىپ قالدى. ھەرقايسى كىنو شىركەتلىرى پېنسىيىگە چىققان بۇ «ئابرۇيلۇق» سىياسىئوننى ھەرخىل فىلىملەر بىلەن تەمىنلەپ تۇردى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك چاتۋېل قورۇقىدىكى كىنو ئۆيىدە كىنو كۆرىدىغان بولدى.

1964-يىلىنىڭ ئاخىرى چېرچىل ئۆزىنىڭ 90 ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلىدى، ئەمما ھېچقانداق تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزمىدى. ئۇ ماغدۇرىدىن كېتىپ روھىي جەھەتتىنمۇ ئاجىزلاپ كەتتى. ئۇنىڭغا تەرەپ-تەرەپتىن 60 مىڭ پارچە تەبرىك خېتى ۋە تەبرىك تېلېگراممىسى كەلدى. تۇرغۇنلىغان لوندونلۇقلار خايدى باغچە كوچىسىدىكى چېرچىلنىڭ تۇرالغۇسىغا كېلىپ ئۇنى يوقلىدى. شۇ كۈنى ياشىنىپ قالغان چېرچىل ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كىيىملىرىدەك پاسوندا تىكىلگەن غەلىتە فورمىسىنى كىيگەن ھالدا دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ كۆپچىلىككە سالام بەردى. چېرچىلنىڭ 90 ياشقا



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىرگەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن چۈشكەن سۈرەتتىن قارىغاندا ئۇ بەكلا قېرىپ كەتكەن، كۆزلىرىدە ئىلگىرىكىدەك چاقناپ تۇرغان ئەقىل-ئىدراك ئۇچقۇنلىرى ئۆچكەن، نەزەر تاشلاشلىرىدىمۇ بىلىنىپ تۇرىدىغان ئىرادە ۋە جاسارەتتىن ئەسەر قالمىغان، ئىشقىلىپ رەھىمسىز ۋاقىت بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتكەنىدى. ئامېرىكا گېزىتلىرى چېرچىلنىڭ 90 ياشقا كىرگەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلغان ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازدى: «ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى غەلىتە، ھەتتا ئېچىنىشلىق. ئەنگلىيە ئۇنى دۆلەتنىڭ شانلىق تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر قاتارىغا كىرگۈزدى. لېكىن ئۇ يەنىلا ھايات، شۇنداقتىمۇ ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر بىلەن پۈتۈنلەي ماسلىشالماي قالدى.» ماقالىدە يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «دىژاز ۋىنستون بۇرۇنقىدەكلا ۋاقىت ۋە تەقدىرگە جەڭ ئېلان قىلىۋاتىدۇ، لېكىن ئۇ ئاخىر قېرىپ ماجالىدىن كەتتى.» چېرچىل 1965-يىل يانۋارنىڭ باشلىرى زۇكامداپ قېلىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، 15-يانۋار مېڭىگە قان قۇيۇلۇش سەۋەبىدىن ھوشسىزلىنىپ كەتتى. بۇ ھالەتتە بىر ھەپتىدىن كۆپرەك داۋام قىلدى، ئاخىر جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، 24-يانۋار ۋىنستون چېرچىل دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى دۇنياغا مەشھۇر بۇ ئۇلۇغ سىياسىئونى ئۈچۈن دۆلەت دەپنىسى ئۆتكۈزدى، بۇ دەپنىنىڭ ھەشەمەتلىكلىكى ۋە دەبدەبىلىكلىكى جەھەتتىكى دەرىجىسىنى ھەقىقەتەن پادىشاھنىڭ دەپنە مۇراسىمى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ. ئەنگلىيە ئىتتىپاقىدىكى دۆلەتلەر ۋە باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ئۆمىكى بۇ دەپنە مۇراسىمغا قاتناشتى. چېرچىل ۋاپات بولۇشتىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئۆزىنىڭ دەپنە مۇراسىمىنى تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرغان ھەمدە «دەپنە مۇراسىمى قوللانمىسى» ناملىق يازما خاتىرە

www.uyghurkitap.com

قالدۇرغانىدى. مورانىنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، چېرچىل 1947-يىلى مورانىنىڭ ئالدىدا خوتۇنىغا ئۆزىنى ھەربىيلەرگە ئوخشاش دەپنە قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئەمدى ئۇ پۈتۈنلەي مۇرادىغا يەتتى. دەپنە مۇراسىمى بىر نەچچە كۈن داۋام قىلدى، ئاخىر براتتون قەدىمكى چېركاۋىنىڭ كىچىككىنە قەبرىستانلىقىدا چېرچىلنىڭ جەستىنى يەرلىككە قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. قەبرىستانلىق برۇنخېيم ئوردىسى كىنەز مالبورو سارىيىغا يېقىن بىر جايدا ئىدى.

چېرچىل ئۆمرىدە نۇرغۇنلىغان مۇھىم ۋەقەلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. ئۇ بىر مۇنچە مەسىلىلەردە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن زىت يول تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلۇغ دۆلەت ئەربابى بولۇشقا مۇناسىپ. ئۇ باتۇر، قەتئىي ئىرادىلىك، كۆپ تەرەپلىمە قابىلىيەتلىك، كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان خىزمەت ئىقتىدارىغا ئىگە، ئاجايىپ ناتىق ۋە ئىستىداتلىق ئوبزورچى ئىدى. مانا مۇشۇ تەبىئىي خىسلەتلەر ئۇنى سىياسىي سەھنىلەردە سەلتەنەتلىك مۆۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇيەسسەر قىلدى. 2-دۇنيا ئۇرۇشى، بولۇپمۇ ئەنگلىيە ئۆزى يالغۇز ئۇرۇش قىلغان مەزگىللىرىنى چېرچىلنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ شانلىق مەزگىللەر دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ قارا بۇلۇتلار قوترىغان خەۋپلىك يىللىرى مادارا قىلىق تەرەپدارى چېمبېرلىنىنىڭ ئورنىغا چىقىپ، نېمىس باسقۇنچىلىرىغا قارشى بايراقنى ئېگىز كۆتۈردى. ئۇ گۈزەل لوندون شەھىرىنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ قان ئىچىدە ئىڭراپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، خەلق ئاممىسىغا ئۇنلۇك خىتاب قىلدى:

«لوندون گېرمانىيىنىڭ قولى بولۇپ كەتكىنىدىن كۆرە، كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كەتكىنى مىڭ مەرتىۋە ياخشى!»

«مەيلى قانچىلىك قۇربان بېرەيلى، يوللار قانچىلىك جاپا-مۇشەققەتلىك بولسۇن، بىز كۈرەشنى چوقۇم ئاخىرىغىچە

داۋاملاشتۇرىمىز! غەلىبە جەزمەن بىزگە مەنسۇپ! غەلىبە قىلمىغۇچە كۈرەشنى ھەرگىز توختاتمايمىز!»

شۇڭا، خەلق ھەر قېتىم 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇلۇغ غەلىبىسىنى تىلغا ئالغاندا، ئەنگلىيە خەلقى ۋە دۇنيا خەلقى ئىختىيارسىز ھالدا ۋىنستون چېرچىلنى، دەۋران سۈرگەن بۇ سىياسىئوننى، ئەنگلىيىنىڭ دېگىز، قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىپ، فاشىستلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغان بۇ مەشھۇر قوماندانىنى ئەسكە ئالىدۇ.

33-104 139
286
K

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# چېرچىل يىلنامىسى

**1874-يىل 30-نويابىر** ۋىنستون چېرچىل، بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلدى. ئۇنىڭ دادىسى تۆرە راندولف چېرچىل مالبورو ئائىلىسىنىڭ 7-ئەۋلاد كىنەزى جون ۋىنستون سپېنسېر چېرچىلنىڭ 3-ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ بوۋىسى جون ۋىنستون ئىرېلاندىيىنىڭ باش ۋالىيسى، دادىسى ئەنگلىيىنىڭ مالىيە ۋەزىرى بولغان.

**1881-يىل** ۋىنستون چېرچىل يەتتە ياشقا كىرگەن چېغىدا ئاسكوت ئاقسۆڭەك پەرزەنتلەر تەييارلىق مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى. مەكتەپنىڭ تەرتىپ-ئىنتىزامى قاتتىق بولغاچقا، كېيىن برىگتون تەييارلىق مەكتىپىگە يۆتكەلدى.

**1887-يىل ياز** چېرچىل خارروۋ ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇدى. مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىدا لاتىن يېزىقىدا بىر پارچە ماقالە يېزىش كېرەك ئىدى، لېكىن چېرچىل ئىككى سائەت ئىچىدە ئىمتىھان قەغىزىگە بىرلا خەت يېزىپ قويىدى. ئىمتىھان نەتىجىسى شۇنچىلىك ناچار بولسىمۇ، ۋىنستون يەنىلا مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى.

**1893-يىل ئاۋغۇست** چېرچىل ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم ئىمتىھان بېرىپ، ئاخىر ئەنگلىيىدىكى ئاتاقلىق ساندخۇرست ھەربىي مەكتىپىگە كىردى. ئىمتىھان نەتىجىسى تۆۋەن بولغانلىقتىن، دادىسىنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك پىيادە ئەسكەرلەر سىنىپىغا كىرەلمەي، بەلكى ئاتلىق ئەسكەرلەر سىنىپىغا كىردى.

**1895-يىل 24-يانۋار** ۋىنستون چېرچىلنىڭ دادىسى راندولف چېرچىل ئالەمدىن ئۆتتى، شۇ يىلى 46 ياشتا ئىدى. دادىسىنىڭ ئۆلۈمى چېرچىلغا ئېغىر زەربە بولدى. ئۇنىڭ ساندخۇرست ھەربىي مەكتىپىدە بەرگەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئىمتىھان نەتىجىسى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە 8-ئورۇندا تۇردى.

**1895-يىل مارت** ۋىنستون ساندخۇرست ھەربىي مەكتىپىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر سىنىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاپىسىنىڭ يول مېڭىشى ئارقىلىق پولكوۋنىك برابازون قوماندانلىقىدىكى 4-ئاتلىق ئەسكەرلەر ئارمىيىسىدە خىزمەت ئۆتىدى.

**1895-يىل نويابىرنىڭ باشلىرى** چېرچىل كېمىگە ئولتۇرۇپ كۇباغا باردى ۋە ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي ئەلچىسى سۈپىتىدە ئىسپانىيە مۇستەملىكە ئارمىيىسىنىڭ كۇبا خەلقىنى قوراللىق باستۇرۇشىغا قاتناشتى.

**1897-يىل 16-سېنتەبىر** ھىندىستاننىڭ مادىرا كەند رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قىلىنغان جازا يۈرۈشىگە قاتناشتى. شۇ قېتىمقى ئوپېراتسىيىدە ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئېغىر زىيان تارتتى، چېرچىل ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالدى.

**1898-يىل مارت** ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى ۋىلياملاۋكخارتنىڭ خەۋەرچىسى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى «1897-يىلدىكى مادىراكەند دالا ئارمىيىسى ھەققىدە ھېكايە — چېگرا ئۇرۇشىدىكى كىچىك ۋەقەلىك» نەشىردىن چىقتى، پۈتۈن كىتاب جەمئىي 300 بەتكە يېتىدۇ.

**1898-يىل ئاۋغۇست** سۇدانغا بېرىپ يەرلىك خەلقنى باستۇرۇشقا قاتناشتى. ئەنگلىيىنىڭ سۇداندىكى ئۇرۇش

www.uyghurkitap.com

قىلغۇچى قىسىملىرىنىڭ 21-ئاتلىق پولكىنىڭ ئادىيۇتانتلىقىغا ئەۋەتىلدى.

**1898-يىل سېنتەبىر** ئۇمدۇرمان ئوپېراتسىيىسىگە قاتنىشىپ، سۇدان مىللىي ئارمىيىسى تەرىپىدىن جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قالدى. كېيىن «نىل دەرياسى جېڭى» ناملىق كىتابنى يېزىش بىلەن شۇغۇللاندى.

**1899-يىل ئىيۇن** ئارمىيىدىن ئايرىلدى. ئودېم سايلام رايونىدىكى سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىپ مەغلۇپ بولدى. بۇ چاغدا «نىل دەرياسى جېڭى» ناملىق كىتابىنىڭ ئىككى تومى نەشىردىن چىقتى. چېرچىل بۇ كىتابىدا ئۆزىنىڭ ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقىنى بايان قىلدى. بۇ مىسىر بىلەن سۇداننى بويسۇندۇرۇش تارىخى ئىدى.

**1899-يىل 11-ئۆكتەبىر** جەنۇبىي ئافرىقا ئۇرۇشى پارتلىدى، چېرچىل «ئەتىگەنلىك گېزىتى» نىڭ ھەربىي مۇخبىرى سۈپىتىدە كېمىگە ئولتۇرۇپ جەنۇبىي ئافرىقىغا باردى ۋە بۇ ئۇرۇش توغرىسىدىكى ئىشلارنى خەۋەر قىلىش خىزمىتىگە قاتناشتى. 15-نويابىر چېرچىل بورلارنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالدى. شۇ يىلى 19-دېكابىر قاراڭغۇ كېچىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتتى. كېيىن شۇ قېتىمقى ئۇرۇش ۋە ئۆزىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ئىشلىرى ھەققىدە پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىدىغان خەۋەر يازدى.

**1900-يىلى ياز** چېرچىل جەنۇبىي ئافرىقىدىن لوندونغا قايتىپ كەلدى. شۇ يىلى ئۇنىڭ «ساۋورولا» ناملىق رومانى نەشىردىن چىقتى.

**1900-يىل ئۆكتەبىر** چېرچىل ئودېم سايلام رايونىدىكى سايلام رىقابىتىدە غەلىبە قىلدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئادەملىرى سايلام رىقابىتىدە ئۇنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى خەتەرلىك كەچۈرمىشلىرىنى تولۇق تەشۋىق قىلدى، ئاخىر

چېرچىل زەپەر قۇچۇپ كەلگەن قەھرىمانغا ئايلاندى.

**1900-يىلى دېكابىر** ئامېرىكىغا نۇتۇق سۆزلىگىلى باردى؛ ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى مارك تۋېن بىلەن كۆرۈشتى.

**1901-يىل يانۋاردىن فېۋرالغىچە** ئەنگلىيىنىڭ ھەرقايسى چوڭ شەھەرلىرىدە نۇتۇق سۆزلىدى. بۇ چېرچىلنىڭ ئابرۇيىنى ئۆستۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى بىر مۇنچە پۇلغا ئىگە قىلىپ قويدى، شۇ چاغدا ئامانەت قويغان پۇلى 10 مىڭ فوند ستېرلىڭغا يەتتى.

**1903-يىل 9-سېنتەبىر** چېمبېرلىن ۋە ئەركىن سودىنى تەشەببۇس قىلغان بارلىق ۋەزىرلەر خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى. بالفوۋر يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. بۇ ۋىنستون چېرچىل ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك بىر پەيتنىڭ يېتىپ كېلىشى ئىدى.

**1903-يىلى دېكابىر** چېرچىل نۇتۇق سۆزلەپ، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ سىياسىتىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ سۆزىدە: «خۇداغا شۈكۈر، بىزنىڭ ھېلىمۇ ياخشى لىبېراللار پارتىيىمىز بار ئىكەن!» دېدى. 1904-يىلى مارتتا ئۆزىنى «كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ مۇستەقىل ئەزاسى» دەپ ئاتىدى.

**1904-يىل ئاپرېل** چېرچىل كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى بىلەن رەسمىي يوسۇندا ئالاقىنى ئۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالتە سايلام رايونى چېرچىلنى ئەركىن سودىنى مۇستەقىل ھىمايە قىلغۇچى سۈپىتىدە، ئۇلارنىڭ شۇ جايدىكى كېلەر قېتىملىق پارلامېنت سايلىمىنىڭ كاندىدات ۋەكىلى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**1904-يىل 16-ماي** چېرچىل مانچېستېردا نۇتۇق سۆزلەپ كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنى چوڭ كاپىتالىستلارنىڭ

مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان «كۈچلۈك ئىتتىپاق» دەپ ئاتىدى.

**1906-يىل يانۋار** ئەنگلىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ سايلامدا لىبېراللىستلار پارتىيىسى غەلىبە قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىل جەريانىدا لىبېراللىستلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتى ئەنگلىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى؛ يەنە كېيىنكى 17 يىل ئىچىدە لىبېراللىستلار پارتىيىسىنىڭ ئادەملىرى ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى بولدى. چېرچىل لىبېراللىستلار پارتىيىسىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى، شۇڭا مۇستەملىكە ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ 2-ئەمەلدارى (مۇئاۋىن ۋەزىرى) بولدى.

**1906-يىل يانۋار** ۋىنستون چېرچىلنىڭ دادىسى راندولف چېرچىل ئۈچۈن يازغان ئىككى توملۇق تەرجىمىھالى نەشر قىلىندى. بۇ كىتاب ياخشى باھاغا ئېرىشتى ھەمدە چېرچىلنى 8000 فوند ستېرلىڭغا ئىگە قىلدى.

**1908-يىل ئاپرېل** ئاسكۋىت كابىنېت تەشكىللىدى، چېرچىل سودا ۋەزىرى بولدى، شۇ يىلى 33 ياشتا ئىدى.

**1908-يىل 15-ئاۋغۇست** چېرچىل 23 ياشلىق كلېمېنتىنا خوسېئا بىلەن توي قىلدى.

**1910-يىل 9-فېۋرال** ئەنگلىيە چوڭ سايلىمىنىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىندى، لىبېراللىستلار پارتىيىسىنىڭ پارلامېنتتىكى ئورنى 400 دىن 275 كە چۈشۈپ قالدى، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ۋەكىللىرىنىڭ ئورنى 157 دىن 273 كە كۆپەيدى. چېرچىل قايتىدىن پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ سايلاندى ۋە شۇ نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتتە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ۋەزىرى بولدى، شۇ يىلى 35 ياشتا ئىدى.

**1911-يىل 23-ئۆكتەبىر** چېرچىل ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەندى. ئۇ كۈچلۈك

ئەنگلىيە فلوتى قۇرۇش يولىدا كۈچ چىقاردى.

**1913-يىل يانۋار** چېرچىل لىبېرالىستلار پارتىيىسىنىڭ داھىيسى راۋخ گېئورگى بىلەن بەزى مەسىلىلەردە تالاش-تارتىش قىلدى. گېئورگى: «گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، چېرچىل لىبېرالىستلار پارتىيىسىنىڭ ئادىمى ئەمەس، ئۇ لىبېرالىستلار پارتىيىسىنىڭ ئۇقتىسادىنى بىلمەيدۇ» دېدى.

**1914-يىل 30-ئىيۇل** ئاۋسترو-ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسى سېربىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 1-دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى. بۇ مەزگىللەردە چېرچىل خوتۇنىغا يازغان خېتىدە: «ھەرقانداق ئىش خەتەرلىك بولىدۇ، پۈتۈن مەۋجۇداتلار ھالاك بولىدۇ. مەن ئۆزۈمنى قىزىقارلىق، خۇشال ۋە بەختلىك ھېس قىلىۋاتىمەن. بۇ قورقۇنچلۇق ئەمەسمۇ؟ مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇرۇشقا قاتنىشىش پۈتۈنلەي كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان ئىش. خۇدا مېنىڭ بۇ يىرگىنچلىك يەڭگىللىكىمنى كەچۈرگەي!» دېدى.

**1914-يىل 4-ئاۋغۇست** ئەنگلىيە گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. چېرچىل ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىنى ئالمايلا، ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كېلىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى.

**1914-يىل 21-سېنتەبىر** چېرچىل نۇتۇق سۆزلەپ گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن گېرمانىيە سۇ ئاستى كېمىسى تورپېدا قويۇپ بېرىپ، گوللاندىيە قىرغىقى بويلاپ كېتىۋاتقان ئەنگلىيىنىڭ ئۈچ ئوكيان چارلاش پاراخوتىنى چۆكتۈرۈۋەتتى. يېڭى تېپتىكى سۇ ئاستى كېمىسىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن تۇنجى غەلىبىسى، ئەنگلىيىدىن ئىبارەت چوڭ دېڭىز دۆلىتىگە ناھايىتى زور تەھدىت بولدى.

**1914-يىل ئۆكتەبىر** تۈركىيە گېرمانىيە تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە يەنە بىر يېڭى دۈشمەن ۋە يېڭى ئۇرۇش سېپىگە دۇچ كەلدى.

**1915-يىل 13-يانۋار** ئەنگلىيە ئۇرۇش ۋاقتىدىكى

كومىتېت چېرچىلنىڭ داردانىل بوغۇزىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ماقۇللىدى. يىغىن قارار چىقىرىپ، دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىنىڭ دېڭىز ئارمىيە يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قىسىملىرىنى تەشكىللەپ فېۋرالدا گېلىبولۇ يېرىم ئارىلىنى بومباردىمان قىلىشنى ۋە ئىگىلەشنى ھاۋالە قىلدى. كونكرېت ئاساسىي نىشان كونستانتىنوپول ئىدى. بۇ قېتىمقى يىغىن باشلىنىش بىلەنلا ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ چېچىلاڭغۇ، قالايمىقان ۋە قورۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بىر-بىرىگە ماسلىشالمايدىغان ئاجىزلىقى ئاشكارىلىنىپ قالدى. نەتىجىدە، تۇنجى قېتىملىق ھۇجۇم مەغلۇپ بولدى.

**1915-يىل 18-مارت** يەنە بىر قېتىم داردانىل بوغۇزىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ قېتىمقى دېڭىز ئۇرۇشىدا ئەنگلىيىنىڭ ئۈچ كېمىسى مىناغا ئۇرۇلۇپ چۆكۈپ كەتتى، قالغان تۆت كېمە جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتتى. بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا بوغۇزغا مەجبۇرىي ھۇجۇم قىلغان فلوتنىڭ يېرىمى دېڭىزدەك زىيانغا ئۇچرىدى. بۇنىڭ بىلەن، چېرچىل جامائەتچىلىكنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى ۋە دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىدىن مەجبۇرىي ئايرىلدى.

**1915-يىل نويابىر** كەينى-كەينىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقتىن گېلىبولۇ يېرىم ئارىلىدىن پۈتۈنلەي چېكىنىش قارار قىلىندى. داردانىل بوغۇزىغا ھۇجۇم قىلىش ئوپېراتسىيىسىدە ئەنگلىيىنىڭ ئۆلگەن، يارىدار بولغان ۋە ئەسىرگە چۈشكەن ئادىمى 47 مىڭغا يەتتى.

**1915-يىل 18-نويابىر** چېرچىل ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئىچكى كابىنېتتىن چىقىرىۋېتىلدى، ئاخىر ئۇ قەتئىيلىك بىلەن فرانسىيىگە بېرىپ ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىمغا قاتناشتى، شۇ چاغدا ھەربىي ئۇنۋانى مايور ئىدى.

**1916-يىل مارت** چېرچىل فرانسىيە ئالدىنقى سېپىدىن

لوندونغا قايتىپ كەلدى. قىيىنچىلىق كۈنلەردە رەسىم سىزىپ كۈن ئۆتكۈزدى. خوتۇنى كلېمېنتىنا سىياسىي جەھەتتە بەختسىزلىككە ئۇچراپ ئازاب تارتىۋاتقان ئېرىنىڭ كۆڭلىگە كۆپ قېتىم تەسەللى بەردى. چېرچىل: «رەسىم سىزىش ئەڭ چوڭ تەسەللى. بۇ مېنىڭ قىيىنچىلىق پەيتلەرگە بەرداشلىق بېرەلىشىمگە مەدەت بولدى» دېدى.

**1917-يىل ئىيۇل** چېرچىل راۋخ گېئورگېنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدا، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا قارىماي، قايتىدىن ئىچكى كابىنېتقا كىرىپ، ھەربىي مۇلازىمەت ۋەزىرى بولدى.

**1917-يىل 2-نويابىر** ئىتتىپاقداش ئارمىيە تۇنجى قېتىم تانكىلارنى ئىشقا سېلىپ، غەربىي سەپتىكى گېرمانىيە چېندىلىرىغا ھۇجۇم قىلدى، جەڭ نەتىجىسى ناھايىتى زور بولدى. چېرچىل يېڭى تىپتىكى قوراللارنى ئىشلەپ چىقىرىشتا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ: «تانكا ئاتىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

**1918-يىل 11-نويابىر** گېرمانىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، كومپېگنې (پوكات) دا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. 1-قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشتى. ئەنگلىيە ھەمدە ئىتتىپاقداش ئارمىيە غەلىبە قىلدى.

**1918-يىل 26-نويابىر** چېرچىل دۇندې شەھىرىنىڭ سايلام رايونىدا نۇتۇق سۆزلەپ، بولشېۋىكلارنى «ۋەھشىي ئورانگوتان» دەپ ئاتىدى ۋە بولشېۋىكلار «روسىيىنى پات ئارىدا ھايۋانات شەكلىدىكى ياۋايىلىق دەۋرگە سۆرەپ كىرىدۇ»، «كوممۇنىزم نەزىرىيىسى ئوتتۇرا ئەسىرگە چېكىنىش دېمەكتۇر» دەپ مۇئەييەنلەشتۇردى. چېرچىل كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى سىياسىتىمىز: «گېرمانىيە خەلقى بىلەن ئىناق ئۆتۈش، بولشېۋىكلار بىلەن

ئۇرۇش قىلىشتىن ئىبارەت» دەپ يازدى.

**1919-يىل يانۋار** چېرچىل قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن، يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن سوۋېت روسىيە ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىگە بولغان قوراللىق مۇداخىلىيىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئۇنىڭ پائال تەشەببۇسى بىلەن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى دېنىكىن، كولچاك شۇنىڭدەك باشقا ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەرگە زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى. ۋىلسوننىڭ ئېيتىشىچە، ئەگەر دېنىكىن موسكۋانى ئىشغال قىلىدىغان بولسا، چېرچىل موسكۋاغا بېرىپ «دېنىكىننىڭ روسىيە يېڭى ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈشىگە ياردەملەشمەكچى بولغان.»

**1919-يىل 15-فېۋرال** چېرچىل پارىژدا ئېچىلغان ئاتانتا دۆلەتلىرىنىڭ ئالىي ھەربىي كومىتېتىدا سۆز قىلىپ، سوۋېت روسىيىسىگە قوراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزۈشنى كۈچەيتىش ھەققىدە قۇترانقۇلۇق قىلدى ۋە روسىيە مەسىلىسى كومىتېتىنى قۇرۇشنى، بۇ كومىتېت سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي گۇرۇپپىلارنى تەسىس قىلىپ، ئاتانتا دۆلەتلىرى تۈزگەن سىياسەتنى ئىجرا قىلىشى ھەققىدە تەكلىپ بەردى.

**1919-يىل ماي** پارىژ سۈلھى كېڭىشى كولچاكنىڭ پۈتۈن روسىيىنىڭ ھۆكۈمرانى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى ھەمدە بارلىق ياردەملەرنى بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھوقۇقىنى پۈتۈن روسىيىگە كېڭەيتىشنى قارار قىلدى. پارىژ سۈلھى كېڭىشىگە قاتناشقان ئەنگلىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ سىياسەتنى تۈزۈش ۋە تەشۋىق قىلىش جەھەتتە يېتەكچىلىك رول ئوينىدى. بۇ چېرچىل لۇشيەنىنىڭ نەتىجىسى.

**1919-يىل 17-ئىيۇن** سوسبوتتا ئۆتكۈزۈلگەن لىبېرىستلار پارتىيىسىنىڭ يىغىنى چېرچىلنىڭ روسىيىگە مۇداخىلە يۈرگۈزۈشىنى بىردەك ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ سىياسىتىگە

قارشى تۇردى.

**1920-يىل 31-ئىيۇل** ئەنگلىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.

**1921-يىل يانۋار** چېرچىل مۇستەملىكە ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ ۋەزىرلىكىگە يۆتكەلدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى چېرچىلغا ئوخشاش مۇشۇنداق بىر ئۇستا نەيرەڭۋاز ئادەمنىڭ، بۈيۈك برىتانىيە مۇستەملىكە ئىمپېرىيىسىدىكى كۈندىن-كۈنگە ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە تاقابىل تۇرۇشىغا موھتاج بولۇپ قالدى.

**1922-يىل 6-دېكابىر** چېرچىل سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇپ، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى باستۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقتىن چوڭ سايلامدا مەغلۇپ بولدى. ئۇ قايغۇرغان ھالدا: «مەن ھەش-پەش دېگۈچە خىزمىتىمدىن، پارلامېنتتىكى ئورنۇمدىن ئايرىلدىم، پارتىيىدىن، سوقۇر ئۈچەيمدىنمۇ ئايرىلدىم» دېدى. چېرچىل ھۆكۈمەت خىزمىتى بولمىغان ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ رەسىم سىزىش ۋە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

**1923-يىل** چېرچىلنىڭ چوڭ ھەجىملىك كىتابى «دۇنيا كرىزىسى» نىڭ 1-، 2- توملىرى، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي 3-، 4-توملىرى نەشىردىن چىقتى. «دۇنيا كرىزىسى» ناملىق كىتابنىڭ نەشىردىن چىقىشى چوڭ غۇلغۇلا قوزغىدى، كىتابقا بەزىلەر قارشى چىقتى، بەزىلەر قوللىدى. «تايمىس گېزىتى» چېرچىلنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبى زامانىمىزدىكى ھەرقانداق يازغۇچىنىڭكىدىن ياخشى، دەپ ماختىدى.

**1924-يىل 7-نويابىر** كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. چېرچىل قايتىدىن كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىگە قايتىپ كېلىپ، مالىيە ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەندى.

**1927-يىل يانۋار** چېرچىل مۇسسولىنىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئىتالىيىگە زىيارەتكە باردى.

**1929-يىل يانۋار** كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ئورۇندىن ئايرىلىپ قالدى. لىبېرالىستلار پارتىيىسىنىڭ ئېرىشكەن سايلام ئىسپاتى باشقا ھەرقانداق پارتىيىلەرنىڭكىدىن كۆپ بولدى. لىبېرالىستلار پارتىيىسى ھۆكۈمەت تەشكىللىگەندىن كېيىن، چېرچىل ئون يىلدىن كۆپرەك ۋەزىرلىك ئورنىدىن ئايرىلىپ قالدى.

**1930-يىل ئىيۇن** چېرچىل «دۇنيا كرىزىسى» ناملىق كىتابىنىڭ ئاخىرقى تومىنى ۋە «مېنىڭ ياش ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىم» نى يېزىپ پۈتتۈردى. بۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم ھېكايىلەرنى يازدى، كېيىن بۇلارنى توپلاپ «كۆڭۈلدىن كەچكەن خىياللار ۋە تاسادىپىي ئۇچرىشىشلار» ناملىق كىتاب قىلدى.

**1931-يىل 13-دېكابىر** چېرچىل ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراپ 15 تال سۆڭىكى سۇنۇپ ئېغىر يارىلاندى. يارىسى ساقايغاندىن كېيىن ئالتە توملۇق يېڭى ئەسىرى «مالبورونىڭ تەرجىمىھالى» نى يېزىشقا تۇتۇندى. يېزىقچىلىق ئۇنىڭغا ئىچى پۇشقان چاغلىرىدا بىر خىل تەسەللىي بولاتتى.

**1932-يىل ياز** چېرچىل كىنەز مالبورونىڭ ئەينى يىللىرى ئۇرۇش قىلغان رايونلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، گېرمانىيە ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. شۇ چاغدا چېرچىل گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ دۇنياغا بولغان خەۋپىنى ئېنىق كۆزەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن دىققەت-ئېتىبارىنى ئەنگلىيە، گېرمانىيە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ۋە ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلىرىغا ئائىت ئاخباراتلارنى توپلاشقا قاراتتى.

**1934-يىل نويابىر** چېرچىل پادىشاھنىڭ ئۆزىنى ئاقلاش سۆزىگە ئازراق تۈزىتىش كىرگۈزدى. ئەنگلىيە دۆلەت مۇداپىئە

ئەمەلىي كۈچىنىڭ «پۇقرالارنىڭ تىنچلىقى، بىخەتەرلىكى ۋە ئەركىنلىكى» گە كاپالەتلىك قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇ: «ئەگەر هازىرقى سۈرئەت بويىچە تەرەققىي قىلىدىغان بولسا، يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن گېرمانىيە هاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئەنگلىيىنىڭكىدىن 50% ئېشىپ كېتىدۇ، 1937-يىلىغا كەلگەندە بىر هەسسە ئېشىپ كېتىدۇ» دېدى.

**1936-يىل ئىيۇل** چېرچىل ئۆزىگە ئوخشاش دۆلەتنىڭ خەۋپتە قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان ۋە ئەنگلىيىنى هەربىي تەييارلىقلار ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىكىلەر ئارىسىدا بىر گۇرۇپپا تەشكىللىدى ۋە باش ۋەزىر بالدۋىننى بۇ گۇرۇپپا بىلەن بىللە بەزى مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

**1937-يىل 28-ماي** بالدۋىن ياشىنىپ قالغانلىقتىن، باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. ئۇنىڭ خىزمىتىنى نېۋىل چېمبېرلىن ئۈستىگە ئالدى. چېرچىل بىلەن چېمبېرلىن ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىيە سىياسىتىدە ئىختىلاپ پەيدا بولدى.

**1938-يىل 21-سېنتەبىر** چېرچىل گېرمانىيىنىڭ چېخوسلوۋاكىيىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق مەسىلىسى هەققىدە ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە بايانات ئېلان قىلدى ۋە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «چېخوسلوۋاكىيە ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ بېسىمى ئاستىدا بۆلۈۋېتىلدى. بۇ، غەرب دېموكراتىك دۆلەتلىرىنىڭ ناتسىستلارنىڭ قوراللىق تەھدىتى ئالدىدا ئۆزۈل-كېسىل مەغلۇپ بولغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ ئۇسۇل ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىگە تىنچلىق ۋە بىخەتەرلىك ئېلىپ كەلمەيدۇ، ئەكسىچە بۇ ئىككى دۆلەتنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ ۋە خەۋپ ئاستىدا قالدۇرىدۇ.»

**1939-يىل 17-ئاپرېل** سوۋېت ئىتتىپاقى هۆكۈمىتى ئەنگلىيە، فرانسىيە ئىككى دۆلەتكە تەكلىپ بېرىپ: ياۋروپادىكى

تاجاۋۇزچى كۈچلەر شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەرنىڭ بىرەرسىگە تاجاۋۇز قىلغاندا ئۈچ دۆلەت بىر-بىرىگە ھەربىي ياردەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىيۈزلۈك ياردەم بىلەن تەمىن ئېتىش مەجبۇرىيىتى بار، دېدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بۇ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ئۈچ دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ھەربىي مۇداپىئە ئىتتىپاقى ئەھدىنامىسى تۈزۈش ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى. چېرچىل جىددىي تارىختىكى پەيتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپىنى قوللىدى. ئەنگلىيە، فرانسىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى سەممىمىي پوزىتسىيە تۇتمىغانلىقتىن، سۆھبەت ھېچقانداق نەتىجە ھاسىل قىلالمىدى.

**1939-يىل 1-سېنتەبىر** گېرمانىيە پولشىغا ھۇجۇم قىلىپ، 2-دۇنيا ئۇرۇشىنى باشلىدى.

**1939-يىل 3-سېنتەبىر** ئەنگلىيە گېرمانىيىگە قارشى ھەربىي ھالەتتە تۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. چېرچىل ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى يىللىرى چېمبېرلىننىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى قەتئىي بوشاشماستىن تەنقىد قىلدى، ئۇنىڭ تەنقىدىنى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئىسپاتلىغاچقا، ئۇ ئەنگلىيە جامائەتچىلىكىدە يۇقىرى ئابرۇي قازاندى، كىشىلەر ئۇنى ئېمىس باسقۇنچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى نوپۇزلۇق ئەرباب، دەپ ھېسابلىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا چېرچىل ئىچكى كابىنېتقا كىرىپ دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى بولدى.

**1939-يىلى سېنتەبىر — 1940-يىل ئاپرېل** «غەلىتە ئۇرۇش» دەپ ئاتالغان مەزگىللىرى، يەنى ئەنگلىيە گېرمانىيىگە قارشى رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىرەر ئىش قىلمىدى. ئەنگلىيە، فرانسىيىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى پولشاغا ياردەم بېرىش مەسىلىسىدە چەتتە قاراپ تۇردى. پولشا ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن ئېمىسلارغا

تەسىر كۆرسىتىشنى ئويلاپمۇ قويمىدى، گېرمانىيە بىلەن سۈلھى قىلىشقا توسالغۇ بولۇپ قېلىشتىن قاتتىق قورقتى. بۇ ماھىيەتتە ميۇنخېن سىياسىتىنىڭ يېڭى شارائىتتا داۋاملىشىشى ئىدى. چېرچىل بۇ سىياسىي لۇشيەننى قوللىمايتتى، لېكىن ئۇ يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ كابىنېت ئەزاسى بولغاچقا، ئوچۇق-ئاشكارا تەنقىد قىلالمىدى.

**1939-يىل 11-سېنتەبىر** روزۋېلت شەخسىي نامىدا چېرچىلغا خەت يېزىپ، قايتىدىن دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكىگە كەلگەنلىكىنى قارشى ئالدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئالاقىنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بىلەن ئۇزۇنغىچە خەت-ئالاقە قىلىش باشلىنىپ تاكى 1945-يىلى ئەتىيازدا روزۋېلت ۋاپات بولغانغا قەدەر داۋاملاشتى. ئىككى تەرەپنىڭ بىر-بىرىگە يېزىشقان خەت-چەكلىرى 1000 پارچىغا يەتتى.

**1940-يىل 10-ماي** ماداراچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن چېمبېرلىن ھۆكۈمىتى تەختتىن چۈشتى، پادىشاھ چېرچىلنىڭ ھۆكۈمەت تەشكىللىشىگە ھوقۇق بەردى.

**1940-يىل 13-ماي** چېرچىل تۆۋەن پالاتادا قىسقىغىنا قىلىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش نۇتقى سۆزلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ سىلەرگە ئىسسىق قېنىم، كۆز يېشىم، جاپالىق ئەجرىم ۋە تەرىمدىن باشقا ھەدىيە قىلىدىغان نەرسەم يوق. سىياسىتىڭ نېمە، دەپ سورىساڭلار، مېنىڭ سىياسىتىم تەڭرى بىزگە ئاتا قىلغان بارلىق ئىقتىدار ۋە كۈچ - قۇدرەتنى ئىشقا سېلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مۇدھىش ۋە پاجىئەلىك جىنايى تارىخىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەڭ ئەشەددىي زوراۋانلىققا قارشى دېڭىزدا، قۇرۇقلۇقتا، ھاۋادا جەڭ قىلىش. مانا بۇ مېنىڭ سىياسىتىم، دەيمەن. مەقسىتىڭ نېمە دېسەڭلار، بىرلا سۆز بىلەن جاۋاب بېرىمەن. ئۇ بولسىمۇ غەلىبە. قانچىلىك بەدەل

كېتىشتىن قەتئىينەزەر، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش!» دېدى.

**1940-يىل مايىنىڭ ئاخىرى** گىتلېر غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرگە كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇز قىلغان ئەھۋالدا، چېرچىل مۇسسولىنىنى ئۆز يېنىغا تارتماقچى بولۇپ، شەخسىي نامىدا فاشىستلارنىڭ بۇ مۇستەبىت ھۆكۈمرانىغا خەت يازدى، لېكىن ھېچقانداق نەتىجە بەرمىدى.

**1940-يىل 26-ماي — 4-ئىيۇن** گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن، كالاي رايونىدا مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان ئەنگلىيە، فرانسىيە ئارمىيىسى دۇنكىرك پورتىدىن دېڭىزغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇ قېتىم ئەنگلىيە، فرانسىيىنىڭ جەمئىي 338 مىڭ 226 ئەسكىرى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ زەربىسىدىن قۇتۇلۇپ ئامان قالدى.

**1940-يىل 22-ئىيۇن** فرانسىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزدى. ئەنگلىيە بارلىق ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئۆزى يالغۇز ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى يەنى 18-ئىيۇن، چېرچىل تۆۋەن پالاتادا نۇتۇق سۆزلەپ: «فرانسىيە ئۇرۇشى ئاياغلاشتى، برىتانىيە ئۇرۇشى باشلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ... شۇڭا ئۆزىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز، شۇنداقلا پۈتۈن كۈچىمىز ۋە ھاياتىمىزنى ئايىماسلىقىمىز كېرەك، ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى مەۋجۇت بولۇپ 1000 يىلدىن كېيىنمۇ كىشىلەر بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ سەلتەنەتلىك پەيتلىرى دەيدۇ» دېدى.

**1940-يىل 16-ئىيۇل** گىتلېر ئەنگلىيىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ تەييارلىقى توغرىسىدىكى «16-نومۇرلۇق بۇيرۇق» نى چۈشۈردى. بۇ ئاتالمىش «دېڭىز شىرى پىلانى» بولۇپ،

تەييارلىق خىزمىتى ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئورۇندىلىپ بولۇشى تەلەپ قىلىندى.

**1940-يىل 15-ئاۋغۇست** گىتلېر ئەنگلىيىگە كەڭ كۆلەملىك ھاۋا ھۇجۇمى قوزغىدى. 24-ئاۋغۇستتىن 6-سېنتەبىرگىچە گېرمانىيە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۈنلۈكى 1000 دىن ئارتۇق ئايروپىلاننىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا 625 بومباردىمانچى ئايروپىلاننى ئىشقا سېلىپ، لوندوننى شىددەتلىك بومباردىمان قىلدى.

**1941-يىل يانۋار** ئەنگلىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى ھۆكۈمەت ئىچىدىكى ميۇنخېن ئۇنسۇرلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، چېرچىل باش ۋەزىرلىكنى ئۈستىگە ئالغاندىن سىرت، تۆۋەن پالاتانىڭ داھىيلىق ۋە دۆلەت مۇداپىئە ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالدى. دۆلەت مۇداپىئە ۋەزىرى ئەمەلىيەتتە ئالىي ھەربىي رەھبەرلىك ھوقۇقى بولۇپ، ئۈچ ئارمىيىنىڭ ئالىي قوماندانى ھېسابلىناتتى.

**1941-يىل 10-ماي** ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئورۇنباسار داھىيسى رۇدولف ھېس «ئۆزى ئايروپىلاننى ھەيدەپ» ئەنگلىيىگە «سۆھبەت» كە بېرىپ، ئەنگلىيە بىلەن سۈلھى قىلىش ۋە ئۇنى يېنىغا تارتىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇشقا ئۇرۇندى. چېرچىل گېرمانىيىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى.

**1941-يىل ئىيۇننىڭ ئوتتۇرىلىرى** چېرچىل گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىدىغىنىغا ساناقلىقلا كۈن قالدى، دەپ ھېسابلىدى. ئۇ روزۋېلت بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياردەم بېرىشكە قوشۇلدى.

**1941-يىل 22-ئىيۇن** گېرمانىيە ئارمىيىسى تاڭ سەھەر

www.uyghurkitap.com

سائەت 3 يېرىمدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى پارتلىدى. چېرچىل شۇ كۈنى كەچتە رادىئو نۇتقى سۆزلەپ: «روسسىيە ۋە روسسىيىلىكلەرگە ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. روسسىيىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەت بىزنىڭ، شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەت. روسسىيىلىكلەرنىڭ يۇرت-ماكانلىرىنى قوغداش يولىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەربىر ئەركىن ئادەمنىڭ كۈرىشىدۇر» دېدى.

**1941-يىل 12-ئىيۇل** سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئەنگلىيە موسكۋادا ھەربىي كېلىشىم ئىمزالىدى. كېلىشىمدە: گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشتا بارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزئارا ياردەم بېرىلىدۇ ۋە بىر - بىرىنى قوللايدۇ، ئىككى تەرەپنىڭ گېرمانىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشىگە، شۇنداقلا بىر تەرەپنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇرەسسە قىلىشىغا ياكى سۈلھى شەرتنامىسى تۈزۈشىگە بولمايدۇ. ئەنگلىيە-سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتى قەدەممۇ قەدەم توغرا يولغا چۈشۈرۈلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

**1941-يىل 12-ئاۋغۇست** چېرچىل، روزۋېلتلار «ئاتلانتىك ئوكيان نىزامى» غا ئىمزا قويدى.

**1941-يىل 7-سېنتەبىر** ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسى بېرلىننى بومباردىمان قىلدى.

**1941-يىل 17-سېنتەبىر** سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئەنگلىيە ئارمىيىسى تېھرانغا كىردى.

**1941-يىل 29-سېنتەبىر — 1-ئۆكتەبىر** موسكۋادا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قورال-ياراغ ئىجارە بېرىش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى.

**1941-يىل 18-نويابىر — 1942-يىل 10-يانۋار** ئەنگلىيە

ئارمىيىسى لىۋىيىدە تۆرۈشلۈق گېرمانىيە، ئىتالىيە ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلدى، يەنى «ئەھلىسەلىپ» ھەرىكىتى قوزغىدى.

**1941-يىل 7-دېكابىر** ياپونىيە ئامېرىكىنىڭ پيورل-خاربور پورتىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، ئارقىدىنلا تىنچ ئوكياندىكى ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە گوللاندىيىگە قاراشلىق يەرلەرگە ھۇجۇم قىلدى. تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى پارتلىدى.

**1941-يىل 8-دېكابىر** ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

**1941-يىل 10-دېكابىر** ياپونىيە بىلەن ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى مالايغا يېقىن دېڭىز ئۈستىدە دېڭىز ئۇرۇشى قىلدى.

**1941-يىل 23-دېكابىر** ئەنگلىيە بىلەن جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «جۇڭگو-ئەنگلىيە يۈننەن - بىرما تاشيولىنى ئورتاق مۇداپىئە قىلىش كېلىشىمى» ئىمزالىدى.

**1941-يىل 26-دېكابىر** ئەنگلىيە بىلەن جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىتتىپاق تۈزدى.

**1942-يىل 1- يانۋار** سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە جۇڭگودىن ئىبارەت 26 دۆلەت ۋاشىنگتوندا «بىرلەشكەن دۆلەتلەر خىتابنامىسى» نى ئىمزالىدى.

**1942-يىل 6-فېۋرال** ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلەشمە باش شتابى ۋاشىنگتوندا تەسىس قىلىندى.

**1942-يىل 1-ئاپرېل** ئەنگلىيە، ئامېرىكا، جۇڭگو ۋە كانادا ۋاشىنگتوندا تىنچ ئوكيان ھەربىي يىغىنى ئاچتى.

**1942-يىل 26-ماي** ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىتتىپاق شەرتنامىسى ئىمزالىدى. چېرچىل فاشىستلار گېرمانىيىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ

قىلىش كېرەك، دەپ ھېسابلىدى.

**1942-يىل 27-ماي** گىتلېرنىڭ «قۇملۇق تۈلكىسى» گېنېرال روممېل شىمالىي ئافرىقىدىكى قۇملۇق رايونلاردا يېڭىۋاشتىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. گېرمانىيە ئارمىيىسى مىسىرغا تاجاۋۇز قىلدى.

**1942-يىل 12-ئىيۇن** سوۋېت ئىتتىپاقى - ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى-ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى - ئەنگلىيە شەرتنامىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى -ئامېرىكا ھەمكارلىقى، شۇنىڭدەك 1942-يىلى ياۋروپادا 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىش توغرىسىدىكى كېلىشىمنى ئېلان قىلدى.

**1942-يىل 12 — 15-ئاۋغۇست** چېرچىل موسكۋاغا باردى، ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

**1942-يىل 23-ئۆكتەبىر** مونتگومېر ھۇجۇم قوزغاپ ئەل ئالامېين ئوپېراتسىيىسىنى ئىشقا ئاشۇردى؛ 25-ئۆكتەبىر ياپونىيە، گېرمانىيە ئارمىيىسى مەغلۇپ بولدى، روممېل ئارمىيىسىدىن ئۆلگەن، يارىدار بولغان ۋە ئەسىرگە چۈشكەنلەر 59 مىڭغا يەتتى.

**1942-يىل 8-نويابىر** ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئارمىيىسى شىمالىي ئافرىقىدىكى مەراكەش ۋە ئالجىرىيە دېڭىز ساھىلىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى.

**1943-يىل 14 — 24-يانۋار** چېرچىل، روزۋېلت ۋە دې گوللار كاسابلانكادا سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

**1943-يىل 23-يانۋار** ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ 8-گۇرۇپپىسى ئارمىيىسى ترىپولىنى ئىشغال قىلدى.

**1943-يىل 2-فېۋرال** ستالىنگراد ئوپېراتسىيىسى ئاياغلاشتى. مۇھاسىرىدە قالغان گېرمانىيە ئارمىيىسى ئەجەللىك زەربە يېدى، مارشال پاۋلۇس ۋە 22 گېنېرالنى ئۆز ئىچىگە



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالغان 90 مىڭ نېمىس ئەسكىرى ئەسىرگە چۈشتى. گېرمانىيە ئارمىيىسى دون دەرياسى، ۋولگا دەرياسى ۋە ستالىنگراد رايونلىرىدا جەمئىي 1 مىليون 500 مىڭ ئادەمدىن ئايرىلدى. 180 كۈن داۋام قىلغان ستالىنگراد ئۇرۇشى دۇنيانى زىلزىلىگە سېلىپ، 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى.

**1943-يىل 20 مارت — 13-ماي** ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئارمىيىسى تۇنىستا ھۇجۇم باشلىدى، گېرمانىيە، ئىتالىيە ئارمىيىسى شىمالىي ئافرىقىدا مەغلۇپ بولدى. 5-مايدىن 12-مايغىچە داۋام قىلغان ئوپېراتسىيىنىڭ ئاخىرقى ھەپتىسىدە، ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ قوشۇنلىرىدىن 240 مىڭ ئادەم ئەسىرگە چۈشتى، ئۇنىڭ ئىچىدە 125 مىڭى گېرمانىيە ئەسكەرلىرى ئىدى.

**1943-يىل 10-ئىيۇل — 17-ئاۋغۇست** ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئارمىيىسى سىتسىلىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىش ئوپېراتسىيىسى قىلدى. 25-ئىيۇل كۈنى، مۇسسولىن تەختتىن چۈشتى، بادوگلىئو باشچىلىقىدىكى ئىتالىيە ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

**1943-يىل 14 — 24-ئاۋغۇست** چېرچىل بىلەن روزۋېلت كانادانىڭ كۋېبېك شەھىرىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

**1943-يىل 3-سېنتەبىر** ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئارمىيىسى ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى. 8-سېنتەبىر، ئىتالىيە بادوگلىئو ھۆكۈمىتى ئىتتىپاقداش ئارمىيىگە تەسلىم بولدى.

**1943-يىل 19 — 30-ئۆكتەبىر** ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچ دۆلەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنى موسكۋادا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن ئومۇميۈزلۈك بىخەتەرلىك توغرىسىدا خىتابنامە ماقۇللىدى، جۇڭگومۇ بۇ

www.uyghurkitap.com

خىتابنامىگە قول قويۇشقا قاتناشتى.

**1943-يىل 22 — 26-نويابىر** ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە جۇڭگودىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت ھۆكۈمەت باشلىقلىرى قاھىرەدە يىغىن ئېچىپ، «قاھىرە خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلدى.

**1943-يىل 28-نويابىر — 1-دېكابىر** چېرچىل، روزۋېلت ۋە ستالىنلار تېھراندا ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ كاتتىۋاش يىغىنى ئېچىپ، «تېھران خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلدى.

**1944-يىل 6-ئىيۇن — 18-ئىيۇل** ئەنگلىيە، ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت فرانسىيىنىڭ شىمالىدىكى نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىپ، 2-ئۇرۇش مەيدانىنى ئاچتى.

**1945-يىل 4 — 11-فېۋرال** ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت ھۆكۈمەت باشلىقلىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قرىمدىكى يالتادا يىغىن ئېچىپ، «يالتا كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى.

**1945-يىل 8- فېۋرال — 10-مارت** ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە كانادادىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت ئارمىيىسى غەربىي ئۇرۇش مەيدانىغا كېلىپ، رېيىن دەرياسى رايونىغا ھۇجۇم قىلدى. كېيىن گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ سىېگفرىېد مۇداپىئە سېپىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

**1945-يىل 23-مارت — 18-ئاپرېل** ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئارمىيىسى رۇر رايونىغا ھۇجۇم قىلدى. 16-ئاپرېل، ئەنگلىيە-ئامېرىكا ئارمىيىسى ئېلبا دەرياسىغا بېرىپ، سوۋېت ئارمىيىسى بىلەن ئۇچراشتى.

**1945-يىل 12-ئاپرېل** ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزۋېلت ۋاپات بولدى، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ ترۇمەن زۇڭتۇڭلۇقنى ئۈستىگە ئالدى.

**1945-يىل 25-ئاپرېل — 21-ئىيۇن** 51 دۆلەتنىڭ

ۋەكىللىرى ئامېرىكىنىڭ سان فرانسىسكو شەھىرىدە
دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈش يىغىنى
بىرلەشكەن دۆلەتلەر خاتىرىسىنى ئىمزالىدى.

**1945-يىل 30-ئاپرېل** چۈشتىن كېيىن
30 مىنۇت ئۆتكەندە، گىتلېر ۋە ئۇنىڭ خانىمى
ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

**1945-يىل 2-ماي** سوۋېت ئارمىيىسى بېرلىن
قىلدى.

**1945-يىل 8-ماي** گېرمانىيە مارشالى كېيتېل
ئالىي قوماندانلىق شتابىغا ۋاكالىتەن شەرتسىز تە
قول قويدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياۋروپادا ئۇرۇش

**1945-يىل 23-ماي** چېرچىل خىزمىتىدىن ئ
بېرىشنى تەلەپ قىلدى، شۇنداق قىلىپ، 1940-ي
1945-يىلىغىچە ئۇ رەھبەرلىك قىلغان بىرلەشمە
مەۋجۇت بولماي قالدى. چېرچىل ئاتالمىش ئۆتكۈنچى
تەشكىللەپ، 5-ئىيۇن كۈنىدىكى پارلامېنت سايلى
ئەنگلىيىنى باشقۇرۇپ تۇرۇشقا مەسئۇل بولدى.

**1945-يىل 5-ئىيۇن** ئەنگلىيە، ئامېرى
ئىتتىپاقى ۋە فرانسىيىدىن ئىبارەت تۆت دۆلەت گ
ئىدارە قىلىش بىرلەشمە باياناتىنى ئېلان قىلدى.

**1945-يىل 17-ئىيۇل 2-ئاۋغۇست** ئەنگلىيە،
سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت باشلىقل
ئەتراپىدىكى پوتسدامدا يىغىن ئۆتكۈزدى. 26-ئىيو
ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت ياپو
تەسلىم بولۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان «پوتسدام ئەھ
نى ئېلان قىلدى.

**1945-يىل 26-ئىيۇل** كونسېرۋاتىپلار پارت
ئەنگلىيىدىكى چوڭ سايلامدا مەغلۇپ بول

ارتىيىسىنىڭ داھىيسى ئاتلى ھۆكۈمەت
27-ئىيۇل چۈشتە چېرچىل ئىچكى كابىنېتنا
ىغىنى ئاچتى.
1951-يىل ئارىلىقتا چېرچىل كۆپلىگەن
بېزىپ، لىبىبورىستلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتىگە
ى ۋە مەملىكەتنىڭ ئىچى-سىرتىدا «سوغۇق
ئۇرۇشى» سىياسىتىنى تەرغىب قىلدى. ئۇ يەنە
ۋە كۆچىنى توپلاپ ئالتە توملۇق «2-دۇنيا ئۇرۇشى
لىمە» نى يېزىپ چىقتى.
يىل 25-ئۆكتەبىر ئەنگلىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ
نسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ئېلان
26-ئۆكتەبىر كۈنى چېرچىل 2-قېتىم ئەڭ ئاخىرقى
ۋەزىرلىككە تەيىنلەندى.
ىل 3-ئۆكتەبىر ئەنگلىيە ئۆزى ياسىغان تۇنجى
ىنى سىناق قىلدى.
ىل ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ئېلىزابېت چېرچىلغا
ڭ ئالىي ئۇنۋانىنى بەردى.
ىل 5-ئاپرېل ياشىنىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن
ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى، ئانتونى
ھۆكۈمەت تەشكىللەش ھوقۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى.
ياسىي سەھنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئۇن
ىيە تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزدى.
ىل 15-يانۋار چېرچىل مېڭىسىگە قان قۇيۇلۇش
ھوشىدىن كەتتى.
ل يانۋار ۋىنستون چېرچىل بۇ دۇنيا بىلەن
ۇ يىلى 90 ياشتا ئىدى.

www.uyghurkitap.com

لىبېرالىستلار پارتىيىسىنىڭ داھىيسى ئاتلى ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. 27-ئىيۇل چۈشتە چېرچىل ئىچكى كابىنېتنا خوشلىشىش يىغىنى ئاچتى.

**1945 — 1951-يىل** ئارىلىقتا چېرچىل كۆپلىگەن ماقالىلەرنى يېزىپ، لىبېرالىستلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتىگە ھۇجۇم قىلدى ۋە مەملىكەتنىڭ ئىچى-سىرتىدا «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» سىياسىتىنى تەرغىب قىلدى. ئۇ يەنە پۈتۈن زېھنى ۋە كۈچىنى توپلاپ ئالتە توملۇق «2-دۇنيا ئۇرۇشى ھەققىدە ئەسلىمە» نى يېزىپ چىقتى.

**1951-يىل 25-ئۆكتەبىر** ئەنگلىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ سايلامدا كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ئېلان قىلىندى. 26-ئۆكتەبىر كۈنى چېرچىل 2-قېتىم ئەڭ ئاخىرقى قېتىم باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەندى.

**1952-يىل 3-ئۆكتەبىر** ئەنگلىيە ئۆزى ياسىغان تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى سىناق قىلدى.

**1953-يىل** ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ئېلىزابېت چېرچىلغا دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ئۇنۋانىنى بەردى.

**1955-يىل 5-ئاپرېل** ياشىنىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن چېرچىل باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى، ئانتونى ئېدېن يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللەش ھوقۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. چېرچىل سىياسىي سەھنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئون يىللىق پېنسىيە تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزدى.

**1965-يىل 15-يانۋار** چېرچىل مېڭىسىگە قان قۇيۇلۇش سەۋەبىدىن ھوشىدىن كەتتى.

**1965-يىل يانۋار** ۋىنستون چېرچىل بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى، شۇ يىلى 90 ياشتا ئىدى.

ۋەكىللىرى ئامېرىكىنىڭ سان فرانسىسكو شەھىرىدە بىرلەشكەن دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈش يىغىنى ئېچىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر خاتىرىسىنى ئىمزالىدى.

**1945-يىل 30-ئاپرېل** چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، گىتلېر ۋە ئۇنىڭ خانىمى ئېۋا برائىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

**1945-يىل 2-ماي** سوۋېت ئارمىيىسى بېرلىننى ئىشغال قىلدى.

**1945-يىل 8-ماي** گېرمانىيە مارشالى كېيتېل گېرمانىيە ئالىي قوماندانلىق شتابىغا ۋاكالىتەن شەرتسىز تەسلىمنامىگە قول قويدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياۋروپادا ئۇرۇش توختىدى.

**1945-يىل 23-ماي** چېرچىل خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشنى تەلەپ قىلدى، شۇنداق قىلىپ، 1940-يىلىدىن 1945-يىلىغىچە ئۇ رەھبەرلىك قىلغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەۋجۇت بولماي قالدى. چېرچىل ئاتالمىش ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەت تەشكىللەپ، 5-ئىيۇن كۈندىكى پارلامېنت سايلىمىغىچە ئەنگلىيىنى باشقۇرۇپ تۇرۇشقا مەسئۇل بولدى.

**1945-يىل 5-ئىيۇن** ئەنگلىيە، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە فرانسىيىدىن ئىبارەت تۆت دۆلەت گېرمانىيىنى ئىدارە قىلىش بىرلەشمە باياناتىنى ئېلان قىلدى.

**1945-يىل 17-ئىيۇل 2-ئاۋغۇست** ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى بېرلىن ئەتراپىدىكى پوتسدامدا يىغىن ئۆتكۈزدى. 26-ئىيۇل جۇڭگو، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت ياپونىيىنىڭ تەسلىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان «پوتسدام ئەھدىنامىسى» نى ئېلان قىلدى.

**1945-يىل 26-ئىيۇل** كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ئەنگلىيىدىكى چوڭ سايلامدا مەغلۇپ بولدى، ئەنگلىيە

بۇ كىتاب دۇنيا بىلىملىرى نەشرىياتىنىڭ 1994 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1995 ـ يىل 8 ـ ئاي 6 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据世界知识出版社 1994 年 9 月第 1 版 1995 年 8 月第 6 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىر: پاتىگۇل مىجىت
مەسئۇل كوررېكتور: ئازاتگۇل ئاتاۋۇللا

جىددىي پەيتتە ۋەزىپە ئالغان چېرچىل
ئاپتورى: شيې لىفۇ
تەرجىمە قىلغۇچى: ئازات ئالماس

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ چارۋىچىلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 26.125 قىستۇرما ۋارىقى: 4
1998 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1998 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 4000
ISBN7—228—04356—1/K・523
باھاسى: 27.50 يۈەن

2

责任编辑：帕提古丽，米吉提
责任校对：阿扎提古丽，阿塔吉拉

**临危受命：丘吉尔**（维吾尔文）

解力夫　著

阿扎提·阿里玛斯　译

---

新疆人民出版社出版发行
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码 830001）
新疆畜牧印刷厂印刷
850×1168 毫米　32 开本　26.125 印张　4 插页
1998 年 4 月第 1 版　1998 年 4 月第 1 次印刷
印数：1——4000

---

ISBN7—228—04356—1/K·523　定价：27.50 元

www.uyghurkitap.com